تۇرسۇن مەخمۇت

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ
60 يىللىقىغا بېغىشلانغان نۇقتىلىق ئوقۇشلۇق
庆祝新疆维吾尔自治区
成立60周年重点出版物

# گۈلگۈن دۇنيا



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

تۇرسۇن مەخمۇت

گۈلگۈن دۇنيا

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ISBN 978-7-228-18149-5
9 787228 181495 >
定价：67.00 元

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تۇرسۇن مەخمۇت

# گۈلگۈن دۇنيا

(رومان)

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

缤纷世界：维吾尔文 / 吐儿孙·买合木提著. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2015.8

ISBN 978-7-228-18149-5

Ⅰ.①缤… Ⅱ.①吐… Ⅲ.①长篇小说 — 中国 — 当代 — 维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.①I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2015)第283643号

| | |
|---|---|
| **责任编辑** | 孜来汗·艾则孜 |
| **责任校对** | 沙娜瓦尔·依布拉音 |
| **封面设计** | 买买提·诺比提 |
| **出版发行** | 新疆人民出版社<br>新疆人民出版社 |
| **电　　话** | 0991-2827472 |
| **地　　址** | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| **邮　　编** | 830001 |
| **印　　刷** | 北京顺诚彩色印刷有限公司 |
| **经　　销** | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| **开　　本** | 880×1230毫米 32开本 |
| **印　　张** | 25 |
| **版　　次** | 2015年9月第1版 |
| **印　　次** | 2015年9月第1次印刷 |
| **印　　数** | 1-3000 |
| **定　　价** | 67.00 元 |

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# نەشرىياتتىن

تۇرسۇن مەخمۇت 1968 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چەرچەن ناھىيەسىنىڭ باغئېرىق يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1990 ـ يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى تاماملىغان.1989 ـ يىلى «يېڭى قاشتېشى»ژۇرنىلىدا تۇنجى ھېكايىسى «داۋامى قالغان چۈش» ئېلان قىلىنغان.شۇنىڭدىن باشلاپ ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا 150 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە، پوۋېست ۋە باشقا ژانىردىكى ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن.2009 ـ يىلى 12 ـ ئايدا مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «تاغامنىڭ شاپتۇللىرى»ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى؛ شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «پەرىشتە يامغۇرى» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى؛ 2010 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن « گۈگۈم » ناملىق رومانى؛2012 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «يامغۇرلۇق يەكشەنبە» ناملىق رومانى،«قوشۇر ئاتلىق مەپە» ناملىق پوۋېستلار توپلىمى،«يولۋاس ئۆلتۈرگەن ئەزىمەت ۋە كىر يۇيۇۋاتقان ئەر» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى ؛ 2014 ـ يىلى 1 ـ ئايدا قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن «ئۇچىنچى سۆيگۈ» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى؛2015 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «جاراھەت گۈلى»ناملىق رومانى،شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى

نەشرياتى تەرىپىدىن:«ئۇزاق يول»ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى نەشر قىلىندى .

ئۇ جۇڭگو ئازسانلىق مىللەتلەر يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ،شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ،بايىنغولىن يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز ئورنىدا

بىر ئادەم كەچمىش ھەم تەلپۈنۈشلىرى ئارىسىدا مەزمۇت كېتىۋېتىپ ئۆز ـ ئۆزىگە مۇنداق شىۋىرلايدۇ: «دۇنيا ھاياتى ــ مەيلى قانداق ياشايلى، ھەربىرىمىزگە نېسىپ بولغان ئاجايىپ ئۇلۇغۋار پۇرسەت. ھەممەيلەن ئەقىدە، غايىلىرىمىزنىڭ چاقىرىشى بىلەن سىرلىق يوللاردا كېتىپ بارىمىز، ئىنسانلىق تەبىئىتىمىز بىزگە توختىماي ئىزدەيدىغان، ئىزدىگەنگە يەتكەندىن كېيىن يەنە يېڭى ئىستەكلەرنىڭ ئوتىدا كۆيىدىغان خاھىش، مەڭگۈلۈك مەنىۋى ئىنتىلىش ئاتا قىلغان. يېقىلىشلىرىمىز، ئارمانلىرىمىزنىڭ نابۇت بولۇشلىرى، باياۋاندا تەنھا قېلىشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى كۈلۈشلىرىمىز، غۇرۇر ھەم پەخىر ئىلكىدە ھاياجانلىنىشلىرىمىزغا ئوخشاشلا ھاياتتىكى نورمال ئىشلار، دەپ چۈشىنەلەيدىغان مەنىۋى كامىللىقتا يېتەلىسەك، بەخت بوسۇغىسىغا يېقىنلاشقان بولىمىز. ئەمەلىيەتتە بىز يولۇققان ئاچچىق قىسمەتلەر، قىيىنچىلىقلار، كۆڭۈلسىزلىك، غېرىبلىق، يالغۇزلۇق ئازابلىرى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ھاياتلىق يولىمىزدا دوقال بولۇپ تۇرۇۋالىدىغان بارلىق بەختسىزلىك، مەغلۇبىيەت ھەم يېقىلىشلاردىن غالىب كېلىدىغان كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىمىزنى بىزگە دەپ بېرىدۇ.»

ئۇنىڭ دېگەنلىرى كونا گەپلەر، ئەمما بەزى كونا گەپلەرنىڭ ۋەزنى مەڭگۈ كونىرىمايدۇ.

ئائىلە مۇقەددەسلىكى ئۇلۇغۋار مەنىسىنى يوقاتقان ئۆيدە چوڭ بولغان گۈلپىيە ھاقارەتلەندى. كۈنلىرى ۋەھىمە ئىچىدە ئۆتتى،

ئاخىر ئۇنىڭ روھى نورماللىقىنى يوقىتىپ قويدى، ئۇ چىرايلىق ھاياتىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغان چىدىغۇسىز سىقىلىشلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىپىرلىدى، ئائىلىدىكى چىدىغۇسىز ھاقارەتلەر ئۇنىڭ روھىنى پايخان قىلدى، ئىشەنچ ـ غۇرۇرى تونپىغا بۇلغاندى، ئۇنىڭ ئىچىدە جىن بار دېگەن، گەپلەر بولدى، گۈلپىيەنىڭ ئىچىدە جىن بارلىقىغا گۈلپىيەنىڭ ئۆزىمۇ، ئۇنىڭ ئانىسىمۇ ئىشەندى ... كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغىنى مۇشۇ زامانىدىمۇ جىن ـ شەيتانلار بىلەن ئېلىشىدىغان، داخان، باخشىلىقتا ئىشىنىدىغان ئادەملەرنىڭ بولۇشى ئىدى، پاجىئە مانا مۇشۇ ئىدى، گۈلپىيە ئاخىر ناتونۇش ئادەمگە يوشۇرۇن نىكاھلاپ بېرىلدى، ئەمما ئاخىر ئۇ شادىمان كۆنلىرىنى تېپىۋالدى ... نادىرە ئەيدىزگە گىرىپتار بولدى، پۈتۈن دۇنيانىڭ يۈرىكىنى تىترەتكەن بۇ قورقۇنچلۇق كېسەل ئالدىدا بۇ مەسۇم قىز قورقتى، گاڭگىرىدى، ئېسەنگىرىدى، ئۆچ ئالماقچى بولدى، ئەمما جۈرئەت قىلالمىدى، ئۆز ئۇسۇلى بىلەن ئۆچ ئېلىشقا ۋىجدانى يول قويمىدى، ئاخىر يىراقلارغا كەتتى ... رازىيە، گۈلنىگار دېگەن ئاياللار ئائىلىدىكى بەختىنى ئىزدەپ چارچىدى، گاڭگىرىدى، ئەمما ئاشۇ كىشىلەر ـــ نادىرە، گۈلپىيە، ئەخمەت، سەردار، گۈلنىگار، چولپان، مۇرات ... نېمە كۈنلەرنى كۆرسۈن، نېمە دەردىسەرلەرگە يولۇقسۇن، يەنىلا ياشىدى، ياشاۋاتىدۇ، ياشاش ئۈچۈن تىرماشتى. ھاياتنىڭ خاپىلىقلىرى بىزگە ئەقىل بېرىدۇ، پەسىلكىلەردىن يىرگىنىدىغان قەلبىمىزنى تاۋلايدۇ، يەنىمۇ گۈزەل مەنزىللەرگە تەلپۈنىدىغان ئارمان، كۈچ بېرىدۇ.

كۈندىلىك ھاياتىمىز بەك ئاددىي داۋام قىلىدۇ، ئۇلۇغۋارلىق يۈرىكىمىزدە بولىدۇ، ئاددىي ھاياتتا چەكسىز ئۇلۇغلۇق بەخش ئېتىش ھەرقاچان قولىمىزدىن كېلىدۇ.

بىز بىرنەرسىنى يوقىتىپ قويساق بولمايدۇ. نېمىنى؟ ئىشەنچنى.

نادىرەدەك، گۈلپىيەدەك قىزلارنىڭ ئاھۇزارى ئاگاھ سىگنالى

www.uyghurkitap.com

بولۇپ، ئېغىر رەۋىشتە يېيىلىدۇ، ئەيدىز بىر كېسەل بولۇش سۈپىتى بىلەن قورقۇنچلۇق نەرسە، ئۇ مەلۇم مەنىدىن بىر تۈرلۈك جازا، ئۇ يولۇقالىلىكى ئادەمنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ، ئەمما هامان بىر كۈنى بۇ نەرسە ئىنسانلار ئارىسىدىن يوقىلىدۇ، هېچكىم ئەيدىز بولمايدۇ، ئەيدىزنىڭ يوللىرى پۈتۈن ئېتىلىدۇ، ۋەھىمىسى تامام تۈگەيدۇ، شۇنىڭدەك هاياتىمىزنى قاراڭغۇلۇققا باشلايدىغان مەنىۋى ئەيدىزلەرمۇ تۈگەيدۇ. هاياتلىقلا بولىدىكەن، ئىنسان مەڭگۈ يەڭگۈچى.

هاياتىمىز سىرلىق ھەم غەلىتە، ئاددىي شۇنداقلا مۇرەككەپ يوسۇندا داۋام قىلىدۇ، سەردار، دىلمۇرات، شاكىر، ئەخمەت دېگەن ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرى، غايىلىرى، ئەخمەقلىقلىرى، بىھۇدە چارچاشلىرى بىلەن ياشاپ كېتىپ بارىدۇ، ئۇلارنىڭ ياخشىلىقلىرى، شان ـ شەرەپلىرى، جىنايەتلىرى، كەچۈرگىلى بولمايدىغان خاتالىقلىرىنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن. هايات ھەقىقەت، توغرىلىق ئىزدەپ داۋام قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 1

ماشىنا چىراغلىرى بىلەن كوچا چىراغلىرىنىڭ گىرەلىشىپ كەتكەن نۇرىدا سىرلىق بولۇپ كۆزگە تاشلىنىدىغان مېھرى ئىسسىق شەھەرنىڭ چىرايلىق بىر ئاخشىمى سەردار دوختۇر مېھمانخانا ئۆيىدە چاي ئىچكەچ كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتى. تورۇستىكى كۆن نۇرلۇق چىراغنىڭ يورۇقى كىشىگە يېقىملىق تەسىر بېرەتتى. ئۆيدىن قانداقتۇر بىر ئەتىرنىڭ سۈس، يېقىملىق ھىدى ئاڭقىيتتى. ئاق رەڭلىك يوغان تەشتەكتىكى سۈنئىي گۈلنىڭ يوپۇرماقلىرى يالغاندىن كۈلۈمسىرەيتتى.

سەردار دوختۇر كىتابتىكى ۋەزنى ئېغىر ئەقلىلەرگە مەپتۇن بولۇۋاتقان شۇ دەمدە، ھايات تۈنۈگۈن، ئۈلۈشكۈن ... مۇنداقچە دېگەندە قەدىمدىن ھازىرقىغا ئوخشاش ئاددىي داۋام قىلىۋاتاتتى. بىر قىسىم ئەرلەر يالغان ۋەدىلەرنى بېرىۋاتاتتى. بىر قىسىم ئاياللار يالغاندىن ئىشەنگەن بولۇۋالاتتى. بەزى باللار تاپشۇرۇقلارنى كۆچۈرۈپ ئىشلەيتتى. بىر قىسىم مۇئەللىملەر توغرا ـ خاتاسىنى ئايرىشقا كۆڭۈل ئولتۇرماي نومۇر قوياتتى. دېھقانلار سۇ تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قالاتتى. ناۋايلار گاھىدا قولىنى يۇيۇشنى ئۇنتۇپ قېلىپ خېمىر يۇغۇرىۋېرەتتى. قايسى بىر موللام بىلىپ تۇرۇپ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، ئارقىدىن يەنە خۇدادىن گۇناھىنى تىلەپ ئىبادەت قىلاتتى.

شامال، بۇلۇت، تاغ، سۇ، دېڭىز ... ھەممىسى بۇرۇنقىغا ئوخشاش جازىبە بىلەن كۆزگە تاشلىناتتى.

شۇنداق، ھايات ئاددىي داۋام قىلاتتى، بىز كۆنۈپ قالغان يوسۇندا داۋام قىلاتتى ... چوڭ ئىشلارمۇ، كىچىك ئىشلارمۇ بىر باشتىن ئۇنتۇلۇپ باراتتى.

سەردار دوختۇر ئاددىيلىق بىلەن تاپىنىسىزلىق بىر يەردە دەپ ئويلايتتى، شۇڭا ئۇ كىتابلاردىن ھاياتنىڭ ۋەزىنلىك مەنىلىرىنى ئىزدەيتتى، ئەخمەتنىڭ رەسىملىرىدىن پىكىر ھەم ئۆزگىچە سەزگۇ ئاختۇراتتى.

شۇ ئارىدا سەردار دوختۇرنىڭ تېلېفونىغا يەڭگىل ئۇچۇر سىگنالى كەلدى، ئۇ كىتابنى قويۇپ تېلېفونىغا قارىدى، كەلگەن ئۇچۇردا ئۇنى قىزىقتۇرىدىغان خەۋەرلەر، سۈرەتلەر، كىم بىرلىرىنىڭ ھېكمەتلىرى، ئالىجوقا سۆزلىرى، تىللاشلار، ماختاشلار بار ئىدى، ئۇ ئېغىر پىكىرلەر قوينىدىن ئاددىي ھەم بىتاپىنلىقتا قايتىپ كەلگەندى. چىنە ـ قاچىلارنى يىغىشتۇرۇۋاتقان گۈلنىگار سەردارنىڭ تېلېفونغا بېرىلىپ كەتكەن تۇرقىغا ئاچچىق بىلەن قاراپ قويدى، ئۈستەلدىكى «تېرە پۇتۇك» دېگەن كىتابنىڭ مۇقاۋىسىغا كۆز تاشلىدى، گۈلنىگار ئەلەملىك ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ ئېرىنىڭ كۆلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايىغا نەزەر سالدى. ئۇ ئۆزى بىلەن سەردار ئارىسىدىكى بوشلۇق ھەققىدە خىيال قىلغاندا، سەردارنىڭ ئەس ـ خىيالىنى تارتىۋاتقان كىتاب، تېلېفون، تەتقىقات دېگەندەك نەرسىلەر ئارىسىدا ئۆزىنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ قالاتتى. بۇلارغۇ مەيلىدى، ئېرىنىڭ مەيلىنى بۇ نەرسىلەر تارتىپ كەتسە بىر نۆرى، باشقا بىرنەرسە، بىر ئالۋاستى ئېرىنىڭ يۈرىكىنى تامامەن ئۆزىنىڭ قىلىۋالغاندى. چىرايلىق ئايالنىڭ لەۋلىرىدە ئەلەملىك ئىستىھزا پەيدا بولدى.

— بۈگۈن كەچتە ئىشلەمسىز؟

سەردار ئايالىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك تېلېفونىنى مىتىلدىتىپ ئولتۇرىۋەردى. نەپرەتلىك بىر تۇيغۇ گۈلنىگارنىڭ يۈرىكىنى ئاستا چىمدىپ ئۆتتى، مۇشۇ جاھاندا بىركىملەرگە ئۆچ بولۇپ قېلىشنىڭ ئۆزىمۇ كىشى يۈرىكىگە شوخىدەك سانجىلىپ ئازابلايدۇ. گۈلنىگار سورىمىسام بولاتتى، دېگەن سوئالنى يەنە سوراپ قالدى. ئۇ بەزىدە ئۆزىنى تۇتالماي قالاتتى.

— يەنە ئۇنىڭغا ئۇچۇر يېزىۋاتامسىز؟
— ياق!
سەردار قوشۇمىسىنى تۈردى، ئۇزۇن قارا چاچلىرى قاشلىرىغا تېگىپ تۇراتتى. گۈلنىگار سەردارنىڭ چاچلىرىغا ئامراق ئىدى. سەردارنىڭ چاچلىرىنى سىلىغاندىكى بەخت تۇيغۇسى كۆڭلىگە ئاراملىق بېرەتتى.
— ئەمىسە كىمگە يازدىڭىز؟
سەردار گۈلنىگارغا خۇشياقمىغاندەك لەپپىدە قاراپ قويدى. سەردارنىڭ لەۋلىرىدىكى لەنتى تەبەسسۇم گۈلنىگارنى بەزىدە ھەرە بولۇپ چاقاتتى.
— ئەخمەتكە.
ئۆيدىكى ئەتىر ھىدى ئىككى ئادەمنىڭ كۆڭلىگە قارىلىق تارتىۋاتقاندەك ئىدى.
ھەر ئىككىسى گەپ قىلىشمىدى، گۈلنىگار سەردارغا قارىماسلىقتا تىرىشىۋاتقاندەك ئىدى، مۇشۇ پېتى ئولتۇرۇۋېرىشنى يا باشقا ئۆيگە كىرىپ كېتىشنى بىلەلمەي بىئارام بولدى، سەردار يەنە تېلېفوننى بېسىش بىلەن ئاۋارە ئىدى، تېلېۋىزوردا ئامېرىكىنىڭ تېررورلۇققا قارشى فىلىمى قويۇلۇۋاتاتتى، فىلىمدىكى تاقىرباش نىگىرنىڭ چىشلىرىنىڭ پارقىراقلىقى كۆزگە غەلىتە كۆرۈنەتتى.
— كەچتە قايتىپ كېلەمسىز؟
سەردار جاۋابمۇ قايتۇرماستىن تېلېفوندىن كۆزىنى ئۈزمىدى. ئايال بايىقى سوئالنى يەنە تەكرارلىدى، ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدە ئۈمىدسىزلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. بۇنى ئۈمىدسىزلىك دېگەندىن كۆرە غەزەپ ھەم بىزارلىقتا ئوخشاپ كېتىدۇ، دېيىش تېخىمۇ مۇۋاپىق ئىدى. بىزارلىق بىلەن ئۈمىدسىزلىك دائىم ياندىشىپ يۈرىدۇ، يەنە دېسەك غەزەپ ھەم سەسكىنىشمۇ بار.
— كېلىشىم مۇمكىن.

— كېلىشىم مۇمكىن دەڭ، كەلمەيدىغان ئوخشىمامسىز؟
— بەلكىم.
— بەلكىم دەيسىزغۇ؟
— هە، بەلكىم دېدىم، بەلكىم دېسەم نېمە بوپتۇ؟ — دېدى سەردار قاپىقىنى تۇرۇپ، ئۇ گۈلنىگارغا ئاچچىقلاپ قالمىسام بولاتتى، دەپ ئويلىسا كېرەك. ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئۇنتۇپ كېتەلمەيدىغان قەرزدارلىق تۇيغۇسى بار ئىدى، بۇنى يۈز كېلەلمەسلىك تۇيغۇسى دېسىمۇ بولاتتى.
ئاشخانا ئۆيدىن سۈدا پىشۇرۇلغان توخۇنىڭ ھىدى كېلىۋاتاتتى، سەردارنىڭ كۆزلىرى چىمىلداپ كەتتى، ئون يىل ياكى يىگىرمە يىل ئىلگىرىكى قارا، چار توخۇلار، قوقاستا پىشۇرۇلغان تۇخۇمنىڭ مەززىلىك ھىدى، شۇ يىللاردا تولا كېسەل تارتىپ كەتكەن بوۋاينىڭ: «قورۇغان تۇخۇم قىرىق كۈنلۈك نېرىدىكى كېسەلنى چاقىرىپ كېلىدۇ ...» دېگەنلىرى يادىغا يەتتى.
— سىز مېنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىسىز.
— ئۇنداق ئەمەس.
— دەل شۇنداق.
گۈلنىگارنىڭ شۇ تۇرقىدىن قەتئىي يىغلىماسلىق قارارىغا كېلىپ بولغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى، يىغلايدىغان ئىشقا دۇچ كەلگەن ئادەملەر ئاندىن يىغلىماسلىق قارارىغا كېلىدۇ.
— بۇنداق ئويلىمىسىڭىز بولاتتى، — دېدى سەردار بىئارام بولغىنىچە، — نېمىشقا گۇمان قىلىدىغانسىز؟
— مەن شۇنداق ئويلاشقا، شۇنداق گۇمان قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالدىم.
تېلېۋىزوردا تىك ئۇچار ئايروپىلان، مىنامىيوت، پارتلاش ... دۇنيانىڭ قايسىبىر بۇلۇڭىدا ئۆلۈمنىڭ دەھشەتلىك ھىدى ماتانەت بىلەن ئەتراپقا تارقىلىۋاتاتتى.
گۈلنىگار تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈۋەتتى، قولىدىكى تېلېفونغا

قاراپ قويدى، «نىگارىم، سىزنى كۆرگۈم كەلدى ... » دېگەن خەتلەرنى كۆرۈپ كۆڭلى بىرقىسما بولۇپ قالدى. گۈلنىگارنىڭ ئەلەم چىمىرلىغان كۆزلىرى ئېرىگە تىكىلدى. دىلمۇرات دېگەن مۇشۇ گەپنى سەردار دېگەن بولسا يۈرىكى يېرىلار ئىدى، ئۇنىڭ دۇنياسى گۈل ھىدىغا تولۇپ كېتەتتى، ئىنسان قەلبىنىڭ گۈلگە تولمىقى بىردەملىك، كۆلگە تولمىقىمۇ بىردەملىك ... گۈلنىگار ئۆزىنىڭ گۈلگە ئوخشايدىغان ھېسلارغا، گۈلگۈن تۇيغۇلارغا نەقەدەر تەشنا ئىكەنلىكىنى سەردارغا چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغاندەك ئىدى. «نىگارىم، سىزنى سېغىندىم» دېگەن سۆز سەردارنىڭ ئاغزىدىن چىققان بولسا، ئۇنىڭ روھىمۇ، ۋۇجۇدىمۇ گۈلگە ئايلىناتتى، گۈلگە تولاتتى، گۈل ئارىسىدا راھەت تاپاتتى، ئەمما بۇ گەپنى باشقا بىر ئەر دەۋاتاتتى. دۇنيانىڭ تەتۈرلۈكلىرى ئىچىدە بىر ـ بىرىگە تەلپۈنگەن كۆڭۈللەر ئۇدۇللاشمايدىغان ئىشلار دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. سەردارنىڭ قويۇق، ئۆسكىلەك چاچلىرى پېشانىسىدىن ساڭگىلاپ، خىيالى مالىمان ئادەمدەك كۆرسىتىپ تۇراتتى.

ــ مەن سىز بىلەن ئەستايىدىل پاراڭلىشاي دېگەنىدىم، ــ گۈلنىگار پەرتۇقىنى مىجىقلاپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى، ئۇ ئۈستەلدىكى ئاپپاق داستىخاننى نەچچە قاتلاپ نەچچە يېيىپ بولدى.

ــ سىز مەندىن گۇمانلىنىۋاتىسىز، ــ دېدى سەردار غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋازدا، ــ بۇنداق قىلىسىڭىز بولمايدۇ.

ــ بايا دېدىم، مېنىڭ گۇمانلانغۇم يوق ئىدى، ئەمما ئامال قىلالمىدىم.

سەردار تامغا ئېسىپ قويغان توي خاتىرە سۈرىتىگە قاراپ قويدى. گۈلنىگارنىڭ كىنو ئارتىسلىرىدەك گۈزەل رۇخسارى كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرەتتى، سەردار بىر يىللىرى گۈلنىگاردىن كۆزىنى ئۈزەلمەيتتى، قانماس ئامراقلىقنىڭ تاتلىق خۇمارى كۆڭۈللەرنى مەست قىلاتتى، شۇنداق چىرايلىق ھەم

گۈزەل كۈنلەر ئۆتكەن، ھەر دەقىقىسى، ھەر مىنۇتى ئۇتتەك، يالقۇندەك، قوقاستەك تەپتى بىلەن يۈرەككە ھاياتلىق ھارارىتى بېرىدىغان. گۈلنىگار شۇ كۈنلەرنى سېغىناتتى. سەردار بەزىدە سۈرەتتىكى قىزنىڭ گۈلنىگار ئىكەنلىكىگە ئىشىنەلمەي قالاتتى. سەردارنىڭ كۆڭلىنى بەزىدە ھېچكىمگە ئېيتىپ چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان غەشلىك چىرمىۋالاتتى. بەزى ئىشلار بەكلا غەلىتە بولىدۇ، كۈتكەنلىرىمىز ئەمەسلا نەرسە بولۇپ چىقىدۇ، بەزىدە ئىش يۈزىدە شۇنداق بولىدۇ، بەزىدە ئۆزىمىز شۇنداق ئويلىۋالىمىز.

— ئەينى چاغدا سىزنى ئەتلەس كۆڭلەك كىيىڭ دېسەم ئۇنىمىدىڭىز، بولمىسا تويى خاتىرە سۈرىتىمىز قالتىس چىقاتتىكەن.

گۈلنىگار كۈلۈپ قويدى، سەردار گۈلنىگارنى ئالدىماقچى ياكى ئۇنىڭغا تەسەللى بەرمەكچى بولسا، تويىنىڭ، تويىدىن بۇرۇنقى شېرىن كۈنلەرنىڭ گېپىنى قىلاتتى، گۈلنىگار ئاياللارغا خاس سەزگۈسى ھەم ئەقلى بىلەن بۇلارنى سېزىپ تۇراتتى. گۈلنىگارنىڭ كۈلكىسى ئۆزگىمۇ ياقمىدى، ئۇ راست كۈلەلمەيدىغان بولۇپ قالسا كېرەك. خۇدا يالغان كۈلۈپ ياشاشقا مەجبۇر بولىدىغان كۈنلەردىن ساقلىسۇن.

گۈلنىگار تېلېۋىزورنى يەنە ئاچتى. تېلېۋىزوردا قاتتىق تاياق يەپ ئۆلۈشكە ئاز قالغان جىنايەتچىنىڭ ئېچىنىشلىق چىرايى كۆرۈندى، ئارقىدىن ئەرلەرنىڭ نەپسىگە ئوت يېقىش ئۈچۈنلا يېرىم يالىڭاچ بولۇۋالغان ئايالنىڭ كۆكسىنى سىلكىتىپ ساغرىلىرىنى چايقاپ مېڭىشلىرى كۆرۈندى. سەردار ئۈستەلدىكى كىتابقا قاراپ قويدى، شۇ ھالدا كىتاب ئۇنىڭ مەيلىنى تارتالمايۋاتاتتى. ئېكراندىكى كۆرۈنۈشلەرگە خامۇش تۈيغۇ ئىچىدە پات ـ پات قاراپ قوياتتى. دۇنيانىڭ ئىشلىرى غەلىتە، ئىنسان نېمە قىلسىمۇ بىر ۋاقىتتىن نېرى كېتەلمەي مۇشۇ زامانغا كەلدى، يەنە مەڭگۈ مۇشۇنداق بولىدىغاندەكمۇ قىلىدۇ،

www.uyghurkitap.com

مۇشۇنداق بولمىسىمۇ ھاياتنىڭ قىزغىن تۇز ـ تەمى يوقاپ كېتىدۇ ... ئايال ... ئايالنىڭ مېھرى، ئايالنىڭ خىسلىتى، ئايالنىڭ سېھرىي ھەم سىرلىق قۇدرىتى. تېلېۋىزوردا يەر شارىنىڭ يەنە بىر بۇلۇڭىدىكى، كىشىنىڭ ئەقلى يەتمىگۈدەك ئىشلار بولۇپ تۇرىدىغان ئامېرىكا دېگەن دۆلەتتە، بىر ـ بىرىدىن گۈزەل، بىر ـ بىرىدىن قورقۇنچلۇق ئايالLARنىڭ قىسمەت ھەم تەقدىرلىرى ھەققىدە ئىشلەنگەن فىلىم تەكلىماكاننىڭ يىراق چېتىدىكى بىر ئۆيدە قويۇلۇۋاتاتتى.

— سىز بۇ فىلىمنى كۆرگەنمۇ؟ — دېدى سەردار.

— ياق، — دېدى گۈلنىگار. تېلېفوننىڭ ئېكرانىدا بايىلا كەلگەن ئۇچۇر بەلگىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

گۈلنىگارنىڭ زەھەرلىك قاراشلىرىدىن بىئارام بولغان سەردار بېشىنى چايقاپ قويۇپ يەنە توي خاتىرە سۈرىتىگە قاراپ قويدى.

«ئۇ يەنە يالغان ئېيتماقچى بولۇۋاتىدۇ» دەپ ئويلىدى گۈلنىگار سۈرەتكە قاراۋاتقان سەردارنىڭ ئەپتىگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ.

— شۇ چاغدا كېپىنكىمىزنى ئاڭلىسام بوپتىكەن، — دېدى گۈلنىگار، — ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن بولسام، بۇ سۈرەت تېخىمۇ ياخشى چىقاتتىكەن.

— سىز مەڭگۈ پۇشايمان ئىچىدە ياشايدىغاندەك قىلىسىز.

— مەن دەل شۇنداق بولۇپ قېلىشتىن قورقىمەن.

— مەنمۇ قورقىمەن.

سەردار «ئاتا مىراس» چىپىنىڭ خالتىسىغا قاراپ قويدى. باغ چىپى دەپ ئەتىۋارلانغان بۇ چاينى كىم بىرلىرى سوغۇق كېلىدىكەن دېيىشىپ يۈرەتتى، يەنە بىرلىرى داڭلىشاتتى، يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىدىن ئەيىب تېپىلاتتى، سەردار كۈندىلىك ھاياتتىكى بەك ئاددىي ئىشلار ئۈچۈن مۇنازىرە قىلىشىپ يۈرگەنلەرنى كۆرسە دىمىقىپ قالاتتى، ئۆزىنىڭمۇ شۇ قەدەر

ئاددىي، نەچچە تال تۇخۇم، نەچچە كىلوگىرام كالا گۆشى دېگەندەك نېمىلەر تۇغرىسىدا سائەتلەپ بولىدىغان دەتالاشلار ئارىسىغا كىرىپ قالغىنىنى سەزگەندە چۆچۈپ كېتەتتى.

— بىر گەپنى دەيمۇ؟

— دەڭ.

— بولىدۇ دېسىڭىز مەن ئەتلەس كۆڭلەك كىيەي، سىزگە كانۋاي كۆڭلەك تەييارلايلى، توي خاتىرە سۈرىتىنى قايتىدىن چۈشەيلى.

— بىز توي قىلغىلى نەچچە يىل بولدى؟

— ئون بەش يىل بولاي دېدى.

— ئەمدى توي سۈرىتىگە چۈشۈپ يۈرسەك خەق بىزنى نېمە دەيدۇ؟

— خەق بىلەن نېمە كارىمىز؟ سۈرەتكە ئۆزىمىز چۈشىدىغان تۇرساق.

— بولدى، بۇنداق ئىشنى بىز قىلىپ يۈرمەيلى، خەق ئاڭلىسىمۇ مازاقىنىڭ تېمىسى بىز بولۇپ قالغۇدەكمىز.

— بىراق ...

— ھەممە ئىش ئۆتۈپ كېتىدۇ.

— مەن قورقىمەن، خۇددى سىزنىمۇ ھەممە ئىش ئۆتۈپ كەتكەندەك ئۆتۈپ كېتەرمۇ، يوقاپ كېتەرمۇ دەپ ... — گۈلنىگارنىڭ ھاياجانلىق ئاۋازى تىترەپ چىقتى. سەردار گۈلنىگارنىڭ ئاۋازىغا شۇ قەدەر ئامراق ئىدى. بىر يىللاردا ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسىمۇ ھاردۇقى چىقىپ قالاتتى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، مەن يوقاپ كېتەلمەيمەن، بىزنىڭ ئىككى بالىمىز بار.

گۈلنىگارنىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالدى.

سەردار تامدىكى سۈرەتكە يەنە قاراپ قويدى، سۈرەتتە ئىككى ئادەمنىڭ تەبەسسۇمى بار ئىدى. بۇ ئون بەش يىل ئىلگىرىكى تەبەسسۇم ئىدى. ئەمما، بۇ سۈرەتتە ئون بەش يىل ئىلگىرىكى

ۋاقىت شۇ چاغدىكى تەبەسسۇم ھەم شېرىن تۇيغۇلاردىن ئەسەر يوقتەك ئىدى. يۈرەكتىن چىقىپ كەتكەن نەرسىنىڭ ئەسلىدىكى خاتىرىسىمۇ ئۆزگىرىپ كەتسە كېرەك.

— قىرىق بەش ياشقا كىرىپ قالدىم، — سەردار شۇنداق پىچىرلاپ قويدى، گۈلنىگارنىڭ ئېگىز بويى ـ بەستى كۆز ئالدىدا تۇراتتى، بەزى نەرسىلەرنى سۆيەي دەپمۇ سۆيگىلى بولمايدۇ، بەزى نەرسىلەرگە ئۆچ بولاي دەپمۇ ئۆچ بولغىلى بولمايدۇ، ھاياتنىڭ مۇشەققەتلىك مەنزىلى جاپالىرىنىڭ بىرى ئەقىل سۆيۈشكە بۇيرۇغاننى سۆيەلمەسلىك.

— مەن چولپاننى كەچۈرۈۋەتتىم، — دېدى گۈلنىگار.

سەردار گەپ قىلمىدى.

— ھەممىسى سىز ئۈچۈن.

— سىزگە جىق دېدىم، ئارتۇق گۇمان قىلمىۋاتىسىز، مېنىڭ چولپان بىلەن ھېچ ئالاقەم يوق.

— دېگىنىڭىزدەك بولغان بولسا ... — گۈلنىگار يىغلىۋېتىشكە تاسلا قالدى.

سەردار گەپ قىلمىدى. بىر ئايالنىڭ ئۆز كۆشەندىسىنى چىن كۆڭلىدىن كەچۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس، ھېچ بولمىسا گۈلنىگار ئۈچۈن ھازىرچە مۇمكىن ئەمەس.

— توۋا دەيمەن، مەن سىز بىلەن توي قىلغاندا خۇددى پۈتۈن دۇنيا مېنىڭ بولغاندەك خۇش بولغان، ئۆزۈمدىن پەخىرلەنگەندىم، توي ھارپىسىدا رازىيەگە نېمە دېگىنىمنى بىلەمسىز؟

— نېمە دېگەن؟

— سەردار بىلەن توي قىلالمىغان بولسام ئۆمۈر بويى ئەرگە تەگمەيتتىم، دېگەندىم، شۇ چاغدا رازىيە كۆزۈمگە بەكلا بىچارە بولۇپ كۆرۈنگەن.

— رازىيە كۆزۈمگە بىچارە كۆرۈنگەن دەڭ، نېمىشقا ئەمدى؟

گۈلنىگارنى بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرىكى، ئون بەش يىل

ئىلگىرىكى گۈلنىگار دېگىلى بولمايدۇ. گۈلنىگار شۇ گۈلنىگار بولسىمۇ ئەمما ئۇنىڭ جۇلاسى، نۇرى، مەپتۇنكارلىقى بۇرۇنقى گۈلنىگارغا ئوخشىماي قالغان. بۈگۈنكى گۈلنىگارنىڭ ئون يىل بۇرۇنقى گۈلنىگارغا ئوخشىماي قېلىشى ھېچكىمنىڭ گۇناھى ئەمەس، ئەمما ھېچكىمنى ئەيىبلىگىلى بولمايدىغان تەرزدە پەيدا بولغان بۇ ئوخشىماسلىق نۇرغۇن يۈرەك يارىلىرىنى پەيدا قىلغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

— رازىيە مېنىڭ نەزىرىمدە بىر قارا قورساق ئادەمگە تەگكەن، مەن شۇنداق ئويلىغان، رازىيە يا چىرايىنىڭ، يا ساپاسىنىڭ تايىنى يوق ئادەمگە تەگدى، دەپ كۆڭلۈمدە ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقانىدىم، ئەمما ھازىر ئۆزۈمگە ئىچ ئاغرىتىدىغان بولۇپ قالدىم.

— سىز ئۆزىڭىزگە ئىچ ئاغرىتامسىز؟

— شۇنداق.

— نېمىشقا؟

— چۈنكى مەن رازىيەدىنمۇ يامان كۈنگە قالدىم.

سەردارنىڭ لەۋلىرىدە بىردە مەسخىرىگە، بىردە ئېرەنسىزلىككە ئوخشاپ كېتىدىغان كۈلكە پەيدا بولدى.

— ئايال خەق دېگەن تۇرمۇشتىن رازى بولمايلا جاھاندىن كېتىدىكەنسىلەر، ئەمدى ئۆزىڭىزنى رازىيەگە سېلىشتۇرۇپ يۈرۈۋاتامسىز؟

— ئەمەلىيەتتە مەن رازىيەچىلىكمۇ بولالمىدىم، ئۇ قانداقلا بولمىسۇن شاكىرغا مەھكەم ئىگە بولۇپ كۈن ئېلىۋاتىدۇ، شاكىرنىڭ ھاراقكەشلىكىنى دېمىسە، ئۇ رازىيەنىڭ يۈرىكىنى ئاغرىتمايدۇ.

سەردار «تېرە پۇتۇك» دېگەن كىتابنى قولىغا ئېلىپ يەنە جايىغا قويۇپ قويدى. بۇ كىتاب باشقا بىر دۇنيا، مۇشۇ كىتابنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان، ئوقۇغان سەردارنىڭ دۇنياسى يەنە باشقا بىر دۇنيا. سەردار گۈلنىگار بىلەن، رەنا بىلەن، سەمەتجان، بارات

قويچى ... دېگەن ئادەملەر بىلەن ھەم يەنە شۇ قاتاردىكى كىشىلەر بىلەن توختىماستىن بىر گەپلەرنى دېيىشىدۇ، مۇنازىرىلىشىدۇ، بىر ـ بىرىگە رەددىيە بېرىدۇ يا ماختىشىدۇ ... «تېرە پۇتۇك» ھەم «تېرە پۇتۇك»كە ئوخشايدىغان كىتابلار، ئەقىللەر بىر قىرغاقتا، سەردارنىڭ ئائىلىسىدە ئۆتۈۋاتقان كۈنلىرى، بايىقى ئادەملەر بىلەن ئۇنى ـ بۇنى دېيىشىپ ئۆتكەن كۈنلىرى ھەم پىكىرلىرى قارشى قىرغاقتا، ئىككى قىرغاق مەڭگۈ ئۇلاشمايدىغاندەك ... گۈلنىگارنىڭ دەيدىغان سۆزلىرى بىر خىللا، گۈلنىگار بىلەن دېيىشىدىغان سۆزلەرمۇ بىر خىللا ... پۇل، كىيىم، ئۆي ... مۇشۇ نەرسىلەر توغرىسىدىكى بىر خىل، ئەمما تۈگىمەيدىغان سۆزلەر ... سەردارغا مۇشۇ خىلدىكى گەپلەرنى دېيىشكەننىڭ پەقەت ئەھمىيىتى يوقتەك تۇيۇلاتتى.

— مەن بىر ئىشنى چۈشەنمىدىم، چولپاننىڭ نەرى مەندىن ئارتۇق؟

گۈلنىگار شۇ ھالدا پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ يۈرىكىدىكى ئاجىزلىقنى يوشۇرماقچى بولۇۋاتسا كېرەك.

سەردار ھېچنېمە دېمىدى، بۇ بەك جىق سورالغان سوئال ئىدى، گۈلنىگار ئۈچ يىل ئىلگىرى مۇشۇ سوئالنى تۇنجى قېتىم سورىغانىدى. شۇ چاغدا سەردارنىڭ بۇرنىدىن شۇرقىراپ قان ئېقىۋاتاتتى. قان ئۇنىڭ ئاق كۆڭلىكىگە، ئىشتىنىغا، ئايىغىغا تامچىلاپ چۈشكەنىدى. قاننىڭ تۇزلۇق ھەم كۆڭۈلگە تېگىدىغان ھىدى سەردارنىڭ يۈرىكىگە سىڭىپ كەتكەنىدى.

— ياخشى قىلمىدىڭىز ...

بۇرنىدىن قان ئېقىۋاتقان سەردار قۇرغاق، سوغۇق ئاۋازدا شۇنداق دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازى قان رەڭگىدە تىترەپ ئاڭلىنىۋاتاتتى. قولىغا سۇپۇرگە تۇتۇۋالغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان گۈلنىگار بۇرنىدىن قان ئېقىۋاتقان ئېرىگە قارىغىنىچە ھاڭۋېقىپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە قىلىپ قويغىنىنى بىلمەيدىغاندەك، يەنە نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغاندەك

ئىدى. بەزى نەرسىلەر ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، راۋان كېمە ئويلىمىغان يەردىن سۇ تېگىدىكى يوشۇرۇن خادا تاشلارغا ئۇرۇلۇپ ھەممە نەرسە قىنىدىن چىقىپ كەتكەندەك. شۇ كېچىسى بەك چىرايلىق ئايدىڭ بولغانىدى، شۇ كېچىسى ئايمۇ، گۈلنىگارمۇ ئۇخلىمىدى. شۇ كېچىسى بەك جىق نەرسىلەر ئۇخلىمىغان بولۇشى مۇمكىن، گۈلنىگار ئۇيقۇسىز شۇ كېچىدە ھەم ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇيقۇسىز كېچىلەردە نېمىلەرنى خىيال قىلغانلىقىنى ئېسىگە ئالالمايدۇ.

سەردارمۇ چوقۇم ئۇخلىيالمىدى، دەپ ئويلىدى گۈلنىگار. ئاي دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى، گۈلنىگار ئۆزىنىڭ ئاي بىلەن، ئاي نۇرى بىلەن نېمە ئالاقىسى بارلىقىنى بىلمەيتتى، ئەمما ئايغا قارىغىلى ئامراق ئىدى، ئايدىڭدا سەيلە قىلىشقا ئامراق ئىدى، ئاي نۇرىنىڭ ھۇجرىسىغا چۈشۈپ تۇرۇشىنى، شۇنداق چاغلاردا سەردارنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشنى ياخشى كۆرەتتى.

گۈلنىگار ئۈچ يىل بۇرۇنقى كۆڭۈلسىز ئاخشامنى يادىغا ئالدى.

گۈلنىگار پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ سەردار كىرىپ كەتكەن ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى. سەردارنىڭ خورىكى ئاڭلانىدى، ئىشىك قىيا ئوچۇق ئىدى، بىزىدىن چۈشكەن ئاي نۇرى سەردارنىڭ يۈزىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. گۈلنىگارنىڭ كۆڭلى بەكلا يېرىم بولۇپ كەتتى، تېخى بايىلا بولغان جېدەلدە بۇرنى قانىغان سەردارنىڭ شۇنداق خاتىرجەم، شۇنداق بىمالال ئۇخلىشى ئۇنىڭغا ھار كەلدى. ئۇ چىراغنى ياقتى، سەردارنىڭ چىرايىدىكى خاتىرجەملىكنى كۆرۈپ ئىشىك كېشىكىگە يۆلەنگىنىچە تۇرۇپ قالدى، ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلىرىنىڭ بەتتەم بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ شۇنچە كۈچەپمۇ كېيىنكى كۈنلىرىنى يورۇق ھەم خۇش پۇراق تەسەۋۋۇر قىلالمىدى.

گۈلنىگار پات ـ پات سەردارنىڭ بۆرنى قانىغان ئاخشامنى ئەسلەپ قالىدۇ، شۇ ئاخشامدىن بېرى سەردار بىلەن گۈلنىگار ئارىسىدىكى بەزى تۈيغۇلار رەڭگىنى يوقاتقان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

سەردار ئورنىدىن تۇرۇپ ياتاق ئۆيىگە ماڭدى، ساپما كەشىنىڭ چاقچۇقلا تېگىشكەندىكى ئاۋازى مەڭگۈ داۋاملىشىدىغاندەك تەسىر بېرەتتى. ئۈچ يىل بۇرۇن بۆرنى قانىغان سەردار بىلەن ساپما كەشنى سۆرەشتۈرۈپ ھۇجرىسىغا ماڭغان سەردارنىڭ بىر يەرلىرى ئوخشىمايدىغاندەك ئىدى.

گۈلنىگار ئاستا كەينىگە يېنىپ ساپاغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، تېلېفوننى قولىغا ئالدى. ئۆزىنى مۇشۇ شەھەردىكى ئەڭ رەزىل ئادەم، ئەڭ ئەقىللىك ئادەم، ئەڭ باي ئادەم ھېسابلايدىغان دىلمۇرات شۇ ھالدا ئۇنىڭ تېلېفونىغا، ئۈچۈرىغا، ئاۋازىغا تەشنا بولۇپ ئولتۇرىدۇ، گۈلنىگار بۇ يەردە ئۆز ئېرىنىڭ مېھىرلىك قاراشلىرىغا، يېقىملىق ئەركىلىتىشلىرىگە زارىقىپ پەرىشان بولۇپ ئولتۇرىدۇ.

گۈلنىگارنىڭ نۇرغۇن قاراڭغۇ ئەسلىمىلىرى بار، نۇرغۇن جۇلالىق ئەسلىمىلىرى بار، نۇرغۇن قورقۇنچلۇق ئەسلىمىلىرى بار.

گۈلنىگار مېھمانخانا ئۆيدىكى تەنھالىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، نەچچە ئاينىڭ ئالدىدىكى بىر كۈننى يادىغا ئالدى. «سەييارە» مېھمانسارىيىنىڭ ئازادە ياتىقىدا دىلمۇرات بىلەن ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇراتتى، گۈلنىگار مۇشۇ دەملەر ئۈچۈن، مۇشۇ دەملەردىكى ئىسسىق، ئەمما پاكىز بولمىغان تۇيغۇلىرى ئۈچۈن ئۆزىنى ھەرگىز كەچۈرەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇراتتى.

— سىز مېنى ئۆزگەرتىۋەتتىڭىز، گۈلنىگار، مېنىڭ سىز بىلەن تونۇشۇشۇم ئەسلى باشقا بىر مەقسەت ئۈچۈن ئىدى، ئەمدى باشقىچە بولۇپ قالدى، — دېدى دىلمۇرات ئاستا

پىچىرلاپ، ئۇنىڭ ئۆمۈچۈك توردەك غىربىلىق سىلغىيىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنىڭ تېگىدە نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلماق تەس ئىدى.

— قانداق مەقسەت ئۈچۈن ئىدى؟

— بۇنى سىزگە دېمەيمەن، ئەلۋەتتە سىزمۇ قانداق مەقسەت ئۈچۈنلۈكىنى چۈشىنىپ تۇرۇپسىز، ئەمما ھازىر ئىشلار ئۆزگىرىپ كەتتى، سىزگە چىن كۆڭلۈمدىن بېرىلىپ قالدىم.

— ياق، ھەرگىز ... — گۈلنىگارنىڭ نەپىسى قىسىلىپ تىنالمىغاندەك بولۇپ كەتتى.

— مېنىڭ ئانام كۆز ئالدىمدا ئۆلۈپ كەتكەن، يۆلىنىدىغان... سىزگە يامان نىيەتتە بولسام ئانامغا يۈز كېلەلمەيدىغاندەك ئويلاپ قالىمەن ... بۇنىڭغا ئۆزۈممۇ ھەيران.

ئېرى ساپما كەشىنى شىپىلدىتىپ ھوجرىسىغا ماڭغان شۇ دەمدە گۈلنىگار «سەييارە» مېھمانسارىيىدا دىلمۇرات بىلەن بولغان گەپلەرنى ئويلاپ ئولتۇراتتى.

گۈلنىگار يۈرىكىدىكى تەنھالىقتىن چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنۇپ بەكلا تېپىرلاپ كەتتى. ئۇ بىردەم ھاڭۋېقىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، تېلېفوندىن «مەرەز» دېگەن ئىسمنى تېپىپ ئۇنىڭغا: «سىز نەدە» دېگەن ئۇچۇرنى يازدى. ئاندىن چولپاننىڭ نومۇرىنى تېپىپ، تېلېفوننىڭ ئۇچۇر يازىدىغان كۆزنىكىگە قاراپ تۇرۇپ قالدى.

«پاسكىنا ... بۇزۇق ... شەرمەندە ... »

گۈلنىگار بايىقى ئۈچ سۆزنى يېزىپ بولۇپ يوللىۋەتتى. بىر يۈرەكنىڭ ئاجايىپ لەنەتلىك شىۋىرلاشلىرىنى كۆتۈرگەن سىگناللار شەھەرنىڭ شاۋقۇنلۇق ئاسمىنىدا دەھشەتلىك سۈرەت بىلەن ئۇچۇپ يەنە بىر يۈرەكنىڭ ئىگىسىنىڭ تېلېفونىغا شۇڭۇلداپ كىردى. شۇ چاغدا چولپان ئىلگىرى يازغان خاتىرىلىرىنى كۆرۈۋاتاتتى، ئۇ بايىقى ئۈچ سۆزنى كۆرۈپ ئۇھ تارتىپ قويدى، ئاندىن كۆڭلىدىكى ئېغىر بىر تاشنى ئېلىۋەتكەندەك يەڭگىللەپ قالغانلىقىنى سەزدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 2

ئاپلېپسىن ھىدى قاپلىغان ماشىنىسىدا ئولتۇرغان دىلمۇرات ساجىدەنى ساقلاۋېتىپ بېشىنى چايقاپ قويدى، ئاندىن ساجىدەنىڭ بايىلا ئۇرغان نومۇرىنى يەنە باستى.

— يېنىڭىزغا ھازىرلا بارىمەن، جېنىم.

— بولدى، ئەمدى كەلمە.

— نېمىشقا، جېنىم؟ خاپا بولۇپ قالدىڭىزما؟ ... ھازىرلا باراي، — ساجىدەنىڭ ئاۋازى قورققاندەك تىترەپ چىقتى.

— كەلمىگىن، مېنىڭ باشقا ئىشىم چىقىپ قالدى.

قارشى تەرەپ بىر دەمگىچە گەپ قىلالماي قالدى.

— كۆڭلۈم بەك يېرىم بولدى، — دېدى ساجىدە.

— يامغۇر يېغىۋاتىدۇ.

— يامغۇر ياغسىمۇ مەيلى ...

— بولدى، كەلمە، خوش.

دىلمۇرات تېلېفوننى بېسىۋېتىپ ماشىنىنىڭ ئەينىكىنى چۈشۈردى. كوچىدا ئادەم جىق ئىدى، كوچىدا ناتونۇش ئادەملەر جىق ئىدى، شۇ ھالدا شەھەرمۇ، ئادەملەرمۇ، شەھەرنىڭ ھاۋاسىمۇ، شەھەرنىڭ شاۋقۇنلىرىمۇ دىلمۇراتقا ناتونۇش ئىدى.

بويى ئېگىز، چېچىنى قويۇۋەتكەن ئوماق بىر قىز دىلمۇراتنىڭ ماشىنىسىنىڭ يېنىدىن بەختىيار تەبەسسۇم بىلەن ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن شادىمانلىق، ھاياتقا ئەركىلەيدىغان بەختىيار قىزلاردا بولىدىغان يەڭگىل شېرىنلىك سېزىلىپ تۇراتتى. يەنە ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن، تەبەسسۇم ئىچىدىكى جىلمىيىشلاردىن يۈرەكنى زېدە قىلىدىغان پەرىشانلىقتىن قۇتۇلغانلىقىنىمۇ سېزىش مۇمكىن ئىدى. ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەر ئارىسىدىكى بۇ قىز بۇ دۇنيادا دىلمۇرات دەيدىغان بىرسىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتى، دىلمۇراتمۇ مۇشۇ مىنۇتتىن

ئىلگىرى بۇنداق ئوماق بىر قىزنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە مۇشۇ شاۋقۇنلۇق شەھەردە ياشاۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى.

— چولپان، مېنى تونۇگەشتۈرۈۋېتىدىغان بولدۇڭ، — يېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەن قىزغا لەپپىدە قاراپ قويغان دىلمۇرات شۇنداق پىچىرلىدى. قىزنىڭ بىر يەرلىرىنى چولپانغا ئوخشىتىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

ئۆزىنى شەھەردىكى ئەڭ رەزىل ئادەم، ئەڭ ئەقىللىك ئادەم دەيدىغان، يەنە ئۆزىنىڭ شەھەردىكى ئەڭ باي ئادەم ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغان دىلمۇرات بايا يېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەن قىزنى ئۇزاققا قالماي ئۇنتۇپ كېتىدۇ، شۇ تاپتا يېغىۋاتقان سىم - سىم يامغۇرنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىدۇ. ئۇ قىزمۇ ھاياتىنىڭ ئون سەككىزىنچى باھارىغا قەدەم ئالغان سىم - سىم يامغۇرلۇق چىرايلىق بىر كۈندە ئۆزىنىڭ دىلمۇرات ئىسىملىك بىرسىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى، دىلمۇراتنىڭ ئۆزىگە شۇنداقلا بىر قاراپ قويۇپ يۈرىكىنىڭ ئۆيگەنلىكىنى، ئاندىن ھايالشىماي ئۆزىنى تامامەن ئۇنتۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

سىم - سىم يامغۇرلۇق شۇ دەمدە سەلكىن شامال ئۇرۇپ تۇراتتى.

شۇ دەمدە شەھەرنىڭ تىنىقى يەڭگىل ھەم راھەتبەخش ئىدى.

دىلمۇرات سىم - سىم يامغۇرلۇق مۇشۇ كۈندىن بىر يېرىم يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى شەھەرنى قار قاپلىغان بىر كۈندە، بايا يېنىدىن ھاياتىنىڭ ئىللىق سۆيۈشلىرىدىن مەست بولغىنىچە ئۆتۈپ كەتكەن باھاردەك گۈزەل قىز — نادىرەدىن ھاياتىنىڭ ئۆلۈم ۋاگونىغا چىقىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى قورقۇنچلۇق خەۋەرنى ئاڭلايدۇ.

سىم - سىم يامغۇر ياغقان كۈنى ئۇ نادىرەنى تۇنجى كۆرۈپ ئۇزاققا قالمايلا ئۇنتۇپ كېتىدۇ، قار ياغقان كۈنى نادىرەدىن ئاڭلىغان خەۋەرنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايدۇ. قارنى رەھمەت ھەم ياخشىلىقنىڭ بەلگىسى دېيىشىدۇ، ئەمما قار ياغقان كۈنى ئۇ

ئۆزىگە تەۋە ھەممە نەرسىنى كۆل قىلىۋېتىدىغان شۇملۇقتىن خەۋەر تاپتى.

يامغۇرلۇق كۈنلەر بولىدۇ، قار ياغقان كۈنلەر بولىدۇ. بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن دۇنيانىڭ بىھايا ئىشلىرىغا سوكۇت قىلالمايدىغان بىر ئادەم شەھەرنى تويدىن يانغان مەستلەر قاپلاپ كەتكەن كۈنى، كۆپكۆندۈزدە يېرىم يالىڭاچ يۈرۈشكەن ئادەملەرنى ھاياسىزلىقتا ئەيىبلەپ، ئۇلاردىن تاياق يەپ يىقىلىدۇ. شۇ چاغدا ساباھەت ئىسىملىك بىر قىز ئۇنى ھوشسىز ياتقان يېرىدىن يۆلەشتۈرۈپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارىدۇ، تەقدىر دېگەن شۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ساباھەت ئىككىيلەننىڭ قورقۇنچلۇق شېرىن تۇيغۇلىرى باشلىنىدۇ، يامغۇرلۇق بىر كۈندە شەرمسار بولغان ھېلىقى ئادەم ئايالىنىڭ كەچۈرۈشكە ئېرىشەلمەي كۆك رەڭلىك چامادانىنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىدۇ ... ئۇ كېچىكىدە يىغىناغۇچ تۇتۇۋالسا، ئايروپىلان تۇتۇۋالدىم، دەپ خۇش بولۇپ كېتىدىغان ساددا بالا ئىدى، بۇ بالىمۇ ھاياتلىق ئالىمىدىكى بارلىق بالىلارغا ئوخشاش چوڭ بولغاندىن كېيىن بېشىغا كېلىدىغان قىسمەتلىرىنى بىلمەيتتى، ئۇنىڭ بىلمەيدىغانلىرى كۆپ ئىدى، ئۇ ئەر يەتكەندىن كېيىن خاتا، ئەمما ئۇتتەك سۆيۈشلەرنىڭ سەۋەبىدىن كۆك چامادانىنى ئېلىپ، يامغۇرلۇق بىر يەكشەنبىدە ئۆيدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. شۇ كىشى ياشىغان، ياشاۋاتقان بۇ شەھەردە بۇگۈن نادىرە، دىلمۇرات، سەردار، گۈلنىگارلار ياشاۋاتىدۇ.

ۋاقىت ئۆز يولىدا يىلاندەك سويلاپ ئۆتۈپ، سىم ـ سىم يامغۇرلۇق كۈندە دىلمۇرات تۇنجى قېتىم نادىرەنى ئۇچرىتىدۇ، ھايال ئۆتمەي نادىرەنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. ئەمما دىلمۇرات ئۇنتۇپ كەتكەن نادىرە بىلەن ئۆز تەقدىرىنىڭ ئاجرالماس بولۇپ چىگىچلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، بۇلارنى نادىرە تېخىمۇ بىلمەيدۇ.

قىسمەتنىڭ غەلىتە ھەم سىرلىق يوللىرىدا دىلمۇرات بىلەن

نادىرە نۇرغۇن قورقۇنچلۇق يوللارنى بىللە ماڭىدۇ.

ئادەم ئۆزىنىڭ ئەتىسىنى بىلەلمەيدۇ، ئەتىدىكى ھاياتىنى كونترول قىلالمايدۇ، خۇددى ئۆزىنىڭ خىيالىغا ئۆزى ئىگە بولالمىغاندەك ... دىلمۇرات ساجىدەنى يېرىم يولدىن ياندۇرۇۋەتكەن شۇ كۈنى يېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەن قىزنىڭ نادىرە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، ئۇ قىزنىڭ سوغۇق تەقدىر تەرىپىدىن ئۆزىنىڭ قۇچىقىغا چۈشىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ شۇ قىزغا ئاشىق بولىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ شۇ قىز بىلەن دوزاق سەپىرىگە بىللە مېڭىپ قالىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

دىلمۇرات ساجىدەنى يېرىم يولدىن قايتۇرۇۋەتكەن شۇ كۈنى نادىرە دىلمۇراتنىڭ ماشىنىسىنىڭ يېنىدىن گۈزەل تەبەسسۇم بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ، گۈزەل نادىرەنىڭ سېھىرلىك تۇرقىدىن دىلمۇراتنىڭ يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ كەتكەن شۇ دەمدىن بىر يېرىم يىل ئۆتكەن قار ياغقان كۈندە، دىلمۇرات نادىرەدىن ئەيدىز ھەققىدىكى قورقۇنچلۇق خەۋەرنى ئاڭلايدۇ، شۇ كۈنى شەھەر ئاپپاق قارغا كۆمۈلۈپ سوزۇلۇپ ياتىدۇ، يىراقتىكى پارخانىنىڭ ئېگىز تۇرخۇنىدىن ئاقۇچ ئىس ئۆرلەپ كۆكتە توزۇپ كېتىدۇ، شەھەر قارغا كۆمۈلگەن شۇ كۈنى دىلمۇرات سېغىنىش ھەم قورقۇش ئىچىدە نادىرەگە تېلېفون بېرىدۇ.

نادىرەنىڭ تېلېفونىدىن «باياۋان» دېگەن ناخشا ئاڭلىناتتى، دىلمۇرات بۇ ناخشىغا كۆنۈپ قالغانىدى. بىردەمدىن كېيىن تېلېفوننى ئۇ ئەزەلدىن ئاۋازىنى ئاڭلاپ باقمىغاندەك بىرسى ئالدى. ئاۋاز پۈتۈك، غارالڭ ـ غۇرۇڭ ئىدى.

— نادىرەمۇ سىز؟ — دېدى دىلمۇرات گاڭگىرىغاندەك.

— بەلكىم ... نادىرە بولۇشۇم مۇمكىن.

قارشى تەرەپنىڭ ئاۋازىدىن مىڭ تۈرلۈك يىغا تۆكۈلەتتى. قار ئاستىدىكى شەھەرنىڭ تەبەسسۇمى سىرلىق ئىدى.

— سىزگە بىر ئىش بولدىمۇ نېمە؟

— ھەئە.

— نېمە ئىش بولدى؟
— ھېچ ئىش بولمىدى، ماڭا ئەمدى ھېچ ئىش بولمايدۇ، ئىشنىڭ ھەممىسى بولۇپ بولغاندەك قىلىدۇ ... سىزنى بوغۇپ ئۆلتۈرسەم دەيمەن.
دىلمۇرات بىردەمگىچە گەپ ـ سۆزسىز تۇرۇپ قالدۇ، مۇلايىملىقى بىلەن كىشىنىڭ مېھرىنى باغلاپ تۇرىدىغان گۈزەل قىزنىڭ تاققا ـ تۇققا گەپلىرى دىلمۇراتنى ھەيران قالدۇردۇ. دىلمۇرات ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۆزىنىڭ گېپىنى قىلىدۇ:
— قېشىمغا كەلسىڭىز بولاتتى.
— بارالمايمەن.
— نېمىشقا؟
— مەن ئۆلدۈم.
دىلمۇراتنىڭ يۈركى جىغغىدە قىلىپ قالدۇ، نادىرە بىر چاغدا ئۇنىڭغا: «سىز مېنى ئۆلتۈردىڭىز...» دېگەن گەپنى قىلغان. دىلمۇراتنى نادىرەنىڭ گۈزەللىكىدىن كۆرە ئەقىللىكلىكى بەكرەك سۆيۈندۈرەتتى. ئەمما، نادىرە پات ـ پات مۇنداق بىر سۆزنى تەكرارلايتتى: «مەن بەك دۆت ... دۆت بولمىسام مۇشۇ كۈنگە قالمايتتىم»، دىلمۇرات نادىرەنىڭ مۇشۇنداق دېيىشىدىن قورقاتتى، ئۇنىڭ چولپانغا ئېرىشەلمىگەن يۈركى نادىرەدىن شىپالىق ئىزدەيتتى، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە نادىرەنىڭ يېقىملىق ئەركىلەپ تۇرۇپ: «مەن سىزدىن نەپرەتلىنەتتىم، ئەمما ھازىر ئويلىسام سىزنى چىن كۆڭلۈمدىن سۆيۈپ قاپتىمەن» دېيىشىنى تەمە قىلاتتى، ناۋادا نادىرە چىن كۆڭلىدىن مۇشۇ گەپنى دەپ قالسا، دىلمۇراتنىڭ يۈركىنى ئېچىشتۇرۇپ كەلگەن بىر ئازاب يوقىلىدۇ، دىلمۇرات چولپاننىڭ، گۈلنىگارنىڭ، نادىرەنىڭ، ساجىدەنىڭ، يەنە نۇرغۇن ئاياللارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، دىلمۇرات شۇ ئاياللارنى ئالقىنىغا ئالدى، ئۇلارغا ئېرىشتى، ئەمما

سۆيۈشكە ئېرىشەلمىدى. بۇنى دىلمۇرات ئارزۇ قىلىدىغان تەرزدىكى ئېرىشىش دېگىلى بولمايتتى، ئۇ ئاياللار مەلۇم بىر مەقسەت ئۈچۈن ياكى ئامالسىزلىقتىن دىلمۇراتنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. نادىرەنىڭ «مەن ئۆلدۈم» دېيىشى دىلمۇراتقا غەلەت بولۇپ تۇيۇلدى، نادىرە ئادەتتىمۇ مۇشۇنداق تاققا ـ تۇققا گەپلەرنى قىلىپ قويىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدىكى ئاۋازىدىن تاشتەك قاتتىق ھەم ئېغىر ۋەھىمە تۆكۈلۈپ تۇرغاندەك قىلىدۇ.

— نېمە دەيدىغانسىز ئەمدى ... چاقچاق تۇزۇك بولسۇن.

— راست، نېمىشقا شۇنداق دېگەنلىكىمنى دەپ بەرسەم سىزمۇ ئۆلۈپ كېتىسىز.

مۇشۇ دەملەردىن نۇرغۇن ئەگرى ـ توقاي ۋاقىتلار ئۆتۈپ، شەھەر رەڭدار چىراغلار بىلەن سېھىرلىك يورۇپ تۇرغان يېرىم كېچىدە نادىرە بىلەن ئۇمىد ئىچىدە شەھەردىن چىقىپ كېتىۋاتقان دىلمۇرات ماشىنىسىنىڭ كۆچلۈك چىراغ نۇرىدا يورۇپ تۇرغان يولغا قاراۋېتىپ نادىرەنىڭ شۇ چاغدىكى ئاۋازىنى ئەسلەپ قالىدۇ.

— سىز ساقمۇ يا مەستمۇ؟

— مەن ساق، — دېدى نادىرە، دىلمۇرات نادىرەنىڭ سولغۇن، سوغۇق ئاۋازىنى ئاڭلاۋېتىپ، ئۆزىنىڭ مۇشۇ قىز بىلەن تونۇشۇپ قالغانلىقىدىن ئۆمۈر بويى سۆيۈنۈپ ئۆتىدىغانلىقىنى، يەنە كېيىنكى قىسمەت سەۋەبلىك ئۆمۈر بويى پۇشايمان ئىچىدە قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

— ئەمىسە نېمانداق گەپلەرنى قىلىسىز؟

— دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى راست.

نادىرەنىڭ گېپى ئۈزۈلدى، ئارقىدىن ئۇنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن قېقىلىپ يىغلاشلىرى، ئۆكسۈش، ئېسەدەشلىرى ئاڭلاندى. نادىرەنىڭ يىغىسىغا قوشۇلۇپ ناھايىتى نۇرغۇن قۇشلارنىڭ، بۆلۈتلارنىڭ يىغىسىمۇ تەڭ ئاڭلاندى. ئۇنىڭ يىغىسىنى شەھەرنىڭ يۈرىكى ھەسرەت بىلەن ئاڭلاۋاتاتتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ــــ نادىرە، نېمە بولدىڭىز؟

نادىرە تېلېفوننى بېسىۋەتتى، دېرىزىنىڭ سىرتىدىكى دۇنيا چىرايلىق قار بىلەن قاپلانغانىدى. دىلمۇرات كېيىنكى كۈنلەردە مۇشۇ قار ياغقان چىرايلىق چارشەنبە كۈنىنى قورقۇنچ بىلەن ئەسلەپ يۈردى.

شەھەرنى ئاپپاق قار قاپلىغان شۇ كۈنى گۈلنىگارنىڭ ھۇجرىسىدىكى دېرىزە ئالدىغا كېلىپ، ئاپپاق قارغا كۆمۈلگەن شەھەرگە قارىغىنىچە قاردەك ئاق كۆمۈش ئۈزۈكنى، قاردەك يېقىملىق چىرايلىق سۆيگۈنى، قاردەك پاكىز بىر يۈرەكنىڭ شېرىن سۆيۈشلىرىنى ئەسلەپ كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

شەھەرنى قار قاپلىغان شۇ كۈنى دىلمۇرات نادىرەگە يەنە تېلېفون ئۇردى. تېلېفوندىن يىغا ئارىلاش ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. بۇ دىلمۇرات نادىرەنى تۇنجى قېتىم ئۇچراتقان، ئەمما ھايالشىمايلا ئۆنتۈپ كەتكەن سىم ـ سىم يامغۇرلۇق كۈندىن بىر يېرىم يىل كېيىنكى قار ياغقان كۈن ئىدى.

ــــ بىز ئۆلىدىغان بولدۇق.

ــــ زادى نېمە ئىش بولدى؟

ــــ ئەيدىز ...

دىلمۇراتنىڭ قۇلىقىغا جاھاننىڭ ھەممە يېرىدىن ئالۋاستىنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.

شەھەر شۇ قەدەر تىنچ، ھاياتنىڭ سۈزۈك قوللىرى ھەممە يەردە ياخشىلىق ھەم پاكلىق تارتىپ يۈرگەن شۇ كۈندە ئىككى يۈرەك مىجىلىپ كېتىدۇ.

دىلمۇرات ساجىدەنى يېرىم يولدىن قايتۇرۇۋەتتى، ئۇ شۇ چاغدا كېيىنكى قورقۇنچلۇق تەقدىرى ھەققىدە ھېچنېمە بىلمەيتتى، ئەيدىز ھەققىدە ھېچنېمە بىلمەيتتى، ئەيدىز ھەققىدە ئىلگىرى مۇنداقلا بىر گەپلەرنى ئاڭلىغان، ئەمما شۇنداق بىر كۈندە ئەيدىزنىڭ ئۆزى بىلەن ئالاقىدار ئىكەنلىكىنى، ئۆز

ۋۇجۇدىنىڭ ئەيدىز بىلەن يۇقۇملىنىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىشنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ساجىدە دېگەن بۇ ئايالغا قانداقچە باغلىنىپ قالغانلىقىنى ئويلاشنى خالىمايدۇ. ئۆزىنى شەھەردىكى ئەڭ رەزىل ئادەم دەپ ئويلىغانلىرىدا ساجىدە يادىغا كېلىۋالىدۇ. دىلمۇرات ساجىدەنى يولغا سېلىۋېتىپ ماشىنىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ، قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ كەملىكىنى، ناھايىتى مۇھىم بىر نەرسىنىڭ ئۆزىدىن يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى سەزدى. ئۇ مۇشۇ دەملەردىن بىر يېرىم يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ شەرمەندە ئۆلۈمىنىڭ قوچىقىغا چۈشىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

دىلمۇرات بايا قولغا چۈشۈرگەن نومۇرنى تېلېفونىغا كىرگۈزۈپ، ئىنگلىزچە ھەرپلەر بىلەن «گۈلنىگار» دېگەن ئىسمىنى يېزىپ ساقلىۋالدى. سالقىن شامال ئۇنىڭ چاچلىرىنى يېنىك يەلپۈتەتتى. بۇ گۈلنىگار سەرداردىن چولپان دېگەن ئايالنىڭ ئۆزىدىن نەرى ئارتۇقلىقىنى سوراشتىن ئىككى ئاي ئىلگىرىكى بىر چۈشتىن كېيىن ئىدى.

شۇ دەمدە شەھەرنىڭ تار كوچىلىرىنىڭ بىرىدىكى مەينەت قاۋاقتا ئولتۇرغان شاكىر غەرق مەست بولۇپ كەتكەنىدى. نۇرغۇن يىللاردىن بېرى خوتۇنىنىڭ ئۆزىگە پاك تەگكىنىدىن، گۇلپىيە ئىسىملىك قىزىنىڭ ئۆز پۇشتى ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ، قىينىلىپ كەلگەن بۇ ئادەم ئەرزان باھالىق ئاق ھاراقنىڭ ھەسرەتلىك ھىدى بىلەن توخۇ قوردىقىنىڭ غەلىتە پۇرىقىنى سەزگىنىچە شادىمان ئۆلپەتلىرى ئارىسىدا ئولتۇراتتى، مۇشۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى بەك كونا، ئەمما مەزمۇت غەشلىكلىرى توزغاقتەك چۇۋۇلۇپ چىقىشقا باشلايدۇ.

— بۇ شەرمەندە خوتۇن مېنى بوزەك قىلدى.

شاكىر غەرق مەست بولۇپ كەتكەندە تەنها كېتىۋېتىپ شۇنداق دەيدۇ، ئۇنىڭ يىغلىغۇسى كېلىدۇ، ئەمما شۇنچە يىللاردىن بېرى مۇشۇ كۆڭۈل ئازارى سەۋەبلىك بىر قېتىممۇ يىغلاپ باقمىدى.

www.uyghurkitap.com

## 3

ئىشىك چېكىلگەندەك قىلدى، بايا پەلەمپەيدىن ئاڭلانغان تونۇش قەدەم ئاۋازىدىن شاكىرنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى بىلگەن رازىيەنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى، تازىلىق ئۆيدىكى كىر ئالغۇنىڭ گۈرۈلدىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. جىمىلىقتا ئوخشايدىغان، يەنە تامامەن ئوخشاپمۇ كەتمەيدىغان كەيپىيات بۇزۇلۇش ئالدىدا تۇراتتى.

ئىشىك ئېچىلدى، كونىرىغان تۆمۈر ئىشىكنىڭ قۇلۇپلىرىنىڭ شاراقلاشلىرى بىرىنچى بولۇپ جىمىلىقتا ئوخشىمايدىغان جىمىلىقنى بۇزدى. رازىيە ئىشىكنىڭ يېپىلغاندىكى، ئېچىلغاندىكى ئاۋازىنى بەك ئۇزاقتىن بۇيان ئاڭلاپ كەلگەندەك، بۇ ئاۋاز ئۆزىنىڭ تەقدىر قىسمىتىنىڭ ئاۋازىدەك ھېس قىلىپ قىلاتتى.

— مەن كەلدىم ...

شاكىرنىڭ ئېگىز ـ پەس ئاۋازىدىن ئۇنىڭ غەرق مەست بولغانلىقىنى بىلگەن رازىيە ھېرىپ كەتكەندەك ئۇھ تارتىپ قويدى. يۈرىكىگە كونا، تونۇش بىر ۋەھىمە يامىرىدى.

— چاي ئىچەمسىز؟

رازىيە شاكىرنىڭ ئالدىغا بارايمۇ ـ بارمايمۇ دېگەندەك تەمتىرەپ قالدى.

شاكىرنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن، قويۇق قاشلىرى سالپىيىپ قالغان، مايلىشىپ تۇرغان يۈز تېرىسى چىراغ نۇرىدا غەلىتە پارقىراپ كەتكەن، گاھ قارىدەك، گاھ قىزىلدەك.

شاكىرنىڭ كۆزلىرى قېرىپ كەتكەنىدى. قىزىرىپ تۇرغان كۆزلەردىن بەكلا تېز قېرىپ كەتكەندەك تۇيغۇ بىلىنىپ تۇراتتى.

— نېمە دېدىڭ؟

شاكىر دەلدەڭشىپ كەتتى، ئۇنىڭ دەلدەڭلەشلىرى،

لەيلەشلىرى رازىيەگە تونۇش ئىدى، ئۇ مۇشۇنداق دەلدەڭشىپ يۈرگىلى بەك ئۇزاق بولغانىدى، رازىيە ئۆزىنى تۇغۇلغاندىن باشلاپ چۈشلىرىدە، خىياللىرىدا مۇشۇنداق بىرسىنىڭ لەيلەپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ چوڭ بولغاندەك تەسىراتقا كېلىپ قالدىغانلىقىنى كىمدۇر بىرسىگە سۆزلەپ بېرىشى مۇمكىن. شاكىرنىڭ يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك لەيلەشلىرى، ئىنجىقلىغاندەك ئاۋازى رازىيەنىڭ كۆزىگە، قۇلىقىغا سىڭىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ مەست بولغاندىن كېيىنكى دەلدەڭلەشلىرى بىلەن قورۇق ھەم ئاچچىق ئاۋازى مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغاندەك ئىدى. شاكىردىن كېلىۋاتقان توخۇ قورۇقىنىڭ ھىدىمۇ مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغاندەك ئىدى.

رازىيە نۇرغۇن ئاياللارغا ئوخشاش پۇشايمان ئىلكىدە مۇشۇ كۈنگە ئۇلاشتى.

— چاي ئىچەمسىز دەۋاتىمەن؟

شاكىرنىڭ شەپكىسىنىڭ كىرلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ رازىيەنىڭ كۆڭلى بىرقىسما بولۇپ قالدى. شاكىر ئادەتتە دوپپا كىيىشنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيتتى، بىر كىيىمنى بىر كىيىۋالسا ئاسانلىقچە يەڭگۈشلىگىلى ئۇنىمايتتى.

— سەن دەملىگەن چاينى ئىچكىلى بولامدۇ؟

— نېمە؟

رازىيە ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن، يەنە ئۇزاققىچە داۋاملىشىدىغان كونا جېدەلنىڭ باشلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى.

— سەن پاسكىنا ... مېنى دۆت كۆرۈپ، ساۋاتسىز كۆرۈپ، كاللىسى ئىشلىمەيدۇ، دەپ بوزەك قىلىۋاتىسەن ... شۇنداقمۇ ... گە ... گەپ قىلە.

— ياق، — دېدى رازىيە. ئۇنىڭ ئاۋازى ئۆزىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىمايدىغانراق چىقتى. بۈگۈنكى جېدەل تېز تۈگىمەيدىغاندەك قىلاتتى.

— دېگىنە، بۇرۇن كىم بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلغانىدىڭ؟ ... دېگىنە، ئابدۇراخمان دېگەن ئېشەك بىلەنمۇ؟

رازىيە بۇنىڭدىن بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا تىترەپ كەتتى، كۆز ئالدىدىكى جىمى تۇيغۇلىرى گاھ قىزىلغا، گاھ قارىغا بويىلىپ تۇراتتى.

— زۇۋانىڭغا ئوت كەتسۇن، سەن هايۋاننىڭ ... سەن مۇشۇ گەپنى مەندىن سوراۋاتقىلى شۇنچە يىل بولدى، ئون مىڭ قېتىم، يۈز مىڭ قېتىم سوراپ بولدۇڭ، نېمە تۈگىمىگەن گەپ بۇ؟

شاكىر كېكىردى، هاراق بىلەن توخۇ قورداقنىڭ هىدى ئۆيگە ئاستا يېيىلدى.

— گۈلپىيە مېنىڭ قىزىم ئەمەس ... مەن بىلىمەن، ھەممىنى بىلىمەن.

— ئاغزىڭنى يۇم.

— گۈلپىيە مېنىڭ بالام ئەمەس، مەن خەقنىڭ بالىسىنى بالام دېمەيمەن، ئۇ دېگەن هارامدىن بولغان ... هارامدىن ...

— مېنى نېمە دېسەڭ دە، ئەمما قىزىمغا تىل تەگكۈزمە، هايۋان... ئۇ سېنىڭ ئۆز پۇشتۇڭ.

— مېنى ئالدايمەن دېمە، ئەمدى ئالدانمايمەن، ساڭا ئالدىنىۋەرمەيمەن، گۈلپىيە مېنىڭ قىزىم ئەمەس، سەن بۇزۇقچىلىق قىلىپ يۈرۈپ تاپقان، دېگىنە، ئۇنىڭ دادىسى زادى كىم؟ ماڭا راستىڭنى ئېيت، بولمىسا سېنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن.

قاراڭغۇ جىلغىلاردا يالغۇز قالغاندا ئۇشتۇمتۇت بۆرە هوۋلىسا ياكى قۇلاق تۇۋىمىزدىلا ئېيىق دېگەندەك هايۋانلارنىڭ ئىسسىق هەم مۇدهىش تىنىقى ئاڭلىنىپ قالسا قورقۇپ كېتىمىز. بەزىدە يوروق ئۆيلەردىمۇ يىرتقۇچلارنىڭ سېسىق هەم قەبىھ تىنىقى ئاڭلىنىپ قالىدۇ.

— سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن... مېنى خورلىدىڭ... شەنىمنى بۇلغىدىڭ ... بوغۇپ ئۆلتۈرىمەن سېنى.

رازىيە سوغۇق بىر ھاۋانىڭ ئىچ - باغرىنى مۇزلىتىپ ئۆتكەنلىكىنى سەزدى.

— بولسا شۇنداق قىل، مېنى ئۆلتۈرۈۋەت، شۇنداق قىلساڭ سەندىن قۇتۇلارمەن.

شاكىر قاتتىق كېكىردى، رازىيە كۆزىنى يۇمۇپ تىن تارتماي تۇردى.

— سەن زادى شۇنداق قىلغانمۇ، يوق؟

شاكىرنىڭ رازىيەگە شىلتىغان قولى پەسكە چۈشۈپ كەتتى.

— ياق ... قىلمىغان.

— يالغان ئېيتما، سەن پاسكىنا شۇنداق ئوسال ئىشنى قىلغان.

— ياق، خۇدا ھەققى، مەن ئۇنداق قىلمىغان.

— سەن چوقۇم شۇنداق قىلغان.

شاكىرنىڭ گۆشلۈك لەۋلىرى پەسكە ساڭگىلاپ، كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. رازىيە ئاچچىق بىر سېزىمدىن خۇدىنى يوقاتقاندەك بولدى. رازىيە شاكىرنىڭ ئۆزىگە يىرگىنىچ بىلەن تىكىلگەن كۆزىگە مىختەك قادىلىپ ۋارقىرىدى، ئاۋازى چىنە چېقىلغاندىكى ئاۋازغا ئوخشاپ كەتتى.

— قىلمىدىم دېسەم ئۇنىمىدىڭ، قىلغان دەپ تۇرۇۋالساڭ ئەمىسە بوپتۇ، مەن شۇنداق قىلغان، گېپىڭ بارمۇ؟

— سەن شۇنداق قىلغان؟! — شاكىر مۇشتۇمنى پۇلاڭلىتىپ ئالدىغا دېۋەيلىدى.

— راست دېدىڭ، مەن شۇنداق قىلغان.

رازىيە نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلمەيدىغاندەك قىلاتتى.

— ھۇ پاسكىنا قانجۇق ... سەن بۇ ئۆيگە ھارامدىن بالا كۆتۈرۈپ كەلگەن ... — شاكىر ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىغا دېۋەيلەپ بېقىپ يەنە جايىغا ئولتۇرۇپ قالدى.

رازىيە چاچلىرىنى قاماللاپ كەينىگە شوخشۇپ ئۆزىنى ساپاغا تاشلىدى، ئاندىن جان، جەھلى بىلەن يىغا ئارىلاش ۋارقىرىدى:

— مەن شۇنداق قىلغان ... بىر قېتىم ئەمەس، ئون - يىگىرمە قېتىم شۇنداق قىلغان، شۇنداق قىلغان، ئەمدى بولدىمۇ... ئەمدى كۆڭلۈڭ تىندىمۇ؟

لەنەتلىك دەملەر سەت خىقىلداپ ئۆتۈپ باردۇ، مۇشۇ چاغدا مۇشۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ نەچچە يەردىن پارە بولۇپ كەتكەن بىر يۈرەكنىڭ زېدىسىدىن ئاققان قاننى ھېچكىم كۆرمىدى. گۈلپىيە كىچىكىدىن باشلاپ دادىسى بىلەن ئانىسى ئۇرۇشۇپ قالغان دەملەردە نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ كۆنۈپ قالغانىدى، ئۇ ھەتتا دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ ئۇرۇشۇپ قېلىشىنى تەمە قىلىدىغان، ئۆزىنىڭ ھارامدىن بولغان بالا ئىكەنلىكىنى يەنە ئېغىزىغا ئېلىشىپ ئۇرۇشۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قالغانەك قىلاتتى، بۇ خىل ئارزۇنى ئۆزىمۇ، باشقىلارمۇ چۈشىنەلمەيتتى.

— ھە، مانا ئەمدى راست گەپ قىلدىڭ ... گۈلپىيە دېگەن ھارامدىن بولغاننى بۇ ئۆيدىن يوقات يا بولمىسا ئۆزۈڭ يوقال.

گۈلپىيە مۇشۇ كۈنلەردىن كېيىنكى كۈنلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ، ئەمما ئىلگىرىكى ھەسرەتلىك دەملىرى ھە دېگەندە ئەس - خىيالىنى مالىمان قىلىدۇ، ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ، بارات موللامنىڭ ئىسسىق، نەم مەيدىسىگە يۈزىنى يېقىپ ياتقان چاغدا، ئانىسىنىڭ يىغلاشلىرىنى يادىغا ئالىدۇ، شۇ چاغدىكى ۋاقىتنىڭ قىزىتىلغان تۆمۈرنى سۇغا تىققاندا چىقىدىغان ئاۋاز ھوردەك بىر ھالدا يۈرىكىنى يېقىمسىز سىلاپ ئۆتكەنلىكىنى ئەسلەيدۇ، ئۆزىنىڭ بۇ ئۆيدىن قېچىپ كەتمەكچى بولغانلىقىنى، ئەنۋەر بىلەن بىللە قېچىشنى ئارزۇ قىلغانلىقىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

بۈنىڭدىن ئون يىل بۇرۇن، بەلكىم ئون بەش يىل بۇرۇن بولۇشىمۇ كېرەك ... بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن غەرق مەست بولغان شاكىر رازىيە بىلەن خۇددى بوگۈنكىدەك، بۈگۈنكىدەكلا ئەمەس، كېيىنكى كۈنلەردە بەك تولا تەكرارلانغانغا ئوخشاش

جىدەللەشتى، جىدەل ئەۋجىگە چىقتى. شۇ كۈنىمۇ شاكىر گېپىنى تۈگىتىپ دەلدەڭشىنىگىنىچە تۆردىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇ چاغلاردا ئۇلار بىر تار كوچىدىكى دېرىزىلىرى كىچىك ھەم پاكار ئۆيدە ئولتۇراتتى، سەككىز ياشلىق گۈلپىيە ئىشىكنىڭ كەينىدە ئىدى، دادىسى ئۆيگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن گۈلپىيە ئۈششۈك تارتىۋاتقان ئانىسىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ئانا ...

رازىيە قىزىنى قۇچىقىغا ئېلىپ باغرىغا باستى، سىرتتا كىم بىرلىرىنىڭ تېكىستىنى ئۇققىلى بولمايدىغان ناخشىسى ئاڭلىنىپ قالاتتى. ئۆگزىگە بىرنەرسە چۈشكەندەك بىر شەپە بولۇپ ئەتراپ يەنە جىمجىتلىققا غەرق بولۇپ كەتتى.

— ئانا... مەن راستلا ھارامدىن بولغانمۇ؟

بەزى سوئاللار ئۈزۈلمەس ئوت زەنجىردەك كىشىنىڭ روھىنى مەھكەم قاماپ نەپەس ئالدۇرمايدۇ.

— نېمە؟ — رازىيە ۋارقىرىۋەتتى، ئۆزىنىڭ ئاۋازى ئۆزىگە نەشتەر بولۇپ سانجىلدى، ئۈششۈك ھەرىسى چاققاندەك سىزىم ۋۇجۇدىغا ئاچچىق ئاغرىق بولۇپ تارالدى، گۈلپىيەنىڭ بىر نەرسىدىن قورققاندەك ئاۋازى تىك قىيادىن سىيرىلىپ چۈشۈۋاتقان قورام تاشتەك رازىيەنىڭ كۆڭلىنى ئازابلىق مىجىشقا باشلىدى. گۈلپىيەنىڭ قارا ھەم چىرايلىق كۆزلىرىدىن كىشى كۆڭلىنى پارە قىلىدىغان ۋەھىمە ھەم بىچارىلىق پارقىراپ تۇراتتى. شۇ كۈنى چۈشتىكى ئىشلار گۈلپىيەنىڭ ئۆتكەن كۈنلىرىنى، ھازىرقى كۈنلىرىنى ھەم كەلگۈسى كۈنلىرىنى كىشىنى دىمىقتۇرىدىغان ھەسرەتكە چۈمدۈردى.

— مەن راست ھارامدىن بولغانمۇ؟

ھارامدىن بولغان دېگەن سۆزنىڭ قايسى زاماندىن بېرى پەيدا بولۇپ تا مۇشۇ كۈنگىچە داۋام قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئەمما، بۇ سۆزنىڭ يۈرەككە سالىدىغان مۇشەققىتى ھەم زۇلۇمى ھەققىدە بەك ئۇزاق گەپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

— ياق قىزىم، ھەرگىز ئۇنداق ئويلىماڭ.
— ئەمىسە دادام شۇنداق دېدىغۇ؟
— دادىڭىز ساراڭ، ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەڭ.
— ئەمىسە مەن ساراڭنىڭ بالىسىمۇ؟
— نېمە؟
— ئادىلە مېنى ساراڭنىڭ بالىسى دەپ تىللىدى.
— ياق... دادىڭىز ساراڭ ئەمەس ... سىز ساراڭنىڭ بالىسى ئەمەس.
— دادام ساراڭ بولمىسا نېمىشقا مېنى ھارامدىن بولغان دەيدۇ؟
رازىيە گۈلپىيە بىلەن خۇددى مۇشۇنداق بىر گەپ - سۆزلەرنىڭ ئىلگىرىمۇ بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى غۇۋا يادىغا ئالدى، رازىيەنىڭ ئەسلىمىلىرى مالىمان ئىدى، ئىلگىرى يۈز بەرگەن ئىشلار بىلەن كېيىن بولغان ئىشلارنىڭ خاتىرىلىرى ئالمىشىپ قالاتتى. گۈلپىيەنىڭ كۆزىدىكى، ئۆمىسە چىرايىدىكى بىچارىلىق رازىيەنىڭ يۈرىكىدىكى نۇرغۇن مۇستەھكەم توسۇقلارنى ئېزىپ تاشلىدى.
رازىيە شۇ چاغدا شاكىرنىڭ ساراڭلىقىنى ئېتىراپ قىلسا بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى بىلەلمىدى، شاكىر ساراڭ دېيىلسە، بالىلارنىڭ گۈلپىيەنى ساراڭنىڭ بالىسى دېگىنىگە ئىشىنىشكە توغرا كېلەتتى، ساراڭ ئەمەس دېيىلسە، شاكىرنىڭ گۈلپىيەنى ھارامدىن بولغان دېگەن سۆزى راست بولۇپ چىقاتتى. لاتاپىتىنى يوقاتمىغان رازىيەنىڭ كۆز ياشلىرى گىرىملىرىنى يۇيۇپ چىرايىنى غەلىتە قىلىپ قويغانىدى.
— دادىڭىز دائىم ساراڭ ئەمەس، بالام، ھاراق ئىچكەندە ساراڭ بولىدۇ.
گۈلپىيەنىڭ مەسۇم كۆزلىرىدىكى ۋەھىمە رازىيەنىڭ يۈرىكىنى ئەزدى.
گۈلپىيە بىلەن مۇشۇنداق سۆزلىشىشلەر بولغان، مۇشۇلارنىڭ

ھەممىسى رازىيەنىڭ ئىسىدە بار.
بۈگۈنكى مۇشۇ ئىشلارمۇ ئۆزاققىچە ئۇنىڭ يادىدىن چىقمايدۇ. بۇنىڭدىن ئون يىل ياكى ئون بەش يىل كېيىنمۇ مۇشۇ ئىشلارنى ئەسلىشى مۇمكىن.
رازىيە گۈلپىيەنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ قورقۇپ كەتتى. ئىچ ـ ئىچىدىن چىقىۋاتقان سوغۇق تۈيغۇ ئۇنىڭ تومۇرلىرىدا شۇۋۇلداپ ئاقاتتى، تومۇرلىرى گاھ مۇزدەك توڭلاپ، گاھ زەھەردەك تۈيغۇدىن ۋىژىلداپ كۆيەتتى.
— مەن گۇناھكار، قىزىم ... — رازىيە گۈلپىيەنى مەھكەم قۇچاقلىدى، — مۇشۇنداق بىر ئەرگە تەگكەندىكىن مەن گۇناھكار.
ئانا ـ بالا ئىككىسى مەھكەم قۇچاقلاشتى، قىيا ئوچۇق دېرىزىدىن قۇتقۇزۇش ماشىنىسىنىڭ ۋۇيۇلداشلىرى ئاڭلىناتتى، شۇ ھالدىكى يۇلتۇزلار، شۇ ھالدىكى گۈللەر ھەم رازىيە، شاكىر، گۈلپىيەلەرگە ناتونۇش ھەممە نەرسە سۈكۈت ئىچىدە جىمىلىققا غەرق بولغانىدى.
— مەن نادىرەنىڭ ئورنىدا بولۇپ قالسامچۇ.
— نېمە؟ نادىرە دېگەن كىم ئۇ؟
رازىيە ھەيرانلىق بىلەن قىزىغا تىكىلدى، قىزىنىڭ بويى ئۆسكەن، چوڭ بولغان، ئەمما بالىلىقىدىكى ۋەھىمىلىك كۆزلىرى شۇ پېتى ئىدى، ھەتتا بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك ئېسەنگىرەپ تۇرىدىغان بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى، گۈلپىيەنىڭ بالىلىقى بىلەن ھازىرقى ھالى رازىيەنىڭ كۆز ئالدىدا ئالمىشىپ تۇراتتى.
— مېنىڭ ساۋاقدىشىم، مەكتەپ بويىچە ئەڭ چىرايلىق قىز... گۈلباھار سىبىرىقتەك ئەسكى ئەمەس.
— ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟
ئون سەككىز ياشقا كىرگەن گۈلپىيەنىڭ كۆزلىرى، قاراشلىرى، لەۋلىرىدىكى تەبەسسۇم ئون سەككىز ياشلىق قىزنىڭكىگە ئوخشىمايتتى.

www.uyghurkitap.com

— ئۇ يالغۇز قالدى.

رازىيەنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى. گۈلپىيەنىڭ غەلىتە چاقناپ كەتكەن كۆزلىرىدە ئەسەبىي تۇيغۇنىڭ قارا چۇمۇلىسىدەك قىمىرلىشىپ يۈرگىنىنى كۆرگىلى بولاتتى. رازىيە شۇ ھالدا گۈلپىيەنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلمەيتتى.

## 4

— سېنى ساقلاپ كەتتىم.

سىم - سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى، يامغۇر تامچىلىرىنىڭ يېقىملىق سىيپاشلىرىنى ھېس قىلىۋاتقان شۇ دەمدە ھاياتبەخش سالقىنلىق كۆڭۈللەرگە ئاراملىق بېرەتتى.

ھاياتنىڭ ئىسسىق نەپسىگە ئوخشايدىغان قىزنىڭ باتناشلىرى چىرايلىق ئىدى، ئەركەك يۈرىكىنىڭ شۇنداق بىر دەۋرلىرى بولىدۇ. دۇنيا، نۇر، پۇرسەت ھەم خۇشاللىقنىڭ ھەممىسى بىر قىزنىڭ كۆزىدە، زىننىخىدا، مەڭزىدە، تەبەسسۇمىدا بولۇپ قالىدىغان.

نادىرەنىڭ دومسىيىشلىرى مۇراتقا دۇنيانىڭ جىمى گۈزەللىكى، ئىسسىقلىقى بولۇپ تۇيۇلدى.

— خاپا بولمىغىن، كېچىكىپ قالدىم، ساڭا كۆزئەينەك ئېلىۋالاي دەپ دۇكانغا كىرگەن، تاللاپ بولالماي.

— كۆزئەينەك؟

— ھەئە، دالاغا چىقساق بەك ئاپتاپ، كۆزۈڭنى ئاچالماي قالىسەن.

— رەھمەت ... سەن بەك ياخشى جۇمۇ ...

— دەل تاپتىڭ ... ياخشىلىقىمغا گەپ كەتمەيدۇ.

— دەپ قويسام ئەمدى.

شەھەرنىڭ ئاسمىنىدىن تۆكۈلۈۋاتقان گۈزەل تامچىلارنىڭ شىۋىرلاشلىرى ئاڭلىناتتى. پادىچى شىمى، قىزىل كوپتا

كىيىۋالغان نادىرەنىڭ خۇمار كۆزلىرىگە تىكىلگەن مۇراتنىڭ شاۋقۇن كۆتۈرگەن يۈرىكىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمىسە كېرەك.

— باشقا باللار قېنى؟

— كىمنى دەيسەن؟

— ئەنۋەر، گۈلباھارلارمۇ بارماقچىمىدىغۇ؟

— گۈلباھار بارمايدىكەن، گۈلباھار بارمىسا ئەنۋەرمۇ بارمايدىكەن ... بۇ شۇنداق بىر ئىشلار ئىكەن، — دېدى مۇرات كۈلۈمسىرەپ، نادىرەنىڭ شۇ چاغدا مۇراتنى مەھكەم قۇچاقلىۋالغۇسى كەلگەنلىكىنى مۇرات ھەرگىز بىلمەيدۇ.

— گۈلپىيەنى چاقىرىۋالايلىمۇ؟

مۇرات بېشىنى چايقىدى.

— بۇگۈن سەن بىلەنلا قالغۇم بار، پەقەت سەن بىلەنلا ... بىزگە ھېچكىم دەخلى قىلمىسۇن، بۇگۈنكى تۇغۇلغان كۈنۈڭ ماڭا مەنسۇپ.

شەھەرنىڭ سىم - سىم يامغۇردىن تۇمانلانغان ئاسمىنى مۇراتقا بەكلا چىرايلىق كۆرۈندى.

دەل شۇ چاغدا ... مۇرات ئۆزىنىڭ يۈرىكىنى تىڭشاۋاتقان شۇ دەمدە قىپقىزىل بىر پارچە ئوت ... قىپقىزىل بىر دوزاخ ... قىزىل رەڭلىك بىر ماشىنا شىددەت بىلەن نادىرەگە قاراپ كەلدى. شۇنداق ... شىددەت بىلەن ... ناھايىتى تېز ...

— نادىرە ... بۇياققا ...

نادىرەدىن ئىككى قەدەم نېرىدا تۇرغان مۇرات ئېتىلغىنىچە نادىرەنىڭ قولىدىن تارتىپ ئۇنى يانغا تارتىۋالدى، تارتىۋالدى - يۇ ئۆزى دەلدەڭشىپ يانغا قىيسىيىپ قالدى. قىزىل رەڭلىك ماشىنا قۇيۇندەك تېز كەلگىنىچە مۇراتقا ئۇرۇلدى.

نادىرەنىڭ ئۆزى مەڭگۈ قوبۇل قىلالمايدىغان ئاچچىق قىسمىتى شۇ دەمدىن باشلانغان بولۇشى مۇمكىن.

نادىرە مۇشۇ دەمنى بەك جىق خىيالىدىن ئۆتكۈزىدۇ، شەھەردە

سىم ـ سىم يامغۇر يېغىۋاتىدۇ، نادىرە مۇراتنىڭ كۆزلىرىدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي تۇرىدۇ، شۇ چاغدا ناھايىتى ھەيۋەتلىك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، ھەيۋەتلىك ئەمەس، قورقۇنچلۇق، ئۈن سەككىز ياشلىق نادىرەنىڭ كۆزى مۇراتنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ خۇمارلىشىپ تۇرغان دەمدە مۇرات ۋارقىرىغىنىچە ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپلا بىر يانغا تارتىۋالدى، ئارقىدىن رەڭگى دوزاخ ئوتىنىڭ رەڭگىگە ئوخشايدىغان بىر ماشىنا ۋىخىلداپ كەلگىنىچە مۇراتقا ئۇرۇلدى. ئارقىدىن ... شۇنداق، ئارقىدىن ھەيۋەتلىك ئەمەس، دەھشەتلىك ئاۋاز ئاڭلاندى، نادىرە داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۈن سەككىز يىللىق يۈرىكى نەق ئوتتۇرىدىن ئىككى پارىگە، تۆت پارىگە، بەش پارىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. بەزى يۈرەكلەر نەچچە مىڭ پارچىگە پارچىلىنىپ كېتىدۇ، بۇنى پارە ـ پارە بولدى ياكى بەرباد بولدى دەيدۇ.

ـــ مۇرات!

نادىرەنىڭ ئېچىنىشلىق چىرقىرىشى شۇ كۈنىدىكى شەھەرنىڭ يۈرىكىنى ئاسقىتۇرۇۋەتتى. ھەش ـ پەش دېگۈچە بىرمۇنچە ئادەملەر ئولاشتى. ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن شوپۇر چىرايى تامدەك تاتارغىنىچە ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇراتتى. يۈز ـ كۆزى قانغا مىلەنگەن، ھوشىدىن كەتكەن مۇرات سوزۇلۇپ ياتاتتى، ئاغزى يېرىم ئېچىلىپ قالغان، ئاپپاق چىشلىرى قان ئارىسىدا قالغان مۇراتنىڭ يۈز ـ كۆزىدىكى قان قۇياش نۇرى ئاستىدا قورقۇنچلۇق كۆرۈنەتتى. نادىرە كېيىنكى ئۇزاق كۈنلەردە مۇراتنىڭ مۇشۇ ھالىتىنى چۈشلىرىدە ناھايىتى كۆپ كۆرۈشى مۇمكىن.

بىرنەچچە ئادەم مۇراتنى ماشىنىنىڭ چاقى يېنىدىكى قىسىلچاقتىن تارتىپ چىقاردى. ھايال ئۆتمەي قۇتقۇزۇش ماشىنىسىنىڭ سىگنالى ئاڭلاندى. نادىرەنىڭ دۇنياغا ئەركىلەپ ئۆزۈۋاتقان تولىمۇ راۋان ھاياتلىق كېمىسى خۇددى تىتانىك ناملىق پاراخوت مۇزتاغقا ئۇرۇلغاندەك شۇ كۈنى پارە ـ پارە بولۇپ

كەتتى. بىر كۈنلەردە ئەخمەت نادىرەنىڭ مۇشۇ تەقدىرىنى ياكى نادىرەگە ئوخشاش تەقدىرگە يولۇققانلارنىڭ تەقدىرىنى رەسىم قىلىپ سىزىشى مۇمكىن.

— مۇرات!

هوشىدىن كېتەي دەپ قالغان نادىرە بەتبۇي پۇراقتا تولغان كارىدوردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ھېچنېمىنى ئويلىيالمىدى، باش ـ كۆزى تېڭىلغان، پۈتىدىن ئاسما ئۇكۇل ئۇرۇلغان مۇرات ئاپپاق داكىغا ئورىنىپ ياتاتتى. ھەسرەتلىك كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈۋاتقان چىرايلىق بىر ئايال ئېسەدەپ يىغلاۋاتاتتى. ئايالنىڭ بەكمۇ قاملاشقان بوي ـ بەستى قايغۇدىن ئېگىلگەن، ئېزىلگەنىدى.

— بىمارنىڭ ئەھۋالى مانا مۇشۇنىڭغا يېزىلغان، سەردار دوختۇر.

نادىرە ئېسىنى يوقاتقاندەك تامغا يۆلىنىپ تۇراتتى.

ھېلىقى ئايال يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزىنى سەردار دوختۇرغا ئۈمىد ھەم تەلمۈرۈش بىلەن تىككەنىدى، ئېسەدەشلىرى تار كارىدوردا ئاستا يېيىلاتتى.

قويۇق چاچلىرى چۇۋۇلۇپ تۇرىدىغان دوختۇر سېستىرانىڭ قولىدىكى قەغەزنى ئېلىپ بىر قۇر كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن دېدى:

— بىمارنى جىددىي ئوپېراتسىيە قىلىشىمىز كېرەك.

— سەردار ... — دېدى ھېلىقى ئايال كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي ئۆكسۈگىنىچە.

سەردار دوختۇر چولپاننىڭ ئالدىغا باردى، چولپان ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىر تۈرلۈك ئىشەنچنى كۆرگەندەك بولدى، چولپان ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم نەرسە مانا مۇشۇ ئىدى. چولپان كېيىنكى كۈنلەردە ئېغىر يۈرەك مۇڭلىرىغا پاتقاندا سەردارنىڭ ئىشەنچ ئۇرغۇغان مۇشۇ كۆزلىرىنى ئەسلەيدۇ، يولىغا يورۇق تاپىدۇ.

— چولپان، ئوپېراتسىيە بىردىنبىر چارە.

— مەن ... — ھالىدىن كېتەي دەپ ئايال تامغا يۆلەنگىنىچە ئۆمچەرەپ يىغلامسىرىدى.
— مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن تىرىشىمەن، قالغىنىنى كېيىن دېيىشەيلى، ھازىر ۋاقىت قىس، بەردەم بولۇڭ.
دوختۇرلار ئىچكىرىدىكى ئىشخانىغا كىرىپ كېتىشتى، سېستىرالار يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى. ھېلىقى ئايال نادىرەگە قاراپ قويدى، ئۇنىڭ نادىرەگە گەپ قىلغۇسى يوقتەك قىلاتتى. بىردىنلا جاھاننىڭ جىمى يۈكى ئۈستىگە ئارتىلغان نادىرە قىسماقتەك ئېگىلىپ قالغانىدى.
بىردەمدىن كېيىن بىرەيلەن چولپاننى چاقىردى. بىرنەچچە ۋاراق قەغەزنى چولپاننىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. سەردار چولپاننىڭ ئالدىغا كەلدى.
— قانداق قىلىمىز، سەردار؟
چولپاننىڭ تارام-تارام تۆكۈلگەن ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ ئاقاتتى.
— راستىنى دېسەم مۇراتنىڭ ئەھۋالى ئېغىر، ھازىر ئۇنى جىددىي ئوپېراتسىيە قىلمىساق بولمايدۇ.
— قانداق بولار؟
— بىز تىرىشىمىز، ھازىرقى ئەڭ مۇھىم نىشان ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش، كېيىنكى ئىشلارنى كېيىن بىرنېمە دېيىشەيلى.
— بىراق ...
— سەردار دوختۇر.
بىرەيلەن سەردارنى چاقىرىپ ئۇنى باشلاپ ياندىكى ئىشخانىغا كىرىپ كەتتى.
— سىز ئۇنىڭ نېمىسى؟ — دېدى يەنە بىر دوختۇر چولپانغا قاراپ تاقەتسىزلىك بىلەن.
— مەن ئۇنىڭ ئاچىسى.
— ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىچۇ؟
— ئۆلۈپ كەتكەن، مەن ئۇنىڭ بىردىنبىر قېرىندىشى ...

ئاچىسى.

— ئۇنداق بولسا بۇ مىكى ـ مىكى دەيدىغان چاغ ئەمەس، ئالدى بىلەن بۇنىڭغا ئىمزا قويۇڭ.

— داۋالىنىش پۇلىنى تېپىپ كېلەي ...

— بولدى، بۇ ئىشقا باش قاتۇرماڭ، سەردار دوختۇرنىڭ تۇغقىنى ئىكەنسىز، بىز قائىدىگە خىلاپ ئىشتىن بىرنى قىلايلى، بۇ بالا مۇنداقلا تۇگىشىپ كەتسە بولمايدۇ، ۋاقىت بىر يەرگە باردى، سىزنىڭ پۇل تېپىپ كېلىشىڭىزگە ساقلىساق ئۆلگۈرەلمەيمىز ... ئىمزا قويۇڭ.

ھەردەمدە ناھايىتى نۇرغۇن ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدىغان شەھەردىكى بىر دوختۇرخانىدا بىر جاننى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن جان تېپىرلاۋاتاتتى. شەھەر جان ساقلاش ئۈچۈن تۈرلۈك ئۇسۇللاردا تېپىرلاۋاتقان ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتىدىن قىمىرلايتتى، لۆمۈلدەيتتى.

چولپان كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ خەنزۇچە يېزىلغان ماتېرىيالنىڭ ئاستىغا تىترەپ تۇرۇپ ئىسمىنى يازدى.

ئۇ بېشىنى كۆتۈرگىنىدە ئالدىدا سەردار تۇراتتى. سەردارنىڭ كۆزىدىكى قەتئىيەت ھەم تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان سەمىمىيلىك ئۇنىڭغا كۈچ بەرگەندەك بولدى. چولپان شۇ دەمدە بۇ كۆزلەرنى مۇشۇ دەمنى، مۇشۇ ھالدىكى ئېغىر ھەم قورقۇنچلۇق تۇيغۇلارنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى.

كۆزئەينەك ... نادىرە كۆزئەينەك تاقىغىلى ئامراق ئىدى، ساياھەت قىلغىلى ئامراق ئىدى. كۆزئەينەك تاقىغىلىز، ساياھەت قىلغىلى ئامراق نادىرە ئۆزىنىڭ مۇشۇ نەرسىلەرگە، مۇشۇنداق ئىشلارغا ئامراق بولۇپ يارالغىنىدىن بىر ئۆمۈر نەپرەتلىنىپ ئۆتسە كېرەك. نادىرەنىڭ خىيالىچە مۇرات كۆزەينەك ئالمەن، دەپ كېچىكمىگەن بولسا مۇشۇ ۋەقە يۈز بەرمەيتتى. نادىرە نۇرغۇن قېتىم مۇشۇنداق ئويلايدۇ، سۆيۈملۈك شەھەر بىلەن، مۇرات

بىلەن ئۇن ـ تىنسىز خوشلىشىۋاتقاندىمۇ مۇشۇنداق ئۇيلايدۇ، دىلمۇرات بىلەن يېرىم كېچىدە شەھەردىن چىقىپ كېتىشۈپتىمۇ مۇشۇلارنى ئويلايدۇ.

نادىرە بىلەن مۇرات سىم ـ سىم يامغۇر ياغقان ئاشۇ ۋەھىمىلىك كۈننى ھەر قېتىم يادىغا ئالغاندا، ھايات ھەم دۇنيانىڭ كىشى چۈشىنىپ بولغىلى بولمايدىغان قىسمەتلىرى ھەققىدە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ئويغا پېتىپ كېتىدۇ.

چولپان ھازىرلا يىقىلىپ كېتىدىغاندەك ھالسىزلىنىپ قالغان نازۇك قىزغا قاراپ قويدى، قىزنىڭ گۈزەللىكى چولپاننى ھەيران قالدۇردى، كېيىنكى كۈنلەردە چولپان مۇراتقا نادىرە ئىسىملىك قىزدىن يىراق تۇرۇشنى ئېيتقاندا، قىزنىڭ ئېۋەنسىز گۈزەللىكىنى يادىغا ئالدۇ، ئىنىسىنىڭ ئۇ قىزدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

چولپان مۇراتنى ماشىنا سوقۇۋەتكەن شۇ كۈننى ئۇزاققىچە قورقۇنچ ئىچىدە ئەسلەپ قالىدۇ، پالەچ بولۇپ قالغىنى مۇرات ئەمەس، ئۆزىدەك يۈرىكى قىيىنىلىدۇ. تەنھالىقنىڭ شېئىرىي تۇيغۇغا باي غېرىبلىقى ئارىسىدا تۇرۇپ كەچمىشلىرىنى ئېسىگە ئالىدۇ. سەردار بىلەن تونۇشقان كۈنلەرنى، مۇرات ۋەقەگە ئۇچرىغان كۈننى، سەردارنىڭ شۇ كۈنلەردىكى جان كۆيەرلىكىنى ئەسلەيدۇ. گۈلنىگارنىڭ ئۆزىنى ئەڭ يامان تىللار بىلەن تىللاپ يازغان ئۇچۇرلىرىنى يادىغا ئالىدۇ. گۇناھكارلىق تۇيغۇسى بىلەن كەچكىلى بولمايدىغان سۆيگۈ ئارىسىدىكى قىسىلچاققا كەپلىشىپ قالغان چولپان بەزىدە مۇراتنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى گۈلنىگارنىڭ ئاھ ـ زارى تۇتقانلىقىدىن بولدى، دېگەنلەرنى ئويلاپ قالىدۇ. سەردارغا بولغان سۆيگۈسى بىلەن جىنايى تۇيغۇلىرى ئارىسىدا يۈرىكى قىسىلغاندا، گۈلنىگارنىڭ ئۆزىنى زەھەردەك تىللار بىلەن ھاقارەتلىگەن ئۇچۇرلىرىنى كۆرسە كۆڭلى تەسكىن تېپىپ قالىدۇ. ئۇ گۈلنىگار بىلەن سۇزۇك بۇلاق ئاشخانىسىنىڭ ئايرىمخانىسىدا سۆزلىشىۋاتقان دەملەردە ئاخىقى

مەنزىلگە يەتكەندەك تۇيغۇغا كېلىدۇ، گۈلنىگارنىڭ ئالدىدىكى قەرزدارلىق تۇيغۇسىدىن تامامەن قۇتۇلۇپ كەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا، ھەر قېتىم ھاقارەتلىك ئۇچۇرلارنى تاپشۇرۇۋالغاندا، يۈرىكىدىكى بىئاراملىقنىڭ يەڭگىللەپ قالىدىغانلىقىنى ئاخىرقى قېتىم ھەيرانلىق بىلەن ھېس قىلىدۇ.

## 5

سەردار تاقەتسىزلىك بىلەن سائەتتە قاراپ قويدى، چولپاننىڭ ھايالشىماي كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ يەنە كۆڭلىدىكى تەلمۈرۈش ئۇنى بىئارام قىلىپ تۇراتتى. سەردار ماشىنىسىنىڭ ئەينىكىنى ئازراق چۈشۈرۈپ قويدى، سىرتتىكى سەلكىن شامال راھەتلىك شۇۋۇلداپ يۈزىنى سىلاپ ئۆتتى، سەردارنىڭ كۆڭلىدىكى ھاياجان ھەم تەلپۈنۈش ئىچىدىكى تەقەززالىق كۈتۈش ئۇنى تىت ـ تىت قىلاتتى.

— كېچىكىپ قالدىم، ئاچچىقىڭىز كەلدىمۇ؟

— ياقەي، — دېدى سەردار كۈلۈمسىرەپ، چولپاننىڭ ئاۋازى بىلەن جاھان كەڭرىپ قالغاندى.

— ياق دەيسىزغۇ، چوقۇم ئاچچىقىڭىز كەلدى، مەن سىزنى بىلىمەن، كېچىككەننى يامان كۆرىسىز.

— بىلگەندىكىن كېچىكمىسىڭىز بولمامدۇ ئەمىسە.

— قەستەن كېچىكمىدىم، ماڭاي دەپ تۇرسام دۇكانغا خېرىدار كىرىپ قالدى، خېرىدارنى يولغا سېلىپ تۇرسام، مۇرات شېئىرى ئېلان قىلىنغان گېزىتنى ئەكەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ھايال بولۇپ قالدىم.

— مۇراتنىڭ شېئىرى ئېلان قىلىنىپتۇ دەڭ، ياخشى گەپقۇ.

— مانا.

چولپان گېزىتنى سەردارغا ئۇزارتتى، سەردار مۇراتنىڭ شېئىرىنى قىزىقىش بىلەن ئوقۇپ چىقتى.

— بۇ بالىدا تالانت بار، ئەقلى ساز، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇ چاكىنا ئەمەس، ئۆزىنىڭ يېشىغا قارىغاندا ئېغىر ـ بېسىق، تەمكىن، مۇشۇنداق بالىلار قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى بولاتتى، ئۇنى مەن ئۇچۇن تەبرىكلەپ قويۇڭ.

— رەھمەت، مۇرات مېنى خاتىرجەم قىلىدۇ.

— سىز خاتىرجەممۇ؟

— خاتىرجەم، ئەلۋەتتە خاتىرجەم .

— ئەمما مەن خاتىرجەم ئەمەس.

— نېمىشقا؟ سىز خاتىرجەم بولمىغۇدەك نېمە ئىش بولدى، دوختۇر ئەپەندى؟ — چولپان يۇمشاق قوللىرى بىلەن سەردارنىڭ قولىقىنى تارتىپ قويدى، — دەڭا، نېمىدىن خاتىرجەم ئەمەسسىز؟

— سىزدىن ئەنسىرەيمەن، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئەرگە تېگمۇالسىڭىز قانداق قىلارمەن، دەپ ئەنسىرەيمەن.

چولپان كۈلدى، كۈلكىسى يېقىملىق ئىدى.

— بولدى قىلىڭ، بۇنداق گەپلەرنى دېيىشمەيلى، مەن بۇ ھالىمدا توي قىلالمىغۇدەكمەن.

— قانداق دەيسىز؟

— سىزلا بولىدىكەنسىز مەن توي قىلالمايمەن.

— سىزدىن قۇتۇلالمايمەن دېمەكچىمۇسىز؟

چولپان سەردارنىڭ بويۇنلىرىنى سىلاپ پىچىرلىدى.

— ئايرىلالمايمەن ... سىز مېنى ئالمايسىز، سىزدىن باشقىسىغا مەن تەگمەيمەن، ئىش مانا مۇشۇنداق.

چولپان سىڭارىيان بولۇپ سەردارغا يۆلەندى، ئۇنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىدىن كېلىۋاتقان باھارسىمان ھىد سەردارغا كەلگۈسىدىكى كۆڭلەرنىڭ چىرايلىق ھەم يورۇق ھالىتىنى كۆرسەتتى.

— ئايرىلمايلى، ئىككى ئادەمنىڭ مۇنداق قوشۇلىشى ئاسان ئەمەس.

— كۆنلەرنىڭ بىرىدە مەندىن نەپرەتلىنىپ قالارسىزمۇ؟
— ئۇنداق بولمايدۇ.
— سىز ئەڭ ئەيىبلەيدىغان ئىش ئەخلاقسىز ئادەملەرنىڭ ئىشى ... سىز ئەخلاقسىز ئاياللارنى يامان كۆرىسىز، بىراق مەن دەل سىز يامان كۆرىدىغان ئەخلاقسىز ئاياللارنىڭ بىرسى.
سەردار چولپاننىڭ خۇمارلىشىپ تۇرغان كۆزىگە، چىرايلىق يىمىرىلگەن لەۋلىرىگە قارىدى. سەردار ئۆزىنىڭ بىر كۆنلەردە مۇشۇنداق بىر ئايال بىلەن پىنھانلاردا سۆرىشىپ يۈرىدىغانلىقىنى، شۇنداق بىر ئايالنى جان ـ جىنى بىلەن سۆيۈپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى.
— ئىككىمىز قىلىۋاتقان ئىشلارنى باشقىلار قىلغان بولسا ئۇلارنى ئەيىبلەپ، تىللاپ، ئادەم قاتارىدىن چىقىرىۋېتەر ئىدۇق، ئەمما دەل ئۆزىمىز ... — چولپاننىڭ كۆزلىرىدە مەيۈسلۈك پەيدا بولدى.
— مۇنداق ئويلىمايلى ... يامان بولىدۇ، — دېدى سەردار چولپاننىڭ چاچلىرىنى كەڭ ئالىقانلىرى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ، — ھەممە ھەقىقەتنى چۈشەنگىنىمىز بىلەن ھەممە ھەقىقەتكە رىئايە قىلىپ بولالمايمىز، بەزى ھەقىقەتلەر ئۆزىمىزنى قىيناش بەدىلىگە بارانىغا يېتىدۇ. نېمە ئامال ... مەن ھازىر سىزنى ئېلىپ يىراق بىر يەرگە كەتسەممىكىن دەيمەن، ھېچكىم دەخلى قىلمايدىغان.
— نەگە؟
— جاڭگالغا.
— ئىختىيارىڭىز، سىزنىڭ رايىڭىز بويىچە بولسۇن.
سەردار كۆنلەرنىڭ بىرىدە چولپان يوقاپ كەتسە، ئۆزىنىڭ مەڭگۈ كۆلەلمەيدىغان بولۇپ قالىدىغانلىقىنى سەزدى.
سەردار ماشىنىسىنى ھەيدەپ ماڭدى، ماشىنىنىڭ ئىچىدە لىققىدە مۇھەببەت بار ئىدى. يەنە بىر ئادەمنىڭ، يەنە بىر يۈرەكنىڭ تۈيغۇسى بىلەن، يەنە بىر كۆزنىڭ نەزىرى بىلەن

قارىسا، بۇ ماشىنىدا لىققىدە ئىپلاسلىق ھەم ئىنسابسىزلىق، رەزىللىك بار ئىدى. گۈلنىگارنىڭ ئوت ئىچىدە پۇچىلىنىۋاتقان يۈرىكى ھەم مۇزدەك ئەقلىنىڭ ھۆكمىچە چولپان — زەھەرلىك چايان، ئەڭ رەزىل ئايال ئىدى. «خۇدا چىرايىنى بەرگەن بىلەن ئەقىل بەرمىگەن پاسكىنا، — دەيتتى گۈلنىگار تەنھالىق يۈرىكىگە قۇمدەك توشۇپ كەتكەن دەملەردە ھەسرەتلىك ئاھسىنىپ، — سەردارنى مەندىن تارتىۋالدىڭ ... ئاخىر ئۆزۈڭگە قىلارسەن ... مەڭگۈ پۇشايماندا قالارسەن، ئىلاھىم.»

چولپان گۈلنىگارنىڭ ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرىنى ھېس قىلالاتتى، سۇزۇك تۇيغۇسى بىلەن قارشى تەرىپىدىكى ئايالنىڭ رەشك ئوتىدا كۆيگەن قەلبىنىڭ ھەسرىتىنى تەسەۋۋۇر قىلالاتتى. گۈلنىگارنىڭ ئۆزىنى نەقەدەر ئۆچ كۆرىدىغانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى، ئەمما سەردارنىڭ بۇلارنى ئويلاپ يېتەلىشى تەس ئىدى، ھەتتا سەردار كۇندە كۆرۈشۈپ تۇرىدىغان ئايالىنىڭ كۇنلەرنىڭ بىرىدە چولپاننى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى ئويلايدىغانلىقىنى، چولپاننى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ قاتىل بولۇپ قېلىشتىن قورقۇپ يۈرگەنلىكىنى بىلمەيتتى.

— قايسى جاڭگالغا ئاپىرىسىز؟

— قۇملۇق يولىنىڭ بويىدا بىر توغراقلىق بار ئىكەن، ئالدىنقى قېتىم بارغانىدىم، پەيزى بار، سىزنى شۇ يەرگە ئاپىرىپ كېلەي.

توغراقلارنىڭ ئۈنسىز ھەم خاتىرجەم تۇرقى، خاتىرجەملىكى بىلەن غېرىبلىقى چىڭگىدە قۇچاقلىشىپ قېتىپ قالغان ھالىتى چولپانغا سىرلىق بىلىندى، توغراقلار مۈگدەۋاتقاندەك، ئۇيقۇغا كەتكەندەك، ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ كېتىشتىن قورقىدىغاندەك تەسىر بېرەتتى. چولپان سىرلىق ھاياجان ئىچىدە ئەتراپقا نەزەر سالاتتى. توغراق بىلەن بەردەملىكنىڭ بىر يەرلىرى ئوخشاپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى.

— مۇراتقا كۆز تەگمىسۇن، مەن ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىمەن، —

دېدى چولپان ھاياجان بىلەن.

ــــ خۇدا بۇيرۇسا ئۇ كەلگۈسىدە قالتىس ئادەم بولۇپ چىقىدۇ، ــــ دېدى سەردار كۈلۈمسىرەپ.

چولپان مۇراتنىڭ شېئىرىنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇدى، شېئىردىن ساددىلىق، پاكلىق، تەلپۈنۈش ھەم پاكىز پىكىرنى ھېس قىلغىلى بولاتتى. چولپاننىڭ يۈرىكىنى پەخىرلىك ھېسلار چۇلغىدى. چولپان مۇراتنىڭ شېئىرىنى ئوقۇۋاتقان پەيتتە، كۆتمىگەن ئىشلارنىڭ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى، شەھەر سىم - سىم يامغۇر ئىچىدە سالقىن تۇمانلىنىپ تۇرغان بىر كۈندە، ئۆزى سۆيۈنگەن مۇراتنىڭ قورقۇنچلۇق ھالدا نابۇت بولىدىغانلىقىنى، مۇراتنىڭ جان - جېنىدىن سۆيگەن قىزى نادىرەنىڭ كىشى چۈشەنگىلى ھەم قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان قىسمەتلەرگە يولۇقىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. شۇنداق، ئېغىر كۈنلەر بولدى، نادامەتلەر ئۇلارغا يېپىشىۋالدى، ئەمما ئادەملەر قانچىلىك ئېغىر كۈنلەرگە قالسۇن، ھاياتتىن كېچىش مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس، ھاياتتىن كېچىش ئەڭ لەنەتلىك گۇناھ.

ئۆزى بارلىقى بىلەن سۆيگەن چولپاننى ئېلىپ، پەقەت ئىككىيلەنگىلا تەئەللۇق خاتىرجەملىك ئىزدەپ كېتىۋاتقان سەردار دوختۇر ئىككى ئوغلى ــــ ئىلتەبىر بىلەن مويۇنچۇرنىڭ ئانىسى، بىر يىللاردا ئۆزى بارلىقى بىلەن سۆيگەن ئايالى گۈلنىگارنىڭ يۈرەك زېدىسىگە شىپا ئىزدەپ، ئىزتىراپ ھەم بىچارىلىق بىلەن گاڭگىراپ يۈرگەنلىرىنى، ئۆزىنىڭ يامان يولغا قەدەم بېسىۋاتقانلىقىدىن ۋايىم يەپ، كۆڭۈل پايانىدا تەمتىرەپ يۈرگەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

گۈلنىگار ئۆز يۈرىكىدە تەنھالىقتا يەم بولۇپ تۇرۇپ: «سەردار، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ، مېنى ئىلكىڭىزگە ئېلىڭ، مېنى يالغۇز تاشلىۋەتمەڭ ... مېنى يامان يولدىن تارتىۋېلىڭ، مەن بىر قەدەم بىر - قەدەمدىن پاتقاققا پېتىۋاتىمەن ... » دەپ نىدا

قىلغانلىرىنى بىلمەيدۇ.

سەردار پەخىرلىك تۇيغۇلىرى بىلەن سۆيىدىغان ئايال گۈلنىگار بىلەن مۇشۇ كۈنلەردە يۈرىكىنى تامام ئىگىلەپ كەتكەن چولپاننىڭ ــــ ھەر ئىككى ئايالنىڭ يۈرىكىنىڭ لىقىدە گۇناھ تۇيغۇسىغا پاتقانلىقىنى ھېس قىلالمىسا كېرەك. كۆڭۈل شۇنداق نەرسىكى، ئۇنى ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ سۆزۈك، ئېنىق كۆرەلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئىككىنچى بىر ئادەم ئەمەس، شۇ كۆڭۈلنىڭ ئىگىسىمۇ ھېس قىلىپ بولالمايدۇ. ئۆز يۈرىكىمىزنى تاپمىقىمىز تەس. گۈلنىگار سەردارنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزىۋېلىشىنى ئۇنىسىز ئىلتىجا قىلىدۇ.

تەنھالىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزىنى يار لېۋىدە كېتىۋاتقاندەك ئويلايدىغان گۈلنىگار كۆزلىرى ئوتتەك چاقنايدىغان ئاق بۆجەننى ئەسلەپ قالىدۇ. ئەقلى ئۇنىڭغا ئېيتىدۇ: سەن پاسكىنا يولغا قەدەم بېسىۋاتىسەن ... ئۇ روشەن ھەم سۈزۈك ھالەتتە مۇشۇلارنى ھېس قىلىدۇ. ئەمما، رەڭگى جىنايى پاراكەندىچىلىككە ئوخشايدىغان بىر تۇيغۇ ئۇنى سۆرەپ كېتىپ بارغاندەك ئىدى.

## 6

ياتاقنىڭ ئىچى ئىسسىق ھەم ئارامبەخش ئىدى، قىزىل دېرىزە پەردىسىدىن ئۆتۈپ رەڭگى قىزىلغا ئۆزگەرگەن قۇياش نۇرى يۇمشاققىنا يېيىلىپ ئاپپاق كىرلىك، ئاپپاق ياستۇق ئۈستىدە يەڭگىل لىغىرلايتتى. ئايالالرنىڭ قەلبى مۇشۇنداق يەڭگىللىك ھەم سىرلىق جىملىق، سېھىرلىك نۇر ئىچىدە ھاياجان بىلەن ئېرىيدۇ، دەپ ئويلايدىغان دىلمۇرات دېرىزىنى قىيا ئېچىپ كوچىغا قاراپ تۇرغان گۈلنىگارنىڭ دولقۇنسىمان چاچلىرىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ تۇراتتى. بۇ چاچلاردىن يېقىملىق بىر تۇيغۇ ئۇدۇل ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئۇرۇلۇۋاتقاندەك ئىدى.

گۈلنىگارنىڭ سۈلكەتلىك گۈزەللىكى دىلمۇراتنى ئەيمىنىشلىك تۇيغۇ ئىچىدە ئۆزىگە رام قىلاتتى.

«سەردار، ئىتىنىڭ بالىسى، مۇشۇنداق ئايالنىڭ تۇرۇپ يەنە باشقا ئاياللارغا قول سوزۇپ يۈرسەن ... بىر كۈنلەردە ئۆز ئايالىڭنىڭ سىرتلاردا باشقا ئەرلەر بىلەن ئۇچرىشىپ يۈرگىنىنى بىلسەڭ ئىچىڭدىن تۇگىشىسەن، يۈرىكىڭدىن ئۆلىسەن، سەندىن مۇشۇنداق ئۆچ ئالىمەن ... سەن مېنى ۋەيران قىلدىڭ، مەنمۇ سېنى ۋەيران قىلىمەن، مېنىڭ ھەممە دەردىسەرلىرىم سېنىڭ ئىنسابسىزلىقىڭ، مېنىڭ رىزقىمغا قول سوزغىنىڭدىن بولۇۋاتىدۇ...»

ئۆزىنى مۇشۇ شەھەردىكى ئەڭ رەزىل ئادەم، ئەڭ ئەقىللىق ئادەم، ئەڭ ئىپسىل ئادەم ھېسابلايدىغان دىلمۇرات گۈلنىگار بىلەن تونۇشقان دەسلەپكى كۈنلەردە، يۈرىكىدە بۇ ئايالغا بولغان ئىللىق ھەم پاكىز بىر سۆيۈشنىڭ ئويغىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتەلمىگەندەك ئىدى ... ۋاقىت يىلاندەك سويلاپ ئۆتۈپ، گۈلنىگارنى قىزغىن ھەم شېرىن خۇمار بىلەن سېغىنىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى سەزگىنىدە ئۆزىگە ھەيران قالدۇ.

— بۇ يەرنىڭ مۇھىتى قانداق ئىكەن؟ — دېدى دىلمۇرات ئىگىز گەۋدىسىنى سەل ئېگىپ. ئۇنىڭ گۈلنىگارنىڭ چاچلىرىنى سىلىغۇسى، پۇرىغۇسى باردەك ئىدى، ئەمما دەماللىققا جۈرئەت قىلالمىسا كېرەك. گۈزەللىك كىشىنى ئەيمەندۇرۇپ قويىدۇ.

— بولىدىكەن، بۇزۇق ئاياللار ئۈچۈن بۇ ناھايىتى ياخشى ئارامگاھ ئىكەن.

دىلمۇرات كۈلدى، كۈلكىسى بىر ئاز سوغۇق ھەم ياسالما ئىدى. سىرتتىكى ماشىنا سىگناللىرى يۇمشاق ھاۋانى يىرىپ ئۆتۈپ يىراقلارغا كېتەتتى، قارا تېرەكنىڭ، ئارچىنىڭ يوپۇرماقلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن بوشلۇقتىن ناتونۇش، سوغۇق ئاۋاز ئاڭلىناتتى. «ئاياللارنىڭ يولدىن چىقىشى بىردەملىك...» ئەخمەتنىڭ مۇشۇ گېپى گۈلنىگارغا بەك يېقىمسىز ئاڭلانغانىدى،

ئەخمەت سەردار بىلەن قايسىدۇر بىر رەسىم توغرىسىدا پاراڭلىشىۋېتىپ، شۇ گەپنى دېگەنىدى.

گۈلنىگارنىڭ سوغۇق ئاۋازى چىرايلىق ياتاقتا مۇزدەك سىزىم بىلەن يېيىلدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دېدى دىلمۇرات گۈلنىگارغا تىكىلىپ.

— شۇنداق دېگىنىم.

— بۇزۇق ئايالالار دەيسىزغۇ؟

— شۇ ... مېھمانخانىنىڭ ياتاقلىرىدا يات بىر ئەر بىلەن يۈرگەن ئايالنى شۇنداق دېمەي نېمە دەيدۇ؟

گۈلنىگار ئۆزىگە، سەردارغا، دىلمۇراتقا، چولپانغا ... ھەممەيلەنگە مىڭلاپ لەنەت ئوقۇدى. ئۇنىڭچە ھايات بۇنداق بولماسلىقى كېرەك ئىدى، ھايات قىزغىن، ساداقەت بىلەن سۆيۈش ئىچىدە سۈزۈك مەنىسىنى تېپىشى كېرەك ئىدى.

دىلمۇرات قولايسىز بىر تەرزدە گۈلنىگارغا قولىنى سوزۇپ بولۇپ يەنە چۈشۈرۈۋالدى.

— يېڭى يىلدا سىزگە قانداق سوۋغا بېرىشنى ئويلىنىپ بولدۇم، — دىلمۇرات دېگۈدەك گەپ تاپالماي ئاخىر شۇنداق دېدى.

گۈلنىگار گەپ قىلمىدى، ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا يالغاندەك تەسىر بېرەتتى، كىچىكىدە بىللە قوغلىشىپ ئويناپدىغان ئاق بۆجەن يادىغا يەتتى، دادىسى ئۇنىڭ رايىغا بېقىپ ئاق بۆجەندىن بىرنى ئەكېلىپ بەرگەن، شۇ يىللاردا ئۇلارنىڭ تار ھويلىسى ئاق بۆجەن بىلەن ئاق بۆجەندەك قىزنىڭ شادلىقىغا لىقىدە تولۇپ كېتەتتى، خۇددى باھاردا گۈل ھىدىغا تولغان باغدەك.

— سىز مۇشۇ بۆجەنگە ئوخشايسىز، قىزىم.

— نەرىم ئوخشايدۇ؟

— ئاق دىلىڭىز، پاكلىقىڭىز.

گۈلنىگار تىترەپ كەتتى، دىلمۇراتنىڭ ئېغىر قولى ئۇنىڭ

مۇرىسىدە ئىدى، دىلمۇراتنىڭ قولى تەرلەپ كەتكەندەك، ئېغىرلىشىپ كەتكەندەك، تىترەۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالدى. گۈلنىگار چاچلىرىنى دىلمۇراتنىڭ سىلاۋاتقانلىقىنى قورقۇنچ ئىچىدە سېزىپ تۇراتتى. ئۇ ئىختىيارسىز نەچچە قەدەم نېرىغا بېرىپ تۇردى.

— قانداق سوۋغا بەرمەكچى؟ — دېدى گۈلنىگار دىلمۇراتنىڭ غېرىبانىلىق پۇرقۇپ تۇرغان كۆزىگە قاراپ.

— ئالتۇن زەنجىر، سىزدىن سوراي، سىز ئاق ئالتۇنغا ئامراقمۇ يا سېرىق ئالتۇنغىمۇ؟

— مەن سېرىق ئالتۇنغا ئامراق.

— بوپتۇ، دېگىنىڭىز بويىچە بولسۇن.

گۈلنىگار ئۆزىگە ھەيران قالدى، نېمىلەرنى دەۋاتىدۇ، ئالتۇن زەنجىر؟ ئۇ نېمىشقا دىلمۇراتنىڭ ئالتۇن زەنجىرىنى ئالغۇدەك؟ گۈلنىگارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئۇرغۇسى كەلدى.

— مەن قايتاي.

— نېمە؟ تېخى ھېلى كەلدىڭىزغۇ؟

— بېرىپ تاماق قىلاي، بالىلار كەلسە مەن بولمىسام بولمايدۇ.

— ئەستا، مەن تېخى ... سىزنى ... — دىلمۇرات نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ كەتتى، مۇشۇنداق چاغدا يۈرەك تەرلەپ كېتىدۇ، يۈرەك تەرلىسە ھېچ ئىش قاملاشمايدۇ.

— مەن قىزىل هاراقمۇ ئەكەپ قويغان.

— كېيىن ئىچەرمىز.

گۈلنىگار نېمىشقا بۇنداق دېگەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلەلمىدى، ئۇ ئەزەلدىن ھاراق ئىچىپ باققان ئەمەس، ئىچىشنى ئويلىشىپمۇ باقمىغان، نېمىشقا كېيىنچە ئىچمەكچى بولىدۇ؟

— ئەمىسە يېڭى يىلنى بىللە ئۆتكۈزەيلى.

— يېڭى يىلغا تېخى خېلى ۋاقىت بارغۇ.

— شۇنداقتىمۇ بالدۇرراق دېگۈم كەلدى، — دىلمۇرات

سىقىلىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى، — ئەتە تېلېفون قىلامسىز؟
— ئىختىيارىڭىز.
— تېلېفون قىلمىساممۇ مەيلىمۇ؟
— مەيلى.
دىلمۇرات كۈلۈپ قويدى، ئوڭايسىزلىقتىن ھوپپىدە قىزىرىپ كەتتى، قىزىل پەردىدىن سۈزۈلۈپ چىققان قىزىل نۇر ئاپپاق كىرلىك ئۈستىدە سىلغىيىپ تۇراتتى، ئۇ كارىۋاتقا ئەلەم بىلەن قاراپ قويدى.
— مېنىڭ تېلېفون نومۇرۇمنى قانداق تاپتىڭىز؟ — دېدى گۈلنىگار.
— بۇ ئاسانغۇ؟
— مېنى نېمىشقا ئىزدەيسىز؟
— مەن سىزدەك ئاياللارغا ئامراق.
گۈلنىگار ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا دىلمۇرات بىلەن دېيىشكەن سۆزلەرنى ئەسلەپ قالدى.
گۈلنىگارنىڭ بىرسىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ قانغۇچە يىغلىغۇسى كەلدى. سەردارنىڭ سالاپەتلىك تۇرقى كۆز ئالدىغا كېلىپ، قانداقتۇر ئېغىر بىرنەرسە يۈرىكىنى كۈچ بىلەن باستى.

«مەن ئۇنى ئالداۋاتىمەن».
تاكسى غۇيۇلداپ كېتىپ باراتتى.
گۈلنىگار ئۇھ تارتىپ كۆزىنى يۇمدى. «ئۇنى ئەمەس، ئۆزۈمنى ئالداۋاتىمەن، ئادەم ئۆزىنى ئۆزى ئالداشقا مەجبۇر بولۇپ قالسا بەكلا بىچارە بولۇپ كېتىدۇ ...»
دىلمۇرات ياتاقنىڭ دېرىزىسىدىن پەسكە قاراپ تۇراتتى. ئۇ گۈلنىگارنىڭ مېھمانخانا ئىشىكىدىن چىققانلىقىنى، تاكسى ساقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تۇردى ... «سەردار، مېنىڭ قولۇمدا ۋەيران بولىسەن ...» گۈلنىگار، سەنمۇ قولۇمغا چۈشىسەن، سېنىڭ ياتاققا كەلگىنىڭ مېنىڭ قولۇمغا چۈشۈشكە باشلىغىنىڭ ...



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەر كىشىدە پۇل بىلەن پاراسەت بولسا ھەرقانداق ئايالنى بويسۇندۇرغىلى بولىدۇ ... دىلمۇرات شۇنداق پىچىرلىدى، شۇ ھالدا چولپان يادىغا يېتىپ بېشىنى چايقاپ قويدى. چولپاننى پۇل بىلەنمۇ، پاراسەت بىلەنمۇ قولغا ئالغىلى بولمايدىغاندەك ئىدى.

دىلمۇرات ئاچچىق بۇستەك سېزىمدىن بىئارام بولۇۋاتاتتى. ئۇ سىرلىق شەھەرنىڭ سوزۇلۇپ ياتقان تۇرقىغا، سۈزۈك ئاسمىنىغا نەزەر سالدى، دىلمۇرات بۇ شەھەرنىڭ نۇرغۇن يەرلىرىنى بىلمەيدۇ، بۇ شەھەردىكى نۇرغۇن ئادەملەرنى بىلمەيدۇ. دىلمۇرات بۇ شەھەردە گۈلپىيە ئىسىملىك بىر قىزنىڭ بارلىقىنى، يۈرىكىنى ئەنسىزلىك قاپلىۋالىدىغان گۈلپىيەنىڭ مەكتەپ كەينىدىكى قاراڭغۇ ئورماندا، يوغان سۆگەتنىڭ پورلاشقان كاۋىكىدىن قورققىنىچە بىرەيلەننى زارىقىپ كۈتىدىغانلىقىنى، پات ـ پات يۇلتۇزلار چاراقلىغان ئاسمانغا قاراپ قويىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. گۈلپىيە — يۇلتۇزى يوق قىز. ھېچكىم بۇنداق ئويلىمايدۇ، ئەمما گۈلپىيە ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ يۇلتۇزىنى ئىزدەپ باقمىغان. ئاسماندىكى سانسىز يۇلتۇزلار ئارىسىدا گۈلپىيەنىڭمۇ يۇلتۇزى بولۇشى مۇمكىن، ئەمما گۈلپىيەنىڭ ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى، يۇلتۇزلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۆزىنىڭ يۇلتۇزىنى ئىزدەشكە رىغبىتى يوقتەك ئىدى.

## 7

رازىيە قاچا ـ قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، پول سۈرتۈۋاتقاندا رەيھان كىرىپ كەلدى.

— ئەھۋالىڭ قانداق، جاپاكەش ئاچا؟ — دېدى رەيھان رازىيەنىڭ تەكلىپ قىلىشىنى كۈتمەي ئۇدۇللا ساپاغا كېلىپ ئولتۇرۇپ.

— ياخشى، ئۆزۈڭ قانداقراق؟

— مەنمۇ ئوبدان، ئېرىڭ كۆرۈنمەيدۇغۇ؟

رازىيە رەيھاننىڭ كىشىگە چۈش ھەم غەزەپلىك كۆرۈنىدىغان تۇرقىغا قاراپ بىشىنى چايقىدى، رازىيە رەيھاننىڭ ئاچىسى بولسىمۇ، بىراق ئۇ ھە دېگەندە رەيھانغا قارشى پىكىردە بولۇشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. رازىيە ئۆز سىڭلىسى رەيھاندىن نېمىشقا بۇنچىۋالا ئەيمىنىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ چۈشىنىپ كېتەلمەيتتى.

— تۇۋا، نېمە ئۇ ئىبرىك دېگەن، ئاكام دېسەڭ نېمە بولىدۇ؟

— ئۇنى ئاكا دېيىشكە تىلىم بارمايدۇ.

— ئۇنداق قىلما، مەن تەڭلىكتە قالىدىكەنمەن، ئۇ ساڭا نېمە يامانلىق قىلدى؟

— يامانلىق قىلىشقا پېتىنالمايدۇ، كونا گەپنى دېسەم سەندەك بىر ئىسىل ئايال مۇشۇنداق بىر ساپاسىز بىر نېمىنىڭ قولىدا ۋەيران بولۇپ كەتتىڭ، شۇنىڭغا ئىچىم پۇشىدۇ.

— ئىچىڭ پۇشسىمۇ نېمە ئامال؟

— ئاچا، سەن ئۇنىڭغا نېمىدەپ تېگىپ قالغان؟

— بۇنى سوراۋەرمىگىن، ئۆيدىكىلەر كۆڭلۈم تارتقانغا بەرمىدى، ئارقىدىن ئەرگە تېگىشكە زورلىدى، ئەقلىم شۇنچىلىك چېغىدا، ياۋاش، دىلىمنى ئاغرىتمايدۇ، دەپ تەگكەنىدىم شۇ.

— ئەمەلىيەتتە مۇشۇ كۈنگىچە دىلىڭ ئاغرىپ كەلدى، شۇنداقمۇ؟

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى رازىيە تىترەڭگۈ ئاۋازدا، — نېمىشقا ھە دېسە مۇشۇنداق گەپلەرنى سورايسەن؟

— ساڭا ئىچىم ئاغرىيدۇ، ئاچا، ئىبرىك ئايىغىدا قۇرت ئۆلمەيدىغان، ئەمما بۇقىنى چىمداپ ئۆلتۈرىدىغان ئادەملەردىن، مەن بۇلارنى بىلىمەن ... بولدى، بۇ كونا گەپلەرنى قىلمىشايلى، — دېدى رەيھان چاي ئوتلاپ قويۇپ، — گۈلپىيە كۆرۈنمەيدۇغۇ؟

— سىرتقا چىقىپ كەتكەن، ساۋاقداشلىرى بىلەن كۆرۈشىدىكەن.

— ئۇنى چىڭراق تۇت، ئاچا، ساۋاقداشلىرىم بىلەن كۆرۈشىمەن دەپ تالا - تۈزدە يۈرۈپ يولدىن چىقىپ كەتمىسۇن،

گۈلپىيە ئوتتۇرا مەكتەپنى بەك تەستە تاماملىدى، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلاي دەيسەن ئۇنى؟

— مەنمۇ بىلمىدىم ... سەن بىر يول كۆرسەتكىنە، رەيھان.

رەيھان رازىيەنىڭ چىرايلىق ئۆزايىغا قاراپ قويدى، گۈلدەك چىرايى بار ئاچىسى ئۇنىڭغا تازا كاللىسى ئىشلەپ كەتمەيدىغان، ساددا، كاج ئايال بولۇپ كۆرۈندى.

— بۇ جاھاننىڭ تەتۈرلۈكىگە ھەيران قالىمەن، خۇدا سىلەرگە بىر - بىرىدىن چىرايلىق ئىككى پەرزەنت بەردى، تېخى بىرسى قىز، بىرسى ئوغۇل، ئەمما سىلەرنىڭ بالا بىلەن كارىڭلار يوق، مېنىڭ بالام يوق، بالا كۆزۈمگە گۈل كۆرۈنىدۇ ... تەڭشەلمىگەن ئالەم.

— بالا بىلەن كارىڭلار يوق دېگىنىڭ نېمە دېگىنىڭ؟ ... بىزمۇ بالىلىرىمىزنى بىر ئوبدان بېقىپ قاتارغا قوشتۇققۇ؟

رەيھان بېشىنى چايقاپ قويدى، ئۇنىڭ نۇرغۇن گەپلىرى باردەك ئىدى، ئەمما رەيھاننىڭ ئويىچە ئاچىسىنىڭ بۇ گەپلەرنى چۈشىنەلىشى تەس ئىدى.

— بولدى، ئاچا، مەن گۈلپىيەگە ئۇزاقتىن بېرى دىققەت قىلىۋاتىمەن، ئۇ بەك سولغۇن، كىشىگە بەك بىچارە تەسىر بېرىدۇ، خۇددى يېتىم بالىدەك، بۇ بالىنىڭ بىر دەردى بار، نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟

— كىچىكىدىن شۇنداق ... بولمىسا ئۆيدە ئۇنىڭ كۆڭلى چىگىلىدىغان ئىشنى قىلمايمىز.

رازىيەنىڭ كۆڭلى ئۆرتۈپە بولدى، بۇ جاھاندا ئۆز قېرىندىشىغىمۇ راست گەپ قىلغىلى بولمايدىغان چاغلار بولىدۇ، مۇشۇ ئۆيدە، مۇشۇ ئۆيدىكى تۆگمەس جېدەللەرنىڭ گۈلپىيەنىڭ يۈرىكىنى دەسسەپ، چەيلەپ غەلىتە ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانلىقىنى رازىيە بىلىدۇ.

— ئاچا، گۈلپىيەنى ماڭا بەر دېسەم ئۇنىمىدىڭ، ئۇ مەن بىلەن تۇرغان بولسا ئوبدان بولاتتى، ئەمدى قاسىمنىڭ سىڭلىسى

شەرىپەنى يېنىمدا تۇرسۇنمىكىن دەيمەن، كىچىك بالىغا يۇرىكىم كۆيۈپلا تۇرىدۇ. ساڭا مەسلىھەتىم، گۇلپىيە ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىدى، مەيلى، ھېچقىسى يوق، بۇنى دەپ ئۇنىڭغا بېسىم قىلما، ئەمما پۇل تۆلەپ بولسىمۇ گۇلپىيەنى بىرەر مەكتەپتە ئوقۇتمىساق بولمايدۇ.

رازىيە ئۇھ تارتىپ قويدى.

— بىراق ... پۇلنىڭ ئىشى يامان تۇرىدۇ، شاكىرنىڭ ئىش ھەققى تېخى تۆۋەن.

— ئېرىڭگە دېگىن، بۇنچىلىك پۇل دېگەننى ھەل قىلسۇن، شۇنىمۇ قىلالمىسا قايسى ھالىغا دادا بولىدۇ ئۇ؟

رازىيە رەيھاننى ئۇزىتىپ قويۇپ ساپاغا كېلىپ ئولتۇردى، ئۆي جىمجىت، جىمجىتلىق ئىچىدە قانداقتۇر بىر نەرسە رازىيەگە قاراپ ئاستا كېلىۋاتقاندەك ئىدى، رازىيەنىڭ ئويىچە ھېچكىمنىڭ ئائىلىسى ئۆزىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، ھېچكىم شاكىرغا ئوخشىمايدۇ، ئۆز بالىسىنى ئەڭ شەرمەندە تەرەپتىن ھاقارەتلەش ... چىدىغۇسىز ئىش، ئەمما بۇ ئۆيدىكى چىدىغۇسىز ئىشلار بەك ئۇزاقتىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلدى، گۇلپىيەنىڭ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى مۇشۇ ئائىلىدىكى ھېچكىمگە دېگىلى بولمايدىغان تۈگىمەس خورلۇقلارنىڭ سەۋەبىدىن بولدى. ئۇ گۇلنىگارنى ئويلىدى، كىچىكىدە بىللە ئويناپ چوڭ بولغان دوستىنى كۆرگۈسى كەلدى، ئۇلار بىر مەھەللىدە، قوشنا قورۇدا چوڭ بولدى، كىچىكىدە ھەممە نېمىسى ئوخشاش ئىدى، ئەمما چوڭ بولغاندىن كېيىنكى تەقدىر - قىسمىتى ئوخشىمىدى، رازىيە كىچىكىدىلا مەكتەپتىن چىقىۋالدى، گۇلنىگار ئاخىرىغىچە ئوقۇپ ئوقۇتقۇچى بولدى. رازىيە گۇلنىگارغا، ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ھەۋەس قىلاتتى، ئۆزىنىمۇ گۇلنىگاردەك ئوقۇپ خىزمەتچى بولمىغىنىدىن پۇشقۇناتتى، بولۇپمۇ شاكىردەك ئەرگە تېگىپ قالغىنىدىن پۇشايمىنى كۆپ ئىدى، دىلى ئازار يېگەن كۈنلەردە شاكىر بىلەن سەردارنى سېلىشتۇرۇپ قالاتتى.

گۈلنىگارنىڭ دەردىمۇ ئۆزىگە يېتىپ ئاشىدۇ، تەنھالىقنىڭ ئاچچىق چاڭگىلىغا كۆمۈلۈپ، ئۆزىنىڭ نەزىرىدىكى پاتقاقلىق يولغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن قورقۇپ كەتكەنلىرىدە، ئۇمۇ رازىيەنىڭ تۇرمۇشىغا ھەۋەس قىلىپ قالاتتى، ئۇنىڭغا شاكىر ياۋاش، مۇلايىم كۆرۈنەتتى، ئۇنىڭ سەرداردەك تالادىكى ئالۋاستىلارنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ، رازىيەنىڭ يۈرىكىنى زېدە قىلىدىغان خۇيى يوق ...

— سەردار دوختۇر ئالتۇندەك ئادەم ... — دەيتتى رازىيە كۆڭلىدە، — ئۇنى شاكىرغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ.

— شاكىر ياۋاش ئادەم، — دەپ ئويلايتتى گۈلنىگار، — سەردارغا ئوخشاش شەرمەندە خوتۇنلارنىڭ دەردىدە ئائىلىسىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

شۇنداق چاغلاردا گۈلنىگارنىڭ رازىيەنى قۇچاقلاپ يىغلىغۇسى كېلىدۇ. سەردارنىڭ بارات قويچى، سەمەتجان، ئەخمەت دېگەنلەر بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندىكى تۇرگۇن قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. شۇلار بىلەن پاراڭلىششىش، ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاشقا سائەتلەپ ۋاقتى چىققان سەردارنىڭ گۈلنىگار بىلەن سۆزلىششكە ۋاقتى چىقمايدۇ.

## 8

سەردار تېبابەتكە دائىر قەدىمىي كىتابقا تىكىلگىنىچە خىيالغا كەتكەن، قانداقتۇر بىر ئىش ئۇستىدە باش قاتۇرۇپ نەتىجىسىنى چىقىرىپ بولالماي ئولتۇراتتى، قەدىمكى ھۆكۈما، ئەللامىلەر داۋالاش ئۇنۇمى ۋە دورا تەسىرى ھەققىدە كەسكىن ھۆكۈم قىلىپ ئۆتكەن، ئەمما نېمە ئۈچۈن مەنپەئەتلىك ئىكەنلىكىنى شەرھلىمىگەن تەرەپلەر كۆپ ئىدى. سەردار مۇشۇ مەسىلىلەر توغرۇلۇق مۇقىم بىر پىكىرگە كېلەلمەي ئويغا چۆمەتتى، يەنە كىتابلارنى ئاختۇراتتى، ئاجايىپ ئەقلىلەر

خاتىرىلەپ قويۇلغان كىتابلاردىن يوللار چىقىپ قالاتتى. سەردار مۆرەككەپ دورىلار ھەققىدىكى بىر مەسىلە توغرىسىدا باش قاتۇرۇپ تۇرغاندا ئىشىك چېكىلدى، سەردار ئىشىكنى ئاچتى، سەمەتجان تازا تەبىئىي بولمىغان كۇلۇمسىرەشلىرى بىلەن ئىشىك ئالدىدا تۇراتتى، سەمەتجاننىڭ كۆزلىرى غەمكىن پارقىرايتتى، كىيىۋالغان شەپكىسى ياراشمىغاندەك تەسىر بېرەتتى.

سەردار ئۇنى ئۆيگە باشلىدى.

— سىز بەك ئالدىراش ئىكەنسىز — ھە، سەرداركا ... قاچانلا قارىسام ئالدىراش يۈرىسىز.

— ئانچىمۇ ئەمەس.

سەمەتجان ئۈستەلدىكى كىتابنى ئالدىغا تارتىپ ئۇ يەر — بۇ يەرلىرىنى ۋاراقلاپ يەنە جايىغا قويدى.

— كۆڭلۈمنى سەل بىئارام قىلىۋاتقان بىر ئىش بار، شۇ گەپنى سىزگە دېگۈم كەلدى.

— دەۋېرىڭ، نېمە گەپ ئىدى؟

— بىز خەقتە ھازىر مۇنداق بىر بالا — قازا شەكىللىنىپ قاپتۇ، سەرداركا.

— نېمىنى دەيسىز؟

سەمەتجاننىڭ قەلەم قىستۇرۇۋالغان مەيدە يانچۇقىدا ئىش ھەققى كارتىسىدەك بىر نېمە كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— بويتاق يىگىت، بويتاق قىزلارنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئاجراشقان ئەر — خوتۇنلارنىڭ كۆپلۈكى بىر ئاپەتكە ئايلىنىپ قالغاندەك قىلىدۇ قاراڭ.

سەردار ئۈشتۈمتۈت دېيىلگەن بۇ سۆزلەرنى چۈشىنەلمىگەندەك كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ قويدى. ئۆيدە سەل بىئارام بىر كەيپىيات پەيدا بولغاندەك ئىدى.

— بەلكىم.

— بەلكىم دەيسىزغۇ، بۇنىڭ سەۋەبىنىڭ نېمىلىكىنى

بىلەمسىز؟
— بىلمەيدىكەنمەن.
سەردار سەمەتجان بىلەن تۇنجى قېتىم نەدە كۆرۈشكەنلىكىنى تازا ئەسلىيەلمەيدۇ، سەمەتجان ئۇنىڭغا دېگەن نۇرغۇن گەپلەرنىمۇ يادىدا ساقلىيالىغان ئەمەس.
— ئويلىغانلىرىمنىڭ نەق ئۆزىنىلا دەي سىزگە، گەپنىڭ ھەممىسى تويلۇقنىڭ قىممەتلىكىدىن بولۇۋاتىدۇ، پۇلنىڭ يوقلۇقىدىن نەچچە بالىنىڭ دادىسى بولىدىغان يىگىتلەر تار ئىشتانلارنى كىيىپ غىتىلداپ يۈرۈشىدۇ، نەچچە بالىنىڭ ئانىسى بولىدىغان قىزلار ئۆزىنى ياساپ بولالماي ھال تارتىپ ئاۋارە ... زەن سالسىڭىز، قىزلار ھال تارتىش بىلەن، ئوغۇللار ماي تارتىش بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ، بۇ تاماشىنى كۆرسىڭىز ئىچىڭىز ئېچىشىدۇ.
سەردار سەمەتجاننىڭ دائىم مۇشۇ خىلدىكى ئىشلار ھەققىدە ئويلىنىپ يۈرۈشلىرىدىن سۆيۈنۈپ قالاتتى، ئۇنىڭچە جاھاننىڭ ھېچقانداق ئىشلىرى بىلەن كارى يوق «ئېسىل» ئادەملەردىن، قايسى ئىشنىڭ ئوڭغا، قايسى ئىشنىڭ تەتۈرگە مېڭىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىدىغان مۇشۇنىڭدەك «تەتۈر» ئادەملەر مۇھىم ئىدى.
— بۇ دېگىنىڭىزمۇ توغرا.
— بىزدە تېخى ئاجرىشىدىغانلارنىڭ سانىمۇ ھەسسىلەپ ئېشىۋاتىدۇ، ئابدۇكېرىم ئابلىزنىڭ بىر ئېتوتىدا دېيىلىشىچە، مەملىكەت بويىچە بىز خەقنىڭ ئاجرىشىش نىسبىتى بىرىنچى ئورۇندا ئىكەن.
سەردار سەمەتجاننىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن پۇشقۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. جاھاننىڭ تەتۈر ھەم كىشىنى ئاچچىق يۇتقۇزىدىغان ئىشلىرى ئۇچۇن ئىچ ـ ئىچىدىن ئاھ چېكىدىغان ئادەملەر بولىدۇ. دەل مۇشۇنداق ئادەملەرنى مەسخىرە قىلىدىغان ئادەملەر ھەم بولىدۇ.
— ھەي، بۇ ئىشلارنى نېمە دەيمىز ئەمدى؟ — دېدى سەردار، —

www.uyghurkitap.com

ئىشلار ئاستا ـ ئاستا ئوڭشىلىپ كېتىدۇ، نۇرغۇن ئىشلار بۇرۇنقىدىن كۆپ ياخشى.

— بايا دېگەندەك بۇنىڭ ھەممىسى تويلۇقنىڭ ھەددىدىن زىيادە قىممەتلىكىدىن بولۇۋاتىدۇ قاراڭ.

— تويلۇقنىڭ قىممەت بولۇشى توي قىلالماسلىقتا سەۋەب بولار، — دېدى سەردار، — بىراق ئاجرىشىشقا سەۋەب بولالمايدۇ ـ دە.

— دەماللىقتا ئالاقىسى يوقتەك بىلىنىدۇ، ئەمما ئىنچىكە ئويلىسىڭىز پەقەت ئالاقىسى يوق دېگىلىمۇ بولمايدۇ، مەسىلەن، توي قىلىمىز دەپ ئىششەك قەرزنى گەدەنگە ئېلىۋالىدىغان گەپ، ئاخىرىدا تۆلەپ بولالماي بىر ـ بىرىگە دوق قىلىشىپ جېدەل قۇرۇماي ئاجرىشىپ قاراپ ئولتۇرىدۇ دەڭە.

سەمەتجان نۇرغۇن ئىشلارنى ئىنچىكە يەرلىرىگىچە ئويلىيالايدىغاندەك قىلاتتى.

— بۇمۇ بىر سەۋەب بولسا كېرەك.

سەمەتجان ئۇستەلدىكى چەينەككە قاراپ قويۇپ يۇتۇندى.

— ئاڭلىسام شاپتۇلنى ئۆپكىگە مەنپەئەت قىلىدۇ، دەيدۇ، مېنىڭ ئۆپكەم ياخشى ئەمەس، سىزنىڭچە شاپتۇلنىڭ قېقى بىلەن شاپتۇلنىڭ پەرقى قانچىلىك؟

— بۇ ئەمدى ...

— سىز دوختۇرغۇ، دوختۇر بولغاندىكىن بىلىسىز بۇنداق گەپلەرنى.

— مېنىڭچە ...

سەردار دەماللىقتا نېمە دېيىشىنى بىلەلمىدى.

— ھەي، جىق ئوقۇپ كەتكەن ئادەملەر بىر ئىشلاردىن تولا ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالامدۇ نېمە، مېنىڭ مۇشۇ مىكى ـ مىكى گەپ بىلەن خۇشۇم يوق ... گەپ دېگەننى كېسىپ ـ كېسىپ قىلسا دەيمەن.

باللارنىڭ ھۆجرىسىدىن قانداقتۇر بىر ناخشىنىڭ ئاۋازى كېلىۋاتاتتى.

سەردار ئوڭايسىز بىر ھالدا سەمەتجاننىڭ چاقناپ تۇرىدىغان كۆزىگە، چىرايىغا سەپسالدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئەقىل بىلەن تەلۋىلىك ھەم يەنە جاھاننىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلىرىغا ئېرىشەلمىگەن ئادەملەردە بولىدىغان خام غۇرۇرمۇ باردەك ئىدى. سەردار سەمەتجاننىڭ چىرايىغا ماس كەلمىگەن شەپكىسىگە قاراپ قويۇپ كۈلۈمسىرىدى.

ـــ چاي دەملەيمۇ؟

ـــ بولدى، چاينى كېيىن ئىچىۋالارمىز، بىر يەرگە بارماقچىدىم، مەن ماڭاي، كېچىكىپ قالىمەن، سىرتتا قىلىدىغان جىددىي ئىشىم بار ... ھازىر خەققە ياخشى بولماقمۇ تەسلىشىپ كەتتى، بىركىمگە پۇل بېرىپ تۇرساڭ تېخى، بەرمىسەڭ تېخى ... يېڭى قوشنىمىز باراتكامنى تونۇيسىز ھەرقاچان، خىزىردەك ئادەم ئىكەن قاراڭ، پۇل دېگەن يەتكۈچە بار ئىكەن، قولۇمدا پۇل جىق، ياخشى ئىشلارغا ئىشلەتسەم بولاتتى، دەپ يۈرىدۇ، ئۇ كىشىگە سەرداركامنى ئىزدەڭ دەپ قويدۇم ... بەك ئېسىل ئادەم ئىكەن.

سەمەتجان ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ باللارنىڭ ھۆجرىسى تەرەپكە بۇيۇنداپ قاراپ قويدى.

ـــ باللار ناخشىغا ئامراق ئوخشىمامدۇ؟

ـــ ئانچە ـ مۇنچە ئاڭلاپ قويسا كېرەك.

ـــ مۇشۇمۇ بىز ئويلىشىدىغان مەسىلە دەڭە ... ئەتىگەندىن كەچكىچە ناخشا ...

سەردار ئالدىراش چىقىپ كېتىۋاتقان سەمەتجاننىڭ كەينىدىن ھاڭۋاققىنىچە قاراپ قالدى. سەمەتجان كىم بىرلىرىگە دەيدىغان مۇھىم گېپىنى دېيەلمەي سىقىلىپ كېتىۋاتقان ئادەمگە ئوخشايتتى. سەمەتجان جاھاننىڭ ئىشلىرىنى ئۆزىدەك ئويلايدىغان

ئادەم تاپالماي رەللە بولۇۋاتقاندەك ئىدى.
سەمەتجان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن سەردار يەنە كىتابلار ئارىسىغا چۆكۈپ كەتتى. بۇرۇنقىلارنىڭ ئەقلىنى ئۆزىنىڭ ئەقلىگە ئايلاندۇرۇشنىڭ مۇشەققەتلىك چامداشلىرى سەردارغا راھەت تۇيۇلۇپمۇ قالاتتى. سەردار پەلەمپەيدىن چىقىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىمىدى، يۈرىكىگە ئەنسىزلىك، ئۆزىدىن گۇمانلىنىش، ئۆزىدىن قورقۇشنىڭ ۋەھىمىسى يامىشىۋالغان بىر ئايالنىڭ پەلەمپەيدىن چىقىۋاتقان ئاۋازىغا دىققەت قىلمىدى.

## 9

— مەن كەلدىم.
ئىلتەبىر بىلەن مويۇنچۇر يۇگۇرگىنىچە گۈلنىگارنىڭ ئالدىغا كەلدى، مويۇنچۇر قىپقىزىل يۇمران لەۋلىرىنى ئانىسىغا سوزۇپ دىڭگايدى.
— ئوماق قوزام، تاتلىقىم ... — گۈلنىگار ئېڭىشىپ ئوغلىنى سۆيدى، ئوغلىدىن كېلىۋاتقان يېقىملىق ھىد ئۇنىڭ كۆڭلىدە ھېچنېمە بىلەن تەڭلەشتۈرۈپ بولمايدىغان ئىللىق سېزىم پەيدا قىلدى. مويۇنچۇرنىڭ ۋۇجۇدىدىن تارىغان يەڭگىل، سېھىرلىك تۇيغۇ ئۇنىڭ روھىغا يېيىلىپ، كۆڭلىنى شۇررىدە ئېرىتىپ، كىر ھەم چاڭ ـ توزانلارنى سۈپۈرۈۋەتكەندەك ئىدى.
سەردار كىتابقا قارىغىنىچە ساپادا سوزۇلۇپ ياتقانىدى. يېنىدىكى ساپىما كەشىنىڭ بىرى ئۇڭدا، بىرى دۈمدە ئىدى. ياڭاق بىلەن بادام قويۇلغان تەخسە يېنىدا مېۋىلەرنىڭ شاكاللىرى چېچىلىپ ياتاتتى.
— مەن كەلدىم، — دېدى گۈلنىگار ئۇنلۇك ئاۋازدا، ئۇنىڭ ئاۋازىدىن تەئەددى ھەم ئاچچىق بىلىنىپ تۇراتتى. روھى قاراڭغۇ كوچىدىن قايتىپ كەلگەن ئايال قارشى ئېلىشقا ئېرىشەلمىسە ئەلەملىك، غەزەپلىك بولۇپ قالسا كېرەك.

سەردار بېشىنى كۆتۈرۈپ شۈنداقلا قاراپ قويدى، ئىچكىرى ئۆيدىن تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازى ئاڭلىناتتى، سۈدا سۈيىنىڭ ئېلانى بېرىلىۋاتسا كېرەك. باللار ناخشىنى قويۇپ، تېلېۋىزورنى ئاچقاندى. گۈلنىگارنىڭ سەردارنىڭ قولىدىكى كىتابقا بەكلا ئۆچلۈكى كەلدى.

— بىلدىم، — دېدى سەردار، ئۇنىڭ تۇرقى ھەم ئاۋازىدىكى بىپەرۋالىق گۈلنىگارغا مۇزدەك سوغۇق تەسىر قىلدى.

— نەگە باردىڭ دەپ سورىمايسىزغۇ؟

دىلمۇراتنىڭ ئۇمۇچۇك توردەك غېرىبلىق تۇماندەك لەيلەپ يۇرگەن كۆزى گۈلنىگارنىڭ يادىغا يەتتى. بۇ كۆزلەردىن تەلمۇرۇش ھەم يېلىنىش بىلىنىپ تۇراتتى.

— بازارغا بارغانسىز؟ — دېدى سەردار سوغۇقلا.

— قايسى بازارغا بارغاندىمەن؟

گۈلنىگارنىڭ كۆڭلىگە قاپقارا ئىستەك بىرنېمىلەر ئاستا ھەم ئېغىر بولۇپ يېپىلدى، ئۇ شۇ ھالدا سەردارنىڭ چاچراپ كېلىپ تەستىكىگە نەچچىنى سېلىشىنى شۇ قەدەر ئۇمىد قىلدى. مەن ھېلىقىدەك ... خوتۇنلاردىن بولۇپ قالمىسام بولاتتى. گۈلنىگارنىڭ كۆڭلى بىسەرەمجانلىقتىن، مۇزدەك غېرىبلىقتىن تىترىگەندەك بولدى. بىر شۇم كۆلەڭگە يۇرىكىنىڭ يېنىدىن لىپىلداپ ئۆتتى.

«چولپان ... ئېزىتقۇ شەيتان ... ھەممىنى تارتىۋالدى، مەن مەغلۇپ بولدۇم.»

— سىز قايسى بازارغا باراتتىڭىز، كىيىم ـ كېچەك بازىرىغا بارىسىز ـ دە. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نەگە باراتتىڭىز؟

«كىيىم ـ كېچەك بازىرىغا؟ راستلا كىيىم ـ كېچەك بازىرىغا بارغان بولسام مەيلىدى ... باشقا يەرلەرگە بېرىپ قېلىشىمدىن خۇدايىم ساقلىسا بولاتتى، مەن ساقلىنالمىدىم ... بىرىنچى قەدەمنى باستىم، شەرمەندە ئايال بولۇشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باستىم.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— كىتابخانىغا باردىم دېسەم ئىشىنەمسىز؟
— ياق.
— تانسخانىغا باردىم دېسەم ئىشىنەمسىز؟
— ياق.
— مەن چوقۇم كىيىم - كېچەك دۇكىنىغا بارىمەن، شۇنداقمۇ؟
— شۇنداق.

«ئىككىمىزنىڭ ئارىسى نېمىشقا مۇشۇنداق يىراقلىشىپ كېتىدىغاندۇ، مەن سەردارنى يېتتۇرۇپ قويغاندەك قىلىمەن، ئۆزۈمنىمۇ يىتتۇرۇپ قويۇۋاتىمەن، يامان يولغا كىرىۋاتىمەن، يېنىۋالسام بولاتتى، مېنى پەقەت سەردارلا تارتىۋالالايدۇ ... ئۆزۈمگە ئۆزۈم ئىگە بولالمىدىم، ئادەم بولۇش نېمانچە تەستۇ؟»

گۈلنىگار ئاشخانىغا مېڭىۋېتىپ كەينىگە بۇرالدى. ئۈستەلدە قېلىن كىتابلار، خاتىرىلەر قالايمىقان تاشلىنىپ ياتاتتى.

سەردار ساپادا سوزۇلۇپ ياتقىنىچە «داۋىنچىنىڭ مەخپىيىتى» دېگەن كىتابنى ئوقۇۋاتاتتى، كىتابنىڭ مۇقاۋىسىدا «مونالىزا» دېگەن رەسىم بار ئىدى. بۇ رەسىمنىڭ بەكمۇ جىق تەتقىق قىلىنغانلىقىنى، داۋىنچىنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى سىرلىق شەخس ئىكەنلىكىنى گۈلنىگار بىلمەيتتى، گۈلنىگار پەقەت سەردارنى بىلەتتى، دۇنيادىكى جىمى ئىنسانلار ئىچىدە گۈلنىگار ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىم ئادەم سەردار ئىدى، ئۇ ئىلگىرى ئېرىنى بىلىمەن، دەپ يۈرەتتى چۈشىنىمەن دەپ يۈرەتتى، ئەمما ھازىر ھەممە ئىشقا ھەيران قالدى. ئېرىنى بىلەلمەي قېلىۋاتاتتى، چۈشەنمەي قېلىۋاتاتتى، ئىلگىرى بىلىمەن دەپ يۈرەتتى، ھەم بىلەتتى، ھازىر بارا - بارا ئېرىنى بىلمەيدىغانلىقىنى، ئۇنى تونۇيالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى. ئادەم دېگەن سىرلىق بولىدۇ، دېسە مۇشۇنى دېسە بولىدىكەن ... سەردار بۇرۇنقى سەردار ئەمەس، خۇددى كىم بىرسى مەخپىي ئۇسۇل بىلەن ئۇنىڭ مېڭىسىنى

ئالماشتۇرۇۋەتكەندەك، سىياقى شۇ، خۇيلىرى باشقا بىر ئادەم ...
گۇلنىگار تونۇيالمايدىغان، چۈشىنەلمەيدىغان بىر ئادەم.
— قايسى كىتابنى ئوقۇۋاتىسىز؟
— مانا، — سەردار جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا قولىنى ئېگىزرەك كۆتۈرۈپ كىتابنىڭ مۇقاۋىسىنى گۇلنىگارغا كۆرسىتىپ قويدى.
— «داۋىنچىنىڭ مەخپىيىتى» ... بۇ كىتابتا نېمە ۋەقەلىك بار ئىكەن؟
— رازۋېدكا ۋەقەلىرى، دېسەممۇ چۈشەنمەيسىز.
— دېسىڭىز چۈشىنىپ قالاتتىم.
سەردار بىزار بولغاندەك قوشۇمىسىنى تۈرۈپ كىتابقا قارىۋالدى. گۇلنىگار مەيۈسلۈك بىلەن ئاشخانىغا ماڭدى، بۇدرە قىلىنغان چاچلىرى مۈرىسىدە يېيىلىپ تۇراتتى. چاچ بوغقۇچ بىلەن چېچىنى بوغۇۋېتىپ ئۇنىڭ تېنى زىركىرىگەندەك بولدى، دىلمۇرات ... يات بىر ئەرنىڭ قولى ئۇنىڭ چېچىغا تەگدى، ئۇ يول قويدى ... ئاق بۆجەننى ئەسلىدى، بالا ۋاقىلىرىدىكى بۆجەن هازىرمۇ يادىدا، بۆجەننىڭ ئاپپاق مويلىرى شۇ قەدەر يېقىملىق تۇيغۇ بېرەتتى، ئەمما گۇلنىگار ئاق بۆجەننىڭ چوغدەك پارقىرايدىغان قىزىل كۆزىدىن قورقاتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ بۆجەننىڭ كۆزىدىن قورقىدىغانلىقىنى هېچكىمگە دەپ باقمىغانىدى، ئۇنىڭ هېچكىمگە دېيەلمەيدىغان نۇرغۇن قورقۇنچلىرى بولۇشى مۇمكىن.
ئۆتكەن ئۆمۈر نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئېلىپ كەتتى، هاياتنىڭ بەكلا تېز ئۆتۈپ كەتكىنىگە هەم ئاق بۆجەننىڭ مويلىرىدەك يېقىملىق هاياتنىڭ بىردىنلا يىرىك، سوغۇق هالغا كېلىپ قالغىنىغا، بۇ جەريانىدىكى ئىشلارغا هاڭۋېقىپ قاراپ قالغان گۇلنىگار بولغان هەم بولۇۋاتقان ئىشلارغا ئىشىنەلمەي قالدۇ.
نۇرغۇن پاجىئەلەر ئويلىمىغان يەردىن باشلىنىدۇ.
ئۇنىڭ روهى شۇركۇنۇپ كەتتى.

دىلمۇرات ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم تېلېفون قىلغان شۇ كۈنى يامغۇر ياغقان، يامغۇرنىڭ گاھ مۇزدەك سوغۇق، گاھ ئوتتەك كۆيدۈرگۈچى تامچىلىرى گۈلنىگارنىڭ يۈرىكىگە ياغدى، كۆڭۈل پايانىغا تاراسلاپ تەگدى، يامغۇر گاھىدا ھاياتنىڭ قۇرغاق چۆللىرىنى ياشارتىپ گۈل ـ گۈلىستانغا ئايلاندۇرىدۇ، يامغۇر بەزىدە يوللارنى پاتقاق ھەم مەينەت قىلىپ، كىشى ماڭغۇسىز قىلىۋېتىدۇ، ئامالسىز ماڭغانلارنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ.

بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن دۇنيانىڭ بىھايا ئىشلىرىغا سۈكۈت قىلالمايدىغان بىر ئادەم شەھەرنى تويدىن يانغان مەستلەر قاپلاپ كەتكەن كۈنى، كۈپكۈندۈزدە يېرىم يالىڭاچ يۈرۈشكەن ئادەملەرنى ھاياسىزلىقتا ئەيىبلەپ، ئۇلاردىن تاياق يەپ يىقىلىدۇ، شۇ چاغدا ساباھەت ئىسىملىك بىر قىز ئۇنى ھوشسىز ياتقان يېرىدىن يۆلەشتۈرۈپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارىدۇ، تەقدىر دېگەن شۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ساباھەت ئىككىيلەننىڭ قورقۇنچلۇق شېرىن تۇيغۇلىرى باشلىنىدۇ، يامغۇرلۇق بىر كۈندە شەرمسار بولغان ھېلىقى ئادەم ئايالىنىڭ كەچۈرۈشىگە ئېرىشەلمەي كۆك رەڭلىك چامادانىنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىدۇ ... ئۇ كىچىكىدە يىغناغۇچ تۇتۇتۇۋالسا، ئايروپىلان تۇتۇۋالدىم، دەپ خۇش بولۇپ كېتىدىغان سادda بالا ئىدى، بۇ بالىمۇ ھاياتلىق ئالىمىدىكى بارلىق بالىلارغا ئوخشاش چوڭ بولغاندىن كېيىن بېشىغا كېلىدىغان قىسمەتلىرىنى بىلمەيتتى، ئۇنىڭ بىلمەيدىغانلىرى كۆپ ئىدى، ئۇ ئەر يەتكەندىن كېيىن خاتا، ئەمما ئوتتەك سۆيۈشلەرنىڭ سەۋەبىدىن كۆك چامادانى ئېلىپ، يامغۇرلۇق بىر يەكشەنبىدە ئۆيدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. شۇ كىشى ياشىغان، ياشاۋاتقان بۇ شەھەردە بۈگۈن نادىرە، دىلمۇرات، سەردار، گۈلنىگارلار ياشاۋاتىدۇ.

گۈلنىگار ئاشخانا ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن سىرتقا قارىدى. شەھەر ئۇنىڭغا سىر ـ ئەسرارنى مەڭگۈ يەشكىلى بولمايدىغان ئالۋۇن ئارىسىدا قالغاندەك بىلىنىپ قالدى.

بۇ شەھەر سىرلىق شەھەر، بۇ شەھەر سېھىرلىك شەھەر، بۇ شەھەر گۈلگۈن شەھەر، بۇ شەھەر يورۇق شەھەر ... بۇ شەھەردە قانداقتۇر بىر سەۋەبلەر بىلەن بىر - بىرىنى بۇ ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان ئادەملەرنىڭ تەقدىر - قىسمەتلىرى باغلىنىپ قالىدۇ، ئادەملەر دوستانىلىق بىلەن بىر - بىرىگە جان ئاتىدۇ، دۈشمەنلىك بىلەن بىر - بىرىگە ئۆلۈم تىلەيدۇ.

گۈلنىگار نەزەر سېلىۋاتقان شەھەرنىڭ سىم - سىم يامغۇردىن ئاجايىپ لەرزىلىككە تولغان كوچىسىدا نادىرە ئىسىملىك بىر قىز گۈزەللىكى بىلەن شەھەرنى سېھىرلەپ ئۆتكەنىدى، شۇ كۈنى بۇ قىزنىڭ ھاياتلىق يول چىرىغىنىڭ نۇرى خىرەلەشكەنىدى.

بۇ شەھەردە يامغۇر كۆپ ياغمايدۇ، يامغۇر ياغقان كۈندىكى نۇرغۇن ئىشلارنى بەزى ئادەملەر مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ.

بۇ شەھەردە قار كۆپ ياغمايدۇ، قار ياغقان كۈنلەردىكى بەزى ئىشلار بەزى ئادەملەرنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.

نادىرە دېگەن قىز بۇ شەھەرنىڭ سىم - سىم يامغۇرلۇق كۈننى، قار ياغقان كۈننى ئۇنتۇيالمايدۇ، يامغۇردىن، قاردىن قورقىدۇ.

گۈلنىگار نادىرەنى بىلمەيدۇ، نادىرە گۈلنىگارنى بىلمەيدۇ، ئەمما شۇ ھالدا تەقدىر بىر ئامالالارنى قىلىپ گۈلنىگارنى نادىرە چىققان ھارۋىغا چىقىرىشنىڭ كويىغا چۈشكەندەك قىلاتتى.

گۈلنىگار نادىرە دېگەن قىزنى بىلمەيدۇ، ئۆزىنىڭ چېچىنى تۇنجى قېتىم ھاياجان بىلەن سىلىغان دىلمۇراتنىڭ يېنىدا نادىرە ئىسىملىك بىر قىزنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدۇ.

دىلمۇرات گۈلنىگارنىڭ چېچىنى تۇنجى قېتىم مەستانىلىك ھەم ۋەھىمە بىلەن سىلىغان شۇ كۈننى ئۇنتۇيالمايدۇ، شەھەر قارغا كۆمۈلگەن كۈندىكى دەھشەتلىك خەۋەر دىلمۇراتنىڭ يۈرىكىنى مىجىۋەتكەن شۇ كۈننى ئۇنتۇيالمايدۇ، دىلمۇراتقا ئوخشاشلا يۈرىكى مىجىلىپ كەتكەن نادىرە قان ھەم ياش تەمى

كېلىۋاتقان ئاۋازدا نالە قىلىدۇ:

— مەن ئۆچ ئالىمەن.

گۈلنىگار تونۇمايدىغان نادىرە دېگەن قىز شۇنداق چىرقىرىدى، ئۇ دىلمۇراتتىن ئۆچ ئالماقچى بولسا كېرەك، تەقدىردىن ئۆچ ئالماقچى بولسا كېرەك ... يەنە نۇرغۇن نەرسىلەردىن، ۋاقىتتىن، ئىشقى ـ مۇھەببەتتىن، كىشىلىكتىكى بالاگەردان نەپسى — ھەۋەستىن ... شۇ خىلدىكى نەرسىلەردىن ئۆچ ئالماقچى بولسا كېرەك.

شۇ ھالدا ئۆزىنى خورلانغاندەك، تاشلىۋېتىلگەندەك تۇيغۇ ئىچىدە قالغان گۈلنىگار نادىرەنىڭ ئاھۇزارىنى بىلمەيدۇ، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆچ ئالماقچى بولغانلىقىنى، نېمىدىن ئۆچ ئالماقچى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئۇ قىزنىڭ ئۆزىنىڭ سول تەرىپىگە ياكى ئوڭ تەرىپىگە ... يېقىنلا يەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

«داۋىنچىنىڭ مەخپىيىتى» دېگەن كىتابتىكى غارايىپ ۋەقەلەرگە بېرىلىپ كەتكەن سەردارمۇ ئۆزى ياشاۋاتقان شەھەردە مۇشۇ خىلدىكى ئىشلارنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدۇ، مۇشۇ خىلدىكى ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدۇ، نادىرەنى، دىلمۇراتنى ئۇلاقتۇرۇپ تاشلىغان، ئەزرائىلنىڭ قارا قاناتلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان مۇدھىش بىرنەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ باش ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

مۇشۇ شەھەردە يۈز بېرىۋاتقان ۋايىملىق ئىشلارنىڭ قانداقتۇر چۈشىنىكسىز سەۋەبلەر بىلەن ئۆزلىرىگە باغلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى سەردارمۇ، گۈلنىگارمۇ ئويلاپ يېتەلمەيدۇ.

— ئۆچ ئالىمەن.

نادىرە شۇنداق نىدا قىلىدۇ، گۈلنىگار تونۇمايدىغان، سەردارمۇ تونۇمايدىغان نادىرە شۇنداق نىدا قىلىدۇ. گۈلنىگارنىڭ، سەردارنىڭ نادىرەنى تونۇش ـ تونۇماسلىقى مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى نادىرەنىڭ ۋۇجۇدىدىكى، روھىدىكى ئالۋاستى گۈلنىگارنىڭ، سەردارنىڭ ۋۇجۇدىغا، روھىغا

كىرىۋېلىش ئۈچۈن پەيت كۈتۈپ تۇرىدۇ، يېقىنلا يەردە پەيت كۈتۈپ تۇرىدۇ.

نادىرە مۇرات ئۆزىگە قارا كۆزئەينەك تەقدىم قىلغان ئاشۇ سىم ـ سىم يامغۇرلۇق كۈننى دائىم ئەسلەيدۇ، چىرايلىق كۈنلەرنىڭ قايتىپ كېلىشىگە بولغان ئىشەنچ بىلەن كۈنلىرىنى تەلپۈنۈش ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ. تەنھا نادىرە ئېغىر دەردلەرنى نازۇك كۆڭلىگە سىغدۇرالماي ئېچىنىشلىق چىرقىرىغاندا، شەھەر جىمجىتلىق ئىچىدە خىيالغا چۆمگەنىدى، شەھەرنىڭ بۇ جىمىلىقى پەرۋاسىزلىقمۇ، مەسخىرىگىمۇ، ئىچ ئاغرىتىشقىمۇ ئوخشاپ قالاتتى.

سەردار شۇنداق بىر قىزنىڭ ۋۇجۇدىدىكى، روھىدىكى مۇدھىش نەرسىنىڭ خۇددى زەھەرلىك يىلان ئېتىلىشقا تەييار تۇرغاندەك يىراقتىن ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغىنىنى بىلمەيتتى.

ئۆزىنى شەرمەندە يولغا كىرىپ قېلىۋاتىمەن دەپ ھەسرەت چېكىدىغان گۈلنىگار قارا تەقدىرنىڭ چاڭگىلىدا قالغان نادىرە ئىسىملىك قىزنىڭ نىداسىنى ئاڭلىمايدۇ، يەنە ئۆزىنىڭمۇ مۇشۇ قىز بىلەن بىر مەزگىل يانداش يولدا مېڭىپ قالىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ.

ـــ دىلمۇراتتىن قۇتۇلۇپ كەتسەم بولاتتى.

گۈلنىگار تەنھا ئولتۇرۇپ يىغلىدى، ئۇ دىلمۇراتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بۇگۈنكى ئۆزىدىن قۇتۇلۇپ كېتىشى كېرەكلىكىنى ئويلىيالىدى. مۇشۇنداق تىكەنلىك ئىزتىراپلارغا قېلىشىنىڭ سەۋەبى چولپان ئىدى، چولپان سەردارنى تارتىپ كەتمىگەن بولسا ... ئۇ دىلمۇرات بىلەن تونۇشماسلىقى، ئۇ چاقىرغان يەرگە بارماسلىقى، كۆڭلىدە دىلمۇرات بىلەن ئالاقىدار قانداقتۇر بىر نەرسىنى ئىزدەيدىغان بولۇپ قالماسلىقى، ئاخىرىدا دىلمۇرات بىلەن كۆرۈشمەسلىكى مۇمكىن ئىدى. گۈلنىگار زارلىق ھېسلىرىنىڭ يۈرىكىنى ھەرە بولۇپ چېقىشلىرىنى ھېس قىلغىنىچە تېلېفوننى قولىغا ئېلىپ «پەسكەش» دېگەن سۆزنى

يېزىپ چولپانغا يوللىۋېتىپ ئۇھ تارتىپ قويدى. كۆڭلى تەسكىن تاپقاندەك بولدى.

«داۋىنچىنىڭ مەخپىيىتى» دېگەن كىتابقا بېرىلىپ كەتكەن سەردار ئۆزىدىن نەچچە قەدەم نېرىدىكى ئايالىنىڭ يۇرىكىنىڭ ۋايىملىق سوقۇشلىرىنى ئاڭلىمىدى. يۇرەكنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىماق تەس، ھەتتا ئۆز يۈرىكىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىماقمۇ تەس.

گۈلنىگارنىڭ بەكلا ئۆزىگە قايتقۇسى بار ئىدى، بۇرۇنقى گۈلنىگار بولغۇسى، بۇرۇنقىدەك ئائىلىسىگە، ئېرىگە ئىگە بولۇپ ياشىغۇسى بار ئىدى.

گۈلنىگار ئۆزىنى ئۆزى تونۇيالمايۋاتقان دەملەردە، پۇشايمان ھەم ئۈمىد ئارىسىدا تېپىرلاۋاتقاندا، ئۆزىنىڭ ھارامدىن بولغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدىغاندەك ئويلايدىغان بىر قىز ئىزتىراپ ئىچىدە بىرىسىنى ساقلاۋاتاتتى. ساقلاش تۇرلۇك بولىدۇ، بەزىدە باشقىلارنى ساقلىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ئەمەلىيەتتە ئۆزىمىزنى ساقلايمىز، ئۆزىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە قايتىپ كېلىشىگە تەقەززا بولىمىز.

## 10

گۈلپىيە قورقۇنچ ئىچىدە ئەتراپقا قاراپ قويدى، گۇگۇم قاراڭغۇسىدىكى ئورمان سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. تۇرۇپلا ئەندىكىپ كېتەتتى، ئەنۋەر ئۇشتۇمتۇت چىقىپ ئۇنى قۇچاقلىۋالىدىغاندەك تۇيۇلۇپ قالاتتى. ئاڭلىماق تەس بىر ئاۋازلار ئورمان ئىچىدە سويلاپ يۈرگەندەك، گۈلپىيە ئەڭ قورقىدىغان پاقا بىلەن يىلان دېگەندەك نېمىلەر ئورماننىڭ ئىچىدىكى سىرلىق جايلاردا يىرگىنىچلىك تەرزدە ئۆمىلىشىپ يۈرگەندەك ئويلاپ، تېنى شۈركۈنەتتى، ۋەھىمە بىلەن زارىقىش ئارىسىدىكى تۇيغۇ گۈلپىيەنىڭ رەڭگى ھەم شەكلى غەلىتە زېدىلەر بىلەن تولغان يۈرىكىنى ئاسقتۇراتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ سارالڭ بولۇپ قالىدىغانلىقىغا، ئۆزىنىڭ ئىچىدە جىن بارلىقىغا ئىشەنگەن كۈنلەردە مۈشۈ كۈننى، مۈشۈ كۈندىكى ئورمانىنىڭ پۈشۈلدىغان تىنىقلىرىنى ئەسكە ئالىدۇ ۋە بارات موللامىنىڭ نەمخۇش كۆكسىگە يۈزىنى يېقىپ ياتقان دەملەردە ئۆزىنى مۈشۈ كېچىدىن ھەم مۈشۈ كېچىگە ئوخشايدىغان كېچىلەردىن يىراقلاپ كەتكەندەك يېنىك، خاتىرجەم سېزىدۇ. ئۇ بارات موللامغا تېگىشكە رازى بولغاندا قاراڭغۇ ئورمانىنىڭ ۋەھىمىسىنى ئەسلەيدۇ.

گۈلپىيەنىڭ كىچىككىنە يۈرىكىدىن ئۆچمەيدىغان زەھەرلىك خاتىرىلەر نۇرغۇن.

— ھاۋاخاننىڭ چوڭ ئوغلى مەنسۇر ساراڭ بولۇپ قاپتۇ قارىسىلا ... داخانغا ئوقۇتۇپتىمىش، ئىچىدە جىن بار ئىكەن.

گۈلپىيە بولۇۋاتقان پاراڭغا ئىختىيارسىز قۇلاق سالدى، ھەممە ئادەمگە ئوخشاش گۈلپىيەدىمۇ جىندىن قورقىدىغان تۇغما تۇيغۇ بار ئىدى.

— بىچارە بالا.

غازاڭلىرى شامالدا پىلدىرلىغان تېرەكنىڭ سانسىز يوپۇرماقلىرى سىرلىق شىرىلدايتتى.

ئىككى ئايالنىڭ ئاۋازى چېكەتكىنىڭ چىرىلدىشىدەك، پاقىنىڭ كورۇلدىشىدەك داۋام قىلدى. بەزى ئاۋازلار بۇلبۇلنىڭ، تومۇچۇقنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدۇ، بەزىلىرى يىلاننىڭ كۇشۇلدىشىغا ئوخشايدۇ.

— ھاۋاخان ياش ۋاقتىدا تىنچ خوتۇن ئەمەستى، شۇ بالىلارمۇ ھاۋاخاننىڭ ئېرىدىن بولغان ئەمەس دېسىلە.

— قانداق دەيلا؟

— دېدىمغۇ، ھاۋاخان ئويۇنچى خوتۇن ئىدى، ئېرى ئوبۇل ئاخۇن بولتۇر چاقىرسا بۇ يىل ھە دەيدىغان خام كاللا ئادەم ئىدى، بالا ھارامدىن بولسا تۇرلۇك بالا ـ قازادىن نېرى بولمايدۇ، ئىنىسى ـ جىنلارمۇ ناپاك ئادەمگە يامىشىۋالىدۇ، ئۇ مەنسۇر

دېگەنگە شۇڭا جىن چاپلاشقان گەپ ... ئانىسى بىلەن دادىسى پاك بولمىسا بالىلىرى ئاشۇنداق ئەيىپناق ياكى ساراڭ بولىدۇ ... يەنە كېلىپ هارام زىنادىن تۆرەلگەن بالا تەتۈر پېشانە بولىدۇ دېسىلە.

تېرەك ئاستىدىكى ئايالنىڭ پېشانىسىدىكى، يۈزىدىكى، لەۋلىرىدىكى ئىرماش – چىرماش قورۇق كىشىنىڭ قورققۇسىنى كەلتۈرەتتى.

كېيىنكى كۈنلەردە، گۈلپىيە پاقىنىڭ كۆرۈلدىشىنى، چېكەتكىنىڭ چىرىلدىشىنى ئاڭلىسا، ئىككى ئايالنىڭ بايىقى گەپلىرى يادىغا يېتىدۇ.

ئانىسى ئۇنىڭ كۆزىگە هاۋاخانىنىڭ سىياقىدا كۆرۈنۈپ قالىدۇ ... ئۇ هاۋاخان دېگەن ئايالنى كۆرمىگەن، بىراق ئۇ ئايال گۈلپىيەنىڭ كۆز ئالدىغا ئۆزىنىڭ ئانىسىنىڭ تۇرقىدا نامايان بولىدۇ.

گۈلپىيە كوچا دوقمۇشىدىكى ناهايىتى يوغان تېرەكنىڭ سايىسى ئاستىدا ئولتۇرغان ئىككى ئايالنىڭ سۆزلىرىنى، پېشانىسىدىكى، لەۋلىرىدىكى قورۇقلارنى ئېسىدىن چىقىرالمىدى. مەكتەپتىكى بالىلار هەر قېتىم بىر – بىرىنى هارامدىن بولغان، دەپ تىللىغاندا جېنى قىسىلاتتى، تاپشۇرۇق ئىشلەۋېتىپ «ھ» هەرپىنى يېزىشقا توغرا كەلگەندە مېڭىسى زىركىرىگەن هالدا تېرەك سايىسىدا ئولتۇرغان ئىككى ئايالنى ئەسلەپ قالاتتى. ئۇنىڭ يادىغا يېتىدىغىنى ئىككى ئايال ئەمەس، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ... هېلىقىدەك قورقۇنچلۇق سۆزلىرى ...

ناهايىتى نۇرغۇن چېكەتكىلەر چىرىلدايتتى، ناهايىتى نۇرغۇن پاقىلار كورۇلدىشاتتى.

«هارامدىن بولغان ئادەمگە جىن چاپلىشىدۇ، هارامدىن بولغان بالا ساراڭ بولىدۇ.»

گۈلپىيە قاراڭغۇلۇق ئارىسىغا سىڭىپ كېتىۋاتقان ئورمانغا قاراپ قويدى، ئورمان ئىچىدىن قانداقتۇر بىرنېمىنىڭ

شىۋىرلاشلىرى، پىچىرلاشلىرى، قەدەم ئىزى ئاڭلانغاندەك بولاتتى، كۆندۈزى ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئاۋات بولىدىغان سۆگەتلىك قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن تولىمۇ سۈرلۈك بولۇپ كېتەتتى.

گۈلپىيە ھېلىقى ئىككى ئايالنىڭ سۆزىنى ئەسلەپ قالماسلىققا تىرىشىپ تۈيغۇلىرىنىڭ تارتىشىپ كەتكىنىنى سەزمەي قالاتتى. ھاۋاخان دېگەن ئايالنى ئانىسىنىڭ سۈرىتىدە كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى.

ئاياغ شەپىسى گۈلپىيەنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئەنۋەر قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىققىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئېگىز بەستى گۈلپىيەگە سۈرلۈك، ۋەھىمىلىك بولۇپ كۆرۈندى. گۈلپىيە ئۇشتۇمتۇت ھاياجاندىن ئىچىگە پاتمايۋاتقاندەك بولۇپ كەتتى. گۈلپىيەنىڭ ئارزۇسىدەك ئەنۋەر كەلگىنىچە گۈلپىيەنى قۇچاقلىمىدى، يېنىغا كېلىپ سىگارىيان بولۇپراق قاراپ تۇردى.

— سېنى ساقلاپ ... بەك ئۇزاق تۇرۇپ كەتتىم.

— كەتمەپسەن يا ... — دېدى ئەنۋەر خۇشياقمىغاندەك.

ئەنۋەرنىڭ ئاۋازىدا ھېچقانداق تۈيغۇ يوق ئىدى. «مېنىڭ ئورنۇمدا گۈلباھار سىبىرىق بولغان بولسا بۇ يەردە ساقلايدىغان ئادەم مەن ئەمەس، سەن بولاتتىڭ ... خەپ ...»

بىقۇۋۇللۇق گۈلپىيەنىڭ ۋۇجۇدىنى مۇزلىتىپ ئۆتتى. نۇرغۇن ئادەملەر سۆيۈلمەيدىغان سۆيگۈگە مۇپتىلا بولۇپ قېلىشتىن قورقىدۇ، دېمىسىمۇ خۇدا بۇنداق قىسمەتتىن ساقلىسا بولىدۇ، گۈلپىيە گاڭگىراپ قالاتتى، ئەنۋەر بەزىدە بەكمۇ قىزغىن بولۇپ كېتەتتى، بەزىدە تۇرۇپلا سوغۇق نەپەس بىرسىگە ئۆزگىرىپ قالاتتى.

گۈلباھار سىبىرىق ... ئۆلمەيدىغان بۇدۇشقاق ...

گۈلپىيە ئەنۋەرنىڭ قولىنى تۇتتى، ئەنۋەرنىڭ قولى سوغۇق ھەم قاتتىق ئىدى، گۈلپىيە ئورمان قاراڭغۇ كېچىگە سىڭىپ كېتىۋاتقان شۇ دەمدە بۇ قوللارنىڭ مەڭگۇ ئۆزىگە تەۋە

بولمايدىغانلىقىنى، ئەمما مەڭگۈ مۇشۇنداق قوللارنى سىيغىنىپ ئۆتىدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتمىگەنىدى. مۇشۇ ئىشلار يۈز بېرىپ، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن گۈلپىيە غەلىتە تۇيغۇ ئىچىدە بارات موللامنىڭ نىكاھىغا ئۆتۈپ كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، بارات موللامنىڭ دۇمبىسىنى سىلاۋاتقان قولىنى ئەنۋەرنىڭ قولى دەپ ئويلاپ قالىدۇ.

ئەنۋەر ئۇنى قۇچاقلىدى، قۇچاقلاشلىرى مەجبۇرىي ھەم سۇس ئىدى، ئەنۋەرنىڭ شۇ چاغدىكى تۇيغۇلىرىنى گۈلپىيە قىزلارغا خاس نازۇك سېزىملىرى بىلەن ھېس قىلىپ تۇراتتى.

«ئۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى كۆرۈشمەيمەن.»

گۈلپىيەنىڭ ئورمانىنىڭ قاراڭغۇلۇقىغا ئوخشاش قاراڭغۇلۇقتا پاتقان كاللىسىغا شۇنداق بىر خىيال كەلدى. ئەمما ئۇ تىترەپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بۇ ئويلىغانلىرىغا ھەرگىز ئەمەل قىلالمايدىغانلىقىنى يادىغا يەتكۈزىدۇ.

— گۈلباھار بىلەن كۆرۈشتۈڭمۇ؟

— ياق.

— مېنى گۇللىما؟

— ئۇ ئۇنىمايدۇ.

— نېمە؟

— گۈلباھار مېنى ياراتمايدۇ، مۇراتقا يېپىشىپ يۈرىدۇ ئۇ بىرنېمە، بىردەم ئەلى دېگەن ياسانچۇقنىڭ كەينىدىن يۈرگەن ... نەگە بارسا بارسۇن.

ئەنۋەرنىڭ ھەسرەتلىك تىنىقلىرى گۈلپىيەنىڭ پېشانىسىگە ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. خوپ «بوپتۇ.» گۈلپىيەنىڭ كۆڭلىگە ئاقۇچ رەڭلىك بىر خۇشلۇق يامراپ ئارقىدىن ئۇمۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ كەتتى. گۈلپىيەنىڭ ناھايىتى تېزلا قارامتۇل تۇيغۇلار كېلىشىپ قالىدىغان كۆڭۈل پايانىدا شۇ ھالدا رازىمەنلىك بىلەن نەپرەت ئارىلىشىپ كەتكەن بىر سېزىم بار ئىدى. ئەلى ... غەيرەت قىل، گۈلباھار سېرىقنى مەھكەم تۇتۇپ تۇر ... گۈلباھار



www.uyghurkitap.com

سىرىقنىڭ مۇراتنىڭ كەينىدىن يۈگۈرگىنى بىكار، مۇرات نادىرەنى قويۇپ ئۇنىڭدەك سىرىق ئاسلاننى نېمە قىلاتتى؟
— گۈلباھار سىنى ياراتمىدىمۇ؟
— ياراتمىسا ياراتمىسۇن.
— ياراتقان بولسا قانداق قىلاتتىڭ؟
— ھېچنېمە.
— ماڭا راست گەپ قىل.
— راست گەپ قىلدىمغۇ.
— سەن چوقۇم ئاشۇ گۈلباھارنىڭ كەينىدىن كېتىسەن ... چوقۇم شۇنداق بولىدۇ، ئەمما ئۆمۈر بويى پۇشايمان ئىچىدە قالىسەن.
ئەنۋەر گۈلپىيەنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى، ئاندىن ئاستا - ئاستا بوشاپ كەتتى.
— قويغىنا بۇ گەپنى، ئۇنىڭ گېپىنى قىلىشمايلى، نېمە بولسا بولار.
— سەن گۈلباھارنىڭ كەينىدىن كەتسەڭ مەن قانداق قىلىمەن؟
— ئۇنداق بولمايدۇ، — دېدى ئەنۋەر ھاياجانلىنىپ. گۈلپىيە ئۇنىڭ نېمىگە ھاياجانلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ يۈرىكى ئاغرىپ كەتتى.
تەتۈر پېشانە.
بۇ دۇنيادا تەتۈر پېشانە دەيدىغان بىر گەپ بار، شۇنىڭغا ئۇيغۇن بولۇپ ناھايىتى جىق ئادەملەرنىڭ پېشانىسى تەتۈر بولىدۇ، پېشانە تەتۈر بولۇشنىڭ ئالامەتلىرى بەك جىق، شۇنىڭ ئىچىدىكى بىرسى سۆيمىگەننى سۆيۈپ قېلىش.
— كېتەيلىمۇ؟ — دېدى ئەنۋەر تۇساتتىن.
— ئىشىڭ بارمىدى؟
— ئىشىمغۇ يوق، بالدۇرراق بارمىساق سىنى ئۆيۈڭدىكىلەر ئىزدەپ قالىدۇ ھېلى.

ئۇيغۇرچە ئېلېكتىرونلۇق كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— مەيلى ئەمەسە.

شۇ مىنۇتتا ئورمانلىقنىڭ جىمى قاراڭغۇلۇقى گۈلپىيەنىڭ يۈرىكىگە شۇڭغۇلداپ ئېقىپ كىرىپ چىڭگىدە تولۇپ كەتتى. ئۇ بۇ قاراڭغۇلۇقنى كۆڭلىدىن ئۈزاققىچە چىقىرىۋېتەلمەيتتى.

ئۆيگە قايتىپ كەلگەن گۈلپىيە ساپادا ئولتۇرغىنىچە جىمىپ كەتتى. چىرايىدا مىڭ تۈرلۈك تەشۋىش چىمىرلايتتى.

— ئانا، مەن تەتۈر پېشانىمۇ؟

— ياق، قىزىم، سېنىڭ پېشانەڭ ئوچۇق، — دېدى رازىيە گۈلپىيەنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ، — نېمە بۇ گەپنى سوراپ قالدىڭ؟

— دادام شۇنداق دېدىغۇ؟

— داداڭ نېمىنى بىلىدۇ بالام، ھاراق ئىچكەن ئادەم ئاغزىغا كەلگەننى دەيدۇ، ئۇنداق گەپلەرنى ئويلاپ يۈرمە.

— ئانا، مەن راستىلا ھارام ...

گۈلپىيەنىڭ سۆزى تۈگەپ بولغۇچە رازىيە ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالدى. رازىيەنىڭ چىرايلىق يۈزى ئالا - پاساق بولۇپ كەتتى.

— جېنىم بالام، ساڭا جىق دېدىم، مۇشۇ گەپنى ئويلىمىغىن، دېدىمغۇ، داداڭ ھاراق ئىچكەندە ئادەم ئەمەس، شۇڭا ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنسەڭ بولمايدۇ.

— مەن مويۇنچۇر بىلەن ئىلتەبىرنىڭ ئاچىسى بولۇپ قالسام بوپتىكەن.

— نېمە؟

— سەردار دادام بالىلىرىنى تىللىمايدۇ.

رازىيەنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى، گۈلپىيە ئۆزىنىڭ ھارامدىن بولغىنىغا شەكسىز ئىشىنىپ قېلىۋاتاتتى. جاھاننىڭ مۇشۇ قاتارلىق ئىشلىرىغا مىڭلاپ لەنەتلەر بولسۇن. شۇ كېچىسى گۈلپىيە ناھايىتى يوغان بىر قۇشنى چۈشىدى، قۇشنىڭ كۆزى ئەنۇەرنىڭ كۆزىگە ئوخشاپ كېتەتتى، گۈلپىيە كېيىنكى

كۆنلەردە بۇ قۇشنىڭ كۆزىنىڭ بارات موللامىنىڭ كۆزىگە ئوخشايدىغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالىدۇ.

گۈلپىيە نادىرەنى ئەسلەپ قالدى.

نادىرە مەكتەپتىكى ئەڭ چىرايلىق قىز ئىدى، نۇرغۇن قىزلار ئۇنىڭغا ھەسەت قىلاتتى، ئوغۇللار ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزەلمەيتتى. نادىرە گۈلپىيەگە ئامراق ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن يېقىن ئۆتەتتى، ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەردىن قورقىدىغان گۈلپىيە نادىرە يېنىدا بولسا ئۆزىنى شۇنداق يەڭگىل ھەم ئەركىن سېزەتتى. گۈلپىيە نادىرەنىڭ كۆزلىرىدە ئۆزىگە بولغان ئىچ ئاغرىتىشنى ئەمەس، سەمىمىي يېقىنلىقنى كۆرەلەيتتى.

گۈلپىيە قورقىدىغان قاراڭغۇ ئورمان جىمجىتلىقتا چۆمگەندە، ھاياتىنىڭ سىرلىق شاۋقۇنلىرى بىلەن تولغان شەھەردە تەنھالىق ئىچىدە ياشاۋاتقان نادىرە شۇ ھالدا گۈلپىيەنىڭ ئۆزىنى ئەسلەۋاتقانلىقىنى، سېغىنغانلىقىنى بىلمەيدۇ. نادىرەنىڭ دادىسى قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە كىرىپ كەتتى، ئانىسى يۈرەك كېسىلى بىلەن ئۇ ئالەمگە كەتتى. نادىرە بەزىدە مۇشۇ ئىشلارنىڭ راست يۈز بەرگىنىگە ئىشىنەلمەي قالاتتى، ئۇ ناھايىتى نۇرغۇن ئىشلارغا ئىشىنەلمەيتتى، ئىلگىرى ئىللىق ئائىلىسىنىڭ، سالاپەتلىك دادىسىنىڭ، مېھرلىك ئانىسىنىڭ بولغانلىقىغا ئىشىنەلمەيتتى، غەمسىز كۈنلىرىنىڭ بولغانلىقىغا ئىشىنەلمەيتتى. نادىرە دادىسى قولغا ئېلىنىپ كەتكەندىن كېيىنكى ئۇزاق كۈنلەردىن كېيىن، يۈرىكىنىڭ ياشلىرىغا لىققىدە چىلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئاق قەغەزگە ئۈچ تال ئىنگلىزچە ھەرپىنى يازىدۇ. ئۇ بۇ ھەرپلەرنى شەھەرنى قار قاپلىغان بىر كۈندە، دېرىزىلىرى بولمىغان قاراڭغۇ بىر ئۆينىڭ تېمىدىن تۇنجى قېتىم كۆرىدۇ. ئۇ ئاق قەغەزدىكى بۇ ھەرپلەرنى قېنىق قىلىپ بويايدۇ. ئۇنىڭ گۈزەل كۆزلىرى ئاشۇ ھەرپلەرگە نەپرەت بىلەن تىكىلىدۇ. ياش يۇقى كۆزلەرنىڭ ئۆڭىدە بۇ ھەرپلەر گاھ

يوغىناپ، گاھ كىچىكلەپ باراتتى.

پۈتۈن دۇنيانىڭ يۈرىكىگە مىخ بولۇپ قادالغان، يەر يۈزىدىكى جىمى ئىنسانىنى ۋەھىمىگە سالغان بۇ نەرسە ھاياتنىڭ كىشىنى چۈشىنىپ بولمايدىغان سىرلىق، چىگىلماش يوللىرىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ نادىرەگە يېپىشقانىدى.

HIV !

نادىرە ئۇنتۇيالمايدىغان ئۆتمۈش ھەم تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان كەلگۈسى ھەققىدە ئويغا پاتقاندا، بۇ ھەرپلەرنىڭ قورقۇنچلۇق مەنىسىنى قانداق بىلگەنلىكىنى يادىغا ئالالمايدۇ.

گۈلپىيە ...

نادىرە ...

قاراڭغۇ ئورماندىن قايتىپ كىرگەن گۈلپىيە نادىرەنى خىيال قىلىپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. ئۇ بۈگۈن كىچىمۇ قاناتلىق قارا ئىت كۆكسىدىن چىشلەپ كۆك قەرىگە ئاچىقىپ چۈش كۆرىدۇ. تەرگە پىشلىپ ئويغىنىپ كەتكەنلىرىدە ئەنۋەرنى ئەسلەيدۇ. ئىككى ئايالنىڭ تېرەك ئاستىدا ئولتۇرۇپ دېگەن سۆزلىرى يادىغا كېلىدۇ، ئۇزاققا قالماي ... كۈتمىگەن بىردەمدە ناھايىتى غەلىتە جىنلارنىڭ ئۆزىگە مەھكەم چاپلىشىۋالىدىغانلىقىنى ئويلايدۇ ... ھارامدىن بولغان باللارنىڭ ساراڭ ياكى تەتۈر پېشانە بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەسلىككە تىرىشقانسېرى تېخىمۇ ئىشىنىپ قالىدۇ، ئويلىماي دېگەنسېرى تېخىمۇ يادىدىن چىقىرالمايدۇ.

بۇ ھاياتتا ھەممە ئادەمنىڭ شادلىقى، ھەۋەس ـ ئارزۇسى ئۆزىگە. گۈلپىيە، نادىرە دېگەن قىزلار ئۆز يوللىرىنىڭ سىرلىق ھەم تېپىلغاق داۋانلىرىدا كېتىۋاتقان دەملەردە، بىرسى جىندىن قورقۇپ ۋەھىمىگە چۈشكەندە، بىرسى ئەيدىزنىڭ قورقۇنچىدىن ھالسىزلانغاندا، رەسسام ئەخمەت ۋە سەردار دوختۇر دېگەن ئادەملەر دۇنيانىڭ ئۆزلىرى ھېس قىلغان رەڭگى ھەم مەنىسى ھەققىدە ئويغا پاتقانىدى.

## 11

سەردار ئەخمەتنىڭ ئۆيىدىكى كونا ساپادا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ رەسىملىرىنى كۆرۈۋاتاتتى. ئەخمەتنىڭ تار، پاكار ئۆيىدىن بوياق ھىدى كېلىپ تۇراتتى، كۇنچىقىشتىكى دېرىزىدىن كىرگەن قۇياش نۇرى ئۆيگە ئىللىق يېپىلغانىدى. سەردار قوشۇمىسىنى تۇرگىنىچە ئەخمەت يېقىندا سىزغان بىر پارچە رەسىمگە ئۇزاق قاراپ ئولتۇردى. رەسىمنىڭ بۇرجىكىدە «يول» دېگەن خەتلەر بار ئىدى.

ئەخمەتنىڭ ئەقىل ھەم پەرىشانلىق تۇيغۇلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن كۆزىگە تىكىلگەن سەردار قايتىدىن رەسىمگە نەزەر ئاغدۇرۇپ سورىدى:

— بۇ رەسىمگە «يول» دەپ ئىسىم قويۇپسەن، نېمىشقا؟

ئەخمەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆزىگە باھا بەرگىنى بويىچە، چۈشكۈنلۈك ھەم ئۈمىدسىزلىكتىن چەكسىز يىرگىنىپ ھەم نەپرەتلىنىپ تۇرۇپ، يەنە شۇ خىل تۇيغۇلاردىن قۇتۇلالماي جاھاندىن ئۆتۈپ كېتىدىغان ئادەملەر قاتارىدا بار ئىدى.

— شۇنداق، بۇ رەسىمگە يەنە «ياشاش» ياكى «سەپەر» دەپ ئىسىم قويۇشنىمۇ ئويلاشقان، بۇمۇ تازا كېلىشمىدى، باشقا ئىسىم تاپالماي ھازىرچە «يول» دەپلا قويدۇم.

رەسىمنىڭ بوياقلىرى سۇس ھەم جانسىز كۆرۈنەتتى، رەسىمدىن كۆڭۈلنى بىسەرەمجان قىلىدىغان سېزىم شۇۋىرلاپ تۇراتتى. سەردار ئەخمەتنىڭ ئاجايىپ رەسىم تالانتى ھەم ئۇنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان خىيال، تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ پايانىغا ھەيران قالاتتى، يەنە ئۇنىڭدىكى تەگسىز غەمكىنلىك ھەم پەرىشانلىققا ئىچى پۇشاتتى. سەردار ئەخمەتتىكى قالتىس پاراسەت ئۇنىڭ روھىدا چاڭ ـ مانانەدەك ئەگىپ يۈرگەن ئۈمىدسىز كەيپىيات ھەم چۈشكۈن تۇيغۇلار بىلەن بۇلغىنىپ

چاقنىيالمايۋاتىدۇ، دەپ ئويلايتتى، ئەمما بۇنداق گەپنى دەپ ئەخمەتنى قايىل قىلغىلى بولمايتتى.

— قانداق بوپتۇ؟ — دېدى ئەخمەت. ئۇنىڭ سېرىق كۆزلىرىدە مەغرۇر ئەقلىنىڭ چېقىنلىرى كۆرۈنۈپ قالاتتى.

رەسسىمدىكى ئادەمنىڭ چىرايى غەلىتە پۇرۇشۇپ تۇراتتى، ئۇنىڭ كۈلۈۋاتقانلىقىنى ياكى يىغلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى، ئەخمەت مەلۇم بىر مۇددىئا بىلەن رەسسىمدىكى ئادەمنىڭ يا كۈلگىنىنى، يا يىغلىغىنىنى ئايرىغىلى بولمايدىغان ھالەتتە سىزىپ چىققانىدى، ئۇنىڭ بۇرۇتلىرىدىن، كىشىگە كىرلەشكەندەك تەسىر بېرىدىغان دوپپىسىدىن ھاياتقا بولغان ئىشەنچىنى بايقىغىلى بولاتتى، كۆزلىرىدىن پۇرقۇلۇپ تۇرغان يىغا ياكى كۈلكىگە ئوخشاتقىلى بولمايدىغان تۇيغۇدىن بىچارىلىق چىقىپ تۇرغاندەكمۇ بىلىنىپ قالاتتى. سەردارنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغىنى رەسسىمدىكى ئادەمنىڭ يولدا قالدۇرغان ئىزى ئىدى.

— بۇ ئادەمنىڭ ئىزى نېمانداق غەلىتە، پەقەت بىرلا ...

رەسسىمدىكى كىشىنىڭ كەينىدىكى قەدەم ئىزلىرى ناھايىتى روشەن، ئەمما غەلىتە يېرى پەقەت بىر پۇتىنىڭلا ئىزى بار ئىدى.

سەردار رەسسىمگە تىكىلگىنىچە ئويغا پاتقانىدى، بۇ شەھەردە گەپلەشكۈدەك ئادەم تاپماق بەك تەس دەپ يۈرىدىغان سەردار دوختۇرنىڭ كۆزلىرى، ئەقلى ھەم تۇيغۇلىرى ئەخمەتنىڭ رەسسىملىرىدىن پىكىر، ئىدىيە ھەم روھ ئىزدەيتتى. سەردار رەسسىمگە تىكىلگىنىچە خېلى ئۇزاق تۇردى، سارە دەملىگەن چايمۇ سوۋۇپ قالاي دېگەنىدى.

— بۇ كىشىنىڭ بىر پۇتىنىڭ ئىزى نەگە كەتتى؟ — دېدى سەردار ئەخمەتكە قارىماي تۇرۇپ.

— بۇ ئادەم پەقەت بىر پۇتى بىلەنلا ماڭالايدۇ.

— بۇ قانداق گەپ ئەمدى؟ ئۇنىڭ ئىككى پۇتى تۇرمامدۇ؟

— ئۇنىڭ ئىككى پۇتى بار، بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ ئىككى پۇتى بارلىقىنى بىلمەيدۇ، ئەسلىي ئىككى پۇت بىلەن مېڭىش ناھايىتى

راھەت، بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ بارلىقىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن پەقەت بىر پۇتى بىلەنلا ماڭىدۇ، ناھايىتى قىيىنلىپ يول يۈرىدۇ، قىيىنلىپ ياشايدۇ.

ئەخمەت ئۆزىنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىدىن قانائەت تاپقاندەك كۈلۈپ قويدى، سەردار ئۇنىڭ سارغۇچ كۆزلىرىدىن سوغۇق ئەقىلنىڭ پارقىراشلىرىنى سېزەتتى.

— ئۇ نېمىشقا ئۆزىنىڭ ئىككى پۇتى بارلىقىنى بىلمەيدۇ؟

— گەپ مانا مۇشۇ يەردە، بىز ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئىككى پۇتىمىزنىڭ بارلىقىنى، تېز ھەم مەزمۇت ماڭالايدىغانلىقىمىزدىن گۇمانلىنىپ، خۇددى بىر پۇتى بار ئادەملەردەك تېنەپ - تەمتىرەپ، يىقىلىپ چۈشۈشتىن قورقۇپ، بىر پۇتىمىز بىلەن يول يۈرۈپ كۆنۈپ قالدۇق ياكى ۋاقتىدا مەنزىلگە يېتىپ بارالايدىغانلىقىمىزغا ئىشەنمەيمىز.

ئەخمەتنىڭ دېگەنلىرى سەردارغا غەلىتە ھەم مەنىسىز گەپلەر بولۇپ تۇيۇلدى.

— دېگەنلىرىڭ تازا قاملاشمىدى جۇمۇ، ئەخمەت، — دېدى سەردار، — سېنىڭ بۇ گەپلىرىڭنىڭ ئاساسى نېمە؟

— بۇنىڭغا ئاساس كۆرسىتىپ بېرەلمەيمەن، بىز جىق ئىشلارنى پەقەت تۇيغۇمىزدا ھېس قىلىمىز، ئۇنى ئەقىل بىلەن بىر - بىرلەپ يېشىپ بېرىش مۇمكىنچىلىكى يوق.

سەردار ئەخمەتنىڭ بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ مۇشۇنداقراق بىر گەپلەرنى دېگەنلىكىنى يادىغا ئالدى، ئەخمەتنىڭ سۆزۈك ئەقلى ئۇنىڭ ئۆزى ياساپ يەنە ئۆزى كىرىۋالغان مۇستەھكەم قورغانىدىن چىقالمايۋاتقاندەك قىلاتتى.

— بىراق ئىككى پۇتى بار تۇرۇپ، ئىككى پۇتى بارلىقىنى ھېس قىلمايدۇ، دېگىنىڭ قانداق گەپ؟

— ھەممىيلەن شۇنداق، سەردار، سەنمۇ، مەنمۇ ئوخشاش، بىزدە ھەقىقەتەن ئىككى پۇت بار، ئەمما بىز ئىككى پۇتى باردەك ياشىيالمايمىز، تۈزۈك ماڭمايمىز، مەنزىلگە قاراپ ماڭغاندا،

ئىككى پۈتىمىز باردەك ئەمەس، بىرلا پۈتىمىز باردەك ھالدا ماڭىمىز، ھەتتا شۇ بىر پۈتىمىزمۇ يوقتەك بىر ھالدا ياشايمىز.

— مەن بۇ گەپلەرنى چۈشەنمىگۈدەكمەن.

ئەخمەت ئۆزى سىزغان رەسىمگە تىكىلىپ بىردەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن سەردارغا لەپپىدە قاراپ قويدى. سارغۇچ كۆزلىرى سوغۇق ئىدى.

— سەن چۈشەنمەيمەن دېسەڭ بۇ شەھەردە بۇ گەپنى ھېچكىم چۈشەنمەيدۇ.

— سەن ئەھمىيەتسىز ھەم غەلىتە نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقاندەك قىلىسەن.

— ئۇنداق ئەمەس، ئوبدان ئويلانساڭ مېنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالىسەن، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئىككى پۇتى بولسىمۇ ئەمما بىر پۇتى باردەك ياشايدۇ دېدىمغۇ ھېلى ساڭا، ھەتتا شۇ بىر پۇتىنىمۇ تۇزۇك ئىشلەتمەيدۇ، ئۆزىنىڭ ئىككى پۇتى بارلىقىغا ئىشەنمەيدىغانلار تولا.

پىكىرسىز ياشاشنى تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋانىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن ئوخشاش، دەپ ئويلايدىغان سەردار پىكىر بەك چوڭقۇر ياكى غەلىتە بولۇپ كەتسىمۇ كىشىنى چارچىتىۋېتىدىكەن، دېگەنلەرنى ئويلىدى.

— ئىشقىلىپ بۇ غەلىتە رەسىم بوپتۇ.

ئەخمەت ئۇھ تارتىپ قويدى، قوللىرىنى ئىشقىلاپ رەسىمگە ئۇنسىز تىكىلىپ ئولتۇرغاندىن:

— سەن ئەيدىزنىڭ دورىسىنى ياسىيالامسەن، سەردار؟ — دېدى.

— نېمە؟ — سەردار كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ھەيران قالدى.

— ئەيدىزنىڭ نېمىلىكىنى سەن ھەممىدىن ئوبدان بىلىسەن، ئەيدىزنىڭ دورىسىنى ياسىيالامسەن؟

سەردار نېمە دېيىشنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى.

— ياق ... پۈتۈن دۇنيا ياساپ بولالمىغان دورىنى مېنى ياسا

دېسەڭ مەن قانداق ياسايمەن؟

— مانا، سەنمۇ ئۆزۈڭنىڭ ئىككى پۇتۇڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيسەن، ئىشەنسەڭمۇ ئىككى پۇتۇڭ بىلەن مېڭىشقا جۈرئەت قىلالمايسەن.

سەردار ئۇھ تارتىپ بېشىنى چايقىدى.

— ئىككى پۇتى بار، بىر پۇتى بار دېگەن گەپ توروپلا ماڭا يۆتكىلىپ قالدىغۇ، بۇنىڭ ئەيدىزنىڭ دورىسىنى ياساش بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟

— ئەمەلىيەتتە سەن شۇ ئىش ئۈچۈن جان ـ جەھلىڭ بىلەن كىرىشسەڭ، بۇ قىلالمايدىغان ئىش بولۇشى ناتايىن، مۇنداقچە دېگەندە، ئۆزۈڭدە ئىككى پۇتنىڭ بارلىقىنى بىلىپ ھەم ئىشىنىپ يول ماڭساڭ، چوقۇم دېگەن يەرگە بارالايسەن ... مانا مۇشۇ ھالەت بۇ رەسىمنىڭ مەنىسى.

سەردار رەسىمنىڭ يەنە بىرىگە قارىدى، ئۇ ئەخمەت بىلەن مۇنازىرىلىشىپ ئۇنى قايىل قىلالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ئىككىنچى رەسىمدە بىر ئادەم ناھايىتى كەڭ، راۋان يولنىڭ سىرتىدىكى كاتاڭ ھەم ئېگىز ـ پەس يولدا قوپال ھەم ئېغىر بىر ھارۋىنى سۆرەپ كېتىۋاتاتتى، بىر ياندىكى يول تۈز ھەم ئازادە ئىدى، بۇ يولنىڭ ياخشىلىقى بىلەن داۋانلىق يولدا ھارۋا سۆرەپ كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ قىينىلىشلىرى كىشىنى ئويغا سالاتتى، ھارۋا سۆرەپ ماڭغان كىشىنىڭ ئالدىغا ئېڭىشىپ، پۇتلىرىنى كۈچ بىلەن يەرگە تىرەپ، كۆچىگەنىنىڭ دەردىدە بېشىنى ئالدىغا سوزۇپ ھارۋا تارتىشلىرى، كۆزلىرىنىڭ پۇلتىيىپ تۇرۇشلىرى، قوۋۇزلىرىنىڭ كۆپۈشلىرىدىن ئۇنىڭ بەكلا كۈچەپ كېتىۋاتقىنىنى، ھارۋىنى بەكلا تەستە سۆرەپ مېڭىۋاتقىنىنى بىلگىلى بولاتتى.

— بۇ قانداق رەسىم، ئەخمەت؟

— بۇ ئوچۇق ـ ئاشكارىغۇ؟

— مەنىسىنى دەپ باقە، مەن چۈشىنىۋالاي.

— بۇ ئادەم بىر ئوبدان راۋان يولنى تاشلاپ قويۇپ، مۇنۇ ئېگىز - پەس يولدا ئېغىر ھارۋىنى سۆرەپ مېڭىۋاتىدۇ.

— بۇنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن، نېمە دېمەكچى؟

— دېمەكچىمەنكى، ناھايىتى ئوبدان يوللار تۇرسا دائىم مۇشۇنداق كاتاڭ يولغا كىرىۋالىمىز، يەنە كېلىپ بىزگە بىر ئۆمۈر كېرەك بولمايدىغان مۇنۇ ھارۋىدەك ئېغىر بىرنېمىلەرنى سۆرىۋالىمىز، قاراپ باقە، مۇنۇ راۋان يولدا ماشىنىلار كېتىپ بارىدۇ، ماۋۇ ئادەم سۆرەپ مېڭىۋاتقان كۆتەك ھارۋىنىڭ مۇشۇ زاماندا نېمىگە كېرىكى بار؟... ئۇ بۇنى نېمىشقا سۆرەپ ماڭىدۇ؟

— نېمىشقا؟

— ئۇ كۆنۈپ قالغان، ئۇ مۇشۇنداق ئېگىز - پەس يوللاردا مېڭىپ كۆنۈپ قالغاچقا تۈز يولدا مېڭىشقا ئىنتىلمەيدۇ، تۈز يولدا مېڭىشقا كۆنەلمەيدۇ، قورقىدۇ، ئەڭ ئېچىنىشلىق يېرى، ئۇ تۈز يولنىڭ نېمىلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، كۆرۈپ تۇرۇپ يەنە شۇ كونا يولدا ماڭىدۇ ... تېخىمۇ ئېچىنىشلىقى، ئۇ سۆرىۋالغان مۇشۇ ھارۋا ... ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھارۋىنىڭ پەقەت كېرىكى يوق، ئۈستىدىكى يۈكلەرمۇ شۇنداق ... دېمەككى ئىش مۇشۇنداق، ھازىر بىزدە تەتۈر ئىشلار ئاۋۇپ قالدى، زامانغا يارىشا تۈز يولدىن قېچىپ، كونا، ئەبجەق نەرسىلەرگە يېپىشىۋالىدىغان ئىشلار تولا.

سەردار رەسىمگە قاراپ ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى.

— بىراق ... بۇ رەسىمدىن سەن دېگەن پىكىرنى تاپماق تەستەك قىلىدۇ.

— رەسىم تېخى پۈتمىدى، ئىشلەۋاتىمەن، سەن بايىقى گېپىمگە دىققەت قىلىدىڭمۇ، سەردار؟

— قايسى گەپكە؟

— ئەيدىزنىڭ دورىسى ھەققىدىكى گەپكە.

— شۇنداق، دىققەت قىلدىم، ھەيران قالدىم.

— مەن بىر قىزنى تونۇيتتۇم، شۇ قىز ئەيدىز بولۇپ قاپتۇ، يۈرىكىم ئېزىلىپ كەتتى.

— كىم ئىدى ئۇ؟
— بۇنى سورىما، ئۇ بىزنىڭ شىرەم تۇغقىنىمىز بولىدۇ، مەن ئۇنى تونۇيمەن، ئۇ مېنى تونۇمايدۇ، بەكلا چىرايلىق قىز ئىدى، دادىسى تۈرمىدە، ئانىسى تۇگەپ كەتكەن، يېقىندا بىر سىدىن ئاڭلاپ قالدىم، ئەلۋەتتە بەك ئىچىنىپمۇ كەتمىدىم، مەن ئەيدىزنىڭ دەھشەتتى توغرۇلۇق بىر رەسىم سىزىشنى ئويلىشىۋاتىمەن.
— ئەيدىز توغرىسىدا مەنمۇ ئاڭلىدىم ... مەنچە بۇنىڭ بالاسى ھەممىدىن ئۈستۈندەك قىلىدۇ.
— شۇ پاسكىنا يولغا كىرىپ كېتىۋاتقان قىزلارنى كۆرسەم چىدىماي قالىمەن.
— بەزى ئادەملەر ئەخمەقلىقىدىن، دۆتلۈكىدىن، ئۆزىگە مەسئۇلىيەتسىزلىكىدىن مۇشۇ دوزاخ يولىغا كىرىپ قالىدۇ.
سەردار كىشىلىك دۇنيانىڭ ئازابى ھەققىدە جىق ئويلاشنى ياقتۇرمايدىغان ئادەملەرنىڭ بىرسى، ھە دېگەندە دۇنيانىڭ شۇم، قاراڭغۇ تەرەپلىرىگە جىق قادىلىۋېلىشمۇ توغرا كەلمەيدۇ، ئۇنىڭچە ئەيدىز، خىروئىن دېگەندەك بالايىبەتتەرلەر ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولىسىمۇ ھەم شىددەت بىلەن تارىلىۋاتقان بولسىمۇ، بۇنىڭغا قارشى قوپىدىغان ماتانەت يەنىلا ئۈستۈن ئىدى، سەردار شۇنداق ئويلايتتى، شۇنداق بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى.
— ئامالسىزلىقتىن بولسۇن ياكى بىپەرۋالىقتىن بولسۇن، ھەتتا قەستەن بولسۇن ... نەتىجىسى ئوخشاش، ئۆلۈم ... ۋەھشىيانە ئۆلۈم، — دەپ پىچىرلىدى ئەخمەت. سەردار ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى تازا ئاڭقىرىپ كېتەلمىدى.
«... ناۋادا مەن ئەينى يىلى سارەنى شۇ يولدىن تارتىۋالمىغان بولسام، ئۇمۇ ئەيدىزنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتەتتى ... مەن ئۇنى پاھىشەلىك يولىدىن چىقىرىپ خوتۇن قىلىپ ئالدىم، ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم، ياخشى كۆردۈم دېگەنگە لايىق بەدەل تۆلىيەلىدىم ... ھەممە ئەركەكلەر مەندەك بولغان بولسا جاھاندا

بىرمۇ پاھىشە قالمىغان، بىرمۇ ئەيدىز بولمىغان بولاتتى، مەن بىر پاھىشەنى قۇتقۇزدۇم، ئۇنى خوتۇن قىلىپ ئالدىم، ھاياتىمدا ئۆزۈمدىن پەخىرلىنىدىغان مەردانىلىكىم مۇشۇ بولۇشى مۇمكىن ... ئەخمەت شۇنداق ئويلىدى، ئۇ ئۆزىنى شۇنداق ئويلاشقا ھەقلىق ھېسابلايتتى. ئەمما بەزىدە ...» بەزى ھاللاردا ئۇشتۇمتۇت يۈرىكى ئاغرىپ كېتىدۇ، ناگان ـ ناگاندا مۇشۇ ھاياتىدا ئەرلىك شەۋكىتىگە داغ چۈشكەندەك ئويلاپ قالىدۇ، ئۇ مۇشۇنداق ئوينىڭ يادىغا يېتىپ قېلىشىدىن قورقىدۇ، ئەنسىرەيدۇ، شۇنداق پىكىردىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ.

سەردار رەنانىڭ گېپىنى يادىغا ئالدى، رەنانىڭ يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئورنىدا ئىشلەيدىغان دوستىنىڭ دېيىشىچە، ئەيدىزنىڭ ۋەھىمىسى ئۇن ـ تىنسىز كېڭىيىۋېتىپتۇ.

ــ ئىشلار ئوڭشىلىدۇ ... بۇ مەرەز كېسەلىنىڭمۇ داۋاسى تېپىلار، ــ دېدى سەردار، ــ ئىنساننىڭ يەڭمەيدىغان مۇشەققىتى يوق، بىر ئۆلۈمدىن باشقا.

ئەخمەت سەردارنىڭ چېپىنى يەڭگۈشلەپ قويدى. سەردار رەسمىگە قارىغىنىچە بىرنېمىنى ئويلاۋاتقاندەك ئىدى.

ــ ھېلىقى خوتۇن بىلەن يەنە كۆرۈشۈپ يۈرگۈاتامسەن؟

ــ قايسى خوتۇن بىلەن دەيسەن؟

ــ ھېلىقى ... شائىر ئايال بىلەن دەيمەن.

سەردار گەپ قىلمىدى، ئۇنىڭ بۇ توغرۇلۇق بىرنېمە دېگۈسى يوق ئىدى. ئەخمەت كۈلۈپ قويۇپ قايتا سورىمىدى.

ــ ھەرھالدا ھەممە ئىشنى ئەقىل بىلەن قىلايلى، تۈز يولدا ماڭماي ئەگرى يولغا كىرىۋالغاندەك ئىشلارنى قىلمايلى، سەردار، بىھۇدە يۈكنى ئارتىۋېلىپ ھالىمىزدىن كەتمەيلى.

سەردار كۆزئەينىكىنى سۈرتۈپ قايتىدىن تاقىغاچ دېدى:

ــ شۇ ... ئەمما تۈز يولنى كۆرىدىغان كۆز، بايقايدىغان ئەقىل، تېخىمۇ مۇھىمى تۈز يولدا ماڭالايدىغان جۈرئەت كېرەك،

بىز بەكلا نۇرغۇن كونا نەرسىلەرگە كۆنۈپ كەتكەن، شۇ كۆنۈكلىرىمىزدىن چىقىشتىن قورقىدىغان ئادەملەر، تۈز يولدا ماڭماق تەس.

— شۇڭا بۇ رەسىمگە «كۆنگەن يامان» دەپ ئىسىم قويايمىكىن دەپمۇ ئويلاۋاتىمەن.

سەردار ھېلىقى ئىككى پارچە رەسىمگە قايتىدىن نەزەر سېلىپ خىيالغا پاتتى.

سەردار بىلەن ئەخمەت رەسىملەر توغرۇلۇق، ھايات ھەقىقەتلىرى توغرۇلۇق پاراڭلىشىۋاتقان شۇ دەمدە، مۇشۇ شەھەرنىڭ باغرىدا گاڭگىراپ يۈرگەن يەتمىش ياشلىق بىر ئادەم ئون مىليون پۇلنى قانداق قىلىشنى بىلەلمەي بېشى قېتىپ ئۇيقۇ، ئىشتىھادىن قېلىۋاتاتتى. يەنە نۇرغۇن ئادەملەر ئەخمەتتەك، سەرداردەك، بارات قويچىدەك ئاچا يول ئاغزىدا ئىككىلىنىپ يۈرۈشۈۋاتقاندەك ئىدى. ھەممەيلەن گۈلگۈن ھايات ئىزدەپ، گۈلگۈن دۇنيا ئىزدەپ ماڭىمىز ... يېتەلىسەكمۇ، يېتەلمىسەكمۇ توختاپ قالالمايمىز. توختاپ قالماسلىقنىڭ ئۆزىلا ھاياتقا چىرايلىق مەنە ئاتا قىلىدۇ.

## 12

— ئۇكام، ھېچبىر تونۇشۇپ بولالمايمىزغۇ ... بىزمۇ يامان ئادەملەر ئەمەس.

بارات قويچىنىڭ سالامىنىڭ ئورنىدا دېگەن گەپلىرى سەردارنى سەل ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويدى.

— شۇ ... ئالدىراش بولۇپ كېتىپ.

— شەھەر ئادىمى دېگەننىڭ ھەممىسى ئالدىراشلا دەيدىكەن... نېمىگە شۇنداق ئالدىرايسىلەر؟... ھەرقانچە ئالدىراش بولساقمۇ قولۇم ـ قوشنا دېگەن كىرىپ ـ چىقىشىپ ئولتۇرمىساق بولمايدۇ ـ دە ... ئۆتكەندە سەمەتجان ئۇكام

گېپىڭىزنى قىلغان ... سىزنى ئۆزى دوختۇر بولغان بىلەن ئالىم ئادەم دېدى.

سەردارنىڭ يۈزى ئوت بولۇپ ياندى، خىجىللىقتىن جىنى سىقىلدى.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، سەمەتجان خاتا دەپتۇ.

— مەيلى نېمە دېسۇن ... بىراق يامان يېرى شەھەر دېگەندە قوشنىدارچىلىق ياخشى ئەمەس ئىكەن.

— ئەمدى ئاكا ... بىنا ئۆي دېگەن مۇشۇ ئىكەن.

— قوشنىنىڭ قوشنىدا ھەققى بولىدۇ ئۇكام، ئاش ـ ناندا، سالام ـ سەھەتتە، ياخشى مۇئامىلە، بېرىش ـ كېلىشتە ھەققى بولىدۇ.

— توغرا دېدىلە، مەن چاي دەملەپ چىقاي.

— بولدى، سەردار دوختۇر، چاينى كېيىن ئىچىشىۋالارمىز، ھازىر ئۆزلىرىگە دېمىسەم بولمايدىغان مۇھىم بىر ئىش بار ئىدى، باش قاتتى، مەسلىھەت بەرسىلە بولاتتى.

سەردار بارات قويچىنىڭ كىرلەشكەن كىيىملىرىگە قاراپ كۆڭلى بىرقىسما بولۇپ قالدى.

— سەمەتجان جىق تەرىپلىرىنى قىلدى، مەن قارىسامىمۇ ئېغىر ـ بېسىق ئادەم ئىكەنلا، سىلىگە دېگۈم كەلدى، ئەمدى بۇ مۇنداق گەپ ئىدى قارىسىلا ... — بارات قويچى ئاۋازىنى پەسەيتىپ پىچىرلىدى، — يېنىمدا ئون مىلىيون يۈەن بار، شۇ پۇلنى قانداق بىر تەرەپ قىلسام بولار دەپ بېشىم بەك قېتىپ كەتتى.

— ئون مىلىيون؟ — سەردارنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى.

— شۇنداق، ئون مىلىيون.

— نېمانداق جىق پۇل بۇ، بانكا بۇلىمىغانلا؟ — دېدى سەردار ھەيران بولۇپ، بوۋاينىڭ كىرلەشكەن بوينى لىپىلداپ تۇراتتى.

— ياقەي ئۇكام، بىز بانكا بۇلىيالامدۇق؟ ئەمدى قارىسىلا،



www.uyghurkitap.com

ئۇكام، مۇنداق گەپ بۇ، مېنىڭ نامىمدا يۈز مىڭ مو يايلىقىمىز بار ئىدى دېسىلە، مال باقاتتۇق، ئىككى مىڭدەك قوي بار ئىدى، شۇ يايلاقتىن كان ئاچىمىز دەپ بىر توپ غوجايىنلار كەپتىكەن، يايلاقلارنى دەسسەپ، ماناپ بىر قىلىۋەتتى، چىرايلىق گەپ قىلساق ئاڭلايدىغان ئەلپازى يوق، بارىدىغان يەرگە بېرىپ ئەرز قىلىپ يۈرۈپ ئاخىر ئۇلار ماڭا پۇل بېرىدىغان، مەن يايلاقنى بېرىدىغان بولۇپ كېلىشتۇق، يايلاقنى بېرىش نىيىتىم يوق ئىدى، شۇڭا نەچچە ئالىسەن دېۋىدى، ئون مىليون دېسەم دېگىنىمنى بەردى، ئەسلىدە ئۇنىڭدىن جىق دېسەممۇ بەرگۈدەككەن ... بوپتۇ دېدىم.

— نېمە كان ئاچىدىكەن ئۇ يەردىن؟

— قاشتاش كان.

— سىلىنىڭمۇ ئامەتلىرى بار ئىكەن، ئون مىليون دېگەن ئاز پۇل ئەمەس.

سەردار بارات قويچىنىڭ تۇرقىغا قاراپ ھەيران قالدى، بارات قويچىنىڭ نامراتلىق تۆكۈلۈپ تۇرغان ئاۋارە تۇرقىدىن ئۇنىڭدا ئون مىليون ئەمەس، بەش يۈز يۈەن باردەكمۇ ئەمەس ئىدى.

— ئەمما ئۇكام سىلىگە دېسەم، يايلاقنى سېتىۋالغان ئۇ خەق ئون مىليون دېگەننى نەچچە ئايدا تاپىدىكەن دېسىلە، مەنمۇ بوپتۇ دېدىم، مېنىڭ قولۇمدا بولسا مەن ھەرگىز كان ئاچالمايتتىم، ئەمما لېكىنزە ئەرز قىلىپ ئاقتۇرماقمۇ تەس ئىكەن، ئەرز قىلىپ زېرىكىپ تۇرغاندا بۇ ئىشمۇ ھەل بولۇپ قالدى، مۇشۇ پۇل بىلەن جېنىمنى جان ئەتسەم ئازادە يېتىپ ئاشىدۇ ماڭا، شۇنىڭ بىلەن باللارنىڭ كەينىگە كىرىپ مۇشۇ بىنا دېگەندىن ئۆي ئېلىپ شەھەرلىك بولۇپ قالدۇق مانا.

— قېرىغاندا خۇدايىم بېرىپتۇ سىلىگە، بىنا ئۆي دېگەننىڭمۇ بولىدىغان يەرلىرى بار.

— ئەممازە قولۇم ـ قوشنىسى بولمايدىغان يەر ئىكەن بۇ، كۈنلەپ ـ كۈنلەپ بىرسىنىڭ ئۆيىگە بىرسى كىرمىسە ...

يۇندىسىنى ئىت كۆرمەيدىغان ئۆي، دەيدىغان گەپ بار ئىدى، خۇددى شۇنىڭ ئۆزى ئىكەن بۇ، بۇنداق دىسەم كۆڭۈللىرىگە كەلمىسۇن ئەمدى، بۇ گەپلەرنى كىيىن قىلىشىۋالارمىز، بايا پۇلنىڭ گىپىنى قىلدىم، پۇل ئاز ئەمەس، سىلىچە بۇ پۇلنى نىمىگە ئىشلەتسەم بولار، ئۇكام؟ ... پۇل بولغان بىلەن خەجلىمىسە تۇرىدىغان گەپ ئىكەن، قەغەزدىن پەرقى يوق.

سەردار بارات قويچىنىڭ ئايىغىدىن كىلىۋاتقان بەتبۇي پۇراقتىن بىئارام بولۇپ قالدى.

— ئىشقىلىپ ھالال ئىشلا بولسا پۇل دىگەننى نىمىگە ئىشلەتسىلە بولىدۇ، داۋالىنىپ كەلسىلە، ساياھەت قىلسىلا، يىتىم - يىسىرلارغا ياردەم قىلسىلا، مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەرسىلە، كۆۋرۈك سالسىلىمۇ بولىدۇ، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسىل ئىشلار جۈملىسىدىن.

بارات قويچى كۆزىنى چىمىلدىتىپ ئويغا پاتتى. ئاق كۆڭلىكىنىڭ كىرلەشكەن ياقىسىغا قاراپ سەردارنىڭ كۆڭلى بىرقىسما بولۇپ قالدى.

بارات قويچى ئاغزىنى نەچچە ئۆمەللەپ يەنە توختاپ قالدى، بىسەرەمجان كۆرۈنەتتى.

— سىلى قانداق ئويلىغان؟ — دىدى سەردار بارات قويچىنىڭ كۆزىنى توختىماي چىمچىقلىتىپ بىئارام بولۇپ قالغان ھالىغا قاراپ.

— مەن ئەمدى ... بىزنىڭ شىرەم تۇغقانلارنىڭ بىر بالىسى بار ئىدى، ئىچكىرىدە تىجارەت قىلىدىغان، شۇ بالا كەپتۇ، پۇلۇڭنى تىجارەتكە مەبلەغ سالايلى، پايدىسى جىق دەپ.

— نىمىگە مەبلەغ سالىدىكەن؟

— ئۇنىڭ دىيىشىچە، بىز ئۆيدىن چىقماي ئولتۇرىدىكەنمىز، پۇلنىڭ بىرسى ئىككى بولىدىكەن، بىردەمدە بىرمۇنچە پۇلنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالىمىزكەن. يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز قىلىپ تارقاتقۇدەك.

— بۇ سېپىدىن ھارام ئىش، يەنە كېلىپ قانۇنسىز قىلمىش دېسىلە.

سەردار بارات قويچىنى چايغا تەكلىپ قىلدى. بارات قويچى چاينى پۈۋلەپ بىر ئوتلاپ قويۇپ بېشىنى قاشلاپ قويدى، ھە دېگەندە كۆزىنى چىمچىقلىتاتتى.

— ئەمدى شۇ، پايدىسى ياخشى ئىكەن دېسىلە بۇنىڭ.

سەردار گەپ قىلمىدى. بارات قويچىنىڭ كىرلەشكەن بويۇنلىرى قات - قات قورۇقلار ئىچىدە كۆزگە تاشلىناتتى. سەردار ئۇنىڭ ئاق كۆڭلىكىنىڭ كىر ياقىلىرىغا قارىماي دەپمۇ يەنە قاراپ سالدى.

— مېنىڭچە بولسا سىلى بۇ پۇلنى يولىدا خەجلەپ كۇنلىرىنى تىنچ ئۆتكۈزگەنلىرى تۈزۈك، خەتەرلىك ئىشقا تەۋەككۇل قىلمىسىلا.

— ئەمدى ئۇرۇق - تۇغقان بولغاندىكىن ...

— يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز تارقاتتى، دېگەنلىك ئەمەلىيەتتە جازانە قىلدى، دېگەن شۇ، بۇنداق ئادەملەر ھېلىغۇ شىرەم تۇغقىنىكەن، دادىسى بىلەن ئانىسىنىمۇ تونۇمايدۇ.

— ئەستەغپۇرۇللا، بۇنى ئەمدى قانداق قىلدۇق؟ — بارات قويچىنىڭ بېشى قاتقاندەك قىلاتتى. سەردار بارات قويچىنىڭ تولىمۇ ئاددىي، ئەمما شۇ ئاددىيلىقىغا قارىماي غەلىتە نەرسىلەرنى ئويلايدىغان، چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئادەملەرگە خاس تۇرقىغا قاراپ كۆڭلى غەش بولۇپ قالدى.

بارات قويچى بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن توساتتىن سورىدى:

— سەردار دوختۇر، مۇشۇ مەھەللىدە سەمەتجان دېگەن بىر بالا بار ئىكەن، بەك ياخشى بالىدەك قىلىدۇ، گەپ - سۆزلىرى شۇنداق جايىدا، سىلى تونۇملا ئۇ بالىنى؟

— تونۇيمەن.

— بەك ئېسىل بالىدەك تۇرىدۇ، كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈندى.

uyghurkitap.com

بارات قويچى سەمەتجاننىڭ ياخشى تەرىپلىرىنى قىلىپ خېلى ئۇزاق ئولتۇرغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى، ئۇ مۇشكۇل بىر ئىشقا دۇچ كەلگەندەك بىئارام كۆرۈنەتتى.

بارات قويچى ئون مىليون يۈەننىڭ خاپىلىقىدا قالغان كۈنلەردە، چىرايلىق شەھەرنىڭ تار كوچىلىرىنىڭ بىرىدىكى ئۆيدە بىر ئايال گەپ - سۆزلىرى بىرقىسما بولۇپ قالغان قىزىنىڭ غېمىدە قانداقتۇر بىر ئىشلاردىن ئەندىكىپ ئولتۇرىدۇ، ئۇ ئۆتمۈشتىكى ئىشلار، بۈگۈنكى ئىشلار، ئەتە بولىدىغان ئىشلار ھەققىدىكى ئەسلىمە ھەم خىياللار ئارىسىدا گاڭگىراپ قالغان شۇ دەمدە، پەلەمپەيدىن كېلىۋاتقان، ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئۆزگە تونۇش بولۇپ كەتكەن شەپىنى ئاڭلاپ، كۆڭلىگە سوغۇق شامالدەك بىر تۇيغۇنىڭ شۇۋۇلداپ كىرگىنىنى ھېس قىلىپ تەمتىرەپ كەتتى. شاۋقۇنلۇق شەھەر ئۇنىڭغا جىمجىتلىقتا غەرق بولغاندەك تۇيۇلۇپ قالدى. ئادەمنىڭ روھى قېتىپ قالسا ھەممە نەرسە جىمجىت بولۇپ تۇيۇلىدۇ.

## 13

شاكىرنىڭ پەلەمپەيدىن چىقىۋاتقان قەدەم تىۋىشى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن ئېگىز - پەس ناخشىسىدىن ئۇنىڭ مەست ئىكەنلىكىنى بىلگەن رازىيە دىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئاندىن يۈگۈرگىنىچە گۈلپىيەنىڭ يېنىغا كىردى، گۈلپىيە ئۇخلاۋاتاتتى، رازىيە ئاستاغىنا ئىشىكنى يېپىپ جايىغا بېرىپ ئولتۇردى، يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ قوللىرىنى ئىشقىلاپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. شەھەر ناھايىتى نۇرغۇن يۈرەكلەرنىڭ سوقۇشلىرىدىن سىرلىق تىترەيتتى.

شەھەرنىڭ چىرايلىق دەملىرىدىكى چىرايلىق ئارمانلىرى چىراغلاردىن تۆتەپ چىققان نۇر تومانلىرى ئارىسىدا لەيلەپ يۈرەتتى.

ئاق بىلىق ئاپپاق بىلىق،
ئاپتاپتا ياتقاننىڭ قېنى ...

شاكىرنىڭ ناخشىسى تار پەلەمپەيدە ئەكس سادا پەيدا قىلدى.

«قوشنىلار نېمە دەپ قالغاندۇ؟ ...» رازىيەنىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ تېتىلداپ كەتتى. ئايىمخاننىڭ سىرلىق ھەم سوغۇق قاراشلىرى كۆز ئالدىغا كەلدى، بۇ ئايالنىڭ كىشىگە مۇزدەك سىزىم بېرىدىغان كۆزلىرىنىڭ ئاستىدىكى ساڭگىلاپ تۇرغان قاپاقلىرى رازىيەگە ۋەھىمىلىك كۆرۈنەتتى.

— ئىشكنى نېمانداق تەستە ئاچىسەن؟ ئۆيدە بىرى بارمۇ نېمە؟

رازىيە گەپ قىلمايلا ياندىكى ئۆيگە ماڭدى، شاكىر دەلدەڭشىپ كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىنى توستى.

— ئۆيگە كىم كىردى؟ — شاكىردىن كېلىۋاتقان تۇخۇ قوردىقىنىڭ ھىدى رازىيەنىڭ نۇرغۇن قاراڭغۇ ئەسلىمىلىرىنىڭ ئۇۋىسىنى چۇۋۇۋەتكەندەك بولدى.

— ھېچكىم كىرمىدى، — دېدى رازىيە تىترەڭگۈ ئاۋازدا.

— راست گەپ قىل، كىم كىردى؟

— ھېچكىم كىرمىدى.

شاكىر ئۆينىڭ ئىككى يېقىغا ئالاڭلاپ قاراپ قويۇپ ئاندىن خۇنسىز كۆزلىرىنى خوتۇنىغا تىكتى. بۇ كۆزلەردە ناھايىتى نۇرغۇن بۇرگىلەر سەكرىشىپ يۈرگەندەك قىلاتتى.

«ئاھ خۇدا، قايسى قارا كۈندە بۇنىڭغا رىزقىم قېتىلىپ قالغان بولغىيدى؟»

رازىيە مىڭ قېتىملاپ دېگەن سۆزنى يەنە بىر قېتىم ئۈنسىز تەكرارلىدى. رازىيەنىڭ كۆڭلىدە، روھىدا، ئويلىرىدا بەك نۇرغۇن نەرسە تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ، خۇشاللىقلىرى، قايغۇلىرى،

www.uyghurkitap.com

دېگەن گەپلىرى، قوشنىلار بىلەن سالاملىشىشلىرى، نەپرەتلىرى كۈندە دېگۈدەك تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ، رازىيەنىڭ ۋاقتى بەك كونىراپ كەتكەندەك قىلاتتى، ھاياتىمۇ بەك كونىراپ كەتكەندەك قىلاتتى. رازىيە گۈلنىگارغا ھەۋەس قىلاتتى، رازىيەنىڭ نەزىرىدە گۈلنىگار ئەڭ بەختلىك ئايال ئىدى، ئۇنىڭ سەردار دوختۇردەك سالاپەتلىك، ھەممە ئادەم ھۆرمەت قىلىدىغان ئېرى بار، باللىرى بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق، بىر ـ بىرىدىن ئەقىللىك، ھەر ئىككىسىنىڭ شۇنداق بەلەن خىزمىتى بار ... رازىيە شاكىر بىلەن جېدەللەشكەن دەملىرى يادىغا يەتكەندە گۈلنىگارنى ئويلايدۇ، گۈلنىگار بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىنى تۈگىمەس ئۇۋالچىلىققا قالغاندەك ھېس قىلىدۇ. ئەمما، ئۆزىنى يولدىن چىقىپ كېتىۋاتىمەن دەپ ئويلايدىغان، ئۆزىنىڭ يولدىن چىقىشىنى ئېرىدىن كۆرۈش بىلەن كۆڭلىگە تەسەللى تاپىدىغان گۈلنىگارنىڭ بەزىدە «رازىيەنىڭ كۆڭلىرى نېمىدېگەن بەلەن، ئۇ كۈنداشلىقنىڭ دەردىنى تارتىپ باقمىدى، ئايال زاتىنى شەرمەندە قىلىدىغان يولدىمۇ ماڭمىدى ... » دېگەنلەرنى ئويلايدىغانلىقىنى رازىيە بىلمەيدۇ. مىڭلىغان قۇشلار ئۇۋا سالغان دەرەختىكى ئاشۇ مىڭلىغان قۇشلارنىڭ چاۋۇلداشلىرى ئارىسىدىكى ھەربىر قۇشنىڭ سايراشلىرىدىكى شادىمانلىق ھەم مۇڭ بىر ـ بىرىنىڭكىگە پەقەت ئوخشىمايدۇ.

— سەن مېنى قاچانغىچە ئالدايسەن؟

— مەن سېنى ھېچقاچان ئالداپ باقمىدىم.

رازىيە شاكىرغا تىك قاراپ تۇراتتى، بەش يىل ياكى ئون يىل بولغاندۇ ... ئۆزىمۇ تازا بىلمەيدۇ، قاچاندىن باشلاپكى، شاكىر بىلەن ئۇرۇشسا، ئۇنىڭدىن تىل ئىشىتسە يىغلىمايدىغان بولۇپ قالدى، توغرىسى يىغلىيالمايدىغان بولۇپ قالدى. مۇمكىن. يىغلايدىغان چاغلىرىدا تازا يىغلىۋالسا، كۆڭلى بوشاپ يەڭگىللەپ قالاتتى، شاكىرمۇ خوتۇنىنىڭ يىغىسىنى ئاڭلىسا تېزلا بوشاپ كېتەتتى، تېخى بەزىدە رازىيەدىن كەچۈرۈم سوراپمۇ قوياتتى.

بىراق ھازىر رازىيە يىغلىمايدۇ، رازىيە يىغلىمىغانسېرى شاكىرنىڭ شۇنچە جەھلى قاتىدۇ.

— ھېچكىم كىرمىدى دەيسەن ... مۇشۇ گېپىڭ راستمۇ؟

— ئىشەنمىسەڭ ئۆزۈڭ قاراپ باق.

— ھېچكىم كىرمىگەن بولسا ... ئەمىسە دەپ باقە، نېمىشقا كىرمىدى؟

— نېمىشقا كىرەتتى؟

— نېمىشقا كىرەتتى دېگىن، نېمىشقا كىرەتتى؟ ... — شاكىر دەلدەڭشىپ بىردە ئالدىغا، بىردە كەينىگە مېڭىپ قاتتىق كېكىردى، توخۇ قوردىقىنىڭ ھىدى بىلەن ھاراقنىڭ ھىدى رازىيەنىڭ بۇرنىغا ئۇرۇلدى، — بۇنى مەندىن سورىساڭ قانداق بولىدۇ؟ ... سەن قانداق خوتۇن، بىلەمسەن؟ ... سەن دېگەن بۇزۇق خوتۇن، ئاغىنىلەردىن ئاڭلىسام كىچىككىدە بۇزۇلۇپ كەتكەن خوتۇن قىرىغۇچە ئوڭشالمايدىكەن، بۇزۇق خوتۇن دېگەننى ھەر قىسما ئادەملەر ئىزدەپ كېلىدۇ.

— زۇۋانىڭنى يىغ!

— يىغمىسام قانداق قىلاتتىڭ؟ دېگىنە، قانداق قىلاتتىڭ؟ سېنىڭ بۇزۇق خوتۇن ئىكەنلىكىڭ راستقۇ؟

رازىيەنىڭ مېڭىسىگە قارا ھەم يۇمشاق تۇتۇنلەر لىققىدە توشۇپ كەتتى. بۇ تۇتۇنلەرنىڭ ئاچچىق ھىدى دەمنى بوغاتتى. ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەر شەھەرنىڭ كەڭ كوچىلىرىدا، تار كوچىلىرىدا، يورۇق كوچىلىرىدا، قاراڭغۇ كوچىلىرىدا مېڭىشىپ يۈرەتتى. شۇ دەمدە بەك نۇرغۇن ئادەم بۇ شەھەردە شاكىر، رازىيە ئىسىملىك ئەر - خوتۇنلارنىڭ بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ گۈلپىيە ئىسىملىك قىزى بارلىقىنى بىلمەيدۇ، بۇ ئۆيدە ئەر - ئايال ئارىسىدا دېيىلىۋاتقان، ئۇزاقتىن بۇيان دېيىلگەن ھەم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ دېيىلىدىغان گەپلەرنى ھېچكىم ئويلاپ يېتەلمەيدۇ.

— راست ... توغرا دېدىڭ، مەن بۇزۇق خوتۇن، مەن بۇزۇقچىلىق قىلدىم، ئەمىسە مېنى قويۇۋەت.

— ھامان قويۇۋېتىمەن، ئابدۇراخمان دېگەن ئېشەك بۈگۈن ئۆلسە سېنى ئەتىسى قويۇۋېتىمەن ... سەن بۇزۇقنى ... مەن ھارامدىن بولغان بالىنى بالام دەپ يۈرسەم قانداق بولىدۇ؟

«ئابدۇراخمان ئۆلۈپ كەتتى ...»

رازىيە بۇ گەپنى دېيەلمىدى.

سان ـ ساناقسىز چىنە ـ قاچىلار سۇنغاندەك قورقۇنچلۇق شاۋقۇندىن رازىيەنىڭ يۈرىكى مىجىلدى. نۇرغۇن ئادەملەر جىندىن قورقىدۇ، گۈلپىيە جىندىن ھەممىدىن بەك قورقىدۇ، شاكىرنىڭ بايىقى گېپى رازىيەگە جىنغا ئوخشاشلا قورقۇنچلۇق بىلىندى.

— خۇدانىڭ ھەققىدە مۇشۇ گەپنى دېمىگىن، شاكىر، خۇدانىڭ ئالدىدا ئېغىر كېتىدۇ.

— سەن بۇزۇقچىلىق قىلساڭ ئېغىر كەتمەي مەن بۇ گەپنى دېسەم ئېغىر كېتەمدا؟ ... سەن مەن بىلەن ئالدىراپ ـ سالدىراپ توي قىلىۋالغان، نېمىشقىكىن دېسەم ئەسلى شۇ چاغدىلا قورسىقىڭدا خەقنىڭ بالىسى بار ئىكەن ئەمەسمۇ؟

— ئۇنداق ئەمەس، ھۇ ھايۋان ... ئادەم بولساڭ بۇنداق گەپنى دېمە.

بەزى دەملەر ناھايىتى ۋەھىملىك بولىدۇ. يۈرەكلەر بىر ـ بىرىنى ئىتتەك تالاپ، چىشلەپ، تىتما ـ تالاڭ قىلىدۇ.

— ئادەم بولساڭ دېگىن ... شۇ، مەن ئادەم ئەمەس ... مەن خەقتىن ئېشىپ قالغان خوتۇننى ساقلاپ يۈرگەندىكىن مەن ئادەم ئەمەس، ھارامدىن بولغان بالىنى بالام دەپ يۈرگەندىكىن مەن ئادەم ئەمەس ... گۈلپىيە خەقنىڭ بالىسى، شۇنداقمۇ؟ سەن تويدىن بۇرۇن ئۇنى قورسىقىڭدا كۆتۈرۈپ كەلگەن.

— ئۇنداق ئەمەس.

— دەل شۇنداق، گۈلپىيە خەقنىڭ بالىسى، مەن ھارامدىن بولغان بالىنى بالام دەپ يۈرىدىغان ساراڭ ئەمەس!

— شۇنداق بولغاندىكىن مېنى قويۇۋەت.

رازىيە نۇرغۇن قېتىم دېگەن گەپنى يەنە دېدى، ئۇ بۇ گەپنى دېيىشتىن قورقاتتى، ئايىمخاننىڭ دېيىشىچە، بۇنداق دېسە ئارىدا نىكاھ ئاجراپ كېتىدىكەن، نىكاھ ئاجراپ كەتسە بالا ـ قازا، نەسىلسىزلىك، بەرىكەتسىزلىك ئاۋۇيدىكەن، شۇنداق تۇرۇپ يەنە بىر ئۆيدە ئولتۇرغان ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ گۇناھى تاغدىنمۇ ئېغىر بولىدىكەن.

— ئالدىرىما، هامان قويۇپ بېرىمەن، ئەمما هازىر ئەمەس.

شاكىرنىڭ خۇنسىز كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كېتىۋاتاتتى، شاكىر شۇ هالدا رازىيەنىڭ يىغلىشىنى تەمە قىلىپ قالدى. رازىيە مۇشۇنداق ئۇرۇشۇشنىڭ، مۇشۇنداق چاغدا دېگەن گەپلەرنىڭ هېچقايسىسىنىڭ قىلچە ئەهمىيىتى يوقلۇقىنى بىلەتتى، ئەمما يەنە شۇ گەپلەرنى دەيتتى، كونا گەپلەر تەكرارلىناتتى، كونا جېدەللەر ئىلگىرىكىسىدىن كۆپ پەرقى يوق تەرزدە يەنە يۈز بېرەتتى. شاكىر بىلەن رازىيە ئارىسىدا دېيىلگەن بايىقىدەك گەپلەر يۈز قېتىملاپ، مىڭ قېتىملاپ دېيىلگەن گەپلەر ئىدى. بەزى ئۆيلەردە بەزى گەپلەر بەك جىق دېيىلىدۇ، بەزى گەپلەر پەقەت دېيىلمەيدۇ.

— گۇلپىيەنى هاقارەت قىلما، ئۇنى هارامدىن بولغان دېگەن گەپنى دېمە، ئۇ سېنىڭ مۇشۇ گەپلىرىڭنى ئاڭلاپ قاپتۇ، بالىغا بەك تەسىر قىلىپ كەتكەندەك قىلىدۇ ... ئۇ مەندىن نەچچە قېتىم سورىدى.

شاكىر قوشۇمىسىنى تۇرۇپ، كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ خىرىلدىدى:

— نېمىنى سورىدى؟

— هارامدىن بولغان دېگەن نېمە گەپ دەپ سورىدى، سېنىڭ شۇ گەپلىرىڭنى ئۇ ئاڭلاپ قاپتۇ.

شاكىرنىڭ گۆشلۈك يۈزى تۈمۈردەك كۆكىرىپ قوللىرىنى بۇلغىدى:

— دەپ قوي، هارامدىن بولغان دېگەن دەل شۇ ... شۇنداق

www.uyghurkitap.com

بولدۇ، خۇددى شۇنىڭ ئۆزىدەك.

— خۇدانىڭ ئالدىدا پاكمەن، بۇ بالا سىنىڭ پۇشتۇڭ... چىرايىغا قاراپ باق، ئاۋازىنى ئاڭلاپ باق ... مىڭشلىرىغا قاراپ باق.

— مېنى بۇنداق گەپلەر بىلەن ئالدىيالمايسەن ... بۇ بالا سەن ماڭا تېگىپ سەككىز ئايدا تۇغۇلدى، ئاغىنىلەر ماڭا ھېسابلاپ بەرگەن ... مەن ساڭا ئەمدى گول بولمۇۋەرمەيمەن، مەن ھېلىمۇ بەك بوزەك بولۇپ كەتتىم.

شاكىرنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇۋاتاتتى، ئۇ دەلدەڭشىپ ماڭغىنىچە ساپاغا ئۆزىنى تاشلاپ ئىككى پۇتىنى كەرگىنىچە ئولتۇردى، گۆشلۈك بارماقلىرى يېرىم يۇمۇلۇپ تۇراتتى. ئاغزى ئوچۇق ئىدى. سېمىز يۈزىنىڭ گۆشلىرى پەسكە ساڭگىلاپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى.

شۇ دەمدە گۈلپىيەنىڭ ھۇجرىسىدىن بىرنېمىدىن قورقۇپ كەتكەندەك چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ۋايجان... ۋايجان... مەن قورقتۇم ... جىن كەلدى!

رازىيە چۆچۈگىنىدىن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، شاكىر بېشىنى بىر تەرەپكە سىڭارىيان قىلىپ خورەككە چۈشكەنىدى. رازىيە يۈگۈرگىنىچە گۈلپىيەنىڭ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ قوللىرىنى ئارۋاڭ ـ سارۋاڭ قىلىۋاتقان گۈلپىيەنى قۇچاقلىدى. گۈلپىيە ۋارقىرايتتى، ئاغزىدىن كۆپۈك قايناپتتى، ئۆزىنى ھەريان ئۇراتتى، ئۆزىنىڭ گېلىنى ئۆزى بوغاتتى، قانداقتۇر بىر نېمىلەرنى تېپەتتى. چاچلىرىنى يۇلاتتى. تىنالمىغاندەك خارتىلدايتتى.

— گۈلپىيە، جېنىم بالام ... بۇنداق قىلما... بۇ يەردە جىن يوق. بالام.

— مەنسۇر ساراڭ بولدى ... مەنمۇ ساراڭ بولىمەن، مەنسۇر ھارامدىن بولغان بالا.

رازىيە گۈلپىيەنى مەھكەم قۇچاقلىدى، گۈلپىيە پات ـ پات

مەنسۇر دېگەن بىرسىنى تىلغا ئالاتتى.

— ئۇنداق قىلمىغىن، بالام، جىنىنىڭ گېپىنى قىلما!

— جىن بار، سەنمۇ جىن، دادامىۇ جىن، تامىۇ جىن ... پەردىمۇ جىن ... ھەممە نەرسە جىن !

گۈلپىيە ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ يۇمىلىدى، قانداقتۇر بىرنېمىنى ئۇراتتى، تېپەتتى، تۇكۇرەتتى، بىردەمدىن كېيىن يوتقاننى تارتىپ باش ـ كۆزىنى مەھكەم ئوراپ يېتىۋالدى، يوتقان ئىچىدىن چىرقىراشلىرى ئاڭلىناتتى. ساغلام پاقالچەكلىرى ھەريان پۇلاڭلايتتى.

رازىيە كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي نالە قىلدى.

— ئاھ خۇدا، ماڭا كۆرسەتمىگەن مۇشۇ كۈنۈڭ قالدىمۇ ... قايسى گۇناھىم ئۇچۇن مېنى بۇنداق جازالايسەن؟!

گۈلپىيەنىڭ يوتقان ئىچىدىن جان ـ جەھلى بىلەن ۋارقىراشلىرى ئاڭلاندى:

— ئەنۋەر... مېنى قويىۋەت... سەن جىن... مەنمۇ جىن... ۋاي بېشىم ... ۋايجان ... جىننى قوغلىۋېتىڭلار!

رازىيە يوتقاننى تارتقۇشلىغىنىچە يۇم ـ يۇم يىغلىدى.

— جېنىم قىزىم ... مېنىڭ گۇناھىم ئۇچۇن سەن مۇشۇ كۈنگە قالدىڭ ... خۇدا مېنى جازالىدى.

گۈلپىيە رازىيەنىڭ يۈرىكىنى ئېزىپ چىرقىرايتتى، ئۆزىنىڭ بويۇنلىرىنى مورلايتتى.

شەھەر گۈلپىيەنىڭ قورقۇنچىنى، رازىيەنىڭ نالىسىنى ئۈنسىز باغرىغا سىڭدۈرۈۋاتاتتى.

بۇ شەھەر سىرلىق شەھەر، ماتانەتلىك شەھەر، باغرى قاتتىق شەھەر، مېھرىبان شەھەر، بۇ شەھەردە ھەممە نەرسە بار، بۇ شەھەردە ھەممە بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ، چىرمىشىپ كەتكەن، بۇ شەھەردە رازىيە بىلەن گۈلپىيەنىڭ تەمتىرەشلىرىمۇ، نادىرە دېگەن قىزنىڭ گاڭگىراشلىرىمۇ، شەھەرنىڭ ئەسلىمە ھەم ئارزۇ بىلەن، سۆيۈش ھەم يىرگىنىش بىلەن تولۇپ كەتكەن پايانى يوق

ئاسمىنىغا ئاستا ـ ئاستا ... خۇددى تۇتۇندەك توزۇپ كېتەتتى.
شەھەرنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى ئۆيىدە يالغۇز ئولتۇرۇپ خىيالغا كەتكەن نادىرە چىرايلىق ئۆتمۇشىنى، چىرايلىق ئۆتمۇشىنىڭ ئارىسىغا چار يىلاندەك قىسىلىۋالغان يىلاندەك ۋەھىمىلىك كەچمىشىنى ئويلاپ ئولتۇرىدۇ. ئۇ مۇراتنى، مۇراتنىڭ ئەقىللىك كۆزلىرىنى، سىم ـ سىم يامغۇرنى، سىم ـ سىم يامغۇر ياغقان كۈندىكى مۇراتنى ئويلايدۇ، مۇرات شۇ كۈنى ئۇنىڭغا قارا كۆزئەينەك ئېلىپ بەرگەن، ئىككىيلەن دالاغا چىقىپ ئويناپ كەلمەكچى بولغان، ئەمما ... شۇ كۈنى، سىم ـ سىم يامغۇر ياغقان شۇ كۈنى ھەممە ئىش قىنىدىن چىقىپ كەتتى، نادىرەنىڭ ئون سەككىزىنچى باھارىدا، ئۇلارغا كۈلۈپ باغرىنى ئاچقان ھاياتنىڭ رەڭگى ھەم كۆلكىسىنىڭ مەنىسى ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇ ئەيدىزنى خىيال قىلىشتىن، مۇراتنىڭ قىزىل ماشىنىسىنىڭ چاقلىرى ئارىسىدىكى ھالىنىڭ يۈرىكىدە ساقلىنىپ قالغان قىپقىزىل خاتىرىسىنى يادىغا ئېلىشتىن قورقاتتى.
سىم ـ سىم يامغۇر ...
نۇرغۇن ئىشلار سىم ـ سىم يامغۇر ياغقان كۈنلەردە، قار ياغقان كۈنلەردە، شامال چىققان كۈنلەردە يۈز بېرىدۇ، تومۇزدا، زىمىستان سوغۇقتا يۈز بېرىدىغانلىرىمۇ بار ... بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن دۇنيانىڭ بىھايا ئىشلىرىغا سۈكۈت قىلالمايدىغان بىر ئادەم شەھەرنى تويدىن يانغان مەستلەر قاپلاپ كەتكەن كۈنى، كۆپكۆندۈزدە يېرىم يالىڭاچ يۈرۈشكەن ئادەملەرنى ھاياسىزلىقتا ئەيىبلەپ، ئۇلاردىن تاياق يەپ يىقىلىدۇ، شۇ چاغدا ساباھەت ئىسىملىك بىر قىز ئۇنى ھوشسىز ياتقان يېرىدىن يۆلەشتۈرۈپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارىدۇ، تەقدىر دېگەن شۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ساباھەت ئىككىيلەننىڭ قورقۇنچلۇق شېرىن تۇيغۇلىرى باشلىنىدۇ، يامغۇرلۇق بىر كۈندە شەرمسار بولغان ھېلىقى ئادەم ئايالىنىڭ كەچۈرۈشكە ئېرىشەلمەي كۆك رەڭلىك چامادانىنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىدۇ ... ئۇ كېچىكىدە يىڭناغۇچ

تۇتۇتۇۋالسا، ئايروپىلان تۇتۇۋالدىم، دەپ خۇش بولۇپ كېتىدىغان ساددا بالا ئىدى، بۇ بالىمۇ ھاياتلىق ئالىمىدىكى بارلىق بالىلارغا ئوخشاش چوڭ بولغاندىن كېيىن بېشىغا كېلىدىغان قىسمەتلىرىنى بىلمەيتتى، ئۇنىڭ بىلمەيدىغانلىرى كۆپ ئىدى، ئۇ ئەر يەتكەندىن كېيىن خاتا، ئەمما ئوتتەك سۆيۈشلەرنىڭ سەۋەبىدىن كۆك چامادانىنى ئېلىپ، يامغۇرلۇق بىر يەكشەنبىدە ئۆيدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. ئۆيدىن چىقىپ كېتىدىغان ئىشلار دائىم بولۇپ تۇرىدۇ، ئەمما ئۇ ئازابى ئېغىر ئىش. شۇ كىشى ياشىغان، ياشاۋاتقان بۇ شەھەردە بۈگۈن نادىرە، دىلمۇرات، سەردار، گۈلنىگارلار ياشاۋاتىدۇ.

— مەن قورقىمەن، نادىرە.

نادىرە ئالدىنقى قېتىم گۈلپىيەنى يوقلاپ بارغاندا، گۈلپىيە نادىرەنىڭ قولىدىن تۇتۇپ شۇنداق دېدى.

— نېمىدىن قورقىسەن؟

— جىنىدىن، ئەنۋەردىن قورقىمەن، مەنسۇر ھارامدىن بوپتىكەن.

— مەنسۇر دېگەن كىم؟

— بىلمەيمەن، ھاۋاخان دېگەن ئايال شۇنداق دېدى.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن، گۈلپىيە ... ھېچنېمىدىن قورقما، بۇ دۇنيادا قورققۇدەك ھېچنېمە يوق.

— مەن ھەممە نەرسىدىن قورقىمەن، ساڭا مۇرات ھەمراھ، مېنىڭ مۇراتتەك يېقىن ئادىمىم بولسا، گۈلنىگار ئاپامدەك ئانام بولسا، سەردار دادامدەك دادام بولسا ھېچنېمىدىن قورقمايتتىم.

— گۈلنىگار؟... ئۇ كىمۇ؟

— ئانامنىڭ دوستى، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، كۆرسەڭ تونۇيسەن، بەك ياخشى ئايال ...

— يادىمغا ئالالمىدىم، — دېدى نادىرە، — بىزگە دەرس بەرمىگەن بولسا كېرەك.

— مۇرات سېنى سۆيدىمۇ؟

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

گۈلپىيە تامدىن تارىشا چۈشكەندەكلا سورىدى.

نادىرە خىجىللىق بىلەن قىزاردى.

— گۈلپىيە، مەكتەپتىكى كۈنلەرنى سېغىندىم، ساۋاقداشلىرىمنى، شۇ كۈنلەرنى سېغىندىم ... ئالىي مەكتەپكە كەتكەن ساۋاقداشلىرىمنى سېغىندىم، ئەسلىي سەن بىلەن مەنمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدا بولۇشىمىز كېرەك ئىدى.

— ياق ... مەن مەكتەپتىن قورقىمەن، مەكتەپتە باللار بىر ـ بىرىنى هارامدىن بولغان دەپ تىللايدۇ، ئۇ يەردە گۈلباهار سېرىق بار، ئەنۋەر بار ... هاۋاخانىنىڭ دېيىشىچە، مەنسۇرغا جىن يامىشىۋاپتۇ، ئۇنىڭغا يەنە تام، ئىشىك، گىلەم دېگەن نەرسىلەرنىڭ هەممىسى جىن بولۇپ كۆرۈنىدىكەن، بىزنىڭ ئۆيدىكى تاملارمۇ جىنغا ئايلىنىدۇ، بىزنىڭ ئۆيدە جىننىڭ ئۇۋىسى بار ...

گۈلپىيە شۇنداق دەۋېتىپ ئالاق ـ جالاق بولۇپ كەتتى.

نادىرە گۈلپىيەنىڭ نۇرغۇن غەلىتە ۋەھىمىلەر چۇمۇلىدەك ئۆمىلىشىپ يۈرگەن كۆزىگە قاراپ ئۇنى قۇچاقلىدى، شۇ چاغدا نادىرە يۈرىكىنىڭ سوغۇق، مۇدھىش بىر تۇيغۇدىن سىرقىراپ ئاغرىغانلىقىنى سەزدى. گۈلپىيەگە دەردىنى تۆككىلى كەلگەن نادىرە گۈلپىيەنىڭ سەل غەلىتىرەك هالىنى كۆرۈپ كۆڭلى پەرىشان بولۇپ قالدى.

نادىرە تەنها ئولتۇرۇپ گۈلپىيەنى خىيال قىلىۋاتقان شۇ دەمدە، گۈلپىيە يوتقانغا بېشىنى تىقىۋېلىپ چىرقىراۋاتاتتى. نادىرەنىڭ تېلېفونى سايرىدى، ئۇ تېلېفونغا قارىدى، كىچىككىنە ئېكراندا دىلمۇراتنىڭ نومۇرلىرى ئالۋاستىنىڭ چىشى كەبى تىترەپ كۆزگە چېلىقاتتى.

ۋارقىراپ ـ جارقىراپ، ئۆزىنى هەر يان ئېتىپ هارغىنلىق يەتكەن گۈلپىيە ئۇخلاپ قالدى، شاكىرمۇ ئىككى پۇتىنى كەرگىنىچە ساپاغا يۆلىنىپ ئۇخلاپ قالغانىدى. رازىيە گۈلنىگارنى يادىغا ئالدى، ئۇ نەچچە قېتىم هەممە

دەردسەرلىرىنى گۈلنىگارغا تۆكۈپ بەرمەكچى بولغانىدى، ئەمما جۈرئەت قىلالمىدى.

رازىيە ئۆزىنى بەكلا بىچارە دەپ ئويلاۋاتقان دەملەردە، گۈلنىگارنىڭ مەن رازىيەدىنمۇ بەختسىز، دەپ ئويلايدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. گۈلنىگارنىڭ خىيالىچە رازىيەنىڭ ئېرى شاكىر يولدىن چىقىدىغان ئىشنى قىلمايدۇ، گۈلنىگارنىڭ خىيالىچە كۈنداشلىق ئازابىنى تارتمىغان ئايال بەختلىك ئايال ھېسابلانسا كېرەك.

بۇ شەھەردە نادىرە بىلەن گۈلپىيە دېگەن قىزلار بار، رازىيە بىلەن گۈلپىيە دېگەن ئاياللار بار، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقلىرى، تەلپۈنۈش ـ ئارزۇلىرى گاھ ـ گاھ بىر ـ بىرىنىڭكىگە ئوخشاپ قالىدۇ.

ئادەملەرنىڭ ئەخمەقلىقى بەزىدە دۇنيانى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدۇ. ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئۇنتۇپ قېلىش ئادەملەر بەك قەدىمدىن داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن خاتالىق.

## 14

گۈلنىگار ئۆيگە كىرگەندە سەردار تومۇر تۇتۇپ كېسەل كۆرۈش ھەققىدىكى قېلىن كىتابنى ۋاراقلاپ ئولتۇراتتى، پات ـ پات دەپتىرىگە بىرنېمىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىپ قوياتتى، گۈلنىگار ئىشىكنىڭ يېنىدا سەردارغا قاراپ تۇردى. شۇ ھالدا بۇنىڭدىن ئون يىللار بۇرۇنقى سەردارنى ئويلاۋاتاتتى، ئون يىل بۇرۇنقى سەردار كۆزلىرىدىن مېھىر ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، ئېگىز بويى، كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان يىگىت ئىدى، ھازىرقى سەردار بولسا مىجەزى ئېغىر، يېشىدىن بۇرۇن سالماقلىشىپ كەتكەن، قورساق سالغان، كۆزلىرى پەرۋاسىز ھەم سوغۇق قارايدىغان سەردارغا ئۆزگەرگەنىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ گۈلنىگارغا قارىغاندا لەۋلىرىدە پەيدا بولىدىغان مەسخىرىگە مايىل تەبەسسۇم گۈلنىگارنى ئۇلاقتۇرۇپ تاشلايتتى. ئون يىل بۇرۇنقى سەردار

گۈلنىگار ئۆيگە كىرىشى بىلەن تەڭ ئۈنى مەھكەم قۇچاقلىۋالىدىغان، سۆيۈپ كېتىدىغان، بارلىقىدىن گۈلنىگارغا بولغان قانماس سۆيگۈسى شوخشۇپ تۇرىدىغان سەردار ئىدى، ھازىرقى سەردار ئېغىر پىكىرلەرنى قىلىدىغان، كۆزلىرىدە مەسخىرىگىمۇ، مەنسىتمەسلىككىمۇ ئوخشاپ كەتمەيدىغان، پەقەت ئوخشىمايمۇ قالمايدىغان سىرلىق ھەم ئىلمان تەبەسسۇم سىلغىيىپ تۇرىدىغان سەردار بولۇپ قالدى.

— مەن كەلدىم.

— بىلدىم، — دېدى سەردار بېشىنى كۆتۈرمەيلا.

— باللار كەلمىدىمۇ تېخى؟

— كەلمىدى، بىر يەرلەردە ئويناپ يۈرەمدىكىن.

— بۇ ياغاچ قۇلاقلارنىزە، مەكتەپتىن ئۇدۇل ئۆيگە كېلىڭلار دېگەن گەپنى كۈندە دەيمەن، ئەمما ھەر كۈنى قاراڭغۇ چۈشمىگۈچە ئۆينى تاپالمايدۇ، بىرەر ئىش بولۇپ قالامدىكى دەپ يۈرىكىم سۇ ...

سەردار گۈلنىگارغا شۇنداقلا قاراپ قويدى. گۈلنىگار سومكىسىنى ئىلغۇچقا ئېسىۋېتىپ دېدى:

— ھە، راست، بىر گەپنى ئاڭلىدىم، بىزنىڭ مەكتەپتىكى بىر ئوقۇغۇچىنى سىرتتا ئىشلەۋېتىپتۇ، دەيدۇ قاراڭ.

— نېمە؟ — سەردار بېشىنى كۆتۈردى، قاراشلىرىدىن تەئەججۇپ بىلىنەتتى، ئادەم دېگەن غەلىتە بولىدۇ، ئۆزگە تەلمۈرۈپ تۇرغان گۈزەل ئايالنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدىكى ئىنتىزارلىق، لەۋلىرىدىكى تەلپۈنۈش سەردارغا ھېچ تەسىر قىلمىغاندەك ئىدى. شۇ ھالدا گۈلنىگارنىڭ كۆز ئالدىغا نازۇك، چىرايلىق بىر ئايال كەلدى، كۆز ئالدىدىكى ئايالنىڭ غايىبانە سىيماسى گۈلنىگارغا ئالۋاستى سۈرىتىدە بولۇپ كۆرۈندى.

— بىر ئوقۇغۇچىنىڭ سىرتتا ئىشلەۋاتقىنى توغرۇلۇق بىر گەپنى ئاڭلاپ قالدىم.

— ئوقۇغۇچى؟ ئوقۇغۇچى سىرتتا ئىشلەپ يۈرسە قانداق

بولىدۇ؛ نەچچە ياشلىق بالا ئىكەن ئۇ؟
— ئون بىر ياشقا كىرىپتۇ دەيدۇ، ئىلتەبىر بىلەن تەڭ كېلىدىكەن.
— بۇ ... سەل غەلىتە ئىشقۇ، ئەھۋالنى ئۇقتىڭىزمۇ؟
— تەپسىلىي ئەھۋالنى مەنمۇ بىلمىدىم، ھېلى تېخى شۇ گەپ بولۇۋېتىپتىكەن، چالا - پۇچۇق ئاڭلاپلا ئالدىراپ يېنىپ كەلدىم.
— شۇ بالىنى سۈرۈشتۈرۈپ قويغىنىڭىز خوپ، كەينىدە چوقۇم بىر ئىش بار.
— مەن سۈرۈشتۈرۈپ باقاي.
سەردار يەنە كىتابقا قاراپ ساپادا سوزۇلۇپ ياتتى. گۈلنىگار ياندىكى ئۆيگە مېڭىۋېتىپ سەردارغا قاراپ قويدى، ۋاقىت گۈلنىگاردىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى تارتىۋالدى، گۈلنىگار شۇنداق ئويلايتتى، ۋاقىت ئۇنىڭدىن تارتىۋالغان نەرسىلەر بەك كۆپتەك ئويلاپ قالاتتى. ھەممە يەرگە سىڭىپ بۇستەك يېيىلىپ كەتكەن زارلىنىش ئادىتى بويىچە، گۈلنىگارمۇ ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەرگە ئوخشاش ھاياتنىڭ ئۆزىگە بەرگەنلىرى ھەققىدە ئويلىمايتتى، ھايات ئۇنىڭغا يۈرەك پارىلىرى مويۇنچۇر بىلەن ئىلتەبىرنى بەردى، يەنە ... ئۆزى جېنى بىلەن سۆيگەن سەردارنى بەردى ... بۇنىڭدىن باشقىمۇ گۈلنىگارنىڭ ئىشقا ئاشقان ئارزۇلىرى ناھايىتى كۆپ، ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سەردارنىڭ كۆڭلى پارچىلىنىپ كەتتى، سەردارنىڭ كۆڭلى تولۇقى بىلەن، پۈتۈن - سۈرۈك تۇرقى بىلەن گۈلنىگارغا تەۋە بولمىدى، بىر قارا قول سەردارنى ئۇنىڭدىن تارتىپ كەتتى، سەردار ئۆيدە بولغىنى بىلەن يۈرىكى ئۆيدە ئەمەس. گۈلنىگار ھاياتتىن رازى بولالمىدى.
— نېمە يېگۈڭىز بار؟
— نېمە بولسا مەيلى.
— سۆيۈقئاش ئېتەيمۇ، كەچلىك تاماق بولغاندىكىن؟

— مەيلى، — دېدى سەردار بېشىنى كۆتۈرمەي سوغۇقلا.
مۇشۇنداق چاغدا گۈلنىگارنىڭ كىم بىرسىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ يىغلىغۇسى كېلەتتى. كۆڭلىنى ئاختۇرۇپ بىلدىكى، ئۇنىڭ دەردىنى تۆككۈسى كېلىدىغان، بوينىغا ئېسىلغۇسى كېلىدىغان ئادىمى دەل سەردار ئىكەن.
— سىزگە بىر گەپنى دەپ بېرەيمۇ، سەردار؟
— نېمە گەپ ئىدى؟
— بۇنى ھېكمەتلىك سۆز دېسىمۇ بولىدۇ.
سەردار ئەجەبلەنگەندەك قاراپ قويدى، بىر ئىشقا ھەيران قالسا ئۇ ئۇڭ قېشى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى.
— نېمە گەپتى ئۇ؟
— تويدىن بۇرۇن قىزلارنىڭ پايپىقىنى تەڭ ئىزدىشىپ بېرىدىغان يىگىتلەر تويدىن كېيىن پايپىقىم قېنى، دەپ ۋارقىرايدىغان بولىدۇ، دەيدۇ.
— قاملاشمىغان گەپ ئىكەن.
— قاملاشمىغان گەپ ئىكەن دەڭ، مېنىڭچە بۇ ھەقىقەت ئىكەن.
— نەرى ھەقىقەت ئۇنىڭ؟
— ئۆز ـ ئۆزىدىن چىقىپ تۇرىدۇ.
— قىزلارنىڭ پايپىقىنى ئىزدىشىپ بەرگەن يىگىتلەر نورمال ئەمەس ئىكەن.
— مۇنداق دەڭ.
— شۇ ... نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلدىم، سىز دېگەن گەپنى ھەقىقەت دېگەندىمۇ بۇنىڭغا بەك ۋايساپ كەتمەڭ، جاھاننىڭ ئىشلىرى شۇنداق بولىدۇ، ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانىنىڭ زامانىدىن تارتىپ شۇنداق بولۇۋاتىدۇ.
— بولدى، سىزگە گەپ تېپىپ بېرەلمەيمەن، مەن تاماق ئېتەي ...
گۈلنىگارنىڭ تۇرۇپلا گاڭگىراپ قالىدىغان چاغلىرى بولاتتى.

ئۇ دېرىزىدىن پەسكە نەزەر سالدى، يېڭىدىن كۆچۈپ كەلگەن قوشنىسى بارات قويچى ئاستا قەدەملەر بىلەن ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇمۇ گاڭگىراپ قالغاندەك ئىدى.

گۈلنىگارنىڭ يانفۇنى يېقىملىق سايراپ توختاپ قالدى. يانفۇن ئاۋازى بىلەن يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ كۆڭلىگە قورقۇنچ ياماشتى. ئاشخانا ئۆينىڭ ئىشىكىنى تاقاپ، قورققىنىچە تېلېفونغا قارىدى، «مەرەز» دېگەن خەتلەر لىپىلداپ تۇراتتى. ئۇ دەككە ـ دۈككە ئىچىدە تېلېفوننىڭ ئېكرانىنى باستى. ئېكراندا: «سىزنى سۆيمەن نىگارىم» دېگەن سۆزلەر كۆرۈندى.

تەمتىرەش، قورقۇشتىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان گۈلنىگار تېلېۋىزورنى ئاچتى، تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ قورقۇشلىرىنى يۆگەپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى.

شۇ ھالدا شەھەردىكى ساناقسىز ئۆيلەردىكى تېلېۋىزورلاردا ھاياتنىڭ گۈزەل قاناتلىرىنى كۆيدۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ ئوت پۈركۈۋاتقان لەنەتگەردى ئالۋاستى توغرىسىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشلار جاراڭلاپ تۇراتتى. شەھەرنىڭ تومۇرلىرىدا گاڭگىراش، ئېسەنگىرەش، غەزەپ ھەم ئۈمىد بىللە ئاقاتتى. گۈلنىگارمۇ، سەردارمۇ تېلېۋىزور كۆرمىدى.

## 15

تېلېۋىزوردا ئەيدىز توغرىسىدا ئېلان بېرىلىۋاتاتتى، ھالقىلاپ چىگىلگەن قىزىل لېنتا ھاياتقا گۇدۇك چالاتتى، ئاگاھ بولۇشقا چاقىراتتى، ھاياتقا ھاقارەت كەلتۈرگەن لەنەتلىك نەرسىگە قارشى كۆڭۈللەردە ئۈمۈمىي سەگەكلىك ئويغىتاتتى.

نادىرەنىڭ كۆزلىرى ئېكرانغا تىكىلگىنىچە قېتىپ قالغان، شەھەردىكى ساناقسىز ئادەملەرنىڭ ئەيدىز بىلەن ئالاقىسى يوق، دەرەخلەرنىڭ، قۇشلارنىڭ، گۈللەرنىڭ ئەيدىز بىلەن ئالاقىسى يوق، ئەمما نادىرەنىڭ ئالاقىسى بار، نادىرەنىڭ ئەيدىز بىلەن

ئالاقىسى بار، ئۇنىڭ بوگۇنكى ھاياتىنىڭ، كەلگۈسى كۈنلىرىنىڭ، روھى ھەم ۋۇجۇدىنىڭ ئەيدىز بىلەن ئالاقىسى بار، تەقدىر ئۇنىڭغا ئادالەتسىزلىك قىلغاندەك بىلىنىدۇ.

مىڭلىغان، مىليونلىغان تېلېۋىزورلاردا بىرلا ۋاقىتتا كۆرۈنۈۋاتقان، ھالقىلاپ چىكىلگەن قىزىل لېنتا بىردە ئۆلۈم سىگنالى بولۇپ يۈرەكلەرگە ۋەھىمە تارقىتاتتى، بىردە ۋاقىتسىز چاپلىشىۋالىدىغان ئۆلۈمدىن يىراق تۇرۇشقا ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەندەك ئىدى.

نادىرە بەختلىك كۈنلىرىنى ياد ئېتىدۇ.

شەھەرنىڭ چىرايلىق كوچىسىدا كېتىۋاتقان چىرايلىق قىز، مۇشۇ شەھەرنىڭ ئەڭ گۈزەل بىر قىزى دادىسىنىڭ ھەشەمەتلىك ماشىنىسىدا دادىسىغا يۆلەنگىنىچە ئالما تېلېفونىنى ئويناپ ئولتۇراتتى، ئۇ ئەيدىز ھەققىدىكى ئۇنىدىدار خەۋەرلەرگە پەرۋاسىز قاراپ قويۇپ، دۇنيادىكى ئالاھىدە ئىقتىدارلىق ئادەملەرنىڭ غەلىتە خۇي ـ مىجەزلىرى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى كۆرۈشكە باشلىدى.

— ئۆگىنىشىڭىز قانداقراق، نادىرە قىزىم؟ — دېدى دادىسى.

— ئۆگىنىشىم ياخشى، دادا.

— ئەڭ ياخشى ئالىي مەكتەپكە ئۆتمىسىڭىز بولمايدۇ.

— مەنمۇ شۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمەن.

— سىز مېنىڭ بىردىنبىر ئۈمىدىم.

شۇ بەختىيار مىنۇتلاردا نادىرەمۇ، ئۇنىڭ دادىسىمۇ ئۆزلىرىگە يېقىنلىشىۋاتقان قاراڭغۇ سايىدىن بىخەۋەر ئىدى. گۈزەللىكى كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان بۇ ئوماق قىز دادىسىنىڭ مۇرىسىگە بېشىنى قويغىنىچە ئالما ماركىلىق تېلېفوندىن دۇنيادىكى ئالاھىدە ئىقتىدار ئىگىلىرىنىڭ غارايىپ ئىشلىرىغا قىزىقىپ تاتلىق كۈلۈمسىرىگىنىچە كېتىپ باراتتى، كۆزلىرىدە، يۈرىكىدە شېرىن تەلپۈنۈش ئويغانغان قىزلارنىڭ كۆزىدە بولىدىغان

ئىسسىق خۇمار بار ئىدى. بۇ قىز بەختكە تەبىر بېرەلمەيدۇ، ئەمما شۇ ھالدا ئۇ ئۆزىنىڭ بەختلىك ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. كۈتمىگەندە شۇ كۈنى ئۇنىڭ بەختلىك ھاياتىغا قاراڭغۇلۇق ياماشتى. شۇ كۈنى ئەل ياتقۇ مەھەلدە، ئۇنىڭ دادىسى خىيانەتچىلىك سەۋەبىدىن قولغا ئېلىندى. قىزنىڭ ئانىسى — ئۇزاق يىللاردىن بېرى يۈرەك كېسىلىنىڭ دەردىنى تارتىپ كەلگەن مۇلايىم ئايال ئېرىنىڭ قولغا كويزا چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ، مەيدىسىنى قاماللىغىنىچە ئاستا سىيرىلىپ يىقىلىپ چۈشتى ... ئاندا نۇرغۇن ئىشلار بولدى، سوئال - سوراقلار، ئاختۇرۇشلار، ئىسپات ئېلىشلار بولدى، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىندى، ھەممە نەرسە ئۇڭدا - دۈمدە بولۇپ كەتتى، ھەرھالدا، ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن نادىرە ئولتۇرغۇدەك ئۆي چىقتى.

— بۇ كۈنلەر ئۆتۈپ كېتىدۇ، غەيرەتلىك بول!

مۇرات نادىرەنىڭ تاراملاپ تۆكۈلگەن كۆز ياشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدى، ئۇ ئۆمچەرەپ تۇرۇپ، يىغا ئارىلاش شۇنداق دېگەندە نادىرە ئۇنىڭ بوينىغا مەھكەم گىرە سېلىپ ئۆكسۈپ يىغلاۋاتاتتى.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئائىلىسىدىكى ھەسرەت - نادامەتلەرنى ئۇنتۇيالمىسىمۇ، ئۇنتۇغان قىياپەتكە كىرىۋېلىشقا تىرىشىپ، ئەمدىلا كۈلۈپ ياشاشقا باشلىغان بۇ قىز سېھىرلىك مۇھەببەتنىڭ كۈچى بىلەن ھاياتقا قايتىدىن باغرىنى ياققاندا، چىرايلىق سىم - سىم يامغۇر ياغقان كۈنى مۇراتنى ماشىنا سوقۇۋەتتى، ئۇ نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي قالدى، ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن ئادەملىرى بىر - بىرلەپ نابۇت بولۇۋاتاتتى.

تەقدىر ئۇنىڭغا تەتۈر يۈزىنى قىلغاندەك ئىدى.

ئۇ كىتابلاردىن ئوقۇغىنى، كىنولاردىن كۆرگىنى بويىچە ھېچنېمىگە بوي بەرمەسلىكنى ئويلىغانىدى. باش ئەگمەيمەن ...

ئۇ ئۆزىنىڭ ئەينەكتىكى ئەكسىگە قاراپ شۇنداق دېگەن، ئۆزىگە مېھىر ھەم سۆيۈنۈش بىلەن قارايدىغان مۇراتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ شۇنداق دېگەنىدى. ئەمما ...

سىم ـ سىم يامغۇر ياغقان شۇ كۈنى ئۇ ئون سەككىز ياشقا كىرگەنىدى، نادىرەنىڭ ئويىچە، ئون سەككىز ياش ئىنسان ھاياتىدا سېھىرلىك مەنىگە ئىگە ئىدى، ئۇ شۇ كۈنى سۈرەتكە چۈشكەن، سۈرەتكە تارتقان ئايالنىڭ نادىرەگە مەستلىكى كېلىپ ئاغزىنى يۇمالماي قالغانىدى.

قىزىل ماشىنا ... دوزاخنىڭ ئوتىدەك قىزىل رەڭلىك ماشىنا مۇراتنى ۋەيران قىلىۋەتكەندە، باش ئەگمەيمەن ... دېگەن سۆزنى قىلىش ئاسان بولغىنى بىلەن باش ئەگمەسلىكنىڭ تەسلىكىنى ھېس قىلدى. دىلمۇراتنىڭ قويىدا يالىڭاچ پېتى ھوشىغا كەلگىنىدە باش ئەگمەيمەن، دېگەن گەپنى قىلماق ئاسان بولغىنى بىلەن ئەمەلدە كۆرسەتمەكنىڭ تەسلىكىنى چۈشەندى. قار ياغقان كۈنى ئۆزىنىڭ ئەيدىز بىلەن يۇقۇملانغانلىقىنى بىلگەندە، باش ئېگىشنىڭ نېمىلىكىنى تېگى ـ تېگىدىن چۈشەنگەندەك بولدى.

نادىرەنىڭ خىياللىرى چىگىچ. باش ئېگىشلەر بولۇپ تۇرىدۇ، تەقدىر بىزنى باش ئەگدۈرىدۇ، ئەمما ھاياتتىن بەزدۈرەلمەيدۇ، نېمە كۈنگە قالساقمۇ ياشاۋېرىمىز.

...

ئەيدىز.

ئۆلگەنلەرنىڭ دەردى سەۋر بىلەن تۈگەيدۇ.

كېسەل بولغان ياكى مېيىپ بولغانلارنىڭ خاپىلىقى شۈكۈر بىلەن مەلھەم تاپىدۇ. ئەمما، ئەيدىز چاڭ سالغاندا ... ئۇ دەسلەپكى كۈنلەردە، ئۆزىنىڭ دۇنياسىنىڭ تامامەن گۇمران بولغانلىقىغا ئىشەندى.

ئەيدىز ... لەنەتلىك ئۆلۈم سىگنالى ئۇنىڭ قولاق تۈۋىدە يىرگىنىچلىك تەرزدە چېلىندى.

ئۇ يۈز بەرگەن قورقۇنچلۇق ئىشلار ئارىسىدا گاڭگىراپ

قالغانلىرىدا، دادىسى بىلەن ماشىنىدا ئۆيىگە ماڭغاندا، ئالما تېلېفوندىكى ئۇندىدار خەۋەرلىرىدىكى ئەيدىز ھەققىدىكى خەۋەرنى كۆرمەيلا ئۆتۈپ كەتكىنىنى يادىغا ئالمايدۇ.

ئۆزىنى شەھەردىكى ئەڭ رەزىل ئادەم، ئەڭ دەردمەن ئادەم، ئەڭ ياخشى ئادەم ھېسابلايدىغان دىلمۇرات مەن نادىرەنى نابۇت قىلدىم، دەپ ئويلىدى، مەن نادىرەگە ئىگە بولدۇم، دەپ ئويلىدى، نادىرەگە ئېرىشەلمىدىم، دەپ ئويلىدى، ئۇنىڭچە ئېرىشىش بىلەن ئىگە بولۇشنىڭ پەرقى بار ئىدى، ئۇ پۇلنىڭ كۈچى بىلەن نادىرەنى ئىگىلىدى، ئەمما نادىرەنىڭ يۈرىكىگە ئېرىشەلمىدى. دىلمۇراتنىڭ بەزى ئويلىرىنى چۈشەنمەك تەس.

— نادىرە ... بۇنداق قىلمىسام بوپتىكەن، مېنى كەچۈرۈڭ.

— سىزگە لەنەت بولسۇن.

— مەن بۇنىڭدىنمۇ پەسكەش ئىشلارنى تولا قىلغان، ئەمما بۇ قېتىم ئۆزۈمنى پەقەت كەچۈرەلمىدىم.

دىلمۇراتنىڭ ئۆمۈچۈك توردەك غېرىبلىق لەيلەپ تۇرىدىغان كۆزلىرىگە ياماشقان ياشلار نادىرەنى گاڭگىرىتىپ قويدى، دىلمۇرات راستلا پۇشايمان قىلغاندەك ئىدى. ئەمما، پۇشايماننىڭ نېمىگە پايدىسى؟ ... پۇشايمان بىرنەرسە نابۇت بولغاندا، ئەڭ زۆرۈر ئىشلاردا كېچىككەندە ياكى ئورنىغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغان ھالغا يەتكەندە پەيدا بولىدۇ.

دىلمۇرات مەست بولۇپ قالغانلىرىدا، ھاياجانلانغاندا، مەن بۇ شەھەردىكى ئەڭ رەزىل ئادەم، يەنە ئەڭ ياخشى ئادەممۇ مەن، دېگەن گەپنى تولا قىلىدۇ. بەزىلەر، بىرلا ئادەمنى بىرلا ۋاقىتتا ياخشى ئادەم بىلەن رەزىل ئادەم دېگىلى بولمايدۇ، دەپ تاغاردا بىر قائىدىلەرنى سۆزلەپمۇ ئۇنى قايىل قىلالمايدۇ. ئۇنىڭچە بىر ئادەم پۈتۈنلەي رەزىل ئەمەس، بىر ئادەم پۈتۈنلەي ئالىيجاناب ئەمەس ئىدى. ئالىيجانابلىق بىلەن رەزىللىك بىر تال قىل بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ ياكى ئارىلىشىپ كېتىدۇ.

نادىرە دىلمۇراتتىن يىرگىنىدۇ، دىلمۇرات ئۆزىنى

سۆيۈۋاتقاندا مۇراتنى ئەسلەيدۇ.

نادىرە شەھەرنى ئاپپاق قار قاپلىغان كۈنى ئۆزىنىڭ ئۆلۈم ياكى ئۆلۈمىدىنمۇ قورقۇنچلۇق كېسەلگە مۇپتىلا بولغىنىنى بىلگەن كۈنىمۇ، بىر چاغلاردا دادىسى بىلەن ئېسىل ماشىنىدا كېتىۋېتىپ، شۇ كۈندىكى ئەيدىز ھەققىدىكى خەۋەرگە قارىمايلا ئۆتۈپ كەتكىنىنى ئەسلىيەلمەيدۇ.

شەھەرنى ئاپپاق قار قاپلىغان شۇ كۈنى دىلمۇرات ئۇنى دوختۇرخانا ئالدىدا چۈشۈرۈپ قويدى. شەھەرنىڭ مۇزدەك سوغۇقىدا يۆتىلىپ زۇكامداپ كەتكەن نادىرە دوختۇر يېزىپ بەرگەن قەغەزنى ئېلىپ بىر تۆشۈكنىڭ ئالدىغا باردى. ماسكا بىلەن كۆزئەينەك تاقىۋالغان قىز ئۇنىڭ بېلىكىدىن قان ئالدى.

ئەتىسى ...

ئەتىسىمۇ قار ياغدى.

زېمىنغا قار ياغدى.

نادىرەنىڭ يۈرىكىگە ئۆلۈم رەڭ مۆلدۈر ياغدى.

بىرنەچچە دوختۇر پاتىپاراق بولۇپ ئۇنىڭدىن يەنە قان ئالدى.

ئۇنى قاراڭغۇ بىر ئىشخانىغا ئېلىپ كىرىپ غەلىتە تەكشۈرۈشلەرنى قىلدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ ... نادىرەگە دۇنيا ئۆزگىرىپ كەتتى.

نادىرە دادىسى بىلەن ھەشەمەتلىك ماشىنىدا بىللە كېتىۋېتىپ، ئالما ماركىلىق تېلېفونىنى ئويناپ ماڭغان دەمدە سىم ـ سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى، نادىرە ئون سەككىز ياشقا كىرگەن كۈنىمۇ سىم ـ سىم يامغۇر ياغىدۇ، يامغۇر بەزى چاغدا بەزى ئادەملەر ئۈچۈن خۇشاللىق ھەم كۆڭۈل توقلۇقىدىن، بەزىدە بەزى ئادەملەر ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك خاپىلىق ھەم دەھشەتتىن دېرەك بېرىشى مۇمكىن.

— سىز مېنىڭ بىر تاللا قىزىم، مېنىڭ تىرىشىشلىرىمنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ بەختىڭىز ئۈچۈن.

گۈزەل سىم ـ سىم يامغۇر ياغقان كۈندە، گۈزەل قار ياغقان كۈندە نادىرەنىڭ ھاياتىغا قارا داغلار مەھكەم بولۇپ چاپلاشتى.

شۇ كۈنى ئەل ياتار مەھەلدە ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بىرنەچچە ساقچى كېلىپ دادىسىنىڭ قولىغا كويزا سالغاندىن كېيىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى، ئانىسى ئولتۇرغان يېرىدە سىيرىلىپ يىقىلدى.

ئۆزىنى مۇشۇ شەھەردىكى ئەڭ ئەقىللىق ئادەم، ئەڭ رەزىل ئادەم، ئەڭ پاراسەتلىك ئادەم ھېسابلايدىغان دىلمۇرات نادىرەنى ئۇچراتماستا كۆڭۈل ئالىمىنىڭ كۆيۈشلىرى ئىچىدە تەمتىرەپ سەرسان بولۇپ يۈرەتتى. نادىرە بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىنمۇ بۇ سەرسانلىق تۈگىمىدى، ئۇ شۇنچە تىرىشىپمۇ چولپاننى ئۇنتۇيالمايدۇ ... چولپانغا دەيدىغان، مۇشۇ چاغقىچە دېيەلمىگەن نۇرغۇن سۆزلىرى ھەققىدە خىيالغا پاتىدۇ. چولپاننى سېغىنىشلىرى، ئۈمىدسىزلىكلىرى، كېسەل ئازابىدىن قىينىلىپ كېتىۋاتقان ئانىسىنىڭ ئېغىر نەپەس ئېلىشلىرى، پۇلسىزلىقتىن ئانىسىنىڭ ئۆلۈمىگە سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر بولغان بىر بالىنىڭ ئېزىلگەن يۈرىكى ... ھەممىسى ئۇنىڭ كۆڭۈل ئالىمىدە شامالدەك كېزىپ يۈرىدۇ. دىلمۇرات مۇشۇلارنى ئويلايتتى، چولپان خىيالىنى چۇلغاپ تۇراتتى، ئېرىشەلمەسلىكتىن كەلگەن مەغلۇپ تۇيغۇلار خىيالىنى ئاللىقەيەرلەرگە باشلاپ ماڭاتتى. چولپان بىلەن غايىبانە مۇڭدىشاتتى، تالىشاتتى، چولپان بىلەن ئۇچراشقاندىكى ئەسلىمىلىرى بىلەن خىياللىرى، ئارزۇلىرى ئارىلىشىپ كېتەتتى.

## 16

— نېمە قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلەمسىز، چولپان؟
— بىلىمەن.
— بىلسىڭىز بۇ يولدىن يېنىڭ، سەردارنىڭ ئائىلىسى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— بۇنى بىلىمەن.
— بىلىپ تۇرۇپ يەنە شۇنداق قىلامسىز؟
— سىزگە چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرغۇم يوق.
— سىزنى ياخشى كۆرىمەن، بۇنى بىلىسىز.
— بىلگۈم يوق، دىلمۇرات، مېنى تەنھالىققا سالماڭ.
— ئۇنداق قىلماڭ، كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالىسىز.
— قانداق پۇشايمان قىلىمەن؟
— ئاھ، ئىسىت دەپ قالىسىز، گېپىنى ئاڭلىغان بولسام بوپتىكەن، دەپ قالىسىز، يۈرىكىڭىز ئاغرىيدۇ، ئىش بولۇپ بولغاندا ئورنىغا كەلتۈرەلمەيسىز.
— تەھدىت سېلىۋاتامسىز؟
— تەھدىت سالمىدىم، ئاخىر زىيان تارتىپ قالىسىز، سەردار ئائىلىسىنى ۋەيران قىلىپ سىزنى ئالمايدۇ، بۇنىڭغا ئىشىنىڭ.
— مەن بۇلارنى ئويلاشمىدىم.
— ئەخمەقلىق قىلىۋاتىسىز.
— سىز چۈشەنمەيسىز، دىلمۇرات، مەن سەردارنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇنى كۆرسەم جاھان كېڭىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىمەن، دۇنيا باشقىچە ئىللىق بولۇپ كېتىدۇ، ئويلىغانلىرىم، ياخشى - يامان پىكىرلىرىم ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردىن چىقىدۇ، مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايمەن. مېنىڭ بىلىدىغىنىم مۇشۇ.
— رەسۋا بولۇشتىن قورقمامسىز؟
— بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن.
— ساراڭ بوپسىز ... سىزگە بىر گەپنى دېسەم قورقۇپ كېتىسىز، قولۇمدا ئىككىڭلارنىڭ بىللە يۈرگەن رەسىمڭلار بار.
— نەدىن تاپتىڭىز؟
— پايلاپ يۈرۈپ تارتىۋالغان.
— نومۇس دېگەننى بىلمەيدىكەنسىز.
— قورقۇۋاتامسىز؟

— خالىغىنىڭىزنى قىلىڭ.
— مەن سەردار دېگەن ئىتنىڭ بالىسىنى كەچۈرمەيمەن، سىزنىمۇ كەچۈرمەيمەن، سىز مېنى ئەڭ يامان ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇرلاۋاتىسىز ... مەن ئەسلىي بۇنداق بىنومۇس ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەم ئەمەستىم.
— قانداق مەجبۇرلىدىم؟
— مەن سىزگە ئېرىشەلمەي ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنچىم يوقاپ كەتتى، ئۆزىگە ئىشەنچى قالمىغان ئادەم ھەرقانداق يامان ئىش قىلىشتىن يانمايدۇ.
— قانداق يامان ئىش قىلماقچى؟
— مەسىلەن، سەردارنىڭ ئائىلىسىنى ۋەيران قىلىۋېتىشىم مۇمكىن.
— بەك رەزىل ئىكەنسىز.
— سىز مېنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلاۋاتىسىز.

## 17

شەھەرنىڭ مەركىزىدىكى ئون بەش قەۋەتلىك بىنانىڭ بەشىنچى قەۋىتىدىكى بالكوندا چىرايلىق قەپەس ئېسىقلىق ئىدى. قەپەستىكى رەڭدار قۇش مۈگدەپ ئولتۇراتتى، قۇشنىڭ يىڭنىدەك ئۆتكۈر ھەم ئىنچىكە بارماقلىرى چوكا چوڭلۇقىدىكى قونداقنى مەھكەم قارماپ تۇراتتى. بۇ قۇشنىڭ قانداق چۈشلەرنى كۆرىدىغانلىقىنى، نېمە ئارمانلارنىڭ ئوتىدا پۇچىلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ.

تېلېفون جىرىڭلىدى، كېچە سائەت ئىككىدىن ئاشقانىدى.

رەڭدار قۇشقا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر چوكان تېلېفوننى ئالدى.

— ۋەي، — ئايالنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى.

— مېنى تونۇدۇڭمۇ؟

— تونۇدۇم.

قەپەستىكى قۇشنىڭ ئويغاق ياكى ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

— تونۇغان بولساڭ ياخشى، ئەمدى نېمە ئىش قىلىمىز؟

ئايالنىڭ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى تۇتقان قولى تىترىدى.

— نېمە دېمەكچى؟

— سەن ئۆيۈڭدە يالغۇز، مەن بۇ يەردە يالغۇز، شۇڭا ئىككى يالغۇز نېمە ئىش قىلىمىز دەۋاتىمەن؟

— ھېچنېمە قىلمايمىز، مېنىڭ ھازىر ئېرىم بار ... مەن گۇناھلىق ئىشلارنى قىلمايمەن.

— تولا ئىچىمنى پۇشۇرما، مەن يەنە بۇرۇنقى مەن، مېنى شۇنداق تېز ئۇنتۇپ قالدىڭما؟

— بۇنداق قىلماڭ ... نەچچە يىل ئارىلاشقىنىمىزنىڭ يۈزىنى قىلىڭ، مېنى ئەمدى ئېرىم بىلەن تىنچ ياشىغىلى قويۇڭ.

— ياشىغىلى قويماي قانداق قىلدىم؟

— مۇشۇنداق قىلىۋەرسىڭىز ماڭا ياخشى بولمايدۇ، ئېرىم ئۇقۇپ قالسا مېنى قويۇۋېتىدۇ.

— قويۇۋەتسە تېخى ياخشى، ماڭا ئۇچچە قالىسەن.

— سىز مېنى ۋەيران بولۇپ كەتسۇن دېمەكچىمۇ نېمە؟

— قورۇق گەپنى قوي، مەن ئۆيۈڭگە بارامدىمەن يا سەن قېشىمغا كېلەمسەن؟

— كەلسىڭىز بولمايدۇ، مەن بارساممۇ بولمايدۇ.

— مۇشۇنداق قىلىۋەرسەڭ ھەممە گەپنى ئېرىڭگە دەيمەن.

رەڭدار قۇش بايىقىدەكلا مۈگدەپ ئولتۇراتتى.

— ئىسىت.

— نېمىگە ئىسىت دەيسەن؟

— ئەقلىم نەگە كەتكەن بولغىيدى، سەندەك تېتىقسىز ئادەمنىڭ كەينىدىن يۈرگەندىكەن، نېمە كۈن كۆرسەم ئۆزۈمگە

ئاز ... يەتتە يىل ئەقىدە قىلىپ يۈرۈپتىمەن، خوتۇن ـ بالاڭنىڭ بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ كەيىنىڭدىن يۈرگىنىمگە ئىسىت دەيمەن... سېنى ياخشى كۆرگەنلىرىمگە ئىسىت دەيمەن.

— سەن مېنى تاشلىۋەتتىڭ.

— مەن قانداق قىلسام بولاتتى؟ سېنىڭ خوتۇن ـ بالاڭ بار.

— شۇنداقتىمۇ سەن ئەرگە تەگمەسلىكىڭ كېرەك ئىدى.

— ماڭا تۇرمۇش لازىم ئەمەسمۇ.

— بۇ گەپنى قوي ... ئىشقىلىپ مەن سەن بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرمىسام بولمايدۇ.

— مېنىڭ ئېرىم بار.

— ئېرىڭ بىلەن ئىشىم يوق.

— مۇمكىن ئەمەس ... ناۋادا يەنە مۇشۇنداق قىلىۋېرىدىغان بولساڭ ئۆلۈپ بېرىمەن.

— نېمە؟

— ئۆلۈم خەۋىرىمنى ئاڭلايسەن.

— ساراڭ ... مېنى بۇنداق گەپلەر بىلەن قورقۇتالمايسەن.

— نېمە دېسەڭ دە، شۇ قىلغانلىرىمدىن پۇشايمان قىلىپ نومۇستىن ئۆلەي دېدىم.

— بىراق ...

قارشى تەرەپنىڭ گېپى تۈگىمەيلا ئايال تېلېفوننى قويۇۋەتتى. ئۇن بەش قەۋەتلىك بىنانىڭ ئېغىر تىنىقى ئاڭلاندى.

رەڭدار قۇش مۇگدەپ ئولتۇرغان شۇ دەمدە پەلەمپەيدىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. چوكان تېلېفوننىڭ سىمىنى تارتىۋېتىپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى.

بۇ شەھەردە ئادەم تولا، يول تولا، بۇ شەھەرنىڭ خۇشاللىقى تولا، كۈلكىسى تولا، دەردى تولا ... بۇ ھەممە نېمىسى تولا شەھەر.

شەھەر مەركىزىدىكى ئۇن بەش قەۋەتلىك بىنانىڭ بەشىنچى قەۋىتىدىكى ئايال دېرىزە ئالدىغا كەلدى، تاڭ سۈزۈلۈپ شەھەرگە

سەھەر قۇياشىنىڭ يورۇقى يېيىلدى، شەھەرنىڭ بىر ـ بىرىگە تۇتاش، ئەرماش ـ چىرماش يوللىرى كۆزگە تاشلىنىۋاتتى.

بۇ شەھەردە ئون بەش قەۋەتلىك بىنانىڭ بەشىنچى قەۋىتىدە خىيالچان بىر ئايالنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ بالكونىدىكى نەپىس قەپەستە مۈگدەپ ئولتۇرىدىغان رەڭدار قۇشنىڭ ئاچايىپ چۇشلىرىنى بىلمەيدىغان نادىرە شەھەرنىڭ تار كوچىلىرىنىڭ بىرىدە باھار سەلكىنىدە تەۋرەنگەن مەجنۇنتالدەك تەۋرىنىپ كېتىپ بارىدۇ. مۇراتنىڭ ئاشىقانە كۆزلىرىنىڭ خۇمارى نادىرەنىڭ يۈرىكىگە شېرىن تۇيغۇلارنى باشلايدۇ. ئارقىدىنلا بۇ تۇيغۇلىرىنىڭ رەڭگى قارىداپ كېتىدۇ، تەقدىرنىڭ مەسخىرىسىگە پىسەنت قىلماسلىق ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، تەقدىرنىڭ مەسخىرىلىرىگە بوزەك بولماسلىق ھەممە كىشىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ ... نادىرەنىڭ يۈرىكىدىكى سىغىنىش ئۇنىڭغا چىرايلىق مەنزىللەرنىڭ قاياقتا ئىكەنلىكىنى دەپ بېرىدىغاندەك ئىدى.

قۇياش كۆتۈرۈلۈپ شەھەرنىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق ھاياتى باشلاندى، ئون بەش قەۋەتلىك بىنانىڭ بەشىنچى قەۋىتىدىكى ئايال تېخىچە دېرىزە ئالدىدا تۇراتتى.

## 18

ئىشىك چېكىلدى، ئېھتىيات بىلەن بىلەن يېنىك چېكىلدى، مۇراتنىڭ يۈرىكى ئۆرۈلگەندەك بولۇپ، چاقلىق ھارۋىسى بىلەن ئىتتىك بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى، ئىشىكتە نادىرە تۇراتتى، نادىرە شۇنداق چىرايلىق، قاملاشتۇرۇپ ياسىنىۋالغان، بوي ـ بەستىدىن سۆيۈنۈشلۈك جەلپكارلىق تۆكۈلۈپ تۇراتتى، مۇراتنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى، يۈرىكىنىڭ ئەنسىز سوقۇۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى، نادىرەدىكى باھار شۇڭقىلىرىدەك نازۇكلۇق، يېقىملىق تەننازلىقتىن مۇراتنىڭ يۈرىكىگە ئىسسىق تۇيغۇلار

شۇرۇلداپ قۇيۇلدى.
— سەن يالغۇزمۇ؟
— ھەئە، قېنى ئۆيگە كىرگىن.
— ھەدەڭچۇ؟
— دۇكانغا كەتكەن.
نادىرە ئېڭىشىپ مۇراتنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى، قىزنىڭ ۋۇجۇدىدىن تارالغان يېقىملىق ئەتىر ھىدى مۇراتنىڭ مېڭىسىدىكى ئۇنتۇلغان خىياللارنى ئويغاتقاندەك بولدى.
— كېچە - كۈندۈز سېنى ئويلايمەن ... — دېدى نادىرە مۇراتنىڭ بېشىنى كۆكسىگە چىڭڭىدە بېسىپ تۇرۇپ، — دائىم يېنىڭدا تۇرسام دەيمەن.
— مەنمۇ شۇ.
— بىز دائىم بىللە بولساق قانداق ياخشى بولاتتى.
— شۇنداق، بىز ئايرىلساق بولمايدۇ ... بىراق...
— نېمە بىراق؟
مۇرات نادىرەنىڭ قولىنى ئالىقىنى ئارىسىغا ئېلىپ چىڭڭىدە قىستى، ئاندىن نازۇك بارماقلارغا سۆيدى.
— بىراق مەن ساڭا يۈك بولۇپ قالىمەن ... بۇ تەرىپىنى ئويلىدىڭمۇ؟
نادىرە بەختلىك ياشلىرىنى سۈرتۈپ كۈلۈمسىرىدى.
— قانداقچە بۇنداق ئويلاپ قالدىڭ؟
— مەن ئىككىمىز توغرۇلۇق جىق ئويلايمەن، تەقدىرگە تەن بەرمىسەم بولمايدۇ.
— سەن چوقۇم ساقىيىسەن، مەن سېنى ساقايتىمەن.
نادىرە خىيالىغا شىددەت بىلەن ئۇرۇلغان قىزىل ئوتنى، دوزاخنىڭ ئوتىدەك قىزىل ماشىنىنى، سىم - سىم يامغۇر ياغقان كۈندىكى دەھشەتنىڭ كالللىسىغا يىڭنىدەك سانجىلغان ئازابلىق تۇيغۇلىرىنى ناھايىتى تەستە ئېسىدىن يىراق قىلدى.
— دېگىنىڭ كىبىلەر ... مەن ئۇچۇن مېنىڭ

ساقىيىشىمدىنمۇ مۇھىم بىر ئىش بار.
— نېمە ئىش؟
— سېنىڭ يېنىمدا بولۇشۇڭ.
نادىرەنىڭ ئاھۇ كۆزلىرىگە ياش يۈرگۈردى، ئۇ شېرىن تەبەسسۇم بىلەن مۇراتنىڭ مەڭزىگە مەڭزىنى ياقتى.
— مەن ئۆمۈرۋايەت سەن بىلەن بىللە.
— سەندىن بىر ئۆتۈنۈشۈم بار، — دېدى مۇرات پىچىرلاپ.
— دېگىن.
— كۆڭلۈڭدىكى بىرنەرسىنى تامامەن يوقىتىۋەتسەڭ بولاتتى.

— نېمىنى دەيسەن؟
— سېنى، مۇرات مېنىڭ سەۋەبىمدىن مۇشۇنداق بولۇپ قالدى، دەپ ئويلايدىغاندەك سېزىمەن.
— شۇنداق.
— سەندە مۇشۇ خىيال بولسىلا بىز يات ئادەملەردەك بولۇپ قالىمىز، ئارىمىزدا تام پەيدا بولىدۇ، گېپىمنى چۈشەندىڭمۇ؟
— چۈشەندىم.
— قەرزدارلىق تۇيغۇسى بار يەردە ھەقىقىي مېھىر - مۇھەببەت بولمايدۇ.
— بۇنى بىلىمەن، مۇشۇ ئىشلار بولۇشتىن ئىلگىرى ئىككىمىزنىڭ يۈرىكى بىرلىشىپ كەتكەن.
— ھازىرچۇ؟ ھازىر يۈرىكىمىز بىر ئەمەسمۇ؟
— ھازىرمۇ بىر.
— ياخشى دېدىڭ، ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم.
نادىرە مۇراتنى مەھكەم قۇچاقلىدى، قىز يۈرىكىنى مەست قىلغان ئوتلۇق سېزىم مۇراتنىڭ ۋۇجۇدىغا ئاتەش تۇيغۇ بولۇپ ئۇرۇلاتتى.
— مەن قايتاي ... راست، گۈلپىيە ساڭا سالام ئېيتتى.
— رەھمەت، كۆرۈشسەڭ ئۇنىڭغا سالام دېگىن.

— بىراق ئۇنىڭ ھالى تازا ياخشى ئەمەستەك قىلىدۇ، ئۇ ئەنۋەرگە بەك بېرىلىپ كەتكەن، ئەنۋەر گۈلباھارنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ يۈرىدۇ ... دادىسىمۇ گۈلپىيەنى بەك يامان تىللار بىلەن ھاقارەتلەيدىكەن، ئۇ ماڭا بىر يەرگە قېچىپ كېتەيمىكىن دەيدۇ.

مۇرات ھەيران بولۇپ كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى.

— گۈلپىيە قاچامدىكەن؟

— شۇنداق دېدى ... ئەمما قاچالمايدۇ ... قېچىپ نەگە بارالايتتى؟ بىر دەملىك ئاچچىق بىلەن دېگەن گەپلىرىغۇ.

— ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ قويساڭ بولغۇدەك.

نادىرە مۇراتنىڭ ئۆزى بەكلا ئامراق كۆزىگە تىكىلدى.

— مەن بىر يەردە ئىشلەيدىغان بولدۇم، مۇرات.

نادىرە ئۆزىنى تەستە تۇتتۇۋالدى، نادىرەنىڭ مۇراتقا مەڭگۈ دېيەلمەيدىغان يۈرەك يارىلىرى پەيدا بولغاندەك ئىدى.

— ھە؟ نەدە ئىشلەيدىغان بولدۇڭ؟

— بىر شەخسىي شىركەت ئىكەن، بىر دوستۇم تونۇشتۇردى.

نادىرە ئۆزىنىڭ ئۆزىدىن بارغانسېرى يىراقلىشىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى، ئۇنى دۇنياغا چىڭ باغلاپ تۇرغىنى مۇراتقا بولغان قايتماس تەلپۈنۈش ئىدى.

مۇرات بىلەن نادىرەنىڭ پاراڭلىرى ئۇزاق داۋاملاشتى.

نادىرە مۇراتنىڭ يېنىدا بەخت مەستخۇشلۇقىدا تۇرۇۋاتقان شۇ دەمدە مۇشۇ شەھەرنىڭ مەركىزىدىكى ئون بەش قەۋەتلىك بىنانىڭ بەشىنچى قەۋىتىدىكى نادىرەنى تونۇمايدىغان بىر ئايال ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىزتىراپ چېكىۋاتاتتى. رەڭدار قۇشقا قاراپ تۇرغان ئايال قورقۇنچ ئىچىدە دىلمۇرات بىلەن ئايرىلىشىدىغان ساجىدە، ئۆزى يەتتە يىل ئارىلاشقان ئەرنىڭ ساجىدە بىلەن ئايرىلىششى، ئەمدى نادىرە دېگەن قىزنىڭ دىلمۇرات بىلەن بولغان ئىشلىرى ... ئۇنىڭ خىياللىرى ھودۇقۇپ، قورۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ئايال مۇشۇلارنى ھەسرەت ئىچىدە ئويلاپ چىقتى.

www.uyghurkitap.com

بەشىنچى قەۋەتتىكى ئايال بارماقلىرىنى پوكوپ سالاپ باقتى. دەھشەتلىك ۋەھىمىدىن يۈرىكى ئېزىلىپ كەتتى.

ۋەھىملىك ئالۋاستى ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرەتتى.

مۇشۇ شەھەرنىڭ مەركىزىدىكى ئون بەش قەۋەتلىك بىنانىڭ بەشىنچى قەۋىتىدىكى ئۆيدە چىرايلىق رەڭدار قۇش بار، رەڭدار قۇشنىڭ سىرلىق ھالىغا قاراپ گاڭگىراپ قالىدىغان بىر ئايال بار. ئۇ ئايال ساجىدە ھەم نادىرە توغرۇلۇق، دىلمۇرات توغرۇلۇق ئويلاپ قالىدۇ، روھىنى ئاچچىق تەر باسىدۇ، نېمىدۇر بىرنېمىدىن ئۈمىد كۈتىدۇ، نېمىدۇر بىرنەرسىنىڭ ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ ئۆزىنى قاراڭغۇلۇقتىن، پاتقاقتىن تارتىۋېلىشىنى تەمە قىلىدۇ.

بۇ شەھەردە بالكوندىكى رەڭدار قۇشقا قاراپ، ئۆلۈم ھىدى كېلىدىغان خىياللار ئارىسىغا كىرىپ قالىدىغان ئايالنىڭ ئۆزلىرى ھەققىدە ئويلايدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان دىلمۇرات بىلەن نادىرە گۈلپىيە توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتاتتى.

نادىرە دىلمۇراتقا گۈلپىيە توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىۋېتىپ:

— گۈلپىيە بەك بىچارە بولۇپ كەتكەندەك قىلىدۇ، — دېدى.

— گۈلپىيە دېگەن كىم؟ — دېدى دىلمۇرات.

— ساۋاقدىشىم، دوستۇم.

— ئۇمۇ سىزدەك چىرايلىقمۇ؟

نادىرە دىلمۇراتقا لەپپىدە قاراپ قويدى.

— چىرايلىقمۇ دەڭ، چىرايلىق بولسا نېمە بوپتۇ؟ بولمىسىچۇ؟

دىلمۇرات كۈلۈپ قويدى.

— بۇنى تازا بىلىپ كەتمەيمەن، ئەمما چىرايلىق ئاياللاردىن كۆزۈمنى ئۈزەلمەي مۇشۇ كۈنگە كەلدىم، مەنچە گۈزەل ئاياللار بۇ دۇنيانىڭ زىننىتى، بۇنداق گەپلەرنى سىزگىلا دېيەلەيمەن.

دىلمۇرات نادىرە گېپىنى قىلغان گۈلپىيە دېگەن قىزنى تېزلا

ئۇنتۇپ كېتىدۇ، ئۇ ئىلگىرى بۇ شەھەردە گۈلپىيە دېگەن بىر قىزنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ «ھ» دېگەن ھەرپتىن قورقىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، ھازىرمۇ بىلمەيدۇ، مەكتەپتىكى باللارنىڭ بىركىمنى تىللىغۇسى كەلسە، بىر تال ھەرپ بىلەن ھەممىنى ئىپادە قىلىدىغانلىقىنى، بىركىمنى سارالڭ دەپ تىللىماقچى بولسا، ئۇنىڭ دۈمبىسىگە ياكى سومكىسىغا چاندۇرماي «س» ھەرپىنى يېزىپ قويىدىغانلىقىنى، بۇ ئۇسۇلنىڭ ھاقارەتلەنگۈچىنىڭ يۈرىكىنى مىجىپ تامامەن زېدە قىلىۋېتىدىغانلىقىنى دىلمۇرات بىلمەيدۇ. دىلمۇرات نادىرەدىن گۈلپىيە توغرۇلۇق ئاڭلىغانلىرىنى ھايالشىمايلا ئۇنتۇپ كەتتى. ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەر گۈلپىيەنىڭ «ھ» دېگەن ھەرپنىڭ «ھارامدىن بولغان» دېگەن سۆزگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى قورقۇنچ ئىچىدە پات ـ پات يادىغا ئالىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

## 19

گۈلپىيە ئۆيگە كەلگەندە شاكىر يىغلا قايتىپ كەلگەندەك قىلاتتى، ئۇ ئىككى پۇتىنى كەڭ كېرىپ ساپاغا يۆلىنىپ ياتقاندى. گۆشلۈك كالپۇكلىرى ساڭگىلاپ قالغانىدى. ئىشىكنىڭ ئېچىلىشى بىلەن ئۇ كۆزىنى يېرىم ئېچىپ گۈلپىيەگە نەپرەت بىلەن تىكىلدى.

— نەگە باردىڭ؟

شاكىرنىڭ ئاۋازىدا غەزەپنىڭ ئىغىر بېسىمى بار ئىدى.

— مەكتەپكە.

— مەكتەپكە؟ بۇ كېچىدە مەكتەپتە نېمە بار ساڭا؟ بۇزۇق خوتۇننىڭ قىزى ... سەنمۇ ئاناڭغا ئوخشاشلا بىرنېمە بولىسەن ... ئاغىنىلەر شۇنداق دېدى.

ئىشىككە يۆلىنىپ تۇرغان گۈلپىيەنىڭ چىرايى غەلىتە بولۇپ يۈز تېرىلىرى تارتىشىپ كەتتى، كۆزلىرى ئالايدى،

تۇيۇقسىز ئىككى قولى بىلەن بېشىنى قاماللىدى، قوللىرى غالىلداپ تىترىدى.

— مەن ساراڭ بولۇپ قالىمەن!

گۈلپىيە جان ـ جەھلى بىلەن چىرقىرىدى، ئۇنىڭ ئاۋازى بىنانىڭ تاشتەك قاتتىق تاملىرىغا ئۇرۇلدى.

— ئاغزىڭنى يۇم! — دېدى شاكىر ۋارقىراپ. ئارقىدىن دەيدىغان گېپىنى تاپالماي ئالاقلاپ قالدى، — ئاناڭ دېگەن ئېشەك تېخىچە كەلمىدى ... قېرى ھايۋان ... ئۇ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن خىرقىرىدى، — ئۇ دېگەن بۇزۇق ...

گۈلپىيە كېيىنكى كۈنلەردە بارات موللامنىڭ نەمخۇش مەيدىسىگە يۈزىنى يېقىپ ياتقان دەملەردە، ئۆزىنىڭ ئىلگىرى مۇشۇنداق سەت گەپلەرنى ئاڭلىغانلىقىنى يادىغا ئالمايدۇ. بارات موللام سىرلىق ئاھاڭدا دۇئا ئوقۇۋاتقاندا بۇ سەت گەپلەرنى ئويلىمايدۇ، بارات موللام ئۇشتۇمتۇت كېتىپ قېلىپ، ئۇنى سېغىنغان دەملەردە بۇ سەت گەپلەرنى ئويلىمايدۇ، ئەمما بۇ گەپلەر ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ نازۇك يەرلىرىنى تاشتەك بىسىپ، قىسىپ تۇرىدۇ.

گۈلپىيە جاھاندا بارلىقى ئەڭ سەت گەپلەرنىڭ مۇشۇ ئۆيدە دېيىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ يۈرگىلى ئۇزاق بولغانىدى، ئۇنىڭ كىچىككىنە يۈرىكى ھەرقاچان جېدەل ۋەھىمىسىدىن تىترەپ تۇراتتى، شاكىر بىلەن رازىيە بىر نەچچە كۈن جېدەل قىلىشمىسا ياكى بىر ـ بىرىنى ئېغىزغا ئالغۇسىز سۆزلەر بىلەن تىللاشمىسا، گۈلپىيە بىرنەرسە كەملەپ قالغاندەك ئويلاپ قالاتتى، دادىسى بىلەن ئانىسى ئۆزى ھەققىدە، ئۆزىنىڭ ھارامدىن بولغانلىقى ھەققىدە بىرنېمىلەرنى دەپ ئۇرۇشمىسا بىئارام بولۇپ قالاتتى.

— مەن ئېلىشىپ قالدىم!

گۈلپىيە سومكىسىنى پىرقىرىتىپ ئاتتى، سومكىنىڭ ئېغىزى ئېچىلىپ مېھمانخانا شىرەسىنىڭ ئۈستىدىكى

خىرۇستال قاچىغا تەگدى، قاچا ئۆرۈلۈپ پولغا چۈشۈپ جاراڭلاپ سۇندى، قاچىدىكى قۇرۇق ئۈزۈم بىلەن ئۆرۈك مېغىزى يەرگە چېچىلدى.

گۈلپىيەنىڭ كۆڭلىدىكى ئېغىر، ئاچچىق بىرنەرسە خىرۇستال قاچىنىڭ جاراڭلاپ سۇنۇشلىرى بىلەن يۈرىكىدىن ئاستا - ئاستا چىقىپ كەتكەندەك بولدى، يۈرىكى ئازادىلىشىپ كۆڭلى جايىغا چۈشتى.

شاكىرنىڭ چىرايى تاتىرىپ، قېلىن لەۋلىرى ساڭگىلاپ كەتتى، ئۇ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي گۈلپىيەگە قاراپ تۇراتتى، گۈلپىيە خۇددى بىر نەرسىدىن خۇشاللىق تاپقاندەك، قانداقتۇر بىر ئىشتا ئۇتۇۋالغاندەك بىر تەرزدە قاقاھلاپ كۈلدى:

— مەن ساراڭ ... ساراڭ بولۇپ قالدىم ... ساراڭ بولىمەن ... مەن قاچا - قۇچىلارنى چاقىمەن، ئۆيگە ئوت قويىمەن، ئادەم ئۆلتۈرىمەن.

شاكىر بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ يەنە گەپ قىلالمىدى، گۈلپىيە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا جانان چەينەكنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاچچىق بىلەن يەرگە ئۇردى، چەينەكنىڭ چۇل - چۇل بولۇپ كەتكەن پارچىلىرى شادىمان ھالدا كۈلۈپ تۇراتتى.

گۈلپىيە داستىخاننى تارتىپ ئېلىپ بىر ئۇچىنى دەسسەپ تۇرۇپ كۈچ بىلەن تارتتى، يىپەك داستىخان يىرتىلدى، داستىخاندىكى نانلار ھەريان چېچىلدى.

— ئەجەب ياخشى بولدى ... — گۈلپىيە تېلىقىپ كۈلدى، يوغان كۆزلىرى غەلىتە پارقىراپ كەتكەنىدى.

— سەن نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ — دېدى شاكىر ئاخىر زۇۋانغا كېلىپ. ئۇنىڭ قويۇق قاشلىرى تىكلىشىپ كەتكەنىدى.

— مەن ساراڭ بولدۇم، ئەمدى ھەممىدىن قۇتۇلدۇم، قېچىپ كەتسەم كېتىمەن، نېمە قىلغۇم كەلسە شۇنى قىلىمەن ... ئەنۋەرنىڭ يېنىغا كەتسەم كېتىمەن، سەن ھارامدىن بولغانمۇ؟

گۈلپىيە شاكىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ خۇنسىز

كۆزلىرىگە تىكىلدى.

— نېمە؟ نېمە دېدىڭ؟

— سەن ھارامدىن بولغانمۇ؟

گۈلپىيە ئاغزىدىن كۆپۈك ئۆرلىتىپ شاكىرنى قىستاپ كەلدى، شاكىر ساپادىن تۇرۇپ، يانچە مېڭىپ كەينىگە داجىدى. گۈلپىيەنىڭ چىشلىرى كاسىلداپ تۇراتتى، كۆزلىرىدىن بىر نېمىنى ئۆلتۈرمەكچى ياكى بۇزماقچى بولغاندەك ۋەھىمىلىك نۇرلار پارقىراپ تۇراتتى.

— يا. . يا. . ياق، ئاغزىڭنى يۇم ...

— سەن ھارامدىن بولغانمۇ؟

شاكىر كەينىگە داجىۋېرىپ تامغا تاقاشتى، ئاندىن سۇرۇلۇپ ياندىكى ئۆيگە كىرىپلا ئىشىكنى تاقىۋالدى. ئۇنىڭ ئېغىر پۇشۇلداشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

بىر مەھەلدە ئۆيگە قايتقان رازىيە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى، ھەممە نەرسە مالىمان، قارىغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى، ساق نەرسە كۆزگە چېلىقمايتتى، ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا تىزىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرغان گۈلپىيەنىڭ تۇرقى غەلىتە ھەم ۋەھىمىلىك ئىدى.

— نېمە ئىش بولدى؟ — رازىيە چىرقىراپ كەتتى.

— مەن دېگەن ساراڭ ... — دېدى گۈلپىيە ئانىسىغا غەلىتە نەزەردە قاراپ.

— نېمە؟

— مەن ساراڭ ... ساراڭ بولۇپ قالدىم ... ئاخىر ساراڭ بولدۇم ... مەن دېگەن ھارامدىن بولغان ساراڭ ... ھارامدىن بولغان ئادەم دېگەن مەنسۇرغا ئوخشاش ساراڭ بولىدۇ.

— زۇۋانىڭنى يىغ، ئاغزىڭدىن سائەت چىقىپ كېتىدۇ، جۇۋاينىمەك.

— مەن ساراڭ ... ھارامدىن بولغان.

— ساراڭلىقنى تىلىمە، خۇدايىم ساقلا ... خۇدا ئۇ كۈننى كۆرسەتمىسۇن.

گۈلپىيە قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ يات بىر ئاۋازدا ۋارقىرىدى:

— مەن ھارامدىن بولغانمۇ؟

— تۈزۈك گەپ قىل ... مۈشۈمۇ گەپمۇ؟

— جاۋاب بەر ... مەن ھارامدىن بولغانمۇ؟

رازىيەنىڭ يامغۇردەك تۆكۈلگەن ياشلىرى چىرايلىق يۈزىنى بويلاپ ئېقىپ، كىشىگە دۆتەك ئادەملەرنىڭ تەسىرىنى بېرىدىغان قېلىن لەۋلىرىگە سىڭىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— ئۇنداق ئەمەس ... بۇ گەپنى سوراۋەرمە.

— نېمىشقا سورىمايمەن، مەن ھارامدىن بولغانمۇ، يوق؟

— ياق ...

— مەن ھارامدىن بولغان، دادام شۇنداق دېدى، مەنسۇر ھارامدىن بولغانىكەن، ئۇنىڭغا جىن چاپلىشىپتۇ ...

— نېمە؟ مەنسۇر دېگەن كىم ئۇ؟

— ھاۋاخاننىڭ ئوغلى.

— ھاۋاخان؟ ئۇ كىم بولدى ئەمدى؟

— ھاۋاخان دېگەن بۇزۇق خوتۇن ... بۇزۇق خوتۇننىڭ بالىسى ھارامدىن بولىدۇ، ھارامدىن بولغان بالىغا جىن چاپلىشىدۇ، ساراڭ بولىدۇ ...

رازىيە ئاغزىنى ئاچقىنىچە تۇرۇپ قالدى.

شۇ كېچىسى نۇرغۇن ئادەملەر ئۇخلىيالمىدى، ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائاننىڭ نېمە ئۈچۈن جەننەتتىن قوغلانغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بۇ ئۆمرىدە چۈشىنىپ بولالمايدىغان گۈلپىيەنىڭ يىغىسى بىلەن كۈلكىسىنى ئايرىغىلى بولمايتتى.

رازىيە گۈلنىگارنى ئويلىدى، چىرايلىق، كىشىنىڭ ھالىغا يېتىدىغان دوستىغا بېشىغا كېلىۋاتقان دەردىسەرلىرىنى سۆزلەپ بەرگۈسى كەلدى.

رازىيەنىڭ ئۇيقۇسى قاچقان شۇ دەملەردە، گۈلنىگارنىڭ يۈرىكى ئەلەمدىن پۇچىلاناتتى، كۆڭۈل كۆزى بىلەن سەردارنى

كۆزىتەتتى، سەردارنىڭ يۈرىكىگە نەزەر سالاتتى. كىتابتىن كۆزىنى ئۈزمەي ئولتۇرغان سەردار گۈلنىگار «مېنىڭ ئېرىم» دەپ يۈرىدىغان سەردارغا ئوخشىمايۋاتاتتى.

گۈلنىگار تېلېفوننى قولىغا ئېلىپ، ئۇچۇر كۆزنىكىگە «شەرمەندە» دېگەن سۆزنى يېزىپ، چولپانغا يوللىۋەتتى، ئاندىن يەڭگىللەپ قالغاندەك بولۇپ، كۆڭلى جايىغا چۈشتى، ئەمما توپا رەڭ غېرىبلىق كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىرىدە تۇماندەك لەيلەپ يۈرەتتى.

## 20

سەردار ساپادا يېتىپ «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى»نى ئوقۇۋاتاتتى، سەل نېرىدا «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»مۇ تۇراتتى، گېزىت خەۋەرلىرى دۇنيانىڭ بىز بىلمەيدىغان يەرلىرىدە يۈز بەرگەن ئاجايىباتلارنى ئالەمگە تېخىمۇ سىرلىق ھەم سۈرلۈك تەرزدە ئالەمگە ياياتتى، جاھاننىڭ ھەممە يېرىدە ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلار بولۇۋاتاتتى، خۇشاللىق بىلەن خاپىلىق ئارىلىشىپ كەتكەن. كىم بىرلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا ياخشى ئىش بولسۇن، يامان ئىش بولسۇن، بىر ئادەم خاپا بولسۇن يا خۇش بولسۇن، دۇنيانىڭ پەرۋايى پەلەك، دۇنيانىڭ ئىشلىرى بۇرۇنقىدەك شۇ قەدەر غەلىتە ھەم ئاجايىپ شەكىلدە كېتىۋېرىدۇ، ئەقىلگە سىغمىدىغان، سىغمايدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، بىر قارىسا، يۈز بېرىۋاتقان ناھايىتى نۇرغۇن ئىشلارنىڭ بىر بىلەن مۇناسىۋىتى يوقتەكلا بىلىنىپ قالىدۇ. شۇ ھالدا جاھاننىڭ قايسىبىر يېرىدە قانداق ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس. رادىيولاردا، تېلېۋىزورلاردا كۈندە دېگۈدەك خەۋەرلەر بېرىلىپ تۇرىدۇ، خەۋەرلەر بىر - بىرىدىن بەھەيۋەت، بىر - بىرىدىن غەلىتە، بىر - بىرىدىن بىتايىن، جاھاننىڭ ھەممە يېرىنى خەۋەر قاپلاپ كەتكەن، ئىنسان

يۈرىكىنىڭ ئاجايىپ بىر ئېھتىياجى بار، خەۋەرگە مۇشتاقلىق، ئۈچۈرغا تەشنالىق، خەقلەر نېمە قىلىۋاتىدىكىن دەپ مارلاشقا ھېرىسمەنلىك. ئەمەلىيەتتە خەقلەر نېمە قىلىۋاتىدىكىن، خەق قانداق قىلىدىكىن، دېگەندەك ئىشلارغا قىزىقىشىنىڭ ئۆزى دەل ئۆزىنىڭ توغرا، نورمال ئىش قىلىۋاتقانلىقىغا ئىشەنچ تۇرغۇزۇش ياكى ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان گۇمانى سەۋەبىدىن بولىدۇ.

سەردار گېزىتنى بىر يانغا قويۇپ دېرىزىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

ئۇ شەھەرنىڭ زىچچىدە بىنالار بىلەن سىرلىق ھەم ھەيۋەتلىك تۇسكە كىرگەن تۇرقىغا قاراپ، گېزىت خەۋەرلىرى توغرۇلۇق ئويغا پاتتى.

گېزىتلەردە تۈرلۈك خەۋەرلەر ... رۇسىيەنىڭ رۇبلىسىنىڭ كۇرسى چۈشۈپ كەتكەنلىكى، نېفىت باھاسىنىڭ شىددەت بىلەن چۈشۈۋاتقانلىقى توغرىسىدا

مۇنۇ شەھەرنىڭ قايسىبىر بۇلۇڭىدا تىجارەت باشلىغان شىركەت چالدۇرغان ناغرا ـ سۇناي پات ـ پات ئاڭلىنىپ قالاتتى، سەردار ئۆزىنىڭ شەھەردىن، شەھەرنىڭ ئۆزىدىن بارغانچە يىراقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك بولاتتى.

ئاجايىپ كەشپىياتلار، ئۇتۇقلار، غەلىبىلەر توغرىسىدا ئۈچۈرلار بار ئىدى.

راك، ئەيدىز دېگەندەك لەنىتى كېسەللەر توغرىسىدا خەۋەرلەر بار ئىدى.

ئۇنىڭ چولپاننى كۆرگۈسى كەلدى، چولپاننىڭ سېھىرلىك تەبەسسۇمى ئۇنىڭ بۇرۇقتۇم كۆڭلىگە ئازادىلىك بېرەتتى.

چولپان بولمىغان بولسا ... سەردار بۇنداق خىيالنىڭ ئاخىرىنى ئويلاشتىن قورقىدۇ، گېزىت خەۋەرلىرىمۇ، كىتابلارمۇ ئۇنىڭ مەيلىنى تارتالمىدى.

سەردار شۇ تاپتا بىرەر باھانە تېپىپ ئۆيدىن چىقىۋېلىشنى ئويلاۋاتاتتى.

ئىشىك چېكىلدى، سەردار چوڭقۇر تىنىپ ئىشىككە قاراپ

قويدى، شىرەدىكى رەڭلىك گىزىت كۆزگە تاشلىناتتى، ئاشۇ گىزىتتە سەردار ياشاۋاتقان دۇنيانىڭ سەردار بىلمەيدىغان يەرلىرىدە غارايىپ ئىشلار، غەلىبىلەر، ئۇتۇقلار، پاجىئەلەر بولۇۋاتاتتى .

ئىشىك يەنە چېكىلدى، ئاچماي بولمايدىغاندەك قىلاتتى. سەردار سەل ساقلىسا ئىشىك چەككۈچى كېتىپ قالىدىغاندەك قىمىر قىلماي ئولتۇردى. شۇ ھالدىكى كەيپىياتىدا ئىشىك ئېچىشمۇ، ئىشىك ئاچماسلىقمۇ خۇشياقمايۋاتاتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئۆيگە كىرىڭ.

سەمەتجان ھىجايغىنىچە ساپادا ئولتۇردى، چاچىسىز بېشى پارقىراپ تۇراتتى. بۈگۈن شەپكىسىنىمۇ كىيمىگەنىدى، چېچى چۈشۈپ كەتكەن سەمەتجان بىردىنلا قېرىپ كەتكەندەك تەسىر بېرەتتى.

سەمەتجان ساپاغا جايلىشىپ ئولتۇرۇپ كالپۇكىنى يالاپ قويدى.

— سىز بەك ئالدىراش ھە، سەرداركا؟

— شۇنداقراق ... ھازىر ھەممەيلەن ئالدىراشقۇ.

بۇ شەھەردە ئاجايىپ ئادەملەر بار، ئەمەلىيەتتە ھەربىر ئادەم بىر ئاجايىپلىق، سەردار سەمەتجاننى باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ئىشلارنى ئويلىيالايدۇ، دەپ خىيال قىلاتتى.

— كېپىڭىز توغرا، ھازىر ئالدىرىمايدىغان ئادەم قالمىدى، سىزگە بىر يېڭىلىقنى دەي دەپ كىردىم، ئىندىيانلار ئارىسىدا ئاجايىپ بىر يېڭى بايقاش بوپتۇ قاراڭ.

— ئىندىيانلار ئارىسىدا؟

— شۇنداق، ئامېرىكا قىتئەسىدە ياشايدىغان ئادەملەر.

سەردار سەمەتجاننىڭ غەلىتە چاقناپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ تەمتىرەپ قالدى.

— ھە، ھە ... ئىندىيانلار دەڭ، نېمە بايقاش ئىكەن ئۇ؟

— ئۇلارنىڭ قولدا توقۇغان گىلەم، كىيىم، قول سومكىسى دېگەندەك نەرسىلىرى خۇددى بىزنىڭ ئەتلەسكە ئوخشاش چىقىپتۇ.

— بۇمۇ قىزىق ئىش بوپتۇ.

سەردار دىققىتىنى يىغالمايۋاتاتتى. سەمەتجاننىڭ گەپلىرى تاقىقا ـ تۇقىقا ئاڭلىنىۋاتاتتى.

— دېمەككى ... بۇنىڭ تېگىدە ئاجايىپ سىرلار بار.

— بەلكىم، — دېدى سەردار نېمە دېسە بىر نېمە دېيىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ. سەمەتجاننىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزىدىن ھاياجاننىڭ قىزغۇچ تۇيغۇلىرى پارقىرايتتى. چاي كۆتۈرۈپ چىققان گۈلنىگار سەمەتجانغا ئېگىلىپ تۇرۇپ سالام قىلدى. سەمەتجان سالامغا سالام قايتۇرۇپ بايىقى گېپىنى داۋاملاشتۇردى.

— بۇ ئاجايىپ بايقاش بوپتۇ، مۇنداقچە دېگەندە بۇ بايقاش ئىندىيانلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئىسپاتلىشى مۇمكىن.

سەردارنىڭ كەيپى ئۇچۇپ تۇراتتى، ئۆيدىن قانداق چىقىشنىڭ ئامالىنى قىلالماي تۇرغاندا بۇنىڭ كىرىپ قالغىنىنى.

— ئىشقىلىپ مەنچە ئىندىيانلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتى بار، — دېدى سەمەتجان سەردارنىڭ بىر نېمە دېيىشىنى تەمە قىلغاندەك بويىنىنى سوزۇپ.

— بۇ ئىسپاتلانمىغان ئىش ... بۇ توغرۇلۇق جىق گەپ قىلىشقا بولمايدۇ، — سەردار بىزارلىقىنى يوشۇرالماي غودۇڭشىدى.

— توغرا دېدىڭىز، ئەمما ھامان بىر كۈنى ئىسپاتلىنىپ قالار.

سەردار سائىتىگە قاراپ قويدى. گۈلنىگارنىڭ پات ـ پات تىكىلىپ قاراشلىرى سەردارنىڭ ئىچىنى پۇشۇراتتى. مۇشۇ ھالدا گۈلنىگار سەردارنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى، نېمىگە

www.uyghurkitap.com

ئالدىراۋاتقانلىقىنى بىلمىدىغاندەك، سەردارغا لەنەت ئوقۇۋاتقاندەك بىلىنىپ قالدى.

— سىز ئىندىيان دېگەننىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ — دېدى سەمەتجان كۆزلىرىنى سەرداردىن ئۈزمەي.

— ياق، شۇنداق بىر ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغان، ئەمما ئۇلار ھەققىدە كۆپ نەرسە بىلمەيمەن.

— ياۋايى ئادەملەر ئۇلار.

سەردار ئۇھ تارتىپ قويۇپ سەمەتجاننىڭ پارقىراپ تۇرىدىغان كۆزىگە تىكىلدى:

— دۇنيادا ياۋايى ئادەم دەيدىغان ئادەم بولمايدۇ.

— ئەمما ئىندىيانلار ...

— بولدى سەمەتجان، بىز ئۇ ئىندىيانلارنى قويۇپ ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى قىلايلى، قولدا توقۇلغان نەرسىلەر ئوخشايدىكەن دەيسىز، ئوخشىسا نېمە بوپتۇ؛ مەسىلەن، بىزنىڭ ئىندىيان بىلەن مۇناسىۋىتىمىز بولسا نېمە بوپتۇ؟ بولمىسا نېمە بوپتۇ؟ بىز ئۇچۇن ئۆزىمىز ھەممىدىن مۇھىم، ھازىرقى ھالىمىز مۇھىم ... — سەردار ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان گۈلىنگارغا قاراپ قويۇپ قولىنى شىلتىدى، — سىزگە دېسەم سەمەتجان، ئون ياشلىق بىر قىز ئاشخانىدا كۈتكۈچىلىك قىلىۋېتىپتۇ.

سەمەتجان سەردارنىڭ خاپا ھالىنى كۆرۈپ ئوڭايسىزلىنىپ قالدى.

— بۇنداقلار جىققۇ ... ھەيران قالغۇچىلىكى يوق، — دېدى ئۇ ئۈستەلدىكى گېزىتكە قاراپ قويۇپ. گېزىتنىڭ رەڭلىك ماۋزۇلىرى كۆزگە چېلىقاتتى.

سەردارنىڭ بىردىنلا جۇدۇنى تۇتتى.

— ھەي ... قاراڭا گېپىڭىزنى، جاھاندىكى ئەڭ ئەخمەق خەق بىز بولساق كېرەك ... سىزنىڭ شۇ بىر ئېغىز گېپىڭىزدىنلا بىلدىم.

— نېمىشقا بۇنداق دەيسىز؟ — دېدى سەمەتجان سەردارنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ.

— ئۆزىنى ئۇنتۇپ خەق بىلەنلا قالغان، خەقنى دوراش بىلەن، خەقنىڭ ئىشىغا قىزىقىش، ئارىلىشىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەن، قاراپ بېقىڭا، بىرلىرى قوپقان ئەرەب بىلەن پارسنى دورايمەن دەپ، بىرلىرى نېگىرنى دوراپ باقىدۇ، ئادەمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرۈپ، بىرلىرى ئىنگلىز بىلەن ئورۇس بولالماي ئاۋارە ... يەنە بىرلىرى بىرقانداق ... ئەمدى سىز قوپۇپسىز ئىندىيان بىلەن ئۇيغۇرنىڭ مۇناسىۋىتى بار دەپ ... ئۆزىمىزنىڭ ھالىنى بىلسەك، ئۆزىمىزگە خەققە كۆڭۈل بۆلگەندەك كۆڭۈل بۆلۈپ باقساق نېمە بولار؟

سەمەتجان سەردارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ سەل قىزىشىپ قالدى.

— مۇشۇمۇ ئۆزىمىز بىلەن ئالاقىسى بار ئىش، سەرداركا، بايا دېدىمغۇ، ئىندىيانلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئالاقىسى بار دەپ.

— بۇ گەپ ئىسپاتلانمىدى، ئىسپاتلاندى دېگەندىمۇ ئۇيغۇر دېگەن ئۇيغۇر، ئىندىيان دېگەن ئىندىيان، مۇشۇنداق گەپلەرنى تولا دېمەڭ، سىزگە دېدىم، بىز ئەڭ ياخشىسى بۇگۈنكى ئۆزىمىزگە كۆڭۈل بۆلەيلى، سىز بىلەن بىز ئادەمدەك ئىش قىلساق ئون ياشلىق بالا ئاشخانىدا قاچا يۇيۇپ يۈرمەيدۇ.

گۈلنىگار سەردارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۈنىڭدىن سۆيۈنۈپ قالدى، سەردار گۈلنىگارغا بارغانسېرى سىرلىق بىلىنىۋاتاتتى. گۈلنىگار سەردارنىڭ بىر ئىشقا ئالدىرىغاندەك ھالىغا قاراپ، ھېلىلا سۆيۈنۈپ قالغان كۆڭلىگە تىترەك ياماشتى، مۇشۇ كېلىشكەن ئەر ئۈنىڭغا تەۋە ئىدى، ئۈنىڭغا تەۋە بولۇشى كېرەك ئىدى، ئەمما تەۋە بولماي قالدى ... ئالۋاستى، تۆلكە جىن ...

— بۇ ئادەتتىكى ئىشلار، مېنىڭ دېگىنىم چوڭ ئىشلار، — دېدى سەمەتجان.

— بىزگە ئالاقىسى يوق چوڭ ئىشنى ئويلاپ كاللىمىزنىڭ قېتىقى چىقىپ كېتىدۇ، ئۆزىمىزگە ئەڭ يېقىن ئىشلار بىلەن

كارىمىز يوق.

سەمەتجان بېشىنى لىڭشىتىپ سەردارنىڭ گېپىنى تەستىقلىدى:

— توغرا دەيسىز، بىزدىغۇ مۇشۇنداق بىتايىنلىق كۆپ زادى.

سەمەتجان ئۇستەلدىكى گېزىتلەرنى ئالدىغا تارتىپ قارىدى، ئاندىن ئامېرىكىدا، ئىراندا، روسىيەدە بولۇۋاتقان ئىشلار توغرۇلۇق ئۇنى - بۇنى دەپ باقتى، سەردار ئامالسىزلىقتىن گەپ قېتىپ ئولتۇردى.

— ماۋۇ قوشنىمىز بارات ئاكام بىلەن كۆرۈشتىڭىزمۇ؟

— كۆرۈشتۇم، — دېدى سەردار سائىتىگە قاراپ قويۇپ.

— قانداقراق ئادەم ئىكەن؟

— ياخشى ئادەم ئىكەن.

— مەنمۇ ياخشى ئادەم ئىكەن دەپ ئويلىدىم، يەنە كېلىپ پۇلى بەك جىق ئىكەن، شۇ كىشىدىن ئازراق پۇل ئۆتنە ئېلىپ بانكا قەرزىنى تۆلەيمىكىن دەيمەن، سەرداركا، بىكاردىن - بىكار بانكىغا بىرمۇنچە ئۆسۈم تۆلەپ يۈرگەندىن كۆپ ياخشى ئەمەسمۇ.

— ئۇنى ئۆزىڭىز بىلىڭ.

سەردارنىڭ ئاۋازىدىن ئالدىراۋاتقانلىقى، تىت - تىت بولۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

سەمەتجان ئوڭايسىز كەيپىياتتا بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى. سەردار ئۇنى سوغۇققىنا ئۇزىتىپ قويدى.

— ئۇنىڭ بىلەن بۇنداق گەپلەرنى دېيىشمىسىڭىز بولاتتى، — دېدى گۇلنىگار سەردارنىڭ قارشى تەرىپىدە ئولتۇرۇۋېتىپ، — ئېغىز بالاسى يامان.

— نېمە بالاسى؟

— ئېغىز بالاسى دەيمەن ... ھە دېسە ئامېرىكىدا ئۇنداق، ئىراندا مۇنداق دېگەندەك گەپلەرنى دېيىشكىلى تۇرساڭلار

قورقىمەن، يوق ئىشلارنى سۆزلەپ يۈرۈپ چاتاق چىقىپ قالمىسۇن ئەمدى.
— نېمە چاتاق چىقاتتى؟
— ئەمدى دەيمەن ... ئىشقىلىپ مەنغۇ ئۇنداق گەپلەرنى چۈشەنمەيمەن.
— قىزىق گەپ بولدى بۇ، ئادەتتىكى سۆزلەرغۇ بۇ.
— جاھاننىڭ بۇ بېشىدىن كىرىپ ئۇ بېشىدىن چىقىدىكەنسىلەر ... بۇنى ئادەتتىكى گەپ دېگىلى بولمايدۇ، بىلىپ - بىلمەي خاتا گەپ قىلىپ قويۇپ بالاغا قالارمىكىن دەپ قورقىمەن.
ئىشىك چېكىلدى، گۈلنىگار ئىشىكنى ئاچتى. سەمەتجان قوللىرىنى ئىشقىلاپ تۇراتتى، گۈلنىگار بىرنېمە دەپ بولغۇچە سەمەتجان گەپ باشلىدى:
— سەردار ئاكامدىن سورايدىغان گەپ بار ئىدى، بايا كىم بىرسىنى ئىشلەمچى بوپتۇ دېدىڭىزما؟ ...
— شۇ، ئون ياشلىق قىز قىيىنچىلىق سەۋەبىدىن ئاشخانىدا كۆتكۈچىلىك قىلىۋېتىپتۇ.
— مېنىڭچە ياردەم قىلىدىغانلار چىقىدۇ.
سەردارنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى.
— بەلكىم، ئەمما شۇنداق بىر بىچارە قىز مۇشۇ ھالدا تۇرسا، بىز نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ يۈرىمىز.
— دېدىمغۇ، ياردەم قىلىدىغانلار چىقىدۇ.
— سىز ياردەم قىلىسىڭىزمۇ بولىدۇ ... ئىندىيانغا كۆڭۈل بۆلگەنچىلىك ئۆزىمىزنىڭ ئادەملىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ قويايلى.
— مەن ياردەم قىلسامۇ ئەلۋەتتە بولىدۇ ... ئەمما بىراق ...
سەمەتجان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئاچچىق بىر ئىچكى ھاياجاندىن چىرايى تاتارغان سەردار ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئۆستەلدىكى گېزىتلەرنى رەتلەپ بىر يانغا تاشلاپ قويدى. دۇنيانىڭ سەردار بىلىپ بولالمايدىغان يەرلىرىدىكى قانداقتۇر

بىر ئىشلار گېزىتلەر ئارقىلىق ھەريان كېزىپ يۈرەتتى. سەمەتجان دېگەن خەۋەرلەر بىلەن گېزىتتىكى خەۋەرلەرنى ئوخشاش دېگىلى بولمىسىمۇ، ئەمما بىر يەرلىرىدە رەڭداشلىق بار ئىدى. ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىرى، ئويلىرى، نىشانلىرى بىر - بىرىنىڭكىگە تۇسداشتەك قىلاتتى.

— نەگە ماڭدىڭىز؟ — دېدى گۈلنىگار.

تىكلىمە ئەينەكنىڭ ئالدىغا بېرىپ كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈۋاتقان سەردار گەپ قىلمىدى.

— خاپا بولماڭ، سىزنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىڭىزنى سورىمىسام بولاتتى.

— سوراۋېرىڭ.

— ئالدىنقى قېتىم سورىمايمەن، دەپ ۋەدە بەرگەن.

— ھېچقىسى يوق، سوراۋېرىڭ، سىزنىڭ شۇنداق ھوقۇقىڭىز بار.

— بولدى سورىمىغان بولاي، بېرىۋېرىڭ.

كىچىك ۋاقتىدىكى كەندىر خامىنى سەردارنىڭ يادىغا يەتتى، مىڭلىغان قۇشقاچلار كەندىر قوقىنىغا ئولىشىپ تاتىلاپ، كىچىك - كىچىك ئورەكلەرنى ھاسىل قىلاتتى، قۇشقاچلار جان - جەھلى بىلەن تىنىماي جاۋۇلدىشاتتى، كەندىر قوقىنىنىڭ كۆچلۈك ھىدى بىلەن قۇشقاچلارنىڭ غەلىتە ئاۋازلىرى ئارىلىشىپ كېتەتتى، كەندىر خامىنىدىن كەندىردە بولىدىغان يېقىملىق ھەم كۆچلۈك ھىد كېلەتتى.

— بالدۇرراق كېلىڭ دېسەم كۆڭلىڭىزگە كەلمەس.

— ھايال بولمايمەن.

سەردارنىڭ كەندىر خامىنى، كەندىر ھىدى، قۇشقاچلارنىڭ سەۋدايىلارچە جاۋۇلداشلىرى ھەققىدىكى ئەسلىمىسى ئۈزۈلۈپ قالدى.

ئىشىك گۈپپىدە يېپىلدى، ئاپتوماتىك قۇلۇپنىڭ ئىچىدىكى قانداقتۇر بىر زاپچاسىنىڭ شاراقلاشلىرى ئاڭلاندى.

گۈلنىگار مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى، تەنھالىقنىڭ سوغۇق، ۋەھىمىلىك قوللىرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئاستا ـ ئاستا مۇجۇۋاتاتتى. ئىلتەبىر بىلەن مويۇنچۇر ئۇخلاپ قالغانىدى، بايا ئىندىيانلارنىڭ، ئاشخانىدا كۈتكۈچىلىك قىلىۋاتقان ئون ياشلىق قىزنىڭ گېپى بولغان ئۆي جىملىققا غەرق بولدى. گۈلنىگار بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ كۆڭلىدىكى چىرايلىق گۈللەرنى ئاستا ھەم تۇيدۇرماي يەۋاتقانلىقىنى سېزىپ تېلېفوننى قولىغا ئالدى، بىردەمگىچە گاڭگىراپ ئولتۇرغاندىن كېيىن تېلېفوننىڭ ئېكرانىنى سىيرىشكە باشلىدى. تېلېفون خاتىرىسىدىكى تونۇش ئىسمىنى كۆرۈپ دەرھال ئۆتكۈزۈۋەتتى، ئاندىن يەنە كەينىگە ياندۇردى. كىم بىرسىنىڭ كۆلكە قاپلىغان چىرايى ئۇنىڭغا دېرىزىدىن قاراپ تۇرغاندەك، كۆلۈمسىرەشلىرى مۇزدەك سېزىم تارتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ نومۇرنى بېسىپ بولۇپ يەنە دەرھال بىكار قىلىۋەتتى، بىرنەرسىنىڭ گۇپۇلدەشلىرى ئاڭلاندى، ئاۋاز ناھايىتى چوڭقۇر يەردىن قاتتىق ھەم ئېغىر بىرنەرسىنىڭ ئاستىدىن چىقىۋاتقاندەك ئاڭلىنىۋاتاتتى. گۈلنىگار خېلى ئۇزاقتىن كېيىن بۇ ئاۋازنىڭ ئۆز يۈرىكىنىڭ سوقۇشلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ كۆڭلى خاتىرجەم بولدى، پېشانىسىدىن تەر قۇيۇلدى، سۇزۇك ھەم ئاچچىق تەر يۈرىكىنىڭ تەرلىرى ئىدى.

گۈلنىگار دىلمۇراتقا تېلېفون بېرىشكە پېتىنالمايۋاتقان شۇ دەمدە، دىلمۇرات ئۆزىگە مەھكەم چاپلىشىپ ياتقان ساجىدەنىڭ بالدۇرراق كېتىشىگە تەقەززا بولۇۋاتاتتى.

شەھەر مەركىزىدىكى ئون بەش قەۋەتلىك بىنانىڭ بەشىنچى قەۋىتىدىكى ئۆي جىمجىت ئىدى، بالكونىدىكى رەڭدار قۇش مۈگدەپ ئولتۇراتتى، بەشىنچى قەۋەتتىكى ئۆيدە ئۇيقۇسىز ياتقان ئائىلىنىڭ ئۇھ تارتىشلىرىنى ھېچكىم ئاڭلىمايتتى. بۇ ئائىل مۇشۇ قاينام ـ تاشقىنلىق شەھەردە نادىر ئىسىملىك بىر قىزنىڭ بارلىقىنى، بۇ قىزنىڭ قورقۇنچلۇق تەقدىرىنىڭ

ئىسكەنجىسىدە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

قار ياغقان كۈنى ئاڭلىغان خەۋەرگە ئىشىنەلمىگەن، ئىشەنمەسلىككە باھانە تاپالمىغان نادىرەنىڭ كۆز ياشلىرى قار قاپلىغان شەھەرنىڭ سوغۇق باغرىدا مۇز مارجاندەك پارقىراپ قالاتتى.

## 21

نادىرە — چىرايلىق شەھەرنىڭ چىرايلىق قىزى، ئۇ بۇ شەھەردىكى ھەممە نەرسىنىڭ ئۆزىگە يات ھەم ناتونۇش بولۇپ كەتكىنىنى، بۇ شەھەردىكى ھېچ نەرسىنىڭ ئۆزىنى تونۇمايدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ ھېچ نەرسىنى تونۇمايدىغان بولۇپ قالغىنىنى ھەسرەت بىلەن يادىدىن ئۆتكۈزدى. ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا يىرگىنىچ ھەم ئۆچمەنلىك بىلەن تىكىلىۋاتقاندەك، ئۇنىڭدىن يىراقلىشىشنى ئىزدەۋاتقاندەك، ئۇنى كۆرەرگە كۆزى يوقتەك بىلىنىپ قېلىۋاتاتتى.

نادىرە ئەينەكنىڭ ئالدىدا ئۇزۇن ئولتۇردى، دادىسىدىن قالغان كىتابلار، ئانىسىدىن قالغان قاچا ـ قۇچىلار ... ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا مەيۈس قاراپ تۇراتتى. ئادەملەر مىغ ـ مىغ يۈرىدىغان بۇ شەھەردە نېمىشقا بۇ قارا تەقدىر نادىرەگە يولۇقۇپ قالىدۇ؟ خۇددى بىر ئىت ... قارا ئىت ياكى باشقا رەڭلىك ئىت ... ئىشقىلىپ بىر ئىت ... غالجىر ئىت ... ئۇشتۇمتۇت ئېتىلىپ كېلىپ چىشلىۋالغاندەك ... يىرگىنچلىك بىرنەرسە نادىرەنىڭ ۋۇجۇدىغا كىرىۋالدى، ۋۇجۇدىغا كىردى، ئاندىن روھىنى پارە ـ پارە قىلىۋەتتى.

«HIV»

ئۇ قورقۇنچتىن تىترىگەن روھىنىڭ ئىچىدە بىر تال قۇرۇغان غازاڭدەك لەيلەپ يۈرگەن دەملىرىدە ئاشۇ ۋەھىمىلىك ھەرپلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. بۇ ھەرپلەرنىڭ ھەربىرى بىر

ئالۋاستىغا ئايلىنىپ ئۇنىڭ روھىنى تىتما ـ تالاڭ قىلىۋېتىدۇ، ئۇنىڭ ئاجىز ۋۇجۇدىنى خالىغانچە تارتقۇشلاپ، ئۇنى ئۆلۈم تەرەپكە كۆچ بىلەن تارتىدۇ. ئۇ بۇ ھەرپلەرنى ئۆزىگە تونجى قېتىم شۇم خەۋەر يەتكۈزۈلگەن قورقۇنچلۇق ئىشخانىنىڭ تېمىدىكى سۈرەتتىن كۆرگەن، تامدىكى سۈرەتلەردە ئەيدىز كېسىلى بولغانلارنىڭ قورقۇنچلۇق سۈرەتلىرى بار ئىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئاشۇ ئۈچ تال ھەرپ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى.

— نېمانچە غەمكىن بولۇپ كەتتىڭ، نادىرە؟

نادىرە زۆھرەنىڭ شۇ ئاۋازىنى ئۇنتۇيالمايدۇ. نۇرغۇن قارا كۈنلەر شۇ كۈندىكى شۇ ئاۋازدىن باشلىنىپ قالغاندەك ئويلايدۇ.

بۇ نادىرە پات ـ پات ئاق قەغەزگە (HIV) دېگەن خەتلەرنى يېزىشتىن يېرىم يىل ئىلگىرىكى، بەلكىم يېرىم يىلدىنمۇ ئىلگىرىكىرەك كۈنلەر بولسا كېرەك. شۇ كۈنى كۆز يامغۇرى ياغقاندەك قىلغان. بۇ ھاياتتا ئادەملەرنىڭ ئامەتلىك تەقدىرى ياكى تەتۈر قىسمەتلىرى گاھىدا يامغۇرلۇق كۈنلەردىن، گاھىدا قارلىق كۈنلەردىن باشلىنىپ قالىدۇ.

نادىرەنىڭ تەقدىر ـ كۆرمىشىدىكى نۇرغۇن ئىشلارنىڭ يامغۇر بىلەن ئالاقىسى باردەك ئىدى.

چىرايلىق ياسىنىۋالغان زۆھرەنىڭ كۆزلىرى ئويناپ تۇراتتى، زۆھرە بىر قارىماققا دۇنيانى ئۇنتۇپ كەتكەندەك ياكى ئۇنتۇپ كېتىش ئۈچۈن يول ئىزدەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— ھېچنېمە بولمىدى، — دېدى نادىرە مۇناقى ئۆزۈمدەك لەۋلىرىنى چىشلەپ.

— ھېچنېمە ئەمەس، بىر ئىش بولدى، مەندىن يوشۇرما.

— مۇرات ...

زۆھرە نادىرەنى قۇچاقلىدى.

— مەنمۇ ئاڭلىدىم، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، ھەممە ئىش ئۆتۈپ كېتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

— بىراق ... مۆرات مېنىڭ سەۋەبىمدىن شۇ ھالغا چۈشۈپ قالدى، مەن قورقۇۋاتىمەن.

— نېمىدىن قورقىسەن؟

— ناۋادا مۆرات ئۆمۈر بويى ئورنىدىن تۇرالمىسا ...

— خۇدايىم ساقلار ... بۇنى ئۆزۈڭگە يۈك قىلىۋالما.

— ئۇنداق ئەمەس ... مۆرات مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئەمەس، باشقا بىر ئىش سەۋەبىدىن شۇنداق بولۇپ قالسىمۇ قاراپ تۇرسام بولمايدۇ.

— ئەمىسە قانداق قىلاي دەيسەن؟

— نەچچە كۈندىن كۆپ ئويلاندىم، مەن مۆراتنى داۋالىتايمىكىن دەيمەن.

— مۆراتنى سەن داۋالىتامسەن؟

— شۇنداق، مۆرات بىلەن ئۇنىڭ ئاچىسى ھېلىقى شوپۇردىن تۆلەم ئېلىشنى رەت قىلدى.

— نېمىشقا؟

— ئۇ شوپۇرنىڭ كېسەل ئانىسى بار ئىكەن، مۆراتنى سوقۇۋەتكەن چاغدىمۇ ئانىسىنىڭ كېسىلى قوزغىلىپ دوختۇرغا ئېلىپ ماڭغانىكەن، ئۇمۇ قولاق تۈۋىگىچە قەرزگە بوغۇلغان بايقۇش ئىكەن.

— بىراق ... سەن قانداق داۋالاتماقچى؟ بىلىشىڭ كېرەك ھازىرقى داۋالاش پۇلنىڭ قىممەتلىكىنى.

— ئۆيىنى ساتاي دېسەم دادامنىڭ بارلىق مال - مۈلكى قاتارىدا ئۆيىمىزمۇ قولدىن كەتتى، بۇ ئۆيدىمۇ ۋاقتىنچە ئولتۇرۇۋاتىمەن، كەلگۈلۈكنىڭ ھەممىسى ماڭا كەلدى.

زۆھرە بىلەن نادىرە قۇچاقلىشىپ ئۇزۇن يىغلاشتى.

— مەن جىق پۇل تاپمىسام بولمايدۇ، زۆھرە، مەن مۆراتنى داۋالاتمىسام بولمايدۇ، بۇ مېنىڭ بىردىنبىر ئارزۇيۇم.

— پۇل ... پۇل دە ... — زۆھرە خامۇشلۇق بىلەن بېشىنى چايقىدى، — بۇ دۇنيادا پۇلنىڭ ھەممىسى ئەرلەرنىڭ يانچۇقىدا،

نادىرە، بىز پۇل تاپىمىز دېسەك جىق بەدەل تۆلەپ قالىمىز.
— مەن بىر يەردە ئىشلەيمىكىن دېگەن.
— ئىشلىسەڭ تاپقىنىڭ جېنىڭنى بېقىشقا ئاران يېتىدۇ، ئەمما شۇنداقتىمۇ ئىشلەيمەن دېسەڭ بۇنىڭ يامان يېرى يوق، بولىدۇ دېسەڭ مېنىڭ غوجايىنىمغا تونۇشتۇرۇپ قوياي، ساڭا قىلغۇدەك ئىش چىقىپ قالار دەيمەن، ئەمما ئۇ چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئادەم ... تونۇگۈنكى دىلمۇرات بىلەن بۈگۈنكى دىلمۇرات ئوخشىمايدۇ، قولىدىن ھەرقانداق ياخشىلىقمۇ كېلىدۇ، ھەرقانداق شۇملۇقمۇ كېلىدۇ، ئەمما ياخشى يېرى ئۆزى بەك مەرد ئادەم، خۇشى تۇتۇپ قالغان ئادەمدىن ھېچنېمىنى ئايىمايدۇ ... بىراق پۇل تېپىشقا كەلگەندە ھەرقانداق شەرمەندە ئىشتىن قول تارتمايدۇ.

زۆھرە بىلەن نادىرە يېرىم كېچىگىچە مۇڭداشتى، زۆھرە ماڭىدىغان چاغدا نادىرە كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا پىچىرلىدى.

— مەيلى، ھازىرچە ئىشلەپ تۇراي، كېيىن بىرەر ياخشى يول چىقىپ قالار.

نادىرەنىڭ كۆز چاناقلىرى لىققىدە ياشقا تولغان ئازابلىق ھالىتىنى زۆھرە ئۇزاققىچە ئۇنتۇيالمايدۇ.

— مۇنداق قىلايلى، غوجايىنىم بىلەن تاماق يەيلى، تونۇشۇپ قالساڭ كېيىنكى ئىشلارنى شۇ چاغدا بىرنېمە دېيىشەرمىز ... يول چىقىپ قالىدۇ، ئەمما بۇ يول تازا ... دۇرۇس يول بولمىسا كېرەك.

— قانداق يول؟

— مەنمۇ بىلمەيمەن، غوجايىنىمنىڭ ئەھۋالىنى ساڭا دېدىم، ناۋادا خالىمىساڭ بۇ ئىش مۇشۇ يەردە قالسىمۇ بولىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىسەڭمۇ بولىدۇ.

ئەتىسى چىرايلىق ياسانغان نادىرە بىلەن زۆھرە ئايرىمخانىغا كىرىپ كەلگەندە، نادىرەنى تۇنجى كۆرگەن دىلمۇراتنىڭ كۆزلىرى

چەكچىيىپلا قالدى.

پەردىسى قايرىۋېتىلگەن دېرىزىدىن قۇياش نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى، شۇ كۈنكى قۇياشنىڭ پاكىز نۇرى يورۇتۇپ تۇرغان چىرايلىق خانىدا كېيىنكى كۈنلەردىكى قورقۇنچلۇق ئىشلارنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ كەتكەندەك بولدى.

كۆزلىرىدە ئۆمۈچۈك تورىدەك غىرىبلىق تۇزۇپ تۇرىدىغان دىلمۇراتقا تىك قاراشقا پېتىنالمىغان نادىرە يۈرىكىنىڭ ئەنسىز سوقۇۋاتقانلىقىنى، ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان ۋايىملىق تۇيغۇنىڭ چوقىقىسىدىن تاپىنىغىچە تارالغانلىقىنى سەزدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ شۇ دەمدىن باشلاپ بىر قارا يولغا كىرىشكە باشلىغانلىقىنى ھەسرەت بىلەن خىيالىدىن ئۆتكۈزىدۇ. يۈرىكىگە سوغۇق ھەم مۇدھىش بىر شامال ئۇرۇلغاندەك بولىدۇ.

— نېمە ئىشىڭىز بولسا مېنى ئىزدەڭ، نادىرە ... راست دەيمەن.

دىلمۇراتنىڭ قىلىدىغان گېپىنى تاپالماي دۇدۇقلاپ قېلىشلىرىنى كۆرۈپ ئىچى ئاچچىق بولغان زۆھرە تەنە بىلەن كۈلدى:

— نادىرە، ئېچىلىپ ئولتۇرغىن.

دىلمۇرات سىرلىق كۈلۈپ قويۇپ نادىرەگە تىكىلدى.

— مېنىڭ قانداق ئادەملىكىمنى دوستىڭىز ياخشى بىلىدۇ، خۇدايىم بۇيرۇسا، ئىككىمىز ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالىمىز.

دىلمۇرات شۇ چاغدا نادىرەنىڭ نازۇك بىر يەرلىرىنىڭ، سېھىرلىك كۆزلىرىنىڭ چولپانغا بەكمۇ ئوخشايدىغانلىقىنى ھەيرانلىق بىلەن ھېس قىلىپ يۈرىكى ئاسقاندەك بولدى. ئەمما، دىلمۇرات نادىرەنى تۇنجى كۆرگەن چاغدا، ئۇنى چولپانغا ئوخشاتقانلىقىنىڭ پەقەت ئوخشاپ قالسىكەن دېگەن تەمەدىن كەلگەن خاتا تۇيغۇ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالىدۇ. دىلمۇرات كېيىنكى كۈنلەردە ئۆز كۆڭلىنى زورلاپ نادىرەنى چولپانغا ئوخشىتىپ يۈرىدۇ.

نادىرە ۋۇجۇدىغا ياماشقان نەپرەتلىك ئالۋاستى ھەققىدە خىيالغا چۆمگەنلىرىدە دىلمۇرات بىلەن تۇنجى كۆرۈشكەن شۇ كۈننى ئويلايدۇ. نادىرە رەنا دېگەن دوختۇرنىڭ ئەيدىز ھەققىدە ئەندىشىلىك ئويلارغا پاتقاندا ئۆزىنى ئويلايدىغانلىقىنى، رەنانىڭ دىلمۇراتنىڭ بۇرۇنقى ئايالى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

## 22

سەردار كېسەل تارىخىنى ۋاراقلاپ ئولتۇرغاندا رەنا ئىشخانىغا كىردى. رەنانىڭ ئوڭ مەڭزىدىكى قارا مەڭ سەردارغا غەلىتە كۆرۈنەتتى. سەردار قارىماي دەپ تۇرۇپ يەنە رەنانىڭ يوغان كۆكسىگە قاراپ سالدى.

— ئالدىراشمۇ سىز، سەردار دوختۇر؟

— ئالدىراشمۇ ئەمەس، ئەمما ئىش تۈگىمەيدۇغۇ.

— خىزمەتكە بەك بېرىلىسىز - ھە.

— ئۇنداق ئەمەستۇ.

— بەك ئەستايىدىل ئىشلەيسىز، بۇ جەھەتتە مەن سىزگە قايىل.

— سىزمۇ شۇنداققۇ.

— مەن خاپىلىقلىرىمنى ئۇنتۇپ كېتەي دەپ ئىشلەيدىغان بولۇپ كەتتىمغۇ تاڭ.

سەردار رەنانىڭ قېنىق گىرىم قىلىنغان مەپتۇنكار چىرايىغا قاراپ كۈلۈپ قويدى.

— نېمە خاپىلىقىڭىز بار، رەنا؟

— مەن ئېرىمنى بىر ئايالغا تارتقۇزۇپ قويدۇم ... تەنھا قالدىم، ئاياللىق كەلگۈسۈم قاراڭغۇ.

رەنا سەردارغا يۈرىكىدە لىققىدە دەردى بار، ئەمما ھەرقانچە خاپىلىققا قالسىمۇ ۋايسىمايدىغان كاج ھەم ئۆزىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان ئايالدەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ تۇرۇپلا دەردىنى تۆكۈشى

سەردارغا سەل غەيرىي بىلىندى.

— ئېرىمنى تارتقۇزۇپ قويدۇم دەڭ ... كىم تارتىۋالدى؟ نېمانداق يامان ئايالدۇر ئۇ؟

رەنا سەردارنىڭ كۆزىگە مەنىلىك تىكىلىپ كۈلۈپ قويدى.

— ئۇ يامان ئايال، ئۆزى بەك چىرايلىق، ئۇنىڭ تارتىۋالغىنى يالغۇز مېنىڭ ئېرىملا ئەمەس، ئۇ ئۆزىنى «مەن،» دەپ يۈرگەن خېلى ئەرلەرنىمۇ پايپېتەك قىلىپ يۈرىدۇ.

— كىم ئۇ؟

رەنا بېشىنى چايقاپ سىرلىق كۈلدى.

— ئۇنىڭ كىملىكىمنى سىزگە دېمەي تۇراي.

— ئېرىڭىز ئۇ ئايال بىلەن توي قىلدىمۇ؟

— ياق، ئۇ ئايال ئۇنىمايدۇ.

— قانداق گەپ بۇ؟ ئېرىڭىز بىر ئايالنى دەپ سىزدىن ئاجرىشىپتۇ، ئەمما يەنە ئۇنىڭ بىلەن توي قىلماپتۇ ... بۇ سەل غەلىتە ئىشمۇ نېمە؟ ئېرىڭىز پۇشايمان قىلدىمۇ يا؟

— ياق، ئۇ پۇشايمان قىلمايدۇ، ئەمما ھېلىقى ئايال ئۇنىڭغا تەگمەيدۇ.

سەردار ھەيران قالدى.

— بۇ قانداق گەپ ئەمدى، رەنا؟

— قانداق بولاتتى، ئۇ ئايال ئېرىمگە ھەرگىز تەگمەيدۇ، چۈنكى ئۇ ئايال باشقا بىر ئەرنى ياخشى كۆرىدۇ.

سەردار بېشىنى چايقاپ كۈلۈمسىرىدى.

— ھەممەيلەننىڭ دەردى بار، ھېچكىم ئۆزىدىن رازى بولماي يۈرۈۋاتىدۇ.

رەنا سەردارنىڭ قاملاشقان تۇرقىغا قاراپ ئۇھ تارتىپ قويدى.

— ئۇ بەك يامان ئايال، ئۇ بىرنى ئەمەس، ئىككى ئەرنى ئۆزىگە قارىتىۋالدى، بىر ئايالنى ئەمەس، ئىككى ئايالنى داغدا قويدى.

— ئەجەب دەپ كەتتىڭىز، كىم ئايال ئۇ؟

— ئۇنىڭ كىملىكىنى سىزگە دېسەم بولمايدۇ، مەن ئۇ ئايالغا بەك ئۆچ، ئەمما ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە، ئېسىللىكىگە ھەسەت قىلىمەن ... بۇنى ئامالسىز ئېتىراپ قىلىمەن.

رەنانىڭ ھەسرەتلىك تىنىقلىرىدىن ئۇوت پۇرقۇلاتتى.

رەنا سەردار بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى، سەردار رەنانىڭ تولغان ۋۇجۇدىغا كەينىدىن قاراپ قالدى، يۈرەك بىلەن يۈرەك ئارىسىدىكى مۇساپە ئاجايىپ بولىدۇ، گاھ بىر ئۆمۈر يەتمىگۈدەك ئۇزۇن، گاھ بىر قەدەمگىمۇ توشمايدۇ. رەنا سەردارغا يۈرىكىدىكى پىنھان ئازابلىرىنى تۆكۈۋاتقان دەملەردە رازىيە بىلەن شاكىر گۈلپىيە توغرۇلۇق پاراڭلىشىۋاتاتتى. رازىيەنىڭ گاگىراشلىرى بىلەن شاكىرنىڭ ئامالسىزلىقلىرى ھەر ئىككىسىنىڭ يۈرىكىنى قىساتتى.

## 23

رازىيە شاكىرنىڭ چاپىنىنى كىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئالدىنى توستى:

— نەگە ماڭدىڭىز، شاكىر؟

— ئاغىنىلەر چاقىرىپتىكەن ... شۇ يەرگە بېرىپ كېلەي.

شاكىرنىڭ قېلىن، گۆشلۈك لەۋلىرىنى يالاشلىرى رازىيەگە بەكلا تونۇش بولۇپ كەتكەنىدى.

— بۈگۈن بارمايسىز.

— نېمىشقا بارمايمەن؟ ھايال بولمايلا كېلىمەن.

— ھايال بولمايلا، كېلىسىز، ئاندىن مەن بىلەن ئۇرۇشۇپ ئالەمنى ـ مالەم قىلىسىز ... بۈگۈن سىزگە دەيدىغان گەپ بار، ھېچ يەرگە بارماي ئۆيدە جىم ئولتۇرۇڭ.

رازىيە يۇمشاق قوللىرى بىلەن شاكىرنىڭ مۇرىسىدىن بېسىپ قويدى، تولغان، ياشلىق گۈزەللىكىنى يوقاتمىغان ئايالنىڭ

ۋۇجۇدىدىن تارالغان ئىسسىقلىق شاكىرغا تەسىر قىلمىغانىدەك ئىدى.

— بىراق، ئاغىنىلەر ...

— سىزنىڭ ئاشۇ ئادەم بولمايدىغان ئاغىنىلىرىڭىزدىن خويمۇ زېرىكتىم، ساقال ئېڭەككە تاقاشقاندا كوچا ـ كويلاردا سەتلىشىپ يۈرسەڭلار سەت ئەمەسمۇ.

شاكىرنىڭ خالتىلاشقان قاپاقلىرى ئارىسىدا پارقىراپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن ئەلەم ھەم ئامالسىزلىقنىڭ ئاچچىق تۇمانلىرى كۆرۈنۈپ قالدى.

— ئوبدان خوتۇن ... بىردەمدە كېلىمەن، بىر قېتىم ماقۇل دەڭ.

— سىز بىلەن سۆزلەشىدىغان ئىش بار، شاكىر، گۈلپىيەنىڭ ئىشى توغرۇلۇق.

شاكىر خوتۇنىغا ھەسرەتلىك نەزەر سالدى.

— گۈلپىيەنىڭ ئىشى توغرۇلۇق؟ ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟

شاكىرنىڭ كۆزلىرىدىن سوغۇققا مايىل سىرىق ئۇچقۇن پىلدىرلىدى.

— كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىز، بالا سەل بىرقىسما بولۇپ قالدى، تولا جۆيلۈيدۇ، بىرنېمىدىن قورققاندەك چىرقىراپ كېتىدۇ، چىنە ـ قاچىلارنى چاقىدۇ، ئۆزىنىڭ كېيىمىنى ئۆزى بوغىدۇ، بالىغا سەۋەب قىلايلى، كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالمايلى دەيمەن.

— شۇنداق قىلايلى.

رازىيە ئورنىدىن تۇرۇۋالغان شاكىرنىڭ قولىدىن مەھكەم تۇتۇپ ساپاغا ئولتۇرغۇزۇۋىدى، كونىرىغان ساپا غىچىرلاپ كەتتى.

— شاكىر، سىزدىن بىر گەپنى سوراي، ماڭا راست گەپ قىلىڭ.

— قېنى سوراڭ، خوتۇن.

— سىز گۈلپىيەگە شۇنداق ئۆچمۇ؟

شاكىر چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ھىجايدى، كۆلۈشلىرىمۇ، كۆزىدىكى يېلىنىشلىرىمۇ يالغاندەك تەسىر بېرەتتى. رازىيە ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئەر بىلەن قايسى زامانلاردىن بېرى بىر ئۆيدە ياشاۋاتقانلىقى توغرۇلۇق ئويلىنىپ باقمىدى، ئۆتمۈشى شامالدىكى تۇمان كەبى تورۇپ تۈگىگەندەك بىلىنەتتى. شاكىر گېلىنى قىرىپ قويۇپ رازىيەگە يەر تېگىدىن قاراپ گۇدۇڭلىدى:

— ئۆزۈمنىڭ بالىسى تۇرسا ... نېمىشقا ئۆچ بولىمەن؟ گۈلپىيە مېنىڭ قىزىم، ئۆز بالىسىغا ئۆچ بولغان نەدە بار؟! ... — شاكىرنىڭ قېلىن لەۋلىرىدە چۈشىنىكسىز بىر تەبەسسۇم بار ئىدى، جىددىيلىشىپ قالسا ئاغزى سەل مايماق بولۇپ قالاتتى، ئۇ قولىنىڭ كەينى بىلەن ئاغزىنى ئېرتىۋېتىپ كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى.

— ئاغىنىلەر بەك ساقلاپ قالدۇ، مەن بىر بېرىپ كېلەي خوتۇن.

— ياق، بۇگۈن بارمايسىز، سىز بىلەن دېيىشىدىغان گەپ بار، گۈلپىيەنى قانداق قىلىمىز؟

شاكىر بېشىنى قاشلاپ قويدى، تازىلىق ئۆيىدىن كىرئالغۇنىڭ غوڭۇلداشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— ئەمدى ... بۇ ئىشنى سىز بىر تەرەپ قىلىڭا بولدى، سىز نېمە دېسىڭىز شۇ، مەنچە ئوبدان داۋالىتايلى، ئاندىن يەنە قۇۋۋەتلىك باقايلى.

— ئوبدان دېدىڭىز، بۇمۇ بىر گەپ، بالىنىڭ نېمىشقا مۇشۇنداق بولۇپ قالغىنىنى بىلەمسىز؟

— ياق، مەن تازا دىققەت قىلماپتىمەن.

— دادا تۇرۇپ بالىغا دىققەت قىلماپتىمەن دېگەن قانداق گەپ ئۇ؟

— ئەمدى شۇ ...

— بۇ بالىنىڭ مۇشۇنداق بولۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغان ئادەم دەل سىز، بالا يۈرەك يارىسى بولۇپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ

قالدى، بۇ بالا كىچىكىدىن باشلاپ بەك ئەقىللىك ئىدى، ھازىر چوڭ بولدى، ھەممە گەپنى چۈشىنىدۇ، قاراپ تۇرۇپ ئۆز پۇشتىڭىزدىن بولغان بالىنى ھارامدىن بولغان دەپ تىللايسىز، ئۇنىڭغا ھۆرپىيىسىز، بۇ بالا مېنىڭ ئەمەس دەيسىز، مۇشۇنداق تۇرسا ئۇ شۇ ھالغا چۈشۈپ قالماي قالامتى ... سىزنىڭ مۇشۇ قىلغانلىرىڭىزغا مەن ھېلىمۇ چىدىدىم.

— ئەمدى بۇ ... خوتۇن، خاپا بولماڭ ... مەستلىك دېگەندە.

— قاچانغىچە تۈگىمەيدىغان مەستلىك بۇ، بىز توي قىلغانغا يىگىرمە يىل بولاي دېدى، سىز يىگىرمە يىلدىن بېرى مەستلىكتىن بېشىلمىدىڭىز، سىزنىڭ ئۆرە تۇرغىنىڭىز بىر ئادەم، مەست بولسىڭىزلا باشقا بىرنېمىگە ئايلىنىپ قالىسىز... مېنى تىللايسىز، ئۇرغىلى يۈگۈرىسىز ... يەنە دېسەم گەپ جىق، سىز مېنى تىللايسىز، مەن سىزنى تىللايمەن، ئاچچىقتا دېيىلگەن گەپلەرنىڭ سەتلىكى بىر - بىرىدىن يامان، مېنىڭ يۈرىكىممۇ زېدە بولۇپ كەتتى.

— جېنىم خوتۇن، مەن ئەمدى ئۇنداق قىلماي، مەن دىككىدە چىقىپلا كىرەي، — دېدى شاكىر خوتۇنىغا يېلىنغاندەك قاراپ.

— جىم ئولتۇرۇڭ، بۈگۈن سىزنىڭ ساق ۋاقتىڭىزدا مەن دەيدىغاننى بىر دەۋالاي ... بالىنى مۇشۇنداق قىلىپ تۈگەشتۈرۈۋەتسىڭىز قانداق قىلىمىز؟ ... ئۇ دېگەن ئادەم بالىسى، ئىت ياكى مۈشۈك ئەمەس.

رازىيە ئۆزىنىڭ تىترەپ چىققان ئاۋازىدىن ھەيران قالدى.

— دېدىمغۇ، داۋالىتايلى، نېمە دېسىڭىز شۇنى قىلايلى.

— بالىنى داۋالايدىغان ئادەم سىز، سىزلا ئۇنىڭغا ئازار بەرمىسىڭىز، دىلىنى ئاغرىتمىسىڭىز، ھېلىقىدەك پوقتىن سېسىق گەپنى دېمىسىڭىزلا كۆلپىيە ئۆزلۈكىدىن ساقىيىدۇ.

— خۇدا ھەققى، ئىككىنچى بۇ گەپنى دېمەيمەن.

— سىز بۇنداق قەسەمنى جىق قىلغان.

— بۇ قېتىمقىسى راست، خوتۇن.

رازىيە ئىككى پىيالىگە چاي قۇيۇپ بىرنى شاكىرغا سۇندى.
— قېنى چاي ئىچىڭ، سىزنىڭ بىر ئوبدان ئائىلىڭىز بار، مەندەك خوتۇنىڭىز بار، قىزىڭىز بار، ئوغلىڭىز بار، سىزگە يەنە نېمە كەم؟
— ماڭا ھېچنېمە كەم ئەمەس، خوتۇن، ماقۇل دەڭ، مەن ئەمدى ئۇنداق قىلمايمەن.
— گېپىڭىز گەپمۇ؟
— گېپىم گەپ، مەن چىقىپلا كىرەي.
رازىيە ئۇھ تارتىپ قويدى، ئەلەم بىلەن ھارغىنلىق يۈرىكىگە يېقىمسىز ئۇرۇلدى.
— ياق، بۈگۈن ھېچ يەرگە چىقمايسىز، سەل تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن كىر ئالغۇدىكى كىيىملەرنى يىغىشتۇرۇۋېتەي، قالدى گەپنى ئاندىن سۆزلىشىمىز.
رازىيە ئالدىراپ تازىلىق ئۆيى تەرەپكە ماڭدى. ئۇ كىر ئالغۇدىن كىيىملەرنى ئېلىپ بالكونغا يېيىش ئۈچۈن چىققاندا شاكىر كۆرۈنمەيتتى، رازىيەنىڭ قوشۇملىرى تۈرۈلۈپ ئاچچىقتىن ئېسىلدى.
— ھاراقكەش ئەبلەخ، ھاراقتىن باشقا ھېچنېمە بىلەن كارى يوق، ئەتىگەندىن بېرى دېگەن شۇنچە چىرايلىق گەپلىرىم نەگە كەتتى ئەمدى.
رازىيە ئۈمىدسىزلىك بىلەن ساپاغا كېلىپ ئولتۇرۇپ قالدى، بايا دەملىگەن قىزىلگۈل چېيىدىن خۇش پۇراق كېلىپ تۇراتتى، لېكىن رازىيەگە بۇ چاينىڭ پۇرىقى خۇشبۇي پۇرىمىدى. ئۇ بۇلۇڭدىكى ئىشكاپىقا قويۇلۇپ قويۇلغان سۈرەتكە قارىدى، سۈرەتتىكى گۈلپىيە خۇددى بىرسىدىن قورقۇپ مەجبۇرىي كۈلگەندەك بىر تەرزدە مەيۈس قاراپ تۇراتتى. دۇنياغا پاك ھەم گۈزەل تەلپۈنۈش بىلەن كەلگەن بىر قىزنىڭ يۈرىكىدىكى قان شىرغىپ تۇرغان زېدىسى ئۇنىڭ شۇ ھالدىكى كۆزلىرىدىن يوشۇرۇۋالغۇسىز سۈپەتتە چېلىقىپ تۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

— بىچارە قىزىم.

رازىيە سۈرەتنى سىيلىدى، گۈلپىيە شۇ ھالدا ئۇخلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

— بۇ بالا مېنىڭ ئەمەس !

گۈلپىيە تۇغۇلۇپ يېرىم يىلدىن كېيىن مەستلىكتىن ئۆزىنى جوڭقۇرالماي قالغان شاكىر شۇنداق دېدى.

— نېمە؟

— ئاغىنىلەر شۇنداق دېدى ... بۇ بالا سەككىز ئايدا تۇغۇلۇپتۇ ... ئەسلىي توققۇز ئايدا تۇغۇلسا ئاندىن مېنىڭ بولىدىكەن.

شاكىرنىڭ سېمىز يۈزلىرى ئېسىلگەن، قېلىن كالپۇكلىرى ساڭگىلاپ قالغانىدى، ئاغزىنىڭ بىر تەرىپىدىن شالۋاقلىرى ئېقىپ تۇراتتى، ھاراقنىڭ بەتبۇي پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى.

— ئاغزىڭنى يۇم، ھايۋان!

— سەن بۇ بالىنى قورسىقىڭدا كۆتۈرۈپ كەپتىكەنسەن.

رازىيە يېنىدىكى ياستۇقنى شاكىرغا قارىتىپ ئاتتى.

— نارەسىدىگە تىل تەگكۈزمە، زۇۋانىڭ تۇتۇلۇپ قالغۇ ... بۇنداق گەپنى دېگۈچى بولما، ھايۋان!

— ئاغىنىلەر دېدى ... چوقۇم شۇنداق.

— سەندەك نېمىگە نېمىشقىمۇ تەگكەندىمەن؟

ئالتە ئايلىق بوۋاقنىڭ مەھكەم قۇچاقلاپ ئولتۇرغان رازىيەنىڭ سۆزۈك چىرايى تامدەك تاتارغانىدى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلەتتى.

— ھېلىتىن مۇشۇ گەپنى دېگەن بولساڭ مېنىڭ سەن بىلەن كۆرىدىغان كۈنۈم بار ئىكەن.

رازىيە ئۆتكەن كۈنلىرىنى تولا ئەسلەيدۇ، ناھايىتى نۇرغۇن ئىشلارنى خاتا قىلغاندەك، ئەمما خاتا قىلماي مۇمكىن ئەمەستەك، بارلىق خاتالار، بارلىق خۇشاللىق ھەم ھەسرەتلەر تەقدىر تەرىپىدىن بولۇۋاتقاندەك. رازىيە شۇ ئىشلارنى

ئەسلىگەندە: «شۇ چاغدا ئاغزىمدىن سائەت چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ...» دەپ ئويلاپ قالىدۇ.

گۈلپىيەنىڭ سۈرىتىنى سىلاپ ئولتۇرغان رازىيە گۈلپىيەنىڭ «گۈلنىگار ئاپام مېنىڭ ئانام بولۇپ قالسا بوپتىكەن» دېگەنلىرىنى ئويلاپ گاڭگىراش ئىچىدە گۈلنىگارنى يادىغا ئالدى. رازىيەنىڭ نەزىرىدە گۈلنىگار ئەڭ بەختلىك ئايال ئىدى.

## 24

گۈلنىگار ئىشتىن چۈشەي دەپ تۇرغاندا تېلېفونىغا ئۇچۇر كەلدى. تېلېفوندا «مەرەز» دېگەن ئىسىم لىپىلداپ تۇراتتى.

«سىزنى كۆرگۈم كەلدى، نىگارىم»

گۈلنىگار تەمتىرەپ كەتتى، ئالدىراپ - تېنەپ تېلېفوننى سومكىسىغا سالدى. خۇددى ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرغان نۇرغۇن كۆزلەر باردەك، بۇ كۆزلەر ئۇنىڭ بارلىق تېلېفونلىرىنى، تېلېفوندا دېيىشكەن گەپلىرىنى، ئويلىرىنى، ماڭغان ھەم مېڭىۋاتقان يوللىرىنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرىدىغاندەك ئۆز - ئۆزىدىن خۇدۇكسىرەپ كەتتى. ئىشخانىغا رەيھاننىڭ كىرىشى بىلەن تېخىمۇ تەمتىرەپ كەتتى.

— گۈلنىگار مۇئەللىم، ئىشتىن چۈشمەمسىزغۇ؟

— تۈزىدىغان پىلانلىرىم بار ئىدى ... شۇنى بىر تەرەپ قىلىۋېتەي دەپ.

گۈلنىگار رەيھاننىڭ قاراشلىرىدىن قانداقتۇر بىر ئىشلارنى سېزىپ قالغاندەك ئويلاپ قالدى.

— رازىيە ئاچام بىلەن كۆرۈشتىڭىزمۇ؟ — دېدى رەيھان گۈلنىگارنىڭ قارشىسىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇرۇۋېتىپ.

— ئۇزاق بولدى، كۆرۈشەلمىدىم.

— گۈلپىيەنىڭ تازا مىجەزى يوقتەك قىلىدۇ، بۇ بالا ماڭا

بەكلا مەيۈس كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى، ئىچىدە بىر دەردى باردەكلا.

— مەنمۇ دىققەت قىلدىم، گۈلپىيە بەك ياۋاشلىشىپ كەتكەندەك قىلىدۇ زادى، بۇرۇنقىدەك ئەمەس، مېنى كۆرسىمۇ يېتىرقايدۇ.

رەيھاننىڭ ئۆزىنى باشقا ئىش بىلەن ئىزدىگەنلىكىنى بىلىپ گۈلنىگارنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى.

— گۈلپىيە بەك ئەقىللىق بالا ئىدى، دادىسى بىلەن ئانىسىمۇ ساۋاتسىز ھېسابىدىكى ئادەملەر، گۈلپىيەگە يۈركىم ئېچىشىدۇ، ئالدىراشتا ئۇنىڭغا ئۆزۈممۇ تازا قاراپ كېتەلمىدىم ... رازىيە ئاچام سىزنى بەك چوڭ بىلىدۇ، ئۇنىڭغا گۈلپىيە توغرىسىدا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىڭ قويسىڭىز، گۈلپىيەگە كۆڭۈل بۆلسۇن.

— بولىدۇ، مەن رازىيە بىلەن سۆزلىشەي.

گۈلنىگارنىڭ تېلېفونىغا يەنە ئۇچۇر كەلدى، گۈلنىگار رەيھاننىڭ تېزرەك چىقىپ كېتىشىنى تىلەپ كەتتى، خۇددى رەيھان ئۇچۇرنىڭ كىمدىن كەلگەنلىكىنى، ئۇچۇرنىڭ مەزمۇنىنى بىلىپ قالىدىغاندەك ئەندىكىپ تۇراتتى. تۇۋا ... مەن نېمە خاپىلىققا قالدىم؟ بۇ دىلمۇرات نەدىن پەيدا بولدى؟ ... ئۇنىڭ بىلەن باشتىلا كۆرۈشمەيدىغان گەپ ئىكەن.

دىلمۇراتتىن تۇنجى قېتىم تېلېفون كەلگەن ۋاقىتتىمۇ مۇشۇنداق ئىشتىن چۈشۈشكە ئاز قالغان چاغ ئىدى. گۈلنىگار شۇ چاغدىمۇ ئىشخانىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ تاپشۇرۇق تەكشۈرۈۋاتاتتى، كۆزى تاپشۇرۇقتا بولسىمۇ خىيالى سەرداردا ئىدى. سەردارنىڭ يېرىم كېچىلەرگىچە ئۆيگە كەلمەسلىكى، چولپان دېگەن ئالۋاستى بىلەن يوشۇرۇن ئارىلىشىپ يۈرۈشلىرى، ئۆزىنى بارا ـ بارا ئۇنتۇپ كېتىشلىرى، كۆڭلىنىڭ بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىشلىرى ... گۈلنىگارنىڭ ئەس ـ

خىيالى مۇشۇنداق ئاچچىق ئىستەك ئويلار بىلەن تۇمانلىنىپ تۇرغاندا تېلېفونى سايراپ قالدى.

— ۋەي.

— سىز گۇلنىگار مۇئەللىممۇ؟

قارشى تەرەپنىڭ ئاۋازى گۇلنىگارغا ناتونۇش ئىدى.

— شۇنداق، مەن گۇلنىگار.

گۇلنىگار بۇ كىشىنى بىرەر ئوقۇغۇچىسىنىڭ دادىسى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالغانىدى.

— سىز بىلەن كۆرۈشەي دېگەن، ۋاقتىڭىز چىقارمۇ؟

— نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟

— كۆرۈشكەندە دەي، بۇ بەك مۇھىم ئىش ئىدى.

— سىز كىم بولىسىز؟

— ئىسمىم دىلمۇرات، بەلكىم مېنى تونۇيدىغانسىز ... سىزگە ئائىلىڭىز توغرىسىدا دەيدىغان گېپىم بار ئىدى.

ئەتىسى گۇلنىگار تۇنجى قېتىم دىلمۇرات بىلەن كۆرۈشتى، شۇ كۈندىن باشلاپ دىلمۇراتنىڭ تېلېفونى، ئۇچۇرى ئۈزۈلمىدى، كۆزلىرىدىن ئۆمۈچۈك توردەك غېرىبلىق يېيىلىپ تۇرىدىغان دىلمۇراتنىڭ توختاۋسىز تېلېفونلىرى، ئۇچۇرلىرى گۇلنىگارنى سەزدۈرمەي كۈندۈرۈپ باراتتى. گۇلنىگار بەزىدە ئۆز ـ ئۆزىدىن بىزار بولۇپ، سەسكىنىپ تۇرۇپ دىلمۇرات بىلەن تۇنجى كۆرۈشكەن چاغلارنى ئەسلەپ قالىدۇ. كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزىنىڭ شۇ چاغدا بەكلا بىتايىن ئىش قىلغانلىقىنى، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى تەنھالىقتىن، غېرىبلىقتىن، يۈرەكتىكى يالغۇزلۇقتىن قۇتۇلۇپ قالارمەن، دەپ دىلمۇرات بىلەن كۆرۈشۈپ يۈرگەنلىرىنى، ئەمما كۈنلەر ئۆتكەنسېرى تېخىمۇ يالغۇز قالغانلىقىنى، تەنھالىقتا بارغانسېرى چوڭقۇر پېتىپ كەتكەنلىكىنى، يۈرىكىدىكى غېرىبلىقنىڭ ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ تۆت كوچا ئېغىزىدا گاڭگىراپ قالىدۇ.

— مەن ئازدىم.

ئۇ بىر كۈنى گۇگۇم مەھەلدە ئۆز ـ ئۆزىگە شۇنداق دېدى. شۇ چاغدا ئۇ بالىلىق ۋاقىتلىرىنى، شۇ يىللاردىكى مويلىرى مۇلايىم ئاق بۆجەننى، بۆجەننىڭ قىزىل كۆزلىرىدىن قورقىدىغانلىقىنى يادىغا ئالدى.

گۇلنىگار ئۆزى بىلەن پاراڭلىشىشنى تازا خالاپ كەتمەيدىغان، پاراڭلاشتى دېگەندىمۇ پەقەت مەجبۇرىيەت يۈزىسىدىن ئۇنى ـ بۇنى دېيىشىپ قويىدىغان، دىپلوماتلارنىڭ سۆزلەرنىڭ تېزرەك توگىشىنى ئارزۇ قىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزگىلى بولىدىغان سەردارنىڭ باشقىلار بىلەن قانداقتۇر بىر ئىشلار توغرىسىدا قىزغىن سۆھبەتكە چۈشۈپ كەتكەنلىرىنى كۆرگىنىدە ھەيران قالىدۇ. سەردارنىڭ بارات قويچىنىڭ ئاقماس پىلانلىرىغا دىققەت ئاغدۇرۇشقا ۋاقتى بار، سەمەتجاننىڭ بېشى بىلەن ئايغىنى چۈشەنگىلى بولمايدىغان تاقىقا ـ تۇققا سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا ۋاقتى ھەم تاقىتى بار، ئەمما گۇلنىگار بىلەن مۇڭدىشىشقا ۋاقتى يوق.

...

ۋاقتى يوق ئەمەس، خۇشى يوق.

## 25

سەردار بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرۇشىغا، سۆگەتنىڭ سايىسىدا ئولتۇرغان سەمەتجان ئالدىراپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. سەمەتجان بۇگۇن چىمەن دوپپا كىيىۋالغانىدى. كۆزلىرى بۇرۇنقىدەكلا پارقىراپ تۇراتتى، ئاشۇ پارقىراق كۆزلىرىنىڭ تېگىدە ئازراق تەلۋىلىك بىلەن مەيۈسلۈك پات ـ پات لىپىلداپ قالاتتى.

— سىز بىلەن كۆرۈشەي دەپ تۇراتتىم، سەرداركا، — دېدى سەمەتجان سەردار بىلەن سالاملىشىۋېتىپ. ئۇ سەردارنىڭ قولىدىكى سومكىغا قاراپ قويدى.

— بولىدۇ، ئۆيگە كىرىپ پاراڭلىشايلى ئەمىسە.

— سىزنى ئاۋارە قىلىپ قويىدىغان بولدۇم.

— ھېچقىسى يوق.

ئىككىيلەن ئۆيگە كىرگەندە گۈلنىگارمۇ، باللارمۇ قايتىپ كەلمىگەندى.

سەمەتجان ساپاغا ئولتۇرۇۋېتىپ شىرەدىكى «مېنىڭ ئىسمىم قىزىل» دېگەن كىتابنى قولىغا ئېلىپ ۋاراقلاپ بېقىپ يەنە جايىغا قويۇپ قويدى.

— تازىمۇ قېلىن كىتاپ ئىكەن بۇ، ئوقۇپ بولدىڭىزمۇ؟

— ئوقۇۋاتىمەن، نەچچە يىلدىن بېرى ئوقۇشقا پۇرسەت تاپالمىغانىدىم، بۇ نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەسەر.

سەمەتجان كىتابنى قايتىدىن قولىغا ئېلىپ، ئالدى ـ كەينىگە قاراپ چىقتى.

— نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بولسا بۇ ئادەتتىكى كىتاب ئەمەس ئىكەن، بۇ يىل كىم ئېرىشتى؟

سەمەتجانغا ياماشقان ھاياجان ئىلمان ھەم قويۇقتەك بىلىنەتتى.

— بۇ يىل مو يەن ئېرىشتى.

— ھىم ... — سەمەتجان كىتاب مۇقاۋىسىدىكى رەسىمگە ھەيران بولغاندەك قاراپ قويدى.

— ئۇزاقتىن بېرى بىر ئىش توغرىسىدا ئويلىنىۋاتىمەن، ئۇيغۇرلاردىن نېمىشقا نوبېل مۇكاپاتى ئالىدىغانلار چىقمايدىغاندۇ، سەرداركا؟

سەردار شىرەدىكى قۇرۇق ئۈزۈم سېلىنغان قاچىنى سەمەتجان تەرەپكە سۈرۈپ قويۇپ كۈلدى.

www.uyghurkitap.com

— بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشمەك ئۇنچە ئاسان ئەمەس، نەچچە مىليارد ئادەمدىن بىرەرى چىقىپ قالىدۇ.

— مېنىڭ دېگىنىم بىزدىن نېمىشقا چىقمايدىغاندۇ دەيمەن؟

سەردار سەمەتجاننىڭ جىددىي بىر ئىشقا يولۇققاندەك ئەستايىدىل تۇرقىغا قاراپ سەل ھەيران قالدى، سەمەتجان دائىم دېگۈدەك جاھاننىڭ چوڭ ئىشلىرىنىڭ قايغۇسىدا يۈرىدىغاندەك ئىدى.

— بۇنىڭ شەرتلىرى ئېغىر، سەمەتجان، نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىش ئۇنداق ئاسان ئەمەس ... قالتىس نەتىجىلەرنى ياراتقان ئادەم بولمىسا بولمايدۇ.

سەمەتجان كىتابنى يەنە قولىغا ئالدى.

— نوبېل مۇكاپاتى ئالىدىغانلار بىزدىنمۇ چىقارمۇ؟

— چىقىپ قالار.

— چىقسا بولاتتى، سىزچە زادى چىقارمۇ، چىقماسمۇ؟

— بۇنىڭغا مەن بىرنېمە دېيەلمەيمەن.

— كېسىپ دەپ بېقىڭە، سەرداركا، چىقارمۇ زادى؟

— كەلگۈسىدە چىقىدۇ.

— كەلگۈسى دېگىنىڭىز قايسى چاغ ئۇ؟

— سەمەتجان، مەن ئادەتتىكى بىر دوختۇر، بۇنداق چوڭ ئىشلارغا بىرنېمە دېيەلمەيمەن.

سەمەتجان لېۋىنى يالاپ كىتابنىڭ مۇقاۋىسىنى سىلاپ يەنە جايىغا قويدى. ئۇنىڭ خىياللىرى چېچىلىپ تۇرسا كېرەك، ھە دېگەندە لېۋىنى يالاپ بۇرنىنى تۇتۇپ قوياتتى. سەمەتجان ئاۋۋال ئىشىككە، ئاندىن سەردارنىڭ ئالدىدىكى كىتابقا بىر قارىۋېتىپ دېدى:

— سىزگە دەيدىغان گەپ، سەرداركا، بارات ئاكام ماڭا پۇل بېرىپ تۇرىدىغان بولغان، ھېچ بىرەي دېمەيدۇ، سىزنى ئۇ كىشىگە دەپ باقامدىكىن دېگەن.

— نېمىنى دەيمەن؟

— ئۇ ماڭا زادى پۇل بېرىپ تۇرامدىكەن يا؟ ...

سەمەتجاننىڭ تاقەتسىزلىكى سەردارنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويدى.

— بۇنى ئۆزىدىنلا سورىمامسىز، مېنىڭ ئارىلىشىشىمنىڭ هاجىتى يوق.

— بېرىمەن دېگەن، بەرمەيۋاتىدۇ، ماڭا بەك جىددىي كېرەك ئىدى.

— بولىدۇ ... مەن بارات ئاكام بىلەن كۆرۈشۈپ قالسام دەپ باقاي.

— رەھمەت، ئەمىسە سىزنى ئاۋارە قىلماي، مەن چىقاي.

سەردار سەمەتجاننىڭ چىمەن دوپپىسىنى تازا ياراشتۇرۇپ كىيمىگەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدى.

— خوتۇن بىلەن تازا ئېيقىم كېلىشمەيۋاتىدۇ قاراڭ، جاھاندىكى خوتۇنلارنىڭ ھەممىسى بىر قېلىپتىن چىققانمىكى دەپ قالىمەن، — دېدى سەمەتجان ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— ئەمدى شۇنداق ئويلاپ قالىمەن، سىزغۇ گۈلنىگار مۇئەللىم بىلەن ئۇرۇشۇپ يۈرمەيدىغانسىز ھە؟

— ياق، ئۇرۇشمايمىز.

— ئەمىسە مەن چىقاي، تېخى كەچلىك تاماقمۇ يېمىگەنسىز ...

سەمەتجان شۇنداق دېگىنىچە بىر نېمىگە ئالدىرايدىغان ئادەمدەك تاراقلاپ چۈشۈپ كەتتى. سەردار ئۈستەلدىكى كىتابتا قاراپ گاڭگىرىغىنىچە تۇرۇپ قالدى.

سەردار، سەمەتجان دېگەن ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ قايغۇسى بىلەن، ئۆزلىرىنىڭ غېمى بىلەن يۈرۈۋاتقان شۇ كۈنلەردە، «ھ» ھەرپىدىن قورقىدىغان گۈلپىيە دېگەن قىز كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىنىڭ تەپتى كۈچلۈك چوغقا قاقلىغاندەك كۆيۈشلىرىدىن بىئارام بولۇپ، ياشلىق ئوتى بىلەن ۋەھىمە ھەم بىچارىلىقتىن مانانلىشىپ كەتكەن يۈرىكىنى تىڭشاپ يۈرەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 26

گۈلپىيە ئەسلىمە ئىچىگە كىرىپ قالدى، ئۆتكەن كۈنلىرىنىڭ مالىمان تۇيغۇلىرى ئۇنى ھەريانغا سۆرەشتۇرۇپ يۈرەتتى.

گۈلپىيە دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان ئايغا قاراپ ياتاتتى، كۆز ئۆڭىدە مەكتەپنىڭ كەينىدىكى قاراڭغۇ ئورمان ئەلەڭگىيتتى. قىرى سۆگەتنىڭ كاۋىكى قانداقتۇر غەلىتە مەخلۇقنىڭ ئاغزى بولۇپ كۆرۈنەتتى. گۈلپىيە گاڭگىرايتتى، ئايغا قاراپ ياتقان گۈلپىيە بىلەن قاراڭغۇ ئورماندا ئەنۋەرنى ساقلاپ تۇرغان گۈلپىيە بىر ـ بىرى بىلەن پەقەت ئالاقىسى يوق ئىككى گۈلپىيەدەك تۇيغۇ ئىچىگە كىرىپ قالاتتى.

«كېلىدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم ... »

گۈلپىيە ئەنۋەرنىڭ شۇ سۆزىنى، شۇ چاغدىكى ئاۋازىنى ئۇنتۇيالمىسا كېرەك. شۇ كۈندىكى ئىشلار ئايغا قاراپ ياتقان گۈلپىيەنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلمەيدۇ. ئەنۋەرنىڭ ئاۋازىدىن، گېپىنىڭ ئۇرانىدىن مەغرۇرلۇق بىلەن بىزارلىق پۇرقۇلاتتى. مەڭىز سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىققان، بويى ئېگىز، كۆزلىرى پەرۋاسىز چاقناپ تۇرىدىغان ئەنۋەر ھەر قېتىم يادىغا يەتكەندە گۈلپىيەنىڭ يۈرىكى زىركىرەيتتى.

ــــ سېنى ساقلايمەن.

گۈگۈم قاراڭغۇسى يېپىلىۋاتقان ئورماننىڭ سىرلىق جىملىقىدىن قورقۇۋاتقان گۈلپىيە ئەنۋەرنىڭ قولىنى تۇتتى، ئەنۋەرنىڭ قولى نەم ھەم سوغۇق ئىدى. يىراق بىر يەردىن سۇنىڭ شارقىرىشىدەك بىر ئاۋاز ئاڭلىنىۋاتاتتى، گۈلپىيە ناھايىتى نۇرغۇن نەرسىنىڭ ئۆزگە سوغۇق قاراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

ــــ مېنى ساقلىما.

ــــ نېمە؟ ... نېمىشقا ساقلىمايمەن؟ سەن مېنىڭ ...

سۆيگىنىم تۇرساڭ ...
— شۇنداقتىمۇ ساقلىما.
— مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن.
ئەنۋەرنىڭ چىرايىدا بىزارلىق ھەم تاقەتسىزلىك ئالامەتلىرى كۆرۈندى، ئۇنىڭ بۇ يەردىن تېزرەك كەتكۈسى باردەك قىلاتتى.
گۈلپىيە بۇقۇلداپ يىغلىدى. گۈلپىيە «سېنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەن بۇ گەپنى بەك جىق دەپ كەتتى، سېنى ياخشى كۆرىمەن دېگەن گەپنى ئاسانلىقچە دېگىلى بولمايتتى، بۇ گەپنىڭ دەردىدىن ئاسانلىقچە قۇتۇلغىلى بولمايتتى، گۈلپىيە شۇنداق ئويلايتتى، شۇنداق ئويلايدىغان گۈلپىيە بۇ گەپنى بەك جىق دەپ كەتتى، بۇ گەپ ئۆزىنىڭ يۈرىكىگە باراۋەر ئىدى، بۇ گەپ ھازىر ئەنۋەرنىڭ ئاياغ ئاستىدا قۇرۇق غازاڭدەك مىجىلىپ، تۈگىشىپ، غېرىبانە يىغلامسىراپ تۇراتتى.
ئەنۋەر يېنىدا بولسا، ئۇ ئەنۋەرنىڭ سايىسى ئاستىغا كىرىۋالسا، يۈرىكىدىكى ھېلىقى قورقۇنچلۇق كۆلەڭگە ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدىغاندەك ئويلايتتى. مەست بولغان دادىسى دائىم دەيدىغان ئاشۇ دەھشەتلىك سۆزنىڭ يۈرىكىگە مۇزدەك ئۇرۇلۇشىدىن پەقەت ئەنۋەرنىڭ سىماسى، ئۇنىڭ ئاۋازى، ئۇنىڭ مېھرى ساقلاپ قالىدىغاندەك ئويلايتتى. ئەنۋەرنىڭ ئېگىز، مەزمۇت بەستى، سوغۇق ھەم مەغرۇر كۆز نۇرى گۈلپىيەگە يېقىنلاشقان، گۈلپىيەنىڭ يۈرىكىگە چاڭ سالماقچى بولغان خورلۇق، بىچارىلىق تۇيغۇلىرىنى توسۇپ قالاتتى.
گۈلپىيە ئەنۋەرنىڭ سۆيگۈسى ئارىسىغا كىرىۋېلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يۈرىكىنى دەھشەتلىك سوغۇقتىن ساقلاشنى ئارمان قىلسا كېرەك. بىر سىنى ئىت قوغلاپ كەلسە دەرەخكە چىقىۋالىدۇ. گۈلپىيە ئەنۋەردىن ئىبارەت بۇ دەرەخكە شۇنچە يامىشىپمۇ چىقالمايۋاتاتتى.
— ئاۋارە بولما، ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىكى ئىشلار مۇشۇ يەردە توختاپ قالسۇن، داۋاملاشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ...

www.uyghurkitap.com

داۋاملىق مۇشۇنداق ئارىلىشىپ يۈرىمىز دېسەك ئىككىلىمىزگە ياخشى ئەمەس.

— مەن بىلىمەن، سەن گۈلباھار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرسەن ... ھەممىنى بىلىمەن ... مەيلى، ئۇنىڭ بىلەن ئارىلاشساڭ ئارىلىشىۋەر ... ئەمما مېنى تاشلىۋەتمە.

گۈلپىيە ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلمەيدىغاندەك قىلاتتى.

— بۇنداق ئىش يوق.

ئەنۋەرنىڭ ئاۋازى غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئىدى، ئۇنىڭ قۇرغاق ھەم سوغۇق ئاۋازىدىن ئەمدى گۈلپىيە بىلەن بىللە بولۇشنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

— مەن ... مەن قانداق قىلىمەن؟

— بەزى ئىشلار مۇشۇنداق بولىدۇ، راستىنى دېسەم ساڭا بۇرۇندىن ئىچىم ئاغرىيتتى، سەن بەك يالغۇز، غېرىب يۈرەتتىڭ، ئۆيۈڭنىڭ ئەھۋالىمۇ ماڭا ئايان ... شۇڭا سەن بىلەن ئارىلىشىپ قالدىم.

گۈلپىيە مۇشۇ مىنۇتتىن باشلاپ ئۆزىنىڭ تامامەن باشقا بىر ئادەمگە، باشقا بىر گۈلپىيەگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى، باشقا ئادەمگە ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇ ئەنۋەرنى ئۇزۇنغىچە چۈشەپ يۈرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا بولغان تەلپۈنۈشلىرىنىڭ، تۇنجى سۆيۈشلىرىنىڭ كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىرىدە بىخلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى، كۆڭلى پاراكەندە بولغاندا، يۈرىكى ئۆرتۈپە بولغاندا، كۆڭلىدىكى ئېغىر تاشلار پارە ـ پارە بولغاندا، كونا ھەم مەڭگۈلۈك بولۇپ ئورناپ كەتكەن سېغىنىشنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

شۇنداق قىلىپ گۈلپىيە ھاياتىدىكى مۇھىم ئىشەنچىتىن ئايرىلىپ تەنھا قالدى، تىك داۋاندىن پەسكە ساڭگىلاپ قالغان ئادەم مەھكەم ئېسىلغان ئارغامچا قولدىن چىقىپ كېتىۋاتاتتى، ئەمدى ئۇنى كۈتۈۋاتقىنى قاراڭغۇ، سوغۇق ئۆڭكۈر بولۇشى مۇمكىن.

ئۇنىڭ ئەنۋەرنى، ئەنۋەر دېگەن ئىسمىنى، ئەنۋەرنىڭ ئاۋازىنى، ئۇنىڭ كۈلۈشلىرىنى، ئاچچىقلاشلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىشكە كۆزى يەتمەيدۇ. ئۇ بارات مۇللامنىڭ نەم مەيدىسىگە يۈزىنى يېقىپ ياتقان دەملەردە، مەستخۇش بىر هالدا: «سىزنىڭ ئىسمىڭىز ئەنۋەر بولۇپ قالسىچۇ ...» دەپ پىچىرلىغاندا، هارغىنلىق هەم بەختىيارلىق تۇيغۇسىدىن خامۇش، گاراڭ بولۇپ قالغان بارات مۇللام ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى تازا ئاڭقىرىپ بولالمايدۇ.

— مېنى ياخشى كۆرىدىغان ئوخشايدۇ دەپتىمەن.

ئەنۋەر هېچنېمە دېمىدى، ئۇ چېچىنى غەلىتىرەك پاسوندا ياسىتىۋالغان، يۈرىنىڭ ئەتراپىدا دانىخورەك بار ئىدى، ئەنۋەر جىملىقتىن بىزار بولغاندەك گېلىنى قىرىپ قويدى، گۈلپىيە ئۇنىڭ ياڭاقتەك چوقچىيىپ تۇرغان بوغدىيىكىنىڭ غىلدىرلاپ كەتكەن هالىتىنى يادىغا ئالدى.

— مەن ئالدىنىپتىمەن.

— ئالدىنىپتىمەن؟ نېمىشقا بۇنداق دەيسەن؟

— سەن هېلىقىدەك ئىشنى قىلدىڭ.

گۈلپىيەنىڭ نەپسى مۇزدەك سوۋۇپ كەتكەندى، يۈزى سوغۇق بىر سېزىمدىن تارتىشقاندەك بولدى.

— شۇنداق ... مەن تەن ئالىمەن، بىز شۇنداق ئىشنى قىلدۇق.

— شۇ ئىشنى قىلغاندىكىن مەن تېخى سېنى مېنى ياخشى كۆرىدۇ دەپ ئويلاپتىمەن.

— بۇ ئىشنىڭ ياخشى كۆرۈش بىلەن ئالاقىسى يوق، بۇ شۇنداق بولۇپ قالغان بىر ئىش ... سەن بەك كىچىك ئىكەنسەن.

گۈلپىيە بىلەن ئەنۋەرنىڭ ئارىسىدا ناهايىتى ئۇزاق بىر ۋاقىت ئۆتتى، چېچەك هىدى كېلىدىغان، مۇز هىدى كېلىدىغان، قاراڭغۇلۇق هىدى كېلىدىغان ۋاقىت ... ئۇ نېمىشقا ... مېنى رەت قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

— گۈلباھار بىلەن كۆرۈشتۈڭمۇ؟

— ياق ... ئۇ مۇرات دېگەن بىرنېمىنىڭ كەينىدىن يۈرىدۇ.

گۈلپىيەنىڭ كۆڭلىگە بىر خۇشاللىق ياماشتى. گۈلباھار سېرىقمۇ دەردتە قالغاندى.

— مۇرات ئۇنىڭغا قاراپ قويمايدۇ، مۇراتقا نادىرە بار.

— خەپ ... بۇ مۇرات دېگەن گۇي نادىرەنىمۇ، گۈلباھارنىمۇ ئىگىلىۋالدى، — دېدى ئەنۋەر. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن يىغا تامچىلايتتى.

ئەنۋەر گۈلپىيەنىڭ قولىنى تۇتتى، ئۇ قانداقتۇر بىرنېمىنى ئويلاۋاتقاندەك، ئۆزىنىڭ ئويىدىن ئۆزى قورقۇۋاتقاندەك ئىدى.

— مەن چىرايلىقمۇ؟ — دېدى گۈلپىيە ئەنۋەرنىڭ سەل يۇمشاپ قالغان قاپىقىغا ئۈمىد بىلەن قاراپ.

— شۇنداق، سەن چىرايلىق، — ئەنۋەر تۈكۈرۈكىنى يۇتۇپ خىرىلدىدى، — كەچتە چىقامسەن؟ مەكتەپنىڭ كەينىدىكى ئورماندا ساقلايمەن.

گۈلپىيە ھەيران قالدى. ئەنۋەر ئۇنى ئويۇنچۇق قىلىۋاپتۇ، ئۇنىڭ خىيالى گۈلباھار سېرىقتا، ئەمما يەنە باشقا گەپنى دەۋاتىدۇ.

گۈلپىيە كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ ئۆكسۈدى:

— چىقمايمەن، ھەرگىز چىقمايمەن، سەن ئالدامچى ئىكەنسەن.

— ئىشقىلىپ ...

ئەنۋەر گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى.

گۈلپىيە شۇ كېچىسى ئۇخلىمىدى، كۆز ياشلىرى تارامىلاپ تۆكۈلدى، ھايات ئۇنىڭغا دادىسىنىڭ ھاراق ئىچىشى، دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ تۈگىمەس جېدىلى، تەنھالىق، تاشلىنىۋېتىلىشتىن كېيىنكى غېرىبلىق ... خوددى مۇشۇنداق نەرسە بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ شاكىرنىڭ قىزى، رازىيەنىڭ قىزى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ رېئاللىقنى مەڭگۈ

ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىنى، شۇنداق بولغاندا يەنە ئۆزىنىڭ هارامدىن بولغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ رېئاللىقتىنمۇ مەڭگۈ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى. يەنە ئۆزىنىڭ ھېچقانداق ئىشنىڭ مەڭگۈ ئوڭۇشلۇق بولمايدىغانلىقىنى، مەڭگۈ ھېچقانداق ئادەمنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنىمۇ بىلگەندەك بولدى. ئۇ بارات موللامنىڭ قوينىدا ياتقان دەملەردىمۇ ئۆزىنىڭ بەختلىك بولالمايدىغانلىقىنى، بەختلىك بولدۇم، دېگەندىمۇ بۇنىڭ يالغان ياكى بىر دەملىك تۇيغۇ ئىكەنلىكىنى، كۈلكە ـ شادلىقلىرىم، سۆيۈلۈشلىرىم يالغان، دەيدىغان قارا تۇيغۇنىڭ يۈرىكىدە ئۇشتۇمتۇت چىشلەيدىغان ئىتتەك جىممىدە پۈرسەت كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى سەزسە كېرەك.

گۈلپىيەنىڭ مەكتەپنىڭ ئورمانلىقىغا چىققۇسى بار ئىدى، «قەتئىي چىقمايمەن، چىقسام بولمايدۇ.» گۈلپىيە شۇنداق ئويلاپ ئۆزىنى تىڭشاپ قالدى. ئويلىغانسېرى مەيۈسلىنىپ، ناھايىتى مۇھىم بىرنەرسىنى، ناھايىتى مۇھىم ئەسلىمىسىنى، ناھايىتى مۇھىم كەلگۈسىنى يوقىتىپ قويغاندەك بىئارام بولۇپ كەتتى.

گۈلپىيە ئەتىسى بىر كۈننى بەك تەستە كەچ قىلدى. قاراڭغۇ چۈشەي دېگەندە مەكتەپنىڭ كەينىدىكى ئورمانغا چىقتى. ئورمان جىمجىت ئىدى، جىمجىت قارىيىپ تۇراتتى، بۇ جىملىقنىڭ ئارىسىغا سىرلىق ۋەھىمە يوشۇرۇنغاندەك قىلاتتى. گۈلپىيە مۇشۇ دەمدىكى ھەممە ئىشنى خاتا قىلىۋاتقانلىقىنى، ئەمما ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا، بولۇۋاتقان ئىشلارنى توسۇۋېلىشقا پەقەت كۈچى يەتمەيدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەندى.

ئۇ يوغان بىر توپ سۆگەتنىڭ يېنىغا كېلىپ قورقۇنچ ئىچىدە ھاڭۋېقىپ تۇردى، سۆگەتنىڭ غولى پورلىشىپ كاۋاك بولۇپ قالغان، ئېگىلىپ تۇرغان شېخىنىڭ تۈۋىدە يوغان ھۇررەك بار ئىدى، بىر زامانلاردا كىشىلەر چوماق توپ ئوينىغاندا مۇشۇ پورنى كۆيدۈرۈپ چوماق بىلەن ئۇرۇپ ئۇچۇرۇپ ئوينايتتى، چوغلانغان پور كېچە قاراڭغۇسىدا كۆيۈپ ئۇچقاندا چاچرىغان ئۇچقۇن

سىرلىق ھەم گۈزەل بولۇپ كۆزگە تاشلىناتتى.

— كەلدىڭمۇ؟

گۈلپىيە چۆچۈپ كەتتى، شىپىرلاپ كەلگەن ئەنۋەر ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىك قاراپ تۇردى، تىنىقلىرىدىن ھارغىنلىق بىلىنىپ تۇراتتى. گۈلپىيە ئۇنىڭ چىرايىغا قاراشقا پېتىنالمىدى.

— مەن ...

— كېلىدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم.

ئەنۋەر ئۇنى قۇچاقلىدى، ئورماندىكى سىرلىق جىملىق ئارىسىدىن قاراڭغۇلۇق سوغۇرۇلۇپ چىقىپ ئەتراپقا يېيىلاتتى. ئەنۋەر گۈلپىيەنى سالماق قۇچاقلاۋاتقان شۇ دەمدە ئەنۋەرنىڭ بويىدىن كېلىۋاتقان ئەتىر ھىدى گۈلپىيەنىڭ بۇرنىغا ئۇرۇلدى، سىنىپ بويىچە بۇنداق ئەتىرنى پەقەت گۈلباھارلا ئىشلىتەلەيتتى، ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلاتتى. گۈلپىيە ئىچ - ئىچىدىن ئۆكسۈۋېتىپ دۇنيادىكى ناھايىتى نۇرغۇن ئىشلارغا مىڭلاپ لەنەت ئوقۇدى.

ۋاقىت ئۇنى ھەريان ئۇچۇرۇپ يۈرەتتى، ئەسلىمىدىن چىقىپ ئەسلىمە ئارىسىغا كىرىپ قالاتتى، ئەنۋەرنىڭ ئاۋازى، شۇ كۈندىكى قاراڭغۇلۇق، شۇ كۈندىكى ئورمان ...

گۈلپىيە ئايغا قاراپ ياتاتتى، ئەسلىمە ئىچىدىن چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنۇپ باقاتتى، شۇنچە كۈچەپمۇ ئەنۋەرنى خىيال قىلماسلىققا ئامال قىلالمىدى، ئۇنىڭ ئاشۇ ئورماندا يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ كەتكۈسى بار ئىدى، ئۇ يەنە ئاشۇ ئورماندا يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ئۇنتۇلۇپ كېتىشىدىن قورقاتتى.

ئەسلىمە بىلەن خىيال ئارىسىغا كىرىپ قالىدىغان گۈلپىيە ياشاۋاتقان مۇشۇ شەھەردە، ئۆزىنى ئەڭ قالتىس ئادەم، ئەڭ رەزىل ئادەم، ئەڭ ئەقىللىك ئادەم ھېسابلايدىغان دىلمۇرات غېرىبلىق، تەنھالىق ئىچىدە ساجىدە ھەققىدە سەسكىنىشلىك خىياللارغا

غەرق بولىدۇ، گاھىدا ساجىدەنىڭ كۆزىگە پەقەت سىغمايدىغان تۇرقىغا قاراپ، بۇ دۇنيادىكى سۆيۈشلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇلۇغۋار ھەم پاكىز بولمايدىغانلىقى توغرۇلۇق ئويلاپ قالىدۇ، نېمىشقا ئۆزىنى مۇشۇ شەھەردىكى ئەڭ پەسكەش ئادەم ھېسابلايدىغانلىقىغا جاۋاب تاپقاندەك بولىدۇ، ئۆزىنىڭ مەڭگۈ تەنھالىق ئارىسىدا قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

## 27

دىلمۇرات ئىشخانىسىدىكى ھەيۋەتلىك چىلان رەڭ ئۈستەلگە پۇتىنى ئېلىپ قويۇپ خىيالغا كەتكەنىدى. ئۈستەلدىكى شىددەت بىلەن چېپىپ كېتىۋاتقان شەكىلدىكى ئاتنىڭ مىس ھەيكىلى سوغۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. چولپان ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى، چولپاننىڭ كىشىنىڭ ئەس - خىيالىنى سېھىرلەيدىغان شەھلا كۆزلىرىنى، چىرايلىق لەۋلىرىنى خىيالىدىن نېرى قىلالمايتتى، چولپانغا ئېرىشەلمىسە، ئۆزىنىڭ بەختلىك بولالمايدىغانلىقىغا تولۇق ئىشىنىدىغان دىلمۇراتنىڭ ئۆتمۈشىنىمۇ، بۈگۈنىنىمۇ ئويلىغۇسى يوق ئىدى. ئۆزىنى مۇشۇ شەھەردىكى ئەڭ ئەقىللىك ئادەم، ئەڭ باي ئادەم، ئەڭ قارا نىيەت ئادەم ھېسابلايدىغان دىلمۇراتنىڭ تۇققۇزى تەل، ھەممە نەرسە ئۇنىڭ ئالدىدا يېتىپ ئاشقۇچە تۇرۇپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلىنى تۇمان قاپلاپ تۇراتتى، يۈرىكىنى نامەلۇم بىرنەرسە غاجاپ يەيتتى. بەخت ھەققىدە ئويلىناتتى، بەختنىڭ نېمىلىكى توغرىسىدا خىيال سۈرەتتى، ئويلىغانسېرى چولپاننى ئۆزىدىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ كەتكەندەك، ئۇنىڭغا ئېرىشىپ بولالمايدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالاتتى. شۇ سەۋەبلىك كۆڭلى يېرىم بولاتتى. پۈتۈن - سۈرۈك بىر ئەركەكنىڭ بىر ئايالغا ئېرىشەلمەسلىكى نورمال ئىش ئەمەستەكمۇ بىلىنەتتى، بۇنى نورمال دەپ ئۆزىنى ئىشەندۈرەلىگەندىمۇ ئۆزىنى ئىزچىل رەت

قىلىپ كېلىۋاتقان چولپاننى ئۇنتۇپ كېتەلمىگەنلىكى ئۇنىڭغا ئەلەم قىلىۋاتاتتى، ئۇ چولپانغا ئۆچ بولۇشنى، ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىشنى، ئۇنى تامام ئۇنتۇپ كېتىشنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلاتتى، ئەمما شۇنداق ئويلىغانسېرى يۈرىكىدىكى بىر ئوت، بىر تەلپۈنۈش ئوتى ئۇلغىيىپ بېرىۋاتاتتى، چولپاننى ئۇنتۇپ كېتىشتىن، ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىشتىن قورقىدىغانلىقىنى ھەيرانلىق بىلەن ھېس قىلىپ قالاتتى.

دىلمۇرات شىددەتلىك چېپىۋاتقان ئاتنىڭ مىس ھەيكىلىگە قاراپ كۆزىنى يۇمدى، ئاتنىڭ مىس ھەيكىلى شىددەت بىلەن چېپىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما ئۇ مەڭگۈ مىدىر - سىدىر قىلالمايدۇ، كىشى يۈرىكىدە خۇددى مۇشۇ ھەيكەل مىسالى ئىشلار ئاز ئەمەس.

دىلمۇراتنىڭ تېلېفونى سايرىدى، ئۇ بىر تۈرلۈك تەمە ھەم ھاياجان بىلەن ئېكرانغا قارىدى، تونۇش نومۇرنى كۆرۈپ لاسسىدە بولۇپ قالدى، تېلېفون توختىماي جىرىڭشىدى، دىلمۇرات ئاخىر بىزارلىق بىلەن تېلېفوننى ئالدى.

— ۋەي.

دىلمۇراتنىڭ ئاۋازى سوغۇق ئىدى.

— تېچلىقمۇ جېنىم ... مەن ساجىدە.

— نېمە؟

— مەن ساجىدە.

دىلمۇرات ئېكرانغا قاراپ سەل تۇرۇپ قالدى.

— ئېنىق ئاڭلىيالمىدىم ... تېلېفون ياخشى تارتمايۋاتىدۇ.

— نېمە بولغاندۇ، مەن ئاڭلاۋاتىمەن ... مەن ساجىدە، جېنىم، قېشىڭىزغا ھازىرلا باراي.

دىلمۇرات گەپ - سۆز قىلماي جىممىپ كەتتى، تېلېفوندىن سۇس گىزىلدىغان ئاۋاز كېلەتتى.

— بولىدۇ.

دىلمۇرات مەيۈس بىر تۈيغۇ ئىچىدە دىرىزىدىن سىرتقا

قارىدى، يولدا بەزىلەر ۋېلسىپىت، موتوسىكلىت مىنىۋالغانىدى، بەزىلەر ماشىنىلىق، يەنە بەزىلەر پىيادە كېتىشىپ باراتتى. دىلمۇراتقا ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ غېمى يوقتەك كۆرۈنۈپ قالدى. يەتتە ياشلاردىكى بىر بالىنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان، دولقۇنلۇق چاچلىرى يەلپۈنۈپ تۇرغان ئايال كۆزىگە گۈلىنىگار بولۇپ كۆرۈندى، چولپان ... شۇ دەمدە نەدە، نېمە خىياللار بىلەن يۈرىدىغاندۇ ... سەردار ... ئىتتىنىڭ بالىسى، چولپاننى مەندىن تارتىۋالدىڭ، مېنىڭ بەختىمنى تارتىۋالدىڭ، بۇنىڭ ئۆچۈن بەدەل تۆلەيسەن.

دىلمۇراتنىڭ ئاچچىق ئەسلىمە ھەم خىياللىرى ئۇزاق داۋاملاشتى.

ئىشىك چېكىلىپ ئارقىدىنلا ساجىدە كىرىپ كەلدى، تۇجۇپىلەپ گىرىم قىلىۋالغان ساجىدەنىڭ يولۋاس تېرىسى رەڭلىك سومكىسى دىلمۇراتنىڭ كۆزىگە غەلىتە كۆرۈنۈپ كەتتى. مۇشۇ ئايال بىلەن قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىمنىڭ سەۋەبى نېمە؟ دىلمۇرات بەزىدە ئۆزىدىن شۇنداق سوراپ قالىدۇ، ئۇ مېنىڭ پۇلۇمنى دەپلا مەن بىلەن سۆرىشىپ يۈرىدۇ، بۇنىڭ ماڭا كۆڭلى يوق، مېنىڭمۇ بۇ ئايالغا كۆڭلۈم يوق، ئەمما ئۇ ھە دېگەندە ھازىر بولىدۇ، پۇل بەرسەملا ھەرقانداق تەلىپىمنى رەت قىلمايدۇ.

ساجىدە كېلىپلا دىلمۇراتنى مەھكەم قۇچاقلىدى، قويۇق ئەتىر ھىدى دىلمۇراتقا ئۆتمۈشكە تەۋە بىتايىن ئىشلارنى ئەسلەتكەندەك بولدى.

دىلمۇرات ساجىدەنىڭ مۈرىسىدىن ئىتتىرىپ ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلدى، خۇددى بىرنەرسە ئىزدەۋاتقاندەك.

— قاراپ كەتتىڭىزغۇ، ئامرىقىم؟

دىلمۇرات كۈلۈپ قويدى. كۆڭلىدىكى پاراكەندىچىلىكنى يوشۇرۇپ قالغۇسى بار ئىدى.

ساجىدە دىلمۇراتنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ ئۇنى سۆيدى، سىرىم دېگەن نەرسە يوق، سۆيۈشنىڭ ئۇلۇغۋارلىقى بەزىدە يەر بىلەن

يەكسان بولىدۇ.

— مېنى سېغىنىدىڭىزمۇ، جېنىم؟ — دېدى ساجىدە چاچ قىسقۇچلىرىنى ئېلىۋېتىپ، ساجىدەدىن ئۆتكۈر ئەتىر ھىدى كېلىپ تۇراتتى. قاپقارا يالغان كىرپىكلىرى كۆزگە تاشلىناتتى.

— سېغىنىدىم ... سېغىنمايدىغان ئىش بولامدۇ، — دىلمۇرات ساجىدەنى مەھكەم قۇچاقلىدى. بۇرنى ئېچىشقاندەك بولدى. يۈرىكىدىن ئاچچىق بىر يىغا قايناپ چىقىۋاتقاندەك ئىدى.

قۇياشنىڭ پاكىز نۇرلىرى شەھەرنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا تەكشى سېپىلىپ تۇراتتى. يۈرەكلىرى ھاياتنىڭ تۈرلۈك تەلپۈنۈشلىرى، تۈرلۈك تەشۋىشلىرى، غەملىرى بىلەن تولغان ئادەملەر كوچىلاردىن ئۆتۈپ تۇراتتى، يۈرەك بىلەن يۈرەكنىڭ ئارىسىدا يول بولمىسا ياشاشنىڭ مەنىسى بەكلا تېيىزلىشىپ كېتىدۇ.

— جېنىم ... — ساجىدە كۆزلىرىنى يۇمۇپ جىممىدە ياتقان دىلمۇراتنىڭ مەيدىسىگە سۆيۈپ ئۇنى يېنىك سىلكىدى.

— ھە.

— بىر گەپنى دېسەم ياق دېمىسىڭىز، جېنىم.

— نېمە گەپ ئىدى؟

— ئەمىسە ياق دېمەيسىز.

— ئاۋۋال دەڭە.

— ماقۇل دېسىڭىز ئاندىن دەيمەن، — ساجىدە ئەركىلەپ دىلمۇراتنىڭ لېۋىگە سۆيدى، دىلمۇراتنىڭ كاللىسىغا ئىلمان، بەدتەم بىر تۇيغۇ كىرىۋالدى.

— دەڭ، ماقۇل دەيمەن.

— سىز بەك ئوبدان، جېنىم ...

دىلمۇرات كۈلۈپ قويدى، ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنى، ئۆزگە تەۋە ھاياتنى، ئۆزگە تەۋە مۇشۇ دەمدىكى بىچارە تۇيغۇلارنى مەسخىرە قىلىۋاتقان بولسا كېرەك.

— ئالتۇن زەنجىر ... ئالاي دېگەن.

— ياخشى گەپ ئىكەن، ئېلىڭ.
— ئەمىسە ئالدىم.
— ئېلىۋېرىڭ.
— ئەمىسە ... — ساجىدە دىلمۇراتنى يېنىك سىلكىپ مەڭزىنى ئۇنىڭ يالىڭاچ مەيدىسىگە ياقتى.
— ئاۋۇ تارتمىدا بەش مىڭ سوم پۇل بار، شۇنى ئىشلىتىڭ، قېنى تۇرۇڭ، مېنىڭ يەنە ئىشىم بار.
دىلمۇرات مۇنچىغا كىرىپ كەتتى، ئۇ مۇنچىدىن چىققاندا ساجىدە پۇللارنى ساناۋاتقانىدى، دىلمۇراتنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى، خۇددى بىرسىگە ئۆتنە بەرگەن پۇلنى ئېلىۋاتقاندەك ساناپ كېتىشلىرىنى.
— سىزگە بىر گەپنى دەي، دىلمۇرات جېنىم، بىز سەل دىققەت قىلمىساق بولمايدىغاندەك قىلىدۇ.
— نېمە بولدى؟
— رەنا پېيىمىزغا چۈشكەندەك قىلىدۇ، ئۇ ماڭا يېنىچە، قىرىچە تېگىۋاتىدۇ، گەپلىرى سىرلىق.
دىلمۇرات ئۇڭ مەڭزىدە قاپقارا مېڭى بار ئايالنى يادىغا ئالدى، رەنا بىلەن توي قىلغاندا، كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىپ كېتىشنى ئويلىمىغانىدى، رەنانىڭ ئاكىسىنىڭ ساجىدەنى تونجى كۆرگەندە، بۇ ئايال بىلەن ئۆزىمۇ يىرگىنىدىغان، ئۆزىدىن ھەم بۇ دۇنيادىن نەپرەتلىنىشكە سەۋەب بولىدىغان ئىشنى قىلىشنى ئويلىمىغانىدى. دىلمۇرات ئۆزىنىڭ شۇ يىللاردا رەنانى ياخشى كۆرگەنلىرىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. مۇھەببەت بەزىدە ئوتى ئۆچكەن گۇلخاننىڭ كۆلىدەك قىممىتى يوق نەرسىگە ئۆزگىرىپ قالىدۇ.
— ئەمىسە كۆرۈشمىسەك بولىدىكەن، — دېدى دىلمۇرات پاراكەندە بىر تۇيغۇ ئىچىدە.
— ئۇنداقتا ... ئىككىمىزنىڭ مۇھەببىتىچۇ؟
— نېمە؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئىككىمىزنىڭ مۇھەببىتىنى دەيمەن.
— ئىككىمىزنىڭ مۇھەببىتى؟
— شۇ ... ئىككىمىزنىڭ مۇھەببىتىنى قاندان قىلىمىز؟...
بىر ـ بىرىمىزگە چىداشمايمىز، جېنىم.
دىلمۇرات ئاچچىق سىبزىم ئىچىدە كۆلۈپ قويۇپ سائىتىگە قارىدى.
— بىرنەچچەيلەن بىلەن كۆرۈشىدىغانغا دېيىشىپ قويغان، مەن ماڭاي.
— يەنە باشقا ئاياللار بىلەن كۆرۈشۈپ يۈرمەيدىغانسىز ھە؟
— ياق، — دېدى دىلمۇرات ئەلەم بىلەن ئۇھ تارتىپ، — سودا ئىشى، قالغان گەپلەرنى كېيىن دېيىشەيلى.
— بولىدۇ، ئەمىسە قاچان كۆرۈشىمىز؟
— مەن سىزگە تېلېفون بېرەي.
دىلمۇرات چىقىپ كېتىۋاتقان ساجىدەگە نەپرەت بىلەن تىكىلىپ قارىدى، قارىماققا ئۈستىخىنى چىرايلىق كۆرۈنىدىغان بۇ ئايال ئۇنىڭ كۆزىگە غەلىتە كۆرۈنۈپ كەتتى، دىلمۇرات بۇ ئايالدىن ئاسان ئايرىلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى.
«ئىككىمىزنىڭ مۇھەببىتى ...» دىلمۇرات ساجىدەنىڭ بايىقى گېپىنى ئەسكە ئالدى، مۇھەببەتمۇ بەزىدە بەتبەشىرە بىرنېمىگە ئايلىنىپ قالسا كېرەك. «مەن نېمىشقا مۇشۇ ئىشلارنى قىلىپ يۈرىمەن؟»
دىلمۇرات كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزىنىڭ ئەيدىزنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلىپ، ھەسرەتلىك خىياللارغا چۆمگەنلىرىدە ئۆتمۈشنى ئەسلەيدۇ، ئۆزىگە قېيىنئاچا بولغان ئايال بىلەن قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىدىن چىدىغۇسىز پۇشايمان ئوتلىرىدا كۆيۈۋېتىپ، ئەيدىزنىڭ ئاشۇ ھايۋانىي قىلمىقلىرى ئۈچۈن بېرىلگەن ئىلاھىي جازا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ قالىدۇ.
«مەن نېمىشقا شۇ ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەن بولغىيدىم؟ ...»
دىلمۇرات ئۆزىنىڭ بۇ سوئالىغا جاۋاب تاپالمايدىغاندەك

قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ سوئالىغا ئۆزى جاۋاب تاپالمايدىغىنى يالغۇز دىلمۇراتلا ئەمەس، دىلمۇرات بىلەن بىللە ياشاۋاتقان نادىرە، گۈلپىيە دېگەن قىزلارمۇ نۇرغۇن سوئاللارغا جاۋاب تاپالمايدۇ، تاپقان جاۋابلىرى ھېچ ئىشنى ھەل قىلالمايدۇ، يۈرەكتىكى ئىزتىراپلارغا مەلھەم بولالمايدۇ.

## 28

ئۇزۇن كېچىلەردە قانتىي بار ئىت چىشلىۋېلىپ چۈش كۆرىدىغان قىزنىڭ مالىمان تۇيغۇلىرى داۋام قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇ چۈشىنى بۇ قىزنىڭ ئانىسىمۇ، دادىسىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ چۈشىنى ۋەھىمە ئىچىدە ئاق قەغەزگە «HIV» دېگەن ئۈچ ھەرپنى نەپرەت بىلەن جىجىلاپ قويىدىغان دوستىغا يىغلاپ تۇرۇپ دەپ بەرگەندىن كېيىن ئىچى بوشاپ قالدى. ھېلىقى قىز جىمى جاھاننىڭ ۋەھىمىسىنى چىڭقىۋالغان يۈرىكىنىڭ ئەنسىز دۈپۈلدەشلىرىنى ھېس قىلغىنىچە گۈلپىيەگە نۇرغۇن گەپلەرنى دېمەكچى بولىدۇ، «HIV» دېگەننىڭ نېمىلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويماقچى بولىدۇ.

— ئەنۋەر مېنى تاشلىۋەتتى.

— پىسەنتىڭگە ئالما.

— ئۇ گۈلباھار سېرىقنىڭ كەينىدىن كەتتى.

— ئۇ ساڭا لايىق كەلمەيدۇ ... تۈكۈرۈۋەت.

— سېنىڭ تەلىيىڭ بار ... مۇرات بەك ياخشى، بەك ئەقىللىك ... بەك چىرايلىق.

— ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋىرىڭ باردۇ؟

— ئاڭلىدىم.

— مۇرات پاجىئەگە يولۇقتى، مەن ئاتا ـ ئانامدىن ئايرىلدىم، مۇرات بىلەن بولىدىغان خۇشاللىقىمدىنمۇ ئايرىلدىم.

— مەنمۇ سەندەك بولۇپ قالسامۇ بوپتىكەن.

گۈلپىيەنىڭ سۆزى نادىرەنى چۆچۈتۈۋەتتى.
— نېمە دېگىنىڭ بۇ؟ تۇۋا دېگەن ...
ئىككىيلەن ئۇزاق يىغلاشتى، ئىككى قىزنىڭ يىغىسى، كۆز يېشى قوشۇلۇپ كەتتى.
— مەن چوڭلارنىڭ بىر گېپىنى ئاڭلاپ قالدىم، نادىرە.
— نېمە گېپىنى؟
— مەنسۇر دېگەن بىرسى سارالڭ بولۇپ قاپتۇ.
— مەنسۇر ... مەنسۇر دېگەن كىمۇ؟
— ئۇ سارالڭ بولۇپ قالغان بالا.
— ئۇ سارالڭ بولسا سەن بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟
— ئۇ هارامدىن بولغان بالا ئىكەن.
نادىرە چىرايلىق لېۋىنى چىشلىدى.
— نېمانداق سەت گەپ بۇ، گۈلپىيە؟ ... بۇنداق گەپنى دېمە.
— ئادەم هارامدىن بولسا سارالڭ بولۇپ قالىدۇ، ئاندىن كوچىلارغا يالىڭاچ چىقىدىغان بولۇپ قالىدۇ، مەنسۇر شۇنداق بوپتىكەن.
— نېمانداق گەپ قىلىسەن؟ ... مېنى قورقۇتما.
— مەن ...
گۈلپىيە ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گەپنى يۇتۇۋەتتى.
گۈلپىيە بىلەن نادىرە ... ئۇز ئەتراپىدا مىغىلداپ يۈرگەن سانسىز ئادەملەر ئارىسىدا ئۆزلىرىگە ئوخشايدىغان ئادەملەرنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيدۇ، ئۇلارنىڭ كۆزىگە بۇ دۇنيادىكى ئۆزىدىن باشقا ئادەملەرنىڭ ھەممىسى غەمسىز، دەردسىز بولۇپ كۆرۈنىدۇ، ئۇلار قانداق ئويلىسۇن، بۇ شەھەردە بۇ ئىككى قىزغا تونۇش ھەم ناتونۇش ئادەملەر ئارىسىدا گۈلسۇم ئىسىملىك بىر قىز بار، ئۇز ھەسرەتلىرى ئارىسىدا تېنەپ قالغان نادىرە بىلەن گۈلپىيە ئۆزلىرى ياشاۋاتقان مۇشۇ شەھەردە گۈلسۇم ئىسىملىك بىر قىزنىڭ بارلىقىدىن، ئۇنىڭ ئارمانلىرىدىن بىخەۋەر ئىدى.

## 29

سەردار ئۆيگە كىرگەندە گۈلنىگار داستىخان راسلاۋاتاتتى، سەردار ھەربىكتى چەبدەس ھەم نازاكەتلىك گۈلنىگارغا قاراپ گۈلنىگارنىڭ ئورنىغا چولپاننى قويۇپ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقتى.

— كەلدىڭىزمۇ؟ — دېدى گۈلنىگار كۈلۈمسىرەپ، ئاندىن يەنە كەينىگە بۇرىلىپ چاقىردى، — مويۇنچۇر، ئىلتەبىر، بۇياققا چىقىڭلار قوزىلىرىم، تاماق يەڭلار.

باللارنىڭ ئۆيى تەرەپتىن تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى. گۈلنىگار يەنە بىر قېتىم چاقىردى، ئەمما باللارنىڭ ھېچقايسىسى چىقمىدى.

— ھەي ياغاچ قۇلاقلار، بۇياققا چىقىڭلار، تەييار تاماقنى يېگۈزگىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتتىڭلار بۇلارغا ...

سەردار باللارنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ قارىدى، مويۇنچۇر بىلەن ئىلتەبىر كومپيۇتېر ئويۇنغا كىرىشىپ كەتكەنىدى، ئۇلار سەردارنىڭ ئىشىكتە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، كومپيۇتېرنى ئۆچۈرۈپ تاقاپ دادىسىنىڭ ئالدىغا كېلىشتى.

— نېمە ئىش قىلىۋاتقان؟

— مەن ... — مويۇنچۇر بىردە دادىسىغا، بىردە ئىلتەبىرگە قاراپ قويدى.

— كومپيۇتېردا ئويۇن ئوينىدىڭلار، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، — دېدى ئىلتەبىر پەس ئاۋازدا، — ئوينىمايلى دېسەم ... مويۇنچۇر ئوينايلى دەپ.

— باشتا ئوينايلى دېگەن سەنغۇ.

— مەن بىردەم ئوينايلى دېگەن، سەن توختىماي ئويناۋەردىڭ.

— بولدى قىلىشە، مۇشتەك تۇرۇپ بىر - بىرىنى

www.uyghurkitap.com

چېقمىشتۇرۇشقىنىنى، بېرىپ قولۇڭلارنى يۇيۇپ تاماق يەڭلار، ئاندىن ئۆگىنىشلارنى قىلىڭلار، ئەتە كەچتە تاپشۇرۇق دەپتىرىڭلارنى تەكشۈرىمەن، تېز بولۇڭلار.

باللار ئەيمەنگەن هالدا ئاستا مېڭىشىپ داستىخانغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى.

— قولۇڭلارنى يۇيۇڭلار.

— مېنىڭ قولۇم پاكىز، — دېدى مويۇنچۇر، — ئىلتەبىر، سەن بېرىپ قولۇڭنى يۇيۇپ كەل.

ئىلتەبىر ئورنىدىن تۇردى.

— سەنچۇ، مويۇنچۇر، سەن نېمىشقا قولۇڭنى يۇمايسەن؟

— دېدىمغۇ، مېنىڭ قولۇم پاكىز.

— ماڭ، باياتىندىن بېرى كومپيۇتېر ئوينايمەن دەپ نېمىلەرنى تۇتمىدىڭ، يەنە يۇغىن.

سەردار ساپادا ئولتۇرۇۋېتىپ تازىلىق ئۆيىگە ماڭغان مويۇنچۇرغا شېرىن سۆيۈنۈش بىلەن قاراپ قويدى.

خۇددى مۇشۇنداق كۈنلەر بەك ئۇزاقتىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەندەك، يەنە بەك ئۇزاق داۋام قىلىدىغاندەك ئىدى.

بەختلىك كۈنلەر ...

سەردار بەزىدە مۇشۇ كۈنلەرنى بەختلىك كۈنلەر دەپ ئويلاپ قالىدۇ. بەزىدە ئۇنداقمۇ ئويلىيالمايدۇ. كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى ئاچ ... كۆڭۈل ئۇسساپ تۇرىدۇ. ئىچكەن سۇلار تۇزلۇقتەك بىلىنىپ قالىدۇ.

سەردارنىڭ ئۆيىدىكى هايات مۇشۇنداقىراق تەرزدە ئۆتىدۇ، مۇشۇ تۇرمۇشنىڭ، مۇشۇ بىر قېلىپتىكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان، يەنە تۇز ـ تەمى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان تۇرمۇشنىڭ قاچانغىچە داۋام قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ بولمايدۇ.

— هېلىقى قىزنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ — دېدى سەردار.

— ئۇ قىز هازىرمۇ شۇ ئاشخانىدا ئىشلەۋاتقاندەك قىلىدۇ، مەن مۇشۇ ئىش توغرىسىدا باش قاتۇرۇۋاتىمەن.

— قانداق ئويلىدىڭىز؟
— ئائىلىسىنىڭ قىينچىلىقى بەك ئېغىر ئىمىش، ئانىسى كېسەل ئىكەن، ئاڭلىسام ئۇ قىزنىڭ دادىسى ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنىكەن، ئانىسى تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلى بىلەن جان ساقلايدىكەن ... ھازىرچە بىلگىنىم مۇشۇ.
— شۇ قىزغا ياردەم قىلساق بولاتتى.
— مەنمۇ شۇنى ئويلىدىم، ئەمما بىزنىڭ ھالىمىزمۇ چاغلىق.
— بىزنىڭ ھالىمىز چاغلىق ئەمەس، كۆڭلىمىز چاغلىق، — دېدى سەردار قاپىقىنى تۈرۈپ، — بىز كىيىم ئۈستىگە كىيىم كىيىمىز، ئويۇن ئۈستىگە ئويۇن ئوينايمىز ... يەنە دېسەم مۇشۇنداق تايىنى يوق ئىشلىرىمىز جىق، بولمىسا بىزنىڭ مائاشىمىز ئۆزىمىزدىن يېتىپ ئاشىدۇ.
— ۋاي قويۇڭا، شۇ تۆت تەڭگە مائاشنىڭ گېپىنى قىلىپ قاپسىز، نېمىگە يېتىدۇ؟
— يەتمەيدىغان ئادەمگە دۆلەت خەزىنىسىنى بەرسىمۇ يەتمەيدۇ ... بولدى، بىز ئاۋۇ قىزغا ياردەم بېرىدىغاننىڭ گېپىنى قىلىشايلى.
گۈلنىگار بىرنېمە دەي دەپ تۇرۇشىغا ئىشىك چېكىلدى.
— ئاپلا، — دېدى گۈلنىگار ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — بىزنىڭ مەكتەپتىكى بىرنەچچەيلەن بىزنىڭكىگە كەلمەكچىدى، ئالدىراشچىلىقتا يادىمدىن چىقىپ كېتىپتۇ، — گۈلنىگار شۇنداق دېگىنىچە بېرىپ ئىشىكنى ئېچىشى بىلەن تۆت ـ بەش ئايالنىڭ كۈلكىسى، شوخ سالام ـ سەھەتلىرى ئاڭلاندى.
— ئەسسالام گۈلنىگار، ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟
— ئاۋارە قىلىپ قويارمىزمۇ ئەمدى ...
— ۋاي ـ ۋۇي، سىلەرنى ساقلاپ ئولتۇرغان، قېنى كىرىڭلار ... يۇقىرى ئۆتۈڭلار، — دېدى گۈلنىگار ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولغىنىچە مېھمانلارنى ئۆيگە باشلاپ، — قېنى

www.uyghurkitap.com

تۆرگە ئۆتۈڭ، زۇبەيدە، باھارگۈل، قېنى بۇياققا ...

مېھمانلار ئىشىك تۈۋىدە ئاياغلىرىنى سالغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئۆينىڭ ئىچى ۋاڭ ـ چۇڭغا تولدى.

سەردار ئورنىدىن تۇردى، كەلگەنلەر گۈلنىگارنىڭ خىزمەتداشلىرى ئىدى، ئاياللار بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق ياسانغانىدى، ئۇلارنىڭ بوي ـ بەستىدىن كېلىشۋاتقان ئەتىر ھىدى مېھمانخانا ئۆينى بىر ئالدى.

— ۋاي گۈلنىگار، ئەجەب چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىنا ... — دېدى ئارىدىكى بىرسى، — مەن يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن باشقىچە ياشىرىپ كېتىپسەن.

— شۇنى دەيمەن، ھەممىيلەن كۈندىن ـ كۈنگە قېرىپ كېتىۋاتىمىز. مۇنۇ گۈلنىگار كۈندىن ـ كۈنگە ياشىرىۋاتىدۇ.

— ئوماقلىقىچۇ بۇنىڭ.

— دوختۇرنىڭ ئايالى قېرىمايدىغان ئوخشايدۇ.

— دېگىنىڭلار كەلگەي ... — دېدى گۈلنىگار كۈلگىنىچە، ئۇ بۇ ماختاشلارنىڭ يالغانلىقىنى بىلسىمۇ ئەمما يەنىلا خۇش بولۇپ قالدى، — كۆڭلۈمنى ياسىغىنىڭلارغا رەھمەت، قېرىپ كەتتىم، سەتلىشىپ كەتتىم.

— نەدىكىنى ...

ئايالالارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇشتىن بىئارام بولغان سەردار قولاشمىغانىراق بىر ھالدا سالام بېرىپ ياندىكى ئۆيگە ماڭدى، كىرىپلا كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ ياتتى، ئۆينىڭ قىيا ئوچۇق ئىشىكىدىن ئايالالارنىڭ تۈگىمەس پاراڭلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. گەپلەر بىرىگە ئۇلىنىپ بىرى چىقاتتى، ئاق ئالتۇن، قىزىل ئالتۇن دېگەن نېمىلەرنىڭ باھاسىنىڭ چۈشۈۋاتقانلىقى، يىگىرمە مىڭ سوملۇق نوركا چاپان كىيگەن كىم بىرسىنىڭ ھالى توغرۇلۇق، قايسى بىر داڭلىق دۇكانغا كەلگەن يېڭى ماللارنىڭ قىممەتلىكى، قىممەت بولسىمۇ چوقۇم سېتىۋېلىش كېرەكلىكى توغرۇلۇق، يېقىندا ھاكىم بولغان كىمدۇر بىرسىنىڭ خوتۇنىنىڭ

بۇرۇنقى دوستلىرىنى تاشلاپ ھاكىملارنىڭ ئائىللىرى بىلەن چاي ئويناشنى باشلىغانلىقى دىگەندەك ئىشلار توغرۇلۇق پاراڭلار بولدى. سەردار دىققىتى چېچىلغان ھالدا ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىغا قۇلاق سېلىۋاتاتتى. بۇلار ... بىر مىللەتنىڭ ئانىلىرى، يەنە كېلىپ زامانىمىزدا ساپالىق، ئوقۇغان، خىزمەت قىلىۋاتقان ئانىلار ... ئەمما ئۇلارنىڭ ئەس - خىيالى، ئويلايدىغانلىرى، قىزىقىدىغانلىرى شۇ قەدەر پۇچەك، بىمەززە ... زارلىنىشلىرى، ۋايساشلىرىنىڭ سەۋەبلىرى بىتايىن، ئاددىي، خۇددى بىر ئەخلەت ... سەردار چىگىچ خىياللار ئارىسىدا يېتىپ يەنە چولپاننى ئويلاپ قالدى.

سەردار بىلەن گۈلنىگارنىڭ ئاشخانىدا ئىشلەۋاتقان ھېلىقى قىز توغرىسىدا دېيىشىۋاتقان گەپمۇ شۇ يەردە قالدى، سەردار گۈلنىگارنىڭ مۇنۇ ئائىللار بار چاغدا شۇ قىزنىڭ گېپىنى قىلىشىنى شۇنداق ئارزۇ قىلدى.

ئائىللار ئىككى سائەتلەردىن كېيىن تارقىلىشتى.

— بۇلار بىلەن كۆپ ئارىلاشمىسىڭىز بولغۇدەك، گۈلنىگار، — دېدى سەردار ئىچى پۇشقان ھالدا.

— قانداق دەيسىز؟

— كىيىمنىڭ، يېگەن - ئىچكەننىڭلا گېپىنى قىلىدىغان خوتۇنلار ئىكەن بۇ، ھە دېسە ئالتۇن - كۈمۈشتىنلا چۈشكەن.

— ئۇنداقمۇ دېمەڭ ... بۇلار دېگەن ياخشى ئائىللار.

— بەلكىم ياخشى ئائىللاردۇر، ئەمما مېنىڭچە بەك ساپاسىز ئائىللار ئىكەن.

— ئائىل كىشى دېگەن شۇ، كىيىم - كېچەك بىلەن كۆڭلىمىز ئېچىلىدۇ.

— كىيىم - كېچەك بىلەن كۆڭلىمىز ئېچىلىدۇ دەڭ، ئائىللار تۈگىشىپ كەتكىلى تۇرۇپتۇ.

— بۇ گېپىڭىز بولمىدى، كىچىككىنە ئىشقا قاراپلا بۇنداق يوغان قالپاقنى كىيدۈرۈپ قويسىڭىز قاملاشماس، بىزنىڭ مەكتەپتىن ئارامغا چىققان ئائىل ئوقۇتقۇچىلار مېھرىبان ئانىلار

جەمئىيىتى قۇرۇشنىڭ كويىغا چۈشۈپتىكەن، مەنمۇ بۇ ئىشقا قىزىقىپ مۇشۇ بىر نەچچەيلەنگە شۇ گەپنى دېگەن، بولار شۇ ئىشنى دېيىشكىلى كەلگەن.

— ئەمىسە ئۇ گەپلەرنى قىلىشمىدىڭلارغۇ؟

— شۇ، باشقا گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپتىمىز ...

— توۋا قىلدىم، — سەردار كۈلۈپ كەتتى، — باشقا بىر ئىشنى مەسلىھەتلەشكىلى كەلسۇنۇ، گەپ باشقا ياققا ئۆتۈپ كەتسۇن، كۆڭگەن خوي دېگەنمۇ غەلىتە بولىدىكەن.

گۈلنىگار بىلەن سەردار گۈلسۈم ئىسمىلىك قىزنىڭ غېمىنى قىلىشىۋاتقان شۇ كۈنلەردە، كۈنلىرى تولىمۇ غەمسىز ئۆتكەن نادىرە ھاياتىنىڭ غەلىتە شەكىلگە كىرىپ قالغانلىقىنى قورقۇنچ ئىچىدە ھېس قىلىۋاتاتتى. ئۇ قوبۇل قىلالمايدىغان قىسمەت باش ئۈستىدە پىرقىراپ يۈرەتتى. قىسمەت ئۇنى قاراڭغۇ ھەم تار يولغا قىستاپ ئەكىرىۋاتاتتى، ئۇ ئۆزىگە سانسىز قېتىم «نېمە ئۈچۈن» دېگەن سوئالنى قويىدى، ئۆزىنىڭ سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بېرەتتى، ئەمما جاۋابلىرىدىن قانائەت تاپالمايتتى ... «ھەممىسى ئۆزۈمنىڭ دۆتلۈكىدىن بولدى ...» ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە شۇنداق پىچىرلايتتى. ئۇنىڭ پىچىرلاشلىرىغا دۇنيا زەن سالمايتتى، پەرۋايىغا ئالمايتتى، ھاياتنىڭ ئاجايىپ سېھىرلىك شاۋقۇنلىرى ئۇنىڭ پىچىرلاشلىرىنى يۇتۇپ كېتەتتى.

## 30

ئەيدىز ...

نادىرە بەزىدە پەقەت ئىشىنەلمەيدۇ، ۋۇجۇدىدا شۇ قەدەر قورقۇنچلۇق ئالۋاستىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەلمەي قالىدۇ. ئۆزىنىڭ مۇشۇ تەقدىرىگە، دىلمۇرات بىلەن بولغان ئىشلارغا ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. ئۇ چوڭ دېرىزىدىن چۈشكەن قۇياش نۇرلىرى كۆزىنى يىغىندەك چاقىقاندا ئويغانغان ئەتىگەنگە، شۇ چاغدىكى نۇرغا، شۇ چاغدا يېنىدا تۈگۈلۈپ ياتقان ئەرگە، بۇ

ئەرنىڭ دىلمۇرات ئىكەنلىكىگە ئىشىنەلمەي قالىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ خىيال ياكى چۈش بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئەمما بەزى ئىشلار مەڭگۈ چۈشكە ئايلانمايدۇ، بەزى چۈشلەر مەڭگۈ رېئاللىققا ئايلانمايدۇ.

نادىرەنىڭ چىشلىرى كىرىشىپ قالغانىدى، ئۇنىڭ ئاپپاق تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا، چەكچىيىپ قالغان كۆزىگە قارىغان زۆھرە نېمە ئىش بولغانلىقىنى دەرھال بىلىپ يەتتى.

زۆھرەنىڭ كۆز ئالدىغا ئىككى يىل بۇرۇنقى تاڭ سەھەردە دىلمۇراتنىڭ قوينىدا يالىڭاچ ياتقان ھالىتى كېلىپ كۆڭلى شۇركۈندەگەندەك بولدى.

— سېنى ئۆلتۈرۈۋەتسەم دەيمەن!

نادىرە ئەلەمدىن بوغۇلۇپ شۇنداق پىچىرلىدى. چىرايلىق لەۋلىرى تىترەيتتى.

— ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، نادىرە، — دېدى زۆھرە قورققاندەك ئۇنىڭ كۆزىدىن كۆزىنى ئۈزمەي.

— ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن.

زۆھرە گەپ قىلمىدى، نادىرە بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە بۇتتەك قېتىپ ئولتۇراتتى.

— بۇ مۇمكىن ئەمەس، نادىرە، دىلمۇرات ھېيلىگەر ئادەم، ئۇنىڭ قولىدىن ھەرقانداق شۇملۇق كېلىدۇ، ئۇ بەك سەزگۈر، ئۇ يەنە ھەرقانداق ياخشىلىقنىمۇ قىلىدىغان ئادەم ... ئۇنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ، نامرات باللارغا سېخىيلىق بىلەن ياردەم قىلىدۇ، داۋالىنالمىغان نامراتلارغا يولۇقۇپ قالسا ھېچنېمىگە قارىماي پۇل بېرىدۇ، داۋالىنىش خىراجىتىنى كۆتۈرىدۇ، لېكىن بۇنى ھېچكىمگە دېمەيدۇ، ئەمما يەنە كىشى چۈشەنگىلى بولمايدىغان پەسكەشلىكلىرىمۇ بار ... ئۇنىڭغا سەن بىلەن بىز تەڭ كېلەلمەيمىز، مەنمۇ بۇرۇن خۇددى سەندەك ئويلىغان، ھەتتا ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالماقچىمۇ بولغان.

— ئۇ نەدە؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ھازىر كېلىدۇ.

— مەن تۇگەشتىم، زۆھرە، ئۇ ھايۋان مېنى بۇلغىدى، مەن نېمە بولۇپ كەتسەممۇ مەيلىدى، بىراق ...

— ئۆزۈڭنى ئايا، نادىرە، ھەممە ئىش ئۆتۈپ كېتىدۇ.

— ئۆتۈپ كېتىدۇ؟

— شۇ، بولىدىغان ئىش بولۇپ بولغاندىكىن...

مېنىڭ ھايۋاندىن نېمە پەرقىم قالدى؟

نادىرە يۈزىنى تۇتۇپ يىغلىدى، بارماقلىرى ئارىسىدىن كۆز ياشلىرى ئاقتى.

— مەن ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالىمەن، ئۇ ئەبلەخ بىلەن تەڭ ئۆلىمەن.

زۆھرە ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىلىدى، زۆھرەنىڭمۇ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولغانىدى.

— ئەخمەق بولما، سەن ئۆلۈۋېلىپلا تۈگەشسەڭ مۇرات قانداق قىلىدۇ؟ داداڭ قانداق قىلىدۇ؟ مۇرات سەن بولغانلىقىڭ ئۈچۈن كۆڭلى توق كۈن ئېلىۋاتىدۇ، تۈرمىدىكى داداڭ ھامان بىر كۈنى قىزىمنى كۆرىمەنغۇ دېگەن ئۈمىد بىلەن كۈنلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ، نادىرە، ئۇلارغا سەن بولمىساڭ بولمايدۇ، ئۇلارنى سەن يوقلىمىساڭ بولمايدۇ، سەن بۇ يەرگە نېمە دەپ كەلگەن؟ پۇل تېپىپ مۇراتنى قۇتقۇزغىلى، داداڭنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغىلى كەلگەنغۇ.

— لېكىن مەن بۇنداق بولارنى ئويلىمىغان، ئەمدى مېنىڭ ئۆلگىنىم تۈزۈك.

— ھەممە ئىش ئۆتۈپ كېتىدۇ، نادىرە.

نادىرە ھېچنېمە دېمىدى، ھايات ئۇنىڭغا ھە دېگەندە كۆتۈرگىلى بولمايدىغان لەنەتگەردى چاقچاقلارنى قىلىۋاتاتتى، ئانىسىدىن ئايرىلدى، دادىسى تۈرمىدە، مۇرات شۇ ھالغا چۈشۈپ قالدى ... ئەمدىچۇ؟ غۇرۇر، ئىمانى بۇلغاندى. نادىرەنىڭ ئەقىللىك كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە قېتىپ قالغانىدى.

— دىلمۇرات چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئادەم، مەن ھېس قىلدىم، سەن ئۇنى بويسۇندۇرالايسەن، سەن ئۇنىڭ بايلىقىدىن پايدىلان، نادىرە، تەتۈرلۈك قىلما ... دېدىمغۇ، سەن ئۇنى ئىلكىڭگە ئالالايسەن ... ئەقىللىك بولساڭلا مۇشۇ چىرايىڭ بىلەن ھەرقانداق ئەرنى ئېگەلەيسەن، ئەرلەرنىڭ ھەرقاندىقى چىرايلىق قىزلارنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىدۇ ... بۇنىڭغا ئىشەن.

نادىرە بىر ھەپتە ئۆيىدىن چىقمىدى، زۆھرە ھەر كۈنى كېلىپ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى، زۆھرە قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا نادىرەگە بەك جىق گەپلەرنى قىلدى، زۆھرە نادىرەگە ئۆزىنىڭ كەچمىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى، ئەمدى يىگىرمە ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان زۆھرە ئۆزى كىرگەن قاراڭغۇ كوچىلار توغرىسىدا، ئەرلەردىن قانداق پايدىلىنىش توغرىسىدا، ئەرلەرنىڭ ئاياللارنىڭ چىرايىغا، يالغان ناز - كەرەشمىسىگە ئالدىنىپ ياشايدىغان ئەخمەقلەر ئىكەنلىكى توغرىسىدا، ئۇلارنى قانداق بابلاش، يانچۇقىدىكى پۇلىنى قانداق سۇغۇرۇۋېلىش توغرىسىدا بەك جىق سۆزلىدى. كۆزى بىلەن لېۋى كۈلۈپ تۇرىدىغان زۆھرەنىڭ سۆزلىرى نادىرەنى ھەيران قالدۇردى. زۆھرەنىڭ كەچمىشلىرى ھەم بىلىدىغانلىرى، كۆرگەنلىرىگە قاراپ ئۇنى ھېچكىم يىگىرمە ياشلىق قىز دېمەيتتى. زۆھرە نادىرە بىلەن كىچىكىدە بىللە ئوينايتتى، زۆھرە مەكتەپتىن بالدۇرلا چىقىۋالغانىدى، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ دىلمۇراتنىڭ شىركىتىدە ئىشلەپ يۈرگەنىدى. نادىرەنىڭ ئانىسى تۇگەپ كەتكەندىن كېيىنكى قارا كۈنلەردە زۆھرە نادىرەگە تەسەللى بېرىپ ئۇنى كۆپ ئىزدەپ ھالىغا يېتەتتى.

نادىرە زۆھرەگە دەردىنى تۆككەن شۇ كۈندە، ئۆزىنىڭ پاكلىقىنىلا ئەمەس، ھاياتىنىمۇ يوقاتقانلىقىنى، شان - شەرىپىنى، غۇرۇر - ئىمانىنى يوقاتقانلىقىنى بىلمەيتتى، نورمال ئۆلۈش پۇرسىتىنى يوقاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ كۈنلەردە نادىرە ئەيدىزنىڭ نېمىلىكىنى تېخى بىلمەيتتى.

www.uyghurkitap.com كىتاب تورى

نادىرە شۇ كۈنلەردە گۈلپىيەنى پات ـ پات ئويلاپ قالاتتى، نادىرەنىڭ كۆڭلىدە خۇددى گۈلپىيەلا ئۇنىڭغا سىرداش، دەرداش بولالايدىغاندەك ئىدى، ھەممە دەردىسەرلىرىنى گۈلپىيەگە تۆككۈسى كېلەتتى، ئەمما يەنە جۇرئەت قىلالمايتتى، مۇلايىم كۆزىدىن، چۆچۈپ قاراشلىرىدىن بۇ جاھاندىكى ناھايىتى نۇرغۇن نەرسىدىن قورقىدىغاندەك تەسىر بېرىدىغان گۈلپىيە نادىرەگە بەكلا بىچارە بولۇپ كۆرۈنەتتى. مەكتەپتىكى چاغدا نادىرە گۈلپىيە بىلەن يېقىن ئۆتەتتى، ئۇنى يېنىغا تارتاتتى، تاتلىق ـ تۈرۈملارنى بېرەتتى، بىللە ئۆگىنىش قىلاتتى. ئەمما، ئۇ گۈلپىيەنىڭ يۈرىكىدە قانداق دەز ھەم دەرد ـ ھەسرەتلەرنىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتى، بىر قىز بالىنىڭ ھارامدىن بولغان دېگەن ھاقارەت ئاستىدا قايسى ھالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى نادىرە مەڭگۈ ھېس قىلالمىسا كېرەك.

## 31

گۈلپىيەنىڭ مالىمان خىياللىرى ئارىسىدا نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلماق تەس. تەشنالىق ھاياتنىڭ بىر قىسمى، ئايرىلىپ قېلىشمۇ ھاياتنىڭ بىر قىسمى، تەشنا بولغان نەرسىلەردىن ئايرىلىپ قېلىش دائىم بولۇپ تۇرىدۇ، بۇ دۇنيانىڭ قائىدىسى ئەزەلدىن شۇنداق، بىز موھتاج بولغان نەرسىلىرىمىزدىن، بىز ئۇچۇن قانداق، جاندەك نەرسىلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز، ئايرىلىپ قېلىشقا بولمايدىغان نەرسىلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قېلىشنىڭ بىزنى قايىل قىلغۇدەك، بىزنى قايىل قىلىپ بىزگە شۇ قايىللىقىمىز ئارقىلىق مەدەت ھەم تەسەللى بولغۇدەك سەۋەبى يوق ھالدا ئايرىلىپ قالساق بۇنىڭغا چىداپ بولالمايمىز.

— بەزى ئىشلار مۇشۇنداق ئاخىرلىشىدۇ.

ئەنۋەر بۇنداق دېمىدى. ئەمما ئىش يۈزىدە مۇشۇنداق بولدى.

— سەندىن ئايرىلغۇم يوق ئىدى.
گۈلپىيەنىڭ بۇ گېپىنى ئەنۋەر ئاڭلىمىدى.
— مەن بەك يالغۇز قالدىم.
گۈلپىيەنىڭ بۇ گېپىنىمۇ ھېچكىم ئاڭلىمىدى.
ھارامدىن بولغان ... مۇشۇ ھارامدىن بولغان دېگەن ھاقارەت ئۇنىڭدىن ھەممىنى تارتىۋالدى. ئۇ يالغۇز كېچىلەردە ئۆزىنىڭ دۇنىياغا يۈرەكلىك قارىيالمايدىغان، ھاياتقا تىك نەزەر سالالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلسا كېرەك، يۈرىكىدىكى جىمى ئىشەنچ ھەم ئۈمىدى تۈزۈپ كەتكەندەك، دەز كەتكەندەك ئىدى.
گۈلپىيە ياستۇقنى چىڭ قۇچاقلاپ ياتاتتى، ياستۇقنى قاماللىغان بارماقلىرى كىرىشىپ كەتكەنىدى.
«ھارامدىن بولغان.» بۇ سۆز گۈلپىيەنىڭ روھىنى زەھەرلىك يىلاندەك چېقىپ ئۇنى تەنھالىقنىڭ گۆرىگە ئىتتىرىپ تۇرىدۇ.
— بالام، بۇنداق گەپكە ئىشەنمە، بۇ دۇنيادا ھارامدىن بولغان بالا دەيدىغان گەپ يوق ... سېنىڭ داداڭ بار.
— دادام نېمىشقا شۇنداق دەيدۇ ئەمىسە؟
— دېدىمغۇ، داداڭ ساراڭ دەپ.
— ئەمىسە مەن ساراڭنىڭ بالىسىمۇ؟
— ياق.
— ھېلى داداڭ ساراڭ دېدىڭىزغۇ؟
— بۇ ... مۇنداقلا دەپ قويغان گەپ.
— مېنى بالىلار ساراڭنىڭ بالىسى دەپ تىللىدى.
— كىم شۇنداق دېدى؟ مەن شۇنداق دېگەن ھارىمنى تۇتۇپ قولىقىنى يۇلىۋالىمەن.
رازىيەنىڭ نەپىسى قىسىلىپ كەتتى.
— ھارىمى ... ھارىمى دېگەن ھارامدىن بولغان دېگەن گەپمۇ؟ — گۈلپىيە ئۆمچەرەپ شۇنداق دېدى.
— ياق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ئەمىسە قانداق گەپ؟

— مەن بىلمەيمەن، بۇنداق گەپلەرنى سوراۋەرمە.

— توختىنى خەقلەر ساراڭنىڭ بالىسى دەپ تىللايدۇ، ئەمەلىيەتتە بالىلار توختىنى دېگەن بولۇپ مېنى تىللايدۇ.

— بۇ نېمە گەپ؟ توختىنى دېگەن بولسا سەن بىلەن نېمە ئالاقىسى؟

— مېنىڭ دادامۇ ساراڭ تۇرسا.

— ياق، سېنىڭ داداڭ ساراڭ ئەمەس.

— سىز ساراڭ دەيسىزغۇ ... بۇرۇندىن دادامنى ساراڭ دەيسىزغۇ؟

— مەن ئاچچىقىمدا دەپ قويغان گەپ ئۇ.

— دادام ساراڭ بولمىسا نېمىشقا مېنى ھارامدىن بولغان دەيدۇ؟

— بالام، جېنىم قىزىم، خۇدانىڭ ھەققىدە مەندىن بۇنداق گەپلەرنى سورىمىغىن.

گۈلپىيە ئانىسى بىلەن بولغان مۇشۇ پاراڭلارنى ئەسلەيدۇ، كالىنىڭ پۇشۇلداشلىرىغا، ئىتنىڭ چىشلىرىغا، يىلاننىڭ تىلىغا ئوخشايدىغان غەلىتە بىر تۇيغۇدىن ئۇنىڭ پېشانىسى تارتىشىپ كۆزلىرى قوم كىرگەندەك چىڭقىلىپ كېتىدۇ.

— مەنسۇر دېگەن بالا ساراڭ بولۇپ قاپتۇ.

— بۇنى نەچچە قېتىم دېدىڭ، قىزىم.

— ئۇ ھارامدىن بولغان بالا ئىكەن، شۇڭا ساراڭ بولۇپ قاپتۇ.

ئاغزى يوغان بىر قارا ئىت ئۇنىڭ كۆكسىدىن چىشلىۋالدى، ئىتنىڭ كۆزى بىردە شاكىرنىڭ كۆزىگە، بىردە ئەنۋەرنىڭ كۆزىگە ئوخشاپ قالاتتى. ئىت چىشلىگەن يەردە پەقەت ئاغرىق سېزىمى يوقلۇقىنى ھېس قىلغان گۈلپىيە ھەيران قالدى. ئىت ئۇنى كۆتۈرۈپ كۆكتە ئۇچۇشقا باشلىدى. گۈلپىيە ئۆزىنىڭ كۆڭلىكىنىڭ، چاپىنىنىڭ، ئىشتىنىنىڭ يوقلۇقىنى ھېس

قىلىپ چىرقىراپ كەتتى.

— ۋايجان ... .

ھېلىقى ئىت ئۇزۇن ھەم قارا قاناتلىرىنى لەپىلدىتىپ ئۇنى ئىلىپ ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى، گۇلپىيە ئۆزىنىڭ بارغانسېرى قاراڭغۇلۇق ئارىسىغا كىرىپ كېتىۋاتقىنىنى سېزىپ بېشىنى چايقاپ ۋارقىرىدى، ئۇ تىنالماي قىلىۋاتاتتى، شۇنچە كۈچەپمۇ پۇت - قولىنى مىدىرلىتالمايتتى.

— ۋايجان ...

كىم بىرسى ئۇنىڭ كانىيىنى بوغۇۋاتقاندەك ئىدى.

— مېنىڭ يۈرىكىمنى ئىت چىشلىۋالدى ... بۇ ئىتمۇ يا كالىمۇ؟

— قىزىم.

گۇلپىيە ناھايىتى يىراقتىن تونۇش بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى.

— قىزىم، نېمە بولدۇڭ؟

گۇلپىيە كۆزىنى ئاچقاندا بىرەيلەن كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ قاراپ تۇراتتى، گۇلپىيە بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىنى بىلدى.

— نېمە بولدۇڭ، قىزىم؟

— مېنى ئىت چىشلىۋالدى ... قارا ئىت ... ئۇ ئىتنىڭ قانىتى بار.

— بولدى قىل، بۇنداق گەپنى دېمە.

— يەنە سېرىق ئىتمۇ بار.

— نېمە ...

— گۇلباھار سېرىقمۇ مېنى چىشلەيدۇ.

گۇلپىيە ئالاس - پالاس بولۇپ غەلىتە قارايتتى.

رازىيە بۇقۇلداپ يىغلىدى، ياشلىرى گۇلپىيەنىڭ قورقۇنچتىن تارتىشىپ قالغان يۈزىگە تامچىلاپ چۈشەتتى.

— سېنى مۇشۇ ھالغا قويغان مەن، ھەممىنى قىلغان مەن، ھەممىسى مېنىڭ سەۋەبىمدىن بولدى.

www.uyghurkitap.com

— ئانا.

— شاكىردەك مۇشۇنداق ئەرگە تەگكەن گۇناھ مەندە، جىنىم قىزىم، بۇ ئۇزۇن كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزۈپ بولارمىز ئەمدى؟

— ئانا ... قورقتۇم.

— قورقما قىزىم، سېنى موللامغا ئوقۇتۇپ باقايلى، قىزىم، قوشنىلار بىلەن دېيىشتۇق، پات ئارىدا موللام بىلەن كۆرۈشىمىز.

— نېمە؟

— سېنى موللامغا ئوقۇتۇپ باقايلى، قوشنىلارمۇ شۇ مەسلىھەتنى بەردى.

— ياق.

— نېمىشقا ياق دەيسەن؟

— قورقىمەن.

— نېمىدىن قورقاتتىڭ؟ كېسىلىڭ ساقىيىدۇ، قىزىم.

— ياق، مەن ئوقۇتمايمەن، خەقلەر مېنى جىنلىق دەپ تىللايدۇ، ساراڭ بولۇپ قالغان دەيدۇ.

— قورقما، قىزىم، ئۇنى ھېچكىمگە بىلدۈرمەي قىلىمىز.

— شۇنداقتىمۇ مەن قورقىمەن.

گۈلپىيەنىڭ يادىغا بايىقى ئىتنىڭ كۆزى كەلدى، ئۇنى ئىت دېسىمۇ، قۇش دېسىمۇ بولاتتى، مۇشۇ ۋەھىمىلىك چۈشلىرىنى تەكرار كۆرىۋەرگەن گۈلپىيە كېيىنكى كۈنلەردە بارات موللامغا نىكاھى ئوقۇلۇپ، ئۇنىڭ نەم مەيدىسىگە يۈزىنى يېقىپ ياتقان دەملەردە يەنە شۇ قۇشنى ئەسلەيدۇ ھەم شۇ ئىتنىڭ كۆزى بىلەن ئەنۋەرنىڭ، شاكىرنىڭ، بارات موللامنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئوخشاشلىقىنى يادىغا ئالىدۇ، مۇدھىش ھەم قاراڭغۇ تۈيغۇدىن تېنى زىركىرەپ كېتىدۇ.

رازىيە گۈلپىيەنىڭ بېشىنى سىلاپ خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ قالدى، شاكىر شۇ ھالدا نەلەردە يۈرىدىكىن. بەلكىم بۇ چاغقا مەست بولۇپ بولدى، بۈگۈن بۇ ئۆيدە يەنە جېدەل بولىدۇ.

گۈلپىيە پۇشۇلداپ ئۇخلاپ قالدى، رازىيە گۈلنىگارنى يادىغا ئالدى، ئۇ بەزى ئىشلارنى گۈلنىگار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بېقىشى كېرەك ئىدى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن گۈلپىيە ئۇشتۇمتۇت ئانىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئانا.

— نېمە گېپىڭ بار، قىزىم؟

— مېنى موللامغا ئوقۇتماقچى دېدىڭىز - ھە؟

— شۇنداق.

— قاچان ئوقۇتىسىز؟

— نېمە ... سەن قوشۇلمىغانىدىڭغۇ؟

— ئوقۇتمەن دېسىڭىز مەيلى، ئايىمخان ئانام ماڭا ھەممىنى چۈشەندۈردى.

— ئايىمخان ئانام؟ ئۇنىڭ بىلەن قاچان كۆرۈشتۈڭ؟

— سىز بازارغا كەتكەندە كىرىپتىكەن.

— بولىدۇ، بالام، ئەمما بۇ گەپنى ھېچكىمگە دېگۈچى بولما، بولمىسا بالاغا قالىمىز ... بۇنداق ئىشلارنى ھۆكۈمەت چەكلەيدۇ.

— سىزگىمۇ موللام ئوقۇپ باققانمۇ؟

— ياق.

— ئوقۇسا قانداق بولىدىغاندۇ؟

— مېنىڭچە ... مېنىڭچە ياخشى بولىدۇ، قىزىم.

— ئايىمخان ئانامنىڭ دېيىشىچە، ھەممە خاپىلىقتىن، چۈشتىن، قارا بېسىشتىن قۇتۇلىدىكەنمەن، قاچان ئوقۇتىمىز، ئانا؟

— بۇ ئاسان ئىش ئەمەس ... ھازىر موللامنى ئۇقۇشۇۋاتىمىز.

— ماقۇل.

گۈلپىيە ئەنۋەرنى ئويلىدى، ئەنۋەرگە بولغان سۆيگۈ ھەم نەپرەت گۈلپىيەنىڭ مانان ئىچىدە تېپىرلاۋاتقان يۈرىكىدە تەڭ

ئۆرىدەيتتى. ئەنۋەر ئۇنى تاشلىۋەتتى، شۇنداق، تاشلىۋەتتى، گۈلپىيە ئەنۋەردىن ئۆچ ئېلىشى كېرەك ئىدى، ئۆچ ئېلىش... گۈلپىيەنىڭ كاللىسىدا يىگىنىدەك ئوت ـ ئۇچقۇنلىرى ھەريان پىرىلدايتتى. ئۇنىڭ ئۆچ ئالغۇسى بار ئىدى، ئەمما قانداق ئۆچ ئېلىشنى بىلمەيتتى.

— ئانا، موللام قانداقراق ئادەمدۇ؟

— مەن ئۇنى كۆرمىدىم، قىزىم.

رازىيە گاڭگىرىغىنىچە گۈلپىيەگە قاراپ قالدى. ئۇ بولغان ئىشلارنى، گۈلپىيەنى موللامغا ئوقۇتىدىغان ئىشلارنى گۈلنىگارغا دېيىشنى ئويلىدى، رازىيە ئۈچۈن پەقەت گۈلنىگارلا ھەرقانداق ئىشقا توغرا، لايىقىدا مەسلىھەت بېرەلەيدىغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. رازىيە گۈلنىگارنىڭمۇ پەقەت ھەل قىلالمايدىغان تېنەشلەر ئىچىدە قالغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى.

## 32

«نۇرلۇق يۇلتۇز» مېھمانسارىيىسىنىڭ يەتتىنچى قەۋىتىدىكى ياسىداق ياتاقتا چىرايلىق ياسانغان دىلمۇرات سۈزۈك رومكىغا قۇيۇلغان ئۈزۈم ھارىقىغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئۆمۈچۈك تورىدەك غېرىب ھەسرەتلەر لىققىدە تولغان كۆزىدىكى ئۈمىد ھەم خۇشاللىقنىڭ، مەغرۇرلۇقنىڭ ھەممىسىنىڭ يالغانلىقىنى ھېس قىلماق تەس ئىدى. دېرىزىنىڭ قېلىن پەردىلىرىدىن سۈزۈلۈپ كىرگەن قىزغۇچ نۇر ياتاقنى سىرلىق، سېھىرلىك تۈسكە كىرگۈزگەنىدى.

— مەن سىزنى ئەمدى كەلمەيدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن، — دېدى دىلمۇرات قولىدىكى رومكىغا تىكىلگىنىچە .

— سىز ئۈزۈم ھارىقىغا ئامراقمۇ؟ — دېدى گۈلنىگار قىزىل ھاراقنىڭ جۇلاسى ۋىلىلداپ تۇرغان سۈزۈك بوتۇلكىدىن كۆزىنى ئۈزمەي.

— مەن ئۇنىڭ رەڭگىگە ئامراق، رەڭگىنى دەپلا ئۇنى سېتىۋالىمەن، بىر يۇتۇمىمۇ ئىچمەي سائەتلەپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان چاغلىرىم بولىدۇ.
— بۇمۇ قىزىق ھەۋەس ئىكەن.
— شۇنداق ... سىزگىمۇ قۇيايمۇ؟
— مەن ئىچمەيمەن.
— ئازراق ئىچىپ قويسىڭىز بولاتتى، يا بولمىسا ماڭا ئوخشاش رەڭگىدىن ھۇزۇرلانسىڭىزمۇ بولىدۇ.
— بولدى، مەن ئۇنداق قىلماي.
— بوپتۇ ئەمىسە، مەن بىر رومكىنى سىزنىڭ كەلگىنىڭىزنى تەبرىكلەپ كۆتۈرۈۋېتەي ... سىزنى كەلمەيدۇ، دەپ چىنپۈتكەنىدىم.
گۈلنىگار ئۆزىگە ھەيران قېلىۋاتاتتى، بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدى؟ ئىككىنچى كەلمەيمەن، دەپ ئۆزىگە نەچچە قېتىم ۋەدە بەردى، ئەمما ...
— كەلمەيدۇ دەپ ئويلاپ يەنە نېمىشقا ساقلىدىڭىز؟
— ئۈمىد، ئۈمىد دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ، مىڭدىن بىر، ھەتتا يۈزمىڭدىن بىر بولسىمۇ ئۈمىدلا بولىدىكەن ۋاز كېچىشكە بولمايدۇ ... بۇ مېنىڭ پىرىنسىپىم.
دىلمۇرات مەيۇس بىر ئاھاڭدا شۇنداق دېدى. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئۈمىدلىرى ئۈزۈلۈپ كەتكەندەك ئىدى. ئۆزىنى شەھەردىكى ئەڭ ئەقىللىق ئادەم، ئەڭ رەزىل ئادەم ھېسابلايدىغان دىلمۇرات گۈلنىگارنىڭ پات ئارىدا قولىغا چۈشىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇ كۈن كەلگەندە، ئۇنىڭ يۈرىكىنى غاجاپ، چىشلەپ يۈرگەن بىر قارا دەرد يوقىلىشى مۇمكىن.
— پەقەت ئۈمىد بولمىسىچۇ؟ — دېدى گۈلنىگار.
— تىرىكلىك ئالىمىدە پەقەت ئۈمىد بولمايدىغان ئىش دەل ئۆلگەن ئادەمنىڭ تىرىلمەسلىكى ... قالغان ئىشلاردا چوقۇم ئۈمىد بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ساپادا يېتىپ كىتاب ئوقۇۋاتقان سەردار گۈلنىگارنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى. سەردارنىڭ قويۇق چاچلىرىنىڭ كۆزئەينىكىنىڭ قىرىغا تېگىپ تۇرغان ھالىتىنى گۈلنىگار ھەر دائىم ئېسىدىن چىقىرالمايدۇ.

— مەن ئەسلىي كەلمىسەم توغرا بولاتتى.

— نېمىشقا؟

— بۇنى دېمىسەممۇ بىلىسىز، مەن ئېرى بار ئايال، بۇ دۇنيادا ئېرى بار ئايال بولۇشمۇ بىر شەرەپ ... مەن شۇنداق ئويلايمەن، يەنە ...

— بۇ خېلى تورى بار گەپ ئىكەن.

— ئەمما ئېرى بار ئايالغا ئوخشىماق ئاسان ئەمەس ئىكەن ... ئېرى بار ئايالغا ئوخشىغۇسى كەلگەن ئايالنىڭ ئېرى خوتۇنى بار ئەرگە ئوخشاشنى مۇھىم بىلمىسە بولمايدىكەن.

گۈلنىگارنىڭ بوغۇزىغا يىغا كەپلەشتى.

— سەرداردىن نارازىمۇ سىز؟

— ياق.

— ياق دېمەڭ، مەن ھەممىنى بىلىپ تۇرىمەن ... سىزنىڭ كۆڭلىڭىز قۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ.

— مېنىڭ ئۇنىڭدىن نارازى بولغۇم يوق ... راست، سەردار جاھاندىكى ئەڭ ياخشى ئەر، ئەڭ مۇھىم ئەر، مەن ئۈچۈن شۇنداق.

— بۇنى بىلىمەن.

— بىراق ئۇ چۈشەنمەيدۇ، ئۆزىنىڭ مەن ئۈچۈن نەقەدەر مۇھىملىقىنى بىلمەيدۇ.

— مېنىڭ سىز ئۈچۈن مۇھىم ئەر بولۇپ قېلىشىم مۇمكىنمۇ؟

— ياق ... مۇمكىن ئەمەس.

— نېمىشقا؟

— سەۋەبى ئاددىي، مېنىڭ ئىپلاس ئايال بولغۇم يوق.

— بەك ئاددىي ئويلايدىكەنسىز ... ئەر ـ ئاياللار ئارىسىدا مۇمكىن ئەمەس دېگەن گەپ بولمايدۇ، بىر ئەر تىرىشىدىغانلا بولسا ئېرىشكىلى بولمايدىغان ئايال بولمايدۇ.

دىلمۇرات شۇ گەپلەرنى دەۋاتقاندا يۈرىكى چىمىلدىدى، چولپاننىڭ ئۆزىگە قارىغاندىكى مەغرۇرلۇقى ۋە پەرۋاسىزلىقى كۆز ئالدىغا كەلدى. دۇنيادا ئېرىشكىلى بولمايدىغان ئايال يوق دېگەن گەپلەر ئۇنىڭ ئۆزىگە تەسەللىي بېرىدىغان گېپىدەك قىلاتتى.

— ئېرىشكىلى بولمايدىغان ئايال يوق؟ ... بۇنداق بولۇشى ناتايىن، — دېدى گۈلنىگار، — بۇ گېپىڭىز چەكتىن ئېشىپ كەتتى.

دىلمۇرات كۈلۈپ قويدى، ئاندىن سۈزۈك رومكىدىكى رەڭگى جۇلالىق هاراقنى ئوتلىدى.

— كۆڭلەرنىڭ بىرىدە مېنى ياخشى كۆرۈپ قالسىز ... ماڭا شۇنداق تۇيۇلىدۇ.

— خۇدايىم ساقلا، — دېدى گۈلنىگار چۆچۈپ.

— شۇنداق بولۇپ قالسا قانداق قىلىسىز؟

— ئۇندان بولمايدۇ ... مۇمكىن ئەمەس، — گۈلنىگار شۇركۈن تۇيغۇدىن سەسكىنىپ كەتتى.

— مۇمكىن ئەمەس دېگەن گەپنى بۇنداق كەسكىن دەپ كەتمەڭ، بىز سىرداشلاردىن، ئەڭ يېقىن ئۆتىدىغانلاردىن بولۇپ قالىمىز، نېمە دەردىڭىز بولسا ماڭا دېگۈڭىز كېلىدىغان، مېنى سېغىنىدىغان كۆڭلىڭىز بولىدۇ.

گۈلنىگار هېچنېمە دېمىدى. دىلمۇراتنىڭ كىشى قاراشتىن قورقىدىغان كۆزلىرىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدە كۆڭۈلنىڭ نازۇك يەرلىرىنى مىجىپ ئۆتىدىغان، يەنە ئادەمنى يىرگەندۈرىدىغان بىر نەرسە باردەك قىلاتتى.

— مەن بىر ئىشقا هەيران، مەندە پۇل دېسە بار، كېلىشكەن قەددى ـ قامەتىممۇ بار، مېنى ۋاي دەيدىغانلار، ئەتراپىمدا

www.uyghurkitap.com

پەرۋانە بولىدىغانلار جىق، ئەمما خۇشال ياشىيالمىدىم، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

— بۇنى مەن بىلمەيمەن، — دېدى گۈلنىگار دىلمۇراتنىڭ كۆزىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ.

— چۈنكى مەن ئېرىشىشكە تېگىشلىك بەختىمگە ئېرىشەلمىدىم.

قىزىل ھاراق جۇلالاپ تۇراتتى، رومكا ئىچىدە ھاراق ئەمەس، لىققىدە قىسمەت ھەم ئاچچىق كەچمىش قاچىلانغاندەك كۆرۈنەتتى.

دىلمۇرات گۈلنىگارنىڭ قولىنى تۇتتى، ئاندىن ئۇنىڭ كۆكسىگە قول ئۇزارتتى. ۋۇجۇدى مۇزلاپ تىنىقى جىددىيلىشىپ كەتكەن گۈلنىگار يۇمشاق كۆكسىدىن تارالغان مۇزدەك سوغۇق، كۈچلۈك سىزىمدىن سەسكىنىپ كەينىگە شوخشىدى.

— ياق ...

— نېمىگە ياق دەيسىز؟

— ھەممىگە ... بۇنداق قىلىسىڭىز بولمايدۇ، مەن ماڭاي ... خوش ...

گۈلنىگار ھوشىنى يوقاتقاندەك قىلاتتى، ئۇ ناھايىتى تېزلا ياتاقتىن چىقىپ كەتتى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. گۈلنىگاردىن قالغان خۇش پۇراق ھەم شېرىن سېزىم ئىچىدە مەست بولغان دىلمۇرات ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ قولىدىكى ھاراقنى بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى، ھاراقنىڭ قويۇق ھىدى كۆڭلىگە ئەلەمنىڭ قارا سايىسىنى تاشلاپ ئۆتتى.

گۈلنىگار ناھايىتى تېز كېتىپ باراتتى، قانداقتۇر بىر نەرسىلەردىن قۇتۇلۇپ كېتىش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندەك، قانداقتۇر بىر نەرسىلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئالدىرىغاندەك ناھايىتى تېز كېتىپ باراتتى. بەزىدە نېمىگە بولسۇن بىر نېمىگە ئالدىراش ئارقىلىقمۇ خاتىرجەملىككە ئېرىشىش مۇمكىن.

گۈلنىگار ماڭغان كوچىدىن ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەر

ماڭغان، شۇ نۇرغۇن ئادەملەر ئارىسىدا نادىرە ئىسىملىك بىر قىزمۇ بار ئىدى. نادىرە قارلىغاچتەك قىز ئىدى.

## 33

شەھەرگە يېقىملىق سىم - سىم يامغۇر ياغقان بىر كۈندە باھار قارلىغىچىدەك بىر قىز قىن - قىنىغا پاتمىغان ھالدا شادىمان كېتىپ بارىدۇ. سىم - سىم يامغۇر ھاياتنى سۆيۈپ شېرىن يېغىپ تۇرىدۇ. سىم - سىم يامغۇرنىڭ ھەركىمنىڭ يۈرىكىگە بېرىدىغان تەسىرى ئوخشىمايدۇ، نادىرە شۇ كۈندىكى سىم - سىم يامغۇرنىڭ يۈزىگە، پېشانىسىگە يۇمشاق، يىڭنە ئۇچىدەك تېگىشلىرىنى ئۇنتۇپ كېتەلمىسە كېرەك. يەنە سىم - سىم يامغۇر ياغقان كۈنى دادىسىنىڭ مۇرىسىگە يۆلىنىپ، ئېسىل ماشىنىدا مۇشۇ شەھەرنىڭ ئازادە كوچىلىرىدا ماڭغانلىرىنىمۇ ئۇنتۇيالمىسا كېرەك.

ئون سەككىزگە كىرگەن كۈندە سىم - سىم يامغۇر ياغدى.

ئۇ شادىمان تۇيغۇلار ئىچىدە كېتىپ بارىدۇ، پەخىرلىك تۇيغۇلار روھىغا ئاراملىق بېرىدۇ، سۇرەتچى ئايالنىڭ ئۇنىڭ گۈزەللىكىدىن تاڭ قالغاندىكى تۇرقى، سۆيۈنۈش ھەم خۇشاللىق بىلەن سۇرەتكە تارتىشلىرى ... بۇنىڭدىنمۇ بەكرەك خۇشال بولىدىغان ئىش بۈگۈنكى ئون سەككىزگە كىرگەن تۇغۇلغان كۈننى مۇرات بىللە ئۆتكۈزىدۇ، پەقەت مۇرات ئىككىسىلا ...

مۇشۇ تاتلىق كۈندە پۈتۈن تەقدىرى ئۆزگىرىپ كېتىدىغان بۇ قىز مۇشۇ دەمدىن ئۇزۇن كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن ئاجايىپ خىياللارغا غەرق بولىدۇ، شەھەر كوچىلىرى ھەققىدە، ئەيدىز ھەققىدە، ئۆزىنىڭ ئەيدىزگە مۇپتىلا بولغىنى ھەققىدە ئويلىنىدۇ.

نادىرە تۇرمىدىكى دادىسىنى، بىۋاقىت ئالەمدىن ئۆتكەن ئانىسىنى يادىغا ئېلىشتىن قورقىدۇ. ئۇلار نادىرەنىڭ مۇشۇ

كۆنگە قالغىنىنى كۆرگەن بولسا تىرىك تۇرۇپ دوزاخ ئازابىنى كۆرەتتى، ئۇلار بولغان بولسا نادىرە بۇ كۆنگە قالماس ئىدى...

— كىچىككىنە تۇرۇپ ...

ئوتتۇرا ياش ئايال دوختۇرنىڭ كۆزئەينەك ئاستىدىكى بىر جۈپ كۆزىدىن دوزاختىن قورققاندەك ۋەھىمە تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

— نېمە بوپتۇ؟

— مۇسىبەت چىقتى.

قاراڭغۇ، قورقۇنچلۇق ئۆينىڭ جىمجىتلىقى كىشىنىڭ يۈرىكىدىكى نۇرغۇن چىرايلىق ئەسلىمىلەرنى يانجىۋېتىدىغاندەك تەسىر بېرەتتى.

— مۇسىبەت چىقتى؟ بۇ ... نېمە دېگەن گەپ؟ نېمە مۇسىبەت چىقتى؟

قىلىن ماسكا تاقىۋالغان، يوقىرى گىرادۇسلۇق كۆزئەينەكنى ئىچىدىكى كۆزلىرىدىن شۇملۇقتا ئائىت بىر نەرسىنىڭ شولىسى سىلغىيىپ تۇرغان ئايالنىڭ ئاۋازى ماسكا ئارىسىدىن سوزۇلۇپ چىقتى.

— ئەيدىز ... سىز ئەيدىز ئىكەنسىز.

نادىرە شۇ چاغدا تامدىكى «HIV» دېگەن ئۈچ تال ھەرپكە قاراپ تۇراتتى.

نادىرەگە بۇ شەھەر، بۇ شەھەرنىڭ كوچىلىرى، بۇ شەھەرنىڭ كوچىلىرىدىكى ھەممە نەرسە يالغان بولۇپ تۇيۇلۇپ قالدى، ئاشۇ مۇدھىش ئاۋاز، مۇدھىش ئاۋازنىڭ مۇدھىش مەنىسىمۇ يالغان بولۇپ تۇيۇلدى.

كوچا ... بىر - بىرىگە تۇتاش، بىر - بىرىگە يېقىن، بىر - بىرىدىن يىراق كوچىلار ...

بىز ياشاۋاتقان شەھەرنىڭ ھەممە كوچىلىرىنى بىلىپ بولالمايمىز. بىر يىللاردا قەشقەر كوچىلىرى ھەققىدە يېزىلغان بىر ئەسەر توغرىسىدا مۇنازىرىلەر بولغان، ھەممەيلەن شەھەرلەرنىڭ ئاجايىپ كوچىلىرىدا، سەھرالارنىڭ ئاجايىپ

مەھەللىلەردە تۇغۇلۇپ ئاجايىپ چوڭ بولىمىز، بارا ـ بارا دۇنيانىڭ ئاجايىپ كوچىلىرىغا كىرىپ كېتىمىز، ئاجايىپ مەھەللىلەرنىڭ، ئاجايىپ كوچىلارنىڭ ئاجايىپ ئادەملىرىدىن بولۇپ قالىمىز. ئاشۇ مەھەللىلەردە، ئاشۇ كوچىلاردا يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ خۇشاللىقلىرى بار، دەردى بار. خۇشاللىقى بار، دەردى بار ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شەھەرنىڭ كوچىلىرىدا، سەھرانىڭ يوللىرىدا مېڭىپ يۈرىدۇ، قۇياش نۇرىنى ئوخشاش سەپكىنى بىلەن ھاياتنىڭ كىشىلەرگە بەرگەن نېمەت ھەم مۇشەققىتى ئوخشاش بولمايدۇ، ھەممەيلەن ئۆزىمىز بىلەن ئوخشاش كىم بىرلىرى بىلەن نېمىشقا ئوخشاش بولالمايدىغانلىقىمىز توغرۇلۇق ھەسرەت قىلغاچ يەنە شۇنىڭ بىلەن ئوخشاش بولۇشنىڭ كويىدا ھاسىراپ يۈرىمىز، چوڭ بولىمىز.

— بىز سىزنى كۆزىتىمىز، ياردەم بېرىمىز، ئۈمىدۋار بولۇڭ، ساقىيىپ كېتىسىز، سىڭلىم.

دوختۇرنىڭ يۇقىرى گىرادۇسلۇق كۆزئەينەك ئاستىدىكى كۆزلىرى قىزاردى، ئارقىدىن ئاشۇ ۋەھىمىلىك كۆزلەردىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

نادىرەنىڭ ئۇنىڭدىن نۇرغۇن گەپلەرنى سورىغۇسى بار ئىدى، ئەمما سورىيالمىدى، ئەمدى بەزى نەرسىلەرنى سورىغاننىڭ ئەھمىيىتى يوقتەك ئىدى.

رەڭگى دەرد ـ ئەلەمگە ئوخشاپ كېتىدىغان كەچمىشلەرنى ئۇنتۇيالماي ياكى ئۇنتۇپ كېتىشنى خالىماي، ئۇنتۇپ كېتىشتىن قورقۇپ كۈن ئالىمىز. شەھەرنىڭ دەرەخلىرى، شەھەرنىڭ گۈللىرى ھەم شەھەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن رەڭدار غەلىتە خىياللىرى، چۈشلىرى باش ئۈستىمىزدە ئەگىپ يۈرىدۇ، ئاياغ ئاستىمىزدىن شامالدەك ياكى چاڭ ـ توزاندەك ئۆتۈپ تۇرىدۇ.

نادىرە ئۆزىگە تەۋە ھەممە نەرسىدىن بىراقلا قۇتۇلۇشنى ئىزدەپ يۈرىدۇ، قۇتۇلۇش شۇنداق ئاسانمۇ ... ئاسان دېسە ئاسان،

تەس دىسە تەس، بەزىدە جان دىگەن نەرسە شۇنداق تاتلىق بولۇپ كېتىدۇكى، چوڭقۇرلۇقى بىز كۆرمىگەن دىڭىز ياكى دىڭىزدىنمۇ كەڭ نەرسە بولۇپ خىيالىمىزنى چۇلغاپ كېتىدۇ.

— ماڭا ئادالەتسىزلىك بولدى.

ئۇ كۆز ئالدىدىكى دۇنياغا قاراپ ئاستا شىۋىرلىدى.

— ھەممىگە ئۆزۈم ئەيىبلىك.

ئۇنىڭ شىۋىرلاشلىرىنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى، ئۆزىمۇ ئاڭلىمىدى.

— بۇنىڭ ھەممىسى تەقدىر ...

ئۇ شۇنداق دېمەكچىدى، دېيەلمىدى.

ئىنگلىزچە ئۈچ ھەرپلىك «HIV» مۇشۇ بەلگىگە بىر ئىنسانىنىڭ ھاياتىنى تامامەن نابۇت قىلىۋېتىدىغان قارا ھەم مۇزدەك سوغۇق مۇدھىش مەنىلەر يوشۇرۇنۇپ ياتاتتى. بۇ مەنىلەرنىڭ چېشلىرى رەھىمسىز ھەم شەپقەتسىز ئىدى، ئۇ ھاياتنىڭ يورىكىنى رەھىمسىزلەرچە چايناپ تومۇرلىرىنى ئۈزۈپ تاشلايتتى، بۇ بەلگىنىڭ ئىچىگە ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىنمۇ بەتتەر ھەم قورقۇنچلۇق بولغان يىرگىنىچ، سەسكىنىش، تۇمەنلەپ پۇشايمان ھەم ئۈچەمەنلىكنىڭ يىلتىزى مۇستەھكەم ئورناشقانىدى.

— دىلمۇرات بىلمەيتتى، بىلگەن بولسا ئۇنداق قىلمايتتى.

نادىرە شۇنداق ئويلىدى. شۇنداق بولغاندا ئۇ دەھشەتلىك ئۆچمەنلىك، غەزەپنىڭ ئاسارىتىدىن نېرى تۇرىدىغاندەك قىلاتتى.

«مۇشۇ كۈنلەرنى تارتىش پېشانەمگە پۈتۈلۈپ كەتكەن بولسا كېرەك. ھەممىسى مۇرات ئۈچۈن بولدى، مۇرات مېنى دەپ شۇ كۈنگە قالدى، مەن مۇرات ئۈچۈن مۇشۇ كۈنگە قالدىم. تەقدىر ... ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدىغان، ئۆزگەرتىشكە قۇربى يەتمەيدىغان تەقدىر تەرىپىدىن بولدى.»

ئۇ مۇشۇنداق ئويلىسا كۆڭلى تەسەللى تېپىپ قالاتتى.

ئۇ قەستەن مۇشۇنداق ئويلايدۇ.
ھەممىسى مۇرات ئۈچۈن بولدى ... خىياللىرىنى، پىكىرلىرىنى مۇشۇ ئوي تەرەپكە باشلىسا كۆڭلى ئارام تېپىپ قالىدۇ ... ھەرقانداق يامان ئىشنىڭ سەۋەبى ياخشى ئىشقا چېتىلىدىغان بولسا كۆڭۈل ئاراملىققا يېتىدۇ.
ھەممىگە تونۇشلۇق ناخشىچى ئابدۇللا ئابدۇرېھىم كۆكسىگە ھالقىلاپ چىگىلگەن قىزىل لېنتىنى باغلىغىنىچە ئېكراندا پەيدا بولۇپ، ئەيدىز بىمارلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش ھەققىدە يېقىملىق سۆز قىلغاندا، نادىرەنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلىدۇ. ھەممە نەرسىنىڭ يالغان بولۇپ چىقىشىنى، بۈگۈنكى ھاياتنىڭ، ئارمانىنىڭ، كۈنلەرنىڭ ھەم غەم - قايغۇلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ يالغان بولۇپ چىقىشىنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلىدۇ.
مۇشۇ كۈنلەردە دادىسى بولغان بولسا، ئانىسى بولغان بولسا ...
نادىرە كېيىنكى كۈنلەردە دىلمۇرات بىلەن سودىلىشىۋېتىپ ئاتا - ئانىسىنى ئويلايدۇ. دىلمۇرات بىلەن شەھەردىن چىقىپ كېتىۋېتىپ ئاتا - ئانىسى بىلەن ئۆتكۈزگەن يۇمشاق ھەم شېرىن كۈنلىرىنى ئويلايدۇ.
دىلمۇرات مېنى ئىككىنچى قېتىم ئۆلتۈردى. مەن ئەسلى بىرىنچى قېتىملىق ئۆلۈمدىلا دۇنيادىن كەتسەم بولاتتى، مۇراتقا تارتىشىپ ياشاپ قالدىم، ئەمدى ئىككىنچى قېتىم ئۆلدۈم ... ئەمدى قانداق قىلىمەن؟
نادىرە تاڭ ئاتارغا يېقىن ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ پىچىرلىدى.
زۆھرەنىڭ دېگىنىنى قىلاي.
نۇرغۇن كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى.
نادىرە ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلىدى، تاڭ چېغىنىڭ سۈزۈك، سالقىن يورۇقىنى ھېس قىلغىنىچە دىلمۇرات بىلەن سودىلاشقانلىرى يادىغا يەتتى.
— ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا پۇلدىن باشقا ھېچنېمە يوق.

نادىرە ئۆزىنىڭ شۇ گەپنى دېگەندىكى ئاۋازىنى ئۇنتۇپ كەتتى.

يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا قاراپ ياتقان ئۇزاق كېچىلەردە ئۇنىڭ ئويلىغانلىرى بىر ـ بىرىدىن چىگىچ، بىر ـ بىرىدىن ئەگرى ـ بوگرى بولۇپ كېتىدۇ. نادىرە سىم ـ سىم يامغۇر ياغقان شۇ كۈندىن كېيىنكى ئۇزاق دەملەردە مۇشۇنداق ئويلارغا غەرق بولىدۇ. ئۇنىڭ خىياللىرى ئارىسىدا مۇلايىم گۈلپىيە پەيدا بولۇپ قالاتتى. نادىرەنىڭ گۈلپىيەگە دەيدىغان گەپلىرى جىق ئىدى، ئەمما بىرىنىمۇ دېيەلمىدى، ھەركىمنىڭ يۈرىكىدە ھېچكىمگە دېگىلى بولمايدىغان بىر پاتمان سىرلىرى بولىدۇ. گۈلپىيەنىڭمۇ نادىرەگە دەيدىغان، دېيەلمىگەن، غايىبانىسىگە نادىرەگە تۆكۈپ بېرىدىغان گەپلىرى ناھايىتى كۆپ بولسا كېرەك.

## 34

چىرايلىق شەھەرنىڭ چىرايلىق ئاخشىمىدا، ھايات چىرايلىق داۋاملىشىۋاتقان شۇ دەمدە، گۈلپىيەنىڭ مېڭىسىگە قۇم تىقىلغاندەك بىئارام بولۇپ كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ خىياللىرى، ئارزۇلىرى قۇمدەك ئېغىر، قۇمدەك رەڭسىز ھەم ۋەھىمىلىك ئىدى، گۈلپىيە قوشنىسىنىڭ قىزى شەھىدەنىڭ تويى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ تېنى زىركىرىگەندەك بولدى، ئۇ ئۆزىنى شەھىدە بىلەن تەڭتۇشلاردىن ھېسابلايتتى، شەھىدەنىڭ يېشىنى بىلمىسىمۇ، ئۆزىنى شەھىدە بىلەن تەڭدەك ئويلاپ قالاتتى، شەھىدەنىڭ تويى بولىدىغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن يۈرىكىگە ئىلگىرى ھېس قىلىپ باقمىغان، رەڭگى قىزغۇچ سېرىققا مايىل ئەندىكىش كىرىۋالدى. شەھىدە توي قىلدى، ئۇ يەنە بالىلىق بولىدۇ، گۈلپىيە ئەرگە تېگىش، بالا تۇغۇش دېگەندەك ئىشلارنى ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەك ئويلايتتى، يادىغا يەتسىمۇ بەكلا قورقاتتى، توي ياكى بالا تۇغۇشنى قورقۇنچلۇق ئىش تەرىقىسىدە

تەسەۋۋۇر قىلاتتى. شۇ كۈنىنىڭ ھامان بىر كۈنى بېشىغا كېلىدىغانلىقىنى ئويلىغاندا قارا جاڭگالغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى. ئەنۋەر ئۇنى تۇنجى قېتىم مەھكەم قۇچاقلىغاندا، ئۇنىڭ بارلىقىنى ئەسەبىيلىك بىلەن بۇزۇپ تاشلىغاندا، ئۆزى بەكلا قورققان، تەشۋىشلەنگەن ئىشنىڭ ئۇنچىۋالا قورقۇنچلۇق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغانىدى. ئەنۋەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن ھەقىقىي قورقۇنچلۇق ئىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلدى. ئەنۋەر ئۇنىڭ بىلەن ھەقىقىي ئامراقلىق سەۋەبىدىن ئەمەس، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنىڭ تەنھالىقىغا، جىمىغۇرلىقىغا، ياۋاشلىقىغا، بىچارىلىكىگە ئىچ ئاغرىتىپ ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىپ يۈرگەنلىكىنى دېگەندە، گۈلپىيە بۇ جاھاننىڭ ئەسلىدىكىدىنمۇ قورقۇنچلۇق بولۇپ كەتكەنلىكىنى سەزدى.

— گۈلپىيە نەچچە ياشقا كىردى؟

بۇ قوشنىسى ئايىمخان ئىدى، گۈلپىيە ئايىمخاندىن بەكلا قورقاتتى، بەلكىم ئايىمخان ئەنۋەرنىڭ ھاممىسى بولغانلىقى ئۈچۈن قورقىدىغاندۇ، ئەنۋەر بىلەن ھېلىقى ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىن گۈلپىيە ئۇنىڭدىن تېخىمۇ بەكرەك قورقىدىغان بولۇپ كەتتى، ئايىمخاننى ھەر كۆرگەندە بۇ ئايال خۇددى ھەممە ئىشنى بىلىدىغاندەك، بىر كۈنلەردە: «سەن جىيەن ئوغلۇمنى يولدىن چىقاردىڭ» دەپ ئېسىلىۋالىدىغاندەك ئەندىشىگە چۈشۈپ قالاتتى. كېيىنكى كۈنلەردە ئايىمخان گۈلپىيەنىڭ ئانىسى يوق چاغدا ئۆيگە كىرىپ، ئۇنى موللىغا ئوقۇتسا بولىدىغان ياخشى ئىشلارنى دەپ قايىل قىلغاندا، قاپاقلىرى ئىششىق بۇ ئايالنىڭ كۆزىدىن ئۇنچە قورقۇشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى ھېس قىلدى. ئادەم دېگەننىڭ پەقەت قورقمايدىغان ئىشلاردىن قورقۇپ ئۆمرىنى ئۆتكۈزىدىغان غەلىتە ئىشلىرى بولىدۇ.

— ئون توققۇزغا كىردى، تېخى كىچىك، — رازىيە شۇ گەپنى دەپ بولۇپ تىترەپ كەتتى.

— گۈلپىيە بىزنىڭ ئەنۋەرجاندىن كىچىك ئەمەسقۇ؟

— بۇ ... گۈلپىيە بويى ئۆسكەندەك قىلغىنىنى بىلەن ئۆزى تېخى كىچىك، — دېدى رازىيە بىر ئەر ئىشنى خاتا قىلىپ قويغاندەك تەمتىرەپ.

— كىچىك ئەمەس ... قولاق ئاغرىقى باردۇ؟ — دېدى ئايىمخان.

— بار ... نەچچە يەردىن ئەلچىلەرنى قايتۇردۇق ... بىر تالالا قىزىم ... قۇدىلار تۈزۈك بولمىسا بولمايدۇ، يەنە كېلىپ گۈلپىيە تېخى ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەمدى تۈگەتتى، يەنە ئوقۇتقۇمىز بار.

— گۈلپىيەنىڭ بوي ـ بەستى بىزنىڭ ئاسىگۈلدىن چوڭ تۇرىدۇ، ئاسىگۈلنىڭ بالىسىمۇ قوچاقتىن چۈشەي دېدى ... قىز بالا دېگەننى ئۇزاق ساقلاپ ئولتۇرمايدىغان، ئەنۋەرجان بالام ئوقۇش پۈتكۈزسىلا ئۆينى ئۆيلەيمىز ... قۇدىلارنىمۇ ئوقۇشۇپ قويدۇق، سىلىم جۇيجاڭنىڭ گۈلباھار دېگەن قىزىغا كۆڭلى چۈشۈپتۇ ئۇنىڭ ... ئەنۋەرجان سىڭلىمنىڭ بالىسى بولغىنى بىلەن ئۆزۈم بىر قوللۇق بېقىپ چوڭ قىلدىم ئۇنى، بەكمۇ ئېسىل ئادەم بولدى.

— شۇ ... ئەمدى ئوغۇل چوڭ بولسا ئۆيلەيدىغان گەپ ـ دە، — دېدى رازىيە ئىچىدە ئايىمخاننىڭ تېزرەك چىقىپ كېتىشىنى تىلەپ. ئايىمخاننىڭ ئەمدى ئالىي مەكتەپكە بارغان جىيەننى ئۆيلەشنىڭ گېپىنى قىلىشى رازىيەگە غەلىتە تۇيۇلدى.

— ئەمدى، رازىيە، بىز تام قوشنا، بىر تۇغقاندەك بولۇپ قالدۇق، مېنىڭ ئويۇمچە بۇ بالىنىڭ ئالدى توسۇقتەك قىلىدۇ، يوشۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، يەنە گۈلپىيەنىڭ ئەھۋالىمۇ بىر قىسما، ھەرھالدا داۋاسىنى قىلايلى، سەۋەبىنى قىلايلى.

— نېمىلەرنى دەپ كەتتىڭىز؟ ... گۈلپىيە بىر ئوبدان، — دېدى رازىيە تەمتىرەپ. ئۇنىڭ يۈرىكى چىمىلداپ ئاغرىدى.

— رازىيە، مەندىن يوشۇرماڭ، گۈلپىيەنىڭ مىجەزى يوقلۇقىنى مەن بىلىمەن، بىنا ئۆي دېگەندە كىمنىڭ ئۆيىدە چىنە ـ قاچىنىڭ سۇنغانلىقىنى ھەممىيلەن بىلىپ تۇرىمىز،

مېنى يات كۆرمىسىڭىز بىر گەپنى دەي، بۇ بالىنى موللامغا ئوقۇتايلى.

— ئوقۇتايلى؟

— ھەئە، يۇقىرى مەھەللىدە داڭلىق بىر موللام بار، بىزنىڭ تۇغقانلارنىڭكىدە تۇرۇۋاتىدۇ، سەۋەب قىلايلى، رازىيە.

رازىيە بىردەمگىچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى، گۇلپىيەنى ئوقۇتۇش ئىشىنى رازىيە ھېچكىمگە دېمىگەن، شەھەرگە تۇتاش مەھەللىدىكى تۇغقانلىرى ئارىسىدا شۇنداقراق بىر ئىش بولغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن گۇلپىيەنى موللىغا ئوقۇتۇپ بېقىش خىيالى پەيدا بولغان، بۇنى گۇلپىيەگىلا دېگەنىدى ... ئايىمخان رازىيەنىڭ بۇ خىيالىنى نەدىن بىلىۋالغاندۇ؟ ... ئايىمخاندىن يوشۇرغۇدەك ئىش قالمىغاندەك ئىدى.

— قانداق سەۋەب قىلىمىز؟

ئايىمخان رازىيەنىڭ قولىقىغا بىرنېمىلەرنى پىچىرلىدى. شۇ چاغدا گۇلپىيە ئانىسى بىلەن ئايىمخاننىڭ دېيىشكەن گەپلىرىنى ئىشىك يوچۇقىدىن ئاڭلاپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئىشىك يوچۇقىدىن گەپ تىڭشايدىغان ئادىتى بەلكىم بەش يېشىدىن ياكى ئالتە يېشىدىن باشلانغان بولۇشى مۇمكىن ... تۇنجى قېتىم هارامدىن بولغان دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلگەندىن باشلاپ بۇ ئادەت ئۇنىڭغا يېپىشقانىدى، بۇنى ئادەت دېگەندىن كۆرە يەنە خۇمار دېسىمۇ بولاتتى، ئۆيدىكىلەر بىرەر گەپنى يوشۇرۇن دېيىشمەيدىغان بولۇپ قالسا ياكى دادىسى هارامدىن بولغان دېگەن ھېلىقى گەپنى دېمىسە ئۇنىڭ ئىچى تىتىلداپ بىئارام بولۇپ قالاتتى.

— سىلەر مەندىن بىر ئىشنى يوشۇرۇۋاتىسىلەر، — دېدى بىر ئاينىڭ ئالدىدا گۇلپىيە كۆزلىرىنى غەلىتە پارقىرىتىپ.

— نېمە؟ بىز نېمە ئىشنى يوشۇرۇپتۇق؟

— ئىشقىلىپ مەن توغرۇلۇق گەپلەرنى باشقا بىر جايغا بېرىپ دېيىشىپ كېلىدىغان بولۇپ قالدىڭلار.

www.uyghurkitap.com

— نېمە دەيدىغانسەن ئەمدى.
— ھېچنېمە.
گۈلپىيە ئىشكنى جاققىدە يېپىپ چىقىپ كەتتى.
ئانىسى بىلەن ئايىمخان بىرنېمىلەرنى دېيىشىشىۋاتقان شۇ دەمدە گۈلپىيە ئىشكنىڭ يېنىدا جىممىدە تورۇپ پۈتۈن دىققىتى بىلەن بايىقى گەپلەرنى ئاڭلاۋاتاتتى. «ئۆلمەيدىغان سېرىق، ئاخىر ئەنۋەرگە تېگمەدىغان بوپسەن ـ دە ... خەپ ئەنۋەر، مەنمۇ سېنىڭ كۆزۈڭدە ئەرگە تەگمىسەم ھېساب ئەمەس.»
— ئەمىسە ھېلىقى موللامنىڭ ئالدىغا بېرىپ باقايلىمۇ؟ ... سەۋەبى ئالەم، دېگەن گەپ بار، رازىيە.
— مەيلى ... بارساق بارايلى ... بىراق ...
— ئارتۇق غەم يېمەڭ، بارايلى دېسىڭىز ئۆزۈم باشلاپ بارىمەن.
— ئەمما ... — رازىيە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قوللىرىنى ئىشقىلاپ لېۋىنى چىشلىدى.
— نېمە بولدى؟ نېمىدىن ئەنسىرەيسىز، رازىيە؟
— ئەمدى ئەل ـ جامائەت ئۇقۇپ قالسا ... سەت تۇرامىكى.
— بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ، بۇنى ئەلۋەتتە ئىس ـ بۇسىنى چىقارماي قىلىمىز، بۇنداق ئىشلارنى ھۆكۈمەت بىلىپ قالسا بولمايدۇ، مەن ئەمدى سىزگە كۆڭلۈمنى يېقىن تۇتۇپ بۇ گەپلەرنى دەۋاتىمەن ... بولۇپمۇ مەھەللە كادىرلىرىنىڭ كۆزىدىن ھېچ ئىش قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان بولۇپ قالدى، سىزمۇ، مەنمۇ دىققەت قىلايلى، پەقەت بىلىپ قالمىسۇن، بەك دىققەت قىلمىساق بولمايدۇ.
— ئۇنداقتا مەن ...
— يېنىڭىزغا بىرەر مىڭ كوي پۇل سېلىۋېلىڭ.
— بولىدۇ، قاچان بارىمىز؟
— كەچتە، مەن سىزنى باشلاپ باراي.
رازىيە ھەممە نېمىسى بولسىمۇ ماڭغۇدەك يولى يوق بولۇپ

قالغانده‌ك ئويلاپ قالدى، ھه‌ركىمنىڭ ئويى باشقا، يولى باشقا، بەزىدە يولنىڭ تولىمۇ ئۇزۇن قاتارلىق تولىلىقىدىن ئۆزۈڭ ماڭىدىغان يولنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى بىلمەكمۇ تەسلىشىپ كېتىدۇ.

شەھەردە يول تولا، ئادەم تولا، ئۆي تولا، خۇشاللىق تولا، غەم تولا، خۇشاللىقى ئىچىگە پاتمايدىغان ئادەملەر ماڭىدىغان يوللارنىڭ ئەتراپى غۇچچىدە ئۆيلەر بىلەن تولغان، ئاشۇ ئىرماش ـ چىرماش يوللارنىڭ بىرىنىڭ بويىدا ئون بەش قەۋەتلىك بىر بىنا بار، بىنانىڭ بەشىنچى قەۋەتىدىكى بالكوندا رەڭدار قۇش مۈگدەپ ئولتۇرىدۇ. رەڭدار قۇشقا ئوخشايدىغان ئايالنىڭ چۈشلىرى بىلەن رەڭدار قۇشنىڭ چۈشلىرى گىرەلىشىپ كەتكەندەك تۇيغۇ بېرىدۇ.

**35**

شەھەر مەركىزىدىكى ئون بەش قەۋەتلىك بىنا قاراڭغۇدا ھەيۋەت بىلەن قارىيىپ كۆرۈنەتتى. شەھەرنىڭ يېقىمسىز تىنىقلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شەھەردىكى بىنالار غەمكىن كۆزگە تاشلىناتتى، بىنالاردىكى سانسىز يۈرەكلەر ئاجايىپ قىسمەتلەر بىلەن بىر ـ بىرىگە پەقەت ئوخشىمايدىغان تەرزدە سوقۇۋاتاتتى.

كىم بىرسىنىڭ يۈرەك ھەققىدىكى شېئىرىنى ئۇرغۇن ئادەملەر ئۇنتۇپ كەتتى، يۈرەك ھەققىدە يېزىلغان شېئىرلار ساناقسىز، يۈرەك ھەققىدىكى ناخشىلار ھېسابسىز، مۇراتنىڭ يۈرەك توغرۇلۇق يازغان شېئىرىنىڭ بىر مىسراسى مۇنداق ئىدى:

«مەھكەم بول يۈرىكىم، ھايات بەك قاتتىق».

ئون بەش قەۋەتلىك بىنانىڭ بەشىنچى قەۋەتىدىكى ئۆينىڭ بالكوندا بىر قەپەس ئېسىقلىق تۇراتتى. چىرايلىق قەپەستىكى

رەڭدار قۇشنىڭ ھالى كىشىنى ئويغا سالاتتى. شۇ قەدەر چىرايلىق قۇش شۇ قەدەر مۇڭلۇق تەرزدە كۆزلىرىنى يۇمغان بىلەن يۇممىغانىنىڭ ئارىلىقىدا چوكا چوڭلۇقىدىكى قونداقنى مەھكەم قارماپ ئولتۇراتتى، قۇش شۇ ھالدا چۈش كۆرۈۋاتىدۇ ياكى بۇرۇنقى چۈشلىرىنى ئەسلەۋاتىدۇ. بۇ قۇشنىڭ كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايدىغان گۈزەللىكىگە مەپتۇن بولىدىغان قۇشلار بار، ئۇنىڭ چىرايلىق قەپەسكە ھېرىس بولىدىغان، ئۇنىڭغا ئوخشىۋالغۇسى كېلىدىغان قۇشلارنى يوق دېگىلى بولمايدۇ.

رەڭدار قۇش ئۆزىنىڭ رەڭدار قۇش ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك قىلاتتى.

رەڭدار قۇش ئۆزىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەندەك قىلاتتى.

تېلېفون جىرىڭلىدى.

تېلېفون قورقۇنچلۇق جىرىڭلىدى.

تېلېفون زەھەرلىك جىرىڭلىدى.

— ۋەي.

— مەن، مېنى تونۇدۇڭمۇ؟

ئايال ھېچنېمە دېمىدى.

— گەپ قىلمايسەنغۇ؟

— مېنىڭ ھېچنېمە دېگۈم يوق.

قارشى تەرەپنىڭ زەردىلىك ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ھېچنېمە دېگۈم يوق دېگەن نېمە گەپ ئۇ؟

— شۇنداق گەپ ... سىز زادى نېمە دېمەكچى؟

— نېمە دەيدىغانلىقىم ساڭا ئايان.

— ماڭا ھېچنېمە ئايان ئەمەس.

— ياخشى كۆن كۆرەي دېسەڭ گېپىمنى ئاڭلا.

— ياق.

— ۋەيران بولۇپ كېتىسەن.

— مەيلى.

— پۇشايمان قىلىپ قالىسەن.



www.uyghurkitap.com

— مەيلى.
— بىز يەتتە يىل ئارىلاشقان.
— شۇنداق، مەن يەتتە يىل پوق يەپتىكەنمەن.
— ھازىر نېمە دېسەڭمۇ بىكار ... بىز بۇرۇن چۈشكەن سورەتلەر بار.
— بۇنى بىلىمەن.
— بىلسەڭ گېپىمنى ئاڭلا.
— ياق.
رەڭدار قۇشنىڭ كۆزلىرى يېرىم يۇمۇلۇپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى يا ئويغاقلىقىنى، چۈش كۆرۈۋاتقانلىقىنى يا چۈشلىرىنى ئەسلەۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.
— زادى نېمىشقا ئۇنىمايسەن؟
— سەندىن يىرگەندىم.
— نېمە؟
— سەن نىجاسەتتەك ئادەم ئىكەنسەن، سەن بىلەن ئۆتكەن كۈنلىرىمنى ئويلىسام ئۆزۈمدىن يىرگىنىمەن.
— سەن دۇنيادا سىزدىن باشقا ھېچكىمنى ياخشى كۆرەلمەيمەن، دېگەن.
— شۇنداق، مەن شۇنداق دېگەن، مەن شۇنداق خاتا گەپنى قىلغان ... مىڭ پۇشايمان.
— بەرىبىر كېچىكتىڭ.
— شۇنداق.
— ئۇنداق بولغاندىكىن گېپىمى ئاڭلا، بىز بۇرۇنقىدەك ئۆتەيلى.
— ياق.
— نېمىشقا؟
— مېنىڭ ھازىر ئېرىم بار.
— ئېرىڭ مېنىڭ قولۇمدىكى ئادەم.
— شۇنداقتىمۇ مېنىڭ ئېرىم بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئېرىلىڭ بولسا نېمە بوپتۇ؟
— ئېرى بار ئايال بۇنداق قىلسا بولمايدۇ.
— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟
— ئەر دېگەن يېرىم خۇدا ... سېنىڭمۇ ئايالىڭ بار، ماڭا بۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ.
— بۇرۇن مېنىڭ خوتۇنۇم بارلىقىنى بىلەتتىڭغۇ.
— بىلەتتىم، شۇ چاغدىكى كۆڭلىمگە، شۇ چاغدىكى يۈرىكىمگە مىڭ لەنەت.
— ئىشقىلىپ سەن هامان بىر كۈنى ماڭا تەۋە بولىسەن.
— ساڭا تەۋە بولغۇچە ئۆلۈپ تۈگىشىمەن.
— ئۆلمەك ئاسان ئەمەس.
— تەسمۇ ئەمەس، بەشىنچە قەۋەتتىن سەكرىسەملا بولىدۇ.
— جېنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىمامدۇ؟
— مەندە ئىچ ئاغرىتقۇدەك جان يوق، ھەممىسىنى سەن بۇلىغىدىڭ، ئۆزۈمنى ئۆزۈم بۇلىغىدىم، ماڭا تەۋە بولغىنى پاسكىنىچىلىق.
— ساراڭ ... سېنىڭ مۇنداق ساراڭلىقىڭنى بىلمەپتىمەن.
— شۇنداق، مەن ساراڭ.
— مۇشۇنداق قىلىۋەرسەڭ ئېرىڭنى ئىشتىن بوشىتىمەن، مال توشۇغىچىلىقتىن قالدۇرىمەن.
شەھەرنىڭ تىنىقلىرى ئېغىر ھەم سوغۇق. ئون بەش قەۋەتلىك بىنا شەھەرنىڭ مەركىزىدە ھەيۋەت بىلەن قارىيىپ تۇرىدۇ، ئون بەش قەۋەتلىك بىنانىڭ چىراغلىرى بىلەن شەھەرنىڭ يۇلتۇزلىرى ئارىلىشىپ كېتىدۇ.
شۇنداق كۆڭلىرىنىڭ بىرىدە، ئون بەش قەۋەتلىك بىنانىڭ يېنىدىكى يول بىلەن تۇتىشىدىغان ناھايىتى نۇرغۇن ئىرماش - چىرماش يوللارنىڭ بىرى بىلەن بارغىلى بولىدىغان ئۆيلەرنىڭ بىرىدە، سەردار دوختۇر بىلەن گۈلنىگارنىڭ پاراڭلىرى سوغۇق ئاياغلىشىدۇ.

— سەردار ...

گۈلنىگار سەردارنى بىرنىمىدىن قورقىقاندەك ئايانچلىق چاقىردى. سەردار ئۈستەلگە يېيىپ قويغان قانداقتۇر بىر كىتابتىن بىرنىمىلەرنى كۆچۈرۈۋاتاتتى.

— نېمە گېپىڭىز بار؟ — سەردار شۇنداقلا بېشىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ سورىدى. گۈلنىگار مۇشۇنداق چاغلاردا بەزى نەرسىلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكنىڭ تەسلىكىنى ھەتتا مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ قالدۇ.

— مەن ... ئىككىمىز ئايلىنىپ كەلسەكمىكىن دېگەن.

— ھە ... — سەردار گۈلنىگارغا ھەيران قالغاندەك قاراپ قويدى. گۈلنىگار شۇ چاغدا سەردارنىڭ يۈرىكىنىڭ ئۆزىگە تەۋە بولالمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى. كۆز ئالدىغا ئوتتا كۆيۈۋاتقان بىر ئايال كەلدى، بۇ ئايالنىڭ ئىسمى چولپان ئىدى. ئايال قىينىلىپ چىرقىرايتتى، جېنى نەچچىگە پارچىلىنىپ، كۆكۈم - تالقان بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

— ھەيران قالدىڭىزغۇ؟

— ھەيران قالدىم، ئىككىمىز ئايلانمىغىلىمۇ ئۇزاق بولۇپ كېتىپتۇ.

— شۇڭا ئايلىنىپ كېلەيلى.

سەردار بىردە كىتابقا، بىردە گۈلنىگارغا قاراپ قويۇپ بېشىنى بىلىنەر - بىلىنمەس چايقاپ قويدى.

— نېمىشقا ئايلىنىمىز؟ ...

— مەن سىزنىڭ خوتۇنىڭىز، سىز مېنىڭ ئېرىم.

— بۇنى بىلىمەن.

— بىلگەندىكىن ... ئەر - ئاياللارنىڭ بىللە ئايلىنىپ سەيلە قىلىشى نورمال ئىشقۇ؟

— بۇغۇ نورمال ئىش.

— ئەمىسە بۇنىڭغا ھەيران قالمىسىڭىزمۇ بولاتتىغۇ.

— بىلىسىز، مەن بەك ئالدىراش.

— ھازىر كىم ئالدىراش ئەمەس ئىكەن، بەزى ئىشلارغا ئالدىراش ئىچىدىنمۇ ۋاقىت چىقىرىش كېرەكقۇ؟

سەردار ئۇھ تارتىپ كۆزئەينىكىنى قولىغا ئېلىپ قېپىغا سېلىپ قويدى.

— مەيلى، ئايلىنىپ كەلسەك كېلەيلى.

گۈلنىگار كۆزىگە ياماشقان ياشنى كۆرسەتمەسلىككە تىرىشىپ بېشىنى چايقىدى.

— بولدى، بارمايلى، سىزنى بىر ئىشلارغا زورلىغۇم يوق ...

گۈلنىگار شۇنداق دەپلا ياندىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن سەردارنىڭ كىتىرلىتىپ بىرنېمىلەرنى يازغاندىكى ئاۋازى ئاڭلاندى.

گۈلنىگار تېلېفونىنى قولىغا ئالدى. ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولسىلا تېلېفونغا قاراشقا ئادەتلىنىپ قېلىۋاتاتتى.

تېلېفونىنىڭ ئۈچۈر كۆزنىكىدە «مەرەز» دەپ ئىسىم قويۇلغان بىرەيلەندىن كەلگەن ئۈچۈر لىپىلداپ تۇراتتى.

«سىزنى كۆرگۈم كەلدى».

گۈلنىگار ئىنگلىزچە ھەرپلەر بىلەن يېزىلغان خەتكە قاراپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. «سىزنى كۆرگۈم كەلدى» ... بۇ گەپنى ئەسلىي سەردار دېيىشى كېرەك ئىدى، سەردار ئىلگىرى شۇنداق دەيتتى، ھازىر دېمەيدىغان بولدى، گۈلنىگار مەڭگۇ ئاڭلايمەن، دەپ ئىشەنگەن گەپنى دېمەيدىغان بولدى، گۈلنىگار مەڭگۇ ئاڭلاشقا تەشنا گەپ سەردارنىڭ ئاغزىدىن چىقمايدىغان بولۇپ قالدى. ئاشۇ گەپنى دەيدىغان سەردارنىڭ قەلبىگە ئالۋاستى ئۇۋا سېلىۋالدى ... بۇ گەپنى دېيىشكە تېگىشلىك بولمىغان بىر ئادەم دەۋاتىدۇ، بۇ گۈلنىگارغا ھاقارەت بولۇشى كېرەك ئىدى، ئەمما ئۇ ياتباش بىر ئادەمنىڭ شۇنداق دېيىشىگە سۆكۈت

قىلىۋاتىدۇ، ھەتتا شۇنداق سۆزلەرنىڭ كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى ئىزدەپ تېلېفونغا قارايدۇ. گۈلنىگار ئۆزىنى مۇشۇ يولغا باشلىغان ئۆزىدىكى، ئۆز يۇرتىدىكى غېرىبلىق، تەنھالىق دېگەنلەرگە مىڭلاپ لەنەت ئوقۇدى.

گۈلنىگار «پەس قانجۇق» دېگەن خەتلەرنى تېز ـ تېز يازدى ـ دە چولپاننىڭ نومۇرىغا يوللىۋەتتى. ئۇ چولپاننىڭ مۇشۇنداق ئۇچۇرلارغا زارىقىپ قالىدىغان چاغلىرىنىڭ بولىدىغانلىقىنى، مۇشۇنداق ئۇچۇرلارنى كۆرگەندە يۈرىكىنى مۇشۇك تاتىلىدىغاندەك بىئارام قىلىدىغان قەرزدارلىق تۇيغۇسىنىڭ پەسكويغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

گۈلنىگارنىڭ نۇرغۇن كۈنلىرى مۇشۇنداق ئۆتىدۇ. ئۇ مۇشۇنداق ئۆتىدىغان كۈنلىرىدىن زېرىككەندە رازىيەنىڭ تۇرمۇشى بىلەن ئۆزىنىڭ كۈنلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باقىدۇ. گۈلنىگارنىڭ خىيالىچە رازىيەنىڭ كۈنلىرى بىھۇدە ئۆتىسمۇ، بىراق ئۇنى خاتىرجەم كۈن ئالىدۇ، دېگىلى بولىدىغاندەك ئىدى. بىر دانىشمەن مۇنداق بىر گەپنى قىلغان: «قايناق سۇ ئىچ، كۆڭلۈڭ تىنچ»، يەنە مۇنداق بىر گەپنىمۇ قىلغان: «ھەممە ئادەمگە ئۆزىنىڭ يۈكى ئېغىر بىلىنىدۇ».

## 37

ـــ شاكىر، گۈلپىيەنى موللامغا ئوقۇتۇپ باقساق قانداق بولار؟

شاكىر چۈشەنمىگەندەك قېلىن كالپۇكلىرىنى يالاپ قويدى، رازىيە شاكىرنىڭ مۇشۇ تۇرقىنى كۆرسە كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ قالاتتى.

ـــ سىزگە گەپ قىلىۋاتىمەن، ئەر كىشى بولغاندىكىن بىر نېمە دەپ باقماسسىز؟

ـــ بۇنىڭ ... پايدىسى بولارمۇ؟

— يېڭىشەھەردىكى بىر ئايالنىڭ قىزى بىرقىسما بولۇپ قاپتىكەن، موللامغا ئوقۇتۇپ ساقىيىپتۇ، دەيدۇ، ئۇ بالىنى دائىم قارا باساتتىكەن، يېرىم كېچىلەردە ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ نەگە بارغانلىقىنى بىلمەي كېتىۋېرىدىكەن، شۇ دەرىجىدە بولۇپ كەتكەن بالىنى ساقىيىپتۇ دەيدۇ، گۈلپىيەنىڭ ئەھۋالى ئۇنىڭدىن ياخشىغۇ.

— ئۇ قانداق موللام ئىكەن؟

— تېخى ياش ئادەم ئىمىش ... ئەمما راستلا كارامىتى بار دەيدۇ.

— تاڭ ئەمدى ... مەنمۇ تازا ئۇقالمىدىم، سىزچە قانداق قىلساق بولار؟

رازىيە قولىدىكى پىيالىنى شىرەگە قويۇپ ئۇھ تارتتى، يۈرىكى چارچاپ كەتكەن ئادەم مۇشۇنداق ئۇھ تارتىدىغان بولۇپ قالسا كېرەك.

— سىز مۇشۇنداق قىلىپ يۈرۈپ مېنى بەك هارغۇزۇۋەتتىڭىز، مەن سىزدىن سورىسام، سىز مەندىن سورىسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ مېنىڭ بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى ... قانداق قىلىمىز؟ دېگە.

— سىزنىڭ دېگىنىڭىز شۇ بولسا، ئەمىسە شۇنداق قىلايلى.

— بۇ بالا مېنى قورقۇتۇۋاتىدۇ، تۈنۈگۈنمۇ نورغۇن قاچا ـ قۇچىلارنى چېقىۋەتتى، ئۆزىنى دېرىزىدىن تالاغا ئاتقىلى تاس قالدى.

— ئەمىسە ئوقۇتايلى، — دېدى شاكىر پۇشۇلداپ.

— موللامنى كىم تاپىدۇ؟

— ھېلىقى يېڭىشەھەردىكى موللامنى ئەكەلسەك بولمىدىمۇ.

— موللام تاپماق ئۇنداق ئاسان ئەمەس، ھازىر موللاملارنىڭ ھەممىسى يوشۇرۇن ئىش قىلىدۇ، ھۆكۈمەت تۇتۇۋالسا جازاسى يامان، قوشنىمىز ئايىمخان ئاچامغۇ كەچتە مەن باشلاپ باراي دەيدۇ، بىراق ... مەن قورقۇۋاتىمەن، ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدىم ...

بۇ گەپنى گۈلنىگارغا دەپ باقايمىكى.
شۇ دەمدە ئىشىكنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ھەممە گەپنى ئاڭلاپ تۇرغان گۈلپىيە ئۇلارنىڭ گېپى تۈگىشى ھامان يۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ بېرىپ يوتقىنىغا كىرىۋالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئەنۋەر كېلىۋالدى، ئۆزىگە ئوقۇپ قويىدىغان موللام ئۇنىڭ خىيالىغا ئەنۋەرنىڭ سىيماسىدا كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى.
كېيىنكى كۈنلەردە گۈلپىيەنىڭ چۈشلىرى تەكرارلىنىدۇ، گۈلپىيەنىڭ كۆكسىدىن چىشلەپ ئاسمانغا ئېلىپ چىققان قاناتلىق ئىتنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئەنۋەرنىڭ كۆزلىرىنىڭ بىر يەرلىرى ئوخشاپ قالىدۇ ... بۇ دۇنيادا قاناتلىق ئىت يوق، ئەمما گۈلپىيەنىڭ قارا ئىس ـ تۈتەكلەر بىلەن تولغان كۆڭۈل پايانىدا قاناتلىق ئىت كېزىپ يۈرىدۇ.
رازىيە شاكىرغا بىرنېمە دەي دەپ تۇرغان شۇ مىنۇتتا تۇيۇقسىز گۈلپىيەنىڭ ھۇجرىسىدىن چىرقىرىغان ئاۋاز، ئاندىن بىرنېمىنىڭ چېقىلغان، ئۆرۈلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. قورقۇپ كەتكەن رازىيە گۈلپىيەنىڭ ھۇجرىسىغا يۈگۈردى.
رازىيە گۈلپىيەنىڭ ھۇجرىسىدىن چىققاندا شاكىرنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى.
رازىيەنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى.
چىنە ـ قاچىلارنى چېقىپ، ئۆزىنىڭ گېلىنى ئۆزى بوغۇپ ھالىدىن كەتكەن گۈلپىيە ئاستا ـ ئاستا تىنچلىنىپ قالدى. ئۇ بالىلىقىنى، ئۆزىگە ئەڭ يېقىن ئادەملەرنى ئەسلىدى، ئۇنىڭغا ئەڭ يېقىن ئادەم كىم؟ ئۇ ئەنۋەرنى ئەسلىدى، ئەمما ئۇ ھازىر گۈلپىيەدىن يىراقلاپ كەتكەن، نادىرە ... شۇنداق، نادىرە، گۈلپىيەگە ئەڭ يېقىن ئادەم نادىرە ئىدى. ئۇنىڭ ھارغىن ئەس ـ يادىغا نادىرەنىڭ چىرايلىق كۆزى، مۇشۇ كۆزلەردىن ئۇرغۇغان تونۇش مېھىر يەتتى. گۈلپىيەنىڭ نادىرەنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ بولۇۋاتقان ئىشلارنى بىرمۇبىر دەپ بەرگۈسى كەلدى، يەنە بۇ گەپلەرنى ھەرقانداق ئادەمگە دەپ سېلىشتىنمۇ قورقاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 38

دىلمۇرات ئېڭىكىنى يۆلەپ كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ ئولتۇرغانىدى، ھەيۋەتلىك ئۇستەلدىكى ئاتنىڭ مىس ھەيكىلى كۆزىگە غەلىتە كۆرۈنۈپ قالدى.

— ئىچلىقمۇ دىلمۇرات، جېنىم؟

دىلمۇرات چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى.

ئىشخانىدا ھېچكىم يوق ئىدى.

خىيالىي تۇيغۇ ... خۇددى مۇشۇنىڭدەك خىيالىي تۇيغۇ ئۇنى پات ـ پات قاملاشتۇراتتى.

بۈگۈندىن ئۈچ ئاي، بەلكىم بەش ياكى ئالتە ئاي بۇرۇن بولسا كېرەك، خۇددى مۇشۇنداق بىردەمدە نادىرە بايىقىدەك سالام قىلىپ ئىشخانىغا كىرگەنىدى.

شۇ كۈنىمۇ دىلمۇرات ئىشخانىسىدىكى ھەيۋەتلىك ئۇستەلىنىڭ كەينىدىكى ئايلانما ئورۇندۇقتا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغانىدى، كۆزلىرى قايسىبىر يىللىرى ئوپچە چۈشكەن سۈرەتتىكى چولپاننىڭ رەسىمىگە تىكىلىپ قالغانىدى، نادىرەنىڭ ئۇشتۇمتۇت كىرىپ كېلىشى ئۇنى چۆچۈتۈپ قويىدى، نادىرەنى ئۇ ئىلگىرى ئارىلىشىپ يۈرگەن قىزلارغا ئوخشاتقىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەنىدى.

نادىرە زۆھرەنىڭ زورى بىلەن ناھايىتى چىرايلىق ياسانغانىدى. ئۇنىڭ تۇرقى دىلمۇراتقا لاۋۇلداپ يانغان ئوت بولۇپ كۆرۈندى.

— كېلىڭ، نادىرە، سىزنى ئويلاپ ئولتۇراتتىم، ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ؟

— ياق، ياخشى ئەمەس.

نادىرەنىڭ ئاۋازىدىن مۇزنىڭ سوغۇقلۇقى كېلەتتى.

— ياخشى ئەمەس؟

— شوْنداق، بوْنىڭ سەۋەبىنى سىز بىلمىسىز.

دىلمۇرات كۆلۈپ قويدى، ئۆمۈچۈك تورىدەك غىپىرىبىلىق لەيلەپ يۈرىدىغان كۆزلىرىدىن بىرەر مەنىنى ئاڭقىرماق تەس ئىدى.

— مەن سىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، دىلمۇرات ... مۇشۇ گەپنى دېگىلى كەلدىم.

دىلمۇرات ھاڭۋاقىنىچە نەچچە دەقىقە نادىرەگە قاراپ قالدى، ئاندىن يەنە ناھايىتى تېزلا ئەسلىگە كەلدى.

— مەست بولۇپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟

— شوْنداق، بۇ گەپنى بەك جىق دېدىم، يەنە دەيمەن، ئاخىرىدا دېگىنىمنى قىلىمەن، ئۆلتۈرۈۋېتىمەن.

— ئۆلتۈرىمەن دەڭ، نېمىشقا؟

— سىز مېنى ئۆلتۈردىڭىز، شوڭا مەنمۇ سىزنى ئۆلتۈرىمەن.

دىلمۇرات بىلەن نادىرە بىر - بىرىگە مىختەك تىكىلگىنىچە ئۇزۇندىن - ئۇزۇن تۇرۇپ كەتتى، ئاخىر دىلمۇرات بەرداشلىق بېرەلمەي كۆزىنى ئەپقاچتى. دىلمۇرات كېيىنكى كۈنلەردە نادىرەنىڭ شۇ چاغدىكى قورقۇنچلۇق ئەپتىنى ئەسلەپ قالدۇ، بۇنداق نازۇك، ئەۋرىشىم قىزنىڭ كىشىنى چۆچۈتكۈدەك ۋەھىمىلىك تۇرقى دىلمۇراتنىڭ يۈرىكىنى ئاسقتۇرغانىدى.

— بۇنچىۋالا دەپ كەتمەڭ، نېمانچە قورقۇنچلۇق گەپ بۇ؟ ... ئۆلتۈرىمەن؟ مەن ئۆمرۈمدە بىرەر ئادەمنىڭ سېنى ئۆلتۈرىمەن، دېگىنىنى ئاڭلاپ باقمىغان.

— سىز مېنى ئۆلتۈردىڭىز.

نادىرەنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

— راستلا ... ئۆزۈمنى تۇتالمىدىم نادىرە، ئەمەلىيەتتە مەن نومۇسسىز ئىش قىلدىم، ئۆزۈم پۇشايمان قىلىۋاتىمەن.

— نېمىشقا مۇشۇنداق قىلىسىز؟ ... ھايۋان ئىكەنسىز ... ئادەم ئەمەس ئىكەنسىز.

— سىزدىن كەچۈرۈم سورايمەن، مىلىڭ قىپتىمىلاپ.

— كەچۈرگەن بىلەن نېمە ئىش ھەل بولىدۇ؟ مېنى بۇرۇنقى ھالىمغا قايتۇرالامسىز؟

— مەن سىزگە ئاشىق، بۇ گېپىم راست.

— بۇنداق ئاشىقلىقىقا لەنەت بولسۇن.

— بۇنداق دېمەڭ، ئاستا ـ ئاستا كۆنۈپ قالىمىز.

— ياق، مەن كۆنمەيمەن، بۇنداق پاسكىنا ئىشلارغا كۆنسەم بولمايدۇ.

نادىرە بۇقۇلداپ يىغلىدى.

دىلمۇرات جايىغا ئولتۇرۇپ كۆزىنى يۇمدى.

— سىز ماڭا چولپاننى ئۇنتۇلدۇرالايدىغان بىردىنبىر قىز، — دىلمۇرات ئۆزىمۇ ئاران ئاڭلىغۇدەك شىۋىرلىدى.

— نېمە؟

دىلمۇرات ئۆزىنىڭ گېپىدىن ئۆزى چۆچۈپ كەتتى.

— نېمە دېدىڭىز؟

— ھېچنېمە ... مەن ھېچنېمە دېمىدىم.

نادىرە دىلمۇراتنىڭ غېرىبانە كۆزلىرىگە ئۇزۇن تىكىلدى، غۇرۇرى سۇنغان، ئۈمىدى پارچىلىنىپ كەتكەن قىزنىڭ كۆزىدىكى سوغۇق ھەم نەشتەردەك نەپرەت دىلمۇراتنى تەمتىرىتىپ قويدى.

— مەن ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالىمەن، ئۈستىڭىزدىن ئەرز قىلىمەن، ئادەم ياللاپ سىزنى ئۆلتۈرگۈزىمەن، سىزگە ئوت قويۇۋېتىمەن ... مۇشۇلارنىڭ قايسىسىنى بولسۇن بىرىنى قىلىمەن.

دىلمۇرات نادىرەنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىگە، لەۋلىرىگە قاراپ قالدى. «مەن مەڭگۈ مۇشۇنداق بىر قىزنىڭ، مۇشۇنداق ئايالنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشەلمەي جاھاندىن كەتسەم كېرەك.»

— سىزنىڭ ماڭا بەك ئۆچ بولۇپ كەتكىنىڭىزنى بىلىمەن، نادىرە، ئەمما سىز بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى قىلالمايسىز،

ئۆلۈۋېلىش، ئادەم ئۆلتۈرۈش دېگەنلەر ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس، مەن مۇشۇ شەھەردىكى ئەڭ رەزىل ئادەملەرنىڭ بىرسى، ئەمما ئادەم ئۆلتۈرۈشكە مەنمۇ پېتىنالمايمەن، جۈرئەت قىلالمايمەن، سىزگە تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

دىلمۇراتنىڭ غېرىبانە كۆزلىرىدە مەسخىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان سوغۇق تەبەسسۇم باردەك ئىدى.

— مەن ... قىلىمەن دېگىنىمنى قىلىمەن، سىز مېنى تۈگەشتۈردىڭىز، مەن ئۆلدۈم.

— سىز ئۆلمىدىڭىز، سىز ئۆلمەيسىز، نادىرە.

— يۈرىكىم ئۆلدى.

ۋۇجۇدىنىڭ بۇلغىنىشىنى ئۆلۈم بىلەن تەڭ بىلگەن نادىرە دەل شۇ كۈندىن باشلاپ ھەقىقىي مەنىدىكى ئۆلۈمگە قەدەم باسقانلىقىنى تېخى بىلمەيتتى.

— كىتابنى بەك جىق ئوقۇيدىغان ئوخشايسىز، يۈرىكىڭىز ئۆلمەيدۇ، سىز مەندەك پۇلسىزلىقتىن، نامراتلىقتىن ئانىڭىزنىڭ ئۆلۈمىنى كۈتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولمىدىڭىز، ئانىڭىزنىڭ پۇلسىزلىقنىڭ دەردىدىن ئۆلۈپ كەتكىنىنى كۆرمىدىڭىز، ئادەم كېسەل بولۇپ، قېرىپ ماغدۇرسىزلىنىپ ياكى باشقا سەۋەبتىن ئۆلۈپ كەتسە، بۇنىڭغا ئەلھۆكمىلىللا دەيمىز، ئەمما نامراتلىقتىن ئۆلۈپ كەتسە بۇنداق ئۆلۈم مەڭگۈ ئېسىڭىزدىن چىقمايدۇ، شۇ چاغدا مېنىڭ قولۇمدا ئون مىڭ ياكى يىگىرمە مىڭ سوم پۇل بولغان بولسا ئانام ھايات قالاتتى ... مەن دورا ئېلىپ بېرەلمىدىم... مەن پۇل تاپقاندا خەجلەيدىغان ئانام يوق، داۋالىتىدىغان ئانام يوق، بەزىدە قولۇمدىكى پۇللارغا دەسسىۋەتكۈم، تۈكۈرگۈم كېلىدۇ...

دىلمۇراتنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى.

نادىرە دىلمۇراتنىڭ بىچارە تۇرقىغا، بىچارە كۆزلىرىگە قاراپ بىردەمگىچە تەمتىرەپ قالدى.

— سىز مېنى ۋەيران قىلدىڭىز، دىلمۇرات، پەسكەش ئادەم

ئىكەنسىز.

دىلمۇرات كەينىگە بۇرۇلۇپ نادىرەنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەر مېنى رەزىل ئادەم دەيدۇ، مەنمۇ بۇنى تەن ئالىمەن، خەق دېمىسىمۇ بۇ شەھەردىكى ئەڭ رەزىل ئادەممۇ مەن، ئەڭ ياخشى ئادەممۇ مەن، ئەمما سىزگە يامانلىق قىلمايمەن.

«ۋۇجۇدۇم بۇلغاندى ...» نادىرەنىڭ ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلدى، مۇراتنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. نادىرەنىڭ دۇنيانىڭ ناتونۇش كوچىلىرىدا تەمتىرەپ يۈرگەن يۈرىكى چاك - چاك يېرىلىپ كەتكەندەك ئىدى.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

— سىزنى بەختكە ئېرىشتۈرىمەن، — دېدى دىلمۇرات نادىرەنىڭ ئالدىغا كېلىپ.

— مېنىڭ بەختىم تۈگىدى.

— ئۇنداق دېمەڭ ... مەن خاتا قىلدىم، سىزگە بۇنداق قىلمىسام بولاتتى، ئەمما ئۆزۈمنى تۇتالمىدىم، سىزنى ھوشسىزلاندۇرۇپ ... ئۆزۈممۇ بەك ئازابلاندىم ... مېنىڭ بۇنداق پەسكەشلىكلىرىم ئاز ئەمەس ... ئۆزۈممۇ بىلىمەن، مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلماي دەپ يەنە قىلىمەن ... مېنى كەچۈرۈڭ، نادىرە، كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ، سىز مېنى ئۆزگەرتەلەيسىز، قۇتۇلدۇرالايسىز ...

نادىرە دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ تۇردى، شەھەرنىڭ ئاسمىنى، شەھەرنىڭ ئاسمىنىدىكى بۇلۇتلار، شەھەرنىڭ يوللىرى، شەھەردىكى ئادەملەر، شەھەردىكى خۇشاللىقلار، شەھەردىكى غەزەپ ھەم نەپرەت ... ھەممىسى بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن، شەھەر جىمى ئادەم توپلىشىپ ياشايدىغان، جىمى ئادەمنىڭ يۈرىكى قىستىلىشىپ تۇرىدىغان جاي، جىمى ئادەمنىڭ ئارمانلىرى بىر - بىرى بىلەن ئۇسۇشۇپ، تۇرتۇشۇپ گىچماچىلىشىپ كېتىدىغان جاي.

مۇراتنىڭ چىرايلىق تۇرقى نادىرەنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى. چىرايلىق ئەسلىمە چىرايلىق شامالدەك سوزۇلۇپ ئۇنى ئوراشقا باشلىدى.

— يېنىمدىن كەتمىگەن بولساڭ.

مۇراتنىڭ كۆزىدە ئوت كۆيەتتى.

مۇرات ... مۇرات ھەرقاچان نادىرەنىڭ خىيالىنىڭ بىر يەرلىرىدە شام ئوتىدەك يېنىپ تۇرىدۇ. شەھەر كوچىلىرىدا ناھايىتى نۇرغۇن ماشىنىلار مېڭىپ يۈرىدۇ، قىزىل ماشىنا مۇراتنى سوقۇۋەتتى، بۇ دېگەنلىك نادىرەنىڭ بەختىنى سوقۇۋەتتى دېگەنلىك، مۇراتنى ماشىنا سوقۇپ پالەچ قىلىپ قويدى، بۇ دېگەنلىك بەختىنى، ھاياتىنى پالەچ قىلىپ قويدى دېگەنلىك ... نادىرە مۇراتنى قۇتقۇزمىسا بولمايدۇ، مۇرات ...

نادىرە ئەسلىمە شاماللىرىنىڭ ئارىسىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى.

نادىرە دىلمۇراتنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ غېرىبلىقىنىڭ چاڭلىرى پاراكەندە توزۇپ يۈرگەن كۆزىگە قارىدى.

— سىز ئۆلۈشنى خالىمايسىز، شۇنداقمۇ؟

— ئەلۋەتتە.

— مېنىڭمۇ ئۆلۈشۈمنى خالىمايسىز؟

— تېخىمۇ ئەلۋەتتە.

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟

دىلمۇرات نادىرەنىڭ قولىنى تۇتتى، قىزنىڭ قولى نازۇك، يۇمشاق، سوغۇق ئىدى.

— سىزنى بەختلىك قىلىمەن، نادىرە، مەن ئۇزاقتىن بېرى ئىزدەپ يۈرگەن مۇھىم بىر نەرسەمنى تاپقاندەك ئويلاپ قالدىم، گۇناھىمنى يۇيۇش ئۈچۈن، ئۆزۈمنىڭ بەختى ئۈچۈن بولسىمۇ سىزنى بەختلىك قىلىمەن.

— بۇنداق گەپلەرنى ياغلىما گەپ، يالغان گەپ دەيمىز.

— بىراق مەن چىن كۆڭلۈمدىن دېدىم.

www.uyghurkitap.com

نادىرە دىلمۇراتقا تېخىمۇ يېقىن كەلدى. دىلمۇراتنىڭ بويىدىن قانداقتۇر بىر ئەتىرنىڭ سۇس ھىدى كېلەتتى. ئەتىر ھىدى نادىرەنىڭ يۈرىكىدە چوغ كەبى تۇيغۇلارنى ئويغاتتى. ئۇ مۇراتنىڭ ئىسسىق نەپىسىنى سەزگەندەك بولۇپ، ئۆزىنى مەڭگۈ كەچۈرەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، ئۇ ھاياتىدىكى بەك مۇھىم بايلىقلىرى، ئارمانلىرى، گۈزەل تەلپۈنۈشلىرىنىڭ پارە ـ پارە بولۇپ كېتىشىنىڭ بەكلا ئاددىي يۈز بەرگەنلىكىگە ئىشىنەلمەي ئۇزۇن كۈنلەرنى ئۆتكۈزىدۇ.

— ماڭا ناھايىتى نۇرغۇن پۇل كېرەك.

— بۇنى بىلىمەن.

— سىز قانداق بىلىسىز؟

— سىز ھېلىقى كۈنى ماڭا دېدىڭىز ... پۇل مەندە جىق، نادىرە.

— مەن بىر ئادەمنى قۇتقۇزۇشۇم كېرەك.

— كىمنى؟

— ئۆزۈمنى ... شۇڭا جىق پۇل كېرەك.

— ئىككىمىزنىڭ قەلبى بىر بولسا نىمە دېسىڭىز شۇ.

نادىرە دىلمۇراتنىڭ ئالىقىنىدىن قولىنى تارتىۋالدى.

— ئىككىمىزنىڭ قەلبى دەيدىغان گەپ يوق، ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا پۇلدىن باشقا ھېچنېمە بولمايدۇ.

— بۇ ماڭا ھاقارەت قىلغىنىڭىز ئەمەسمۇ.

— ئەمىسە قانداق بولسا بولاتتى؛

— سىز مېنى چىن كۆڭلىڭىزدىن سۆيۈشىڭىز كېرەك ئىدى.

— بۇ مۇمكىن ئەمەس.

دىلمۇرات سوغۇق كۈلۈمسىرىدى، كۆزىدىكى غېرىبانە تۇمان قىزىلغا ئۆزگەردى.

— سىز نىمە دېسىڭىز شۇ بولسۇن، نادىرە، ئەمما مېنىڭ يېنىمدىن كەتمەڭ.

— مەن ئۆلگەن ئادەم ... ھەرقانداق چاغدا مۇشۇ گەپ ئېسىڭىزدە بولسۇن.
— ئاستا ـ ئاستا تىرىلىپ قالىسىز ... مەن تىرىلدۈرىمەن.
شۇ كۈنى دىلمۇرات بىلەن نادىرە ئۇزاق پاراڭلاشتى، بەك جىق گەپلەرنى دېيىشتى.
دىلمۇرات ھېچقانداق ئايال بىلەن نادىرە بىلەن سۆزلەشكەندەك ئوچۇق ـ يورۇق سۆزلىشەلمەيتتى. قارلىغاچتەك بۇ قىزنىڭ گۈزەللىكىدىن ھەيران قالاتتى، بۇ قىزنىڭ يۈرىكىدە دۇنياغا چەكسىز مېھىر ھەم ساددا گۈزەللىك بار ئىدى، مۇشۇ نەرسىلەر ئۇنى ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان سېھىرلىك مەپتۇنكارلىققا ئىگە قىلغانىدى. ئۇنىڭغا بولغان كۈچلۈك ھەۋەس دىلمۇراتنىڭ يۈرىكىدە چوغدەك يېلىنجايتتى.
— تەقدىر نادىرە، ئۆزىمىزنى تۇتۇۋالايلى، ھەممىسى تەقدىر... مەن بۇ ھاياتىمدا ئىككى ئىشنى قىلالمىدىم، بىرى ئانامنى قۇتقۇزالمىدىم، بىرى مەن چوقۇم ئېرىشىشكە تېگىشلىك بىرسىگە ئېرىشەلمىدىم، مەن مۇشۇ ئىككىسىدىن باشقا ھەممىسى بىر تىيىن دەيتتىم، ئەمدى سىز پەيدا بولدىڭىز، سىزگە بىپەرۋا بولالمايدىغاندەك قىلىمەن ... تەقدىر دېگەن مۇشۇ ... ئىككىمىز ئايرىلالمايدىغاندەك تۇرىمىز.
نادىرە ھېچنېمە دېمىدى. ئۇ ئۆزىنى دۇنيانىڭ ئىختىيارىغا تاشلاپ بەرمەكچىدەك قىلاتتى. «نېمە قىلساڭ قىل دۇنيا، خالىغانچە چەيلە، دەسسە، قۇيۇنلىرىڭدا قۇرۇغان غازاڭدەك پىرقىرىتىپ يۈر، مەن ئۈچۈن ھەممە نەرسە تۈگىدى ... مەن ئاخىرلاشتىم، ئاخىرلىشىۋاتىمەن...» نادىرەنىڭ يۈرىكى ئاچچىق چىمىلدىدى، بىر كۈنلەردە يۈرىكىگە ئىگە بولالماي، دۇنيانىڭ مالىماتاڭ كوچىسىغا ئۆزىنى تاشلاپ بېرىشتىن قورقىدىغاندەكمۇ قىلاتتى.
نادىرە شۇ تاپتا بۇ دۇنيادىكى ئەڭ لەنەتلىك نەرسىنىڭ قورشاۋىدا قالغانىدى. ئۈمىدسىزلىك ۋە قېيىداش ... بۇ دۇنيا

ئۈمىدسىز ھەم قېيىدىغاق ئادەملەرنى مۈشۈك چاشقاننى بوزەك قىلىپ ئوينىغاندەك ئوينايدۇ.

دىلمۇراتنىڭ ئەسلىمىلىرى قالايمىقان ھەم ئېغىر ئىدى. ئۇ نادىرەنى تۇنجى كۆرگەن دەمنى يادىغا ئالدى، دىلمۇراتنىڭ تۇيغۇسى بويىچە بولغاندا، نادىرەدە ھېچكىمدىن تاپقىلى بولمايدىغان مەپتۇنكار گۈزەللىك بار ئىدى، ئەمما سوغۇق ... دىلمۇرات ئۆزىنى سۆيمەيدىغان، ئەمما كۆزلىرىدىن مېھىر تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، ھەر نەرسىگە مەسئۇلىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان، ئاۋازىدىن، قاراشلىرىدىن ئانىلىق مېھرىبانلىقنى ھېس قىلغىلى بولىدىغان ئايالنى يادىغا ئالدى.

گۈلنىگار ...

دىلمۇراتنىڭ كۆز ئالدىدا سۈلكەتلىك گۈزەللىكى كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان ئايالنىڭ لاتاپىتى نامايان بولدى.

دىلمۇرات چوڭ ھەم جىمجىت ئىشخانىدىكى يالغۇزلۇقتا بەرداشلىق بېرەلمەي تېلېفوننى قولىغا ئالدى.

## 39

— غەلىتە ئىش، ئىشىنىشنىمۇ، ئىشەنمەسلىكنىمۇ بىلەلمىدىم، — دېدى گۈلنىگار چېچىنى تۇزەشتۇرۇۋېتىپ. گۈلنىگارنىڭ بۇدۇر قىلىنغان چاچلىرى دولقۇنسىمان يېيىلىپ تۇراتتى.

— نېمە ئىش بوپتۇ؟ — دېدى سەردار ماتېرىياللارنى رەتلەۋېتىپ. ئۆيدە ئاياغ مېيىنىڭ ھىدى باردەك قىلاتتى.

— رازىيەلەر گۈلپىيەنى موللامغا ئوقۇتماقچى بوپتۇ.

— موللامغا ئوقۇتماقچىمىكەن؟ بۇ قانداق گەپ ئەمدى؟

سەردار ھەيرانلىق بىلەن گۈلنىگارغا تىكىلىپ قاراپلا قالدى.

— مەنمۇ ئىشىنەلمەيلا قالدىم. رازىيە شۇنداق دەيدۇ، گۈلپىيەنىڭ مىجەزى ياخشى ئەمەس ئىكەن، ۋارقىراپ -

جارقىراپ، چىنە ـ قاچىلارنى چاقىدۇ، دەيدۇ.

شۇ چاغدا گۈلنىگارنىڭ تېلېفونى يېنىك تىترىدى، گۈلنىگار چۆچۈگەندەك بولۇپ تېلېفوننى قولىغا ئالدى، «مەرەز»دىن ئۇچۇر كەلگەنىدى. «بەك يالغۇز قالدىم، قېشىمغا كەلسىڭىز ... »

گۈلنىگار لېۋىنى چىشلىدى، كۆڭلىگە قاراڭغۇلۇق يېپىلغاندەك بولدى، يۈرىكىنىڭ پىنھان يەرلىرىدە ھاقارەتلەنگەندەك بىر سېزىم بار ئىدى.

سەردار قولىدىكى كىتابنى بىر يانغا قويۇپ قويدى.

— غەلىتە گەپقۇ بۇ، نەدىن كەلگەن موللام ئىكەن ئۇ؟

— بۇنى بىلمىدىم، بۇنداقلارنىڭ ھەممىسى مەخپىي ئىش قىلىدۇ، ھۆكۈمەت بىلىپ قالسا بوش قويۇۋەتمەيدۇ، ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ يېزىدىكى تۇغقانلارمۇ شامال دارىسىپ قالغان ئوغلىغا ئوقۇتمىدىمۇ.

— توۋا، ما ئىشنى ...

— رازىيەنىڭ دېيىشىچە، قوشنىسى ئايىمخان دېگەن ئايالنىڭ تۇغقانلىرى تېپىپ كەلگەن موللام ئىمىش، رازىيە شۇ خىيالغا كېلىپ قاپتۇ، رازىيە ئۇ موللامغا ئىشىنىپ قالغاندەك قىلىدۇ.

— ئۇلار موللام بىلەن كۆرۈشۈپتۇمۇ؟

— كۆرۈشكەندەك قىلىدۇ.

— گۈلپىيەنىڭ ئەھۋالى راست شۇنداق يامانمۇ؟

— رازىيەنىڭ دېيىشىچە، ئۇ تۇرۇپلا ئۆيدىكى چىنە ـ قاچىلارنى چاقىدىغان، ئۆزىنى ھەر يانغا ئۇرۇپ، ئۆزىنىڭ گېلىنى ئۆزى بوغۇپ ۋارقىراپ ـ جارقىرايدىغان بولۇپ قاپتىمىش.

— بۇنى دوختۇرغا كۆرسىتىش كېرەك ئىدى.

— رازىيەنىڭ دېيىشىچە، دوختۇرنىڭ دورىسى كار قىلماپتۇ.

— غەلىتە ئىش ـ دە بۇ، مۇشۇ زاماندىمۇ مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدىغان ئادەملەر باركىنە ... رەمچى، داخانغا

www.uyghurkitap.com

كېسەل داۋالىتىمىز دەيدىغان ئىشلار يوقاپ كەتكەن، يەنە پەيدا بوپتۇ ـ دە. ھەممە ئىش تەتۈرلىشىپ كېتىپ بارامدۇ نېمە؟

ــ بۇنداق ئىشلار ئاۋۇپ قاپتۇ ھازىر، رازىيەمۇ نەچچە كۈن ئىچىدىلا ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ، ئۇزۇن قارا كۆڭلەكنى كىيىپ، ياغلىقنى ئوي چىگىپ يۆرىدىغان بولۇپ قاپتۇ، تېخى مېنىمۇ قىلساڭ بولاتتى، دەپ يۆرىدۇ، ئۇنىڭ دېيىشىچە، دىيانەتلىك ئايال بولۇش ئۇچۇن ئورنىپ يۆرۈشۈم كېرەك ئىكەن.

سەردار گۈلنىگارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بېشىنى چايقاپ قويدى.

ــ بىز خەق كەلكۈن ئېقىتىپ يۆرىدىغان ئوت ـ خەسكە ئوخشاپ قالغىلى ئاران تۇرىمىز، ئىشنىڭ توغرا ـ خاتاسىنى ئەقىل بىلەن ئەمەس، خەقنى دوراش بىلەن ئايرىيمىز.

گۈلنىگار ئەينەك ئالدىدا ئولتۇرۇۋېتىپ بىسەرەمجان بولۇپ قالدى، كۆڭلىگە ياماشقان ئارامسىزلىقتىن قۇتۇلۇپ كېتەلمەيۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى كېرەك ئىدى، گۈلنىگار كەينىگە بۇرىلىپ دېدى:

ــ رازىيە بەك تېز ئۆزگىرىدۇ، كىچىككىدە ئەقىللىك قىز ئىدى، مەكتەپتە تۇزۇك ئوقۇمىغاچقىمۇ، ھەر ئىشتا تېز قىزىپ تېز سوۋۇيدۇ، خەقنىڭ گېپىگە ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىدۇ.

ــ ئۇغۇ ئوقۇماپتۇ، ئوقۇغانلارمۇ چاغلىققۇ.

گۈلنىگار چاچلىرىنى تۇزەشتۈرگەچ سەردارغا بۇرالدى.

ــ ئوقۇغانلارغا نېمە بوپتۇ؟

ــ ئوقۇغان ئاياللارنىڭمۇ ھالى چاغلىق، ساپلا تېتىقسىز ئىشلارنى شۇلار قىلىۋاتىدۇ.

ــ بولدى، سىزگە گەپ قىلمىدىم، ــ دېدى گۈلنىگار كۆزىنىڭ چۆرىسىگە سۇرمە تارتىۋېتىپ، ــ سىزگە گەپ تېپىلىپ تۇرىدۇ.

سەردار قولىدىكى پىيالىگە قارىغىنىچە ئولتۇرۇپ كەتتى. چاينىڭ بىر تال شامىسى تىك بولۇپ لەيلەپ يۆرەتتى.

— ئۆيگە بىركىم كېلەمدۇ نېمە، چاي شامىسى تىك تۇردى.
— كىم كېلەر؟ — دېدى گۇلنىگار. ئۇنىڭ بىردە ئىلمان، بىردە يېقىمسىز سېزىم بېرىدىغان تۇيغۇدىن كۆڭلى پاراكەندە بولۇۋاتاتتى. ھە دېگەندە دىلمۇراتنىڭ غىبىربىلىقىنىڭ چاڭلىرى لەيلەپ يۈرىدىغان كۆزى كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى.
— بۇنى بىلمىدىم، كىم كەلسە كېلەر.
— بۇگۈن دەم ئالامسىز؟
— ھەئە.
گۇلنىگار ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا ئىشىك چېكىلدى، گۇلنىگار سەردارغا قاراپ قويۇپ ئىشىكنى ئاچتى، ئىشىكتە ئەخمەت تۇراتتى، قولتۇقىدا تۇرمەكلەنگەن رەسىم قەغىزى بار ئىدى.
— تىنچلىقمۇ؟ ... — دېدى گۇلنىگار كۈلۈمسىرەپ.
— تىنچلىق، ئۆزىڭىز ياخشىمۇ؟ ... — ئەخمەت تاپسىدا تۇرۇپ سالام قايتۇردى، — ئىشقا ماڭغان ئوخشىمامسىز؟
— ھەئە، قېنى كىرىڭ، سارە ياخشىمۇ؟
— ئۇمۇ ياخشى، باللار بىلەن قالدى.
سەردار ئەخمەت بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.
— ھەرنېمە بولسا بار ئىكەنسەن، ساڭا كۆرسىتىدىغان رەسىملەر بار ئىدى.
— سەردار رەسىم چۈشىنەمدۇ ؟ — دېدى گۇلنىگار چاقچاق قىلغاندەك.
— بۇ قىزىق گەپ بولدى، سەردار بىلەن رەسىم سىزىپ يۈرگىنىمىزگە ئۇزۇن يىللار بولدى، بۇنى سىزمۇ بىلىسىزغۇ.
— سەردار بىلەن رەسىم سىزىپ يۈرگىلى؟ مەن ئۇنىڭ رەسىم سىزغىنىنى كۆرمىدىمغۇ؟
گۇلنىگار ھەيران بولغاندەك بىردە ئەخمەتكە، بىردە سەردارغا قاراپ قويدى.
— رەسىم دېگەننى بەزى ئادەملەر قەغەزگە سىزىدۇ، بەزى ئادەملەر يۈرىكىگە سىزىدۇ، سەردارنىڭ يۈرىكى لىققىدە رەسىم

www.uyghurkitap.com

بىلەن تولغان، ئۇ ماڭا رەسىمدىن تەلىم بېرىدۇ دەڭە، — دېدى ئەخمەت چاقچاق قىلغان بىلەن راستىنىڭ ئارىلىقىدا.

— بۇنىڭدىن خەۋىرىم يوق ئىكەن، بۇ كىشىنىڭ يۈرىكىدە بەك جىق نەرسە بار ئىشقىلىپ، — دېدى گۈلنىگار.

سەردار كۈلۈپ قويۇپ باشقا گەپ قىلمىدى. گۈلنىگار سەردارغا سىرلىق قاراپ قويۇپ ئىشقا ماڭدى. سەردار بىلەن ئەخمەت ئىككىيلەن رەسىملەرنى شىرەگە يايدى.

گۈزەل شەھەردە هايات گۈزەل رەۋىشتە ئاستا داۋام قىلىدۇ. بۇ شەھەردە ئاجايىپ ئەقىللەر چاقناپ قالىدۇ، بۇ شەھەردە ئاجايىپ رەزىل ئىشلارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ، بۇ شەھەردە ياخشى - يامان ئىشلار بىر - بىرىگە كىرىشىپ، گىرەلىشىپ، چىگىچلىشىپ كەتكەن شەھەر، بۇ شەھەردە تۈرلۈك - تۈمەن ئوي - پىكىرلەر بىر - بىرىگە گاھ يۆگىشىپ، گاھ خىرىس قىلىشىپ تۇرىدۇ.

سەردار بىلەن ئەخمەت رەسىم، ئىدىيە، تارىخ ھەم كېلەچەك توغرۇلۇق ئۇزۇندىن - ئۇزۇن مۇنازىرىلەرنى قىلىشىدۇ، دىلمۇرات بىلەن نادىرە كىشى چۈشەنگىلى بولمايدىغان كۆڭۈل سودىسى قىلىشىدۇ، يىرگىنىچ بىلەن تەلپۈنۈش ئارىسىدىكى داۋالغۇشلار داۋاملىشىدۇ، شەھەردە ماشىنىلار موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ، ماشىنىلار مىڭلىغان يۈرەكلەرنىڭ ئارمانلىرىنى ئېلىپ چېپىپ يۈرىدۇ، قىستاڭچىلىق، ۋاڭ - چۇڭغا تولغان شەھەردە ھەركىم ئۆز دەردى بىلەن، ئۆز خۇشلۇقى بىلەن، ئۆز مۇددىئالىرى تەرەپكە قاراپ چاپىدۇ.

## 40

نادىرەنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى، چىرايلىق لەۋلىرى، چىرايلىق چاچلىرى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك ئىدى. يۈرەك سوقۇشى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك، تەبەسسۇمى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك، ۋۇجۇدى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك ئىدى.

— دىلمۇرات ئاكا.

نادىرە مەڭگۈ نەپرەتلىنىدىغان ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئاياىچلىق چاقىردى. بەزىدە نەپرەتلەنمەكمۇ تەس.

— مېنى ئاكا دېمەڭ.

— ماقۇل.

— سىزگە ئاشىقلىقىمنى بىلىسىز، — دېدى دىلمۇرات كۆزىنى يۇمۇپ.

— بىلىمەن.

دىلمۇرات قىزنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىنىڭ ئۆلۈكىنىڭكىدىن پەرقى يوقلۇقىنى ھېس قىلالمىدى.

دىلمۇرات كېيىملىرىنى سىلىۋەتتى، كىچىك ياتاقتىكى غەلىتە ھاۋا كۆڭۈلگە بىسەرەمجانلىق تارتاتتى. ئۈستىدىكى ياتاقتا بىركىملەر بولۇشى مۇمكىن ئىدى، سۇنىڭ شارقىرىغان، ئەر - ئاياللارنىڭ گۇدۇڭلاشقان ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

— ساقچىلار تەكشۈرۈپ كىرىپ قالىدۇ، — دېدى نادىرە. ئۇ ئۆزىنىڭ سۆزىدىن ئۆزى ھەيران قالدى.

— كىرمەيدۇ، خاتىرجەم بولۇڭ.

— ھازىر تەكشۈرىدىغان ئىشلار بار ئىكەن.

— قورقماڭ، ھېچ ئىش بولمايدۇ.

— قورقىمەن ... ئەمما قورقسام بولمايدۇ.

— بۇ نېمە دېگەن گەپ؟

— ماڭا پۇل كېرەك ... بەك جىق پۇل كېرەك.

— بۇنى بىلىمەن.

دىلمۇرات كۆز ئالدىدىكى بۇ نازۇك ھەم گۈزەل قىزغا نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇرىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە ھېچنېمە بىلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، دىلمۇراتنى مەھلىيا قىلغىنى دەسلەپتە ئۇنىڭ ئېيتقۇسىز گۈزەللىكى ئىدى، ئەمما دىلمۇرات بارا - بارا بۇ قىزغا بېرىلىشلىرىنىڭ ئۇنىڭ گۈزەللىكىلا ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى، ئۇ نېمە؟ ... دىلمۇرات بۇنى

www.uyghurkitap.com

چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ ... دىلمۇرات بۇ قىزدىن مەڭگۇ كېچەلمەيدىغانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى.

— مەن سىزگە باشتا دېگەن، ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا... پۇلدىن باشقا ھېچنېمە يوق.

— ئەمما سىز بۇ گەپنى قايتا دېمەيدىغان بولغان.

— شۇنداقتىمۇ دېمىسەم بولمايدۇ. ماڭا بەك جىق پۇل لازىم.

بۇنىڭدىن نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى، سۆيۈلمىگەن يۈرەكنىڭ ئىگىسى بولغان بىرەيلەن سىم - سىم يامغۇرلۇق ئاسمانغا قاراپ شۇنداق شىۋىرلىغان: «ھەي مۇھەببەت ... ھەركويغا سالىسەن، ھەر يولدا ماڭدۇرىسەن، ھەر ئىشنى قىلدۇرىسەن ... »، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى توغرا تاپىدىغانلار كۆپ، نادىرە ... قۇشقاچتەك جېنى بار كىچىككىنە قىزنى مۇشۇ يولغا باشلىغاننىڭ، ئۆزى سۆيمەيدىغان ئادەمنىڭ سۆيۈشلىرىگە مەجبۇر بولۇشتەك لەنەتلىك تەقدىرگە باشلىغاننىڭ ھەممىسى مۇھەببەتنىڭ سەۋەبىدىن ئەمەس دېگىلى بولماس.

— سىزگە ئەللىك مىڭ سوم بەردىم ... بۇ ئەمەلىيەتتە راۋرۇس بىر خوتۇن ئالغىلى بولىدىغان پۇل ... بۇنى سىز بىلىسىز.

دىلمۇراتنىڭ لەۋلىرىدىكى تەبەسسۇمنىڭ مەنىسىنى بىلگىلى بولمايتتى.

— بىلىمەن.

— بەك ئاچ كۆزلۈك قىلىپ كەتمەڭ.

— مېنىڭ تەلىپىم شۇ.

— مەندىن باشقا ئادەم بولسا بۇنداق تەلەپنى قەتئىي رەت قىلىدۇ.

— شۇنداق.

— مەن ئەسلىي بۇنداق مەرد ئادەم ئەمەس ئىدىم، ئەمما سىزگە كەلگەندە ھېچنېمىنى ئايىمىدىم، بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسىز؟

— بىلمەن ... سىز چىرايلىق قىزلارغا ئامراق.
— بۇ گېپىڭىز بولمىدى، چىرايلىق قىزلار دېگەن جىق.
— ئەمىسە ... مەن بىلمىدىم.
— بىرلا سەۋەب بار ... سىز باشقا چىرايلىق قىزلارغا ئوخشىمايسىز ... سىزگە مېھرىم بار، بىرنەرسىنى ھېس قىلىپ تۇرىمەن، ئىككىمىزنىڭ تەقدىرى بۇرۇندىنلا باغلىنىپ قالغاندەك، بىز بەك ئاددىي تونۇشۇپ قالدۇق، بىر ۋاخ تاماق يەپلا ... ئەمما بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىمىز ئاددىي بولمايدىغاندەك قىلىدۇ ... ماڭا شۇنداق تۇيۇلىدۇ.
نادىرە گەپ قىلمىدى، قىزنىڭ ئىگىز بەستىنى ئەۋرىشىمدەك ئىگىپ نازۇك بىرھالدا تۇرۇشى دىلمۇراتنى سۆيۈندۈرەتتى.
— بىراق سىز ماڭا غەلىتە تەلەپ قويۇۋاتىسىز ... ناھايىتى كۆپ پۇل تەلەپ قىلىۋاتىسىز.
— بىلىمەن، راستلا ئىشىپ كەتتى.
— ئەمىسە نېمىشقا بۇنداق قىلىسىز؟
— سىزگە دېمەي كىمگە دەيمەن؟ ... مېنى ياخشى كۆرىدىغان، قولدىن بېرىپ قويۇشنى خالىمايدىغان ئادەم سىز تۇرسىڭىز.
— سەمىمىي گەپ قىلدىڭىز، — دېدى دىلمۇرات نادىرەنىڭ يۇمشاق قولىنى سىلاپ تۇرۇپ.
نادىرەنىڭ كۆزلىرى بۇرۇنقىدەكلا ئۈلۈكنىڭكىگە ئوخشايتتى.
— بۇ غەلىتە ھەم ئەقىلگە سىغمايدىغان سودا مېنى قىزىقتۇرۇپ قويدى ... خۇددى قىماردەك، بوگۈن يەنە نەچچە پۇل ئالىسىز؟
— يەنە ئەللىك مىڭ.
— چاقچاق قىلماڭ.
— ئەمىسە مەن كېتەي.
نادىرە ئۇستەلدىكى سومكىسىنى ئالدى، سومكىنىڭ يېنىدا دىلمۇراتنىڭ ئالما ماركىلىق تېلېفونى تۇراتتى.

— بوپتۇ، يىگىرمە مىڭ بولسۇن.

دىلمۇرات قىزىقچىلىق قىلىۋاتقاندەك ئىدى.

— پەقەت بولمايدۇ.

— ئوتتۇز مىڭنى بېرەي، — دىلمۇرات كۈلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىر ئاچچىق سېزىم بار ئىدى، يۇرەككە تالىق نەرسىلەرنىڭ پۇلغا سېتىۋالغىلى بولىدىغانلىرىنىڭ راستلا قىممىتى بولمايدىغاندەك قىلاتتى. مۇشۇ قىز دىلمۇراتنى چىن ئاشىقلىق بىلەن سۆيگەن بولسا ... نېمە كەتسە مەيلىدى، ھېلىمۇ مەيلى، ئەمما ...

— مۇمكىن ئەمەس، ئەللىك مىڭ.

دىلمۇرات تورۇسقا قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى، دىلمۇرات نادىرەگە ئاشىقمۇ ... دەسلەپكى كۈنلەردە نادىرە مۇشۇ شەھەردىكى ئەڭ گۈزەل قىز بولغىنى ئۈچۈن، كۆزىگە ئەڭ گۈزەل قىز بولۇپ كۆرۈنگىنى ئۈچۈن، كۆڭلىدىكى ھەسرەت ھەم ئۈمىدسىزلىكىنى تۆكمەكچى بولغانلىقى ئۈچۈن نادىرەدەك شەھەرنىڭ گۈلى بىلەن كۆڭۈل خۇشى قىلىپ يۈرگەندەك ئىدى، ئەمما ئۆزىنى قالماي نادىرەگە ئىچى كۆيۈپ يۈرگىنىنى ھېس قىلىپ قالدى ... شۇنداق، نادىرەدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، ئۇنىڭغا بېرىلدى. مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كۆڭۈل زېدىسىگە ئارامliq ئىزدەپ قىلىۋاتقاندەكمۇ ئىدى.

«مەندە بىر كېلىشمەسلىك بار، مەن ئايالالارنى ناھايىتى تېزلا ياخشى كۆرۈپ قالىمەن، ھەتتا ئاشىق بولىمەن، چىن كۆڭلۈمدىن بېرىلىمەن، ئەمما مېنى ھەقىقىي ئىشقى بىلەن سۆيىدىغان ئايال يوق.»

دىلمۇرات شۇلارنى ئويلاپ بەكلا بىئارام بولۇپ كەتتى، ئۇ نادىرەنىڭ سۈرەتتەك گۈزەل تۇرقىغا قاراپ چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ دېدى:

— بىلىشىڭىز كېرەك، مەن بۇ شەھەردىكى ئەڭ رەزىل ئادەم.

— بۇنى بىلمەن، سىز مېنى بىھوش قىلىپ قويۇپ ... مەقسىتىڭىزگە يەتتىڭىز.
— مەن بۇ شەھەردىكى ئەڭ ياخشى ئادەم.
— بۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن.
— نېمىشقا ئىشەنمەيسىز؟
— ئىشقىلىپ ئىشەنمەيمەن، ئەڭ ياخشى ئادەم بۇنداق ئىشلارنى قىلمايدۇ.
دىلمۇرات كۈلۈپ قويدى، كىچىك چامادانىدىن بىر تال كارتىنى چىقىرىپ نادىرەگە تۇتقۇزدى.
— مانا، بۇ كارتىدا ئەللىك مىڭ سوم بار، مەخپىي نومۇرى مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم، مەن ئەڭ ياخشى ئادەم دېسەم ئىشەنمەيسىز، سىزگە شۇنچە پۇللارنى بېرىشىم مېنىڭ ئەڭ ياخشى ئادەملىكىمنى ئىسپاتلاشقا يېتىپ ئاشىدۇ.
دىلمۇرات قىماردا ئۇتتۇرۇۋالغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى.
دىلمۇرات نادىرەنى تۇنجى كۆرگەن كۈننى يادىغا ئالدى. شۇ كۈنى زۆھرە ئۇنى تاماققا باشلاپ كەلگەنىدى. دىلمۇرات نادىرەنى تۇنجى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ قالدى، قىزنىڭ ياشلىقى، ئوماقلىقى، سۈلكىتى دىلمۇراتنى ھەيران قالدۇرغانىدى. ئەتىسى بىر سورۇندىن تارقىغان دىلمۇرات زۆھرەنى چاقىرىپ كەلدى.
— زۆھرە، ھېلىقى دوستۇڭنىڭ ئىسمى نېمە؟
— قايسىسىنىڭ؟
— تۈنۈگۈنكى ... ھېلىقى چىرايلىق قىزنىڭ.
— نادىرە.
— ئۇنى باشلاپ كەلگىن، ياخشىراق تونۇشۇپ قويااي دېگەن.
دىلمۇرات شىر كەيپ ئىدى.
— نومۇس قىلىشنى بىلمەيسىز - ھە ... قاراپ تۇرۇپ شۇ گەپنى قىلامسىز؟
— باشقا گەپنى قويۇپ مەن دېگەندەك قىل، ساڭا بەش مىڭ سوم مۇكاپات بېرىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— قاچان بېرىسىز؟
— ئاۋۋال مەن دېگەن ئىشنى پۈتكۈز.
— سىز هازىر مەست بولۇپ قاپسىز، ئېسىڭىزدە تۇرمايدۇ بۇ گەپلىرىڭىز.

دىلمۇرات تارتمىدىن بىر باغلام پۇلنى ئالدى.

— مانا پۇل دېگەن، مەندىن پۇل ئېلىپمۇ زېرىكمىدىڭ زۆھرە، ئەمدى دېگىنىمنى قىلارسەن؟

زۆھرە پۇلنى سومكىسىغا سالدى.

— ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭىزمۇ؟
— ياق، بىراق ئۇ قىز بەك چىرايلىق ئىكەن، مەن ئۇنداق چىرايلىق قىزنى كۆرۈپ باقمىغان، مەن مۇشۇ شەھەردىكى ئەڭ گۈزەل قىزغا ئېرىشمىسەم بولمايدۇ، چولپاننىڭ كۆزىدە ...
— كىم دېدىڭىز؟
— هېچنېمە ... سېنىڭچە ئۇ قىز چىرايلىقمۇ؟
— چىرايلىق، چىرايلىق بولغاندىمۇ بەك چىرايلىق.
— باشلاپ كەل ...
— قىز بالىغا تويمايدىكەنسىز، دىلمۇرات جىڭلى.
— سەن چۈشەنمەيسەن ... مەن پەقەت ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشنىلا ئويلايمەن، ئۆچ ئېلىشنىلا ئويلايمەن ... خوتۇنۇمنى نېمىشقا قويۇۋەتكىنىمنى بىلەمسەن ... بىلمەيسەن، كۆڭلۈمدىكى ئايالغا ئېرىشىش ئۈچۈن قويۇۋەتكەن، ئەمما مەقسىتىمگە يېتەلمىدىم، شۇنچە بەدەل تۆلەپمۇ ئۇنىڭغا ئېرىشەلمىدىم ... — دىلمۇرات بىردىنلا گېپىنى توختىتىپ قولىنى شىلتىدى، — بولدى، مەن دېگەندەك قىل.

دىلمۇرات نادىرەنىڭ نازۇك ۋۇجۇدىغا قاراپ كۈلۈپ قويدى. چولپان ... سەن مېنى ياراتمىدىڭ، كۆزگە ئىلمىدىڭ، مېنى پۇلدىن باشقا هېچنېمىسى يوق قارا قورساق باي، دەپ ئويلىدىڭ ... ئىسىت، سەن يېنىمدا بولساڭ مەن بۇنداق بىچارە هالغا چۈشۈپ قالمايتتىم، مۇنۇ قىزمۇ مېنىڭ قولۇمدا نابۇت بولمايتتى، خەپ

سەردار، ھەممە بالايىبەتتەرنىڭ سەۋەبكارى سەن، چولپاننى ئىگىلىۋالدىڭ، ھەممە نەرسەمنى نابۇت قىلدىڭ، بۇنىڭ ھېسابىنى بېرىسەن.

دىلمۇرات ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ تورۇسقا قارىدى، نادىرە تېلېۋىزورغا قادالغىنىچە ئولتۇراتتى. مەندەك قاملاشقان ئەركەك، يەتكۈچە پۇلى بار بىر ئەر مۇشۇنداق بىر قىزغا يالۋۇرۇپ ئولتۇرىمەن، خۇدا، پۇلدىن باشقا ھېچنېمىنى تونۇمايدىغان ئاياللارنىڭ دەردىنى ماڭا سالغان بولغىيمىدىڭ؟!

— سىزنىڭ مەن بىلەن توي قىلغۇڭىز يوقمۇ؟ — دېدى دىلمۇرات توساتتىن.

— ياق.

— نېمىشقا؟

— بۇنىڭ سەۋەبىنى سىز چۈشەنمەيسىز.

— چۈشەنگۈم بار.

— مېنىڭ كۆڭلۈمدە باشقا بىرسى بار.

— سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدە نېمىشقا مەن يوق؟

— كىچىك بالىدەك گەپ قىلماڭ.

— كىم ئۇ؟

— بۇنى سىزگە دېمەيمەن.

— مەنمۇ سىزدەك بىر قىزنىڭ سۆيۈشىگە ئېرىشسەم بولاتتى، — دېدى دىلمۇرات نادىرەنىڭ چاچلىرىنى سىلاۋېتىپ. ياش ھەم گۈزەل قىزنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئېرىشكەن بىردەملىك خۇشاللىق ئۇنىڭ كۆڭلىدە داۋالغۇپ تۇرغان غېرىبلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەنىدى.

— توغرا ئويلاپسىز.

— مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى قىز دەل سىز.

دىلمۇرات ئۆزىنىڭ گېپىگە ئۆزى ھەيران قالدى. ئادەم دېگەن بەزىدە ئۆزىنى ئۆزى ئالداشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ.

— يەنە دېسەم يەنە شۇ، بۇ مۇمكىن ئەمەس، — دېدى نادىرە پىچىرلاپ.

— نېمىشقا؟
— دېدىمغۇ، سەۋەبىنى سىز چۈشەنمەيسىز ... ئىككىمىزنىڭ قىلمۇاتقىنى ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس.
— قانداق بولسا ئادەمنىڭ ئىشى بولىدۇ؟
دىلمۇراتنىڭ تېلېفونى جىرىڭلىدى، ئۇ ئاسما مايكا، كالتە ئىشتان بىلەن بىرىپ تېلېفوننى ئالدى، گېپىدىن بىلىنىشىچە، قايسىبىر قىممەت باھالىق تاشقا خېرىدار كەپتۇ، ھەر كىلوسىنى بەش يۈز سومدىن سوراپتۇ، بۇ تاشنىڭ ئېغىرلىقى بىر توننىدىن ئاشىدىكەن.
— مەن ئۆزۈم بارىمەن، ئۇ غوجايىننى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇڭلار ... ھازىرچە ئالتە يۈزسومدىن دېيىشىپ تۇرۇڭلار، قالغىنىنى ئۆزۈم سۆزلىشىمەن.
دىلمۇرات دېرىزىنىڭ ئالدىغا بېرىپ گەپ ـ سۆزسىز تۇرۇپ قالدى، بىردەمدىن كېيىن نادىرەنىڭ ئالدىغا كەلدى.
— سىزگە ھاجىتىم چۈشۈپ قالدى، قولىڭىزغا نەق ئەللىك مىڭنى بېرىمەن ... قىلامسىز؟
— نېمە؟
— بىزنىڭ مىليونلۇق سودىمىز باشلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ، بۇ غوجايىننى قولدىن چىقىرىپ قويغۇم يوق، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇڭ.
— نېمە؟
دىلمۇرات سىيرتىملىق قارا سومكىدىن بەش باغلام پۇلنى ئېلىپ نادىرەنىڭ ئالدىغا قويدى.
— ياق ...
نادىرەنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى، دىلمۇرات بايا بەرگەن كارتا قولىدا تۇراتتى.
— ئەقىللىك بولۇڭ ... سودا دېگەن بەزىدە مۇشۇنداق بولىدۇ ... مانا، يەنە يىگىرمە مىڭنى بېرەي.
نادىرە ئالدىدىكى باغلام ـ باغلام پۇللارغا قاراپ قېتىپ ئولتۇردى.

— مۇشۇنداق ئىشلاردىن نومۇس قىلمامسىز؟
دىلمۇرات سوغۇق كۈلۈپ قويىدى.
— بىلىشىڭىز كېرەك، مەن بۇ شەھەردىكى ئەڭ رەزىل ئادەم، يەنە ئەڭ ئەقىللىك ئادەممۇ مەن.
ياتاقنىڭ ئىچىدە نېمىدۇر بىر نېمە كەمدەك ئىدى.
نادىرە بۇ دۇنيانى مەڭگۈ چۈشىنىپ بولالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەندەك قىلاتتى.
— مەن سىزگە ئامراق دەۋاتاتتىڭىز.
— بۇنچىۋالا جىق گەپ قىلىشىنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟ — دېدى دىلمۇرات زەردە بىلەن. ئۇنىڭ ئاۋازى يىغا قىستىغاندەك تىترەڭگۈ ئىدى.
دىلمۇرات چىرايلىق كىيىنىپ دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇردى. ئۇنىڭ چىرايى ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتارغان، دۇنيادىن ئالالمىغان ئۆچى بار ئادەمدەك ۋۇجۇدىنى، روھىنى غەزەپ ئىگىلىۋالغانىدى. ئۆمۈچۈك توردەك غېرىبلىق لەيلەپ يۈرگەن كۆزلىرى مۇزدەك پارقىرايتتى.
نادىرە ئۆكسۈپ يىغلاۋاتاتتى، سوزۇك كۆز ياشلىرى بايا دىلمۇرات بەرگەن پۇللارغا تاراملاپ تۆكۈلەتتى.
— بىز ماڭايلى، ئۆزىڭىزنى تۇزەشتۇرۇۋېلىڭ، — دېدى دىلمۇرات مۇزدەك ئاۋازدا.
نادىرە ناھايىتى ئېغىر قەدەملەر بىلەن ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى.
نادىرە ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى، نېمە گەپنى ئاڭلاۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمايۋاتقان شۇ دەمدە شەھەر خامۇشلۇق ئىچىدە سوزۇلۇپ ياتاتتى، يولى، ئارزۇسى، كەچمىشلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان نۇرغۇن ئادەملەر قاتارىدا رازىيە بىلەن گۈلپىيە ۋەھىمە ھەم ئۈمىد ئىچىدە كېتىپ باراتتى. ھەممەيلەن يول ئىزدەيمىز، بۇ يول ئىزدەپ ئۆتىدىغان دۇنيا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 41

رازىيە جىمىلىققا چۆكۈپ كەتكەندەك، جىمىلىققا غەرق بولۇپ كەتكەندەك ئىدى، جىمىلىق ئۇنى مەھكەم قارماپ تۇراتتى. ئۇ جىمىلىقتىن قۇتۇلالمايدىغاندەك تۇراتتى. موللامنى ئىزدەپ بارغاندىكى ئىشلار ئەس - يادىنى ئۆرتتۆپە قىلاتتى.

رازىيە شۇ كۈندىكى قورقۇنچنى، شۇ كۈندىكى ئۈمىدنى ئېسىدىن چىقىرالمىسا كېرەك. شۇ كۈنى ئەل ياتقۇ مەھەلدە رازىيە، ئايىمخان، گۈلپىيە ئۈچەيلەن نەشپۈت، ئۆرۈكلەر بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن بىر ھويلىغا كىردى، ئۆرۈك شېخىغا ئېلىپ قويۇلغان لامپۇچكا قىزغۇچ يېنىپ تۇراتتى.

ھويلىدىكى ياغاچ كارىۋاتتا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان كىشى يېرىم يۇمۇلغان كۆزىنى كەلگۈچىلەرگە تىكتى. قارا ساقىلى ئۇنىڭغا سۈر ھەم سىرلىقلىق بەخش ئەتكەندەك ئىدى، رازىيە بۇ كىشىنىڭ نەچچە ياشلاردا ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالمىدى. موللام گۈلپىيەگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ گېپىنى قىردى، ئۇنىڭ چىرايىدىن، كۆزلىرىدىن ھېچنېمىنى ھېس قىلغىلى بولمايتتى. ئۇ كىرگەنلەرگە بىردەم تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى، ئىشىكنىڭ ئاچچىق غىچىلداشلىرى گۈلپىيەنىڭ ئۇزاققىچە ئېسىدىن چىقمايدىغاندەك قىلاتتى.

— يۈرىكىم سېلىۋاتىدۇ، بۇ كىشىنىڭ چىرايىغا قاراشتىن قورقۇۋاتىمەن، — دېدى رازىيە ئاران ئاڭلانغۇدەك ئاۋازدا.

— موللام كۈندە دېگۈدەك جىنلار بىلەن ئېلىشىپ يۈرۈپ مۇشۇنداق سۈرلۈك بولۇپ قالغان، بولمىسا ئۆزى بەك قاملاشقان ئادەم، بۇ كىشىنى بارات موللام دەيمىز، ساقال قويۇۋالغان بىلەن ئۆزى تېخى ياش، ھەرقانداق ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالىدۇ، كۆڭۈلدە شەك بولۇپ قالسا، كېسەل ساقايمايدۇ.

رازىيە ھېچنېمە دېمىدى، دېمى كېسىلىپ، يۈرىكى ئەنسىز سېلىشقا باشلىدى، بىردەمدىن كېيىن ھېلىقى كىشى ئۇزۇن يەكتەك كىيىپ رازىيەلەرنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى، ئۇ يەنە بايىقى جايىغا چىقىپ ئولتۇردى. گۈلپىيەنىڭ كۆزلىرى موللامىغا تىكىلىپ قالغانىدى. موللام كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— ئاراڭلاردا قايسىڭلار مېنى ئىزدەپ كەلدىڭلار؟ — دېدى سالماق ھەم ئېغىر ئاۋازدا.

— مەن، — دېدى گۈلپىيە.

رازىيەمۇ، ئايىمخانمۇ چۆچۈپ كەتتى.

— مۇشۇ ... مۇشۇ قىزىمىزنى ئېلىپ كەلگەندۇق، — دېدى ئايىمخان ھاپىلا ـ شاپىلا. ئۇنىڭ گۈلپىيەگە قاراشلىرى غەلىتە ئىدى، گۈلپىيەنىڭ بايىقى «مەن» دېگەن بىر ئېغىز گېپى ئۇنى ھەيران قالدۇرۇۋەتكەنىدى.

— ئىچكىرى كىرەيلى، — دېدى موللام قولىنى سالماق رەۋىشتە سىلكىپ قويۇپ، — مەن خۇپتەننى ئوقۇۋالاي.

رازىيە بىلەن گۈلپىيە ئايىمخاننىڭ باشلىشىدا بوسۇغىسى ئېگىزرەك بىر ئۆيدىن ئۆتۈپ بۇلۇڭدىكى ئىشىكتىن يەنە بىر ئۆيگە كىرىشتى. ئۆيدىن قانداقتۇر بىرنەرسىنىڭ بەك كونا ھەم سەل كۆڭۈلگە تېگىدىغان ھىدى كېلەتتى. رازىيە بىلەن گۈلپىيە سۇپىغا چىقىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشتى، بىردەمدىن كېيىن موللام كېلىپ قارشى تەرەپكە كېلىپ يۈكۈندى.

— سىز ... — دېدى موللام ئېغىر ئاۋازدا، — بۇياققا كېلىڭ.

موللامنىڭ ئىشارىتى بىلەن گۈلپىيە بىر قەدەم ئالدىغا سۈرۈلۈپ يەنە بايىقىدەك يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. گۈلپىيە بەكلا مۇلايىملىشىپ كەتكەندەك قىلاتتى. موللام يېرىم يۇمۇق كۆزلىرى بىلەن رازىيەگە تىكىلىپ بىردەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن پىچىرلاپ بىرنېمىلەرنى ئوقۇدى ... رازىيەنىڭ سەزگۈسى

www.uyghurkitap.com

خىرەلىشىپ ئۆزىنى بەكلا تەنها ھەم ئاجىز ھېس قىلىپ قالدى. ئايىمخانىمۇ يۈكۈنگىنىچە ئاغزىنى مىتىلدىتىپ دۇرۇت ئوقۇۋاتاتتى.

موللام قولىدىكى تەسۋىنى سىيرىپ پىچىرلاپ بىرنېمىلەرنى ئوقۇشنى داۋام قىلدى، رازىيەگە تىترەك ئولىشىۋاتاتتى.

موللام بىردەمدىن كېيىن گېلىنى قىرىپ قويۇپ رازىيە بىلەن ئايىمخانغا قاراپ دېدى:

— گەپ مۇنداق، بۇ قىز ئون ياشقا كىرگەن چاغدا ئەركەك جىن ئۇنى نىكاھىغا ئېلىۋاپتىكەن، جىن تائىپىسى بەك جاھىل، بۇ قىز جىننىڭ نىكاھىدا تۇرغىلى ئون يىل بولاي دەپتۇ، جىن بۇ قىزنى قولدىن بەرمەسلىك، باشقا ئەرلەرنىڭ ئۇنى نىكاھىغا ئېلىۋېلىشىدىن ساقلاش ئۈچۈن ئۇنى ھەممە ئادەمگە سەت، كۆرۈمسىز، مىجەزى ئوسال، مەرى سوغۇق، سۆرۈن چىراي قىلىپ كۆرسىتىپ مۇشۇ كۈنگە كەپتۇ ... ھەم ئۇ جىن بۇ قىزنىڭ مىجەزىنىمۇ بەك ئوسال قىلىۋېتىپتۇ، بۇ قىزنىڭ ئىچىدە جىن بولغىنى ئۈچۈن ئادەم تائىپىسىدىكى ھەممەيلەن بۇ قىزنى يامان كۆرىدىكەن، ئۆچ كۆرىدىكەن، مۇشۇنداق بولىۋەرسە بۇ قىزنىڭ ئىچىدىكى جىن قىزنى ئەپقاچىدۇ، ئۇ چاغدا بۇ قىز مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدۇ، ئۇنى ئىنسان تائىپىسى تاپالمايدىغان، كۆرەلمەيدىغان قاراڭغۇ جاھانغا ئېلىپ كېتىدۇ.

موللام سىرلىق قارا كۆزلىرىنى يېرىم ئېچىپ رازىيەگە قاراپ قويدى. رازىيە ئاغزىنى ئاچقىنىچە ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ ئولتۇراتتى، كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان ئىش، دېيىلىۋاتقان سۆزلەر ئەقلىنى لال قىلاتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ ھەممەيلەن گۈلپىيەنى ئۆچ كۆرەتتى ... يامان كۆرەتتى. ئۆز دادىسى بولغان شاكىرمۇ ئۇنىڭغا ئۆلگۈدەك ئۆچ، ئۇنىڭ ئۆز پۇشتىدىن بولغان بالا ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ ... رازىيە بىردىنلا ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئۆزىنى گۈلپىيەگە ئۆچ بولۇپ مۇشۇ كۈنگە كەلگەندەك ئويلاپ قالدى.

— جىن بۇ قىزنى دۇئايىبەنت قىلىۋېتىپتۇ، بۇ قىزنى شۇ جىننىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرمىغۇچە ئۇ قايتا توي قىلالمايدۇ، بالىلىق بولالمايدۇ، ھەممە ئادەمنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنىدۇ، ھەتتا دادىسىمۇ ئۇنىڭغا ئامراق بولمايدۇ.

ئۆينى بىردەمگىچە قارا ھەم ئېغىر جىمجىتلىق باستى.

— موللام ... ئۇنداقتا ... — رازىيەنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى تاپالمىدى.

— بۇ قىز ئەسلىي كۆڭلى پاكىز، ئۆزى چىرايلىق، خۇي - مىجەزى يېقىشلىق قىز ئىكەنتۇق، بىراق جىن ئۇنى ھەممە ئادەمگە سەت كۆرسىتىپ مۇشۇ كۈنگە كەپتۇ ... قۇتقۇزمىساق، ئۇنى يېڭى يولغا سالمىساق بۇ قىزنىڭ جېنىمۇ خەۋپ ئىچىدە.

گۈلپىيە توساتتىن ۋارقىرىدە يىغلىۋەتتى. ئارقىدىن ئىچ - ئىچىدىن ھېقىلداپ ئۆكسۈدى.

— موللام . . مېنى قۇتقۇزۇۋالسىلا.

رازىيە داڭ قېتىپ قالدى، ئايىمخان دۇرۇت ئوقۇغاچ بىردە موللامغا، بىردە گۈلپىيەگە قاراپ قوياتتى.

— ئەلۋەتتە خېنىم ... ياش جانلىرى جىننىڭ ئاسارىتىدە قىينىلىپ كېتىۋېتىپتۇ، ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇۋالمىز ... قۇتۇلدۇرمىساق بولمايدۇ. بۇ قىزنىڭ دادىسى قېنى؟

— ئۆيدە قالدى.

— بۇ قىزنى قۇتقۇزۇشنى ئاللا ماڭا ئىرادە قىلدى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى جىن كۈچلۈك ئىكەن، يەنە كېلىپ ئەركەك جىن ئىكەن، جىنلارنىڭ پالۋىنىدەك قىلىدۇ، ئەمما مەن قورقۇپ قالمايمەن ...

موللام چىرايى غەلىتە بولۇپ قالغان رازىيەگە، ئاندىن ئايىمخانغا بۇرىلىپ دېدى:

— بۇ قىزنى ئاپىرىپ ئۈچ كۈنگىچە قىزىلگۈلنىڭ سۈيى بىلەن، زەپەرنىڭ سۈيى بىلەن يۇيۇڭلار، جىننىڭ تاشقى غەلىدە - غەشلىرى چىقىپ كەتسۇن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئېلىپ كېلىڭلار.

موللامنىڭ كېپىنى ئاڭلىغان گۈلپىيە ناھايىتى غۇۋا بىر ھالدا گۈلباھارنى يادىغا ئالدى ... سىرلىق جىن ...

گۈلپىيە مىشىلداپ يىغلىدى، رازىيە ئۇنى قولتۇقلىۋالدى.

گۈلپىيەنىڭ يىغىسى ئۇلغىيىپ بارا ـ بارا ئەۋجىگە چىقتى. رازىيەمۇ يىغلىدى. ھويلىدىكى ئۆرۈكنىڭ قۇشقاچ قونىدىغان بىر تال شېخى كېچە قاراڭغۇسىدا لىڭشىغاندەك قىلاتتى.

— ئۇستىبېشىڭىزنى تۈزىۋېلىڭ، رازىيە، — دېدى ئايىمخان سىرلىق، سوغۇق شىۋىرلاپ، — بۇ گەپنى سىزگە نەچچە دېدىم، بولمىسا ماشايىخلار قارغىۋېتىدۇ، سىز بۇنداق يۈرسىڭىز گۈلپىيەگىمۇ زىيىنى بار.

رازىيە موللامنى تۈنجى كۆرگەن كۈندىكى ئۆرۈكلۈك ھويلىنى، ھويلىدىكى قاراڭغۇلۇقتا ئاجىز يېنىپ تۇرغان چىراغنى پات ـ پات ئېسىگە ئالىدۇ.

رازىيە ئۆرۈكلۈك ھويلىدىن ئۈمىد، ۋەھىمە ئىچىدە سۇغۇرۇلۇپ چىققان شۇ ئاخشىمى، شەھەرنىڭ ئۇزۇن بىر كوچىسىدىكى مۇرات ئىسىملىك بالا سىزىقسىز قەغەزلەرگە ھەسرەتلىك شېئىرلارنى يېزىپ ئولتۇراتتى، ئۇ تېلېۋىزورلاردا ئوقتەك ئۇچۇپ توپ ئويناۋاتقانلارنى، شىددەتلىك جەڭلەرگە كىرىۋاتقانلارنى، سەھنىلەردە قىزىلگۈلگە پۈركەنگەنلەرنى كۆرگىنىدە يېزىۋاتقان شېئىرلىرى تېخىمۇ قايغۇلۇق بولۇپ كېتەتتى. ئۇ بۇلارنى ئاچىسىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. مۇرات شۇ شېئىرلارنى يېزىۋاتقاندا دۇنيادا «HIV» دېگەن نەرسىنىڭ بارلىقىنى خىرە ـ شىرە بىلەتتى، ئەمما ئۇ نەرسىنىڭ غارايىپ قىسمەتلەر بىلەن ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، ئۆزىگە ئەڭ يېقىن بولۇپ قالىدىغانلىقىنى تېخى بىلمەيتتى. نادىرە ئۇنىڭ يۈرىكىگە يالقۇندەك تۇيغۇلارنى، ئۈمىد ـ ئىشەنچكە تولغان قۇۋۋەتلىك ئارزۇلارنى ئاتا قىلاتتى، ئەمما ئۆزىدىن قېچىۋاتقان ئۈمىدنى ناھايىتى تەستە تۇتۇپ بۇ يىگىت ئۆزى جان ـ جىنى بىلەن سۆيگەن قىزنىڭ نە ھالدا ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى.

## 42

دىلمۇرات بىردە مۇزدەك، بىردە ئوتتەك قىزىق ھاياجان ئىچىدە تەمتىرەپ تېلېفوننى باستى:

— زۆھرەمۇ سەن؟

— ھەئە، مەن، — دېدى زۆھرە ئەركىلىگەندەك. ئۇنىڭ تېلېفوندىكى ئاۋازى يېقىملىق ئىدى.

— نادىرە ھازىر نەدە؟ — دىلمۇرات چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ۋارقىرىدى.

— ئۇ ھېلىقى سودىگەر بىلەن تاماق يەۋاتىدۇ، — زۆھرە دىلمۇراتنىڭ قەھرىلىك ئەلپازىغا قاراپ تەمتىرەپ كەتتى.

— ئۇلار ياتاققا كىردىمۇ؟

— ياق.

— ئۇھ، خۇداغا شۈكۈر، سەن دەرھال «ئالتۇن قەسىر» مېھمانخانىسىغا بېرىپ نادىرەنى قايتۇرۇپ كەل.

— بىراق ھېلىقى غوجايىن ...

— ئۇنداق غوجايىننىڭ گېپىنى قوي، ماڭا نادىرە كېرەك ... تېز بول.

— بىراق، سودا ...

— زۆھرە، ئىچىمنى پۇشۇرما، ماڭا ئۇنداق سودىنىڭ كېرىكى يوق، نومۇس قىلىۋاتىمەن، تېز بول، ناۋادا نادىرە بىلەن ھېلىقى سودىگەر ياتاققا كىرىپ قالىدىغان بولسا بوينۇڭنى ئۇزۇپ تاشلايمەن ... نادىرە ئىككىڭلارنى ئىشخانىدا ساقلايمەن.

دىلمۇرات كۆكسىنى ئېغىر بىرنەرسە بېسىۋالغاندەك تىنالماي قېلىۋاتاتتى. ئۇستەلدىكى ئاتنىڭ مىس ھەيكىلىگە قاراپ قويدى، ھەيكەلدىن مىڭ يىللاردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تەنھالىقنىڭ ھىدى كېلىۋاتاتتى، يەنە بىر قارىسا بۇ ھەيكەلدىن پۇل ھەم بايلىقنىڭ سۈرى كېلىۋاتقاندەكمۇ قىلاتتى. دىلمۇراتنىڭ

كۆزىگە ياش كەلدى، ئانىسىنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى قىينىلىشلىرى، ئوت ـ كاۋاپ بولۇپ ھاسىراشلىرى يادىغا يەتتى.

ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتۈپ ئىشخانىغا زۆھرە بىلەن نادىرە كىرىپ كەلدى.

— نادىرەنى نەدىن تاپتىڭ؟ — دېدى دىلمۇرات زۆھرەگە مۇزدەك تىكىلىپ.

— رېستوراندىن، — دېدى زۆھرە ئەلەم بىلەن، — ئۇلار تاماق يەپ بولۇپ قايتىشقا تەييار بولۇپ تۇرۇپتىكەن، ھېلىقى غوجايىن نادىرەنى بەرگىلى ئۇنىماي خېلى جىق غەلۋە قىلدى ... سودىغا تەسىر يېتىپ قالارمۇ دەيمەن.

— ئۇنداق بولمايدۇ، بۇ سودىدىن زىيان تارتسام مەيلى، نادىرەنى ئۇنداق ھايۋانلارنىڭ قولىغا تاشلاپ بەرسەم بولمايدۇ.

زۆھرە دىلمۇراتقا ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى.

— ئۇنى ئۆزىڭىز بۇيرۇغانغۇ؟

— شۇنداق، مەن بۇيرۇغان.

— ئەمىسە يەنە ...

— بولدى، سەن قايتىپ ئارام ئال.

زۆھرە دىلمۇراتنىڭ چىرايىغا قاراشتىن قورقۇپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

جىق ئىچىۋالغان نادىرە ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچىكىگە بېشىنى قويغىنىچە ئۇخلاپ قالغانىدى.

— نادىرەنى قوغدايلى، زۆھرە، — دېدى دىلمۇرات چۈشىنىكسىز بىر كەيپىياتتا، — بۈگۈن بۇ ئىشنى پۈتكۈزەلمىگەن بولساڭ سېنى بوش قويۇۋەتمەيتتىم.

— نادىرەنى ئۇ غوجايىننىڭ يېنىغا ئۆزىڭىز بۇيرۇغانغۇ، — ئىشىك يېنىغا بېرىپ بولغان زۆھرە ھېچنېمىنى چۈشەنمەي بايىقى سوئالىنى تەكرارلىدى.

— شۇنداق، مەن بۇيرۇغان، بولدى، بۇ گەپلەرنى

دېيىشمەيلى، مۇنۇ پۇلنى ئال، ئەمدى قايتساڭ بولىدۇ.

زۆھرە ئۇخلاۋاتقان نادىرەنىڭ تاتارغان چىرايىغا چۇشىنىكسىز نەزەردە قاراپ قويۇپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

دىلمۇرات نادىرەنىڭ گۈزەل رۇخسارىغا قارىغىنىچە ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى، كۆڭلىدە غەلىبە ھەم غۇرۇر شادىمانلىقى بار ئىدى، نادىرەنى ئەڭ خەتەرلىك ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققاندەك كۆرەڭ ئەمما سۆيۈملۈك تۇيغۇدىن راھەتلىنىپ قالدى. شۇنداق، نادىرە بىر قېتىملىق رەسۋاچىلىقنىڭ قۇربانى بولۇشتىن ساقلىنىپ قالدى. نادىرە ئۇخلاۋاتاتتى، دىلمۇرات ئۆزىنى يەڭگىل ھېس قىلغىنىچە ئۇنىڭ ئوماق چىرايىغا تىكىلگەنىدى. ئۇ نادىرەنى يىرگىنىچلىك كوچىغا سۆرەپ كىردى، يەنە بۇ كوچىنىڭ قايسىبىر شەرمەندە يېرىدىن ئۆزى تارتىپ چىقاردى، ئۇ تۇرۇپلا: «نادىرەنى، نادىرەدەك قىزلارنى قۇتقۇزۇۋېلىش بەك مۇھىم ئىكەن» دېگەنلەرنى ئويلاپ قالدى. ۋۇجۇدىنىلا ئەمەس، روھىنى قۇتقۇزۇش تېخىمۇ مۇھىم ئىدى. نادىرە دىلمۇراتقا گۈلپىيەنىڭ گېپىنى قىلىپ بەرگەن، بەلكىم دىلمۇرات بۇ چاغقا گۈلپىيەنى ئۇنتۇپ كەتكەندۇ.

گۈلپىيە ...

## 43

— مەن رەيھاننىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلەي، — دېدى رازىيە، — مەن قايتىپ كەلگۈچە بىر يەرگە بارماڭ، يا بولمىسا ئىككىمىز بىللە بارايلى.

— بولدى، مەن ئۇ چىشى يولۋاسنىڭ ئۆيىگە بارمايمەن، ئۆزىڭىز بېرىڭ، — دېدى شاكىر. ئۇ رازىيەنىڭ ئۇستىبېشىغا قاراپ قويۇپ ئاغزىنى غەلىتە قىيشايتتى.

— بۇ كىيىۋالغانلىرىڭىز نېمە ئەمدى ... ئادەمنى قورقۇتۇپ.

— تۈزۈك گەپ قىلىڭ، شاكىر، — دېدى رازىيە، — مەن ئەمدى يامان يولدىن يانىمەن، مەن بەزى ئىشلارنى چۈشەندىم، بىزنىڭ ئۆيدە جېدەل قۇرۇماسلىقى، بەرىكەتسىزلىك، بىر نەرسىمىزنىڭ ئىككى بولماسلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلدىم، بىزنىڭ دىلىمىز قاراڭغۇ ئادەملەر ئىكەنمىز، باتىل ئارىسىدا يۈرىدىكەنمىز.

شاكىر قېلىن كالپۇكلىرىنى يالاپ ھىجايدى.

— ۋاي - ۋۇي، گېپىڭىزنىمۇ چۈشەنگىلى بولمايدىغان بولۇپ كېتىپتۇغۇ سىزنىڭ، رەيھانىڭكىگە نېمىشقا بارىسىز؟

— ئۆيگە كەل دەپ تېلېفون قىپتۇ، بىرەر ئىشى بولسا كېرەك.

رازىيە ئوشۇقىنى يۆگەپ تۇرىدىغان قارا كۆڭلەكنى كىيىپ، قارا لېچەكنى ئېڭەكلەپ چىگىپ ئۆيدىن چىقتى، خوتۇنىنىڭ غەلىتە گەپ - سۆزلىرى، غەلىتە ياسىنىشلىرى شاكىرنى ھەيران قالدۇرۇۋاتاتتى، ئۇ دېرىزىدىن پەسكە قاراپ رازىيەنىڭ تاكسىغا چىقىپ قورۇنىڭ نېرىسىدىكى تار يولدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ دەرھال چاپىنىنى كىيدى - دە، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

رەيھان رازىيەگە داستىخان راسلاپ چاي قۇيدى، قىزىلگۈل ھىدى كېلىۋاتقان چايدىن يەڭگىل بىر كەيپىيات تارىلىپ تۇراتتى. ئاچا - سىڭىل ئىككىيلەن بىردەم تاغدىن - باغدىن پاراڭلىشىپ ئولتۇردى.

— تۇرقۇڭ سەل غەلىتىمۇ قانداق، ئاچا؟ — دېدى رەيھان رازىيەنىڭ ئۈستىبېشىغا قاراپ قويۇپ، — نېمانداق بىر نېمىلەرنى كىيىپ يۈرىسەن؟

— شۇ، ئەمدى توغرا يولدا ماڭغان تاپقان ئاياللار مۇشۇنداق كىيىنىدۇ، ئۇكام، بولسا سەنمۇ مۇشۇنداقراق كىيىنىپ يۈرگىن.

— بۇ تۇرقۇڭ بولماپتۇ، — دېدى رەيھان، — نېمە ئۇ مۇناختەك بىر نېمىلەرنى كىيىپ يۈرىسەن؟

— مۇناخ دېگەن نېمە ئۇ؟
— دېسەممۇ چۈشەنمەيسەن، سەندەك كىيىنىۋالىدىغانلار ...
— تووا، كۆڭلىنى قارىلىق باسقان ئادەملەر نېمانچە جىقتۇ؟ — دېدى رازىيە، — شاكىرمۇ كىيىملىرىڭ بىرقانداق تۇرىدۇ دەيدۇ، گۈلنىگارغا شۇنچە گەپ قىلسام تەسىر قىلمايمۇ دېمىدى، ئەمدى سەن قوپۇپمۇ يەنە شۇ گەپنى دەيسەن.
— شاكىر جېنىدا بىرنېمە دېگەن بولسا ئەمسە دىققەت قىلساڭ بولغۇدەك، ئۇخلاش بىلەن قورساق تويدۇرۇشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ئاشۇ گۆش كاللا ھەيران قالغان بولسا، سەندە مەسىلە ئېغىر ئىكەن، دىققەت قىل، ئاچا، ھەممە ئىش يولىدا بولسۇن.
— مەن نېمە قىپتىمەن؟
— سەن ھېچنېمە قىلمىدىڭ، ئەمما غەلىتە بولۇۋالدىڭ، يەنە كېلىپ بەكلا ئۆزگىرىپ كەتتىڭ، دىققەت قىل دېگىنىم باشقا گەپ ئەمەس، بېشىڭغا خاپىلىق تېپىۋالما دېگىنىم ... مەن سېنىڭ قېرىندىشىڭ، ساڭا زىيانلىق گەپ قىلمايمەن، ئېرىڭمۇ، سەنمۇ بۈگۈنكى ۋەزىيەتنى چۈشەنمەيسىلەر، سېنىڭ بۇنداق كىيىنىۋېلىشىلىرىڭ ياخشى ئەمەس، گېپىمنى ئاڭلا، ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كېلەيلى، سېنى بۈگۈن كەل دېيىشىمدىكى سەۋەب گۈلپىيەنىڭ ئىشلىرىنى مەسلىھەت قىلىشايلى دېگەن.
— گۈلپىيەنىڭ ئىشلىرى؟ ... — رازىيە ئەندىككەندەك بولۇپ سىڭلىسىغا قارىدى، — گۈلپىيەنىڭ قايسى ئىشىنى دەيسەن؟
— گۈلپىيەنىڭ ئوقۇش ئىشىنى دەيمەن.
— گۈلپىيە ... ئۇ ئەمدى ئوقۇمايمەن دەيدۇ.
— ئوقۇمىسا نېمە ئىش قىلغۇدەك ئۇ؟
— بىلىسەن، گۈلپىيەنىڭ مىجەزى يوق، بۇ ھالدا ئۇ قانداق ئوقۇيدۇ؟
— ئەمىسە داۋالىتايلى.

— مەنمۇ ئۇنى داۋالىتىشنىڭ كويىدا يۈرۈۋاتىمەن، — دېدى رازىيە رەيھاننىڭ كۆزلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ.

— پۇل كېرەك بولسا مەنمۇ بېرەي، گۆش باش ئېرىتكىگە دېگەن، كەتكۈچە خام هاراقنى ئىچىپ سەتلىشىپ يۈرمەي قىزى بولغاندىكىن گۈلپىيەنىڭ ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلۈپ قويسۇن.

— ئۇنى تىللىما، نېمە ئۇ گۆش باش دېگەن؟

— ئېرىتكىنى تىللىسام ئىچىڭ پۇشۇپ قالدىمۇ؟

— ئىچىم پۇشمىدۇ، ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن، ئىككى بالامنىڭ دادىسى تۇرسا.

رەيھان مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. رازىيەنىڭ چىنىسىگە ناۋات سېلىپ ئۈستىدىن چاي قۇيدى.

— گۈلپىيەنى داۋالىتايلى، ئاچا، كېيىن پۇشايمان قىلىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن.

— داۋالىتىۋاتىمىز ... — رازىيە تۇيۇقسىز ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن گەپتىن ئۆزى چۆچۈپ كەتتى.

— داۋالىتىۋاتىمىز؟ قانداق داۋالاتتىڭلار؟

— بۇ ... بىر تېۋىپ كەپتىكەن ... شۇنىڭغا.

رازىيەنىڭ يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ كەتتى، ناۋادا بولۇۋاتقان ئىشلارنى رەيھان بىلىپ قالسا ئاۋارىچىلىك بولاتتى، رەيھاننىڭ مىجەزى چۇس، ئاچچىقى يامان، مۇشۇ مىجەزى بىلەن موللىغا ئوقۇتماقچى بولغان ئىشلارنى ئاڭلىسا بۇنىڭغا ھەرگىز يول قويمايتتى.

— گۈلپىيەنى چوڭ دوختۇرخانىلارغا ئاپىرايلى، كەلدى - كەتتى تېۋىپلار بىلەن ئاۋارە بولغاننىڭ پايدىسى يوق.

— ماقۇل، — دېدى رازىيە يەڭگىل تىنىپ.

ئاچا - سىڭىل ئىككىيلەن ئۇزۇن مۇڭداشتى، رەيھان رازىيەنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى، ئاچىسىغا ھەرقانداق چاغدا ھەمراھ بولىدىغانلىقىنى، ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى، شۇنداقتىمۇ رازىيە رەيھانغا، گۈلپىيەنى موللىغا ئوقۇتماقچى

بولغان مەخلىيەتلىكنى ئېيتمىدى. مولللامۇ، سىدىق قاراباش، ئايىمخانلارمۇ بۇ ئىشنى ئىنس ـ جىنغا بىلدۈرمەسلىكنى بەك تاپىلىغانىدى.

بۇ شەھەرنىڭ تومۇرلىرىدا ھەر خىل قانلار ئاقىدۇ گاھ قويۇق، گاھ سۇيۇق گاھ قىزىل، گاھ قارا ... ساناقسىز ئادەملەرنىڭ بىھېساب نىيەت ـ ئىقباللىرى، ئۇمىتۇلۇشلىرى كۆمۈتىدەك باش ـ ئۇستىمىزدە ئايلىنىپ كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدۇ. ئاشۇ ساناقسىز ئادەملەر ئارىسىدا دىلمۇرات بىلەن چولپان ئاشىقلىق ۋە نەپرەت ئىچىدە گاڭگىراپ يۈرۈشىدۇ.

## 44

دىلمۇرات چولپاننىڭ دۈكىنى ئالدىدا ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى، ماشىنىنىڭ قارا ئەينەكلىرىدىن ئىچىدىكى ئادەمنى كۆرگىلى بولمايتتى، سۈزۈك ئاسمان ئاستىدىكى شەھەرنىڭ شاۋقۇنلىرى ھاياتلىقنىڭ توختاۋسىز ئايلىنىۋاتقان چاقىنىڭ گاھ كۈلكىگە، گاھ يىغىغا ئوخشايدىغان غىچىرلاشلىرىنى ئەسكە سالاتتى. دىلمۇرات تاقەتسىزلىك بىلەن تىتىلداپ تۇرغان دەمدە چولپان چىقىپ كەلدى، چولپاننىڭ ئۇزۇن چاچلىرى دولقۇنلاپ تۇراتتى، چىرايلىق لەۋلىرى كۆڭۈلگە ۋەسۋەسە سالاتتى، ئاھۇنىڭكىدەك كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى، دىلمۇرات چولپاننى كۆرۈپ تەمتىرەپ قالدى.

— چولپان.

— ھە، — چولپان ھودۇقۇپ كەتتى، ئۇ دىلمۇراتنى بۇ يەردە ئۇچرىتىپ قالارمەن دېمىگەنىدى.

چولپان ئەتراپقا قاراپ تۇرۇپ قالدى، كېتىۋېرىشنى يا دىلمۇراتقا بىرنېمە دېيىشنى بىلەلمىدى.

— بىز پاراڭلاشساق بولاتتى، چولپان.

— مەن ئالدىرايتتىم، — دېدى چولپان ھودۇقۇپ.

— بىردەم ۋاقىت چىقارسىڭىز.
— نىمە گەپ ئىدى، قىىنى دەڭ؟
— ماشىنىغا چىقىڭ، بۇ يەردە سۆزلىشىش ئەپسىزغۇ.
— مەن ...

چولپان بىركىملەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك جىددىيلىشىپ قالدى، ئۇنىڭ ھودۇقۇپ تۇرغان تۇرقى سۆيۈملۈك ئىدى.

— ماشىنىغا چىقىڭ، چولپان، بۇنداق تۇرىۋەرسەك خەقلەر كۆرۈپ قالىدۇ.

چولپان ماشىنىغا چىقتى، دىلمۇراتنىڭ ئاق رەڭلىك دالا ماشىنىسى قۇياش نۇرىدا پارقىراپ تۇراتتى، ماشىنىنىڭ ئىچى راھەت ھەم خۇش پۇراق ئىدى.

— بەك جاپا تارتىپ كېتىۋاتىسىز، — دېدى دىلمۇرات كەينىگە بۇرۇلۇپ.

— ياق، مەن بىر ئوبدان ئۆتۈۋاتىمەن.
— بۇ كىچىك دۇكاننىڭ كىرىمى قانچىلىك بولماقچىدى.
— ماڭا مۇشۇ دۇكاننىڭ كىرىمى يېتىپ ئاشىدۇ.
— ئەسلىي خىزمىتىڭىزنى قىلىۋەرسىڭىز ياخشى بولاتتى.
— قىلغۇدەك يېرى بولسا قىلىۋېرەتتىم.
— ئۇ باشلىق ئايال سىزگە نېمىشقا ئۆچلۈك قىلىدۇ؟
— بىلمەيمەن، خىزمەتتىن ئىستېپا بېرىشىمنى ئۇ ئايالدىنلا كۆرگىلى بولمايدۇ، ئەسلىمۇ ئۆز ئالدىمغا بىر ئىش قىلىپ بېقىش نىيىتىم بار ئىدى.
— سودىغا پىششاق تۇرۇڭ، بىر كۈنلەردە مېنىڭ شىركىتىمدە بىللە ئىشلەرمىز.
— بۇلارنى دېيىشمەيلى، گېپىڭىز بولسا تېز دەڭ.

دىلمۇرات ماشىنا ئەينىكىدىن چولپاننىڭ چىرايىغا تىكىلگىنىچە ئولتۇردى. بىر قىسمەتتىن دىلمۇراتنىڭ بارلىق بەختى چولپاننىڭ ۋۇجۇدى ھەم روھىنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق

بولۇش ـ بولماسلىقىغا باغلىق بولۇپ قالدى. ماشىنىنىڭ قارا ئەينەكلىرىدىن سىرتتىكى ئادەملەرگە، ماشىنىلارغا قاراپ ئولتۇرغان چولپان سائىتىگە قاراپ قويدى.

— سىزنى نەگە ئاپىراي؟ — دېدى دىلمۇرات كۆڭلىدىكى ئاچچىق ھاياجاننى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ.

— ھېچ يەرگە، گېپىڭىز بولسا تېز دەڭ، مەن ئالدىرايمەن.

— مەن دەيدىغاننى دەپ بولغان، يەنە دېسەم يەنە شۇ گەپ، — دېدى دىلمۇرات.

— مەنمۇ دەيدىغاننى دەپ بولغان، يەنە دېسەم يەنە شۇ.

— مېنى بىركىم ۋەيران قىلىۋېتىدۇ، دېسە بۇ ئادەم دەل سىز، چولپان.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— مەن سىزگە ئېرىشەلمىسەم ۋەيران بولۇپ كېتىمەن، تۈگىشىپ كېتىمەن ... بۇنى سىزگە بەك جىق دەپ كەتتىم، سىز بۇلارنى تولۇق چۈشىنىسىز.

چولپان لېۋىنى چىشلىدى. ئۆزىنى دىمىقىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ قالدى، ئۇ مۇشۇنداق چاغدا سەردارنى ئەسلەپ قالاتتى.

— بۇنداق دېمەڭ، سىزنى ياخشى كۆرىدىغانلار چىقىپ قالىدۇ، مېنى دېسىڭىز ... مۇمكىن ئەمەس، مەن سىزگە نەچچە قېتىم دېدىم.

— مېنى ياخشى كۆرىدىغانلار ناھايىتى نۇرغۇن، ئەمما ئۇلارنى مەن ياخشى كۆرەلمىدىم، يەنە كېلىپ كۆپىنچىسىنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنى مەن ئەمەس، مېنىڭ پۇلۇم ... پۇلۇمنىڭ جىقلىقىدىن كۆرەڭلەپ يۈرسەم بولاتتى، بىراق مەن بىچارە بولۇپ قېلىۋاتىمەن.

— ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغانلار چىقىدۇ.

— ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغانلار چىقىدۇ دەڭ ... ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت.

چولپان دېمى سىقىلغاندەك قىمىدىنىپ قويدى، بىر ساقچى

ماشىنىسى قىزىل ـ يېشىل چىرىغىنى چاقناتقىنىچە ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى.
— مېنىڭ نەرىم بولمايدۇ؟ — دېدى دىلمۇرات زەھەرلىك كۈلۈمسىرەپ.
— مەن سىزنى بولمايدۇ دېمىدىم.
— ئەمىسە نېمىشقا قوشۇلمايسىز؟
— سىز يامان بولمىغىنىڭىز ئۈچۈنلا سىزنى ياخشى كۆرۈشۈم مۇمكىن ئەمەس، بۇ بىر ـ بىرىگە ئالاقىسى يوق ئىشلار.
— سىز مېنى ياراتمايسىز، شۇنداقمۇ؟
— ئۇنداق ئەمەس.
— ئەمىسە نېمىشقا؟
— مەن سىزنىڭ دەل مۇشۇنداق يېرىڭىزنى يامان كۆرىمەن، سىزنىڭچە بىر ئادەم ياخشى بولسىلا ياخشى كۆرۈشۈم كېرەكمۇ، بۇ جاھاندا نەدىمۇ ئۇنداق قائىدە بولسۇن؟!
— مەن بىلىمەن، سىز ئۆزىڭىزنى چوڭ چاغلايسىز، شۇڭا ماڭا نەزەر كۆزىڭىزنى سالمايسىز.
— ئۇنداق ئەمەس ... سىز چۈشەنمەيسىز.
— مەن سىلەردەك كىتاب خالتىسى ئادەملەرنىڭ بىزدەكلەرنى پۇلدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق، دەپ زاڭلىق قىلىدىغانلىقىڭلارنى بىلىمەن، ئەمما مەن پۇلدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق پۇلدارلارغا ئوخشىمايمەن، سىز مېنى چۈشىنىپ باقسىڭىز بولاتتى.
بىز بەزىدە بۇ جاھاندا پۇلنىڭمۇ كۈچى يەتمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى قايتا ـ قايتا ھېس قىلىپ قالىمىز.
— مەن سىزنى ئەزەلدىن ئەيىبلەپ باقمىدىم، بىراق كۆڭۈلنىڭ ئىشىغا بىرنېمە دېمەك تەس، — دېدى چولپان بىئارام بولغىنىچە.
— مەن بىلىمەن، ھەممىنى بىلىمەن، سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى

كىمنىڭ ئىگىلەپ كەتكىنى ماڭا ئايان.

چولپان ماشىنىنىڭ سائىتىگە قاراپ قويدى، سىپىرلىق سائەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قوش چېكىتنىڭ ئۆچۈپ يېنىپ لىپىلداشلىرى يۈرەكنىڭ سېلىشلىرى، ھايات دەملىرىنىڭ تەكرارلىنىشىغا ئەمەس، تەكرارلانماي ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىغا بېشارەت بەرگەندەك كۆرۈنەتتى.

— سىز نېمىنى بىلىسىز؟

چولپاننىڭ مىختەك قادىلىشلىرى دىلمۇراتنىڭ ئەسەبلىرىنى تارىدەك چىڭىتىۋەتتى.

— مېنى دېيىشكە مەجبۇر قىلماڭ، ئەمەلىيەتتە سىزنىڭ قىلىۋاتقانلىرىڭىز پۈتۈنلەي خاتا ئىش، ئائىلىسى بار ئەر بىلەن سۆرىشىپ يۈرۈشلىرىڭىز سىزنىڭمۇ ياخشى ئايال ئەمەسلىكىڭىزنى ئىسپاتلايدۇ.

— دەل تاپتىڭىز، سىز مېنىڭ ياخشى ئايال ئەمەسلىكىمنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە نېمىشقا ماڭا يېپىشىۋالىسىز؟

— بۇ جەھەتتە مەنمۇ ئۆزۈمگە ھەيران.

— مەن كېتەي، دىلمۇرات، بىز بۇنداق گەپلەرنى دېيىشىپ يۈرمەيلى.

— سىز مېنى ۋەيران قىلىۋېتىدىغان بولدىڭىز.

چولپان ھېچنېمە دېمەي ماشىنا ئىشىكىنى ئاچماقچى بولۇۋىدى، دىلمۇرات پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن ئېگىلىپ چولپاننىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.

— كۆنلەرنىڭ بىرىدە دىلمۇرات بىرەر بالا ـ قازا بىلەن تۈگىشىپ كېتىپتۇ، دەپ ئاڭلاپ قالسىڭىز، مېنىڭ سەۋەبىمدىن بولدى، دەپ ئويلاشنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

دىلمۇراتنىڭ ئاۋازى يىغلىغاندەك چىقىپ كەتتى.

— ئۇنداق بولمايدۇ.

— سىز ئۆمۈر بويى ۋىجدان ئازابىدا قالىسىز، چولپان... مەندىكى كۆيۈك ئادەتتىكى كۆيۈك ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— مېنى تەڭلىككە سالماڭ.
— مېنىڭ نەرىم بولمايدۇ؟
— ھەممە يېرىڭىز بولىدۇ.
— ئەمىسە نېمىشقا ياق دەيسىز؟
— مېنى تويدۇرۇۋەتتىڭىز، بولدى قىلىڭ، بايا ھەممىنى دېدىم، مېنىڭ ئىشىم بار ... — چولپان ماشىنىدىن چۈشۈپ تېز ـ تېز مېڭىپ كېتىپ قالدى، دىلمۇرات ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپلا قالدى، دىلمۇراتقا تەۋە بارلىق خۇشاللىق ھەم بەخت چولپان بىلەن بىللە ئۇنىڭدىن بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى.
ئادەملەر ئارىسىدا كۆزدىن يىتكەن چولپانغا قاراپ كۆزى تالغان دىلمۇرات تېلېفوننى قولىغا ئالدى.
— زۆھرە، سەن نەدە؟
— مەن ئىشخانىدا.
— ئون مىنۇت ئىچىدە دەرھال يېنىمغا كەل.
— سىز نەدە، غوجايىن؟
دىلمۇرات گەپ قىلماي تۇردى.
— سىز نەدە غوجايىن؟ ھازىرلا باراي.
— بولدى، كەلمە.
دىلمۇرات تېلېفوننى بېسىۋېتىپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن ساجىدەگە تېلېفون بەردى.
— جېنىم ... سىز نەدە؟ — دېدى ساجىدە تېلېفوننى ئېلىپلا ئەركىلەپ.
— مەن ھېچ قەيەردە ئەمەس.
— نېمە دېدىڭىز؟
— مەن يوق.
— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ئەمدى؟
— سەن چۈشەنمەيسەن ... سەن دېگەن دۆت خوتۇن.
— ئۇنداق دېمەڭ، جېنىم ... سىز ئۇچۇن جېنىم پىدا مېنىڭ.

— دەرھال يېنىمغا كەل، ساڭا بەش مىڭ سوم بېرىمەن.
— نېمە؟ ... راستىما ... سىز نەدە؟
— مەن ئاقتېرەك سودا سارىيىنىڭ ئالدىدا.

دىلمۇرات بايا چولپان ئولتۇرغان ئورۇنغا قاراپ قويدى، جەننەت ئۇنىڭ يېنىدىن كەتكەندەك قىلاتتى، كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرگەنلەر ياخشى كۈن كۆرمەيدۇ، دېيىشىدۇ. بىرسىنىڭ ئۆزىنى سۆيمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ، بىراۋغا تەلمۈرۈپ ئۆتۈشنى كىم خالايدۇ؟ ئەمما، كۆڭۈل دېگەن كەينىگە كىرەي دەپ كىرگىلى، كىرمەي دەپ كىرمەي تۇرغىلى بولىدىغان نەرسە بولمىسا ... دىلمۇراتنىڭ كۆڭلىگە لىققىدە غەزەپ تۇشۇپ كەتكەندى. دىلمۇرات تېلېفوننى ئاختۇرۇپ، گۈلنىگارنىڭ نومۇرىغا قاراپ ئۇزۇن ئولتۇردى.

«سەردار ... ئىتنىڭ بالىسى، ھەممە تەلەي ساڭا نېسىپ بولۇۋاتىدۇ، ئەڭ چىرايلىق ئاياللار سېنىڭ، ھۆرمەت ـ ئىززەت سېنىڭ ... ھەممە ئادەم سەندىن ئەيمىنىدۇ، سەندە ھوقۇق يوق، پۇل يوق، ئەمما نۇرغۇن ئادەم يەنە ساڭا چوقۇنىدۇ، سېنى چوڭ بىلىدۇ، چولپانمۇ شۇ قايىنامغا كىرىپ كەتكەن ...»

ئۇ گۈلنىگارنىڭ نومۇرىنى باستى، تېلېفون ئۇلاندى، دىلمۇرات دەرھال ئۇلىنىشنى بىكار قىلىۋەتتى، جۈرئەتسىزلىك كۆڭلىنى قارماپ كەتكەندى.

ماشىنا ئىشكى ئېچىلىپ كۈچلۈك ئەتىر ھىدىنى ئېلىپ ساجىدە ماشىنىغا كىردى.

— تىنچلىقمۇ ئامرىقىم؟ — دېدى ساجىدە ۋە سوزۇلۇپ كېلىپ دىلمۇراتقا ئېسىلىپ ئۇنىڭ مەڭزىگە سۆيدى، — تېلېفونىڭىزنى ئېلىپلا ئۇچۇپ كەلدىم.

— ئېرىڭ ئۆيدە يوقمۇ؟

— يوق، بولسىمۇ سىز چاقىرسىڭىز چىقىۋېرىمەن، مېنىڭ باھانە ـ سەۋەبلىرىم جىق ... سىز نېمە دېسىڭىز شۇنى قىلىمەن.

— ئېرىڭ نەدە؟
— ئۇ يېزىغا كەتكەن، بىلىسىز، شەھەردىن ئىككى ئۈچ - يۈز كىلومېتىر كېلىدىغان جاي ئۇ، كۆپ بولسا ھەپتىدە بىر قېتىم ئۆيگە قايتالايدۇ.
— ئۇ ساڭا يامانلىق قىلمىغاندۇ؟
— ۋاي - ۋۇي، سىز ھەممىنى بىلىسىزغۇ، ئۇ بەك ياۋاش، نېمە دېسەم شۇنى قىلىدۇ، بىراق ھازىر خەتەرلىك بولۇۋاتقىنى رەنا.
— ئېرىڭ ياۋاش، ياخشى ئادەم، چۈشەندۈرمىسەڭمۇ ئۇبدان بىلىمەن، ئۇ ماڭا قېيىنئاكا بولغان، مەنغۇ بىر نۆرى، سەن نېمىشقا شۇنداق بىر ياخشى ئادەمگە مۇشۇنداق قىلىسەن؟
ساجىدە ھەيران بولغاندەك چىرايلىق قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ تەمتىرەپ قالدى.
— بۇ ... قانداق گەپ ئەمدى، جېنىم؟ ... نېمىشقا بۇنداق گەپ قىلىسىز؟
— بۇمۇ قىزىق جاھان ئىكەن ... بىز ئەسلى بۇنداق پاسكىنا يولدا ماڭمىساق بولاتتى ... بىز نېمىشقا مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىپ يۈرىمىز؟
— مەن سىزگە ئاشىق، جېنىم.
دىلمۇرات مەسخىرىلىك ھىجايدى.
— قاراپ تۇر، ساجىدە، مېنىڭ كۆرىدىغان كۈنۈم بار، مەن ھامان بىر كۈنى مۇشۇ ئىشلارنىڭ جازاسىنى تارتىپ قالىمەن، مەن بۇنداق ئىشنى قىلىپ يۈرسەم بولمايتتى ... بۇ جاھاندا ياخشىلىقنىڭمۇ، يامانلىقنىڭمۇ ھېسابى بار ... جازاسىنى تارتىپ قالىمەن.
ساجىدە دۇدۇقلاپ دىلمۇراتقا ياندىن قارىدى.
— جېنىم ... بۇ گەپلەرنى ماڭا دەۋاتامسىز؟ ... مەن سىزدىن ئايرىلالمايمەن.
دىلمۇرات ياندىكى سومكىدىن بىر تۇتام پۇلنى ئېلىپ

ساجىدەگە ئۇزارتتى.

— مە ... بۇ پۇلنى ئېلىپ ئىشىڭنى قىل.

ساجىدە پۇلنى ئېلىپ ھاياجاندىن قىزىرىپ كەتتى، كۆزلىرى چەكچەيدى، ئاندىن بارمىقىغا تۈكۈرۈپ پۇلنى ساناشقا باشلىدى.

— كېيىن سانىۋال، — دىلمۇرات سىرتقا قاراپ تۇرۇپ زەردە قىلدى.

— ماقۇل.

— بولدى، ئەمدى كەت.

ساجىدەنىڭ گاڭگىرىغان كۆزلىرى خۇنۇك كۆرۈنەتتى.

— ياتاققا بارمامدۇق؟

— ياق.

— قاچان بارىمىز؟

— كېيىن، بولدى، ئىشىڭ تۈگىدى، ئەمدى كەتكىن.

ساجىدە چۈشۈپ كەتتى، ماشىنىدا ساجىدەدىن قالغان ئەتىرنىڭ ھىدى لىققىدە ئىدى، بۇ پۇراقلار دىلمۇراتقا بەتبۇي نەرسىدەك تەسىر قىلدى.

دىلمۇرات بىردەملىك قانائەت تاپقاندەك بولدى، دۇنيانىڭ شەپقەتسىز ھاياجانلىرى ئۇنى مەھكەم قارماپ تۇراتتى. ئۇ ئۈچ ئالدى، پۇل بىلەن بىر ئايالنى بىچارە قىلىۋەتتى، پۇل بىلەن بىر ئايالنىڭ ۋىجدانىنى، ئەقىدىسىنى پايخان قىلىۋەتتى. ساجىدەدىمۇ ۋىجدان، ئەقىدە دېگەن نەرسىلەر بار ئىدى، ئەمما ئۇ دىلمۇراتنىڭ پۇلى بىلەن ۋەيران بولۇپ كەتتى.

ھايات بەك ئاددىي داۋام قىلىۋاتقاندەك ئىدى. بەك كونا، بەك جۇلۇقى چىقىپ كەتكەن تەرزدە داۋام قىلىۋاتقاندەك ئىدى.

دىلمۇرات تەنھالىقنىڭ ئاچچىق چاڭلىرى بىلەن بۇلغانغان ماشىنا ئىچىدە بىردەمگىچە پىكىرسىز ئولتۇردى، ئاندىن ماشىنىنى قوزغاپ شەھەرنى ئايلىنىشقا باشلىدى، بىرەر سائەت چۆرگىلىگەندىن كېيىن ھەممە كىشى سەسكىنىدىغان بىر كوچىغا ماشىنىنى قايرىدى. ئۇ ئۆزىدىن، ئۆزىنىڭ

تۈيغۇلىرىدىن، يۈرىكىدىكى ئۆچمەس ئوتلىرىدىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن شۇ يەرگە ماڭدى. ئەينەك ئىشىكلەرنىڭ ئىچىدىكى يېرىم يالىڭاچ ئاياللار سىرلىق ئىشارەتلەر بىلەن يانلىرىغا چاقىراتتى. دىلمۇرات ئۆزىنىڭ ناھايىتى پەس ھەم بىتايىن ئىشنى قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ ماشىنىنى توختىتىپ كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە بىردەم تۇرۇپ قالدى، ئوتتەك قىزىق، بەكمۇ بىچارە تۈيغۇلىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن، ئىچىدىن قىزغۇچ نۇر يۇرقۇلۇپ تۇرغان ئەينەك ئىشىكلىك بىر ئۆيگە كىردى، كۆزلىرىدىن قۇۋۇلۇق ھەم ئاچ كۆزلۈك چىقىپ تۇرىدىغان، مايمۇندەك ياسىنىۋالغان غوجايىن ئايال دىلمۇراتنىڭ ئالدىغا كەلدى، دىلمۇرات گەپ قىلمايلا مىڭ سوم پۇلنى ئايالغا تاشلاپ بەردى، ئايالنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى، ئۇ كەينىگە بۇرىلىپ بىرنىمە دېيۋىدى، يېرىم يالىڭاچ ئىككى قىز چىقىپ دىلمۇراتنىڭ ئىككى قولىغا بىردىن ئېسىلىپ ئۇنى ئىچكىرىگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى.

— ئاھ ئىسىت ...

دىلمۇرات قىزلارنىڭ يۇمشاق قوللىرىدىن كېلىۋاتقان غەلىتە ھەم سىرلىق تۈيغۇلارنى ھېس قىلغىنىچە شۇنداق پىچىرلىدى.

كېيىنكى كۈنلەردە، دىلمۇرات نادىرەنىڭ يېنىك تىنىقلىرىنى ئاڭلاپ ياتقان دەملەردە، چولپان بىلەن ماشىنىدا دېيىشكەن سۆزلەرنى، ساجىدەنىڭ پۇل ساناشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ، بىچارە ئادەملەرنى كۆرۈپ ئۆزىگە تەسەللى تاپقان دەملەردىكى غەلىتە تۈيغۇلىرىنى ئەسلەيدۇ.

شەھەر مەركىزىدىكى ئون بەش قەۋەتلىك بىنانىڭ بەشىنچى قەۋىتىدىكى بالكوندا چوكا چوڭلۇقىدىكى قونداقنى چىڭ قاماپ، مۆكدەپ ئولتۇرغان رەڭدار قۇش ئادەملەرنىڭ بەختلىك ياشاشنى بىلمەيدىغان دۆتلۈكى ھەققىدە خىيال سۈرۈۋاتقاندەك، ئويغاق يا ئۇخلىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان ھالدا جىممىدە

ئولتۇراتتى.

رەڭدار قۇشقا ھەسرەتلىك نەزەردە قاراپ ئولتۇرغان ئايال دىلمۇرات، ساجىدە دېگەنلەرنى ئويلاپ قالاتتى، نادىرە توغرۇلۇق خىيال قىلاتتى. نادىرەدەك بىر مەسۇم قىزنىڭ مۇشۇ دۇنيانىڭ پاسكىنىچىلىقلىرىنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكىنىدىن پۇشقۇنۇپ يۈرىكى ئېچىشاتتى.

رەڭدار قۇشتەك تەنها بىر قىزنىڭ ئۆچمەنلىكتىن مەنە ئالغان خىياللىرى شەھەرنىڭ شاۋقۇنلۇق غېرىبلىقى ئارىسىدا كېزىپ يۈرەتتى.

## 45

نادىرە.

ئەيدىز.

ئۆلۈم.

شەھەرنىڭ يورۇق كوچىلىرىنىڭ بىرىگە جايلاشقان ئۆيگە تەنھالىق لىققىدە تولغانىدى.

بۇ تەنھالىقنىڭ ھىدى سىم - سىم يامغۇر ياغقان كۈندىكى نەم ھىدقا ئوخشاپ كېتەتتى.

ئۆلۈمنىڭ ھەرخىللىرى بولىدۇ، ھەر خىل ئۆلۈمنىڭ ئىچىدىكى بىرى شەرمەندە ئۆلۈم.

«مەن شەرمەندە ئۆلۈمدە كېتىدىغان بولدۇم، مەن تۈگەشتىم. مەن ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىدىم، ئادالەتسىزلىك بولدى، مەن ئۆچ ئالىمەن!»

نازۇك بىر قىزنىڭ ئاپپاق يۈرىكىدە شۇم نىيەتنىڭ كۆلەڭگىلىرى قۇتراپ يۈرەتتى.

«مەن ئۇن ئادەمگە يۇقتۇرسام، ئون ئادەم ئون ئادەمگە يۇقتۇرسا، بۇ سان يۈزدىن مىڭغا، مىڭدىن ئون مىڭغا ... كۆپىيىدۇ.»

www.uyghurkitap.com

نادىرە ئۆزىنىڭ خىيالىدىن ئۆزى قورقۇپ كەتتى. بەزى ئادەملەر ئۆزىدىن ئۆزى قورقىدۇ.

نادىرەنىڭ پېشانىسى سوغۇق تەرلىدى.

«ياق ! مەن ئۇنداق قىلسام بولمايدۇ. مەن پەقەت دىلمۇراتنى ئۆلتۈرۈۋەتسەم بولاتتى. مەن ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالسام بولاتتى.»

نادىرە قاراڭغۇ ئەسلىمىلەرنىڭ ئىچىدىكى يورۇق ساھىلغا چىقىپ قالدى.

— ساڭا بىر ئىش بولۇپ قالسا مەن ياشاپ بولالمايمەن، نادىرە.

مۇراتنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى نادىرەگە مۇراتنىڭ ھەممە گېپىنىڭ راستلىقىغا گۇۋاھلىق بىرەتتى.

— ئۆچ ئالسام بولمايدۇ، مۇرات ئۇچۇن ياشىمىسام بولمايدۇ.

نادىرە ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان ئۆزىگە شۇنداق دېدى. ئەيدىنىڭ يۈزىدىكى ھەر ئىنساننى سوغۇق تەرلەتكەن بالايى ـ قازا، شۇنچە نۇرغۇن ئادەم ساق ـ سالامەت تۇرغان دۇنيادا بۇ كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز لەنەتلىك نادامەت نادىرەگە يېپىشىۋالدى. نادىرە گاڭگىرايدۇ، غەزەپ بىلەن ۋەھىمە، ئۆچمەنلىك بىلەن قورقۇنچ ئۇنى مەھكەم ئىسكەنجىگە ئېلىپ جىنىنى مۇستەھكەم چىشلىرى بىلەن ئاغرىتىپ چىشلەپ تۇرىدۇ.

نادىرە مۇرات بىلەن سىم ـ سىم يامغۇر ياغقان كۈنلەردە، دەريا بويىدا قوغلىشىپ يۈرۈپ چۈش كۆرىدىغاندۇ، بۇ چۈشنى تەكرار كۆرىدىغاندۇ ... بىر ئادەم قانداق چۈشلەرنى كۆرسۇن، قانداق ئېگىز قىيالاردىن يىقىلسۇن، قانداق غايىلەرگە تەلپۈنسۇن، نېسىپ كۈنلەر قايسى ھالدا بولسۇن، ياشاشنىڭ ئۆزىلا كاتتا نېمەت.

«مەن نېمىشقا ئۆچ ئالىمەن؟»

نادىرە خىيال بىلەن كېچىلەرنى تاڭغا ئۇلايدۇ.

«مەن نېمىشقا ئۆچ ئالمايمەن؟ مەن ئۆچ ئالىمەن، مەن پاك قىز ئىدىم، ئەمما ئەمدى جاھاندىكى ئەڭ مەينەت ئادەمگە

ئايىلاندىم، نېمىشقا مەنلا مۇشۇنداق بەدەل تۆلىگۈدەكمەن؟ دىلمۇراتتىن ماڭا يۇقتى، دىلمۇراتقا بىرسىدىن يۇققان، ئۇنىڭغا يەنە بىرسىدىن ...»

نادىرەنىڭ يۇلتۇزلۇق خىرە ئاسمىنىدا ناھايىتى غەلىتە كەچمىشلەر كېزىپ يۈرەتتى.

«ناۋادا مەن ئۈچ ئېلىشتىن ۋاز كېچەلمىسەم بىر ئاپەتكە ئايلىنىمەن، شۇنداق ھالدا، مەن يەر يۈزىدىن يوق بولسام، بىر ئادەم، ئىككى ئادەم ... ئاخىرىدا نەچچە يۈز، نەچچە مىڭ ئادەم ئامان قېلىشى مۇمكىن. مەن بىر بالا ـ قازغا ئايلاندىم، مەن نادامەتكە ئايلاندىم.

كەتسەم بولاتتى ...

ئۈچ ئېلىش ...»

توشقانغا ئوخشايدىغان، قۇشقاچتەك يېقىملىق بىر قىزنىڭ قاراڭغۇلاشقان ئەس ـ يادىغا ئۈچ ئېلىش دەيدىغان بىر خىيال كىرىۋالدى، بىراق ئۇ قانداق ئۈچ ئېلىشنى بىلمەيتتى. مۇرات يادىغا يەتكەندە كۆڭلىدىكى قاراڭغۇلۇق ئاستا ـ ئاستا يورۇپ، سۇزۇكلىشىپ قالاتتى.

نادىرەنىڭ ئەسلىمىلىرى ۋە مۇرات بىلەن غايىبانە مۇڭدىشىشلىرى ئارىلىشىپ كېتەتتى.

— مۇرات.

— ھە.

نادىرەنىڭ مۇراتقا دەيدىغان گېپى بەك جىقتەك ئىدى، بىراق دەماللىققا نېمە دېيىشىنى بىلەلمىدى، بىرنېمىلەرنى دېمەكچىدى، بىرنېمە دېمەكچى بولغانىدى. مۇراتتىن كەچۈرۈم سورىسا، ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىن بالدۇرراق كېتىشىنى قارار قىلغانلىقىنى، ۋەھىمىلىك ئالۋاستىلارنى يودۇپ يۈرگەن ۋۇجۇدى بىلەن روھىنى بۇ دۇنيادا بەك ئۇزۇن سۆرەپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى قالمىغانلىقىنى، ياشاپمۇ ياشاپ بولالمايدىغانلىقىنى دېمەكچىدى.

— ساڭا مەڭگۈ يۈز كېلەلمەيمەن.

— نېمىشقا ؟
— سېنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان مەن.
— ياق، بۇ دېگەن تەقدىر، تەقدىردىن بولدى .
— ئەمما سەۋەبكارى مەن.
— بۇ گەپلەرنى دېيىشمەيلى، كۆڭلۈمدە بىر خۇشلۇق بار، نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟
— نېمە؟
— ئىككىمىزدىن خۇش بولىمەن، نېمىدىن دەمسەن؟ شۇ چاغدا سېنى قۇتقۇزۇۋالغانلىقىمغا خۇش بولىمەن، ناۋادا، سەن خەتەرلىك ھالدا تۇرغىنىڭدا ھاڭقىيىپ، قورقۇپ تۇرغان بولسام، مەن ھازىرقىدىنمۇ بەكرەك قىينىلىپ كېتەتتىم.
— ئەمما ...
— ھېچنېمە دېمىگىن، سەن بولساڭلا مەن خاتىرجەم، چىرايىڭدا پەرىشانلىقنى كۆرسەم، سەندىن بەكرەك غەمكىن بولۇپ كېتىمەن ... بۇنى ئۇقۇپ ياق.
نادىرە قاتلانغان قەغەزنى ئاچتى. سىزىقسىز قەغەزدە مۇراتنىڭ ئۇنىڭغا تونۇش، تېز ھەم ئېلىپ يېزىلغان چىرايلىق خېتى بىلەن يېزىلغان شېئىر تۇراتتى.

غەمكىنلىك،
تارت پاسكىنا لېۋىڭنى مەندىن يىراق،
مەن سۆيۈلۈشكە تەشنا تەنھا بىر قۇشمەن.
ئەمما
يىرگىنىمەن سېنىڭ سۆيۈشۈڭدىن،
خىيالىمغا كىرىشىڭدىن،
قۇچىقىڭغا چىللاشلىرىڭدىن،
بوسۇغا ئاتلاپ يۈرىكىمگە قەدەم بېسىشىڭدىن،
يىرگىنىمەن،
يىرگىنىمەن بۈگۈن ھەم ئەتە،

ئەته، ئۆگۈن يىراق كەلمىشتە،
چۈشلىرىڭگە كىرىشىمدىن،
چۈشلىرىمگە كىرىشىڭدىن،
يىرگىنىمەن مۈزدەك غەزەپتە،
ساڭا يەم بولسا، ھەتتا ئۆزۈمدىن.

نادىرەنىڭ كۆزلىرى قىزاردى، بۇرنى ئېچىشىپ يىغا ياماشتى، ئۇنىڭ مەڭزىدىكى چىرايلىق زىنىخى كۆزگە ئىسسىق كۆرۈنەتتى.

— سەن بەختلىك ياشىساڭلا بولدى، مەن شۇنىڭغا رازى، سېنىڭ پەرىشانلىقىڭنى كۆرسەم چىداپ تۇرالمايمەن. مېنى خۇش بولسۇن دېسەڭ خۇشال يۈر.

— ساڭا دەيدىغان بىر گەپ بار ئىدى.

— قېنى دېگىن.

— مەن ... — نادىرە گەپنى قانداق دېيىشنى بىلەلمىدى.

— دەۋەرگىن.

نادىرە لېۋىنى چىشلىدى، ئاندىن ئېگىشىپ مۇراتنى سۆيدى. جاھان چىرايلىق لەززەت ئىچىدە ئېرىدى.

— نېمە دېمەكچىدىڭ؟

— ئەمدى دېمىسەممۇ بولىدۇ.

مۇرات نادىرەنىڭ ئىسسىق قولىنى چىڭ سىقتى.

— بايا نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىڭنى بىلگۈم بار.

نادىرە يىغا ئارىلاش كۈلدى.

— مەن كېتەي دېگەن، يەنە كەتمەسلىك قارارىغا كەلدىم.

— نېمە؟

— بولدى، بۇنى دېيىشمەيلى، مەن ئەمدى كەتمەيمەن.

— نەگە كەتمەكچىدىڭ؟

— بۇ بىر خىيال، مەن ئۇرۇمچىگە بېرىپ بىرەر ھۈنەرنىڭ پېشىنى تۇتۇپ كېلەي دېگەن، قانداقلا بولسۇن، بىر ئىش

قىلمىسام بولمايدۇ.
— ياخشى ئويلاپسەن.
نادىرە ئۆزىگە ھەيران قالدى، ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغان گەپنى دېدى، يالغان ئېيتتى.
— ئەمما مەن بۇ نىيىتىمدىن ياندىم.
— نېمىشقا؟
— تۈرۈپلا بارغۇم كەلمىدى، كېيىن بىر گەپ بولسۇن ... ئىشقىلىپ مېنىڭ جىق پۇلۇم بولۇشى كېرەك.
— جىق پۇل ... سەن يەنە شۇ كونا خىيالدىمۇ نېمە؟
— سېنى داۋالىتىمەن، مۇرات، ساڭا دېسەم قوشۇلمايسەن، ئەمما مەن شۇنداق قارارغا كەلدىم ... مەن شۇنداق قىلىشىم كېرەك. سەن قوشۇلمىساڭمۇ شۇنداق قىلىمەن. سېنى داۋالاپ ساقايتىش مېنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم، مەن شۇنىڭ ئۈچۈنلا ياشاۋاتىمەن ... شۇنداق قىلالىسام خۇش بولىمەن.
نادىرەنىڭ كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلدى، ئۇ مۇراتنىڭ مەڭزىگە مەڭزىنى ياقتى، ئىككىيلەننىڭ كۆز ياشلىرى قوشۇلۇپ كەتتى.
نادىرە كەتمەكچىدى، كەلمەيدىغان يەرگە كەتمەكچىدى، ئەمما مۇراتنىڭ مېھرى ئۇنى نىيىتىدىن ياندۇردى.
نادىرە ئۆزىنىڭ ئاسان كېتەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. كېتىش ئالدىدىمۇ مۇراتقا چىدىمايدىغانلىقىنى، مۇرات بار دۇنيادىن كېچىشكە قۇربى يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.
نادىرە نۇرغۇن كېچىلەرنى خىيال بىلەن تاڭغا ئۇلايتتى. مۇرات بىلەن غايىبانە مۇڭدىشاتتى، ئەسلىمە بىلەن خىيال، تەسەۋۋۇرلىرى ئارىلىشىپ كېتەتتى، شەھەر مەركىزىدىكى ئۇ بەش قەۋەتلىك بىنانىڭ بەشىنچى قەۋىتىدىكى بىر ئايال نادىرەنى بىلەتتى، نادىرەنىڭ تەقدىرىدىن ئېچىناتتى، ئۇمۇ نۇرغۇن كېچىلەرنى نادىرەگە ئوخشاش تاڭغا ئۇلايتتى.

# 46

شەھەر مەركىزىگە جايلاشقان ئون بەش قەۋەتلىك بىنانىڭ بەشىنچى قەۋىتىدىكى ئۆيىنىڭ بالكونىدا چىرايلىق قەپەس بار، قەپەستە چىرايلىق رەڭدار قۇش بار. قۇش مۈگدىگىنىچە جىمجىت ئولتۇرىدۇ. قارىماققا قۇشنىڭ تۇمشۇقى بىلەن رەڭدار پەيلىرى شاتۇتىغا ئوخشاپ قالاتتى، ئەمما دەماللىققا بۇ قۇشنى شاتۇتىغا ئوخشاتقانلار ئانچە كۆپ بولمىسا كېرەك.

تېلېفون ئەنسىز جىرىڭلىدى.

ئايال تېلېفونغا ئېپادىسىز تەرزدە قاراپ تۇردى، ئۇنىڭ تېلېفوننى ئالغۇسى يوقتەك قىلاتتى، ئەمما ئاخىرىدا يەنە ئالدى.

— ۋەي ...

ئايالنىڭ ئاۋازى تىترەڭگۈ ئىدى.

— مېنى تونۇدۇڭمۇ؟

تېلېفوندىن مەست بىرسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئېغىر پۇشۇلداش ھەم قورقۇنچلۇق تىنىقلار بىللە ئىدى.

— تونۇدۇم.

رەڭدار قۇش كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى ياكى ئويغاقلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

— ئېرىڭ ھازىر مېنىڭ قولۇمدا، ئۇنىڭ بىر ئايلىق كاماندىروپكىسىنى مۇشۇ يەردە تۈرۈپلا ئالتە ئايلىق ئۆگىنىشكە ئۆزگەرتىۋەتتىم. ئۇ يېرىم يىلغىچە قايتىپ كەلمەيدۇ ... بۇ دېگەن مېنىڭ قارارىم.

— نې ... نېمە قىلىسىز؟

— ئېرىڭ بىلەن ئوبدان بىر مۇڭداشقۇم بار.

— نېمىشقا ؟

— ئۆزۈم بىلمەن.

— سىز زادى نېمە قىلماقچى؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— سەن مېنى تاشلىۋەتتىڭ.
— مەن توي قىلدىم، مېنىڭ ھازىر بالام بار.
— بىز يەتتە يىل ئايرىلاشقان ... بۇ ئېسىڭدە باردۇ.
رەڭدار قۇش ئوغرىلىقچە گەپ تىڭشاۋاتقاندەك ئىدى.
— شۇنداق ... بىز يەتتە يىل ئايرىلاشقان، يەتتە يىل ئايرىلاشقىنىمىزنىڭ يۈزىنى قىلىپ ماڭا يېپىشىۋالماڭ ... تۇرمۇشۇمنى ۋەيران قىلماڭ.
— ئەمما مېنىڭ سەندىن ئايرىلغۇم يوق.
— ئەمدى بولمىدىغان ئىش بولدى ... ئەينى چاغدا مېنى ئېلىڭ دېسەم ئۇنىمىدىڭىز.
— مېنىڭ خوتۇن ـ بالام تۇرسا ... سېنى قانداق ئالىمەن؟
— ئەمىسە ئەمدى كەينىمگە كىرىۋالماڭ ... ھەممە ئىشنىڭ ۋاقتى ئۆتتى ... ئامال يوق.
— ئامالىنى ئۆزۈم قىلىمەن، گەپ يېمەيدىغان بولساڭ ئېرىڭ بىلەن كۆرۈشىمەن.
— شۇنداق قىلىدىغان بولسىڭىز پۇشايمان قىلىپ قالىسىز، مەن ئۆلۈپ بېرىمەن، ئېرىمنىڭ ئالدىدا شەرمەندە بولغىنىمدىن ئۆلگىنىم ياخشى.
— نېمە؟
— مەن دېگىنىمنى قىلىمەن.
— مەيلى، شۇنداق قىلغۇڭ بولسا تەڭ ئۆلەرمىز يا ...
— ئۆلىدىغان كۈنگىمۇ ئۈزۈن قالمىغاندەك قىلىدۇ.
— نېمە دەيسەن؟سېنى رەنجىتىپ قويدۇم، ساجىدە دېگەن تويماس بىلەن ئايرىلىپ كەتتىم، ئۇنىڭ دىلمۇرات بىلەن چاتىقى بار ئىكەن ... ھايۋاننىڭ ئۆزى ئىكەن ئۇ، قېيىنسىڭلىسىنىڭ ئېرى بىلەنمۇ ئارىلىشىپ يۈرۈپتۇ، دىلمۇرات نادىرە دېگەن تۇمۇچۇقنى تېپىۋالغىلى خېلى بولدى، ساجىدە ئاق يەردە قالدۇ، ئۆتكەنگە سالاۋات ... ئەمدى ئۇنداق قىلمايمەن.
— نېمىلا دېمەڭ، ئەمدى بولمايدۇ.

— بىردەمدە ئۆزگىرىۋالدىڭما؟
— مېنىڭ ئېرىم بار، بالام بار.
— ما گەپنى، ئىككى ھەپتىنىڭ ئالدىدىمۇ ئېرىڭ، بالاڭ بار ئىدى، ئەجەب ئۇ چاغدا ھە دېسەم ھە دەپ يۈرەتتىڭغۇ.
ئايالنىڭ كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلدى.
— مەن تەكشۈرتتۈم.
— نېمە ...
ئايالنىڭ ئېچىنىشلىق يىغىسىدىن قەپەستىكى رەڭدار قۇش چۆچۈپ كەتتى.
يېشىل سىرلانغان ئون بەش قەۋەتلىك بىنانىڭ بەشىنچى قەۋتىدىكى بىر ئايال ھېچنېمىنى كۆرۈشنى خالىمىغاندەك كۆزىنى يۇمۇپ جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ دېرىزىنىڭ پەردىسىگە قاراپ قويدى، كۆك دېرىزە پەردىسى ئۇنىڭغا ھاياتىنىڭ پۇشايمان ئىچىدە ئۆتىدىغانلىقىنى شەپىسىز ھەم ئېنىق دەپ بېرىۋاتاتتى.
مۇشۇ دەمدە شەھەرنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى ئۆيدە ئۆزىنىڭ چۈشىدىن ئۆزى قورقىدىغان بولۇپ قالغان گۈلپىيە چىرقىراپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ بىر چۈشنى تەكرار كۆرەتتى، شۇ چۈشتىن قورققانسېرى شۇ بىر چۈشنى كۆرىۋېرەتتى. ئۇنى كۆكسىدىن چىشلەپ كۆك باغرىغا ئېلىپ چىققان ئىت باشلىق قۇشنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭغا بۇرۇندىن تونۇشتەك بىلىنىدۇ.
سىم ـ سىم يامغۇر ياغقان كۈنى پۈتۈن تەقدىرى تامام ئۆزگىرىپ كەتكەن مۇرات بىلەن نادىرە بارلىق قارا ئۆتمۈشنى، بارلىق ئوسال كەچمىشلەرنى ئۇنتۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقاندەك قىلاتتى.
باشقا كەلگەن جاپا ـ مۇشەققەت، كۆڭۈلسىزلىك، غەم ـ قايغۇلارنىڭمۇ مەنىسى بار، ئەمەلىيەتتە ئۇمۇ بىر نېمەت، مۇشۇلار بولغاچقا ئادەملەر پىكىر قىلىدىغان بولىدۇ، ياشاشنىڭ پەلسەپىسىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ، ئىنسانلىق شەرەپ ۋە

نومۇسىنىڭ نىمىلىكىنى ئاڭقىرىدىغان بولدۇ، بەخت ۋە گۈزەللىكنىڭ مەڭگۈلۈك نىشان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇ، قانداق مۇشكۈلچىلىك ياكى خورلۇق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھايات ئاخىرىغىچە داۋام قىلىدۇ.

گۈلپىيە مۇشۇ شىۋىرلاشلارنى ئاسانلا ئەستىن چىقىرىپ قويىدۇ.

## 47

رازىيە ئىشىكى ئالدىدا بارات موللامنى كۆرۈپ تەمتىرىگىنىچە قول باغلاپ تۇردى، يۈرىكى ئەنسىز سوقتى، موللامنى بۇ ئۆيگە كېلىدۇ دەپ ئويلىمىغان، ئويلىغاندىمۇ جۈرئەت قىلالمىغاندى، موللامنىڭ كېلىشى بىلەن قانداقتۇر بىر ۋەھىمە ئۆيگە تەڭ كىرىۋالىدىغاندەك، كۆڭلىگە قاراڭغۇلۇق يېپىلدى. بارات موللامنىڭ كۆزلىرى سىرلىق ھەم تەشۋىشلىك پارقىرايتتى، قارا ساقاللىرى بىردە ياراشقاندەك، بىردە ئۇنى بەتبەشىرە كۆرسەتكەندەك ئىدى، بىر قارىسا ئوتتۇز ياشلاردا باردەك، بىر قارىسا ئەللىككە تاقاپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئاپپاق چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالاتتى.

— قېنى... قېنى ... يۇقىرى ئۆتۈڭلار، — دېدى شاكىر ھودۇقۇپ، موللامنى باشلاپ كەلگەن سىدىق قاراباشنىڭ ئىغىر تىنىقلىرى رازىيەگە قورقۇنچلۇق تۇيۇلۇۋاتاتتى.

— ئالدىنقى قېتىم كۆرۈشكەندىن كېيىن، موللامنى تەستە قايىل قىلىپ باشلاپ كەلدىم، ئەھۋالىڭلار يامان تۇرىدۇ، گۈلپىيە قىزغا ھەممىمىزنىڭ ئىچى ئاغرىيدۇ، موللام سەۋەب قىلىپ قوياي دېدى، بەندە سەۋەبكار، ساقايتقۇچى ئاللا ئەمەسمۇ. ئۆزۈڭلارمۇ كۆردۈڭلار، موللام بىر كارامەت ئىگىسى، ئەمما شەكلەنسەڭلار، قىلغان دۇئالار بىر تىيىن بولىدۇ، موللام جىن تائىپىسىدىكىلەرنى ئىسكەنجىگە ئالغاندا شىرغا، يولۋاسقا،

يىلپىزغا ئايلىنىدۇ، چىن ئىخلاس قىلغانلار موللامىنىڭ ئاشۇ خاسىيىتىنى كۆرەلەيدۇ، ئەمما بۇ گەپلەر مۇشۇ پەردە قالسۇن، ئىشىك - تۈڭلۈكلۈكلارنى مەھكەم تاقاڭلار، بۇ كىشىنىڭ ئۆيۈڭلارغا كەلگىنىنى ئىنس - جىن بىلمىسۇن، مەھەللىدىكىلەر بىلىپ قالسا، كادىرلارغا چاقىدۇ، ئۇ چاغدا سىلەرگىمۇ، بىزگىمۇ ياخشى ئەمەس، ئاخۇنۇمنى بالاغا تىقىپ قويىسىلەر.

سىدىق قاراباش بىركىملەرگە جىددىي بۇيرۇق قىلغاندەك تەلەپپۇزدا ئۇزاق بىرنېمىلەرنى دېدى.

— خوش، ئوبدان، دېگەنلىرىدەك قىلىمىز، — دېدى شاكىر بېشىنى لىڭشىتىپ. ئۇنىڭ كۆڭلىگە ۋەھىمە چۈشكەن، قاراشلىرى سىرلىق مۇنۇ موللام ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئۆزى ئەزەلدىن ھېس قىلمىغان ۋايىملىق تۇيغۇلارنى قالدۇرۇۋاتاتتى، شاكىر قىلىن كالپۇكلىرىنى تىترەتكىنىچە موللامىنىڭ ئاپپاق چىشلىرىغا ئەيمىنىشلىك قاراپ قوياتتى.

— ئوبدان سىدىقكا، قىزىمىز ساقىيىدىغان ئىش بولسا بىز ھەممىگە تەييار، — دېدى رازىيە ئالدىراپ - تېنەپ.

— ئەمىسە مەن چىقاي، مەن سىلەرنى كۆرمىدىم، سىلەر مېنى كۆرمىدىڭلار، يەنە بىر قېتىم دەي، بۇ گەپ ھەرگىز تالاغا چىقىپ كەتمىسۇن ... بولمىسا جىمى بالايىبەتلەر ئۆزۈڭلارغا يېنىپ قالىدۇ. رازىيە، مەيەرگە كېلىڭە، سىزگە ئىككى ئېغىز گەپ بار.

رازىيە ئالدىراپ سىدىق قاراباشنىڭ يېنىغا كەلدى، سىدىق قاراباش رازىيەنىڭ قولىقىغا بىرنېمىلەرنى پىچىرلىدى، ئۇنىڭ تىنىقلىرىدىن بەتبۇي ھىد كېلەتتى، گېپىنىڭ ئاخىرىدا گېلىنى قىرىپ قويۇپ:

— ئەمىسە بەك دىققەت قىلىڭلار ... بالاغا قالمايلى، — دېدى.

— ئەلۋەتتە دىققەت قىلىمىز.

شاكىر بىلەن رازىيە سىدىق قاراباشقا ئەگىشىپ قورۇغا چىقتى.

— ئىككىڭلارنىڭ كۆڭلۈڭلاردا قىلچە گۇمان، شەك بولۇپ قالسا، دۇئانىڭ كۈچى بولمايدۇ، بايا دېدىم، بارات موللام گاھى يولۋاس سۈرىتىگە كىرىپ، گاھى يىلپىز ياكى شىر سۈرىتىگە كىرىپ جىن - ئالۋاستىلار بىلەن ئېلىشىدۇ ... ئۇ كۆزۈڭلارغا يولۋاس، شىرنىڭ سۈرىتىدە كۆرۈنسە، خۇدايىمنىڭ بەرگىنى شۇ، موللام جىنلاردىن غالىب كېلىپ ئۇلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىدۇ، جىنلارنىڭ سېھىر - جادۇلىرىنى دەپئى قىلىدۇ ... — سىدىق قاراباشنىڭ پىچىرلاشلىرىدىن رازىيەنىڭ ۋۇجۇدى سوغۇق تەرلىدى.

شاكىرنىڭ گېلى قۇرۇپ قېلىپ كالپۇكلىرى تىترىدى.

— ئۇ ... راست يولۋاس سۈرىتىگە كىرەمدا؟

سىدىق قاراباش شاكىرغا ئالىيىپ قارىدى.

— گۇمان، شەك دېگەن دەل مۇشۇ، مۇشۇنداق ئىشەنمىسەڭ، گۇمانلانساق ... دۇئا ئوقۇغاننىڭ نىمىگە پايدىسى بولىدۇ، شاكىراخۇن؟ ... — سىدىق قاراباشنىڭ كۆزلىرى غەلىتە پارقىراپ كەتتى.

ئەر - ئايال ئىككىيلەن تەمتىرەپ، قورقۇپ دېگەندەك سىدىق قاراباشنى ئۇزىتىپ قويدى.

ئۇلار قايتىپ كىرىپ ئىشىكنى تاقىدى، موللام رازىيەنىڭ كۆزىگە سىرلىق، ۋەھىملىك كۆرۈندى.

— كېسەل قېنى؟ — دېدى موللام چاپىنىنى سېلىپ قاتلىغاچ.

— گۈلپىيە، بۇياققا چىققىن، قىزىم.

گۈلپىيە ئىشىكتە پەيدا بولدى، كۆزلىرى ئىششىغان، چاچلىرى چۇۋۇق، كىچىكلىك كىيىمى بىلەن تۇرغان گۈلپىيە سېمىز ھەم پاكار كۆرۈنەتتى.

— ئىككىڭلار بوي تاھارەت ئېلىپ، پاكلىنىپ ياندىكى ئۆيدە

ئولتۇرۇپ تۇرۇشلار، ئەتە چۈشتىن كېيىن قارا ئوغلاق بىلەن قان قىلمىز، يەنە قارا توخۇ، قارا چۈجە تېپىپ تەييار قىلىڭلار ... بىر قاراپ بىلدىم، ئالدىنقى قېتىممۇ دېگەنىدىم، بۇ قىزنىڭ ئىچىدە ئەركەك جىن بار ... جىننى چىقىرىۋەتسەكلا ساقىيىدۇ.

— ئوبدان ...

— ئوقۇشنى هازىر باشلايمەن، بىزنى خالىي ئۆيگە باشلاشلار، ئەتراپقا هېزى بولۇشلار، يات ئادەم كىرمىسۇن، چىراغلارنى ئۆچۈرۈۋېتىڭلار.

رازىيە ئالدىراپ ـ تېنەپ موللامنى ياندىكى ئۆيگە باشلىدى، بۇ گۈلپىيەنىڭ هۇجرىسى ئىدى.

موللام كارىۋاتقا چىقىپ جايلاشتى، يۈكۈنۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ قولىنى سالماق شىلتىپ، شاكىر بىلەن رازىيە ئىككىيلەننى چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى، رازىيە بىلەن شاكىر ئىشىكنى ئېهتىيات بىلەن يېنىك يېپىپ چىقىپ كەتتى. موللام گۈلپىيەنىڭ كۆزىگە ئۇزاق تىكىلدى، گۈلپىيە موللامنىڭ سىرلىق كۆزىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يەرگە قارىۋالدى، موللام گۈلپىيەنىڭ ئېگىكىدىن كۆتۈرۈپ ئۆزىگە قاراتتى، موللامنىڭ قولى ئىسسىق هەم ئېغىر ئىدى، مېهمانخانا ئۆيدىكى رازىيەنىڭ يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ پۈت ـ قولىدا جان قالمىغاندەك لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

قورقۇپ كەتكەن رازىيە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇتتەك قېتىپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن كەينىگە يېنىپ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن گۈلپىيە بىلەن بارات موللام ئولتۇرغان ئۆيگە قارىدى، ئۆيدىن موللامنىڭ تېز هەم غەلىتە ئاۋازدا بىرنېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىدىن باشقا ئاۋاز يوق ئىدى. ئۆينىڭ ئىچى قاراڭغۇ ئىدى.

گۈلپىيە يۈكۈنگىنچە جىممىدە ئولتۇراتتى، موللامۇ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئىككى يانغا ئىرغاڭلاپ ئوقۇشقا باشلىدى. تاشقىرىقى ئۆيدىكى رازىيەمۇ، شاكىرمۇ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي

www.uyghurkitap.com

قىلىشقانىدى. نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى، نېمە ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلەلمىگەن شاكىر رازىيەگە قارىدى، رازىيەمۇ گاڭگىرىغىنىچە شاكىرغا قاراپ قويىدى. شاكىر چۈشىنىكسىز كۆزلىرىنى خوتۇنىغا تىكىپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن ئىشىككە قاراپ ماڭدى، رازىيە ئالدىراپ ئۇنىڭ كەينىدىن بېرىپ يېڭىدىن تارتتى.

— نەگە؟

— ئا ... ئاغىنىلەر بىلەن دېيىشىپ قويغان، — دېدى شاكىر بىرنېمىدىن قورققاندەك تەمتىرەپ.

— نېمىنى دېيىشكەن؟ — رازىيەنىڭ بىردىنلا جۇدۇنى تۇتۇپ ئەلەمدىن تىنالماي قالدى، — ئادەم بولساڭ بۇ نەچچە كۈن ئۆيدە جىم يۇر ... ماۋۇ ئۆيدە نېمە ئىش بولۇۋاتىدۇ، سەن بېرىپ يەنە ئېشەكنىڭ سۈيدۈكىنى ئىچىپ كەلسەڭ قانداق بولىدۇ؟

— بىراق، ئاغىنىلەر ...

— قوي ئۇنداق ئېشەككە ئوخشايدىغان ئاغىنىلىرىڭنى، ماڭ، بۈگۈن نېمە ئىش بولسىمۇ ھېچ يەرگە بارغۇزمايمەن، — رازىيە ئاچچىق بىلەن سىلكىشلەپ شاكىرنى ئاشخانىنىڭ يېنىدىكى ئۆيگە كىرگۈزۈۋەتتى، ئاندىن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەئەددى بىلەن پىچىرلىدى:

— بۈگۈن گېپىمنى ئاڭلا ... بولمىسا ...

شاكىر ئامالسىزلىقتىن كارىۋاتقا ئولتۇرۇپ قالدى.

— مەيلى ... دېگىنىڭىزنى قىلاي، خوتۇن.

ئارىدىن ئىككى سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندە شاكىر رازىيەنىڭ قولىقىغا شىۋىرلىدى.

— جىمىپ كەتتى، قانداق قىلىمىز؟

— قانداق قىلاتتۇق، گۈلپىيە ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايتتى، موللامنى كۆرۈپ ياۋاشلاپ كەتتى، سىدىق قاراباش دېدىغۇ، ئۇ مۇشۇ مەھەللىگە كېلىپلا بىزنىڭ ئۆيدە كېسەل بارلىقىنى بىلىۋاپتۇ ... شۇنىڭغا قارىغاندا قالتىس ئادەمدەك قىلىدۇ.

شاكىر رازىيەنىڭ گەپلىرىدىن ھەيران قالدى، ئۇ خوتۇنىنىڭ غەلىتە پارقىراپ قالغان كۆزىگە تىكىلگىنىچە دۇدۇقلىدى.

— بىراق ...

— نېمە بىراق، پىراق دېگەن ... — دېدى رازىيە شاكىرغا ئالالمىغان ئۆچى بار ئادەمگە قارىغاندەك قەھرى بىلەن تىكىلىپ.

— ئەمدى بۇ موللام ... يەنە كېلىپ سىدىق قاراباشمۇ يالغانچى ئادەم ...

— بولدى، بىكار گەپنى قويايلى، بۇنىڭغا پۇل كېتىدۇ، بايا ماڭا سىدىق قاراباش دېدى، مەن گۆلنىگاردىن سوراپ باقاي، ئازراق پۇلنىڭ ئېپىنى قىلمىساق بولمايدىكەن.

— نەچچە پۇل؟

— سىدىق قاراباشنىڭ دېيىشىچە بەش - ئالتە مىڭ سومدەك بىرنېمە كېتىدىكەن.

— ۋاي خۇدايىم ... بىزدە ئۇنداق جىق پۇل بولمىسا ئەمدى.

— دېدىمغۇ، گۆلنىگاردىن سوراپ باقايلى ... ئۇنىڭدىن باشقا كىم بىزگە ياردەم قىلىدۇ؟

— بىراق موللام ھېچكىمگە دېمەڭلار دېگەن تۇرسا.

— گۆلنىگارغا دېسەم ھېچنېمە بولمايدۇ.

— مەن سەل قورقۇۋاتىمەن ... بۇ ئىشلارنى خەق بىلىپ قالسا ... مېنى زاۋۇتتىن ھەيدەيدۇ.

— ئاغزىمىزنى چىڭ تۇتساق بولدى، سىز بىر ئامال قىلىپ موللام دېگەن قارا ئوغلاق، قارا توخۇ، قارا چۈجە تېپىشنىڭ خىيالىنى قىلىڭ، مۇشۇ نەچچە كۈن ئىچىدە ... گۆلپىيەگە ئوقۇتۇۋاتقان كۈنلەردە يەنە ھېلىقىدەك ئىشنى قىلىدىغان بولسىڭىز سىزنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيمەن.

— ئەمدى بۇ قارا ئوغلاق بىلەن قارا توخۇ نەدە باردۇ دەيمەن؟ ... بۇنىڭغىمۇ پۇل كېتىدۇ، — دېدى شاكىر غودۇڭشۇپ، — نەدىنمۇ تاپارمەن؟

— ئۆيدە ئىككى مىڭ سوم پۇل بار، — دېدى رازىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

شاكىرنىڭ يېنىدىن تارتىپ ئاستاغىنا.
— ماڭا پۇل يوق دەيتتىڭىزغۇ؟
— پۇل بار دېگەن بولسام شۇ پۇلمۇ تۇراتتىمۇ؟
— قارا ئوغلاق بىلەن قارا توخۇنىڭ ئىشىنى قانداق قىلىمىز؟
— ئىزدەيلى، شاكىر، گۈلپىيە ساقىيىدىغان ئىش بولسا نېمە كەتسە مەيلى.
ئىككىيلەن ئۇزاق كۇسۇرلاشقاندىن كېيىن جىم بولۇپ قېلىشتى، ئۈمىدنىڭ قارا سايىسى ئۆيدە ئاستا ھەم سىرلىق ئايلىنىپ يۈرەتتى.
رازىيە ھەم ئۇنىڭ قىزى گۈلپىيە كۆپكۆندۈزدە ئەتراپىدىكى نەرسىلەرنى تازا ئاڭقىرالمايدىغان بولۇپ قالغان مۇشۇ كۈنلەردە، گۈلسۈم ئىسمىلىك بىر قىز توغرىسىدا سەردار بىلەن گۈلنىگار باش قاتۇرۇپ يۈرەتتى، ھايات چىرايلىق داۋام قىلىۋاتقان شەھەردە بەزىدە كۆڭۈل غەش بولىدىغان ئىشلار بولۇپ قالاتتى.

## 48

گۈلنىگار ئىشقا كېتىپ ھايالشىمايلا ئىشىك چېكىلدى، سەردار ئىشىكنى ئېچىۋىدى، لىققىدە كۆكتات قاچىلىغان يالتىراق خالتىنى كۆتۈرگەن گۈلنىگار بوسۇغا ئالدىدا تۇراتتى، سەردار گۈلنىگارنىڭ قولىدىكى ئېغىر يالتىراق خالتىلارنى ئېلىۋېتىپ سورىدى:
— ئىشقا كەتتىمىكى دېسەم قايتىپ كەپسىزغۇ؟
— ئىشقا ماڭغان، قارىسام بىرنەچچە دېھقان كۆكتاتلارنى ئىشىك ئالدىغىلا ئەكەپتۇ، ئېلىۋالدىم، ھازىر يەنە ئىشقا بارىمەن.
سەردار يالتىراق خالتىدىكى كۆكتاتلارغا قاراپ قويدى.
— سورايمەن دەپ ئۇنتۇپتىمەن، سىلەرنىڭ مەكتەپتىكى

ھېلىقى قىز قانداق بولۇپ كەتتى؟
— قايسى قىزنى دەيسىز؟ — دېدى گۈلنىگار قولىنى يۇغاچ سەردارغا قاراپ.
— ئاشخانىدا كۈتكۈچى بولغان ھېلىقى قىزنى دەيمەن.
— ئوقۇۋاتىدۇ، — دېدى گۈلنىگار، — مەن ئۇ قىزنى سىرتتىن كۆزىتىپ يۈرۈۋاتىمەن.
— ئانىسىنىڭ كېسىلى ئېغىر دېگەنىدىڭىز، قولىمىزدىن كېلىشىچە ياردەم قىلساق بولاتتى.
— ئۇ ئىشلارمۇ ھەل بولۇپ قالار، مەن بىرنەچچەيلەنگە دېگەنىدىم، ئانچە - مۇنچە ھەرىكەت قىلايلى دەيدۇ.
— ئىئانە قىلماقچىمۇ؟
— شۇ ... شۇنداق بولىدۇ - دە.
— ئىئانە دېگەنمۇ كۆپ ئىشلارغا دال بولمايدۇ، ھازىرقى داۋالاش چىقىمىنىڭ كۆپلۈكى كىشىنى قورقۇتىدۇ، ئىككى - ئۈچ مىڭ سوم ئىككى كۈنگە يەتمەيدۇ.
— ئۇغۇ شۇ، بىراق ئامال يوق - دە.
— ئىئانە قىلساڭلار يولىدا بىر ئىش قىلارسىلەر، بەك داۋراڭ قىلمىغان تۈزۈك، بەزى ئىشلار كۈلكىلىك بولۇپ قالدى، كەلكۈن كەلسە ھەممە يەرنى سۇ بېسىپ كېتىپ، كەلكۈن ئۆتۈپ كەتسە قۇرغاقچىلىق بولۇپ كەتكەندەك. شۇ قىزنى ئۈيگە باشلاپ كېلىڭ، ئانىسىنىڭ كېسەل تارىخىنى ئالغاچ كەلسۇن، مەن كۆرۈپ بېقىپ قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلاي دەيمەن.
— بۇنداق ياخشى نىيىتىڭىز بولسا ھەممەيلەن خۇش بولىدۇ.
گۈلنىگار سەردارنىڭ كۆزئەينەك ئاستىدىكى كۆزىگە قاراپ قويدى، سەردار ئۇنىڭغا بارغانسېرى ناتونۇشتەك بىلىنىۋاتاتتى.
— ھەممەيلەننىڭ گېپىنى قىلماڭ، — دېدى سەردار، — بۇ ئىشنى سىزدىن باشقا ھېچكىم بىلمىسۇن، مەكتىپىڭىزدىكى خوتۇنلارغا دېگۈچى بولماڭ ... بىزنىڭ سەردار مۇنداق قىلىدىغان

بولدى، ئۇنداق قىلىدىغان بولدى، دەپ ماختىنىپ يۈرىدىغان بولسىڭىز، بىلىسىزغۇ مېنىڭ مىجەزىمنى، بەك خاپا بولۇپ كېتىمەن.

— بۇنى بىلىمەن، ھېچكىم بىلمىسىمۇ مەن بىلىمەن.

گۈلنىگار ئالدىراپ سومكىسىنى ئېلىپ ئۈستىبېشىنى تۈزەشتۈردى.

— مەن ئىشقا ماڭاي، سىز بۈگۈن دەم ئالامسىز؟

— ھەئە.

— نېمە ئىش قىلىسىز؟

— دەم ئالىمەن، باشقا ئىشىم يوق.

— سىرتقا چىقمامسىز؟

— چىقىشىم مۇمكىن.

گۈلنىگارنىڭ كۆزلىرى ئوتتەك چاقناپ كەتتى، ئارقىدىن بېشىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس چايقاپ قويۇپ سىرتقا ماڭدى.

تۆمۈر ئىشكىنىڭ گۈپپىدە تاقىلىشى بىلەن ئۆينىڭ ئىچى تىمتاس بولۇپ كەتتى. سەردار ئۆيدىكى جىمىلىقتىن گاڭگىراپ قالدى، ئائىلە دېگەن نەرسىنىڭ مۇھىملىقى توغرۇلۇق ئويلىنىپ قالدى. بىر ئىنساننىڭ ياشاشتىكى ئەڭ زۆرۈر ھەم مۇتلەق موھتاجلىقى ئائىلە ئارقىلىق قانىدۇ، ئائىلە كىشىلىك دۇنياسىدا مۇتلەق ئېھتىياجدىن تەبئىي شەكىللەنگەن مۇقەددەس بەخت ئۇردىسى ... ئائىلە ... ئائىلىگە تەبىر بەرگەندە بەخت دېگەن گەپنى ئالدىراپ قوشقىلى بولمايدۇ، ئائىلە بەختلىك بولسىمۇ كەچكىلى بولمايدۇ، بەختسىز بولسىمۇ ئاسانلىقچە كەچكىلى بولمايدۇ. گۈلنىگار، ئىلتەبىر، مويۇنچۇر ... مۇشۇ ئۆيدە شۇلارنىڭ ئاۋازى، تىنىقلىرى، كۈلكىلىرى، يىغىلىرى بولمىسا سەردار تەنھا قالىدىغاندەك ئويلاپ قالدى، چولپاننىڭ جانغا جان ئۇلايدىغان تەبەسسۇمى يادىغا كەلدى، سەردار ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان نەرسىلەرنىڭ ھېچ قايسىسىدىن، ھەرقاندىقىدىن كېچەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى. ئاشۇلار بولمىغان ھاياتنىڭ

قانداق بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ قورقۇنچلۇق ئىش ئىدى.

سەردار دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تونۇش ئاسمانغا، تونۇش دەرەخلەرگە، تونۇش بىنالارغا قاراپ تۇردى، بىردەمدىن كېيىن تېلېفوننى ئېلىپ، چولپاننىڭ نومۇرىنى باستى.

— مەن دەم ئالدىم.

تېلېفون ئۈنىگە يىراقتىكى بىر يۈرەكنىڭ ئاۋازىنى ئېلىپ كەلدى.

— سىزنى كۆرگۈم كەلدى.

— مەنمۇ شۇ، نەدە كۆرۈشىمىز؟

— مەن هازىر دۇكانغا كەلدىم، سەل تۇرۇپ سىزگە تېلېفون قىلاي.

سەردار دېرىزىدىن سىرتقا قارىدى، يۈرەكنىڭ شېرىن تەلپۈنۈشلىرى، تاتلىق ئىزدەشلىرى بىلەن كىشىلىك دۇنياسىنىڭ رىئايە قىلىپ بولماق تەس، ئەمما چوقۇم رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەخلاقىي ئۆلچەملىرى ئارىسىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان هاڭ پەيدا بولۇپ قالغاندا، مۇشۇ هاڭنىڭ لېۋىدە تۇرۇپ قالغان ئادەمنىڭ كۆنى قاتتىق بولىدۇ. سەردار بىپايان ئاسماندا، ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئارىسىدا كېزىپ يۈرگەن شامالار ئارىسىدا، شامالار ئارىسىدىكى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان سىرلىق غۇيۇلداشلار ئارىسىدا غەلىتە تۇيغۇلار باردەك هېس قىلىپ قالدى، قۇشلارنىڭ قاناتلىرى ئارىسىدىن، بۇلۇتلارنىڭ ئاپپاق تەنلىرى يېنىدىن ئېسىپ ئۆتكەن شامالار سىرلىق تەرزدە زېمىننى، كىشىلەرنىڭ خىياللىرىنى، ئارمانلىرىنى كېزىپ يۈرگەندەك ئىدى.

«چولپان هامان بىر كۈنى مەندىن يىراقلىشىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالىمەن، ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى كۈنلىرىم قورقۇنچلۇق بولىدۇ.»

سەردارنىڭ هېچنېمىنى ئويلىغۇسى كەلمىدى.

پەستىكى تار يولدا بارات قويچى بېشىنى بىر تەرەپكە سىڭارىيان قىلىپ خىيال بىلەن ئولتۇراتتى.

«چولپان !»

سەردار ئۇنى ئۈنسىز چاقىردى، گۈلنىگار، مويۇنچۇر، ئىلتەبىرلەر بولمىسا ئۇنىڭ كۆڭلىرى نورمال ئۆتمەيدىغاندەك ئىدى، چولپان بولمىسا مەنىسى بولمايدىغاندەك ئىدى، ھاياتنىڭ قىممىتى بىلەن مەنىسى ئىككى تەرەپتە تۇرۇپ ئۇنىڭ روھىنى تارتقۇشلايتتى، ئۇ ئىككىسىنى بىر يەرگە ئەكېلەلمەيتتى، ئەكېلىپ بولالمايتتى، خۇددى پەرۋازى كۆكتە بولغان شامالنى ئۆيگە ئەكىرگىلى بولمىغاندەك ...

سەردار يۈزىنى يۆيۈپ چىشىنى چوتكىلىدى، MP3 ئاپپاراتىدىن ناۋا مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى ياڭراپ تۇراتتى. ۋەزنى تاغدەك مەنىلەر ئۆي ئىچىدە لەرزان ئايلىنىپ يۈرەتتى، خۇددى كۆكتىكى شامالدەك سىرلىق ھەم سېھىرلىك ئىدى.

«مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلالمىغۇدەكمەن.» سەردار شۇنداق ئويلاپ جىم بولۇپ قالدى، چىش پاستىسىنىڭ قىرىقراق خۇش تەمىنى لەۋلىرىدە ھېس قىلاتتى. «ئايرىلىپ قالسام قانداق بولىدۇ؟» ئۇ ئاغزىنى چايقىۋېتىپ يۈزىنى يۇدى، چاچلىرىنى تاردى.

«ئايرىلىپ قالسام مەن بەرداشلىق بېرەلمەيمەن.

خۇش پۇراق كېلىپ تۇرىدىغان لۆڭگە يېقىملىق ھەم يۇمشاق ئىدى. ئۆي، شەھەر، يول، ھاۋا، قۇياش نۇرى، سۇ ... سۆيۈش ... مۇشۇ نەرسىلەر ھەم مۇشۇ نەرسىلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان، شۇ نەرسىلەردىن رەڭ ئالغان، مەنە ئالغان سۆلكەتلىك ھايات ئۇنى مېھىرلىك قوللىرى بىلەن مەھكەم قۇچاقلاپ تۇراتتى.

«مەن ئايرىلىپ نېمە قىلاتتىم ؟»

ئۇ قىزىل يوللۇق گالىستۇكىنى تاقاۋېتىپ ئەينەككە قارىدى. ئەينەكتىكى ئەرنىڭ يۈرىكى ئەخمەتنىڭ رەسىمدىكى يۈرەككە ئوخشاپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ مۇكەممەللىكنى ئىزدەيدىغان ئەر ئىدى، بىر ئەرنىڭ ئايالىدىن باشقا بىر ئايال

بىلەن ئىشقى ـ پىراق ۋەسۋەسىسىدە پىرقىراپ يۈرۈشلىرىنى مۆكەممەل ئەرنىڭ ئىشى ئەمەس دەپ ئويلايتتى، ئەمما ئۇ كىچەلمەيتتى، كەچكۈسى يوق ... مۇھىمى مۇشۇ، كەچكۈسى يوق، كىچەلمەيدۇ، كىچەلمەيدىغانلىقىغا ئۆزى ئىشىنىدۇ. شەھەردىكى ھەممە ئادەم ھۆرمەت قىلىدىغان بۇ تاشقى كىسەللەر دوختۇرىنىڭ يوشۇرۇن ئىشلىرىدىن ھېچكىمنىڭ خەۋىرى يوق دېگىلى بولمايدۇ.

— مەن تەييار بولدۇم.

چولپاننىڭ ئەركىلىگەندەك ئاۋازى ئاڭلاندى، سەردارغا تەۋە ۋاقىت ھەم بۇ ۋاقىت ئىچىدىكى ھەممە نەرسە ھاياتنىڭ ئۆزىگە تەۋە ئوڭ يۈزىدە شېرىن تەبەسسۇم بىلەن پارلاپ تۇراتتى. ھەممە نەرسە چولپاننىڭ ئاۋازىغا ئوخشاشلا يېقىملىق، ئوخشاشلا سېھىرلىك ئىدى. ھايات ئۇنىڭغا شېرىن لەۋلىرىنى سوزۇپ سۆيۈشنى ئارزۇ قىلىپ مەھكەم يېپىشىپ تۇراتتى.

سەردار ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى، ئەتراپىدىن چىرايلىق ماشىنىلار، موتسىكلىتلىق ئەرلەر، ئاياللار، پىيادىلەر ئۆتۈپ تۇراتتى. سەردارغا ھەممە ئادەم بەختلىكتەك كۆرۈندى، ھەممەيلەن ناھايىتى زۆرۈر ئىشلىرى ئۈچۈن ئالدىراۋاتقاندەك ئىدى. ماشىنا رادىيوسىدىن شېئىر دېكلاماتسىيەسى ئاڭلىنىۋاتاتتى. قىزىل رەڭلىك بىر ماشىنا سەردارنى يانداپ ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئۆتۈپ كەتتى، سەردارنىڭ يۈرىكى ئۆيگەندەك بولۇپ، مۇشۇ شەھەرنىڭ ئۆزى كېتىۋاتقان كوچىسىدا ... بۇنىڭدىن نۇرغۇن كۈنلەر ئىلگىرى سىم ـ سىم يامغۇر ياغقان كۈندە يۈز بەرگەن ۋەقەنى ئەسلەپ قالدى.

## 49

سىم ـ سىم يامغۇرنىڭ نەمخۇش ھاۋاسىغا چۈمۈلگەن شەھەرنىڭ راھەتبەخش كوچىسىدا ۋېلىسىپىت مىنىپ

كېتىۋاتقان نادىرەنىڭ نازۇك ۋۇجۇدى بۇ دۇنيادا ئاجايىپ لەززەت تۇيغۇلارنىڭ، شېرىن تەلپۈنۈشلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى، جەننەتتەك ھېسسىياتلار تۇيغۇلارنىڭ، ... گۈزەل ئارمانلارنىڭ چاقىرىشى بىر ـ بىرىگە قوشۇلغاندا كىشىلىكنىڭ شۇ قەدەر سۆيۈنۈشلۈك بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇراتتى.

سىم ـ سىم يامغۇر لەززەت بىر تۇيغۇ بىلەن ياغاتتى، سىم ـ سىم يامغۇردا ھاياتلىق ماتانىتىنىڭ ھىدى بار، سالقىن تەپەككۇرنىڭ ھىدى بار، پاكلىق ھەم تەلپۈنۈشنىڭ سېھرى بار، بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن دۇنيانىڭ بىھايا ئىشلىرىغا سۈكۈت قىلالمايدىغان بىر ئادەم شەھەرنى تويدىن يانغان مەستلەر قاپلاپ كەتكەن كۈنى، كۆپكۈندۈزدە يېرىم يالىڭاچ يۈرۈشكەن ئادەملەرنى ھاياسىزلىقتا ئەيىبلەپ، ئۇلاردىن تاياق يەپ يىقىلىدۇ، شۇ چاغدا ساباھەت ئىسىملىك بىر قىز ئۇنى ھوشسىز ياتقان يېرىدىن يۆلەشتۇرۇپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارىدۇ، تەقدىر دېگەن شۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ساباھەت ئىككىيلەننىڭ قورقۇنچلۇق شېرىن تۇيغۇلىرى باشلىنىدۇ، يامغۇرلۇق بىر كۈندە شەرمسار بولغان ھېلىقى ئادەم ئايالىنىڭ كەچۈرۈشكە ئېرىشەلمەي كۆك رەڭلىك چامادانىنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىدۇ ... ئۇ كىچىكىدە يىغناغۇچ تۇتۇۋالسا، ئايروپىلان تۇتۇۋالدىم، دەپ خۇش بولۇپ كېتىدىغان سادda بالا ئىدى، بۇ بالىمۇ ھاياتلىق ئالىمىدىكى بارلىق بالىلارغا ئوخشاش چوڭ بولغاندىن كېيىن بېشىغا كېلىدىغان قىسمەتلىرىنى بىلمەيتتى، ئۇنىڭ بىلمەيدىغانلىرى كۆپ ئىدى، ئۇ ئەر يەتكەندىن كېيىن خاتا، ئەمما ئوتتەك سۆيۈشلەرنىڭ سەۋەبىدىن كۆك چامادانى ئېلىپ، يامغۇرلۇق بىر يەكشەنبىدە ئۆيدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. شۇ كىشى ياشىغان، ياشاۋاتقان بۇ شەھەردە بۈگۈن نادىرە، دىلمۇرات، سەردار، گۈلنىگارلار ياشاۋاتىدۇ.

نادىرەنىڭ شادىمان ھېسلىرى كۆۋرەيدۇ.

مۇراتنىڭ ئۇنىڭغا دېگەنلىرى، ئۇنىڭ مۇراتقا دېگەنلىرى

يالقۇن بولۇپ يۇرەكلەرنى شېرىن كۆيدۈرەتتى.
— مەن سېنىڭ.
— مەنمۇ سېنىڭ.
مۇشۇ خىلدىكى سۆزلەر كۆپ ئادەملەرگە يالغان ياكى ئەھمىيەتسىز تۇيۇلۇشى مۇمكىن. ئەمما مۇراتمۇ، نادىرەمۇ شۇ مىنۇتتىكى شۇ سۆزلەرنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايدۇ، بۇ سۆزلەر ئۇلارغا يالغان ياكى ساختا بولۇپ تۇيۇلمايدۇ. ئۇلار شۇ سۆزلەرنى دېيىشىۋاتقاندا، مەست بولغان ئاسمان شەپەق رەڭگىگە كىرگەن، مەست بولغان بۇلۇتلار كۆكتە شېرىن رەۋىشتە ئۈزۈپ يۈرگەن، مەست بولغان چىمەنلەر، مەست بولغان سۇلار شېرىن يەلپۈنگەن، دولقۇن ئۇرغان.
— مەڭگۈ ئايرىلمايمىز.
— چوقۇم.
ھاياتنىڭ ئىللىق ھەم ئىسسىق باغرىدا مەستخۇش بولۇۋاتقان بۇ قىز شۇ دەمدىكى گۈزەل تۇيغۇلىرىدىن خامۇش بولغان چاغلاردا ئۆتمۈشنى، ئەتىسىنى ئويلىمىغانىدى، ئۇزۇن بىر كۈنلەردىن كېيىن سىم ـ سىم يامغۇر ياغقان بىر كۈنى قىزىل رەڭلىك ماشىنىنىڭ دەھشەتلىك چىرقىراشلىرىنى ئاڭلايدىغانلىقىنى، شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ قورقۇنچلۇق ۋەھىمىگە كىرىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.
شۇ كۈنى شەھەرنىڭ يېقىملىق تەبەسسۇمىغا بۆلىنىپ كېتىۋاتقان نادىرە ئاق رەڭلىك ئېسىل ماشىنىنىڭ يېنىدىن ئۆتتى، نادىرە بۇ ماشىنىدا دىلمۇرات ئىسىملىك بىر ئادەمنىڭ بارلىقىنى، شۇ ھالدا چەكسىز غېرىبلىق، تەنھالىق ئارىسىدا قالغان بۇ ئادەمنىڭ ماشىنا ئەينىكىدىن ئۆزىگە قاراپ قالغانلىقىنى، ھەمساتتا يۈرىكىگە يېقىملىق بىر ئاغرىق كىرگەنلىكىنى بىلمەيدۇ.
پادىچى ئىشتىنى، قىزىل كوپتا كىيىۋالغان، چاچلىرى يەلپۈنۈپ تۇرغان نادىرەنىڭ شادىمانلىقى شەھەرنىڭ يۈرىكىگە

مەلھەم بولۇۋاتقاندەك ئىدى.

نادىرە دېگەن بۇ قىز ئون سەككىز ياشقا كىرگەن كۈنىدە مۇرات بىلەن بىللە سەيلىگە مېڭىۋاتقان شۇ دەمدە، تېخى بايىلا ساجىدە دېگەن ئايالغا تېلېفون بەرگەن دىلمۇراتنىڭ ماشىنا ئەينىكىدىن ئۇنىڭغا ھەۋەس بىلەن قاراپ كەتكەنلىكىنى، ئۆزىنى كىم بىرسىنىڭ ئوماقلىقىغا ئوخشىتىپ ئۇھ تارتقانلىقىنى ھەم ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنتۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

— مۇنۇ كۆزئەينەكنى ساڭا ئالدىم.

— رەھمەت.

— سەن ئاپتاپتىن قورقىسەن.

— بۈگۈن ئاپتاپ يوق، يامغۇر يېغىۋاتىسا.

— سەل تۇرۇپ ھاۋا ئېچىلىپ كېتىدۇ، ئاندىن بۇنى تاقىۋالىسەن.

نادىرەنىڭ تار پادىچىلار شىمى، قىزىل كوپتىسى، قويۇۋەتكەن قارا چاچلىرى شۇ كۈنكى يامغۇرلۇق ھاۋادا سېھىرلىك گۈل بولۇپ مۇراتنى مەست قىلغانىدى.

— نادىرە!

مۇرات ناھايىتى چاققانلىق بىلەن ئېتىلىپ كېلىپ نادىرەنى بىر يانغا تارتىۋالدى، نادىرەگە دەقىقىدە ئىچىدە دۇنيا قاراڭغۇلاشقاندەك بىلىنىپ يەنە ئەسلىگە كەلدى.

— مۇرات!

مۇرات نېرىدىكى قىزىل ماشىنىنىڭ ئاستىدا ياتاتتى. نادىرەنىڭ دەھشەتلىك چىرقىراشلىرى بىلەن قىزىل ماشىنىنىڭ تورمۇزىنىڭ چىرقىراشلىرى ئارىلىشىپ كەتكەندەك قىلاتتى.

خىياللىرى نازۇك نادىرە چىگىچ پىكىرلەر ئارىسىدا گاڭگىراپ قالغان دەملەردە، مۇراتنى، گۈلپىيەنى سېغىنىدۇ، ھەممىيلەننىڭ سېغىنىغانلىرىمىز، نەپرەتلىنىدىغانلىرىمىز بار، ئىزدەيدىغانلىرىمىز، قاچىدىغانلىرىمىز بار، ھەممەيلەن

بىرنېمىلەردىن قېچىپ، بىرنېمىلەرنى قوغلاپ ئالدىراشلىق ئىچىدە كېتىپ بارىمىز، ئاشۇ ئالدىراش ئادەملەر ئارىسىدا گۈلنىگارمۇ بار، يۈرىكىدىن رەشك ئوتى ئۆچمىگەن بۇ لاتاپەتلىك ئايال گۈلسۇم ئىسىملىك قىزنى سوراشتۇرۇپ يۈرەتتى، ئۇ ئاخىر كىشىگە ئۆزىنىڭ نېمىگە ئامراق، نېمىگە ئۆچلۈكىنى تازا بىلىپ كەتمەيدىغاندەك تەسىر بېرىدىغان ئاشخانا غوجايىنى بىلەن گۈلسۇم توغرۇلۇق سوغۇقراق تەرزدە سۆزلەشكەندىن كېيىن، گۈلسۇمنىڭ كېيىنكى تەقدىرى ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ قالدى.

## 50

گۈلنىگار ئاشخانىنىڭ تارراق ئايرىمخانىسىغا كىرىپ جايلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن سومكىسىنى بىر يانغا قويۇپ قويدى، ھايالشىماي بىر كۈتكۈچى قىز ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى، قولىدا كىچىككىنە دەپتەر بىلەن تۈتقۈچىنى پىلاستىر بىلەن چاپلاپ قويغان قەلەم تۇراتتى.

— نېمە تاماق يەيسىز، ئاچا؟

— تاماقنى سەل تۇرۇپ بۇيرۇتاي، غوجايىنىڭلار بىلەن كۆرۈشسەم بولاتتى.

— چاقىرىپ قويامدىم؟

— ھەئە، چاقىرىپ قويسىڭىز.

بىردەمدىن كېيىن مېڭىشلىرىدىن ئۆزىنى ئادەتتىكى ئادەم ھېسابلىمايدىغانلىقى چىقىپ تۇرغان بىر ئادەم ئايرىمخانىغا كىرىپ كەلدى.

— مېنى سىز چاقىرغانمۇ؟

— ھەئە، — دېدى گۈلنىگار كۈلۈمسىرەپ، — سىزنى ئاۋارە قىلدىم.

— خوش ... — دېدى غوجايىن، ئۇنىڭ قاراشلىرىمۇ،

ئاۋازىمۇ، قوشۇملىرىنى خوشياقمىغاندەك تۇرۇشلىرىمۇ بىرقىسمىلا ئىدى.

— بۇ قىز كىم بولىدۇ؟

گۈلنىگار سەل نېرىدىكى ئۈستەلدىكى چىنە - قاچىلارنى يىغىشتۇرۇۋاتقان قىزنى ئىما قىلىپ سورىدى.

— قوشنىمىزنىڭ قىزى.

— ئۇ بۇ يەردە ئىشلەمدۇ؟

— ياق، — دېدى غوجايىن قاپىقىنى تۈرۈپ. ئۇنىڭ بېشىغا كېيىۋالغان پوسمىسى كىرلىشىپ قالغان، سودىسىنىڭ ناچارلىقىدىن ئىچى پۇشۇپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى، هازىر باي بولسا پۇلنىڭ جىقلىقىدىن خوش بولالمايدىغان، نامرات بولسا كەلگۈسىنىڭ گۈزەل بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەلمەيدىغان ئادەملەر كۆپىيىپ قالغاندەك تۇراتتى. سەردار دوختۇرنىڭ نەزىرىدە بۇ خىلدىكى ئادەملەرنى ئەخلەت ياكى ئەخلەتسىمان ئادەملەر دېيىشكە توغرا كېلەتتى.

— مەن ئۇنى كۈندە مۇشۇ ئاشخانىدا تاماق توشۇۋاتقان، پول سۈرتۈۋاتقان هالدا كۆرىمەنغۇ، — دېدى گۈلنىگار غوجايىننىڭ كۆڭۈلگە ياقمايدىغان سوغۇقلۇق ھەم دېۋەڭلىك چىقىپ تۇرغان هاكاۋۇر چىرايىغا قاراپ.

خوش ياقمىغاندەك مېڭىۋاتقان كۈتكۈچى قىزلار ئۇيان - بۇيانغا ئۆتۈپ تۇراتتى. جۇشقۇن تەبەسسۇم، خوشال كەيپىيات بۇ يەردىن يىراقلاپ كەتكەندەك قىلاتتى.

— نېمانچە سوراۋېرىسىز؟

— سورىغۇم كەلدى.

— بۇ قىز بۇ يەردە ئىشلىمەيدۇ، كۈندە سائەت ئالتىدىن ئونغىچە بالىلارغا ياردەملىشىدۇ.

— جىنى بار قىز ئىكەن.

گۈلنىگار كۈلۈپ قويدى، غوجايىن خوشياقمىغاندەك ئەسنەپ قويدى، يوغان ئېچىلغان ئېغىزىدىن قۇرت يەپ كەتكەن چىشلىرى

كۆرۈنۈپ قالدى.

— بۇ قىزنى تولا سوراپ كەتتىڭىز، بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟

— شۇنداق، جىق سوراپ قالدىم، بۇنداق گەپلەرنى سورىماسلىقىم كېرەكمىدى؟

— توغرا، سورىماڭ، باشقا گەپلەرنى سوراڭ، باشقا گەپلەرنى قىلىشايلى، مەسىلەن تېلېفون نومۇرلىرىمىزنى سورىشىۋالايلى.

— بۇ قىز تۆت سائەت ئىشلەيدىكەن، نەچچىلىك ھەق بېرىسىز؟

— سىز يەنە شۇ گەپنىمۇ؟ نېمىشقا سوراۋېرىدىغانسىز؟ كۈندە ئون سوم، بەزىدە تاماقمۇ قوشۇپ بېرىمىز.

— ھە ... مەنمۇ ئاشخانا ئاچاتتىم، ماڭىمۇ مۇشۇنداق قىزلار كېرەك ئىدى.

— كەسىپداش ئىكەنمىز، مەكتەپ ئۇقۇپ قالسا چاتاق بولىدۇ، دىققەت قىلىڭ.

گۈلنىگار غوجايىنىنىڭ بىپەرۋادەك كۆرۈنگەن كۆزلىرىنىڭ تېگىدە يوشۇرۇنغان نۇرغۇن دەردلىرىنىڭ بارلىقىنى سېزىپ قالدى، ھېچكىمنىڭ دەرد تارتقۇسى يوق، ھېچكىم دەردى بولۇشنى ئارزۇ قىلمايدۇ، ھېچكىم دەردتىن يىراق تۇرالمايدۇ. غوجايىن بۇ قىزنىڭ ئاشخانىسىدا ئىشلەۋاتقانلىقىنى مەكتەپنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن قورقىدىكەن.

— بۇ قىزنىڭ ئىسمى نېمە؟

— بىلمەيمەن، مەنمۇ سورىمىدىم، ئىشقىلىپ ئۇنىڭغا كۈندە ئون سوم بېرىمەن، ھەققىنى ئىككى – ئۈچ كۈندە بىر ئالىدۇ، ئۆزۈڭ يە، دەپ بەرگەن تاماقلارنى ئەكېتىدۇ.

گۈلنىگار ئاشخانىنىڭ تېمىغا چاپلاپ قويۇلغان جاھازغا قارىدى، جاھازدا ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ «ئىز» دېگەن شېئىرى تەئلىق خەت نۇسخىسىدا ھۆسنخەتچىلەپ يېزىپ قويۇلغانىدى. ئۇنىڭ تەرەپ بۇلۇڭىغا ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەنىدى.

www.uyghurkitap.com

— ئۇ قىزنىڭ ئىسمىنى راست بىلمەمسىز؟
— راست بىلمەيمەن.
— ئۇنىڭ ئىسمى گۈلسۈم.
— گۈلسۈم؟
غوجايىن چۆچۈگەندەك بولۇپ گۈلنىگارغا باشتىن - ئاياغ قاراپ چىقتى.
— شۇنداق، ئۇ بىزنىڭ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى، بايا ئۇ مېنى كۆرۈپ قالمىسۇن، دەپ بۇ ئايرىمخانىغا كىرىۋالدىم، مېنى نېمانداق مۇشۇ نەچچە كۈندىن بېرى كۈندە ئاشخانىغا كىرىدىغاندۇ دەپ ئويلىدىڭىزمۇ؟
— ياق، بۇ دېگەن ئاشخانا، بۇ يەرگە ئادەم قانچە كۆپ كىرسە مەن شۇنچە خۇش بولىمەن، ماڭا شۇنچە پايدا، سىزدەك چىرايلىق چوكانلار كىرسە تېخىمۇ خۇش بولىمەن ... تونۇشۇپ قويايلى، مېنىڭ ئىسمىم ...
— رەھمەت، ئەمما مەن بۇ قىزنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشۇم كېرەك ئىدى.
— بىلىدىكەنسىزغۇ، يەنە نېمە ئەھۋالىنى ئۇقماقچىدىڭىز؟
— ئۇ قاچاندىن باشلاپ بۇ يەردە ئىشلەۋاتىدۇ، نېمىشقا ئىشلەيدۇ دېگەندەك.
— چوقۇم دەپ بېرىشىم كېرەكمۇ؟
— شۇنداق، مەن بىلمىسەم بولمايدۇ.
غوجايىن گۈلنىگارغا تىكىلگىنىچە ئۇھ تارتىپ قويدى.
— كەلگىلى بىر - ئىككى ئايچە بولدى، نېمىشقا ئىشلەيدىغانلىقىنى مەنمۇ تازا بىلىپ كەتمەيمەن، بىزنىڭ باللا ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ ئىشلىتىۋاتقان ئوخشايدۇ، نېمىشقا كەلدى دېسىڭىز قورساق باققىلى، پۇل تاپقىلى كېلىدۇ.
— بۇنداق قىلسا بولمايدۇ، بۇ دېگەن ئوقۇغۇچى.
— بۇنى بىلمەيمەن، ئەمما بىر ئويلىسىڭىز ئۇنىڭغىمۇ ياخشى، قورسىقى تويىدۇ، ئاز بولسىمۇ ھەق ئالىدۇ، ھازىر

بەزمىخانىلاردا پۇل تېپىۋاتقان، پۇلنى دەپ خەقنىڭ ماشىنىسىغا چىقىپ كېتىۋاتقان ئوقۇغۇچى قىزلاردىن كۆپ ياخشى ... سىز بېرىپ شۇنداقلارنى تۇتامسىز؟

— ئۇنىڭمۇ ۋاقتى كېلىدۇ، ھازىر مۇنۇ قىزنىڭ گېپىنى قىلىشايلى، سىزنىڭ قىلغىنىڭىز توغرا بولماپتۇ.

— بۇ قىز بۇ يەردە ئىشلىگەن بولسا ھەق بەردىم، مەندە گۇناھ يوق.

— بىراق ئۇ كىچىك.

— ھېلى مەن گېپىنى قىلغان قىزلارمۇ كىچىك.

— بىراق ...

— خانىم، جىق سۆزلەپ كەتتىڭىز، ئۇسسىغانسىز، باللارغا دەي، ناۋات سېلىپ چاي دەملىسۇنمۇ؟

— رەھمەت، مەن قايتاي، گۇلسۇمنىڭ ئىشىنى مەكتەپ رەھبەرلىكىگە دەيمەن.

— ئىختىيارىڭىز، ئەمما ماڭا ئاۋارىچىلىك بولىدىغان ئىشنى قىلماڭ ... مەن بەزىدە چىشىمغا تەگكەن ئادەملەرنى كۆرسەم ساراڭلىق قىلىپ قويىمەن ... شۇنداق قىلىپ تېلېفون نومۇرىڭىزنى دەپ بەرمەيدىغان ئوخشىمامسىز؟

گۈلنىگار ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭدى، ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالغان غوجايىن غورتتىدە يۇتۇنۇپ غودۇڭشىدى:

— ئۇستىخىنى ئەجەب قامالاشقان خوتۇنكىنا ماۋۇ ... ئارتىستەك ...

غوجايىن ياندىكى ئۇستەلدە مۈگدەپ ئولتۇرغان قىزغا گۆلەيدى.

— نېمىگە ھاڭۋېقىپ ئولتۇرىسىز ئۇكام بېرىپ ئىشىڭىزنى قىلىڭ!

قىز چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ غوجايىنىدىن مۇنداق گەپنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىشى ئەمەستەك قىلاتتى.

گۈلنىگار گۈلسۈمنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ قالدى، كىچىككىنە گۈلسۈمنىڭ ئاشخانىدا ئىشلىشى ئۇنىڭغا بۆلەكچە ئاچچىق تەسىر قىلدى، غەمسىز تاقلاپ، ئوينىاپ يۈرىدىغان ياشتىكى بىر قىزنىڭ موھتاجلىق سەۋەبىدىن ئىشلەمچىلىك قىلىپ يۈرۈشى پەقەت قاملاشمىغان ئىش ئىدى، كېيىنكى كۈنلەردە گۈلنىگار ھە دېگەندە گۈلسۈمنىڭ ئاشخانىدا قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيۇۋاتقان، تاماق توشۇۋاتقان، پول سۈرتۈۋاتقان ھالىتىنى ئويلاپ قالاتتى، گۈلنىگار پات ـ پات گۈلسۈم، گۈلپىيە دېگەن قىزلار توغرىسىدا ئۇزاق ھەم چىگىچ خىياللار ئارىسىغا كىرىپ قالاتتى.

## 51

گۈلنىگار كىرىپلا سومكىسىنى ئىلغۇچقا ئېسىۋېتىپ، تېلېفونىنى بېسىش بىلەن بولۇپ كەتكەن سەردارنى كۆرۈپ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى، شۇنداقتىمۇ چاندۇرماي ئۆزىنىڭ گېپىنى قىلدى.

— سەردار، رازىيە تېلېفون قىپتۇ، ئۇلار بىزنىڭ ئۆيگە كەلگۈدەك.

— رازىيە كېلەمدىكەن؟ — دېدى سەردار گۈلنىگارغا شۇنداقلا قاراپ قويۇپ، — ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ئۆيگە كەلمىگىنىگىمۇ ئۇزاق بوپتۇ، شاكىرمۇ كېلەمدىكەن؟

— شۇنداق بولسا كېرەك.

سەردار تېلېفونغا قارىغاچ بېشىنى لىڭشىتتى، گۈلنىگارنىڭ كاللىسىغا: «ئالۋاستى...» دېگەن سۆز سىيرىق مانان بولۇپ لىققىدە توشۇپ كەتتى، سەردارغا بىرنېمە دەي دەپ يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— بوپتۇ، كەلسە كەلسۇن، ئۆيۈڭلارغا بارىمىز دېسە كەلمەڭ دېگىلى بولاتتىمۇ، نەچچە سائەت ۋاقتىم ئۆلىدىغان بولدى ـ دە ...

سەردارنىڭ گېپى تۈگىمەيلا گۈلنىگار دوق قىلدى.

— نەچچە سائەت ۋاقتىم ئۆلىدىكەن؟ ما گېپىڭىز بولمىدى، كەچكىچە كىتابقىلا قارىۋالماڭ، خەقلەر بىلەن ئانچە ـ مۇنچە پاراڭلىشىپ قويغانلىقىڭىزمۇ يامىنى يوق.
— ھە بوپتۇ، ئۇنداقتا تاماققا تەييارلىق قىلىپ قويارسىز.
— بولىدۇ، قاراڭ سەردار، مۇشۇ يىقىندىن رازىيە غەلىتە بولۇپ قالغاندەك كۆرۈندى ماڭا، سىز دىققەت قىلدىڭىزمۇ؟ — دېدى گۈلنىگار ياغلىقنى تۈزەشتۈرۈۋېتىپ.
— بىلىسىز، مەن ئەزەلدىن سىزدىن باشقا ئاياللارغا زەن سالمايمەن.
گۈلنىگار ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى.
— خۇدايىم دېگىنىڭىز كېلەر.
— ئۇنىڭ نەرى غەلىتە بولۇپ قاپتۇ؟ — دېدى سەردار تېلېفوننى باسقاچ.
گۈلنىگارنىڭ سەردارنىڭ قولىدىكى تېلېفوننى دەسسىۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى.
— رازىيە ياسىنىشقا بەك دىققەت قىلاتتى، ھەرقانچە ئېغىر كۈنگە قالسىمۇ قاملاشتۇرۇپ ياسىنىپ يۈرىدىغان، يېقىندىن بېرى ياسىنىشى، كىيىنىشى بەك ئۆزگىرىپ كەتتى، كىيىملىرىمۇ غەلىتىلا ... . ياغلىقنى ئوي چىگىپ، ئۇزۇن بىر نېمىلەرنى كىيىۋالىدىغان بولۇپ قاپتۇ.
— ھازىر بۇنداقلا ئاۋۇپ قالدىغۇ ... مەنمۇ گاڭگىراپ قالدىم... قانداق ئىشلاركىن بۇ، غەلىتە بىرنېمىلەرنى كىيىپ يۈرىدىغانلار پەيدا بولۇپ قالدى.
— ھازىر ئۇنىڭ يېنىدا مەن قورۇنۇپ قېلىۋاتىمەن، خۇددى مەن يېرىم ـ يالىڭاچ كىيىنىۋالغاندەك، نېمە دېسەم بولار؟ ... بىر يېرى بىرقانداق.
— بۇ باش قاتۇرغۇدەك ئىشمۇ ئەمەس، بىر كۈنلەردە ئۆزلۈكىدىن ئوڭشىلىپ قالىدۇ، نېمىلەر مودا بولۇپ نېمىلەر مودىدىن قالمىدى.

— ئۇغۇ شۇ.

گۈلنىگار ئاشخانا ئۆيگە ماڭدى. سەردار تېلېفوننى قويۇپ «ئىمپېراتور تۆمۈرلەڭ» دېگەن كىتابنى ۋاراقلاپ ئولتۇردى، گۈلنىگار قويۇپ بەرگەن چاي سوۋۇپ قالغانىدى.

بىردەمدىن كېيىن ئىشىك چېكىلدى، سەردار كىتابنى قويۇپ ئىشىكنى ئاچتى، ئىشىكتە بوي - بەستىدىن ياۋاشلىقى چىقىپ تۇرىدىغان، گۆشلۈك كالپۇكلىرى ساڭگىلاپ قالغان شاكىر بىلەن ئۇزۇن قارا كىيىم كىيىۋالغان، يۈزىنى يېرىم ئورىۋالغان رازىيە تۇراتتى، رازىيەنىڭ تۇرقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلغان سەردار سەل ئەجەبلەنگەندەك بولۇپ، ئۇلارنى ئۆيگە باشلىدى.

— قېنى كىرىڭلار، شاكىر، قېنى يۇقىرى ئۆتۈڭ، رازىيە، قېنى، سىزمۇ ... تۆرگە ئۆتۈڭلار.

مېھمانلار ساپاغا جايلاشتى. سەردار بىرنېمە دەي دەپ بولغۇچە، شاكىر رازىيەنىڭ نوقۇشى بىلەن «ئامىن» دەپلا دۇئاغا قول كۆتۈردى، ئۇلار قايتىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ تىنچلىق - ئامانلىق سوراشتى.

— كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بوپتۇ، شاكىر، ئۆزىڭىز نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسىز؟

سەردار شاكىرنىڭ ساددىلىق ھەم ياۋاشلىق چىقىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. رازىيە بىلەن گۈلنىگارنىڭ ئالاقىسى جەريانىدا سەردار شاكىر بىلەنمۇ تونۇشۇپ قالغانىدى.

— بىز نېمە ئىش قىلاتتۇق، سەردار دوختۇر، زاۋۇتنىڭ يۇگۇر - يېتىم ئىشلىرى بىلەن شۇ، بۇ يىللاردا بىزنىڭ زاۋۇتنىڭ ئىشلىرى ياخشى ئەمەس، ئىش ھەققى تۆۋەنلەپ كەتتى، ئىشنى ھەممەيلەن تەڭ قىلىمىز، ئەمما ھەقنى تەڭ ئالالمايمىز... قورساق كۆپۈكى جىق، يېڭى ئوقۇپ كەلگەن بىرنېمىلەر بىزدىن جىق ئالىدۇ، ئىچ پۇشۇق، ھەممىنى خۇدا تەقسىمىدۇغۇ بىر كۈنى ...

شاكىر بىردىنلا توختاپ قالدى، رازىيە ئىشارە بىلەن ئۇنى جىمىلەپ قويسا كېرەك.

گۈلنىگار چاي، قەنت ـ گېزەكلەرنى كۆتۈرۈپ چىقتى.
گۈلنىگار دولقۇنلۇق بۇدۇر چاچلىرىنىڭ ئۇستىدىن سېرىق گۈللۈك ياغلىقنى چىگىپ ئۆلگۈرگەنىدى. مېھمانلار ئورنىدىن تۇرۇپ چاي ئېلىپ يەنە جايىغا ئولتۇرۇشتى، ساپانىڭ پات ـ پات غىچىرلىشى سەردارنى خىجىل قىلىپ قويىدى. رازىيەنىڭ ياغلىقنى ئېڭەكلەپ چىگمۇۋېلىشلىرى، كەڭ ھەم ئۇزۇن قارا كۆڭلىكى ئۇنى گۈلنىگارغا ناتونۇش ھەم سەل ئەيمىنىشلىك كۆرسىتىپ تۇراتتى.
گۈلنىگار كۆڭلىنىڭ بىسەرەمجان بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغىنىچە چىرايىغا زورلاپ كۈلكە يۈگۈرتتى. رازىيەنىڭ قىياپىتى ئالدىنقى قېتىم كۆرۈشكەندىكىدىنمۇ بەكرەك ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى.
— كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بوپتۇ، ئەھۋالىڭ ياخشىدۇر، رازىيە؟
— ئوبدان، خۇدانىڭ رەھمىتى بىلەن مۇشۇنچىلىك تۇرۇۋاتىمەن.
— باللىرىڭ ياخشىمۇ؟
— ئاللانىڭ رەھمىتى بىلەن ئوبدان تۇرۇۋاتىمىز.
— چوڭلار قانداقراق تۇرۇۋاتىدۇ؟
— ئاللاغا شۈكۈر، ھەممەيلەن تىنچ ـ ئامان تۇردۇق.
ئارىنى بىردەملىك جىملىق باستى، گۈلنىگار سەردارغا قاراپ قويىدى، سەردار ئوڭايسىز بىر ھالدا قولىنى ئىشقىلاپ ئولتۇراتتى.
— شاكىر، قېنى ئېلىڭ، داستىخانغا باقماي ئولتۇرۇڭ، گۈلنىگار، شاققىدە تاماق قىلىڭ.
— رەھمەت، بىز تاماققا ساقلىمايلى، بىر ئىش بىلەن سىلەرنى ئىزدەپ كەلگەن.
— خوش، نېمە ئىش، دەۋېرىڭ.
— مەن ... بىر ... سىز دەڭە شاكىر.

www.uyghurkitap.com

شاكىر تەستە يۇتۇنۇپ بويىنىنى ئالدىغا سوزۇپ رازىيەگە قاراپ قويدى.

— ئۆزىڭىز دەڭ.

شاكىرنىڭ ئاۋازى بەكلا غېرىبانە چىقىپ كەتتى.

— ۋاي - ۋۇي، دەۋېرىڭلار، بىز يات ئادەملەر بولمىساق، تارتىنغۇدەك نېمە ئىش بار؟ — دېدى گۈلنىگار كۈلۈمسىرەپ، ئۇنىڭ كۈلگەندە پەيدا بولىدىغان زىنىخى سەردارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ قويدى، ئۇ ئايالىنىڭ ئوڭ مەڭزىدە زىنىخى بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قالغانىدى.

— قېنى نېمە گەپ بولسا دەۋەرگىن، رازىيە، تارتىنما.

— بۇ ... مۇنداق ئىش ئىدى، سىلەردىن ئەمدى شۇ ... ئەمدى شۇ . بەش مىڭ سوم قەرز سوراپ كەلگەن، بىر ئايلىقلا، بىر ئايدىن كېيىن قايتۇرىمىز.

رازىيە بەكلا قىسىلىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. رازىيەنىڭ گېپى تۈگەپ رازىيەمۇ، شاكىرمۇ تۈگۈلۈپ كەتتى، موھتاجلىق جاھاننىڭ ھەممە يېرىدە ئوخشاشلا يۈرەكنى ئامبۇردەك قىسىدۇ.

— شۇ گەپمىدى، بولىدۇ، ئەلۋەتتە بېرىپ تۇرىمىز، ئۆزئارا ياردەم قىلىشمىساق قانداق بولىدۇ؟

گۈلنىگار سەردارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ھەيران بولغانلىقىنى چاندۇرمايراق ئۇنىڭغا قاراپ قويدى، سەردار ھېچ ئىش بولمىغاندەك خۇشال كەيپىياتتا ئىدى.

— خاتىرجەم بولۇڭلار، مەن ئەتە چۈشكىچە تەييار قىلىپ قوياي، گۈلنىگاردىن ئېلىۋېلىڭ، رازىيە، ۋاقتىم چىقمىسا قالسا شاكىرنىڭ ئىدارىسىگە ئۆزۈم ئاپىرىپ بېرىمەن.

— بولىدۇ، ناھايىتى بەش مىڭ سومكەنغۇ، بارنى تەڭ كۆرىمىز، تەڭلىك بولماڭلار، — دېدى گۈلنىگار كۈلۈپ.

— ئاللا رەھمەت قىلسۇن، — دېدى رازىيە.

ئۇستەلدىكى خۇش پۇراق چايدىن يىقىملىق ھور ئۆرلەپ

تۇراتتى، رازىيە شاكىرنى نوقۇپ قويۇۋىدى، شاكىر دۇئاغا قول كۆتۈردى.
— ھەي ... ئالدىراپلا دۇئا قىلدىڭلارغۇ، مەن تېخى تاماققا تەييارلىق قىلىپ قويغان.
— رەھمەت، بىز ماڭايلى، سىلەرنى ئاۋارە قىلىپ قويدۇق.
— تاماق يەپ چىقساڭلار بولاتتى.
شاكىر ئايىغىنى كىيىۋاتقان دەمدە گۈلنىگار رازىيەنى تارتىپ ياندىكى ئۆيگە ئېلىپ كىردى.
— نوركىمنىڭ تازا نوچىسىدىن ئالاي دېدىڭمۇ نېمە؟ — دېدى گۈلنىگار رازىيەنىڭ ئۈستىبېشىغا قاراپ چاقچاق قىلغاندەك.
— قويغىنا، ماڭا نوركىمنى كىم قويۇپتۇ؟ باشقا ئىش، گۈلپىيەنى داۋالىتايلى دېگەن.
— سورىماپتىمەن، گۈلپىيەنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟
— تولا كېسىلى تۇتىدۇ، خۇدانىڭ رەھمىتى بىلەن پات ئارىدا شىپا تېپىپ قالىدۇ، ئۆتكەندە ساڭا دېگەنىدىمغۇ، رازىيەنى موللامغا ئوقۇتايلىمىكىن، دەپ، بىرى ئۇستا بىر موللامنى تېپىپ بەرگەنىدى، شۇنىڭغا ئوقۇتقانىدۇق، پايدىسى بولۇۋاتىدۇ.
— نېمە؟ موللىغا ئوقۇتۇۋاتامسەن؟
— ئۆتكەندە ساڭا دېگەنغۇ، قىلمىغان ئامالىم قالمىدى دەپ، ئەمدى شۇ ئىشنى قىلىپ باقايلىمىكىن دەپ ئوقۇتقان، خېلى مەنپەئەتى بولغاندەك قىلدى، شۇ موللامغا بېرىدىغان پۇلدىن خىجالەتچىلىك تارتىپ قالدۇق.
گۈلنىگار رازىيەنىڭ بىلىكىدىن تۇتتى.
— بۇ قانداق بولار؟
— خەقلەرنىڭ دېيىشىچە ئۇ قالتىس موللام ئىكەن، ھەر قانداق جىن ـ شەيتاننى تۇتالايدىكەن، جىنلار بۇ كىشىدىن شىر، يولۋاس ياكى يىلپىزدىن قورققاندەك قورقىدىكەن.
رازىيە بىركىمنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن قورققاندەك ئېھتىيات بىلەن پىچىرلايتتى.

گۈلنىگار ھاڭقىيىپ تۇرۇپ قالدى، مېھمانخانا ئۆيدىن شاكىر بىلەن سەردارنىڭ گۇدۇڭلاشلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى. بەزى ئادەملەر بەزىدە نېمە قىلىشنى پەقەت بىلەلمەي قالىدۇ.

— سەن ئۇ ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟

— كۆردۈم، سەندىن يوشۇرمايمەن، ئۇ موللام ھازىر بىزنىڭ ئۆيدە. ئۇ كىشىنىڭ دېيىشىچە، جىن ـ ئالۋاستىلار بەزى ئادەملەرنىڭ قورسىقىغا كىرىۋېلىپ شۇ يەردە ئۇۋىلايدىكەن، ئاچچىقى كەلسە شۇ كىشىنى ساراڭ قىلىۋېتىدىكەن، بەزىلىرى ئۆزلىرىنى ئاشكارىلىمايدىكەن، يوشۇرۇنۇپ تۇرىدىكەن، ۋاقتى كەلگەندە سەكرەپ چىقىپ ئاندىن ئادەمنى ساراڭ ياكى ئېلىشماق قىلىپ قويىدىكەن، دىققەت قىلمىسا جاننى ئالىدىكەن ... موللامنىڭ دېيىشىچە، ھەممە ئادەمنىڭ قورسىقىدا جىن بولىدىكەن.

گۈلنىگار رازىيەنىڭ پىچىرلاپ دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ چۆش كۆرۈۋاتقانلىقىنى ياكى ئويغاقلىقىنى بىلەلمەي قالدى.

ھەيۋەتلىك بىنالار، سەلتەنەتلىك مۇراسىملار، ئايغا، مارسقا چىقىشلار، دەۋرنىڭ 21 ـ ئەسىرگە كىرىشى ... مۇشۇ زاماندا رازىيە دەۋاتقان ئىشلار يۈز بەردى دېيىشكە ئىشەنگىلى بولمايدۇ، ئەمما ئىشەنمەيمەن، دەپلا ئىشنى تۈگەتكىلى بولاتتىمۇ؟ ئىشەنمىگەن بىلەن، ئىشەنگىلى بولمىغان بىلەن بۇ ئىشلار ئەمەلىيەتتە يۈز بېرىۋاتسا.

— ئۇنداقتا گۈلپىيەنى نېمە دەيدۇ ئۇ موللام؟ — سورىدى گۈلنىگار ھەيران ھەم تاقەتسىزلىك بىلەن.

— موللام گۈلپىيەنىڭ ئىچىدە جىن بار ئىكەن، دېدى.

گۈلنىگار قارا تۇمان ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك بىر تۈيغۇ ئىچىدە قالدى، بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاپ چۆش كۆرگەن بولسا خەيرىيەت، بىراق ئۇ ئويغاق ئاڭلاۋاتىدۇ.

— سىلەر بۇ گەپلەرگە ئىشەندىڭلارمۇ؟

— ئىشەنمەي بولمىدى، دەسلەپتە گۈلپىيەنى موللامنىڭ قېشىغا باشلاپ بېرىشىدۇق، موللام كۆرۈپلا گۈلپىيەنىڭ ئىچىدە ئەركەك جىن بار ئىكەن دېدى، گۈلپىيە شۇ يەردىلا يىغلاپ جاھاننى بېشىغا كىيدى، ياندۇرۇپ كېلىپ ئىككى كۈن ئۆتۈشىدى، يەنە كېسىلى تۇتۇپ چىرقىراپ، ئۆزىنى ھەر يانغا ئاتقىلى تۇردى، موللامنى مىڭ تەستە چاقىرىپ ئۆيگە ئەكەلدۇق، موللام ئوقۇشقا باشلىشىدى، سەكرەپ ـ تاقلاپ بىر نېمىلەرنى بۇزۇپ چېقىپ ئالەمنى مالەم قىلىشاتقان گۈلپىيە ياۋاشلىشىپ كەتتى، ھازىر موللام كېلىپ ـ كېتىپ تۇرۇۋاتىدۇ، موللام ئوقۇسىلا گۈلپىيە ياۋاشلىشىپ قالىدۇ، ئۇ كەتسىلا يەنە خۇيى تۇتىدۇ، موللامنىڭ دېيىشىچە ...

— موللام نېمە دەيدۇ؟

— موللام مەن جىن بىلەن ئېلىشىۋاتقاندا ئادەم كۆپ بولسا بولمايدۇ، بولمىسا باشقىلىرىڭلارنىڭ قورسىقىدىكى جىن بىلەن مەن ئېلىشىۋاتقان جىن بىر بولۇپ، كۈچ ئېلىشالمايمەن، شۇڭا ھەممىڭلار بۇ يەردىن چىقىپ كېتىڭلار، دېدى.

رازىيە شۇلارنى دەۋاتقاندا ئاۋازى غەلىتە تىترەپ كەتتى.

گۈلنىگارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەنىدى.

— خۇدايا توۋا قىلدىم ... بۇ قانداق گەپ ئەمدى؟ ... ھازىر گۈلپىيەنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

— ياخشى، بارغانسېرى ياخشى بولۇۋاتىدۇ، موللام يېنىدا بولسىلا ياخشى، موللام چىقىپ كەتسىلا يەنە ساراڭلىقى تۇتىدۇ، ... ئەمدى شۇ ... موللامنىڭ دېيىشىچە، بۇنىڭغا بەش مىڭ سوم پۇل كېتىدىكەن، شۇ پۇلغا تەڭلىك تارتىپ كەلگەن، شۇڭا ...

— بولدى، بۇ گەپنى دېيىشىپ بولدۇق ... بىراق ئۇ موللامنىڭ راستىلا شۇنداق كارامىتى بارمىكەن؟

— راست ئىكەن، گۈلنىگار، مەن ئىشەندىم.

— نېمە؟ — گۈلنىگار ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى.

— ئۇ ئۆزىنىڭ جىنلار بىلەن ئېلىشقاندا گاھ يولۋاس

سۈرتىگە، بەزىدە شىرنىڭ سۈرتىگە كىرىدىغانلىقىنى دېدى.

گۈلنىگار ھاڭۋاقىنىچە بىردەم تۇرۇپ قالدى، رازىيە ئۇنىڭ بىلىكىدىن تارتتى.

— مەن ماڭاي، گۈلنىگار، راست، بىر گەپنى دەي، رەيھان بۇ گەپلەرنى ھەرگىز ئاڭلاپ قالمىسۇن، بىلىسەن، ئۇنىڭ خۇيى ئوسال، بىلىپلا قالسا چاتاق تېرىيدۇ.

— بۇ ئىشلاردىن رەيھاننىڭ خەۋىرى يوقما؟

— ياق، ئۇنىڭغا دېمىدىم، ئۇنىڭ تەرسالىقىنى بىلىسەن ... موللامغا يامان گەپ قىلىپ سېلىپ قارغىشقا كېتىپ قالامدىكىن دەپ قورقتۇم.

رازىيە ناھايىتى مۇھىم بىر ئىشنى دېمەكچى بولغاندەك ئالدىغا ئېڭىشىپ گۈلنىگارنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— راست، دەسلەپتە بۇ گەپنى سىدىق قاراباش بىلەن ئايىمخان ئاچام دېگەندە تازا ئىشىنەلمىگەنىدىم، كېيىن موللام ئۆز ئاغزى بىلەن ماڭا، مەن كۆپىنچە يولۋاس سۈرتىگە ياكى شىر سۈرتىگە كىرىپ جىنلارنى قوغلايمەن، دېدى، ئۇ كىشىگە شەك كەلتۈرگەن، كۆڭلىدە گۇمانى بار ئادەملەرگە كاراماتىنى كۆرسەتمەيدىكەن.

گۈلنىگار قۇلىقىغا ئىشىنەلمەي قالدى. بولۇۋاتقان گەپلەرنىڭ راستلىقىغا ئىشەنمەك تەس ئىدى، ئەمما بۇ گەپلەرنى ئۇنىڭ دوستى رازىيە دەۋاتىدۇ، گۈلنىگار رازىيەنىڭ نورماللىقىدىن گۇمانلىنىشقا پېتىنالمىدى.

ئىككى ئايال ياندىكى ئۆيدىن چىققاندا شاكىر بىلەن سەردار ئىشىك يېنىدا ئۆرە تۇرۇشقانىدى.

— گۈلپىيەنى موللىغا ئوقۇتماقچى بولغىنىڭلار راستمۇ، رازىيە؟ — دېدى سەردار.

رازىيە شاكىرغا بۇرىلىپ ئۇنىڭغا ئاچچىق بىلەن قاراپ قويدى، شاكىر ئۇدۇق - بۇدۇق بولۇپ تەمتىرەپ كەتتى. رازىيەنىڭ قاراشلىرىدا، دېمەيدىغان گەپنى دەپسەن، دېگەندەك

ئەيىبلەش بار ئىدى.

— شۇنداق ... ئۇنىڭغا شۇنىڭدىن باشقا ئامال تېپىلمىدى ... ھېلىقى موللامنىڭ راستلا كارامىتى بار ئىكەن، — دېدى رازىيە ياغلىقىنىڭ ئۇچىنى تۈزەشتۈرۈۋېتىپ.

سەردار گەپ قىلمىدى، ئۇنىڭ ھەيرانلىقى تېخى بېسىلمىغان، سوغۇق ھەم بوستەك بىر ھاياجان ئىچىدە قالغاندەك قىلاتتى.

— مۇنداق دەڭ، بايا شاكىر بىلەنمۇ بەزى گەپلەرنى دېيىشتۇق ... — سەردار گەپنى قانداق قىلىشنى بىلەلمىگەندەك دۇدۇقلاپ قالدى، — بۇ ئىش سەل ... بۇ ئەمدى تازا توغرا بولمىغاندەك قىلامدۇ نېمە؟

— بىراق سەردار دوختۇر، گۈلپىيەگە راستلا پايدىسى بولدى، ئۇ مۇلايىملىشىپ ئۇخشىلىپلا قالدى.

— شاكىر، — دېدى سەردار، — ھېلىقى موللام راستلا يولۋاستەك كۆرۈنەمدىكەن؟ ...

— مەن ... — شاكىر دۇدۇقلاپ قالدى، — مۇشۇ خوتۇن شۇنداق دەيدۇ، ئەمما ماڭا ئۇنداق ...

— ئۇ موللام ياخشى ئادەم ئىكەن، كۆڭلى قارا، نىيىتى دۇرۇس بولمىغان ئادەملەر ئۇ كىشىنىڭ كارامىتىنى كۆرەلمەيدىكەن، — دېدى رازىيە ئالدىرىغىنىچە بىردە شاكىرغا، بىردە سەردارغا قاراپ، — شاكىرنى بىلىسىز، قاۋاقتىن كەلمەيدىغان ئادەم، شۇڭا ئۇنىڭ موللامنىڭ كارامىتىنى كۆرۈشى مۇمكىن ئەمەس.

— ئۇنداقتا ...

— بايا دېگەندەك بىر ئايلىقلا بەرسەڭلار بولىدۇ، — دېدى رازىيە، — پۇلۇڭلارنى سۆيلەتمەيلا ئەكېلىپ بېرىمىز.

— بولىدۇ، مۇنداق بولسۇن، پۇل كارتىدا ئىدى، مەن ئەتە بانكىدىن ئاجرىتىپ تەييار قىلىپ قوياي، گۈلنىگار ئاپىرىپ بەرسۇن، پۇرسەت بولسا ئۆزۈم يەتكۈزۈپ بېرىمەن.

— بولىدۇ، رەھمەت، سىلەرنى ئاۋارە قىلدۇق، ئەمىسە بىز چىقايلى.

مېھمانلار كەتتى، گۈلنىگارمۇ، سەردارمۇ جىممىدە ئولتۇرۇپ كەتتى، ھەر ئىككىسى بايا ئاڭلىغان گەپلەرگە ئىشىنەلمىگەن بولسا كېرەك، سەلدىن كېيىن گۈلنىگار سەردارغا ھومىيىپ قويدى.

— بەش مىڭ سوم دېسە بېرەيلى دەيسىزغۇ، سىزنىڭ بىر يەردە بەش مىڭ سوم پۇلىڭىز بارمىدى؟

سەردار كۈلۈپ قويدى، ئۇنىڭ لەۋلىرىدىكى مەسخىرىگە مايىل تەبەسسۇم گۈلنىگارنىڭ پەقەت كۆزىگە سىغمايتتى.

— پۇلغۇ يوق، بىراق ... ئەمدى خەق خىجالەت تارتىپ كەلسە يوق دېسەك قاملاشمايدۇ ـ دە، يوق دېيىشكە تىلىم بارمىدى ... يەنە كېلىپ رازىيە سىزنىڭ دوستىڭىزغۇ.

گۈلنىگار گاراڭ ھالدا بېشىنى چايقىدى.

— ۋەدە بېرىپ قويدىڭىز، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

— مەن بىر يەردىن ئامالىنى قىلاي.

— نەدىن ئامال قىلارسىز؟

— بىلمەيمەن، ئاغىنىلەرگە دەپ باقاي، گۈلپىيەنى ئوقۇتتۇق دەيدۇ، بۇ قانداق گەپ ئەمدى؟

— مەنمۇ بىلمىدىم، رازىيەنىڭ ئۇ موللامنى ئەۋلىيا ئىكەن، ئۇنداق ئىكەن، مۇنداق ئىكەن دېگەن گەپلىرىدىن، كاللام ئۇماچ بولۇپ كەتتى مېنىڭ.

— بەلكىم «قىرلىق ئىستاكان» فىلىمىدىكىگە ئوخشايدىغان ئىشلارمىكى، شۇ فىلىمدىكى ئابدۇل تېرىكە باخشى ـ رەمچىلەر ئوقۇيدۇ، بۇمۇ شۇنىڭدەك بىر ئىش بولسا كېرەك.

— توۋا دەيمەن، قورقۇنچلۇق ئىشقۇ ئۇ ... گۈلپىيەگە زادى نېمە بولغاندۇ؟

— بىرنېمە دېمەك تەس، بەلكىم نېرۋىغا ئائىت بىرەر كېسەل بولۇشمۇ كېرەك.

— مەن ئالدىنقى قېتىم بارغاندىمۇ ئۇنىڭغا دىققەت قىلغان، شۇ چاغدىمۇ كۆزۈمگە بىرقىسما كۆرۈنگەن، ئۇ بەك قورقۇپ كەتكەندەك، بەك چارچاپ كەتكەندەك كۆرۈنگەن ماڭا، گۈلپىيە ئۆزىنىڭ يېشىغا توغرا كەلمەيدىغانىراق چوڭ بولۇپ قاپتىكەن، كىچىك تۇرۇپ قېرىپ كەتكەندەك، بەك مەيۈس، كىشىگە قاراشلىرىمۇ شۇنداق غېرىب.

— بۇلارغىمۇ تەس بولدى، بىر ئۆيدە بىر كېسەل بولسا ئائىلە بويىچە ھەممەيلەن پاتىپاراق بولىدىغان گەپ، — سەردار شۇنداق دەۋاتقاندا تېلېفونىغا ئۇچۇر كەلدى، يەڭگىل ئۇچۇر سىگنالى گۈلنىگارنىڭ يۈرىكىگە يىڭنە بولۇپ سانجىلدى. «سەردارغا يەنە ھېلىقى ئالۋاستىدىن ئۇچۇر كەلدى ...» گۈلنىگار شۇنداق ئويلىدى، قانداقتۇر بىرنەرسە يۈرىكىنى تىتىپ يېگەندەك بىئارام بولۇپ كەتتى.

— پۇلنىڭ ئىشىنى قانداق قىلىمىز ئەمدى؟

— سىز غەم قىلماڭ، ئۆزۈم بىر ئامالىنى قىلىمەن.

گۈلنىگار سەردارنىڭ تاراقسىز چاچلىرىغا قارىدى، سەردارنىڭ قويۇق قارا چاچلىرى چېچىلىپ تۇراتتى، گۈلنىگارنىڭ سەردارنىڭ چاچلىرىنى سىلىغۇسى، ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىغۇسى كەلدى، ئۇ مۇشۇنداق قىلسا تامامەن بولاتتى، ئەمما يەنە ئۇنداق قىلمىدى ... سەردارغا يەر تېگىدىن قاراپ قويۇپ داستىخاندىكى قاچا ـ قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ ئاشخانا تەرەپكە ماڭدى.

گۇمان ھەم نەپرەتتىن يۈرىكى لەختە بولغان گۈلنىگارنىڭ كۆز ئالدىغا ئۆزىنى بۇ شەھەردىكى ئەڭ رەزىل ئادەم، ئەڭ ئەقىللىق ئادەم دەپ يۈرىدىغان بىر كىشىنىڭ سىيماسى كەلدى.

شۇ دەمدە لىقىمدە ئۆي ھەم ماشىنا بىلەن توشۇپ كەتكەن شەھەردىكى بىر يورۇق ئۆيدە دىلمۇرات ساجىدەگە نەپرەت بىلەن تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى، ساجىدە كۆزلىرىدىن ئوت يانغان ھالدا ھاياجان بىلەن پۇل ساناۋاتاتتى. پۇل توپتوغرا ئىككى مىڭ توققۇز يۈز سوم چىقتى، يەنە سانىۋىدى، يەنە شۇنداق چىقتى،

ساجىدە پۈشۈقانغان ھالدا لېۋىنى چىشلىدى:
— يەنە يۈز سوم بولغان بولسا ... توغرا ئۈچ مىڭ سوم بولاتتىكەن.
ساجىدە كۆڭلىدە شۇنداق ئويلىدى، ئەمما دىلمۇراتنىڭ بىرنېمىدىن يىرگەنگەندەك غەزەپلىك چىرايىغا قاراپ، بۇ گەپلەرنى ئاغزىدىن چىقىرىشقا پېتىنالمىدى.
يەنە شۇ دەمدە بارات موللامنىڭ ئىسسىق قولىنىڭ ئىللىقلىقىدىن ھەممە خورلۇق ھەم ھاقارەتلەرنى ئۇنتۇغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغان گۈلپىيە بارات موللامنىڭ ئۆزىدىن يىراقلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەندەك ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتتۇۋالغانىدى.
— مەن سارالڭ ئەمەس.
— بۇنى بىلىمەن.
— مەن ... مەندە بىر ئىش بار ...
— سىزنى ئۆزۈم ساقايتىمەن.
— ھارامدىن بولغان ئادەم راست سارالڭ بولۇپ قالامدۇ؟
بارات موللام گۈلپىيەنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ تىترەپ كەتكەنلىكىنى، ئىسسىق قولىنىڭ سوغۇق تەرلىگەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدى.
— بۇنداق سەت گەپنى دېمەڭ.
— ھېلىقى مەنسۇر ...
— مەنسۇر دېگەن كىم؟
— مەن ... ئۇنى تونۇمايمەن.
گۈلپىيە شۇ ھالدا قاراڭغۇ ئورماننى، قاراڭغۇ ئورماندىكى سۆگەتنىڭ قورقۇنچلۇق كاۋىكىنى، شۇ ئورماندا ئۇنىڭ يۈرىكىگە مىختەك قادىلىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزنى كۆردى.
گۈلپىيە ئۆزى مەڭگۈ چۈشەنمەيدىغان تەلپۈنۈشلەر ئىچىدە گاڭگىراپ يۈرگەن شۇ كۈنلەردە ئەخمەت «تەكلىماكان» دېگەن

رەسىمنى سىزدى.

ئەخمەت بەزىدە تەكلىماكان بىلەن تىنچ ئوكيانىنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقىدۇ.

«تەكلىماكان» ناملىق رەسىمنى ئىجتىھات بىلەن سىزىۋاتقان ئەخمەتنىڭ كاللىسىدىكى ئاجايىپ تەسەۋۋۇرلار بۇ شەھەرنىڭ تار كوچىلىرىدىن، ئاسمىنىدىن، شاماللىق باغلىرىدىن، ماشىنا سىگنالللىرى زەھەردەك ۋىڭىلداپ يۈرگەن چوڭ كوچىلىرىدىن ئۆتۈپ بىپايان بوشلۇقتا لەيلەپ يۈرەتتى.

ئۇ بەلكىم تىنچ ئوكيانىنى كۆرمىگەندۇ، ئەمما تىنچ ئوكياندىنمۇ سىرلىق تەكلىماكان ئۇنىڭ يۈرىكىگە دۇنيانىڭ ھېچ يېرىدىن تاپقىلى بولمايدىغان تۇيغۇلارنى بېرىۋاتقاندەك ئىدى، ئۇ يېقىندىن بۇيان سارەنىڭ ئۆتمۈشىنى پات ـ پات يادىغا ئالىدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى، ئۆتمۈشكە تەئەللۇق نۇرغۇن ئىشلار ئۇنتۇلماقتا يوق، بارغانسېرى يېڭىلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەيدىز ھەققىدە ئويلىناتتى، دەھشەتلىك بالا ـ قازا بەزى ئادەملەرنى جىممىدە يالماپ كېتىۋاتاتتى.

ئەيدىز ...

ئەخمەتنىڭ ئەيدىز ھەققىدە بىلىدىغانلىرى كۆپ ئەمەس، ئەمما ئۇنىڭ بىر ئادەمنىڭ جېنىنىلا ئەمەس، بارلىق شان ـ شەرەپلىرىنى ۋەيران قىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەخمەت گۈلپىيەنى بىلمەيدۇ، رازىيەنى، شاكىرنى، يەنە گۈلپىيەگە ئوقۇۋاتقان موللامنى بىلمەيدۇ، ئەمما ئۇنىڭ «تەكلىماكان» دېگەن رەسىمىدە خۇددى شۇنداق ئادەملەر، شۇنداق ئادەملەرنىڭ يۈرىكى سىزىلغاندەك قىلىدۇ. «تەكلىماكان» دېگەن رەسىمدە ئۆزىنىڭ يۈرىكىدە ئۆزى يېتىمسىرەپ قالغان گۈلنىگار، ئۆزلىرىنىڭ تۇمانلىق كۆڭۈللىرىگە كەپلىشىپ قالغان گۈلپىيە بىلەن رازىيە، ئىشقى ـ مۇھەببەت ئالدىدا خۇددى يوقاتقان سەردار بىلەن چولپان، غېرىبلىق ئارىسىغا كۆمۈلۈپ قالغان دىلمۇرات ۋە

نادىرە بىلەن مۇراتلارنىڭ تەقدىر ـ كەرمىشلىرى، ئارمان ھەم يىرگىنچلىرى سىزىلغاندەك قىلاتتى.

## 52

سەردار ئەخمەتنىڭ «تەكلىماكان» ناملىق رەسىمىنى كۆرۈپ جىملىق ئىچىدە خىيالغا كەتتى، خىياللىرى ئۇنى مەھكەم ئوراپ تۇراتتى.

سۇ بىلەن قۇم، تەكلىماكان بىلەن تىنچ ئوكيان، ھاياتلىق بىلەن ھالاكەت ... سۇ قۇم ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ، ھاياتلىق مەڭگۈ يەڭگۈچى بولىدۇ ... رەسىمدە خۇددى شۇنداق بىر مەنە سىلغىيىپ تۇرىدۇ ... بۇ بىر شېرىن ئارزۇ ... شۇنداق بولۇشى ئۈچۈن ئىنسانىنىڭ سوغۇققان ئەقلى ھەممىگە باش بولۇشى كېرەك بولىدۇ. تىنچ ئوكيان چەكسىزلىككە سوزۇلۇپ ياتىدۇ. سەردارنىڭ خىياللىرى داۋالغۇپ تۇراتتى.

مەن كۆرمىگەن، مېنىڭ ئەتراپىمدىكى ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەر كۆرمىگەن تىنچ ئوكيان شۇ ھالدا بىر بولسا قۇياش نۇرى ئاستىدا ھەيۋەتلىك دولقۇنلاپ تۇرىدۇ، بىر بولسا يۇلتۇزلۇق ئاسماننىڭ تېگىدە ھەيۋەتلىك لەڭ ئۆرۈپ دولقۇنلايدۇ، تىنچ ئوكياننىڭ باغرىغا غايەت زور كىت، لەھەڭ، يەنە ئىسمىنى ئۇيغۇرچە نېمە دەپ ئاتايدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان غايەت زور جانلىقلار ئۆز خىيالى بىلەن ئۈزۈپ يۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ خىيالى، سۇ تېگىدىكى ھاياتنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ تەقدىرى، بۈگۈنى ھەم ئەتىسى ھەققىدىكى غەم تەشۋىشلىرىنى مەن مەڭگۈ ھېس قىلىپ بولالمايمەن. بىر قارىسا ... تەكلىماكان قۇمدىن پۈتكەن ئوكيان ... تىنچ ئوكيان سۇيى بىلەن دولقۇن ياسايدۇ، تەكلىماكان قۇملىرى دولقۇن ياسايدۇ، سۇ بىلەن قۇم بىر ـ بىرى بىلەن مەڭگۈ چىقىشالمايدىغان ئىككى دۇنيا ... قۇم سۇنى يۇتۇپ كېتىدۇ، سۇ قۇمنى ئېقىتىپ يوقىتىدۇ ... .

www.uyghurkitap.com

قۇم ئوكيان ... مەن تۇرمەن قۇم ئوكيانىنىڭ باغرىدا ... دولقۇنلىغان تەكلىماكان ... دولقۇنلۇق تىنچ ئوكيان تەكلىماكانىنىڭ ئاشىق چۈشىدەك شېرىن خىيالى ...

كىم بىرلىرى مۇشۇنداق شېئىرلارنى يېزىپ يۈرىدىغاندۇ.

تىنچ ئوكيان ... دەھشەتلىك سۇ دۇنياسى ... مالايسىيانىڭ چۈشۈپ كەتكەن ئايروپىلانى توغرۇلۇق ئويلىنىپ قالدى ... شۇ ۋەقەلەرگىمۇ بىر يىلدىن ئاشتى ... شۇ ئايروپىلاندا قەشقەرلىك بىر رەسسام يىگىتنىڭ بارلىقى ھەققىدە خەۋەرلەر بېرىلدى، ئۇنىڭمۇ ئەخمەتكە ئوخشاش رەسىم، رەڭ، بوياقلار ئارقىلىق ھاياتنىڭ ئارمانلىرىنى ھەم ھەقىقەتلىرىنى خاتىرىلەيدىغان چىرايلىق تەلپۈنۈشلىرى بولغىيدى. ئۇ بەلكىم ئاشۇ ئايروپىلاننىڭ دېرىزىسىدىن بىپايان سۇ دۇنياسىغا نەزەر سېلىپ، ئاجايىپ دولقۇنلۇق تەسەۋۋۇر ئالىمىگە كىرىپ قالغان بولغىيدى، ئۇ تىنچ ئوكياننىڭ بىپايانلىقى، چەكسىزلىكى، ۋەھىمىلىكلىكىنى كۆرۈۋاتقان شۇ دەمدە ئىنسان ھەم ئىنسان ھاياتىنىڭ سىرلىرى ھەققىدە ئويلانغان بولغىيدى.

سەردار ئەخمەتنىڭ «تەكلىمكان» دېگەن رەسىمىگە قاراۋېتىپ سۇ ھەم قۇم ھەققىدە ئۇزاق خىيال قىلدى. رەسىمدە تۇيغۇ ھەم پاراسەت شۇنچىلىك چىڭ جىپسلاشقانىدى. تەكلىماكان بىردە غايەت زور دېڭىزغا، بىردە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن تەبىئەتكە ئوخشاپ قالاتتى.

— بۇ قۇممۇ ياكى سۇمۇ؟

— سۇ دېسەڭمۇ، قۇم دېسەڭمۇ بولىدۇ.

— قۇم دېسىمۇ، سۇ دېسىمۇ بولىدىغان نەرسىنى مەن كۆرمىگەن.

— دېڭىزلار قۇرۇپ قۇملۇققا ئايلىنىدۇ، قۇملار بىر كۈنلەردە دېڭىزغا ئايلىنىشى مۇمكىن، جاھاننىڭ بۇ قائىدىسىنى چۈشىنىۋېلىش كېرەك.

سەردار رەسىمگە ئۇزاق قاراپ تۇردى.

— سەن تىنچ ئوكيان بىلەن تەكلىماكاننى سىزدىم دەۋاتاتتىڭ.

— شۇنداق.

— ئەمەلىيەتتە تەكلىماكان كىشىگە دېڭىز ياكى ئوكيان تەسىرىنى بېرىدۇ، ھېس قىلالىغان ئادەمگە.

سەردار رەسىمدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى. دولقۇن ياساپ تۇرغان چەكسىزلىك بىردە قۇمدەك، بىردە سۇدەك كۆرۈنەتتى.

— ساڭا دەيدىغان بىر گەپ بار ئىدى، — دېدى ئەخمەت سىرىق كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ، — مەن رەسىم كۆرگەزمىسى ئاچاي دېگەن.

— بەلەن گەپ ئىكەنغۇ بۇ، ئۇنداق بولسا ئاچايلى، بۇ تامامەن قىلغىلى بولىدىغان ئىش ئىكەن.

— ئەمما ئاچمايدىغان بولدۇم.

— نېمىشقا؟

— رايىم ياندى ... ئاچقان تەقدىرىمدە، ئەخمەت رەسىم كۆرگەزمىسى ئېچىپتۇ، دەپ نەچچە كۈن غەلۋە بولار، داۋراڭ چىقار، ئارقىدىن يەنە كونا جىملىق باشلىنىپ كەتكۈدەك ... ئۇنىڭدىن كۆرە ئاچمايلا قوياي دەپ ئويلىدىم.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن؟ ... ئەلۋەتتە ھەرقانداق كاتتا ئىشنىڭ داۋرىڭى مەلۇم مەزگىل بولىدۇ، مەڭگۈ داۋاملىشىدىغان شان ـ شەرەپ مەۋجۇد ئەمەس، شۇنداقتىمۇ كۆرگەزمە ئاچاي دېگەن ئويۇڭ ياخشى بوپتىكەن، ئاچساق بولاتتى.

— بۇ شۇنداقلا بىر خىيال ئىدى، ئەمما كۆرگەزمە ئېچىلىپ بولغاندىن كېيىنكى جىملىق بەكلا ئېغىر بولۇپ كەتكۈدەك، شۇڭا ئاچماي دېدىم، بۇ ئىشنى ئەمدى تىلغا ئالمايلى.

— نېمانداق غەلىتە بىرنېمىلەرنى ئويلاپ يۈرىدىغانسەن؟ — دېدى سەردار، — ئاچقان بولساق نامىڭ چىقاتتى، رەسىملىرىڭ توغرىسىدا مۇنازىرىلەر بولاتتى.

— بولدى قوي، نام چىقىرىشقا مەن ئۈچ ئەمەس، ئەمما نام چىقىرىش ئۈچۈن بولار ـ بولماس يوللاردا تېپىرلايدىغان كۈنگە قېلىشتىن خۇدا ساقلىسۇن ... باشقا گەپلەرنى قىلىشايلى، ئەيدىز كېسىلى زادى ساقايمايدىغان كېسەلمۇ، سەردار؟

سەردار ئەخمەتكە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالدى.

— ئەيدىزنىڭ گېپىنى قىلىپ قاپسەنغۇ؟

— دېمەكچىمەنكى، ئەيدىز كېسىلىنى ساقايتقىلى بولامدۇ ـ بولمامدۇ؟

— ياق، ساقايتقىلى بولمايدۇ، پەقەت ئۇنىڭدىن يىراق تۇرغىلى بولىدۇ، نېمىشقا بۇلارنى سورايسەن؟

— سوراپ باقتىم.

ئەخمەت ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ بېشىنى چايقىدى. كىچىك ۋاقتىدىكى كۆنلىرىنى، بەكلا غېرىبانە ياشايدىغان ئانىسىنىڭ چىرايىدىكى ئەلەملىك مېھرىنى، ئۆز يۈرىكىنى رەڭ ـ بوياقلارغا ئايلاندۇرۇپ يىرىك قەغەزگە سۈرۈۋاتقان دەمدىكى ھېچكىمگە چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان تۇيغۇلىرىنى ئويلىسا كېرەك.

— سەن ئەيدىز ھەققىدە بىرنەچچە قېتىم سوراپ بولدۇڭ، بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟ — دېدى سەردار ئەخمەتنىڭ سارغۇچ كۆزلىرىگە تىكىلىدى.

— ھېچ ئىش بولغىنى يوق، ئەمما ئەمەلىيەتتە، ئەيدىز پەقەت بىر تۈرلۈك كېسەللا ئەمەس، ئۇ ئىنسانلارنى مەسخىرە قىلىۋاتقان ئالۋاستى ... بىزنىڭ بىر قىسىم قىزلىرىمىز پاھىشىلىك ياكى تۈرلۈك خورلۇق سەۋەبىدىن مۇشۇ كېسەلگە مۇپتىلا بولىدۇ ... ئاشۇنداق قىزلارنى قاراڭغۇ كوچىدىن ياندۇرۇپ كېلىدىغان ئەركەكلەر بولۇشى كېرەك ئىدى.

ئەخمەت ھاياجانلىنىپ قالدى، سېرىق كۆزلىرى غەلىتە پارقىراپ كەتتى.

— شۇ قىزلاردىمۇ ئەيىپ يەتكۈچە بار، ئۆزىنى قەدىرلەشنى بىلمەيدۇ، غۇرۇرىنى، پاكلىقىنى ساقلىمايدۇ.

— تۇغما گاس ياكى مېيىپ تۇغۇلغان بالىدىن قۇلىقىنىڭ ئاڭلىمىدى، كۆزۈڭ كۆرمىدى دەپ خاپا بولالامسەن؟ قىزلارغا ئۆزىنى قەدىرلەشنى، غۇرۇر - ئىمانىنى ساقلاشنى قانچىلىك ئۆگىتەلىدۇق؟ ... قەيەردە جېنىنى باقالماي پاھىشە بولغان ئاياللار بولىدىكەن، شۇ يەردىكى ئەرلەر لەنەتكە لايىق بولىدۇ.

سەردار ئەخمەتنىڭ غەزەپلىك چىرايىغا قاراپلا قالدى.

— بۇنداق دېسەڭ ئاشۇرۇۋەتكەن بولىسەن، سەن ئەيدىز دېگەن ساناقلىق ئادەملەرگىلا يېپىشقان نىجىس كېسەل ... بەك كۆپتۈرۈپ ئويلىۋېلىشىمۇ ياخشى ئەمەس.

— ئەمما مېنىڭچە ئاز بولسۇن، جىق بولسۇن، بۇ كېسەلنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنىڭ ئۆزىلا قورقۇنچلۇق بىر ئىش.

سەردار ئەخمەتنىڭ كەيپىنىڭ جايىدا ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ ھېچنېمە دېمىدى، ئۇ ئەخمەتنىڭ تار ئۆيىنىڭ تاملىرىغا ئېسىلغان، تاملارغا يۆلەپ تىزىپ قويۇلغان رەسىملەرگە بىر باشتىن قاراپ چىقتى، رەسىملەردىن جۇدۇن - چاپقۇنغا ئوخشايدىغان ئەقىل چېقىنداپ تۇراتتى.

سەردار ئەخمەت بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە پىيادە ماڭدى، كاللىسىغا ھە دېگەندە ئەخمەتنىڭ «تەكلىماكان» دېگەن رەسىمى، رەسىمدىكى ھەيۋەتلىك دېڭىز بىلەن بىپايان قۇملۇقنىڭ ئاجرالماس بىرىكىشىدىن پەيدا بولغان ئاجايىپ مەنە قاتلىمى سەردارنىڭ مېڭىسىنى چالغىتاتتى. مەكتەپتىن قايتقان توپ - توپ بالىلار ئۇچراپ تۇراتتى، سەردار ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن مويۇنچۇر بىلەن ئىلتەبىرنى كۆرەلمىدى، ئوخشاش مەكتەپ فورمىسى كىيىۋالغان بالىلار ئارىسىدىن ئۆز بالىسىنى تونۇۋالالماقمۇ تەستەك قىلاتتى. سەردار گۈلسۈم ئىسمىلىك ھېلىقى قىزنى يادىغا ئالدى.

## 53

گۈلنىگار قايتىپ كەلگەندە سەردار كەيسىز بىرھالدا

بېشىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ ساپادا سوزۇلۇپ ياتقانىدى. گۈلنىگارنىڭ كۆڭلىگە بىر قارا كۆلەڭگە لىپپىدە پەيدا بولدى، ئۇنىڭچە سەردارنىڭ خۇشاللىقى ياكى كەيپسىزلىكى ھېلىقى شەرمەندە ئالۋاستى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. گۈلنىگار كۆنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇشتۇمتۇت بىرەر سەۋەب بىلەن ئاشۇ ئايالنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشتىن قورقاتتى.

— ھېلىقى گۈلسۇم دېگەن ئوقۇغۇچىنىڭ ئىشلىرى قانداق بولۇپ كەتتى؟ — دېدى سەردار.

— مەكتەپكە قايتىپ كەلدى، — گۈلنىگار شۇنداق دەپ شىرەدىكى بادام شاكاللىرىنى تېرىپ ئېلىۋېتىپ، سەردارنىڭ كۆزئەينەك ئاستىدىكى كۆزىگە قاراپ قويدى.

— ئۇنىڭ قىيىنچىلىقىنى قانداق قىلدىڭلار؟

— مەكتەپ بويىچە ئىئانە يىغدۇق.

— بۇنى ئاڭلىدىم، قالتىس ئىش قىپسىلەر!

— ئىشقىلىپ خېلى پۇل يىغىلدى.

— مەن سىلەرنىڭ بۇ ئىشىڭلاردىن سەسكەندىم، — دېدى سەردار ئۆرە بولۇۋېتىپ، — نېمىدېگەن تېتىقسىزلىق بۇ ئەمدى.

گۈلنىگار چۆچۈگەندەك سەردارغا قاراپ قالدى.

— بۇ ... نېمە دەۋاتىسىز؟

— قىلغان ئىشىڭلارنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىدىم، ئالدىنقى قېتىم كەلگەن ئاياللار بىلەن بىرلىشىپ، بەرگەن تۆت تەڭگە پۇلۇڭلارنى داملاپ، مەكتەپنى بېشىڭلارغا كىيىپسىلەر، مۇشۇ ئىشىڭلار بىلەن كىچىككىنە قىزنىڭ روھىنى ئۆلتۈردۈڭلار ... ھازىر بەزى ئادەملەر بىركىمگە ياردەم بەرگەن بولۇپ شۇ كىشىنىڭ روھىنى، غۇرۇرىنى، ئەقلىنى تامامەن ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، ئاخىر ئۇنى ھېچنېمىگە كېرەككە كەلمەيدىغان تىرىكتاپقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

— ھېچ چۈشەنمىدىم، بىز نېمە قىلدۇق؟ ... بىرمۇنچە

بىرنىمىلەرنى دەپ كەتتىڭىز.

گۆلنىگار سەردارنىڭ ئاچچىقتىن ئىسىلگەن چىرايىغا ئەيمىنىپ قاراپ قويدى، شۇ ھالدا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى.

— ئۇ قىز ئەسلىي ئاز بولسىمۇ، جىق بولسىمۇ ھالال ئىشلەپ كىلىۋاتقانىكەن، سىلەر ئۇنىڭغا ياردەم بەردىڭلار، بۇ ياخشى ئىش، ئەمما ئۇنى مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرى، بارلىق ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا سازايى قىلىپ، داۋراڭ قىلىپ ئاندىن بەردىڭلار، بەلكىم سىز ياكى باشقا بىرسى، ساۋاقداش گۆلسۈمگە ئىئانە بىرىڭلار، دەپ سىنىپمۇسىنىپ كىرىپ تەشۋىق قىلغانسىلەر، ئۇ قىزنى سەھنىگە چىقىرىپ، بەرگەن نەرسىلىرىڭلارنى قولىغا تۇتقۇزۇپ ئۇنى بىچارە قىلىۋەتكەنسىلەر ... شۇ قىز ئۇچۇن يۈرىكىم ئىچىشىۋاتىدۇ ... بۇ يەردە غۇرۇر دەپسەندە بولدى. دىسەم ـ دىمىسەم بۇنى پۈتۈن مەكتەپتە تەشۋىق قىلدىڭلارغۇ دەيمەن.

گۆلنىگار سەردارنىڭ چىرايىنىڭ بەكلا تۇتۇلۇپ كەتكىنىدىن چۆچۈپ قالدى.

— شۇ ... شۇنداقراق بىر ئىشلار بولدى ... شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟

— مۇئەللىم بولغىنىڭىز بىلەن كاللىڭىز شۇنچىلىك ... ئۇنىڭ غۇرۇرى ... ئىسمى نېمىدى ... گۆلسۈم، ھە گۆلسۈمنىڭ ئار ـ نومۇسى خورلاندى، ئادەمدىكى غۇرۇر دىگەن ئەينەكتەك نەرسە، ئاسان دەز كىتىدۇ، دەز كەتسە ساقايمايدۇ، يۈمران بىخ دەسسەلسە تېزلا قۇرۇيدۇ ياكى قۇرۇمىسىمۇ غەلىتە شەكىلدە ئۆسۈپ قالىدۇ.

— مەن ... گەپلىرىڭىز سەل ...

— سىلەر كەلگۈسىدە قەيسەر ئايال بولىدىغان بىر قىزنى، مەشھۇر كارخانىچى بولىدىغان بىر تالانتنى ئۆلتۈردۈڭلار.

سەردار ھاياجانلىنىپ قالغانىدى.
گۈلنىگار چۈشەنمىگەندەك تۇرۇپ قېلىپ دېدى:
— بىراق ئۇنىڭ قىينچىلىقى ھەل بولدى.
— ۋاقىتلىق، ناھايىتى نەچچە ئايلىق، جىق بولسا بىرەر يىللىق قىيىنچىلىقى ھەل بولدى، ئەمما ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك قىيىنچىلىقىنى ئۆزى ھەل قىلىدىغان قەيسەر روھى نابۇت بولدى، بۇ خۇددى خەقنىڭ ساق پۇتىنى كېسىۋېتىپ ئۇنىڭغا ھاسا ياردەم قىلغاندەك ئىش بولدى.
— ئاجايىپ گەپلەرنى قىلىسىز، سىز ئەسلىي دوختۇر بولماي ئوقۇتقۇچى بولسىڭىز بولاتتىكەن.
سەردار ئۇھ تارتىپ قويدى.
گۈلنىگار گەپ قىلمىدى، شېرىن بىر سۆيۈنۈش يۈرىكىنى سىيپاپ ئۆتتى. ئۇنىڭ سەردار بىلەن بۇنداق پاراڭلىشىپ باقمىغىنىغا ئۇزۇن بولغانىدى، سەردار چىرايلىق گەپ قىلىسىمۇ، ۋارقىرىسىمۇ، گۈلنىگارغا تەۋە بولسىلا مەيلىدى. گۈلنىگارنىڭ گۇمانى بويىچە سەردار گۈلنىگارنى بەزى مۇھىم، زۆرۈر ئىشلارنى چۈشەنمەيدۇ ياكى چۈشەنگۈدەك سەۋىيەسى يوق، دەپ قارايدىغاندەك تۇيۇلاتتى.
گۈلنىگار سەردارنىڭ ئۆزىگە قارىغاندىكى بىزارلىق، مەسخىرىلىك نەزىرىنى كۆرگەندە، سەردار بىلەن ئارىسىدا سوپى سوغۇق ھەم چوڭقۇر بىر خەندەك باردەك ھېس قىلىپ قالدى. سەردار بىلەن ئارىسىنىڭ يىراقلىشىۋاتقانلىقى ياكى نۇرغۇن ئىشلاردا، بولۇپمۇ يۈرەككە، كۆڭۈلگە تالىق ئىشلاردا كېلىشەلمەيدىغانلىقى توغرۇلۇق ئويلانغاندا قورقۇپ كېتەتتى، يۈرىكى ئەنسىز سالاتتى، ئۇنىڭ ئەتىسى، ئۆگۈنى ... گۇگۇمسىمان بىر دۇنيا بولۇپ، روھىنى ئورىۋېلىشقا ئاران تۇراتتى.
گۈلنىگارنىڭ بەختى سىرتقا چىقىپ كېتىش ئۈچۈن، مەھكەم تاقالغان ئىشىكنى ئېچىشنىڭ كويىغا چۈشكەندەك قىلاتتى. ئىشىك قانچە چىڭ تاقالغانسېرى گۈلنىگارنىڭ ئەشەنچى شۇنچە

ئاجىزلاپ كېتمۇاتاتتى.

مۇشۇ ئۆيدە ھامان بىر كۈنى ئۆزى يالغۇز قالىدىغاندەك ياكى بۇ ئۆيدە سەردار يالغۇز قالىدىغاندەك، ئۆزىنىڭ ئورنىغا باشقا بىرسى ... ئالۋاستى ... ئۆزىنىڭ ئورنىنى ئالىدىغاندەك تۇيغۇدىن ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالاتتى.

نېمىشقا مۇشۇنداق بولىدۇ؟ ... قارىماققا سەردار بۇرۇنقى سەردار شۇ، گۈلنىگار بۇرۇنقى گۈلنىگار شۇ ... گۈلنىگار ئۇھ تارتىپ قويدى، تازا زەن سالسا بۇرۇنقى سەردار، بۇرۇنقى گۈلنىگارمۇ يوقتەك قىلاتتى ... تۆشۈك چېلەكنىڭ سۈيى سىزىپ يېرىملىشىپ قالغاندەك، يۈرەكلىرىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرى تېشىلىپ ئىچىدىكى ئەڭ گۈزەل ئاشىقلىق ھەم چىرايلىق تەلپۈنۈش، ئىستەكلەر تۆكۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

«مەن چولپانغا ئۆتتۇرۇۋەتتىم ... ئۇنىڭدا نېمە سېھىر باردۇ؟ دىلمۇرات ... ناۋادا ... خۇدايىم ساقلار ... مەن دىلمۇراتنىڭ قۇچىقىغا يىقىلغان كۈنۈم سەردارنى تولۇق ھەم مەڭگۈلۈك يوقىتىپ قويىمەن.»

گۈلنىگارنىڭ كۆڭلىدە بىر قارا تۇيغۇ بار ئىدى، خۇددى ھامان بىر كۈنى گۈلنىگار ياكى سەردار مۇشۇ ئۆيدە تەنھا قالىدىغاندەك ... بۇ گەپنى ھېچكىم دېمىدى، گۈلنىگارمۇ دېمىدى، سەردارمۇ دېمىدى ... سەردار ئۇنداق ئويلاپ باقمىغاندۇ، ئەمما گۈلنىگارغا كىم بىرسى ... گۈلنىگار كۆرمىگەن بىرسى، گۈلنىگارغا ناتونۇش بىر ئاۋازدا شۇنداق دەيتتى، ئۆزىنى قاچۇرغانسېرى، قورققانسېرى بۇ ئاۋاز شۇنچە كۈچىيىپ يۈرىكىگە شۇنچە يېقىنلىشاتتى.

گۈلنىگار كۆڭلىدىكى ئاچچىق تۇيغۇنىڭ ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەندە شۇنداق ئويلىدى. «مەن ... مۇشۇ ئىش سەۋەبىدىن

قاتىل ياكى جىنايەتچىگە ئايلىنىپ قالمىسام بولاتتى ... ياراتقان ئىگەم، ماڭا سەۋر ـ تاقەت بەرگەيسەن ... مەن كۆڭلەرنىڭ بىر يەردە ئاشۇ ئالۋاستىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىم مۇمكىن ... ئۇ چاغدا مەن قاتىلغا ئايلىنىمەن.»

— مۇنۇ ئىككى مىڭ سومنى شۇ قىزغا بېرىپ قويۇڭ.

گۈلنىگار چۆچۈپ ئېرىگە قارىدى. سەردار ئىلگىرىكى خۇي ـ پەيلىگە ماس كەلمەيدىغان ھاياجان ھەم سوغۇق ئىچىر ـ بېسىقلىق گىرەلەشكەن قىياپەتتە قوشۇمىسىنى تۈرۈپ تۇراتتى. تاشقى كېسەللەر دوختۇرى بولغان قاملاشقان بۇ ئەر بىر كۆڭلەردە ئادەمنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى تولا كۆرۈپ، دائىم قان ھەم يىرىڭ، زەردابلار ئارىسىدا يۈرۈپ دۇنيانى قورقۇنچلۇق كېسەللەر بىلەن تولۇپ كەتكەندەك ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن.

— ۋاھ، بەك مەردقۇ سىز؟

— مەن ئەزەلدىن مەرد ئادەم.

— ئەمما ماڭا كەلگەندە پىخسىق.

— شۇنداق.

— نېمىشقا شۇنداق قىلىسىز؟

— مەن پۇلنى چوڭ بىلمەيمەن، ئەمما ئورۇنسىز پۇل خەجلەشكە توغرا كەلگەندە ئۆزۈمگىمۇ يول قويمايمەن.

— ئالدىنقى قېتىم كورېيەنىڭ كىيىمىنى ئالاي دېسەم قوشۇلمىدىڭىز.

— بۇنىڭدىن كېيىنمۇ قوشۇلمايمەن.

— نېمىشقا؟

— كورېيەنىڭ كۆڭلىكىنى كىيىدىغانغا سىز كورېيەلىك ئەمەس، ئۇيغۇرنىڭ كىيىمىنى كىيىڭ.

— سىزنى پەقەت چۈشەنگىلى بولمايدىكەن.

— چۈشەنگىلى بولىدۇ، ئەمەلىيەتتە مەن بەك ئاددىي ئادەم، چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئىشقا يول قويغۇم كەلمەيدۇ.
گۈلنىگار قولىدىكى پۇلغا قاراپ قويدى.
— مەن مىلىڭ سوم خەجلەي دېسەم ئۇنىمايسىز، بۇگۈن مانا ئىككى مىڭ سومنى خەققە بېرىۋەتسىڭىز. ...بىرىڭ دەۋاتىسىز.
— ئۇ قىزنىڭ ئانىسى قولىڭىزدىكى شۇ پۇلغا موھتاج.
— مېنىڭ ئارتۇق گەپ قىلغۇم يوق.
— رەھمەت، ئەمما بۇ پۇلنى ئۇ قىزغا ھېچكىم يوق يەردە بېرىڭ، مۇمكىن بولسا تۇغقانلىرى ئارقىلىق يەتكۈزۈپ بېرىڭ، مېنىڭ ياكى سىزنىڭ پۇل بەرگىنىمىزنى ئۇ قىز پەقەت ئۇقۇپ قالمىسۇن.
— مەن بەرگەندىكىن مېنىڭ بەرگىنىمنى بىلىدۇ ـ دە.
— بىرسى ئەۋەتتى دەڭ.
— كىم ئەۋەتتى دېسىچۇ؟
— ئەۋەتكەن ئادەمنى تونۇمايمەن دەڭ، ئۇ قىز بۇ پۇلنى كىمنىڭ بەرگىنىنى بىلمىسۇن، بىزمۇ بىركىمگە ياخشىلىق قىلغىنىمىزدىن كۆڭلىمىزدە خۇش بولۇپ قالايلى، ئۇ قىزمۇ خىجالەت تارتمىسۇن.
— دېگىنىڭىزدەك قىلاي.
گۈلنىگار كۈلۈمسىرىدى، سەردارنىڭ ئادەتتىكى بىر ئىشلار ئۈچۈن مۇنچىۋالا ئەستايىدىل بولۇپ كېتىشى گۈلنىگارنىڭ نەزىرىدىكى سەردارنى تېخىمۇ سۆيۈملۈك كۆرسىتىۋاتقاندەك قىلاتتى.
— بولدى، مەن ئىشىمنى قىلاي، سىزمۇ ئارام ئېلىڭ.
گۈلنىگار سەردارنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى، ئۇنىڭ كېلىشكەن سۇمباتلىق ئەر ئىكەنلىكىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى، ئارقىدىن كۆڭلى بىئارام بولۇپ قالدى، بۇ ئەر مۇشۇ كېلىشكەن تۇرقى، ئېسىللىكى بىلەن باشقىلار تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ



www.uygurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كېتىۋاتاتتى، ئۆزىدىن بارا ـ بارا يىراقلىشىۋاتاتتى.

«چولپان ... جادۇگەر ...» گۈلنىگار شۇنداق پىچىرلىدى.

«ئىسمىڭ چولپان بولغان بىلەن ئۆزۈڭ جىن ـ شاياتۇنغۇ سېنىڭ ... ئالۋاستى. »

گۈلنىگار چاي دەملىدى، سەردارغا ئەكىرىپ بەرمەكچى بولۇپ رايى ياندى، ئۆزىنىڭمۇ ئىچكۈسى كەلمىدى، «مەھمۇد چېيى»نىڭ جەلپكار رەڭگى ھەم شېرىن پۇراقلىرى ئۆيگە يېيىلدى.

«ئۇلۇغ خۇدا، مېنى ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويۇشتىن ساقلىغايسەن.»

ئۇ تىترەپ كەتتى.

«قولۇمدىن كەلمەيدۇ.» گۈلنىگار شۇنداق پىچىرلىدى، بۇ ئۆزىگە تەسەللى بەرگىنى بولسا كېرەك.

«ئەمما مەن ئۇنى ھامان بىر كۈنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن.»

ئۇ قورقۇپ كەتتى، بۇ گەپلەرنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن دېمەيۋاتاتتى. ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئويلىمايۋاتاتتى، ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان بىرسى ياكى ئۆزى چۈشىنىپ كەتمەيدىغان بىر نەرسە مەجبۇرىي دېگۈزۈۋاتاتتى، كىم بىرسى ياكى شۇنداق بىر كۈچ مەجبۇرىي ئويلىغۇزۇۋاتاتتى. ئۇ تېلېفوننى قولىغا ئېلىپ ئۇچۇر كۆزنىكىگە: «شەرمەندە ھايۋان ... » دېگەن خەتلەرنى يېزىپ يوللىۋەتتى، ئاندىن كۆڭلىدىكى ئېغىر بىرنەرسە چۈشۈپ كەتكەندەك يەڭگىللەپ قالدى.

گۈلنىگار يۈرىكىنى يەۋاتقان قىرىق ئاياغلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تېپىرلاۋاتقان دەملەردە، ئۇلارغا قوشنا كېلىدىغان بىر ئادەم ئۆزىگە تەئەللۇق ناھايىتى نۇرغۇن پۇلنىڭ ئېغىر بېسىمى ئاستىدا ھالىدىن كېتىۋاتاتتى، يۈرەكلەر ھالسىزلىنىپ تۇراتتى، روھلار يىگىلەپ قالاتتى ... چىرايلىق ھايات چىرايلىق داۋام قىلىۋاتقان چىرايلىق شەھەردە، خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئىشلار روچىۋىندەك ئۈچۈپ يۈرەتتى.

# 54

سەردار ئىشتىن كېلىپ ئەمدى ئۆيگە كىرىپ تۇرۇشىغا بارات قويچى كىردى، بارات قويچىنىڭ غەلىتە پارقىراپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن بۇ كىشىنىڭ دۇنيانىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىغا سىرلىق تەرزدە نەزەر سالىدىغانلىقىنى ھېس قىلغىلى بولاتتى.

— ئوبدان تۇردىلىمۇ، سەردار دوختۇر؟ كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق بوپتۇ، نەچچە قېتىم ئىزدەپ كىرسەم ئۆيدە يوق ئىكەنلا.

— قېنى، بۇياققا ئۆتسىلە.

سەردار بىئارام تۇيغۇ ئىچىدە بارات قويچىنى ساپاغا باشلىدى، بۇ ئادەم يەنە شۇ كونا گەپنى دېگىلى، كونا دەردىنى تۆككىلى كىرسە كېرەك.

ئىلتەبىر بىلەن مويۇنچۇر ياتاق ئۆيدە تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتاتتى، بالىلارنىڭ ئۆيدىن قانداقتۇر بىر ناخشىنىڭ ئاۋازى كېلەتتى، سەردار بالىلارغا ئون ئىككى مۇقامنىڭ فىلىملىرىنى ئەكېلىپ بەرگەن، كومپيۇتېرغا قاچىلاپمۇ بەرگەن، ئەمما شۇنچە قىلىپمۇ ئۇلارنى بۇ فىلىملەرنى كۆرۈشكە قىزىقتۇرالمايۋاتاتتى.

— قىزىق ئەمەس ئىكەن.

ئىلتەبىر شۇنداق دېدى، سەردار ئۇنىڭغا ئۇزاق چۈشەندۈردى، ئىلتەبىر بىلەن مويۇنچۇر كۆرمەيمىز، دېمىگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ كۆرگۈسى يوقلۇقىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. ھازىر ئۇلارنىڭ ئاڭلاۋاتقىنى بىر بولسا ئامېرىكىنىڭ، بىر بولسا كورېيەنىڭ ناخشىلىرىدەك قىلاتتى. كۆزگە كۆرۈنمەس بىرنەرسە بالىلارنىڭ يۈرىكىنى مەھكەم قوللىرى بىلەن تارتىپ كېتىپ بارغاندەك ئىدى.

— ئۆزلىرىنى بىر ئىش بىلەن ئاۋارە قىلىپ كىرىشىم، سەردار دوختۇر، ئەمدى ئۆزلىرى ھەممىدە بار ئادەم، ھېلىقى

پۇلنىڭ ئىشىنى قانداق قىلساق بولار؟
سەردار بارات قويچىنىڭ كۆزىگە قاراپ قويدى، بۇ كۆزلەردىن تەقەززالىق ھەم بىسەرەمجانلىق چىقىپ تۇراتتى.
— ئۆزلىرى خالىغانچە خەجلەپ بىر تەرەپ قىلسىلا بولاتتى، — دېدى سەردار. ئۇنىڭ ئويىچە بارات قويچىغا بېرىلگەن ھەرقانداق مەسلىھەتنىڭ رولى بولمايتتى.
— مەن ئۇقالمىدىم، كۈيئوغۇللارنىڭ نىيىتى بۇزۇلغاندەك قىلىدۇ قارىسىلا، — دېدى بارات قويچى —، ئۆتكەندە قىزلىرىم كەپتىكەن، ئۇلار گەپ ئارىلىقىدا، يايلاق ساتقان پۇلنى قانداق قىلىمىز دادا، دەۋاتىدۇ، بۇنىڭ تېگىدە ئىش بار ... كۈيئوغۇل دېگەن گۇيلارنىڭ نىيىتى بۇزۇلغان گەپ، قىزلىرىمنى قىستاۋاتقان ئوخشايدۇ، ئۆتكەندىمۇ دېدىمغۇ سىلىگە بۇ گەپنى، ئەسلىمۇ قارا نىيەت بىرنېمىلەر ئىدى زادى.
— ئۇ پۇلنىڭ گېپىنى قىزلىرى قىپتۇ، كۈيئوغۇللىرى بىلەن نېمە ئالاقىسى؟
— سىلى بىلمەيلا، مېنىڭ ئۇ قىزلىرىم بەك ئىنسابلىق، ياخشى ئادەم بولغان، ئەرلىرى ئۇلارنى داداڭغا دېگىن، يايلاق ساتقان پۇلدىن بىزگىمۇ تېگىشلىكىنى بەرسۇن، دېگەن گەپ، قارىسىلا، مۇشۇقداقمۇ ئىش بولامدۇ، شۇنداق قىلغان يېرىگە ئۇ خەققە بېرىدىغان بىر تىيىن پۇلۇم يوق مېنىڭ.
بەزى ئادەملەر بىكاردىن ـ بىكار بەك بىچارە بولۇپ كېتىدۇ، شادىمان ياشاش ئىمكانى تولۇق تۇرۇپ يەنە غەم ـ تەشۋىشتىن قۇتۇلغىلى بولماسلىقنى نېمە دەيمىز ئەمدى، خۇدا كۆڭۈللەرنى ئازادە قىلسۇن.
— بەرسۇن دېگەن بولسا بەرسىلىمۇ بولىدىكەنغۇ.
— ئەستا، نېمانداق گەپ قىلىدىغانلا، بىكاردىن ـ بىكار ئۇ خەققە نېمىشقا پۇل بېرەتتىم مەن، ئۆزلىرى ئىشلەپ يېسۇن ـ دە، مېنىڭ قولۇمدا مۇشۇ پۇل بولمىغان بولسا قانداق قىلاتتىكەن ئۇ يالاڭ تۆشلەر؟

بارات قويچى ئەلەمدىن تىترەپ كەتتى، ئۇنى ئاچچىق تۇتۇۋالغاندەك قىلاتتى.
سەردار بارات قويچىنىڭ بىچارە تۇرقىغا قاراپ بېشىنى چايقاپ قويدى.
— بۇ سىلىنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشى ئىكەن، بارات ئاكا، مەن ئارىلىشالمىغۇدەكمەن.
— هەي، بۇ ئىشلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى چىقىۋاتىدۇ دېسىلە، ھېلىقى سەمەتجان دېگەن بالا تېخى كەينىمگە كىرىۋالدى، پۇل ئۆتنە بېرىڭ دەپ، خالىقىمۇ ئىككى كۈندە بىر بېشىمنى ئاغرىتىۋاتىدۇ ... تۆت تامدىن ھەممەيلەننىڭ پۇلۇمغا كۆزى چۈشۈپ ئارام بەرمەيۋاتىدۇ، مېنىڭ مۇشۇ پۇلۇم بولمىغان بولسا قانداق قىلار ئىدى بۇ خەق؟ !
— توغرا، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى، سەمەتجان بارات ئاكام پۇل ئۆتنە بېرىدىغان بولدى دەۋاتقان، قانداق قىلىدىغان بولدىلا؟
— قارىسام ئاران كۈننى ئېلىۋاتقان يالاڭ تۆش بالا ئىكەن بۇ، قايتۇرالماسمىكى، سەردار دوختۇر ... شۇ بالىغا دەپ قويسىلا، باراتكام پۇللىرىنى خەجلەپ بوپتۇ، دەپ.
سەردارنىڭ بارات قويچىغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. كەڭرى جاھاندا قويلىرىنى بېقىپ، ئارامخۇدا كۈن ئېلىۋاتقان ئادەم ئىدى ... بۇ ئون مىليوننىڭ خاپىلىقىدا ئاخىر تۈگىشىپ كېتىدىغان بولدى.
بارات قويچى دەيدىغان گېپىنىڭ ئاخىرىنى تاپالمىغاندەك ھاڭقىيىپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى، ئىلتەبىر بىلەن مويۇنچۇرنىڭ ئۆيىدىن غەلىتە بىر ناخشا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.
سەردار تېلېفوننىڭ يەڭگىل ئۈچۈر سىگنالىنى ئاڭلاپ ئېكرانغا قارىدى.
«سىزنى سېغىندىم.»
سەردارنىڭ يۈرىكى شېرىن تۇيغۇدىن راھەت تاپقاندەك بولدى.

ئۇ مۇشۇ تۇيغۇلارنىڭ كەينىدە ماراپ تۇرغان نۇرغۇن قارا ھەم سوغۇق ھاياجانلارنىڭ بارلىقىنى ئەقلى بىلەن ھېس قىلاتتى، مۇشۇ يولدا مېڭىۋەرسە لەنەتلىك كۆڭلەرگە قالىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىمۇ، چولپاننىمۇ، ئائىلىسىنىمۇ سوغۇقلۇققا پاتۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئەمما ئۇنىڭ بۇلارنى ئويلىغۇسى يوق. مۇشۇنداق ۋايىملىق خىياللاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرىدۇ.

«مەنمۇ شۇ.»

سەردار ئۇچۇرنى يېزىپ بولۇپ كۈلۈمسىرىدى. بەزىدە ۋەھىمە ئىچىدىكى ھاياجانمۇ ناھايىتى تاتلىق بولىدۇ. چولپان شۇ دەمدە شېرىن تەبەسسۇم بىلەن ئۇنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرسا كېرەك.

## 55

چولپان سەردارغا يۈلەنگىنىچە بەختىيار تۇيغۇلارغا چۆمۈلگەنىدى، ماشىنىنىڭ ئازراق ئېچىلغان ئەينىكىدىن يېقىملىق شامال ئۇرۇپ تۇراتتى، چولپاننىڭ چاچلىرىدىن كۆككۆلگە ياقىدىغان بىر تۇرلۇك خۇش پۇراق چېچىلاتتى. ئالما ئاقلاۋاتقان چولپاننىڭ گۈزەل كۆزلىرى خۇمارلىشىپ چاقنايتتى، نازۇك بارماقلىرى نازاكەت بىلەن ئېگىلىپ تۇراتتى.

سەردار چولپاننىڭ چاچلىرىنى پۇرىدى.

ئازادە، يەڭگىل تۇيغۇلار يۈرەكلەرنى يېقىملىق پەپىلەيتتى.

چولپان ئاقلىغان ئالمىنىڭ بىر پارچىسىنى سەردارنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويدى.

— سىزنى دائىم يېنىمدا بولسىكەن دەيمەن، — دېدى سەردار يېقىملىق تۇيغۇدىن مەست بولغىنىچە پىچىرلاپ، — سىزدىن بىردەممۇ ئايرىلغۇم كەلمەيدۇ، سىز بەك ياخشى.

— مەن گۇناھكار ئايال.

— نېمە گۇناھىڭىز بار؟

— مۇشۇ ھالىم گۇناھ ئەمەسمۇ، خەقنىڭ ئېرىنى ئۆزۈمگە قارىتىۋالدىم، مەن گۈلنىگارنىڭ ئورنىدا بولسام ھەرگىز چىدىمايتتىم ... ئەمما ھەرقانچە قىلىپمۇ سىزدىن كېچەلمىدىم.
— سىز ئەسلىمۇ مەندىن كەچسىڭىز بولمايدۇ.
ئىككىيلەن باشلىرىنى بىر - بىرىگە تەگكۈزۈپ ئولتۇرۇشتى. ئىسسىق ھاياجان يېرىم ئېچىلغان ماشىنا دېرىزىسىدىن سىرتتىكى شامالغا قوشۇلۇپ كېتەتتى. ماشىنا رادىيوسىدىن چىقىۋاتقان «ئايدىڭ مۇزىكىسى» دېگەن كۈي خىيال ھەم كۆڭۈللەرنى يىراقلارغا ئېلىپ كېتەتتى.
سەردارنىڭ تېلېفونى سايرىدى، ئۇ تېلېفونغا قاراپ سەل تۇرۇۋېلىپ چولپانغا بۇرالدى.
— گۈلنىگاركەن، تېلېفوننى ئېلىۋالاي.
— ئېلىۋېرىڭ.
— ۋەي.
— سەردار، سىز نەدە؟
— مەن سىرتتا.
— ھېلىقى ئىش قانداق بولدى؟
— قايسى ئىشنى دەيسىز؟
— ھېلىقچۇ، رازىيەلەرگە بەش مىڭ سوم پۇل بېرىدىغان ئىشنى دەيمەن.
— ئاغىنىلەردىن بىرنەچچىسىگە تېلېفون قىلغان، ئەمما ھېچ ئەپلەشمەيۋاتىدۇ، بىرەيلەن مەن بىر ئامالىنى قىلاي دېگەن، ساقلاۋاتىمەن.
— رازىيە ئالدىراپ كېتىۋاتىدۇ، ھېلىقى موللام يەنە پۇل بەرمىسەڭلار كېتىمەن، دەپ تۇرۇۋالغان ئوخشايدۇ.
— مەن يەنە ئامالىنى قىلاي، ئىدارىدىكى بىرسى ئىككى مىڭ سوم بەردى، يەنە ئۈچ مىڭ سوم كەملەيدۇ، شۇنىڭ ئامالىنى قىلسا بولىدۇ.
— بولىدۇ، تېزرەك بولۇڭ ... سىز ماشىنىدىمۇ نېمە؟

— ھەئە ... مەن ماشىنىدا، — سەردار لەپپىدە چولپانغا قاراپ قويدى.
— سىرتتا نېمە ئىش قىلدىڭىز؟
— بىر ئاغىنەمنىڭ ئۆيىگە كەلگەن، بىر يەرگە بارماقچىدۇق، ئۇ ئۆيىدىن چىقمايۋاتىدۇ، شۇنىڭغا ساقلاۋاتىمەن.
— ھە بوپتۇ، كەچتە بالدۇرراق قايتارسىز، پۇلنىڭ ئىشىنى ئۇنتۇپ قالماڭ.
— بولىدۇ.
سەردار تېلېفوننى قويۇپ ئېگىلىپ چولپاننىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى.
— نېمە ئىش بوپتۇ؟ — دېدى چولپان.
— ھېچ ئىش، ئادەتتىكىدەكلا بىر گەپلەر.
— ئىككى مىڭ، ئۈچ مىڭ سومنىڭ گېپىنى قىلىپ قاپسىزغۇ.
— شۇنداقلا بىر ئىش.
— ماڭا دەڭ.
— بۇنى دېمىسەممۇ بولىدۇ.
— دەڭە، مەن ئاڭلاپ باقاي.
— مۇنداقلا ئىش، بىر تونۇشلارغا بەش مىڭ سوم كېرەك ئىكەن، بىزدىن سوراپ كەپتۇ، شۇلارغا پۇل تېپىپ بېرەي دېگەن، شۇنىڭ ئىشى.
— پۇل تاپالمىدىڭىز، شۇنداقمۇ؟
— شۇنداق.
چولپان كۈلۈپ قويدى، ئاندىن سەردارنىڭ مەڭزىنى چىمداپ قويدى.
— ئۈچ مىڭ سومنى مەن بېرىپ تۇراي.
— ياق، سىزدىن پۇل ئالسام بولمايدۇ.
— نېمىشقا؟
— ئىشقىلىپ توغرا بولمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

— بولدى قىلىڭا، هازىر دۆكاننىڭ سودىسىمۇ ياخشى، مۆراتنى داۋالىتىشقا يېغىپ قويغان پۇلمۇ بار، شۇ پۇلدىن ئىشلىتىپ تۇرايلى، ئۇ پۇلنى بەربىر هازىر ئىشلەتمەيمىز. مەندە بار تۇرۇپ سىز ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن پۇل سوراپ يۈرسىڭىز بولمايدۇ.

— بۇنداق قىلساق قاملاشمايدۇ.

— كەچتە تەييار قىلىپ قوياي، مېنى يات كۆرمەڭ ... مەن سىزنىڭ ئادىمىڭىز بولۇپ كەتتىم، مېنىڭ پۇلۇم سىزنىڭ پۇلىڭىز ... مەن پەقەت مۆراتنى داۋالىتىۋالسام ئارتۇق پۇلنىڭمۇ لازىمى يوق ... ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم شۇ ... تولا يىغلاپ كۆز ياشلىرىم قۇرۇدى ... بۇ نەسچىلىك نېمىشقا مۆراتنىڭ بېشىغا كېلىدۇ دەيمەن.

— غەيرەت قىلىڭ، هەممە ئىش ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. چوقۇم ئامالى بولىدۇ، مۆراتنىڭ كېسىلىگە داۋا تېپىلىدۇ، مەن شاڭخەيدىكى بىر دوختۇرخانا بىلەن ئالاقىلىشىۋاتىمەن.

— سىز بولغاچقا مەن ئۆزۈمنى خاتىرجەم هېس قىلىمەن، سىز ماڭا تۈۋرۈك بولۇۋاتىسىز.

قۇياش نۇرى، يېقىملىق شامال، يۈرەكلەردىكى ئوتتەك تەلپۈنۈش هەم ئامراقلىق ...

چولپاننىڭ ئوتتەك تىنىقلىرى سەردارنىڭ مەڭزىگە ئۇرۇلدى، بۇ تىنىقلاردىن قىزغىن ئىشتىياقتىن جىددىي سوقۇۋاتقان يۈرەكنىڭ يېقىملىق هىدى كېلەتتى.

ۋاقىت چىرايلىق قاناتلىرىنى يەلپۈتۈپ ئۆتىدۇ، ۋاقىت ئىچىدە هەممە نەرسە بار، هەممە نەرسە ۋاقىت ئىچىدە مەۋجۇت، ياخشىلىق ـ يامانلىقمۇ، گۈزەللىك ـ رەزىللىكمۇ، پەخىر ـ ئېپتىخارمۇ، پۇشايمان ـ هەسرەتمۇ ۋاقىت ئىچىدە تۇغۇلۇپ، يەنە ۋاقىت ئىچىدە تۈزۈپ تۈگەيدۇ.

شۇ دەمدە سىم ـ سىم يامغۇر ياغقان كۈننى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايدىغان، شۇ كۈندىكى قىزىل ماشىنىنى، دەهشەتلىك

چىرقىرىغان تۇرمۇز ئاۋازىنى، يەنە شۇ كۈنىدىكى شەھەرنىڭ چىرايلىق يوللىرىدىكى نەمخۇش ئىسسىق ھاياجاننى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايدىغان بىر بالا سىزىقسىز قەغەزلەرگە شىتىرلىتىپ بىرنىمىلەرنى يازاتتى.

شەھەرنىڭ ئازادە كوچىلىرىنىڭ بىرىدە كېتىۋاتقان نادىرە ئۈچ تال ئىنگىلىزچە ھەرپكە ئايلىنىپ كەتكەن تەقدىرى توغرۇلۇق خىيال قىلغىنىچە دىلمۇراتنىڭ يېنىغا ماڭغانىدى. ھايات باياۋاندىكى ئېقىندەك ئەگرى - بۈگرى يولدا مەڭگۈلۈك بولۇپ داۋام قىلىۋاتاتتى.

سەردار چولپان بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە كەلدى. تەتقىقات ئىشلىرى ئۇنى ئالدىرىتىۋاتاتتى. سەردارنىڭ يۈرىكىدە ئۆرىدىگەن شېرىن تۈيغۇلار يېنىك داۋالغۇپ تۇراتتى. سەردار گۈلنىگارنىڭ سەزگۈر ئاياللىق قەلبى بىلەن ھەممىنى سېزىپ تۇرغانلىقىنى بىلمەيتتى ياكى بىلمەسكە سېلىۋالاتتى، ئۇنىڭ ئەندىشىلىك ئىشلارنى ئويلىغۇسى كەلمىسە كېرەك.

## 56

ئۆي جىمجىت ئىدى، بالىلار ئۇخلاپ قالسا كېرەك، ئۆينىڭ جىملىقى ئېغىر ھەم ئىلمان تەسىر بېرەتتى.

سەردار قېلىن كىتابتىن قانداقتۇر بىر نەرسىنى ئىزدەۋاتاتتى. گۈلنىگار سەردارغا ئۇنسىز تىكىلگىنىچە خېلى ئۇزۇن ئولتۇردى، ئاندىن گېلىنى قىرىپ قويۇپ سەردارنى چاقىردى:

— سەردار.

سەردار بېشىنى كۆتۈردى، ئۇنىڭ گۈلنىگارغا قارىغان كۆزلىرىدىن ئىشەنچ، مەغرۇرلۇق ۋە قەتئىيەت نۇرلىرى چېچىلاتتى، سەردارنىڭ كۆزىدىكى مۇشۇ نەرسىلەر گۈلنىگارنىڭ كۆڭۈل ئالىمىنى مەڭگۈلۈك باغلاپ تۇرغان بولۇشى كېرەك.

شۇ دەمدە گۈلنىگارنىڭ مېڭىسىگە يىڭنىدەك سانجىلىدىغان لەنتى تۇيغۇ پەيدا بولدى: «مەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېلىقى ئالۋاستىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشۇم مۇمكىن ... » گۈلنىگار سەسكىنىپ كەتتى.

— ھە، — سەردار كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ئاپالىغا تىكىلدى، — بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟

— بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى دەڭ، — دېدى گۈلنىگار زورىغا كۈلۈمسىرەپ، — مېنىڭ ئەتىگەندىن كەچكىچە، مۇنداقچە دېگەنچە بىر كۈندە يىگىرمە تۆت سائەت سىز بىلەن ئىشىم بار، ئۆمۈر بويى سىز بىلەن ئىشىم بار.

سەردار مىيىقىدا كۈلدى، سەردارنىڭ مىيىقىدا كۈلۈشلىرى، لەۋلىرىدە چۈمۈلە ماڭغاندەك چىلىقىدىغان مەسخىرىلىك تەبەسسۇمى گۈلنىگارنىڭ جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ كېتەتتى.

— قىزىق گەپ قىلىسىزغۇ، ئاددىي بىر گەپنى تولىمۇ چوڭ قائىدىگە كۆتۈرۈۋېتىسىز.

— سىز خۇددى بۇ ئۆيگە مېھماندەك، بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى، ئىشى تۈگىگەندە كېتىدىغان ئادەمگە ئوخشاپ قىلىۋاتىسىز.

— نېمە؟ نېمىلەرنى دەپ يۈرىسىز؟ ... نەدە ئۇنداق؟

— ئۆزىڭىزگە بىلىنمەيدىكەن، ئەمما قاراپ بېقىڭا ... سىز بۇ ئۆيدە كۈلەپ ـ كۈلەپ گەپ قىلمايسىز، ئىككى ئوغلىڭىز نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ خىيالى، ئارزۇسى نېمە، بۇلار بىلەن كارىڭىز يوق، خوتۇنىڭىز بولغان مېنىڭ سىزگە دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار، ئەمما قاچانلا قارىسا قاپىقىڭىزنى ئاچمايلا يۈرىسىز، سىزگە گەپ قىلىشتىنمۇ تەپ تارتىدىغان بولۇپ قالدىم.

سەردار ھەيران بولغاندەك گۈلنىگارغا تىكىلدى، كۆزئەينىكىنى ئېلىپ ئۈستەلگە قويۇپ قويدى.

— گەپلىرىڭىز نېمانداق غەلىتە سىزنىڭ ... مەن ئويلاپ

باقمىغان بىرنېمىلەرنى دەپ كېتىپسىزغۇ.

— دېمىسەم بولمايدىغان يەرگە يەتتى، بىرنېمە تەتقىق قىلىمەن دېسىڭىز قىلىۋېرىڭ، ئەمما ھەممە ئىش يولىدا بولسۇن، لايىقىدا بولسۇن، سىز ئالدى بىلەن ئىككى بالىنىڭ دادىسى، مېنىڭ ئېرىم، ئاندىن دوختۇر، بۇ تەرىپىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ.

— بۇنى بىلىمەن، ئەلۋەتتە ... بىراق مەن ھەقىقەتەن ئالدىراش.

— مېنى بىمەنە ئىش قىلىپ قويۇشقا مەجبۇرلاپ قويىسىڭىز بولمايدۇ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— بىركىم مېنىڭ بەختىمنى تارتىۋالماقچى ياكى بۇزماقچى بولسا، مەن جېنىمنى تىكىپ قويىمەن ... سىز، ئىككى بالا، مۇشۇ ئۆي ... مېنىڭ بەختىم.

گۈلنىگارنىڭ كۆز چاناقلىرى قىزاردى.

سەردار قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ ئېغىر ئۇھسىندى.

— چېچىلىپ قالغاندەك قىلىسىز، بىر ئىشلارنى خاتا ئويلاپ يۈرمەڭ، مەن راستىلا بەك ئالدىراش ... قولۇمدىكى ئىشنى تۈگىتىۋەتمىسەم بولمايدۇ.

— ھەرقانچە ئالدىراش بولسىڭىزمۇ خوتۇن - بالىلىرىڭىزنى ئۇنتۇپ قالسىڭىز قانداق بولىدۇ؟

— ئەلۋەتتە ئۇنتۇپ قالمىدىم، ئۇنتۇپ قالمايمەن، سىز نېمە دېمەكچى؟

سەردار گۈلنىگارغا ئاچچىق بىلەن تىكىلدى، گۈلنىگارنىڭ ئەلەملىك كۆزلىرى ئۇنىڭغا قورقۇنچلۇق كۆرۈندى.

— نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىم سىزگە ئايان ... ئەقەللىيسى بالىلار بىلەنمۇ كارىڭىز يوق.

— بۇ گېپىڭىز ئېشىپ كەتتى، — دېدى سەردار سەل ئاچچىقى كەلگەندەك قوللىرىنى شىلتاپ، — نېمە دېسىڭىزمۇ

لايىقمدىراق گەپ قىلىڭ.

گۈلنىگار سەردارنىڭ قارشىسىدىكى ساپاغا ئولتۇرۇپ ئېرىگە تىكىلدى.

— باشقا گەپنى قويايلى، سىزگە دېسەم مويۇنچۇرنىڭ ئىشىنى قورقۇتۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ قالدىم.

— ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟

— ئۇ خەتەرلىك بىر ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈپتۇ.

— خەتەرلىك؟ ... قانداق خەتەرلىك ئىش ئىكەن ئۇ؟

سەردار ھەيران بولغاندەك بىردە گۈلنىگارغا، بىردە بالىلارنىڭ ھۇجرىسى تەرەپكە قاراپ قويدى.

— تامدىن تامغا سەكرەيدىكەن، سېمونت مەيدانلاردا موللاق ئېتىپ يۈرىدىكەن.

— بۇ ... قانداق گەپ ئەمدى؟

گۈلنىگار ئۇھ تارتىپ قويدى، بىر چاغلاردا جاھاندا ئۆزىنى ئەڭ بەختلىك ھېسابلايدىغان بۇ ئايالنىڭ تىنىقلىرىدىن پىغانلىق ھىد كېلەتتى.

— سۈرۈشتۈرۈپ باقتىم، پاركور ھەرىكىتى دەيدىكەن، بايا شۇ ئىشنى قىلغىلى تۇرۇپتىكەن، قورقۇپ جېنىم چىقىپ كەتتى، قولىقىدىن تارتىپلا ياندۇرۇپ كەلدىم، ئۇنىڭغا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويسىڭىز بولاتتى.

— ھە، شۇ ئىشمىدى، — دېدى سەردار كۆڭلىگە جايىغا چۈشكەندەك بولۇپ، — بۇ ئىشنى ئالدىنقى قېتىم سىز بىلەن دېيىشكەنىدۇققۇ.

— نېمىنى دېيىشكەن؟ مەن بۇ ئىش توغرۇلۇق سىز بىلەن سۆزلىشىپ باقمىدىم.

— مويۇنچۇر ماڭا دېگەن، ئۆزىنىڭ پاركورغا قىزىقىدىغانلىقىنى، ئەمما ئالدى بىلەن ئىككىمىزنىڭ رۇخسىتىنى ئالىدىغانلىقىنى ئېيتقان، مەن قوشۇلغان، ئەمما ئۇ ئانام قوشۇلمىسا قانداق قىلارمەن، دەپ يۈرەتتى، كېيىن ئۇ

سىزنى باشقىچە ئۇسۇل بىلەن قايىل قىلغان، ئېسىڭىزدە يوقمۇ؟
— ياق، ئېسىمدە يوق.
— ئۇ ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا سىزگە بىر فىلىم قويۇپ بەرگەن، ئەمدى ئېسىڭىزگە كەلدىمۇ؟
— قانداق فىلىم؟
— پاركور ئوينايدىغان بالىلارنىڭ فىلىمىغۇ ... قەشقەرلىك بالىلارنىڭ پاركور ئوينىغان كۆرۈنۈشى.
— ھە ... شۇنداقراق بىر ئىش بولغان، ماڭا ئۇنى كۆرسەتسە نېمە بوپتۇ؟
— سىز شۇ چاغدا ھەيران قېلىپ، پاركور ئوينىغان بالىلارنى داڭلاپ كەتتىڭىز، قالتىس بالىلار ئىكەن، نېمىدېگەن چەبدەس، بۇ بالىلارنىڭ قولىدىن ھەرقانداق ئىش كېلىگۈدەك، ئەجەب ئىچىم كۆيدى، دەپ كەتكەنلىرىڭىز ئېسىڭىزدە يوقمۇ؟
گۈلنىگار سەل تۇرۇۋېلىپ بېشىنى چايقىدى.
— مەن شۇنداق دېگەن بولۇشۇم مۇمكىن، بىراق بۇنىڭ مويۇنچۇرنىڭ پاركور ئوينىشى بىلەن ئالاقىسى يوق.
— مويۇنچۇر سىزنىڭ ماختاپ كەتكىنىڭىزنى كۆرۈپ ئاپام بۇ ئىشىمغا قوشۇلىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ شۇ كۈنىدىن باشلاپ ئۆگىنىپ كېلىۋاتىدۇ، ھازىر ئۆگىنىپ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالدى.
— مېنىڭ خەقنىڭ بالىلىرىنى ماختىغىنىم مويۇنچۇرنى شۇنداق قىل دېگىنىم ئەمەس ئىكەن.
— خەقنىڭ بالىلىرى قىلغاننى بىزنىڭ بالىلىرىمىز قىلسا نېمە بوپتۇ؟
— بۇ خەتەرلىك ھەرىكەت، ئۇشتۇمتۇت بىرەر ئىش بولۇپ قالسا قانداق بولىدۇ؟
— ئەمىسە نېمىشقا خەقنىڭ بالىلىرى شۇ ئىشنى قىلسا ماختايسىز؟
— ئۇ دېگەن باشقىلارنىڭ بالىلىرى، قانداق قىلسا

قىلمامدۇ.

— سىزنىڭ مۇشۇنداق يەرلىرىڭىز پەقەت دىتىمغا ياقمايدۇ، بىر ئىشقا قارشى تۇرسىڭىز ھەممىگە ئوخشاش قارشى تۇرۇڭ، قاراپ تۇرۇپ خەققە راۋا كۆرگەننى نېمىشقا ئۆزىڭىزگە راۋا كۆرەلمەيسىز. بۇ خۇددى سەن تاشلىۋەت، مەن تېپىۋالاي، دېگەندەك گەپ بولدىغۇ.

گۈلنىگار جىمىمدە ئولتۇرۇپ قالدى.

— بولدى، سىزگە گەپ تېپىپ بېرەلمەيمەن، بىراق ...

— ھەر نەرسىگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ.

گۈلنىگار ئىڭىكىنى يۆلەپ سەردارغا تىكىلىپ ئولتۇردى، سەردار گۈلنىگارنىڭ بۇنداق تىكىلىپ قاراشلىرىدىن بىئارام بولۇپ قالغاندەك ئىدى.

— سىز بۇرۇن بۇنداق ئەمەس ئىدىڭىز، مېنىڭ نۇرغۇن تەتۈرلىكلىرىمگە كۆلۈپلا قوياتتىڭىز، يول قوياتتىڭىز، مەنمۇ سىزگە ئەركىلەپ شىپتىلىلىك قىلىپ كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇراتتىم، ئەمدىچۇ ... — دېدى گۈلنىگار ئۇھ تارتىپ، — ئون ئىككى گەپ قىلسام سىزگە بىر ئىغىزىمۇ تېتىمايدۇ.

— ئۇ كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى، گۈلنىگار ... بىز ھازىر كىچىك بالا ئەمەس، مەن سىزنىڭ پىشىپ يېتىلىشىڭىزنى، ھەر ئىشنى ئەقىل بىلەن قىلىشىڭىزنى ئارزۇ قىلىمەن، ئىككى ئوغلىمىزغا قاراڭ، ئۇلار شۇنداق ئەقىللىك چوڭ بولۇۋاتىدۇ، بىلىسىز، باللارغا ئەڭ چوڭ تەسىر كۆرسىتىدىغىنى ئانا.

— دادىچۇ؟ دادا تەسىر قىلمامدىكەن؟

سەردار ئاچچىق بىلەن قولىنى سىلكىپ قويدى.

— دادىمۇ بار ... مانا ئەمەسمۇ، ئوڭ گەپ قىلىۋاتسا تەتۈرگە سۆزلەيسىز، سىز ھازىر باللارغا مەن تەسىر كۆرسەتسەم، سەن نېمە قىلىسەن دېمەكچى، شۇنداقمۇ ... بولدى، سىز بىلەن بۇ گەپلەرنى دېيىشمەيلى. مويۇنچۇرنىڭ پاركور ئويىنىشىغا مەن قوشۇلغان.

گۈلنىگار نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي گاڭگىرىغىنىچە سەرداردىن كۆزىنى ئۈزمەي ئولتۇردى، بىردەمدىن كېيىن ئاستا پىچىرلىدى.

— مەن سىزنى يوقىتىپ قويسام بولمايدۇ، سەردار، مەن بۇرۇنقى سەردارنى شۇنداق سېغىنىمەن.

— مەن ئەلۋەتتە بۇرۇنقى سەردار ئەمەس، بۇرۇنقى پېتى تۇرغۇمۇ يوق، پىشقان، ئەقلى ساز ئەر بولغۇم بار، شۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆزگەرگىنىممۇ راست، بىراق سىز شۇ بۇرۇنقى پېتى تۇرۇپ قالدىڭىز، ئازراقمۇ ئۆزگەرمىدىڭىز.

— توغرا، سىز ئۆزگىرىپ كەتتىڭىز.

— بايا دېدىم، بىز تاش ياكى كېسەك ئەمەس، ئۆزگەرمىسەك بولمايدۇ، مەن قىرىق نەچچە ياشقا كىردىم، ئۆمرۈمنىڭ تەڭدىن تولىسى تۈگىدى، مەن مۇشۇ كۈندىمۇ بۇنىڭدىن ئون بەش، يىگىرمە يىل بۇرۇنقى سەردار پېتى تۇرىۋەرسەم بولمايدۇ.

گۈلنىگار ئورنىدىن تۇرۇپ سەردارنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ بوينىنى سىلىدى.

— سەردار، بەلكىم مەندە نۇرغۇن كەمچىلىك باردۇ، ئەمما بىر ئىش ناھايىتى ئېنىق، مەن سىزدىن ئايرىلالمايمەن.

— بۇنى بىلىمەن.

— سىزچۇ؟

— مەن نېمە بوپتىمەن؟

— سىزمۇ مەندىن ئايرىلالمىسىڭىز بولاتتى، سەردار.

— ئەلۋەتتە ... بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ، بىز مەڭگۈ بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلالمايمىز.

گۈلنىگار ئوتتەك قىزىشقان قوللىرى بىلەن سەردارنىڭ بويۇنلىرىنى يېقىملىق سىلىدى. سەردار كۆزىنى يېرىم يۇمدى، كۆز ئالدىغا چولپاننىڭ نازۇك، مېھىر تۆكۈلۈپ تۇرغان قىياپىتى كېلىۋالدى. سەردار يۈرىكىنىڭ ئەنسىز سوقۇشلىرىنى ھېس قىلدى.

شۇ چاغدا گۈلنىگار ئويلىمىسام بولاتتى، دېگەن بىر ئىشنى ئويلاپ قالدى، ئۆمۈچۈك توزىدەك غىربىلىق يېيىلىپ تۇرىدىغان بىر جۈپ كۆز ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرغاندەك بىئارام بولۇپ كەتتى. گۈلنىگار نېمىشقا بۇ كۆزلەرنى پات ـ پات ئەسلەپ قالىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئۆزىمۇ تازا بىلىپ كەتمەيدۇ، ئۇنىڭچە بولغاندا ئۆزىنىڭ دىلمۇراتنى ئويلىشى قورقۇنچلۇق ئىش ئىدى، بۇ ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان ئىش ئىدى، ئەمما ھە دېگەندە دىلمۇرات ئىختىيارسىز گۈلنىگارنىڭ يادىغا يېتىدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى.

سەردار قەرزدارلىق تۇيغۇسىنىڭ يۈرىكىنى سىقىشلىرىنى سەزدى. ئۇ ئىنسان ۋۇجۇدىغا تالىق ناھايىتى قىيىن مەسىلىلەرگە جاۋاب تاپالىغىنى بىلەن ئۆز يۈرىكىدىكى چىگىچ سوئاللارغا جاۋاب تاپالمايدۇ. مىڭ يىللار مابەينىدىكى ئاجايىپ ئەقىللەرنىڭ جۇغلانمىسىدىن پەيدا بولغان ئىلىم ئىشلىرىغا تەۋە مۇرەككەپلىكلەرنى يېشىپ جاۋابىنى تاپقىنى بىلەن، كۆڭلىدە كۆتۈرۈلگەن غەلىيانلارنى قانداق ھەل قىلىشىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالىدۇ. كومپيۇتېردا تومۇر تۇتۇشتىن ئىبارەت يېڭى تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قالتىس بىر ئىشقا تۇتۇش قىلغىنى بىلەن، يېنىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرگەن ئايالىنىڭ قەلبىدىكى جاراھەتلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشقا كەلگەندە ئىلاجسىز قالىدۇ.

## 57

سەردار ئائىلىسىدىكى چىگىچلەرنى، گۈلنىگارنىڭ سىرلىق قاراشلىرى ھەم تەنە گەپلىرىنى خىيالىدىن چىقىرىۋېتەلمىدى، ئۇ گۈلنىگارغا ئېتىبارسىز قارىيالمايتتى، چولپان بىلەن ئۆتكۈزگەن شېرىن دەملىرى ئۇنىڭغا خۇشاللىق، ئازادىلىك بېغىشلىمىسىمۇ ئەمما ... بۇلارنى ئائىلىگە سىلىشتۇرغىلى،

ئائىلىنىڭ ۋەزنىگە تەڭلەشتۇرگىلى، ئۇنى ئائىلىنىڭ ئورنىغا قويغىلى بولمايدىغاندەك ئىدى.

سەردار باش ـ ئاخىرى يوق خىياللار ئارىسىدىن چىقىپ، بىر قەدىمىي كىتابنىڭ قېرىنداش بىلەن سىزىپ قويغان يېرىنى ئوقۇشقا كىرىشتى، ئائىلە، ئايال ھەققىدىكى ئويلىرىنىڭ ئورنىنى كىتابلار، ئۆزى تەتقىق قىلىۋاتقان مەسىلىلەر ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەر ئىگىلىدى. ئۇ ھايالشمايلا ئۆزى سۆيگەن، جىمى ئەقلىنى سەرپ قىلغان كەسپىدىكى چىگىچ مەسىلىلەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى، ئۇ بۇرۇنقى ھەكىم ـ ئۆلىمالارنىڭ ئەقلىگە ھەيران قالاتتى، ناھايىتى بۇرۇنقى جاھانلاردا ياشىغان ئالىملار شۇ زاماندىكى ئىپتىدائىي ئۇسۇللار ئارقىلىق بىلىپ يەتكەن ھەقىقەتلەرنىڭ نۇرغۇنلىرىنى بۈگۈنكى زامانىۋى دۇنيانىڭ غارايىپ ئۈسكۈنىلىرى بىلەنمۇ ئىسپاتلاپ چىققىلى بولمايتتى، بىراق ئىسپاتلاپ چىققىلى بولمىغان بىلەن بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىنى قايىل قىلىدىغان ھەقىقەتلەر جۈملىسىدىن ئىدى. بەزىدە توغرىلىقنىڭ، ھەقىقەتنىڭ ھەممىسىنى ئىسپاتلاش ھاجەت ئەمەس، ئىخلاس قىلىش ۋە ئىشىنىشلا كېرەك ئىدى.

ئىشىكنىڭ بىمەھەل چېكىلىشى سەردارنىڭ خىياللىرىنى ئۈزۈپ قويدى.

سەمەتجاننىڭ چاقناپ تۇرىدىغان كۆزى بىرىنچى بولۇپ سەردارنىڭ كۆڭلىدە سوغۇق بىزارلىق پەيدا قىلىپ ئۆلگۈردى.

سالام ـ سەھەتتىن كېيىن سەمەتجان ساپاغا جايلىشىپ ئولتۇردى.

— ئاڭلىسام سىزنى كىتاب يېزىۋاتىدۇ دەيدۇ، — دېدى سەمەتجان سەردارنىڭ ئالدىدىكى شىرەدە چېچىلىپ ياتقان قەغەزلەرگە بويۇنداپ قاراپ قويۇپ.

— كىتاب دېگىلى بولماس ... ئەمما بىر ئىشلارنى قىلىۋاتىمىز.

www.uyghurkitap.com

— نېمە توغرۇلۇق؟

— بۇنى سىزگە دېسەممۇ چۈشەنمەيسىز، ھەممىسى كەسپىي نەرسىلەر.

سەمەتجانغا سەردارنىڭ گېپى تېتىمىسىغاندەك قىلاتتى، ئۇ كالپۇكىنى يالاپ قويۇپ سەردارغا تىك قارىدى.

— مەنمۇ چۈشىنىمەن، بىزمۇ ھەرھالدا زىيالىي، تۆتنىڭ بىرى .

سەردار سەمەتجاننىڭ بايىقى گەپكە ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى، ھار ئالغانلىقىنى ھېس قىلىپ سەل بىئارام بولۇپ قالدى.

— بۇ ... مۇنداقچە دېسەم كومپيۇتېردا تومۇر تۇتۇش توغرىسىدىكى ئىزدىنىش.

— نېمە ... غەلىتىرەك گەپمۇ نېمە بۇ؟

سەردار ئارتۇق گەپ قىلماي بىر كىتابنىڭ سىزىپ قويغان يېرىگە نەزەر سالدى.

— سەرداركا ... كومپيۇتېردا تومۇر تۇتۇش دېگەنمۇ ئاڭلىمىغان بىر گەپ ئىكەن ... ماڭا بىر چۈشەندۈرۈپ قويۇڭا بۇنى ... بۇ ئادەتتىكى گەپ ئەمەستەك قىلىدۇ.

سەردار سەل تۇرۇۋېلىپ سەمەتجانغا قاراپ قويدى.

— بۇ مۇنداق گەپ، ئادەتتە تېۋىپلار تومۇر تۇتۇش ئارقىلىق تومۇرنىڭ تۈرلۈك سوقۇش ھالەتلىرىگە، شەكلىگە، بارماققا بەرگەن تۈيغۇ، تەسىرىگە قاراپ كېسەلگە دىياگنوز قويىدۇ، دورا بېرىدۇ، ئەمما تومۇر تۇتقۇچىنىڭ شۇ كۈنلۈك كەيپىياتى، شۇ كۈندىكى ئەھۋالى، دەل تومۇر تۇتۇۋاتقاندىكى روھىي ھالىتى، يەنە كېسەلنىڭمۇ شۇ خىل ئەھۋاللىرى سەۋەبىدىن تومۇر تۇتۇش ئارقىلىق ئېرىشىلگەن مىزاج ھەم خىلىت ھەققىدىكى ھۆكۈم دېگەندەك توغرا چىقماي قالىدۇ، يەنە كېلىپ تومۇر تۇتۇش ئارقىلىق دىياگنوز قويۇشنى ئۆگىنىشمۇ بەك قىيىن، بۇنىڭغا نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، تۈرلۈك خىلىت ھەم مىزاجدىكى ئادەملەرنىڭ تومۇر سوقۇشىدىكى ھەر خىل

دەۋرىيلىك ھەم قانۇنىيەتلەرنى ئىگىلەپ، بىر خىل كېسەل تۇرىگە تەۋە كېسەللەرنىڭ تۇرلۇك تومۇر سوقۇش ھالىتىنى كومپيۇتېرغا تونۇتۇش ھەم بۇنى سېزىمچان تومۇر تۇتۇش ئۇسكۇنىسى ئارقىلىق سانلىق مەلۇماتلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق ئەڭ ياخشى دىياگنوز قويۇش مەقسىتىگە يېتىشنى نىشان قىلغان تەتقىقات ... چۈشەندىڭىزمۇ؟

سەردار سەمەتجاننىڭ چاقناپ تۇرىدىغان كۆزىگە قارىدى. سەمەتجان بىر قارىسا كىشىگە دۆت ھەم بىتايىن ئادەمدەك، يەنە بىر قارىسا ئەقىللىك ئادەمدەك تەسىر بېرەتتى.

— چۈشەنمىدىم ... ئەمما سىز دېگەندەك بولۇپ قالسا قالتىس ئىش بولغۇدەك.

— شۇنداق، بۇ ئادەتتىكى ئىش ئەمەس.

— بۇ بىر تەتقىقات تېمىسى ئىكەن، سەرداركا.

— شۇنداق.

— بىراق ... بۇ كومپيۇتېر بىلەن بولىدىغان ئىش ئىكەن، سىزنىڭ كومپيۇتېر دېگەن بۇ نەرسىدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟

— مەن ئىشلىتىشنىلا بىلىمەن، بايا دېگەندەك ئىنچىكە تەرەپلەرگە كومپيۇتېر مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكلىپ قىلىمىز.

— قالتىس تەسەۋۋۇر ئىكەن ... مەن سىزدىن بىر ئىشنى سورىغىلى كىرگەن، — دېدى سەمەتجان بىردىنلا جىددىيلىشىپ، — سىزنىڭچە ھونلار بىلەن ئارىيانلارنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى باردۇ؟

سەردار تۇرۇپلا قالدى، كاللىسى گاراڭ بولۇپ قالدى، سەمەتجاننىڭ كىشىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋېلىشقا ئۇرۇنغاندەك پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرى سەردارغا تىكىلىپ تۇراتتى. سەردار بىئارام تۈيغۇ ئىچىدە قولىنى شىلتىپ قويدى.

— بىلمەيمەن، بۇ ئىشلاردىن خەۋىرىم يوق ئىكەن.

— بىراق بۇ ناھايىتى مۇھىم مەسىلە ئىدى، سەرداركا.

سەردار بېشىنى قاشلاپ كۆزئەينىكىنى قولىغا ئالدى.

— سىزگە دېدىمغۇ، بۇ مەسىلىلەرگە مەن بىرنېمە

دېيەلمەيمەن، بۇمۇ ھامان بىر كونى يېشىلىدىغان سىر بولۇشى مۇمكىن.

— ئۇيغۇرلارنى ھونلارنىڭ ئەۋلادى، ئارىيانلارنىڭ ئەۋلادى دەيدىغان قاراشلار بار ئىكەن.

سەردار بېشىنى چايقاپ سەمەتجانغا قاراپ قويدى، سەمەتجان يېرىك ھەم كىشىنى بىزار قىلىدىغان تەرزدە سەردارغا تىكىلىپ تۇراتتى.

— سىز بايا دېگەن ئىشلار ئىشقا ئاشارمۇ؟ — دېدى سەمەتجان ئەپتىنى بۇزماي.

— قايسى ئىش؟ ...

— ھېلى دېيىشتۇققۇ، كومپيۇتېردا تومۇر تۇتۇش دېگەننى دەيمەن.

— ئىشقا ئاشىدۇ.

— شۇنداق ئىشىنەمسىز؟

— ئىشىنىمەن، چۈنكى ھازىر دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ قىيىن، بۇنىڭدىنمۇ مۇشەققەتلىك ئىشلار ۋۇجۇدقا چىقىۋاتىدۇ ... پەقەت مۇشۇ ساھەگە قىزىقىدىغان، بېسىپ ئولتۇرالايدىغان ئادەم بولسىلا بولىدۇ.

سەمەتجان گاڭگىراپ قالغاندەك سەردارغا تىكىلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن قوزغالدى.

— ھە راست، بۇ يىلنى ئۇيغۇرلارنىڭ كىتاب ئوقۇش يىلى دەيدۇغۇ.

— شۇنداق.

— بۇ يىلى ئوقۇساق كېلەر يىلى ئوقۇمايدىغان گەپمىكەن؟

سەردار كۈلۈپ قويدى، ئۇنىڭ ئىچى پۇشۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

— ئۇكام، مەن جىق ئىشلارنى بىلمەيمەن، مەن ئادەتتىكى بىر دوختۇر.

— خاپا بولماڭ، سورىغۇم كەلدى، بۇ ھەقتە گەپلەشكۈدەك ئادەممۇ يوق ئىكەن دەڭە، مەن كېيىن كىرەرمەن، خوش ئەمسە،

ھېلىقى گەپلەرنى ئويلىنىپ باقسىڭىز بولاتتى.
— قايسى گەپنى؟
— ھۇنلار بىلەن ئارىيانلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى دەيمەن.
— بۇ مېنىڭ ئويلانغىنىمنى بىلەن جاۋابىنى تاپقىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس، بەلكىم بۇ چاغقا جاۋابى تېپىلىپمۇ بولغاندۇ، سىز مۇشۇ ھەقتىكى كىتابلارنى ئوقۇپ باقسىڭىزلا بولىدۇغۇ.
— ئوقۇدۇم، ئەمما نەق جاۋابى يوق، مۇجمەل، كەسكىن گەپ يوق.
سەمەتجان جاھاننىڭ ناھايىتى چوڭ ئىشلىرى ھەققىدە باش قاتۇرۇش بىلەن كۈن ئۆتكۈزسە كېرەك. بەزى ئادەملەر بىر ئۆمۈر ئۆزىنىڭ نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلەلمەي جاھاندىن كېتىپ قالىدۇ.
سەمەتجان ئىشككە بېرىپ بولۇپ كەينىگە ياندى:
— بارات ئاخۇن دېگەن ئادەم بىلەن كۆرۈشتىڭىزمۇ؟
— كۆرۈشتۈم، پات ـ پات كىرىدۇ.
— ئۇ قانداقراق ئادەم ئىكەن؟
— مەنمۇ تازا بىلمىدىم، ياخشى ئادەم بولسا كېرەك.
— ئۇ ماڭا پۇل ئۆتنە بېرىپ تۇرىدىغان بولغان، بىراق تېخىچە بەرمىدى.
— بېرىپ قالار.
— سىز دەپ باقتىڭىزمۇ؟
سەردار چېكىسىنى قاشلاپ قويۇپ ئوڭايسىزلىنىپ قالدى.
— بو تـوغرۇلۇق كۆرۈشـمىدىم، — دېـدى سەردار بىـئارام بولۇپ، — بۇ ئىشنى ياخشىسى ئۆزىڭىز بىر تەرەپ قىلىڭ.
سەردار بارات قويچىغا سەمەتجانغا پۇل ئۆتنە بېرىش توغرۇلۇق گەپ قىلغانلىقىنى، ئەمما بارات قويچىنىڭ سەمەتجاننى نامرات كۆرۈپ، پۇل بېرىشكە رايى بارمىغانلىقىنى دېيەلمىدى.
— مەن بۇ ئادەمدىن گۇمان قىلىپ قالدىم ... بىر يەرلىرى بىر قانداقتەك ... — دېدى سەمەتجان غودۇڭشىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— قانداق دەيسىز؟

— تازا بىلىپمۇ كەتمەيمەن، قالغىنىنى كېيىن بىرنېمە دېيىشەرمىز.

سەردار سەمەتجاننى ئۆزىتىپ قويۇپ ساپاغا كېلىپ ئولتۇردى، ئېغىر ھەم ئىلمان بىر ھاياجان كۆڭلىدە مانان بولۇپ لەيلەپ يۈرگەندەك قىلاتتى.

سەمەتجان سەردارغا ھۆنلار، ئارىيانلار ھەققىدىكى جاۋابى يوق سوئاللارنى قويۇۋاتقان مۇشۇ دەملەردە، ئۆزىنىڭ دىلمۇرات بىلەن توي قىلغىنىغىمۇ، دىلمۇراتتىن ئاجرىشىپ كەتكىنىگىمۇ ھەسرەت قىلىپ يۈرىدىغان رەنا دېگەن ئايال بېشىمۇ، ئايىغىمۇ يوق خىياللارغا پاتقاندى. بۈرۈنقى ئېرى، ئۆزىنى مۇشۇ شەھەردىكى ئەڭ ئەقىللىك ئادەم، ئەڭ رەزىل ئادەم دەپ يۈرىدىغان دىلمۇرات بىلەن قېيىنئاچىسى ساجىدەنىڭ مۇناسىۋىتىدىن گۇمانلىنىپ يۈرەكنى ئاغرىتىدىغان ئىچى پۇشۇق، قارا رەڭلىك دەردىسەرگە قالغان بۇ ئايال پات - پات كىشىنى چۆچۈتىدىغان خەۋەرلەرنى سۆزلەپ قالاتتى.

## 58

سەردار ئىشخانىدا كېسەل تارىخىنى كۆرۈۋاتقاندا رەنا كىرىپ كەلدى. سەردار رەنانىڭ ئوڭ مەڭزىدىكى قارا مەڭنى ھەر كۆرگەندە كۆڭلى سەل بىر قىسما بولاتتى ۋە نەۋايىنىڭ مەڭ توغرىسىدىكى غەزىلى لىپپىدە يادىدىن كېچىپ قالاتتى. مەڭ ھەممە ئاياللارغا خۇددى نەۋايى قەلەمدىكى گۈزەللەرگە ياراشقاندەك يارىشىۋەرمەسە كېرەك.

— ئالدىراشمۇ سىز، سەردار دوختۇر؟ — دېدى رەنا سۇس كۈلۈمسىرەپ.

— ئانچىمۇ ئەمەس، قېنى، ئولتۇرۇڭ.

رەنا سەردارنىڭ قارشى تەرىپىدىكى جىگەر رەڭ ئورۇندۇقتا

ئولتۇردى، ئورۇندۇق كونىراپ قالغاچقا، رەنانىڭ ئولتۇرۇشى بىلەن بىلىنەر ـ بىلىنمەس غىچىرلاپ كەتتى.
— بىرەر ئىش بىلەن كىرگەنمىدىڭىز؟ — دېدى سەردار رەناغا كۆزئەينىكى ئاستىدىن قاراپ. رەنانىڭ يوغان كۆكسىگە قاراپ سالغان سەردار ئۆز ـ ئۆزىدىن خۇدۇكسىرەپ، ئەپسىز ھېس قىلىپ بىئارام بولۇپ قالدى.
— باشقا ئىشىمۇ يوق، يالغۇز قاپتىمەن، ئىشىمۇ خۇشياقمىدى، يەنە كېلىپ قىلغۇدەك ئىشىنىڭمۇ تايىنى يوق، سىز بىلەن كۆرۈشۈپ چىقاي دەپ كىرگەن.
— ياخشى بوپتۇ ... بىراق مەن بىر گەپنى چۈشەنمەيمەن.
— قايسى گەپنى؟
— قىلغىلى ئىش يوق دېگەن گەپنى.
رەنا كۈلۈپ قويدى، مەڭزىدىكى مېڭى بىلەن يوغان كۆكسى سەردارنىڭ خىيالىنى چالغىتىپ تۇراتتى.
— ھەممە ئادەم سىزدەك ئالدىراش بولمۇەرمەيدۇ، سىزنى ئىزدەيدىغانلار جىق، قىلىدىغان ئىشلىرىڭىزمۇ، ئويلايدىغانلىرىڭىزمۇ جىق، ئەمما بۇ جاھاندا قىلىدىغان ئىشنى تاپالمايدىغان ئادەملەرمۇ نۇرغۇن.
سەردار كۈلۈپ قويدى.
— ئىسراپچىلىق بەك ئېغىر ئىكەن، ھەممەيلەن نېمە قىلسا بىر ئىش قىلىشى كېرەكقۇ ئەمدى.
— گېپىڭىز توغرا، بىراق ئۆزىنىڭ ئىش قىلغانلىقىدىن قاقشاپ كۈنى ئۆتىدىغانلارمۇ نۇرغۇن.
— چاي دەملەيمۇ؟ — دېدى سەردار.
— بولدى، چاي ئىچمەي.
شۇ ئارىدا كۆزئەينەك تاقىغان بىر خەنزۇ سېستىرا كىرىپ سەردارغا قايسىبىر بىمارنىڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلىپ بولۇپ چىقىپ كەتتى.
— ئەر كىشىگە ياۋاشلىق ياراشمايدۇ، دېگەن گەپكە

www.uyghurkitap.com

ئىشىنەمسىز، سەردار دوختۇر؟ — دېدى رەنا بىردەم ئۇنىڭ، بۇنىڭ گېپىنى قىلىشقاندىن كېيىن پوسۇقىدە، — ياۋاش ئەر بولۇپ قېلىش قورقۇنچلۇق بولىدىكەن.

— ياۋاش ئەر؟ — سەردار ھەيران بولغاندەك رەناغا قاراپ قويدى، سەردارنىڭ كۆزى ھە دېگەندە رەنانىڭ مەڭزىدىكى قارا مېڭىگە، ئاندىن كۆكسىگە تىكىلىپ قالاتتى، — ھە ... ياۋاش ... مەنچە ياۋاش بولغاننىڭ زىيىنى يوق، ئەلۋەتتە ياۋاشلىق ھاكاۋۇرلۇقتىن كۆپ ئەۋزەل.

— مەنچە ئەر كىشى بەك ياۋاش بولۇپ قالسا بولمايدىكەن، ئەركەكنىڭ زەردىسى بولۇشى، نائىنساپ ئاياللارنى ئۇرىدىغان قولى، دەسسەپ چەيلەيدىغان پۇتى بولۇشى كېرەك ئىكەن.

سەردار تەئەججۇپ بىلەن رەناغا تىكىلدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ئەمدى؟

— سىز بەزى ئەرلەرنىڭ بەكلا يولدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلىسىز ھەرقاچان.

— شۇنداق ئەرلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن، — دېدى سەردار ھەيرانلىق بىلەن، — گېپىڭىز تاققا ـ تۇققا چىقىۋاتىدۇغۇ.

رەنا مىيىقىدا كۈلدى، رەنانىڭ كۆزلىرىدىن سەممىيلىك ھەم ئاچچىق ئەلەم پۇرقۇپ تۇراتتى.

— ئەر كىشىنىڭ ياۋاش بولىدۇم دەپ بوزەك بولۇپ يۈرگىنىدىن سىزدەك يامان بولغىنىمۇ ئوبدان ئىكەن.

— مەن؟ — رەنانىڭ كۈلۈمسىرەشلىرى سەردارغا غەلىتە كۆرۈنۈپ قالدى، — مەن قانداق بولۇپ سىزنىڭ كۆزىڭىزگە يامان بولۇپ كۆرۈنۈپ قالدىم؟

— سىزنى يامان دېگىنىم ئەسكى دېگىنىم ئەمەس، سىز ناھايىتى زېرەك، ھەممە ئىشنى جايىدا قىلىپ ماڭىدىغان ئەر، ھەرقانداق ئىشنى چاندۇرمايسىز ... مەن مۇشۇنداق ئەرلەردىنمۇ نەپرەتلىنىمەن، مېنىڭ ئاكام سىزدەك ھەممە ئىشنى قىلىدىغان، ئەمما ھېچ ئىشنى چاندۇرمايدىغان ئەرلەر تەرىپىدىن بوزەك

بولۇۋاتىدۇ.
— گېپىڭىزنى چۈشەنمىدىم، رەنا ... مەن قانداقسىغا يامان ئەر بولىمەن؟ يەنە كېلىپ سىزنىڭ ئاكىڭىزنىڭ مەن بىلەن نېمە ئالاقىسى؟
رەنا ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىنىڭ ئالدىغا كەلدى.
— سىزگە دەرد تۆككۈم كەلدى، سەردار دوختۇر، بىللە ئىشلەۋاتقىنىمىزغىمۇ نەچچە يىل بوپتۇ، مېنىڭ ئەھۋالىمنى ئوبدان بىلىسىز، سىزنىمۇ ئوبدان بىلىمەن، سىز بىلەن مۇڭداشسام كۆڭلۈم ئازادە بولۇپ قالىدۇ، باشقىچە چۈشىنىپ قالماڭ.
— قانداق باشقىچە چۈشىنىپ قېلىشىم مۇمكىن؟
— بەزى ئەرلەر بار، كۆڭلىڭىز تارتىپ هال ـ مۇڭ بولسىڭىز خاتا چۈشىنىپ دەرهال قول سېلىشقا تەييار تۇرىدىغان.
رەنا گېپىنى تۈگىتىپ كۈلۈپ قويىدى.
— ئەلۋەتتە سىزنى ئۇنداقلار قاتارىدا دېمەكچى ئەمەسمەن.
— مېنىمۇ بەك ئالىيجاناب هېسابلاپ قالماڭ، — دېدى سەردار كۈلۈپ تۇرۇپ، — مەنمۇ بەز كۆرسەم جىم تۇرىدىغان مۈشۈكلەردىن ئەمەس.
— ئەمما مەن ئاسانلىقچە يېگىلى بولىدىغان بەز ئەمەس.
سەردار كۈلدى، لەۋلىرىدىكى تەبەسسۇمنىڭ سىرلىق جىلمىيىشلىرى ئارىسىدا مەسخىرىگە يېقىنراق بىر سىلغىيىش بار ئىدى. گۈلنىگار سەردارنىڭ ئۆزىگە قارىغاندىكى مۈشۈ مەسخىرىلىك تەبەسسۇمغا قانچىلىك ئۆچ ئىكەنلىكىنى سەردارغا ئېيتىپ باقمىدى.
— خاتىرجەم بولۇڭ، چاقچاق قىلدىم، بايا ئاكىڭىزنىڭ گېپىنى قىلدىڭىز، نېمە ئىش بولدى؟
— ئاكامنىڭ ئايالىنىڭ قىلىقلىرى مېنى بەك زەردىگۈش قىلىۋەتتى، ئۇ تاپتىن چىقىپ كەتتى، گۇمانىمنىڭ راست بولۇپ

چىقىشىدىن بەك ئەنسىرەيمەن، ئۇنى كۆزىتىۋاتقىلى ئۇزاق بولدى.

— ساقچىلىق قىلىۋاتامسىز نېمە؟

— دىلمۇرات دېگەن كىشىنى بىلەمسىز؟ ... كاتتا باي.

— ئاڭلىغان ... تاش سودىگىرىغۇ؟

— شۇنداق ... ئۇنى شۇ كىشى ئازدۇرۇۋاتىدۇ، دىلمۇراتنىڭ كىملىكىنى بىلەمسىز؟

— ياق.

— دىلمۇرات مېنىڭ بۇرۇنقى ئېرىم ئىدى.

— نېمە؟ ... نېمە دەيغانسىز ئەمدى ... سىزنىڭ بۇرۇنقى ئېرىڭىز ئاكىڭىزنىڭ ئايالى بىلەن ...

سەردار رەناغا تىكىلىپ قاراپ قالدى، شۇ ھالدا ئۇنىڭ كۆزىگە رەنانىڭ مېڭىمۇ، ئۇنىڭ يوغان كۆكسىمۇ كۆرۈنمەي قالدى.

— ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇنداق ئىش يوقتۇ ... بۇنى قانداق ئەقلىگە سىغدۇرغىلى بولىدۇ؟

— شۇنداق، ئەقلىگە سىغمايدۇ، ئەمما مەنچە شۇنداق ئىش بار، شۇڭا بۇ دەردنى كۆڭلۈمگە پەقەت سىغدۇرالمىدىم.

— قانداق بايقاپ قالدىڭىز؟

— مەن دىلمۇراتنىڭ پېيىدا يۈرەتتىم.

— نېمىشقا؟

— ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم، ئاجرىشىپ كەتكەن بولسامىمۇ ئۇنتۇيالمىدىم، بۇ جاھاندا مەن ئەڭ نەپرەتلىنىدىغان ئادەم دىلمۇرات، شۇنداقتىمۇ ئۇنى ئۇنتۇيالمىدىم، بىركىمنىڭ پېيىدا بولسىڭىز ئۇنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالىدىكەنسىز ... ئاخىر ئۇنىڭ ئاكامنىڭ ئايالى بىلەن سۆرۈشۈپ يۈرىدىغانلىقىدىن گۇمان قىلىپ قالدىم ... ئەلۋەتتە بۇ بىر گۇمان ... بىراق ... راست چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن، تۇيغۇمنىڭ مېنى ئالداپ

قويۇشنى تىلەيمەن.

— بۇ قانداق مۇمكىن بولسۇن؟ ... سىز ئارتۇقچە گۇمانلىنىپ يۈرسىڭىز كېرەك.

— مەنمۇ مۇمكىن بولمىسكەن دەيمەن، بىراق ... ھەرھالدا سىزمۇ دىققەت قىلىڭ.

سەردار كۆزىگە چۈشۈۋالغان چاچلىرىنى كەينىگە قايرىپ قويدى.

— مەن نېمىگە دىققەت قىلىمەن؟

— بىلمەيمەن، ئەمما نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرگىنىڭىز ئۆزىڭىزگە ئايان، سىزنىڭ ئايالىڭىز بار.

سەردار ھەيران قالغاندەك رەناغا قاراپ قويدى.

— گېپىڭىزنى چۈشىنەلمەيۋاتىمەن، بارغانسېرى غەلىتە گەپلەرنى قىلىۋاتىسىز.

رەنا لېۋىنى چىشلەپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى، ئۇنىڭ بەك جىق گەپلەرنى دېگۈسى باردەك، ئەمما دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىغاندەك قىلاتتى.

— مەن بىر ئىشقا ھەيران ... ئەرلەر بىلەن ئاياللار نېمىشقا بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالماي تۇرۇپ يەنە بىر ـ بىرىنى ئالدايدىغاندۇ ؟ — دېدى رەنا ئۇھ تارتىپ.

رەنا ئۈستەلدىكى ئىستاكاننى ئىككى قولىنىڭ ئالىقانلىرى ئارىسىغا قىسىپ ئاستا ئايلاندۇردى. ئۇنىڭ بايىقى ھاياجانلىرى بېسىقىپ قالغاندەك قىلاتتى.

— ھەممەيلەننىڭ بىر ـ بىرىنى ئالدىشى ناتايىن، بۇ دېگەن قىسمەن ئىشلار.

— خوتۇنى، ئېرى بار تۇرۇپ باشقىلار بىلەن سۆرىشىپ يۈرۈشنى چۈشىنەلمەيمەن.

رەنانىڭ كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالغانىدى، ئۇ جاھاننىڭ جىق ئىشلىرىدا ناھەقچىلىق، تەتۈرلۈك بار دەپ

ئويلىسا كېرەك.

— بۇ جاھاننىڭ قىزىق ئىشلىرى جىق، رەنا، بىر ئەر بىلەن بىر ئايالنىڭ كۆڭۈل جەھەتتىن مەڭگۈلۈك بولۇپ قوشۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس، ئايالى بار بىر ئەرنىڭ ئايالىدىن چىرايلىق باشقا بىر ئايالنى تەمە قىلماي ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەس، ئېرى بار ئايالنىڭمۇ ئېرىدىن مۇكەممەل ئەرگە نەزەر سالماسلىقى ياكى ئارزۇ قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس، سىز نېمە سەۋەبتىن ئاجرىشىپ كەتكەن؟

— دىلمۇرات بىر ئايالدىن پەقەت مېھرىنى ئۈزەلمىدى، ئۇنىڭغا يېلىندىم، يالۋۇردۇم، ئەمما ئۇ نىيىتىدىن يانمىدى، ئاخىر مېنىڭ بار - يوقلۇقۇمنىڭ ئۇنىڭغا ئەھمىيىتى قالمىدى.

— دىلمۇرات ئۇ ئايال بىلەن توي قىلدىمۇ؟

— ياق، دىلمۇرات ئۇ ئايالغا ئېرىشەلمىدى، مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدىغاندەك قىلىدۇ.

— ئېرىشەلمىدى دەڭ، نېمىشقا؟

— ئۇ باشقا بىر ئەرنىڭ دەردىدە قالغان ئايال، ئۇ ئايال قوغلىشىپ يۈرگەن ئەر ھەقىقەتەن قاملاشقان، ئېسىل ئەر ... بىراق ئۇ ئەرنىڭ ئائىلىسى بار.

سەردار رەناغا قاراپ بىردەم تۇرۇپ قالدى.

— سىز ئالدىنقى قېتىممۇ مۇشۇنداقراق بىر گەپلەرنى قىلغانىدىڭىز، سىزنىڭ بەختىڭىزگە ئولتۇرغان ئۇ ئايال كىم بولغىيدى؟

— ئۇنى سىز تونۇيسىز ... ئۇ يەنە باشقا بىر ئايالنىڭمۇ بەختىگە ئولتۇرۇشى مۇمكىن.

— مەن ئۇنى تونۇمدىمەن؟ كىم ئۇ؟

— بولدى، بۇ دېگەن مەخپىيەتلىك، بۇ گەپلەرنى دېيىشمەيلى، سىز كۆزگە كۆرۈنگەن، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەم،

ھوشيار بولۇپ يۈرۈڭ.

— گېپىڭىز قىزىققۇ سىزنىڭ، — سەردار رەنانىڭ ئوڭ مەڭزىدىكى قارا مەڭگە، ئۇنىڭ يوغان كۆكسىگە قارىماسلىققا تىرىشىپ كۆزىنى ئەپقاچتى، — نېمىشقا بۇنداق دەيسىز؟

— شۇنداق دېگۈم كەلدى، باشقىچە ئويلاپ قالماڭ ... مەن چىقاي، سەردار دوختۇر، ۋاقتىڭىزنى ئالدىم، سىز بىلەن پات - پات پاراڭلاشقۇم كېلىدۇ.

— ئەلۋەتتە پاراڭلىشىپ تۇرغىنىمىزنىڭ يامىنى يوق.

سەردار رەنانى ئۇزىتىپ قويۇپ جايىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئۇ گاڭگىراش ئىچىدە قالغاندەك قىلاتتى، رەنانىڭ گەپلىرى ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالدى، رەنانىڭ بۇرۇنقى ئېرى بىلەن رەنانىڭ ئاكىسىنىڭ ئايالىنىڭ سۆرىشىپ يۈرگىنى ئۇنىڭ ئەقلىگە سىغمايۋاتاتتى.

بۇ ھاياتتا ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، بىز قوبۇل قىلالمايدىغان، ئەمما قوبۇل قىلماسلىققا ئامال قىلغىلى بولمايدىغان ئىشلارغا دائىم يولۇقۇپ قالىمىز، مۇشۇ خىل ئىشلارغا بولغان ھەيرانلىق، نەپرەت، ئۆچمەنلىك تەپەككۇرىمىزنى تاۋلايدۇ، پىكرىمىزنى ئويغىتىدۇ. سەردار رەنانىڭ دېگەنلىرىنى ئەقلىگە سىغدۇرالمىدى، سەردار ئەقلىگە سىغدۇرالمايدىغان، ئىشىنەلمەيدىغان ئىشلار تولا، بۇ دۇنيادا كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان چوڭ ئىشلارمۇ، كىچىك ئىشلارمۇ، ھېچقانچە قىممىتى يوق، ئەمما داۋرىڭى تولا بىمەززە ئىشلارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ، بىزنىڭ ئىشىنىش - ئىشەنمەسلىكىمىز بىلەن، ئەقلىمىزگە سىغىش - سىغماسلىقى بىلەن ھېسابلاشماي يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، سەردار بەلكىم كىچىككىنە بىر قىزنىڭ «ھ» ھەرپىدىن قورقىدىغان كەچمىشى بولغانلىقىنى ئاڭلىسىمۇ ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن. بۇنىڭغا سەردارلا ئەمەس، يەنە ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەر ئىشەنمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 59

گۈلپىيە ئۆزىنىڭ بالىلىق دەۋرلىرىنى ئەسلەشتىن قورقىدۇ، يادىغا يېتىشتىنمۇ قورقىدۇ، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان يىللاردا «ھە» دېگەن ھەرپنى كۆرۈشتىن، «ھارام» دېگەن سۆزنى ئاڭلاشتىن قورقىدىغانلىقىنى ھېچكىمگە دەپ باقمىدى، «ھارامدىن بولغان» دېگەن گەپنى ئاڭلىسا، ئۆزىنىڭ قۇرت ياكى چۈمۈلىدەك بىرنېمىگە ئۆزگىرىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاش ئۇنىڭ ئۈچۈن قورقۇنچلۇق. ئەمما، ئىش يۈزىدە ئەھۋال خۇددى شۇنداق، تەمە ياكى ئارزۇغا يات، ئويلىمايمەن دەپمۇ يەنە شۇ قارا خىياللاردىن نېرى بولالمايدۇ. «ھە» دېگەن ھەرپ ئۇنىڭغا خۇددى ھازىرلا ئۇنى چېقىۋېلىشقا تەييار تۇرغان يىلاننىڭ بېشىدەك بىر ھالدا كۆرۈنەتتى. كېيىنكى كۈنلەردە گۈلپىيەنى كىچىكىدىكى مۇشۇ ۋەھىمىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ كەتتى، دېگىلى بولمايتتى، ئەمما گۈلپىيە بۇلارنى ئۇنتۇپ كەتتىم، دەپ ئويلىۋالاتتى ياكى ئۇنتۇپ كەتكەن بولۇۋالاتتى.

بۈگۈن يەنە كونا ئىشلار يادىغا يېتىپ كۆڭلىنى تۇماندەك بېسىشقا باشلىدى.

— ئاناڭنى ... ھارامدىن بولغان ...

بالىلار تەنتەربىيە مەيدانلىرىدا، ئاق تېرەكلەرنىڭ ئاستىدا، سىنىپلاردا بىر ـ بىرىنى شۇنداق تىللىشاتتى.

گۈلپىيە شۇنداق تىللاشلارنى ئاڭلىغاندا راستىلا قۇرتقا ئايلىنىپ قالاتتى. پۈتۈن مەكتەپتىكى ھەممە بالا ئۇنىڭ ھارامدىن بولغانلىقىنى بىلىدىغاندەك، ھەممەيلەن باشقىلارنى تىللىغان بولۇپ ئۇنى تىللىغاندەك تۇيۇلۇپ تۇگۈلۈپ كېتەتتى، دادىسىدىن، ئانىسىدىن نەپرەتلىنەتتى.

— مەن نېمىشقا ھارامدىن بولغان؟

بىر كۈنى گۈلپىيە تۇيۇقسىز ئانىسىدىن شۇ سوئالنى

سورىدى، پىياز توغراۋاتقان رازىيە قولىنى كېسىۋالغىلى تاسلا قالدى.

— نېمە دېدىڭ؟

— مەن نېمىشقا هارامدىن بولغان؟ مېنى نېمىشقا هارامدىن تۇغقان؟

— تۈزۈك گەپ قىل، نەدىن تاپتىڭ بۇ گەپنى؟

— دادام شۇنداق دېدى ... مەكتەپتىكى باللارنىڭ ھەممىسى شۇنداق دەيدۇ.

گۈلپىيە ئۆمچەيدى، ئارقىدىن كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش تۆكۈلدى. بۇ ياشلارنىڭ ھەربىرى بىر پارچىدىن تاشقا ئايلىنىپ رازىيەنىڭ يۈرىكىگە پاتتى.

— جېنىم بالام ... — رازىيە پىياز يۇقى قوللىرى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ گۈلپىيەنى قۇچاقلىدى، — بۇنداق گەپلەرگە ئىشەنمە، بالام، ئۇنتۇپ كەت، كىم سېنى هارامدىن بولغان دېسە شۇنىڭ ئۆزى هارامدىن بولغان، چۈشەندىڭمۇ؟ ... ئىشەنمىگىن بالام، مەن سېنىڭ ئاناڭ، سەن پاك ... — رازىيەنىڭ كۆز ياشلىرى گۈلپىيەنىڭ سىلىق تارالغان چاچلىرىغا تاراملاپ تۆكۈلدى.

— ئەمما دادام شۇنداق دېدىغۇ ... بۇنى مەكتەپتىكى ھەممەيلەن بىلىپ كېتىپتۇ.

— ياق، ئۇنداق ئىش يوق، بۇنداق ئويلىمىغىن، جېنىم بالام، باللار قانداق بىلىپتۇ؟

— بىر ـ بىرىنى هارامدىن بولغان دەپ تىللىشىدۇ ... — دېدى گۈلپىيە يىغلامسىراپ، — باشقىلارنى تىللىغان بولۇپ مېنى تىللايدۇ.

رازىيە گۈلپىيەنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ هاڭۋېقىپلا قالدى، كىچىككىنە بالىنىڭ گەپلىرىگە ئىشەنگۈسى كەلمىدى.

گۈلپىيەنىڭ يىراق بىر يەرلەرگە قېچىپ كەتكۈسى كەلدى، گۈلباھار سېرىق يوق يەرگە كەتكۈسى كەلدى. ھەر قېتىم باللار

بوزەك قىلغاندا ئەنۋەرنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالاتتى، گۈلباھار سېرىق ئۇنىڭ چاچلىرىدىن تۇتۇۋالاتتى، شۇنداق چاغدا ئەنۋەر ئاجرىتىپ قوياتتى، سىنىپتا ئەنۋەرنىڭ بويى ھەممىدىن ئېگىز ئىدى، گۈلپىيە «5 ـ يىللىق 7 ـ سىنىپ» دېگەن خەتلەردىن قورقاتتى.

— گۈلباھار سېرىق مېنىڭ چېچىمنى تارتتى.

گۈلپىيە يىغلاپ شۇنداق دېدى. رازىيە قىزىنى مەيدىسىگە مەھكەم بېسىپ ئۇنىڭ چاچلىرىغا سۆيدى، ئۇن بىر ياشلىق قىزنىڭ چاچلىرىدىن يېقىملىق بىر مەسۇملۇق ھىدى كېلەتتى.

رازىيە گۈلپىيە بىلەن مۇشۇ گەپلەرنى دېيىشكەندىن ئالتە ـ يەتتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، گۈلپىيە ئۆيدىكى چىنە ـ قاچىلارنى چېقىۋەتكەندە، ئۆينىڭ پەردىلىرىنى تارتىپ يىرتىۋەتكەندە، يوتقاننىڭ ئىچىگە پۈركىنىۋالغاندا ياكى كارىۋاتنىڭ ئاستىغا كىرىپ مۆكۈۋالغاندا ... رازىيە گۈلپىيەنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى ئاشۇ يىغلامسىراشلىرىنى ئەسلەيدۇ. رازىيە يىغلايدۇ، يىغلاۋېتىپ قىزىنىڭ بالىلىق يۈرىكىدىكى جاراھەتلەر توغرۇلۇق ئويلىنىدۇ، قىزىنىڭ تەقدىرى ھەققىدە گاڭگىراش ئىچىدە خىيالغا پاتىدۇ.

ئۇن بىر ياشلىق گۈلپىيە ھازىر يوق ...

ھازىرقى گۈلپىيە ئانىسىنى ۋەھىمىگە سالىدىغان گۈلپىيە.

— مەن قورقتۇم.

— نېمىدىن قورقتۇڭ، بالام؟

— ھەممە نەرسىدىن قورقتۇم ... موللامغا دەڭ، ئانا، مېنى ئېلىپ كەتسۇن.

رازىيە چوپچوك بولۇپ قالغان گۈلپىيەنىڭ بايىقى گەپلىرىنى ئاڭلىغان دەملەردە گۈلپىيەنىڭ تونجى قېتىم ئۆزىدىن: «مەن نېمىشقا ھارامدىن بولغان؟» دېگەن سۆزىنى ئەسلەپ قالىدۇ، گۈلپىيەنىڭ روھىنى غەلىتە شەكىلگە كىرگۈزۈپ قويغان شۇم نەرسىنىڭ گۈلپىيە شۇ قورقۇنچلۇق سوئالنى سورىغان يىللاردىن

باشلانغانلىقىنى ھېس قىلدى.

گۈلپىيە بارات موللامىنىڭ مەيدىسىگە يۈزىنى يېقىپ شىرىن تۇيغۇلارغا غەرق بولغان چىرايلىق دەملەر ئۆتۈپ كەتكەندە، ئۆتمۈشكە تەئەللۇق ئاشۇ ئىشلارنى قويۇق چاڭ ـ مانانلار ئارىسىدا تورۇپ ئەسلەپ قالدى.

بۇ شەھەر سىرلىق شەھەر، بۇ شەھەر سېھىرلىك شەھەر، بۇ شەھەر مېھرلىك شەھەر، بۇ شەھەر رەھىمسىز شەھەر ...

رازىيە بىلەن گۈلپىيە ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈنىنىڭ ئەسلىملىرى ئارىسىدا لەيلەپ قىلىشىدۇ. ھەممەيلەننىڭ بۈگۈن بىلەن ئۆتمۈش ئارىسىدا تېنەپ قالىدىغان چاغلىرى بولىدۇ.

سەردار دوختۇرنىڭمۇ تېنەپ قالىدىغان، گاڭگىراپ قالىدىغان چاغلىرى بار، بىراق ئۇ يۈرىكىدىكى سالقىن گاڭگىراشلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىپ كۆنۈپ قالغاندەك قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ ئەنسىرەشلىرى، چولپاننىڭ قورقۇشلىرىنى بىلىدۇ، مۇشۇ بىلىشلىرىدىن، بۇ بىلىشلىرىنىڭ سۇزۇكلىشىپ كېتىشىدىن، روشەنلىشىپ كېتىشىدىن قورقىدۇ، ھەممىمىزنىڭ ئۆز يۈرىكىمىزدىكى قانداقتۇر بىرنەرسىلەردىن قورقىدىغان چاغلىرىمىز بولىدۇ.

## 60

ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىتتىن ئۆتۈپ كەتكەلى خېلى بولغانىدى، سەردار ئىشخانىسىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدى. دوختۇرخانا ھويلىسىدا كىشىلەر ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى، سەردار گاڭگىراپ قالغاندەك قىلاتتى، ئەخمەتكە تېلېفون بەرگۈسى كەلدى، لېكىن بۇ نىيىتىدىنمۇ ياندى، ئەخمەت بىلەن پاراڭلاشسا كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالاتتى، سالمىقى بار، سەرگە توختايدىغان گەپلەرنى قىلىشقىلى بولىدىغان، شۇنداق گەپلەرنىڭ تېگىنى ئىلغا قىلالايدىغان ئادەملەر كۆپ ئەمەس ...

ئەخمەت شۇ ھالدا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن رەسىم سىزىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. چولپان نېمە ئىش قىلىۋاتىدىكىن؟ بەلكىم دۇكىنىدا بىر ئىشلارنى قىلىۋاتقاندۇ، سەردارنىڭ بۇرنىغا چولپاننىڭ دۇكىنىدىكى يېمەكلىكلەردىن كېلىدىغان قويۇق ھەم ئېسىل پۇراق ئۇرۇلغاندەك بولدى، چولپاننىڭ كىچىككىنە تاللا دۇكىنىدا داڭلىق ماركىلىق تاتلىق ـ تۈرۈملارنىڭ ھەرقاندىقى تېپىلاتتى. سەردارنىڭ يۈرىكى ئېغىپ، تېلېفوننى قولىغا ئېلىشىغا چولپاندىن تېلېفون كېلىپ قالدى.

— تىنچلىقمۇ؟ — دېدى چولپان پەس ئاۋازدا.

— تىنچلىقمۇ، توۋا، خەقلەرنىڭ ھازىر بىر ئىشنى خىيال قىلغىلىمۇ بولمايدىغان بولۇپ كەتتى، دېگىنى راست ئىكەن جۇمۇ، — دېدى سەردار كۈلۈپ، — سىزگە تېلېفون بېرەي دەپ تۇراتتىم.

— سىزنى كۆرگۈم كەلدى.

— مېنىڭمۇ شۇ.

چولپاننىڭ ئاۋازىدىن غەمكىنلىك چىقىپ تۇرغاندەك ئىدى.

— بىرەر ئىش بولدىمۇ؟ — دېدى سەردار ھەيران بولغاندەك.

— ياق، ھەممە ئىش جايىدا.

چولپان ئىمكان بار ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىۋاتاتتى ... گۈلنىگاردىن كەلگەن ئۇچۇر چولپاننىڭ كۆڭلىنى پارە ـ پارە قىلىۋەتكەنىدى. «سەن شەرمەندە ئايال ... مۇشۇنداق قىلىۋېرىمەن، دەپ ئويلىما ... كۈنلىرىڭ ئۇزاققا بارمايدۇ.»

ئۇچۇرنىڭ ھەربىر ھەرپى يىڭنە بولۇپ چولپاننىڭ تۇيغۇلىرىغا سانجىلاتتى. چولپاننىڭ كۆڭلى بەكلا پاراكەندە ئىدى، گۈلنىگار ئۇنى ئەڭ يامان تىللار بىلەن تىللاپ ئۇچۇر يازاتتى، ئۇ بەزىدە گۈلنىگار شۇنداق ھاقارەتلىك تىللار بىلەن ئۇچۇر يازسا كۆڭلىدىكى قەرزدارلىق، گۇناھكارلىق تۇيغۇسى يوقۇلۇپ كەتكەندەك يەڭگىللەپ قالاتتى. گۈلنىگاردىن بايقىدەك ئۇچۇرلار كەلمىسە تىت ـ تىت بولۇپ قالاتتى، بەزىدە

گۈلنىگارنىڭ ئۇچۇرلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى يانجىپ ھالىدىن كەتكۈزىۋېتەتتى، بەكلا روھى چۈشۈپ كېتەتتى.

— ئاۋازىڭىزدىن بىلدىم، كۆڭلىڭىز جايىدا ئەمەستەك قىلىدۇغۇ؟ — دېدى سەردار ئەنسىرەپ.

— ياق، مەن ياخشى.

سەردار چولپاننىڭ بىسەرەمجان ھەم مەيۈس بولۇپ قالغىنىنى ئۇنىڭ سۆز ئاھاڭىدىنلا ھېس قىلدى.

— كۆرۈشسەك بولاتتى، — دېدى سەردار.

— كېيىن كۆرۈشەيلى.

— كېيىن دېگەن قاچان؟

— بىلمەيمەن.

— سىزگە زادى نېمە بولدى؟ بىرقىسىملا تۇرىسىز.

— سىزگە بىر گەپنى دېمەكچىدىم.

— خۇش، قۇلىقىم سىزدە.

— كېچە بىر چۈش كۆرۈپتىمەن.

— قانداق چۈش ئۇ؟

— سىز مېنى تونۇماي تۇرۇۋاپسىز.

— نېمە؟

— چۈشۈمدە ئىككىمىز بىر يولدا بىللە كېتىۋاتقۇدەكمىز، ئەمما سىز ماڭا پەقەت قارىماپسىز، سىزگە شۇنچە گەپ قىلساممۇ ماڭا يات ئادەمگە قارىغاندەك قاراۋاتقۇدەكسىز ... چاقىرساممۇ كېيىمنى ئاڭلىماي يېنىمدىن كېتىپ قالدىڭىز.

— بۇ قانداق چۈش ئەمدى؟

— مەنمۇ بىلمىدىم، ئەمما بۇ چۈشتىن بەكلا كۆڭلۈم يېرىم بولدى.

— كىچىك بالىنىڭ ئۆزىغۇ سىز، ناھايىتى بىر چۈشكەنغۇ، ئەمەلىيەتتە مېنىڭ سىزنى تونۇماسلىقىم مۇمكىن ئەمەس، بۇنى ئوبدان بىلىسىز.

— بۇنىڭغۇ بىلىمەن.
— بىلگەندىكىن بولمىدىمۇ، يەنە نېمىشقا بۇنداق پەرىشان بولۇپ يۈرىسىز؟
— شۇنداقتىمۇ ... ئەنسىرەپ ... كۆڭلەرنىڭ بىرىدە سىزدىن راستلا ئايرىلىپ قالسام كۆڭلۈم تەس بولغۇدەك مېنىڭ.
— ئۇنداق بولمايدۇ ... بىزنىڭ ئايرىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس.
چولپان گۈلنىگارنىڭ بايىقى زەھەردەك ئۈچۈرلىرىنى يادىغا ئالدى، كاللىسىنىڭ بىر يەرلىرىدە: «ئۆزۈمگە ھەق ... » دېگەن خىيال پەيدا بولدى، ئارقىدىن يەنە بۇ خىيالدىن يېنىۋالدى.
— شۇنداق بولغاي ... ئۆزۈمنى خېلى كۈچلۈك ھېسابلايتتىم، مەن بەك ئاجىز ئىكەنمەن، بىر چۈشكە بەرداشلىق بېرەلمىگىلى تاسلا قالدىم.
— مەنمۇ ھەيران قالدىم، سىزنى ئادەتتىكى ئايال ئەمەس دەپ ئويلايمەن.
— مەن ئادەتتىكى ئايال، شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنى خېلى قەيسەر، دەپ ئويلايتتىم.
— سىز قەيسەر، تېخىمۇ قەيسەر بولمىسىڭىز بولمايدۇ، ھازىر نەدە سىز؟ قېشىڭىزغا باراي دېگەن.
— ياق، ئەتە كۆرۈشەيلى.
سەردار ئورنىدىن تۇردى، كۆڭلى غەش بولۇپ يەنە جايىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئۆيگە قايتقۇسى كەلمىدى. چولپاننىڭ چۈشلىرى توغرىسىدا ئويلاپ قالدى. مۇراتنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى چولپاننىڭ چۈشلىرىنى مالىمان ھەم قورقۇنچلۇق قىلىۋەتسە كېرەك. شۇ ئارىدا سەردارنىڭ تېلېفونىغا ئۇچۇر كەلدى. ئۇچۇر چولپاننىڭ نومۇرىدىن كەلگەنىدى: «ئىسپلاس بۇزۇق، خەقنىڭ ئېرىنىڭ كەينىگە كىرىۋالما، يەنە مۇشۇنداق قىلىۋېرىدىغان بولساڭ سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن». سەردار چۆچۈپ كەتتى، دەرھال چولپانغا تېلېفون بەردى.

— نېمە گەپ بۇ؟
— بىرسى ماڭا يوللاپتۇ.
— كىملىكىنى بىلدىڭىزمۇ؟
— ياق ... سەردار، مەن بەك ھېرىپ كەتتىم، ماڭا بۇنداق ئۇچۇر بەك جىق كېلىدۇ، — تېلېفوندىن چولپاننىڭ ئۇھ تارتقىنى ئاڭلاندى، — ئەتە كۆرۈشەيلى.

چولپان شۇنداق دەپلا تېلېفوننى بېسىۋەتتى، سەردار ھاڭۋاقىنىچە دېرىزىنىڭ ئالدىغا كەلدى، شەھەرنىڭ بەختلىك تەبەسسۇمى سەردارغا سوغۇق بىلىندى. سەردارغا ئوخشاشلا دېرىزىدىن شەھەرگە نەزەر سېلىۋاتقان چولپان بايىقى ئۇچۇرنى سەردارغا ئەۋەتكىنىدىن پۇشايمان قىلىپ قالدى.

ھەممەيلەننىڭ خۇشاللىقلىرىمىز، دەردلىرىمىز بولىدۇ. بۇلار بولمىغان ھاياتنىڭمۇ تۈز - تەمى بولمايدۇ. سەردار شۇنداق ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن، باشقىچە ئويلىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما شۇ ھالدا، بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاپ باقمىغان، چۈشىنىپ باقمىغان شاكىر بىلەن رازىيە ئارىسىدا باشقا بىر ئىش توغرۇلۇق تالاش - تارتىش بولۇۋاتاتتى.

## 61

شاكىر سىڭارىيان ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتى، تېلېۋىزوردا 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىكى جەڭ تەسۋىرلەنگەن فىلىم قويۇلۇۋاتاتتى، پىلىموت، زەمبىرەكلەردىن دەھشەتلىك ئۆلۈم ئوقلىرى ئېتىلاتتى، ئادەملەر قىرىلاتتى، قىپقىزىل قانلار كۆكرەكلەردىن ئۇرغۇپ چىقاتتى. ئىنسان روھىدىكى دەھشەتلىك قاراڭغۇلۇق ھەم بالاگەردان نەپسى - ھەۋەس ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانىدىن ئىبارەت بىر تومۇردىن يارالغان ئىنسان باللىرىنى بىر - بىرىنى شىددەتلىك ئۆلتۈرىدىغان، ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرنى قەھرىمان سانايدىغان شەرەپسىزلىككە مۇپتىلا قىلغانىدى.

www.uyghurkitap.com

— شاكىر، گۈلپىيەنى قانداق قىلىمىز؟
— قانداق قىلساق بولىدىكىن، مەنمۇ بىلمىدىم، — دېدى شاكىر بېشىنى قاشلاپ، ئۇنىڭ يوغان بېشى، گۆشلۈك يۈزىگە قارىغان ئادەم شاكىرنىڭ نېمە ئويلاپ، نېمە خىياللاردا يۈرىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئادەم ئىكەن، دېگەن تۇيغۇغا كېلىپ قالاتتى. هاراق ئىچمىگەن شاكىر بىلەن مەست بولۇپ قالغان شاكىر بىر - بىرىگە پەقەت ئوخشىمايتتى، ئادەتتىكى كۈنلەردە شاكىر تولىمۇ مۇلايىم، ياۋاش ئادەم بولۇپ كۆرۈنەتتى.
— بارات مۇللام قوشنا كەنتتە سەۋەب قىلىدىغان كېسەل بار، ئۈچ كۈندە كېلىمەن دەپ كەتكىلى بۈگۈن بەش كۈن بولدى، مۇللام كەلمىگەنسېرى گۈلپىيەنىڭ كونا خۇيلىرى يەنە تۇتقىلى تۇردى، قانداق قىلارمىز؟
— قانداق قىلساق بولاركىن؟ ... بىكاردىن - بىكار ...
— بىكاردىن - بىكار دېگەن نېمە گەپ ئۇ؟ گۈلپىيەنىڭ مۇشۇ هالغا چۈشۈپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى مەن بىلىمەن، بىچارە بالىنىڭ دەردى يەتكۈچە بار.
— ئۇنىڭ نېمە دەردى بار؟ — دېدى شاكىر رازىيەگە لەپپىدە قاراپ قويۇپ.
— ئۇنىڭ دەردى سىز، بالىنى كىچىكىدىن باشلاپ تىللاپ شۇ هالغا چۈشۈرۈپ قويدىڭىز.
— مەن نېمە دەپ تىللاپتىمەن؟
— نېمە دەپ تىللاپتىمەن؟ يەنە نېمە دېسىڭىز بولاتتى، سىز ئۇنى يۈرەك زىدىسى قىلىپ مۇشۇ هالغا كەلتۈرۈپ قويدىڭىز.
— هەممە گۇناهنى ماڭا ئارتقىلى ئاران تۇرىدىكەن بۇ، — دېدى شاكىر غۇدۇراپ، — مەن نېمە قىپتىمەن؟
— سىز ئۇنى تۇغۇلغاندىن تارتىپ هازىرغىچە هارامدىن بولغان دەپ تىللاپ كەلدىڭىز، بالا كىچىكىدىن باشلاپ شۇ گەپنى مەندىن سورايتتى، شۇ هاقارەتلەرنىڭ تەسىرىدىن مۇشۇنداق

بولۇپ قالدى ئۇ.
— ياقەي ... — دېدى شاكىر مەجبۇرىي ھىجىيىپ، — كىچىك بالا نېمىنى بىلىدۇ؟
— ئۇ ھەممىنى بىلىدۇ، گۈلپىيە سىزدەك دۆت ئەمەس، ئەقىللىق بالا، سىزنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىڭىزنى، نېمە دەپ تىللىغانلىقىڭىزنى، ئۇنىڭغا قانداق كۆزدە قارايدىغانلىقىڭىزنى ... ھەممىنى بىلىدۇ، بولۇپمۇ سىزنىڭ ھارامدىن بولغان دېگەن گېپىڭىزنى خۇدامۇ كەچۈرمەيدۇ.
— مەن ... نەدە ئۇنداق تىللايمەن؟
شاكىر ئوڭايسىز بىرھالدا ھىجايدى، ئاستىن كالپۇكىنى لىپىلداپ كەتتى.
— سىز شۇنداق تىللاپ كەلگىلى بەك ئۇزۇن بولدى، بىچارە گۈلپىيە شۇنداق تىل - ھاقارەتنىڭ ئاستىدا چوڭ بولدى.
— ئۇنچىۋالا دەپ كەتمەڭ ئەمدى.
— شاكىر، راست گەپ قىلىڭا، سىز زادى گۈلپىيەنى ئۆزۈمنىڭ بالىسى دەپ ئويلىمامسىز؟
شاكىرنىڭ كۆزلىرىدە كونا بىر تۇمان پەيدا بولۇپ يەنە يوقىلىپ كەتتى.
— ھەي ياقەي ... بۇ ئەمدى ... مۇنداقلا بىر گەپقۇ.
— ھەي، ئۆز خوتۇنى تۇغقان بالىنى ھارامدىن بولغان دەپ گۇمان قىلىپ يەنە بۇنى مۇنداقلا بىر گەپ دېگەن قانداق گەپ بۇ ئەمدى؟ راست گەپنى قىلىڭ، سىزدە زادى شۇنداق گۇمان بارمۇ يوق؟
— بۇ ... ئەمدى ... — شاكىر سوئالغا جاۋاب بېرەلمەي تەمتىرەپ قالغان ئوقۇغۇچىدەك بېشىنى قاشلاپ تۇرۇپ قالدى.
— گۇمان قىلىسىز شۇنداقمۇ؟
— يا ... ياق ... ئەمدى ...
— راست گەپ قىلىڭ ...
— ياق.
— نېمىگە ياق؟

شاكىر قېلىن كالپۇكلىرىنى قىمىشايتىپ ھىجايدى، ئاندىن قولىدىكى تىزگىنەكنى يانچۇقىغا سېلىپ قويدى، شاكىرغا دىققەت بىلەن قاراۋاتقان رازىيە ھەيران بولۇپ ۋارقىرىدى:

— نېمە قىلىۋاتىسىز؟ تىزگىنەكنى يانچۇققا سېلىپ نېمە قىلىسىز دەيمەن؟

— ھە؟ — شاكىر چۆچۈگەندەك دەرھال تىزگىنەكنى ئېلىپ خوتۇنىغا قاراپ ئوڭايسىز ھىجايدى، — سوراقتا تارتىۋەرمەڭە خوتۇن ...

— ئىككىمىز بىر ئۆيدە ياشاۋاتقىلى شۇنچە يىللار بولدى، ھازىرغىچە مەندىن گۇمانلىنىپ كەلدىڭىز، بالىدىن گۇمانلىنىپ كەلدىڭىز، ھازىر چىرايلىق دېيىشەيلى، راستلا كۆڭلىڭىز كۆتۈرمەيدىغان ئىش بولسا مېنى قويۇۋېتىڭ، بىز ئاجرىشىپ كېتەيلى.

— نى ... نېمە؟ ... — شاكىرنىڭ گۆشلۈك يۈزى ئالىپاساق بولۇپ كەتتى، ئاۋازى تىترىدى، — ئاجراشساق ... ئۇنداقتا قانداق بولىدۇ؟

— شۇنداقتا ياخشى بولىدۇ، — دېدى رازىيە، — سىز بىر ئوبدان بالىنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدىڭىز، بالىنى تۈگەشتۈرۈۋېتىدىغان ئوخشايسىز، مەن سىزدىن كېچەلەيمەن، ئەمما قىزىمدىن كېچەلمەيمەن، مېنى ئاران 3 ـ سىنىپقىچە ئوقۇتقان ئاتا ـ ئانامدىن مۇشۇ كۈنگىچە رەنجىپ يۈرىمەن، ئۇلارغا بولغان نارازىلىقىم كۆڭلۈمدىن كۆتۈرۈلمىدى، مۇشۇنداق كېتىۋەرسە گۈلپىيەمۇ مەندىن ئۆمۈر بويى نارازى بولىدۇ، ئۆزىگە سىزدەك ئادەمنى دادا قىلىپ قويغىنىم ئۈچۈن مېنى قارغاپ ئۆتىدۇ، شۇڭا راست گېپىڭىزنى دەڭ، مېنىڭ بۇرۇنقى ئىشلىرىمدىن گۇمانلانسىڭىز، گۈلپىيەنىڭ ئۆز پۇشتىڭىز ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىدىغان ئىشىڭىز بولسا مېنى ھازىرلا قويۇۋېتىڭ.

رازىيە شۇلارنى دەۋېتىپ كۆڭلىنىڭ بەكلا يېرىم بولۇپ

كېتمۇاتقىنىنى ھېس قىلىپ قالدى، شۇ ھالدا شاكىرنىڭ ئاغزىدىن: «بولىدۇ، ئەمىسە ئاجرىشايلى» دېگەن سۆزنىڭ چىقىپ قېلىشىدىن قورقۇۋاتاتتى.

— ئەمدى خوتۇن ... ھاراق ئىچكەندە بەزى گەپلەر بولىدۇ، مەن ئەمدى ئۇنداق قىلماي ... زاۋۇتمۇ بىزنىڭ مائاشىمىزنى ئۆستۈرىدىغانىڭ گېپىنى قىلىۋاتىدۇ.

شاكىر دۇدۇقلۇپ كېتىۋاتاتتى.

— ئۆستۈرسىمۇ سىزدەك مال توشۇيدىغان ئىشچىنىڭ مائاشى قانچىلىك ئۆسمەكچىدى؟

— ئەمدى ... مال توشۇسامۇ مەنمۇ ئىشقىلىپ مائاشى بار ئادەم - دە، — دېدى شاكىر كۆڭۈلسىز رەۋىشتە رازىيەگە قاراپ قويۇپ، — مەن دەيمەن ... ئاجراشساق بولمايدۇ.

— نېمىشقا ؟

— ئىشقىلىپ بولمايدۇ. گۈلپىيەنى دېمىگەندىمۇ ئەزىمەتمۇ چوڭ بولۇپ قالدى. ئۇ بالىنىمۇ ئۆز يېنىمىزغا ئەكېلىۋالساق بولاتتى.

— ئەزىمەت دادامىلارنىڭ ئۆيىدە بىر ئوبدان تۇرىۋاتىدۇ، ئەزىمەت خەنزۇچە ئوقۇدى، بىزنىڭ ئۆيدىكى غىجىمپاراقلارنى چۈشىنىپ بولالمايدۇ، ھېلىقىدەك جېدەللەرنى كۆرسە نېمە دەيدۇ ئۇ؟ بولدى، سىز ئەزىمەتنىڭ گېپىنى قىلماي، زادى ئاجراشقۇڭىز بارمۇ - يوق، مۇشۇنى دەڭە.

— ياق، مەن ئاجراشمايمەن.

شاكىرنىڭ قېلىن لەۋلىرى تىترەپ كەتتى.

رازىيەنىڭ كۆڭلى قانائەت ھەم ئىللىق غۇرۇر بىلەن ئەمىن تاپقاندەك ئىدى.

— ئۇنداق بولسا بۇنىڭدىن كېيىن گۈلپىيەنى يەنە ئۇسال تىللار بىلەن تىللامسىز؟

— ياق، خوتۇن، ئەمدى تىللىمايمەن، خاتىرجەم بولۇڭلا.

چىرايلىق ھايات داۋام قىلىۋاتقان شەھەردىكى ئاددىي بىر

ئۆيدە بىر ئەر بىلەن بىر ئايال شۇنداق پاراڭلار بىلەن ئولتۇراتتى، بۇنىڭدەك گەپ ـ سۆزلەر بۇ ئۆيدە پات ـ پات بولۇپ تۇردۇ، ئەر ئايالدىن، ئايال ئەردىن رازى ئەمەس، ھېچكىم بۇ ئۆيدىكى تۇرمۇشتىن رازى ئەمەس، ئەمما ئۇلار يەنىلا بىر ـ بىرىدىن كېچەلمەيدۇ، بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىدۇ، بۈگۈن، بۈگۈن بولمىسا ئەتە، ئەتە بولمىسا ئۆگۈن ... ئىشقىلىپ ھامان بىر كۈنى ئۆزلىرى قانائەت تاپمايدىغان كۈنلەر ئاخىرلىشىپ، باشقا بىر كۈنلەر باشلىنىدىغاندەك ئۇمىد بىلەن كۈنلىرى ئۆتىدۇ، مۇشۇ كۈنلەر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن بولىدىغان چىرايلىق كۈنلەرگە ئۇمتۇلىدۇ، ئەمما شۇ كۈننىڭ قانداق كۈن ئىكەنلىكىنى ئۆزلىرىمۇ چۈشىنىپ كەتمەيدۇ. بۇ ئۆيدىكى ھايات خۇددى مۇشۇ تەرزدە ئۆتىدۇ، بۇ ئۆيدىكىلا ئەمەس، مۇشۇ شەھەردىكى ناھايىتى نۇرغۇن ئۆيلەردىكى ھاياتمۇ خۇددى مۇشۇ تەرزدە داۋام قىلىدۇ.

— مەن دىككىدە سىرتقا چىقىپ كىرەي ...

شاكىر شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ چاپىنىنى كىيدى.

— نەگە ؟

— ئاغىنىلەر چاقىرغان، بىرىپ كېلەي.

— بولمايدۇ.

— مەن ... بىرىپلا كېلەي.

— مەن ئەتىگەندىن بىرى تامغا گەپ قىلدىممۇ، ئاغزىڭىزغا ھاراق تەگسە سىزنىڭ نىمىگە ئوخشاپ قالىدىغانلىقىڭىزنى مەن ئوبدان بىلىمەن. جىم ئولتۇرۇڭ ... ھېچ يەرگە بارمايسىز.

شاكىر رازىيەنىڭ قەتئىي يول قويمايدىغان ئەلپازىغا قاراپ مەيۈسلۈك بىلەن جايىغا ئولتۇردى.

— مۇكاپات پۇلىڭىزنى قاچان بىرىدىكەن؟ — دېدى رازىيە.

— ھازىرچە گېپى يوق.

— گۈلنىگاردىن ئالغان ئۆتنە پۇلنى بىرىۋەتسەك بولاتتى ...

ھە راست، شاكىر، بىر گەپنى سىزگە دېمىسەم بولمايدۇ، بارات

مولللام بىر گەپنى دەپتۇ ... مەن ئاڭلاپ قورقۇپ كەتتىم.
رازىيە كۆڭلىنى قۇرتتەك غاجايدىغان گەپنى يەنە يادىغا ئالدى، گۇلپىيەنى ساقايتىش، جىنىنىڭ ئاسارىتىدىن تولۇق قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى بىرسىگە نىكاھلاش زۆرۈر ئىكەن، شۇنداق بولغاندا گۇلپىيەنىڭ ئىچىدىكى جىن كۇنداشلىقى تۇتۇپ بارات موللام بىلەن ئىپلىشقىلى گۇلپىيەنىڭ ئىچىدىن چىقىدىكەن، شۇ چاغدا بارات موللام يولۋاس ياكى شىرنىڭ سۈرىتىگە كىرىپ، جىننى تۇتۇپ، ئۇنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ ھالاك قىلىدىكەن ... گۇلپىيەنى نىكاھلاپ بېرىشكە بولىدىغان ئەڭ مۇۋاپىق ئادەم بارات موللام ئىكەن ... بۇ گەپنى ئۇنىڭغا سىدىق قاراباش دېگەنىدى، رازىيە تۇرۇپلا سىدىق قاراباشنىڭ شۇنداق بىر گەپنى دېگەنلىكىگە، ئۆزىنىڭ شۇنداق بىر گەپنى ئاڭلىغانلىقىغا ئىشىنەلمەي قالدى.
— سىدىق قاراباش بىر گەپنى دېدى ...
رازىيە ئۆزىنىڭ گېپىدىن ئۆزى قورقۇپ كەتتى، خۇددى ناھايىتى يامان بىر خەۋەرنى ئاڭلىغاندەك چىرايى تاتاردى، بېشى قايغاندەك بولۇپ كۆزلىرى نۇرسىزلاندى.
— نېمە دەيدۇ؟ — دېدى شاكىر قېلىن كالپۇكلىرىنى يالاپ قويۇپ، — مەنغۇ ئۇ ئادەمگە تازا ... ئىشىنەلمىدىم.
— ئۇنداق دېسەك بولمايدۇ، كۆڭلىمىزدە شەك بولسا قىلغان دۇئانىڭ كۈچى بولمايدۇ دەيدۇ، موللامنىڭ دېيىشىچە، گۇلپىيەنىڭ ئىچىدىكى جىن چىققىلى ئۇنىماپتۇ، ئۇ بارات موللامنىڭ شىر سۈرەتتە، يولۋاس سۈرەتتە تۇرغىنىدىن قورقۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ، جىننى چىقىرىشنىڭ باشقا بىر ئامالى بار ئىكەن.
— باشقا ئامالى؟
— ھەئە، بۇ ئامال ... سەل بىرقىسما ئىشتەك تۇرىدۇ.
— نېمە گەپ ئىكەن؟
— بارات موللامنىڭ دېيىشىچە، ناۋادا گۇلپىيە بارات

موللامنىڭ نىكاھىغا كىرسە، جىن بۇنىڭغا چىدىماي بارات موللام بىلەن ئىلىشقىلى گۈلپىيەنىڭ ئىچىدىن چىقىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن موللام ئۇ جىننى تۇتۇپلا ئوتتا كۆيدۈرۈپ يوق قىلىدىكەن. گۈلپىيە ساقىيىدىكەن.

شاكىرنىڭ قېلىن كالپۇكلىرى قىيشىيىپ ئاغزى غەلىتە بولۇپ قالدى.

— بۇ ... بۇنداق بولسا ... قانداق بولىدۇ؟ ... گۈلپىيە ئۇنىڭ نىكاھىغا ئۆتسە ...

شاكىر بېشىنى قاشلاپ نېرىدىكى ساپاغا بېرىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

— مېنىڭچە ... — رازىيە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي شاكىرغا تەلمۈردى، — سىز دەڭە، ئەر كىشى بولغاندىكىن.

شاكىر ئېغىر تىنىپ گەپ ـ سۆز قىلماي ئولتۇرۇپ قالدى.

— مېنىڭچە ... — ئۇ بىردەمدىن كېيىن پۇشۇلداپ ئېغىز ئاچتى، — ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ.

— مېنىڭچىمۇ شۇ ... ئىككىمىزنىڭ ئويلىغىنى بىر يەردىن چىقتى ... كىچىككىنە قىز بالىنى ئۇنىڭغا تۇتۇپ بەرسەك قانداق بولىدۇ؟ بىراق، گۈلپىيەنىڭ ئەھۋالى تېخى شۇ ... ئۇ موللامدىن بىردەم ئايرىلسا كېسىلى تۇتىدىغان بولۇپ قالدى، مۇشۇ ئون نەچچە كۈننىڭياقى يۈرىكىم سۇ ...

— كېسىلى يەنە قوزغىلىپ قالسا قانداق قىلارمىز؟

— مېنىڭمۇ بېشىم قاتتى، گۈلپىيە ساق تۇرسا بىر نۆرى، كېسىلى تۇتسا جاھاننى ئۇڭدا ـ دۈمدە قىلىدىغان بولۇپ قالدى ... قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ئالدىدا تېخى سەت.

شاكىر كالپۇكىنى يالاپ چۈشىنىكسىز غودۇڭشىدى:

— پەقەت ئامال بولمىغاندا ...

رازىيەنىڭ يۈرىكى قىسىلىپ ۋۇجۇدى مۇزلاپ كەتتى.

— بۇ گەپنى ھېچكىم ئۇقمىسۇن ... ئىنس ـ جىن بىلىپ قالمىسۇن.

— قايسى ئىشنى؟

— كاللىڭىز نەدە سىزنىڭ ... گۈلپىيەنى نىكاھلاپ بېرىدىغان ئىشنى دەيمەن.

— ئەمما بۇنداق قىلساق بولمايدۇ، — دېدى شاكىر قېلىن كالپۇكلىرىنى يالاپ، كۆزلىرى قانداقتۇر سوغۇق ئىچكى سېزىمدىن يۇمۇلدى.

— مەنمۇ ئۇنداق قىلايلى دېمىدىم، بۇ دېگەن پەقەت ئامال بولمىغاندا قىلىدىغان ئىش ...

ئەر ـ ئايال ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە قاراشقا پېتىنالمىغاندەك يەرگە قارىۋېلىشتى. شاكىر بىلەن رازىيە قويۇق قارا تۇمان ئىچىدە قالغاندەك بىرھالدا يول ئىزدەۋاتقاندا، بالكوندىكى چىرايلىق قەپەستە رەڭدار قۇش بار ئۆيدىكى بىر ئايال دۇمبىسىگە، يوتىسىغا، قولتۇقىغا پەيدا بولۇشقا باشلىغان قورقۇنچلۇق ھۆررەك، جاراھەت ئىزىنىڭ ئاغرىشلىرىغا تەستە بەرداشلىق بېرىپ ھاڭۋېقىپ ئولتۇراتتى.

رازىيە بىلەن شاكىر بۇ شەھەردىكى نۇرغۇن ئىشلارنى ئۇقمايدۇ، ئۇقۇپمۇ بولالمايدۇ، ئۇلار ھەتتا ھەر كۈنلۈكى ئۆزلىرىگە ئەڭ يېقىن تۇرىدىغان ئىشلارنىڭ سەۋەبى ھەم نەتىجىسىنىمۇ ئۇقۇپ بولالماي ئاۋارە. ئۇلار مۇشۇ شەھەردىكى ئون بەش قەۋەتلىك بىنانىڭ بەشىنچى قەۋىتىدىكى ئايالنىڭ دەردىسەرلىرىنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ، ئۇلار يەنە بۇ شەھەردە خېروئىن چەككەنلەرنىڭ، ئەيدىز بىلەن يۇقۇملانغانلارنىڭ، قىمار ئويناپ ۋەيران بولغانلارنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدۇ ھەم شۇنداق ئادەملەرنىڭ بارلىقىغىمۇ ئىشەنمەيدۇ.

بۇ شەھەردە ئەيدىز بار دېسە ئىشەنمەك تەس ئىدى، بۇنىڭغا نۇرغۇن ئادەم ئىشەنمەيدۇ، كوچىلىرىدا بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق بالىلار، قىزلار، بىر ـ بىرىدىن سالاپەتلىك ئادەملەر يۈرۈشكەن، مېھرى ئىسسىق بۇ شەھەردە ئەيدىز بار، دېگەنگە ئىشەنگىلى بولمايتتى. ئەمما بۇ شەھەردە ئەيدىز بار ئىدى. بۇ شەھەردە

ئەيدىز بار دېگەنلىك بۇ شەھەردە ئالۋاستى بارلىقىدىن بېشارەت ئىدى، خەلق چۆچەكلىرىدىكى يەتتە باشلىق يالماۋۇز، يەلمۆڭگۈزلۈك ئالۋاستى دېگەنلەر خۇددى شۇنداق بىرنېمە بولۇشى كېرەك. بۇ شەھەردە ئەيدىز بار دېگەنلىك شەرمەندە ئۆلۈمنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس تور كەبى يېيىلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. خاتىرجەم ھايات، گۈلگۈن دۇنياغا سوزۇلغان قارا قوللارنىڭ دەھشىتى تۇيغۇن يۈرەكلەرنى ۋەھىمىگە سالاتتى.

ئىنسان گۈلگۈن دۇنيادا، گۈلگۈن ھاياتتا ياشاشقا مۇناسىپ ئىدى.

رازىيەنىڭ، شاكىرنىڭ، گۈلپىيەنىڭ روھىغا چاپلاشقان ئەيدىز كەبى جاراھەتلەر بىلەن، خۇددى شۇلارغا ئوخشاشلا مۇشۇ شەھەردە كۈن ئېلىۋاتقان نادىرە، دىلمۇرات، بەشىنچى قەۋەتتىكى ئايال ... بۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا شەپقەتسىزلەرچە يېپىشقان ئەيدىزنىڭ پەرقى قانچىلىك؟ ...

## 62

شەھەر مەركىزىدىكى ئون بەش قەۋەتلىك بىنانىڭ ھەيۋەتلىك تۇرقى كېچە جىمىلىقىدا كىشىگە سىرلىق ھەم ۋەھىمىلىك تۇيغۇ بېرەتتى. بىنادىكى ناھايىتى نۇرغۇن يۈرەكلەردىكى شادلىق ھەم پىغاننىڭ رەڭگىنى ئايرىپ بولغىلى بولمايتتى. بالكوندىكى رەڭدار قۇش قانداقتۇر بىر شەپىگە زەن سېلىۋاتقاندەك جىمىدە ئولتۇراتتى، يىگىندەك ئىنچىكە بارماقلىرى بىلەن چوكا چوڭلۇقىدىكى قونداقنى مەھكەم قارمىۋالغانىدى. رەڭدار قۇشنىڭ ھايات ھەققىدىكى پەلسەپىسىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

تېلېفون جىرىڭلىدى. ئايالنىڭ خامۇش كۆزلىرى سوغۇق چېقىنىدى.

— ۋەي.

— مېنى تونۇدۇڭمۇ؟

— ياق.
— ياق دەيسەنغۇ؟
— تونۇمىغاندىكىن ياق دەيمەن.
— بىر تونۇتۇپ قويسام بولغۇدەكمۇ نېمە؟ كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ، مېنى ئۇبدان تونۇۋال. ۋەيران قىلىۋەتمەي يەنە.
— مەن ۋەيران بولۇپ بولدۇم، سەنمۇ ۋەيران بولۇپ بولدۇڭ.
— نېمە؟ مەنما، مەن ئۇنداق ئاسان ۋەيران بولىدىغانلاردىن ئەمەس، ئاتمىش نەچچە ئادەمنى باشقۇرىدىغان ئادەممەن، بۇنى بىلىپ قوي، سەن ۋەيران بولسەن دېگەنىگىلا ۋەيران بولۇپ كېتەمدىمەن مەن ... تولا گەپ قىلماي پەسكە چۈش، سېنى ساقلايمەن.
— ياق!
— ئاچچىقىمنى كەلتۈرمە، زىيان تارتىپ قالىسەن؟
— قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل!
— مېنى شۇنداق تېز ئۇنتۇپ كەتتىڭما؟
— شۇنداق.
— بەك ۋاپاسىز نەرسە ئىكەنسەن، بىز يەتتە يىل ئارىلاشقان، بۇنى بىلىدىغانسەن؟
— بىلىمەن، مەن يەتتە يىل پوق يېگەن، يەتتە يىل بىر ئىتنىڭ كەينىدىن يۈرگەن.
— نېمە دېدىڭ ... نېمانداق سەت گەپ قىلىدىغان نېمە سەن؟ ... دېدىمغۇ، مۇشۇنداق قىلىۋەرسەڭ مېنىڭ قولۇمدا ۋەيران بولىسەن.
— سەن مېنى ۋەيران قىلىپ بولدۇڭ، پات ئارىدا ھەر ئىككىمىز دوزاخقا بىللە بارىمىز.
ئايال شۇنداق دەپلا تېلېفوننى قويۇۋەتتى.
شەھەر مەركىزىدىكى ئون بەش قەۋەتلىك بىنانىڭ بەشىنچى قەۋىتىدىكى ئۆيدە تاڭ ئاتقۇچە چىراغ ئۆچمىدى.

كۆزى كۆزگە ئوخشىماي قالغان ئايالنىڭ كاللىسىدا سىرىق توپا ـ چاڭلار ئەگىپ يۈرەتتى، رەڭدار قۇشقا تىكىلىپ قالغان ئايالنىڭ خىيالىدا ساجىدە، دىلمۇرات دېگەن ئادەملەرنىڭ سىيماسى لەگلەكتەك قېيىپ يۈرەتتى. ئايال يەتتە يىل سۆرىشىپ يۈرگەن ئەرنىڭ ساجىدە بىلەن ئىچ ـ پەش تارتىشىپ يۈرگەنلىكىنى بىلىدۇ، ساجىدە دىلمۇرات دېگەن تاش سودىگىرىنىڭ ئاشنىسى ... ئۇ يەنە دىلمۇراتنىڭ نادىرە دېگەن قىزنى قولغا ئېلىۋالغانلىقىنى بىلىدۇ ... قورقۇنچلۇق ئالۋاستى ئوت زەنجىرگە ئايلىنىپ بىرمۇنچە ئادەمنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ، چىرماپ، دوزاخقا سۆرەپ مېڭىۋاتىدۇ، شۇ ئادەملەرنىڭ نۇرغۇنلىرى ئۆزىنىڭ ئاللىبۇرۇن جەھەننەمگە قاراپ قەدەم باسقانلىقىنى بىلمەيدۇ.

— ئەجەب چىرايلىق قىز ئىكەن، ئىسىت ... — دېدى ئايال ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ. ئۇ نادىرەنى كۆردى، ئىزدەپ، سوراشتۇرۇپ يۈرۈپ ئۆيىنى تاپتى. ئەمما، كۆرۈشمىدى، نادىرە ئۇنىڭغا كىشىلەر دەپ يۈرىدىغان: «بىر يۇتۇم سۇ بىلەن قوشۇپ يۇتۇۋالغۇدەك» گۈزەل نازىنىن بولۇپ كۆرۈندى. ئەسلى ئۇنىڭغا دەيدىغان گەپلىرى بار ئىدى، ئەمما نادىرەنى سىرتتىن كۆرۈپلا قايتىپ كەلدى، قىز بىلەن سۆزلىشىشكە جۈرئەت قىلالمىدى.

ئايال قولتۇقىدىكى قاتتىق ئاغرىۋاتقان جاراھەتكە قارىدى، جاراھەت يىرگىنچلىك ئىدى. بىر شۇملۇق ئۇنىڭغا تىرنىقىنى پاتۇرۇپ بولغانىدى. بۇنداق كۈنگە قالغۇچە ... ئايالنىڭ زەھەرلىك دورا ئىچىۋالغۇسى، توك سىمىغا ئېسىلغۇسى، ئارغامچىغا ئېسىلىۋالغۇسى ... يەنە بىر قانداق ... بىرمۇنچە پىلانى بار ئىدى، ئۇ تولىراق بەشىنچى قەۋەتتىن پەستىكى تار سېمونت يولغا سەكرەشنى ئويلايتتى.

تېلېفون يەنە جىرىڭلىدى.

— ۋەي.

— قاتتىق ـ قۇرۇق گەپ قىلىپ سالغان بولسام خاپا

بولمىغىن، سەندىن ئۆتۈنەي، بىز يەنە بۇرۇنقىدەك ئۆتەيلى، نېمە دېسەڭ شۇنى قىلاي.

— دېدىمغۇ، دوزاختا كۆرۈشىدىغانغا ئۇزاق قالمىدى دەپ.

— مەن بۇنداق ئادەم قورقۇتىدىغان گەپلەردىن قورقۇپ قالمايمەن، قاچان بولسۇن سېنى قايتىدىن قولۇمغا چۈشۈرىمەن.

ئايال ئۇھ تارتىپ تېلېفوننى قويۇۋەتتى. ئادەم بەزىدە شۇ قەدەر پەسلىشىپ كېتىدۇكى ...

نۇرغۇنلىرىمىز ياشاشنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتقاندەك قىلاتتۇق. سەردار بىلەن ئەخمەت مۇشۇ خىل ئۇنتۇپ قېلىشنىڭ بالايى ـ قازاسىنى چۈشىنىپ يەتسە كېرەك. ئۇلارنىڭ تالاش ـ تارتىشلىرى ئارىسىدا مۇشۇ مەۋقەگە مۇۋاپىق مۇنازىرىلەر بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار نۇرغۇن نەرسىنى چۈشىنىدۇ، چۈشەندۇرىدۇ، ئەمما بىرنەرسە ئېنىق، چۈشىنىپ يەتتى دېگەنلىك رىئايە قىلىدۇ دېگەندىن ياكى ھەممىنى چۈشەنگىنى بويىچە قىلىدۇ، دېگەندىن دېرەك بېرىشى ناتايىن.

بىلىپ تۇرۇپ خاتاغا يول قويۇش ياكى خاتا قىلىۋېرىش ھەممىمىزگە چاپلاشقان مەرەزدەك بىرنەرسە.

## 63

گۈلپىيە بارات موللامغا نىكاھى ئوقۇلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالدى. ۋاقىت بۇرۇنقىدەك ئەمەس، ۋاقىتنىڭ قەدەملىرى بۇرۇنقىدەك ئەمەس، بىردە ناھايىتى تېز ئۆتۈۋاتقاندەك، بىردە بەكلا ئاستا ئۆتۈۋاتقاندەك بىلىنىدۇ، كۆچلۈك ئىچكى ھاياجان ھەم قورقۇنچ ئارىلىشىپ كەتكەن قىزىقىش گۈلپىيەنىڭ ۋۇجۇدىنى، روھىنى تەشنالىق ئىچىدە قىيناپ باراتتى. گۈلپىيە نېمىگىدۇر بىرنەرسىگە تەلپۈنەتتى، تەلمۈرەتتى، تەلمۈرگەن نەرسىدىن قورقاتتى، ئۈمىدسىزلىك بىلەن تەشنالىق جېنىغا قىيناق سالاتتى.

ئۇ ئىنكاھىنىڭ سىرلىق نەپەسلىرىنى قىياس قىلىۋېتىپ ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلەپ قالدى. گۈلپىيە پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتتىم، دېگەن ئەسلىمىلەر بۇرۇنقىدىنمۇ روشەنلىشىپ كەتكەندەك قىلاتتى.

ئەنۋەر ئۇنىڭ بارلىق ئۈمىدىنى ۋەيران قىلىۋەتكەنىدى.

ئۇ كىم بىرسىدىن ئۆچ ئالماقچىدەكمۇ قىلاتتى.

كىمدىن؟

ئۆزىدىن، دادىسىدىن، ئانىسىدىن، ئەنۋەردىن ... گۈلباھار سىرىقتىن ... يەنە نۇرغۇن ئادەملەردىن. نادىرە ئۇنىڭغا ئۆچ ئېلىشنىڭ گېپىنى قىلغاندا ئۇ ئۆزاقتىن بىرى ئىزدەپ تېپىپ بولالمىغان بىر نەرسىنى تاپقاندەك، كۆرگەندەك، ھىدىنى پۇرىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغانىدى.

نادىرەمۇ ئۆچ ئالماقچى.

— مەن ئۆچ ئالىمەن.

ئالدىنقى قېتىم كۆرۈشكەندە نادىرە شۇنداق دېدى، نادىرەنىڭ يېقىملىق ئاۋازىدا شۇرىغاننىڭ سوغۇقى بار ئىدى.

— ئۆچ ئالىمەن؟ — گۈلپىيە ھەيران بولۇپ نادىرەگە تىكىلىپ قاراپلا قالدى.

— ھەئە، ئۆچ ئالىمەن، ئۆچ ئالسا ئادەم نۇرغۇن نەرسىدىن ئازاد بولىدۇ.

گۈلپىيە نادىرەنىڭ گېپىنى پەقەتلا چۈشىنەلمىدى، گۈلپىيە ئۆز ھالى بىلەن قالغان، بولۇۋاتقان ئىشلار غەلىتە ئىدى، ئىشەنگىلى بولمايتتى، ئەمما غەلىتە بولسىمۇ، ئىشەنگىلى بولمىسىمۇ ئىشلار يەنە بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى چىقىۋاتاتتى، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە نېمە ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

گۈلپىيە يۈرىكىدىكى ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان ئۆچ ئېلىش ئىستىكىنى نادىرەگە دەپ بەرمەكچى بولۇپ يەنە دېيەلمىدى. نادىرە بىلەن كۆرۈشەلمىدى.

نادىرە سىرلىق شىۋىرلاپ:
— گۈلپىيە، مېنىڭ پەقەت ئۆلگۈم يوق، — دېدى.
گۈلپىيە ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمىدى، ئالدىنقى قېتىم دېگەن ئۈچ ئېلىش ھەققىدىكى گېپىنىمۇ چۈشىنەلمىگەنىدى. ئۆلگۈسى كەلمەسلىك بىلەن ئۈچ ئېلىشنىڭ نېمىلىكىنى گۈلپىيە ئاڭقىرىپ كەتمەيتتى، ئەمما بۇلارنى ئۆزىگە بەكلا يېقىندەك ھېس قىلدى، ئۈچ ئالسا روھىدىكى نۇرغۇن قارا رەڭلىك پاسكىنا نەرسىلەر كۆيۈپ تۈگەيدىغاندەك ئويلاپ قالدى. نادىرەنىڭ كۆز چاناقلىرى لىققىدە ياشقا تولغانىدى.
— مۇرات چوقۇم ساقىيىدۇ، — دېدى گۈلپىيە نادىرەنىڭ ياش يۇقى كۆزىگە قاراپ.
— خۇدايىم دېگىنىڭدەك بولار.
ئىككىيلەننىڭ بىر - بىرىگە دېگۈسى كەلگەن، ئەمما دېيىشكە پېتىنالمايدىغان قورقۇنچلۇق ھەم سىرلىق گەپلىرى باردەك قىلاتتى، بىراق ھەر ئىككىسى بىر - بىرىگە دېيىشكە جۈرئەت قىلىشالمىدى.
گۈلپىيەنىڭ خىياللىرى ھە دېسە ئەنۋەر تەرەپكە ئېغىپ كېتەتتى.
گۈلپىيەنىڭ چۈشلىرى ئىچىدە ئەنۋەرنىڭ ئىزلىرى پارقىراپ تۇراتتى، گۈلپىيەنىڭ خىياللىرى ئىچىدە ئەنۋەرنىڭ كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى، گۈلپىيەنىڭ شېرىن تەلپۈنۈشلىرى ئىچىدە ئەنۋەرنىڭ قۇچاقلىرى كەڭ يېيىلىپ تۇراتتى.
گۈلپىيە گۆگۈمدىن كېيىنكى قاراڭغۇلۇق ئورمانىنى باغرىغا ئېلىۋاتقان دەمدىكى ۋاقىتنى، شۇ ۋاقىتتىكى ئەنۋەرنى، شۇ ۋاقىتتىكى تەلپۈنۈشنى پات - پات ئەسلەپ قالىدۇ. شۇ كۈنى ئۇ ئەنۋەرنى ساقلىدى، پەقەت كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، دېگەن ئاجىز ئۈمىد بىلەن ساقلىدى، بەزىدە ئاجايىپ ئىشلار بولىدۇ، تاسادىپىيلىقلار بولىدۇ، كۈتكەن ئىشلار بولىدۇ، ئارزۇ رويابقا

www.uyghurkitap.com

چىقمدۇ، كىشىنىڭ يۈرىكىگە مەلھەم بولىدىغان گۈزەل ئىشلار كۆز ئالدىڭىزدا پەيدا بولىدۇ. ئەنۋەر ئاخىر كەلدى.

— كەلمەمدىكى دەپتىمەن سىنى.

— ئەسلى كەلمەي دىگەن، يەنە كەلدىم.

ئەنۋەرنىڭ ئاۋازىدا قاراڭغۇ ئورماندىكى قىرى سۆگەتنىڭ سارغۇچ يوپۇرماقلىرىغا ئوخشايدىغان غېرىبلىق بار ئىدى.

گۈلپىيە نىمە دىيىشىنى بىلەلمەي قالدى، نىمىلا دىسە ئەنۋەرنى رەنجىتىپ قويىدىغاندەك كۆڭلى تەمتىرەپ تۇراتتى.

— بىز بۈگۈن كۆرۈشىدىغانلىغا دىيىشمىگەنىدۇق، — دىدى ئەنۋەر.

— شۇنداق، — دىدى گۈلپىيە ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغاندەك بىئارام بولۇپ.

— شۇنداق تۇرۇپ يەنە نىمىشقا چىقتىڭ؟

— سىنى چىقىپ قالارمىكى دەپ ...

ئارىنى سۈكۈت باستى. ئارىنى قىش كۈنىدىكى سۆگەت سايىسىغا ئوخشايدىغان يىقىمسىز جىملىق باستى.

— سەن ... كەلگىنىڭ ياخشى بولدى، — دىدى گۈلپىيە.

— مەن ئەسلى كەلمەيتتىم، بۈگۈن باشقا ئىشىم بار ئىدى.

— نىمە ئىش؟

— باللار بىلەن بىر يەرگە بارىدىغان بولغان، بىراق ئارىمىزدا بىرسى كېلەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بارمايدىغان بولدۇق، ئايلىنىپ كېلەي دەپ بۇ يەرگە كەلدىم.

گۈلپىيەنىڭ كۆڭلىگە شۇۋۇلداپ كىرگەن سوغۇق شامال قۇيۇندەك پىرقىرىدى.

— گۈلباھارنىڭ ئىشى چىقىپ قاپتۇمۇ؟

— ياقەي، — دىدى ئەنۋەر خۇشياقمىغاندەك.

«ئۆلەرسەن سىرىق ئاسلان» دىدى گۈلپىيە بىر تۈرلۈك ئاچچىق ئەلەمنىڭ تەسىرىدىن تۇمانلانغان خىياللىرى ئارىسىدا ئۆزىگە سوغۇق ھىجىيىپ قاراپ تۇرغان گۈلباھارغا قاراپ.

— ھەممىسى مۇرات دېگەن بىر نېمىنىڭ ئىشى ... — دېدى ئەنۋەر خۇددى ئۆزىگە سۆزلىگەندەك بىر ھالدا.

— مۇرات ... ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟

— مۇرات بارمايدىغان بوپتىكەن، گۈلباھارمۇ بارمايدىغان بولۇۋالدى، ئىككىسىنىڭ بىر ئىشى بار.

— بۇ مۇمكىن ئەمەس، مۇرات نادىرەگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى قىلمايدۇ.

— سەن خەقنىڭ ھەممىڭگە مۇراتنىڭ جىنى چاپلاشتىمۇ نېمە؟ — دېدى ئەنۋەر ئاچچىقى بىلەن، — نادىرە بىلەن گۈلباھارمۇ شۇنىڭ كەينىدە، ئەمدى سەنمۇ ئۇنىڭ يېنىنى ئېلىۋاتىسەنغۇ؟

— مەن ... ئويلىمايلا دەپ سالپتىمەن، خاپا بولمىغىن.

گۈلپىيە ئەنۋەرنىڭ قولىنى تۇتتى، ئەنۋەرنىڭ قوللىرى قاتتىق ھەم يوغان ئىدى، گۈلپىيەنىڭ ئەنۋەرنىڭ كەڭ مەيدىسىگە يۈزىنى ياققۇسى، ئۇنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتكۈسى كەلدى، بىراق ئەنۋەر شۇ ھالدا سوغۇق تامدەك بىر ھالدا قاراپ تۇراتتى.

— كېتەيلىمۇ؟ — دېدى ئەنۋەر بوغۇق ئاۋازدا. ئۇنىڭ بەكلا كۆڭلى يېرىمدەك قىلاتتى.

— تېخى ھازىر كەلدىڭغۇ.

— شۇنداقتىمۇ قايتايلى.

ئەنۋەرنىڭ كۆز ئالدىغا گۈلباھار كېلىۋالسا كېرەك، ئۇ بەلكىم چىرايلىق ياسىنىپ يۈرىدىغان گۈلباھارنىڭ بويىدىن كېلىدىغان ئەتىرنىڭ ھىدىنى ئەسلەۋاتقاندۇ ... ئەنۋەرنىڭ تىنىقلىرى جىددىيلىشىپ كەتتى، گۈلباھارنىڭ خۇمارلاشقان نازلىق كۆزلىرى ئەنۋەرگە تىكىلگەندى. ئەنۋەر گۈلپىيەنىڭ قولىنى مەھكەم سىقتى، گۈلپىيە خۇشاللىق ھەم ھاياجان بىلەن ئەنۋەرگە يۆلەندى ... شۇ چاغدا ئەنۋەر دەقىقە ئىچىدىكى خىيالىي تۇيغۇسى ئىچىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقتى. قاراڭغۇ ئورمانىنىڭ

www.uyghurkitap.com

تەگسىز جىملىقى ئىچىدە ئىككى يۈرەكنىڭ ئىككى خىل دۈپۈلدەشلىرى سىرلىق تەرزدە زېمىنىنىڭ باغرىغا كىرىپ كېتىۋاتاتتى.

— بايا نەگە بارماقچىدىڭلار؟

— دەريا بويىنى ئايلىنىپ كېلەيلى دېيىشكەن.

— كىم - كىملەر بارماقچىدىڭلار؟

— ساۋاقداشلاردىن بىرنەچچىمىز.

ئەنۋەر شۇ ھالدا گۈلپىيەنى گۈلباھار دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ بولالماي قىينىلىپ كېتىۋاتاتتى.

ئەنۋەر ھە دېگەندە گۈلباھار بىلەن دېيىشكەن گەپلەرنى ئەسلەپ قالاتتى.

— كەچتە سېنى ساقلايمەن، — دېدى ئەنۋەر گۈلباھارغا تەمە بىلەن قاراپ.

— مۇراتمۇ بارامدۇ؟ — دېدى گۈلباھار. ئۇ بەكمۇ چىرايلىق ياسىنىۋالغانىدى.

— ئۇ بارمايدۇ، — دېدى ئەنۋەر غۇززىدە بولۇپ.

— مۇرات نېمىشقا بارمايدۇ؟

— نادىرە بىلەن بىر يەرگە باردۇ ئۇ.

ئەنۋەر گۈلباھارنىڭ سۈزۈك چىرايىنىڭ تاتىرىپ كەتكەنلىكىگە دىققەت قىلمىدى. گۈلباھارنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىگە ئۈمىدسىزلىك ياماشتى.

— كەچتە چىققىن، ئايلىنىپ كېلەيلى، — دېدى ئەنۋەر يەنە بىر قېتىم.

— مەن چىقالمايمەن، — گۈلباھارنىڭ مەيۈس كۆزلىرىدىن ئۈمىدسىزلىك چىقىپ تۇراتتى.

— ئۇنداق قىلماي چىققىن، — ئەنۋەر گۈلباھارنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ شۇنداق دېدى.

— دېدىمغۇ، چىقالمايمەن، ئۆيدە ئىشىم بار.

— ئۆيدە نېمە ئىشىڭ بار؟

— دەپ بولالمايمەن، ئۆيدە ئىش دېگەن جىق.
— ئىشقىلىپ مەن سىنى ساقلايمەن، چىقمىساڭمۇ مەيلى، تاڭ ئاتقۇچە ساقلايمەن.
— ئىختىيارىڭ، ئەمما مەن چىقالمايمەن.
ئەنۋەر دېيىشكەن يەردە گۈلباھارنى ساق ئىككى سائەت ساقلىدى، ئۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە گۈلپىيەنىڭ چوقۇم ئۆزىنى ساقلايدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ھالدا بۇ يەرگە كەلگەنىدى.
— گۈلپىيە، سەن بەك ئۇبدان، — دېدى ئەنۋەر. ئەنۋەرنىڭ ئاۋازى سوغۇق، قۇرغاق، يەنە غەزەپ ھەم ئەلەمنىڭ تىترەشلىرىمۇ باردەك ئىدى.
گۈلپىيە چۆچۈپ كەتتى، ئەنۋەرنىڭ يوغان ھەم قاتتىق قوللىرى ئۇنىڭ بىلىكىنى قامالاپ تۇتقاندا گۈلپىيە قاراڭغۇ ئورماننىڭ تۇماندەك لەيلەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى.
— ئۇنداق قىلما ... مەن قورقىمەن ...
گۈلپىيەنىڭ ئىڭراشلىرى ئەنۋەرگە گۈلباھارنىڭ ئاۋازىدەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئەنۋەر كۈچلۈك مەستخۇشلۇق ئىچىدە گۈلپىيەنى سۆيدى، سۆيۈشلىرى شۇ قەدەر قىزغىن ھەم قورقۇنچلۇق ئىدى. شۇ كېچە قاراڭغۇ ئورمان مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدىغان چۈشلەرنى كۆرۈپ چىقتى.
...
گۈلپىيە بىزار بولغان ئۆتمۈش خاتىرىلىرى ئۇنىڭ ئەس ـ يادىنى قۇم تورزۇندىسى بىلەن توشتۇرۇپ باراتتى. ئۇ نىگاھ ئوقۇلۇۋاتقان دەمدە يەنە شۇ كۈنلەرنى ئويلايدۇ.
ھەركىمنىڭ كۈنلىرى ئۆزىگە چىرايلىق، ئۆزىگە دەردلىك، ھەركىمنىڭ ئارزۇسى ئۆزىگە شېرىن، ھەركىمنىڭ نادامىتى ئۆزىگە ئاچچىق. گۈلپىيە بۈگۈن بىلەن ئۆتمۈشنىڭ ئارىسىدا تېڭىرقاپ يۈرگەن دەملەردە، شەھەرنىڭ كۆزلىرىنى ئالا چەكمەن قىلىدىغان سۈلكەتلىك ئايال گۈلنىگار گاڭگىراش ھەم قورقۇنچ ئىچىدە تەمتىرەپ يۈرەتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ يامان يولغا كىرىپ

قىلمىۋاتقانلىقىدىن ۋايىم يەيتتى، قانداقتۇر يامان ئىشلارنىڭ باشلانغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بۇ ئىشلاردىن نېرى بولالمايۋاتقانلىقىنى سەزگىنىدە ئۆزىنى تونۇيالماي قالاتتى، ئۆزىنى كەچۈرەلمەي رەللە بولاتتى، بىز نۇرغۇن خاتا ئىشلارنى بىلمەي قىلىپ سالىمىز، يەنە نۇرغۇن خاتا ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇپ قىلىپ سالىمىز، قانچىلىك گۇناھ ئۆتكۈزمەيلى، قانچىلىك ياخشى، يامان ئىشلارنى قىلمايلى، ئاخىرقى پەللىگە سىلجىيمىز، بىزنىڭ ئەڭ قاملاشمىغان تەتۈر پىشانىلىكىمىز ئاخىرقى پەللىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىكىمىز بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، مەيلى قايسى ھالدا بولايلى، ھاياتىمىز قانچىلىك ئاددىي ياكى مۇرەككەپ بولسۇن، ياشاشنىڭ مەڭگۈلۈك چاقىرىقى يۈرىكىمىزگە كۈچ بېرىپ تۇرىدۇ.

## 64

سەردار قايتىپ كەلگەندە گۈلنىگار تېلېفونغا قارىغىنىچە ساپادا ئولتۇراتتى. ئەتىگەندىن كەچكىچە تېلېفوندىن كۆزىنى ئۈزمەيدىغان ئاياللارنى ئەيىبلەپ يۈرىدىغان گۈلنىگارمۇ ئۆزى يامان كۆرىدىغان ئىشقا مەلىكە بولۇپ قالغانىدى.

تېلېفونغا بېرىلىپ كەتكەن گۈلنىگار سەردارنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئوڭايسىزلىنىپ قالدى. ئۈندىدارنىڭ قۇلاقلارغا ياد بولۇپ كەتكەن سىگنالى ھېلىدىن ـ ھېلىغا سايراپ تۇراتتى.

ــ شۇ نەرسىنى سىزمۇ باشلىدىڭىزمۇ؟

گۈلنىگار قولايسىز رەۋىشتە كۈلۈمسىرىدى.

ــ ئەمدى ... مەنغۇ بىلمەيتتىم، ئىشخانىدىكىلەر مېنى قوشۇۋاپتىكەن ... شۇنىڭ بىلەن ...

ــ سىزنى ئىشخانىدىكىلەر باشقۇرامدۇ يا ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز باشقۇرامسىز؟

— ياقەي، ئەمدى مەنغۇ ...
— بۇ نەرسە سىزگە تازا يارىشىپ كەتمەسمىكى.
سەردارنىڭ ئاۋازىدىكى سوغۇقلۇق گۈلنىگارغا ئاچچىق تەسىر بەردى.
— بۇنىڭ ... ياراشمايدىغان نېمىسى بار؟
— بۇ دېگەن قىلغىلى ئىش تاپالمىغان ئادەملەرنىڭ ئىشى، سىز ئۇنداق بىتايىن ئىشلارغا ۋاقىت زايە قىلىپ يۈرمەڭ، — دېدى سەردار قېلىن بىر تېببىي كىتابنى قولىغا ئېلىۋېتىپ.
گۈلنىگار سەردارغا قاراپ قالدى، سەردار قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە، ئالدىدىكى كىتابقا تىكىلگىنىچە ئولتۇراتتى.
«سىز كىتاب بىلەن، تالادىكى تاماشىڭىز بىلەن، مەن ئۈندىدار، تېلېفون بىلەن ...»گۈلنىگار خىيالىنىڭ ئاخىرىنى قىلىشقا پېتىنالمىدى. گۈلنىگار ھۇجرىسىغا كىرىپ كارىۋاتتا ياتقىنىچە يەنە تېلېفونغا بەند بولۇپ كەتتى، تۈرلۈك ئۈچۈرلار، تۈرلۈك قىزىقارلىق ئىشلار، كىم بىرلىرىنىڭ ھەسرەتلىك نادامەتلىرى، يەنە بىرلىرىنىڭ كۆلكىسى، شادلىقلىرى، ئارمانلىرى ... ئۈندىدار خۇددى كۆڭۈل خامىنىغا ئوخشاپ قالغان، ھەممە ئادەمنىڭ ئويلىغىنى، ئارزۇ قىلغىنى، غەزەپ - نەپرىتى مۇشۇ نەرسىنىڭ كۆچى بىلەن بىر يەرگە دۆۋىلىنىپ قالدۇ، بۇ نەرسە خۇددى يۈرەكنى كۆرگىلى بولىدىغان دېرىزىدەك كىشىنى چەكسىز جەلپ قىلىپ تۇراتتى. ھەممىيلەن ئۆز يۈرىكىنى باشقىلارغا كۆرسىتىپ بولالماي، ئويلىغانلىرىنى، ئىدىيەسىنى، كۆز قاراشلىرىنى جاھانغا يېيىپ بولالماي ئاۋارە بولۇۋاتقاندەك ئىدى.
«سىزنى سېغىندىم.»
گۈلنىگار چۆچۈپ كەتتى، ئۇچۇر «مەرەز» دېگەن نامدىكى كىشىدىن كەلگەنىدى. ئۇنىڭ تېنى شۈركۈنگەندەك بولۇپ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن مېھمانخانا ئۆيگە قارىدى، سەردار بايىقى ئورنىدا ئولتۇرۇپ كىتابقا چۆكۈپ

كەتكەندى.

گۈلنىگار دىلمۇراتقا بىر تال گۈلنىڭ سۈرىتىنى يوللاپ قويدى، ئۇ نېمىشقا مۇشۇ ئىشنى قىلىۋاتقانلىقىنى تازا بىلىپ كەتمەيدىغاندەك قىلاتتى. قىلىۋاتقانلىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى سېزىپ تۇراتتى، دىلمۇراتتىن ئۇچۇر، تېلېفون كەلمىسە، ئۆزىنى تىڭشاپ قالىدىغان بولۇپ قالغانلىقىدىن قورقۇپمۇ قالاتتى، «تېلېفون ئالماي، ئۇچۇر يازماي ...» گۈلنىگار مۇشۇ گەپنى ئۆزىگە نۇرغۇن قېتىم دېدى، ئۆزىنى تىللاپ باقتى، ئەيىبلىدى، ھەتتا تېلېفوننى يەرگە ئېتىپ دەسسىۋەتكۈسى كەلگەن چاغلارمۇ بولدى، ئەمما يەنە ... دىلمۇراتتىن ئۇچۇر كەلمىسە، تېلېفون كەلمىسە كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى نائۈمىد بولۇپ قالاتتى.

گۈلنىگارنىڭ تېلېفونى گىزىلداپ دىلمۇرات ئەۋەتكەن يورەكنىڭ سۈرىتى بىلەن چىرايلىق لەۋنىڭ سۈرىتى كەلدى. ئارقىدىنلا «سىزنى سېغىندىم، كۆرۈشسەك بولاتتى» دېگەن ئۇچۇر كەلدى.

«نېمىشقا كۆرۈشىمىز؟» گۈلنىگار شۇنداق يازدى.

«سېغىندىم ... سەۋەب مۇشۇ».

«مېنى سېغىنسىڭىز بولمايدۇ».

«سېغىنىش ئىلاھىي نەرسە، ئۇنى چەكلىگىلى، توسۇۋالغىلى بولمايدۇ». «مەن بۇنداق گەپلەرنى چۈشەنمەيمەن».

«مەن سىزگە چوقۇم چۈشەندۈرۈپ قويىمەن»

...

سەردار قېلىن كىتابىنىكى بىرنەرسىلەرنى خاتىرە دەپتىرىگە كۆچۈرۈپ يېزىۋاتقاندا، چىرايلىق ياسانغان گۈلنىگار ھۇجرىسىدىن چىقىپ كەلدى.

— سەردار، مېنىڭ سىرتقا چىقىدىغان ئىشىم چىقىپ قالدى.

— ھە، بىلدىم.

— كەچ قالىدىغاندەك قىلىمەن.

— كەچ قالىدىغاندەك؟ نەگە بارىسىز؟ — سەردار بېشىنى كۆتۈرمەيلا شۇنداق سورىدى.
— رازىيەنىڭكىگە ماڭدىم.
— بوپتۇ.
گۈلنىگار بەكلا مەيۇسلىنىپ كەتتى. سەردارنىڭ كىتابتىن باش كۆتۈرمەيلا دېگەن گەپلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى بەكمۇ بىئارام قىلىۋەتتى. ئىسىت ... مەن مۇشۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ئاخىر نېمىگە ئوخشاپ قالارمەن؟ قانداق ئايال بولۇپ قالارمەن؟
— ئەمىسە مەن ماڭدىم.
— ھە.
گۈلنىگار يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدى. مېنى بىرسى قوغدىسا بولاتتى، مېنى قوغدىسىڭىز بولاتتى، سەردار، مەن شۇ ھالدا سىزنى، مېنى نومۇسقا قالدۇرىدىغان، غۇرۇر ـ ئىمانىمىزنى يەرگە ئۇرىدىغان يەرگە، نومۇسسىزلىق پاتقىقىغا قەدەم بېسىۋاتىمەن، مېنى بارغىلى قويمىسىڭىز، ئۆيدىن چىقارمىسىڭىز بولاتتى ... سىزنىڭ خىيالىڭىز باشقا يەردە، مەن بىلىمەن، سىز مېنى تاشلىۋەتتىڭىز، كۆڭلىڭىزدە مەن يوق، مەن ھەممىنى بىلىمەن، مېنىڭ سىزدىن ئۆچ ئېلىش نىيىتىم يوق ... ئەمما بارا ـ بارا بىر پۈتۈم تالاغا مېڭىۋاتىدۇ.
گۈلنىگار پەلەمپەيدىن چۈشۈۋېتىپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى، پەلەمپەيدىكى چىراغنىڭ سارغۇچ نۇرى پەلەمپەي باسقۇچلىرىنى سىرلىق يورۇتۇپ تۇراتتى، گۈلنىگارنىڭ ھەيۋەتلىك قارا سايىسى تامغا چۈشۈپ قارا دېۋىدەك لوڭۇلدايتتى.
گۈلنىگار تېلېفوننى قولىغا ئېلىپ: «شەرمەندە، ئىپلاس» دېگەن خەتنى يېزىپ يوللىۋەتتى، ئاندىن كۆڭلى سەل ئەمىن تاپقاندەك بولۇپ قالدى. پەلەمپەينىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا قەدەم بېسىۋېتىپ كۆڭلى شۇنداق يېرىم بولۇپ كەتتى، ئۇ قەتئىي قىلىشقا بولمايدىغان ئىشنى قىلىۋاتاتتى، مېڭىشقا بولمايدىغان يولدا مېڭىۋاتاتتى، گۈلنىگار بايىقى ئۇچۇرنى يوللىغىنىدىن

ئۆزىنى شۇ قەدەر بىچارە ھېس قىلىپ قالدى، مۇشۇ ھالدا ئۇدۇل چولپاننىڭ يېنىغا بېرىپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ، دەسسەپ، چەيلىگۈسى كېلىپ كەتتى، گۈلنىگار ھازىر ئەڭ لەنەتلىك يولغا مېڭىۋاتىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبكارى يەنىلا ئاشۇ چولپان ... ئۇنى بوغۇپ بوغۇۋەتسە ... گۈلنىگارنىڭ بۇنداق خىيالى بۇرۇنمۇ كۆپ بولغان، ئۇ ناۋادا شۇنداق قىلىپ قالسا سەرداردىن تامامەن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىنى بىلىدۇ، شان - شەرەپنى ھەممىدىن ئۈستۈن كۆرىدىغان سەردار ئۆز ئايالىنىڭ ئاللىكىملەر بىلەن، كىشىنىڭ يۈزىنى يەر قىلىدىغان سەۋەبلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ يۈرۈشلىرىنى قوبۇل قىلالمايدۇ.

گۈلنىگار شۇ دەمدە ھاقارەتلىك ئۇچۇرنى تاپشۇرۇۋالغان چولپاننىڭ مەيۈس كۈلۈمسىرەپ قويغىنىنى، دىلىنى ھەرقاچان قىسىپ تۇرىدىغان قەرزدارلىق تۇيغۇسىنىڭ سۇسلاشقانلىقىنى بىلمەيدۇ.

— ئاخىر كەلدىڭىز، — دېدى دىلمۇرات ئىسسىق ھاياجان لىقىدە تولۇپ تۇرغان تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن، — مەن ئۈمىدسىزلىنىپ تۇرغانىدىم.

گۈلنىگار ھېچنېمە دېمىدى، ياتاقنىڭ زىنىنەت قەغىزى چاپلانغان تاملىرىدىن نۇرغۇن چىۋىنلەر ئۇچۇپ چىقىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ شۇ ھالدا ئۆز - ئۆزىدىن قورقۇۋاتاتتى. ئۆزىنى تونۇيالمايدىغان، ئۆزگە ئوخشىمايدىغان كۈنلىرىنىڭ پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغانلىقى ياكى باشلانغانلىقىنى سوغۇق ھەم سۈزۈك تۇيغۇلىرى بىلەن ھېس قىلىۋاتاتتى.

— سىزگە بىر گەپنى دېگىلى كەلدىم.

— خوش، نېمە گەپنى دېمەكچىدىڭىز، گۈلۈم؟

— نېمە؟

گۈلنىگارنىڭ ئاۋازى بەكلا سوغۇق ھەم تەنە - تەئەددىلىك چىقىپ كەتتى. چوڭ دېرىزىنىڭ قېلىن پەردىلىرى كۆڭۈلگە ۋەھىمە سالىدىغاندەك تەرزدە ئېغىر بولۇپ ئېسىلىپ تۇراتتى.

دىلمۇرات چۆچۈگەندەك بولۇپ گۈلنىگارغا تىكىلىپ قالدى، كارىۋاتنىڭ لېۋىدە ئولتۇرغان گۈلنىگار دىلمۇراتقا تۇيغۇسىز نەزەردە قاراپ تۇراتتى.

— نېمە بولدىڭىز، گۈلنىگار؟

— ھېلى نېمە دېدىڭىز؟

— گۈ ... گۈلۈم دېدىم.

— بۇنداق گەپنى دېگۈچى بولماڭ.

ئۇستەل چىرىغىنىڭ ئالتۇن رەڭ قاپقىقى گۈلنىگارغا كۆلۈپ قاراۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ قالدى. گۈلنىگار ھەممە نەرسىدىن گۇمان قىلىدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى، بىلىپ تۇرۇپ يامان يولغا كىرىپ قالغان ئادەمنىڭ گۇمانخورلۇقى ئېشىپ كەتسە كېرەك.

— نېمىشقا دېمەيمەن؟

— بۇنداق دېسىڭىز بولمايدۇ.

— ئەمما مېنىڭ شۇنداق دېگۈم كېلىدىكەن.

— دېگۈڭىز كەلسىمۇ دېمەڭ.

— نېمىشقا دېمەيدىغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى دەپ بېرىڭ.

دىلمۇراتنىڭ غېرىبلىق تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان كۆزلىرى گۈلنىگارنىڭ ۋۇجۇدىدىن، ئۇنىڭ مۇھەببەتلىك تەبەسسۇمىدىن تەسەللى ئىزدەپ يۈرەتتى. دىلمۇرات گۈلنىگارنىڭ ۋۇجۇدىدىن چولپاننىڭ ئىزنالىرىنى ئىزدەشتۈرۈپ يۈرۈۋاتاتتى، دىلمۇرات زۆھرەنىڭ، نادىرەنىڭ، ساجىدەنىڭ ... ئۆز ئەتراپىدىكى ئاياللارنىڭ ۋۇجۇدىدىن، تەبەسسۇمىدىن، سۆيۈشلىرىدىن، ئىللىق قۇچاقلىرىدىن، ئاۋازىدىن، كۆز نۇرلىرىدىن چولپاننىڭ تىنىقىنى، ھىدىنى، سۆيگۈسىنى، باھاردەك ئاۋازىنى ئىزدەيتتى. بۇنداق بىچارە ھەم بىقۇۋۇل ئارمىنىنى دىلمۇرات ئۆزىمۇ چۈشەنمىسە كېرەك، ناۋادا ئۆزىنىڭ مۇشۇ ھالىنى بىركىم ئۆزىگە چۈشەندۈرۈپ قويسىمۇ ھەيران قېلىشى ياكى ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن. دىلمۇرات نادىرەنىڭ نازۇكلۇقىدىن، گۈلنىگارنىڭ سۈلكىتىدىن، زۆھرەنىڭ رايىشلىقىدىن،

ساجىدەنىڭ قىزغىن ئىشقتا تولغان تەلۋىلەرچە سۆيۈشلىرىدىن چولپاننىڭ ئىزناسىنى ئىزدەيدۇ.

دىلمۇرات گۈلنىگارنىڭ سىرلىق نۇر پارلاپ تۇرغان كۆزىگە قارىدى.

— سىزنى گۈلۈم دېسەم نېمىشقا بولمايدۇ؟

— ئىشقىلىپ مەن يامان كۆرىمەن، — دېدى گۈلنىگار. گۈلنىگارنىڭ ئۆيىدا بۇ گەپنى سەردار دېسە بولاتتى، پەقەت سەردارنىڭلا مۇشۇنداق دېيىش سالاھىيىتى ھەم ھوقۇقى بار ئىدى، بىراق سەردار ئۇنى گۈلۈم دېيىشنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، گۈلۈم دېيىشنى خالىمايدىغاندەك ئىدى.

— بولىدۇ، دېمىسەم دېمەي، گۈلۈم.

— دېمەڭ دېدىمغۇ.

— ماقۇل، گۈلۈم.

گۈلنىگار ئۇھ تارتىپ قويدى، ئىككىيلەن بىردەمگىچە جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى. دىلمۇرات ئورنىدىن تۇرۇپ كىچىك ئۈستەلدىكى مالايسىيانىڭ سوغۇق ئىچىملىكىدىن بىرىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ گۈلنىگارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

— بايا بىر گەپنى دېگىلى كەلدىم، دەۋاتاتتىڭىز، نېمە گەپنى دېمەكچىدىڭىز؟

گۈلنىگار قولىدىكى ئىچىملىك قۇتىسىنى نېرىدىكى ئۈستەلگە قويۇپ قويدى.

— بىز بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق كۆرۈشۈپ يۈرمەيلى ... بۇ ئاخىرقىسى بولۇپ قالسۇن، مەن ئۆزۈمدىن نومۇس قىلىۋاتىمەن.

— نومۇس قىلىۋاتىمەن، بۇ قانداق گەپ ئەمدى؟

— بۇنىمۇ بىلمەمسىز، مەن ئېرى بار، باللىرى بار ئايال، بىراق سىز بىلەن كۆرۈشۈپ يۈرىمەن، مانا بۇنىڭ ئۆزىلا نومۇس قىلغۇدەك ئىش ئەمەسمۇ.

دىلمۇرات ھەيران بولغاندەك گۈلنىگارغا چەكچىيىپ قاراپ قالدى.

— بۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭ ... كۆڭۈل دېگەن خۇددى مۇشۇنداق نەرسە ... چاپلاشقاننىڭ قەدرى يوق، ئېرىشەلمىگەننىڭ دەردى يەتكۈچە بولىدىغان، ئادەم دېگەننىڭ نادان ھەم ئەخمەق يېرىمۇ شۇ، سىرلىق ھەم چۈشىنىكسىز يېرىمۇ شۇ، يۈرەكنىڭ قەدىرلەشكە تېگىشلىك يېرىمۇ شۇ، كونىلاردا بىر گەپ بار، «ئەلمىساقتىن قەدرى يوقتۇر يانىدا بارى، ئىنسان ئەزەلدىن يوقنىڭ ئىنتىزارى»، خۇددى شۇنداق ئەمەسمۇ.

گۈلنىگار دىلمۇراتقا ھەيران بولغاندەك قاراپ قويۇپ سورىدى:

— مەنىسى ئاجايىپ گەپ ئىكەن بۇ ... نەدىن تاپتىڭىز بۇ گەپنى؟

— نادىرەنىڭ خاتىرە دەپتىرىدىن كۆرگەنىدىم.

— نادىرە دېگەن كىم؟

— نادىرە ... ئۇ ... شىركىتىمدە ئىشلەيدىغان قىز.

دىلمۇرات گەپنى دەپ بولۇپ تەمتىرەپ كەتتى. ئۇ گۈلنىگارنىڭ كۆزىگە مەيۈس قاراپ قويدى.

— ئىشقىلىپ گۈلنىگار، تەقدىر ... ھەممە ئىش تەقدىردىن بولىدۇ، مېنىڭ سىزگە ئاشىق بولۇشۇم، سىزنىڭ ماڭا پەرۋا قىلماسلىقىڭىز ... مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى تەقدىردىن بولىدۇ.

— مەن بۇ گەپلىرىڭىزنى چۈشىنىپ كەتمەيمەن، مېنىڭ بىلىدىغىنىم، مەن پەقەت ياخشى قىلمايۋاتىمەن.

— مەنچە ئۇنداق ئەمەس.

— سىزچە قانداق؟

— بۇ نورمال، ئىككىمىز پات ـ پات كۆرۈشۈپ مۇڭدىشىپ تۇرساق، كۆڭلىمىزنىڭ كەم يەرلىرىنى تولۇقلىساق، بىر ـ بىرىمىزگە مېھىر يەتكۈزۈپ تۇرساق بۇنىڭ نەرى يامان؟

گۈلنىگار ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— سىز دېگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى گۇناھلىق ئىشلار، بايا دېدىم، مەن ئېرى بار ئايال، قانداق بولۇپ سىز بىلەن بۇنداق

ئالاقىشىلىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالغىنىمنىمۇ بىلمەيمەن، سىزدىن ئۆتۈنىدىغىنىم بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا ئۇچۇر يازماڭ، تېلېفون بەرمەڭ، سىزدىن خۇش بولۇپ كېتەي.

دىلمۇرات ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ بېشىنى چايقىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن چولپان، نادىرە، زۆھرە، ساجىدە، رەنا دېگەن ئاياللار بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ھاياتتا نېمىنى نورماللىق دەيمىز ... دىلمۇرات يىرگىنىپ تۇرۇپ ساجىدەدىن ئايرىلالمايدۇ، ساجىدەنىڭ كىشى روھىنى كۆيدۈرىدىغان ئىشقىي ھەۋىسى ئۇنىڭغا ھېچكىم بەرمىگەن شادلىقنى بېرىدۇ، نادىرەنىڭ گۈزەللىكى كىشىنى ھەيران قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئاشۇ سۈرەتتەك ئۇماق تۇرقىغا قاراشنىڭ ئۆزىمۇ بىر ھوزۇر، زۆھرە ئەقىللىك، بەكلا دىتى بار قىز، شىركىتىنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرى ئۇنىڭ چېۋەرلىكى بىلەن پۈتىدۇ، چولپان ... دىلمۇراتنىڭ مەڭگۈلۈك غايىسى، دىلمۇراتنىڭ يۈرىكىدىكى ئەڭ چوڭ زېدىسىمۇ، ئەڭ چوڭ ئارمىنىمۇ چولپان ... چولپانغا ئېرىشەلمىگەنسېرى دىلمۇراتنىڭ كۆڭلىدىكى ئوت ـ ھەۋەس شۇنچە كۈچىيىدۇ، ئۇ بارلىق ئاياللارنىڭ ۋۇجۇدىدىن چولپاننى ئىزدەيدۇ، بارلىق ئاياللارنىڭ مېھرىدىن چولپاننىڭ ئىسسىقلىقىنى تەمە قىلىدۇ. گۈلنىگاردا چولپاننىڭ گۈزەللىكى بار، چولپاننىڭ سالاپىتى، لاتاپىتى بار، سەردار چولپاننى ئىگىلىۋالمىغان بولسا دىلمۇرات گۈلنىگار بىلەن تونۇشۇپ قالمىغان بولاتتى، ئۇ ئەسلىي گۈلنىگارنىڭ تېلېفون نومۇرىنى تېپىپ، ئۇنىڭغا ئېرىنىڭ سىرتتا قىلىپ يۈرگەنلىرىنى بىرمۇبىر ئېيتىپ سەردار بىلەن چولپاننىڭ ئارىسىنى بۇزۇپ، چولپانغا ئېرىشىشتىكى توسالغۇنى ئېلىپ تاشلىماقچىدى ... ئەمما گۈلنىگار بىلەن تۇنجى ئۇچرىشىپلا ئۇنىڭغا مايىل بولۇپ قالدى، چولپاننىڭ سىيماسى بار گۈلنىگارمۇ خۇددى چولپانغا ئوخشاشلا ئۇنى رەت قىلىۋاتاتتى.

— سىز بىلەن بەك تەستە تونۇشتۇم ... ئەمەلىيەتتە مېنىڭ

سىزگە كۆڭلۈم بار ... ساپ ھەم توغرا نىيەتلىك كۆڭۈل.

— بىراق، مەن بۇنداق قىلىپ يۈرسەم بولمايدۇ.

— قانداق قىلىپ يۈرسىڭىز بولمايدۇ؟

— خۇددى مۇشۇنداق، سىزنىڭ ماشىنىڭىزغا چىقسام، سىز چاقىرغان ياتاقلارغا كەلسەم، سىز بىلەن ئۇچۇر يېزىشسام، تېلېفونلاشسام، سىز بىلەن كۆرۈشسەم بولمايدۇ.

— ئەمما سىز بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ بولدىڭىز.

— توغرا، مەن شۇنداق قىلدىم، دېمەكچى بولغىنىم بۇنىڭدىن كېيىن قىلمايمەن، سىزدىن خۇش بولاي، ئەمدى ماڭا تېلېفون بەرمەڭ، مېنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىڭ.

— بۇ قەتئىي قارارىڭىزمۇ؟

— شۇنداق، قەتئىي قارارىم.

دىلمۇرات قولىدىكى سوغۇق ئىچىملىك قۇتىسىنى مىجىپ بىر يانغا تاشلاپ قويدى.

— ئەمىسە بوپتۇ، سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك بولسۇن، بىر ئايال بۇ قاتارلىق رەت قىلىۋاتسا مەن يەنە يېپىشىۋالسام قاملاشماس.

دىلمۇرات ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ دېرىزىدىن سىرتقا قارىدى. گۈلنىگار كۆڭلىنىڭ غېرىبانە چاڭ مانانلار بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى، قانداقتۇر بىرنەرسىنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك بىر تۇيغۇ كۆڭلىنىڭ مۇزدەك پايانلىرىغا ئاستا يېيىلىشقا باشلىدى. گۈلنىگارمۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ سومكىسىنى قولىغا ئالدى.

— مەن ماڭاي، خوش.

— نەگە بارىسىز؟

— ئۆيگە كېتىمەن.

گۈلنىگارنىڭ كۆڭلىگە يىغا ياماشتى، گۈلنىگار ئۆيى بار ئايال، بىر ئايال ئۈچۈن ئۆي ھەممە نەرسىدىن دېرەك بېرىدۇ، ئەمما ئۇ قانداقتۇر بىر كۈچ تەرىپىدىن ئۆيىدىن يىراقلاۋاتقاندەك قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

— سىزنى ئاپىرىپ قوياي.
— بولدى، ئۆزۈم كېتەمەن.
— چوقۇم ئۆيگە كېتەمسىز؟
— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟
— ئون نەچچە يىلدىن بېرىقى شۇ ئۆيىڭىزگە يەنە بارسىز ... سىز بەختلىك ئايال ئىكەنسىز، مېنىڭمۇ ھامان بىر كۈنى بەختىم ئېچىلىدۇ.
— دېگىنىڭىز كەلگەي.

گۈلنىگار سومكىسىنى ئېلىپ ئىشىككە ماڭدى. تۇرۇپلا بۇنىڭدىن نۇرغۇن يىللار ئىلگىرىكى ئاق بۆجەن يادىغا يەتتى، ئاق بۆجەننىڭ چوغقا ئوخشايدىغان كۆزلىرى ئېسىدىن كەچتى. ئاق بۆجەننىڭ جاھاننى ئاجايىپ رەڭ ھەم تۇيغۇ بىلەن كۆرىدىغان ئاشۇ قىپقىزىل كۆزلىرى، مۇلايىم ئاپپاق مويلىرى ھازىر يوق ... گۈلنىگار ئۆزىنىڭ بەك جىق نەرسىلەرنى يوقىتىۋەتكەنلىكىنى سەزدى، ئۇنىڭ خىرەلەشكەن كۆڭۈل پايانىدا ئېرىشكەنلىرى ئەمەس، يوقاتقانلىرى دۆۋىلىنىپ تۇرۇۋالدى. ئىشىككە يېقىنلاشقاندا دىلمۇراتنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئەتە كۆرۈشەيلى.
— نېمە؟ — گۈلنىگار چۆچۈگەندەك كەينىگە قايرىلىپ دىلمۇراتقا قارىدى.
— ئەتە كۆرۈشەيلى.
— بىز بايا ھەممە گەپنى دېيىشىپ بولدۇق.
— قايسى گەپنى؟
— بۇنىڭدىن كېيىن كۆرۈشمەيدىغان بولدۇققۇ.
— شۇنداق دېيىشسەك نېمە بوپتۇ؟ بۇنىڭ ئەتە كۆرۈشۈشىمىز بىلەن نېمە ئالاقىسى؟

گۈلنىگار ئۆزىنى ئاجىز ھېس قىلىپ قالدى، ئۇنىڭ يۈرىكىگە غېرىبلىقنىڭ، تەنھالىقنىڭ قارا تۇمانلىرى يېيىلىپ تۇرغاندەك ئىدى، ئادەمنى ئاجىز، بىقۇۋۇل ھالغا كەلتۈرۈپ

قويىدىغىنى يۈرەكتىكى ھېچكىم ھېس قىلالمايدىغان، كۆرەلمەيدىغان غېرىبلىق بىلەن يالغۇزلۇق مانانلىرى ئىكەنلىكىنى جىق ئادەملەر چۈشىنىپ كەتمەيدۇ.

— ساراڭدەك گەپ قىلماڭ، بىز ھازىردىن باشلاپ بارلىق ئالاقىمىزنى ئۈزمىسەك بولمايدۇ.

گۈلنىگارنىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ كەتتى.

— بىراق ... بۇ مۇمكىن بولماسمىكى، — دېدى دىلمۇرات بوغۇق ئاۋازدا.

— نېمە؟

— بۇنداق قىلساق بولماس.

— نېمىشقا؟

— كۆڭۈل دېگەننى ئەقىل بىلەن كونترول قىلغىلى بولمايدۇ، گۈلنىگار، بۇنى دېمىسەممۇ سىز چۈشىنىسىز، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، بۇ سىزگە ناھايىتى ئايدىڭ.

— ئەمما مەن سىزنى ياخشى كۆرمەيمەن.

دىلمۇرات كۈلۈپ قويدى، غېرىبلىق تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدە سوغۇق كۈلكە بار ئىدى.

— ئاستا ـ ئاستا ياخشى كۆرۈپ قالىسىز ... بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇن شېرىن ھەم تاتلىق دەملىرىمىز بولىدۇ.

— چۈشەكەپسىز، مەن ئۇنداق بىھايا، شەرمەندە تاتلىق ئىشلارنى قىلمايمەن.

— بۇ ۋاقىت مەسىلىسى ... گۈلنىگار ... ھەممە ئىشنى ۋاقىت ئۆزگەرتىدۇ. ئەمەلىيەتتە سىزنىڭمۇ كۆڭلىڭىز قۇپقۇرۇق، سىزمۇ غېرىب، تەنھا ياشاۋاتقان ئايال، خۇددى ماڭا ئوخشاش ... بىز بىر ـ بىرىمىزگە موھتاج.

— ماڭا بۇنداق گەپلەرنى دېمەڭ، خۇش بولۇپ قالاي ... — گۈلنىگار يىغلىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى.

— سىزگە نەچچە رەت دېدىم، ماڭا سىز بولمىسىڭىز بولمايدۇ.

— مۇمكىن بولمايدىغان ئىشقا ئۆزىڭىزنى ئاۋارە قىلماڭ.
دىلمۇرات ياتاقنىڭ تۆرىدىكى يۇمىلاق ئورۇندۇقتا چۆكۈپ ئولتۇردى.
— گۈلنىگار، دۇنيادا مۇمكىن بولمايدۇ، دېگەن گەپنى پەقەت ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگىلى بولماسلىقىغىلا ئىيتقىلى بولىدۇ، قالغان ئىشلارنىڭ ئىچىدە مۇمكىن بولمايدىغان ئىش يوق ... سىز بىلەن قانداق تونۇشۇپ قالغىنىمىز ئېسىڭىزدە بارمۇ؟
— سىز ماڭا ناھايىتى مۇھىم بىر گەپنى دېمەكچى بولۇپ تېلېفون قىپتىكەنسىز ... مەن ئەخمەق شۇ گەپكە ئىشىنىپ يېنىڭىزغا كەلدىم ... پالاكەتچىلىك شۇنىڭدىن باشلاندى. ئەمەلىيەتتە سىزنىڭ ماڭا دەيدىغان مۇھىم گېپىڭىز يوق ئىكەن ... مېنى تونجى قەدەمدىن باشلاپلا ئالداپسىز.
— شۇ كۈنى سىزگە دېمەكچى بولغان مۇھىم گەپنى دېمىدىم.
— نېمە گەپ ئىدى ئۇ؟
— ئەمدى ئۇ گەپنى دېيىشىڭنىڭ ھاجىتى قالمىدى، سىزنى كۆرگەن كۈنىلا نېمىنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىپ بولغانىدىم.
— نېمىنى بىلدىڭىز؟
— سىزنىڭ مەن ئۈچۈن مۇھىملىقىڭىزنى بىلدىم.
— مەن بەك ئەخمەق ئىكەنمەن، — دېدى گۈلنىگار بېشىنى چايقاپ.
— ئۇنداق دېمەڭ، مەنمۇ ئەسلىي سىزگە دەيدىغاننى دېسەملا ئىش تۈگەيدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم، ئەمما سىزنى كۆرۈپلا سىزدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىمنى شۇ چاغدىلا بىلدىم، سىز ئادەتتىكى ئاياللارغا ئوخشىمايسىز.
— بولدى، نېمە دېسىڭىز دەڭ، مەن كەتتىم.
دىلمۇرات ئورنىدىن تۇرۇپ گۈلنىگارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى، ھەرىكەتلىرى شۇنداق ۋەزمىن ئىدى.
— ئەمىسە ئەتە كۆرۈشەيلى، — دېدى دىلمۇرات

گۈلنىگارنىڭ قولىنى قىسىپ.

گۈلنىگار قولىنى تارتىۋېلىپ ئىشىكنى قاتتىق يېپىپ چىقىپ كەتتى. يۈرىكىنىڭ مىڭ يېرىدىن يىغا قايناپ تۇرغان گۈزەل ئايالنىڭ ئاياغ تىۋىشى يۇمشاق گىلەم سېلىنغان كارىدوردا ئاستا ـ ئاستا يوقىلىپ كەتتى.

چىرايلىق شەھەردىكى چىرايلىق ئۆيدە ئولتۇرىدىغان، چىرايلىق ئىككى ئوغلى بار بۇ سۇلكەتلىك، تارتىملىق ئايال ئەتىسى ئىختىيارسىز تېلېفونغا قاراپ دىلمۇراتنىڭ ئۇچۇرىنى ئىزدەپ قالغانلىقىنى سەزگەن چاغدا ئۆزىگە ھەيران قالدى، قورقىنىدىن يۈرىكى ئەنسىز سالدى. ئۇ ئۆزىدىن بەكلا ئۈمىدسىزلىنىپ كەتكەندەك قىلاتتى.

گۈلنىگار ئۆز يۈرىكىنى ئۆزى چۈشىنىپ بولالماي يۈرگەن شۇ كۈنلەردە، ھايات باھارىنىڭ بوسۇغىسىدا تەتۈر قىسمەتكە يولۇققان گۈلپىيەمۇ ماڭىدىغان يولىنى پەرق ئېتەلمەي قالغانىدى، جاھاننىڭ ئىشلىرى ئاجايىپ بولىدۇ، يوللار ئازادە ھەم يورۇق، ھەممە نەرسە شۇ قەدەر روشەن ھەم سۈزۈك بولغاندىمۇ، يەنە قاراڭغۇلۇققا پېتىپ قالىدىغان چاغلار بولىدۇ. گۈلپىيە قەيەردىن كەلگەنلىكىنى، ئۆزى قانداق كىرىپ قالغانلىقىنى بىلمەيدىغان قاراڭغۇ تۇمان ئىچىدە يول تاپالماي ھەر يان تەمتىرەپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ بىر يەرگە كەتكۈسى كېلەتتى، كېتىدىغان يېرىنى بىلمەيتتى، كەتمەكچى بولغان يېرىنى بىلگىنىدە قورقۇپ كېتەتتى.

## 65

شەھەر ئاسمىنىنى تۇمان باسقان بىر كېچىسى گۈلپىيە دېرىزىدىن سەكرىمەن، دەپ رازىيەنى قورقۇتۇپ ئالەمنى مالەم قىلدى.

— مەن كېتىمەن ... — دەيتتى گۈلپىيە ھاسىراپ تۇرۇپ،

ئاغزىدىن چىقىۋاتقان كۆپۈك رازىيەگە قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتتىن بېشارەت بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— نەگە كېتىسەن، قىزىم؟

— ئۆزۈمنىڭ جايىغا ...

رازىيە تۇنۇگۇن كەچ ئۇنى بارات موللامنىڭ قاراڭغۇ ھەم تار ئۆيىدىن ياندۇرۇپ كەلگەنىدى. سىدىق قاراباشنىڭ قوي قوتىنىنىڭ يېنىغا سېلىنغان بۇ ئۆيى ئىلگىرى ئۇلارنىڭ قازىنىقى ئىدى، يېقىندىن بۇيان بارات موللام شۇ يەردە تۇرۇۋاتاتتى، سىدىق قاراباش بارات موللامنىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن ئۇنى شۇ قازناقتا ئورۇنلاشتۇرغانىدى.

— موللامنىڭ يېنىغا بارامسەن؟

— ھەئە.

رازىيەنىڭ بېشى قايغاندەك بولدى.

— مەن ئۆلۈۋاتىمەن ... تامدىن سەكرەپ ئۆلۈۋاتىمەن، زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋاتىمەن، ماشىنىغا سوقۇلۇپ ئۆلۈۋاتىمەن ... ئۆلۈۋاتىمەن ... مۇراتنى ماشىنا سوقۇۋەتتى، مەنسۇر ساراڭ بولدى ... مەنمۇ ساراڭ بولۇپ قالىمەن، مەنمۇ ئۆلىمەن.

— ئاغزىڭنى ئۇششۇتمە ... سەن بىر ئوبدان ئوقۇشلىرىپ قالغان ئادەم يەنە نېمە بولدۇڭ؟

— مەن كېتىمەن ... كەتمىسەم ئۆلۈۋاتىمەن ... نادىرەمۇ ئۆلۈۋالدۇ ... ئەنۋەرمۇ ئۆلۈۋالدۇ.

رازىيەنىڭ كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلدى.

ئاھ خۇدا ... ماڭا كۆرسەتمىگەن يەنە نېمە كۈنلىرىڭ باردۇ؟

قاراڭغۇ چۈشكەندە رازىيە گۈلپىيەنى يېتىلەپ سىدىق قاراباشنىڭ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى. ئۇ چوغقا دەسسىگەندەك كېتىپ باراتتى، شاكىر ئۇنىڭ كەينىدىن خالار ـ خالىماس ئەگىشىپ ماڭغانىدى.

گۈلپىيەنىڭ يۈرىكى بارات موللام تەرەپكە تارتىشىپ تۇراتتى، موللامنىڭ سىرلىق كۆزلىرى، سىرلىق ساقاللىرى، سىرلىق

ئاۋازى ئۆزىگە يېپىشىپ تۇرغان ھەممە مەشئۇم نەرسىنى توسۇپ تۇرىدىغاندەك بىلىنەتتى. گۈلپىيە ئەركەك جىننىڭ ئىچىگە كىرىۋالغىنىغا ھەم مۇشۇ سەۋەبلىك ئۆزىنىڭ ھەممە ئادەمنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالغانلىقىغا ئىشىنىپ قالغانىدى. شۇنداق بولغاچقا ئۇ دادىسىنىڭ كۆزىگە ھارامدىن بولغان بولۇپ كۆرۈنىدۇ، ئەنۋەرنىڭ كۆزىگە گۈلباھار سېرىقتەك چىرايلىق كۆرۈنمەيدۇ، سىنىپتىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن قاچىدۇ، قولۇم - قوشنىلار ئۇنىڭغا سىرلىق قارايدۇ، كالىلىسىغا دەرس چۈشمەيدۇ ... مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى گۈلپىيەنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغان ئەركەك جىننىڭ كاساپىتىدىن بولغاندەك، بۇنى پەقەت بارات موللاملا ئوڭشىيالايدىغاندەك بىلىنەتتى.

— بارات موللام ئوقۇۋاتقاندا قانداق ئويلايسەن، گۈلپىيە؟

رازىيە تۇنۇگۇن شۇنداق سورىدى.

— ئۇ يولۋاسقا ئايلىنىدۇ، مەن ھېچنېمىدىن قورقمايمەن.

— ئۆيگە قايتىپ كەلسەڭچۇ؟

— بۇ ئۆيدە يولۋاس يوق، سېرىق چاچلىق ئەركەك جىن بار ... چىشلىرىدىن قان تامچىلاپ تۇرىدىغان ئەركەك جىن، ئۇ مېنىڭ ئىچىمگە كىرىۋالغان ... ئۇنى بارات موللامدىن باشقا ھېچكىم تۇتالمايدۇ.

— ئۇنداق ئەمەس ... — دېدى رازىيە يىغلامسىراپ، — سېنىڭ ئىچىڭدە جىن يوق.

گۈلپىيە بىردىنلا جىمىپ ئانىسىنىڭ كۆزىگە مىختەك قادالدى.

— ئۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ، بارات موللام بار دېدىمۇ، دېمەك بار ... ئىشەنمىگەن يەردە شىپا بولمايدۇ.

— بىراق ...

— قەتئىي ئىشەنمىسەڭ بولمايدۇ، ئانا ... بولمىسا جىن ئەسكىلىك قىلىدۇ، بارات موللام كېتىدۇ، ماڭا ھەممە ئادەم تۈكۈرىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

www.uyghurkitap.com

— نېمە دەيدىغانسەن، بالام ...

— توۋا دەڭ، دەرھال توۋا قىلىڭ ... بايا يامان گەپ قىلدىڭىز.

رازىيە بارات موللام گۈلپىيەگە ئوقۇغان كۈنىنىڭ ئەتىسى دېيىشكەن شۇ پاراڭلارنى يادىغا ئالدى، ۋاقتى ئۆتكەنسېرى ئىشلار تېخىمۇ چىگىش بولۇپ كېتىۋاتاتتى. كېيىنكى كۈنلەردە رازىيە بارات موللامنىڭ راستلا كارامىتى بار ئىكەن دەپ ئىشىنىپلا قالدى.

رازىيە گۈلپىيەنىڭ يۇمشاق قولىدىن تۇتۇپ يېتىلەپ مېڭىۋاتقان شۇ دەمدە ئۆزىنى مۇشۇ كۈنگىچە ھېچنېمىنى بىلمەي ياشاپ كەلگەندەك سېزىپ قالدى، ئۆتمۈشتىكى بارلىق ئىشلار، كۆڭلىدە ساقلىنىپ قالغان ھەممە خاتىرىلەر مەۋجۇت بولمىغاندەك، ھەممىسى يالغان نەرسىلەردەك تۇيۇلۇپ قالدى.

— ئەتە نادىرەنىڭ قېشىغا بارىمەن، — دېدى گۈلپىيە ئۈشتۈمتۇت.

— مەيلى، بارغۇڭ بولسا مەن ئاپىراي.

— ئۆزۈم بارىمەن، مەن ساراڭ ئەمەس.

— بىراق ... — رازىيە گەپ قىلالماي قالدى.

گۈلپىيە بىردەم ئۈن - تىنسىز ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— ياق، بارمايمەن، مەن نادىرەنىڭ يېنىغا كەتسەم بارات موللام خاپا بولۇپ قالىدۇ، — دېدى.

رازىيە ئىشلارنىڭ بارغانسېرى قېلىپىدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

رازىيە گۈلپىيەنىڭ بەكمۇ چىرايلىق، مېھرى ئىسسىق، كۆزلىرىدىن مېھىر تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئوماق دوستى نادىرەنى يادىغا ئالدى، گۈلپىيە مۇشۇ يېقىندا پات - پات جۆيلۈگەندەك: «نادىرە ئۆلۈۋالىدۇ» دېگەن گەپلەرنى تەكرارلاپ قوياتتى، بۇنداق چاغلاردا رازىيەنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپ قالاتتى. يېتىلەپ كېتىۋاتقاندا گۈلپىيەنىڭ نادىرە ئىسىملىك دوستىنىڭ بۇرۇنقى

نادىرەدىن، بۇرۇنقى نادىرەگە تەئەللۇق ھەممە نەرسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىرىكىشىۋاتقانلىقىنى، ئەمما ھەر ئىنساننىڭ تۇغما ھەم تەبىئىي بولغان ئۆزىنى سۆيۈش، ئۆزىدىن سۆيۈنۈش تۇيغۇسىنىڭ كۈچى بىلەن ئۆزىدىن كېچەلمەيۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى.

## 66

نادىرە مۇراتنىڭ مەڭزىنى ئىككى ئالقىنى ئارىسىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا ئۇزۇن تىكىلىپ قارىدى. چىرايىدا كۆڭۈلگە باھار باشلاپ كېلىدىغان تەبەسسۇم بار ئىدى، سۆيۈش ئۈچۈن يارالغان لەۋلىرىدە ھاياجان ھەم تەشنالىق چىمىرلايتتى.

— سەن بەك چىرايلىق، مۇرات ... راست.

مۇرات ئوڭايسىز كۈلۈپ قويدى.

— قويغىنا بۇ گەپنى ... ئوغۇل بالا تۇرسام ... مېنى چىرايلىق دەپ يۈرسەڭ بىرقىسما تۇرىدىكەن.

— سەندىن پەقەت ئايرىلغۇم يوق، ئەمما ئامال يوق.

— مېنىڭمۇ شۇ، دائىم يېنىمدا بولسىكەن دەيمەن.

نادىرە مۇراتنىڭ لەۋلىرىگە يېنىش - يېنىشلاپ سۆيدى.

— مەن بولمىسام قانداق قىلارسەن؟

— مەن بولمىسام؟ — مۇرات چەكچەيگىنىچە نادىرەگە قارىدى، — بۇ قانداق گەپ ئەمدى؟

— مۇنداقلا دېدىم ... سەن مەندىن قۇتۇلۇپ كەتسەڭ بولاتتى.

مۇرات نادىرەنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىگە تىكىلىپ قالدى. نادىرەنىڭ مۇشۇ كۆزلىرىدىن، كۆزلىرىدىن ئۇرغۇپ تۇرىدىغان مېھرىدىن ئايرىلىپ قالسا ياشىيالمايدىغاندەك ئويلاپ قالاتتى.

— نېمىلەرنى دەپ يۈرسەن؟

— بىر كۈنلەردە مەندىن نەپرەتلىنىپ قالسەن، سەن مېنى

دەپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىڭ ... بەزىدە شۇ چاغدا مۇرات مېنى قۇتقۇزمىسىمۇ بوپتىكەن ... دەپ ئويلاپ قالىمەن.

— بۇ گەپنى قايتا دېمەيدىغان بولغان، سەن يەنە دېدىڭ، دەرھال مېنى سۆي.

— نېمە دېدىڭ؟

— سەن دېمەيدىغان گەپنى دەپ سالدىڭ، مېنى سۆيۈپ گۇناھىڭنى يۇي.

نادىرە ۋىلىقلاپ كۈلگىنىچە ئېڭىشىپ مۇراتنى سۆيدى، مۇراتنى سۆيۈۋېتىپ ئېسەدەپ يىغلىدى. كۆز ياشلىرى مۇراتنىڭ مەڭزىگە، لەۋلىرىگە تۆكۈلدى.

— بىز نېمە كۈن كۆرمەيلى ئايرىلمىساق بولاتتى ... — دېدى نادىرە كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — بىز بىر - بىرىمىزسىز ياشىيالمايمىز، بىراق ...

— نېمە بىراق ...

— مۇرات، مېنىڭ بۇركۈتۈم ... ھەرقانداق چاغدا مېنى يېنىڭدا دەپ ئويلا ... ھەرقانداق يامان كۈنلەر كەلسىمۇ مەن ئۈچۈن بولسىمۇ ياخشى ياشا ... مەن نېمە بولاي، مېنىڭ ھەققىمدە نېمە گەپلەر بولسۇن ... ئېسىڭدە تۇتقىن، بۇ دۇنيادا ھېچكىم سېنى مەندەك ياخشى كۆرمەيدۇ ... سەندىن پەخىرلىنىمەن.

ئون سەككىز ياشقا كىرگەن سىم - سىم يامغۇرلۇق كۈندە ھاياتىدىكى نۇرغۇن نەرسىلەردىن ئايرىلىپ قالغان قىزنىڭ ھاياجانلىق ئاۋازى مۇراتنىڭ يۈرىكىنى شېرىن سۆيۈپ ئۆتەتتى.

نادىرە كەتتى، مۇرات نادىرەنىڭ دېگەنلىرىنى ئويلاپ ئۇزاق ئولتۇردى، مۇزدەك بىر سىزىم يۈرىكىگە يېقىن يەردە تۇرغاندەك ئىدى. ئۇ سىزىقسىز قەغەزنى ئېلىپ، ئاق قەغەزگە تىكىلگىنىچە ئولتۇرۇپ كەتتى، ھېچنېمە يازالمىدى ... يۈرەكتىكى نۇرغۇن نەرسىنى ئەينەن قەغەزگە تۆكۈشكە مۇمكىن بولمايدىغان چاغلار نۇرغۇن.

مۇراتنىڭ كۆزى ئاغرىپ تۇراتتى، ئۇ بارماقلىرى بىلەن كۆزىنىڭ چۆرىسىنى ئۇۋۇلاشقا باشلىدى. بارماقلىرىنىڭ نەملەشكىنىنى سەزمىدى. مۇراتنىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادىنى نادىرە ئىگىلەپ تۇراتتى، كىشىلىكتە شۇنداق بىر ۋاقىتلار بولىدۇ، ئادەم مۇھەببەتكە كۆمۈلۈپ ياشايدىغان، شۇندىمۇ مۇھەببەتكە قانمايدىغان، كۆڭۈل ـ كۆكسى مۇھەببەتسىز قۇرۇپ كېتىدىغان ... مۇرات نادىرەنى خىيال قىلىۋاتقان دەملىرىدە گۈلپىيە ھەققىدە ئويلىمىدى، گۈلپىيەنىڭ نىكاھى توغرۇلۇق ئاڭلىمىدى، ئاڭلىغان تەقدىردىمۇ گۈلپىيەنىڭ بارات موللامنىڭ نىكاھىغا ئۆتىدىغانلىقىغا ئىشىنەلمىگەن بولاتتى. نۇرغۇن ئادەملەر بۇ دۇنيادا ئاجايىپ ئىشلار بولىدۇ، دېيىشىپ يۈرىدۇ، گۈلپىيەنىڭ تەقدىرىنى ھەم ئۇنىڭ بارات موللام بىلەن بولغان كەچمىشلىرىنى خەقلەر دەپ يۈرىدىغان ئاجايىپ ئىشلار جۈملىسىدىن دېيىشكە بولارمىكىن؟

## 67

رازىيە ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشلاردىن ھەيران قالاتتى، ئەتراپىدا بولۇۋاتقان ئىشلاردىن قورقاتتى، گۈلپىيەنى موللامغا ئوقۇتۇش ... بۇ بىر نۆرى ئىدى، ئەمما ئۇنى بارات موللامغا نىكاھلاپ بېرىش رازىيەگە قورقۇنچلۇق ئىش بولۇپ تۇيۇلاتتى، مېڭىسى قوچۇلاتتى، رازىيە چۈش كۆرۈۋاتقاندەك، تۇمان ئىچىدە قالغاندەك تۇيغۇ ئىچىدە ۋاقىتنىڭ ئالدىغا يا كەينىگە مېڭىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى.

رازىيە قاراڭغۇلۇققا كىرىپ قالغاندەك ئىدى، يېنىپ چىقىپ كەتكىلى بولمايدىغان، كىرگەنسېرى تېخىمۇ قاراڭغۇ بولىدىغان قاراڭغۇلۇققا كىرىپ قالغاندەك ئىدى. بارات موللامغا گۈلپىيەنى نىكاھلاپ بېرىش ... رازىيە بارغانسېرى بارات موللامنىڭ كارامىتى بارلىقىغا ئىشىنىپ قالغانىدى.

— سىنىڭ كاللاڭ كاردىن چىقىپتۇ، ئاچا!
رەيھان كېيىنكى كۈنلەردە شۇنداق ۋارقىرايدۇ.
رازىيە ھازىر بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى رەيھاندىن يوشۇرۇۋاتىدۇ، ناۋادا ئۇ بىلىپلا قالسا يول قويمايدۇ، ھەممىنى بۇزىدۇ، ئارىدىن نۇرغۇن ۋاقىت ئۆتۈپ، رازىيە رەيھاننىڭ «كاللاڭ كاردىن چىقىپتۇ» دەپ ۋارقىراشلىرىنى ئاڭلىغاندا، مۇشۇ كۈنلەردە بولغان نۇرغۇن ئىشلارنى ئەسلەيدۇ ھەم قورقۇپ كېتىدۇ.
رازىيەگە ئېغىر ھەم ۋەھىمىلىك تەسىر بېرىۋاتقان ئىش گۈلپىيەنى بارات موللامغا مەخپىي نىكاھلاپ بېرىش. مۇشۇ ئىش ئۇنىڭغا قورقۇنچلۇق بولۇپ تۇيۇلۇۋاتاتتى. يۈرىكى سىقىلاتتى، كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە قورقۇنچ بار ئىدى. شاكىر ... ھەممىنى قىلغان مۇشۇ لەنىتى ... ئۇ گۈلپىيەنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى، ئاخىر مۇشۇنداق ئىشلار بولدى ... رازىيەنىڭ كۆز ئالدىدا نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى يۈز بەرگەن ئىشلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى پەيدا بولدى ... نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىمۇ، نەچچە ئاينىڭ ئالدىدىمۇ ئىشقىلىپ شۇنداق بىر كەچلىكى ئۆيدە بولغان جېدەل خىيالىدىن كەچتى.
شۇ كۈنىمۇ بۈرۈنقىغا ئوخشاشلا ئالدى بىلەن پەلەمپەيدە شاكىرنىڭ ناخشىسى ئاڭلانغانىدى، شاكىر مەست بولۇپ قالسىلا «ئاق بېلىق» دېگەن ناخشىنى ئېيتاتتى. ساق چېغىدا ئۇنىڭ ناخشا ئېيتقانلىقىنى كۆرگىلى بولمايتتى، ناخشا ئېيتىش ئەمەس، ئادەتتىكى گەپلەرنىمۇ ئوڭشاپ قىلالمايتتى. ناخشا گاھ توختاپ، گاھ يەنە باشلىناتتى، ناخشا ئارىسىغا شاكىرنىڭ كېكىرگەنلىرى، ھېق تۇتۇشلىرى قوشۇلۇپ قالاتتى.
ئۇ كەلدى.
رازىيە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.
كەلسە كەلمەمدۇ، دەپ پىچىرلىدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە.
ئارقىدىن يەنە جايىغا بېرىپ ئولتۇردى. ھايالشىماي يەنە

ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشكىنىڭ ئالدىغا بېرىپ بولۇپ كەينىگە ياندى، ئىشىك ئالدىغا كەلگەن شاكىرنىڭ ناخشىسى توختاپ پۇشۇلداشلىرى ئاڭلاندى. شاكىرنىڭ ئىشىككە ئاچقۇچ سېلىنىۋاتقاندىكى شاراقلاشلار ئاڭلاندى.

ئىشىك ئۇزاقتا ئېچىلدى.

شاكىر ئۆيگە كىرىپ ساپادا ئولتۇرغان رازىيەگە تىكىلىپ قارىدى. كەمىرىنىڭ ئۇچى ساڭگىلاپ قالغانىدى.

— ئۆيدە يالغۇزمۇ سەن؟

— باللار بار، بۇگۈن ئەزمەتمۇ ئۆيدە، — دېدى رازىيە يات ئادەمگە جاۋاب بەرگەندەك ئەنسىزچىلىك ئىچىدە ئىچكىرى ئۆيگە قاراپ قويۇپ.

— باللاردىن باشقا كىم بار؟

— ھېچكىم يوق.

— ھېچكىم يوق دېگىن ... راستمۇ؟

— راست.

— راست دەيسەنغۇ؟

— راست بولغاندىكىن راست دېمەي نېمە دەيمەن؟

— مەن ئاغىنىلەردىن بىر گەپنى ئاڭلىدىم، مەن ھەممىنى بىلدىم ... خوتۇن كىشى پاكىز بولمىسا ئەر كىشىنى نەس باسىدىكەن، ئەر كىشى تۈگىشىدىكەن، بىلدىڭمۇ، مەن ھەممىنى بىلدىم، زاۋۇتتىن مېنى ئىشتىن قالدۇرۇشنىڭ كويىغا چۈشتى ... تېخى مېنى ئىقتىدارى يوق دەپتۇ ... بۇرۇن ئىقتىدارىم بار ئادەم ئەمدى يوق بولۇپ قالامدا ... مېنىڭ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىمنىڭ سەۋەبىنى بىلدىم، «خوتۇن قىلسا ئەرگە، ئەر قىلسا يەرگە» دېگەن گەپ بار ئىكەن.

شاكىر گېپىنى تۈگىتىپ يەنە كېكىردى، توخۇ قوردىقى بىلەن ھاراقنىڭ پۇسى تارقالدى، يۇمۇلۇپ كېتىۋاتقان كۆزىنى تەستە ئالايتىپ رازىيەگە تىكىلدى.

— سەن بۇزۇقچىلىق قىلمىغان بولساڭ مەن مۇشۇ كۈنگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قالمايتتىم.

— سەن نېمە كۆنگە قالدىڭ؟ — دېدى رازىيە بالىلارنىڭ ھۆجرىسى تەرەپكە قاراپ قويۇپ، — ھەممە ئىشلىرىڭنى بىر ئوبدان جايلاشتۇرۇپ ھالىڭدىن خەۋەر ئېلىشقا ئىمەنغۇ تۇزكور.

— سەن بىلمەيسەن، مېنىڭ نېمە كۆنگە قالغىنىمنى بىلمەيسەن، بىلمەس بولۇۋالدىڭ ... بايا دېدىم، زاۋۇتتىن مېنى ھەيدەشنىڭ كويىغا چۈشتى بۇ گۇيلار ... يەنە تېخى ھەممە ئادەم مېنى يۇمشاقباش دەيدۇ، بوزۇق خوتۇننى ساقلاۋاتىدۇ دەپ زاڭلىق قىلىدۇ، ھارامدىن بولغان بالىنى بېقىۋاتىدۇ، دەپ كۆزگە ئىلمايدۇ، بۇلارنى ھېچكىم يۈزۈمگە سالمىغان بىلەن ئەمەلىيەتتە ھەممەيلەننىڭ شۇنداق ئويلايدىغانلىقىنى بىلىمەن، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ بۇزۇقچىلىقىڭنىڭ كاساپىتىدىن بولدى ... مېنىڭ يۈزۈم يوق، ھېچكىم مېنى ئەر كىشى دېمەيدۇ ... ھېچكىم مېنى ئادەم دېمەيدۇ ... مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى سەن بۇزۇقنىڭ كاساپىتى ... سەن بۇ ئۆيگە ھارامدىن بولغان بالىنى ئېلىپ كەلدىڭ ... مەن ھارامدىن بولغان بالىنىڭ دادىسى بولۇپ يۈردۈم.

— ئاغزىڭنى يۇم، قاراپ تۇرۇپ بالىلارنى ھارامدىن بولغان دەيسەن، ھامان بىر كۈنى زۇۋانىڭغا كۆيدۈرگە چىقىدۇ سەن چوشقىنىڭ.

— يالغانمىدى ئەمىسە ... چوشقا دەپ كەتكىنىڭنى ... گۈلپىيە دېگەن ھارىمى مېنىڭ بالام ئەمەس، ھارامدىن بولغان ... مېنى بىلمەيدۇ دېمە ... ئابدۇراخمان دېگەن ئىتنىڭ بالىسىدىن بولغان ئۇ.

ھايات بەك چىرايلىق داۋام قىلىۋاتقان شەھەردە مۇشۇنداق ئىشلار، مۇشۇنداق گەپلەر بولىدۇ، دېسە ئىشەنمەك بەك تەس.

— خۇدايا توۋا، ماۋۇ ھايۋاننىڭ گېپىنى ... ئۆز پۇشتىغا ھاقارەت قىلىدىغان چوشقا.

شۇ چاغدا ئىشىك تاراققىدە ئېچىلدى، كۆزى غەلىتە پارقىراپ

تۇرغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان، كېچىلىك كىيىمى يۇرۇلۇپ كەتكەن گۈلپىيە ئىشىكتە پەيدا بولدى.

— مەن ھارامدىن بولغان، مەن ھەممىنى بىلىمەن ... مېنىڭ ئانام بۇزۇق ... دادام ھاراقكەش ... مەن ھارامدىن بولغان، بىزنىڭ ئۆي بۇزۇق خوتۇن، ھاراقكەش دادا، ھارامدىن بولغان بالا بىلەن تولغان، ئاھ خۇدا، مېنىڭ جېنىمنى ئالساڭچۇ ...

گۈلپىيە شۇ گەپلەرنى دەۋېتىپ يانغا يۇرۇلۇپلا تامغا ئۇستى، رازىيە ئېتىلىپ بېرىپ گۈلپىيەنى قۇچاقلىدى ... رازىيە ئانىسىنى ئىتتىرىۋېتىپ بىردە دادىسىغا، بىردە ئانىسىغا تىكىلدى، كۆزلىرى قورقۇنچلۇق پارقىرىدى، پېشانىسىدىن ئاققان قان ئاستا سىرغىپ مەڭزىگە چۈشتى، بېشىنى ئىككى يانغا كۈچلۈك چايقىدى، يوغان كۆكسى تەڭ چايقىلىپ لىغىرلاپ كەتتى.

— بالام، بۇنداق دېمە، ئۇنداق ئەمەس ... سەن پاك، مەن پاك، مۇنۇ ھايۋاننىڭ گېپىگە ئىشەنمە ... بايىقىدەك گەپلەرنى دېمە ... ۋاي خۇدايىم، پېشانەڭ يېرىلىپتۇغۇ سېنىڭ، كەل، تېڭىپ قوياي.

رازىيەنىڭ پۇت - قولىدا جان قالمىدى.

— يېقىن كەلمە!

گۈلپىيەنىڭ قاتتىق چىرقىرىشى بىلەن رازىيە جايىدا تۇرۇپ قالدى.

گۈلپىيە ئانىسى بىلەن دادىسىغا تىكىلىپ تۇرۇپ بىردىنلا جان - جەھلى بىلەن ۋارقىرىدى:

— مەنسۇر ھارامدىن بولغان ... ئۇ ساراڭ بولۇپ قالدى!

گۈلپىيەنىڭ چىرقىراشلىرىدىن مەستلىكتىن كۆزى يۇمۇلۇپ كېتىۋاتقان شاكىرمۇ چۆچۈپ كەتتى. رازىيە ئاغزىنى ئاچقىنىچە ھاڭۋېقىپ قالغاندى.

گۈلپىيەنىڭ كۆزلىرى ئالىيىپ مەيدىسىنى تۇتقىنىچە تۇگۇلۇپ قالدى، ئاندىن ئەلەملىك چىرقىرىدى:

— ۋايجان ... مېنى قۇچاقلىما، مېنى سۆيمە ...

گۈلپىيە كۈچلۈك سىلكىنىپ، چىرقىراپ بىر قولى بىلەن گېلىنى مەھكەم سىقىپ، يەنە بىر قولى بىلەن ئىشتىنىنىڭ بوغقۇچىنى تۇتقىنىچە جالاقلاپ تىترەشكە باشلىدى. گۈلپىيەنىڭ ھالىنى كۆرگەن رازىيە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قىزىغا قاراپلا قالدى.

— ۋايجان ... مەن باسقۇنچىلىقتا ئۇچرىدىم ... ۋايجان ... يامان بولساڭ كېلە ... مانا ئەمىسە ... كېلە يامان بولساڭ ...

گۈلپىيەنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن، پېشانىسىدىن ئاققان قان يۈزلىرىنى بۇلغىغان، ئۇنىڭ ئاغزىدىن كۆپۈك ئۆرلەپ كۆزىدىن ئوت ياناتتى. رازىيە ھوشىنى يوقاتقاندەك قاراپ تۇراتتى، شاكىر ئاغزىنى قىيشايتىپ گۈلپىيەگە تىكىلگىنىچە بۇتتەك تۇرۇپ قالغانىدى.

گۈلپىيە ياندىكى ئۇستەلدە تۇرغان چايداننى ئېلىپ ئىشككە ئاتتى، چايدان تاراڭلاپ سۇنۇپ ئاپپاق شېشىلەر ھەر يان چېچىلدى. پارقىراق ئەينەك پارچىلىرى ئارىسىدىن ھور كۆتۈرۈلدى.

— مېنى سۆيمە ... مەن ئۇنىمايمەن ... مەن دېگەن ئەنۋەرنىڭ خوتۇنى ... مېنىڭ ئېرىم بار ...

گۈلپىيە بىر قولىدا گېلىنى سىقىپ، بىر قولىدا ئىشتان بېغىنى چىڭ تۇتقىنىچە كەينىگە تىرەجەيتتى.

گۈلپىيەگە قاراپ قېتىپ قالغان شاكىر بىردەمدىن كېيىن ۋارقىرىدى.

— ئۇ ساراڭ بولدىمۇ نېمە ... نېمە دەۋاتىدۇ ئۇ؟

— مەن ساراڭ ... مەن بۇزۇق ... مەن ھارامدىن بولغان ... مېنىڭ دادام ھاراقكەش، ئانام بۇزۇق خوتۇن ... ۋايجان، ئادەم بارمۇ؟ ... مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار، مەن تۇگەشتىم، ۋايجان، ئۆلىدىغان بولدۇم، گۈلباھار سىبىرىقنى ئۇرۇڭلار ... ئەنۋەر ... ئەنۋەر ... ئەنۋەر ... ئۇنى ئۇرۇڭ ... مەنسۇر ساراڭ بولدى،

ئانىسى بۇزۇق ... ھارامدىن بولغان مەنسۇر سارالڭ بولدى ...

شۇ چاغدا تۆردىكى ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا چىقىپ قاراپ تۇرغان ئەزىمەتكە ھېچكىم دىققەت قىلمىدى. ئۇ شۇ يەردە تۇرغىلى خېلى بولغاندەك قىلاتتى. كىچىكىدىن خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇغان بۇ بالا بۇ ئۆيدە بولۇۋاتقان قىيامەت قايىمدىن قورقۇپ كەتكەندەك پارقىراپ تۇراتتى.

گۈلپىيەنىڭ چىرقىراشلىرى ئۇزۇن داۋاملاشتى. بۇ بەلكىم مۇشۇ شەھەرنىڭ شۇ كېچىسى كۆرگەن نۇرغۇن چۈشلىرىنىڭ ئىچىدىكى بىرى بولۇشى مۇمكىن، شەھەرنىڭ نۇرغۇن چۈشلىرى ئارىسىدىكى رەڭگى قارا ياكى قارىغا مايىل چۈشلەرنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن. ھاياتتىن مەڭگۈ كېچىشكە بولمايدۇ، ھاياتتىن مەڭگۈ كەچكىلى بولمايدۇ، ھاياتتىن كېچىش مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس. ئەمما بەزىدە بەزى ئادەملەرنىڭ ھاياتتىن راستلا كەچكۈسى كېلىدۇ، ئۆلۈمگە تەلپۈنۈپ قالىدۇ ... بۈگۈن كېچە بىر ئۆيدىكى ئىككى يۈرەكتە شۇنداقراق بىر تۇيغۇنىڭ سۇس شولىسى يېنىپ قالدى.

— جېنىم قىزىم، ئۇنداق قىلما ... سەندىن خوش بولۇپ كېتەي ... ۋارقىرىما، ۋارقىرىمىغىن قىزىم، قوشنىلار بىلىپ قالمىسۇن ... خوش بولۇپ كېتەي، قىزىم، يۈزىمىز يەر بولىدۇ.

رازىيە گۈلپىيەنى ناھايىتى تەستە بەزلەپ بولدى، پۈت - قولىدا ماغدۇر قالمىدى. بۇ چاغدا شاكىر ئىككى قولىنى ئىككى يانغا تاشلاپ خورۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى.

— سەن بۇزۇقچىلىق قىلمىغان بولساڭ مەن مۇشۇ كۈنگە قالمايتتىم.

گۈلپىيەنىڭ كۆزلىرى يوغان ئېچىلىپ چاچراپ چىقىپ كېتىدىغاندەك چەكچەيدى.

رازىيە قورقىنىدىن كەينىگە شوخشىدى.

— ياق، مەن ھېچ يامان ئىش قىلمىغان.

— ئەمىسە دادام نېمىشقا شۇ گەپنى دەيدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئۇ دېگەن ساراڭ.
— مەنمۇ ساراڭمۇ؟
— ياق.
— ساراڭنىڭ بالىسى ساراڭ بولىدۇ، بۇزۇقنىڭ بالىسى بۇزۇق بولىدۇ.

رازىيە يۈرىكىنىڭ ھالسىزلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى، ئۇ چارچىغان، بەك ئۇزاقتىن بېرى چارچاۋاتقاندەك قىلاتتى.

رازىيە تۇرغان جايىدا تامغا يۆلىنىپ قالدى، ئاندىن تامدىن سىيرىلىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۆزىمۇ ئاران ئاڭلىنىغۇدەك پىچىرلىدى:

— مېنىڭ كۆرىدىغان كۈنۈم بار ... مەن ئابدۇراخماننى قىلىپ سالغان، بىچارىنىڭ بۇقۇلداپ يىغلاشلىرى ھېلىمۇ ئېسىمدە، مەن شۇڭا مۇشۇ تارتقۇلۇقلارنى تارتىۋاتىمەن.

رازىيە شۇ گەپلەرنى دەۋېتىپ كالتە ئىشتان بىلەن ئۆرە تۇرغان ئوغلىنى كۆرۈپ قالدى. ئەزىمەت نېمە دېيىشىنى، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي چەكچەيگىنىچە قاراپ تۇراتتى.

گۈلپىيە ئۇزاقتىن كېيىن ھوشىغا كەلگەندەك بولۇپ، رازىيەنىڭ يۆلىشى بىلەن ھۇجرىسىغا كىرىپ ئۆزىنى تاشلاپ ياتتى، ئۇنىڭ ئويغاق يا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى، رازىيە گۈلپىيەگە ئۇزاققىچە قاراپ ئولتۇردى، گۈلپىيەنىڭ ئېغىر پۇشۇلداشلىرى ۋەھىمىلىك ئىدى.

رازىيە ھارغىن ئورنىدىن تۇرۇپ ھاڭۋېقىپ قاراپ قالغان ئوغلىنى يېتىلەپ جايىغا ئەكىرىپ ياتقۇزدى، ئەزىمەت قورقۇپ كەتكەندەك قىلاتتى، شاكىرنىڭ خورىكى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ چاترىقىنى كېرىپ، قوللىرىنى ئىككى يانغا تاشلاپ ئاغزىنى يېرىم ئېچىپ ياتقان ھالىنى كۆرۈپ رازىيەنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى، مىشىلداپ يىغلىدى. شۇ ھالدا ئۆيدىكى جىملىققا بەرداشلىق بېرەلمەي ئىچ - ئىچىدىن ئۆكسۈدى. خارمۇش ئولتۇرۇپ ناھايىتى نۇرغۇن ئىشلارنى ئەسلىدى، قىز ۋاقتىدىكى

كۆلكىلىرى، مەخمۇت دېگەن بالا بىلەن مۇھەببەتلەشكەنلىرى، ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى سۆيۈشكەنلىرى، مەخمۇتنىڭ ئەسكەرلىككە كېتىپ قايتىپ كەلمىگەنلىرى، كېيىنكى كۈنلەردە ئابدۇراخمان بىلەن توي قىلماقچى بولغانلىرى، ئابدۇراخماننى نامرات كۆرگەن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تويغا قوشۇلمىغانلىقى ... گاھ مەخمۇتنى، گاھ ئابدۇراخماننى سېغىنىپ يىغلىغانلىرى ... ھەممىنى ئەسلىدى، يەنە ئەسلەيدىغانلىرى جىقتەك قىلاتتى. شاكىر بىلەن يېڭى تونۇشقان مەزگىللەردىكى شاكىرنىڭ چىرايى، كېيىنكىلىرىنى يادىغا ئالالمىدى، ھەممە نەرسە ئۆتۈپ كەتكەندەك، ئۆزىگە تەۋە ھېچنېمە قالمىغاندەك ئويلايتتى، مەخمۇت بىلەن ئارىلاشقانلىرىنى شاكىرغا ئۆز ئاغزى بىلەن دېگەنىدى، ئابدۇراخمان بىلەن توي قىلماقچى بولغانلىقىنى شاكىر خەقلەردىن ئاڭلىغان، خەقلەر ئۇنىڭغا نېمە دېگەن بولغىيدى؟ ... مەخمۇت بىلەن بولغان ئىشلارنى ئېرىگە ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتقانلىقىغا ھازىرمۇ ھەيران قالىدۇ.

گۈلپىيە چايداننى چېقىۋەتكەن شۇ ئاخشىمى ئىشىك چېكىلدى. ئۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۈستىبېشىنى تۈزەشتۈرۈپ، ئىشىكنى ئاچتى، ئىشىكتە ئاستىنقى قەۋەتتىكى قوشنىسى ئايىمخان قاراپ تۇراتتى، ئايىمخاننىڭ ئۇزۇن قارا كىيىملىرى بۇ ئايالنى سۇرلۇك ھەم سىرلىق كۆرسىتىپ تۇراتتى.

— ئۆيدە بىر ئىش بولدىمۇ نېمە، رازىيە؟

— ياق ... ھېچ ئىش يوق، ئايىمخان ئاچا.

— بىرنېمىلەرنىڭ چېقىلغىنىنى ئاڭلاپ تېخى باللارنىڭ بىرەرى يىقىلىپ كەتكەنمىدۇ دەپتىمەن.

— ياق ... ھېچ ئىش بولمىدى.

— بىرەر ئىش بولسا ماڭا دەڭ ... بىز دېگەن قوشنا، رازىيە ... — ئايىمخان رازىيەنىڭ ئۈستىبېشىغا قاراپ قوشۇمىسىنى تۈردى، — بولسا مانداق ھەرەڭ ـ سەرەڭ بىر نېمىلەرنى سىلىۋېتىپ تۈزۈكرەك كىيىنىپ يۈرۈڭ ...

پالاكەتچىلىك دېگەن ھەر قىسما سەۋەبتىن بولىدۇ، بالىلار ئاتا ـ ئانىلارنىڭ كاپارىتىگە كېتىدىغان ئىش بار ... كېيىنىشكە دىققەت قىلىڭ ... بولمىسا ئەتە بىزنىڭكىگە كىرىڭ، سىزنى ئۆزۈم جابدۇپ قوياي ...

ئەتىسى رازىيە قانداقتۇر بىر كۆچىنىڭ تەسىرىدىن ئايىمخاننىڭ ئۆيىگە كىردى، بىرەر سائەتلەردىن كېيىن رازىيە باشقا بىر ئايالغا ئوخشاپ ئۆيىگە يېنىپ چىققاندا شاكىر ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ ھەيران قالدى.

— مانىڭ تۇرقىنى ئەمدى ... نېمە ئۇ كىيىۋالغىنىڭ؟

— كىيىم ... ئەھلى مۇسۇلمان بولغاندىكىن مۇشۇنداق كىيىنىپ يۈرگۈلۈك ئىكەن، ئايىمخان ئاچام شۇنداق دېدى.

— مانىڭ گېپىنى ئەمدى ...

شاكىر كۈلدى، كۈلكىسىدىن مەسخىرە قىلغىنى ياكى ھەيران قالغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئەتىسى بىر ئىش بىلەن رازىيەنى ئىزدەپ كەلگەن گۈلنىگار رازىيەنىڭ يېڭى تۇرقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

— بۇ كىيىۋالغانلىرىڭ ...

— ھەيران قالما، رازىيە، يېشىمىزمۇ بىر يەرگە باردى، بىز يامان ئىش قىلساق پالاكىتى بالىلارغا بولىدىكەن، شۇڭا ئادەمدەك كىيىنىپ يۈرەيلى، بولسا سەنمۇ شۇنداق كىيىنىپ يۈرگىن.

گۈلنىگارنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى رازىيەگە ھەيرانلىق بىلەن تىكىلگەندى.

ئەزىمەت شۇ كۈنى قايتىدىغان چاغدا ئۈيغۇرچە گەپنى تەسىرەك سۆزلەپ كۆڭلىدىكى گەپنى دېدى:

— مەن ... ئەمدى بۇ ئۆيگە كەلمەيمەن ... بۇ ئۆيدىكى ئادەملەرنىڭ بىرسىمۇ نورمال ئەمەس ئىكەن.

رازىيە ئوغلىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ داڭ قېتىپ قالدى.

رازىيە ئېغىر ئەسلىمىلەرنىڭ قوينىدىن چىقالماي قالدى. بارات موللام بىلەن گۈلپىيەنىڭ نىكاھىنى ئوقۇش ئۈنىڭغا

ۋەھىمىلىك تۈيۈلاتتى، يەنە بىر تەرەپتىن موللامىنىڭ يېنىدا تۇرسا، ئۇخشىلىپ قالىدىغان گۈلپىيەنىڭ ھالىغا قاراپ ئىككىلىنىپ قالاتتى.

رازىيە ئەسلىمە ئىچىدىن چىقالماي قالدى.

رازىيە كونا ـ يېڭى ئىشلارنى تولا ئەسلەيتتى، ئايىمخاننىڭ تۇنجى قېتىم رازىيە بۇ ئۆمرىدە كىيىپ باقمىغان ئۈزۈن قارا كىيىملەرنى كىيدۈرگەنلىكى، شۇ كۈنى ئايىمخاننىڭ ئۇزاققىچە داۋاملاشقان قورقۇنچ، ۋەھىمە بىلەن تولغان ۋەز ـ نەسىھەتلىرى، گۈلپىيەنى موللامغا ئوقۇتۇشنىڭ پايدىسى ھەققىدە دېگەن سۆزلىرى يادىغا كېلىۋالاتتى، قانداق قىلسا مەيلىدى، گۈلپىيە ساقايسىلا بولاتتى. گۈلپىيە ئۇچۇن يۈرىكى كۆيۈپ تۇراتتى، بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ ئاخىرىنىڭ نەدىن چىقىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. رازىيە گۈلپىيەنىڭ دوستى نادىرە دېگەن قىزنى يادىغا ئالدى، نادىرەنى كۆرسە گۈلپىيە شۇ قەدەر مۇلايىملىشىپ كېتەتتى، كەيپىمۇ ئۇخشىلىپ قالاتتى، رازىيە نادىرەنى ئەسلەۋاتقان دەملەردە، نادىرەمۇ ئەسلىمە ئىچىگە غەرق بولغانىدى، كىچىككىنە يۈرىكىگە ئۇرۇلغان سوغۇق دولقۇنلار ئۇنى شۇركۈندۈرەتتى. بۇ شەھەردە ھەممىيلەننىڭ ئەسلىمىسى بار، ھېچكىمگە دېيەلمەيدىغان يۈرەك سۆزلىرى بار، ئىككىنچى بىراۋغا دەپمۇ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرالمايدىغان، خاتىرجەم بولالمايدىغان ئىشلىرى بار، يوقلىرى يوقنىڭ دەردىدە، بارلىرى بارنىڭ دەردىدە ... شۇ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا يېشى يەتمىشتىن ئاشقان بىر بوۋاي ئىلكىدىكى ناھايىتى نۇرغۇن پۇلنى قانداق قىلىشنى بىلەلمەي، ئىزتىراپتا قالغان، جېنى قىيىنىلىپ، كۈنلىرى تەستە ئۆتۈۋاتاتتى.

## 68

سەردار خاترە كومپيۇتېرىنى كۆتۈرگىنىچە بىنانىڭ ئالدىغا

كەلدى، كونىراپ قالغان ياغاچ كارىۋاتتا بارات قويچى ئولتۇراتتى. بۇ قوشنىلارنىڭ ئىشلەتمەيدىغان كارىۋىتى بولسا كېرەك، كىم بىرسى مۇشۇ يەرگە جايلاشتۇرۇپ، ئەسكى كىگىزدىن بىرنى سېلىپ قويغانىدى، ئاخشاملىرى بىكارچىلىقتىن ئىچى پۇشقانلار كارىۋاتتا ئولتۇرۇۋېلىپ جاھاننىڭ تۈرلۈك پاراڭلىرىغا مەلىكە بولۇپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈشەتتى.

— سىلىنى تاپماق ئەجەب تەس بولۇپ كەتتى، سەردار دوختۇر، — دېدى بارات قويچى ئىككى قولىنى يىراقتىن سوزۇپ كېلىپ، — سىلى بىلەن دېيىشىدىغان جىددىي بىر ئىش چىقىپ قالدى.

— بۇ ... — سەردار تەمتىرەپ قالدى، — ئەمىسە ... ئۆيگە كىرەيلى، نېمە گەپ بولسا ئۆيدە دېيىشەيلى.

— بولدى، ئۆيگىمۇ كىرمەيلى، مۇشۇ يەردە دەۋېرەي، ھېلىقى پۇلنىڭ ئىشى چاتاق بولىدىغاندەك قىلىدۇ قارىسىلا.

— قانداق دەيلا؟

— كۈيۈ ئوغۇل دېگەن بىرنېمىلەر ئۆينى تولا چۆرگۈلىگىلى تۇردى، ئىلگىرى قىچقارمىسام كەلمەيتتى، قىچقارساممۇ غۇدۇرىشىپ بويىنىنى باغلىغاندەك كېلەتتى، تۇنۇگۈن ئولتۇرسام ئىككىسى بىراقلا كەپتۇ.

سەردار ئىسمىنى بىلمەيدىغان بىر تۈپ دەرەخنىڭ تازا ئاينىيالمىغان شاخلىرىغا قاراپ قويدى.

— نېمە دەپ كەپتۇ؟

— نېمە دەيتتى، قېيىنئاتا، قېرىپ قالدىلا، يالغۇزلۇق يامان، سىلىنى ئۆيلەپ قويايلى دەپ مەسلىھەتلەشتۇق، دەيدۇ.

— بۇ بەلەن گەپ بوپتۇغۇ، ماقۇل دېسىلە، قول - قولچە تۇتۇش قىلىپ سىلىنى ئۆيلەپ قويايلى، ئۆزلىرىمۇ ئۆيلىنىشنىڭ گېپىنى قىلاتتىلە.

بارات قويچىنىڭ ئۇششاق قورۇقلار بىلەن تولغان بويىنى لىپىلداپ تۇراتتى.

— قارىسىلا سىلىنى، بۇنىڭ تېگىدە ئويۇن بار.

— نېمە ئويۇن؟

— نېمە ئويۇن بولاتتى، بۇلار مېنى ئۆيلەپ قويغان بولۇپ مەقسىتىگە يەتمەكچى. بۇ نائىنسابلار مېنى بىرەر قېرى خوتۇنغا باغلاپ قويۇپ، شۇ خوتۇننىڭ قولى بىلەن پۇلۇمغا ئىگە بولۇشنى قەستلەۋاتىدۇ.

سەردار داڭ قېتىپ قالدى.

— نېمە دەيدىغانلا ئەمدى؟ ...

— مەنچە شۇنداق، چوقۇم شۇنى قەستلىمدى، بولمىسا مەن بويتاق يۈرگىلى شۇنچە يىل بولدى، بۇ چاغقىچە ھېچ گەپ يوق، ئەمدى تۇرۇپلا بۇ ئىشنى كۆتۈرۈپ چىقامدۇ، ئۇلار چۆچۈرىنى خام ساناپتۇ، مەن بارات قويچى تېخى پۈتون، ھېچكىمگە بوزەك بولمايمەن.

سەردارنىڭ بارات قويچىغا ئىچى ئاغرىدى، بۇ كىشىگە يېپيېشقان ئون مىليوننىڭ دەردى ـ بالاسى يېتىشمىگەندەك، ئەمدى بۇ پۇلغا چاڭ سالغانلارغا قارشى تۇرۇشنىڭ خاپىلىقى چاپلىشىپتۇ، بەزى ئادەملەرگە ياشىماق راستلا مۈشكۈل ئىشقا ئايلىنىپ قالىدۇ. بارات قويچىنىڭ ئىشلارنى شۇنچە مۇرەككەپ ئويلاشلىرى سەردارنى ھەيران قالدۇردى.

— ئىش سىلى ئويلىغاندەك ئەمەستۇ، بارات ئاكا، ئارتۇقچە گۇمان قىلمىسىلا.

— گۇمان ئەمەس، سەردار دوختۇر، مەن بۇ گۇيلارنى ئوبدان بىلىمەن، مېنىڭ قىزلىرىمنىڭ بىرسىنىڭمۇ ئەقلى يوق، ئەرلىرى قاياقتا باشلىسا شۇ ياققا ماڭىدىغان بىرنېمىلەر ئۇ، كاللىسى ئىشلىمەيدىغان، قارىسام قىزلىرىممۇ شۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدىغاندەك قىلىدۇ.

— نېمە دېمەيلى، بالىلارنىڭ سىلىنى ئۆيلەپ قويايلى دېگىنى يامان ئىش ئەمەس.

— قويسىلا بۇ ئىشنى.

— سىلى ئۆزلىرىمۇ ئۆيلىنىدىغانىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتاتتىلىغۇ.

— بىر - ئىككى خوتۇن بىلەنغۇ كۆرۈشكەن، بۇ گەپنى سىلىگىمۇ دېدىم، جېنى بىر تومۇردا قالغان قېرى خوتۇنلارنى ئالاي دېسەم ئالتە پاتمان پۇلنىڭ گېپىنى قىلىدۇ، شۇڭىمۇ ئۆيلىنىشتىن يالتايغانىدىم، ئەمدى مۇنۇ كويۇ ئوغۇللارنىڭ ھىيلىسىنى قارىسىلا ...

بارات قويچى سۆزلەۋېتىپ يىراقتىن كېلىۋاتقان سەمەتجاننى كۆرۈپ ئۇدۇق - بۇدۇق بولۇپ كەينىگە شوخشىدى.

— مەن قايتاي، سەردار دوختۇر، مېڭىسىنى قاغا چوقۇپ كەتكەن ساراڭدىن بىرسى كەلدى، مۇشۇ دوخاۋا گەدەن تاز جېنىمدا مېنى بوزەك قىلىشنىڭ كويىدا ...

بارات قويچى بىرنېمىلەرنى دەپ غودۇڭشىغىنىچە كېتىپ قالدى، ئۇنىڭ دومبىسى چىقىپ قالغان، پۇتلىرى ئېگىلىپ كەتكەنىدى، تىزىدىن تاش مايماق بولۇپ قالغان پۇتلىرى كىشىگە تىترىگەندەك كۆرۈنەتتى.

سەمەتجان كەلسە گەپ ئاۋۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن سەردار ئالدىراپلا ئۆيىگە ماڭدى. ئەتراپىمىزدىكى بەزى ئىشلار پاشىدەك، چىۋىندەك بىرھالدا بىزنى بىزار قىلىدۇ، قېچىپ باقىمىز، قېچىپ بولالمايمىز، بىرنەرسىلەرنى قوغلايمىز، يېتەلمەيمىز ... بىزنى ھەر تۈرلۈك ئىشلار كۈتۈپ تۇرىدۇ، ساقلاپ تۇرىدۇ، سەردار سەمەتجاننىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاشتىن قېچىپ ئۆيىگە ئالدىراپ كىرىپ كەتكەندەك ئىشلارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. بىز دائىم دېگۈدەك تۈرلۈك خەۋەرلەر ئارىسىدا گاڭگىراپ قالىمىز، ئۆزىمىزگە ئالاقىدارلىرىمۇ، ئالاقىسىزلىرىمۇ بىزنى ئۆزىگە

تارتىپ تۇرىدۇ، ئەڭ ياخشى خەۋەرلەرمۇ، ئەڭ يامان خەۋەرلەرمۇ ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ، بەزى خەۋەرلەر ھاياتىمىزنى ئۇڭدا ـ دۇمدە قىلىۋېتىدۇ، بەزىدە خۇددى نادىرەگە ئەيدىزنىڭ خەۋىرى يەتكەندەك مۇدھىش ئىشلارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. ھاياتنىڭ رەڭگى تۈمەن خىل، ھاياتنىڭ تۇز ـ تەمى تۈمەن خىل، بىزگە تەۋەلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايمىز ...

## 69

نادىرە جىمجىت ئولتۇراتتى، جىمجىتلىق ئۇنىڭ روھىنى يالماپ يەيتتى، جىمجىتلىقتىن چىقىپ كېتىشتىن قورقاتتى، جىمجىتلىقتىنمۇ قورقاتتى.

نادىرە ئەيدىز ھەققىدىكى قاباھەتلىك خەۋەرنى ئاڭلىغان كۈننى يادىدىن چىقىرالمايتتى.

نادىرە قاراڭغۇراق ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ قورقۇنچلۇق بىر نەرسىنىڭ ئۆزىگە يېقىنلىشىۋاتقان شەپىسىنى سېزىۋاتقاندەك قىلاتتى. بىر سېستىرا ئۇنى بۇ ئۆيگە باشلاپ ئەكىرىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ تامدىكى ئۈچ تال ھەرپكە قارىدى. ئۇ بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ ھەرپلەرگە دىققەت قىلمىغانىدى، ئىنگلىزچە ئۈچ تال ھەرپ سوغۇق تەرزدە كۆزگە چېلىقاتتى، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ جىمى جاھانى مۇشۇ ئۈچ تال ھەرپ ئىچىدىكى دەھشەتلىك مەنىلەر بىلەن ۋەيران بولۇپ كەتتى.

نادىرە شۇ كۈننى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمىسا كېرەك.

سۇس يورۇپ تۇرغان ئۆينىڭ تۆمۈر ئىشىكى ئېچىلىپ ماسكا، كۆزئەينەك تاقىغان بىرەيلەن كىرىپ كەلدى.

— مۇسبەت چىقتى.

نادىرە دوختۇرنىڭ مۇشۇ گېپىنى، مۇشۇ چاغدىكى ئاۋازىنى ھەر قېتىم يادىغا ئالسا يۈرىكى سىرقىرايدۇ.

ئارىدا يەنە بىرمۇنچە گەپلەر بولدى.

— سىزگە دېمىسەك بولمايدۇ، خېنىم ... سىز ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىپسىز!

نادىرە يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى.

قاراڭغۇ ئۆي، تامدىكى ھەرپلەر، ماسكا تاقىۋالغان دوختۇر ... ھەممە نەرسە شىددەت بىلەن پىرقىراپ قوپۇن ھاسىل قىلدى، نادىرە ئاشۇ قوپۇننىڭ مەركىزىگە كىرىپ قېلىپ شىددەت بىلەن پىرقىراپ بېشى ئايلىنىپ كەتتى. دوختۇرنىڭ كۆزئەينەك ئاستىدىكى كۆزلىرى قىزارغان، ئاۋازىمۇ قىزىل بولۇپ ئاڭلاندى.

بۇ ئەمەلىيەتتە ئۆلۈم ھۆكۈمنامىسى ئىدى.

نادىرەنىڭ ئېشەنگۈسى كەلمىدى.

ئەمما ئىشەنمەي بولمايتتى.

ۋاقىت ناھايىتى ئاستا ئۆتۈۋاتقاندەك ئىدى، ماسكا تاقىۋالغان دوختۇرنىڭ ئۇنىڭغا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرى باردەك، ئەمما دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىغاندەك ئىدى.

دىلمۇرات كۆز ئالدىغا كەلدى.

ئۆلۈمنىڭ قارا قاناتلىرى ئىككى ئادەمنىڭ بېشىغا قارا سايىسىنى تاشلاۋاتاتتى ... زۆھرە، ساجىدە ... ئىككى ... ئىككى ئەمەس ... دىلمۇرات ... ئۇنىڭ نۇرغۇن ئاياللار بىلەن ئالاقىسى بار.

نادىرەنىڭ كۆز ئالدىدىكى جاھان بۇرۇقتىغا ئوخشىماي قالدى. ئۇ ناھايىتى ئاسانلا يىغلايتتى، ئەمما بۈگۈن يىغلىيالمىدى.

نادىرە تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن تېلېفون نومۇرىنى باستى، دىلمۇراتنىڭ نومۇرىنى نەچچە رەت خاتا بېسىپ قويدى، ئۇنىڭ بارماقلىرى سېزىمىنى يوقاتقاندەك ئىدى.

— نادىرە!

دىلمۇرات «ۋەي» دېيىشنىڭ ئورنىغا نادىرەنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ تېلېفوننى ئالدى.

— سىز بىلەن كۆرۈشمىسەم بولمايدۇ.

نادىرەنىڭ ئاۋازى ئۈلۈكنىڭكىگە ئوخشاپ قالسا كېرەك، دىلمۇرات نادىرەنىڭ ئاۋازىنى تەستە ئىلغا قىلدى.

— نېمە بولدىڭىز، نادىرە؟

— نادىرە ئۆلدى.

— چاقچاق قىلماڭ.

— ئىككىمىز ئۆلىمىز ... ئۆلىدىغانغا ئۇزاق قالمىدى، دىلمۇرات.

دىلمۇرات بىلەن نادىرە تېلېفوندا ئۇزۇن سۆزلەشتى، نادىرەنىڭ ھەربىر سۆزى دىلمۇراتقا ۋەھىمىلىك، تاقىقا ـ تۇققا بولۇپ تۇيۇلدى.

— مەست بولۇپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟

— بىكار گەپنى قويايلى، سىز نەدە؟ دەرھال يېنىمغا كېلىڭ.

— بولىدۇ.

نادىرەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ دىلمۇراتنىڭ ئۈمۈچۈك تورىدەك غىربىلىق لەيلەپ يۈرىدىغان كۆزلىرى قېتىپ قالدى.

— مۇمكىن ئەمەس.

— مانا.

نادىرە قولىدىكى قەغەزنى دىلمۇراتقا ئۇزارتتى.

دىلمۇرات ياغاچتەك قېتىپ قالغانىدى. ۋاقىت تاشتەك قاتتىق گەۋدىسى بىلەن دىلمۇراتنى مەھكەم بېسىپ تۇراتتى. دىلمۇرات نادىرەنىڭ سۆزىگە ئىشىنەلمىدى، كۆپكۆك ئاسمان، يېشىل دالا، گۈزەل نادىرە، سانىنى ئېلىپ بولماق تەس بولغان زور پۇل ... مۇشۇلار دىلمۇراتقا تەۋە، دىلمۇرات مۇشۇلار بىلەن ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ مۇشۇ كۈنگە كەلگەن، ئۆزىنى ئالداپ مۇشۇ كۈنگە كەلگەن، ئۆزىنى ئەڭ ئەقىللىك ئادەم، ئەڭ رەزىل ئادەم، ئەڭ باي ئادەم ھېسابلاپ، مۇشۇلاردىن تەسەللى ھەم غورۇر تېپىپ ياشاپ كەلگەن ... مۇشۇنداق نەرسىلەر بار دۇنيادا ئۆلۈم ياكى ئۆلۈم

بىلەن تەڭ ئەيدىز دېگەن نەرسە دىلمۇراتنىڭ ۋۇجۇدىدا بولسا، بۇ نەرسە ئادەمنى شەرمەندە ئۆلۈمگە باشلاپ بارسا ... بۇنىڭغا ئىشەنگىلى بولامدۇ؟ ئۆلۈم بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ، شەرەپلىك ئۆلۈم بولىدۇ، شەرمەندە ئۆلۈم بولىدۇ، نۇرغۇن ئادەمنىڭ نەزىرىدە ئەيدىزدىن كەلگەن ئۆلۈم شەرمەندە ئۆلۈم بولىدۇ. دىلمۇرات نادىرەنىڭ بايىقى گېپىگە ئىشىنەلمەي قالدى.

ــ نادىرە ... بۇ مۇمكىن ئەمەس، خاتا بولۇپ قالغاندۇ.

ــ مەنمۇ خاتا بولۇپ قالسىكەن دېگەن ... مەنمۇ شۇنى ئارزۇ قىلغان، ئەمما بۇ دېگەن نەچچە رەت تەكشۈرتكەندىن كېيىنكى نەتىجە.

دىلمۇرات نادىرەنىڭ ئاۋازىنىڭ پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى سەزدى.

ــ سىز بىلەن ئارىلىشىپ يۈرگەن ئاياللارغا دەڭ، ئۇلار دىققەت قىلسۇن ... بىز ئەمدى يەنە خەققە زىيانكەشلىك قىلساق بولمايدۇ.

دىلمۇرات ئەقىل ـ ھوشىنى يوقاتقاندەك ھاڭۋېقىپ قالغانىدى.

ــ سىز مېنى تۈگەشتۈردىڭىز ... بۇ ئىپلاس كېسەلنى نەدىن يۇقتۇرغاندىڭىز؟ ... دەڭە ...

نادىرە دەھشەتلىك چىرقىراپ دىلمۇراتنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ ئۇنى سىلكىشلىدى. دىلمۇرات كۆزىنى پارقىراتقىنىچە بۇتتەك ئولتۇراتتى.

ــ سىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن.

شۇ كېچىسى نادىرەنىڭ يىغىسى تاڭ ئاتقۇچە ئۈزۈلمىدى.

نادىرە ئاشۇ قاراڭغۇ ئەسلىمە ئىچىگە پات ـ پات شۇڭغۇپ كىرىپ قالاتتى. شەھەرنى قار قاپلىغان شۇ كۈننىڭ دەھشەتلىك كۈن بولغانلىقىنى كىم بىرلىرىگە دېگۈسى كېلەتتى. گۈلپىيە بىلەن كۆرۈشكەندە نەچچە رەت دېمەكچى بولۇپ يەنە ئاغزىدىن چىقىرالمىدى.

— مەن بەك بەختسىز، — دېدى گۈلپىيە نادىرەنىڭ بويىنىنى قۇچاقلاپ.

نادىرە گۈلپىيەنىڭ مەيۇس كۆزلىرىگە قاراپ، نۇرغۇن گەپلەرنى دېمەكچى بولۇپ يەنە دېيەلمىدى، گۈلپىيەگە نادىرە ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئاشۇ دەھشەتلىك كۈننى، ئاشۇ كۈندىن ئىلگىرى يۈز بەرگەن ئىشلارنى، ئۆلۈۋالماقچى بولغانلىرىنى، مۇرات ئۈچۈن ياشاۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بىر كۈنلەردە ھەممە ئادەم يىرگىنىدىغان تەرزدە جاھاندىن كېتىدىغانلىقىنى ... مۇشۇلارنى بىرمۇبىر دېمەكچى بولۇپ يەنە دېيەلمىدى.

— ئۇنداق دېمە ... سەن قانداقلا بولمىسۇن ياشىيالايسەن.

نادىرە يۈرىكىنى ئېزىپ تۇرغان دەھشەتنى گۈلپىيەگە مەڭگۇ دېيەلمىسە كېرەك. ئىككىيلەن مۇرات بىلەن ئەنۋەرنىڭ گېپىنى قىلىشىپ بىر ـ بىرىنى قۇچاقلىشىپ يىغلاشتى.

بەخت بەزى ئادەملەرنى مەھكەم قۇچاقلاپ تۇرىدۇ.

ھەممەيلەننىڭ ئۆزىنىڭ بەختى بولىدۇ، ھەممەيلەننىڭ ئۆزىنىڭ دەردى بولىدۇ. ئۆزىنىڭ بەختىنى بىلەلمەيدىغان، ئۆزىنىڭ دەردىنى ھېس قىلالمايدىغان ئادەملەر بولىدۇ.

— مېنى يوقلاپ تۇر، سېنى كۆرسەم كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالىدۇ، — دېدى گۈلپىيە.

— ئەلۋەتتە، سېنى يوقلاپ تۇرىمەن، ئاق توشقىنىم.

نادىرە گۈلپىيەنى ئاق توشقىنىم، دەپ ئەركىلىتەتتى.

نادىرە گۈلپىيەنىڭ لەۋلىرىدىكى چىرايلىق تەبەسسۇمنى كۆرۈپ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى.

مۇشۇ شەھەردە نادىرە ئىسىملىك بىر قىزنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ كۆڭلىرىنىڭ ۋەھىمە ئىچىگە غەرق بولۇپ ئۆتۈۋاتقانلىقىنى نۇرغۇن ئادەملەر بىلمەيدۇ، شۇ قاتاردا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى — سۇلكەتلىك ئايال گۈلنىگار بىلمەيدۇ. ھەممەيلەن نېمىلەردىندۇر قېچىپ قۇتۇلالماي، نېمىلەرنىدۇر قوغلاپ يېتىشەلمەي كۈن ئالىمىز. نۇرغۇن

ئادەمنىڭ كۆزىگە بەختلىك كۆرۈنىدىغان گۈلنىگار كۈنلىرىدىن رازى ئەمەس، ۋەسۋەسە ئىچىدە ئۆتۈۋاتقاندەك.
گۈلنىگار يۈرىكىنى تىڭشاپ خىيالغا پاتىدۇ.
ئۇ يىراقلاردىن مەنىسىنى ئۇققىلى بولمايدىغان چاقىرىشلارنى ئاڭلاپ قالىدۇ.

## 70

گۈلنىگار ئەينەكتىكى چىرايىغا قاراپ ئۇزاق ئولتۇردى. سىرتتا شامال چىقىۋاتاتتى، شۇ ھالدا سىرتتىمۇ شامال، خىيالغا پاتقان دەملەردە كۆڭۈلدىمۇ شامال. شامال گۈزەل نەرسە، يېقىملىق نەرسە، ئۇنىڭ يېقىملىقلىقى نەدە؟ گۈزەللىكى نەدە؟ يېقىملىقلىقى يەڭگىللىكىدە، گۈزەللىكى سۆيۈشلىرىدە.
گۈلنىگار مېھمانخانا ئۆيگە چىقىپ سەردارنىڭ قارشى تەرىپىدە ئولتۇردى، سەردار ساپادا ياتقىنىچە كىتاب ئوقۇۋاتاتتى.
«سىزنى سېغىندىم ... »
گۈلنىگار تېلېفونغا قاراپ قويدى، ئاندىن تېلېفوننى ئېلىپ سەردار تەرەپكە سۇرۇپ قويدى، سەردار گۈلنىگارنىڭ تېلېفونىنى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭ كىملەرگە تېلېفون بەرگەنلىكىنى، كىمگە ئۇچۇر يازغانلىقىنى، ئۈندىداردا كىملەر بىلەن پاراڭلاشقىنىنى تەكشۈرسە بولاتتى، مۇشۇنداق قىلسا، گۈلنىگارنى تىللىسا، ئۇرسا، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئاجراشماقچى بولسا بولاتتى، شۇنداق قىلسا گۈلنىگارنىڭ قەلبىدىكى ئىشەنچ قايتىدىن يورۇق يۈز ئاچاتتى.
— قايسى كىتابنى ئوقۇۋاتىسىز؟
— «سۆيگۈ ۋە قىساس» دېگەن كىتابنى ئوقۇۋاتىمەن.
— سىز بۇنداق كىتابلارغا قىزىقمايتتىڭىزغۇ؟
— بۇ كىتابقا قىزىقىپ قالدىم.
سەردار كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرمەي جاۋاب بەردى.

www.uyghurkitap.com

«ئۇنىڭ خىيالىدا مەن يوق، ئۇ مېنى ئۇنتۇپ كەتتى، نەچچە ئون يىل كىيگەن چاپاننىڭ ئەستىرىنىڭ رەڭگىنى، تۈگمىسىنىڭ سانىنى بىلمىگەندەك ئۇ ماڭا ئالاقىدار ئىشلارنى بىلمەيدۇ، بىلگەنلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتى، ئۇنىڭ خىيالى ھېلىقى ئايالدا ... چولپان ... تولكە جىن ... ئىپلاس ئالۋاستى ...» گۈلنىگارنىڭ يۈرىكى كۆكسىگە پاتمىغاندەك بولۇپ كەتتى. «مەن بىر كۈنلەردە داڭلىق ئايال بولۇپ كېتىمەن ... ئېرىنىڭ ئاشنىسىنى ئۆلتۈرگەن ئايال بولۇپ قالىمەن ... چولپان مەندىن چىرايلىقمۇ، ياق! ئۇنىڭ زادى نەرى مەندىن ئارتۇق؟ ياشلىقىمۇ؟ مېنىڭ ئۇنىڭدىن نەرىم كەم؟»

گۈلنىگار ئۆزىدىن ئەنسىرەپ قالدى. ئۇشتۇمتۇت قاراملىق قىلىپ، ئەقلىنىڭ سىرتىدا ئىشقىلىپ قويۇشىدىن قورقاتتى ... ئۇنىڭ ئەڭ قورقىدىغىنى ناۋادا ئۇ چولپان بىلەن ئۇرۇشسا، جېدەللەشسە، مۇشۇ سەۋەبلىك سەرداردىن ئايرىلىپ قالاتتى، قانداقتۇر بىر كۈچلۈك ئىچكى تۈيغۇ گۈلنىگارغا ھەرقاچان مۇشۇنداق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ تۇرىدۇ. ئۇ بەزىدە قانغا مىلىنىپ ياتقان چولپاننى تەسەۋۋۇر قىلىپ قالىدۇ، بەزىدە بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن چولپاننى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ ... يەنە بەزىدە چولپان كۆكرىكىگە پىچاق تىقىلغان ھالدا كوچىدا ياتىدۇ ... نۇرغۇن ئادەملەر جان تالىشىۋاتقان چولپاننى ئورىۋالىدۇ، سەۋەبى ھەققىدە سۆزلىشىدۇ ... نۇرغۇن ئاياللار خوپ بوپتۇ، دەيدۇ. ئارقىدىن گۈلنىگار قاراڭغۇ ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ. دادىسى، ئاق بۆجەن، يەنە مومىسى ... مومىسى ئۇنىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ يىغلايدۇ: «بىر ئەسكى جانغا ياخشى جاننى تېگىشىپسەن، جان قىزىم ... »

گۈلنىگار لېۋىنى چىشلىدى.

تېلېفوندىن ئۈچۈر سىگنالى كەلدى.

«سىزنى بەك سېغىندىم.»

دىلمۇرات يەنە ئۈچۈر يازغانىدى. بايىقىغا ئوخشىمايدىغان

يېرى بۇ قېتىم «بەك» دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويغانىدى.

«ۋا دەرىخ، مەن بۇ يەردە بىر ئەرگە تەلمۈرۈپ ئولتۇرىمەن، ئۇنىڭ ماڭا قارا كۆزى يوق، ئۇ يەردە بىر ئەر ماڭا زارىقىپ ئولتۇرۇپتۇ، مېنىڭ سەردارىغا تەلمۈرۈشلىرىم ئۇنىڭ ئېرىم بولغىنى، بالىلىرىمنىڭ دادىسى بولغىنى ئۈچۈنمۇ ياكى ئۇنى سۆيگىنىم ئۈچۈنمۇ؟»

گۈلنىگار ئۇچۇرغا قاراپ قويدى، دىلمۇرات تەقەززالىق بىلەن ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتۈۋاتقاندەك قىلاتتى.

«سىز نەدە؟»

گۈلنىگار شۇ ئۇچۇرنى يېزىپ ئەۋەتتى.

«مەن سىزنىڭ يېنىڭىزدا.»

«سىزنى كۆرمىدىمغۇ؟»

«يۈرىكىڭىزگە قاراڭ.»

«چاقچاق قىلماڭ.»

«مەن يۈرىكىڭىزگە كىرىۋالدىم.»

هايات ئادەملەرنى مەسخىرە قىلىپ ھىجايغىنىچە ئۆتۈۋاتقاندەك قىلاتتى. بىچارىلىق ھەممە يەرگە تويپا ـ چاڭدەك يېيىلىپ يۈرسە كېرەك.

گۈلنىگارنىڭ يۈرىكىدە شادىمان بىر تۇيغۇ پەيدا بولدى، بۇنى نېمە دەيمىز؟بۇ بەلكىم قەدىرلىنىشتىن پەيدا بولغان شېرىن ھېس بولسىمۇ كېرەك. گۈلنىگار ئىسسىق ھاياجان ئىچىدە، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ئولتۇرۇپ قالدى.

يەنە ئۇچۇر سىگنالى كەلدى.

«چاقچاق قىلدىم، ھامان بىر كۈنى يۈرىكىڭىزگە كىرىمەن، كىرگەندىمۇ يۈرىكىڭىزدىن چىقمايدىغان بولۇپ بولۇپ كىرىمەن ... يۈرىكىڭىز ھامان مېنىڭ.»

ناۋادا ...

گۈلنىگار چۆچۈپ كەتتى.

ئۇ غەيرەتكە كېلىپ خىيالىنىڭ داۋامىنى قىينىلىپ

داۋاملاشتۇردى: « ناۋادا كۈنلەرنىڭ بىرىدە دىلمۇراتنى ياخشى كۆرۈپ قالسام، ئۇنىڭ يۈرىكىمگە كىرىشىگە يول قويسام، ئىشلار قانداق بولۇپ كېتەر؟ ئۇ چاغدىكى گۈلنىگار قانداق گۈلنىگار بولىدۇ ... بەختلىك گۈلنىگار، شەرمەندە گۈلنىگار، پۇشايمانلىق گۈلنىگار، ئۆزىنى قايتا تېپىۋالغان گۈلنىگار ... بەختنى ئېچىلغان گۈلنىگار ... »

ئۇنىڭ كۆڭلى سوغۇق تەرلەپ كەتتى، سوغۇقلۇق تومۇرلىرىغا، سېزىملىرىگە، ئەسلىمە ھەم تەسەۋۋۇرلىرىغا شۇۋۇلداپ ئېقىپ كىردى.

— سەردار.

— ھە.

— سىزگە دەيدىغان گېپىم بار ئىدى.

— دەۋېرىڭ.

— مەن ئۇشتۇمتۇت يوقاپ كەتسەم قانداق قىلىسىز؟

— نېمە؟

— مەن ئۇشتۇمتۇت يوقاپ كەتسەم قانداق قىلىسىز؟

سەردار مىيىقىدا كۈلۈمسىرىدى، لەۋلىرىدىكى تەبەسسۇم گۈلنىگارغا سوغۇق تەسىر قىلدى.

— بۇ مۇمكىن ئەمەس، سىز يوقاپ كەتمەيسىز.

— ناۋادا ... ناۋادا يوقاپ كەتسەم ...

— ناۋادا دەيدىغان گەپ يوق.

— سىز ماڭا شۇنچە ئىشىنەمسىز؟

— ئەلۋەتتە، مەن سىزگە ئىشەنمىسەم كىمگە ئىشىنىمەن؟

گۈلنىگار كىتابقا تىلكىلىگىنىچە ساپادا سوزۇلۇپ ياتقان سەردارغا قاراپ ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى، كۆز ئالدى گاھ قىزىللىقا گاھ قاراڭغۇلۇققا كەپلىشىپ قالاتتى، بالا ۋاقتىدىكى ئاق بۆجەن بىر يەردىن سەكرەپ چىقىپ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلەتتى، بۆجەننىڭ قىپقىزىل كۆزى جۇلالاپ تۇراتتى، قىزىل ياقۇتتەك ... يۈرەكنىڭ بىر تامچە قىزىل قېنىدەك.

— ساپادا ياتمىسىڭىز بوپتىكەن، — دېدى گۈلنىگار قىلغىلى گەپ تاپالمىغاندەك.
— كۆنۈپ قاپتىمەن.
گۈلنىگارنى قىزغۇچ خىياللار قاساشقا باشلىدى.
«ماڭا ئىشىنىپ يامان قىلدىڭىز ... مەندىن گۇمانلانسىڭىز بولاتتى، شۇ هالدا، مەن سىزنىڭ يېنىڭىزدا تۇرۇپ باشقا بىر ئەر بىلەن سىردىشىشۋاتىمەن، مۇڭدىشىشۋاتىمەن، ئۇنى سۆيۈش - سۆيمەسلىك خۇسۇسىدا ئىككىلىنىۋاتىمەن، سىزنىڭ ئەركەكلىك شەۋكىتىڭىزگە چۈشۈن قونۇۋاتىدۇ ... سىز مېنىڭ خىيالىمنى بىلىشىڭىز، تېلېفونۇمغا قاراپ بېقىشىڭىز، مېنى سوراققا تارتىشىڭىز، نەچچە تەستەك سېلىشىڭىز كېرەك ئىدى، ئاندىن مېنى بۇ ئۆيدىن، سىز ۋە بالىلىرىم بار بۇ ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىشىڭىز كېرەك ئىدى، مەن بۇ ئۆينىڭ خائىنى بولۇپ قالدىم، بالىلىرىمغا، ئېرىمگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشلارنى، خىياللارنى قىلىۋاتىمەن ... مېنى ئۇرۇڭ، مېنى دەسسەڭ، شۇنداق قىلىڭ، شۇنداق قىلسىڭىز مېنى قۇتقۇزۇۋالىسىز، مېنى قۇتقۇزۇڭ، سەردار، مەن يارنىڭ لېۋىگە كېلىپ قالدىم، شۇنداق قىلسىڭىز ئۆزىڭىزنىمۇ قۇتقۇزۇۋالىسىز ... سىزنىڭ ئەرلىك شەرىپىڭىز پايمال بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ.»
...
ئادەم بولماق نېمانچە تەس ...
سىرتتا قانداقتۇر بىر نېمىنىڭ تاراق - تۇرۇقلىرى ئاڭلاندى، قوشنىلار بىرنېمىلەرنى يۆتكەۋاتسا كېرەك. شەھەرنىڭ يەڭگىل تىنىقلىرى ئارىسىدا بۇگۈنكى ۋاقىتنىڭ شەپىسىز سۆرىلىپ ئۆتۈشلىرىنى هېس قىلغىلى بولاتتى.
كوچىلاردا ئادەملەر، ماشىنىلار، موتسىكلىتلار ھەريان چېپىشىپ يۈرەتتى. هاياتلىق سەھنىسىدە بىر - بىرىدىن غەلىتە روللارنى ئېلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ قىياپەتلىرى، روھىي ئالەملىرى كۆلكىلىك ئىدى.

— چاي ئىچەمسىز؟
— ياق، ئۇسسىمىدىم.

ئايالىلارنىڭ دەردى تۈگىمەيدۇ، ھەربىر ئايالنىڭ دەردىنىڭ رەڭگى، تۈز ـ تەمى ئوخشىمايدۇ، ئېرىنىڭ دەردىدە قالغان، بالا دەردىدە قالغان، ئاشنىسىنىڭ دەردىدە قالغان، گاڭگىراپ قالغان ... تۈرلۈك ـ تۈمەن ئايالىلارنىڭ تۈرلۈك ـ تۈمەن دەردى بار. گۈلنىگارنىڭ دەردىمۇ ئەنە شۇنداق سان ـ ساناقسىز ئايالچە دەرد ـ ئەلەملەرنىڭ ئىچىدىكى ئوخشىمايدىغانراق بىرى.

— تېلېفونىڭىزنى كۆرۈپ باقايمۇ؟

سەردار كىتابتىن كۆزىنى ئېلىپ، ھەيران بولغاندەك گۈلنىگارغا قاراپ چەكچەيدى. ئاۋازى تونۇگۇنكى ئاۋازىغا ئوخشىمايدىغاندەك قىلاتتى.

— نېمىشقا؟ نېمىدەپ مېنىڭ تېلېفونۇمنى كۆرگۈڭىز كېلىپ قالدى؟

— كۆرگۈم كەلدى، ئىككىمىز تېلېفونلىرىمىزنى ئالماشتۇرۇپ كۆرۈپ باقايلى، سىزمۇ مېنىڭكىنى كۆرۈڭ.

— نېمە دەيدىغانسىز؟ — سەردارنىڭ ئاچچىقى كەلگەندەك قىلاتتى، سول قېشى ئېگىزلەپ ئوڭ قېشى پەسلەپ كەتتى.

— بۇ شۇنداقلا بىر گەپ، كۆرگەنگە نېمە بوپتۇ؟

— تۈزۈك گەپ قىلىڭا، بىز نېمىشقا بىر ـ بىرىمىزنىڭ تېلېفونلىرىنى كۆرۈپ يۈرگۈدەكمىز؟ نېمە بۇنداق غەلىتە خىياللارنى قىلىپ قالدىڭىز؟

— بۇ مۇنداقلا قىزىقىشقۇ.

— بۇ غەلىتە قىزىقىش ئىكەن، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئىشلارغا قىزىقىپ يۈرمەڭ.

سەردار شۇنداق دەپ بولۇپ تېلېفونىغا قاراپ قويدى.

— ئەمىسە سىز مېنىڭ تېلېفونۇمنى كۆرۈپ بېقىڭ.

سەردار بىزارلىق بىلەن قوشۇمىسىنى تۈردى.

— نېمىشقا كۆرىمەن؟

— مەسىلەن، مەن كىملەر بىلەن ئالاقىلىشىمەن، كىملەر بىلەن ئۇچۇر يېزىشىمەن ... مۇشۇلارنى بىلمۇېلىك دەيمەن.
— نېمىشقا بۇنداق قىلىمەن؟
— مەن سىزنىڭ خوتۇنىڭىز، ئەلۋەتتە ... ماڭا دىققەت قىلىپ تۇرۇشىڭىز كېرەك.
سەردار ئېغىر تىنىپ، بېشىنى چايقىدى.
— مەن سىزگە ئىشىنىمەن، سىز بىلەن مەن چاكىنا ئەر - خوتۇنلارغا ئوخشاپ قالساق بولماس، مەن سىزنىڭ تېلېفونىڭىزنى كۆرۈپ يۈرسەم بولمايدۇ، خۇددى سىزگە ئىشەنمىگەندەك ... . سىزمۇ مېنىڭكىنى كۆرمەڭ.
— ماڭا شۇنچە ئىشىنەمسىز؟
سەردار گەپ قىلمايلا گۈلنىگارغا تىكىلدى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن ماڭا خوتۇن بولغان ئايالنىڭ ماڭا خىيانەت قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، دەيدىغان ئىشەنچ ھەم سوغۇق غۇرۇر چاقناپ تۇراتتى.
گۈلنىگار سەردارنىڭ قاراشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي يەرگە قارىۋالدى.
ھازىر سەردار بىلەن ئۇرۇشاي دېمۇ ئۇرۇشقىلى بولمايدىغان بولۇپ كېتىپتۇ.
— چاقچاق قىلىپ قويدۇم، خاپا بولدىڭىزمۇ؟
— خاپا بولمىدىم، ھەيران قالدىم، — دېدى سەردار كىتابقا قارىغىنىچە.
گۈلنىگار كۈلۈپ قويۇپ تېلېفوننى ئالدى.
«ئەته سىزگە تېلېفون قىلاي.»
ئۇ ئۇچۇرنى يېزىپ بولۇپ بىردەم تۇرۇپ قالدى، ئاندىن تەبىئىي رەۋىشتە يوللاش دېگەن كۇنۇپكىنى بېسىۋەتتى، يۈرىكى ئېغىپ كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى شوخلىق تاياق بىلەن ئۇرغاندەك ئاغرىپ كەتتى. دىلمۇراتنىڭ ئۇن بىر خانىلىق سانغا ئۆزگىرىپ كەتكەن ئوبرازى كۆز ئالدىدا لىپىلداپ يەتتە خىل رەڭدە جۇلالاپ

ئۆتۈپ كەتتى.

«رەھمەت، مەن ساقلايمەن.»

دىلمۇرات شۇ ھامان ئۇچۇر قايتۇرغانىدى.

تېلېفوننىڭ ئېكرانىدا «مەرەز» دېگەن خەت تۇراتتى.

دىلمۇراتنىڭ ئۇچۇرىغا قاراپ تۇرغان گۈلنىگار سەسكىنىپ كەتتى، تۇيغۇلىرى شۇركۈندى، غىپىرىبلىقنىڭ كۆل رەڭ مانالىرىنىڭ كۆل تۈزۈندىسىدەك يېيىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

«ئۇلۇغ خۇدا ... كۆڭلۈمگە ئىنساب بەرگەيسەن! مەن تۈگىشىپ كېتىمەن، ناۋادا مەن ئاشنىسى بار ئايالغا ئايلىنىپ قالسام تۈگىشىپ كېتىمەن، ئاشكارا بولۇپ كەتسە تۈگىشىپ كېتىمەن، مەن لەنەتكە قالىمەن، تۆكۈرۈككە ئايلىنىپ كېتىمەن ... مويۇنچۇر، ئىلتەبىر، سەردار ... ھەممەيلەن مېنى كەچۈرمەيدۇ، نامىم سېسىيدۇ، بىرسىنىڭ چىرايلىق ئىشىدىن نامى چىقسا ھېچنېمە دېمەي جىممىدە تۇرۇۋالىدىغان ئادەملەر، ناۋادا مېنىڭ يامان نامىم چىقسا ھەممىسى چىۋىندەك ئولىشىپ كېلىدۇ، باشقىلارغۇ مەيلى، مەن ئۆزۈمنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىمەن، مەن مۇشۇنچىلىك ئادەم ئىكەنمەن، بۇزۇق خوتۇن ئىكەنمەن، دەپ ئويلاپ قالسام تۈگىشىمەن.»

گۈلنىگار شۇ كېچىسى پەقەت ئۇخلىيالمىدى، ھۇجرىسىنىڭ دېرىزە پەردىلىرى سوغۇق ساغىنىلاپ تۇراتتى، گۈلنىگار كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ تاتلىق ئۇخلاۋاتقان سەردارنىڭ يوتقىنىغا كىرىپ سەردارنى مەھكەم قۇچاقلىدى، چۆچۈپ ئويغانغان سەردار گۈلنىگارنى ئاستا ئۆزىگە تارتتى، بۇ تارتىشلاردىن مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشتىن باشقا ھېچبىر تۇيغۇ، قىزغىنلىقنى ھېس قىلغىلى بولمايتتى.

قىستاپ كەلگەن ئاچچىق يىغا گۈلنىگارنىڭ تۇيغۇلىرىغا بوراندەك يېيىلدى.

— نېمە بولدىڭىز؟ ... — دېدى سەردار ئاستا پىچىرلاپ،

گۈلنىگار ئۈششۈك تارتىپ يىغلاۋاتاتتى. سەردار ئۇنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىدى.

— ھېچنېمە. مېنى چىڭ قۇچاقلا ... سىزنى يوقىتىپ قويغۇم يوق ... پەقەت يوقىتىپ قويغۇم يوق ... مېنى تاشلىۋەتمەڭ ...

دېرىزىنىڭ سىرتىدىكى دۇنيا ئېغىر ۋاقىت قاناتلىرى ئارىسىدىن كەلگەن سالقىنلىق ئىچىدە سوزۇلۇپ ياتىدۇ. ھەممە نەرسە ھەممىگە تونۇش ۋاقىت ئىچىدە ئاستا ـ ئاستا بىر شەكىلدىن يەنە بىر شەكىلگە كىرىدۇ، مەنىسى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق، بىر ـ بىرىدىن مۇھىم مەنىلەر نەمخۇش قاناتلىرى بىلەن تۇيغۇلىرىمىزنى غىدىقلاپ ئۆتىدۇ، ھەممىمىز ھەر دەقىقىدە ئۆزگىرىپ بارىمىز، سىم ـ سىم يامغۇر ياغقان كۈنى شىددەت بىلەن كەلگەن ماشىنا تەقدىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن پالەچ يىگىت سىزىقسىز قەغەزگە يېزىلغان شېئىرلىرىنى بىرمۇبىر يىرتىپ تاشلىدى، ئۇ ئۆزى ھېس قىلغان مەنىلەردىن بىزار بولۇپ كەتسە كېرەك، ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى بىلەن قەغەز پارچىلىرى ئارىلىشىپ كەتتى.

## 71

پالەچ بولۇپ قالغان بىر بالا كىچىك شەھەردىكى كىچىك ئۆيدە خىيال بىلەن ئولتۇراتتى، ئۇ ھېچنېمىگە ئىشەنگىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى، ئۇ يۈرىكىگە قايسىبىر بۇلۇڭلاردىن كىرىۋالغان مۇشۇ خىلدىكى خىياللارغا ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدى، نادىرەنىڭ ئەيدىز بىلەن يۇقۇملانغانلىقىنى ئاڭلىغان كۈنىدىن باشلاپ دۇنيا ئۇنىڭغا ئوت ئىچىدە قالغانەك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. بەزى خەۋەرلەرگە ئىشەنگىلى بولمايتتى، ئەمما يەنە بەزى خەۋەرلەرگە ئىشەنمەسلىككە باھانە تاپقىلى بولمايتتى.



www.uyghurkitap.com

نادىرە ئەيدىز بولۇپ قاپتۇ ... ئۇ قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالدى، ئىشەنگۈسى كەلمىدى، ئىشىنىپ قىلىشتىن قورقتى، مۇرات شۇ كۈننى مەڭگۈ ئۇنتۇيالماسلىقى مۇمكىن، شۇ كۈننىڭ يالغان بولۇشىنى تىلەپ ئۆمرى ئۆتۈشى مۇمكىن، شۇ كۈننىڭ ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان كۈن بولۇپ قىلىشىنى ئارزۇ قىلىپ خىياللارغا چۆكۈشى مۇمكىن. زۇكام، ئۆپكە كېسىلى، يۈرەك كېسىلى، رېماتىزىم ياكى ئۆزگە ئوخشاش پالەچ بولۇپ قالسا بۇنىڭغا خەيرىيەت، ئەمما ئەيدىز ... ئەيدىز ئەمەلىيەتتە ئۆلۈم بۇيرۇقى، ئۆلۈمنىڭ ھۆكۈمنامىسى، تەقدىر بەلگىلەپ بەرگەن ئاخىرەت كېسىمى.

مۇرات لىققىدە شېئىرلار بىلەن تولغان خاتىرە دەپتىرىگە تىكىلگىنىچە قېتىپ ئولتۇردى.

يىراق بىر يەردىكى كاككۇك ئۇزاق سايرىدى.

پالەچ يىگىت قولىدىكى قىزىل قەلەم بىلەن ئالىقىنىغا نادىرە دېگەن خەتنى يازدى، قەلەمنىڭ سىياھى قىزىل ئىدى، بۇ خەتلەر قانغا ئايلىنىپ ئۇنىڭ تومۇرلىرىغا كىردى، ئاندىن يۈرىكىگە يىڭنە بولۇپ سانچىلدى.

— سەن ئۆزۈڭنى ئەمەس، مېنى تۈگەشتۈردۈڭ.

ندا بەزىدە قارا رەڭلىك بولىدۇ، قارا بولغاندىمۇ بەكلا قارا.

— سىز مۇرات بولامسىز؟

مۇرات تېلېفوندىكى ناتونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ تەئەججۇپلەندى. ئۇنىڭ ئاۋازى پات ـ پات تېلېفون بېرىپ تۇرىدىغان ساۋاقداش قىزلارنىڭكىگە ئوخشىمايتتى.

— ھەئە، مەن شۇ.

— مەن زۆھرە، نادىرەنىڭ دوستى، سىزگە بىر گەپنى دېمىسەم بولمايدۇ ... بۇ گەپنى نادىرە سىزگە ئېيتىشىمنى تاپىلىغان.

— نېمە گەپنى؟

— نادىرە ئەيدىز بولۇپ قالدى ... بۇنى سىز چوقۇم

بىلمىسىڭىز بولمايدۇ.

مۇرات تېلېفونىنىڭ قاچان قولىدىن چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. قاراڭغۇ كېچىلەردە، دەھشەتلىك بوران گۈركىرىگەن دېڭىزدا يالغۇز قالىدىغان چاغلار بولىدۇ.

— نادىرە سىزگە پەقەت ئېيتماسلىقىمنى تاپىلىغان يەنە بىر گەپنىمۇ سىزگە يەتكۈزەي، ئۇ سىزنىڭ داۋالىنىش پۇلىڭىزنى تېپىش ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلدى.

ۋەھىمىنىڭ ئۇۋىسى چۇۋۇلۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئەتراپنى چۇمۇلە بېسىپ كەتسە چۇمۇلىنىڭ ئۇۋىسى چۇۋۇلۇپ كەتتى، دەيمىز، ئەتراپنى جىن بېسىپ كەتسە جىننىڭ ئۇۋىسى چۇۋۇلۇپ كەتتى دەيمىز ... . مۇراتنىڭ ئەتراپىنى، يۈرىكىنى، روھىنى، كۆڭۈل ئالىمىدىكى شەكلى غەلىتە بولۇپ قالغان دۇنياسىنى ۋەھىمە بېسىپ كەتتى.

— نادىرە ... سەن زادى نېمە ئىش قىلدىڭ؟

— مەن ھېچ ئىش قىلمىدىم.

ھاياتىمدىكى ئەڭ گۈزەل قىز ... مۇرات بىلەن دىلمۇرات بۇ قىزنى شۇنداق ئويلايتتى ... نادىرەنىڭ غەمكىنلىكىمۇ، شوخلۇقىمۇ، تەبەسسۇمىمۇ ... ھەممىسى بىر گۈزەللىك ئىدى.

— ئەمىسە نېمىشقا ...

— زۆھرە ساڭا يالغان ئېيتىپتۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى يالغان، تۆھمەت.

— بىراق زۆھرەنىڭ دېيىشىچە، ئۇنى بۇ گەپنى ماڭا يەتكۈزۈشكە سەن بۇيرۇپسەن.

— ئۇ ... خاتا دەپ قويۇپتۇ.

نادىرە مۇراتنىڭ چىرايىدىكى چىدىغۇسىز ئۇمىدسىزلىك ۋە ئازابنى كۆرۈپ يىغلاشتىن تەستە ئۆزىنى بېسىۋېلىپ شۇنداق دېدى.

— راست، خاتىرجەم بول، مەندە ئۇنداق كېسەل يوق، بۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

— ئەمىسە بۇ گەپ نەدىن چىقتى؟
— ھەممە گەپكە ئىشىنىۋەرگىلى بولمايدۇ.
— مەن قورقۇپ كەتتىم.
— قورقما، بۇ پۈتۈنلەي يالغان گەپ.
— زۆھرە دېگەن قىزنىڭ دېيىشىچە، بۇ گەپنى ماڭا دېيىشنى سەن ئېيتىپتىكەنسەن.

نادىرە چىرايلىق لەۋلىرىنى چىشلىدى.

— ئۇنداق ئىش يوق، بىز بەردەم بولايلى، مۇرات، بولمىسا ياشاپ بولالمايمىز.

نادىرە مۇراتنى مەھكەم قۇچاقلىدى، مېيىپلەر ھارۋىسىدا ئولتۇرغان مۇرات نادىرەنىڭ سۆيۈشلىرىدىن مەستخۇش بولدى، ئۇ كىشىنىڭ روھىنى ھەم ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالىدىغان مۇشۇ دەملەرنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىشىنى تىلىدى... جەننەت ھىدى كېلىدىغان شېرىن دەملەر ... ئەمما بىردەمدىن كېيىنلا مۇراتنىڭ يۈرىكى پارە - پارە بولۇپ، ئاخىر توزۇپ تۆكۈلگەيدۇ.

— زۆھرەنىڭ دېگەنلىرى راست ... — نادىرەنىڭ ئاۋازى قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىن چىقىۋاتقاندەك ئىدى.

— مۇمكىن ئەمەس!

— مەندىن يىرگەندىڭمۇ؟ — دېدى نادىرە كەينىگە چېكىنىپ.

— مېنى ئالداۋاتىسەن، شۇنداقمۇ؟

نادىرە ھېچنېمە دېمىدى.

— بۇلارنىڭ ھەممىسى يالغان، شۇنداقمۇ؟

نادىرە گەپ قىلمىدى.

— سەن بۇلارنى مېنى سىناش ئۈچۈن توقۇپ چىقتىڭ، شۇنداقمۇ؟

نادىرە بېشىنى چايقىدى.

— مۇرات، مەن بىر تەتۈر پېشانە قىز ئىكەنمەن، مەندىن قۇتۇلۇپ كەت!

www.uyghurkitap.com

نادىرەنىڭ ئاۋازى مىڭ يىللىق قەبرىلەرنىڭ ئۈستىدىن يەر بېغىرلاپ ئۆتكەن شامالنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايتتى.
مۇراتنىڭ كۆزلىرىگە جاھان رەڭسىز بولۇپ كۆرۈندى.
مۇرات بۇ دەردلەرنى ئىچىگە سىغدۇرالمىدى. نادىرەگە كەلگەن مەشئۇملۇقنى كۆڭلىگە پاتۇرالمىدى.

## 72

ياندىكى ئۆيدە «تىتانىك ناملىق پاراخوت» دېگەن كىنونىڭ ناخشىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ھەيۋەتلىك دېڭىز، ھەيۋەتلىك پاراخوت، ھەيۋەتلىك پاراخوتتىكى ھەيۋەتلىك مۇھەببەت ... پاراخوتتا يالىڭاچ ئايالنىڭ رەسىمىنى سىزىش، چەكسىز دېڭىزنى مەستخۇش قىلغان ئىشقىۋازلىق ... پاراخوتنىڭ مۇزتاغقا ئۇرۇلۇشى، پاراخوتنىڭ چۆكۈپ كېتىشى ...
سەردار بۇ كىنوغا ئامراق ئىدى، چولپان سەردارنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن بۇ كىنونى بىرنەچچە قېتىم كۆردى، ئەمما كېيىن ناخشىسىنى ئاڭلاپ، كىنوسىنى كۆرمىدى، كىنودىكى بەزى كۆرۈنۈشلەر ئۇنى خىجىل قىلىپ قويسا كېرەك، كېيىن مۇرات بۇ كىنونىڭ ناخشىسىغا ئامراق بولۇپ قالدى. بۇ كىنودىكى ھەيۋەتلىك ھايات مېلودىيەسى يۈرەكلەرنى لەرزىگە سالاتتى، ئادىمىيلىك پەزىلەت ھەم ھەقىقىي سۆيۈشنىڭ ئەڭ ھالقىلىق پەيتتە، جانغا تەھلىكە يەتكەندە سىنىلىدىغانلىقىنى، سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈشنىڭ سىرلىق، سېھىرلىك بولىدىغانلىقىنى مۇشۇ كىنودىن ھېس قىلغىلى بولاتتى.
چولپان ئۇھ تارتىپ قويدى، قۇلىقىغا سىڭىشىپ قالغان ناخشىنى ئاڭلاپ، نەچچە قېتىم كۆرگەن كىنونىڭ كۆرۈنۈشلىرى يادىغا يەتتى، ئىلگىرى بۇ ناخشىنى ئاڭلىسا چەكسىز كەڭلىككە يېيىلغان ئۇمىدنى ھېس قىلاتتى، ھازىر ناخشا ئاھاڭلىرى ئارىسىغا تۈگىمەس نىدا ھەم يىغا قاپلىشىۋالغاندەك سېزىلىپ

قالدى. ناخشىنى مۇرات ئاڭلاۋاتاتتى، يۈرىكى زىبدە بولغان مۇرات مۇشۇنداق ناخشىلارنىڭ سېھرىدىن ئارامسىزلىق ئىزدىسە كېرەك. چولپان ناخشىنىڭ چەكسىز دېڭىزنىڭ ماتانىتى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن قۇۋۋىتىنى سەزگىنىچە خاتىرە دەپتىرىگە قارىدى، خاتىرە دەپتىرىنىڭ ئاق بەتلىرىدە ئۇمۇ، باشقا بىرسىمۇ چۈشىنىپ بولالمايدىغان ئېغىر ھەم سۆزلۈك مەنىلەر چىمىرلاپ تۇرغاندەك قىلاتتى. يۈرەككە تالىق بەزى نەرسىلەرنى مەڭگۇ قەغەز يۈزىگە چۈشۈرگىلى بولمايدۇ، ئۇ نەرسە كىشىنىڭ يۈرىكىدە، ئاق قەغەزگە چۈشمىگەن ھالىتىدە تېخىمۇ چىرايلىق، تېخىمۇ جەزبىدار ھالىتىدە بولىدۇ، قەلەمدىن قەغەزگە تۆكۈلگەندىن كېيىن ئەسلىدىكىدەك بولالمايدۇ، ئەسلىدىكىدەك ھالىتىنى ساقلىيالمايدۇ ... . شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنە قەلەمنى قولىغا ئالدى، ئاندىن يازغانلىرىنى بىر ـ بىرلەپ يىرتىپ تاشلىدى.

تارتمىنى ئېچىپ سەردارنىڭ سۈرىتىگە قارىدى، سۈرەتنىڭ كەينىدە «چولپانىمغا، 2011 ـ يىلى 5 ـ ئاي» دېگەن خەتلەر تۇراتتى، سۈرەتتىكى سەردار سىرلىق كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن، لەۋلىرىدىكى تەبەسسۇمدىن، مەغرۇر قاراشلىرىدىن ئۆزىگە ئىشىنىدىغان ئادەملەردە بولىدىغان جازىبە بار ئىدى. چولپان سۈرەتنى لەۋلىرىگە باستى، يان ئۆيدىكى ناخشا ئاۋازى ئۆچۈپ جىملىق باشلاندى. ئۆينىڭ سىرلىق، يېقىملىق جىملىقىنىڭ ئىچىگە يۈرەككە يېقىملىق ئاراملىق بېرىدىغان نۇرغۇن شېرىن تەلپۈنۈشلەر سىڭىپ كەتكەندەك قىلاتتى.

«چىرايلىك كۈنلەر ... 2014 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ...»

ئۇ شۇنداق پىچىرلىدى، شۇ كۈنى ئۇ سەردار بىلەن توغراق ئورمانلىقىغا بېرىپ كەلگەنىدى. سەردار بىلەن كۆرۈشكىنىنى، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقىنىنى، ئۇنى سېغىنغانلىرىنى، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىنى چەكسىز بەختلىك ھېس

قىلغانلىرىنى يادىغا ئالدى، ئاندىن كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە لەيلەپ يۈرگەن قارا ئىستەك تۇيغۇلار دەۋرەپ كەلدى، ھامان بىر كۈنى گۈلنىگارنىڭ سەۋرى توشىدۇ، بۇنداق ئىشتا ئايال كىشىنىڭ تاقەت قىلغىنى ئەمەلىيەتتە تېخىمۇ يامان ئاقىۋەت يۈز بېرىدىغانلىقىدىن بىشارەت بولۇشى مۇمكىن ... گۈلنىگارنىڭ ھاقارەتلىك ئۈچۈرلىرى تۇرۇپلا توختاپ قالسا چولپاننىڭ ئەندىشىسى كۆچىيىپ كېتىدۇ، جىنايى ھېس يۈرىكىنى چىشلەيدۇ، گۈلنىگار ئۇنى ئۈچۈر ئارقىلىق ئەڭ يامان تىللار بىلەن تىللاپ تۇرسا كۆڭلى جايىغا چۈشىدۇ.

— بىر كۈنلەردە مۇشۇ ئىشلىرىمىز پاش بولۇپ قالسا قانداق قىلارمىز؟

چولپاننىڭ ئايانچلىق ئاۋازىنىڭ تىترىشى يۈرىكىدىكى ۋەھىمىنى ھېس قىلدۇراتتى.

— ئۇنداق بولمايدۇ.

— ئۇنداق بولمايدىغانلىقىنى قانداق بىلىسىز؟

— بىز ئېھتىيات قىلساقلا بولىدۇ، ھېچ ئىش يۈز بەرمەيدۇ.

— گۈلنىگاردىن ئەنسىرەيمەن.

— گۈلنىگاردىن خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇ بىلمەيدۇ.

چولپان سەردارغا ھەيران قالدى، سەردار گۈلنىگار بىلەن بىر ئۆيدە ئولتۇرىدىغان ئادەم، مۇشۇ ئىشلارنى گۈلنىگارنىڭ ئاللىقاچان بىلىپ بولغانلىقىدىن خەۋىرى يوق.

سەردار كۆزىنى چولپاندىن ئەپقاچتى، ئۇنىڭ بۇ ئىشلارنى گۈلنىگارنىڭ بىلىپ قالغانلىقىنى چولپانغا ئېيتىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلغۇسى كەلمىدى، چولپانمۇ گۈلنىگارنىڭ ئۆزىگە ئۈچۈر يوللاپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، سەردارنى بىئارام قىلىشنى خالىمىدى.

چولپان سەردارنى خىيال قىلمۇقتىپ، ئىككى ئاردا بولغان ئاشۇ پاراڭلارنى يادىغا ئالدى. چولپان گۈلنىگارنىڭ ئۆزىنى ئۈچۈر بىلەن تىللاپ تۇرىدىغانلىقىنى سەرداردىن يوشۇرۇپ



www.uyghurkitap.com

يۇردى، سەردار گۈلنىگارنىڭ چولپاندىن ئوچۇق ـ ئاشكارا گۇمان قىلىدىغانلىقىنى چولپاندىن يوشۇرۇپ يۇردى.

چولپاننىڭ غەملىرى كۆپ ئىدى.

كۆرۈش قۇۋۋىتى كۇندىن ـ كۇنگە ئاجىزلاپ كېتىۋاتقان مۇراتنىڭ قايغۇسىنى يوشۇرغان كۆزلىرىنى، ئاۋازىنى، ئۇنىڭ ئۆزىنى مەزمۇت ھەم بەرجەس كۆرسىتىشكە تىرىشقانلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۇردى.

— خاتىرجەم بول، ئاچا، مەن چوقۇم ساقىيىپ كېتىمەن، مېنىڭ پۇتۇم ناكار بولغىنى بىلەن قولۇم، كۆزۈم، كاللام ساق.

مۇرات شۇنداق دېگەن، ئۇ شۇ كۇنى تۇنجى قېتىم مېيىپلەر ھارۋىسىغا ئولتۇرغان، تۇنجى قېتىم ئۆز ھاياتىنىڭ ئۆزى ئويلىغان تەرزدە ئەمەس، ھايات سىزىپ بەرگەن يول بىلەن ماڭىدىغانلىقىنى سەزگەن، ئۇ شۇ كۇنى بۇ دۇنيانىڭ جاپا ھەم مۇشەققەتلىرىگە، مەسخىرە ھەم ئازابلىرىغا قەتئىي بوي بەرمەسلىك قارارىغا كەلگەنىدى. بۇ قارارنى ئۇ ئۆزى چىقاردى، بىر تۇرلۇك ئىلاھىي ئاۋاز ئۇنىڭغا پىچىرلاپ دەپ بەردى، بەزى توكۇرلار پۇتى ساقلاردىن تېز يۇگۇرىدۇ، بەزى ئەمالار كۆزى ساقلاردىن روشەن كۆرىدۇ، بەزى گاسلار قۇلىقى ساقلاردىن ياخشىراق ئاڭلايدۇ.

— بۇنى مۇراتقا بېرىڭ.

چولپان سەردارنىڭ قولىدىن «مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايە» دېگەن كىتابنى ئالدى، كىتاب يۇمشاق مۇقاۋىلىق، چىرايلىق بېزەلگەنىدى، كىتابتىن يېڭى كىتابتا بولىدىغان پۇراق كېلىپ تۇراتتى.

— رەھمەت.

— مۇرات ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزالايدۇ ... باشقىلارنى قۇتقۇزۇۋالالىغان ئادەم ئۆزىنى ئۆزى چوقۇم قۇتقۇزالايدۇ، سىز ئۇنىڭغا بەك يېپىشىۋالماڭ، ئۇنىڭغا ئاجىز ياكى مېيىپ قاتارىدا مۇئامىلە قىلماڭ، — دېدى سەردار.

— بولىدۇ.

«سەن مېيىپ ئەمەس، مېيىپلىك تەندە ئەمەس، روھتا بولىدۇ... ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ قۇتقۇزالايسەن، بەردەم، كۈچلۈك بولالايسەن.»

مۇرات قۇلاق تۈۋىدىكى بۇ شىۋىرلاشنىڭ فارابىينىڭ، جالالىدىن رۇمىينىڭ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ياكى ئارىستوتېلنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى ئۇزاق يىللاردىن كېيىن بىلدى. ئۇن سەككىز ياشلىق بۇ بالا شۇ ئادەملەرنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى كېيىنكى كۈنلەردە يورۇق قەلبى بىلەن چۈشىنىپ يەتكەندى.

— مۇراتقا كۆز تەگدى، — دېدى چولپان كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ.

— مۇرات چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، سەۋر قىلىش كېرەك، مەلۇم ۋاقىت كۈتۈشىمىز مۇمكىن، بىزنىڭ بۇ يەردىكى داۋالاشنىڭ ھالى شۇنچىلىك، زەخملەنگەن ئومۇرتقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىمكانى ھازىرچە يوق، بولۇپمۇ يۇلۇنغا زەخىم يەتكەندە. بېيجىڭ ياكى شاڭخەيدىكى دوختۇرخانىلاردا ئىنچىكە تەكشۈرتۈپ باقساق ئېنىق دىياگنوزنى بىلىمىز ... كۆڭلۈم تۈيۈپ تۇرىدۇ، مۇرات ھامان بىر كۈنى ساقىيىپ كېتىدۇ، بۇ خىل زەخىمنى داۋالاشنىڭ چارىسى جەزمەن تېپىلىدۇ.

— بۇ كۈننىڭ مۇراتنىڭ بېشىغا كېلىشى بەك ئادالەتسىزلىك بولدى ... بىز ئاتا - ئانىمىزدىن ئايرىلدۇق، كىچىكىمىزدە تارتمىغان كۈنىمىز قالمىغان، ئەمدى كۈننىڭ سىرىقىنى كۆرەي دېگەندە ... مۇرات ئەلىيۇلئەلا بولغانىدى ... ئىسست ...

چولپان ئۆكسۈپ يىغلىدى، ئۇنىڭ كۆلكىسىمۇ، يىغىسىمۇ يېقىملىق ئىدى.

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، ھەممە ئىشلار ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

— مەن ئۇنى چەت ئەلدە ئوقۇتماقچىدىم.

سەردار ھېچنېمە دېمىدى، چولپان ئۇنىڭ ئالىقىنىدىن كېلىۋاتقان نەمخۇش ئىسسىقلىقنى ھېس قىلغىنىچە جىمىدە ئولتۇراتتى، بەخت بىلەن ئاچچىق ئەسلىمىلەر ئارىلىشىپ كەتكەن. ئۇنىڭ سەردارنى مەھكەم قۇچاقلىغۇسى، ئۇنىڭ مورىسىگە ئېسىلىپ قانغۇچە يىغلىغۇسى كەلدى، كۆڭلىنىڭ ئاپپاق نۇرلىرى سۆزۈك ئەينەكتىن ئۆتۈپ خانىنى يورۇتۇپ تۇراتتى.

— نېمە يېگۈڭىز بار؟

— نېمە بولسا مەيلى.

— بىر نېمە دەڭ، نېمە بولسا مەيلى دەيدىغان تاماق يوق.

— خالىغانچە بۇيرۇتۇڭ، سىز نېمە يېسىڭىز مەنمۇ شۇنى يەيمەن.

— مۇرات نېمىگە ئامراق؟

— مانتىغا ئامراق.

— ئەمىسە مانتا بۇيرۇتايلى، بۈگۈن مۇراتنىڭ تامىقىنى يەيلى.

— ماقۇل.

چولپاننىڭ خاتىرىسىدە سەردار بىلەن دېيىشكەن سۆزلەر، سەردارنىڭ ئاۋازى، چىرايى، كۈلۈشلىرى، كۆز نۇرى ... ھەممە نەرسە شۇ قەدەر ئېنىق ساقلىنىپ قالاتتى.

مەن گۇناھكار بولۇپ قالدىممۇ؟ ئۆزۈمنى ئەيىبلىسەم، خوتۇنى بار ئەرنى يولدىن چىقارغىنىم ئۈچۈن ئازابلانسام، ئۆزۈمنى كەچۈرەلمەيدىغانلىقىمنى ئويلاپ، ئۆزۈمگە يۈز كېلەلمەي پاراكەندە بولسام بولاتتى، بىراق مەندە ئۇنداق تۇيغۇ، ئۇنداق خىيال يوق، سەردار خۇددى ماڭا تەئەللۇقتەك، مەڭگۈ ماڭا تەئەللۇق بولىدىغاندەك خاتىرجەملىك بىلەن ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرىمەن. مەن نېمىشقا بۇنداق بولۇپ قالدىم؟ ... خۇددى شۇنداق بولسا ھەممە نورمال بولىدىغاندەك ... . مەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم بىنورمال ياكى شاللاق ئايال بولۇپ كۆرۈنۈپ قالمىسام بولاتتى، شۇنداق ئويلاپ قالسام كۆڭلۈم تەس.

چولپان ئىلگىرى شۇنداق ئويلىغانىدى، ئەمما هازىر ئۇنداق ئەمەس ... هازىر ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى گۇناھ تۇيغۇسى ياز شامىلىدەك ئاستا كېزىپ يۈرىدۇ، سەرداردىن كېچەلمەيدىغانلىقىنى هېس قىلىدۇ، ئەمما هامان بىر كۈنى كەچمەي بولمايدىغانلىقىنىمۇ هېس قىلىپ قالىدۇ.

چولپان مۇراتنىڭ ئىستىقبالى هەققىدە باش قاتۇرغانلىرىدا كۆڭلى پاراكەندە بولىدۇ، ئۇنىڭ كۈنلىرىنىڭ خۇشال ئۆتۈشى ئۈچۈن هەرقانداق بەدەل تۆلەشنى تېگىشلىك هېسابلايدۇ، ئەمما چولپان ئۇزاقتا قالماي مۇراتنىڭ يۈرىكىنى پارە ـ پارە قىلىدىغان ئىشنىڭ يۈز بېرىپ بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندا، باش ئۇستىدە ئايلىنىپ يۈرگەن پالاكەتچىلىكلەرنىڭ سايىسىدىن قېچىپ ئۆلگۈرەلمەيدىغانلىقىنى هەسرەت بىلەن خىيالىدىن ئۆتكۈزىدۇ.

چولپان سەردار بىلەن ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلەپ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى، سەردار بىلەن بولىدىغان بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىشتىن قورقۇپ قالدى.

تېخى بايىلا «تىتانىك ناملىق پاراخوت» دېگەن كىنونىڭ هەيۋەتلىك ناخشىسى ياڭرىغان ئۆي جىمجىت ئىدى، چولپان مۇراتنىڭ يېنىغا كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى، كىرسىلا مۇراتنىڭ كۆزىنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا گەپ بولۇپ قالىدىغاندەك ئىدى، جىمجىت ئۆي چولپاننىڭ ئەسلىمىلىرى، ئۈمىدلىرى، غەملىرى بىلەن لىققىدە تولۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. چولپان شېرىن كەچمىشلىرى ئارىسىغا كىرىپ، تاتلىق مەستخۇش بولۇۋاتقان، بىردە مۇراتنىڭ ئەھۋالىدىن خاۋاتىرلىنىپ قايغۇغا چۆمگەن دەمدە، كىچىككىنە تۈرۈپ بېشىغا غەلىتە قىسمەتلەر كېلىۋاتقان گۈلپىيە شەهەرنىڭ تار كوچىلىرىنىڭ بىرىدىكى ئۆيدە ئەندىككىنىچە ئولتۇرۇپ، نىكاھ هەققىدە مالىمان خىياللاغا چۆككەنىدى. يەنە شۇ دەمدە، مۇشۇ شەهەردە ئەيدىز دېگەن قورقۇنچلۇق ئالۋاستىنىڭ بارلىقىنى بىلىدىغان، بىلگەندىمۇ ئۇنىڭ سەردار، گۈلنىگارلارغا يېقىن يەردە

ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان رەنا سوغۇق ھاياجان ئىلكىدە دىلمۇراتنى كۈتۈپ تۇراتتى.

## 73

رەنا دىلمۇراتنى كۆرۈپ سوغۇق ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى، دىلمۇرات ئېسىل كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيگەن، چاچلىرىنى مايلاپ چىرايلىق تارىۋالغان، قولتۇقىدا كىچىككىنە ئېسىل خۇرۇم سومكا، پۇتىدا چەت ئەلنىڭ خۇرۇم ئايىغى، ماشىنىسىمۇ شۇنچە ئېسىل.

رەنا دىلمۇراتنىڭ تۇرقىغا قاراپ ئۆزىنىڭ بىر يىللاردا مۇشۇ ئادەمنىڭ خوتۇنى بولۇپ ئۆتكىنىگە ئىشىنەلمەيلا قالدى. بىر كۇنلۇك ئەر ـ خوتۇنلۇقنىڭ يۈز كۇنلۇك مېھرى بولىدۇ دەيدۇ، ئەمما دىلمۇراتتىن بۇنداق ھېسسىياتنى كۆرگىلى بولمايدۇ، ئۇ رەناغا سوغۇققىنا قاراپ قويۇپ غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋازدا سورىدى.

ـــ كۆرۈشمەن دېگەنىدىڭىز، كەلدىم، نېمە گېپىڭىز بار ئىدى؟

رەنا دىلمۇراتنىڭ قاملاشقان تۇرقىدىن كۆزىنى ئېلىپ باشقا ياققا قارىۋالدى.

ـــ سىز بىلەن دېيىشمىسەم بولمايدىغان ئىككى ئېغىز گېپىم بار، دىلمۇرات، ماڭا راست گەپ قىلىڭ.

دىلمۇراتنىڭ مەغرۇر تۇرقى رەنانى قىسىپ قويۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

ـــ سوراۋېرىڭ، ـــ دېدى دىلمۇرات رەناغا تىك قاراپ تۇرۇپ.

ـــ بۇ گەپنى ئاغزىمدىن چىقىرىشمۇ تەس كېلىۋاتىدۇ، ئاكامنى ياخشى بىلىسىز، بەك ياۋاش ئادەم.

ـــ شۇنداق، بۇنى بىلىمەن.

ـــ ئاكامنىڭ ئايالى ساجىدەنى بىلىسىز ... شاللاقراق خوتۇن.

www.uyghurkitap.com

دىلمۇراتنىڭ ھەمساتتا پېشانىسىنىڭ قېنى قىچىپ، دۇدۇقلاندەك بولۇپ يەنە دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.

— بىز ئاجرىشىپ كەتتۇق، ئەمدى مەن ئۆيىڭىزدىكىلەرنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، ئۇ ئۇنداق، بۇ بۇنداق دەپ يۈرسەم قاملاشمايدۇ.

— ناھايىتى توغرا دېدىڭىز ... ئەلۋەتتە بەزى ئىشلارغا دىققەت قىلىڭ، دىلمۇرات، ساجىدە ئاكامنىڭ ئايالى ... خۇدا كەچۈرمەيدىغان ئىشلارنى قىلىپ سالماڭ ... كېيىن ئۆزىڭىز تارتىپ قالىسىز.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— ئاكام بەك ياۋاش، مۆمىن ئادەم، ياۋاش ئادەمنى خارلىغانلار ياخشى كۈن كۆرمەيدۇ.

— نېمىلەرنى دەپ يۈرىسىز؟ ... گېپىڭىزنى ئوچۇق دەڭ.

دىلمۇراتنىڭ كۆڭلى تۇمانلىنىپ، يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ كەتتى.

— بەلكىم ئۇنداق ئىش يوقتۇ ... خۇدايىم ئۆز پاناھىدا ساقلار ... ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا ... سىلەر ئادەمگە ئوخشىماي قالىسىلەر ... گەپىنىڭ ئوچۇقىنى دەي، دىلمۇرات، ساجىدەدىن يىراق يۈرۈڭ.

— قايسى ساجىدە ئۇ؟

— خۇپسەنلىك قىلماڭ ... مېنىڭ قايسى ساجىدەنى دېگىنىمنى سىزگە ئايان.

دىلمۇرات رەناغا تىكىلدى، رەنانىڭ مەڭزىدىكى قارا مەڭ ئۇنىڭغا غەلىتە كۆرۈندى.

— بۇ ئىشلاردىن خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ئۇنداق ھايۋاندەك ئىشنى قىلىدىغان ئادەم ئەمەس، ساجىدەنىڭ نورمال ئايال ئەمەسلىكىنى بىلىمەن، ئەمما ھەرقانچە بولسىمۇ مەن ئۇنىڭغا يامان نىيەتتە بولمايمەن، ئۇ قانداقلا بولمىسۇن مېنىڭ بۇرۇنقى قېيىنئاكامنىڭ ئايالى.

رەنانىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى. ئۇ ماشىنىسىغا قاراپ كېتىۋاتقان دىلمۇراتنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى، كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى.

دىلمۇرات ماشىنىسىغا چىقىپ ئولتۇردى، قاياقتىندۇر بىر نەرسە ئېتىلىپ كېلىپ مىجىۋېتىدىغاندەك يۈرىكى ئاسقتى.

«مەن نېمە قىلىپ قويدۇم، نېمىشقا شۇنداق قىلدىم ... بىردەملىك ھەۋەس، بىردەملىك نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ قىلغان ئىشلىرىمنىڭ جازاسىنى تارتىشقا توغرا كەلسە نېمە كۈنلەرنى كۆرەرمەن؟ ! ...»

ۋايىملىق تۇيغۇلار دىلمۇراتنىڭ يۈرىكىنى مەھكەم قىستى.

بۇ دىلمۇرات قار ياغقان كۈنى مەشئۇم خەۋەرنى ئاڭلاشتىن ئىلگىرى بولغان ئىشلار ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە دىلمۇرات ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىنىڭ مۇستەھكەم قوچىقىغا چىقىپ قالغانلىقىنى سەزگەنلىرىدە، مۇشۇ پالاكەتچىلىكلەرگە يولۇقۇشنى پاسىقلارچە جىنايەتلىرىگە تەڭرىنىڭ بەرگەن جازاسى دەپ ئويلاپ قالدۇ.

دىلمۇرات ئۆزىنىڭ مۇدھىش كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى ئۇققاندا ئۇجۇقۇپ كەتتى، نۇرغۇن كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز تاڭغا ئۇلىدى، سەردارغا بولغان نەپرىتى يەنىمۇ ئۇلغىيىپ كەتتى. ئۆچ ئېلىش ئىستىكى ئوت بولۇپ روھىنى كۆيدۈرەتتى. ساجىدە بىلەن قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرى يادىغا يەتسە مىڭلارچە پۇشايمان ئىچىدە تولغىناتتى، يۈرىكىگە ئوت يېقىلىسى سانجىلغاندەك ئازابلىق خىيالى بويىچە بولغاندا، ئۆزىنىڭ مۇشۇ ساقايماس نىجىس كېسەلگە گىرىپتار بولۇشى، ساجىدە بىلەن قىلىپ يۈرگەن پاسكىنا ئىشلىرىنىڭ جازاسى ئىدى. ئۇ مۇشۇ ئويىدىن پەقەت قۇتۇلالمايدۇ، ئاندىن سەردارغا بولغان ئۆچمەنلىكى ئوت بولۇپ كۆيدۈرىدۇ، نەپرەت ئىچىدە ئەسەبلىرى تارتىشىپ كېتىدۇ.

چولپانغا بولغان ئوتتەك ئىشتىياقتىن مەست بولۇپ يۈرگەن سەردار دىلمۇراتنىڭ ئۆزىدىن ئۆچ ئالماقچى بولغانلىقى، تەل ـ تۆكۈس ۋەيران قىلىۋېتىش، ئىززەت ـ نەپسىنى، غۇرۇر ـ

ئىمانىنى يەر قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنلىكىدىن خەۋەرسىز
هالدا كۈنلىرىنى كىتاب بىلەن گۈزەل ئايالنىڭ هالاۋىتىدە
چىرايلىق ئۆتكۈزۈۋاتاتتى.

## 74

سەردار «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» دېگەن كىتابتىكى ئېغىر جۈملىلەرنى چۈشىنىش بولالماي ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە ئالدىغا كەلدى. پەستىكى تار يولنىڭ بويىغا قويۇلغان كارىۋاتتا ئولتۇرغان بارات قويچى مۈگدەپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. يېشى يەتمىشتىن هالقىغان بۇ ئادەمنىڭ كىچىككىنە كاللىسىغا كىرىۋالغان چىگىچ، ۋەھىمىلىك هەۋەسلەر يۈرىكىنى قىيناۋاتسا كېرەك. ئۆزىنى بىلىش بارلىق بىلىشلەرنىڭ كاتتىسىدۇر، دېگەن هېكمەتكە كۆرە بارات قويچىدا ئۆزىنى بىلەلەيدىغان ئەقىل كەم بولمىغىنىدا، بۇ كىشىنىڭ جېنى بۇ قەدەر قىينىلىپ كەتمىگەن بولار ئىدى، ئۇنىڭ قولىدا هازىر ئون مىليون پۇل بار، بۇ كىشى بىرنى ئىككى قىلىمەن، دەيدۇ، بۇ دېمەك ئون مىليوننى يىگىرمە مىليون قىلىمەن، دېگەندىن دېرەك بېرىدۇ ... ئەمما ئۇنىڭغا يىگىرمە مىليون ئەمەس، بىر مىليونىنىڭمۇ كېرىكى يوق ... خۇدا هېچقايسىمىزنى بىزۆرۈر مال ـ دۇنيانىڭ ئوتىدا كۆيدۈرمىسۇن.

ئىشىكنىڭ چېكىلىشى سەردارنىڭ بارات قويچى هەققىدىكى خىيالىنى ئۈزۈۋەتتى. سەردار ئىشىكنى ئاچتى، سەمەتجان بىر ئىشقا ئالدىرىغاندەك قاراپ تۇراتتى، پارقىراپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن بىر تۈرلۈك ئىچكى تەقەززالىقنى سەزگىلى بولاتتى.

سەردار زورغا كۈلۈمسىرىدى.

— قېنى، ئۆيگە كىرىڭ.

— سىزنى ئاۋارە قىلىپ قويمىغاندىمەن؟

— ياق، ئاۋارىچىلىك ئەمەس ... قېنى يۇقىرى ئۆتۈڭ.

سەمەتجان ساپاغا جايلىشىپ ئولتۇردى، شىرەدىكى

كىتابلارغا، خاتىرە دەپتەرگە نەزەر سېلىپ سەردارغا بۇرالدى.

— سىز دائىم كىتاب ئوقۇمسىز نېمە، سەرداركا؟

— شۇنداقراق ... كۆنۈپ قاپتىمەن.

— ئەجەب بەلەن ئادىتىڭىز بار ئىكەن، مەنمۇ شۇ، ئەممازە بىلىملىك بولغانىنىڭ پايدىسى كۆپ ئەمەس ئىكەن.

سەردار كۈلۈمسىرىدى، سەل قىيشايغان لەۋلىرىدىكى تەبەسسۇم زەھەردەك ئاچچىق ئىدى.

سەمەتجان ئۇستەلدىكى «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» دېگەن كىتابنى قولىغا ئېلىپ ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراپ بېقىپ قويۇپ قويدى.

— سىز مۇشۇ كىتابنى ئوقۇپ چۈشىنەلەمدىكەنسىز، سەرداركا؟

— چۈشەنمەك تەسرەك.

— سىز نېمە بولۇپ بۇنىڭغا قىزىقىپ قالدىڭىز؟

— مۇنداقلا ... كۆرۈپ باقاي دېدىم.

سەمەتجاننىڭ پارقىراپ تۇرىدىغان كۆزىدىكى مەنىلەرنى ئۇقماق تەس ئىدى. سەمەتجاننىڭ مۇشۇ پارقىراپ تۇرىدىغان، چاقناق كۆزلىرىنىڭ تېگىدە نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلمەكمۇ تەس ئىدى.

— بەزىلەر ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن قالتىس ئادەم، ئۇيغۇرلاردىن بۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەمنىڭ چىقىمىقى تەس دېيىشىدىكەن، سىزنىڭچە مۇشۇنداق دېسە توغرا بولامدۇ زادى؟

مالىمان تۇيغۇلار سەردارنىڭ كۆڭلىنى بىسەرەمجان قىلىۋاتاتتى.

— مەن بۇنىڭغا بىرنېمە دېيەلمەيمەن، شۇنداق دېگەن ئادەمنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئاساسى باردۇر، دېمىسىمۇ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن قالتىس ئالىم ئىدى.

پەلەمپەيدىن چىقىۋاتقان بىرسىنىڭ ئېغىر ھاسىراشلىرى ئاڭلاندى، بىرسى ئۇستۈنكى قەۋەتكە ئېغىر بىرنەرسە كۆتۈرۈپ

چىقمۇاتسا كېرەك.

— سىزنىڭچە زادى مۇشۇنداق بىر ئالىم بىزدىن يەنە چىقامدۇ ـ چىقمامدۇ؟

— بۇنىڭغا مەن بىرنېمە دېيەلمەيمەن.

سەمەتجان سەل غەلىتىرەك چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى سەرداردىن ئۈزمەي سورىدى:

— ھەرھالدا ئويلىغىنىڭىزنى ئاڭلاپ باقسام دەيمەن.

— مەن دوختۇر، دوختۇرلۇققا دائىر گەپ بولسا، ئانچە ـ مۇنچە بىرنېمە دېيەلەيمەن، سىز دېگەن ئىشلارغا مەن ئاجىزلىق قىلىمەن.

— مېنىڭچە بۇنداق ئادەملەر يەنە چىقىدۇ، — دېدى سەمەتجان كالپۇكىنى يالاپ قويۇپ.

— توغرا دېدىڭىز ... چىقمايدۇ دېسەك بولمايدۇ.

— چىقىدۇ دېگىنىم مېنىڭ ئۈمىدىم، چوقۇم چىقىدۇ دېيىشكە بىرەر ئاساس بولۇشى كېرەك.

سەمەتجان سەردارغا جىددىي قاراپ تۇراتتى، سەردار نېمە دېسە بىرنېمە دېيىشى كېرەكتەك ئىدى، ئەمما نېمە دېسە بولىدىغانلىقىنى بىلەلمىدى.

سەردارنىڭ تېلېفونىغا يەڭگىل ئۈچۈر سىگنالى كەلدى، ئۇ تېلېفونغا قاراپ قويدى.

— «سىزنى سېغىندىم.»

ئېكراندا ئىنگلىز ھەرپلىرى بىلەن يېزىلغان خەتلەر چىرايلىق چىمىرلاپ تۇراتتى.

سەردار «مەنمۇ شۇ ... » دېگەن خەتلەرنى تېز ـ تېز يازدى.

سەمەتجان كىتابنى يەنە قولىغا ئېلىپ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىنى ۋاراقلاپ قويدى.

— مەن مۇشۇ كىتابنى چوقۇم ئوقۇپ چىقمىسام بولمايدۇ، — دېدى سەمەتجان.

— ياخشى ئويلاپسىز.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئەمما چۈشىنەلمەيدىغاندەكمۇ قىلىمەن.
— ئاۋۋال ئوقۇپ بېقىشىڭىز كېرەك ـ دە.
— شۇنداق قىلاي ... سىزنىڭچە قەدىمكى زاماندا ئوغۇزلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى مىللەت بولغىيمىدى؟
— مېنىڭچە ئۇنداق ئەمەس، بىراق بۇ توغرىدا يەنە نېمە گەپلەرنىڭ بارلىقىنى مەنمۇ تازا بىلىپ كەتمەيمەن.
— مەن مۇشۇلارنى چۈشىنىۋالسام دەيمەن، بەزى كىتابلاردا ئايرىم ـ ئايرىم تىلغا ئېلىنىدىكەن.
— بۇنى تارىخچىلار بىلىدۇ.
— شۇنداق ... ئەمما بىزنىڭمۇ مۇشۇلارنى بىلىپ قويۇشىمىز زۆرۈر.
— توغرا دېدىڭىز.
— ئاق كېسەلنىڭ داۋاسى چىقتىمۇ، سەرداركا؟
— نېمە؟
— ئاق كېسەلنىڭ داۋاسى چىقتىمۇ؟ ... بەرەس كېسىلىنىڭ دەيمەن.
— بۇ كېسەلنىڭ بۇرۇندىنلا داۋالاش چارىسى بار ... پەقەت بىمارنىڭ سەۋر ـ تاقىتى يەتمىكى تەس، ئۇزۇنغىچە پەرھىز تۇتۇشى كېرەك.
سەردار سەمەتجاننىڭ تاغدىن ـ باغدىن سوئال سوراشلىرىدىن بىزار بولۇپ قالدى.
— سىز تاشقى كېسەل دوختۇرى بولسىڭىزمۇ تېبابەتنى ياخشى بىلىدىغاندەك قىلىسىز.
— مەن تېبابەتنى ئۆزۈمگە ۋەزىپە قىلىپ ئۆگەنگەن.
سەمەتجان سائەتكە قاراپ قويدى، بىر گەپنى دېمەكچى بولۇپ يادىغا ئالالمىغاندەك قىلاتتى.
— مېنىڭ بىر تونۇشۇمنىڭ تۇغقىنى مۇشۇ كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قاپتىكەن، بەك بىئارام بولۇپ كەتتى دەيدۇ، يول كۆرسىتىپ قويساي دەپ سىزدىن سورىشىم، ئەمىسە مەن چىقاي ...

سىز بىلەن ئايرىم بىر كۈنى ياخشىراق بىر پاراڭلاشسام، سورايدىغانلىرىم بار ... ھە راست سەرداركا، بارات قويچى تازا تايىنى يوق ئادەممۇ نېمە؟

— قانداق دەيسىز؟

— ماڭا شۇنداقراق تۇيۇلدى.

سەردار ھەيران بولغاندەك سەمەتجانغا قاراپ قالدى.

— كىمنىلا كۆرسە ئازراق پۇل بار ئىدى، بىرنى ئىككى قىلىدىغان يەر بولسا ئۇقۇشۇپ باقساق دەپ يۈرىدىغان بولۇپ قاپتۇ، ماڭا پۇل ئۆتنە بېرىمەن دەپ يالغان ئېيتتى ... مەن چىقاي ... تېلېفون نومۇرىڭىزنى بىر يېزىۋالسام بولاتتى، بولدى، ھازىر ئالدىرايمەن، كېيىن بىر گەپ بولار.

سەردار دېرىزە ئالدىغا بېرىپ پەسكە قارىدى، بارات قويچى بايىقى ئورنىدا كۆرۈنمەيتتى. سەردار قانداقتۇر بىر ئىشلارنىڭ قاملاشمايۋاتقانلىقىنى، قاملاشقانلىرىنىڭمۇ يەنە بىر يەرلىرىنىڭ سۇتۇقى يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ يۈرەتتى.

سەردار تېلېفونغا قارىدى. «سىزنى ساقلاۋاتىمەن ... » ئۇ ئۇچۇرغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى، راھەت ھەم ئىسسىق بىر تۇيغۇ كۆڭلىگە ياماشتى.

دېرىزە سىرتىدىكى ئاسماندا ناھايىتى چىرايلىق كېپىنەكلەر ئۇچۇشۇپ يۈرگەندەك قىلاتتى.

سەردارغا دېرىزە سىرتىدىكى دۇنيا يېقىملىق، مېھىرلىك كۆرۈنۈۋاتقان دەملەردە، سەردار تونۇمايدىغان نادىرە ئىسىملىك بىر قىز ئۆزىگە كۈندىن ـ كۈنگە يات كۆرۈنۈۋاتقان شەھەرگە، شەھەرنىڭ ئاسمىنىغا نەزەر سالغىنىچە خىيالغا پاتقانىدى، شۇ دەمدە ئۆزىنى دۇنيانىڭ ھەسرەتلىرى يەپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرغان نادىرە يۈرىكىدىكى ئۇچمەنلىك بىلەن تىركىشىپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىدىكى قانداقتۇر بىرنەرسىدىن قۇتۇلۇپ كېتىشكە ئۇرۇنۇۋاتاتتى. نېمىدۇر بىر ئىش قىلغۇسى كېلەتتى، قىلالمايتتى.

## 75

نادىرەنىڭ يۈرىكى قىتىپ كەتكەندەك قىلاتتى، ئۆزىگە قەدەممۇقەددەم يېقىنلىشىۋاتقان شۇم ئەجەلنىڭ سايىسىنى، سوغۇقلۇقىنى، ھاسىراشلىرىنى، مۇدھىش تىنىقلىرىنى سېزىپ تۇراتتى.

ئەيدىز!

كىشىلىك دۇنيانىڭ كىشى يۈرىكى مەڭگۈ قانمايدىغان گۈزەللىكلىرى ئارىسىغا گاھىدا چۈشىدىغان، يىلاندەك بىرنېمىلەرمۇ كىرىۋالىدۇ.

كىشىنىڭ تەسەۋۋۇرىغا سىغمايدىغان كەڭ ئالەمدە، قارا قاغىدەك لەيلەپ يۈرگەن بۇ شۇم نەرسە ئاجايىپ يوللارنى بېسىپ، ئاجايىپ قىسمەتلەرنى بويلاپ نادىرەنىڭ بېشىغا چۈشكەنىدى. بۇنى تەقدىر دېگىلى بولىدۇ، قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان تەقدىر.

ئەيدىز !

ھالقىلاپ چىگىلگەن قىزىل لېنتا!

نادىرە ئەينەكتىكى ئەكسىگە قاراپ ئولتۇراتتى. ئەينەكتىكى نادىرە بىلەن ئەينەكنىڭ ئالدىدىكى نادىرە بىر ئادەم ئەمەستەك قىلاتتى، نادىرە ھەر ئىككى نادىرەنى چۈشىنىپ بولالمايتتى.

ئەينەكتىكى نادىرە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى ئويلايدۇ.

ئەينەك ئالدىدىكى نادىرە نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۆزى قانداق ئۆلسە خۇددى شۇنداق ئۆلۈشى كېرەك دەپ ئويلايدۇ.

ئەينەكتىكى نادىرە ھېچكىمنىڭ ئۆزىدەك بولۇپ قېلىشىنى خالىمايدۇ.

ئەينەك ئالدىدىكى نادىرە ئۆزىدەك ئادەملەر كۆپەيسە كۆڭلى توق تۇرىدىغاندەك ئويلايدۇ.

ئەينەكتىكى نادىرە يەر يۈزىدە بىرمۇ جاننىڭ ئەيدىز

سەۋەبىدىن ئۆلۈشنى خالىمايدۇ.

نادىرە گاڭگىرايدۇ، تېڭىرقايدۇ. ئەتىگەنكى نادىرە چۈشتىن كېيىنكى نادىرەگە ئوخشىمايدۇ، بىر سائەتنىڭ ئالدىدىكى نادىرە بىلەن بىر سائەتتىن كېيىنكى نادىرە ئوخشىمايدۇ.

ئۆلۈم كۆزىگە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئادەملەرلا ھاياتنىڭ نەقەدەر شېرىنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.

نادىرە دىلمۇراتتىن شۇنچە سوراپمۇ ساجىدە بىلەن زۆھرەدىن باشقا ئۇنىڭ يەنە قايسى ئاياللار بىلەن ئالاقىسى بارلىقىنى بىلەلمىدى.

— ئەمدى يەنە باشقا ئاياللار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرسىڭىز سىزنى بوش قويۇۋەتمەيمەن.

— قانداق قىلىسىز؟

— ئۆلتۈرۈۋېتىمەن!

— سىز ئۆلتۈرمىسىڭىزمۇ بەربىر ئۆلىمەن.

— ھەممەيلەن بەربىر ئۆلىدۇ، ئەمما سىزنى ئۆلتۈرۈۋەتسەم دەردىم چىقىدۇ.

— قالتىس گەپ قىلدىڭىز، مەيلى، ئۆلتۈرمەن دېسىڭىز سىزگە جىم تۇرۇپ بېرىمەن ... بەربىر ئۆلىدىغان بولغاندىكىن.

— زۆھرە بىلەن ساجىدە بىلەمدۇ؟ — دېدى نادىرە دىلمۇراتنىڭ كىشى قورقىدىغان كۆزىگە تىكىلىپ.

— ياق، دېمىدىم، دېگۈممۇ يوق، ۋاقتى كەلگەندە ئۆزى بىلىپ قالسۇن ... زۆھرە ئۇنداق ئەمەستۇ، ئۇ بەك ئېھتىياتچان ئىدى، ھەرقانداق شارائىتتا تەدبىر قوللىناتتى.

نادىرە ئۇھ تارتىپ بېشىنى چايقىدى، ئۇنىڭ نازۇك تۈيغۇلىرى قېتىپ كەتكەندەك، چىرايلىق ئارمانلىرى مۇز بولۇپ قاتقاندەك ئىدى، شۇ ھالدا يېشىغا ماس كەلمىگەن سالماقلىقى كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى.

— ساجىدە بىلەن زۆھرەگە ئېيتىڭ، ئۇلار ئەمدى باشقىلارغا يېقىنلاشمىسۇن، سىز بىلەن مەندەك ئۆلىدىغانلار كۆپىيىپ.

كەتسە بولمايدۇ.

— بۇنى دېيىشىمنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇلارنىڭ مەندىن باشقا ئالاقە قىلىدىغان ئادىمى يوق.

— بۇنىڭغا بىرنېمە دېمەك تەس.

— بۇ مۇمكىن ئەمەس، مەن تۇرغان يەردە ئۇلارنىڭ يەنە باشقا ئەرلەرگە قارىشى مۇمكىن ئەمەس.

نادىرە مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويدى.

— ئۆزىڭىزگە شۇنچە ئىشىنەمسىز؟

— ئۆزۈمگە ئەمەس، پۇلۇمغا ئىشىنىمەن، پۇل مېنىڭ بولغاندىكىن ئەمەلىيەتتە ئۆزۈمگە ئىشىنىمەن، دېسەممۇ بولىدۇ.

دىلمۇرات گېپىنى تۈگىتىپ نادىرەنىڭ قولىنى تۇتتى، نادىرەنىڭ گۈزەللىكى دىلمۇراتنى ھەيران قالدۇراتتى.

— مېنىڭ ئەڭ كۆڭلۈم يېرىم بولغان ئىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟

— نېمە؟

— سىز بىلەن مۇشۇ ئىشنى قىلمىسام بوپتىكەن ... سىزنى مۇشۇ كۈنگە قويدۇم، سىزدەك تېپىلغۇسىز بىر قىز مېنىڭ سەۋەبىمدىن ... — دىلمۇرات گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدى، كۆز چاناقلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— بۇنى ئويلىسام سىزنى مەڭگۈ كەچۈرمەيمەن، مەن ئەسلىي ئۆزۈم ئۈچۈن ئەمەس، باشقا بىرسى ئۈچۈن ياشاۋاتقان ئادەم ئىدىم، ئەمدى ھەممە ۋەيران بولۇپ كەتتى.

دىلمۇراتنىڭ ئۆمۈچۈك تورىدەك غېرىبلىق لەيلەپ يۈرگەن كۆزلىرىدىكى سارغۇچ تۈيغۇلار نادىرەنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىۋەتتى، بۇ دۇنيادا ئاسان ئىش يوق، ئادەم بولماقمۇ، ئادەم بولغاندىن كېيىن ئادەملىكنى ساقلىماقمۇ تەس. دىلمۇرات قارىماققا ناھايىتى مەزمۇت ئادەم بولۇپ كۆرۈنىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ كۆزلىرىدە، كۆڭۈل پايانىدا پەرۋانىنىڭ قانىتىدەك ئاجىزلىشىپ كەتكەن روھىنىڭ بىچارە سايىسى ئەلەڭگىلەپ تۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

— ھېچكىم بىزدەك بولۇپ قالمىسۇن ... — نادىرە ياش يۇقى كۆزلىرىنى يېرىم يۇمدى، — بىر ئادەمنى بولسىمۇ بۇ نىجىس كېسەلدىن نېرى قىلايلى.

دىلمۇرات نادىرەنىڭ چاچلىرىنى سىلىدى.

— سىز ئۈچ ئالىمەن، دەپ يۈرەتتىڭىز ... ئەمدى بۇ گەپنى قىلىپ قاپسىزغۇ؟

— مەن بۇ نىيىتىمدىن ياندىم.

— قانداق بولۇپ؟

— بىرەيلەن مېنى ئۇنداق قىلماسلىققا كۆندۈردى.

— كىم ئۇ ... ئەرمۇ، ئايالمۇ؟

— ئەر ... جاھاندا بىر ئەر.

دىلمۇراتنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىدا غەشلىك ھەم ھەسرەت پەيدا بولدى.

— مەن قارغىشقا كەتكەن بولغىيمىدىم ... مېنىڭ يېنىمدىكى ئاياللارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆڭلىدە مەندىن باشقا بىردىن ئەر كىشى بار، ئۇلارغا جېنىڭنى بەر دېسە بېرىدۇ، پەقەت ماڭىلا كۆڭۈل بەرمەيدۇ ... بۇ جاھان نېمانچە ئادالەتسىزدۇ دېيمەن ... خەپ سەردار ...

دىلمۇرات مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ قويدى، چىشلىرى غۇچۇرلىدى، يانجىلغان غۇرۇرىنىڭ ئاچچىق ئېزىلىشلىرىنى ھېس قىلدى.

— سەردار دېگەن كىم؟

— سىز بىلمەيسىز ... ئۇ دېگەن ئىتنىڭ بالىسى ... سىز بىلمەيسىز ... ئىشىڭىزنى قىلىڭ ...

دىلمۇرات شۇنداق دېگەچ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى، دىلمۇراتنىڭ ھالىغا قاراپ نادىرەنىڭ يۈرىكى ئېچىشتى. دىلمۇرات كارىۋاتتا تولىمۇ بىچارە ياتاتتى، نادىرە نېرىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ خىيالغا كەتتى، ئۇ يۈرىكىگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان ياقا لىبىشىدەك ئۇسال خىياللىرىدىن قۇتۇلالمايۋاتاتتى. نادىرە

دىلمۇراتقا قارىدى، ئۇنىڭ پۇشۇلدىغان تىنىقلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، دىلمۇرات ئۇيقۇغا كەتكەنىدى، ئۇ بەلكىم مۇشۇ ئۇيقۇسىدىن ئويغانماسلىقنى تىلەيدىغاندۇ ... ئەمما بۇ جاھاندا ئۇنداق ئاسان ئىش يوق، دىلمۇرات ۋاقتى كەلگەندە يەنە ئويغىنىپ ئۆزىگە تەۋە ئازابلارغا يۈزلەنمىسە بولمايدۇ.

مەن ئۆچ ئالىمەن!

نادىرەنىڭ تەنھا ھەم يالغۇز خىياللىرى مۇدھىش بىر تۈيغۇ ئىچىدە لەيلەپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ دىلمۇراتنى بوغۇپ ئۆلتۈرگۈسى، ئۆتكۈر پىچاق بىلەن قىيما - چىيما قىلىۋەتكۈسى كېلىدۇ ... يەنە قىزلارغا خاس مۇلايىملىق بىلەن دىلمۇراتقا ئىچى ئاغرىيدۇ.

مۇشۇ شەھەردە ئازابى نادىرەگە ئوخشايدىغان بىر ئايال بەشىنچى قەۋەتتىكى ئۆيىدە تەنھا ئولتۇرۇپ بالكوندىكى رەڭدار قۇشقا قاراپ قوياتتى، ئايال ئۆلۈمنىڭ ئۆزىگە بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى، ئۆلۈم يېقىنلاشقانچە شۇنچە قورقۇنچلۇق بولۇپ كېتەتتى.

## 76

شەھەر مەركىزىگە جايلاشقان ئون بەش قەۋەتلىك بىنانىڭ بەشىنچى قەۋىتىدىكى ئۆيىنىڭ چىرىغى سۇس يېنىپ تۇراتتى، بالكوندىكى قەپەستە رەڭدار قۇش مۈگدەپ ئولتۇراتتى، قۇشنىڭ ئويغاقلىقىنى ياكى ئۇخلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

تېلېفون سايرىدى، تېلېفوننىڭ ئاۋازى قۇشنىڭ چۈشلىرىنى، خىياللىرىنى ئۈزۈپ قويسا كېرەك. چىرايىدىن نۇرغۇن خۇشاللىقلىرىنى ئۇنتۇپ كەتكەنلىكى چىقىپ تۇرىدىغان ئايال تېلېفوننى ئالدى.

— ۋەي.

تېلېفوندىن قارشى تەرەپنىڭ تىنىقىنى ئاڭلىغان ئايالنىڭ

يۈرىكى تىترەپ كەتتى.

— مېنى تونۇدۇڭمۇ ؟

— تونۇدۇم.

— مەن كىم؟

— ئىسمىڭىزنى دېگۈم يوق.

— نېمىشقا دېگۈڭ يوق؟

— دېسەممۇ نېمە پايدىسى؟ سىزدىن ئۆتۈنەي، ئەمدى ماڭا تېلېفون قىلماڭ.

— بار گەپنى ساڭا دېدىم، بىز يەتتە يىل ئارىلاشقان.

— شۇنداق.

— دېمەك ... بىز ئەر ـ خوتۇندەك بولۇپ كەتكەن ئادەملەر.

— شۇنداق.

— ئەمىسە گېپىمنى ئاڭلا.

— نېمە گەپنى؟

— ئۆيۈڭگە بارىمەن.

— مۇمكىن ئەمەس.

— ئەمىسە سەن سىرتقا چىقىشىڭ كېرەك.

— مۇمكىن ئەمەس.

— مۇمكىن ئەمەس، نېمىشقا؟

— ئۆيگە كەلسىڭىز بولمايدۇ، بۇ ئېرىم ئىككىمىزنىڭ ئۆيى.

— دەۋاتقان گېپىمنى، ئېرىڭ ئۆيدە ئەمەس.

— شۇنداقتىمۇ بولمايدۇ، مەن ئېرى بار ئايال، بالىسى بار ئايال.

— ھەممىسى قۇرۇق گەپ ... گېپىمنى ئاڭلىمىساڭ ھەممە گەپنى ئېرىڭگە دەيمەن.

— ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلى بار، ئۇنى ئاياڭ.

— يۈرەك كېسىلى دېگەن مەندىمۇ بار، ئۇنىڭغا ياخشى بولسۇن دېسەڭ مەن دېگەندەك قىل، چاندۇرمايمىز.

— چاندۇرمايمىز دەپ بۇنداق ئوسال ئىشنى قىلساق ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيمەن، سىزدىن ئۆتۈنەي، ئېرىمگە دىل ئازار قىلماڭ.
— ئەمىسە گېپىمنى ئاڭلا، يەنە بۇرۇنقىدەك ئۆتىمىز.
— بىز ئۆتۈپ بولغان، شۇ كۈنلەرگە مىڭ لەنەت.
— تۈزۈك گەپ قىل، مەن ھازىر بارىمەن.
— مەجبۇرلاۋەرسىڭىز ئىش ناھايىتى ئاسان ھەل بولىدۇ.
— قانداق ھەل بولىدۇ؟
— مەن ئۆلۈۋالىمەن.
— ھەر قېتىم شۇنداق دەمسەن؟
— بەشىنچى قەۋەتتىن سەكرىسەملا ھەممە ئىش تۈگەيدۇ.
— مېنى قورقۇتىمەن دېمە.
— ئىشەنمىسىڭىز سىناپ بېقىڭ.
— تۈفىي قانجۇق، مەندىن ئاسان قۇتۇلالمايسەن.
— ھەممە ئىش ئاخىرلىشىدىغانغا ئۇزۇن قالمىدى.
— بۇ نېمە دېگىنىڭ، رەپرەپ؟
— مەن دېگەنغۇ، ئىككىمىز دوزاخقا بىللە كېتىمىز ... لەنەت بىلەن ... يىرگىنىچ بىلەن ... سەن ماڭا ساقايماس كېسەل يۇقتۇرۇپ قويۇپسەن، ھايۋان ... ساڭا دېدىم، مېنىڭ بەدىنىم چىرىشكە باشلىدى ...
— مېنى قورقۇتۇش ئۈچۈن تاپقان گېپىڭغۇ بۇ، مەن سېنى بىلمەمدىمەن، بۇ گەپكە خەق ئىشەنسىمۇ مەن ئىشەنمەيمەن، ساجىدە بىلەن ئارىلاشتىڭ دەپ مەندىن خاپىغۇ سەن ... ئۇنىڭدىن قول ئۈزدۈم، ئۇنى دىلمۇرات دېگەن تويماسقا تاشلاپ بەردىم ... ئىككىمىزنىڭ ئىشى دېگەن ئايرىم گەپ.
مەست ئادەمنىڭ ئەقلىدىن ئاجراپ كەتكەن ئاۋازى تېلېفون سىملىرىنى بويلاپ، يىرگىنچلىك بىر ھالدا يەنە بىر يۈرەككە شۇڭغۇلداپ ئېقىپ كىرەتتى.
بالكوندىكى رەڭدار قۇش مۈگدەپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئويغاقلىقىنى يا ئۇخلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. قۇشنىڭ

www.uyghurkitap.com

مۇھەببەت ـ نەپرەتنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى.

شۇنداق، بۇ قۇشنىڭ مۇھەببەت ـ نەپرىتىنى بىلگىلى بولمايدۇ، بۇ قۇش ئۆزىمۇ ئۆزىنىڭ مۇھەببەت ـ نەپرىتىنى بىلەلمىسە كېرەك. خۇددى مۇشۇ رەڭدار قۇشتەك ئەرلەر، ئاياللار، باللار بار ...

گۇلنىگار ...

رازىيە ...

## 77

رازىيە بارماق پۇكۇپ بارات موللام كەتكەندىن كېيىنكى ۋاقىتنى ھېسابلاپ باقتى. بارات موللامنىڭ يېنىدا خېلىلا ئوڭشىلىپ قالدىغان گۇلپىيە نەچچە كۇن ئۆتە ـ ئۆتمەي يەنە تەرسالىشىپ قېلىۋاتاتتى.

رازىيە گۇلپىيەنىڭ ھۇجرىسىدىن يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى، يۇگۇرگىنىچە گۇلپىيەنىڭ يېنىغا كىرگەندە گۇلپىيە بىر يىللاردا ئىشلىتىپ تاشلىۋەتكەن كونا ئوقۇغۇچىلىق سومكىسىنى چىڭ قۇچاقلاپ يىغلاۋاتاتتى، كۆزلىرى گاھ ئالىيىپ، گاھ يۇمۇلاتتى، ئاغزىدىن كۆپۈك ئۆرلەپ بېشىنى چايقايتتى.

ــ گۇلپىيە ... ئوبدان قىزىم، نېمە بولدۇڭ؟ ... نەرىڭ ئاغرىيدۇ؟

گۇلپىيە ئانىسىغا قارىماي تۇرۇپ بېشىنى چايقىغاچ ۋارقىرىدى:

ــ مەنسۇر ... مەنسۇر ساراڭ بولۇپ قالدى ...

ــ مەنسۇر ... مەنسۇر دېگەن كىم؟

ــ مەنسۇر دېگەن ھارامدىن بولغان بالا ... ماڭا ئوخشاش، مەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش ساراڭ بولۇپ قالىمەن.

ــ ئۇنداق دېمە، بالام، خۇدايىم ساقلايدۇ، شۇم گەپ قىلما.

— مەن كېتىمەن.
— نەگە كېتىسەن؟
— بۇنى دېمەيمەن، دېسەم كەتكىلى قويمايسىلەر.
— كەتسەڭ بولمايدۇ.
— مەن قېچىپ كېتىمەن.
— جېنىم بالام، مېنى قورقۇتمىغىن.
— مېنىڭ ئىچىمدە جىن بار، مەنمۇ مەنسۇرغا ئوخشاش ساراڭ بولۇپ قالىمەن.
گۈلپىيەنىڭ كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ رازىيەنىڭ بىلىكىنى مەھكەم قارماپ تۇتۇۋالدى.
— جېنىم بالام، ئۇنداق دېمىگىن، سېنى داۋالىتىمەن، ساقىيىسەن.
— مېنى موللام داۋالايدۇ، جىننى تۇتۇپ ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرىدۇ.
رازىيەنىڭ كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلدى. دۇنيادىكى جىمى دەرد ـ ئەلەملەرنىڭ ھەرقاندىقى بالا دەردىگە يەتمەيدۇ. باللىرى مۇشۇ قاتارلىق ھالغا چۈشۈپ قالغانلار بۇنى ئەڭ ئوبدان چۈشىنىدۇ.
گۈلپىيەنىڭ قۇلاق تۈۋىدە بارات موللامنىڭ گۇگۇم قاراڭغۇسىدەك سىرلىق شىۋىرلاشلىرى ئاڭلىنىدۇ: «سىزنىڭ ئىچىڭىزدىكى ئەركەك جىن جىنلارنىڭ پالۋىنى، ئۇنىڭ بىر كۆزىدىن قان، بىر كۆزىدىن يىرىڭ ئېقىپ تۇرىدۇ، مەن ئۇنى تۇتۇپ ئوتتا كۆيدۈرۈپ يوق قىلىمەن، مېنىڭ يېنىمدىن ئايرىلماڭ، بولمىسا يەنە جىنلارنىڭ ئارىسىدا قالىسىز ... »
— مەن دېرىزىدىن سەكرەپ قاچىمەن.
— نەگە ... نەگە قاچىسەن، گۈلپىيە؟
— موللامنىڭ يېنىغا كېتىمەن ... ياكى بولمىسا ئۆلۈۋالساممۇ بولىدۇ، نادىرەمۇ ئۆلۈۋالدۇ.
رازىيە گۈلپىيەنى قۇچاقلاپ ئولتۇرغىنىچە گاھ

www.uyghurkitap.com

قاراڭغۇلۇقتا، گاھ قىزىلىلىقتا پىتىپ كېتىۋاتاتتى. رازىيە ھەر قېتىم گۈلپىيەنىڭ كېسەلنى تۇتقاندىكى ھالىنى كۆرسە، مەيۈسلۈكتىن يۈرىكى ئېزىلەتتى، قانداقتۇر بىرنەرسە ئاخىرلىشىۋاتقاندەك، يەنە بىرنەرسە باشلىنىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالاتتى. زادى باشلاندىمۇ يا ئاخىرلاشتىمۇ ... بۇنى ئۇ ئېنىق ھېس قىلالمايدۇ.

رازىيە گۈلپىيەنىڭ بالىلىق چاغلىرىنى ئەسلەيدۇ، ئەقلىگە كەلگەندىن باشلاپ يالغۇزلۇقنى، ھاقارەتنى، تەنھالىقنى ھېس قىلغان ھەم مۇشۇ خىل نەرسىلەردىن قورقۇپ چوڭ بولغان گۈلپىيەمۇ خۇددى ئانىسىغا ئوخشاش، بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ نەدىن باشلىنىپ نەدە ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. رازىيە بىلەن گۈلپىيە گاڭگىراپ قالغان كۆنلەردە، رەسسام ئەخمەت ھاياتتىكى ھەممە نەرسىنىڭ باشلىنىشى بىلەن ئاخىرلىشىشى ئارىسىدىكى سىرلىق مەنىلەرنى، قۇياش ۋە زېمىن تۇرغۇسىدا رەڭ ـ بوياقلار بىلەن نامايان قىلىۋاتاتتى.

ئەخمەت «قۇياش ۋە زېمىن» دېگەن رەسىمنى بەلكىم خۇددى رازىيەدەك ئويلايدىغان كىشىلەرنىڭ روھىنى خاتىرىلەپ قويۇش ئۈچۈن سىزغان بولۇشىمۇ كېرەك.

## 78

سەردار ئەخمەتنىڭ ماي بوياقنىڭ دىماقنى ئېچىشتۇرىدىغان قويۇق ھىدى كېلىدىغان ئۆيىدىكى كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ رەسىملىرىنى كۆرۈۋاتاتتى، سەردار ئەخمەتنىڭ پىكرىگە، ئەقلىگە، ھاياتنىڭ سىرلىرى ھەم غارايىپلىرىنى بىلىشلىرىگە، چۈشىنىشلىرىگە، مۇلاھىزە قىلىشلىرىغا قايىل بولۇپ قالاتتى. پىكىر ئاجايىپ نەرسە، ئۇ ئىنساننى روھنى بولغايدىغان چاڭ ـ ماناندىن ئارىسىدىن، ھاياتنىڭ غېرىبانە بىقۇۋۇللۇقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىدۇ، ئارقىدىن يەنە بىر تۇرلۇك تەنھالىقتا باشلاپ

كىرىدۇ. سەردار ئەخمەتنىڭ رەسىملىرىدىن پۇرقۇلۇپ تۇرغان ئۆزگىچە پىكىرلەردىن كۆڭلىگە ئاراملىق تاپقاندەك، ئۆزى ھېس قىلغان، ئەمما قانداق دېيىشنى بىلەلمىگەن ئويلىرىنى ئۇنىڭ رەسىملىرىدىن كۆرگەندەك بولاتتى، يەنە ئەخمەتنىڭ رەسىملىرىدىن ئويلاپ يەتمىگەن ئەقىللەرنىمۇ ھېس قىلىپ قالاتتى.

— بۇ قانداق رەسىم؟

سەردار بىر پارچە رەسىمگە ئۇزۇن قاراپ كەتتى، رەسىمنىڭ بۇلۇڭىدا قۇرۇپ كەتكەن توغراق، ئۇنىڭ نېرىسىدا قۇم، قۇمنىڭ يىراق بىر يېرىدە سارغۇچ رەڭدىكى يۇمىلاق بىرنەرسە بار ئىدى.

— بۇ نېمە؟ — دېدى سەردار سارغۇچقا مايىل يۇمىلاق نەرسىنى كۆرسىتىپ.

— بۇ كەچلىك مەنزىرە، مۇنداقچە دېسەم پېتىۋاتقان قۇياش.

— پېتىۋاتقان قۇياش بىلەن قۇرۇپ كەتكەن دەرەخ، قۇرۇق ئېقىن، يەنە پايانى يوق قۇم ... — سەردار بېشىنى چايقىدى، — سەن يەنە چۈشكۈن، ئۈمىدسىز رەسىملەرنى سىزىپ يۈرەمسەن نېمە؟

— بۇ پەقەت كەيپىيات مەسىلىسى ... سېنىڭ قانداق چۈشىنىشىڭگە باغلىق، رەسىمدىكى پەلسەپە بىلەن رەسىمنىڭ كەيپىياتى ماسلاشمىسا بولمايدۇ.

— پەلسەپە؟ سېنىڭ پەلسەپەڭ قانداق پەلسەپە ئۇ؟

— چىنلىق ... مېنىڭ رەسىم پەلسەپەم چىنلىق.

سەردار ئەخمەتنىڭ سارغۇچ كۆزلىرىنىڭ تېگىدىكى چۈشەنمەك تەس تۇيغۇلارنى كۆرۈپ تۇراتتى.

— چۈشكۈنلۈك ... كۆتۈرۈلگەن قۇياشنى سىزماي پېتىۋاتقان قۇياشنى سىزىشىڭ ئۆزىلا چۈشكۈن كەيپىياتىڭنىڭ بېشارىتى، — دېدى سەردار.

ئەخمەت باشقا گەپ قىلمىدى، ئۇنىڭ سارغۇچ كۆزلىرىدىن ئەقىل بىلەن جاھىللىق يەنە تەتۈرلۈككە مايىل تەلۋىلىكنىڭ

چىقىندىشىنى ھېس قىلغىلى بولاتتى.
— ئەمەلىيەتتە سەن دېگەندەكمۇ ئەمەس.
— سەن رەسىمىڭ مەنىسىگە دىققەت قىلمىدىڭ، — دېدى ئەخمەت.
ئەخمەت سەردارنىڭ تەپەككۇرغا تولغان مېڭىسىدە ئۆزى چۈشەنمەيدىغان، ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرى بىلەن مۇتلەق چىقىشالمايدىغان غەلىتە پىكىرلەرنىڭ بارلىقىنى بىلەتتى. ناۋادا سەردار كۆلگۈنچەك، ھەممە ئىشقا ھەجىيىپ يۈرىدىغان ئادەم بولۇپ قالغىنىدا ئۇنىڭ بىلەن زادىلا چىقىشالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى.
— سەن قۇياشنىڭ پېتىۋاتقانلىقىنى ئەمەس، قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى سىزساڭ بولاتتى.
— نېمىشقا؟
— قۇياشنىڭ پېتىۋاتقىنىنى سىزىش ئۈمىدسىزلىك ياكى چۈشكۈنلۈكتىن دېرەك بېرىدۇ ... خۇددى قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ ئاخىرلاشقىنىدىن بېشارەت بەرگەندەك.
— بەزى نەرسىلەر ئاخىرلىشىشى كېرەك.
— مەسىلەن، نېمىنى دەيسەن؟
— مەسىلەن، سەن دېگەن ئۈمىدسىزلىك بىلەن چۈشكۈنلۈك ئاخىرلىشىشى كېرەك.
— ئەمەلىيەتتە رەسىمىڭدە ئىپادىلىنىۋاتقىنى باشقىچە، رەسىمدە ئۈمىدسىزلىك بىلەن چۈشكۈنلۈك ئاخىرلاشقاندەك ئەمەس، داۋام قىلىۋاتقاندەك تەسىر بېرىدۇ.
— چۈشكۈنلۈك ياكى ئۈمىدسىزلىك خۇددى مۇشۇ رەسىمدىكى پېتىۋاتقان قۇياشقا ئوخشايدۇ ... پېتىۋاتقان قۇياشقا ئوخشاش ئاخىرلىشىپ، يېڭى ئۈمىدتىن بېشارەت بېرىشى كېرەك ... بۇ رەسىمنى مۇشۇنداق چۈشىنىش مۇمكىن.
— مەن ئۇنداق ئويلىيالمىدىم، ئۇنداق چۈشىنەلمىدىم.
— بۇ سەندىكى مەسىلە.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

— بەلكىم مەقسىتىڭ دۇرۇس بولۇشى مۇمكىن، ئەمما سەن بۇ رەسىمدە ناھايىتى ئېغىر ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتىنى ئىپادىلەپ قويۇپسەن.
— مەن ئۇنداق ئويلىمىدىم.
— سەن ئۆزۈڭنىڭ شۇنداق ئويلاپ تۇرۇپ مۇشۇ رەسىمنى سىزغانلىقىڭنى بىلمەيدىغاندەك قىلىسەن.
— بۇ قانداق گەپ ئەمدى، مەن نېمىشقا بىلمەيمەن؟
— ئادەم بەزى ھاللاردا ئۆزىنى چۈشىنىپ بولالمايدۇ.
— بولدى، تالاشمايلى، بۇ رەسىمنى قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلۈۋاتقىنى دەپ چۈشەنسىمۇ بولىدۇ.
— مۇمكىن ئەمەس، رەسىمدە نېمە بولسا ئۇنى كۆرگۈچىگە شۇنداق تەسىر بېرىدۇ ... نەدە ئۇنداق بولمىسا بۇنداق بولسۇن، دەيدىغان گەپ بار ئىكەن.
ئەخمەت ئۆزى سىزغان رەسىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى.
ئىككىيلەن چاي شىرەسىنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇققا جايلىشىپ پاراڭغا چۈشتى، ھەر ئىككىسى ئۆزى توغرا دېگەننى تەكىتلەشتى، ۋەج ـ سەۋەبلىرىنى كۆرسىتىشتى، ئاخىرىدا گەپ ساختا دورىلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقىغا بۇرۇلۇپ كەتتى. بۇ ئەخمەتنىڭ سەردار بىلەن مەلۇم بىر مەسىلە ئۈستىدە تالىشىپ، تالاش ـ تارتىش ياخشى نەتىجە بەرمىگەنلىكى تۇرغاندا گەپنى باشقا ياققا بۇرايدىغان چارىسى ئىدى.
— ئەيدىز ھەققىدە ئويلىنىۋاتامسەن، سەردار؟
سەردار بېشىنى چايقىدى، ئۇ ئەخمەتنىڭ سارغۇچ كۆزلىرىگە تىكىلىپ سورىدى:
— سەن نېمە ئۈچۈن پات ـ پات ئەيدىزنىڭ گېپىنى قىلىسەن؟
— سەن بىلىسەن، ئەيدىز قورقۇنچلۇق نەرسە، ئۇ بىر نەچچە ياكى نەچچە ئون ئادەمنىڭ جېنىنى ئالغاندەك قىلغىنى بىلەن

نەچچە مىلڭ ئادەمنىڭ روھىنى گۆمران قىلىدۇ، مەن ئەيدىزگە گىرىپتار بولغان بىرسىنى تونۇيمەن، كېيىن ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغىنىنى ئويلىسام ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ ... ئۇنىڭ ئەيدىز بولۇپ قالغىنىغىمۇ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. كۆڭلۈم بەك بىئارام بولىدۇ ... ئەيدىزنىڭ مەنبەسى پاھىشىلىك، سەردار، مەن ئاياللارنىڭ بىچارە بولۇپ كەتكىنىنى، پاھىشە بولۇپ كەتكىنىنى كۆرسەم پەقەت چىداپ تۇرالمايمەن ... ئەيدىز توغرۇلۇق ئويلىنىپ قالىمەن، بۇ نەرسە بىزدە نېمىشقا پەيدا بولىدى؟ نېمىشقا بۇنچە كەڭ تارقىلىپ كېتىدۇ؟ ئادەملەر نېمىشقا مۇشۇنداق بىر قورقۇنچلۇق نەرسىگىمۇ بىپەرۋا قاراپ تۇرىدۇ؟ شۇنچە كۆپ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلسىمۇ ئەيدىز ئازايماقتا يوق، كۆپىيىپ كېتىدۇ؟ مەن مۇشۇلار توغرۇلۇق ئويلىنىمەن ... بۇ توغرۇلۇق ھەممەيلەن ئويلىنىپ باقمىساق بولمايدۇ.

سەردار شەھەرنىڭ شاۋقۇنلۇق كوچىسىدا تەنھا كېتىۋېتىپ ئەخمەتنىڭ بايا دېگەنلىرىنى ئويلاپ قالدى. خېروئىن، ئەيدىز، راك كېسىلى ... مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ جېنىغا قول سوزۇپ تۇرغان ئالۋاستىلار، بۇلارغا ئىنسانلارنىڭ كۈچى يەتمىدى، ئىنساننىڭ ئۇلۇغلۇقى ھەممىنى بويسۇندۇرغانلىقتا ئەمەس، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ساقلىغانلىقىدا بولۇشى مۇمكىن.

سەردار شەھەرنىڭ رەڭدار چىراغلار بىلەن سىرلىق تۈسكە كىرگەن كوچىسىدا كېتىۋېتىپ ھايات سىرلىرىنىڭ مەڭگۇ يېشىلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى. ھەر ئىنسان مەڭگۇ يېشىپ بولغىلى بولمايدىغان سىر. سان ـ ساناقسىز ئادەملەر مەڭگۈ سىرى يېشىلمەيدىغان پايانسىز كۆڭۈلگە ئىگە ...

سەردار شەھەرنىڭ قايناق كوچىسىدا تەنھا كېتىپ بارىدۇ. ئۇ ھاياتنىڭ سىرى ھەققىدە ئويلىنىپ كېتىۋاتقان مۇشۇ دەمدە، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئادەملەرمۇ ھاياتنىڭ سىرلىق يوللىرىدا تەمتىرەپ، يېڭى يول ئىزدەپ كېتىپ بارىدۇ، ناھايىتى نۇرغۇن ئىشلارغا زەن سالىدىغان، ھەر نەرسىنىڭ بائىسى بىلەن ئاقىۋىتى

ئارىسىدىكى مۇئەممالارغا ئەقىل يۇگۈرتىدىغان سەردار شەھەرنىڭ قايسىبىر يېرىدە گۈلپىيە دېگەن قىزنىڭ ئۆزىنىڭ بوگۈنى بىلەن ئۆتمۈشى ئارىسىدا قىسىلىپ، قورۇلۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ھاياتىدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى ئۆزىگە تەۋە ئەمەستەك ھېس قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. سەردار ئۇ نەرسىنى چۈشىنىدۇ، گاڭگىراپ قالىدۇ، گاڭگىراش، تەمتىرەشلەر بولىدۇ، يول ئىزدەيمىز، يىقىلىمىز، ئۆرە بولىمىز، تېنەشلىرىمىز مەڭگۈلۈك ئەمەس، مەڭگۈلۈك بولىدىغىنى ھاياتنىڭ گۈزەللىكى.

## 79

بارات موللامنىڭ يېنىك خورىكى بىلەن پۈشۈلداشلىرى گۈلپىيەگە ئۆزىمۇ چۈشىنىپ بولالمايدىغان خاتىرجەملىك ھېسسى تۇيغۇسى بەرگەندەك ئىدى. ئۇ كىچىك پەنجىرىدىن چۈشۈپ تۇرغان كۆكۈچ يورۇقلۇقتا بارات موللامنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارايتتى.

دېرىزىنىڭ سىرتىدىكى قاراڭغۇلۇق ئۇنتۇلۇپ كەتكەندەك بىلىنىدىغان، ئەمەلىيەتتە ئۇنتۇلمىغان خاتىرىلەرنى گۈلپىيەنىڭ يادىغا سالاتتى. گۈلپىيە بارات موللامنىڭ يېنىدا تۇرغاندا، ئويلىمىسام بولاتتى، دېگەن ئىشلارنى ئويلاپ سېلىشتىن نېرى بولالماي ۋەھىمىگە چۈشەتتى، مەكتەپ، سىنىپ، ئۆي، مەكتەپنىڭ كەينىدىكى ئورمان، قىرى سۆگەتنىڭ كاۋىكى، ئەنۋەر، گۈلباھار سېرىق ... گۈلپىيەنىڭ خىيالىچە مۇشۇلارنى ئويلىماسلىقى، يادىغا ئالماسلىقى كېرەك ئىدى، ئەمما ھە دېگەندە كونا ئەسلىمىلەر ئارىسىغا كىرىپ قالاتتى. گۈلپىيە شۇ ھالدا بارات موللامنىڭ تىنىقلىرىدىن خاتىرجەملىك تۇيغۇسىغا بۆلىنىۋېتىپ، يەنە ئەنۋەرنى ئويلاپ قالدى ...

ئەنۋەر ...

گۈگۈم قاراڭغۇسى ...

شۇ كۈندىكى گۈگۈم قاراڭغۇسى گۈلپىيەنىڭ كۆڭلىگە مەھكەم ئورنىشىۋالغانىدەك ئىدى.

— ئۆيگە قايتقۇم يوق، — دېدى گۈلپىيە. گۈگۈم قاراڭغۇسى يېپىشىۋاتاتتى، سۇس قاراڭغۇلۇقتا ئەنۋەرنىڭ پارقىراپ تۇرغان كۆزى بىلەن ئۇنىڭ يۈرەك سېلىشىنى ھېس قىلاتتى.

— ئەمىسە، كەتمە ... — ئەنۋەر كالتە ياستۇقۇالغان چاچلىرىنى سىلاپ قويۇپ شۇنداق دېدى، ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياماشقان ئىسسىق بىر تۇيغۇ ۋۇجۇدىغا ئاستا - ئاستا تارقاۋاتقاندەك ئىدى.

— ئەمما . . يەنىلا كەتمىسەم بولمايدۇ، مەن ئۇ ئىككىسىدىن ئۆلگۈدەك بىزار بولدۇم ... سەن ھارامدىن بولغان دېگەننىڭ مەنىسىنى بىلەمسەن؟ — گۈلپىيەنىڭ خىيالى، سىزىملىرى كۆل رەڭلىك تۇمان ئىچىدە قالدى. ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى تازا ئاڭقىرىپ كېتەلمەيدىغاندەك قىلاتتى.

— ھارامدىن بولغان؟ — ئەنۋەر ھەيران بولغاندەك گۈلپىيەنىڭ گېپىنى تەكرارلىدى.

— قانداق بولسا ھارامدىن بولغان بولىدۇ؟

ئەنۋەر نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي جىممىدە تۇرۇپ قالدى، كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى.

— باللار بىر - بىرىنى شۇنداق تىللىشىدۇ ... مېنىڭچە ... نىكاھسىز تۇغۇلغان بولسا شۇنداق دەمدىكى ...

— ئۇنداق ئەمەس، بىر دادا ... ئۆز باللىسىنىڭ ئۆزىنىڭ باللىسى ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانسا باللىسىنى شۇنداق دەيدۇ، — دېدى گۈلپىيە جىددىيلىكتىن تىنالمىغاندەك بولۇپ، گەپنى دەپ بولۇپ ئىغىر بىر نەرسە مۇرىسىدىن چۈشۈپ كەتكەندەك يەڭگىللەپ قالدى.

— بۇ . . مەنچە ... ئۇنداق بولمايدۇ، — دېدى ئەنۋەر بېشىنى قاشلاپ تۇرۇپ.

— قانداق بولمايدۇ؟
— دادا ئۆز بالىسىدىن گۇمانلانسا بولمايدۇ.
— بىراق ... — گۈلپىيە تەمتىرەپ كەتتى، ئۇياتلىق يىپرى ئېچىلىپ قالغاندەك ئەندىكىپ كەتتى. قويۇق قاشلىرى سۇزۇك چىرايىغا بىردە ئېتىۋەن كەلتۈرۈۋاتقاندەك، بىردە بەكمۇ ياراشقاندەك بىلىنەتتى.
— مەن چوڭ بولدۇم، — دېدى ئەنۋەر ئۇشتۇمتۇت گۈلپىيەنىڭ مۈرىسىنى چىڭ قامالاپ.
— نېمە؟
گۈلپىيە قورقۇپ كەتتى، گۇگۇم قاراڭغۇسىدا ئەنۋەرنىڭ قانداقتۇر بىر ئىشنى قىلىشقا پېتىنالماي يا ۋاز كېچەلمەي تۇرۇۋاتقىنىنى تەستە ھېس قىلغىلى بولاتتى. ئەنۋەر گۈلپىيەنىڭ كۆكسىگە قولىنى سوزدى. گۈلپىيەنىڭ كۆڭلىگە ئوتتەك ھاياجانىنىڭ نەم ھەم ئىغىر ۋەھىمىسى ياماشتى.
— مېنى قويۇۋەت ... مەن گۈلباھار سىڭىلىق ئەمەس.
— بۇ گەپنى قوي ... — ئەنۋەرنىڭ تىنىقلىرى جىددىيلىشىپ كەتكەندى.
— سەن گۈلباھار سىڭىلىقا ئامراقمۇ؟
— يوق گەپنى قىلما ...
— سوئالىمغا جاۋاب بەر.
ئەنۋەر لاسىدە بولۇپ قالدى، ئاندىن ئېغىر پۇشۇلداپ گۈلپىيەنى قويۇۋەتتى.
— مەن ... كېتەي، — دېدى ئەنۋەر. ئاۋازى مەيۈس ئىدى.
— كەتمىگىن ... نەگە كېتەتتىڭ؟ — گۈلپىيە قورقۇپ قالدى، ئاندىن ئەنۋەرنىڭ قولىنى مەھكەم سىقتى.
ئىككىيلەن قولايسىز بىر ھالدا تۇرۇپ قېلىشتى.
— سەن نېمە دېسەڭ شۇ، — دېدى گۈلپىيە، ئۇنىڭ قېچىپ كەتكۈسى كەلدى. ئالدىنقى قېتىم ئەنۋەر ئۇنىڭغا بىر گەپنى ناھايىتى تەستە دېگەن، گۈلپىيەنىڭ خىيالىمۇ شۇ كۈندىن باشلاپ

غەلىتىلىشىپ قىلىۋاتاتتى. ئۇ بەزى ئىشلارنى قورقۇنچلۇق ھەم قىزىقارلىق تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىپ ئۆزىچە خىجىل بولۇپ كېتەتتى. گۈلپىيەنىڭ شۇ ھالدا يۈگۈرگەنچە ناھايىتى يىراقلارغا قېچىپ كەتكۈسى كەلدى، ئۆيگە كەتكۈسى يوق، ئۆيىگىمۇ بارماي، مەكتەپكىمۇ بارماي ... يىراق بىر يەرلەرگە كەتكۈسى كەلدى، شۇ ھالدا قېچىپ كېتىشتىن قورقاتتى، قاچماي تۇرۇشتىنمۇ قورقاتتى.

گۈلپىيەنىڭ قۇلاق تۈۋىدە شاكىرنىڭ ئاۋازى ياڭرىدى:

— كۆزۈمدىن يوقال !

شاكىرنىڭ ھاراق پۇراپ تۇرغان، ھاراقنىڭ تەسىرىدىن سىڭارىيان بولۇپ كەتكەن ئاۋازى گۈلپىيەنىڭ يۈرىكىگە يىڭنىدەك سانجىلدى. بۇ ئاۋاز ناھايىتى يېقىن يەردىن ئاڭلىناتتى، خۇددى بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ ئىچىگە، يۈرىكىگە، قورسىقىنىڭ تۆرىگە كىرىۋالغاندەك.

— مېنىڭ ھېچنېمىنى كۆرگۈم يوق، — دېدى گۈلپىيە. ئەنۋەرنىڭ مەيدىسىدىن يىگى يۈيۈلغان كىيىمنىڭ ھىدى كېلىپ تۇراتتى. گۈلپىيە ئۇزاق كۈنلەردىن كېيىنمۇ مۇشۇ يەڭگىل پۇراقنى سېغىنىدۇ.

— مېنى ساراڭمىكى دەپ ئويلاپ قالدىڭمۇ؟ — دېدى گۈلپىيە ئەنۋەرنىڭ قاتتىق قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، بۇ قوللارنىڭ قاتتىقلىقى ئۇنىڭ كۆڭلىگە خاتىرجەملىك بېرەتتى.

— ئادەم ساراڭ بولۇپ قالسا ھېچ نەرسىنى سەزمەيدۇ.

ئەنۋەر چاقچاق قىلىۋاتسا كېرەك.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى گۈلپىيە، قاراڭغۇدا ئۆزىنىڭ ئاۋازى ئۆزىگە ناتونۇش ئاڭلاندى.

— سەن گېپىمنى چوقۇم ئاڭلايسەن ... — گۈلپىيە ئەنۋەرنىڭ قوللىرىنىڭ يوتىسىدا مىدىرلاپ يۈرگىنىنى ھېس قىلىپ ئۆزىنىڭ قىزىل ياكى قاراڭغۇ بىر تۈيغۇلار ئىچىگە كىرىپ قېلىۋاتقانلىقىنى غۇۋا ھېس قىلىپ قالدى.

— بۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ ... هارامدىن بولغان دېگەن خۇددى مۇشۇنداق.

كېچە قاراڭغۇسى بەكلا سوغۇق ئىدى، سوغۇق قاراڭغۇ بولىدۇ، ئىسسىق قاراڭغۇ بولىدۇ، يېقىملىق قاراڭغۇ، يېقىمسىز قاراڭغۇ بولىدۇ، گۈلپەيە ئۇن يەتتىنچى باھارىدا ئۆتتەك ئىسسىق ھەم چوغدەك قىزىل قاراڭغۇلۇقنى ھېس قىلدى.

چىلىق - چىلىق تەرگە پىشىلىپ كەتكەن ئەنۋەر نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ياتقان قىزنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇراتتى، گۈلپەيە قاراڭغۇ كېچىدە بىر ئەرنىڭ ئۆز يېنىدا ئۆرە تۇرغان ھالىتىنى ئۆزۈنچە ئۇنتۇيالمىسا كېرەك. گۈلپەيە شۇ چاغدا ئەنۋەرنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق بولمايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم سەزدى.

گۈلپەيە ئورنىدىن تۇرۇشقا، مىدىرلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى، ئاي نۇرىدا ئاپپاق يوتىلىرى كۆمۈشتەك پارقىرايتتى، ئىككىيلەن ئاينىڭ قاچان چىققانلىقىنى، ئەتراپىنىڭ قاچانلاردا سۈتتەك يورۇپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدى. ئەنۋەر بايىقىدەكلا ئۆرە تۇراتتى، گۈلپەيە مىدىرلىسىلا ھەممە نەرسە يوقىلىپ كېتىدىغاندەك، ئۆزىمۇ بىللە يوقىلىپ كېتىدىغاندەك ۋەھىمىگە چۈشكەنىدى.

ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدىغان، ئۆزىنى يوقىتىپ قويغانلىقىنى بىلگەندە بەكلا قورقۇپ كېتىدىغان دەملىرى بولىدۇ.

ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانىدىن ئۇدۇم قالغان ۋەھىمىگە تولغان شېرىن دەملەر ... ياق، شېرىنلىككە تولغان ۋەھىملىك دەملەر ... ھاياتتا بىرلا قېتىم بولىدۇ، گۈلپەيە باش ئۈستىدە پارقىراپ تۇرغان ئايغا قاراپ قويدى، ئۇ ئاينىڭ ئاي ئىكەنلىكىگە، يۇلتۇزنىڭ يۇلتۇز ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلالمايدىغاندەك ئىدى.

— مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن؟

— ھېچقانداق ... بىز داۋاملىق مۇشۇنداق ئۆتىمىز.

— سەن قورقمامسەن؟

— مەن دېگەن ئوغۇل بالا.

ھەر ئىككىسى ئۆزى تازا ھېس قىلالمىغان، ئەمما بەك مۇھىم بىلىندىغان نەرسىلىرىنى يوقىتىپ قويغاندەك تۇيغۇدا ئىدى، قاراڭغۇدا ... بەكمۇ ئىسسىق، بەكمۇ دىمىق، بەكمۇ سوغۇق قاراڭغۇدا ... ئىككىيلەننىڭ ئۇنتۇلماس دەملىرى ئاستا ئۆتۈپ كەتتى.

بارات موللام بىر يانغا ئۆرۈلدى، گۈلپىيەنىڭ خىياللىرى ئۈزۈلدى، گۈلپىيە قورققان ھالدا مۈشۈكتەك تۈگۈلۈپ ئۇنىڭ قوينىغا كىردى. گۈلپىيەنىڭ ئويىچە بارات موللامنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئەنۋەرنى ئويلىسا، خىيال قىلسا، ئۇنى سېغىنسا بارات موللام بىلىۋالىدىغاندەك، ئاندىن ئۇنى قايتىدىن قىزىل چاچلىق جىننىڭ، ئاق كۆزلۈك جىننىڭ، دۈمبىسى يوق جىننىڭ قولىغا تاشلاپ بېرىدىغاندەك ۋەھىمىنى ھېس قىلىپ قالاتتى.

ئەتىسى سەھەردە بارات موللام گۈلپىيەنى ئويغاتتى. شامنىڭ ئاجىز نۇرىدا بارات موللامنىڭ كۆزلىرى يولۋاسنىڭ كۆزىدەك پارقىراپ تۇراتتى.

— ئەنۋەر دېگەن كىم؟

— ھە ... — گۈلپىيە تىترەپ كەتتى، مۇزدەك بىر سېزىمدىن كۆڭلى - كۆكسى تامام سوۋۇپ كەتكەندەك بولدى.

— ئۇ ... ساۋاقدىشىم ئىدى ... مېنى ئۇراتتى.

— قانداق ئۇراتتى؟

— قولى بەك قاتتىق ئىدى ... دائىم ئۇراتتى ... گۈلباھار سېرىقمۇ ئۇراتتى.

— گۈلباھار سېرىق دېگەن كىم؟

گۈلپىيە چۆچۈپ كەتتى، نېمە بولغانلىقىنى چۈشەنگەندەك بولدى. ئۇ ئېسىنى يوقاتقانلىقىنى بىلدى.

«كېچىچە ئەنۋەر دەپ جۆيلۈپ چىقتىڭىز ...» بارات موللام شۇ گەپنى دېمەكچى بولۇپ دېمىدى. ئاندىن ئىمۋرىقنى ئېلىپ سىرتقا ماڭدى. دېرىزىنىڭ سىرتىدىكى كۆكۈچ يورۇقلۇق گۈلپىيەگە بۇرۇنلاردىكى مۇشۇنداقراق بىر قاراڭغۇلۇقنى

ئەسلەتتى. ئۇ بارلىق ئەسلىمىلىرىدىن قورقىدىغان بولۇپ قالدى.

گۈلپىيە تۇمان ئىچىدە قالغان شۇ ھالدا، نادىرەنىڭ ئۆزىگە يېپىشقان لەنەتلىك تەقدىر ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللارغا پاتقانىدى، شەھەردە خۇشال ھايات يەڭگىل داۋام قىلىدۇ، خۇشاللىق، ئۈمىد، يەڭگىللىك، ئازادە پىكىر ... مۇشۇ نەرسىلەر ھاياتقا شۇ قەدەر يارىشىدۇ، ئۇشتۇمتۇت كۆتۈرۈلگەن توپا ـ چاڭ ئارىسىدا قېلىپ، ئاشۇ گۈزەل نەرسىلەرنىڭ قاياندا ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قالغان نادىرە گۈلپىيەنىڭ قانداق كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ، يەنە ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قانداق كۈنلەرنى كۆرىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ.

## 80

نادىرە دىلمۇراتنىڭ يېنىدا ئۇيقۇسىز ياتاتتى، دىلمۇراتنىڭمۇ ئۇيقۇسى قاچقانىدى.

— بىز نېمىشقا مۇشۇ كۈنگە قالىمىز؟

— بىز خەقنىڭ گۇناھىنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتۇق، — دېدى دىلمۇرات ئۇھ تارتىپ.

— ئۇنداق ئەمەس.

— ئەمىسە قانداق؟

— بىزنىڭ گۇناھىمىز بار ... بىز ئەمدى باشقىنى قويۇپ قانداق ئۆلۈشنىڭ غېمىنى قىلساق بولىدۇ، — دېدى نادىرە سوغۇق ئاۋازدا.

— غېمىنى قىلمىساقمۇ بولىدۇ، بىر كۈنى ... ئەجەل يەتكەندە ئۆلىمىز، — دىلمۇرات نادىرەنىڭ كۆز ئالدىدا يىغلاپ سىلىشتىن ئېھتىيات قىلسا كېرەك.

— مېنىڭ شەرمەندە بولۇپ ئۆلگۈم يوق ... ئەسلىدە شۇ قېتىملىق قاتناش ۋەقەسىدە مېنىڭ ھاياتىم ئاخىرلاشقانىكەن ...

www.uyghurkitap.com

مۇرات ئىككىمىز شۇ چاغدا تەقدىرگە قارشى ئىش قىلىپ ئاخىر مۇشۇ كۈنگە قالدۇق.

— ئۇنداقمۇ دېمەڭ، بەلكىم بەزى ئىشلار شۇ كۈندىن باشلانغان بولۇشى مۇمكىن.

— بەزى ئىشلار شۇ كۈنى ئاخىرلاشتى ... مەسىلەن مېنىڭ بەختىم.

— مەن ئەسلىي شۇ چاغدا ئۆلىدىغان ئادەم ئىدىم ... مۇرات مېنى قۇتقۇزۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆلۈمدىنمۇ قاتتىق كۈنلەرنى كۆردۈم ... مېنى هازىر ياشاشقا مەجبۇر قىلىۋاتقىنى پەقەت بىرلا ئىش ... مېنى قۇتقۇزۇۋالغان ئادەمنى قۇتقۇزۇۋېلىش.

— بۇنىڭدىن خەۋىرىم بار ... سىزگە بەك جىق پۇل كېرەك، سىز بىز تونۇشقان چاغدىلا شۇ گەپنى دېگەن ... قانچىلىك كېرەك؟

— بەك جىق ... ئىككى يۈز مىڭ ... بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ جىق كېرەكتۇر.

— ئىككى يۈز مىڭنى جىق پۇل دېگىلى بولمايدۇ.

— ئەمما مەن ئۈچۈن بەك جىق پۇل.

— ئۇ پۇلنى مەن بېرىشىم مۇمكىن.

— ئەمىسە بېرىڭ.

— بىراق تەس ... بېرەي دېگىنىم بىلەن بېرەلمەيدىغاندەكمۇ قىلىمەن.

— نېمىشقا ... پۇللىرىڭىز تۈگىدىما؟

— ياق، بىكارغا بېرىشكە چىدىماسلىقىم مۇمكىن.

— ئەمدى سىز بىلەن ماڭا پۇلنىڭ كېرىكى يوققۇ، — دېدى نادىرە دىلمۇراتنىڭ قولىغا ئېسىلىپ، — ئاخىرقى تەلىپىم بولۇپ قالسۇن، مۇراتنىڭ ساقايغىنىنى كۆرۈپ ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم يوق، ماقۇل دەڭ، ئەمدى بىزگە پۇلنىڭ لازىمى

بولمايدۇ، دىلمۇرات.

— ئۇنداق دېگىلى بولمايدۇ ... بىز مۇشۇ پۇل بىلەن ساقىيىپ قېلىشىمىز مۇمكىن.

— مۇمكىن ئەمەس ... داۋاسى يوق كېسەل بۇ.

— چىقىپ قالىدۇ ... شۇنداق بىر گەپلەرنى ئاڭلىدىم ... ھېچ بولمىسا تىزگىنلىگىلى بولىدۇ.

نادىرە جىم بولۇپ قالدى.

دىلمۇرات دېرىزىدىن يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا قاراپ چولپاننى خىيال قىلىپ قالدى. ئۆزىنىڭ ھاياتىنى مەغلۇبىيەت بىلەن تۈگەيدىغان ھايات، دەپ ئويلىدى. چولپان ... چولپاننىڭ ئۆزىگە مەڭگۈ نېسىپ بولمايدىغانلىقىنى ئاچچىق سېزىم ئىچىدە ئېتىراپ قىلدى.

— مېنىڭ ئۆمۈرلۈك پۇشايمىنىم بار، نادىرە.

— بىلىمەن.

— بىلىمەن؟ نېمىنى بىلىسىز؟ — دېدى دىلمۇرات. نادىرە دىلمۇراتنىڭ كۆزىدىكى ئۆمۈچۈك تورىدەك غېرىبلىقنى كۆرۈپ تۇراتتى. پۇل بولغان بولسا ئانامنى قۇتقۇزۇۋالاتتىم، دەپ ئويلىغان بىر ئادەم، ئانىسىنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆلۈپ كەتكىنىنى پۇلۇمنىڭ يوقلۇقىدىن دەپ ئويلىغان ئادەم نادىرەگە تولىمۇ بىچارە بولۇپ كۆرۈندى.

ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە بەك نۇرغۇن پۇل تاپتى، تەلۋىلەرچە پۇل تاپتى، ھېچنېمىدىن ئايانماي، ۋاستە تاللىماي پۇل تاپتى، ئەمما بۇ پۇللار ئۇنىڭغا پۇل بولۇپ كۆرۈنمىدى، پۇلى كۆپەيگەنچە پۇشايمىنى ئېشىپ بارغاندەك ئويلاپ قالدى.

نادىرە دىلمۇراتنىڭ مۇشۇنداق ئويلايدىغانلىقىنى بىلەتتى.

— مۇشۇ كېسەلگە مۇپتىلا بولدىڭىز، بۇ سىزنىڭ

پۇشايمىنىڭىز، ــ دېدى نادىرە گەپنى باشقا ياققا بۇراپ.

ــ ئەمەس ... مەن ئانامنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە قاراپ تۇردۇم... كۆزۈمنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇردۇم.

ــ ئۆلۈمگە ئامال يوق، دىلمۇرات ... ــ نادىرە دىلمۇراتنىڭ چاچلىرىنى سىلىدى.

ــ پۇل بولغان بولسا ئامال بولاتتى، مەن پۇشايمان قىلىدىغان ئىش يالغۇز بۇلا ئەمەس.

ــ يەنە نېمە ئىش قىلغانىدىڭىز؟

ــ مەن ساجىدە دېگەن بىر ئايال بىلەن ناشايان ئىشلارنى قىلىپ يۈردۈم، بۇ ئايالنىڭ كىملىكىنى بىلەمسىز؟

ــ ئاڭلىغان.

ــ ئۇ بۇرۇنقى ئايالىمنىڭ يەڭگىسى ئىدى.

ــ هايۋاننىڭ ئۆزى ئىكەنسىز.

ــ رەنا بىلەن ئاجراشقاندىن كېيىن بۇ خوتۇن كەينىمگە كىرىۋېلىپ مېنى مۇشۇ يولغا سۆرەپ كىردى، مەن ئەسلىي چولپاننى دەپ رەنا بىلەن ئاجراشقان، ئەمما چولپان ماڭا قارىماي قويدى ... بەزىدە ساجىدەنى بوغۇپ ئۆلتۈرگۈم كېلىدۇ.

ــ ساجىدەنى كەينىمگە كىرىۋالدى، دەۋاتامسىز؟

ــ شۇنداق، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولغان.

ــ بۇ پەقەت قاملاشمىغان گەپ بولدى، بەلكىم ئۇ كەينىڭىزگە كىرىۋالغاندۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە سىزمۇ شۇنى تەمە قىلغان، شۇنداق بولۇشىنى خالىغان.

ــ نېمىلا بولمىسۇن مەن مۇشۇنداق ئوسال ئىشنى قىلدىم، مەن بۇ ئۆمرۈمدە ئەڭ پۇشايمان قىلىدىغان ئىشنىڭ بىرى مۇشۇ، بەلكىم مۇشۇ كېسەلگە گىرىپتار بولۇشۇممۇ شۇ گۇناھلىرىمنىڭ جازاسى بولۇشى كېرەك.

ــ سىز قولاق تۈۋىڭىزگىچە گۇناھقا پاتتىڭىز ... ساجىدە

دېگەن ئايال يەنە كىملەر بىلەن سۆرىشىپ نېمە ئىشلارنى قىلىدۇ.

— مەن سىزگە دېدىمغۇ، ئۇنىڭ مەندىن باشقا ئەر بىلەن كۆرۈشۈپ يۈرىدىغانغا بېشى ئۇن ئەمەس.

— بۇنىڭغا بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ، ھېچ بولمىسا ئۇنىڭ ئېرى ... يەنە باشقىلارنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ، شۇنداق بولۇپ قالسا نۇرغۇن بىگۇناھ ئادەملەر ئۆلۈمگە قاراپ ماڭدى، دېگەن گەپ ... ئەگەر شۇنداق قىلغان بولسا ئۇلارنى بىگۇناھ ئادەملەر دېگىلى بولمايدۇ.

— مېنىڭ سىزنى ئۆلتۈرۈۋەتكۈم كېلىدۇ.

— شۇنداق قىلسىڭىزمۇ بوپتىكەن ... مۇشۇ زاماندىكى ئەڭ چىرايلىق قىزنىڭ قولىدا ئۆلسەممۇ مەيلىدى.

نادىرەنىڭ كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلدى.

— مەن شۇ كۈنى ئۇن سەككىز ياشقا كىرگەنىدىم.

— قايسى كۈنى؟

— مۇراتنى ماشىنا سوقۇۋەتكەن كۈنى.

نادىرەنىڭ ئاۋازى شەھەرنىڭ شاۋقۇنلىرى ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى. نۇرغۇن ئاۋازلار ئىز - تىزسىز غايىب بولىدۇ، نۇرغۇن يۈرەكلەرنىڭ تۈرلۈك رەڭدىكى نىدا ھەم تەلپۈنۈشلىرى ھاياتنىڭ باش - ئايغىنى ئىلغا قىلىپ بولغىلى بولمايدىغان شاۋقۇنلىرى ئارىسىغا سىڭىپ كېتىدۇ. مۇشۇ شەھەرنىڭ تۈرلۈك شاۋقۇنلىرىغا كۆمۈلۈپ كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان ساناقسىز ئادەملەر ئارىسىدىكى سەردار دوختۇر بىلەن گۈلنىگارمۇ بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنسىز شاۋقۇن ئىچىدە، ھەر ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ يۈرەك سوقۇشلىرىنى تىڭشاپ بولالماي ئاۋارە بولۇۋاتاتتى. ئۆزىمىزنىڭ يۈرەك سوقۇشلىرىنى ئاڭلاپ بولالمايدىغان، ئاڭلىغاندىمۇ، قانداق يوسۇندا سوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي ئۇزاق كۈنلەرنى ئۆتكۈزىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 81

سەردار تېلېفونغا قارىغىنىچە راھەتبەخش تۇيغۇلارغا بۆلىنىپ ئولتۇراتتى، «مەن مەڭگۈ سىزنىڭ». مۇشۇ خەتلەر تېلېفوننىڭ كىچىك ئېكرانىدا ئوت رەڭگىدە جۇلالاپ تۇراتتى، بۇ بىر گۈزەل ئايالنىڭ پۈتۈنلەي سەردارغا تەۋە بولۇپ كەتكەن يۈرىكىنىڭ نۇرى ئىدى. سەردارنىڭ كۆز ئالدىدا كۆزلىرى خۇمارلاشقان، بارلىقى بىلەن سەردارغا بېرىلگەن چولپاننىڭ ئىللىق سىيماسى بار ئىدى.

سەردار ساپاغا يۆلىنىپ، كۆزىنى يۇمغىنىچە ئولتۇرغاندا ئىشىك ئېچىلىپ گۈلنىگار كىردى.

— ئىشتىن كېلىپ بولغانمىدىڭىز؟ — دېدى گۈلنىگار.

— ھەئە، — دېدى سەردار تېلېفوندىن كۆزىنى ئۈزمەي، — بايا رازىيە كەپتىكەن، سىز بىلەن كۆرۈشمىدىغان ئىشى بولسا كېرەك، كېيىن كېلەرمەن دەپ كەتتى.

سومكىسىنى كىيىم ئىلغۇچقا ئېسىۋاتقان گۈلنىگار كەينىگە ئۆرۈلۈپ سەردارغا نەزەر سالدى، سەردارنىڭ كەيپى خۇش، يارىشىملىق كىيىنىۋالغان، گۈلنىگار سەردارنىڭ تۇجۇپىلەپ باغلىۋالغان قىزىل يوللۇق گالستۇكىغا قاراپلا ئۇنىڭ بۈگۈن سىرتتا چىققانلىقىنى، چولپان بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى، ئاچچىق بىر ئاغرىق مېڭىسىگە كەپلەشتى، يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى ئوتقا سالغاندەك ئېچىشتى، كۆڭلىنىڭ نازۇك يەرلىرى چىملداپ كۆيۈشتى. ئۇ بۈگۈن چولپان دېگەن ئالۋاستى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ ... خۇدا، مېنىڭ بىرەر يامان ئىش قىلىپ قويۇشۇمدىن ساقلىغايسەن، ماڭا سەۋر بەرگىن، ئادەم ئۆلتۈرگەن ئايال بولۇپ قالمىسام بولاتتى ... گۈلنىگارنىڭ شۇ چاغدىكى كۆزىگە قارىغان، كۆزىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىگە

يەتكەن ئادەم قورقۇپ قالاتتى. ئۇ چوقۇم ئاشۇ ئالۋاستى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ ... گۈلنىگارنىڭ نۇرغۇن گۇمانلىرى توغرا چىقاتتى.

— رازىيە نېمە دەپ كەپتۇ؟ — دېدى گۈلنىگار سوغۇق ئىچكى ھاياجاننى چاندۇرماي.

— سىز بىلەن كۆرۈشمەكچىكەن.

— نېمە گېپى بولغىيدى؟

گۈلنىگار زور غەيرەت بىلەن ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇشقا تىرىشىۋاتاتتى، بەزى ئاياللار ھاياتىنىڭ تەمكىن ھەم خۇشخۇي ئارتىسلىرىغا ئايلىنىپ كەتسە كېرەك.

— ماڭا دېمىدى، ئايرىم دەيدىغان گەپلىرى بولغىيدى، بەلكىم ئالدىراشلىق ئۇستىگە يەنە بىر ئالدىراشلىق قوشۇلغاندۇ، چاي، ئولتۇرۇش، پەيشەنبىلەش، تۇغۇت يوقلاش، بازار چۆرگۈلەش دېگەندەك ... ئاياللارنىڭ ئۆيدىكى تۈگىمەس ئىشلارنى قىلىپ، يەنە شۇنچە كۆپ ئىشقا يېتىشكىنىگە قاراپ، خوتۇن كىشىنىڭ جېنى مەزمۇت بولىدىكەن، دېگەنلەرنى ئويلىدىم، بىر ئايالنىڭ جاپاسىنى تارتسا ئەللىك ئەر كىشى ئۆلۈپ كېتەمدىكىن دەيمەن.

گۈلنىگار ھەيران قالدى، سەردار ئادەتتە بۇنداق گەپلەرنى كەمدىن ـ كەم دەيتتى، كۆڭلىدە بىر خۇدۇكسىرەش بولغاندا سەردارنىڭ ئۇششاق سۆزلۈك بولۇپ قالىدىغانلىقى گۈلنىگارغا ئايان ئىدى.

— غەلىتە گەپلەرنى قىلىپ قاپسىزغۇ؟

— دېمەكچى بولغىنىم، ئادەمگەرچىلىك، چاي، ئولتۇرۇش، توي ـ تۆكۈن يەنە بىرنېمە دېگەننىڭ جاپاسىنى سىز تارتسىڭىز مەن ھېرىپ قېلىۋاتىمەن.

— ئامال يوق.

— ئامال يوق؟ ... ئامال يوق دېسىلا نۇرغۇن ئىشلاردىن قۇتۇلۇپ كەتكىلى بولىدۇ، سىز ئوقۇتقۇچى بولغاندىكىن مۇشۇنداق بىتايىن ئىشلاردىن ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزنى

تارتىسىڭىز، قارشى چىقسىڭىز توغرا بولاتتى.

— قارشى چىققان بىلەن ئاقمايدۇ، بۇنداق ئىشلارنى تۈزىتىپ بولۇش ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، رازىيە نېمىگە كەلگەن بولغىيدى، بىر موھتاجلىقى بولمىسا مېنى ئىزدىمەيتتى ئۇ.

— يەنە شۇ ئېرىدىن قاقشاپ بەرگىلى كەلگەندۇ.

— بەلكىم گۈلپىيەنىڭ ئىشىدۇ.

— رازىيەنىڭ تۈرقى غەلىتە بولۇپ قاپتۇ، كىيىۋالغانلىرى بەكلا بىرقىسما، نەدىنمۇ تاپىدىغاندۇ شۇنداق كىيىملەرنى، گەپ قىلىشلىرىچۇ تېخى ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىپ.

— قانداق كىيىنىۋاپتۇ؟

— ئىشقىلىپ كۆزۈمگە سىغمىدى، بەكلا كەڭ، ئۇزۇنلا بىر كىيىم، ئۆزىگىمۇ پەقەت ياراشماپتۇ، يۈزىنى يۆگىۋالغىلىمۇ ئاز قاپتۇ، ئادەم دېگەن شۇنداقمۇ تېز ئۆزگىرىدىكەن دەپ قالدىم.

— رازىيە بۇرۇندىن بەك تېز ئۆزگىرىدۇ، تېز قىزىپ تېز سوۋۇيدۇ، بەكلا ساددا.

گۈلنىگار گەپ قىلىۋېتىپ، سەردارنىڭ كەيپىنىڭ بەك خۇش ئىكەنلىكىنى سېزىپ تۇراتتى، يەنە ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى گۈلنىگاردىن يوشۇرىدىغان شادىمانلىقىنىمۇ ھېس قىلىپ تۇراتتى، سەردار چاندۇرمايمەن، دېگەنچە يەنىمۇ چاندۇرۇپ قويىدىغاندەك ئىدى، گۈلنىگارنىڭ يۈرىكى چىمىلدىدى.

— خەقنىڭ گېپىنى قويايلى، بۈگۈن سىرتقا چىقتىڭىزمۇ؟

— چىقتىم.

— نەگە باردىڭىز؟

— ئوپېراتسىيەدىن چىققان بىر كېسەلنىڭ تۇغقانلىرى مېھمان قىلىمىز، دەپ سۆرەپ يۈرۈپ «خان تائام» رېستورانىغا ئېرىپ كەلدۇق.

— تەلىيىڭىز بار ئىكەن، تازا ئوبدان يەپ ـ ئىچىۋالغانسىز؟ — گۈلنىگارنىڭ سۆز ئاھاڭىدا مەسخىرە بار ئىدى.

— زەھەر يەپ كەلدۇق، مۇشۇنمۇ تەلەي دېگىلى بولامدۇ ئەمدى.

— زەھەر يېدۇق ؟ بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— كىچىككىنە قورساقتا بىرمۇنچە كاۋاپ، پولۇ، مانتا ... ئىشقىلىپ يەيدىغانلىكى نەرسىنىڭ ھەممىسىنى كەپلەپ تىقىپ كەلدۇق، يېمەي دېسىڭىز خەق خاپا بولۇۋاتقان، رەنجىۋاتقان، بىزنى ياراتمىدىڭىز دەپ كىشىگە بېسىم قىلىۋاتقان ... بىر كىشىلىك قورساقتا نەچچە كىشىلىك تاماق يېدۇق ... بۇنىڭ ئۆزى زەھەر ئەمەسمۇ، ئارتۇق غىزا كىشىنى كېسەل قىلىدۇ.

— سىزمۇ دوختۇرغا ئوخشىماي قاپسىز.

— قانداق دەيسىز؟

— كېسەللەرنىڭ پارىسىنى يەپسىز.

— شۇ ... توغرا دېدىڭىز، ھازىر بىر قىسىم دوختۇرلار دوختۇرغا، بىر قىسىم مۇئەللىملەر مۇئەللىمگە ئوخشىماي قالدى، ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ بىر شېئىرىنى كۆچۈرۈۋالغاندىم، ئوقۇپ بېرەيمۇ؟

— قايسى شېئىر ئۇ؟

گۈلنىگار سەردارغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى، ئۇ ئادەتتە گۈلنىگارغا شېئىر ئوقۇپ بەرمەيتتى، گۈلنىگارغا گەپ قىلىشمۇ خۇشياقماي قالاتتى، بۈگۈن نېمە بولغاندۇ؟

سەردار يانچۇقىدىن قاتلانغان قەغەزنى ئالدى، ئاندىن بوش ئاۋازدا شېئىرنى ئوقۇدى.

«شۇنچە ئاقتۇرسام تۈزۈك قاپاق يوق،
باراڭ باراڭغا ئوخشىماي قالدى.
ھېچكىم لەۋزىدە ئەھدۇۋاپا يوق،
پاراڭ پاراڭغا ئوخشىماي قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەمە ئوت ياقتى كۆڭۈل كۆزىگە،
سالام سالامغا ئوخشىماي قالدى.
ئۆزگىرىپ تۇرار يارنىڭ قارارى،
جانان جانانغا ئوخشىماي قالدى.
مېھراپتىن چايان چىققىنى قىزىق،
پالان پالغان ئوخشىماي قالدى.
دەلدۈش تۇرۇپمۇ بېرەر پەتىۋا،
ساراڭ ساراڭغا ئوخشىماي قالدى.
ئېشىكنى يەپمۇ بېشىكنى يەيدۇ،
بالاڭ بالاڭغا ئوخشىماي قالدى.

سەردارنىڭ شېئىر ئوقۇغاندىكى ئاۋازى يېقىملىق ئىدى. گۈلنىگار ھاياجانلىنىپ كەتتى.

— قالتىس يېزىلغان شېئىر ئىكەن، ئۆزىڭىزمۇ شېئىرغا ئامراق، سىز ئەسلى دوختۇر بولماي شائىر بولسىڭىز بوپتىكەن.

— شۇ، نۇرغۇن ئىشلار تەتۈر كېلىدۇ.

— تەتۈر كېلىدۇ؟ ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭ، ئۆزىڭىز شائىر بولمىغان بىلەن شائىرلىرىڭىز كەم ئەمەسقۇ، — گۈلنىگار سەردارغا مەسخىرىلىك تىكىلدى، — يادلىۋالغۇدەك شېئىر ئىكەن بۇ، ئەر ئەرگە ئوخشىماي قالدى، ئايال ئايالغا ئوخشىماي قالدى... مۇشۇلارنىمۇ قوشۇپ قويۇش كېرەك ئىكەن.

— بولدى قىلىڭا.

گۈلنىگار چاچلىرىنى كەينىگە سىلىكىپ قويدى، سەردارنىڭ ھاياجانلىق تۇرقىغا ئەلەم بىلەن نەزەر سالدى.

— مەن چولپاننىڭ شېئىرىنى ئوقۇدۇم.

سەردارنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى.

— بوپتۇ.

— يامان ئەمەس يازىدىكەن.

— قانداق يازسا يازمامدۇ، — دېدى سەردار قوشۇمىسىنى تۈرۈپ.
— كۆڭۈل بۆلۈپ قويايلى، چولپان بىزگە يات ئەمەسقۇ.
سەردارنىڭ چىرايى لەپپىدە قىزاردى.
— كىمنىڭ شائىر بولۇشى بىلەن ئىشىم يوق، ئەمما مەن پات - پات شېئىر ئوقۇپ تۇرىمەن، بىز باشقا گەپنى قىلىۋاتاتتۇق، نېمە دەپ باشقا بىرسىنىڭ گېپىگە چۈشۈپ كېتىمىز؟
— شېئىر توغرىسىدا گەپ بولۇۋاتىدۇ، بۇ گەپلەرنى قىلغانلىقىمۇ يامىنى يوق، سىز شېئىرغىلا ئەمەس، شائىرغىمۇ ئامراق.
— تايىنى يوق گەپنى قىلمىسىڭىزچۇ، ئادەمنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇپ ...
سەردارنىڭ قاپىقىنى تۈرۈپ زەردە قىلىشى بىلەن گۈلنىگارنىڭ كۈلۈپ تۇرغان چىرايى تاتىرىپ كەتتى، چىرايلىق لەۋلىرى قىمىشايدى، ئۇ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى، ئاندىن تامدىكى رەسىمگە قارىدى، سەردار يالغان گەپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالسا مۇشۇ رەسىمگە قاراپ قويياتتى. رەسىمدىكى سەردار كۈلۈپ تۇراتتى، رەسىمدىكى گۈلنىگار خۇددى مەڭگۈ قېرىمايدىغاندەك تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى، ھاياتقا بولغان ئىشەنچ نۇر بولۇپ پارلايتتى. رەسىمدىكى گۈلنىگارنىڭ كۆزلىرىدىن پارلىغان يېقىملىق تۇيغۇلار تار ئۆيگە، تار ئۆيدىكى يۈرەككە، يۈرەكتىكى كەڭرى ئالەمگە تەكشى ھەم سىلىق يېيىلىپ تۇراتتى. گۈلنىگار ئاشۇ سۈرەتتىكى گۈلنىگارنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلالمايدىغان ھالدا ئەمەس، ئەمما شۇ ھالدا رەسىمدىكى گۈلنىگارنىڭ بەختىيار يۈرىكى بىلەن ھازىرقى گۈلنىگارنىڭ يۈرىكىنىڭ قان سىرغىپ تۇرغانلىقىنى سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى.
گۈلنىگار ئۇھ تارتىپ ساپاغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

گۈلسۇم توغرۇلۇق سەردارغا دەيدىغان گېپى بار ئىدى. كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدىغان بۇ ئوماق قىز مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندەك قىلغان بىلەن كۆڭلى جايىدا ئەمەستەك ئىدى، گۈلنىگار ئۇنىڭ غەمكىن بولۇپ قالغانلىقى توغرۇلۇق، ئۇنىڭغا يەنە قانداق ياردەم قىلىش كېرەكلىكى توغرۇلۇق سەردار بىلەن سۆزلەشمەكچىدى، ئالدىنقى قېتىم سەردار بەرگەن ئىككى مىڭ سومنى گۈلسۇمنىڭ ئانىسىغا قانداق يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكىنى ئۇنىڭغا ئېيتماقچىدى. ئەمما ئۇ گەپلەرنى دەپ بولغۇچە ...

چولپان ... ئالۋاستى ...

گۈلنىگارنىڭ يۈرىكى غەزەپتىن لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلىدى ... يۈرىكىدە بىر قورقۇنچ ئۆرىدەيتتى ... ئادەم ئۆلتۈرۈش ... ئۇ ئۆزىنىڭ ئادەم ئۆلتۈرەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئەمما بۇنى پۈتۈنلەي مۇمكىن ئەمەس دېگىلىمۇ بولمايتتى.

«بۇ ئىككىسى مېنى يارغا قىستاۋاتىدۇ.»

گۈلنىگار كۆزلىرىنى يۇمدى.

ياندىكى ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرغان سەردار كەيپى ئۇچقان ھالدا ئەخمەتنىڭ «ئەخمىقانە كۈنلەر» دېگەن رەسىمىنى ئەسلەپ قالدى. تۇرمۇش تۇرمۇشقا ئوخشىمايۋاتقاندەك قىلاتتى. ھېچ بولمىسا كۈتكەندەك ئەمەس، ئادەتتىكى ئىشىنىڭمۇ، ئۇلۇغۋار دېيىلگەن ئىشلارنىڭمۇ سۈتۈقى، مەززىسى قالمىغاندەك.

بۇ ئائىلە مەن ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ... سەردار ئۆزىنى مۇشۇ گەپكە چوقۇم ئىشەندۈرۈشى كېرەكلىكىنى بىلەتتى.

سەردار ئۆزىنى يولدىن چىققان ئەر، دەپ ئويلىمايتتى، چولپان بىلەن قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى خۇددى ئەسلىي شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك ئىشتەك ئويلاپ قالاتتى، مۇشۇنداق ئويلىرى ئۇنى خاتىرجەم، بەختىيار ھېس قىلدۇرسا كېرەك. سەردار ئۆزى ياشاۋاتقان مېھرى ئىسسىق، گۈلگۈن شەھەردە كىشىنى چۆچۈتىدىغان ئىشلارنىڭ بارلىقىنى ئانچە بىلىپ كەتمەيتتى، بولۇپمۇ ئۆزگە ئوخشاش تاپتىن چىققان ئادەملەرگە ئەڭ يېقىن

تۇرىدىغان بالا ـ قازالارنىڭ ھاياتىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان كوچىلىرىنى لالما ئىتلاردەك كېزىپ يۈرگەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئەخمەتنىڭ ئەيدىز ھەققىدە دېگەنلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئۇنچە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتمىگەندەك ئىدى. ئەمما، ئەمەلىيەتتە بۇ نەرسە سەردارنىڭ ئىشىكى ئەتراپىدا، دېرىزىسى ئەتراپىدا، يوللىرىدا، ئۇ ئۆتىدىغان كۆۋرۈكلەردە ... ئۇنىڭغا ئەگ ئىبقىن يەرلەردە پۇرسەت كۈتۈپ يۈرۈۋاتاتتى. سەردار رەنانىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى، چۆچۈدى، قانداقتۇر بىرنەرسىنىڭ مۇزدەك قارا كۆلەڭگىسى نەق يۈرىكىنى بېسىپ تۇرغاندەك ئەندىكتى.

## 82

سەردار كېسەل تارىخىنى كۆرۈۋاتاتتى. سەردار ئىنسان ۋۇجۇدى ھەم روھىدا يۈز بېرىدىغان كېسەللىكنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە جىق ئويلىناتتى، شۇ قەدەر گۈزەل ھەم مۇستەھكەم ئىنسان تېنىنىڭ ئاجايىپ كېسەللەر بىلەن ۋەيران بولۇشى، شۇ كېسەللەرنىڭ پەيدا بولۇشى، ئەدەپ كېتىشى، ئاخىرىدا ئىنسانىنى ۋەيران قىلىشى، تولىمۇ سىرلىق ئىلاھىي مەنىلەرگە ھەم چۈشەندۈرمەك تەس سىرلىق جەريانلارغا باغلىنىپ كېتەتتى. سەردارنىڭ ئويىچە، كېسەل ئەمەلىيەتتە ئازابنىڭ يەنە بىر خىل شەكلى ئىدى، ئىنساننىڭ ھاياتى مەلۇم مەنىدىن كېسەلگە قارشى تۇرۇش، ھاياتنى قوغداش جەريانى ئىدى. كېسەل ئىنسان ۋۇجۇدىغا، روھىغا نىسبەتەن قورقۇنچلۇق نەرسە ئىدى. مۇرەككەپ ئىنسانغا بېرىلگەن بىر ـ بىرىدىن مۇرەككەپ كېسەللەر سەردارنىڭ خىياللىرىنى ھە دېگەندە سىرلىق، تىلسىملىق يارىلىش جەريانلىرى ھەققىدىكى تەگسىز خىياللارغا باشلايتتى.

رەنانىڭ كىرىشى بىلەن سەردار خىياللار ئارىسىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى.

— سەردار دوختۇر، سىزگە بىر مەخپىيەتلىكنى دەپ بېرەي، — دېدى رەنا سالام ـ سەھەتتىن كېيىن سەردارنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ ئولتۇرۇپ. سەردار ئۇنىڭ ئوڭ مەڭزىدىكى قارا مەڭگە قاراپ قويدى.

— مەخپىيەتلىك ... نېمە مەخپىيەتلىك؟

رەنا ئاۋازىنى پەسەيتىپ پىچىرلىدى:

— لېكىن بۇنى بىركىمگە دەپ سالماڭ، بۇ قانۇنىي مەسئۇلىيىتى بار مەخپىيەتلىك.

— بۇنچە سىرلىقلاشتۇرغۇدەك نېمە مەخپىيەتلىك ئۇ؟

— بىزنىڭ شەھەردە ئەيدىز بىلەن يۇقۇملانغۇچىدىن نەچچىسى بارلىقىنى بىلەمسىز؟

— ئەيدىز؟

سەردار كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە رەناغا قاراپ قالدى.

— سىزگە دېسەم شەھەر بويىچە ئەيدىز بىلەن يۇقۇملانغان ئادەم يۈزدىن ئېشىپ كېتىپتۇ ... بۇ تېخى تەكشۈرۈلگەنلىرى.

سەردار ئۈستەلدىكى ژۇرنالغا قاراپ قويدى، مۇقاۋىدا بىر سەتەڭ قىزنىڭ رەسىمگە چۈشۈش ئۈچۈنلا كۈلۈمسىرىگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدىغان رەسىمى بار ئىدى. سەردارنىڭ كۆڭلىگە بىر مەشئۇملۇق تارىغاندەك بولدى، ئىنسانىيەتنىڭ كېسەللىك تارىخىدا، پەيدا بولغاندىن ھازىرغىچە ئىنسانلارنىڭ كۈچى يەتمىگەن كېسەللىك بىرى ئەيدىز ئىدى، رەنانىڭ بايىقى گېپىنى ئاڭلىغان سەردار ھەيرانلا قالدى.

— نېمە دەيدىغانسىز ... مۇشۇ كىچىككىنە شەھەردە يۈزدىن ئاشقان بولسا ... بۇ ئاز سان ئەمەس جۇمۇ.

رەنا خالتىسىنىڭ توگمىسىنى ئېتىشكە باشلىدى، سەردار ئوڭايسىزلىنىپ ئۈستەلدىكى ژۇرنالدىكى قىزنىڭ رەسىمگە قارىۋالدى، ئۇ بايا رەنانىڭ تولىمۇ چوڭ كۆكسىگە قاراپ قالغاندى، رەنا بۇنى سېزىپ قالسا كېرەك.

— بىر دوستۇم دەپ بەردى، ئەلۋەتتە ناھايىتى مەخپىي

تۇتۇشقا تېگىشلىك خەۋەر، ئاشكارىلىنىپ كەتسە جەمئىيەتتە ۋەھىمە پەيدا قىلىدۇ.

سەردار قاپىقىنى تۈرۈپ ئويلىنىپ قالدى.

— توۋا ... بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى، يىراق ئافرىقىدا پەيدا بولغان بۇ كېسەل ئامېرىكىدا بايقىلىپ ئاخىر قانداق بولۇپ دۇنيانىڭ چېتىدىكى بۇ جايغا كېلىدۇ؟

رەنا ئۈستەلدىكى سىياھى تۈگەپ تاشلاپ قويۇلغان قەلەمنى قولىغا ئالدى.

— بۇ خۇدانىڭ جازاسى ... ئىنسانلارنىڭ چېكىدىن ئاشقا جىنايەتلىرىگە بېرىلگەن جازا ... جاھاندا ھەممە كېسەللىكنىڭ دورىسى تېپىلىدۇ، بىراق مۇشۇ كېسەلنىڭ دورىسى تېپىلمايدۇ، ئېچىنىشلىق ئۆلۈپ كېتىدۇ ... بۇنىڭ ئۆزى ساقايماس كېسەل ... شۇنداق ئىكەن، دېمەك بۇ تەڭرىنىڭ جازاسى ... سىزچە گېپىم توغرىمۇ؟

سەردار بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەپسۇسلۇق ئىچىدە ئۇھ تارتىپ قويدى.

— دېگىنىڭىز توغرىدۇ بەلكىم.

— بەلكىم ئەمەس، دەل توغرا.

— بۇنى مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىشكىمۇ بولماس، ئەيدىزنىڭ يۇقۇش يوللىرى ھەر خىل، بىرلا تەرەپتىن ئويلىنىۋالساقمۇ بولمايدۇ.

— ئاساسلىقى يەنىلا شۇ ئەخلاقسىزلىقتىن بولىدۇ، قان سالدۇرغان، ساتراچخانا ياكى چىش داۋالاش جەريانىدا يۇقتۇرۇۋالدى، دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى قوشۇمچە سەۋەبلەر، بەزى ئادەملەر جەمئىيەتتىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن قەستەن يۇقتۇرىدۇ دەيدۇ، بۇمۇ قىسمەنلىك ...

— دېگىنىڭىزنى خاتا دېمەيمەن، ئەمما ئەيدىز بولغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى بىلىپ - بىلمەي زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، — دېدى سەردار، — نادانلىق دەيمىز،

www.uyghurkitap.com

نامراتلىق دەيمىز، موھتاجلىق دەيمىز، ئەخلاقسىزلىق دەيمىز ... سەۋەبى كۆپ، ئەمما مېنىڭچە بىردىنبىر مۇھىم سەۋەب ئادىمىيلىك تەربىيەسىنىڭ كەملىكى ... ئادەملەرگە ئۆزىنىڭ كىم ۋە نېمە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان تەربىيەنىڭ كەملىكى.

سەردار بىلەن رەنا يورۇق ئىشخانىدا ئەيدىز ھەققىدە پاراڭلىشىۋاتقاندا، ئەيدىزنىڭ قورقۇنچىدىن روھى ئېزىلگەن بىر قىز دۇنياغا نەپرەتلىك كۆز سېلىپ تۇراتتى. تېخى يېقىنقى كۈنلەرگىچە دۇنيادا بەخت ھەم خۇشاللىقتىن باشقىنى بىلمەيدىغان بۇ نازۇك قىز ئۆزىگە چاڭ سالغان ۋەھىمىدىن يۈرىكى يېرىلغۇدەك قورقۇنچقا چۈشكەن ھەسرەتلىك دەملەرنى ئەسلەيدۇ. تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا بىرنېمىلەرنى دەيدۇ، نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم ئاڭلىمايدۇ. ئۇ قىز بۈتتەك قېتىپ ئولتۇرۇپ، چىشلىرى ئارىسىدىن چىقىرىپ شىۋىرلايدۇ:

— مەن ئۆلۈۋالاي ... ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئۆچ ئالاي، ماڭا كەلگەن ئادالەتسىزلىكتىن ئۆچ ئالاي ... ئۇلارمۇ مەندەك مۇشۇ ئازابنىڭ تەمىنى تېتىسۇن.

ئۇ «ئۇلار»دىن ئۆچ ئالماقچى بولدى، ئەمما «ئۇلار»نىڭ كىملىكىنى بىلەلمىدى.

بەكمۇ چىرايلىق بۇ قىزنىڭ يىغا ئارىلاش پىچىرلاشلىرىنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى.

— ئۇنداق قىلسام بولمايدۇ ... ئۆزۈمدىن كۆرەي ... ھەممىسى تەقدىردىن بولدى ... مەن خاتا يولنى ئىزدەپ يۈرۈپ كىرىپ قالدىم ... ئۇنداقمۇ ئەمەس، دىلمۇرات دېگەن ھايۋان مېنى بۇلغىدى، ئۇمۇ ئۆزىنىڭ ئەيدىز ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا بۇنداق قىلماس ئىدى ... دىلمۇرات مېنى شەھەر بويىچە ئەڭ چىرايلىق قىز دەيدۇ، شەھەر بويىچە ئەڭ چىرايلىق ھەم ئەڭ دۆت قىز مەن ئىكەنمەن ...

نادىرە ناھايىتى جىق ئىشلارنى ئويلايدۇ، ئەمما

ئويلىغانلىرىنىڭ بىرىنىمۇ توغرا تاپمايدۇ، ئۇ ئۆزىگە بەك جىق گەپلەرنى دەيدۇ، ئەمما دېگەنلىرىنىڭ بىرىگىمۇ ئىشەنمەيدۇ. ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقىمۇ، ياشاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدۇ.

كىم نېمە دېسۇن، قانداق ئويلىسۇن، هايات ئۆلۈم بىلەن ئېلىشىپ ئۆز يولىدا داۋام قىلىدۇ.

بۇ قىز چىرايلىق بىر كۈندە چىرايلىق ياسىنىپ كېيىنەكتەك جىلۋە بىلەن شەھەر كوچىسىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، ئېسىل پىكاپ ئىچىدە ئولتۇرغان دىلمۇراتنىڭ ئۆزىگە هەيرانلىق هەم تەلمۈرۈش بىلەن قاراپ كەتكەنلىكىنى، كۆڭلى پاراكەندە هەم ئۈمىدسىز كەيپىيات ئىچىدە قالغان دىلمۇراتنىڭ ئۆزىنى ئۇزاققا قالماي ئۇنتۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، دىلمۇراتمۇ بىر چاغلاردا ئۆزىنى هەيران قالدۇرغان تۇمۇچۇقتەك گۈزەل قىزنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزى ئايرىلالمايدىغان، جىمى دەردى هەم خۇشاللىقىنى دېگۈسى كېلىدىغان نادىرە دېگەن قىز ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، تەقدىرنىڭ ئاجايىپ دوقمۇشلىرى بولىدۇ.

سەردار بىلەن رەنا ئەيدىز هەققىدە ئۇزاق پاراڭلاشقان، نادىرە ئەيدىزنىڭ ۋەھىمىسىدىن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالغان شەھەردە كىملەرنىڭ قانداق قايغۇسى، دەردىسەرلىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر هايات يەنە چىرايلىق داۋام قىلىدۇ. چىرايلىق داۋام قىلىۋاتقان هايات ئىچىدە، بەخت، شادىمانلىقنىڭ نۇرى بالقىيدۇ، غەلىبە، ئۇتۇقلارنىڭ مەغرۇر تەبەسسۇمى پارلاپ قالىدۇ، مۇھەببەت ـ سۆيگۈ هەققىدىكى گۈزەل ناخشىلار ياڭراپ تۇرىدۇ، ئىنسانىنىڭ ياشامىغا پايدىلىق تۈرلۈك ياخشىلىقلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ، يەنە نۇرغۇن تەنها يۈرەكلەرنىڭ ئاھ ـ زارلىرى ئاڭلىنىپ قالىدۇ.

چولپان ئىنىسى مۇرات بىلەن سۆزلىشىشتىن ئىلگىرى سەردارغا دېمەكچى بولغان گەپلىرىنى دېيەلمىدى، ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئىككى نەرسە قىسىپ تۇرىدۇ، بىرى نامۇۋاپىق سۆيۈش، يەنە بىرى مۇراتنىڭ بەختسىزلىكى ... دۇنيادا قانچىلىك

بەختسىزلىك بولسۇن، دۇنيانىڭ مېھرى ھەم سۆيۈشنىڭ قۇۋۋىتى ئالدىدا ھېچنېمە ئەمەس ... كىم بىرلىرى مۇشۇنداق دەيدۇ، چولپان بۇ گەپلەرگە تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا ئىشىنەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ، ھەممىدىن قورقۇنچلۇق نەرسە دەل دۇنيانىڭ بەختلىك دۇنيا ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىش بولسا كېرەك.

## 83

مۇرات سىزنىقسىز قەغەزگە قاراپ ئولتۇراتتى، يېنىدىكى ئۈستەلدە قارا رەڭلىك ماي قەلەم بار ئىدى. مۇرات ھە دېگەندە نادىرەنىڭ ئاۋازىنى، تىنىقلىرىنى ئەسلەيتتى، نادىرەنىڭ سۆيۈشلىرىدىن كېلىدىغان سېھىرلىك تۇيغۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالاتتى. ئىشكتىن كۈلۈمسىرەپ كىرىپ كېلىۋاتقان نادىرە كۆزىگە كۆرۈنۈپ كېتەتتى. بۇلۇڭدىكى ئىشكاپقا قارىدى، ئاشۇ ئىشكاپتا نادىرە ئەكەلگەن پۇللار بار ...

نادىرە يىگىرمە كۈننىڭ ئالدىدا كەلگەندە نۇرغۇن پۇلنى قويۇپ قويدى. شۇ كۈنى، بەكمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەن نادىرە مەڭزىنى مۇراتنىڭ مەڭزىگە يېقىپ پىچىرلىدى.

— سەندىن پەقەت ئايرىلغۇم يوق.

— بىز ئەسلىمۇ ئايرىلمايدىغان بولۇپ يارالغان ئادەملەر.

نادىرە مۇراتنىڭ ئەقىل پارلاپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلدى، نادىرە ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدىمۇ ئۇنتۇيالمايدىغان، ھەرقاچان نادىرەنى ھاياتقا چاقىرىپ تۇرىدىغان چىرايلىق كۆزلەرگە تويماي قاراپ كەتتى. نادىرە مۇراتنىڭ قېشىدا ئۆزىنى يەڭگىل، ئازادە ھېس قىلاتتى، بۇ دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەر — دەرەخلەر، سۇلار، قۇشلار، ئاسمان، بۇلۇت، شامال، سىمتاناپ تۇۋرۇكلىرى، تېلېفون سىگنالى، قىشنىڭ سوغۇقى، يازنىڭ ئىسسىقى ... مۇشۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت مۇراتنىڭ كۆزى، مۇراتنىڭ ئاۋازىلا نادىرەنىڭ روھىدا ھەم ۋۇجۇدىدا يىرگىنچلىك

بىر ئاۋاستىنىڭ بارلىقىنى ئۇنىڭ ئىپىسىدىن كۆتۈرۈۋېتەتتى. مۇراتنىڭ كۆز نۇرى ئاستىدىكى نادىرە ھاياتىنىڭ ئەركىن، تېتىك، ئىسسىق نەپەسلىرىنى ھېس قىلاتتى.

نادىرە مۇرات سىزغان بىر قانىتى يوق قۇشقا قاراپ ھەيران قالدى.

— بۇ قانداق رەسىم ئەمدى؟

— بۇ مېنىڭ رەسىمىم.

نادىرە ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ مۇراتنىڭ كۆزئەينەك ئاستىدىكى كۆزلىرىگە تىكىلدى. ئاندىن مۇراتنىڭ پېشانىسىگە، لەۋلىرىگە سۆيدى.

— سەن بىر مىنۇت بولسىمۇ خۇشال ياشىساڭ مەن شۇنىڭغا خۇش بولىمەن، مۇرات ... مەن بىر كۈن ياشىسام سەن ئۈچۈن ياشايمەن، بىر يىل ياشىسامىمۇ سەن ئۈچۈن ياشايمەن.

— ماڭا كۆچ بېرىۋاتقان ئادەم سەن نادىرە، سەن بولمىغان بولساڭ مەن بۇ چاغقا نېمە ھالغا قالاتتىمكىن؟ !

ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە يۆلىنىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇردى، گەپ ئارىلىقىدا گۈلپىيەنىڭ ئەھۋالىنىڭ ناچارلىقى، ئۆيدىكىلىرىنىڭ ئۇنى موللامغا ئوقۇتماقچى بولغانلىقى توغرۇلۇق گەپ بولدى، گۈلپىيە بۇ گەپلەرنى ھېچكىمگە دېمەسلىك شەرتى بىلەن نادىرەگە ئېيتىپ بېرىپتۇ، موللام گۈلپىيەگە ئۆزىنى جىمى بالا ـ قازا ھەم يالغۇزلۇقتىن قۇتۇلدۇرىدىغان ئادەم بولۇپ كۆرۈنۈپتۇ.

— بۇ قانداق گەپتۇ ئەمدى؟

— مەنمۇ بىلمىدىم، گۈلپىيە ھەممە نەرسىدىن قورقىدىغان بولۇپ قاپتۇ ...

نادىرە كېتەر چاغدا سومكىسىدىن نەچچە باغلام پۇلنى ئېلىپ ئۈستەلگە قويدى:

— مۇرات، مۇنۇ پۇلنى ئەكەلدىم، داۋالىنىشىڭغا ئىشلىتەيلى ... مەن يەنە ئەكېلىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

— نېمە؟
— داۋالىنىشىڭ ئۈچۈن ...
— ياق!
— نېمىشقا ياق دەيسەن؟ ئال دېگەندىكىن ئال.
— ماڭا پۇل لازىم ئەمەس، سېنىڭ پۇلۇڭنى نېمىشقا ئالغۇدەكمەن؟
— مۇرات، دۇنيادا ماڭا سەندىنمۇ مۇھىم ئادەم يوق، ھەتتا سەن مېنىڭ بارلىقىم، ماڭا سەن بولمىساڭ بولمايدۇ، ماڭا مەڭگۈ ھەمراھ بولىدىغان ئادەم سەن، مەن سېنى ساقايتىمەن، تەندۇرۇس ھالىتىڭگە ئېلىپ كېلىمەن، بۇ مېنىڭ ئىرادەم ... مېنى توسۇما.
— سەن بۇ پۇلنى ئەكەتكىن، مەن چوقۇم ساقىيىمەن، ساقىيىپ سېنى ئالىمەن ... ئەمما بۇ پۇلنى ئالمايمەن ... مېنىڭ داۋالىنىش پۇلۇم تەييار بولۇپ بولدى، پەقەت داۋالاشنى ئۈستىگە ئالىدىغان دوختۇرخانا ئىزدەۋاتىمىز.
— شۇنداقتىمۇ بۇ پۇلنى ئال، مېنى يات كۆرمە، مېنىڭ پۇلۇم سېنىڭ پۇلۇڭ ئەمەسمۇ.
— بۇنچە پۇلنى نەدىن تاپتىڭ؟
— مەن بىر شىركەتتە ئىشلەۋاتىمەن، دادامدىن قالغان ئۆينى سېتىپ شىركەتكە پاي قوشقان، شۇنىڭ پايدىسى، يەنە ئىش ھەققىم يۇقىرى ... خاتىرجەم بول.
— مەن بۇ پۇلنى ئالسام بولمايدۇ.
نادىرە تاتلىق كۈلۈمسىرەپ ئىككى ئالقىنى بىلەن مۇراتنىڭ ئېڭىكىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە قاراتتى.
— مەن ساڭا تېگىمەن، سېنى ھېچكىمگە بەرمەيمەن، سەندىن ئايرىلىش ماڭا ئۆلۈم بىلەن تەڭ ... سەن چوقۇم ساقايمىساڭ بولمايدۇ.
نادىرەنىڭ تاراملاپ ئاققان ياشلىرى مەڭزىنى ھۆل قىلىۋەتتى.

— نېمىشقا يىغلايسەن؟
— ئۆزۈمچە، ماڭا قارا، مۇرات، ساڭا بولغان ئاشىقلىقىمغا ئۆزۈممۇ ھەيران، سېنى مەڭگۈ ياخشى كۆرىمەن، مۇشۇ گېپىم ھەرقاچان ئېسىڭدە بولسۇن ... مەيلى نېمە ئىش بولسۇن ئېسىڭدە تۇت ... مەندىن نەپرەتلەنگەن، يىرگەنگەن چېغىڭدىمۇ مۇشۇ گېپىم ئېسىڭدە بولسۇن.
— نېمە دەيدىغانسەن، سەندىن نەپرەتلىنىشىم مۇمكىن ئەمەس.
— مېنىڭمۇ ئۈمىدىم شۇ.
مۇرات ئۇھ تارتىپ نادىرەنىڭ يۇمشاق، نازۇك بارماقلىرىنى قىستى.
— ئەمما ... بىلىسەن، مېنىڭ ھالىم مۇشۇ ...
— مۇشۇ گەپنى دېمە دەپ نەچچە رەت ئېيتتىم ... — نادىرە مۇراتنى مەھكەم قۇچاقلىدى، ئۇ كۆڭلىگە لىققىدە تولغان بەختلىك تۇيغۇلىرىنى قاچۇرۇۋەتمەسلىككە تىرىشىۋاتقاندەك قىلاتتى.
— مەن قايتاي، — دېدى نادىرە كۆلۈمسىرەشكە تىرىشىپ، — سېنى يەنە يوقلاپ كېلىمەن.
— بۇ پۇللارنى ئەكەت.
— نېمانداق قىلىسەن؟ بۇ پۇل ئىككىمىزنىڭ.
— بىراق ... بۇنچە پۇلنى نەدىن تاپىسەن؟ ...
— دېدىمغۇ، دادامدىن قالغان ئۆينى سېتىپ پاي قوشتۇم، شۇنىڭ پايدىسى، يەنە مېنىڭ ئىش ھەققىم.
مۇرات نادىرەنىڭ قولىنى تۇتۇپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن سورىدى:
— داداڭنىڭ خەۋىرى بارمۇ؟
— بار، تۇرمىدە.
— يەنە نەچچە يىللىقى قالدى؟
— تېخى يەنە ئون نەچچە يىل بار ... پات ـ پات بېرىپ

www.uyghurkitap.com

يوقلاپ تۇرۇۋاتىمەن.

— خۇدا ئاسانلىق بەرسۇن.

— رەھمەت.

نادىرەنىڭ ئاغزى ئۇمچەيدى. چىرايلىق لەۋلىرى تىترەپ كۆزىگە ياش كەلدى، چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى، مۇراتنىڭ قاراشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي تەتۈر قارىۋالدى.

— نېمە بولدۇڭ؟

— ئاران بىر كۆرۈشكەندە كۆڭۈلسىز ئىشلارنى دېيىشمەيلى ... دادام خىيانەت بىلەن تۇرمىگە ئېلىنمىغان بولسا مېنىڭمۇ، سېنىڭمۇ بۈگۈنىمىز بۇنداق بولمايتتى ... شۇ قەدەر مېھرىبان بىر ئادەمنىڭ خىيانەتچى چىقىپ قېلىشىغا ئەقلىم ھەيران، دادامنىڭ ھېچنېمىسى كەم ئەمەس ئىدى، يەنە نېمىشقا شۇنچە پۇلنى ئالغان بولغىيدى دەيمەن.

— كۆپ ئويلىما، ھەممە ئىش ئۆتۈپ كېتىدۇ، بولغۇلۇق بولدى، ئادەم دېگەننى قارا باسىدىغان چاغ بولىدۇ ... داداڭنى قارا باسقان گەپ ...

نادىرە چىقىپ كەتتى، مۇرات ئۆيدە يالغۇز قالدى، قىستاپ كەلگەن ھەسرەتلىك يىغىسىنى تەستە بېسىۋالدى، نەچچە باغلام پۇل مۇراتنى مەسخىرە قىلغاندەك سىرلىق كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

بۇ زۆھرە دېگەن قىز مۇراتقا نادىرە توغرۇلۇق كىشى ئىشەنگۈسىز خەۋەرنى يەتكۈزۈشتىن ئىلگىرى، قۇياشلىق ئاسمان شۇ قەدەر سۈزۈك پارلاپ تۇرغان بىر كۈن ئىدى.

مۇرات نادىرەنىڭ قارا تەقدىرى ھەققىدىكى ئەسلىمىلەرگە غەرق بولغان دەملەردە، بۇ شەھەرنىڭ ۋاقتى بۇنىڭدىن بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئۆز تەرزىدە، يەڭگىل سىلكىنىپ ئۆتۈۋاتاتتى، تۈرلۈك ئەقىللەر، تۈرلۈك پىكىرلەر، تۈرلۈك سۆيۈش ھەم نەپرەتلەر يۈرەكلەردىن چىقىپ يۈرەكلەرگە ئۆرۈلەتتى، ئادەملەر ئاجايىپ ئارزۇلارنىڭ چاقىرىقى بىلەن ئاجايىپ يوللاردا مېڭىشاتتى، شۇ

ئادەملەرنىڭ ئىچىدە سەردار، بارات قويچى، سەمەتجان دېگەن ئادەملەرمۇ بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىر دۇنيا، ھەربىرى بىر تىلسىمات ئىدى، سەردارنىڭ قوشنىسى سەمەتجان بىر بىرىدىن يىرىك، شەكلى ھەم رەڭگى دۇنيانىڭ كەڭ باغرىغا سىڭىپ بولالمايدىغان خىياللارغا مەستانە بولۇپ يۈرەتتى.

## 84

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، سەرداركا.

سەردار سەمەتجاننى كۆرۈپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ ئورنىدىن تۇردى، بەزى كۈلكىلەر ئامالسىزلىقتىن بولىدۇ، ئەمما ئۇنى چىن كۈلكىدىن پەرقلەندۈرمەك تەس.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، قېنى، بۇياققا ئۆتۈڭ.

— سىز بىلەن بىر ئىشنى مەسلىھەتلىشەي دەپ كىردىم.

— نېمە ئىشتى؟

— چوڭ ئىشمۇ ئەمەس، پەقەت ئەمدى، مەن بىر مەزگىل بويتاق ياشاپ باقايمىكى دەيمەن.

— نېمە؟

سەردار سائىتىگە قاراپ قويۇپ سەمەتجاننىڭ كۆزىگە تىكىلدى، كىشىگە ناھايىتى جىق ئىشلارنى كۆرگەندەك تەسىر بېرىدىغان بۇ كۆزلەر بۇرۇنقىدەكلا غەلىتە چاقناپ تۇراتتى.

— خوتۇن بىلەن ئاجرىشىپ كېتەيمىكى دەيمەن قاراڭ.

سەردار سەمەتجانغا تەئەججۇپ بىلەن قاراپ قالدى، بەزى ئادەملەر تۇرۇپلا بىنورمال بولۇپ قالىدۇ.

— نېمە دېدىڭىز؟

— خوتۇن بىلەن ئاجرىشىپ كېتەيمىكى دەيمەن.

سەردار سەمەتجاننىڭ پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىدىن چاقچاقنىڭ ئىزناسىنى تاپالمىدى.

— ئۇكام، بۇ گېپىڭىز قاملاشمىدى.

www.uyghurkitap.com

— ئەمدى بايا ئاغىنىلەر بىلەن تاماق يېيىشكەن، ئارىمىزدىكى خېلى ئادەملەر خوتۇنلىرىنى قويۇۋېتىپتۇ.

— ئىچىۋالدىڭىزمۇ نېمە؟

— ئازراق.

— خەق قويۇۋەتسە سىزنىڭمۇ قويۇۋەتكۈڭىز كەلدىمۇ يا چاقچاق قىلىۋاتامسىز؟

— شۇلارغا قاراپ خۇددى مەنمۇ هامان بىر كۈنى ئاجرىشىپ كېتىدىغاندەك ئويلاپ قالدىم، خوتۇن قويۇۋېتىدىغان ئىش ئاۋۇپ كېتىپتۇ، خۇددى بىر يەردىن هەممىڭ خوتۇنۇڭنى قويۇۋېتىش دەپ بۇيرۇق كەلگەندەك، مەن تولا ئاجرىشىش بىلەن ئەيدىزنىڭ، يەنە روهىي كېسەللەرنىڭ مۇناسىۋىتى بارمىكىن دەيمەن، هازىرقىسى ئۈچىنچى خوتۇنۇم مېنىڭ.

— سىز ئۈچ قېتىم ئۆيلەنگەنما؟

— هەئە. خوتۇندىن تەلىيىم چىقمىدى قاراڭ، كەينى ـ كەينىدىن ئالغان خوتۇنلىرىم بىر ـ بىرىدىن ئۆتە ساراڭ چىقتى ... مېنىڭ پىكرىمچە ... مېنىڭ ئويلىغىنىمچە بولغاندا نىكاھتىن ئاجرىشىش بىلەن ئەيدىزنىڭ مۇناسىۋىتى بەكلا يېقىن.

— ئەيدىز؟ — سەردار دۇدۇقلاپ قالدى.

ئەخمەتنىڭ ئەيدىز هەققىدە دېگەنلىرى سەردارنىڭ خىيالىغا يەتتى. يەنە رەنامۇ پات ـ پات ئەيدىزنىڭ گېپىنى قىلاتتى.

— توغرا، بۇ بالا ـ قازا سىز بىلەن مېنىڭ ئەتراپىمىزدا ئاچ ئىتتەك ئايلىنىپ يۈرىدۇ هازىر، سەللا دىققەت قىلمىساق بىزنىمۇ چىشلەيدۇ دەڭە، هازىر دوقمۇش، دوقمۇشتا مۇشۇ هەقتىكى پىچىر ـ پىچىر ...

سەردار سەمەتجاننىڭ گەپلىرىگە سەل قارىغىلى بولمايدىغاندەك ئويلاپ قالدى.

— بەلكىم، دېگەنلىرىڭىز توغرىدۇ، ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن ئەيدىزنىڭ مۇناسىۋىتى يوق دېگىلىمۇ بولمايدۇ، — دېدى سەردار دەماللىققا نېمە دېسە بولىدىغانلىقىنى ئاڭقىرالماي .

— بەلكىم دېمەي، يا ھە، يا ياق دەڭە، مىكى ـ مىكى گەپ بىلەن پەقەت خۇشۇم يوق مېنىڭ.
سەمەتجان خېلى ئېغىر ئىچىۋالغانىدى.
سەردار ئىچى پۇشۇپ بېشىنى چايقاپ قويدى، سەمەتجان دېگەن بۇ گەپلەر، ھە دېگەندە ئۇنداق يا مۇنداق دېگىلى بولىدىغان گەپلەر ئەمەس ئىدى.
— گەپلىرىم سىزگە تاققا ـ تۇققا تۇيۇلۇۋاتىدۇ، شۇنداقمۇ؟ ئەمەلىيەتتە مەن كۆڭلۈمدە بارىنى دېدىم، مۇشۇ بىنادا سىزنىڭ بولغىنىڭىزمۇ ياخشى بوپتىكەن، بولمىسا گەپلەشكۇدەك ئادەم تاپقىلى بولماسكەن.
— ئادەم جىققۇ، قوشنىلار جىق.
— ئىككى پۇتى بىلەن ماڭغاننىڭ ھەممىسىنى ئادەم دېگىلى بولمايدۇ، سەرداركا، سىز بۇنى بىلىسىز ... مەسىلەن بىزنىڭ ماۋۇ بارات قويچى دېگەنمۇ ئادەم ئەمەسلا بىر نېمىدەك قىلىدۇ.
— ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟
— ئىشقىلىپ بۇ ئادەمدىن ھامان چاتاق چىقىدۇ.
— بارات قويچى ... بىر ئوبدان تۇرمامدۇ.
— قارىماققا ئوبدان تۇرغاندەك قىلغىنى بىلەن يۈرىكىدىن تۈگىشىپ كەتكەن ئادەم ئىكەن بۇ.
— نېمىشقا بۇنداق دەيسىز؟
— مەنمۇ ئېنىق بىرنېمە دېيەلمەيمەن، مەنچە بۇ ئادەم بىر بولسا ساراڭ بولۇپ قالىدۇ، بىر بولسا ئېلىشىپ قالىدۇ.
سەردار سەمەتجاننىڭ پارقىراپ تۇرىدىغان كۆزلىرىگە قاراپ قويدى.
— ئېلىشىپ قالىدۇ يا ساراڭ بولۇپ قالىدۇ دەڭ، ئىككىسى بىر گەپقۇ بۇنىڭ.
— ساراڭنىڭ گېپىنى قىلىپ مەنمۇ ئازغىنىپ قالدىم.
سەمەتجان دەيدىغان گېپىنى تاپالمىغاندەك كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ بېشىنى قاشلىدى.

www.uyghurkitap.com

— بۇ بارات قويچىنىڭ تۇگمەس پۇلى بار ئىكەن، ئەمما خەجلىگىلى ئۇنىمايدىكەن، سىز ئويلاپ بېقىڭا، راھەتتى بولمىغان پۇلنىڭ بىر تاغار تېزەكتىن نېمە پەرقى بولسۇن؟

— ئۇ سىزگە پۇل ئۆتنە بېرىدىغان بولغانىكەن، قانداق بولدى؟

— قويۇڭا، ساقىلىغا يارىشا ئىش قىلمايدىغان پەسەندى ئىكەن بۇ، بەرمىدى، يالغانچى بىرنېمىكەن قاراڭ ... ھازىرقى ئادەملەرغۇ يالغانچى بولۇپ كەتتى زادى.

سەردارنىڭ تېلېفونى سايرىدى.

— ئۇكام، مەن سەل ئالدىراش تۇرىمەن، كېيىنچە پاراڭلاشساق.

— مەيلى، سىزنى كۆپ ئاۋارە قىلدىم، مەن سىزگە بىنورمال كۆرۈنۈپ قالدىم ھە.

سەمەتجاننىڭ پارقىراپ تۇرىدىغان كۆزىدىكى غەلىتە ئەندىكىشنى كۆرۈپ سەردار سەمەتجانغا نېمە دېسە مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى بىلەلمىدى.

— ئۇنداق ئەمەس.

— شۇنداق ئويلىغان بولسىڭىز كۆڭلىڭىزدىكىنى دەۋېرىڭ، ئەمەلىيەتتە مېنى يۈزۈمدىن يۇزۇمگە ساراڭ دەيدىغانلار بار، مەسىلەن، بارات قويچى دېگەن دىۋانە شۇنداق دەيدۇ، پەرۋايىمغا ئالمايمەن، خەقنىڭ نېمە دېيىشى ماڭا بىر تىيىن، سىزنىڭچە مەن قانداقراق ئادەم ئىكەنمەن؟

سەردار چېچىنى تۈزەشتۈرۈپ قويۇپ غودۇڭشىدى.

— ياخشى ئادەم بولسىڭىز كېرەك.

— ئىككى بىسلىق گەپ قىلماي كېسىپ ـ كېسىپ دەڭە، يا ئۇيانلىق، يا بۇيانلىق بولۇپ كېتەي.

— ھېلى خەقنىڭ مېنى نېمە دېيىشى بىر تىيىن دەۋاتامتىڭىز، بىر تىيىنلىق گەپنى ئاڭلاپ نېمە قالاتتىڭىز؟

سەمەتجان ئۇستەلدىكى گېزىتنى ئېلىپ قاتلاشقا باشلىدى:

— ئەمدى ئۇ دېگەن باشقا بىر گەپ دەڭە، مەنمۇ خەق مېنى نېمە دەيدىغاندۇ، دەپ ناھايىتى دىققەتتە يۈرىمەن، قۇلىقىم دىڭ ... ئالدىراش بولسىڭىز كېيىن كۆرۈشەيلى، سىزگە بىر خەۋەرنى دەي، سۈرەتتەك چىرايلىق بىر قىز بار ئىدى، ئادەمنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى يېگۈدەك، شۇ قىز ئەيدىز ئىكەن قاراڭ ... مۇشۇ شەھەردىلا يۈزدىن ئارتۇق ئەيدىز بار دەيدۇ.

سەردار ھەيران قالدى، رەنا ئۇنىڭغا ناھايىتى سىرلىق قىلىپ، پىچىرلاپ دەپ بەرگەن خەۋەر بۈگۈن بۇ يەردە سەمەتجاننىڭ ئاغزىدا ئويناپ يۈرىدۇ.

— سىز تەتقىق قىلىپ بېقىڭ، — دېدى سەردار سەمەتجانغا سىنچىلاپ قاراۋېتىپ.

— تەتقىق قىلىڭ؟ مېنى زاڭلىق قىلىۋاتامسىز نېمە، سەرداركا ! ... بىرنېمە تەتقىق قىلىش دېگەن ئاسان ئىش بولمىسا ... مەن شۇ ئىشنى قىلىپ يۈرسەم قاملىشارمۇ ... مۇشۇ ھالىمدا مەن ئۇنداق ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن ... . ئۆزۈم قىلالمىغىنىم بىلەن كىم بولمىسۇن بىرسى شۇ ئىشنى قىلىشى كېرەك، دەپ ئويلايمەن قاراڭ ... بۇنداق بالايىئاپەتنىڭ سەۋەبىنى بىلىشىمىز كېرەك بولىدۇ ... ھە راست، نېمىدى، ئاپلا، يادىمدىن چىقىپ كەتتى، سىزگە دەيدىغان بىر گەپ بار ئىدى، ئۆزاقتىن بېرى سىزدىن سورايمەن دەپ يۈرەتتىم ... ئېسىمگە كەلمەيۋاتىدۇ ... سىزنىڭچە داۋالاشنى ھەقسىز قىلىدىغان كۈنلەرمۇ كېلەرمۇ؟

— بۇ ... ۋاقتى كەلگەندە بولۇشى مۇمكىن، بۇنى سوراپ قالدىڭىزغۇ؟

— داۋالاش چىقىمى بەك ئېشىپ كېتىپتۇ، بىر تۇغقىنىمىز بار ئىدى، كېسەلچان بولۇپ قالغان، داۋالىنىمەن دەپ قەرز بولۇپ قاپتىكەن، مۇنۇ بارات قويچى دېگەن دىۋاننىڭ ئۆيىگە كىرىپ شۇلارغا ئازراق ياردەم قىلىپ قويسىلا، سەدىقىنىڭ ئورنىدا ساۋاب بولىدۇ، دېسەم زىنھار ئۇنىمىدى قاراڭ، نېمە دەيدۇ دېمەمسىز،

سەردار دوختۇر بۇ پۇللارنى ئورۇنلۇق ئىشلارغا سەرپ قىلىڭ، دېگەن، ئاغرىغانلارغا بەرگىلى تۇرسام بولمايدۇ، دەيدۇ. سىزمۇ ئۇنىڭغا پۇل دېگەننى قانداق خەجلەش توغرىسىدا تەربىيە قىلىپ قويىسىڭىز بوپتىكەن ئەسلى.

سەردار قانداقتۇر بىر يوللار بىلەن ئۆزىنىڭ سەمەتجان بىلەن بارات قويچىنىڭ ئۆچمەنلىكى ئارىسىغا قىسىلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇ ئىككىسى تېخى يېقىندىلا بىر ـ بىرىنى ماختىشىپ ھالى قالمايتتى، ئەمدى بىردەمدە ئىت ـ مۈشۈك بولۇشۇپ كەتكەندەك قىلىدۇ.

سەمەتجان خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. سەردار سەمەتجان راستلا خوتۇننى قويۇۋېتىپ يۈرەرمۇ، دەپ ئويلاپ قالدى.

دۇنيادا يول جىق، ماڭىدىغان يولنىڭ كۆپلۈكىدىن كىشى گاڭگىراپ قالىدۇ، ماڭىدىغان يولنىڭ كۆپلۈكىدىن ھەر ئادەم ئۆزى مېڭىۋاتقان يولنىڭ توغرىلىقىدىن، ھەقلىقىدىن گۇمانلىنىپ قالىدۇ. قايسى يولنىڭ توغرا، قايسى يولنىڭ خاتالىقىنى بىلىپ بولالماي توپ ـ توپ ئادەملەر گاڭگىرىشىپ قالىدۇ، ئۆز يولىغا ئىشەنچ قىلماق مۈشكۈل. ئەخمەت بىلەن سەردارمۇ ئۆزلىرىنىڭ يولىدىن گۇمانلىنىدىغانلار بولۇشى مۇمكىن. ئەخمەت «يول» دېگەن رەسىمنى سىزغاندا، ئۇنىڭ كۆڭۈل پايانىدا نېمىلەرنىڭ غەليان قىلغانلىقىنى چۈشەنمەك تەس.

## 85

ئۇپۇقتا قۇياش ... چەكسىز چۆل، قۇياش، قۇياش بىلەن تۇتاشقان يول، قۇياشنىڭ يالقۇندەك گىرۋىكى چۆلنىڭ چېتىگە چۆكۈپ بارىدۇ، يولدا ھېچنېمە يوق، ھېچقانداق ئىز يوق، رەسىمنىڭ رەڭلىرىدىن ئىسسىق، ئېغىر ھاياجان پۇرقۇلۇپ تۇرىدۇ، رەسىمدىكى قۇياشنىڭ يۈزى بىلەن بەك ئىپتىدائىي



www.uyghurkitap.com

شەكىل ھەم ئاۋازنى ساقلاپ قالغان راۋابنىڭ يۈزلۈكى بىر ـ بىرىگە سىڭىشىپ تۇرىدۇ، تازا دىققەت قىلمىغاندا راۋابنىڭ يۈزلۈكى بىلەن قۇياشنىڭ يۈزىنى ئايرىماق تەس. راۋابنىڭ ئاۋازى بىلەن رەسىمدىكى ھاياجان ھەم رەسىمنىڭ نەپىسى كىرىشىپ كەتكەنىدى. راۋابنىڭ ئاۋازىدىن رەسىمنىڭ رەڭلىرى تامچىلايتتى، رەسىمنىڭ رەڭلىرى ئارىسىدىن راۋابنىڭ ئاۋازى يالقۇندەك لىغىرلاپ چىقاتتى.

— بۇ نېمە يول؟

— قۇياشقا كېتىۋاتقان يول.

— مەن بۇنى قۇياشتىن كېلىۋاتقان يولمىكىن دەپتىمەن.

— قۇياشقا ماڭغان يولمۇ، قۇياشتىن كەلگەن يولمۇ ئوخشاشلا ئۇلۇغ يول.

— توغرا دېدىڭ، — سەردار قويۇق چاچلىرىنى بارماقلىرى بىلەن تارىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە پىكىر ھەم ئەقلىنىڭ سالقىن تەپتى بار ئىدى.

— بىرسىگە دەرس بەرسەڭ بولاتتى، — دېدى سەردار رەسىمدىن كۆزىنى ئېلىپ.

— كىمگە؟

— بىر تالات ئىگىسى بار، قالتىس بالا.

— ئۇ نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— ئۇ پالەچ بولۇپ قالدى، بىر قىزنى قۇتقۇزىمەن دەپ.

— بۇ ھېكايىلەردىكىدەكلا گەپ ئىكەن ... كىنولاردىمۇ شۇنداق.

— مەن بۇ گەپنى راست دەۋاتىمەن، توقۇغان گەپ ئەمەس.

— ھېكايىلەردە بىر يىگىت بىر قىزنى قۇتقۇزىمەن، دەپ ھاياتىنى قۇربان قىلىدۇ ياكى مېيىپ بولىدۇ، كېيىنچە قىز ئۇنىڭ ئۇچۇن جېنىنى پىدا قىلىدۇ، خۇددى مۇشۇنداق ...

سەردار ئەخمەتنىڭ «يول» دېگەن رەسىمگە قايتىدىن نەزەر سالدى.

— بۇ ئىش ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى.
— ھېلىقى قىزچۇ؟
— قىزنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كەتمەيمەن، مېيىپ بولۇپ قالغان بالىنىڭ ئىسمى مۇرات، مەن قالتىس بىر ئەقىللىنىڭ تۇگىشىپ كېتىشىنى خالىمىدىم، ئىككىمىز ئۇنىڭغا ياردەم بېرەيلى، ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرىمۇ بەك ئېسىل، بىراق ئۇنىڭغا ئۇمىدسىز كەيپىياتتىكى رەسىملەرنى ئۆگەتسەك بولمايدۇ ... ئۇمىدسىزلىك پاتقىقىغا چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇ شېئىردىنمۇ يىراقلاشتى.
— شېئىردىن يىراقلاشتى، بۇ قانداق گەپ ئەمدى؟ — دېدى ئەخمەت.
— ئۇمىدسىز بولۇپ قالمىسۇن دەپ يىراقلاشتى، ئۇ پالەچ بولۇپ قالدى، يازغان نەرسىلىرىنىڭ غېرىب ھەم دەردمەن، يىغلاڭغۇ چىقىشى ئېنىق، ئۆزى يازغان شېئىرغا قاراپ تېخىمۇ چۈشكۈن بولۇپ كەتمىسۇن دەپ.
— ئەمەلىيەتتە ئۇمىد ياكى ئۇمىدسىزلىك رەسىمدە تېخىمۇ چېنىپ قالىدۇ، شېئىردىنمۇ بەكرەك.
ئەخمەت تاماكا چىقىرىپ سەردارغا تۇتتى.
— مەن چەكمىدىم.
— تاشلاپسەن ـ دە.
— شۇنداق.
— تاشلاپ ياخشى قىپسەن، ئەمەلىيەتتە دوختۇر، مۇئەللىم دېگەنلەرنىڭ تاماكا چېكىشى، ھاراق ئىچىشى پەقەت ئەقىلگە سىغمايدۇ، بىرى تەننىڭ ساقلىقىنى، بىرى ئەقىلنىڭ ساپلىقىنى قوغدايدىغانلار تۇرۇپ، تەن بىلەن ئەقىلگە زەخمە بېرىدىغان نەرسىگە ئۆزىنى ئۇرۇشى غەلەت ئىش ئەمەسمۇ.
ئىككىيلەن بىللە ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشتى، گەپلەر بىردە تۇگەپ، بىردە ئاۋۇپ قالاتتى، ئەخمەتكە رەسىمدىن باشقا نەرسىنىڭ گېپى خۇشياقمايتتى.

— پىكاسسو ئۆمرىدە نەچچە مىڭ پارچە رەسىم سىزىپتىكەن، داۋىنچى مىڭ پارچىدىن ئارتۇق رەسىم سىزىپتىكەن، مەن مىڭ پارچە سىزالمىساممۇ بەش يۈز پارچە رەسىم سىزايمىكى دەيمەن.

— غەيرەت قىل، دېگىنىڭ كېلەر.

— سىزالماسلىقىممۇ مۇمكىن.

— تىرىشىپ باق.

— ئەمما رەسىمدىن ئايرىلغان كۈنۈم ماڭا كۈن ئەمەس ... بىراق ...

— نېمە بىراق؟

— مەن تەييارتاپ ئەر بولۇپ قالدىم، بۇ دۇنيادا پۇل تېپىش دېگەن مۇشۇ ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمىگۈدەك، سارەنىڭ ئۆپكە ـ ھېسسىپ سېتىپ تاپقان كىرىمگە تايىنىپ ياشاۋاتىمىز ... بىر ئويلىسام ئۆزۈمدىن نومۇس قىلىپ كېتىمەن.

— بۇنداقمۇ دەپ كەتمە، بىر كۈنلەردە رەسىملىرىڭ پۇلغا ياراپ قالىدۇ، شۇ چاغدا پۇل دېگەننى تېپىۋالىسەن، سارە نارازىمۇ رەسىم سىزىشلىرىڭغا؟

— ياق، ئۇ بەك قانائەتچان خوتۇن ... كۆپكە كۆرەڭلەپ كەتمەيدىغان، ئازغا ئىچى پۇشۇپ قالمايدىغان.

— رەسىملىرىڭ ھامان بىر كۈنى داڭق چىقىرىدۇ، ئاددىي كۆز بىلەن قارىغاندا رەسىملىرىڭنى چۈشەنمەك تەس ... ئەمما قىممىتى بارلىقىنى بىلىمەن ... مۇشۇ يولۇڭدىن تايما ... مەن دېگەن ئىشنى ئۇنتۇما، ۋاقتىڭ چىققاندا خەۋەر قىل، مۇراتىنىڭ يېنىغا باشلاپ بارىمەن.

— بولىدۇ، ساڭا ئاسانلىقچە ئادەم يارىمايدىغان، قارىغاندا ئۇ راستلا ئەقلى بار بالىدەك قىلىدۇ.

— توغرا دېدىڭ، ئۇ ساق بولغان بولسا قالتىس ئادەم بولاتتى، ھازىرمۇ پۈتى كاردىن چىققىنى بىلەن ئەقلى ساغلام، پەرۋىش قىلساق ئۇ ئېسىل ئادەم بولۇپ چىقىدۇ.

— بولىدۇ، كىشىلىكنىڭ يولى دېگەن مۇشۇ. ئاشۇ مۇرات دېگەن بالا بىر كۈنلەردە بۇ دۇنيانىڭ زىننىتىگە ئايلىنىدۇ، ئۆزىنىڭ ئىشلىرىدىن سۆيۈنىدۇ، مەنمۇ ھاياتىمنى ئەسلەپ باقتىم، قىلغان ئەڭ چوڭ ئىشىم بىر قىزنى قۇتقۇزۇۋاپتىمەن ... ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم، پۇشايمان قىلمىدىم، ئۇ شۇ كوچىدا يۈرىۋەرگەن بولسا بەلكىم ئەيدىز دېگەن ئالۋاستىغا يەم بولۇپ كېتەر ئىدى ...

سەردار ئەخمەتنىڭ كۆزىگە قاراشقا پېتىنالمىدى، ئەخمەتنىڭ يۈرىكىدە قالتىس بىر پەخىر بىلەن ئاچچىق يۈرەك يارىسى بىر ـ بىرىگە مەھكەم يېپىشىپ تۇرىدىغانلىقى سەردارغا ئايان .

ئەخمەتنىڭ ئاۋازىدا سوغۇق ھاياجان بار ئىدى.

— ئۇ بالىنىڭ ئىسمى نېمە؟

— مۇرات.

— كىمنىڭ بالىسى ئۇ؟

— ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن، ئاچىسى بىلەن بىللە تۇرىدۇ، چولپاننىڭ ئىنىسى.

— چولپاننىڭ ئىنىسى؟ — ئەخمەتنىڭ سارغۇچ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى، — ھېلىقى شائىر ئايالنىڭمۇ؟

— شۇنداق.

ئەخمەت گەپ ـ سۆز قىلماي سەردارغا تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن بېشىنى چايقاپ غودۇڭشىدى:

— نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرىسەن، سەردار؟

سەردار ھېچنېمە دېمىدى، خۇشلىشىپ ماڭىدىغان چاغدا ئەخمەتنىڭ دولىسىغا قولىنى قويدى.

— ئەيدىزنىڭ يامرىشى ياماندەك تۇرىدۇ، ئەخمەت.

سەردارمۇ، ئەخمەتمۇ سۆزسىز بىردەمگىچە تۇرۇپ قېلىشتى. ئەخمەتنىڭ تار ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن چۈشۈۋاتقان قۇياش نۇرى ئۇلارغا نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئۈنسىز دەپ بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى.

قىزلارنىڭ تەقدىرىگە زەن سالىدىغان ئەرلەرنىڭ قەلبىدە ئۇلۇغۋارلىقنىڭ نۇرى بولىدۇ. مۇشۇ كۈنلەردە كىچىككىنە تۇرۇپ ئاشخانىدا كۈتكۈچىلىك قىلىۋاتقان بىر قىز سەردارنىڭ پات ـ پات يادىغا يېتىپ قالاتتى.

## 86

سەردار قايتىپ كەلگەندە گۈلنىگار بالىلارنىڭ كەچلىك تامىقىنى بېرىپ بولۇپ تۇراتتى، دادىسىنى كۆرگەن ئىلتەبىر بىلەن مويۇنچۇر دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، تاپشۇرۇق ئىشلىگىلى ھۇجرىسىغا مېڭىشتى. سەردار مەززىلىك سۈيۈقئاشنىڭ ھىدىدىن ھۇزۇرلانغاچ شىرەنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— بالىلارنىڭ ئۆگىنىشى قانداقراق؟

— يامان ئەمەس، ئەمما ياخشى دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ، دىققەت قىلدىڭىزمىكى، مويۇنچۇرغا ئۆگىنىش خۇشياقمايدىغان بولۇپ قالدى.

— مەنمۇ سەزدىم، ئاستا ـ ئاستا ئوڭشىلىپ قالار، ئۇ يەنە پاركور ئويناۋاتامدۇ؟

— يوشۇرۇن ئوينىسا كېرەك، — دېدى گۈلنىگار ئەندىشىلىك تەلەپپۇزدا، — ئۇنى ھاي دېسىڭىز بولاتتى.

— مەنچە ئۇنى بۇ ئىشتىن چەكلەپ يۈرمەيلى، يىراقتىن كۆزىتىپ باقتىم، مويۇنچۇر بەك چاققان، ئېپدىللىق ئىكەن، چاتاق چىقمايدۇ.

— ئەمما مەن قورقىمەن.

— قورقماڭ، ھېچ ئىش بولمايدۇ.

گۈلنىگار بالىلارنىڭ ھۇجرىسى تەرەپكە قاراپ قويدى.

— بالىلار چوڭ بولغانسېرى ئەندىشىمۇ كۆپ بولىدىكەن.

گۈلنىگار بىردەم جىمىپ كېتىپ، بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك سەردارغا قارىدى.

— ھېلىقى گۈلسۈم دېگەن قىز مەكتەپكە كەلمىدى.
— گۈلسۈم ... ھە، ئېسىمگە كەلدى، مەكتەپكە كەلمىدى دەڭ، ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟
— ئۇ ئوقۇمايمەن دەپ يۈرگۈدەك.
— نېمىشقا ؟
— ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشەلمىدىم، ئەمما ئۇنىڭ ئوقۇمايمەن دەپ يۈرگىنى راست.
— سەۋەبىنى بىلمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى سەردار ئاشنى پىيالىگە بۆلۈۋېتىپ.
— ئازراق بىلدىم، ئۇ قىز بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلمىگەندەك قىلىدۇ.
— نېمە بېسىم ئىكەن ئۇ؟
— سىزنىڭ دېگىنىڭىز توغرا چىقتى، يېقىندىن بۇيان مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ياردەم بېرىمىز، دەپ كۆرگەنلا يەردە پۇل، كىيىم - كېچەك، دەپتەر - قەلەم ئەكېلىپ يۈرۈشۈپتۇ، تېخى ئاڭلىسام سىلەرنىڭ دوختۇرخانىدىن ئۇنىڭ ئانىسىغا دورا ياردەم قىلغان ئىش بارئىمىش، تېلېۋىزورغا چىقتى دەيدۇ.
— ما ئىشنى ... مەن بۇ گەپنى بىزنىڭ باشلىققا دېگەن، ئۇ ياردەمنى مەخپىي قىلىشقا قوشۇلغان.
— بىزنىڭ مەكتەپمۇ ئۇ قىزغا ياردەم قىلغان ئىشلارنى گېزىتكە چىقارغان ئوخشايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھازىر ئادەم بار يەردىن قاچىدىغان، بىر كىم چاقىرسىمۇ چۆچۈپ قارايدىغان بولۇپ قاپتۇ.
سەردار قولىدىكى پىيالىنى بىر يانغا سۈرۈپ قويدى.
— ھەي ئىست، نېمە بولۇپ كەتكەن ئىشلار بۇ ... بۇ دۇنيادا سەدىقە بىلەنمۇ ئادەم ئۆلتۈرگىلى بولىدۇ، ئەجەب بىر ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، — دېدى سەردار ئىچ - ئىچىدىن پۇشۇقۇنۇپ.

— ئەجەب بىر قىز ئىدى، مەن يېقىندىن بويان ئۇنىڭغا بەكلا دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقان، شۇنداق پاراسەتلىك قىز ئىدى، چاققان – چەبدەسلىكى، مۇلايىملىقى، ئەقىللىقلىكى بەكلا ئىچىمنى كۆيدۈرەتتى.
— ئۇ قىزنى مەكتەپكە قايتۇرۇپ كېلىشنىڭ كويىغا كىرىڭ، گۇلىنگار، بۇنداق بولىۋەرسە ئۇ قىز تۈگىشىدۇ. بىر قارىسا ئۇ ھازىر تۈگىشىپمۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپمۇ قالغاندەك قىلىدۇ.
— قانداق قىلىمىز؟
— مەكتەپتىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈڭ، ئۇ قىزنى تەشۋىق قىلىشنى توختاتسۇن، مەنمۇ بىزنىڭ دوختۇرخانىدىكىلەرگە دەيمەن، قانداقتۇر ئىللىقلىق يەتكۈزۈلدى، نامراتلارغا ياردەم بېرىلدى، ياخشى ئىشلار ئاۋۇدى دېگەندەك تەشۋىقاتلىرىدا ئۇ قىزنى دەستەك قىلىشنى توختاتسۇن دېمەكچىمەن، نامراتلىق گۇناھ ئەمەس، ئەمما بىر ئاددىمگە تورلۇك ئۇسۇللاردا ئۇنىڭ نامراتلىقىنى بىلدۈرىۋەرسە، جاھاننىڭ ئۇنىڭغا خەيرىخاھ ئىكەنلىكىنى توختىماي ئېيتىۋەرسە ئۇنىڭ روھى گۇمران بولىدۇ، بىزنىڭ مۇنداق داۋراڭ ئىچىدە ياردەم قىلغىنىمىزدىن ئۇ قىزنىڭ ئاشخانىدا ئىشلىگىنىمۇ ياخشى ئىدى ئەسلى.
— ئەمما ھازىر ئۇ قىزنى مەكتەپتىكىلەتنىڭ ھەممىسى بىلىپ كەتتى.
— ئىمكان بولسا ئۇنى باشقا مەكتەپكە يۆتكەيلى.
— بۇ تەس.
— بۇ ئىش ئاسان بولسا بىزگە ئاشمايتتى، تەس بولسىمۇ قىلاي دېسىڭىز قىلغىلى بولىدۇ.
— ئوقۇش تەۋەلىكى، تورۇشلۇق جاي دېگەندەك نۇرغۇن مەسىلىلەر بار ... يەنە ...
— سىلەر دېگەن ئوقۇتقۇچى، بىر ئوقۇغۇچى ئوقۇيمەنلا دەيدىكەن، تايىنى يوق شەرتلەرگە ئېسىلىۋالماي بىر ئامال قىلىپ

www.uyghurkitap.com

ئوقۇتساڭلار بولىدۇغۇ.
— سىز ئۇنداق دېگەن بىلەن مەكتەپىڭىزمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق قائىدىسى بار.
— ئۇنداق قائىدىلەرنى قويۇڭ، نېمىلا قىلىپ بولسۇن، ئۇ قىزغا ياردەم قىلىشىمىز كېرەك، پۇل كەتسە مانا مەن بار.
گۇلنىگار سەردارنىڭ قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى كۆزىگە تىكىلدى. بۇ كۆزلەرنىڭ تېگىدىن يېقىملىق مېھرنى، قەتئىيەتنى، غۇرۇر ھەم مەھكەم ئىشەنچنى كۆرگىلى بولاتتى.
— ئەجەب مەردلىشىپ كېتىپسىزغۇ، مەن ئازراق پۇل خەجلەپ قويسام خۇيىڭىز تۇتۇپ قالىدۇ، ئۆتكەندىمۇ ئۇنىڭ ئانىسىغا ئىككى مىڭ سوم بەردۇق.
— سىزگە چىدىمايدىغان گەپ يوق، سىز چاپان ئۇستىگە چاپان، كۆڭلەك ئۇستىگە كۆڭلەك ئېلىپ يەنە چاپىنىم يوق، كۆڭلىكىم يوق دەپ يۈرسىڭىز مېنىڭ خۇيۇم تۇتۇپ قالىدۇ.
گۇلنىگار بېشىنى چايقاپ قويدى.
— بولدى، بۇ گەپلەرنى قويايلى، مەن ئۇ قىزنىڭ ئىشلىرىنىڭ كەينىدىن بىر مېڭىپ باقاي.
گۇلنىگار شۇ چاغدىلا سەردارنىڭ قىزىل يوللۇق گالىستۇك تاقىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ غۇززىدە بولۇپ قالدى.
— مېھماندارچىلىققا باردىڭىزمۇ نېمە؟
— ھەئە، ئاغىنىلەر بىلەن تاماققا بېرىپ كەلدۇق.
گۇلنىگارنىڭ كۆڭلىگە قىزىللىق كەپلەشتى ... ئاغىنىلەر بىلەن تاماققا بېرىپ كەپتۇئىمىش ... بۇنىڭ ئۆزى بىر باھانە.
گۇلنىگار گەپ قىلماي ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. سەردارنىڭ قىزىل يوللۇق گالىستۇكى ئۇنىڭ كۆڭلىدە زەھەردەك ئاچچىق ئەلەم پەيدا قىلاتتى. ئۇنىڭ گۇمانىچە بۇ گالىستۇكنى ئۇنىڭغا چولپان سوۋغا قىلغان، سەردار ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىسىلا مۇشۇ گالىستۇكنى تاقىۋالاتتى. گۇلنىگارنىڭ كۆڭلىگە سانسىز چىۋىنلەر كىرىۋېلىپ، ۋىژىلداپ ئۇچۇشۇۋاتقاندەك بىئارام بولۇپ

كەتتى. چىۋىنلەر بارا ـ بارا ئۇششاق قان تامچىلىرىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى ... مەن بىر كۈنلەردە قاتىل بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن ... خۇدا ماڭا سەۋر ـ تاقەت بەرگەيسەن، مەن ئەقىل كېسىلىپ كېتىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالمىسام بولاتتى.

گۈلنىگار ئاشخانا ئۆيدە قاچىلارنى يۇيۇۋېتىپ، مېڭىسىنى قوچۇۋاتقان ئۇسال تۇيغۇلاردىن قۇتۇلالمىدى، بۇنداق كۈنلەرنىڭ قاچانغىچە داۋاملىشىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ، سەردارنىڭ تالا ـ تۈزدىكى ئويۇنلىرى قاچان ئاخىرلىشىدۇ ... گۈلنىگار يۇيۇۋاتقان قاچىلاردىن كېلىۋاتقان غۇچۇرلىغان ئاۋاز ئۇنىڭ خىياللىرىنى تېخىمۇ مالىمان قىلىۋېتىپ باراتتى. گۈلنىگار رازىيەنى ئەسلەپ قالدى، رازىيەدىكى ئۆزگىرىش ئۇنى ھەيران قالدۇراتتى، گۈلنىگار رازىيەنىڭ ئۆزىدىن يوشۇرۇن قانداقتۇر بىر ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى.

## 87

رازىيە بۇلۇڭدىكى ئۈچ بۇرجەك ئىشكاپتا تۇرغان رەسىمنى قولىغا ئالدى، سۈرەتتە رازىيەگە چىڭ يېپىشىپ تۇرغان گۈلپىيە مۆڭلۈققىنا تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسىمۇ ئەينى چاغدا سۈرەتچىنىڭ زورى بىلەن پەيدا بولغان مەجبۇرىي كۈلكە ئىدى.

گۈلپىيەنى بارات موللامنىڭ نىكاھىغا ئۆتكۈزۈش ...

بۇ ئىش ھەر يادىغا يەتسە رازىيەنى قورقۇنچ باساتتى، گۈلپىيەنىڭ ئىچىدىكى جىننى يوقىتالايدىغان بارات موللام رازىيەگە پەقەت نارازى قىلغىلى بولمايدىغان، سۆزىدىن چىققىلى بولمايدىغان ئادەم بولۇپ كۆرۈنۈۋاتاتتى.

رازىيە گۈلپىيەنىڭ سۈرەتتىكى كۆزلىرىنى، لەۋلىرىنى، قويۇق قاشلىرىنى سىلىدى، گۈلپىيەنىڭ قاشلىرى شاكىرنىڭ قاشلىرىغا ئوخشايتتى. رازىيەنىڭ كۆڭلى بىئارام بولۇپ قالدى،

ئۇيلىمايمەن دېگەن ئىشلارنى ئويلاۋاتاتتى، ئاچچىق غەلە ـ غەشلەر يادىغا كېلىۋېلىشقا باشلىدى. گۈلپىيە جىگدە ئۈتۈننىڭ ئىسسىدەك ئەسلىمىلەردىن قېچىپ تۇرسىمۇ كونا ئىشلار يەنە يادىدىن كېچىپ قالدى.

— گۈلپىيە دېگەن بۇ ھارامدىن بولغاننىڭ ھېچ يېرى ماڭا ئوخشىمايدۇ ... ئاغىنىلەرنىڭ دېيىشىچە، دادىسىغا ئوخشىمىغان بالا ھارامدىن بولغان بولىدىكەن، سەن ئابدۇراخمان دېگەن ئىشەك بىلەن نېمە ئىشلارنى قىلىشقانىدىڭ، ئىپلاس؟

شاكىر كېكەچلەپ شۇنداق دەيتتى، مەستلىكتىن ئاغزىدىكى گېپىنىڭ يېرىمى چۇشۇپ قالاتتى.

بۇ شاكىرنىڭ ئون يىل بۇرۇن، بەش يىل بۇرۇن، بىر يىل بۇرۇن ... تالاي قېتىم دېگەن گەپلىرى ئىدى.

شاكىر توخۇ قوردىقى بىلەن ھاراقنىڭ ھىدىنى ئېلىپ رازىيەگە يېقىنلاشتى، قولىدىكى يالتىراق خالتىدا سورۇندىن ئاشقان كاۋاپ، توخۇ قوردىقى دېگەندەك نېمىلەر تۇراتتى.

رازىيە ئۈنىڭغا تىكىلىپ تۇراتتى، رازىيەنىڭ تۇرقىدىن شاكىرنىڭ گەپنى نەدىن باشلاپ نەدە ئاخىرلاشتۇرىدىغانلىقىنى تولۇق بىلىدىغانلىقىنى سەزگىلى بولاتتى.

— سەندىن گەپ سوراۋاتىمەن، مەن بىر بۇزۇقنى خوتۇنۇم بار دەپ سۆرىلىپ يۈرۈپتىمەن، ئاغىنىلەرنىڭ دېيىشىچە، ئەر كىشىنىڭ خوتۇندىن تەلىيى چىقمىسا بىر ئۆمۈر خاپىلىقتىن چىقالماي ئۆتۈپ كېتىدىكەن ... مەن راستىلا گۆش باش ئىكەنمەن، سەندەك بىر بۇزۇقنى خوتۇنۇم دەپ ساقلاپتىمەن.

مەستلىكتىن شاكىرنىڭ چىرايىمۇ، ئاۋازىمۇ غەلىتە بولۇپ قالغانىدى.

ئۆيدە ھاراقنىڭ ھىدى، ھاراقتىنمۇ سېسىق يەنە بىر نېمىنىڭ ھىدى پەيدا بولدى، رازىيە كۆرگەن چۈشلىرىنى، قىلغان خىياللىرىنى تامامەن ئۇنتۇپ كەتمەكچى بولغاندەك كۆزلىرىنى مەجبۇري يۇمۇپ ئۆرە تۇردى.

رازىيەنىڭ دىمى كېسىلدى، گۈلپىيەنىڭ ئىچىنىشلىق ھالى كۆز ئالدىغا كېلىپ كۆڭلى تېخىمۇ بىئارام بولدى.

— بالىغا كېسەل چاپلاشتى ... جىن چاپلاشتى.

ئۇ بۇ گەپنى شاكىرغا دېگەنلىكىنى يا ئۆزىگە دېگەنلىكىنى بىلەلمىدى.

— بۇزۇق خوتۇن تۇغقان بالىغا كېسەل، جىن دېگەنلەر ئەلۋەتتە چاپلىشىدۇ.

— خۇدا ... نېمە كۈنلەرنى پېشانەمگە ئېلىپ قويغان بولغىيدىم ...

رازىيە ئىچ ـ ئىچىدىن چىڭقىلىپ يىغلىدى، يىغىسى ئون يىل، ئون بەش يىل، يىگىرمە يىل بۇرۇنقىغا ئوخشايتتى، ئون يىل بۇرۇن ئېچىلغان گۈللەر تۇزۇپ تۈگىدى، شاكىرنىڭ كۆڭلىدىكى قاراڭغۇلۇق ياكى كىر يوقالمىدى، ئاۋۇپ كەتتى.

— مەن بۇ دۇنيادىكى ئەڭ بەختسىز ئەر.

— مەن بۇ دۇنيادىكى ئەڭ بەختسىز ئايال.

— مەن بۇ دۇنيادىكى ئەڭ بەختسىز بالا.

ئۈچ ئادەم قاراڭغۇ كېچىلەردە، ئەس ـ ھوشى جايىدا بولمىغاندا قورقۇنچ ھەم ۋەھىمە يۈرەكلىرىنى قىسقاندا شۇنداق ئويلايدۇ.

— ئانا، ئادەم ھارامدىن بولسا نېمە بولىدۇ؟

— بۇ دۇنيادا ھارامدىن بولدى دەيدىغان گەپ يوق، بالام، ھەرقانداق بالىنىڭ ئانىسى، دادىسى بولىدۇ، بۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ.

— ھارامدىن بولغان بالا كېسەل ياكى ساراڭ بولامدۇ؟

— ياق، ئۇنداق ئەمەس.

— مېنىڭچە شۇنداق.

— نېمىشقا بۇنداق دەيسىز، قىزىم؟

— دادام شۇنداق دېدى.

— ئۇ دېگەن ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، ئۇ دېگەن بىر ساراڭ ...

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

— مەنمۇ ساراڭ بولۇپ قالىمەن ...
— نېمە؟
— مەن ساراڭ بولۇپ قالىمەن، ساراڭ بولۇپ قېلىپ چۈش كۆردۈم، ساراڭنىڭ بالىسى ساراڭ بولىدۇ، نۇرغۇن جىنلار مېنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى ... ھاراقكەش بىلەن بۇزۇق خوتۇننىڭ بالىسى دېگەن ساراڭ بولىدۇ ... ساراڭ بولدى دېگەنلىك جىن چاپلاشتى دېگەنلىك ... جىنلار مېنى قۇچاقلىۋالدى.
— جىن !
— ئۇ جىنلارنىڭ بەزىلىرى دادامغا، بەزىلىرى ئىتقا، بەزىلىرى سىزگە ئوخشايدۇ، ئاغزىدا ئوت بار ...
— مېنى قورقۇتما گۈلپىيە، قىزىم ... خۇدانىڭ ھەققىدە ...
— مەن بىر قارا ئىتنىڭ قۇچىقىدا يېتىپتىمەن، ئۇ ئىتنىڭ قانىتى بار.
— بالام، بۇنداق گەپنى دېمە.
— مەنسۇر ساراڭ بولۇپ قاپتۇ، ئۇنى موللامغا ئوقۇتۇپتىكەن، ساقىيىپتىمىش.
رازىيەنىڭ يۈرىكى، قولى، كۆڭۈل پايانى لاغىلداپ تىترىدى.
— بالام، مەنسۇرنىڭ گېپىنى قىلما، ئۇ ساڭا ئوخشىمايدۇ.
— ئوخشايدۇ، ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش ھارامدىن بولغانىكەن.
رازىيە ئۈنسىز يىغلىدى، يىغىسى يۈرىكىگە پاتماي ئاغزىدىن ئېتىلىپ ئەتراپقا يېيىلدى. گۈلپىيەنىڭ غەلىتە پارقىراپ قالغان كۆزىگە قاراشقا پېتىنالمىدى.
بۈگۈن شاكىر يەنە شۇ كونا مەست پېتى كەلگەندى.
— راستىنى ئېيت، گۈلپىيەنىڭ دادىسى كىم؟
— سەن.
— مەن ئەمەس.
— سەن.
— ئەمىسە ئۇ نېمىشقا ماڭا ئوخشىمايدۇ؟ ئاغىنىلەرنىڭ ھەممىسى قىزىڭ ساڭا ئوخشىمايدۇ دەيدۇ.

— ئۇ ساڭا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدۇ ... ئاغىنىلىرىڭ سېنى مەسخىرە قىلىپ شۇنداق دەپتۇ.
— يوق يېمە، ئاغىنىلەرنىڭ دېيىشىچە ئۇنىڭ ھېچ يېرى ماڭا ئوخشىمايدىكەن ... مەن بىر بوزۇق خوتۇننى ئالغان، سەن ئابدۇراخمان دېگەن ئىت بىلەن پاسكىنا ئىشلارنى قىلغان.
رازىيە گاھى ھالاردا بولۇۋاتقان ئىشلار، دېيىلىۋاتقان گەپلەرنىڭ راستلىقىغا ئىشىنەلمەيدۇ، خۇددى بۇ ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسى يۈز بەرمىگەندەك، دېيىلگەن گەپلەرنىڭ ھېچقايسىسى دېيىلمىگەندەك، ھەممىسى چۈشتەك، قارا باسقاندىكى چۈشتەك بىلىنىپ قالىدۇ ... ئەمما بولارنىڭ ھەممىسى راست ئىدى.
— ئاغزىڭنى يۇم.
— چوقۇم شۇنداق.
— خەقنىڭ گېپىنى ئاڭلىغۇچە بالىغا ئۆزۈڭ قاراپ باقمامسەن.
— قارىسامۇ بىكار.
رازىيە قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، كۈلكىسى يىغىغا ئايلاندى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ تۆكۈلگەن ياشلار بىلەن ئاغزىدىن چىققان شالۋاقلىرى قوشۇلۇپ كەتتى، ئاچچىق يىغا بۇ گۈزەل ئايالنىڭ چىرايىنى يېقىمسىز كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تامچە ـ تامچە ياشلىرى كۆكۈيۇنگە ئايلىنىپ كۆكۈل پايانىدا غەلىتە، ۋەھىمىلىك ئاۋاز چىقىرىپ ئۇچۇۋاتقاندەك قىلاتتى. مالىمان تۈيغۇلار ئارىسىدا ماخمۇتنى ئەسلەپ قالدى ... ئۇنىڭ كۈلۈپ تۇرىدىغان قارا كۆزلىرى خىيالىدىن ئۆتتى ...
— خوتۇن ... ماڭا ئازراق پۇل بېرىڭا ...
شاكىرنىڭ مۇلايىم ئاۋازى رازىيەنى چۆچۈتىۋەتتى، رازىيە ئەسلىمىلەر ئارىسىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى. شاكىر خۇشامەتنى قاملاشتۇرالماي ئاغزىنىڭ يېرىمىدا ھىجىيىپ تۇراتتى. مۇشۇ تاپتا مېڭىسىنى چۈلغىۋالغان ئەسلىمىسىدىكى شاكىر بىلەن

هازىر ئالدىدا مۇلايىم ھىجىيىپ تۇرغان شاكىر بىر ـ بىرىگە پەقەت ئوخشىمايتتى. رازىيە ھەيران بولغاندەك كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى.

ــ پۇل؟

ــ ئاغىنىلەرنى مېھمان قىلىدىغان نۆۋەت ماڭا كەلگەن.

ــ پۇل يوق.

ــ ئۇنداقتا ... مەن ... قانداق قىلىمەن؟ ئۇلارنى مېھمان قىلمىسام يۈزۈم چۈشۈپ كېتىدۇ ...

ــ سىزنى گوللاپ، مەسخىرە قىلىپ كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان ئاشۇ ئادەملەرنى ئاغىنەم دەپ يۈرەمسىز؟ ... تېخى شۇلارغا پۇل خەجلەپ مېھمان قىلامسىز؟

ــ بۇ ... ــ شاكىر غەلىتە ھىجىيىپ قويدى.

ــ پۇل يوق، ھازىر ئىككىمىز سىدىق قاراباشنىڭ ئۆيىگە بارىمىز، گۈلپىيەنىڭ ئەھۋالى قانداق ... بىلىپ كەلمىسەك بولمايدۇ.

ــ بىراق ئاغىنىلەر ...

ــ شۇ ئاغىنىلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىگە ئوت كەتسۇن، بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈنگە قېلىشىمىزغا. ھەتتا گۈلپىيەنىڭ مۇشۇ كۈنگە قېلىشىغا شۇ ئاغىنىلىرىڭىز سەۋەبچى، سىزنىڭ كالىلىكىڭىزنى قايدۇرۇپ سارالڭ قىلغانلارنىڭ ھەممىسى شۇلار، مەن ھامان بىر كۈنى ئاشۇ بىر توپ ئىپشەكلەردىن ھېساب ئالىمەن.

رازىيەنىڭ مۇز يېغىپ تۇرغان گۈزەل چىرايىغا قاراپ ھاڭ ـ تاڭ قالغان شاكىر يەنە باشقا گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

گۈلپىيەنىڭ ئىچىدىكى قىزىل چاچلىق جىن بىلەن ئېلىشقان بارات موللامغا گۈلپىيەنى نىكاھلاپ بېرىش ... رازىيەنىڭ مېڭىسى قۇيقۇرۇق بولۇپ كەتتى، ئاندىن ئۇنىڭ ئەس ـ يادىنى قۇرۇق چۆل، ۋەھىمىلىك ئالۋۇن ئىگىلىدى، ئاغزىدىن كۆپۈك ياندۇرۇپ، بېشىنى ھەريان سىلكىپ، بىرنېمىلەرنى ئوقۇۋاتقان بارات موللامنى يادىغا ئالدى.

بارات موللام رازىيەنىڭ كۆزىگە يولۋاس بولۇپ كۆرۈنۈشتىن نەچچە ئايلار ئىلگىرى ئۆزىنى مۇشۇ شەھەردىكى ئەڭ ئەقىللىك ئادەم، ئەڭ رەزىل ئادەم، ئەڭ پاراسەتلىك ئادەم ھېسابلايدىغان دىلمۇرات پۇرسەت ئىزدەپ يۈرۈپ چولپان بىلەن كۆرۈشكەندى، ئۇنىڭ چولپانغا بولغان چىدىغۇسىز تەلپۈنۈشلىرى ئۇنى ھەم بىچارە، ھەم تەلۋە قىلىپ قويغانىدى، دۇنيادا ھەل قىلماق ئەڭ تەس ئىش كۆڭۈل ئىشى ئىدى، دىلمۇرات ناھايىتى زور غەيرەت ھەم ئۈمىد بىلەن چولپانغا توختاۋسىز كۆڭۈل ئىزھار قىلىۋاتقان نەچچە يىلدىن بېرى ئۇنىڭ ئۈمىدسىزلىكى ھەسسىلەپ ئېشىپ كېتىۋاتاتتى.

## 88

زېمىنىنىڭ چوڭقۇر تىنىقلىرى، ھاياتنىڭ شەپىسىز ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىشلىرى بىلەن ۋاقىت ھەم تەپەككۇرنىڭ مەھكەم قۇچاقلاشقاندىكى ھاياجانلىق شىۋىرلاشلىرىنى ئاڭلىيالايدىغان ئادەملەر كۆپ بولمايدۇ. قۇياش نۇرىنىڭ، قۇياش نۇرىغا ئوخشاش گۈلگۈن روھلارنىڭ قەلبلەرگە يەڭگىل ھەم چىرايلىق تۈيغۇلارنى باشلاپ كىرىدىغانلىقىنى سېزەلەيدىغان ئادەملەرمۇ كۆپ بولمايدۇ. گۈلگۈن دۇنيا گۈلگۈن قەلبلەردە بولىدۇ.

— نادىرە!

دىلمۇرات قىزنىڭ بەك چىرايلىق لەۋلىرىگە، نازۇك ھەم ئېگىز قەددىگە قاراپ بۇنىڭدىن نۇرغۇن يىللار ئىلگىرىكى ئالما چېچەكلىگەن چىرايلىق كۈندىكى چىرايلىق قىزنى ئەسلەپ قالدى. نادىرەنىڭ نازۇك ۋۇجۇدىدا دىلمۇرات ئىزدەپ يۈرگەن شۇ قىزنىڭ ئىزنالىرى باردەك ئىدى. ئالما چېچەكلىگەن چىرايلىق باھاردا دىلمۇراتنىڭ يۈرىكى نەچچە يەردىن زېدە بولۇپ كەتكەنىدى. ئالما چېچىكىدەك بىر قىز ئۇنىڭ نۇرغۇن چىرايلىق ئارمانلىرىنى پارە ـ پارە قىلىۋەتكەنىدى.

— چولپان!

قىز چېچەك ئارىسىدىن چىقىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. دىلمۇرات قىزنىڭ كۆزلىرىدىن، لەۋلىرىدىن، مەڭىزلىرىدىن ئۆزى ئىزدىگەن سېھىرلىك تەبەسسۇمنى كۆرەلمىدى.

— ھە.

— مەن دېگەن ھېلىقى ئىشنى ئويلاندىڭىزمۇ؟

دىلمۇراتنىڭ يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ كەتتى.

— ئويلاندىم.

— ئەمىسە ...

— بولمايدۇ، دىلمۇرات، مەن ھازىر بۇنداق ئىشلارنى ئويلاشمىدىم ... ئويلاشقىممۇ يوق، ئويلىشىشقا توغرا كەلسىمۇ سىزنى ئويلاشمايمەن.

دىلمۇرات داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

— سىز ...

— خوش دىلمۇرات، ئەمدى بۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ.

— سىز ... سىز مۇشۇنداق قىلمىغۇرسىڭىز ياخشى ئاقىۋەت بولمايدۇ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ئەمدى؟

— ئىشقىلىپ ... مەن ...

دىلمۇرات ئالما چېچەكلىگەن ئاشۇ مەۋسۇمنى، شۇ كۈنىدىكى ھاۋانى، شۇ كۈنىدىكى كۈلكە ھەم يىغىنى ئۇنتۇيالماي ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، ئالما چېچەكلىگەن شۇ كۈنىدىن كېيىنكى نۇرغۇن ئۇرۇنۇشلارنىڭ نەتىجىسىمۇ خۇددى ئالما چېچەكلىگەن كۈندىكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ چىقتى، چولپاننىڭ رەت قىلىشىدىن يۈرىكى پارە بولغان دىلمۇرات ئۇزاقتىن بېرى ئۆزىگە يىراقتىن تەلمۈرۈپ قارايدىغان، ئوڭ مەڭزىدە قاپقارا مېڭى بار قىزنى ئەسلەپ قالدى.

دىلمۇرات كەڭ ئىشخانىسىدىكى ھەيۋەتلىك ئۇستەلگە پۇتىنى ئېلىپ ئولتۇرغان شۇ دەمدە، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ئۇنىڭ يادىنى

مالىمان قىلىۋەتتى.

رەنا.

دىلمۇرات شۇ يىللاردا جىق ئىشلاردا گاڭگىراپ قالاتتى، ھازىرمۇ نۇرغۇن ئىشلاردا گاراڭلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ، چولپان ئۇنى ھېچ ئىمكانسىز رەۋىشتە رەت قىلغان شۇ كۈنىمۇ، ئۆزىنى ئېگىز قىيادىن يىقىلىپ كەتكەندەك، ئەمدى مەڭگۇ ئۆرە بولالمايدىغاندەك ئويلىغانىدى. چولپان ئۇنىڭ يېنىدىن كەتكەندىن كېيىن، مەيۈسلۈكنىڭ ھەرىدەك چېقىشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن دىلمۇرات گاراڭ ھالدا رەنا دائىم يالغۇز ئولتۇرۇپ ئۆگىنىش قىلىدىغان سۆگەت تەرەپكە ماڭغانىدى. شۇ مېڭىشىدا ھاياتىدىكى مۇھىم بىر ئىشنى خاتا قىلىدىغانلىقىنى شۇ ھالدا ئويلاپ يېتەلمىگەنىدى.

— رەنا، كەينىمدىن ماڭ!

ئوڭ مەڭزىدە قارا مېڭى بار قىز چۆچۈپ كەتتى، ئۇ دىلمۇراتنىڭ تۇرقىدىن قورقۇپ قالغانىدى.

— نە ... نەگە؟

— مەن نەگە ماڭسام شۇ يەرگە!

دىلمۇرات كەينىگە ئۆرۈلۈپلا ماڭدى. رەنانىڭ كىچىككىنە يۈرىكى ئەنسىز دۈپۈلدەپ، ئىسسىق بىر دولقۇن ئىچىدە قالدى، ئۇ ئىككى يانغا قاراپ ھودۇقۇپ قالغاندىن كېيىن، ئىختىيارسىز دىلمۇراتنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى.

دىلمۇرات رەنا بىلەن توي قىلغان كۈننى، توينىڭ ئەتىسى ئۆتكۈزۈلگەن چاينى يادىدىن چىقارمايدۇ، توي كۈنىدە، چاي مەرىكىسىدە، رەنانىڭ تۇغقانلىرى ئىچىدە بەكلا قاملاشتۇرۇپ ياسانغان بىر ئايال ھەممىگە يېتىشىپ، ھەممە ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، تاكاسلاپ يۈرەتتى، ئايالنىڭ ھەرىكەتلىرى چاققان، ئوزايىدىن كۆلكە كەتمەيتتى، ئويناپ تۇرىدىغان كۆزلىرى كىشىنىڭ يۈرىكىدە نېمە بارلىقىنى بىلىۋالماقچى بولغاندەك، دەرەپشىدەك قادىلىپ قارايتتى. شۇ كۈنلەردە تۇنجى بولۇپ

دىلمۇراتنىڭ دىققىتىنى تارتقان بۇ ئايالنىڭ ئىسمى ساجىدە ئىدى. دىلمۇرات شۇ كۈنلەردە ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئايال بىلەن تەگسىز جىنايى تۇيغۇلار ئارىسىغا كىرىپ قالىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ ئەيدىزنى ئۆزىنىڭ ساجىدە بىلەن بولغان جىنايەتلىرىگە بىرلىگەن جازا بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلىغانلىرىدا، ساجىدەنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكۈسى كېلىپ كېتەتتى. ئىنساننى هايۋاندىن ئۇلۇغ دېگەنگە ئىشەنمىمىز، ئەمما بەزىدە بەزىبىر ئادەم هايۋان قىلمايدىغان پەس ئىشلارنى قىلىدۇ، شۇڭا ئىنسان بۇ دۇنيادا هەرقانداق هايۋانغا بېرىلمىگەن جازالار بىلەن جازالىنىدۇ.

دىلمۇرات قارشى تەرىپىدىكى يۇمىلاق ئورۇندۇقتا گۈزەل هەيكەلدەك ئولتۇرغان نادىرەگە قاراپ خىيالغا كەتتى، هاياتىدا بولۇپ ئۆتكەن بەزى ئىشلارنى ئەسلەپ چىقتى، رەنا بىلەن توي قىلىش، ساجىدە بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈش، قىزىل چىراغ نۇرلىرى تۇتەپ تۇرغان كوچىلاردا بولىدىغان پاسكىنا ئىشرەت، زۆھرە بىلەن نادىرە ... مۇشۇلارنىڭ هەممىسى چولپان يۇرىكىدە پەيدا قىلغان زىددىنى ساقايتىش ئۈچۈن، ئۇنى ئۇنتۇش ئۈچۈن قىلىۋاتقان ئىشلار ئىكەنلىكىنى دىلمۇرات بىلىدۇ.

— نادىرە، سىزگە بىر گەپنى دەپ قوياي، ناۋادا مەن سىزدىن بۇرۇن ئۆلسەم مەن ئۈچۈن يىغلاشنى ئۇنتۇماڭ.

دىلمۇرات شۇنداق دەپ بولۇپ كۆزلىرىنى يۇمدى.

— بەلكىم پۇشايمان قىلىپ ياش تۆكەرمەن.

— ئىچ ئاغرىتامسىز؟

نادىرە گەپ قىلمىدى. ئۇ دىلمۇراتقا باغلىنىپ قالغانلىقىنى هەيرانلىق بىلەن هېس قىلدى، دىلمۇراتقا رايىشلىق بىلەن بويسۇندى، بۇلار يادىغا يەتكەندە ئۆزىدىن سەسكەندى، بۇ ئۇنىڭ تەقدىرگە تەن بەرگىنى بولۇشى مۇمكىن، تەقدىردىن ئۆچ ئالغىنى بولۇشى مۇمكىن ... ئۇ مۇشۇلار ئارقىلىق ئۆزىدىن، ئۆزىنىڭ هاياتىدىن ئۆچ ئېلىۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

بۇ شەھەردە نادىرە دېگەن قىز بار، ساجىدە دېگەن ئايال بار، يەنە گۈلنىگار بىلەن گۈلسۈم بار، رازىيە، گۈلپىيەلەر بار، ھەممەيلەن توختاۋسىز چىپىپ يۈرىدۇ، ھارىدۇ، چارچايدۇ، ئەڭ ئاخىر ئېرىشمەكچى بولغان نەرسە مېھىر. بىز ئېرىشمەكچى بولغان پۇل، گۈزەللىك، ئابرۇي، شەرەپ ... مۇشۇلارنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى مېھىر ئۈچۈن ئەمەس دېگىلى بولمايدۇ. بۇ دۇنيادا مېھىرنىڭ ھەممىدىن ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلىدىغان، ئەمما ئۆزىنى مېھىرگە ئېرىشەلمىگەندەك، مېھىردىن ئايرىلىپ قالغاندەك ئويلايدىغان گۈلنىگارنىڭ كىشىلىك دۇنياسىنىڭ ئاجايىپ مەنىلىرىنىڭ بىرى مېھىر. گۈلنىگارنىڭ گۈلسۈمگە قۇچاق ئېچىشلىرى ئىسسىق ھاياجان ئىچىدە داۋام قىلىدۇ. گۈلسۈمگە بولغان ئانىلىق مۇھەببەت گۈلنىگارنىڭ قاغجىراپ قالغان كۆڭۈل پايانىغا مەنە قوشۇۋاتقاندەك ئىدى.

گۈلسۈم ...

## 89

سەردار يۈرىكىدىكى تەنھالىقنىڭ تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا كۆۋەجەپ قالىدىغانلىقىنى سېزەتتى، گۈلنىگار ئۇنى بارلىقى بىلەن سۆيەتتى، چولپان ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىگە تەييار، مۇشۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ قەلبى گۈل ھىدىغا تولۇپ تۇرۇشى، ھەرقاچان شادىمانلىقنىڭ تاتلىق ھېسسىغا چۆمۈپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى، ئەمما يەنە ئۇنىڭ ئۆزىنى تەنھا ھېس قىلىدىغان چاغلىرى بار، يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى كەمتۈكتەك، كۆڭۈل خاھىشىنىڭ پايانلىرى چۆلدەرەپ تۇرغاندەك ئىدى، ھامان بىر كۈنى چولپاندىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىغاندا بىسەرەمجانلىقتىن كۆڭۈل پايانى مانانغا تولاتتى.

سەردار ئۇستەلدىكى كىتابنى قولىغا ئېلىپ يەنە جايىغا قويۇپ قويدى. چولپان ئۇنىڭغا مەڭگۈ ھەمراھ بولماسلىقى مۇمكىن،

مەڭگۈ ئۇنىڭغا تەۋە بولماسلىقى مۇمكىن، مۇشۇنداق ئويلىمىسام بولاتتى، دەپمۇ يەنە بۇ خىل ئويلاردىن نېرى بولالمايتتى.

سەردار كۆزئەينىكىنى ئېلىۋېتىپ ياندىكى قېپىغا سېلىپ قويدى، گۈلنىگار داستىخاننى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى، چولپان بىلەن گۈلنىگارنىڭ بىرسىنى تاللاشقا توغرا كەلسە ... سەردار بۇنداق قىيىن سوئالغا دۇچ كەلسە بەلكىم نېمە قىلارىنى بىلەلمەسلىكى مۇمكىن. باللارنىڭ ئۆيىدىن قانداقتۇر بىر مۇزىكىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— ھېلىقى قىز قانداق بولدى؟ — دېدى سەردار.

— قايسى قىزنى دەيسىز؟

— ئاشخانىدا كۈتكۈچى بولۇپ ئىشلەۋاتقان قىزنى دەيمەن، ئىسمىنى گۈلسۇم دېدىڭىزغۇ.

— ئۇنى مەكتەپكە قايتۇرۇپ كەلدۇق، مەكتەپمۇ بۇنىڭدىن كېيىن تەشۋىق قىلمايدىغان بولدى، مەن ئۇنى ئاشخانىدا ئىشلەۋەرسۇنمىكى دېدىم.

سەردار گۈلنىگارغا ھەيران بولغاندەك قاراپ قويدى.

— ئۇنداقتا قانداق بولىدۇ؟

— سىزنىڭ كېيىنكىزنى ئويلاپ ئاخىر ئۇنىڭ ئاشخانىدا ئىشلەۋەرگىنى مۇۋاپىق ئىكەن دەپ ئويلاپ قالدىم، ياردەم بېرىمىز دەپ تولا غەلۋە قىلىپ، ئۇ قىزنى تەڭقىسلىقتا قويۇپ تويغۇزۇۋەتكەندەك قىلىمىز، بىر ئادەمگە داغدۇغا بىلەن ياردەم بېرىلىۋەرسىمۇ بارا ـ بارا غۇرۇرى سۇنۇپ، تەييارغا ھەييار بولۇپ قالغۇدەك، ئەمما مەن ئۇ قىزنى يىراقتىن كۆزىتىپ يۈرۈۋاتىمەن؟

— ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ھالى قانداقكىن.

— كېسەلى ئېغىر ئىكەن ... ئالدىنقى قېتىم سىز بەرگەن دورىنى بەرگەن، يەنە بىر غەيرەت قىلسىڭىز بولاتتى.

— بولىدۇ، بەزى ئىشلارنىڭ توغرا ـ خاتاسىنى ئايرىماق تەس، كىچىككىنە قىز كۈتكۈچى بولۇپ يۈرسە بۇ قاملاشمىغان

ئىش بولىدۇ، خەقنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ياشايدىغان بولۇپ قالسا تېخى بولمايدۇ ... دەماللىققا ئۇ كۆتكۈچىلىكنى قىلىۋەرسىمۇ مەيلى، ئەمما بۇمۇ ياخشى چارە ئەمەس.

— شۇ، بۇمۇ ئۇزاققىچە قىلىۋېرىدىغان ئىش ئەمەس، سىزنىڭچە ئۇ قىز زادى قانداق قىلسا بولار؟ ... داۋاملىق ئىئانە يىغىشىمىز كېرەكمۇ ياكى ...

— ئىئانە لايىقىدا، مەخپىي بولسا شۇ پۇللار بىلەن ئائىلىسى خاتىرجەم بولسا بولاتتى، ئەمما ھازىرقى بەزى ئىئانىلەر تۆگمىنى تۆگە كۆرسىتىشنى مەقسەت قىلىۋالىدۇ. ئاشخانا غوجايىنى بىلەن سۆزلىشىپ ئاستىرتىن ياردەم بېرەيلى، بىراق ئۇ قىز بۇنى بىلىپ قالمىسۇن.

سەردار گېپىنى تۈگىتىپ كىتابىنى قولىغا ئالدى.

— ھېلىقى تەتقىقاتىڭىز قانداق بولدى؟

— قىلىۋاتىمىز.

— قاچان تۈگەيدۇ؟

— ئەقىل بىلەن پۈتىدىغان ئىشنى پالانى چاغدا تۈگىتىمىز دېگىلى بولاتتىمۇ؟

گۈلنىگار باشقا گەپ قىلمىدى، پەرتۇقىنىڭ يانچۇقىدىكى تېلېفونىنىڭ تىترەشلىرى ئۇنى جىددىيلەشتۈرۈپ قويدى. يۈرىكى تېلېفوندىن بەكرەك تىترەپ كەتتى. شۇ ھالدا ئۇنىڭ يۈرىكى، ۋاقتى، ئۆتمۈشى ھەم كەلگۈسى بىرلا ۋاقىتتا تىترىدى.

— مەن سىرتقا چىقىپ كىرەي، — دېدى گۈلنىگار سەردارغا ئۈمىد بىلەن تىكىلىپ.

— بولىدۇ.

گۈلنىگار لاسىسىدە بولۇپ قالدى، ئۇ ئالدىنقى قېتىملاردىكىگە ئوخشاش تەمە قىلدى، سەردارنىڭ بارماق دېيىشىنى، سىرتقا چىقىشىغا يول قويماسلىقىنى بەكلا ئارزۇ قىلغانىدى، بۇ كەچتە سىرتتا نېمە بار، ئۆيدە جىم ئولتۇر،

www.uyghurkitap.com

دېيىشنى تەمە قىلىپ سەردارغا تىكىلىپ قاراپ تۇردى. ساپادا سوزۇلۇپ ياتقان سەردار كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرمەيتتى. گۈلنىگارنىڭ ئۇنىڭ قولىدىكى كىتابنى تارتىۋېلىپ يىرتىپ يىرتىۋەتكۈسى، يىرتىلغان پارچىلىرىغا دەسسىۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى، خۇددى مۇشۇ تۈگمەس كىتاب ھەم تەتقىقات دېگەن نەرسىلەر يەنە بىر چولپان بولۇپ، ئۇنىڭ ئېرىنى تارتىۋالغاندەك ئەلەملىك ھەسرەتتىن يۈرىكى پۇچىلاندى، كىتاب ئوقۇشقا ئامراق، كىتاب يازىدىغان ئايال ئۇنىڭ ئېرىنى تارتىۋالدى ... ھەممىسى كىتاب بىلەن ئالاقىدار ئىدى.

— مەن ... چىقمايمەنكى يا، — گۈلنىگار سەردارغا يېلىنغاندەك شۇنداق دېدى. ئۆيدىكى جىملىق ناھايىتى ئېغىر ھەم ئاچچىق بولۇپ كەتتى، يان ئۆيدە مۇزىكا ئاۋازى بىلەن قوشۇلۇپ مويۇنچۇر بىلەن ئىلتەبىرنىڭ گۇدۇڭلاشلىرى ئاڭلىناتتى، يەنە قانداقتۇر بىرنېمىنىڭ تاراقلاشلىرىمۇ ئاڭلىنىپ قالاتتى.

— ئىختىيارىڭىز، بارغۇڭىز بولمىسا بارماڭ، بارىمەن دېسىڭىز بىرىپ كېلىڭ.

ئۇ ھېچ بولمىسا ئۇ يەردە سىزگە نېمە بار، نېمە ئىش قىلىسىز، دەپ سوراپ قويۇشى كېرەك ئىدى.

— ئەمەلىيەتتە بارمىسامۇ بولىدۇ، بارغۇدەك ئىشمۇ يوق.

— ئەمىسە بارماڭ.

سەردار بېشىنى كۆتۈرمەيلا شۇنداق دېدى، ئۈستەلدىكى خىرۇستال قاچىدا بىرنەچچە ئالما تۇراتتى، ئالمىلار گۈلنىگارغا قېنى قاچقان، جانسىز يۈرەك بولۇپ كۆرۈندى، مۇزلىغان، ھەرىكەتسىز، جىمجىت، يەنە قانلىق، قېتىپ قالغان، تەسىرلەنمەيدىغان يۈرەك بولۇپ كۆرۈندى.

— شۇنداقتىمۇ بىرىپ كېلەي.

سەردار گۈلنىگارغا بىزارلىق بىلەن قاراپ قويدى. گۈلنىگارنىڭ ئۈمىدلىك تۈيغۇلىرى كۆزلىرىدىن چىقىپ

تۇراتتى. سەردار ئاچچىقلايدىغان بولدى ... گۈلنىگارنىڭ كۆڭلىگە ئاقۇچ خۇشاللىق يامرىدى.

— نېمانداق گېپىڭىز تۇگىمەيدۇ؟

— بۇنچىلىك گەپنى دېمىسەم بولماس، ئۇنتۇپ قالماڭ، مەن سىزنىڭ خوتۇنىڭىز، — دېدى گۈلنىگار زەردە بىلەن.

— مەن بۇنى ئوبدان بىلىمەن.

— سىز شۇ دورىنى تەتقىق قىلىمەن دېگۈچە سىز ئۈچۈن ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم ئىشنى تەتقىق قىلىشىڭىز كېرەك ئىدى، سىز بۇلارنى بىلمەيۋاتىسىز.

— قىزىق گەپ قىلىسىزغۇ، مەن ئۈچۈن بۇ دورىنى تەتقىق قىلىش ناھايىتى مۇھىم، ئۇتۇق قازانسام نۇرغۇن كىشى كېسەل ئازابىدىن قۇتۇلىدۇ، ئەرزان، دەل داۋالىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. نۇرغۇن ئادەم ئۆلۈمدىن قۇتۇلىدۇ.

گۈلنىگار سەردارنىڭ كۆزئەينىكىنىڭ قىرىغا تېگىشىپ تۇرغان قويۇق چاچلىرىغا قارىدى، يېنىك، تاتلىق تۇيغۇ يۈرىكىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

— ئۆلۈمدىن قۇتۇلىدۇ دېگىنىڭىز ئېشىپ كەتتى.

— ئېشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، ئەمما نۇرغۇن كىشى ساقلىققا ئېرىشىدۇ.

— رىزقى تۈگىگەنلەر چوقۇم ئۆلىدۇ، — دېدى گۈلنىگار، ئۇ دەۋاتقانلىرىنىڭ ھاجەتسىز گەپلەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇراتتى، ئەمما نېمە بولمىسۇن بىرنېمە دەپ سەردار بىلەن پاراڭلىشىش، بىر ئامال قىلىپ ۋاقىتنى كەينىگە سوزۇپ، سىرتقا چىقىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئويلاۋاتاتتى.

سەردار سوغۇق كۈلۈمسىرىدى، لەۋلىرىدىكى كۈلكىدىن چۈشىنىش ئىقتىدارى تۆۋەن بىر ئادەم بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندىكى مەسخىرە بار ئىدى. گۈلنىگار سەردارنىڭ مۇشۇ كۈلكىسىگە بەك ئۆچ ئىدى.

— سىز ئەڭ مۇھىم نەرسىنى تەتقىق قىلىشتىن باش

www.uyghurkitap.com

تارتىۋاتىسىز.

— نېمىدىن باش تارتىپتىمەن؟

— ئائىلىڭىزنى، مېنى، بالىلارنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىسىز.

— بۇ گېپىڭىز قاملاشمىدى، ئائىلەم، بالام، خوتۇنۇم ... مەن بۇ جەھەتتىن خاتىرجەم، مېنىڭ خوتۇنۇم ياخشى ئايال، بالىلىرىم ئەقىللىك.

گۈلنىگارنىڭ يانچۇقىدىكى تېلېفون تىترىدى، تېلېفوننىڭ بۇ تىترىشى بىر ئايالنىڭ تەشۋىشلىك، غېرىبانە كۆڭلىنى، يۈرىكىنى تىترەتتى، كۆڭۈلنىڭ، يۈرەكنىڭ مەزمۇت تۈۋرۈكلىرى مۇشۇنداق چاغدا ئىگىسىنىڭ خالاش ـ خالىماسلىقىدىن بىخەۋەر تىترەپ كېتىدۇ، مىدىرلاپ قالىدۇ، شۇنداق بولىۋەرسە لىڭشىپ قالىدۇ.

— بولدى، مەن بېرىپ كېلەي.

— بولىدۇ.

— بۈگۈن ئاياللار بايرىمى ئىكەن، — دېدى گۈلنىگار.

— يادىمدىن چىقىپ قاپتۇ، مۇبارەك بولسۇن.

سەردار شۇنداق دەپلا ئۇستەلگە ئېڭىشىپ كىتىرلىتىپ بىر نېمىلەرنى يېزىشقا باشلىدى، گۈلنىگار سەردارنىڭ باش كۆتۈرمەي بىرنېمىلەرنى يېزىشلىرىغا قاراپ كۆڭلى بەكلا پاراكەندە بولۇپ كەتتى، تۇرۇپلا سەردارغا ئىچى ئاغرىپ قالدى، بۇ ئىچ ئاغرىتىش گۈلنىگارنىڭ كۆڭلىگە پىچاق تىققاندەك تەسىر قىلدى.

گۈلنىگار ئەڭ يارىشىملىق كىيىمىنى كىيدى، نامىسىز بارمىقىدىكى كۈمۈش ئۈزۈكنى سۇغۇرۇۋېلىپ ئۇزاق قاراپ كەتتى، مېھمانخانا ئۆيدىن سەردارنىڭ كىتاب ۋاراقلىغان، بىر نېمىلەرنى كىتىرلىتىپ يازغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى. ياشاش نېمانداق تەستۇر ... گۈلنىگار ئۈزۈككە قارىدى، بۇنى گۈلنىگارنىڭ تويلۇق ئۈزۈكى دېيىشمۇ بولاتتى.

— سىزگە يېڭى يىللىق سوۋغام.

سەردار تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن كۈمۈش ئۈزۈكنى

گۈلنىگارنىڭ قولىغا سالدى، گۈلنىگارنىڭ نازۇك بارماقلىرى ئۈتتەك قىزىدى، ئىختىيارنى يوقىتىپ قويغاندەك ئىدى، شۇ ھالدا ئۇنىڭ سەردارنىڭ قوللىرىنى سىلىغۇسى، ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىغۇسى، سۆيگۈسى كەلدى.

— قار بىزنى مۇبارەكلىدى، — دېدى سەردار، ئاپپاق قار ئۇنىڭ كۆڭلىگە يۇمشاق بولۇپ يېغىۋاتقاندەك ئىدى، قارنىڭ سېھىرلىك ئىسسىقى روھىغا يېقىملىق بولۇپ يېيىلىۋاتاتتى. سەردارنىڭ دوختۇر ئەمەس، شائىر ياكى رەسسام بولۇش ئارزۇسى بار ئىدى، ئۇ بۇلارنى گۈلنىگارغا دېگەنىدى.

— قارمۇ ئاق، ئۈزۈكمۇ ئاق ... — گۈلنىگار سەردارغا يۆلەندى، يۇمشاق قارنىڭ سېھىرلىك تۈيغۇلىرى قىزنىڭ ۋۇجۇدىغا ئوت ياققانىدى.

— قەلبىمىزمۇ ئاق، مەڭگۈ ئاق بولسۇن، — دېدى سەردار، — ئاق دىلبىرىم، ساق دىلبىرىم، پاك دىلبىرىم ... مۇشۇنداق بىر شېئىر بار ئىدى، ئۇنتۇپتىمەن.

گۈلنىگار شۇ چاغدا مەڭگۈلۈك بەختنى كۆرگەن، مەڭگۈلۈك بەختنىڭ راۋان ھەم سۈزۈك جۇلاسىنى كۆرگەنىدى.

گۈلنىگارنىڭ ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى ۋاقتى شىددەت بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكىگە يېقىنلىشىپ يەنە شىددەت بىلەن يىراقلاپ كەتتى. بىر چاغلاردا گۈلنىگارنىڭ يۈرىكىگە لىققىدە تولۇپ كەتكەن بەختنى بىر ئالۋاستى قان شورىغاندەك شوراپ تۈگەتتى، گۈلنىگاردىن تارتىپ كەتتى.

— مەن ماڭدىم.

گۈلنىگار ئۆزىنى يىغىدىن تەستە بېسىۋېلىپ سىرتقا ماڭدى، بوسۇغىدىن ئاتلاۋېتىپ بۇ ئۆيگە مەڭگۇ قايتىپ كەلمەيدىغاندەك بىر تۇيغۇدىن كۆڭلى ئېزىلدى. قايتىپ كەلمەيدىغاندەك ... مۇشۇ چىقىپ كەتكەنچە يىراق بىر يەرلەرگە كېتىدىغاندەك بىر تۇيغۇ يۈرىكىنى تاش بولۇپ باستى.

ئۇ پەلەمپەيدىن چۈشۈۋېتىپ تېلېفونىغا قارىدى،

تىزىملىكتىن «مەرەز» دېگەن ئىسىمنى تاپتى، ئۇ دىلمۇراتنىڭ نومۇرىنى مۇشۇ ئىسىم بىلەن ساقلاپ قويغانىدى، نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق يېزىپ قويغانلىقىنى ئۆزىمۇ تازا چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى. شۇ ئىسىمنىڭ كەينىدە «6» دېگەن رەقەم تۇراتتى، دىلمۇرات ئۇنىڭغا ئالتە قېتىم تېلېفون بەرگەنىدى.

— ئاخىر تېلېفون قىلدىڭىز، — دېدى دىلمۇرات، ئۇنىڭ ئاۋازىدا ئۈمىدسىز بىر ھاياجاننىڭ تەپتى بار ئىدى.

— ئۆيدە سەردار بار، چىقىپ بولالمىغۇدەكمەن، — دېدى گۈلنىگار تىترەڭگۈ ئاۋازدا.

— ئۇنداق دېمەڭ، بۈگۈن مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم.

— راست بارالمايمەن، سەردار ماڭا تىكىلىپ ئولتۇرىدۇ، باللارمۇ ئۆيدە، تېلېفون قايتۇراي دەپ ئالدىراپلا پەسكە چۈشتۈم، ھازىرلا چىقىپ كەتمىسەم بولمايدۇ.

گۈلنىگارنىڭ يۈرىكىگە يالغۇزلۇقنىڭ ئاچچىق چاڭگىلى تولۇپ كەتكەنىدى.

— كەلمىسىڭىز بولمايدۇ.

— دېدىمغۇ، پەقەت بارالمايمەن، سەردار مېنى بارغۇزمايدۇ، — دېدى گۈلنىگار، شۇنداق دەۋېتىپ يىغلىۋېتىشكە تاسلا قالدى.

— بۈگۈن كەلمىسىڭىز تاڭ ئاتقۇچە ساقلايمەن.

گۈلنىگار بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆيىنىڭ دېرىزىسىگە قارىدى، دېرىزە يورۇپ تۇراتتى، شۇ ئۆيدە ئۇنىڭ ئېرى، باللىرى بار، ئۇ سەردارنىڭ دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ ئۆزىنى چاقىرىشىنى، باللارنىڭ چاقىرىشىنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلدى، ھېچكىم يوق ... ئۇنى چاقىرغان ھېچكىم يوق ئىدى، ئۇ بەكلا تەمە قىلغان، بەكلا ئارزۇ قىلغانىدى، ئەمما ئۇنى ھېچكىم چاقىرمىدى.

— گۈلنىگار ... چوقۇم كېلىڭ.

گۈلنىگار لېۋىنى چىشلەپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن پىچىرلىدى.

— سىز نەدە؟

— مەن خانساراي مېھمانخانىسىنىڭ 8008 ـ ياتىقىدا، ھازىرلا سىزنى ئالغىلى باراي.
— ياق، تاكسى بىلەن باراي.
ئىسىت ...
گۈلنىگارنىڭ كۆزىدىن ئاققان ئىككى تامچە ياش مەڭزىنى بويلاپ دومىلاپ چۈشتى. ئىگىسىز ئايال بولۇپ قالدىم ... دوزاق تەرەپكە مېڭىۋاتىمەن.
شەھەرنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسى چىرايلىق ئىدى، دەرەخلەرگە، بىنالارغا، تۆۋرۈكلەرگە ئورنىتىلغان رەڭلىك چىراغلارنىڭ جۇلاسى كۆزلەرنى ئالا چەكمەن قىلىدۇ، بۇ شەھەرنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسىگە ئىلگىرى مەنە تونۇشۇپ كەتكەندەك قىلاتتى، ئەمما چۈشەنگىلى بولمايدىغان، ھېس قىلغىلى بولمايدىغان مەنە.
— نەگە ئاپىرىمەن، ئاچا؟
تاكسىچى بالا ماشىنا رادىيوسىدىن چىقىۋاتقان مۇزىكىغا ماس بېشىنى ئالدى ـ كەينىگە سىلكىگەچ سورىدى.
— خانسارايغا.
گۈلنىگار گەپنى دەپ بولۇپ بۇرنىنىڭ ئېچىشقانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە ھودۇقۇپ كەتتى.
— خاتا دەپتىمەن، يېڭىشەھەر رېستوراندا دوستلىرىمنىڭ چېيى بار ئىدى، بارغۇم يوق، ئەمما بارمىسامۇ بولمايدۇ، خەق پۇلغا چىدىماپتۇ دەپ قالىدۇ ... مۇشۇنداق ئىشلاردىن تويۇپ كەتتىمغۇ كىشى ...
گۈلنىگار گەپنى دەپ بولۇپ تېڭىرقاپ قالدى، ئۆڭايسىزلىقتىن يۈزى ئوت ئالدى، مۇنۇ تاكسىچىغا بۇ گەپلەرنى دېيىش نېمىگە زۆرۈر بولۇپ قالدى؟
— زادى قەيەرگە بارىسىز؟ خانسارايغىمۇ يا يېڭىشەھەر رېستورانغىمۇ؟
— خا ... خانسارايغا.

تاكسىچى بالا بايىقىدەكلا بېشىنى گىلدىڭلىتىپ ماشىنىسىنى قوزغىدى، ئۇنىڭ ئاغزىنى سىڭار يان قىلىپ سىرلىق كۈلۈمسىرىشى گۈلنىگارنىڭ جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

— ئاياللار بايرىمىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن، ئاچا، — دېدى تاكسىچى بالا ئاشقان پۇلنى قايتۇرۇۋېتىپ.

— رەھمەت.

گۈلنىگار مېھمانخانا بوسۇغىسىدىن قەدەم ئېلىۋاتقاندا قاپقارا تۈيغۇلار مېڭىسىگە چىڭقىلىپ كەتتى. روھى ماغدۇرسىزلىنىپ يۈرىكىدىكى ياشىرىپ تۇرغان نۇرغۇن گۈللەر سولىشىشقا باشلىدى.

گۈلنىگار ئەتراپىغا ئەندىككەندەك قاراپ قويدى، مېھمانخانا زالىدا ناتونۇش ئادەملەر كىرىپ - چىقىپ يۈرەتتى. گۈلنىگار لىفىتنىڭ ئالدىغا بېرىپ بولۇپ ياندىكى پەلەمپەيگە قايرىلدى. دىلمۇراتنىڭ يېنىغا بىر مىنۇت بولسىمۇ كېيىنرەك بېرىشنى ئويلىسا كېرەك، پەلەمپەيلەردىن چىقىپ بولغۇچە سەردار تېلېفون قىلىپ قايتىپ كېلىشنى ئېيتسا ئەجەب ئەمەس.

يۇمشاق گىلەم سېلىنغان پەلەمپەي باسقۇچلىرىدىن ئاستا چىقىۋاتقان گۈلنىگار ئۆزىنى يۇقىرىغا ئەمەس، تۆۋەنگە، ھاڭدەك چوڭقۇرلۇققا، چىقىپ بولمايدىغان ئۆڭكۈرگە كىرىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى.

گۈلنىگار سوغۇق ھاياجاندىن قىينىلىپ يۈرگەن شەھەرنىڭ كوچىلىرى، كوچا چىراغلىرى سىرلىق ئىدى، كوچىلاردا كېتىۋاتقان ئادەملەر سىرلىق ئىدى، ئادەملەرنىڭ قىلىۋاتقان ئاشكارا، يوشۇرۇن ئىشلىرى، قىلماقچى بولغان ئىشلىرى سىرلىق ئىدى. شۇ سىرلىق ئىشلارنىڭ ئىچىدە گۈلپىيە دېگەن قىزنىڭ سىرلىق نىكاھى ئوقۇلىدۇ. نىكاھ چەكسىز شەرەپلىك، ئوچۇق - ئاشكارا قەسەم مۇراسىمى. بىراق، گۈلپىيەنىڭ نىكاھى بۇ شەرەپتىن خالىي بولۇپ قالدى.

— شاكىراخۇننىڭ قىزى گۈلپىيەخان ئۆز رازىلىقلىرى بىلەن ئىسمايىلئاخۇننىڭ ئوغلى باراتئاخۇنغا تەگدىلىمۇ؟

— تەگدىم.

— ئىسمايىلئاخۇننىڭ ئوغلى باراتئاخۇن، شاكىراخۇننىڭ قىزى گۈلپىيەخاننى ئۆز رازىلىقلىرى بىلەن خوتۇنلۇققا ئالدىلىمۇ؟

— ئالدىم.

بارات موللام تۇكۇرۇكىنى غۇرتتىدە يۇتۇپ لېۋىنى يالاپ قويدى. يېرىم يۇمۇلغان كۆزلىرىدىن غەلىتە بىر ئۇچقۇن پىلدىرلاپ ھەر يان تۇزۇپ يۈرەتتى.

ۋاقىت شىددەت بىلەن پىرقىراپ ئۆتۈۋاتاتتى، گۈلپىيە نىكاھ ئاخىرلىشىپ تاكى بارات موللامنىڭ تەرلەپ كەتكەن مەيدىسىگە يۈزىنى چاپلاپ ياتقان دەمگىچە بولغان ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى بىلەلمىدى. شېرىن ھەم قوپال ئىشق ـ مۇھەببەت گۈلپىيەگە ئۆتمۈشكە تەئەللۇق ھەممە دىشۋارچىلىقلارنى ئۇنتۇلدۇرغاندەك تۇيۇلۇۋاتاتتى. گۈلپىيە شۇ ھالدا كىم بىرلىرىدىن ئۆچ ئېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۆزىگە تەۋە بولغان دۇنيادىن، ئەنۋەردىن، دادىسىدىن، ئانىسىدىن، ساۋاقداشلىرىدىن، ھارامدىن بولغان دېگەن دەھشەتلىك سۆزدىن ... ھەممە ـ ھەممە نەرسىدىن ئۆچ ئېلىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— مەن ھەممىدىن قۇتۇلدۇم.

گۈلپىيە بارات موللامنىڭ بويىنىنى يۇمشاق چىشلەۋېتىپ شۇنداق دېدى، بارات موللامنىڭ قويۇق قارا ساقىلى گۈلپىيەنىڭ مەڭزىگە تېگىپ شېرىن غىدىقلايتتى، ھارغىنلىق بىلەن چالا ئۇيقۇلۇقتا ياتقان بارات موللامنىڭ گۈلپىيەنىڭ نېمە دېگەنلىكىگە دىققەت قىلغۇدەك ھەپسىلىسى يوق ئىدى. بارات موللامنىڭ ئىسسىق مەيدىسى گۈلپىيەگە ھاياتىدا تۇنجى قېتىم

شۇ قەدەر ۋەزىنلىك خاتىرجەملىك بەردى.

شېرىن خامۇشلۇق ئىچىدە ياتقان گۈلپىيە بارات موللامنىڭ دۈمبىسىنى سىلاۋاتقان قولىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى.

— مەن جىندىن قورقىمەن.

— خاتىرجەم بولۇڭ، سىزنى ئۆزۈم ساقلايتىمەن.

— مەن ھەممە ئادەمدىن قورقىمەن ... ھارامدىن بولغان دېگەن نېمە دېگەن گەپ؟

— بولدى، بۇ گەپلەرنى ئەمدى دېمەڭ، ئۇ بىر پاسكىنا گەپ، دېيىشكە بولمايدۇ.

— مېنىڭ ئىچىمدە جىن بار .

— جىنىنىڭ ئىشىنى ئۆزۈم جۆندەيمەن ... يېنىمدىن نېرى كەتمەڭ.

— سىلىنى ماڭا خۇدايىم يەتكۈزدى، مەن ھارامدىن بولغان، بۇزۇقنىڭ قىزى ئىدىم، سەت ئىدىم، ھەممەيلەن ماڭا ئۆچ ئىدى، مېنى جىن يوق يەرگە، ئادەم يوق يەرگە ئەكەتسىلە. بەك يىراق يەرگە ... ھېچكىمنى كۆرمەيدىغان يەرگە.

— ماقۇل.

— نەگە ئەكېتىملا.

— يىراق يەرگە.

بارات موللامنىڭ تىنىقى جىددىيلىشىپ گۈلپىيەنى مەھكەم قۇچاقلىدى، گۈلپىيەنىڭ لېۋىگە كۈچەپ سۆيدى ... گۈلپىيە ئۆزىنىڭ سۆيۈلۈشكە نەقەدەر تەشنا ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇندىن بۇيان مۇشۇنداق مىنۇتلارنى ئىزدەپ، تەشنا بولۇپ، كۈتۈپ مۇشۇ كۈنگە كەلگەنلىكى ھېس قىلدى. گۈلپىيە ھاياتىنى جان ـ جەھلى بىلەن، بارلىقى بىلەن سۆيدى، ئەمما سۆيۈلمىدى، شۇ ھالدا ئۇ سۆيۈلۈشنىڭ قانداق شېرىن بولىدىغانلىقىنى، كىشى يۈرىكىگە غۇرۇر شادىمانلىقى بېرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى. ئۇ چەكسىز شېرىن تۇيغۇلار ئىچىدە ئەنۋەرنى خىيال قىلدى، خىيالىنىڭ بىر

يەرلىرىدە شۇ ھالدىكى شىرىن دەملەرگە يېتەلمىگەن ئەنۋەرنىڭ بىچارە تۇرقى پەيدا بولدى، گۇلپىيە كۆچلۈك قانائەت تۇيغۇسى ئىچىدە بارات موللامغا يېپىشتى.

بۇ شەھەرنىڭ ھاياتى رەڭمۇرەڭ جۇلاسى بىلەن داۋام قىلىدۇ، تۇرلۇك كۇي، ناخشىلىرى بىلەن داۋام قىلىدۇ. ئاجايىپ ھىد، پۇراقلىرى بىلەن داۋام قىلىدۇ. ھەممىسىگە سىر، ھېكمەت يوشۇرۇنغان.

تىمتاس شەھەرنىڭ تار كوچىلىرىنىڭ بىرىدىكى ئۆيدە بىرەيلەن رەسىم سىزىۋاتىدۇ، ئۇ ئۇمىدسىزلىككە، غەمكىنلىككە شۇ قەدەر ئۆچ، ئۇمىدسىزلىكتىن چەكسىز نەپرەتلىنىپ كۆنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان بۇ يىگىت بىر قانىتى يوق قۇشنىڭ رەسىمىنى سىزدى، قۇشنىڭ قانىتى ... ئۇ نادىرەنى قۇشنىڭ قانىتىغا ئوخشاتقان بولۇشى كېرەك، ئەمما دەسلەپ بۇ رەسىمنى كۆرگەنلەر، مۇرات ئۆزىنىڭ مېيىپ بولۇپ قالغانلىقىنى بىر قانىتى يوق قۇشقا ئوخشاتقان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىشىدۇ.

## 91

چولپان دېرىزىدىن شەھەرنىڭ قاراڭغۇ كېچىسىگە ئۇزاق قاراپ تۇردى. يورۇقلۇقنىڭ يورۇقلۇقچە، قاراڭغۇنىڭ قاراڭغۇچە گۈزەللىكى ھەم ئازابى بولىدۇ. ئاي، يۇلتۇزلۇق ئاسمان، ئېگىز قەۋەتلىك بىنالارنىڭ ئاندا ـ ساندا يورۇغان دېرىزىلىرى ئارىسىدا يۇلتۇزلارنى كۆرگىلى بولىدىغاندەك قىلاتتى.

چالا ئۇيقۇدىكى شەھەر ...
چولپاننىڭ خىيالى مانانلىشىپ كەتتى.
بۇ گەپنى دېسەم مۇرات كۆتۈرەلەمدۇ؟
ئۇ تېخىمۇ تۇگىشىپ كەتسە قانداق قىلىمەن؟

چولپان ساپاغا كېلىپ ئولتۇردى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، مۇراتنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى تېخىمۇ ئاجىزلاپ

كېتىشى مۇمكىن ئىدى. سەردار مۇراتنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىنى شۇ قېتىملىق ۋەقەدىكى سوقۇلۇشنىڭ ئاسارىتى، دەپ چۈشەندۈردى.

چولپان سائەتتىكە قاراپ قويدى، مۇرات ئىچكىرىكى ئۆيدە كومپيۇتېردا بىر ئىشلارنى قىلىۋاتاتتى، مۇراتنىڭ شېئىر يازغۇسى، ھېكايە يازغۇسى ھەتتا رومان يازغۇسى بارلىقىنى چولپان ئوبدان بىلەتتى، چولپان شۇنى ھېس قىلالاتتىكى، مۇراتقا ئوخشاش ھايات باھارىنىڭ بوسۇغىسىدا ئېغىر قىسمەتكە قالغان، تەقدىرنىڭ زەھەرلىك مەسخىرىسىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغان ئادەم يازغان شېئىر، ھېكايە ياكى رومان، سىزغان رەسىم ... ھەممىسىدە قايغۇلۇق يۈرەكنىڭ تىترەشلىرى ۋە زارلىق تەقدىرنىڭ ئاھى تامچىپ تۇرغان بولاتتى ... چۈشكۈن ئىجاد مۇراتنىڭ ئۈمىدسىزلىكىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېتەتتى. بۇ چولپاننىڭ ئويى، ئۇ مۇرات سىزغان بەزى رەسىملەرگە قاراپ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئۈمىدسىزلىكنىڭ سايىسىنى ھېس قىلغانىدى، ئەمما مۇراتنىڭ شېئىرلىرىدا، رەسىملىرىدە ئۈمىدسىزلىنىش ئۈچۈن ئۈمىدسىزلىنىش، ئۈمىدۋار بولۇش ئۈچۈن قەستەن ئۈمىدۋار بولۇشتەك تەبىئىي بولمىغان بىر ھىد ئاڭقىپ تۇراتتى. مۇرات يېزىۋەرسە مۇڭ، ھەسرەت، ئۈمىدسىزلىككە تولغان نەرسىلەر ئۇنىڭ قەلبىدىن بۇقۇلداپ ئېتىلىپ چىقاتتى. چولپان شۇنداق ئويلايدۇ: ھەسرەت ھەم ئۈمىدسىزلىككە تولغان شېئىر يازغان ئادەم شېئىردىكىدىنمۇ ئۆتە دەرد ــ پىغان ھەم چۈشكۈنلۈككە پېتىپ كېتەتتى.

چولپان خىيالىنى باشقا ياققا بۇراش ئۈچۈن ئۈستەلدىكى خاتىرىنى قولىغا ئالدى، ئۇ بۇ خاتىرە دەپتىرىنى تۇتۇپ باقمىغىلى بىر يىلدىن ئاشقانىدى.

«2012 ــ يىلى دېكابىرنىڭ 31 ــ كۈنى، ئەتە يېڭى يىل كىرىدۇ، بۈگۈن مۇشۇ يىلنىڭ ئاخىرقى كۈنى، مەن بۇ يىلنىڭ قانداقلاچە ئۆتۈپ كەتكىنىنى بىلەلمەيلا قالدىم ... »

چولپان كونىرىغان خاتىرە دەپتىرىنىڭ ئاق بەتلىرىنى ئۆرۈپ قويدى، يېقىندىن بېرى ئۇنىڭ ھېچ نەرسە يازغۇسى يوق، ئەمما يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرىدە كۆڭۈلنى ئېچىشتۇرىدىغان بوغۇناقلار قەلەم بىلەنلا چىقىپ كېتىدىغاندەك ئىدى، ھاياتىنىڭ ئۇلۇغۋار ئازابلىرى نېسىپ بولمىغان ئادەملەرنىڭ ئازابى پۇچەك ھەم يەڭگىل بولىدۇ ... چولپان خاتىرە دەپتىرىنىڭ بىرىنچى بېتىدىكى بايىقى خەتلەرنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ ئىككى يىل بۇرۇنقى يۈرىكىنى كۆرگەندەك بولدى.

چولپان مۇراتنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۇنىڭغا مېھىر بىلەن تىكىلدى.

— سەن شېئىر ياكى ھېكايە دېگەندەك نېمىلەرنى يازما، مۇرات!

مۇرات ھەيران بولغاندەك ئاچىسىغا قاراپ قويدى، سۇزۇك كۆزئەينەكى ئاستىدىكى كۆزلىرى يۈرەكنى ئېچىشتۇراتتى. چولپان مۇراتنىڭ كۆزلىرىنىڭ قىزىرىپ كەتكىنىگە، ھېلى يىغلىۋېتىدىغاندەك ئۈمچىيىپ تۇرغان ھالىغا قاراپ ھەيران قالدى.

— نېمىشقا يازمايمەن؟

— سەۋەبىنى ساڭا دېگۈم يوق.

— سەۋەبىنى دېمەي تۇرۇپ مېنى بىر ئىشلاردىن چەكلىسەڭ قانداق بولىدۇ، ئاچا؟

چولپان مۇراتنىڭ بەكلا مەيۈس تۇرقىغا قاراپ سورىدى:

— مىجەزىڭ يوقمۇ نېمە؟

— ياق ... مەن ياخشى.

مۇراتنىڭ ئاسانلا چېقىلىدىغان نېپىز مۇز پارچىسىغا ئوخشايدىغان كۆڭلىگە ئۇزاق سەپسالغان چولپان لەۋلىرىنى چىشلىدى، مۇرات ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە قالسا تۇگىشىپ كېتىدۇ، ئۇ قەستەن بولسىمۇ خۇشال، مەغرۇر ھەم كۆتۈرەڭگۈ ياشىشى كېرەك. چولپان مېيىپلەر ھارۋىسىدا ئولتۇرغان

مۇراتنىڭ قويۇق چاچلىرىنى سىلىدى. شۇ ھالدا مۇراتنىڭ يۈرىكىنى ئېزىۋاتقىنى ئۆزىنىڭ مېيىپلىكى، ئۆمۈرلۈك مېيىپ بولۇپ قالغىنى ئەمەس، بەلكى ھاياتىنىڭ مەنىسى بولغان نادىرەنىڭ ۋىجدان ئازابىدا تولغىنىپ كېتىۋاتقىنى، بۇنىڭدىنمۇ ئۆتە شۇملۇقىنىڭ ئۇنىڭغا چاپلاشقىنى ... مۇرات ئۈچۈن ئەڭ يامان ئاقىۋەتكە تەييار تۇرىدىغان، مۇرات ئۈچۈن، مۇراتنىڭ بۇگۈنكى قىسمىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ھەرنېمە قىلىشقا ئۆزىنى ئاتىدىغان قىزنىڭ بۇگۈنكى قورقۇنچلۇق تەقدىرى ئىدى.

ئاچىسىنىڭ مېھىرلىك بارماقلىرى قېرىنداشلىقنىڭ ئىسسىق تەپتىنى تارقىتىۋاتقان شۇ دەمدە مۇرات نادىرەنىڭ ياشلىق كۆزلىرىنى ئېسىگە ئالدى. نادىرەمۇ، ئاچىسىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلايدۇ، ئاچىسىنىڭ ئۇنى بىرنەرسە يېزىشتىن چەكلىشىمۇ ئەمەلىيەتتە ئىنىسىنىڭ ھالىغا چىدىماي چىقارغان قارارى.

— سېنى مەن تولغىنىشتۇردۇم.

نادىرەنىڭ يىغىسى دۇنيانىڭ يۈرىكىنى ئەزدى.

— سەن مۇشۇنداق دېسەڭ مەن راستلا تولغىنىپ كېتىمەن.

مۇرات نادىرەنىڭ ئالدىدا يىغلاپ سېلىشتىن ئۆزىنى بەك تەستە تۇتۇۋالدى.

دۇنيانىڭ ئۆزگە تەۋە جىمى مېھرى ئاچىسىنىڭ ئىنچىكە بارماقلىرىغا سىڭگەنلىكىنى ھېس قىلغان مۇرات بۇگۈنكى مۇشۇ ئۆزىدىن ھامان چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى سېزەتتى، بىر نەرسىلەرگە ئىشەنمەكمۇ تەس، ئۆزىدىن بىزار بولغان ئادەمنىڭ ئۆزىدىن چىقىپ كېتىشىگە، ھامان بىر كۈنى بۇگۈنكى ئۆزىدىن قۇتۇلۇپ، تامامەن باشقا بىر ئۆزگە ئۆزگىرىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچى مىڭ تىللاغا بەرگۈسىز ئەقىل.

مۇرات ئاچىسىنىڭ مېھرىلىك بارماقلىرىدىن يۈرىكىگە قۇيۇلۇۋاتقان ئىسسىق تويغۇلارنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىنى تىلىگەندەك كۆزلىرىنى يېرىم يۇمغىنىچە جىممىدە ئولتۇراتتى،

ئاچىسىنىڭ بىلىكىگە بېشىنى يەڭگىل قويۇۋالغانىدى.

— شېئىر يازساڭ يۈرىكىڭ ئېچىشىدۇ، مۇرات.

— ئۇنداق بولمايدۇ.

— سەن مۇشۇ ھالىڭدا نېمە يازساڭ ئازاب، چۈشكۈنلۈك چىقىپ تۇرىدىغان نەرسىلەرنى يازىسەن.

— نېمىشقا بۇنداق ئويلايسەن؟

چولپان گەپ قىلمىدى. ناۋادا مۇرات كۆرۈش ئىقتىدارىدىن ئايرىلىپ قالسا ... بۇ كەلمىشنى كۆتۈرمەك تەس.

— مەنمۇ قەلەم بىلەن كۆپ ھەپىلەشكەن ... شۇ قەدەر بەختلىك ئادەملەرمۇ قولىغا قەلەم ئالسا ئەڭ ھەسرەتلىك نەرسىلەرنى يازىدۇ، شېئىر نادامەتكە مايىل نەرسە، سەن يازساڭ تېخىمۇ شۇنداق شېئىرلارنى يازىسەن، ئۆزۈڭنىڭ يازغانلىرىڭنى ئوقۇپ تېخىمۇ بىچارە بولۇپ كېتىسەن.

— ئۇنداق بولمايدۇ، ئاچا، بۇ سېنىڭ قارىشىڭ، ئەمەلىيەتتە مەن ئۈمىدلىك شېئىرلارنى يازىمەن.

بۇ ھاياتنى سۆيگىنىم سۆيگەن،
كېچەلمەيدۇ، كېچەلمەيمەن ھەم.
سىملىدايدۇ شېرىن مۇھەببەت،
ھەر تامچىسى بېرەر شېرىن تەم.

مۇرات ئۆزى يازغان شېئىرنى ئاچىسىغا ئوقۇپ بەرمەكچى بولۇپ توختاپ قالدى، ئۇ بۇ شېئىرنى بەك تەس يازغان، كۆڭلىدىكى پەرىشان تۇيغۇلارنى بەكلا تەستە ئۈمىد تەرەپكە، خۇشاللىق تەرەپكە بۇرىغانىدى، مۇراتنىڭ ئەتىسىنى، كەلگۈسىنى ئويلىغۇسى كەلمىدى، ئويلىغانىنىڭ پايدىسى يوق، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى، ئومۇرتقىسى، يۈلۈنى زەخىم يېگەن سىم - سىم يامغۇرلۇق كۈننى، شۇ كۈنى نادىرە ئۈچۈن سېتىۋالغان قار كۆزئەينەكنى ئويلىدى.

www.uyghurkitap.com

مەن دۇنيانىڭ يېتىم بالىسى،
يېتىم بولغان يۈرەك ئىگىسى.
قاناپ تۇرار كۈندە نەچچە رەت،
يۈرىكىمنىڭ كۆل رەڭ زېدىسى .

چولپان مۇراتنىڭ مۇشۇ شېئىرىنى ئوقۇغان بولۇشى مۇمكىن.

— ئۈمىدسىزلىنىش بەك ئوسال ئىش، مۇرات، ھەتتا بىر قېتىممۇ بولمايدۇ.

— چۈشەندىم.

— ئۆمۈر بويى ئۈمىدسىزلەنمە، مۇرات، مەن مەڭگۈ سېنىڭ يېنىڭدا ...

چولپاننىڭ كۆزلىرى ئىسسىق ياش بىلەن نەمدەلدى، مۇراتقا دېمەكچى بولغان گەپنى دېيەلمەيدىغاندەكمۇ قىلاتتى، ئەمما دېمىسە بولمايتتى، چولپان شېئىر يېزىشتىن قورقۇپ قالغانىدى، بۇ قورقۇنچ قاچان پەيدا بولدى؟ بەلكىم بىر ئاينىڭ ئالدىدا ياكى بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدا بولسا كېرەك. شېئىرغا ئامراق چولپان، شېئىر بىلەن كۆڭلىرىگە مەنە تاپىدىغان چولپان شېئىردىن قورقۇپ قالدى ... بولۇپمۇ مۇراتنىڭ شېئىر يېزىشىدىن ... ھەسرەت ھەم نادامەت ھە دېگەندە پاشا ياكى كۆمۈتىدەك ھە دېسىلا ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا چاپلىشىۋالاتتى، ئۇنى ئوقۇغان ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە كۆمۈلۈپ قالغان ياكى يىگلەپ قالغان ھەسرەتلىرى، نادامەتلىرى ئېچىلىپ قالاتتى، بۇنداق شېئىرلاردىن پۈتكەن ناخشىلار بۇ ھاياتقا خۇددى چىرايلىق ھاۋادا توپا ياغقاندەك ناخۇشلۇقنى تارتاتتى. بەزى سۆزلەر، بەزى شېئىرلار، بەزى خەۋەرلەر يۈرەكلەرگە توپا ـ چاڭدەك يېپىلاتتى. چولپان «خوتەندە چىشلار غوچۇرلايدۇ» دېگەن ماقالىنى ئەسلەپ قالدى، تەبىئەتنىڭ چاڭ ـ توزانلىرى بىلەن كىشى روھىدىكى چاڭ ـ توزانلارنى سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ،

سېلىشتۇرغىلى بولغاندىمۇ روھتىكى چاڭ ـ مانانىمۇ سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە. بەزى ناخشىلار دۇنياغا سوزۇنچاق ئېزىلەڭگۈلۈكنى، توپا ياكى ئۆلۈمتۈكلۈك پۇراپ تۇرىدىغان بەد ھىدنى تارتىپ ئۆتۈپ كېتەتتى.

— قورقمىغىن، ھەممە ئىش ئۆتۈپ كېتىدۇ، مۇرات، كومپيۇتېردا رەسىم سىزىشنى ئۆگىنىپ قويامسەن؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ ... بۇ قانداق ئىش ئىكەن؟

— فوتو سۈرەتنى كومپيۇتېر بىلەن ماي بوياق رەسىم شەكلىگە كىرگۈزىدىغان ھۈنەر چىقىپتۇ، شۇنى ئۆگىنىپ باقامسەنكىن دېگەنىدىم.

— بولىدۇ، ئىشقىلىپ ئۆگىنىدىغان نەرسە بولسىلا ئۆگىنەي.

چولپاننىڭ يۈرىكى سېلىپ كەتتى. مۇراتقا دېمەكچى بولغان گېپىنى دېيەلمەي قىينىلىپ كېتىۋاتاتتى. مۇرات كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قالسا ...

— ئاچا، بىر ئىشنى ساڭا دەيمۇ؟

مۇراتنىڭ ئاۋازى تىترىگەندەك قىلدى. ئەسلىي چولپاننىڭ مۇراتقا دەيدىغان گېپى بار ئىدى، ئويلىمىغاندا مۇراتنىڭ دەيدىغان گېپى چىقىپ قالدى.

— دېگىن، نېمە گېپىڭ بولسا دەۋەرگىن.

— بەك قورقۇنچلۇق.

مۇراتنىڭ ئاۋازى يىغلىغاندەك چىقىپ كەتتى.

— قورقۇنچلۇق، نېمە ئىش ئىكەن؟

چولپان قورقۇپ كەتتى، مۇرات ئۆزىنىڭ كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ بولغانمىدۇ يا ... بىراق ئۇ قانداق ئۇقىدۇ؟

— بايا تۇردىن كۆردۇم، شىنجاڭدا ھەر كۈنى ئون ئادەم ئەيدىز بىلەن يۇقۇملىنىدىكەن.

چولپان ھاڭ ـ تاڭ قالدى، مۇرات نېمە دەيدۇ؟ نېمىدەپ بۇ

ئىشلاردىن غەم يەپ يۈرىدىغاندۇ؟

— بۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن، — دېدى چولپان، — بۇنى نەدىن بىلدىڭ؟

— توردىن بىلدىم، تېلېۋىزوردىن بىلدىم، ئابدۇللا ئابدۇرېھىم شۇنداق دېدى.

— بۇنى مەنمۇ ئاڭلىغان، خۇدا ھەممە ئادەمگە ئىنساب بەرسۇن ... قايغۇرما، ھەممە ئىش ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، بىز ئۆزىمىزنىڭ غېمىنى قىلايلى، ئۇكام.

— ئاچا ...

مۇرات جىم بولۇپ قالدى، كۆز چاناقلىرىغا ياش تولدى.

— ساڭا بىر گەپنى دەي، ئاچا، دېمەي دېگەن، ئەمما دېمىسەم بەرداشلىق بېرەلمىگۈدەكمەن.

— دېگىن، نېمە گېپىڭ بولسا دېگىن، ئۇكام ... — چولپان نازۇك بارماقلىرى بىلەن مۇراتنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ تۇرغان شۇ دەمدە مۇراتنىڭ كۆڭلىگە يىگىندەك تۇيغۇلار سانجىلىپ تۇراتتى.

— مېنىڭ بىر ساۋاقدىشىم بار ئىدى، ئۇ ...

مۇراتنىڭ ئاغزى ئۇمچەيدى، كۆز ئېيقى قىزاردى، قاشلىرى تىكلەندى.

— ساۋاقدىشىڭ نېمە بوپتۇ؟

— ئۇنىڭ ئىسمى نادىرە ئىدى.

چولپاننىڭ كۆز ئالدىغا ئېگىز بويى، نازۇك، يول مېڭىشلىرىدىن تارتىپ كىشىگە قاراشلىرىغىچە سېھىرلىك تەسىر بېرىدىغان قىزنىڭ سىيماسى كەلدى. مۇرات ۋەقەگە ئۇچرىغان كۈنى ئۇ قىز تۆكۈلۈپلا كەتكەنىدى ... چولپان مۇراتنىڭ شۇ قىزنى قوتقۇزىمەن، دەپ ماشىنىغا سوقۇلغىنىنى بىلەتتى، كۆڭلىدە ئۇ قىزغا نىسبەتەن سوغۇق ئۆچمەنلىك بار ئىدى.

— خوش، ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟

— ئۇنىڭغا ... دېيەلمەيۋاتىمەن، ئاچا ... بۇ بەك ئېغىر ئىش ... ماڭا ئۇ بولمىسا بولمايتتى.

چولپان كۆلۈمسىرەپ قويدى، مۇراتنىڭ يۈزىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ تەبەسسۇم بىلەن ئىنىسىغا تىكىلدى. بەزىدە بەختىيارلىق دېگەن سۆيۈنۈشنىڭ ئارىسىغا مەھكەم ئورنىشىپ تۇرىدۇ.

— نېمە گېپىڭ بولسا دېگىن، مۇرات، دېدىمغۇ، بۇ دۇنيادا سېنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىڭ مەن.

— بۇ بەك دەھشەتلىك ئىش، ئاچا ... مەن توكۇر بولۇپ قالسام ھەتتا ئۆلۈپ كەتسەم مەيلىدى، بىراق بۇ ئىش ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر.

چولپاننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ مۇراتنىڭ بىچارىلەرچە ئۈمچىيىپ تۇرغان چىرايىغا تىكىلىپ تۇرۇپلا قالدى.

— ئۇكام ... ئېنىقىنى دە، زادى نېمە ئىش بولدى؟ مەن بىلمىسەم بولمايدۇ ... سېنى بۇنچىۋالا قىيىنىغان ئىشنىڭ نېمىلىكىنى مەن چوقۇم بىلىشىم كېرەك، قېنى دېگىن.

مۇرات يەرگە بېقىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى، ئۇنىڭ ھالىغا قاراپ چولپانمۇ كۆز ياشلىرىنى تۇتالماي قالدى.

— جېنىم ئۇكام ... نېمە گەپ بولسا ئوچۇق دېگىن ... مېنى قىينىما.

مۇرات يىغلامسىرىغىنىچە يۈرىكىگە بىگىز بولۇپ سانجىلىپ تۇرغان گەپنى تەستە دېدى:

— ئۇ ئەيدىز بولۇپ قاپتۇ ... ئاچا ...

— نېمە؟!

چولپان دىڭگىدە چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، مۇراتنىڭ مېيىپلەر ھارۋىسىنىڭ دەستىسىنى تۇتۇپ تۇرغان قوللىرى لاغىلداپ تىترىدى.

— بۇ چاقچاق قىلىدىغان ئىش ئەمەس، مۇرات ... بۇ ئۆلۈم دېگەنلا گەپ.

چولپاننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.
— شۇنداق ...
— بۇ گەپنى نەدىن ئاڭلىدىڭ؟
— نادىرەنىڭ دوستى دېدى.
— ئۇ بۇ يەرگە كەپتىكەنمۇ؟
— تېلېفوندا سۆزلەشكەن.
چولپان مۇراتنى قۇچاقلىدى، مۇرات دۇنيادا ئۆزى يالغۇز قالغاندەك ئويلاپ قېلىۋاتاتتى، ئادەم دېگەننىڭ شۇنداق بىر ئاجىزلىقى بار، ئەڭ قىممەتلىك بىر نەرسىسىنى يوقاتقاندا شۇ قىممەتلىك نەرسىدىنمۇ قىممەتلىك نەرسىلىرىنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق بولۇپ، يۈرىكىگە مەھكەم يېپىشىپ تۇرغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.
— خۇدا ئۆزۈڭ ساقلا ... نېمە گەپ بۇ ئەمدى؟
— مەن ئۇنى قۇتقۇزۇۋالسام بولاتتى، ئاچا ... — مۇراتنىڭ يىغىسى يۈرەكنى لەختە قىلاتتى.
— خۇدا ئاسانلىقنى بەرەر، ياخشىلىقنى ئويلايلى.
چولپان گاڭگىرىغىنىچە دېرىزىنىڭ سىرتىدىكى دۇنياغا تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى. قىزغۇچ ئەلەم كۆز ئالدىدا لەيلەشكە باشلىدى.
— سەن ھېلىمۇ ئۇنى قۇتقۇزىمەن، دەپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىڭ.
مۇرات كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ چولپانغا قارىدى.
— ئۇ ... مېنىڭ سەۋەبىمدىن شۇ ھالغا چۈشۈپ قالدى، — دېدى مۇرات ئۆكسۈپ.
چولپان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ مۇراتقا مىختەك تىكىلدى.
— نېمە دەيسەن؟ ... خەق پاسكىنا كېسەلنى يۇقتۇرۇۋالسا، ئەمدى بۇنىڭ سەن بىلەن نېمە ئالاقىسى؟ ... نېمىشقا سېنىڭ سەۋەبىڭدىن بولۇپ قالىدىكەن؟
— ئاچا ... ئۇ مېنى قۇتقۇزىمەن دەپ ... شۇ كېسەلنى

تېپىۋاپتۇ.

— نېمە دېدىڭ؟

— ئۇ مېنى داۋالىتىشقا پۇل تېپىش ئۈچۈن ھېلىقىدەك يولغا مېڭىپتۇ.

چولپان بىردەمگىچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى.

— بۇ ... قانداق گەپ ئەمدى؟

— ئۇنىڭ زۆھرە دەيدىغان بىر دوستى بار ئىكەن، ماڭا شۇ تېلېفون بېرىپتۇ، نادىرەنىڭ دەردىگە چىدىيالمىدىم، سىزنى بىلىپ قالسۇن، دېدىم دەيدۇ. ئۇ ... ئۇمۇ دوزاخ ئازابى تارتىۋاتىدۇ، مېنىڭ ئۆزىنى دەپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنىمدىن ئازابلىنىپ، مېنىڭ داۋالىنىش خىراجىتىمنى ھەل قىلالماقچى بوپتىكەن، بىرسىنىڭ شىركىتىدە ئىشلەپ يۈرگەنىكەن، كېيىن بىرەيلەن ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىپتۇ ... ئاخىر شۇ يولغا مېڭىپ قالغان ... ئۇ.

چولپان بۇتتەك قېتىپ ئولتۇردى، چىرايى تاتىرىپ كەتكەن، خۇمارلىشىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنىڭ نۇرى قاچىقانىدى، ئۇ بىردىنلا ئاچچىقتىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— نېمە دېگەن دۆت قىز ئۇ ... ئەقىلسىز!

— ئەمما ... ئۇنىڭغا باشقىلار زىيانكەشلىك قىلغان ... يەنە كېلىپ ھەممە ئىش مەن ئۈچۈن ...

— بولدى قىل، مەيلى قانداق ئۇلۇغ ئىش قىلسۇن، بۇنداق يولنى تاللاشنىڭ ئۆزىلا ئەقىلگە سىغمايدۇ.

— ئۇ بۇ يولنى تاللىمايدۇ ... باشقىلار سۆرەپ كىرگەن.

— مەن سۆرەپ كىردى، ئامال قىلالمىدى، باشقىلارنىڭ زىياكەشلىكىگە ئۇچرىدى دېگەنلەرگە ئىشەنمەيمەن، مۇرات، جان باقىقۇدەك، پۇل تاپقۇدەك يول ناھايىتى كۆپ، ھېچ قىلالمىسا تىلەمچىلىك قىلسىمۇ ھېساب ...

مۇرات ئۆزىنى تۇتالماي ئۆكسۈپ يىغلىدى.

— سەن ... ئويلاپ باق، ئەگەر نادىرە دېگەن ئۇ قىز پۇل

تېپىش ئۈچۈنلا شۇ يولغا كىرگەن بولسا بۇ قىز ئۈچۈن ئازابلىنىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇ دۆت ھەم ئەخلاقسىز قىز ئىكەن، ناۋادا بىلىپ ـ بىلمەي كېسەل يۇقتۇرۇۋالغان بولسا بۇنىڭ سەن بىلەن ئالاقىسى يوق.

ـــ ئاچا ...

مۇراتنىڭ مېيىپلەر ھارۋىسىنىڭ دەستىسىنى تۇتۇۋالغان قوللىرىنىڭ بارماقلىرى كۆپۈشۈپ كەتكەنىدى. يۈرەككە تالىق ئىشلارغا نېمە ئامال بولسۇن؟! مۇرات قارا كۆزئەينەك سېتىۋالغان شۇ كۈنى ... دەھشەتلىك سۈرئەت بىلەن كەلگەن قىزىل رەڭلىك ماشىنا ئۇنىڭغا ئۇرۇلدى ... بۇ دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە، ھەر سائەتتە ناھايىتى نۇرغۇن تىراكتورلار، ماشىنىلار، پاراخوتلار، ئايروپىلانلار ئۆز يولىدا ماڭىدۇ، مۇشۇ دەمدىمۇ شۇ، ئەمما شۇ كۈنى ... شۇ كۈنى ... ئاشۇ ماشىنا ... مەست شوپۇرنىڭ نەسلىكى ...

چولپان بايا ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ چۆش بولۇپ قېلىشىنى شۇنداق ئارزۇ قىلىپ كەتتى. مۇرات بەرداشلىق بېرەلمەيدىغاندەك قىلاتتى.

ـــ غەيرەت قىل، مۇرات ...

چولپان گېپىنى داۋاملاشتۇرالمىدى ... ئۇ مۇراتقا دېمەكچى بولغان گېپىنى دېيەلمىدى، شۇ ھالدا مۇراتنىڭ كۆزىنىڭ ئاچىزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى دېسە دەرد ئۈستىگە دەرد بولاتتى.

مۇراتنىڭ ئەس ـ خىيالىنى ئەيدىزنىڭ دەھشىتى، ئەيدىزنىڭ شۇملۇقى، نادىرەنىڭ شۇم تەقدىرى ئىگىلەپ كەتكەنىدى.

چولپان ئازابتىن چىرايى تاتىرىپ كەتكەن مۇراتقا قاراپ يۈرىكىنىڭ ئېچىشىپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئىككىيلەن ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرۇپ كېتىشتى.

ـــ مەن سورۇشتۇرۇپ باقاي ... بەلكىم سېنىڭ ئاڭلىغانلىرىڭ يالغاندۇر ... مەن نادىرەنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشەي.

مۇرات بۇتتەك قېتىپ ئولتۇراتتى.

بۇ شەھەرنىڭ كوچىلىرى بىر ـ بىرىگە تۇتاش، قان تومۇرلاردەك گىرەلىشىپ كەتكەن، ئاشۇ كوچىلاردىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تەقدىر ـ قىسمىتى گاھ يەككە ـ يېگانە ھالدا، گاھ چۇۋۇلۇپ، گىچىماچىلىشىپ كەتكەن يىپتەك گىرەلىشىپ، چېتىشىپ كەتكەن، چولپان بىلەن دىلمۇرات ئۆزى بىلگەن، ئاڭلىغان، كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن ئىشنىڭ راستلىقىغا ئىشىنەلمىگەن شۇ كۈنلەردە يەنە نۇرغۇن ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ خىياللىرىغا، پىكىرلىرىگە، مېڭىۋاتقان يوللىرىغا ئىشىنەلمەيدۇ، سۆلكەتلىك گۈزەللىكى بىلەن كۆڭۈللەرنى رام قىلىدىغان بەرنا ئايال گۈلنىگارمۇ مۇشۇ كۈنلەردە ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشلارنىڭ راستلىقىغا ئىشىنەلمەي قالدۇ، قىلىۋاتقان ئىشلارنى ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقانلىقىغا ئىشىنەلمەي قالدۇ.

## 92

گۈلنىگار ياتاقىا كىرگەندە دىلمۇرات تۆردىكى يۆلەنچۈكلۈك يۇمىلاق ئورۇندۇقتا پۇتىنى ئالماپ ئولتۇرغانىدى. ئۇ گۈلنىگارنى كۆرۈپ ھاياجان ئىچىدە كۈلۈمسىرەپ ئورنىدىن تۇردى، ئىسىل كاستۇم ـ بۇرۇلكىسى ئۇنىڭغا سالاپەت بېغىشلاپ تۇراتتى، كۆزلىرىدىكى ئۆمۈچۈك تورىدەك غېرىبلىق ياتاقتىكى قىزىللىق ئارىسىدا چۈمۈلىدەك مىدىرلاپ يۈرەتتى. قىزىللىقىا پۈركەنگەن ياتاقتىكى مېغىز رەڭ ئۈستەلدە قىزىل ھاراق تۇراتتى. ھاراقنىڭ قىزىللىقى بىلەن ياتاقنىڭ سۈس قىزىللىقى گىرەلىشىپ تۇراتتى.

— سىزنى سېغىنىپ كەتتىم.

دىلمۇراتنىڭ ئاۋازى تىترىگەندەك چىقتى.

گۈلنىگار گەپ قىلمىدى، ئۇنىڭ روھى قېيىسۋاتاتتى، چۈش كۆرۈۋاتقاندەك، چۈش سەيلىسى قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولۇۋاتاتتى.

www.uyghurkitap.com

— نېمىشقا؟

گۈلنىگارنىڭ سوغۇق ئاۋازى دىلمۇراتنىڭ غۇرۇرىدە ئاچچىقىنى كەلتۈردى. سوغۇق بىر ئۆچمەنلىك كۆڭلىگە ھەمساتتا يېيىلىپ يەنە يوقىلىپ كەتتى. گۈلنىگارنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى ئۇنىڭ غۇرۇرىغا تەگكەندەك ئىدى. دىلمۇرات ئۆزىگە ئوخشىمايدىغان يەنە بىر دىلمۇراتنىڭ گۈلنىگارغا نەپرەت بىلەن تىكىلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدى.

— نېمىشقا دەڭ، چۈنكى مەن سىزگە ئاشىق، بۇنى بىلىسىز، بىلمىسىڭىز بولمايدۇ، قېنى بىردىن ئىچىپ قويايلى.

— مەن ئىچمەي.

گۈلنىگار ئولتۇرغان ئورۇندۇق ئۇنىڭغا ناھايىتى راھەت بىلىندى.

— ئىچىپ قويۇڭ، بۇنى ھاراق دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ.

— مەن ئىچسەم بولمايدۇ، مەن دېگەن ئىككى بالىنىڭ ئانىسى.

دىلمۇرات ھاڭ ـ تاڭ قالغىنىچە تۇرۇپ قالدى، گۈلنىگارنىڭ گېپى ئۇنى ھەيران قالدۇرغانىدى، ئۇ قولىدىكى رومكىنى ئۈستەلگە قويۇپ قويدى، نەپىس رومكىنىڭ ئەينەك شىرەگە تەگكەندىكى ئاۋازى نازۇك ئىدى.

— ئىككى بالىنىڭ ئانىسىمەن دەڭ، بۇنى بىلمەمەن.

گۈلنىگار سومكىسىنىڭ بېغىنى قولىغا يۆگەپ ئولتۇردى، دىلمۇراتمۇ ئوڭايسىز بىر كەيپىياتتا چۈشۈپ قالغاندەك ئىدى. شۇ ھالدا سەردارنىڭ، مويۇنچۇرنىڭ، ئىلتەبىرنىڭ، قايسىسى بولسۇن بىرسىنىڭ تېلېفون بېرىشىنى، ھېچ بولمىسا رازىيەنىڭ ياكى باشقا بىرەرسىنىڭ تېلېفون بېرىپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلىپ كەتتى. جىددىي ئىش بىلەن ئۆزىنى ئىزدەيدىغان بىرەر ئادەمنىڭ تېلېفوندا چاقىرىشىنى تىلىدى.

ئۇنى ھېچكىم چاقىرمايدىغاندەك قىلاتتى، ھېچكىم ئىزدىمەيدىغاندەك ئىدى.

— قىنى، قويۇڭ.

دىلمۇرات چۆچۈگەندەك دىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى ئىستاكان «XO» نى لىقلاپ قويدى. سۇزۇك ئىستاكاندىكى سۇزۇك ھاراقنىڭ قىزىل ھىقىقەتەك جۇلاسى ئىسسىق ھەم نەمخۇش تەسىر بېرەتتى. ھاراقنىڭ رەڭگى بىر يىللاردىكى ئاق بۆجەننىڭ كۆزىنىڭ رەڭگىگە ئوخشاپ كېتەتتى.

— سىزگە بىر گەپنى دەي، گۇلنىگار.

— نېمە گەپنى؟

— مەن قولۇمدىن ھەر بالا كېلىدىغان رەزىل ئادەم.

— نېمە؟

— ئەمما سىزگە ئەسكىلىك قىلالمايمەن، سىزگە، يەنە سىزگە ئوخشاش بەزى ئادەملەرگە يامانلىق قىلمايمەن.

گۇلنىگار دىلمۇراتنىڭ ئۇمۇچۇك تورىدەك غېرىبلىق لەيلەپ يۈرگەن كۆزىگە تىكىلدى. بۇ كۆزلەردىن ھېچنېمىنى ھېس قىلغىلى بولمايتتى.

— سەۋەبىنى بىلگۈڭىز بارمۇ؟ ... مەن سىزنى ھۆرمەتلەيمەن، مەن بەزى ئاياللارنى راستلا ھۆرمەتلەيمەن، ئەمما بەزى ئاياللارنىڭ ھايۋاندىن پەرقى يوق ... ئەمەلىيەتتە ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق، بەزىلىرى پەرىشتىگە، بەزىلىرى ھايۋانغا ئوخشايدۇ.

— سىز قايسىسىغا تەۋە؟ — دېدى گۇلنىگار دىلمۇراتقا ياندىن قاراپ قويۇپ.

— مەن ھېچقايسىسىغا تەۋە ئەمەس، مېنىڭ پەرىشتە بولۇشۇممۇ بىردەملىك، يەنە بىردەمدە ھايۋانغا ئۆزگىرىمەن ... ئىت ياكى بۆرىگە ئايلىنىشىممۇ تامامەن مۇمكىن.

— مەست بولۇپ قاپسىز ...

— ياق، مەن كۆپ ئىچمىدىم.

دېرىزىنىڭ سىرتىدىكى ۋاقىت قاپاق تېرەك، ئارچا، چىنار يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن ئاستا ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، گۇلنىگار

چولپاننى يادىغا ئالدى، چولپاننى گۈلنىگاردىن چىرايلىق دېگىلى بولمايدۇ، ئەمما دىلمۇراتنىڭ يۈرىكىدىكى تەلپۈنۈش ھەرقاچان چولپان تەرەپكە مايىل بولۇپ تۇراتتى. پەقەت ... پەقەت ... گۈلنىگار بىلەن ئۇچرىشىش، ئۇنىڭغا كۆڭۈل ئىزھار قىلىش چولپاننىڭ كۆيۈكلىرىگە دال بولالىشى مۇمكىن ئىدى، دەسلەپكى چاغلاردا دىلمۇراتنىڭ قۇرغاقلىشىپ كەتكەن كۆڭۈل پايانىدا مۇشۇنداق ئوي بار ئىدى، ئەمما ھازىر ئوخشىمايدۇ، گۈلنىگارنى شېرىن سېغىنىپ قالىدىغان چاغلىرى بار ... سەردار دېگەن بەتبەخت ئەڭ گۈزەل، لاتاپەتلىك ئىككى ئايالنى ئىلكىگە ئېلىۋالدى ... نادىرە شەھەردىكى ئەڭ گۈزەل قىز ... ئەمما ئۇنىڭدىكى سوغۇغلۇق يۈرەككە مەلھەم ئەمەس، سوغۇق ھەم ئاچچىق بىر سېزىم پەيدا قىلىدۇ، ئۇنىڭدىنمۇ كەچكىلى بولمايدۇ.

دىلمۇرات گۈلنىگارنىڭ چاچلىرىنى سىلىدى. گۈلنىگارنىڭ قولىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئالدى.

— گۈلنىگار، سىزنىڭ گۈزەللىكىڭىز چىرايىڭىزدىلا ئەمەس ... سىز مېنى سېھىرلەپ قويدىڭىز.

گۈلنىگارنىڭ ھەممە نېمىسى، غۇرۇرى، ئىززەت - نەپسى، ئىشىق - مۇھەببەتتىن مەنە ئالغان ئاياللىق قەلبى قارا ھەم ئېغىر ئەخلەتنىڭ ئاستىدا مىجىلىپ كېتىشكە تەييار بولۇپ تۇراتتى.

كارىۋات يۇمشاق ھەم ئازادە ئىدى، بۇ يۇمشاقلىق كىشىگە يۇمشاق تۈيغۇ، ئۆتمۈشكە تەئەللۇق گۈزەل خاتىرىلەرنى ئەسلىتەتتى. ئاپپاق قار ... ئاپپاق ئۈزۈك ... ئاپپاق بۆجەن ... كۈمۈش ئۈزۈكنىڭ جۇلاسىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاپئاق پاك سۆيگۈ بىلەن قار بىرلىشىپ كەتكەن، شۇ كۈنىدىكى ئىسسىق ھەم يۇمشاق قار ...

ئادەملەر مېھىر - مۇھەببەتنى بىلىشتىن ئىلگىرى ئادەم دەپ ئاتالمايدىغان بولار ئىدى، بۇلارنى ھازىر تەسەۋۋۇر قىلغىلى

بولمايدۇ، ئىنسان مېھىر ـ مۇھەببەتتىن كېيىن يارالغان، مېھىر ـ مۇھەببەت بولمىسا ئادەملەر ياشىيالمايتتى، مېھىر ـ مۇھەببەت بولمىغان بولسا ئادەملەرنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتەتتى، نەسلى قۇرۇپ كېتىش مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ يوقلۇقىدىن دېرەك بەرمىسىمۇ مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ يوقىلىشى نەسلى قۇرۇپ كېتىشكە سەۋەب بولىدۇ.

— سىزنى چىن كۆڭلۈمدىن ياخشى كۆرىمەن، گۈلۈم ...

گۈلنىگار باغىرداق بىلەن كارىۋاتتا ياتاتتى، قىزىل پەردىدىن سوزۇلۇپ كىرگەن سۇزۇك ھەم قىزىل نۇرلار ئۇتتەك ئىشىق ياكى بالاگەردان نەپسى ھەۋەسكە ئوخشاش يالقۇن بولۇپ كۆز چاقاتتى.

دىلمۇراتنىڭ سوغۇق قولى گۈلنىگارنىڭ يوتىسىغا تەگدى.

«ئاھ تەڭرىم، ئۆزۈڭ ساقلا، ئۆزۈڭ قۇتقۇز، ماڭا مەدەت بەرگىن، مەن پاسكىنا يولغا كىرىپ قالماي ... سەردار ... ماڭا تېلېفون بېرىڭ، مېنى ئۆلتۈرۈڭ ... قېنىمنى چېچىڭ ... جېنىم سەردار . مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ ... شۇ ھالدا ... مۇشۇ ئىش يۈز بېرىشتىن بۇرۇن مېنى ئۆلتۈرسىڭىز مېنى قۇتقۇزغان بولىسىز ... باللىرىم ... ئىلتەبىرىم ... مويۇنچۇرۇم ... سىلەر نەدە ... ئاناڭلارنى قۇتقۇزۇڭلار، باللىرىم، سەردار، مېنى دوزاخقا ئىتتىرمەڭ ...»

دىلمۇراتنىڭ جىددىيلەشكەن تىنىقلىرى ياتاقتا پىرقىراپ ئايلىناتتى، ئۇنىڭ پۇشۇلداشلىرى، جىددىي تىترەشلىرى مېھمانخانىدىن چىقىپ كوچىغا، شەھەرگە، ئاسمانغا، قۇياشقا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ناۋادا دىلمۇراتنىڭ ھاسىراشلىرى، گۈلنىگارنىڭ كۈلۈشلىرى، ئىڭراشلىرى قوشۇلۇپ قالسا قاپاق تېرەكلەرنىڭ، ئارچىنىڭ، چىنارنىڭ شاخلىرى، غازاڭلىرى قۇرۇپ كېتەتتى.

— قولۇڭنى تارت، ھايۋان!

گۈلنىگارنىڭ ۋارقىرىشى بىلەن بىر دۇنيا تۇزۇپ كېتىشتىن

ساقلىنىپ قالدى.

گۈلنىگار ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، يۇمشاق كىرلىكنى تارتىپ كۆكسىنى يۆگىدى، ئۆزىنى ئوراشقا ئۇرۇنۇپ ۋارقىرىدى:

ــ يوقال، يەنە يېقىنلىشىدىغان بولساڭ سېنى بوغۇپ ئۆلتۈرىمەن.

دىلمۇرات داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ يالىڭاچ تۇرقى خۇددى شام ھەيكەلگە ئوخشاپ قالغانىدى.

ــ مەن سەردارنىڭ خوتۇنى ... ــ گۈلنىگار يىغلىغاچ كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلىدى، ئۇنىڭ ئىپسەدەشلىرى، ھېقىقداشلىرى تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى. پەسكە تاشلاپ قويۇلغان باغىرداق بىچارىلەرچە تاشلىنىپ ياتاتتى.

گۈلنىگار ھاياللىشماي كىيىملىرىنى كىيىپ بولدى، دىلمۇرات ئۇنىڭغا باشتىن ـ ئاياغ جىممىدە قاراپ تۇراتتى، ھوشسىزلىنىپ قالغانىدەك ئىدى، گۈلنىگار يىغلىغىنىچە يەنە ۋارقىرىدى:

ــ يەنە مۇشۇنداق قىلىدىغان بولساڭ سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن.

يالىڭاچ دىلمۇرات ھاڭۋاقىنىچە كەينىگە داجىدى.

ــ مەن سەردارنىڭ خوتۇنى، مويۇنچۇر بىلەن ئىلتەبىرنىڭ ئانىسى، نومۇس قىلمايدىغان ھايۋان، ماڭا قول ئۇزارتىشقا قانداق پېتىندىڭ؟ ناۋادا بىر ئىش بولۇپ قالغان بولسا مەن سېنى چوقۇم ئۆلتۈرۈۋېتەتتىم، بوغۇپ ئۆلتۈرەتتىم، مەن پاك ئايال، يەنە پاك ئايال بولۇشۇم كېرەك.

دىلمۇرات كىيىملىرىنى ئالدىرىماي كىيدى، ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى بارلىق ھاياجانلىرى، بايىقى تەمتىرەشلىرى، ۋەھىمىلىرى يوقالغاندەك قىلاتتى. ئىشتىنىنىڭ تاسمىسىنى ئېتىۋېتىپ ئۆزىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىمايدىغان ئاۋازدا خىرقىرىدى:

ــ گۈلنىگار، كېتىڭ، ئىككىنچى كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولماڭ.

گۈلنىگار ئىشىككە بېرىشىغا دىلمۇرات ۋارقىرىدى:

— توختاڭ، سىزگە بىر گەپنى دەپ قوياي، سەردار بەكمۇ دۆت ئىكەن، مېنى مۇشۇ ھالغا قويغاننىڭ ھەممىسى شۇ ...

دىلمۇرات گۈلنىگارنىڭ مۇزدەك تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ سەل ئۆزىنى بېسىۋالدى.

— سىز ھۆرمەتلىسە بولىدىغان ئايال ئىكەنسىز ... بولدى، قايتىپ كېتىڭ.

گۈلنىگار ئىشىككە مېڭىشىغا دىلمۇرات ئۇنى يەنە چاقىردى.

— بۈگۈن سىزنىڭ بايرىمىڭىز، ئاددىي بولسىمۇ بۇ سوۋغىنى ئېلىڭ.

دىلمۇراتنىڭ قولىدا كىچىككىنە بىر قىزىل كۆرۈپكا بار ئىدى.

— ياق.

گۈلنىگار شۇنداق دەپلا بىرنېمىدىن قورققاندەك چىقىپ كەتتى.

شەھەرنىڭ كەڭ كوچىلىرىدا بىرنېمىدىن قاچقاندەك تېز كېتىۋاتقان گۈلنىگارنىڭ كۆڭلىدە بىر خۇشلۇق بار ئىدى.

«خۇدايىم ساقلىدى ... شۈكۈر ... تاسلا قالدىم ... »

ئۇنىڭ ئۇنسىز شىۋىرلاشلىرى ئۇزاق داۋام قىلدى.

دۇمبىمىزگە ئارتىلغان يۈكنى تاشلىۋەتسەكلا قۇتۇلىمىز، يۈرىكىمىزگە ئارتىلىۋالغان يۈكتىن قۇتۇلمىقىمىز بەسى مۇشكۇل، ئۇنى ئاسانلىقچە تاشلىۋەتكىلى بولمايدۇ. بۇ ھاياتتا ھەممىمىزنىڭ يۈرىكىدە بىزۆرۈر يۈكلىرىمىز بار، مەڭگۈ كۆتۈرۈپ يۈرىمىز، ئەمما نېمىگە كېرەك قىلىدىغىنىمىزنى بىلمەيمىز. بىر ئادەم نۇرغۇن كىشىلەردىن مۇشۇ توغرۇلۇق سوراپ جاۋاب ئالالمىدى.

گۈلنىگار قايتىپ كەلگەندە، كونا كىگىز سېلىنغان كارىۋاتتا ئولتۇرغان بارات قويچى سوغۇقتا توڭلىغاندەك پات ـ پات شۈركۈنۈپ قوياتتى.

بارات قويچىنىڭ يۈرىكى مىجىلىۋاتقاندەك ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىمەھەل كىرىپ كەلگەن بارات قويچىنى كۆرۈپ سەردارنىڭ كەيپى ئۇچقان بولسىمۇ يەنىلا كۈلۈمسىرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى تۆرگە باشلىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، سەردار دوختۇر.

بارات قويچىنىڭ تىترەڭگۈ ئاۋازى يىقىمسىز ئاڭلاندى.

— قېنى بارات ئاكا، كېلىڭ، يۇقىرى ئۆتۈڭ.

— ئوغۇللىرى بىر - بىرىدىن چىرايلىق ئادەم بوپتۇ، سەردار دوختۇر، — دېدى بارات قويچى. ئۇنىڭ كىرلەشكەن كانايلىرى لىپىلداپ تۇراتتى.

بۇ ئادەمگىمۇ قىزىلىق يېتىپتۇ، دېگەنلەرنى ئويلىدى سەردار.

— سىلىنى يەنە ئاۋارە قىلدىم، سەردار دوختۇر، ھېلىقى ئىشنى قانداق قىلساق بولار؟

— قايسى ئىشنى دەيلا؟

— بۇ ئىشنى سىلىدىن باشقا ھېچكىمگە تىنىپ باقمىدىم، ئالدىنقى قېتىم سىلىگە دېگەندەك، پۇلنىڭ ئىشى، پۇل ئاز پۇل ئەمەس، ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلساق بولار؟

سەردار قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئويلىنىپ قالدى.

— پۇل دېگەننى جايىغا خەجلىگۈلۈك، بارات ئاكا، جايىغا خەجلىگەن پۇل پۇل، جايىغا خەجلىمىگەن پۇل پۇشايمان.

— توغرا، ناھايىتى توغرا دېدىلە، سىلىنىڭ مۇشۇنداق گەپلىرى ماڭا ياغدەك ياقىدۇ. شۇنىڭغا تولا ئىزدەيمەن ئەمەسمۇ مەن سىلىنى، سىلى دېگەندەك بۇ پۇلنى جايىدا بىر تەرەپ قىلمىساق بولمايدۇ، راستىنى دېسەم ئۇكام، مۇشۇ پۇل قولۇمغا كىرگەندىن بېرى ماڭا پەقەت ئارامچىلىق بولمىدى، بۇ پۇل قولۇمغا چۈشكەندىن بېرى نەچچە ئىلىك ئورۇقلاپ كەتتىم، بارغانسېرى ھالىمدىن كېتىۋاتىمەن، ھەممىسى مۇشۇ پۇلنىڭ

خاپىلىقى دېسىلە، بۇ پۇلغا كۆز قىزارتىۋاتقانلار جىق، ھەممىسى مېنى جايلىسام دەپلا يۈرۈشىدۇ.

بارات قويچى گېلىنى قىرىپ قىمدىنىپ قويدى.

— شۇ، پۇل دېگەننى تاپماق قانداق تەس بولسا تۇتۇپ تۇرماقمۇ شۇنداق تەس.

— خەقلەر پۇل تاپالماي، بىر پۇلنى ئىككى قىلالماي دەردكە قالىدىكەن، مەن ئەمدى بار پۇلنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلەلمەي ھالىمدىن كېتەي دېدىم .

— بۇ پۇلغا بەكمۇ كىرىشىۋالمىسىلا.

— ماۋۇ سەمەتجان دېگەن يالاڭ تۆش بىرنېمىدىن قۇتۇلسام ئەمدى خالىق دېگەن گۇي ئارقامغا كىرىۋالدى، بەرمەي دېسەم ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىقىمىز بار، بېرەي دېسەم ئىشىنەلمەۋاتىمەن ... ئەمما بۇ پۇل بىكار تۇرسا بولمايدۇ، بىسات دېگەننىڭ كۆپىيىپ تۇرغىنى ئوبدان، قوينىمۇ بىر يىل باقساق بىرى ئىككى بولىدۇ دېسىلە.

سەردار كۈلۈپ قويۇپ بېشىنى چايقىدى، شۇ ھالدا شەھەرنىڭ تار كوچىلىرىدا ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەر ئالدىراش كېتىشىپ باراتتى.

— سىلىگە ئېغىر كەلگىنى پۇلنىڭ جىقلىقى ئەمەس، بىر پۇلنى ئىككى قىلالمىغاننىڭ دەردىمۇ نېمە؟

— ئەمدى ئۇكام ... ئادەم دېگەننىڭ تىرىكمۇ پۇل بىلەن، ئۆلۈكمۇ پۇل بىلەن دېسىلە.

— ئۆيلىنىدىغاننىڭ گېپىنى قىلالاتتىلىغۇ؟

— ئۆيلىنەي دېگەن، قارىسام كۆيۈ ئوغۇل دېگەن بىرنېمىلەر ئۇنى ـ بۇنى سايە قىلىشىۋاتىدۇ، سىلىگە دېگەنتىمىغۇ، بۇنىڭ كەينىدە ئويۇن بار دەپ، شۇڭا ھە دەپ قويۇپ جىم تۇرۇۋالدىم، يەنە كېلىپ ھازىر خوتۇن قىممەتلىشىپ كېتىپتۇ.

— سىلىدەك نەچچە مىلىيوننىڭ ئىگىسى خوتۇن قىممەتلىشىپ كېتىپتۇ، دەپ يۈرسە قاملاشمايدۇ جۇمۇ، ھېلىغۇ

سىلىدە پۇل دېگەن ساماندەك، پۇل بولمىغاندىمۇ ئەر كىشى دېگەنگە يالغۇزلۇق يامان بولىدۇ.

— ئۇغۇ شۇ، باللارنىڭ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكىلىمۇ ئۇزاق بولدى، ئەمما لېكىن مۇشۇ پۇلنى دەپ قاپقان قۇرۇۋاتقانلار جىقلاپ كەتتى، شۇڭا مەن ئالدىراپ ئۇلارنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينىسام بولمايدۇ.

— قانداق دەيلا؟

— بىرسىدىن ئاڭلىسام، چوڭ قىزىمنىڭ ئېرى قىيىنئاتام ئۈنچە پۇلنى قاچانغىچە بېسىپ ياتىدىكەن، باللارغا تەقسىم قىلىپ بەرسە بولاتتى، دەپ يۈرگۈدەك، ماڭا خوتۇن سايە قىلىۋاتقىنى دەل شۇ.

سەردار بارات قويچىنىڭ ھەسرەتلىك كۆزلىرىگە قاراپ دىمىقىپ كەتتى.

— باللارغا بەرسىلىمۇ بولاتتىكەن بولمىسا.

— قويسىلا، ئۇلارغا نېمىشقا بېرىمەن مەن ئۇ پۇلنى؟

— ئەمىسە بۇ پۇلنى نېمىگە خەجلەيمىز؟ يا باللارغا بەرمىسلە، يا باشقا ساۋابلىق ئىشلارغا ئىشلەتمىسلە.

— مەنمۇ بىلمىدىم، مۇۋاپىق بىر خەجلەيدىغان يەرنى تاپساق بولاتتى.

— مۇشۇ چاغقىچە مەن سىلىگە دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى مۇۋاپىق خەجلەيدىغان يەرلەر ئەمەسمۇ.

— سىلى دېگەندەك قىلساقمىغۇ بولاتتى، بىراق نامراتقا پۇل بېرىپ باي قىلىپ بولغىلى بولمايدۇ، يول ـ كۆۋرۈكنى بىز سالمىساقمۇ بولا، مەكتەپنىڭ ئىشىغا كەلسەك، ھۆكۈمەت بىر ئوبدان سېلىپ بېرىۋاتىدۇ، كۈيۈ ئوغۇل ـ كېلىنلەرگە بۇ پۇلنى بەرسەم تەييارغا ھەييار بولۇپ ئوڭدا يېتىپ يېيىشسە قانداق بولىدۇ؟

— ئۇنداقتا ... مەن بىلمىدىم ... سىلىنىڭ بۇ پۇلنى قانداق خەجلەشلىرىنى مەن راستلا بىلمىدىم.

— سىلى ئوقۇغان ئادەم بولغاندىكىن يول كۆرسەتسىلە بولاتتى.

— مەن سىلىگە جاھاندىكى پۇل خەجلەشنىڭ جىمى يوللىرىنى بىرمۇبىر دەپ بەردىم، مېنىڭ بىلىدىغانلىرىم مۇشۇ، بۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمە بىلمەيمەن.

بارات قويچى يۇتۇنۇپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى، كەيپى تازا ياخشى ئەمەستەك ئىدى.

— ئۇنداقتا ... مەن چىقاي، سىلى يەنە بىر ئويلىنىشىپ باقسىلا. سىلى زىيالىي ئادەم، بۇنىڭ چوقۇم چارىسىنى قىلالايلا ... راست، بىر گەپنى دەي، ماۋۇ سەمەت دېگەن پاينەكباش تازنىڭ ئەسكىلىكىنى كۆردىلىمۇ؟

— نېمە بوپتۇ؟

— نېمە بولاتتى، مېنى، مېڭىسىنى قۇرت يەپ كەتكەن ئابدال، بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى ئاشۇ پۇللىرىدىن قۇرۇق قالىدۇ، دەپ يۇرگۇدەك، بۇ گەپنى ئىچىمگە پاتۇرالماي يېرىلىپ كېتەي دېدىم ... ئاۋۇ خام شوينا تازغا دەپ قويسىلا ... يەنە ئاغزىنى يۇممىسا مەندىن كۆرگۈلۈكىنى كۆرىدۇ.

سەردار بارات قويچىنى ئۇزىتىپ قويۇپ گاڭگىرىغىنچە ئولتۇرۇپ قالدى. سىرتتا بىركىملەرنىڭ گۇدۇڭلاشقىنى ئاڭلىنىپ قالاتتى. شەھەرنىڭ ۋاقتى تېڭىرقاپ قالغاندەك ئىدى.

شۇنداق، شەھەرنىڭ ۋاقتى تېڭىرقاپ قالىدۇ، بىزگە تەئەللۇق ۋاقىت ھەم ئەقىلمۇ گاھ ـ گاھ تېڭىرقاپ قالىدۇ، تېڭىرقاشمۇ ھاياتنىڭ بىزگە بەرگەن تەمى قىرتاق نېمەتلىرىنىڭ بىرى، بىز تېڭىرقاش ئىچىدە يورۇق يوللارنى ئىزدەيمىز. تېڭىرقاش ئىچىدە پىكىر ئىزدەيمىز. توغرىلىقنى ئىزدەيمىز، ئۆزى مېڭىۋاتقان يولنىڭ قەيەرگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغانلار ئارىسىدا رازىيەمۇ بار.

رازىيە ... تېڭىرقىغان ئايال ...

www.uyghurkitap.com

## 94

رازىيە ئەينەك ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئۆزىگە ئۇزاق قاراپ كەتتى، بويىدا ئۇزۇن قارا كۆڭلەك، ئېڭەكلەپ چىگىۋالغان قارا رومال، پۈشايمان ھەم نەپرەت بىلەن تولغان كۆز، گاڭگىراپ تۇرغان ۋەھىمىلىك تەبەسسۇم ... مېڭىسىنىڭ گاراڭ ھەم قۇرۇقلۇقىدىن دېرەك بېرىدىغان ئاجىز كۆز نۇرى ...

رازىيەنىڭ يۈرىكىدە لىققىدە يىغا، گۈلپىيەنىڭ نىكاھى ... ئۇنىڭ يۈرىكىگە پىچاق بولۇپ سانجىلىپ تۇراتتى. گۈلپىيەنى بارات موللامغا نىكاھلاپ بەرگىنىدىن بىردە خاتىرجەملىك تاپاتتى، بىردە قورقۇنچتا، پۈشايماندا كۆيەتتى.

— ئاچا.

رەيھاننىڭ ئاۋازى ئۇنى چۆچۈتىۋەتتى. رازىيە كەينىگە ئۆرۈلۈپ رەيھاننى، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان نازۇك قىز شەرىپەنى كۆرۈپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى.

— كەل رەيھان، قېنى بۇياققا كەلگىن، شەرىپە قىزىم، ۋاي ئوماقلىقىنى بۇنىڭ، قېنى قىزىم بۇياققا كېلىڭ، سىلەرنى كۆرمىگىلى ئۇزاق بوپتۇ، ئۆزۈڭ ياخشى تۇردۇڭمۇ؟ — دېدى رازىيە كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۇلارنى ساپاغا باشلاۋېتىپ. رەيھان ئاچىسىنىڭ ئۆزىگە پەقەت ياراشمىغان كىيىمىگە قاراپ ھەيران قالدى.

— كىيىۋالغىنىڭ نېمە بۇ، ئاچا؟ — دېدى رەيھان رازىيەگە باشتىن - ئاخىر سەپسېلىپ، — نېمە بۇ پەلپەتىش بىرنېمىلەرنى ئارتىپ يۈرسەن ئەمدى ... ئۆتكەندە كەلسەم بىرقىسما ئىدىڭ، ئەمدى تېخىمۇ بەتتەرلىشىپ كېتىپسەنغۇ.

— ئەمدى ئۇكام ... بىزمۇ ئەھلى مۇسۇلمان بولغاندىكىن مۇشۇنداقراق كىيىنىپ يۈرگىنىمىز خوپ، سەنمۇ ماۋۇ ئالىيىشىل بىرنېمىلىرىڭنى سېلىۋەتسەڭ بولاتتى.

— قويغىنا، نەدىن تاپتىڭ بۇ گەپنى، مۇسۇلماندارچىلىق دېگەن كىيىم بىلەن بولىدىغان بولسا مۇسۇلماندارچىلىقنى بەك پۈچەكلەشتۈرۈۋېتىپ بارامسەن نېمە؟

رازىيە رومالنىڭ پەسكە ساڭگىلاپ تۇرغان ئۇچىنى تارتىپ ئېڭىكىنى يۆگەپ قويدى.

— ئەھلى ئىلىملەردىن ئاڭلىسام، دىلى پاك، تەقۋا ئاياللار مۇشۇنداق كىيىنىشى كېرەك ئىكەن، مەنمۇ مۇسۇلمان بولغاندىكىن مۇشۇنداق كىيىندىم.

— سەن بىر چاغلاردا تاس قالاتتىڭ يېرىم يالىڭاچ يۈرگىلى، ئۇ چاغدا سەن مۇسۇلمان ئەمەسمىدىڭ، كىمدىن ئۆگەندىڭ بۇنداق تايىنى يوق گەپلەرنى؟

رەيھاننىڭ ئاچىسىنىڭكىگە ئوخشايدىغان چىرايلىق كۆزلىرىدىن ئەلەملىك سوغۇق نۇر پارقىرايتتى.

— ئۇ چاغلاردا ئېزىپتىكەنمەن، ئۇكام ...

— ماڭا بۇ گەپلەرنى دېمە، ئادەمدەك كىيىنىپ يۈر، ئاچا، نەچچە قېتىم دېدىم، مۇشۇنداق قىلىۋەرسەڭ بېشىڭغا بالا تېپىۋالىسەن، گۈلپىيە قېنى؟

— گۈلپىيە ... گۈلپىيە ساۋاقداشلىرى بىلەن ئوينىغىلى چىقىپ كەتكەن ...

رازىيە يۈرىكىگە پاتماي قالغان ۋايىملىق تۇيغۇنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىۋاتاتتى، ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ رەيھاندىن قورقاتتى، بەكمۇ ئاچچىقى يامان، تەرسا مىجەز رەيھان رازىيەنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىدىن نارازى ئىدى.

— گۈلپىيە توغرىسىدا بەزى گەپلەرنى ئاڭلايمەنغۇ، ئاچا، راستمۇ؟

— نېمە گەپلەرنى؟

— ئۇنى موللىغا ئوقۇتماقچى بولۇپ يۈرىدۇ، دەيدىغۇ سېنى.

رازىيەنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. گۈلنىگار دېگەن جۇۋاينىمەك ...

— ياق، ئۇنداق ئىش يوق، بىكار گەپ ئۇ، — رازىيە رومالىنى يەشتى، ئاندىن يەنە ئېڭەكلەپ چىگكەچ ئاشخانا تەرەپكە ماڭدى، — جىندەك ئولتۇرۇپ تۇر، چاي دەملەپ چىقاي.

— بولدى ئاچا، چاي دەملىمە، گۈلپىيەنى كۆرگۈم كېلىپ كەلگەن، ئالدىرايمەن، كېيىن كېلەرمەن، سىنى ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي، دىققەت قىل، گۈلپىيەنىڭ مىجەزى بولمىسا دوختۇرخانىغا ئاپار، موللىغا ئوقۇتمەن دەپ يۈرمە، بىرىنچىدىن، ئۆزۈڭگە خاپىلىق تېپىۋالىسەن، ئىككىنچىدىن، گۈلپىيەنى تۈگەشتۈرىسەن ... خوش، مەن چىقاي ... يۈرۈڭ شەرپە قىزىم ...

رەيھان رازىيەنىڭ تۇتۇشلىرىغا قارىماي شەرىپەنى يېتىلەپ چىقىپ كەتتى.

قورقۇپ كەتكەن رازىيە يۈگۈرۈپ بىرىپ گۈلپىيەنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىگە باردى، ئۆينىڭ ئىچى جىمجىت ئىدى، بارات موللام بىلەن گۈلپىيە ئۆيگە سىرتتىن ئادەم كىرگىنىنى بىلسە ئىچىدىن تاقاپ جىمجىت ئولتۇرۇۋالاتتى.

رەيھان شەرىپەنى باشلاپ چىقىپ كەتتى، بەكمۇ ئوماق، نازۇك شەرىپەنىڭ ساغلام تەبەسسۇمى، چىرايلىق تۇرقى رازىيەنىڭ يۈرىكىدىكى دەردىگە چوغ بولۇپ تاشلاندى، ئۇمۇ گۈلپىيەنىڭ خۇددى شەرىپەگە ئوخشاش ساغلام كۈنلىرىنى يادىغا ئالدى، بىر كۈنلەردە شەرىپەگە ئوخشاش ساپساق قىز بولۇپ كېتىشىنى ئارمان قىلدى. رازىيە شەرىپەنىڭ كەينىدىن قاراپ، كۆڭلىدىكى ئارمانلىق ئوتلىرى يېلىنجاپ كۆيگەن شۇ دەمدە، گۈلپىيە قاراڭغۇ مەستخۇشلۇق ئىچىدە، بارات موللامغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ تۇنۇگۈنى، ئەتىنى ئويلىغۇسى يوق ئىدى، تۇنۇگۈنى ۋەھىمىلىك، ئەتىسى بىتايىن بىلىنەتتى، رازىيە بولۇۋاتقان ئىشلاردىن بىردە خاتىرجەم بولاتتى، بىردە ئەنسىرەپ قالاتتى، مۇشۇ ئىشلارنىڭ ئاخىرىنىڭ قورقۇنچلۇق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ قېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. رازىيە

مالىمان تۇيغۇلارغا غەرق بولغان شۇ كۈنلەردە، مۇرات بىلەن چولپان دېمەك تەس، ئاڭلىماق تەس، كۆڭۈلگە سىغدۇرماق تەس ئويلارغا پېتىپ قالغانىدى.

## 95

— مۇرات!

قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى گۇللەرگە چۈشۈپ تۇراتتى، مۇرات سىزىقسىز ئاق قەغەزلەرگە بىرنېمىلەرنى يېزىۋاتاتتى، مۇرات يېقىندا سىزغان رەسىملەر كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە ئىدى. ئۇ قەلەمنى قويۇپ ئاچىسىغا قارىدى.

چولپاننىڭ كۆزلىرى تەشۋىشلىك پارقىراپ تۇراتتى.

— ئاچا، بىر ئىش بولدىمۇ؟ — مۇرات ئاچىسىنىڭ ئەندىشىلىك چىرايىغا قاراپ قويدى.

— بۇ ... ھېچ گەپقۇ يوق، بىراق بىر ئىشنى ... ساڭا دېمىسەم بولمايدۇ.

چولپاننىڭ مۇراتقا تونۇش، مۇراتنىڭ تۇيغۇلىرىغا، كۆزىگە سىڭىشىپ قالغان ئېغىر ـ بېسىقلىقى، تەمكىنلىكى يوق ئىدى.

— نېمە گېپىڭ بولسا ئوچۇق دەۋەرگىن، ئاچا.

— بولدى، ھېچ گەپ يوق.

چولپان مۇراتنىڭ بېشىنى سىلىدى، قوللىرىنىڭ سۇس تىترەۋاتقانلىقىنى سەزگىلى بولاتتى.

— بىر ئىشنى مەندىن يوشۇرۇۋاتىسەن.

چولپان بېشىنى سىلىپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇھ تارتىپ مۇراتقا تىكىلدى.

— نادىرە دېگەن قىز ھېلىمۇ سېنى ئىزدەۋاتامدۇ؟

— شۇنداق، كۆرۈشۈپ تۇرۇۋاتىمىز.

— ئۇ قىز بىلەن ئارىلاشمىساڭ بولاتتى.

— نېمىشقا؟

www.tuyghurkitap.com

— سەن مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىڭ، يۈرىكىم پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى، ساڭا يەنە بىر ئىش بولۇپ قالسا مەن راستىلا كۆتۈرەلمەيمەن ... ھېلىقى نادىرە راستلا ...

— نېمە ئىش بولدى؟ ... نادىرەگە بىر ئىش بوپتۇمۇ؟

— ئەيدىز ... مۇرات، قورقۇنچلۇق ئىش، نادىرە ئەيدىز ئىكەن.

چولپان خۇددى ھازىرلا ھاڭدىن چۈشۈپ كېتىدىغاندەك غالىلداپ تىترىدى.

— بۇنىڭدىن خەۋىرىم بار، بۇ گەپلەرنى ساڭا دېگەنىدىم.

چولپاننىڭ ئىلگىرى كۆرگەن جىمى شېرىن چۈشلىرى، ئارمانلىرى، غەم ـ قايغۇلىرى، ھەممىسى يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇنى مىجىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى.

— سەن ماڭا دېگەن، ئەمما مەن ئىشەنمىگەن، ئىشىنىشكە جۈرئەت قىلالمىغان، تونۇگۇن ئوقتۇم، بۇ سەن بىلەن ئالاقىدار ئىش بولغاچقا مەن سۈرۈشتۈردۈم، مەخپىي يوللار بىلەن ئېنىقلىدىم، بۇلارنىڭ ھەممىسى راست ئىكەن ... ئۇ قىزغا بەكلا ئىچىم ئاغرىدى، مۇرات، يۈرىكىم ئېزىلدى، ئەمما ئىش بولۇپ بوپتۇ، ئۇ قىز بىر بۆرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. دىلمۇرات ... قورقۇنچلۇق ئادەم ... قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ، ساڭا ئاخىرقى بىر گەپنى دەي.

مۇراتنىڭ كۆزى قىزارغان، چىرايى ئۆمسە ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ مېيىپ بولۇپ قالغانلىقىنى، چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدىغان ئادەم بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان، ئۇنىڭ ئەس ـ يادىنى چۇلغىۋالغىنى نادىرەنىڭ ئەھۋالى، نادىرەگە يېقىنلىشىۋاتقان ئۆلۈمنىڭ ۋەھىمىسى ئىدى.

— ساڭا دەيدىغان گېپىم، ئەمدى نادىرە دېگەن قىزنى كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەت، ئەمدى ئۇنى ئىزدىمە، ئۇمۇ سېنى ئىزدىمىسۇن ... مەڭگۈ ... مەن كۆتۈرەلمەيمەن مۇرات، مەن قورقىمەن، مۇشۇنداق بولىۋەرسە مەن ئۆلۈپ كېتىشىم مۇمكىن.

— ئاچا ...
— مېنى ياشسۇن دېسەڭ مەن دېگەندەك قىل.
— ئاچا.
مۇرات ئاچىسىنىڭ قېقىلىپ يىغلاشلىرىغا قاراپ كۆزىگە ياش ئالدى.
— ئۈمىدسىز خىياللارنى قىلما.
چولپان ئۇنىڭغا شۇنداق دەيتتى.
— بۇنداق چەكلىمە ياخشى ئەمەس.
مۇرات ئىچىدە شۇنداق دەيتتى.
— ئۈمىدسىز سۆزلەرنى قىلما ھەم ئاڭلىما.
چولپان ئۇنىڭغا شۇ گەپلەرنى تولا دەيتتى.
— ھەرقاچان خۇشال ياشا.
— مۇمكىن بولمايدىغان تەلەپنى قويۇۋاتىسەن.
مۇرات ئۇنىسىز شۇنداق دەيتتى.
— ساڭا ئارتۇق گەپ قىلماي، مۇرات، سەن بۇ دۇنيادا مېنىڭ بىردىنبىر بايلىقىم، خۇشاللىقىم، ئۈمىدىم، مېنىڭ ياشىشىمنىڭ مەنىسى سەنسىز قاراڭغۇ بولۇپ قالىدۇ، مېنىڭ تىرىكچىلىك ئۈچۈن تىپىرلاشلىرىممۇ سەن ئۈچۈن ... سەن يامان ھالغا قالساڭ مەن تامامەن تۈگىشىمەن.
چىرايى تاتىرىپ كەتكەن مۇرات بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە ئولتۇراتتى، كۆز قارىچۇقلىرى قېتىپ قالغاندى.
ئۇنىڭ ھېچنېمە دېگۈسى يوقتەك قىلاتتى.
نېمە دېيىشنى بىلمەيتتى، ھېچنېمە ئويلىيالمايتتى.
چولپان مۇراتنىڭ چاچلىرىنى سىلىدى، ئاچىسىنىڭ نازۇك بارماقلىرىنىڭ تونۇش، مېھىرلىك تۇيغۇلىرى مۇراتنىڭ تومۇرلىرىغا ماتانەت بىلەن تارىلىپ باراتتى.
— ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويما، ھەممە ئىش ئۆتۈپ كېتىدۇ.
مۇرات ئاچىسىنىڭ يېنىدىن كەتمەسلىكنى ئارزۇ قىلىپ قالدى، چولپان يېنىدىن كەتسە قورقىدىغاندەك، قانداقتۇر بىر

شۇملۇق باش ئۈستىگە چۈشىدىغاندەك ئويلاپ قېلىۋاتاتتى.

مۇرات ھېچنېمە دېمىدى، ئۇنىڭ مۇز كەبى تاتارغان چىرايى ئۆمسە ئىدى، پېشانىسىدە يىڭنە ئۇچىدەك تەر تامچىلىرى پەيدا بولغانىدى. قويۇق قاشلىرى تۈرۈلۈپ بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ كەتكەنىدى.

چولپان مۇراتنىڭ ئۈستىلىدىكى سىزىقسىز قەغەزدىكى شېئىرنى پىچىرلاپ ئوقۇدى.

قىيالارغا ماڭدىم تەمتىلەپ،
كۆكتە پەرۋاز ئەيلىشىم بەرھەق.
ئىنسانلىقىم شەرىپىم، بەختىم،
سىيمايىمدۇر تاڭدىكى شەپەق.

مىڭلاپ رەھمەت ساڭا ئەي ھايات،
ھەر دەقىقەڭ ماڭا غەنىيمەت.
جەننەت كەبى سۆيۈشتۇق ئۇلۇغ،
سۆيۈش ھىممەت، سۆيۈش جاسارەت،
سۆيۈش بەخت، سۆيۈشتۇر نىمەت.
سۆيۈش ئۈمىد، سۆيۈش شىجائەت،
سۆيۈش چىراق، سۆيۈش نۇر زىيا،
زىمىستاندا گۈلخان، ھارارەت.

مۇراتنىڭ شېئىرلىرى چولپانغا مۇراتنىڭ ئىچ - ئىچىدىن قايناپ چىقمىغاندەك، مەجبۇرىي يېزىلغاندەك، ئۈمىدۋار بولۇش ئۈچۈنلا قەستەن ئۈمىدۋار بولۇۋالىدىغان ئادەملەردە بولىدىغان غەلىتە تۇيغۇ بىلەن يېزىلغاندەك تەسىر بەردى. شېئىردىكى مۇڭ ھەم ئۈمىدسىز تەلپۈنۈش ھەم تەنھالىق ئازابى قەستەن يوشۇرۇلغاندەك قىلاتتى.

— سەن غېرىب، مىسكىن شېئىرلارنى يازساڭ، بىچارە

رەسىملەرنى سىزساڭ، تېخىمۇ بىچارە بولۇپ كېتىسەن، شۇنداق شېئىرلارنى يازما، شۇ خىلدىكى رەسىملەرنى سىزما، ئوقۇما، كۆرمە.

چولپان ئۇنىڭغا شۇنداق دېگەنىدى.

— ئەمەلىيەتتە بۇنداق قىلىپ بولغىلى بولمايدۇ - دە، — دېگەنىدى مۇرات.

— مەن ئىلگىرى ئۆزۈم يازغان خاتىرىلەرنى، شېئىرلارنى، ئىشلىگەن كەشتىلەرنى كۆيدۈرۈۋەتتىم، سەۋەبى ئاددىي، كىشىنى ئۆتمۈشكە ھەم خامۇشلۇققا تارتىدىغان نەرسىلەردىن نېرى تۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم، چۈشەندىڭمۇ؟

— چۈشەندىم ... ئەمما مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، بولۇپمۇ ئەمدى ئۇنداق قىلالمايمەن.

— ئەمدى تېخىمۇ بەردەم بول.

مۇراتنىڭ شۇ كېچىسى شېئىر يازغان - يازمىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمىدى، ئۇنىڭ شۇ كېچىسى ئۇخلىغان - ئۇخلىمىغانلىقىنىمۇ ھېچكىم بىلمىدى. ئۇنىڭ شۇ كېچىسى چۈش كۆرگەن - كۆرمىگەنلىكىنى، چۈش كۆرگەن بولسا قانداق چۈشلەرنى كۆرگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، بەلكىم ئۇ شۇ كېچىسى شېئىر، ئۇيقۇ، چۈش ياكى كەلگۈسى ھەققىدىكى ئوي ... ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىغاندۇر. بەلكىم ئۆزى توغرۇلۇق، نادىرە توغرۇلۇق كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغان خىياللارنى قىلغاندۇ.

مۇرات شۇ كېچە ھەممە نەرسىنىڭ يالغان بولۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلغاندۇر، بولغان، بولۇۋاتقان، بولىدىغان ھەممە نەرسە يالغان بولسا، ئۆزىنىڭ پالاكەتچىلىككە يولۇققۇشى، نادىرە ھەققىدە ئاڭلىغانلىرى، ئاچىسىنىڭ دېگەنلىرى، يەنە نۇرغۇن نەرسىلەر ... نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئالاقىدار نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يالغان بولۇپ چىقسا ... دوختۇرلارنىڭ نادىرە ھەققىدىكى دىياگنوزى يالغان بولۇپ چىقسا، دوختۇرلارنىڭ

ئۇنىڭ چاقلىق ئورۇنىدۇقتىن تۇرۇپ كېتىشىگە ھازىرچە بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ، دېگەن گەپلىرى يالغان بولۇپ چىقسا... نادىرەگە قارا كۆزئەينەك سېتىۋالغان كۈنى ماشىنا سوقۇۋەتكەن ئىش يالغان بولۇپ چىقسا ... مۆرات ئاجايىپ يالغانلارغا تەشنا بولۇپ كەتتى.

چولپان بۇنىڭدىن نۇرغۇن يىللار ئىلگىرىكى يازنىڭ شاماللىق كۈنلىرىدە سايرىغان كاككۇكنىڭ ئاۋازىنى ئۇنتۇپ كەتسە كېرەك. كاككۇكنىڭ ئۆزىنى كۆرگىلى بولمايتتى، ئەمما يېقىملىق ئاۋازى نەدىن نەگە ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

چولپان تەنھا ئولتۇرۇپ سەردارنى يادىغا ئالدى، ئەڭ مۈشەققەتلىك دەملەردە، ئېغىر مىنۇتلاردا سەردار ئۇنىڭغا ھەمراھ ئىدى، مەدەتكار ئىدى، چولپاننىڭ سەردارغا تېلېفون بەرگۈسى كەلدى، ئەمما تېلېفون بەرمىدى. يۈرىكىنىڭ سىقىلىشلىرىنى ھېس قىلغىنىچە ئېگىزلىكنى يۆلەپ خىيالغا كەتتى.

چولپان تەنھا ئولتۇرۇپ سەردارنى خىيال قىلىۋاتقان دەمدە، سەردار مەجبۇرىي كۈلۈپ، ئامالسىز تەكەللۇپلار بىلەن، كۆڭلىگە ياقمايدىغان ئادەم ھەم گەپلەرگە مەلىكە بولۇپ ئولتۇراتتى.

## 96

— ئۇكام، سىزگە دەيدىغان بىر گەپ بار ئىدى.

سەردار بارات قويچىغا بىزارلىق بىلەن تىكىلدى، ئەمما يەنە چاندۇرماستىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى ساپاغا باشلىدى. يالغاندىن ھېجىيىپ ياشاشقا مەجبۇر بولۇش ئىنساننىڭ غەلىتە ئىشلىرىنىڭ بىرى، يەنە نورمال كۈن ئېلىشنىڭ يولى، ئەتراپتىكىلەرگە نورمال ئادەمدەك تەسىر بېرىپ ياشاشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. نورمال ياشاش نۇرغۇن بىنورماللىقلارنى شەرت قىلاتتى. سەردار ئۇستەلدىكى «ئىستانبۇلنىڭ بەختى» دېگەن كىتابنى بىر يانغا سۈرۈپ قويدى، خورما رەڭ ساپانىڭ يان

تەرىپىگە ئاق تور ياپقۇچ قويۇلغانىدى.
— خوش، باراتكا، ئەھۋاللىرى ياخشىمۇ؟
— مەن ئۇكام ... ھېلىقى پۇلنىڭ ئىشى بىلەن كىردىم، — دېدى بارات قويچى دېمى سىقىلغاندەك ھاسىراپ تۇرۇپ.
— ھە، خوش، قېنى ...
— شۇ پۇلنى مەبلەغ سېلىپ قوياي دېگەن، ئەمما قورقىمەن.
— مۇشۇ ياشلىرىدا مەبلەغ سالىمەن دېمەي راھەتنى كۆرسىلە بولاتتى.
— قانداق دەيلا؟
— بۇ گەپنى جىق دەپ كەتتىم، ياشلىرى يەتمىشتىن ئاشتى، مۇشۇ ياشلىرىغىچە جاپا تارتىپ خوۋلۇق كۆرمەپلا، ئەمدى خۇدايىم ئال قولۇم، دەپ بىر پاتمان بايلىقنى ئالىقانلىرىغا تاشلاپ بېرىپتۇ، شۇ پۇلنىڭ مېغىزىنى چاقسىلا ئەمدى.
— ھەي ... جىق ئادەملەر شۇنداق دەيدۇ، مېغىزىنى چاق دەپ، قانداق چاقىمەن ئۇكام؟ يەيدىغىنىم تەييار، ئىچىدىغىنىم تەييار، ھېچنېمىگە تەڭلىكىم يوق، نېمە دېسەم بولار ... مۇشۇ پۇل بېشىمنى قاتۇرۇۋاتىدۇ.
— بۇ نېمە دېگەنلىرى ئەمدى؟
— بىر پاتمان پۇل قولۇمدا تۇرىدۇ، نېمىگە ئىشلىتىشنى بىلەلمىدىم.
— بۇ ...
— مۇنداق گەپ، ئۇكام، بايا دېگەندەك توققۇزۇم تەل ئادەم ئىكەنمەن، ئەمما سىلىگە دېسەم كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرى بىئارام، نېمە بولدۇمكى، ئولتۇرسام ـ قوپسام شۇ پۇل خىيالىمغا كىرىۋېلىپ، نېمىگە ئىشلەتسەم بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي بەك ئاۋارە بولۇۋاتىمەن، غەمگە قالدىم، ئۇكام.
— كۆيۈ ئوغۇللارغا بەرمەيلا؟
— نېمە دېگەنلىرى بۇ، سارالڭ بولمىسام يا مەن.

— قىزلارغىمۇ بەرمەيلا؟
— ئۇلارغا بەرگىنىم كۆيۈ ئوغۇللارغا بەرگىنىم ئەمەسمۇ، سەردار دوختۇر، — دېدى بارات قويچى چىڭقىلىپ.
سەردار كۈلۈپ قويدى. ئاندىن بارات قويچىغا تىكىلىپ دېدى.
— سىلىنىڭ بۇ باش ئاغرىقلىرىنى بىر ياقلىق قىلىش ئۈچۈن جىق باش قاتۇردۇق، جىق مەسلىھەتلەر بولدى، بۈگۈن يەنە باشتىن كېلەيلى، مېنىڭچە ئانچە - مۇنچە خەير - ساخاۋەت ئىشلىرىغا ياردەم قىلىپ قويسىلا بولاتتى.
— مەسىلەن قانداق؟ ...
— مەسىلەن، يېتىم - يېسىرلارغا، ئوقۇشسىز باللارغا ياردەم بەرسىلە، نامراتلارغا ياخشىلىق قىلسىلا.
— ئەمدى سەردار دوختۇر، بۇ گەپلەرنى جىق دېيىشىپ كەتتۇق، راست گەپنى دېسەم، ئوقۇشسىز باللارغا ياردەم قىلىش دېگەنلىرىگە تازا كۆڭلۈم تارتمايدۇ، ئۇنى ھۆكۈمەت ئوقۇتۇۋاتقاندىكىن بولار دەيمەن. ماڭا باشقىچىرەك مەسلىھەت بەرسىلە بولاتتى.
سەردار بارات قويچىغا نېمە دېسە بولىدىغانلىقىنى ئاڭقىرالماي ئىچى سىقىلدى.
— ئەمىسە ھەرەمگە ھەجگە بېرىپ كەلسىلە.
— ماڭا يول بېرىلمەيدىكەن، مېنىڭ ما ئىنىمنىڭ كىچىك ئوغلى بىر ئىشقا چېتىلىپ قاپتىكەن، شۇ ئىتنىڭ باللىسىنىڭ كاساپىتىدىن بۇ يولۇم ئېتىلىپتۇ مېنىڭ.
— ئىنىلىرىنىڭ ئوغلى نېمە ئىشقا چېتىلىپ قالغاندۇ؟
— بۇ ئىشلارنى مەنمۇ تازا ئۇقۇپ كەتمەيمەن، ئىشقىلىپ بىر قانداق يامان ئىشقا چېتىشلىقى بارغا ئوخشايدۇ، بىلىشىمچە ھېلىقى تېلېفون دېگەن نېمىسى بىلەن بىر يېرى بىر قانداق نېمىلەرنى ئۇنىڭغا - بۇنىڭغا ئەۋەتىپ يۇرگەنىنىڭ گېپىنى قىلىشىدۇ.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بارات قويچى غەمكىن تەرزدە قولىغا پىيالىنى ئالدى.
— ئۇنداقتا ... بۇ پۇل بىلەن بىرەر مەكتەپ سالاملا يا ... ھېلىقىدەك باللار يامان يولغا كىرىپ قالمايدۇ، ساۋابى كاتتا بولىدۇ.
— بۇ گەپنى ئىلگىرىمۇ دېيىشتۇق، مەن مەكتەپ سېلىپ نېمە قىلارمەن، ئۇكام، مەكتەپ دېگەن كەڭرى تۇرسا ... بولدى ئۇكام، باشقا بىر مەسلىھەت كۆرسەتسىلە ماڭا.
— ئەمىسە مەغلەغقە ئېھتىياجى بار بىرەر كارخانا بىلەن ھەمكارلاشسىلا.
— بۇ قانداق گەپ ئەمدى؟
— بۇ ... مۇنداقچە دېگەندە پۇلنىڭ پايدىسىنى ئالىدىغان بىر ئىش.
— قانداق پايدا ئۇ؟
— مەبلەغ سالسىلا خەق سىلىنىڭ پۇللىرىنى ئىشلىتىدۇ، تاپقان پايدىدىن بۆلۈپ بېرىدۇ.
— بۇ ئەمدى ... قولدىكى نەق پۇلنى بىركىملەرگە تۇتقۇزۇپ قويۇپ، شۇنىڭ بۆلۈپ بەرگەن نېمىسىگە قاراپ ئولتۇرىدىغان ئىش ئىكەنغۇ ... قولۇمدىكى تەييار پۇلنى خەققە بەرسەم قانداق بولىدۇ؟
...
سەردار بىلەن بارات قويچىنىڭ تالاشلىرى ئۇزاق داۋاملاشتى، بارات قويچىنىڭ ئون مىليون پۇلنى قانداق ئىشلىتىشى توغرىسىدىكى ئىلگىرىكى، يېقىنقىدىكى مەسلىھەتلەرنىڭ ھەممىسى بىر باشتىن تەكرارلىنىپ چىقتى. سەردارنىڭ سەۋرى توشقاندەك ئىدى.
— تۇزۇك بىر گەپ چىقسا بولاتتى، — دېدى بارات قويچى غۇدۇراپ.
سەردار ئاچچىق بىلەن قولىنى سىلكىپ دېدى:
— ئۇنداقتا مەن سىلىگە باشقا مەسلىھەت كۆرسىتىپ

www.uyghurkitap.com

بولالمىغۇدەكمەن.

بارات قويچى ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ بويىدىن كېلىۋاتقان خام گۆشنىڭ ھىدى ئۆيدە ئۇزاققىچە تۇرۇپ قالىدىغاندەك قىلاتتى.

سەردار ئىچى سىقىلغان ھالدا كۆزىنى يۇمدى، شۇ ھالدا دېيىلىۋاتقان گەپ، قىلىۋاتقان ئىش، پىكىر ھەم ۋاقىتنىڭ پەقەت مەززىسى قالمىغاندەك ئىدى، ئۇ بارات قويچىنىڭ ھەسرىتىنى ئاڭلىشى، ئۇنىڭ بىلەن ئەدەپ ساقلىغان ھالدا پاراڭلىشىشى، مەسلىھەت بېرىشى، ئوخشاش بىر گەپنى ئون قېتىملاپ ئاڭلىشى كېرەك، مۇشۇ ئىشلاردىن بىزار بولسىمۇ، زېرىكسىمۇ، ۋاقىتنىڭ بىكارغا ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدىن ئۆكۈنسىمۇ ئامال يوق ... سەردار بەزىدە ئۆزىنىڭ نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلەلمەي قالاتتى.

نېمە قىلىش كېرەك؟

بىز مۇشۇنداق سوئاللارغا دائىم يولۇقۇپ تۇرىمىز. توغرا، نېمە قىلىش كېرەك؟ جاھاننىڭ كىشىگە زەھەردەك تەسىر بېرىدىغان بىر تەرىپى، بىرسى كۆرسىتىپ بەرگەن يولدىن گۇمانلىنىش، ئۆزى يول تاپالماسلىق بولسا كېرەك. بارات قويچى نېمە قىلىشىنى كېرەكلىكىنى بىلەلمەي يۈرىدۇ، نادىرە نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلەلمەي يۈرىدۇ، يەنە مۇراتمۇ نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلەلمەي يۈرىدۇ. بۈگۈن رازىيەمۇ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي بوغۇلۇپ، سىقىلىپ قالغاندەك ئىدى.

## 97

رازىيە ھارغىنلىق بىلەن ئاشخانىدىن چىقىپ شاكىرنىڭ ئالدىغا بىر تەخسە لەڭمەننى قويدى، ئىزتىراپلىق كۆزلىرىدىن گاڭگىراش ھارغىنلىقى چىقىپ تۇراتتى، كىم بىرسىدىن ئۈمىد كۈتكەندەك، ئەمما كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە ئۆزىنىڭ ئۈمىدىگە ئۆزى ئىشىنەلمىگەندەك ھال بار ئىدى.

— شاكىر !

شاكىر لەڭمەننى شالاپلىتىپ يەۋەردى، ئۇ رازىيەنىڭ چاقىرغىنىنى ئاڭلىمىغاندەك قىلاتتى.

— شاكىر !

رازىيە بۇ قېتىم ئۈنلۈكرەك چاقىردى.

— ھە، — دېدى شاكىر قولىنىڭ كەينى بىلەن ئاغزىنى سۈرتۈۋېتىپ، — يەنە ئازراق يەيمەن.

رازىيە شاكىرنىڭ قارشى تەرىپىگە كېلىپ ئۆرە تۇرغانىدى.

— سىز دەپ بېقىڭا، شاكىر، بىزنىڭ گۈلپىيەنى بارات مولLامغا نىكاھلاپ بەرگىنىمىز توغرا بولدىمۇ يا خاتا بولدىمۇ؟

— مەن ... — شاكىر بېشىنى قاشلاپ قويدى، ئۆسۈپ قالغان تىرناقلىرى ئارىسىدىكى كىر رازىيەنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلىپ قويدى.

— نېمە دېسىڭىز بىرنېمە دەڭ ... بەك جېنىم سىقىلىپ كەتتى، سىزنىڭچە مۇشۇ ئىشىمىز بولدىمۇ ـ بولمىدىمۇ؟

— بۇ ئىش مېنىڭچە ... بۇنداق قىلغىنىمىز قاملاشمىدى ... نېمىشقا دېگەندە ... ئىشقىلىپ مەن شۇنداق ئويلايمەن، يەنە كېلىپ بارات مولLام بىزنىڭ ئۆيدە يېتىپ ـ قوپۇپ يۈرسە ... بۇ سەت تۇرىدىكەن.

رازىيە ساپاغا ئۆزىنى تاشلاپ بېشىنى كەينىگە تارتىپ ئولتۇردى. مۇشۇ تاپتا كىم بولسۇن بىرسى ئۇنى قايىل قىلسا، مۇشۇ قىلغىنىڭلار توغرا بولدى، پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا گۈلپىيەنى ساقايتقىلى بولىدۇ، دېگەن گەپنى دەپ بەرسە رازىيە يەڭگىللەپ قالىدىغاندەك ئىدى.

— يوق گەپنى قىلماڭا بولدى، — دېدى رازىيە، — ئىش بولۇپ بولغاندا بۇ گەپنى دېگەننىڭ نېمىگە پايدىسى؟ ... سىز بۇ ئىشنى ناھايىتى توغرا بولدى، دېسىڭىز بولاتتى.

— بىراق ...

شاكىر گېپىنىڭ ئاخىرىنى دەپ بولغۇچە رازىيە بىردىنلا

شاكىرنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ ۋارقىرىدى:
— باشقا گەپنى قىلما، سىزنىڭ بۇ ئىشىڭىز ناھايىتى توغرا بولدى، دېگىن، دېگىنە! تېز دە!
رازىيەنىڭ شاكىرنىڭ گېلىنى سىققان قوللىرى بارغانسېرى چىڭىپ، شاكىر تىن تارتالماي قالدى، ئۇ رازىيەنىڭ قولىنى تەستە گېلىدىن ئاجراتقاچ خىرقىرىدى، كۆزلىرىدىن قورقۇنچ چىقىپ تۇراتتى.
— سى ... سىز توغرا قىلدىڭىز، خوتۇن ... ھەممىسى توغرا بولدى.
رازىيە قولىنى شاكىرنىڭ ياقىسىدىن بوشىتىپ يان تەرەپكە سىڭارىيان بولۇپ ئىچ ـ ئىچىدىن بۇقۇلداپ يىغلىدى، ساپانىڭ ياستۇقىنى مۇجۇقلاپ ئۆكسۈدى، يىغىسى بەكلا ئېچىنىشلىق ئىدى، شاكىر شۇ چاغدا رازىيەنىڭ ئەزەلدىن بۇنداق يىغلاپ باقمىغانلىقىنى يادىغا ئالغان بولۇشى مۇمكىن.
— گۈلپىيە ئەمدى ساقىيىپ كېتىدۇ، — دېدى رازىيە پىچىرلاپ. بۇ گەپنى كىمگە دېگىنىنى بىلمىسە كېرەك.
شاكىر خوتۇنىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى.
— رازىيە ساقىيىپ كېتىدۇ، شۇنداقمۇ؟ — رازىيە شاكىرغا چەكچىيىپ قارىدى، رازىيەنىڭ كۆزىدىن قورققان شاكىر كېكەچلىدى:
— شۇ ... شۇنداق، ساقىيىپ كېتىدۇ، ساقايمىسا بولمايدۇ.
رازىيەنىڭ بولغان ئىشلارنى گۈلنىگارغا دېگۈسى كەلدى. گۈلنىگارنىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلىغۇسى بار ئىدى، ناۋادا گۈلنىگار، بوپتۇ، ياخشى قىپسەن، ئەمدى گۈلپىيە ساقىيىپ كېتىدۇ، دېگەن بولسا، رازىيەنىڭ كۆڭلىدىكى جىمى تەشۋىشلىرى، ئېسەنگىرەشلىرى، گاڭگىراشلىرى تۈگىگەن بولاتتى. ئەمما بۇ گەپنى گۈلنىگارغا دېگىلى بولمايدۇ، گۈلنىگار ئاڭلىسىلا رەيھانغا دەيدۇ، رەيھان ئاڭلاپ قالسا ھەممە ئىشنى بۇزىدۇ. ئۇ مۇشۇ ئويلىغانلىرىنى گۈلنىگارغا دېسە بەلكىم

گۈلنىگاردىن كۆڭلىگە تەسەللى بولغۇدەك گەپ چىقىپ قالار ئىدى.

رازىيە گۈلنىگارنىڭ ئۆزىگە تەسەللى بېرىشىنى تاما قىلىۋاتقان دەملەردە، گۈلنىگار تۆت كوچا ئېغىزىدا تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ قايسى تەرەپكە مېڭىشىنى بىلەتتى، قايسى يولنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئەمما، ئۇ بىلىپ تۇرۇپ توغرا بولمىغان يولغا سىلجىۋاتاتتى.

## 98

گۈلنىگار تورۇستىكى كۆن نۇرلۇق چىراغقا قاراۋېتىپ، قار ياغقان گۈزەل بىر كۈننى يادىغا ئالدى، قاردەك يېقىملىق تۈيغۇلار، قار گۈللىرىدەك گۈزەل ئۈمىدلەر، قاردەك كۈمۈش ئۈزۈك، قاردەك پاك ئىشەنچ ... ئاپپاق نەي لامپىدىن قارنىڭ سوغۇقىدەك نۇر تالالىرى پارلىنىپ چىقاتتى.

سەردار قايتىپ كەلمىگەنىدى.

تۆت تېمىدىن ناھايىتى بۇرۇندىن تارتىپ بوگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن ئىسسىق بىر ھىد بۇرنىغا ئۇرۇلاتتى، باللارنىڭ تاپشۇرۇرق دەپتەرلىرى رەتسىز چېچىلىپ ياتاتتى. گۈلنىگارنىڭ يۈرىكىدىن بىر ئۇھسىنىش قىسىلىپ چىقتى، ئۇ مۈزدەك سېزىم بىلەن پىچىرلىدى، بۇ پىچىرلاشنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم ئاڭلىيالمايتتى.

«ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىدى، ئەمما مەن بىر ئەرنىڭ ئالدىدا يالىڭاچلاندىم ... غورۇر، ئىززىتىمنى ئۆزۈم يەرگە ئۇردۇم ...»

گۈلنىگار قورقۇپ كەتتى، خۇددى شۇ ئىشلار تەكرارلانغاندەك ھېستىن ۋۇجۇدى مۈزلىدى.

«مەن تاپتىن چىقتىم، بۇزۇلدۇم ... 2014 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى يولدىن چىقىپ كەتتىم ... يات بىر ئەرنىڭ

قولى مېنىڭ بەدىنىمگە تەگدى ...»

گۈلنىگار ئۆزىدىن بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقان يەنە بىر ئۆزىگە شۇنداق پىچىرلايتتى، مۇز پارچىلىرىدەك ۋاقىت ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئېغىر بولۇپ ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇ شۇنچە ئەسلىسىمۇ قارنىڭ رەڭگىنى يادىغا ئالالمايدىغاندەك قىلاتتى.

...

گۈلنىگارنىڭ كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلدى، ئىچ ـ ئىچىدىن قايناپ چىقىۋاتقان ئۆكسۈشلىرى تەستە بېسىلدى. ئۆزىنىڭ خىياللىرىدىن، ئارزۇلىرىدىن، تەلپۈنۈشلىرىدىن نومۇس قىلىپ كەتتى. مەن نېمىشقا مۇشۇنداق بولۇپ قالدىم؟

گۈلنىگار كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى، بايىقى ئۈنسىز پىچىرلاش يەنە ئاڭلاندى. ھاياتنىڭ شەرمەندە ھۆكمى قۇلاق تۈۋىدە سىرلىق شىۋىرلاپ مەسخىرىلىك ھىجىياتتى. بۇ شىۋىرلاش گۈلنىگارنىڭ ھاياتىغا بېرىلگەن ئىسپات ياكى ھۆكۈمگە ئوخشاپ كېتەتتى.

ــــ سىزگە بولغان كۆڭلۈمنى بىلىسىز، مېنى نېمىشقا بۇنچە قىينايسىز؟

دىلمۇراتنىڭ قولىدىكى قان رەڭلىك ھاراق جوۋلا قىلاتتى.

ــــ مېنىڭ ئۆلۈۋالغۇم كېلىۋاتىدۇ.

دىلمۇرات چۆچۈپ كەتتى، چىرايى ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتاردى.

گۈلنىگار تورۇستىن كۆزىنى ئېلىپ ئۇھ تارتىپ قويىدى. دىلمۇراتنىڭ تەلمۈرۈپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆرگەندەك بولدى، دىلمۇراتنىڭ ئۆزىگە تەلمۈرگەن كۆزى بىلەن ئۆزىنىڭ سەردارغا تەلمۈرگەن كۆزلىرى ئوخشىشىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى، ئۇنىڭ يۈرىكىدە دىلمۇراتقا نىسبەتەن ئۆچمەنلىكمۇ، تەلپۈنۈشمۇ باردەك ئىدى.

گۈلنىگار بۇزۇلدى، 2014 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ...

گۈلنىگارنىڭ يۈرىكىدىكى بىرنەرسە گۈلنىگارغا مەنسۇپ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولغان ئۇزۇن ۋاقىتنىڭ، ئۇزۇن كۈنلەرنىڭ، ئۇزۇن سائەتلەرنىڭ ئىچىدىكى ئاشۇ كۈننى پات ـ پات ئۇنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلايتتى.

گۈلنىگار ئۈستەلدە تۇرغان MP3 ئاپپاراتىنى ئاچتى، بۇ ئاپپاراتنى ئىلتەبىرنىڭ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئېلىپ بەرگەنىدى، ئىنگلىز تىلى كۇرسى ئاچقان قىز ھاياجانلىق سۆزلەيدىغان، ئورۇق يۈزىگە قارىغاندا كۆزى چوڭ كېلىپ قالغاندەك كۆرۈنىدىغان قىز ئىدى، بۇ قىز تۇرۇپلا يوقاپ كېتىپ كۇرسمۇ توختاپ قالدى، بۇ ئاپپاراتمۇ تاشلىنىپ قالدى، باللار بۇنىڭ بىلەن كىشى چۈشىنىپ بولغىلى بولمايدىغان غەلىتە ناخشىلارنى ئاڭلاپ يۈرەتتى، كېيىن گۈلنىگارنىڭ ئەتىگەندىن كەچكىچە كومپيۇتېردىن باش كۆتۈرمەيدىغان خىزمەتدىشى ئۇنىڭغا ئۇيغۇرچە ناخشىلارنى قاچىلاپ بەرگەنىدى. گۈلنىگار ناخشا ـ ساز دېگەنگە ئانچە قىزىقىپ كەتمەيتتى، ئەمما يېقىندا ئاشۇ بالىغا دەپ ناخشا قاچىلىتىپ ئەكەلدى. گۈلنىگار MP3 ئاپپاراتىنىڭ كۇنۇپكىسىنى باستى، ئۆمەرجان ئالىممۇ ياكى ئەنۋەر ھاكىممۇ، ئىشقىلىپ ئىككىسىنىڭ بىرسىنىڭ دۇتارنى تەڭكەش قىلىپ ئېيتقان ناخشىسى ياڭرىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن گۈلنىگار چۈشەنمەيدىغان تىلدىكى جاز مۇزىكىسىنىڭ رىتىمى تېز ناخشىسى ئاڭلاندى.

ناخشا ئاۋازى ئىچىدە بايىقى شىۋىرلاش ئاڭلانغاندەك بولدى.

گۈلنىگار بۇزۇلدى ...

گۈلنىگار چۆچۈپ كەتتى، ئۇ ئاپپاراتنىڭ كۇنۇپكىسىنى باستى، ئۆينىڭ ئىچى جىممىدە بولۇپ كەتتى، گۈلنىگار تەنھالىقنىڭ مۇستەھكەم قوللىرى بىلەن يۈرىكىنى قارماپ تۇرغانلىقىنى سەزگەن شۇ دەمدە ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ئىشلارنى خاتا قىلغانلىقىنى، نۇرغۇن خاتالىرىنىڭ ئۆمۈر بويى داۋام قىلىدىغانلىقىنى ھەسرەت بىلەن يادىغا ئالدى.

گۈلنىگار سومكىسىدىن بىر پارچە قەغەزنى ئالدى، قەغەزدە دىلمۇراتنىڭ يېڭى تېلېفون نومۇرى بار ئىدى. دىلمۇراتنىڭ دېيىشىچە، بىرلا نومۇر بىلەن ئالاقىلىشىش خەتەرلىك ئىكەن، شۇڭا ئۇ مەخسۇس گۈلنىگار بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن ئايرىم نومۇر بېجىرگەنىدى. گۈلنىگار تېلېفون نومۇرى يېزىلغان قەغەزنى كۈچەپ پۇرلىدى، نۇرغۇن ئۇششاق پارچىلارغا بۆلۈپ يىرتتى، ئەڭ ئۇششاق پارچىلىرىنىمۇ يىرتتى، بارماقلىرى قىزىرىپ كەتتى، ئوڭ قولىنىڭ قايسىبىر بارمىقى ئاغرىغاندەك قىلاتتى.

يىرتىلغان قەغەز پارچىلىرى كىم بىرلىرىنىڭ خاراب بولغان ھاياتى، دەز كەتكەن ئەقىدىسى، قاراڭغۇ كەلگۈسىگە ئوخشاش ھەر يان لەيلەپ پىرقىراپ ئاستا يەرگە چۈشۈپ كەتتى. قەغەز پارچىلىرى ناھايىتى تەستە يەرگە چۈشۈپ بولدى، بەزىلىرى گۈلنىگارنىڭ كۆز ئالدىدا چۈشكۈسى كەلمىگەندەك لەيلەپ يۈرۈپ پىرقىراپ تەستە چۈشەتتى.

گۈلنىگار ئۆزىگە ئۆچ بولۇپ كەتتى، ئۆزىنىڭ ئويىچە قەتئىي قىلىشقا بولمايدىغان ئىشنى قىلغانىدى. «مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن، مۇشۇ ئىشنى قانداق ئۇنتۇپ كېتىمەن؟ ... دىلمۇرات قانداق ئويلاپ قالغاندۇ؟ ئۇ مېنى مەسخىرە قىلغاندۇ، زاڭلىق قىلغاندۇر ... مېنىڭ يالىڭاچ تۇرقۇمدىن ھۇزۇرلانغاندۇر ... گۈلنىگار، سەن پەسكەش ئايال ... ئۆزۈڭنى يەرگە ئۇردۇڭ ...»

گۈلنىگار «ئەيدىز» دېگەن نەرسىنى ئازراق بىلىدۇ، گۈلنىگار بۇ نەرسىنىڭ دەھشىتىدىن تىتىلغان يۈرەكلەرنىڭ، پارە بولغان ئەقىدىلەرنىڭ نالىسىنى ئاڭلاپ باقمىدى. ئەمما ئۆزىنىڭ بۇ نەرسىگە قانچىلىك يېقىنلاشقانلىقىنى بىلمەيدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ نەرسىگە ھەددىنى يۇرىيالىغۇدەك، تۇرقىنى كۆرەلىگۈدەك دەرىجىدە سۈۋىشىپ قالغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

## 99

نادىرەنىڭ باش ئۈستىدە ھالقىسىمان چىگىلگەن قىزىل لېنتا بىلەن ئىنگلىز يېزىقىدىكى «HIV» دېگەن خەتلەر پىرقىراپ يۈرەتتى، ئۇنىڭ ئاسمىنىدا، ئۇنىڭ دەريالىرىدا، ئۇنىڭ دېڭىزلىرىدا شۇ خەتلەر ئۇچۇپ يۈرەتتى، سۇنىڭ شەكلى، ھاۋانىڭ شەكلى ... ھەممە نەرسە شۇ ئۈچ تال ھەرپكە ئوخشاپ قالغانىدى، ھالقىلاپ چىگىلگەن قىزىل لېنتىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى.

«مەندە نېمە گۇناھ ... مەن گۇناھسىز، مەن باشقىلارنىڭ گۇناھىنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتىم، ھەممەيلەن ماڭا ئوخشاش بەدەل تۆلىشى كېرەك ... ئۇزاققا قالماي شەرمەندىلەرچە ئۆلىمەن، مېنىڭ ياشىشىمۇ شەرمەندە ياشاش بولدۇ، ئۆلۈشۈممۇ شەرمەندە ئۆلۈش بولىدۇ. مەن ئۈچ ئالىمەن ... ئادەملەرنىڭ ھەممىسىدىن ئۆچ ئالىمەن ... »

نادىرەنىڭ ئاسمىنىدا ئۇچۇپ يۈرگەن «HIV» شەكىللىك قارا قۇشنىڭ قاناتلىرى ئارىسىدىن ئەسكەن زەھەردەك ئاچچىق شامال ئۇنىڭ جىمى خىياللىرىنى مۇزلىتىۋەتتى.

— مەن ھەممە ئادەمدىن ئۆچ ئالىمەن.

ئۇ ئۆزى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان، ئۆزى ئەزەلدىن سۆزلىشىپ باقمىغان بىر ئادەمگە شۇنداق دېدى. بۇ ئادەم ئەر بولۇشىمۇ، ئايال بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

— بۇ تەقدىر ... مەن تەقدىردىن ئۆچ ئالىمەن.

يەرنىڭ تېگىدىن، ھاۋادىن، يوروۇقلۇقتىن خىرىلداپ كۈلگەن ئاۋاز كەلدى. يەر ـ جاھان ئۇنى مەسخىرە قىلىۋاتاتتى.

— مەن ئۆلۈۋالىمەن.

ئۇ ئۆزى ئەزەلدىن سۆزلىشىپ باقمىغان بىرسىگە شۇنداق دەيتتى. تونۇيدىغان ئەرلەرگە، تونۇيدىغان ئاياللارغا بۇ گەپلەرنى دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. سەل نېرىدا بېشىنى چاڭگاللاپ

www.uyghurkitap.com

ئولتۇرغان دىلمۇرات ھە دېگەندە شىۋىرغانلىق كېچىلەردە توڭلاپ قېتىپ قالغان جەسەتتەك كۆرۈنۈپ قالدى، ئۇ بۇنىڭدىن نەچچە يىل بۇرۇن تېلېۋىزوردا سوغۇقتا توڭلاپ ئۆلگەن بىر جەسەتنى كۆرگەن، بۇ ئېچىنىشلىق مۇھەببەت ھېكايىسى تەسۋىرلەنگەن كىنو ئىدى، ئۆزىنى تاشلاپ كەتكەن سۆيگىنىنىڭ دەردىدە قاۋاقتا يېرىم كېچىگىچە ھاراق ئىچكەن ئەر جۇدۇنلۇق كېچىدە توڭلاپ ئۆلۈپ قالاتتى.

نادىرە ... گۈزەل شەھەرنىڭ گۈزەل قىزى كىچىك ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن بىپايان ئاسمانغا، ئاقۇچ بۇلۇتلارغا نەزەر سېلىپ، ئۈنسىز قاراپ تۇردى. ئادەم دېگەننىڭ ئۆزىگە ئۆزى پاتمايدىغان دەملىرى بولىدۇ، ئۆزىنىڭ يۈرىكىگە ئۆزى كەپلىشىپ قالىدىغان چاغلىرى بولىدۇ. پۇشايمان ... بەزى پۇشايمانلارنىڭ دەردى دوزاخ ئازابى بىلەن رەڭداش بولۇپ قالىدۇ، ئەيدىز ... مەن نېمىشقا ئەيدىز بولۇپ قالىمەن؟

سۈزۈك ئاسمان، سۈزۈك ئاسماندىكى بۇلۇتلار بۇ ھاياتنىڭ بەكمۇ سۆيۈنۈشلۈك ئىكەنلىكىدىن بىشارەت بېرىپ تۇراتتى.

— بىز بىللە ئۆلۈۋالايلى، — نادىرە ئىككىنى يۆلەپ ئولتۇرغان دىلمۇراتقا شۇنداق دېدى.

نادىرە دىلمۇراتنىڭ ھېلىلا يىغلىۋېتىپ چۈشىدىغاندەك ئاجىز تۇرقىنى نۇرغۇن قېتىم چۈشىدە كۆرەتتى. دىلمۇرات نادىرەگە تۆگىشىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنۈۋاتاتتى.

— بۇ مۇمكىن ئەمەس، — دىلمۇراتنىڭ ئاۋازى شىۋىرغاندەك ئاڭلىناتتى.

— بىزنىڭ ئەمدى ياشىشىمىزنىڭ ئەھمىيىتى قالمىدى.

— بىر كۈن ياشىسام بىر كۈنگە ھېساب، — دېدى دىلمۇرات بىردىن قەددىنى رۇسلاپ، — ئاخىرىغىچە ياشايمىز.

— سىز مېنى تۆگەشتۈردىڭىز.

— قەستەن قىلمىدىم، پۇشايماندا قالدىم، ئۆزۈمنى

كەچۈرمەيمەن.

— ئاھ خۇدا، نېمانداق تەتۈر تەقدىر بۇ؟

— بولىدىغان ئىش بولدى، بىزدە ئۆلۈمگە جۈرئەت بولۇشى كېرەك.

دىلمۇراتنىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن ياش نادىرەنىڭ كۆزىگە قان رەڭگىدە كۆرۈندى.

— ئاشۇ ئىسپاتلارنىڭ ھەممىسى راستمۇ؟ — دىلمۇرات پات ـ پات شۇنداق سورايتتى، بەلكىم ئۇ نادىرەنىڭ ئاغزىدىن: «ئۇ ئىسپاتلار يالغان، مەن چاقچاق قىلىپ قويدۇم ...» دېگەن گەپلەرنىڭ چىقىشىنى تەمە قىلىدىغاندۇ.

— راست.

— نېمە بولۇپ تەكشۈرتۈپ قالدىڭىز؟

— تولا بېشىم قايىدىغان بولۇپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن دوختۇرخانىغا باردىم، ئاندىن ئۇلار قان تەكشۈردى ...

دىلمۇرات نادىرەنىڭ كۆزىگە يىرگىنچلىك، بەتبەشىرە ئادەم بولۇپ كۆرۈندى. مەن ناھايىتى نۇرغۇن پۇلغا موھتاج بولۇپ قالمىغان بولسام ... مۇراتنى ياخشى كۆرۈپ قالمىغان بولسام ... مۇرات مېنى قۇتقۇزىمەن دەپ پالەچ بولۇپ قالمىغان بولسا ...

نادىرە بەزىدە توختىماي باھانە ئىزدەيدۇ. مۇرات ئۈچۈن مۇشۇنداق بولۇپ قالدىم، دەپ ئويلىيالىسا كۆڭلى يەڭگىل بولۇپ قالىدۇ. ئەمما ... ئۇنىڭ خىياللىرى ئاخىر راست گېپىنى قىلىدۇ ... سېنىڭ ئەيدىز بولۇشۇڭ بىلەن مۇراتنىڭ ئالاقىسى يوق، سەن دىلمۇراتنىڭ شىركىتىگە ئىشلىگىلى بارغان، تېنىڭنى دىلمۇراتقا تۇتۇپ بېرىپ، شۇنىڭ بەدىلىگە نۇرغۇن پۇلغا ئېرىشىمەن دېيىشىڭ كېيىنكى ئىش ... ھەممە ئەيىب ئۆزۈڭدە، ئۆزۈڭنىڭ بىخۇدلۇقىدىن مۇشۇ كۈنگە قالدىڭ، ئۆزۈڭنى ئاقلاشقا باھانە ئىزدەشلىرىڭنىڭ ھاجىتى يوق ...

نادىرە ئۆزىگە ئۆزى مىختەك تىكىلىپ شۇنداق دەيتتى.

دىلمۇرات نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلدى، ئۇنىڭمۇ ئەيدىزنى يۇقتۇرۇپ قويۇش نىيىتى يوق ... نىيىتى يوق دېگەن قانداق گەپ؟ نىيىتى بولمىسىلا جىنايەت ئۆتكۈزسە بولامدىكەن؟ ... دىلمۇراتنى كەچۈرگىلى بولمايدۇ ... ئەڭ شەپقەتسىز ئىش شۇكى، مەن كۆندۈم ... دىلمۇراتنىڭ پەسكەش تەلەپلىرىگە كۆندۈم.

بەزى نەرسىلەرنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىدۇ، قايتىلىغىلى بولمايدۇ، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە مەيلىدى، ئەمما ئادەمنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزىدىغان پۇرسەت قايتا كەلگىلى ئۇنىمايدۇ، ھاياتنىڭ نورماللىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولماي قالىدۇ.

— سەن خاتىرجەم بول، نادىرە، — مۇرات شادىمان ھالدا نادىرەنىڭ قوللىرىنى سىلاپ تۇرۇپ شۇنداق دېگەنىدى، — مەن سەندىن خاتىرجەم، سەنمۇ مەندىن خاتىرجەم بول، ئىككىمىز مەڭگۈ بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلمايمىز.

مۇرات دوختۇرخانىدىن يېڭى چىققاندا شۇنداق دېگەن، نادىرە ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنگەن، مۇراتقا، ئۆزىگە ئىشەنگەنىدى. تەقدىرنىڭ شۇم قولى مۇراتنىڭ يۈرىكىدىكى، ئۆزىنىڭ يۈرىكىدىكى ئىشەنچنى تارتىۋالدى.

نادىرەنىڭ مېڭىسىنى گادىرماچ خىياللار چۇلغىۋالدى، ياد بولۇپ كەتكەن خىياللارنى قىلىۋېرىپ زېرىكتى، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئەيىبلىدى، خىياللىرى چېچىلدى، بۇرۇنقى كۈنلىرىنى، كۆزلىرىدىن يۇمشاق نۇردەك مېھرىبانلىق يېغىپ تۇرىدىغان ئانىسىنى ئەسلىدى، دادىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ، تۇرمىدىكى دادىسىنىڭ ئېغىر تۆمۈر ئىشىكلەر ئىچىدىكى كۈنلىرىنىڭ ۋەھىمىسىنى ھېس قىلىپ، يۈرىكى زىركىرىدى ... ساۋاقداشلىرىنى يادىغا ئالدى، شۇ غەمسىز يىللاردا ئۇ مۇلايىم قوزىدەك دائىم يېنىغا كېلىۋالىدىغان گۈلپىيەنى ئويلىدى، گۈلپىيەنىڭ غېرىبانە قاراشلىرىنى ئەسلىدى.

## 100

ھېچ نەرسىگە ئىشىنمىسىنى خالىمايدىغان بولۇپ قالغان گۈلپىيە بارات موللامىنىڭ يۇمشاق قوللىرىدىن كېلىۋاتقان خاتىرجەملىكنىڭ ئاجىز ھەم غېرىبانە ئىكەنلىكىنى سېزىپ تۇرىدۇ. تار ھەم قاراڭغۇ بىر يەرلەرگە كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ بىراق بۇلارنى ئويلىغۇسى كەلمەيدۇ.

گۈلپىيەنىڭ ئەتىسىنى ئويلىغۇسى يوق.

ئۇنىڭ ئەتىسىنى ئويلاشقا جۈرئىتى يوق.

— سىلى بىر كۈنلەردە كېتىپ قالسىلا مەن قانداق قىلىمەن؟

گۈلپىيە ئۆزىنىڭ سوئالىدىن ئۆزى قورقۇپ كەتتى، يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى، ئۇ بىر چاغلاردا ئەنۋەردىن: «مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن؟» دەپ سورىغان، بۇمۇ خۇددى شۇنىڭدەك بىر سوئال بولدى.

— مەن نەگە كەتسەم سىزنى بىللە ئەكېتىمەن ... خاتىرجەم بولۇڭ.

— مەن ساقىيارمەنمۇ؟

— ساقىيىسىز، يېنىمدا بولسىڭىز ساقىيىسىز، ھېلىقى جىن سىزگە بەك كۆنۈپ قاپتىكەن، ئۇ ھازىرمۇ سىزنى ماراپ يۈرىدۇ.

— ئۇنى كۆيدۈرۈۋەتكەنغۇ؟

— جىن دېگەننىڭ يەتتە جېنى بولىدۇ، بىز پەقەت بىرىنىلا ئۆلتۈردۇق، قالغانلىرى ھېلىمۇ سىزنىڭ پېيىڭىزدە يۈرىدۇ.

گۈلپىيەنىڭ مېڭىسىگە قىزىللىق تىقىلىپ بارات موللامغا مەھكەم يېپىشتى.

گۈلپىيەگە ھېچكىم: «ھەممە ئىش ئۆتۈپ كېتىدۇ» دېمىدى، ئۇ ئۆزىگە ئۆزىمۇ بۇ گەپنى دېمىدى، ئەمما ئۇنىڭ يۈرىكىدە

ھەممە ئىش ئۆتۈپ كېتىۋىدىغاندەك، يۈرىكىدىكى قورقۇنچ، ۋەھىمە، ئادەملەردىن، شاۋقۇن ـ سۈرەندىن، كىم بىرلىرىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراشلىرىدىن ... ئۆزى قورقىدىغان ھەممە نەرسىنىڭ ئاستا ـ ئاستا يوقىلىپ، باھار كۈنلىرىدىكى سەلكىن شامالدەك راھەتلىك دەملەرنىڭ كېلىشىگە ئىشىنەتتى.

— ھەممە ئادەمدىن ئېھتىيات قىلىڭ، ئىچىڭىزدىكى ئەركەك جىن سىزنى ھەممە ئادەمگە سەت، سوغۇق كۆرسىتىپ، كۆرگەنلىكى ئادەمنى سىزگە ئۆچ بولىدىغان قىلىۋېتىپتىكەن، بۇ ئىشلارنىمۇ ئاستا ـ ئاستا ئوڭشايمىز، مەندىن باشقا ھەرقانداق ئادەمنىڭ گېپىگە ئىشەنمەڭ، مەندىن شەكلەنمەڭ، گۇمان قىلماڭ، بولمىسا ئەھۋالىڭىز تېخىمۇ يامانلىشىدۇ ...

چىرايلىق شەھەرنىڭ چىرايلىق ھاياتى داۋام قىلاتتى، ئۈمىد جەننەت گۈلنىڭكىدەك ھېدىنى تارقىتىپ ساغلام يۈرەك ئىزدەپ يۈرەتتى. شۇ قەدەر ئۇلۇغ يارىتىلغان روھ بۇلغىنىپ كېتىشكە ئاران تۇرىدۇ، ئاسمىنىنى قارا تۈتۈن باسقىلى، سۈلىرى نىجاسەت بىلەن ئارىلىشىپ كەتكىلى، شاماللىرى چاڭ ـ توزان بىلەن نادىرە قانداق ھالدا قالسۇن، گۈلپىيە نېمە ئىشلارنى باشتىن كەچۈرسۇن، رازىيە، گۈلنىگار دېگەن ئايالار قانداق كۆڭۈلسىزلىكلەرنى باشتىن كەچۈرسۇن ... ھاياتنىڭ گۈلگۈن يۈزى يەنىلا شېرىن تەبەسسۇم بىلەن جىلۋە قىلىپ تۇراتتى.

## 101

گۈلنىگار غۇرۇر شادىمانلىقى ئەۋجىگەن ئوتتەك ھاياجان بىلەن سەردارنى قۇچاقلىدى.

— ماڭا نېمىشقا بالدۇرراق ئېيتمىدىڭىز؟

— نېمىنى ئېيتاتتىم؟ — دېدى سەردار ھەيران قالغاندەك.

— كىتابىڭىز چىقىپتۇغۇ ... بەك خۇش بولدۇم، سەردار، سىزدىن پەخىرلەندىم، دەرھال تەبرىكلەيلى، مەن مېھمان قىلاي،

ئىلتەبىر بىلەن مويۇنچۇر كەلسۇن، سىرتقا چىقىپ تاماق يەيلى، ئاندىن سىزگە كىيىم ئالايلى، ئىشقىلىپ ...

سەردار گۇلنىگارنىڭ خۇشاللىقتىن قىن ـ قىنىغا پاتماي قالغان تۇرقىنى كۆرۈپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمىدى، ئۇ بۇگۇن كەچتە چولپان بىلەن كۆرۈشۇشكە دېيىشىپ قويغان، چولپانمۇ سەردارنىڭ «غەرب ۋە ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىكىنى بىرلەشتۇرۇشنىڭ پىكىر يولى» ناملىق كىتابچىسىنىڭ نەشر قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلىمەكچى بولغان، سەردار بۇ خەۋەرنى بىرىنچى بولۇپ چولپانغا ئېيتقانىدى.

ــ بۇنچە قىلىپ كېتىشىنىڭ كېرىكى يوققۇ، ــ دېدى سەردار ئوڭايسىزلانغاندەك.

ــ نېمە دېگىنىڭىز بۇ، چوقۇم شۇنداق قىلىمىز، مەن كىيىملىرىڭىزنى ئاچىقاي، ئۇنىڭغىچە بالىلارمۇ كېلىپ قالىدۇ.

گۇلنىگار چەبدەس قەدەملەر بىلەن ياندىكى ئۆيگە كىرىپ سەردارنىڭ كىيىملىرىنى كۆتۇرۇپ چىقتى.

گۇلنىگارنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن خۇش بولۇپ كەتكەن تۇرقى سەردارنى ئېسەنگىرىتىپ قويدى، بۇ ئەلۋەتتە خۇش بولىدىغان ئىش، گۇلنىگار خۇش بولسا بولىدۇ، بىراق گۇلنىگارنىڭ بۇنچە خۇش بولۇپ كېتىشى سەردارغا بىزۆرۈر تۇيۇلۇپ قالدى. سەردارنىڭ نەزىرىدە گۇلنىگار كىتاب چىقىش دېگەندەك ئىشلار ئۇچۇن بۇنچىۋالا خۇش بولۇپ كەتسە بولمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى. گۇلنىگار كىتابنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى چۇشىنىشى ناتايىن ...

بۇ دۇنيادا ئۆزى ھەقىقىي سۆيگەن ئادىمىنىڭ ئۇتۇقى ئۇچۇن خۇددى مۇشۇنداق قىن ـ قىنىغا پاتماي خۇش بولغىلى بولىدۇ.

ــ ھېلىقى قىز قانداق بولۇپ كەتتى؟ ــ دېدى سەردار گەپنىڭ تېمىسىنى يۆتكەپ.

ــ گۇلسۇمنى دەمسىز، مەن ئۇنىڭغا قايىل بولدۇم، ــ گۇلنىگار دەزماللانغان كاستۇمنىڭ تۇگمىلىرىنى يەشكەچ دېدى، ــ ئۇ دەسلەپكى كۇنلەردە بەكلا شۇكلەپ كەتكەن، يېقىندا

ئىلگىرىكىدىنمۇ تىرىشچان، قەيسەر بولۇپ كەتتى، ئاشخانىغىمۇ بىرىۋاتقان ئوخشايدۇ.

— ھېلىقى غوجايىن ئۇنىڭغا يەنە شۇ ئون سوملا پۇل بېرەمدىكەن؟

— سەردار، گەپنى ئەپقاچماڭ. گۈلسۈمنىڭ گېپىنى كېيىن قىلىشايلى، بۈگۈن نېمە دېسىڭىزمۇ ئۇنىمايمەن، قەتئىي تەبرىكلىمىسەك بولمايدۇ.

سەردار گۈلنىگارنىڭ خۇشاللىقتىن ئۆزىنى قويارغا جاي تاپالماي قالغان تۇرقىغا قاراپ ئۆزىنى قانداقتۇر بىر ئىشنى خاتا قىلغاندەك بىسەرەمجان بولۇپ قالدى.

— كەلدىڭلارمۇ قوزىلىرىم، داداڭلارنى قۇچاقلاڭلار، تېز، داداڭلارنى تەبرىكلەڭلار، — دېدى گۈلنىگار ئوغۇللىرىنىڭ سومكىلىرىنى ئېلىۋېتىپ، — ئىلتەبىر، نېمىگە قاراپ تۇرىسەن، داداڭنى سۆيۈپ قوي، ئوغلۇم، مويۇنچۇر، سەنمۇ تېز بول.

ئىلتەبىر بىلەن مويۇنچۇر نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمىگەندەك تۇرۇپ قالدى.

— داداڭلارنىڭ كىتابى چىقىپتۇ، بالىلىرىم ... نېمىدېگەن ياخشى ...

ئىلتەبىر ساپادا ئولتۇرغان سەردارنىڭ مەڭزىگە سۆيدى، بالىسىنىڭ يەڭگىل ھەمدى سەردارغا ھېچنېمە بىلەن تەڭ قىلغىلى بولمايدىغان تاتلىق سۆيۈنۈش ئاتا قىلدى.

مويۇنچۇر بىر سەكرەپلا سەردارنىڭ قۇچىقىغا چىقىپ، ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ دادىسىنى سۆيدى، ئاندىن بىر قولى بىلەن سەردارنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ، بىر قولىنى تەڭلىدى.

سەردار مويۇنچۇرنىڭ قول سوزۇشلىرىغا ھەيران قالغاندەك سورىدى:

— قولۇڭنى تەڭلەيسەنغۇ؟

— ھېلىقىنى بىرىۋېتىڭ، دادا.

— نېمىنى؟
— موكاپاتنى.
— نېمە موكاپات ئۇ؟
— كىتابىڭىز چىقىپتۇ، شۇنىڭ موكاپاتىچۇ؟

مويۇنچۇرنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان سەردار كۈلۈپ كەتتى، گۈلنىگار مويۇنچۇرنىڭ قۇلىقىدىن يۇمشاق تارتىپ كايىدى.

— چۇشە بوياقتا، كىتابنى داداڭ يازسا، موكاپاتنى داداڭ ئالماي سەن ئالامتىڭ؟ ... گېپىنى قارا بۇنىڭ.

— مەن ئالساممۇ ھېچنېمە بولمايدۇ، دادام دېگەن مېنىڭ دادام، دادامنىڭ نەتىجىسىمۇ مېنىڭ نەتىجەمگە ئوخشاش.

سەردارمۇ، گۈلنىگارمۇ كۈلۈپ كەتتى، گۈلنىگارنىڭ سۆيۈنۈشلۈك كۈلكىسىدىن بەخت ئۇرغۇپ تۇراتتى، پەخىر ھەم غۇرۇر بالقىيتتى، ئۆزىنى چوڭ بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلىدىغان ئىلتەبىر ئىنىسىنىڭ شوخلۇقلىرىنى ياقتۇرمىغاندەك تەرزدە كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى.

كۈلكە بىلەن خۇشاللىق شەھەر كوچىلىرىدا، شەھەر ئاسمىنىدا، شەھەر ئادەملىرىنىڭ يۈرىكىدە سالماق كېزىپ يۈرەتتى. ئازادە، كەڭ كوچىلار، تار، ئەگرى ـ بۈگرى كوچىلاردىن پۈتكەن شەھەر مەڭگۈلۈك سىرلارنى باغرىغا يوشۇرۇپ سوزۇلۇپ ياتىدۇ، شەھەر مەركىزىدىكى ئون بەش قەۋەتلىك بىنا ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

## 102

شەھەر مەركىزىدىكى ئون بەش قەۋەتلىك بىنا ھەيۋەت بىلەن چوقچىيىپ تۇراتتى، ئۆيلەرنىڭ دېرىزىلىرىدىن چىقىۋاتقان يورۇق نۇر يۇلتۇزلاردەك كۆزگە تاشلىناتتى. بىنادا ناھايىتى نۇرغۇن يۈرەكلەر گاھ كۆيۈپ، گاھ مۇزلاپ تۇرغاندەك ئىدى. بەشىنچى قەۋەتنىڭ بالكونىدا يۈرەككە ئوخشايدىغان رەڭدار قۇش

چىرايلىق قەپەس ئىچىدە مۈگۈدەپ ئولتۇراتتى. دالادىكى قۇشلارنىڭ چۇشلىرى، دەرەختىكە ئۇۋا سالغان قۇشلارنىڭ چۇشلىرى، قەپەستىكى رەڭدار قۇشنىڭ چۇشلىرى ھەققىدە بىلىدىغانلار يوق. ئەمما قەپەستىكى قۇشنىڭ چوقۇم چۇش كۆرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلار بار. مۈگدەۋاتقان قۇشنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى يا ئويغاقلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. شەھەرنىڭ شاۋقۇنلىرى چۇش ئىلكىدىكى قۇشقا ئەڭ تېتىقسىز ئاۋاز بولۇپ ئاڭلانسا كېرەك.

تېلېفون سايرىدى، تېلېفوننىڭ ئاۋازىدىن قورقىدىغان ئايالنىڭ چۆچۈشلىرى ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ۋايىملىق ئىدى.

— ۋەي، — ئايال تېلېفوننى ئالمىسام بوپتىكەن دەپ ئويلىدى.

— مەن.

بىردەملىك جىملىق ناھايىتى ئۇزاق بىلىنىپ كەتتى.

— مېنى تونۇمىدىڭمۇ؟

— تونۇدۇم.

— ئەمىسە گەپ قىلمايسەنغۇ؟

— نېمە دەيتتىم، قىلغۇدەك گېپىم يوق.

— ما گەپنى، ئەمدىزە ماڭا قىلغۇدەك گېپىڭ يوق بولۇپ قالدىما.

يەنە جىملىق. بەزى جىملىقنىڭ ئارىسىغا جىملىققا پەقەت ئوخشىمايدىغان ئۈنسىز ھەم رەھىمسىز شاۋقۇن مەھكەم يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ.

— شۇنداق قىلىپ ... سەن ھەممە ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتكەن ئوخشىمامسەن؟

— شۇنداق.

— نېمە؟

يەنە جىملىق. بۇ جىملىقنىڭ بىر يەرلىرى قەپەستىكى رەڭدار قۇشنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتەتتى. يەنە بىردە رەڭدار

قوشنىڭ جوللاپ تۇرغان بىچارە رەڭگىگىمۇ ئوخشاپ كېتەتتى.
— راست ئېيتتىڭ كەتتىم ــ دە، ئەمىسە مەن سىڭىلنىڭ يادىڭغا سېلىپ قويسام بولغۇدەك، ساڭا دېسەم بارغۇ. ئىنىڭنىڭ مىنىڭ قولۇمدا، ئۇنى يىراقلارغا بۇيرۇۋېتەلەيمەن، ئۇ قەرزلىرىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق ئىشلىمىسە بولمايدۇ، ئۇ ماڭا، ئوغۇل بالىنىڭ قەرزى بولسا يۈرىكى پۈتۈن بولمايدىكەن، مەن ئەڭ تەس ئىشلارنى قىلاي، بولسا مېنى ئىش ھەققى ئەڭ يۇقىرى ئىشقا قويۇڭ، دېدى.
رەڭدار قۇش ھەممە گەپلەرنى ئوغرىلىقچە ئاڭلاۋاتقاندەك، ئىسىدە تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن پۈتۈن دىققىتىنى يىغىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.
— گەپ قىلمايسەنغۇ، ئىنىڭنى تېخىمۇ يىراققا بۇيرۇيمەن، ئىنىڭ مىنىڭ قولۇمدا.
— سىڭىلنىڭ قولۇڭدا بولسا مەيلى.
— مەيلى دەيسەنغۇ؟
— نېمە قىلغۇڭ كەلسە شۇنى قىل.
— ئىنىڭگە بۇرۇنقى ئىشلارنى دەيمەن.
— دەۋەر.
— نېمە ... دەۋەر؟ دېسەم كۆڭلۈڭ تەس بولۇپ قالارمىكى ... مىنىڭ قولۇمدا ئىككىمىزنىڭ كارىۋاتتىكى ئىشلىرىنىڭ سۈرەتلىرى بار جۇمۇ، مېنى بوش چاغلاپ قالما.
— شەرمەندە ھايۋان ...
— گېپىمنى ئاڭلىمىساڭ يەر بىلەن يەكسان بولىسەن.
شەھەر ئاسمىنىنى كېزىپ يۈرگەن قارا مانان سايە تاشلاپ ئۆتكەندەك بولدى.
— نېمە بولسا بولسۇن، مەنمۇ مۇنداق جاندىن تويدۇم، شۇنچە يىل كۆڭۈل بەرگەن ئادەمدىن كەلگەن ۋاپا شۇ بولدى، خوتۇنۇمنى قويۇۋېتىپ سېنى ئالىمەن دېدىڭ، مەن شۇ گېپىڭگە ئىشىنىپ، شۇ بىچارە ئايالنىڭ يۈرىكىنى زىدە قىلىپ شۇنچە يىل

سەن بىلەن ئارىلىشىپ يۈردۈم، ئاخىر مېنى ئالدىدىڭ، مەيلى دېدىم، مەنمۇ ئېرىمنى ئالداپ مۇشۇ كۈنگە كەلدىم، ئەمدى بۇ گەپنى كۆتۈرۈپ چىقىپسەن ... سەندەك ئادەمگە ئەقىدە قىلىپ يۈرگەندىكىن مەنمۇ بىر هايۋان ئىكەنمەن ... نېمە قىلساڭ شۇنى قىل، ئېرىمگە دېگۈڭ بولسا دېگىن، بېشىمغا كەلگەننى كۆرىمەن ...
لىفىتنىڭ تاراقلاشلىرىدەك بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپ يوقاپ كەتتى.
— سەن ... ئەمەلىيەتتە مەن سېنى هازىرمۇ ياخشى كۆرىمەن.
قارشى تەرەپنىڭ ئاۋازى غاراڭ - غۇرۇك ئىدى.
— بۇ دېگەن ئېشەكنىڭ ياخشى كۆرۈشى.
— نېمە؟ ئېشەكنىڭ ياخشى كۆرۈشى ... سەن ... مېنى تىللاۋاتامسەن نېمە؟
— تىللىمىدىم.
— ئەمىسە ئېشەكنىڭ گېپىنى قىلىسەنغۇ؟
— شۇنداق، ئېشەكنىڭ گېپىنى قىلدىم.
— سەن مېنى ئېشەككە ئوخشايسەن دېمەكچىمۇ؟
— سەنلا ئەمەس ... مەنمۇ ئوخشايمەن.
— ساراڭ بولدۇڭمۇ نېمە؟
— قانداق ئويلىساڭ ئىختىيارىڭ.
— مېنىڭ ئېشەكنىڭ، يەنە بىرنېمىنىڭ گېپىنى قىلىدىغانغا ئارتۇق ۋاقتىم يوق، قېشىمغا كېلەمسەن - يوق؟
— مۇمكىن ئەمەس.
— ئىشنىڭ چاتاق بولارمىكى؟
— قانداق بولسا مەيلى.
— ئېرىڭ بىلىپ قالسا رەسۋا بولىسەن ... يەنە هېلىقى سۈرەتلەرمۇ بار ...
— پۇشايماندىن تۇگىشەي دېدىم، ئەمدى خەقنىڭ كۆزىدە رەسۋا بولغىنىمدىن ئۆلگىنىم ياخشى، شەرمەندە بولۇپ ئۆلگۈم يوق.

— نېمە دېدىڭ؟
— مەن قاتتىق پۇشايماندا قالدىم، ئېرىم بەك ياخشى ئادەم ... ئۇ مېنى جېنىدىن ئەزىز كۆرەتتى، مەن مۇشۇنداق بىر ئەرنى ئالدىغان پەس خوتۇن، شۇنداق بىر ئەرنى ئۆلۈمگە باشلاپ بارغان پەسكەش خوتۇن، بەك ئاشۇرۇۋەتمە ... يامىنى كەلسە جان دېگەن ۋاي دېگۈدەك نېمە ئەمەس ... بەشىنچى قەۋەتتىن سەكرىسەملا ھەممە نەرسە ئاخىرلىشىدۇ ... سېنىڭ جېنىڭنىمۇ بىللە ئالغاچ كېتىمەن.
— ني. . نېمە دەيسەن، غەلىتە گەپلەرنى قىلمىسەڭچۇ، مېنى قورقۇتماقچىمۇ؟
— قورقۇتمىدىم ... ئىشەنمىسەڭ سىناپ باق، سەنمۇ ماڭا ئوخشاشلا سېسىق، يىرگىنچلىك ئۆلۈمدە ئۆلىسەن.
— ساراڭ، ھە دېسە شۇنداق گەپنى قىلىدۇ، ئېلىشماق.
شەھەرنىڭ تىنىقلىرى يامان چۇش كۆرۈپ ئويغىنىپ كەتكەن قىزلارنىڭ تىنىقىغا ئوخشاپ قالغانىدى. يۈرەككە ئوخشايدىغان رەڭدار قۇش چىرايلىق قەپەسنىڭ ئىچىدە مۈگدەپ ئولتۇراتتى.
— سەنمۇ ئۆزۈڭنى تەكشۈرتۈپ باق.
— مەن نېمىگە تەكشۈرتەتتىم، مېنىڭ ھەممە يېرىم ساق.
— ئەمىسە ئىختىيارىڭ، ئۆلۈمگە تەييارلىق قىلىپ قوي.
شەھەرنىڭ تار يوللىرىدىكى، بۇلۇتلۇق ئاسمىنىدىكى غەلىتە تۈيغۇلار بېشى قېيىپ قالغاندەك لەيلەپ يۈرىدۇ، شەھەردىكى سانسىز ئادەملەر ئارىسىدا بەشىنچى قەۋەتتىكى ئايالغا ئوخشاش ۋەھىمىگە چۈشكەن نادىرەمۇ بار، بەشىنچى قەۋەتتىكى ئايال ھەم نادىرەگە ئوخشاش قورقۇنچلۇق ئالۋاستى ۋۇجۇدىغا ئەمەس، روھىغا چاڭ سالغان گۇلپىيەمۇ بار، رازىيە، شاكىر دېگەن ئادەملەر بار، شۇ ھالدا گۇلپىيە بالىلىقىنى، مەكتەپنى، مەكتەپتىكى سىرلىق ۋاقىتلىرىنى، شۇ كۈنلەردىكى يۈرىكىنى ئەسلەپ قالىدۇ، ئەسلىمە ئۇنى ھەر يان تارتقۇشلايدۇ، ئۇ ئەسلىمە ئىچىگە كىرىپ قېلىشتىن قورقىدۇ، ئەسلىمىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



سەردار ئىشخانىسىدىكى ماتېرىياللارنى رەتلەۋاتقاندا ئىشتىك چېكىلدى، ئارقىدىن ئىجازەتنى كۈتمەيلا ئىشىك ئېچىلىپ ئەخمەت كىرىپ كەلدى، ئۇ ئىشىك تۈۋىدە سەل تۇرۇپ قالدى، ئاندىن سەردارنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئەخمەتنىڭ كەيپىياتى تۆۋەن، سارغۇچ كۆزلىرى سۇس پارقىرايتتى، ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدا، قانداقتۇر بىر ئىشقا ئىچى پۇشۇپ قالغان ياكى بىر ئىشنى ھەل قىلالمىغاندەك بىئاراملىق بار ئىدى.

— ۋوي، بۇ يەرگە كېلىپ قاپسەن، ئەھۋالىڭ قانداقراق؟ — دېدى سەردار قىزغىنلىق بىلەن قول ئېلىشىپ، — قېنى بۇياققا كېلىپ ئولتۇر.

ئەخمەت ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ قولىنى ئىشقىلىدى، ئاندىن ئۈستەلدىكى ژۇرناللارنى قولغا ئېلىپ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىنى ۋاراقلاپ يەنە جايىغا تاشلاپ قويدى.

— نېمە بولدۇڭ؟ بىرەر ئىشقا ئىچىڭ پۇشۇپ قالدىمۇ نېمە؟

سەردار ئۈستەلنى ئايلىنىپ بېرىپ، ئەخمەتنىڭ قارشىسىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇردى، سەردارنىڭ ئورۇندۇقى ئىلگىرىدەكلا غىچىرلىدى، سەردار ئۆيىدىكى ساپاننىڭ، ئىشخانىسىدىكى ئورۇندۇقىنىڭ غىچىرلاشلىرىغا كۆنۈپ قالسا كېرەك.

— مەن ناھايىتى مۇھىم بىر نەرسەمدىن ئايرىلىپ قالغاندەك قىلىمەن، — دېدى ئەخمەت.

— نېمەڭدىن ئايرىلىپ قالغانسەن؟

— ئۆزۈمدىن ئايرىلىپ قالغاندەك قىلىمەن.

سەردار كۆلگىنىچە بېشىنى چايقاپ قويدى، گەپ ـ سۆزلىرى غەلىتە، تاققا ـ تۇققا سۆزلەيدىغان بۇ ئادەمدە ئاجايىپ بىر ئەقىلنىڭ بارلىقىغا، ئۇنىڭدىن كىشى ئويلىمىغان پىكىرلەرنىڭ

چىقمىغانلىقىغا سەردار ئىشىنەتتى، ئەخمەتنىڭ ھەممە ئۆي ـ پىكىرلىرى ئۇنىڭ رەسىملىرىگە تۆكۈلگەن، ئۇنىڭ رەسىملىرىنى چۈشىنىدىغانلار كۆپ ئەمەس، شۇڭا ھە دېگەندە قارشى ئېلىشقا ئېرىشەلمەيدۇ، زور كۆپچىلىك ئادەم چۈشىنەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ رەسىملىرىنىڭ تەسىرىمۇ تۆۋەن، ئەمما سەردارنىڭ ئۆيىچە ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەر چۈشىنەلمىگەندىمۇ، ئېتىراپ قىلمىغاندىمۇ ئەخمەتنىڭ رەسىملىرىنىڭ قىممىتى يەنىلا يۇقىرى، ئۇنىڭ رەسىملىرىنى چۈشىنەلمەسلىك رەسىمنىڭ گۇناھى بولماي، شۇ رەسىملەرنى چۈشىنەلمىگەنلەرنىڭ ئەيىپى ئىدى .

— ئۆزۈمدىن ئايرىلىپ قالدىم دېگىن، بۇ گەپنى مەن تازا چۈشىنىپ كەتمىدىم.

— چۈشىنىپ قالسەن، مەن ئۆزۈمدىن ئۈمىدسىزلىنىپ قالدىم، مەن رەسىم سىزىشنى توختىتاي دەيمەن.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— مەندىن ياخشى رەسىم چىقمىغۇدەك ... مەندە تالانت دېگەن نەرسە يوقتەك قىلىدۇ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— رەسىم سىزالمايۋاتىمەن، سىزغانلىرىم بىر ـ بىردىن ناچار چىقىۋاتىدۇ، كۆڭلۈمگە ياققۇدەك ھېچنېمە سىزالمىدىم.

سەردار ئەخمەتكە چاي ئۇزارتتى.

— قېنى چاي ئىچكىن، قايسى رەسىملىرىڭ ساڭا ياقمايدۇ؟

— ھەممىسى.

— بىرىمۇ ياقمامدۇ؟

— شۇنداق دېسەممۇ بولىدۇ.

— ياقمايدىغان يېرى نەدە؟

— بۇنى بىلمىدىم، تۇرۇپلا رەسىملىرىمنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ قىممىتى يوقتەك، سىزغانلىرىمنىڭ ھەممىسى بىھۇدە نەرسىلەردەك ئويلاپ قالدىم ... سابىر زىيا خەقلەرگە

ئەخمەتنىڭ سىزغانلىرىنىڭ ھەممىسى قالايمىقان نەرسىلەر، رەسىم دېگىلى بولمايدۇ، دەپتۇ.

— سابىر زىيا ... ئۇنى بىلىمەن، بولدى قىل، سېنىڭ رەسىملىرىڭنى سابىر زىيانىڭ چۈشىنىشى مۇمكىن ئەمەس، سابىر زىيا ئايرىم بىر دۇنيا، سەن ئايرىم دۇنيا.

— بىراق سابىر زىيانى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ.

— شۇنداق، سابىر زىيا تونۇلغان رەسسام، داڭلىق ئادەم، بىراق سابىر زىيا داڭلىق رەسسام، تونۇلغان كىشى بولغىنى ئۈچۈنلا ھەممە ئادەم سابىر زىيادەك رەسىم سىزسا بولمايدۇ ـ دە، ھەممە قۇشنىڭ ئۆز ئاۋازىدا سايرىغىنى ياخشى ئەمەسمۇ.

— ئىشقىلىپ مەن سەل ...

ئەخمەت گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋېتىپ جىم بولۇپ قالدى.

— بۇ ھال ساڭا ياراشمايدۇ، ئەخمەت، سېنىڭ سىزغانلىرىڭنىڭ قانداقلىقىنى مەن بىلىمەن، گەپنى قوپاللاراق دېگەندە، سابىر زىيا ئىشىنى قىلسۇن، ھازىرچە سەن سىزغان رەسىملەر قارشى ئېلىشقا ئېرىشەلمەسلىكى مۇمكىن، ئەمما مۇشۇ زاماندا قارشى ئېلىنىۋاتقان رەسىملەردىن سېنىڭ سىزغانلىرىڭنىڭ قىممىتى يۇقىرى، بۇنىڭغا ئىشەنسەڭ بولىدۇ، مېنىڭچە سېنىڭ رەسىملىرىڭدىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە ئىدىيە. رەسىمدە ئىدىيە بولۇش بەك مۇھىم، بىر كەپتەرنى، بىر سۆگەتنى ياكى كالا بىلەن ئېشەكنى سىزىشىمۇ مەلۇم بىر ئىدىيە ئۈچۈن بولۇشى كېرەك، سېنىڭ سىزغانلىرىڭدا جىڭغا توختىغۇدەك روشەن ئىدىيە بار، پىكىر بار، كىشىنى ئويغا سالىدىغان روھ بار، مۇشۇلارنىڭ ئۆزىلا ساڭا يېتەرلىك.

— بىراق سىزغانلىرىم ماڭا بەك ئاددىي تۇيۇلۇۋاتىدۇ، رەسىملىرىمنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋېتەيمىكىن دەيمەن.

— ئۇلارنى كۆيدۈرۈۋەتسەڭ ئىلگىرىكى ھاياتىڭنى، ئەقلىڭنى كۆيدۈرگەن بولىسەن، رەسىم سىزمىساڭ نېمە ئىش قىلاي دەيسەن؟

— بىلمەيمەن.
— سارە رەسىم سىزىشىڭغا قارشى چىقىۋاتامدۇ يا؟
— ئۇنداق ئەمەس.
ئەخمەت سەردارنىڭ ئۈستىلىدىكى خەنزۇچە كىتابنى قولىغا ئېلىپ ماقاۋىسىغا تىكىلگىنىچە ئولتۇردى، بىز پات - پات ئۆزىمىزنى يوقىتىپ قويىمىز، ئۆزاق ئىزدەپ كېتىمىز، نۇرغۇن ھەرەجلەردىن كېيىن ئۆزىمىزنى تېپىۋالىمىز، تېپىۋالغاندىن كېيىنكى ئۆزىمىزنىڭ ئەسلىدىكى ئۆزىمىزگە ئوپمۇئوخشاش بولۇشى ناتايىن.
سەردار چاي ئوتلاپ قويۇپ قولىدىكى قەلەمنى ئوينىاپ ئولتۇرۇپ دېدى:
— مەن دوختۇر بولماي رەسسام بولسام بوپتىكەن، دەپ ئويلاپ قالىمەن، رەسىمنىڭ ئۆزى كىشىگە ئەركىنلىك بېرىدۇ، ئىجادىيەت كىشىنىڭ روھىغا ئازادىلىك بېرىدۇ، ساڭا دېسەم سەن رەسىم سىزمىساڭ، رەسىم ئارقىلىق ئۆزۈڭنى قۇتقۇزمىساڭ ياشاپ بولالمايسەن.
— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟
— مېنىڭچە سېنى مەندىنمۇ بەكرەك چۈشىنىدىغان ئادەم يوق، ھەتتا سەنمۇ ئۆزۈڭنى مەنچىلىك چۈشەنمەيسەن.
— مەن مۇشۇ نەچچە كۈن ئىچىدە ناھايىتى جىق نەرسىنى بىلسەممۇ ئۆزۈمنى بىلمەيدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.
— شۇڭا سەن نېمە قىلىشىڭنى، قايسى يولدا مېڭىشىڭنى ئۆزۈڭدىن ئەمەس، مەندىن سورىساڭ بولىدۇ، — دېدى سەردار چاقچاق قىلىپ.
ئەخمەت گاڭگىرىغىنىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئاندىن سەردارنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ دېدى:
— مەن ئەيدىز توغرىسىدا بىرنەچچە پارچە رەسىم سىزايمىكىن دەيمەن.
— ئەيدىز توغرىسىدا، — سەردار ئەخمەتنىڭ سارغۇچ

كۆزلىرىنىڭ مەيۇس پارقىراپ تۇرغانلىقىغا دىققەت قىلدى، — سەن پات ـ پات ئەيدىزنىڭ گېپىنى قىلىدىغان بولۇپ قالدىڭغۇ، ئەخمەت.

ئەخمەت يانچۇقىدىن «قىزىل دەريا» ماركىلىق تاماكىدىن بىرنى ئېلىپ تۇتاشتۇردى، تاماكىنىڭ كۆكۈچ ئىسى ئىشخانىغا ئاستا يېيىلدى، تاماكىنىڭ كۆكۈچ ئىسى، كۆكۈچ ئىسنىڭ بەتبۇيلۇق بىلەن يېقىملىقلىق ئارىلىشىپ كەتكەن ھىدى تارالدى.

— بىزدە ئاياللار ئەيدىزنىڭ زىيىنىغا ئەڭ كۆپ ئۇچراۋاتىدۇ، ئەيدىز بار جايدىن ئاياللارنى تارتىۋالىدىغان ئەرلەر چىقمايۋاتىدۇ، ئاياللارنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىمىز، بۇ ئەمەلىيەتتە كەلگۈسىنى ئۇنتۇپ قېلىش ئەمەسمۇ، مۇشۇ توغرۇلۇق كۆپ ئويلايمەن، شۇڭا ئەيدىز توغرۇلۇق بىرنەچچە پارچە رەسىم سىزايمىكى دەيمەن، بۇ گەپنى مۇراتقىمۇ دېدىم، ئۇ ئەقلى جايىدا بالا ئىكەن، ئەيدىزنىڭ گېپىنى قىلسام يىغلاپ كەتتى، خەقنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن ئۈچۈن ياش تۆكەلەيدىغان ئادەملەر كۆپ ئەمەس.

ئەخمەت بەلكىم بۇنىڭدىن كۆپ يىللار ئىلگىرى سارەنى قاراڭغۇ كوچىدىن باشلاپ چىققان دەملىرىنى يادىغا ئالىدىغاندۇ، ناھايىتى نۇرغۇن ئەرلەرنىڭ خۇددى ئۆزىدەك، ئەيدىز ھەم شۇنىڭغا ئوخشاش قورقۇنچلۇق ئالۋاستىلارنىڭ چاڭگىلىغا چۈشكەن قىزلارنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلىدىغاندۇ. ئەخمەت ئاشۇ يىللاردا بارلىق مەسخىرە، مازاقلارنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، سارەنى قاراڭغۇ كوچىدىن تارتىپ چىقىپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغانىدى، ئۇ شۇ يىللاردا ھەممىدىن غالىب كەلگەن، بولۇپمۇ ئۆزىدىن غالىپ كەلگەنىدى، ناۋادا ئۆزىدىن غالىب كېلەلمىگەن بولسا، سارەنى پاھىشىلىك كوچىسىدىن تارتىپ ئالالمىغان بولاتتى.

— سىز مېنى قۇتقۇزۇۋالدىڭىز، — دېگەنىدى سارە تاراملاپ

تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈشكىمۇ ئۇلگۇرمەي ...

— مەن ئۆزۈمنىمۇ قۇتۇلدۇردۇم ... — دېگەن ئەخمەت ئاستا پىچىرلاپ.

— مېنى هامان بىر كۈنى بىرسى قۇتقۇزۇۋالىدۇ، دەپ ئويلايتتىم، ئاخىر قۇتۇلدۇم، مېنى سىز قۇتۇلدۇرۇۋالدىڭىز.

شۇ چاغدا سارەنىڭ گۈزەل چېھرىسى بەخت خۇشاللىقىدىن تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەندى. بەخت ياشلىرى تەبەسسۇملۇق چىرايىدا مارجاندەك پارقىراپ قالغانىدى.

قىزلارنىڭ ھەسرەتلىك تەقدىرگە مۇپتىلا بولۇشىنى بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ناباپ ئىشلارنىڭ بىرى دەپ ئويلايدىغان ئەخمەت ياشلىقىدىكى ئاشۇ غەيۇر چاغلىرىنى ئەسلەپ قالىدۇ، قىزلارنىڭ ئىززەت - نەپسىنى يەر قىلىدىغان تەقدىرگە يولۇققۇشى ئۇلار ئۈچۈن خورلۇق، شۇ يولدىن ئۇلارنى تارتىپ چىقىرالماسلىق ئەركەكلەر ئۈچۈن خورلۇق ... ئەخمەت مۇشۇنداق ئويلىغان، هازىرمۇ شۇنداق ئويلايدۇ. ئاياللار ھەققىدە مۇشۇنداق ئويلاردا بولىدىغان ئەخمەت گۈلپىيە دېگەن قىزنى تونۇماسلىقى، ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى جاراھەتلەرنى ھېس قىلماسلىقى مۇمكىن. ئەمما ئەخمەت خۇددى گۈلپىيەدەك قىزلارنىڭ قەلبىدىكى ھەسرەتلىك داغلارنى كۆرۈپ يېتەلەيدۇ.

## 104

گۈلپىيە ...

گۈلپىيە پۈتۈن كېچە چۈش كۆرۈپ چىقتى.

شەھەرنىڭ قارا چۈشلىرىنىڭ ھەممىسى گۈلپىيەنىڭ روھىغا كىرىۋالغاندەك، نەچچە ئويغىنىپ يەنە شۇ بىر چۈشنى تەكرار كۆرىۋەردى. ئۇخلاپ قېلىشتىن قورقۇپ ئۆزىنى سەگەك تۇتۇشقا ھەرقانچە تىرىشسىمۇ يەنە ئۇخلاپ قالاتتى، تەكرار ئويغىنىپ تەكرار ئۇخلاپ قالاتتى، يەنە شۇ بىر چۈشنى تەكرار كۆرەتتى.

www.uyghurkitap.com

ھەر قېتىم ئويغانغاندا بارات موللامنىڭ تەكشى تىنىقلىرىنى ھېس قىلاتتى، ئۇنى ئويغىتىشنى ئويلايتتى، ئەمما بارات موللامنىڭ چۈشىنى بىلىۋېلىشىدىن قورقاتتى.

چىشلىرى پارقىرايدىغان قاناتلىق قارا ئىت گۈلپىيەنىڭ مەيدىسىدىن چىشلەپ ئۇنى ئاسماننىڭ قەرىگە ئاچىقاتتى. ئىتنىڭ كۆزلىرى بىردە ئەنۋەرنىڭ كۆزىگە، بىردە بارات موللامنىڭ كۆزىگە ئوخشاپ قالاتتى.

گۈلپىيە شۇ چۈشلىرى ئارىسىدا لەيلەپ يۈرگەندە، خامۇش تۈيغۇلىرى ئارىسىدا قاراڭغۇ ئورمانى، ئورماندىكى يوغان كاۋىكى بار قېرى سۆگەتنى كۆرگەندەك بولىدۇ، شۇ سۆگەتنىڭ يېنىدا تەنھا تۇرغان ئۆزىنى، ئاندىن تەنھا تۇرغان ئەنۋەرنى كۆرگەندەك بولىدۇ.

قاراڭغۇ ئورمان.

جىمجىت ئورمان.

جىمجىتلىقى يالغان ئورمان.

مەكتەپنىڭ كەينىدىكى ئورماندا ناھايىتى يوغان بىر تۈپ سۆگەت بار، سۆگەتنىڭ غولىدا كاۋىكى بىلەن ئىتنىڭ ئاغزىنىڭ بىر يەرلىرى ئوخشاپ قالغاندەكمۇ قىلاتتى، گۈلپىيە ئىتنىڭ تىنىقلىرىنى ئۆزىگە بۇرۇندىن تونۇشتەك ھېس قىلاتتى، بۇ تىنىقلاردىن ھاراقنىڭ، توخۇ قوردىقىنىڭ پۇرىقى كېلەتتى، يەنە قانداقتۇر بىر خىل ئەتىرنىڭ ھىدىمۇ بار ئىدى، بۇرۇن بۇ ئەتىرنى گۈلباھار سېرىق ئىشلىتەتتى، گۈلپىيە بۇ ھىدنى ئەنۋەرنىڭ بويىدىن سەزگەن ... گۈلپىيە ناھايىتى ئېگىزدە كېتىۋېتىپ شەھەرنىڭ بەك چوڭ ھەم ئۇزۇن كوچىسىدا يالغۇز كېتىۋاتقان نادىرەنى كۆردى، نادىرە پادىچى ئىشتىنى بىلەن قىزىل كوپتا كىيىۋالغان، چاچلىرىنى ئەركىن قويۇۋەتكەن ھالدا قارا كۆزئەينەك تاقاپ كېتىۋاتاتتى.

— نادىرە!

گۈلپىيە ئۇنى چاقىردى، ئەمما نادىرە ئاڭلىمىغاندەك يولىغا

كېتمۆەردى. گۈلپىيە بىردىنلا ناھايىتى چوڭ شەھەردە نادىرەنىڭ يالغۇز قالغانلىقىدىن ھەيران قالدى، شەھەردىكى ئادەملەر قېنى؟ بىرمۇ ئىنسان بولمىغان شەھەردە نادىرە نېمە قىلىدۇ؟

شەھەرنىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرى گۈلپىيەگە تونۇش ئىدى، ئەنە ئۇلارنىڭ مەكتىپى، تەنتەربىيە مەيدانى، مەكتەپنىڭ كەينىدىكى ئورمان، بۇلۇڭدىكى غىلدىراق ساتىدىغان ھاشىم ئاخۇننىڭ ئەينەكلىك ھارۋىسى، ناھايىتى ئېگىز تېلېۋىزىيە مۇنارى، خەۋەرلىشىش شىركىتىنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ ئېگىزرەك تۆمۈر جاھازلىق مۇنارى ... ھەممە نەرسە جايىدا ... بىراق ئادەملەر يوق ... پەقەت نادىرەلا يالغۇز كېتىپ بارىدۇ.

بىر نەچچە قىزىل ئىت نادىرەگە ئېتىلدى، نادىرە كەڭ كوچىدا جان ـ جەھلى بىلەن قاچتى، ئىتلار ئۇنى قورشىۋېلىپ خىرىس قىلىشقا باشلىدى، گۈلپىيەنى چىشلىۋالغان قارا ئىت بىلەن نادىرەگە ئېتىلىۋاتقان قىزىل ئىتنىڭ چىشلىرى ئوخشاش ئىدى.

گۈلپىيە بار كۈچى بىلەن نادىرەنى چاقىردى.

— نادىرە !

بىر چاغدا تەرلەپ چۆپ بولۇپ كەتكەن گۈلپىيە كۆزىنى ئاچقاندا بارات موللامنىڭ ئۇنىڭغا تونۇش كۆزلىرى غەلىتە پارقىراپ تۇراتتى.

— نادىرە دېگەن كىم؟

بارات موللامنىڭ ئۇيقۇلۇق ئاۋازى غەلىتە ئىدى.

— ساۋاقدىشىم.

— كېچىچە ئۇنى چاقىرىپ چىقتىڭىز.

گۈلپىيە تۇگۈلۈپ كەتتى، ئۇيقۇلۇقتا ياكى جۆيلۈپ نادىرەنىڭ ئىسمىنى چاقىرسا مەيلى، بىراق باشقا بىرسىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ قالسا يامان بولىدۇ. گۈلپىيە ھەر قېتىم قارا بېسىپ ئويغىنىپ كەتكەندە بارات موللام ئۇنىڭغا سوغۇق كۈلۈمسىرەپ نەزەر تاشلايدۇ، بارات موللام گۈلپىيەنىڭ يۈرىكىنى ناھايىتى

www.uyghurkitap.com

ئېنىق كۆرۈپ تۇرسا كېرەك.

شەھەر قانداق چۈش كۆرسۇن، شەھەردىكى ئادەملەر قانداق چۈش كۆرسۇن، بۇ شەھەردىكى توغرا - خاتالىقنى ئايرىماق تەس ئىشلار، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار، قىلىنغان ئىشلار، قىلىۋەرسە نەتىجىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدىغان ياكى بولمايدىغان ئىشلار داۋام قىلىۋېرىدۇ. گۈلپىيە، رازىيەلەر ئاخىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان ئىشلارنى داۋاملاشتۇرىدۇ، گۈلنىگار، سەردار، چولپان دېگەنلەرمۇ شۇ، باشقىلارمۇ شۇ.

چولپاننىڭ يۈرىكىنىڭ يېنىدا بىر تەشۋىش ماراپ تۇرىدۇ.

چولپان قورقۇش بىلەن كېچەلمەسلىك ئارىسىدا قىينىلىپ يۈرىدۇ. سەردار شېرىن سۆيۈشلەرنىڭ ھامان ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى ئويلاشتىن قورقىدۇ.

بۇ شەھەرنىڭ باغرىدا خۇددى مۈشۈندەق ئىشلار ناھايىتى نۇرغۇن.

بۇ شەھەرنىڭ باغرىدا شېرىن چۈشلەر داۋام قىلىدۇ، بۇ شەھەرنىڭ باغرىدا ئاچچىق تۇيغۇلار لەيلەپ يۈرىدۇ، بۇ شەھەرنىڭ باغرىدا بەختنىڭ يېقىملىق شامىلى ھەر يان كېزىپ يۈرىدۇ.

گۈلپىيە قايتا چۈش كۆرۈپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۇخلىماسلىقى كېرەك ئىدى، ئەمما ھە دېگەندە ئۇيقۇسى كېلىپ تۇراتتى. گۈلپىيە بارات موللامدىن قورقۇپ تۇرۇپ يەنە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ۋايىم يەيدۇ. بارات موللامنىڭ يېنىدا ئەنۋەرنى ئەسلەپ قېلىشتىن، ئۇنى چۈشلىرىدە كۆرۈپ قېلىشتىن، مەيدىسىدىن چىشلەپ ئۈچىدىغان ئىتنىڭ كۆزىنى بارات موللامنىڭ كۆزىگە ئوخشىتىپ قېلىشتىن قورقىدۇ.

شەھەرنىڭ بەختلىك شامالللىرى ھەر يان كېزىپ يۈرىدۇ، شۇ دەمدە گۈلپىيەدەك ئۇخلاپ قېلىشتىن، چۈش كۆرۈشتىن قورقۇۋاتقانلارمۇ، چولپاندەك شېرىن چۈشلىرىدىن ئويغىنىپ كېتىشتىن قورقىدىغانلارمۇ ئوخشاشلا مۈشۇ شەھەردە ياشايدۇ.

بۇ ھاياتنىڭ باغرى كەڭ، ھەممىنى سىغدۇرۇپ كېتىدۇ.

چولپان سەردارغا يۆلەنگىنىچە بەختلىك تۇيغۇلىرىدىن مەست بولۇپ ئولتۇراتتى، ماشىنىنىڭ ئۇنئالغۇسىدىن ئەيسابەگنىڭ ماموتنىڭ يېقىملىق ناخشىلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— بىر خىيالىم بار، سىز بىلەن مەسلىھەتلىشەي دەپ يۈرگىلى ئۇزاق بولدى.

— نېمە خىيال ئۇ؟

— خىزمەتتىمدىن ئىستېپا بەرگىنىمگىمۇ نەچچە يىل بوپتۇ، دۇكان ئېچىپ بىر ئىشلارنى قىلىپ يۈردۈم، قارىسام سودىغىمۇ خېلى پىشىپ قالغاندەك قىلىمەن، دۇكان ئاساسىدا شىركەت قۇرايمىكىن دەيمەن.

سەردار چولپاننىڭ خۇمارلىشىپ تۇرىدىغان، جانغا شېرىن تەم قوشىدىغان كۆزلىرىگە بىردەم قاراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ پىچىرلىدى.

— چاقچاق قىلىۋاتامسىز نېمە؟

— چاقچاق ئەمەس، مۇشۇنداق ئويلاۋاتىمەن.

سەردار چولپاننىڭ سۇمبۇل چاچلىرىنى سىلاپ شۈككىدە ئولتۇرۇپ كەتتى.

— مەندىن سورىسىڭىز ... سىز بۇ ئىشنىڭ ئەھلى ئەمەس، ھەر ئىشنى ئۆزىنىڭ ئادىمى قىلمىسا بولمايدۇ.

— مەن كارخانا ئەھلى ئەمەسمۇ؟

— ياق.

— نېمىشقا بۇنداق دەيسىز؟

— سىزدە كارخانىچىنىڭ ئەقلى بولۇشى مۇمكىن، ئەمما كارخانىچىدا بولىدىغان خاراكتېر يوق، كۆڭلىڭىزنىڭ نازۇكلۇقى، ھېسسىياتچانلىقىڭىز، ھە دېگەندە بىچارە ئادەملەرنى كۆرسىڭىز يىغلاشقا ئاران تۇرۇشلىرىڭىز ... مۇشۇلارنىڭ

ئۆزىدىنلا سىزنىڭ كارخانىچى بولالمايدىغانلىقىڭىزنى بىلگىلى بولىدۇ.

— بۇ گېپىڭىزنى چۈشەنمىدىم.

— كارخانىچىدا كارخانىچىغا خاس خاراكتېر بولىدۇ، ئۇ بەزىدە شەپقەتسىز، رەھىمسىز ئادەم بولىدۇ، بەزىدە سېخىي، مەرد بولىدۇ، سىز سېخىي، مەرد بولۇشىڭىز مۇمكىن، ئەمما شەپقەتسىز بولالمايسىز ... بىز ئۆزىمىزدە يوق نەرسىنى تاپىمىز دېسەك زىيان تارتىپ قالىمىز.

— بۇنداق دېگىلىمۇ بولماس.

— مەن سودا قىلىپ باقمىدىم، سودىنىمۇ چۈشەنمەيمەن، ئەمما سودا دۇنياسىنىڭ رەھىمسىزلىكىنى بىلىمەن، بۇ يەردە سىلى، ئۆزلىرى دەپ ئولتۇرىدىغان ئىش يوق، سودا، رىقابەت ئىشلىرىدا باشقىلارنىڭ قولىدىكى پۇلنى سۇغۇرۇپ ئېلىش، ھەتتا باشقىلارنى يىقىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىدا تىك تۇرۇش، بەزىدە ھەتتا باشقىلارنى ۋەيران قىلىۋېتىش ھېسابىغا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

— ئۇنچىلىكمۇ ئەمەستۇر.

— شۇنداق، دەل شۇنداق.

چولپاننىڭ چىرايلىق كۆزلىرى گاڭگىراپ قالغاندەك ئىدى.

— ئەمىسە قانداق قىلىمەن؟

— سىز شۇ دۇكاننى ياخشى ماڭدۇرۇپ تۇرۇڭ، بىر كۈنلەردە يېڭى يول چىقىپ قالىدۇ.

— مەن ئەسلىي بىر قارارغا كېلىپ بولغان ... سىز ئىككىلەندۈرۈپ قويدىڭىز.

— مەن سىزنىڭ بۇ ساھەنىڭ ئادىمى ئەمەسلىكىڭىزنى بىلىمەن، بولتۇرغۇ دېمەن، دۇكىنىڭىزنىڭ سىرتىدا سىزنى ساقلاپ تۇرسام ئۇن ياشلىق نەۋرىسىنى يېتىلەپ بىر بوۋاي كىردى، سىز ئۇ بوۋاينىڭ توختىماي يۆتىلىشلىرىگە قاراپ ئۇنىڭغا ئىككى يۈز سوم بەردىڭىز، كۆزىڭىزگە ياش ئالدىڭىز،

بوۋاينىڭ نەۋرىسى نېمىنى تۇتسا شۇنى بىكارغا بەردىڭىز، مەن ھەممىنى كۆرۈپ تۇردۇم، كۆڭلىڭىزنىڭ يۇمشاقلىقىدىن ھەيران قالدىم، سىز ناھايىتى ياخشى بىر ساخاۋەتچى بولالايسىز، ئەمما كارخانىچى بولالمايسىز.

— كارخانىچى بىلەن ساخاۋەتچى بىر ئادەم بولسىمۇ بولىدۇغۇ.

— ئەلۋەتتە، ھازىرقى ساخاۋەت ئىگىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى كارخانىچىلاردىن بولۇۋاتىدۇ، ئەمما ئۇلار ئالدى بىلەن ھېسسىياتنى قايرىپ قويۇپ پۇل تاپىدۇ، ئاندىن ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ھېسسىياتقا نەزەر تاشلايدۇ، سىز ئۇنى قىلالمايسىز.

چولپان بىردەمگىچە جىمىپ قېلىپ پىچىرلىدى.

— مەن ئۆزۈمنى تازا دەڭسىيەلمىدىممۇ نېمە؟

— شۇنداق ... ھازىرچە دۇكاننى ياخشى ئېچىپ تۇرۇڭ، كېيىنچە بىر گەپ بولىدۇ.

يىراقتىكى شامالLارنىڭ تەسىرىدىن ئاستا لىغشىپ تۇرغان دەرەخلەرگە قاراپ ئولتۇرغان چولپان نازۇك قوللىرى بىلەن سەردارنىڭ بويۇنلىرىنى سىلاپ پىچىرلىدى.

— گېپىڭىزنى ئاڭلاي، كېيىنچە بىر گەپ بولسۇن.

چولپان بىلەن شېرىن دەملەرنى ئۆتكۈزۈۋاتقان سەردار شۇ دەمدە گۇلنىگارنى ئويلاپ قويمايدۇ، ئۇ گۇلنىگارنىڭ ۋەھىمىگە چۈشكەن يۈرىكىنىڭ مىجىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ناھايىتى سىرلىق، ناھايىتى قاراڭغۇ بىر دوقمۇشتا تەمتىرەپ، سەردارنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋېلىشىنى ئىلتىجا قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ.

## 106

— ماۋۇ زەنجىرنى ئالدىم.

سەردار بېشىنى كۆتۈردى، ئاندىن ئايالىنىڭ قولىدا ساڭگىلاپ

www.uyghurkitap.com

تۇرغان ئالتۇن زەنجىرنى كۆرۈپ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، بىزارلىق بىلەن قاراپ قويدى. دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ ساپ بۇ مېتال يۈرىكى تىترەپ تۇرغان، روھى تىترەپ تۇرغان ئايالنىڭ تىترەڭگۈ قولىدا ئېسىلىپ تۇراتتى.

— مېداليونىمۇ بار ئىكەن، — دېدى سەردار مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ.

— شۇنداق ... شۇ...

ئايالنىڭ ئاۋازى ئازابلىق تىترىدى. ئۆزىنى ھەممىدىن ئايرىلىپ تەنها قالغاندەك سەزدى.

— كۆزى قاشتېشى ئوخشىمامدۇ؟

— شۇنداق ئىكەن.

— شۇنداق ئىكەن دەيسىزغۇ ... بۇنى ئالغاندا كۆرۈپ ئالغانسىز؟

— ھە ... كۆرۈپ ئالغان.

— تەمتىرەپ كەتتىڭىزغۇ؟

— مەن ... سىزنى نېمە دەيدىكىن دەپ قورقۇپ.

— ئالغان بولسىڭىز بوپتۇ، چىرايلىق كۆرۈنگەن بولسا مەيلى.

«بۇنى نەدىن تاپتىڭ، قايسى پۇلغا ئالدىڭ، نېمىشقا مەندىن سورىماي ئالدىڭ ... » گۈلنىگار سەردارنىڭ مۇشۇنداق دېيىشىنى، ئۆزىنى سوراق قىلىشىنى، تەستىكىگە نەچچىنى سېلىشىنى شۇنداق تەمە قىلدى.

— سورىمايسىزغۇ؟

— نېمىنى سورايمەن؟

— بۇنى نەدىن ئالدىڭ دەپ.

— بازاردىن ئالغانسىز؟

— قايسى پۇلغا ئالدىڭ دەپ سورىماسىز؟

— مائاشىڭىزغا ئالغانسىز.

گۈلنىگار يىغلىغۇدەكلى تاسلا قالدى، يىگىرمە مىڭ سومغا

ياراىدىغان زەنجىرنى مەن قايسى يولغا ئالىمەن؟
— شۇ... شۇنداق ... مائاشىمغا ئالدىم.
— نېمە بولدى، يىغلايسىزغۇ؟
— ھېچنېمە ... يىغلىغۇم كەلدى.
سەردار مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرەپ كىتابقا قارىۋالدى. گۈلنىگار سەردارنىڭ مۇشۇنداق كۈلۈمسىرەشلىرىگە بەكلا ئۆچ ئىدى.
گۈلنىگارنىڭ قولىدىكى زەنجىرنى يەرگە ئېتىپ، دەسسەپ ـ چەيلىگۈسى، ئاندىن چاچلىرىنى يۇلۇپ ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ يىغلىغۇسى، سەردارنى تىللاپ، نەچچىنى ئۇرۇۋەتكۈسى كەلدى.
گۈلنىگار زەنجىرنى نەپىس قۇتىسىغا سالدى، ئاندىن ھېلىلا يىقىلىپ كېتىدىغاندەك ئاجىز بىرھالدا ياتاق ئۆيگە ماڭدى.
«مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ، سەردار ... »
گۈلنىگار ئۈنسىز ندا قىلدى.
«مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار، يۈرەك پارىلىرىم، مويۇنچۇرۇم، ئىلتەبىرىم ...»
گۈلنىگارنىڭ تۇيغۇلىرى تىترەپ تۇراتتى، شۇمشەرەپ تۇراتتى، ئۇ بايا دىلمۇرات بىلەن كۆرۈشمىسە بوپتىكەن، دىلمۇرات بىلەن كۆرۈشۈشتىن قورقىدۇ، يىرگىنىدۇ، قورقۇپ تۇرۇپ، يىرگىنىپ تۇرۇپ يەنە نېمىشقا ئۇنىڭ يېنىغا بارىدىغانلىقىنى گۈلنىگار ھېچكىمگە چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ، ئۆزىمۇ چۈشەنمەيدۇ.
گۈلنىگار لەۋلىرىنى چىشلىدى، كۆز ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ ئاقاتتى، ھە دېگەندە، بايا دىلمۇرات بىلەن كۆرۈشكەنلىرى كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى.
دىلمۇرات گۈلنىگارنىڭ كۆزلىرىگە ھاياجان بىلەن تىكىلگەندى.
— كەلگىنىڭىز ياخشى بولدى.
گۈلنىگار بېشىنى چايقىدى.

— ياخشى بولمىدى، دىلمۇرات، مەن مۇشۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ئاخىرىدا ئۈزۈل ـ كېسىل تۈگىشىمەن.

— بۇنداق دېمەڭ ... ھەممە ئىش ئۆز يولىدا بولىدۇ.

— بۇنداق ئىشنىڭ ئۆز يولىدا بولىدۇ دەيدىغان يولى يوق، تۇرغان ـ پۈتكىنى خاتا، جىنايەت، گۇناھ ...

— بۇنداق دېمىسىڭىزچۇ ... مۇنۇنى سىزگە ئالغان، كۆرۈپ بېقىڭ، بۇنى ئالدىنقى قېتىم كۆرۈشكەندە بەرمەكچىدىم، ئەمما ئۇ كۈنى كەيپىڭىز ياخشى ئەمەس، گېپىمنى ئاڭلىمايلا كېتىپ قالدىڭىز.

دىلمۇرات تولىمۇ نەپىس قۇتىنى گۈلنىگارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

— نېمە بۇ؟

— ئېچىپ كۆرۈپ بېقىڭا ...

— ياق.

— ئەمىسە مەن ئېچىپ سىزگە كۆرسىتەي.

— بولدى ئاچماڭ، ماڭا كېرىكى يوق.

— كۆرمەي تۇرۇپ كېرىكى يوقلۇقىنى نەدىن بىلىسىز؟

— بولدى قىلىڭ.

دىلمۇرات قۇتىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى. قۇتىنىڭ ئىچىدە ئالتۇن زەنجىر تۇراتتى، مېداليونىمۇ بار ئىدى، مېداليونىڭ كۆزى يېشىل قاشتاشتىن قىلىنغانىدى.

— بۇنى مەخسۇس سىز ئۈچۈن بۇيرۇتۇپ ياساتتىم ... كۆزى قاشتېشىدىن، بالا قازادىن ساقلايدۇ.

گۈلنىگار زەنجىرگە قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— ئېلىڭ گۈلنىگار، بۇ سىزنىڭ، ئالمىسىڭىز خاپا بولىمەن.

— مەن بۇنداق نەرسىلەرگە قىزىقمايمەن.

— قىزىقمىسىڭىزمۇ ئېلىڭ، ئەمەلىيەتتە بۇ سىزگە تېخىمۇ ھۆسن قوشىدۇ ... ئېلىڭ، ئالمىسىڭىز خاپا بولىمەن، ماقۇل دەڭ ...

دىلمۇرات زەنجىرنى گۈلنىگارنىڭ بوينىغا ئاستى، ئاندىن كەينىگە چېكىنىپ زوقلىنىپ قاراپ كەتتى.

— بەك ياراشتى.

دىلمۇرات گۈلنىگارنىڭ لېۋىگە ئۇزاق سۆيدى. گۈلنىگار قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تەمتىرەپ قالدى.

دىلمۇرات زەنجىرنى قۇتىغا سېلىپ گۈلنىگارنىڭ سومكىسىغا سېلىپ قويدى، ئاندىن گۈلنىگارنى قۇچاقلىدى.

— مېنى قويۇۋېتىڭ ... — دېدى گۈلنىگار تىترەڭگۈ ئاۋازدا، ئارقىدىن مەيۈس پىچىرلىدى، — ماڭا لەنەت بولسۇن ... مېنمۇ ئايال دېگىلى بولامدۇ، مېنمۇ ئانا دېگىلى بولامدۇ ...

گۈلنىگارنىڭ پىچىرلاشلىرىنى دىلمۇرات ئېنىق ئاڭلىيالمىدى.

— نېمە دېدىڭىز؟

— ھېچنېمە، — دېدى گۈلنىگار ئىشىككە مېڭىۋېتىپ. ۋاراڭ - چۇرۇڭغا تولغان دۇنيانىڭ باغرى ئېزىلىپ كەتكەندەك قىلاتتى. گۈلنىگارنىڭ يۈرىكى پارە - پارە بولۇپ كەتتى.

گۈلنىگار ئۆيىنىڭ پەلەمپىيىگە قەدەم بېسىۋېتىپ ئىچ - ئىچىدىن قايناپ چىقىۋاتقان غېرىبلىقنى ھېس قىلدى، پۈتۈن سۈرۈك ئېرى بار، باللىرى بار، ئائىلىسى بار ئايال تەنھا قالغانىدى. گۈلنىگار بارات قويچى، سەمەتجان دېگەن ئادەملەر بىلەن پاراڭلاشقىلى ۋاقتى چىققان سەردارنىڭ ئۆزىگە ۋاقتى چىقمىغانلىقىغا ھەيران قالدۇ. كۈنلەپ، سائەتلەپ كىتابلار بىلەن ھەپىلىشىدىغان سەردارنىڭ ئۆزى بىلەن بىردەم مۇڭداشقىلى ۋاقتى چىقمىغىنىدىن غەزەپلىنىدۇ، ئەخمەتنىڭ رەسىملىرى توغرىسىدا كىشى چۈشەنگىلى بولمايدىغان پاراڭلارغا مەلىكە بولۇپ يېرىم كېچىلەرگىچە ئولتۇرىدىغان سەردارنىڭ خوتۇنىغا يېرىم سائەت ۋاقىت ئاجرىتالمايدىغانلىقىدىن مەيۈسلۈككە پېتىپ قالىدۇ. بۇ يەردىكى گەپ ۋاقىت چىقىش - چىقماسلىقتا ئەمەستەك ...

www.uyghurkitap.com

## 107

سەمەتجان كىرىپ كەلگەندە سەردار ئۈندىدار خەۋەرلىرىگە قارىغاچ چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى. گۈلنىگارنىڭ ئېچىشىپ كۆيۈپ تۇرغان يۈرىكىنىڭ شولىسى سىلغىيىپ تۇرغان كۆزلىرى دەممۇ ـ دەم سەردارغا تىكىلەتتى. چولپان ... گۈلنىگار شۇ ھالدا ئۇدۇل بېرىپ چولپاننى تېپىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشسە ياكى ئۇنىڭ چاچلىرىنى يۇلۇپ ئادەم بولغىنىغا تويغۇزۇپ قويسا بولاتتى، ئەمما گۈلنىگارنىڭ ئۇنداق قىلىشقا قۇربى يېتىدىغاندەك ئەمەس، ئۇ ئىلگىرى چولپان بىلەن ئۇرۇشسام يۈزىمىز تۆكۈلىدۇ، مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ بىلەن يىرىكلىشىپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالىمەن، دېگەن قورقۇنچ بىلەن چىشىنى چىشىغا بېسىپ كۈنلىرىنى ئۆتكۈزەتتى. چولپانغا ھاقارەتلىك ئۇچۇرلارنى يېزىش بىلەن ئۆزىگە تەسەللى تاپاتتى. ئەمدىچۇ؟ ئەمدى گۈلنىگار ئۆزىنى سەردارغا يۈز كېلەلمەيدىغاندەك، سەردارنىڭ ئالدىدا كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك ئويلايدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى، دىلمۇرات بىلەن كۆرۈشۈپ يۈرگەنلىرى سەۋەبىدىن ئۆزىنى گۇناھكاردەك سېزەتتى، نېمىشقىدۇر يېقىندىن بۇيان ھە دېگەندە سەردارنى چولپان سەۋەبلىك ئەيىبلەشكە تىلى بارمايۋاتاتتى. شۇ ھالدا ئۇ سەردارنى چولپان بىلەن تېلېفوندا بىرنېمىلەرنى دېيىشىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاۋاتاتتى.

گۈلنىگار سەردارغا قارىغىنىچە تېلېفوننى قولىغا ئېلىپ: «پاسكىنا بۇزۇق، ئېرىمگە يېپىشىۋالما» دېگەن خەتلەرنى يېزىپ چولپانغا يوللىۋەتتى. گۈلنىگار چولپاننىڭ ھەر قېتىم مۇشۇنداق ئۇچۇرلارنى تاپشۇرۇۋالغاندا، دەسلەپتە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالىدىغانلىقىنى، ئاندىن يۈرىكىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر بىر تاشنىڭ چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

ئىشىك چېكىلىپ سەمەتجان كىرىپ كەلدى.

سەردارنىڭ كەيپى ئۇچقان بولسىمۇ چاندۇرماي ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى.

سەمەتجان قولايسىز بىر ھالدا ئاۋۋال گۈلنىگارغا، ئاندىن سەردارغا سالام قىلدى.

— ئەسساﻻمۇئەلەيكۇم، سەرداركا، گۈلنىگار ھەدە ... ئارامىڭلارنى بۇزۇپ قويدۇممۇ نېمە؟

— ھېچقىسى يوق، قېنى، بۇياققا كېلىڭ، — دېدى سەردار سەمەتجاننى يۇقىرىغا باشلاپ.

— ئەمدى كىرىشىمدە سەرداركا، باشقا ئىشىمۇ يوق، سىزنى مۇبارەكلەپ كىردىم، كىتابىڭىز چىقىپتۇ دەپ ئاڭلىدىم، ئۇ ھېلىقى تومۇر تۇتۇش توغرىسىدىكى كىتابىڭىزما؟

— ياق، ئۇ تېخى پۈتمىدى، بۇ باشقا بىر كىتاب ئىدى.

— قالتىس ئادەمكەنسىز، سەرداركا، مەن بۇرۇنلا بىر قاراپلا سىزنىڭ ئادەتتىكى ئادەم ئەمەسلىكىڭىزنى بىلگەن، ۋاقتىڭىز بولسا سىرتقا چىقىپ غىزالىنىپ كەلسەك بوپتىكەن.

— رەھمەت، ئاۋارە بولماڭ، بۇنىڭ ھاجىتى يوق.

— چىن كۆڭلۈمدىن دەۋاتىمەن.

— رەھمەت، مەن ئاﻻھىدە ئەھۋال بولمىسا، سىرتتا تاماق يېمەيمەن، كۆڭلىڭىز تېگىل بولدى.

— ئىشقىلىپ ... — سەمەتجان قولىنى ئىشقىلاپ دېگۈسى بار بىر گەپنى دېيەلمىگەندەك قىينىلىپ كەتتى، — ئەمدى ... ئەمدى باي بولۇپ كېتىدىغان بولدىڭىز - دە ... مانا ... نۇرغۇن قەلەم ھەققى ئالغانسىز.

— ۋاي ياقەي ئۇكام، مەن بۇ كىتابنى ئۆز خىراجىتىم بىلەن چىقاردىم، بەرگەن قەلەم ھەققى كىتابنى يېزىش جەريانىدىكى چىقىم بىلەن نەشرىياتقا بەرگەن پۇلنى قاپلىيالمايدۇ دەڭا.

— شۇنداقمۇ ئىش بارمۇ تېخى؟

سەمەتجان چەكچەيدى، پارقىراپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن ھەيرانلىق چىقىپ تۇراتتى.

— شۇ.

— مەن تېخى ... سەرداركام نۇرغۇن پۇللۇق بولۇپ كەتسە ئاندىن ... تېخى بىر ئۆتنە ـ يېرىم قىلمىشارمىز دەپتىمەن ...

— خاتا ئويلاپ قاپسىز، سەردار ئاكىگىز بۇ كىتابنى چىقىرىمەن دەپ زىيان تارتتى، تېخى قەرزگە قالدۇق، — دېدى گۈلنىگار ئاغزىنى گەپكە ئۆمەللەۋاتقان سەردارنىڭ ئاغزىدىن گەپنى تارتىۋېلىپ.

— بۇ ... ئەمدى قانداق گەپ. زىيان چىقىدىغان ئىشنى قىلىپ نېمە قىلىسىز، سەرداركا؟

— بۇ مېنىڭ كەسپىم، بۇمۇ بىر خۇمار دەڭە، پايدىسىنى دېسەڭ بۇ ئىشنى قىلمىساق بولىدۇ.

— قانچىلىك زىيان بولدى؟

— بۇنى ھېسابلىمىدىم، كۆپ ئەمەس.

سەمەتجان قولىنى ئىشقىلاپ قانداقتۇر بىر ئىشنى ئېسىگە ئالالمىغاندەك كۆزىنى يۇمچۇكلىتىپ ئىككى يېنىغا قاراپ قويدى.

— ئۇنداقتا ... بولدى، سىلەرنى ئاۋارە قىلماي ... مەن چىقاي ئەمىسە، ھە راست، سەرداركا، بىر ئىشنى ئويلاۋاتقىلى ئۇزۇن بولدى، بىز خەق بىر ـ بىرىمىز بىلەن پەقەت پېتىشالمايدىغان بولۇپ قاپتىمىز، تونۇگۈن سەھراغا چىققان، ئىككى موللام بىر ـ بىرىنى چېقىپ يۇرۇپ ئاخىر ئىككىلىسى ئاق يەردە قاپتۇ، بۇنداق ئىش زىيالىينىڭ ئىچىدە تېخىمۇ ئەدەپ كېتىپتۇ، دەيدۇ ... مۇنۇ بارات قويچى دېگەن ئابدالدىن نېرى يۇرۇك جومۇ، ئوسال قەلەندەر ئىكەن بۇ، تېخى مېنى كاللىسىنىڭ سوپى بار دەلتە، دەپ تىللاپ يۇرۇپتۇ، قاراڭا گېپىگە، بىز قاچانغىچە مۇشۇنداق بىر ـ بىرىمىز بىلەن پېتىشالماسلىقنىڭ دەردىنى تارتىپ يۇرەرمىز، قاراپ تۇرۇڭ، بارات قويچى دېگەن قىغ پۇرايدىغان دىۋانە ئاق يەردە قالىدۇ، ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلىپ تىلەمچى بولۇپ كەتمىگىنىنى كۆرەي.

— بولدى ئۇكام، خەقنى بىكاردىن ـ بىكار تىللىماڭ.
سەمەتجان بىرنېمىلەرنى دەپ غودۇڭشىغاچ چىقىپ كەتتى.
سەردار سەمەتجاننى ئۇزىتىپ قويۇپ قىزىل يوللۇق گالىستۇكىنى تاقىدى. بۇنى كۆرگەن گۈلنىگارنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ، قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى.
...
گۈلنىگار بايىقى ئۇچۇرنى چولپانغا يەنە بىر قېتىم يوللىدى، ئاندىن كۆڭلى ئارام تاپقاندەك كۈلۈمسىرەپ قويدى.
— نەگە ماڭدىڭىز؟ — دېدى گۈلنىگار ئەينەكنىڭ ئالدىدا چېچىنى تاراۋاتقان سەردارغا .
— ئەخمەت بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەي.
— بالدۇرراق كېلەرسىز.
— بولىدۇ.
گۈلنىگار چىقىپ كېتىۋاتقان سەردارنىڭ كېلىشكەن قەددىگە نەزەر سېلىپ ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى. بىردە چولپان، بىردە دىلمۇرات كۆز ئالدىغا كېلىپ، ئاچچىق ئىس ئارىسىدا قالغاندەك دېمى كېسىلدى.
سەردار ھايالشىمايلا قايتىپ كىردى.
— تېزلا يېنىپ كىرىپسىزغۇ؟ — دېدى گۈلنىگار.
— ماڭاي دەپ تۇرسام ئەخمەت سىنىڭكىگە ماڭدىم، دەپ تېلېفون بېرىپتۇ.
— بۇمۇ بوپتۇ، يولىڭىز قىسقىراپتۇ.
گۈلنىگار ھاڭۋۇقىپ قالدى، ئۇنىڭچە سەردار بايىقى مېڭىشىدا چولپاننىڭ يېنىغا باراتتى، بىراق ...

108

سەردار بىلەن ئەخمەت شىرەگە يېيىلغان رەسىملەرنى كۆرۈپ ئولتۇرۇشتى، رەسىملەردىن ماي بوياقنىڭ سۇس ھىدى كېلەتتى.

— رەسىملىرىڭ بارغانسېرى غەلىتىلىشىپ كېتىپتۇ، يەنە ھېس قىلىشىمچە مەنىسى چوڭقۇرلىشىۋاتقاندەكمۇ قىلىدۇ... يامان يېرى، چۈشەنمەك تەس.

— بەلكىم.

— رەسىملىرىڭنى ئېلان قىلمامسەن؟

— ئېلان قىلغىلى بولمايدۇ، مۇنداقچە دېسەم مېنىڭ رەسىملىرىنى ئېلان قىلىدىغان يەر يوق.

— نېمىشقا؟

— غەلىتە ... رەسىملىرىمنى غەلىتە دەپ قارايدۇ، ھەممەيلەن بىر خىللا نەرسىلەرگە كۆنۈپ قالغان، كۆنۈپ قالغاننىڭ سىرتىدىكى نەرسە ھەممەيلەنگە غەلىتە كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە بىر خىللا نەرسىگە كۆنۈپ قېلىشنىڭ ئۆزى ئەڭ زور غەلىتىلىك ئىدى، جىق ئادەملەر مېنىڭ رەسىملىرىمنى غەلىتە دەپ قارايدۇ، سەن ئالدىنقى قېتىم شۇنداق دېگەنىدىڭ، ئويلاپ باقسام توغرا ئىكەن.

— گەپلىرىڭغۇ ئورۇنلۇق.

— رەسىم دېگەندە ئالاھىدە بىر نەرسە بولۇشى كېرەك، يەنە پىكىر ... سەنمۇ ئىدىيە بولۇشى كېرەك دەيسەنغۇ.

— شۇنداق، توغرا دېدىڭ.

— مەسىلەن داۋىنچىنىڭ «ئەڭ ئاخىرقى كەچلىك تاماق» دېگەن رەسىمىنى ئالساق، خىرىستىيانلارنىڭ تارىخىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر قېتىملىق ۋەقەنى ناھايىتى مۇكەممەل ئىپادىلەپ بەرگەن.

— يېقىندا «داۋىنچىنىڭ مەخپىيىتى» دېگەن كىتابنى ئوقۇدۇم، داۋىنچى قالتىس ئادەم ئىكەن، سىرلىق ئادەم ئىكەن، داۋىنچى توغرىسىدا باشقا ماتېرىياللارنىمۇ كۆرۈپ باقتىم، ئۇ ئىلمىنىڭ كۆپ نۇقتىسىدا يېتىشكەن ئادەم ئىكەن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى، سىرلىق ئىشلىرى، مەخپىيەتلىرى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىكەن.

— داۋىنچى كەبى رەسساملار بىزدىمۇ يوق ئەمەس، «ئەڭ ئاخىرقى كەچلىك تاماق» بىلەن غازى ئەھمەدنىڭ «جىنايى ھۆكۈم» دېگەن ئەسەرلىرىنى بەزى جەھەتلەردىن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن، ئەلۋەتتە دەۋرى، مەزمۇنى، سەنئەت ئۇسلۇبى ئوخشىمايدۇ، بىراق قىممەت جەھەتتىن يېقىنلىشىدۇ، يەنە ئابدۇكېرىم نەسىرىدىنىڭ، مۇھەممەد ھېيتنىڭ، ئابدۇشۈكۈر كېرىم كۆكنىڭ ئەسەرلىرىدە مەنە ھەم پەلسەپە بار، ئەمدى پىكاسسوغا كەلسەك ...

رەسىم توغرۇلۇق گەپ بولسا ھاياجانلىنىپ قالىدىغان ئەخمەت ئۇزاق سۆزلىدى، ئۇ سۆزلەش ئارقىلىق يۈرىكىدىكى سىقىلىشلارنى، ئويلىغانلىرىنى، تەسەۋۋۇرلىرىنى جاھانغا يېيىپ ئۆزىنى يەڭگىللەشتۈرمەكچى بولسا كېرەك.

ئىككىيلەننىڭ پارىڭى رەسىمدىن ھالقىپ مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىب، نەۋايى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا يۆتكەلدى.

گۈلنىگار كەشتىسىنى تىككەچ، گەپ تىڭشاپ ئولتۇراتتى.

— سىزنى زېرىكتۈرۈپ قويدۇق - ھە، گۈلنىگار، — دېدى ئەخمەت، — بۇنداق گەپلەر ئاياللارغا يېقىپ كەتمەيدۇ.

— ئۇنداقمۇ ئەمەس، سىلەر دەۋاتقان بەزى گەپلەرنى مەنمۇ چۈشىنىمەن، سۆزلىشىۋېرىڭلار، بىلىمىم ئېشىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

— شۇ ... بۇ خوتۇن ھەقسىز دەرس ئاڭلاۋاتىدۇ ھازىر.

— ئادەم تولا بولغان بىلەن سۆزلەشكۈدەك ئادەم تاپماق تەس، سەردار بىلەن مۇڭدىشىۋالسام كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالىدۇ، ئىلىمنىڭ گېپىنى قىلىدىغان ئادەم ئاز، گەپ چۈشىنىدىغان ئادەملەر ئاز، ئەتراپتا مىغ - مىغ ئادەم، ئەمما يەنە يالغۇز قالىسىز.

گۈلنىگار ئىككىسىنىڭ چېيىنى يەڭگۈشلەپ قويدى.

— سارەنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ — دېدى گۈلنىگار.

— ئۈنىڭ كۆنى بېھزادنى بىقىش بىلەن ئۆتۈۋاتىدۇ.

— بالىڭىزنىڭ ئىسمى ئاز ئۇچرايدىغان ئىسىم ئىكەن، مەنغۇ ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن.

— بېھزاد مەن چوقۇنىدىغان رەسسام، شۇڭا بالامغا شۇ ئىسىمنى قويغانمەن. خۇدا بۇيرۇسا بالامۇ بېھزاتتەك رەسسام بولسىكەن دەيمەن.

— ئارزۇيۇڭغۇ ياخشى، ئەمما ھازىرقى كۈندە دادىسىنى دوراپ بالا بولمايدىكەن، ئاتا كەسپىگە ۋارىس بولىدىغان بالىلارمۇ ئاساسەن چىقمايدىكەن.

— تەربىيەلەشكىمۇ باقىدۇ. بېھزاد بېھزادتەك بالا بولۇپ كېتەر ... دەپ ئارزۇ قىلىمەن.

ئەخمەت خوشلىشىپ ماڭغاندا سائەت ئون بىردىن ئاشقانىدى.

ھۇجرىسىغا كىچىلىك كىيىمى بىلەن ماڭغان سەردار بىر جۈپ كۆزنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغىنىنى سېزىپ كەينىگە بۇرالدى. گۈلنىگار ئۆزىگە قاراپ تۇراتتى، سەردار يا ئالدىغا، يا كەينىگە ماڭالماي تۇرغان شۇ دەمدە گۈلنىگار ئاستا كېلىپ ئۇنى قۇچاقلىدى، سەردارنىڭ خىيالىنىڭ بىر يەرلىرىدە چولپاننىڭ قۇچاقلاشلىرىدىن پەيدا بولىدىغان شېرىن بىر ھېس لىپ قىلىپ ئۆتتى. گۈلنىگارنىڭ ئوتتەك تەلپۈنۈشتىن تىپچەكلىگەن يۈرىكىنىڭ گۈپۈلدەشلىرى سەردارنىڭ يۈرىكىگە ئۇرۇلدى.

ئىسسىق ھاياجانغا چۆمگەن گۈلنىگار شۇ تاپتا، رازىيەنىڭ ئۆزىنى ئويلاۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى، مۇشۇ كۈنلەردە رازىيەنىڭ روھىدا كۆتۈرۈلگەن غەلىيانلار ھەققىدە گۈلنىگار بەزى ئىشلارنى بىلەتتى، ئۇ ئالدىنقى قېتىم رازىيەدىن بارات موللام توغرىسىدا ئاڭلىغان، بۇ گەپلەرنى سەردارغىمۇ دېگەن، ئەمما گۈلنىگار بۇ گەپلەرنى نەچچە كۈن ئۆتۈپلا ئۇنتۇپ كەتكەنىدى، بۇنىڭغا ئىشەنمىگەن، ئىشىنىشكىمۇ جۈرئەت قىلالمىغانىدى. ئەمما بۇ ھاياتتا بەزى ئىشلار بىزنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ ئىشىنىش — ئىشەنمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر يەنە يۈز بېرىپ تۇراتتى.



كىتاب تۈربېكىتى www.uyghurkitap.com

## 109

تىك قىياغا ئۇۋا سالغان بۈركۈت ياكى بۈركۈتنىڭ ئۇۋىسى، بۈركۈتنىڭ تۇخۇمى، چۈجىسى توغرۇلۇق خىيال قىلمايدىغان، ناھايىتى بۇرۇنقى ئادەملەرنىڭ يەر شارىنى شەرقىي يېرىم شار، غەربىي يېرىم شار دەپ ئايرىغانلىقى، پاراللېل ھەم مېرىدىيان بۆلەكلىرىنى بەلگىلىگەنلىكى، يەر يۈزىدىكى ئېگىز - پەس جايلارنى بىلىش ئۈچۈن، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى مانچە دېگەندەك ئۆلچەملەرنى تۇرغۇزغانلىقى، ئىنسانلارنىڭ ئايغا چىققىنى، مارسنى تەكشۈرۈشى، راك كېسەللىكىگە شىپا تېپىشى، ئەيدىزگە دورا ياسىشى ياكى ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى بىلىشى دېگەندەك ئىشلارنى ئەزەلدىن ئويلاپ باقمايدىغان نۇرغۇن ئادەملەر بار، نۇرغۇن ئادەملەر بۇ جاھاننىڭ ئۇنداق مۇرەككەپ، سىرلىق ئىشلىرىنى بىلمىگىنى بىلەن، شۇ ئىشلاردىنمۇ مۇرەككەپ ئىشلارغا، سىرلىق ئىشلارغا يولۇقۇپ تۇرىدۇ.

رازىيە بۇ دۇنيانىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىدىن بىخەۋەر، نۇرغۇن تىلسىماتلارنى چۈشەنمەيدۇ، ئەمما ئۇ ھازىر يەنە نۇرغۇن ئادەملەر چۈشەنمەيدىغان سىرلار ئارىسىغا كىرىپ قالغانىدى.

رەيھان كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان ئىشلارغا ئىشىنەلمەي قالدى، ئۇ ئاچىسىنى يوقلاپ كېلىپ، ئويلىمىغان بىر ئىشنىڭ ئۈستىگە چۈشكەنىدى.

رەيھان ئاچىسىغا قاراپ ھاڭۋېقىپلا قالدى، رازىيەنىڭ كۈچلۈك تىترەڭگۈ ھاياجانلىرىغا قاراپ قورقۇپ كەتتى. موللامنىڭ قولىنى ئىجتىھات بىلەن تۇتۇۋاتقان رازىيەنىڭ ئاۋازىمۇ غەلىتىلىشىپ كەتكەنىدى.

— بۇ موللام ئەۋلىيا ئىكەن، رەيھان، قارا، كۆرەلىدىڭمۇ؟ ... مەن ھازىر نېمىنىڭ قولىنى تۇتۇۋاتىمەن، بىلەمسەن؟

رەيھان ئاچىسىنىڭ غەلىتە چاقناپ كەتكەن كۆزىگە

تەشۋىشلىك قارىدى. يېنىدىكى شەرىپە بۇتتەك قېتىپ قالغانىدى. ئۇ رەيھاننىڭ بىلىكىگە چىڭ ئېسىلىۋالدى.

— نېمىنىڭ قولىنى تۇتتۇڭ، ئاچا؟ — سورىدى رەيھان ئاچىسىنىڭ تۇرقىغا قورقۇمسىراپ قاراپ.

— مەن قالتىس بىر قولنى تۇتۇۋاتىمەن، ئۇنىڭ مويلىرى سىپىرلىك، ئوتتەك ئىسسىق، يېقىملىق ...

رازىيە بىر قارىسا مەستتەك، بىر قارىسا سېھىرلەنگەندەك هاياجان هەم ۋەھىمە ئىچىدە پىچىرلايتتى. يۇمشاق كۆرپىدە ئوڭدىسىغا ياتقان بارات موللامنىڭ قولىنى سىلايتتى، موللام كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ ئېغىر تىنىپ ياتاتتى، بوي - بەستىدىن هارغىنلىق بىلىنەتتى. ئاغزىدىن كۆپۈك ئۆرلەيتتى، هوشىدىن كېتەي دەپ قالغاندەك ياكى هازىرلا هوشىدىن كېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

— ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟ — دېدى رەيھان بارات موللامغا ئۆچمەنلىك بىلەن تىكىلىپ. شەرىپە رەيھاننىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالغانىدى.

— ئۇنىڭغا دېمەي موللامغا نېمە بولدى دەپ سورايسەن ... يامان بولدۇ ... ئەۋلىيا ئادەم ماۋۇ ... شەرىپە قىزىمىمۇ كەپتۇ، چوڭلارنىڭ ئەھۋالى ياخشىمۇ؟ ... موللامغا نېمە بولدى دېدىڭما هېلى؟

— هە، موللامغا نېمە بولدى؟

— جىن بىلەن ئېلىشىپ مۇشۇنداق بولۇپ قالدى، گۈلپىيەنىڭ جىنلىرى راستلا كۈچلىنىپ كېتىپتىكەن ... موللام شۇ جىنلار بىلەن ئېلىشىپ بولالماي هالىدىن كەتتى.

ئۆيدە قىزىل ياكى قىزىلغا مايىل بىر تۇمان لەيلەپ يۈرگەندەك قىلاتتى. رەيھان ئەلەم بىلەن لېۋىنى چىشلىدى، ئۇ ئەتراپىدىكى دۇنياغا — بىپايان ئاسمانغا، سىم تاناپ تۈۋرۈكلەرگە، تېلېفون سىگناللىرىغا، ئەخلاق هەم تۈرلۈك قائىدە - يوسۇنلارغا ئىشىنەلمەي قېلىۋاتاتتى، هەممە نەرسە

يالغانىدەك ياكى هازىرقى ۋاقىت يالغانىدەك ... رەيھانىنىڭ قەھىرلىك كۆزلىرىدە ۋەھىمە بىلەن ئەلەمنىڭ شولىسى ئەلەڭگىيتتى.

— ئاچا ... بۇياققا چىقە.

— موللام يالغۇز قالسا بولمايدۇ، — دېدى رازىيە ھاياجان بىلەن.

— بۇياققا چىقە! — رەيھانىنىڭ بۇيرۇق قىلغاندەك ئاچچىق ئاۋازى رازىيەنى سەگىتتى بولغاي، تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ كۆزى قىيمىغاندەك كەينىگە بۇرىلىپ سىڭلىسىنىڭ كەينىدىن ياندىكى ئۆيگە ماڭدى، رەيھانىنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋالغان شەرپىگە تىكىلگەن موللامنىڭ ئالايغان نۇرسىز كۆزلىرىدە قورقۇنچ پەيدا بولغانلىقىنى ھېچكىم بىلەلمىدى.

— سەن نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرسەن، ئاچا؟ — دېدى رەيھان ئىشىكنى تاقاپ قويۇپ.

— ھەممە ئادەمدە جىن بار ... مېنىڭمۇ، سېنىڭمۇ جىنىڭ بار، ئۆزىمىزنىڭ ئىچىدە جىن بارلىقىنى ئۆزىمىز بىلمەيمىز ... چۈشەندىڭمۇ؟ ... جىنلار بىزنىڭ ئىچىمىزگە كىرىۋېلىپ ياشايدۇ، ۋاقتى كەلگەندە ئەسكىلىكنى قىلىپ بىزنى ساراڭ ياكى باشقا بىرنېمىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ، گۈلپىيەنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغان جىن كىچىكىدىلا كىرىۋاپتىكەن، گۈلپىيە چوڭ بولغاندا ئۇنى نىكاھىغا ئېلىۋېلىپ گۈلپىيەگە ئەر بولۇۋاپتۇ، گۈلپىيە شۇڭا ئاشۇنداق ئوڭ - تەتۈر بولۇپ قاپتىكەن ئەمەسمۇ، شۇڭا چىنە - قاچىلارنى سۇندۇرۇپ، ئۆيگە ئوت قويىمەن، ئادەم ئۆلتۈرىمەن، دەپ يۈرۈپتىكەن، سەللا كېچىككەن بولساق بالىدىن ئايرىلىپ قالغۇدەكمىزكەن ... موللام گۈلپىيەگە ئەر بولۇۋالغان جىن بىلەن ئېلىشقىلى نەچچە سائەت بولدى، ئۇ جىنلارنى سۈر - توقاي قىلدى.

رەيھانىنىڭ چىرايىنى قورقۇنچ قاپلىدى. قورقۇپ كەتكەن شەرپە رەيھانىنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ ئۇنى كېتىشكە قىستاپ تۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

— رەيھان ئاچا، قايتايلىچۇ ... قورقۇۋاتىمەن... — دېدى شەرىپە قورقۇمسىراپ. شەرىپە رەيھاننىڭ ئېرى قاسىمنىڭ سىڭلىسى ئىدى.

— ئاچا ... نېمىلەرنى دەۋاتىسەن؟ — دېدى رەيھان جىددىيلىشىپ، — سەنمۇ بىرقانداق بولۇپ قالدىڭمۇ نېمە؟

— ياق ... سەن بىلمەيسەن، رەيھان، جىنلارنىڭ ئەسكىلىرى بەك يامان ئىكەن، بەزى ئادەملەرنى ھەممە ئادەمگە ئۆچ قىلىدىكەن، بەزى ئادەملەرگە ھەممە خەقنى ئامراق قىلىدىكەن، مەن بىر سىرنى بىلدىم ... شاكىرنىڭ ئىچىدە جىن بار ئىكەن، ئۇ جىن شاكىرنى گۈلپىيەگە ئۆچ قىلىپ قويغان چېغىۋاكەن ... موللامغا دېسەم، شاكىرنىڭ ئىچىدىكى جىن بىلەن سۆزلىشىۋىدى، گېپىمنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلاندى.

— ئاچا ... نېمە دەۋاتقانلىقىڭنى بىلەمسەن؟

— بىلىمەن.

— بىلمەيدىغاندەك قىلىسەن ... ئادەمنى قورقۇتۇپ قالايمىقان گەپلەرنى قىلمىساڭچۇ.

شەرىپە ھاڭۋاقىنىچە ئىككىيلەننىڭ ئاغزىغا قاراپ قالغانىدى.

— سەنمۇ ئامان قالاي دېسەڭ، ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالماي دېسەڭ، ئىچىڭدىكى جىنلارنى چىقىرىۋەت ... موللامنىڭ بارلىقىدا ساڭىمۇ ئوقۇتايلى، مىڭ سوم پۇل بەرسەكلا بولىدۇ.

— مىڭ سوم ...

— شۇنداق ... ئەرزان دېگىنە ... ئىچىڭدىكى جىننى چىقىرىۋەتسەڭ، ھەممە ئىشلىرىڭ ئوڭشىلىپ ياخشى بولۇپ كېتىسەن ... ماقۇل دېگىنە ئۇكام.

رەيھان چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ياكى ناھايىتى قەدىمكى زاماننىڭ بەدەۋلىكلىرى ھەققىدىكى تىياتىردا رول ئېلىۋاتقان ئادەملەر ئارىسىغا كىرىپ قالغاندەك بوغنۇقۇپ كەتتى.

— بولدى، مېنىڭ جىنىم يوق ... مەن ئايلىنىپ كېتەي دېدىم، سەن ساقمۇ يا ساراڭمۇ؟ — رەيھان جەھلى قېتىپ ۋارقىراپ كەتتى.

— مەن ساق ... موللام ئىچىمدىكى جىننى چىقىرىۋەتتى.

— قانداق چىقاردى؟

— مىڭ سوم پۇل بەردىم ... موللام ئوقۇپ چىقىرىۋەتتى ... ماقۇل دېگىن، سېنىڭمۇ جىنىڭنى چىقىرىۋېتەيلى.

— بايا دېدىمغۇ، مېنىڭ جىنىم يوق ... مەن ساق ئادەممەن، — رەيھان شۇ ھالدا بولۇۋاتقان ئىشلارغا يىغلاي دېسە يىغلىيالمايدىغان، كۈلەي دېسە كۈلەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى.

— ياق، ئۇنداق دېگىلى بولمايدۇ، موللامنىڭ دېيىشىچە، ھەممە ئادەمنىڭ جىنى بار ئىكەن ... جىنى يوق ئادەم بولمايدىكەن، مەنمۇ جىنىم يوق دەيتتىم، ئاخىر مەندىنمۇ جىن چىقتى، مېنىڭ جىنىم ئاقباش جىن ئىكەن، يۈرىكىمنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋاپتىكەن، ماڭا ئەسكىلىك قىلىشقا پۇرسەت ئىزدەپ يۈرۈپتىكەن ... شاكىر بىلەن ئىككىمىزنىڭ شۇنچە يىللاردىن بېرى چىقىشالماسلىقىمىزمۇ جىنىنىڭ كاساپىتىدىن بولغانىكەن ئەمەسمۇ.

— نېمە جۆيلۈپ يۈرىسەن؟ تۈزۈك گەپ قىل ... دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى ساراڭنىڭلا گېپى.

— ئۇنداق دېمە، كېيىن پۇشايمان قىلىسەن ... مەن موللامنىڭ قېشىغا كىرىپ كېتەي.

رەيھان نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدى، ئېغىر قارا تۇمان ئارىسىغا كىرىپ قالغاندەك كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ راست بولۇۋاتقان ئىش ياكى خىيال ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي ھاڭقېيىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ سەل ئېسىنى يىغىپ ئاچىسىنىڭ يېنىغا كىردى.

يۇمشاق ياستۇققا بېشىنى قويۇپ ياتقان موللام ھارغىن

www.uyghurkitap.com

كۆزلىرىنى يېرىم ئېچىپ گاھ رەيھانغا، گاھ ئۇنىڭ يېنىدا مۈشۈكتەك تۈگۈلۈپ تۇرغان شەرىپەگە قاراپ قوياتتى.

— كۆردۇم ...

ئۇڭدا ياتقان موللام بىردىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، ئاغزىدىن كۆپۈك چاچرىتىپ ۋارقىرىدى:

— مەن كۆردۇم ... مانا، مۇنۇ قىزنىڭ ئىچىدە جىن بار ئىكەن، سېرىق چاچلىق، ئوت كۆزلۈك جىن ...

— نېمە؟

ھەممەيلەن چۆچۈپ كەتتى، رازىيە بىردىنلا قوللىرىنى شىلتىپ ۋارقىرىغىلى تۇردى.

— مانا دېمىدىممۇ، ھەممە ئادەمنىڭ جىنى بار دەپ ... شەرىپەدىنمۇ جىن چىقتى ئەينا ... بىر ئامالىنى قىلىپ بەرسىلە، موللام ...

رەيھان ئەلەمدىن يەرگە تەپتى، كۆزلىرى چاچراپ چىققۇدەك بولۇپ كەتتى، ئۇ قولىنى موللامغا جونۇپ ۋارقىرىدى:

— نېمە دەيدۇ ماۋۇ ئىمانسىز جوھۇت ... كىمنىڭ جىنى بار ئىكەن ... جىن دېگەن سەن ... ھۇ ھايۋان ... يوقال بۇ يەردىن ...

قورقۇپ كەتكەن شەرىپەنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەينىگە داجىدى. ئۆڭسۈلى ئۆچۈپ لەۋلىرىنىڭ قېنى قاچتى، كۆزلىرىنىڭ نۇرى كەتتى.

— سىزنىڭ ئىچىڭىزدە جىن بار ئىكەن، خېنىم ... بىر ئەمەس، ئىككى ...

— ئاغزىڭنى يۇم، — بېشى ۋاڭشىپ كەتكەن رەيھان ئاچچىق بىلەن قولىنى شىلتىدى، — بۇ يەردىن يوقال.

— سىزنىڭ ئىچىڭىزدىمۇ جىن بار ئىكەن ... سىڭار كۆز توكۇر جىن، — دېدى بارات موللام كۆزلىرىنى غەلىتە ئالايتىپ.

رەيھان قولىدىكى سومكىسىنى موللامغا ئاتتى:

— زوۋانىڭنى يىغ، ئىتنىڭ بالىسى ...

— بۇ خېنىمنىڭ ئىچىدىكى سىڭار كۆز جىن كۆچىنى

كۆرسەتتى، — دېدى بارات موللام قولىنى بوشىتىپ، — ئەئۇزۇبىللاھى مىنەششەيتانىر رەجىم ...
موللامنىڭ گېپى تۈگىمەيلا سومكا ئۇچۇپ بېرىپ ئۇنىڭ بېشىغا تەگدى.
موللام دەلدەڭشىپ، تامغا سىيرىلغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى، رازىيە يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭ بېشىنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزدى.
— بۇ سىڭلىڭىزنىڭ جىنى بەك كۆچلىنىپ كېتىپتۇ، رازىيە ئاپا، — دېدى بارات موللام كۆزلىرىنى ئالاس - پالاس قىلىپ.
— نېمە ... ماۋۇ نېمە دەپ چاقىرىدۇ سېنى ... ئاپا دەيدۇغۇ؟ سەن قانداق بولۇپ ئۇنىڭغا ئاپا بولۇپ قالدىڭ؟ ... سەن نېمە بولدۇڭ؟ بىر ئوبدان تۇرغان ئادەم ئېلىشىپ قالغاندەكلا بولۇپ قاپسەنغۇ، ئاچا!
ئەسەبلىرى ئۈزۈلگۈدەك ھالغا يەتكەن رازىيە قوللىرىنى شىلتىپ ۋاقىرىدى:
— رەيھان، سەن كەت ... ئىشىمنى بۇزما!
— ئاچا، ساراڭلىق قىلما، سېنىڭ ما ئىشلىرىڭغا ئەقلىم يەتمەي قالدى ... نېمە بولدۇڭ سەن؟
رەيھاننىڭ ۋارقىراشلىرى تار ئۆيدە چاڭىلداپ ۋەھىمە پەيدا قىلاتتى.
— سەن كەت، رەيھان، مېنىڭ ئىشىمنى بۇزما، گۈلپىيە ساقىياي دەپ قالدى، بالا دېگەنگە چىدىغىلى بولمايدىكەن ...
رازىيە ئۇشتۇمتۇت ھۆركىرەپ يىغلىدى.
— ئاچا ... سەن ماۋۇ ئىشلىرىڭنى توختات، ماۋۇ مۇسۇلماننىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس، بولمىسا گۈلپىيەدىن ئىلگىرى سەنمۇ ساراڭ بولۇپ قالغۇدەكسەن.
— ھاي، ھاي، خېنىم ئاغزىلىرىنى يىغسىلا، تىللىرىغا ئوت كېتىدۇ، كۆزلىرى قويۇلۇپ كېتىدۇ، قوللىرى تۇتماس، پۇتلىرى باسماس، كۆزلىرى كور، قۇلاقلىرى گاس بولۇپ قالىدۇ، تۇۋا

دېسىلە ... مىنىڭ توۋا دېسىلە! — دېدى بارات مۇللام ۋارقىراپ.
— سەن كەت، رەيھان، گۈلپىيە ساقىيىاي دەپ قالدى...
سېنىڭ بالاڭمۇ گۈلپىيەدەك بولۇپ قالسا قانداق قىلاتتىڭ؟...
سەن كەتكىن.
رەيھان بىردە ئاچىسىغا، بىردە رەيھانغا چەكچىيىپ قارايتتى، ئەلەمدىن بوغۇلۇپ كېتىۋاتاتتى.
— سەن ئالدامچىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىپسەن، ئاچا، مەن ھازىرلا ساقچى چاقىراي، مۇنۇ نىجىسنى بۇ يەردىن يوق قىلايلى.
سۇنايلىنىپ ياتقان مۇللام رەيھاننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ چۆچۈگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، قولىنى پۇلاڭلىتىپ ۋارقىرىدى:
— ماڭا ئىشەنمىگەن يەردە مېنىڭمۇ سەۋەب ـ دۇئالىرىمنىڭ كارامىتى بولماي قالىدۇ، بولدى، مەن كەتتىم ... مەن كېتەي ...
گۈلپىيە قىزلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قانداق كۈنلەرنى كۆرىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقسىلا، يەنە ئۆزلىرىنىمۇ ئويلاپ باقسىلا، رازىيە ئاپا، مەن ھەرقايسىلىرىغا ياخشىلىق قىلاي دەپ ئاز جاپا تارتمىدىم، جىن تائىپىسى ناھايىتى كاچ كېلىدۇ.
— ياق ... سىلە كەتمىسىلە، مۇللام ... رەيھان، سەن كەت ... تېز كەت بۇ يەردىن ...
— ساڭا قېرىنداشىڭ بولغان مەن مۇھىممۇ يا مۇنۇ جىنكەش ئالدامچى مۇھىممۇ؟ ... مېنى كەت دەيسىنا!
— جېنىم ئۇكام ... سەندىن خۇش بولاي، كەتكىن، مېنى قىينىما.
رازىيەنىڭ ھالى تۈۋەن ... ھېرىپ كۆزلىرى غەلىتە پارقىراپ قالغانىدى.
— بولىدۇ، مەن كېتەي ... توۋا قىلدىم ... مىڭ توۋا ... مەن مۇشۇ كۈندىمۇ مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى كۆردۈم، توۋا قىلاي ...
رەيھان شەرپەنى يېتىلەپ تالاغا ماڭدى، ئۇنىڭ چىشلىرى

كاسىلداپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

— ھە راست، مەن بۇ يەرگە گۈلپىيەنى كۆرگىلى كەلگەن، گۈلپىيە قېنى؟

— ئۇ يوق، — دېدى رازىيە.

— گۈلپىيە نەگە كەتتى؟

— يوق، — دېدى رازىيە چىشلىرى ئارىسىدىن چىقىرىپ .

— ئۇنى نېمە قىلىشتىڭ، ھەي جىنكەش ئالدامچى؟ ... گۈلپىيە قېنى؟

بارات موللام ئاغزىنى ئۈمەللەپ بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ يەنە گەپ قىلىمىدى.

— سەن ئېشەك موللا، بۇ ئۆيدىن دەرھال يوقال، بولمىسا ھازىرلا ساقچى چاقىرىپ ئىككى پۇتۇڭنى بىر ئۆتۈككە تىقىمەن.

— نېمە؟ ... — بارات موللامنىڭ كۆزى جانسىز ئالىيىپ كەتتى.

شۇ چاغدا ئىچكىرىكى ئۆيدىن گۈلپىيە چىقتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ پېشانىسى پارقىراپ كەتكەندى.

— موللام كەتمەيدۇ ... ئۇ دېگەن مېنىڭ ئېرىم ... ئۇ كەتسە مېنىڭ ئىچىمگە جىن كىرىۋالىدۇ.

رەيھان ئايلىنىپ كەتكىلى تاسلا قالدى.

— ئاھ خۇدا ... ماۋۇ ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرغانسەن، مۇشۇ زاماندىمۇ مۇشۇنداق ئىشلار بولامدۇ، بۇ چۈشۈممۇ يا ئوڭۈممۇ؟ ...

رازىيە سەنتىرەكلەپ رەيھاننىڭ ئالدىغا كەلدى.

— سەن ھېلى ساقچىغا دەيمەن دېدىڭ ... ئۇنداق قىلما، بولمىسا مەنمۇ، گۈلپىيەمۇ، بارات موللامۇ تۇتۇلۇپ كېتىمىز، ئايىمخان ئاچام بىلەن سىدىق ئاكاملارمۇ تۇگىشىدۇ، شۇنچە ئادەمنى ۋەيران قىلىپ نېمىگە ئېرىشمەكچىدىڭ؟

رەيھاننىڭ ئەقلى، خىياللىرى قاراڭغۇلۇققا پاتتى.

— مەن كېتىمەن، سەن ئىت ئەبلەخ، سەنمۇ دەرھال يوقال، ئاچامنى ئايىمايدىغان بولسام ھازىرلا ئىككى پۇتۇڭنى بىر

ئۆتۈككە تىقاتتىم سەن ئالدامچىنىڭ، ئىككىنچى بۇ ئۆيگە يولىغۇچى بولما، بولمىسا ياخشى كۈن كۆرمەيسەن، بىلدىڭمۇ؟ سىڭنى يەنە بۇ يەردە كۆرۈپ قالىدىغان بولسام ئاياپ ئولتۇرمايمەن، ئاچامدەك ساۋاتسىز ئايالنى، گۈلپىيەدەك ئاجىز قىزنى ئاني تېپىپ قىلمىغانلىرىڭ قالماپتۇ، دەپ قوياي، ھوشۇڭنى يىغمىساڭ مەندىن ياخشىلىق كۆرمەيسەن.

رەيھان بىلەن شەرىپە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بارات موللام زەئىپ ئاۋازدا خىرىلىدى:

— ئاۋۇ قىزنىڭ تېلېفون نومۇرىنى دەپ بەرسىلە، رازىيە ئاپا ... مەن سىرتتىن بولسىمۇ سەۋەب قىلىپ قوياي ... ئۇ قىزنىڭ ھالى خەتەرلىك ...

رازىيە دىڭگىدە ئورنىدىن تۇرۇپ بۇلۇڭدىكى ئىشكاپنىڭ تارتمىسىنى ئېچىپ ئىچىدىن خاتىرە دەپتەرنى ئالدى، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن بىردەم ۋاراقلىغاندىن كېيىن دىكىلدىغىنىچە موللامنىڭ قېشىغا كەلدى.

— ئۇ قىزنىڭ ئىسمى نېمە ئىدى؟ — دېدى بارات موللام كۆزلىرىنى ئالايتىپ.

— شەرىپە ... ئىسمى شەرىپە، — دېدى رازىيە، — سىڭلىمنىڭ ئېرىنىڭ سىڭلىسى، ئۇنىڭغىمۇ داۋا قىلايلى، ئاخۇنۇم، بەك ياخشى بالىدى، نېمە بولغاندۇ؟ ...

بولۇۋاتقان ئىشلارغا قاراپ ئولتۇرغان شاكىرنىڭ مېڭىسى قوچۇلۇپ كەتكەنىدى. مۇشۇ ئىشلارنىڭ قايسىسىنىڭ راست، قايسىسىنىڭ يالغانلىقىنى ئاڭقىرغۇدەك ھالىمۇ قالمىغانىدى.

ئەتىسى بارات موللام ئازراقلا نەرسىلىرىنى كونا سومكىسىغا سېلىپ تەييار بولدى.

— نە ... نەگە ماڭدىلا، ئاخۇنۇم؟ — دېدى رازىيە قورقۇپ.

— بىر مەزگىل سىرتتا تۇرۇپ كېلەي، رازىيە ئاپا، مازار - ماشايىخلارنى تاۋاپ قىلىپ ئۆزۈمگە كۈچ توپلاپ كېلەي، سىڭلىلىرىنىڭ پەيلى يامان تۇرىدۇ، بۇ ئىشلار سەل بېسىقسۇن،

ئەسلي قارغاپ ساراڭ قىلىۋەتمەكچىدىم، قارىسام سىلىنىڭ قېرىنداشلىرى ئىكەن، شۇڭا نىيىتىمنى يامان قىلىمىدىم، ئۇ يەنە مۇشۇنداق قىلسا، مەن جىم تۇرسامۇ چىلتەنلىرىم ئۇنى ئەيىپناق قىلىدۇ ياكى جېنىنى ئالىدۇ، مەن بىر ئايدىن كېيىن كېلىمەن، گۈلپىيەگە ئوبدان قارىغاچ تۇرسىلا ...

موللامنىڭ مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن رازىيەنى قورقۇنچ باستى.

— مەنمۇ بىللە كېتىمەن، — دېدى گۈلپىيە ئۆمچەرەپ، — مەن قورقىمەن.

— سىز قورقماڭ، گۈلپىيە، مەن ئۇزاققا قالماي كېلىمەن، بىر قاچا سۇغا دەمىدە ئوقۇپ قويدۇم، كۈندە شۇ سۇدىن بىر پىيالە ئىچىڭ، مېنى ساقلاڭ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سىزگە داۋاملىق سەۋەب قىلىمەن.

بارات موللام چىقىپ كەتتى، رازىيە بىلەن گۈلپىيە ماغدۇرسىز بىرھالدا ئولتۇرۇپ قالدى. شاكىرنىڭ دۇغدۇيۇپ ئولتۇرۇشلىرى بەكلا بىچارە ئىدى.

بۇ شەھەردە يۈز بەرگەن بەزى ئىشلارغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ.

ناھايىتى ئۇزۇن ئادەم ياشايدىغان بۇ شەھەردە يۈز بەرگەن بەزى ئىشلارغا كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ، رەيھان ئاچىسىنىڭ ئۆيىدە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئىشلارغا قاراپ، زامان كالېندارىنىڭ 21 ئەسىرگە يەتكەن كۈندىكى بەزى ئادەملەرنىڭ ئەقلىگە، تۇيغۇسىغا ھەيران قالدى. ئىدراكى نەچچە ئەسىرلەر ئىلگىرىكى زامانغا تەۋە ئادەملەر بىلەن بىللە ياشاۋاتقانلىقىدىن ھەيرانۇھەس قالدى.

شۇنداق، بەزى ئىشلارغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ، ئەمما بىزنىڭ ئىشىنىش ـ ئىشەنمەسلىكىمىزدىن قەتئىينەزەر بەزى ئىشلار يۈز بېرىۋېرىدۇ. نېمە ئىشلار يۈز بەرسىمۇ بىز يەنىلا كۈن ئېلىۋاتىمىز.

سەردار دوختۇر، ئەخمەت، رازىيە، دىلمۇرات، نادىرە، مۇرات

www.uyghurkitap.com
كىتاب تورى

دېگەن ئادەملەر ياشاۋاتقان شەھەردە رازىيە، گۈلپىيە، رەيھان، شەرىپە، بارات موللام دېگەن ئادەملەرمۇ كۈن ئېلىۋاتىدۇ، ھەممە ئادەمنىڭ خۇشاللىقى، دەردى ئۆزى بىلەن. شۇ ھالدا گۈلنىگارمۇ، سەردارمۇ كۆڭلىدىكى ۋەسۋەسىلەرنى ئۆزلىرى بىلىدۇ، يەنە سەمەتجان، بارات قويچى دېگەنلەرنىڭ چىگىچ ھەم بىمەنە ئوي ــ خىياللىرىمۇ داۋاملىشىۋاتىدۇ، ھايات بىز ئاڭقىرىپ بولالمايدىغان سۈرئەتتە لەيلەپ كېتىۋاتقاندەك ...

## 110

سەردار دېرىزە ئالدىدا تۇراتتى، بۇلۇتلۇق ئاسماننىڭ چېتى كۆرۈنمەيتتى، سوزۇلۇپ ياتقان شەھەرنىڭ كۆزگە سىغمىپ قالغان تۇرقى ئۇنىڭغا قانداقتۇر بىر ئىشلارنى دەپ بەرمەكچىدەك كۆرۈنەتتى. شەھەردە ئېگىز بىنالار، ساناقسىز ئۆيلەر بىر ــ بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن. كۆز ئالدىدىكى ئاشۇ ئۆيلەردە سەردارغا تونۇش ھەم ناتونۇش مىڭلىغان ئادەملەر ئولتۇرىدۇ، بۇ شەھەردىكى ناھايىتى نۇرغۇن يۈرەكلەرنىڭ شادلىقى، تەلپۈنۈشى ھەم ھەسرىتى سەردارغا ناتونۇش، شۇنداقلا سەردار ئۈچۈن ئەھمىيەتلىكمۇ ئەمەس.

ــ ھېلىقى قىز قانداق بولدى؟ ــ دېدى سەردار كەينىگە بۇرىلىپ.

ــ گۈلسۈمنى دەمسىز؟

ــ ھەئە.

ــ ئۇنىڭ ئانىسى تۈگەپ كەتتى.

ــ ھەي ئىسىت، ئەمدى ئۇ قىز قانداق قىلار؟

ــ دادىسى يۇرتتىن چىقىپ كېتىپتىكەن، بەلكىم ... تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قالارمىكى.

ــ سىز شۇ قىزنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ قويۇڭ.

ــ بولىدۇ، مەن سۈرۈشتۈرەي.

سەردار شۇ ھالدا گۈلنىگارنىڭ يۈرىكىدە كۆۋەرگەن رەشك ھەم تەشۋىشنى، ئايالنىڭ ئۆزىگە بولغان ئوتتەك تەلپۈنۈشلىرىنى ھېس قىلالمايتتى.

سەردار ئۆزىگە نەزەر سالمىغىلى ئۇزاق بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى.

سەردار ئەتە يا ئۆگۈنكى كۈنلىرىنى، بىر يىل، ئىككى يىل، ئون يىلدىن كېيىنكى كۈنلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىدى.

ئۇ گۈلسۇم دېگەن قىزنىڭ تەقدىرى توغرۇلۇق تايىنى بارراق بىر پىكىرگە كېلىشى كېرەكتەك ئويلايتتى.

گۈلسۇم بىرلا گۈلسۇم بولۇشى ناتايىن.

شەھەرنىڭ بۇلۇتلۇق ئاسمىنىدا نەم تۇماندەك بىرنەرسە كۆزگە چېلىقاتتى.

گۈلنىگار ئۆيلەرنى يىغىشتۇرۇش بىلەن ئالدىراپ يۈرەتتى، سەردار ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ بەك كۆپلۈكىنى بىلىدىغان، ئەمما ھېچقايسىسىنى قىلالمايدىغان ئادەملەر ئارىسىدا بولماسلىقى مۇمكىن ئىدى، ئەمما ئۆزىنى شۇ خىلدىكى ئادەملەرگە يېقىندەكمۇ سېزەتتى.

— سىزدىن بىر گەپنى سوراي، سەردار، ماڭا راست گەپ قىلىڭ، — دېدى گۈلنىگار ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىپ قۇچاقلاۋېتىپ.

سەردار گەپ قىلمىدى.

سۆلكەتلىك گۈلنىگارنىڭ تولغان ۋۇجۇدى سەردارغا يۆگىشىپ تۇراتتى.

— نېمىنى سورايدىغانلىقىمنى بىلەمسىز؟

— ياق، قېنى سوراڭ.

گۈلنىگار سەردارنىڭ مۇرىسىدىن تارتىپ ئۆزىگە قاراتتى.

— بولدى، سورىماي، سورىساممۇ راست گەپ قىلمايسىز.

— راست گەپ قىلىمەن.

— راست گەپ قىلسىڭىزمۇ مەن ئىشىنەلمەيمەن.

www.uyghurkitap.com

سەردار ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى.

— نېمانداق گەپ قىلىدىغانسىز؟ ... مەن سىزگە نېمىشقا راست گەپ قىلمىغۇدەكمەن؟

— مەن سىزدىن سىز راست گەپ قىلالمايدىغان سوئال سورايمەن، مەيلى، بىر كۈنلەردە قايتىپ كېلەرسىز ...

سەردار گۈلنىگارنىڭ خۇمارلىشىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قارىدى، بۇ كۆزلەرنىڭ تېگىدە ئارمانغا قانمىغان يۈرەكنىڭ تەقەززالىقى بىلەن كۈچلۈك بىر ئەندىكىش پىلىلداپ تۇراتتى.

— قايتىپ كېلەرسىز دەيسىزغۇ؟ نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟

— مەن سىزگە ئىشىنىمەن، — دېدى گۈلنىگار.

— مەنمۇ سىزگە ئىشىنىمەن، — سەردار گۈلنىگارنىڭ كۆزىگە قادىلىپ شۇنداق دېدى.

گۈلنىگارنىڭ يۈرىكى تىترەپ كەتتى، ئۇ سەردارنىڭ كۆزىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، پەرتۇقنىڭ يانچۇقىدىكى تېلېفونىنى مەھكەم تۇتتۇۋالدى. شۇ ھالدا سەردار بىلەن ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىدىن ناھايىتى سىلىق، ئاستا ھەم توختاۋسىز رەۋىشتە يىراقلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇراتتى.

— نېمە تاماق يېگۈڭىز بار؟ — دېدى گۈلنىگار.

— چۆچۈرە قىلامسىز؟

— ماقۇل.

ھايات بەك ئاددىي داۋاملىشىۋاتىدۇ، شۇ ئاددىيلىق ئىچىدە بىرلىرىمىز سۆيگۈ خاپىلىقىدا، بىرلىرىمىز بالا دەردىدە، بىرلىرىمىز پۇل خاپىلىقىدا تېنەپ يۈرىمىز ... كۆڭۈلگە ئارامچىلىق ئاز.

خۇشاللىققا تولغان دۇنيانىڭ شەكلىنى، رەڭگىنى، تۇز - تەمىنى ئۆزىمىز بۇزۇپ قويىمىز، يولغا تىكەن تاشلىۋېتىپ، ئارقىدىن ئۆزىمىز ماڭغاندەك، ئاندىن ئاغرىق ئازابىدىن ۋايسىغاندەك ئىشلارنى تولا قىلىمىز.

سەردار بارات قويچىغا ئىچ ئاغرىتىدۇ، بەك نۇرغۇن پۇلى بار

بۇ ئادەم تەشۋىش، ئەندىشە، گۇمان ئىچىدە كۈنلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ. ھېچ ئىشتىن كۆڭلى ئېچىلمايدۇ. ھەممەيلەننىڭ بارات قويچىغا ئايلىنىپ قالىدىغان ياكى بارات قويچىغا ئوخشاپ قالىدىغان چاغلىرىمىز بولىدۇ.

## 111

سەردار ئۆيىگە كەلگەندە بارات قويچى ساپادا ئولتۇرۇپ چاي ئىچىۋاتاتتى، ئۇ سەردارنى كۆرۈپ دىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى قولىنى سوزۇپ سەردارنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— سىلى بىلەن كۆرۈشەي دەپ كىرسەم ئىشتىن كەلمىدى دېدى، شۇڭا ساقلاپ ئولتۇردۇم، بىردەم ۋاقىتلىرىنى ئالىدىغان بولدۇم.

بارات قويچى جۇدەپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى، كىيىملىرىمۇ ئاۋارە، كەيپى تۆۋەن ئىدى.

— ھېچقىسى يوق، قېنى، ئولتۇرسىلا.

— ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتلىرى بەكلا ئالدىراشتەك قىلىدۇ، سەردار دوختۇر.

— شۇنداق، خىزمەتنىڭ ئىشى، ئالدىراش ئۆتىمىز.

— ئىم ... ئۆزلىرىگە ئايدا نەچچىلىك مائاش تېگىدۇ ؟

— تۆت مىڭغا يېقىن.

— ئىشلىگەنلىرىگە قارىغاندا ئاز بېرەمدۇ نېمە؟

سەردار كۈلۈپ قويۇپ بارات قويچىنىڭ قارشى تەرىپىگە ئولتۇردى، گۈلنىگار داستىخان كۆتۈرۈپ چىقىپ چاي قۇيدى. بارات قويچى گېلىنى قىرىپ دېدى:

— بىز قوي باقساق بىر يىلدا بەش يۈز مالدىن ساق - سالامەت ئىككى يۈز تۆل ئالساق، يىل ئاخىرىدا ئىككى يۈز مىڭ سوم پۇل تاپتۇق دېگەن گەپ، بۇنىڭ ئۆزى ئايدا ئون بەش مىڭدىن ئېشىپ كېتىدۇ دېسىلە، شۇنىڭغا قارىغاندا سىلىنىڭ ھەقلىرى

ئاز ئىكەنمۇ نېمە ...

بارات قويچى پۇشقۇرۇپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنندى، سەردار بارات قويچىنىڭ جىددىيلىك چىقىپ تۇرغان تۇرقىغا قاراپ، ئۆزىنىڭ بارات قويچىدەك ئادەم بولۇپ قالمىغىنىغا شۈكۈر قىلىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ قالدى.

ــ ئۆزلىرىنى بىر ئىش بىلەن ئىزدەپ كىرگەن، ماڭا بىر مەسلىھەت بەرسىلە.

ــ پۇل توغرۇلۇقمۇ؟

ــ شۇنداق ... دەل تاپتىلا، ئەقىللىك ئادەم دېگەن باشقىچە بولىدىكەن.

ــ مەن مەسلىھەت بېرەلمەيمەنمىكى، بارات ئاكا، مەن پۇل توغرۇلۇق جىق بىرنەرسە بىلمەيمەن، مەن بەرگەن مەسلىھەتمۇ ئۆزلىرىگە تازا يېقىپمۇ كەتمەسمىكى دەيمەن.

ــ ئۇنداق بولامدىغان، خەۋەرلىرىدە بار، پۇل ئاز ئەمەس، قوي باقساممۇ ئەتىيازدا بولمىسا كۈزدە تۇغۇپ بىرسى ئىككى بولاتتى، مۇنۇ پۇل دېگەننى ساندۇقتا قويۇپ قويسا بىرسى بىر تۇرىدىغان نەرسىكەن بۇ، بانكىغا ئاپىرىپ بەرسە بەرگەن ئۆسۈمىنىڭ تېخى تايىنى يوق ئىكەن، شۇڭا ئەمدى ... شۇ ئىشقا بېشىم قاتتى، مۇشۇ پۇلنى زادى قانداق قىلساق بولار دەپ ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلىپ كىرىشىم.

ــ بۇ باش قاتىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى، سىلىگە نەچچە دېدىم، سىلىنىڭ مۇشۇ ياشلىرىدا پۇلنى ئىشلىتىدىغان ئەڭ ياخشى جاي خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرى، نۇرغۇن ئادەملەر داۋالانغىلى پۇلى يوق كۈنى قاتتىق بولۇۋاتىدۇ، يول ياسايلى، كۆۋرۈك سالايلى، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىگە پۇل خەجلىسەك بولىدۇ.

ــ بۇ ... بۇ دېگەنلىرىمۇ ئالدىنقى قېتىم دېگەنلىرى بىلەن ئوخشاشقۇ.

ــ مەندىن ئون قېتىم مەسلىھەت سورىسىلا ئون قېتىم

مۇشۇ گەپنى دەيمەن.
بارات قويچى ھودۇقاندەك بولۇپ كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى.
— ئەمدى ماۋۇ خالىق دەيدۇ قارىسىلا، مەن پۇللىرىمنى ئۇنىڭغا بېرىدىكەنمەن، ئۇ ماڭا بىرنى ئىككى قىلىپ بېرىدىكەن.
— سىلى ئۆتكەندىمۇ خالىق دېگەننىڭ گېپىنى قىلىۋاتاتتىلە، ئۇنىڭ بىلەن قىلىدىغان ئىش تېخى پۈتمىدىمۇ؟
— ئىككى تايىن بولۇپ قېلىۋاتىمەن ... قانداق قىلىشنى بىلەلمىدىم، بىراق ئۇ بىرنى ئىككى قىلىمەن، دېگەن.
— قانداق ئىككى قىلىدىكەن؟
— مەبلەغ سالىمىز دەيدۇ.
— نېمىگە مەبلەغ سالىدىكەن؟
— بۇنى دېمىدى، سورىسام بۇ دېگەن سودا مەخپىيەتلىكى دەيدۇ، بەك يامان ئادەم بولغان نېمىچۇ بۇ خالىق دېگەن.
سەردار قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بارات قويچىغا تىكىلدى.
— سىلىگە دەپ قوياي، خالىق دېگەننىڭ قانداق ئادەملىكىنى مەن بىلمەيمەن، ئەمما دىققەت قىلغانلىرى تۈزۈك، پۇل قولدىن چىقىپ كېتىپ قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن.
— ئۇنداق بولماس، خالىق بىلەن شىرەم تۇغقان كېلىمىز، ئاتا ـ ئانىسى بەلەن ئادەملەر ئىدى.
— ھازىر بەزى باللار دادىسى بىلەن ئانىسىنى دورىمايدىغان بولۇپ قالدى.
— ئەلۋەتتە ھۆججەت يازدۇرۇپ ئاندىن بېرەرمەن پۇلنى.
سەردارنىڭ تېلېفونىغا ئۇچۇر كەلدى، ئۇ ئۇچۇرغا قاراپ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ قويدى، ئەخلەت ئۇچۇر ئىدى، سەردارنىڭ تېلېفون نومۇرى قانداقتۇر بىر مۇكاپاتقا ئېرىشتى، دېگەندەك.
— ماڭا قارىسىلا، بارات ئاكا، سىلى ما جاھاننىڭ ئىشلىرىنى چۈشەنمەيدىكەنلا، ھازىر ھۆججەتكە ئەمەل قىلىدىغان، توختام بويىچە ئىش قىلغىلى بولىدىغان زامان

ئەمەس، ئادەملەر يالغانچى بولۇپ كەتتى، سىلىنى ئالداپ كەتمىسۇن دەيمەن.

شۇ ئارىدا گۈلنىگار چوڭ لىگەندە تۈگرە ئاچىقىپ داستىخانغا قويدى، ئاندىن كىچىك تەخسە، ئاچچىقسۇ، قىزىلمۇچ قىيامىنى قويدى، بارات قويچى تۈگرىنى ئىشتىها بىلەن يېدى، پېشانىسىدە ئۇششاق تەرلەر پەيدا بولدى.

— ئەجەب ئىسسىق باستى، — دېدى بارات قويچى كېكىرىپ تۇرۇپ، — بەك ئوخشاپتۇ بۇ تاماق، ئەمىسە ھېلىقى گەپكە كەلسەك ...

بارات قويچى ئۆزىنىڭ مۇشۇ كۈنگىچە داۋام قىلىپ كەلگەن خاتىرجەملىكى، كۆڭۈل ئازادىلىكىنى ئاللىقەيەرلەردە يوقىتىپ قويغاندەك قىلاتتى. بىسەرەمجان تۇرقى كىشىنى ھەم بىزار قىلاتتى، ھەم ئىچىنى ئاغرىتاتتى.

— ئەمدى ئۇ خالىقجان ... مېنى گوللىماس دەيمەن ... پايدىسىنى نەچچە دېسەڭ شۇنچە بېرىمەن، دېدى.

— ئەمىسە ئىختىيارلىرى، — دېدى سەردار ھېرىپ كەتكەندەك ئۇھ تارتىپ. ئۇ بارات قويچىنىڭ پاتراق چىقىپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىپ سائەتكە قاراپ قويدى.

— بۇ پۇلنى تازا مۇھىم ئىشقا ئىشلەتسەك بولاتتى، — دېدى بارات قويچى.

— سىلىنىڭچە مۇھىم ئىش دېگەن قانداق ئىش؟

— مەن بۇنى تازا بىلىپ كېتەلمىدىم، سىلى ئەقىللىق ئادەم، ئادەتتىكى كىشى ئوپېراتسىيە دوختۇرى بولالمايدۇ، شۇڭا سىلىنى ئىزدەپ كىرىشىم.

— بايا مەن دېگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۇھىم.

— بىرنى ئىككى قىلىدىغان ئامال تاپقىلى بولماسمۇ؟

بارات قويچىنىڭ تەلمۈرۈپ تۇرغان كۆزلىرىدىكى بىچارىلىك سەردارغا بەكلا ئىچىنىشلىق ھالدا قالغان بىر يۇرەكنىڭ چۆچىلمىدەك ھالىدىن بىشارەت بەردى.

— هېلىقى خالىق بىرنى ئىككى قىلىپ بېرىدىغان بوپتۇغۇ سىلىگە.
— شۇ بالىغا تازا ئىشىنىپ بولالمىدىم، كۆندە نەچچە ۋاق شۇ پۇلنىڭ گېپىنى قىلىدۇ ... كۆيۈ ئوغۇل دېگەن گۆيلارنىڭ نىيىتى تېخى يامان، ماڭا باشقىچىرەك بىر ئەقىل كۆرسىتىپ قويسىلا، دوختۇر.
سەردار نېمە دېيىشىنى بىلەلمىدى، بارات قويچىنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى ئۇنىڭغا تىكىلگەنىدى.
— ناۋادا بولىدۇ دېسىلە، بىرەر جايدىن سودا دۇكىنى سېتىۋېلىپ ئىجارىگە بەرسىلە.
— ئىجارىگە بەرسىلە؟
— شۇنداق.
— بۇ قانداق گەپ بولىدۇ ئەمدى؟
— مەسىلەن ياخشىراق جايدىن سودا دۇكىنى سېتىۋېلىپ ئۇنى ئىشلىتىدىغانلارغا بېرىلا.
— بۇ ... دۇكاننى مەن پۇلغا ئېلىپ ئۇنى خەققە بېرەمدىمەن؟
گۈلنىگار قاچا - قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ ئاشخانىغا ئېلىپ ماڭدى.
سەردار بەزى ئەقىل ھەم بەزى كاللىلارنىڭ جاھاننىڭ بۇگۈنىگە پەقەت ئۇدۇل كەلمەيدىغان دەرىجىدە كونىراپ، جۇلۇقى چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى ئەخمەتتىن ئاڭلىغانىدى. سەردار ھازىرقى ئۆزىگە قاراپ پەرىشان بولۇپ قالدى، دەۋاتقان گەپلىرى، قىلىۋاتقان پىكىرلىرى، خوشاللىقلىرى، غەزەپلىرى شۇ قەدەر بىتايىن، ئەھمىيەتسىز ئىدى. ھايات دېگەن پۇل قوغلىشىش، پۇل خەجلەش، كىم بىرلىرىنىڭ ياخشى ياكى يامان گېپىنى قىلىش، ماختىنىش، ۋايساش ... مۇشۇلاردىن پۈتكەنمۇ، مۇشۇلاردىن پۈتسە بولامدۇ؟
— بىكارغا بەرمەيلا، ئىجارىگە بېرىلا.

ــ بۇنداقتا قانداق پايدا ئالغىلى بولىدۇ؟
ــ بىر مىليونغا دۇكان ئالسىلا، يىللىقىنى قىرىق مىڭ سومدىن بەرسىلە، سىلە سېتىۋالغان پۇل يىگىرمە نەچچە يىلدا چىقىپ بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن دۇكان سىلىگە پايدىسىغا قالىدۇ.
ــ نەچچە يىلدا دېدىلە؟
ــ يىگىرمە نەچچە يىلدا.
ــ ۋاي ئۇكام، بۇ گەپلەرنى دېمىسىلە، مەن بىر پاتمان پۇلغا دۇكان ئېلىپ، ئاندىن ئۇنىڭ پايدىسىنى كۆرەتتىم دەپ يىگىرمە نەچچە يىل ساقلىسام خەق سارالڭ ئىكەن دەر مېنى.
ــ ئەمىسە ئىختىيارلىرى.
بارات قويچى ئورنىدىن تۇرماقچى بولغاندەك قىمىدىنىپ ئاستا سەردار تەرەپكە سىنچىلاپ قارىدى.
ــ ئەمدى سەردار دوختۇر، ئۇنى ـ بۇنى دېيىشتۇق، ما مەھەللىدىكى سەمەت دېگەن قىپقىزىل سارالڭ بىرنېمە ئىكەن قارىسىلا، تېخى مېنى سارالڭ دەپ يۈرگۈدەك ... نېمە دەپتۇ دېمەملا، پۇلغا تويمايدىغان دىۋانە، پۇل سارىڭى، مىليون پۇلنى تۇرۇپ تېمىن خەجلەشكە قورسىقى ئاغرىيدىغان قاتتىق ئۆتەك دەپ تىللاپتۇ.
ــ ئۇنداقمۇ دېمىگەندۇ.
ــ شۇنداق دەپتۇ قاغدالما مەرەز ... سىلىمۇ دىققەت قىلسىلا، بىر بالاسى تېگىپ قالمىسۇن، توقۇناق گەپنى تولا قىلىدىغان تاز ئىكەن بۇ ...
بارات قويچى يەنە بىرمۇنچە بىرنېمىلەرنى دەپ چىقىپ كەتتى. ناھايىتى نۇرغۇن پۇل بۇ ئادەمنىڭ ئارامىنى بۇزۇپ ھالىنى قويمىغاندەك قىلاتتى.
ــ بۇ ئادەمنىڭ بۇنىڭدىن باشقا كېپى يوقمىدۇ؟ ــ دېدى گۈلنىگار، ــ نېمانداق ئۇزۇن گەپتۇ بۇ، قانداق چىدايدىغانسىز شۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇشقا؟ مەن بىزار بولۇپ كەتتىم

بۇنداق گەپلەردىن.

— نېمە ئامال؟ قوشنا تۇرساق.

— ئادەتتە مۇشۇ كىشى بىلەن پاراڭلاشقانچىلىك ۋاقتىنى بىزگە ئاجراتسىڭىز نېمە بولار.

— يەنە شۇ كونا گەپنى دەيسىزغۇ، شۇ كىشىنىڭ تايىنى يوق گەپلىرىنى ئاڭلىغۇم بارمۇ مېنىڭ، ئىككىمىزگە كەلسەك بىز دائىم پاراڭلىشىپ تۇرىمىزغۇ.

گۈلنىگار گەپ قىلمايلا ئاشخانىغا ماڭدى، ئۇنىڭ يەنە زەردىسى قايناپ قالدى. ھېلىقى ئالۋاستىنىڭ بەتبەشىرە ھالى يادىغا يەتتى، بىر كۈنلەردە ئۇنىڭ گېلىنى بوغۇپ تاشلايدىغاندەك، چاچلىرىنى يۇلۇپ رەسۋا قىلىدىغاندەك خىيالى بار ئىدى ...

گۈلنىگار رازىيەنى ئويلىدى، رازىيەنىڭ گۈزەل ئەمما دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى چۈشىنىپ بولالمايدىغانلىقى چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئەسكە ئالدى. گۈلنىگارنىڭ نەزەرىدە رازىيە بەختلىك ئايال ئىدى. يۈرىكى رەشك ئوتىدا كۆيۈۋاتقان گۈلنىگارنىڭ نەزىرىدە ئۆزىدىن باشقا ئايالالارنىڭ ھەممىسى بەختلىك ئىدى. نۇرغۇن ئادەملەر ھەقىقىي بەختنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگەندەك، ھەقىقىي بەختسىزلىكنىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ.

گۈلنىگارنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق بىلمەيدىغانلىرى بەك جىق. بۇ دۇنيانىڭ ئاددىي ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى ئارىسىغا كىرىپ قالغان بۇ گۈزەل ئايالنىڭ تەشۋىشلىرى ھېلى سانجىلىپ كېتىدىغان يىڭنىدەك باش ئۇستىدە ئايلىنىپ يۈرىدۇ، ئاشۇ يىڭنىلەر ھە دېگەندە يۈرىكىگە، كۆزىگە قادىلىشقا تەييار تۇرۇۋاتقاندەك بىلىنىدۇ، گۈلنىگارنىڭ تەشۋىشلىرى بىر ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمگە مەلۇم ئەمەس، ئۇ ئۆزى كىرىپ قالغان، چىقىپ كەتسەم بولاتتى، دەپ ئويلىغانسېرى ئىچكىرىلەپ مېڭىۋاتقان يولنىڭ ئۆزىنى نەگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇ يەنە «ئەيدىز» دېگەننىڭ نېمىلىكىنى تازا بىلىپ كەتمەيدۇ، بۇ

نەرسىنىڭ ئۆزگە قانچىلىك يېقىنلىشىپ كەلگەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ.

## 112

— ئەيدىز !
— نېمىشقا؟

نادىرەنىڭ بارلىق تۇيغۇلىرىنى، ھېسلىرىنى، ئەقلىنى، روھى ھەم ۋۇجۇدىنى جاۋابىنى تاپقىلى بولمايدىغان شۇ بىر سوئال قاپلاپ كەتكەندى. «مەن نېمىشقا مۇشۇنداق بولۇپ قالىمەن؟ نېمىشقا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى مەن بولۇپ قالىمەن؟»

نادىرە ئون سەككىز ياشقا كىرگەن كۈندىكى سۈرەتكە قاراپ ئولتۇرۇپ تەگسىز خىياللار، تۈگىمەس سوئاللار ئارىسىدا قالغاندى. جىمى بالا ـ قازا شۇ كۈنى باشلانغاندى. شۇ كۈنى دوزاخنىڭ گۈلدۈرمامىسىدەك ھەيۋەتلىك چىرقىراش ئىچىدە مۈرات ماشىنىنىڭ ئالدى چاقلىرى ئارىسىغا كىرىپ كەتكەندى، شۇ كۈندىن باشلاپ نادىرەنىڭ دوزاخ ئوتىدەك كۈنلىرى باشلانغان بولۇشى مۇمكىن. نادىرە سۈرەتكە قارىدى، سۈرەت رەڭسىز ئىدى، شۇ كۈنى ئۇ شەھەرنىڭ دوقمۇشىدىكى سۈرەتخانىغا كىردى، خۇشخۇي سۈرەتچى ئايال ئۇيغۇرچىنى بۇزۇپ سۆزلەپ نادىرەنى ئەركىلەتتى.

— بەك چىرايلىق قىز ئىكەنسىز، سىزدەك قىزلارنى سۈرەتكە تارتىشمۇ بىر راھەت، كۈلۈپ تۇرۇڭ... كۈلۈڭ ھە ... ماۋۇ سۈرەت بەك ياخشى چىقىدۇ.

نادىرە سۈرەتنى ئېلىپ سىرتقا چىقتى، سۈرەت راستلا ياخشى چىققان، ئادەمنىڭ گۈزەللىكىمۇ قالتىس بىر مۆجىزە ... مۆجىزىلەرنىڭ ئىچىدە ئىنساننىڭ روھىي ئالىمى بىر مۆجىزە، ئىنسان چىرايىدىكى گۈزەللىك يەنە بىر مۆجىزە. نادىرە سۈرەتنى ئېلىپ مېڭىۋېتىپ سۈرەتچى ئايالنىڭ نادىرەنىڭ گۈزەللىكىدىن

تالڭ قالغان، سۆيۈنگەن، ھەۋەس بىلەن قاراپ كەتكەن ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. بۈگۈن نادىرەنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، مۇرات ئىككىسى دالا سەيلىسىگە بارماقچىدى. ئۇ تۇغۇلغان كۈننى مۇرات بىلەن ئۆتكۈزۈشكە كېلىشىپ قويغان، سىم - سىم يامغۇرلۇق شەھەر شۇ قەدەر يېقىملىق ئىدى. نادىرە كېتىۋېتىپ سورەتكە قاراپ قويدى، سۈرەتتىكى قىز — نادىرە تەبەسسۇم بىلەن دۇنيانى سۆيۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭ گۈزەللىكى مۇراتقا دۇنيانىڭ سېھىرلىك شېرىنلىكلىرىدىن بىرى بولۇپ تۇيۇلاتتى.

— سىنى ساقلىتىپ قويدۇممۇ؟

— مەن سىنى دائىم ساقلاپ تۇرىمەن.

مۇراتنىڭ گېپى نادىرەگە غەلىتە تۇيۇلدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— ھەر كۈنى يېنىمغا كەلسىكەن دەپ كۈتىمەن، ساڭا ئاتاپ شېئىر يېزىپ قويغان .

— ئۆزۈڭ يازدىڭمۇ يا باشقىلارنىڭكىنى كۆچۈردۈڭمۇ؟

— ئۆزۈم يازدىم ... تۇغۇلغان كۈنۈڭگە ئاتاپ، ھېلى ئوقۇپ بېرىمەن.

— خوپ.

سىم - سىم يامغۇر چىرايلىق بولۇپ چىرايلىق شەھەرگە تۆكۈلىدۇ.

ئىنسان تۇغۇلۇشتىن قىرىق يىل بۇرۇن جىمى كۆرىمىش، كەلمىشلىرى پۈتۈلۈپ بولىدۇ دەيدۇ، مۇراتنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزىمەن دەپ ماشىنىغا سوقۇلۇپ مېيىپ بولۇشى، نادىرەنىڭ ئۇنى داۋالىتىش ئۈچۈن تىرمىشىشلىرى، ئاخىر ئەيدىز دېگەن دەھشەتلىك ئالۋاستىنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈشى ... ھەممىسى تەقدىرگە پۈتۈلگەنمۇ؟ قىرىق يىل بۇرۇن پۈتۈلگەنمۇ؟ بۇ ئەسلى قۇتۇلغىلى بولمايدىغان، چوقۇم شۇنداق بولىدىغان تەقدىرمۇ؟

— مەن نۇرغۇن ئىپلاس ئادەملەرنى ماڭا ئوخشاش ئۆلۈمگە سۆرەپ كىرىشىم كېرەك.

نادىرەنىڭ ئاۋازىنى ھېچكىم ئاڭلىمايدۇ، ئۇ بۇ گەپنى بىر كىم ئاڭلىغۇدەك قىلمايدۇ، ئۆزىنىڭ ئاۋازىنى ئۆزى ئاران ئاڭلايدۇ. بۇ گەپنى ئۇنلۇك دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ.

— ئۆچ ئالمىسام بولمايدۇ.

نادىرە ئۆزىگە ئۆزى شۇ گەپنى بەك جىق دېدى.

ئۆچ ئېلىش قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۇدۇم، ھاياتلىقنىڭ مۇھىم ئەمما قورقۇنچلۇق قائىدىسى. ئىنسانلارنىڭ بۇرۇندىن داۋام قىلىپ كەلگەن تەسەللىي ئىزدەش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى.

ئۇ بىرسىنىڭ ئۆزىگە مۇشۇنداق دەپ غەيرەت ئاتا قىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

ئۆچ ئېلىش ئىنسانلار ئارىسىدىكى يىرىڭلىق جاراھەت، شۇ قەدەر يىرگىنچلىك، ئۇنىڭغا گىرىپتار بولغان ئادەمنىڭ ھاياتى ئۆچمەنلىك ھەم ئازاب ئىچىدە قالىدۇ.

نادىرە كىم بىرسىنىڭ ئۆزىگە مۇشۇنداق تەنبىھ بېرىپ نېيىتىدىن ياندۇرۇشىنى ئارمان قىلىدۇ. كىم بىرسىنىڭ ئۆزىنى قايىل قىلغۇدەك قالتىس گەپلەرنى قىلىپ ئۆچ ئېلىش يولىدىن قايتۇرۇشىنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلىدۇ.

مۇراتنىڭ ئاغزىدىن قىپقىزىل قان چىقىۋاتاتتى، قىزىل ماشىنا سىم – سىم يامغۇر ئىچىدىكى شەھەرنىڭ كەڭ يولىدا قورقۇنچلۇق بولۇپ كۆزگە تاشلىناتتى. ھوشىدىن كەتكەن مۇرات ئاغرىق ئازابىدىن قىيشىيىپ قالغان ئاغزىنى يېرىم ئېچىپ ياتاتتى.

قىيامەت قايىم مۇشۇنداق بولامدۇ؟

قىيامەت مۇنداق قايىم بولمايدۇ، ئەمما شۇ كۈنى نادىرەگە، مۇراتقا قىيامەت قايىم بولغاندەك تۇيۇلۇپ قالدى. ئەمدى ئويلىسا بۇ قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشى ئەمەس، قىيامەت قايىمنىڭ باشلىنىشى ئىكەن ... بىر ئىنسان ئۈچۈن، بىر ئاجىز قىز ئۈچۈن شۇنداق ... بۇ كۈن نادىرەنىڭ تۇغۇلغان كۈنى يۈز بەردى،

شۇ كۈنى سىم ـ سىم يامغۇر ياغقان، مۇرات نادىرە ئۇچۇن قارا كۆز ئەينەك ئالغانىدى.

قىيامەت قايىم دېگەن باشقا نەرسە ئەمەس، ئەيدىزنى دەل قىيامەت دېسە بولىدۇ، بۇ قىيامەتنىڭ دەرۋازىسىنى بىر، ئىككى، ئۈچ ... ئۈچ يۈز، ئۈچ يۈزمىڭ ئادەمگە ئاچقان ھەقىقىي قىيامەتنىڭ بەلگىسى.

قىزىل ھالقىلىق بەلگە، ھالقىلاپ چېگىلگەن قىزىل لېنتا ... بەك نۇرغۇن ھەسرەت ئاشۇ قىزىل لېنتىغا چېگىلگەن.

ئۆلۈمنىڭ بەلگىسى مۇشۇنداق بولۇشى مۇمكىن.

ئۆلۈمنىڭ رەڭگى مۇشۇنداق بولۇشى مۇمكىن.

ئۆلۈمنىڭ بېشارىتى مۇشۇنداق بولۇشى مۇمكىن.

نادىرەگە بىر ئادەم ئۆچ ئېلىش ئىستىتىكىدىن يېنىش توغرۇلۇق رەت قىلغۇسىز تەرزدە كۈچلۈك نەسىھەت قىلسا بولاتتى. مۇرات ... توغرا، مۇرات نەسىھەت قىلسا بولاتتى.

— مۇرات، ئىككىمىز تەقدىر تەرىپىدىن چەتكە قېقىلدۇق، جازالاندۇق، بىز تەقدىردىن ئۆچ ئالايلى.

— قانداق ئۆچ ئالىمىز؟

— بىزمۇ بىگۇناھ ئىدۇق، مۇشۇ كۈنگە قالدۇق، باشقىلارمۇ بۇنداق ئازابنىڭ تەمىنى تېتىپ باقسۇن.

— قانداق قىلىپ ئۆچ ئالماقچى؟

— مەن ۋۇجۇدۇمدىكى ئالۋاستىنى بىرنى مىڭ قىلىپ يايىمەن، بۇ بەك ئاسان.

— سەن ئۇلاردىن ئۆچ ئالساڭ تەقدىردىن ئۆچ ئالغان بولامسەن؟

— شۇنداق.

— سەن ئۆچ ئالغانلار تەقدىر ئەمەس، ئۇلارمۇ سەندەك زىيانغا ئۇچرىغۇچى بولۇپ قالىدۇ.

— ئەمىسە قانداق قىلىمەن؟

— ئۇنداق رەزىل ئىشنى سەن قىلما! ... سېنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆلۈغلۇقۇڭ شۇ بولۇپ قالىدۇ.

— سەن بولمىساڭ ئۆلۈۋالاتتىم، ساڭا چىدىمايمەن.

— مېنى دېسەڭ ئۆلۈۋېلىشىنىڭ گېپىنى قىلما، سەن ساقىيىپ كېتىسەن.

— بۇ داۋاسىز كېسەللىك.

— دورىسى تېپىلمىدۇ، چوقۇم تېپىلىدۇ، ساقىيىپ كېتىسەن.

نادىرە مۇرات بىلەن شۇ گەپلەرنى دېيىشكەن بولۇشى مۇمكىن ياكى بولمىسا غايىبانە مۇڭداشقانلىرىدا ئويلىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، نادىرەنىڭ مۇرات توغرىسىدىكى ئەسلىمىلىرى بىلەن خىياللىرى ئارىلىشىپ كېتىدۇ.

نادىرە كۆزىگە ياش ئالدى، شەھەرنىڭ ئاسمىنىدا سانسىز يۇلتۇزلار بار ئىدى. مۇرات شۇ ھالدا باشقا بىر چۈشلەرنى كۆرۈپ ياتىدىغاندۇ، نادىرە مۇرات يېنىدا تۇرغاندەك، ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ سۆزلەۋاتقاندەك، تىنىقلىرىنى ئاڭلىغاندەك، يۈرەكنى سۆيۈپ ئۆتىدىغان ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتقاندەك ئىدى.

كۆز يېشى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان نەرسە.

بۇ شەھەردە ھەركىمنىڭ يولى باشقا، بۇ ھاياتتا ھەركىمنىڭ دەردى باشقا، خىيالەن نەزەر سالغاندا، بۇ شەھەرنىڭ ئۆزى كىشىگە ھاياتنىڭ رەڭگىدە كۆرۈنىدۇ، ھاياتنىڭ مەنىسىدە بىلىنىدۇ، ھاياتنىڭ قىممىتىدە جۇلا قىلىدۇ. بۇ شەھەر بىردە گۈلنىڭ رەڭگىگە كىرىدۇ، بىردە گۈلنىڭ ھىدى بولۇپ پۇرايدۇ، بىردە يەنە بىر قانداق ... بۇ شەھەردە ھەركىمنىڭ دەردى ئۆزىگە، ھەركىمنىڭ شادلىقى ئۆزىگە ... بۇ شەھەردە ھەر مىنۇت، ھەر دەقىقىدە يۈرەكنى لەرزىگە سالىدىغان ئېسىل ئىشلار، كىشى قەلبىدىن مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان مەردانىلىكلەر بولۇپ تۇرىدۇ، بۇ شەھەردە يەنە ھەر مىنۇت، ھەر دەقىقىدە يۈرەككە بىخۇشلۇق ئېلىپ كېلىدىغان بىتايىنلىقلار بولۇپ تۇرىدۇ. شۇ ھالدا بىرسىنىڭ ئىسمى چولپان، بىرسىنىڭ ئىسمى گۈلنىگار بولغان

ئىككى ئايال ئىككى يەردە، ئىككى تۇيغۇدا ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلايدۇ.

## 113

— سىز نەدە؟

گۈلنىگار پۈتۈن دىققىتى بىلەن تېلېفونغا قۇلاق سالدى. قارشى تەرەپنىڭ ھەربىر تىنىقىنى بىلمەكچى بولغاندەك قىلاتتى.

— مەن سىرتتا.

— ئىشخانىڭىزغا تېلېفون بەرسەم سىزنى يوق دېدى، سىرتتا ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىمەن، سىرتنىڭ نەرىدە؟

— ئاغىنىلەر بىللە ئىدىم.

— قايسى ئاغىنىلەر بىلەن؟

— دېسەممۇ تونۇمايسىز.

— تېلېفوننى ئاغىنىڭىزگە بېرىڭ.

— بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭىز، بۇنداق قىلماڭ.

گۈلنىگار بىردەمگىچە جىم تۇرۇپ ئۇھ تارتىپ قويدى.

— بولدى، بۈگۈن سىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىڭىز، نەدە بولسىڭىز تېز قايتىپ كېلىڭ.

— مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم ... ئۇنداق ئەمەستۇ؟

سەردار ھەيران قالغاندەك چولپانغا قاراپ قويدى.

— مەن لەڭمەنگە تەييارلىق قىلىپ سىزنى ساقلاپ ئولتۇردۇم، تۇغۇلغان كۈندە لەڭمەن يېسە ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ ... — گۈلنىگار شۇ گەپلەرنى دەۋېتىپ قىستاپ كەلگەن يىغىسىنى تەستە بېسىۋالدى.

— بىراق ... مەن ھايال بولۇپ قالارمەنمىكىن.

— يەنە بىر قېتىم دەي، بۈگۈن سىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىڭىز.

www.uyghurkitap.com

— ئۇنداق ئەمەس، مەن ...

— ئەمىسە دەڭە، بۈگۈن سىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىڭىز بولمىسا كىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنى؟

— كىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنى؟ بۈنى مەن نەدىن بىلەي؟ ... مەن ئالدىراش، كېيىن سۆزلىشەيلى.

تېلېفون ئۈزۈلدى، گۈلنىگار يىغلىماسلىقتا تىرىشىپ لېۋىنى چىشلىدى، مويۇنچۇر بىلەن ئىلتەبىرنىڭ ھۇجرىسى تەرەپتىن ئىككىسىنىڭ گۇدۇڭلاشقىنى ئاڭلىنىۋاتاتتى.

— تېلېفون بەرگەن گۈلنىگارمىكەن؟ — سورىدى چولپان. ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى خۇمارلىشىپ تۇراتتى. ئۇزۇن چاچلىرى ياستۇققا يېيىلغانىدى.

— شۇ ...

— نېمە دەيدۇ؟

— بۈگۈن سىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىڭىز دەيدۇ ... ھەيران قالدىم.

— بۈگۈن سىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىڭىز ئەمەسقۇ؟

— شۇ، شۇنداق دېسەم ئۇ سىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىڭىز دەپ چىڭ تۇرۇۋېلىۋاتىدۇ.

— بۇنىڭدا بىر گەپ بار، — دېدى چولپان، — يا بولمىسا ... مويۇنچۇر بىلەن ئىلتەبىر ئىككىسىنىڭ بىرەرىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىمىدۇر يا.

چولپان بىردەم ئويلىنىۋالدى.

— ياق، ئۇنداقمۇ ئەمەس، ئۇ ئىككىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى مەن بىلىمەن ... . ئۇنداقتا ... — چولپان قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئويلىنىپ قالدى، چىرايلىق لەۋلىرىدە شېرىن تەبەسسۇمىنىڭ قالدۇقلىرى باردەك ئىدى.

— بىلدىم، بۈگۈن گۈلنىگارنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، چوقۇم شۇنداق.

— ئۇنداق ئەمەستۇر.

— تېلېفون بىرىپ تەبرىكلەپ قويۇڭ، تېز بولۇڭ.
— بۇ ...
— بۇ ئىشتا پەقەت توغرا قىلماپسىز، خوتۇنىڭىزنىڭ تۇغۇلغان كۈننى ئۇنتۇپ قالغىنىڭىز نېمىسى؟ ...
سەردار تېلېفوننى قولىغا ئالدى.
— ۋەي، گۈلنىگار، تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن.
— نېمە؟ ... — دېدى گۈلنىگار مەيۈسلۈك بىلەن. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن يىغا تۆكۈلەتتى.
سوزۇنچاق، ئۇزۇن ھەم قاتتىق كۆز يېشى ئاۋازىدىن تورۇكلاپ تۆكۈلەتتى.
— بۈگۈن سىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىڭىز.
— ياق ... ئەمەس ...
— كەچۈرۈڭ دىققەت قىلماپتىمەن.
— يادىڭىزغا خاتا كېلىپ قاپتۇ، گۈلنىگار دەپ بىرسى بۇ دۇنياغا ئەزەلدىن تۇغۇلۇپ باقمىغان.
— ئۇنداق دېمىسىڭىز قانداق؟
— ئەمىسە نېمە دەيمەن؟ گۈلنىگار تۇغۇلمىغان، ھېچ بولمىسا سىز ئۈچۈن شۇنداق.
سەردار نېمە دېيىشىنى بىلەلمىدى، گۈلنىگار تېلېفوننى قويىۋەتتى.
— ئۇنتۇپ قاپسىزمۇ؟
— ھە، يادىمدىن چىقىپ كېتىپتۇ، — دېدى سەردار كۆڭۈلسىز بىر كەيپىياتتا.
— سەردار، مۇشۇنداق ئىشلارغا دىققەت قىلىپ قويۇڭ، ئۇ سىزنىڭ ئايالىڭىز، ئىككى ئوغلىڭىزنىڭ ئانىسى، مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم كېلىشتىن ئىككى ئاي بۇرۇن تەبرىكلىگىلى تۇرىسىز، مەنغۇ بۇنىڭدىن خۇش بولىمەن، بىراق گۈلنىگارنىڭ تۇغۇلغان كۈننى ئۇنتۇپ قالغىنىڭىز پەقەت قاملاشماپتۇ.
— دىققەت قىلماپتىمەن، ئەسلى ئۇنتۇپ قالمىسام بولاتتى ...

— راست گەپنى دېسەم سىزنىڭ بۇ ئىشىڭىزدىن كۆڭلۈم يېرىم بولدى.
— كۆڭلۈم يېرىم بولدى؟
— گۈلنىگارنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۇنتۇپ قالغان سەردار كۈنلەرنىڭ بىرىدە چولپاننىڭ تۇغۇلغان كۈنىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدۇ.
— ۋاي، ۋوي، بولدى قىلىڭا، نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭىز؟
چولپان سەردارنىڭ مۈرىسىنى سىلاپ تۇرۇپ پىچىرلىدى:
— ماڭا ئامراقلىقىڭىزنى بىلىمەن، ئەمما مەن مىلىڭ قىلغان بىلەن سىزنىڭ خوتۇنىڭىز بولالمايمەن، سىزگە خوتۇنىڭىزدەك كۆيۈنەلمەيمەن، سىز ئۈچۈن گۈلنىگار مەندىنمۇ مۇھىم، بۇنى ئەستىن چىقارماڭ.
— ئازراقمۇ كۈنداشلىق قىلمايدىغان ئوخشىمامسىز؟
— قىلىمەن.
— ئەمما ھازىر باشقا گەپلەرنى قىلىۋاتىسىز.
— مەن ئەمەلىي گەپنى قىلدىم، تالاغا قارىغان ئەرلەر ئەقىللىك بولمىسا بولمايدۇ، — چولپان شۇنداق دەپ كۈلدى، كۈلكىسى ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايتتى، ئۆزىنىڭ ئاۋازى ئۆزىگە يات ئاڭلىنىپ قالدى.
— سىزگە ئامراقلىقىم چەكتىن ئېشىقلىق، بۇ ئۆزۈمگە ئايان، ئەمما يەنىلا ئائىلىڭىزنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن، سىز پەقەت شۇ ئائىلىدىلا ئەڭ ياخشى كۆكلىيەلەيسىز.
سەردار چۈشىنىكسىز تۈيغۇلار ئىچىدە قالدى. كېچە ئۇزاق داۋاملاشتى، يۇلتۇزلار ئۇزاق كېچىدە سىرلىق چىمىرلايتتى.
— ئەمدى ئۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟
— بىلمەيمەن.
— ئەپۇ سوراڭ، ئۇ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىدىن بىرنى سوۋغا قىلىڭ.

سەردار گەپ قىلمىدى، گۈلنىگارنىڭ نېمىگە ئامراقلىقىنى ئويلاپ خىيالغا پاتتى.

گۈلنىگار تېلېفونغا قارىدى، ئەتىگەندىن بېرى دىلمۇرات نۇرغۇن قېتىم تېلېفون قىلغان، ئۇچۇر يازغانىدى، گۈلنىگار مۇشۇ بىر كۈننى يات تۇيغۇلاردىن خالىي ھالدا سەردار بىلەن، باللىرى بىلەن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تېلېفونغا قارىمىغانىدى.

گۈلنىگار دىلمۇراتنىڭ ئەتىگەندىن بېرى يازغان ئۇچۇرلىرىغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئاخىر جاۋاب قايتۇردى.

— سىز نەدە؟

— تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن، سىزنى ساقلاۋاتىمەن.

«تۇغۇلغان كۈن بولسا نېمە بوپتۇ؟ بۇنى تەبرىكلەپ يۈرۈشنىڭ ھېچ ئەھمىيىتى يوق» دەپ ئويلىدى گۈلنىگار. ئۇ ئۆزىگە شۇنداق تەسەللى بېرىۋېتىپ كۆڭلىگە ياماشقان مەيۈسلۈكنىڭ غېرىبانە چاڭقىلىرىنى ھېس قىلدى. بەزىدە يالغۇزلۇق قورقۇنچلۇق بولىدۇ، گۈلنىگار ئۆزىنى بەكلا يالغۇز قالغاندەك، تاشلىۋېتىلگەندەك ئويلاپ يۈرىكى ئاسقتى. مەن نېمىشقا مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالىمەن؟

گۈلنىگار ئۇزاققىچە جىمجىت ئولتۇردى، ئىلتەبىر بىلەن مويۇنچۇر سوۋغا قىلغان ئېيىق قورچاق كىم بىرسىنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك غەلىتە كۈلۈۋاتاتتى.

گۈلنىگار ئۇچۇر يېزىپ دىلمۇراتقا يوللىدى:

«مەن سەل تۇرۇپ يېنىڭىزغا باراي.»

يۈرەكنىڭ خاھىشىنى ھېس قىلماق تەس. نۇرغۇن ئارمانلار يۈرەكلەردە قاقشال بولۇپ كېتىدۇ، گۈلنىگار يۈرىكىگە ياماشقان تەنھالىق ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلەلمىدى، بىرنەرسە ئۇنىڭ كۆڭلىنى قاتتىق چىشلىرى بىلەن ئاغرىتىپ يەۋاتاتتى.

كۆڭلىمىزدىكى ئارمان، خاھىشلارنى بىلىپ بولالمايمىز، ئۆزىمىزدىن قېچىپ باقىمىز، ئۆزىمىزنى يۆگەپ باقىمىز، ئەمما ئاخىرىدا يەنە ئۆزىمىزگە قايتىمىز.

ئەخمەتنىڭ بەزى رەسىملىرىدىكى مەنە بىلەن گۈلنىگارنىڭ يۈرىكىنىڭ ئوخشاشلىقى بولۇشى مۇمكىن.

## 114

— رەسىملىرىڭ ماھارەت جەھەتتە ياخشى سىزىلغاندەك قىلىدۇ.

— رەھمەت.

— ئەمما مەزمۇنى خۇنۇك.

— سېنىڭ مۇشۇنداق دەيدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم، — دېدى ئەخمەت سوغۇقلا.

رەسىمدە پايانسىز دالا، دالادىكى يول ... يولنىڭ ئاخىرى قوياشقا تۇتاشقان، قوياش بىلەن تۇتىشاي دېگەندە يول بىر ھاڭنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن ئۈزۈلگەن.

— بۇ قانداق يول؟

— قوياشقا تۇتاشقان يول.

— بۇ رەسىمنى سەن ئىلگىرىمۇ بىر سىزغان، ئەمما مۇنۇسى ئۇنىڭغا ئوخشىمايدىغانراق تۇرىدۇ، قوياشقا تۇتاشقان يولنى سىزغىنىڭ ياخشى بوپتۇ، ئەمما نېمىشقا يولنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا ھاڭ سىزىپ قويىسەن؟

— قوياشقا تۇتاشقان يول داغدام بولمايدۇ.

— بۇ قانداق گەپ ئەمدى؟

— كىشىلىك دۇنيانىڭ پەلسەپىسى شۇنداق. ئەڭ گۈزەل نەرسىلەرگە يېتىش ئۈچۈن ئەڭ كۆپ بەدەل تۆلەش كېرەك بولىدۇ.

— ئەمما گۈزەل نەرسىلەرگە يېتىدىغان يول قانچە تۈز ھەم

راۋان بولسا ھايات شۇنچە شېرىن بولىدۇ.

— ئەخمىقانە گەپ قىلما، سەردار، ئەڭ ياخشى نەرسىلەرگە ئېرىشىدىغان يول ئەزەلدىن داغدام بولمايدۇ، داغدام يول بىلەن ئېرىشكەن نەرسە ئەڭ گۈزەل نەرسە بولمايدۇ.

سەردار ئەخمەتنىڭ سارغۇچ كۆزلىرىگە مىختەك قادالدى، سەردارنىڭ ئويىچە بۇ دۇنيانى بەك مۇڭلۇق، مۇشكۇلاتلىرى كۆپ، تەتۈر ئىشلىرى تولا دەپ ئويلىغۇچىلىش نۇرغۇن ئادەملەردىكى چوقۇم ساقايتمىسا بولمايدىغان كېسەللىك ئىدى.

— مەسىلەن، شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ راۋان يول بىلەن ئېرىشكەن نەرسە ئەڭ گۈزەل بولسا بۇنىڭ نېمە يامىنى؟

— يامىنى يوق، ئەمما بۇنداق ياخشى ئىش نەدە؟ بۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنمۇ يوق ئىدى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بولمايدۇ.

— سەن بىر ئىشلارنى قىپىش ئويلاپ كۆنۈپ قالدىڭ، بولدى، بۇ گەپلەرنى قويايلى، مۇنۇ رەسىمدىكى نېمە؟

— قايسىسىنى دەيسەن؟

— مۇنۇ قۇشنىڭ بىر قانىتى قېنى؟

— بۇ قۇشنىڭ بىر قانىتى يوق.

— بىر قانىتى بولمىسا ئۇ قانداق ئۇچىدۇ؟

— ئۇ ئۇچالمايدۇ.

— سەن نېمىشقا ئۇچالمايدىغان قۇشنى سىزىسەن؟

— قۇشلارنىڭ ھەممىسى ئۇچۇشنى ناتايىن، بەزى قۇشلارنىڭ ئۇچقۇسى بار، ئەمما قانىتىنىڭ يوقلۇقىدىن ئۇچالمايدۇ، بەزى قۇشلارنىڭ قانىتى بار، ئەمما ئۇچقۇسى يوقلۇقىدىن ئۇچالمايدۇ.

سەردار رەسىمنىڭ بۇرجىكىگە يېزىلغان «بىرى كەم دۇنيا» دېگەن خەتلەرگە زەن سالدى.

— «بىرى كەم دۇنيا» ... بۇ رەسىمنىڭ نامى ئىكەن ـ دە.

— شۇنداق.

— بۇ نېمە گەپ ئەمدى؟

— رەسىمنىڭ مەزمۇنى شۇ.

— بۇ رەسىمدىكى نېمە قۇش؟

— بۇنىڭ قايسى قۇش بولۇشى مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى كۆرگەن ئادەم ئۇنىڭ بىر قانىتى يوق قۇش ئىكەنلىكىنى، قۇشنىڭ نېمىشقا بىر قانىتى يوقلۇقىنى ئويلاپ تېگىگە يەتسىلا بولىدۇ، بۇ رەسىمنى ئەسلىي مۇرات سىزغانىكەن، كۆرۈپ بەك ھەيران قالدىم، كالاامغا كىرىۋېلىپ مەنمۇ سىزىپ باقتىم، مۇرات راستىلا دىتى بار بالا ئىكەن، مۇرات سىزغان بىر قانىتى يوق قۇشنىڭ رەسىمى بىلەن مېنىڭ سىزغىنىمنىڭ مەنىسى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ، بۇ قۇشنىڭ ئەسلىي ئىككى قانىتى بار، بىرى، يوق بولىدى، بۇنى ئەسلىي ئۇ ئۆزىنىڭ ھالىغا تەققاسلاپ سىزغانىكەن، مەن ئۇنى باشقا بىر مەنىدىكى رەسىم قىلىپ ئۆزگەرتىپ چىقتىم.

— قانداق مەنىدىكى؟

— بۇ قۇشمۇ سەن بىلەن ماڭا ئوخشايدۇ، سەردار، بىز ئەقلىمىزنى ئىشقا جورۇمايمىز، ھۇرۇنلۇق قىلىمىز، ۋاقىتنى زايە قىلىمىز، ئۆزىمىزنى ئىسراپ قىلىمىز، شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ بىزنىڭ قانىتىمىز يىگىلەپ كېتىدۇ ياكى كېرەكتىن چىقىدۇ، كۆڭلىمىزدە ئۆزىمىزنىڭ ئىككى قانىتى بارلىقىغا ئىشىنەلمەيمىز، ئىشەنسەكمۇ تولۇق ئىشىنەلمەيمىز، قاراپ باق، بۇگۈنكى دەۋردە ئەقلىمىزنى، كۈچىمىزنى ئىشقا سالساقلا بىز نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلالايمىز، مەن دۇنياغا داڭلىق رەسىملەرنى سىزالايمەن، سەن ئەڭ كاتتا داۋالاش ئۇسۇللىرى ياكى دورىلارنى ياساپ چىقالايسەن ... بىراق ئەھۋال بۇنىڭ تەتۈرىچە، بىز ئۈچىماي يۈرۈپ قانىتىمىز يىگىلەپ كەتكەن ... كېرەكتىن چىققان ... بۇ رەسىمگە ئوبدان قارا.

سەردار رەسىمدىكى قۇشنىڭ قانىتىغا قايتىدىن قاراپ چىقتى، قۇشنىڭ بىر قانىتى بار، يەنە بىر قانىتى يىگىلەپ، كىچىكلەپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

— كۆردۇڭمۇ؟ — دېدى ئەخمەت.



www.uyghurkitap.com

— كۆردۈم، — سەردار رەسىمدىن كۆزىنى ئۈزمەيلا، — يەنە دېسەم چۈشكۈنلۈك ...

— ئۇنداق ئەمەس، ئۇبدان ئويلانساڭ چۈشىنىسەن، ساڭا كۆپ دېدىم، چۈشكۈنلۈك مەن ئەڭ يامان كۆرىدىغان مەرەز ئىللەت، ئەمما سەللا دىققەت قىلمىسا چۈشكۈنلۈك ئادەمگە يېپىشىۋالغىلى ئاسان تۇرىدۇ، سەن بىلەن بىز ئەسلىي قاناتلىق ئادەملەر، ئەمما ئۇچۇشقا تەرەددۇت قىلمىغىنىمىز ياكى ئۇچۇشقا جۈرئەت قىلالمىغىنىمىز، ئۇچۇپ ئادەتلەنمىگىنىمىز ئۈچۈن كېرەكتىن چىقىدۇ ...

ئەخمەتنىڭ يەنە نۇرغۇن گەپلەرنى دېگۈسى باردەك ئىدى، سەردار گەپنىڭ بېلىگە تەپتى:

— بۇ دېگەنلىرىڭنى چۈشەندىم، ئەمما شۇنداقتىمۇ بىر قانىتى يوق قۇشنى سىزىشنىڭ ئەھمىيىتى يوق.

— نېمىشقا؟

— كىشىگە ئۈمىدسىز پىكىر بېرىدۇ.

— سەن دائىملا مۇشۇ گەپنى دەيدىكەنسەن، بايا ساڭا دېدىم، رەسىم دېگەندە يۈرەكتە بارنى سىزىدىغان گەپ، سەن بىلەن بىز ئۆزىمىزنى خۇددى مۇشۇ قۇشقا ئوخشىتىپ قويغان ئادەملەر، يۈرەكتە ئىشەنچ قۇۋۋىتى كەم، شۇنداق تۇرساق ئۇنى شۇنداق سىزماي قانداق سىزىدۇ؟ مۇشۇ رەسىمنى كۆرگەندىن كېيىن ئۆزىمىزنىڭ قانىتىمىزنىڭ ئۆزىمىزدىكى چۈشكۈنلۈك سەۋەبىدىن يىگلەپ كەتكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىش مۇمكىن.

ئەخمەتنىڭ سېرىق كۆزلىرى سوغۇق پارقىرىدى. سەردار ئۇنىڭ بىلەن ئارتۇق تالىشىشنى راۋا كۆرمىدى.

سەردار قۇياش نۇرىغا كۆمۈلگەن شەھەر يوللىرىدىكى ۋاڭ ـ چۇڭ ئارىسىدا پىيادە كېتىپ باراتتى، تونۇشلار سالاملىشىپ قويۇشاتتى، بۇ شەھەرنىڭ باغرىدىكى ئاجايىپ سېھىرلىك بىر كۆچ كونا تاملىقلاردا بولىدىغان ئۆمۈچۈك تورىغا ئوخشايدىغان غېرىبلىقنىڭ كوچىلارغا، كۆزلەرگە، يۈرەكلەرگە كىرىۋېلىشىغا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

جەھلى بىلەن قارشى تۇرۇۋاتقاندەك ئىدى.

سەردار چولپاننى ئويلاپ قالدى. ئۇ نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدىكىن ... دۇنياغا سىھىرلىك تەبەسسۇم تارتىدىغان خۇمار كۆزلىرى بىلەن سەردارنىڭ يولىغا تەقەززا بولۇپ ئولتۇرامدىكىن؟ ! ...

سەردار كۆڭلىگە يېپىلىپ تۇرغان قارا بىرنەرسىنى ھېس قىلىپ تۇرىدۇ، چولپان چاندۇرماي يۈرگىنى بىلەن، سەردار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن ئەنسىرەيدۇ، قورقىدۇ، ئاقىۋىتىدىن ئەندىشە قىلىدۇ، يەنە گۇلنىگارغا يۈز كېلەلمەيمەن، دەيدىغان قىسىلىشمۇ بار. سەردار بۇنى سېزىپ تۇرىدۇ، سەردار يۈرىكىدىكى بىرنەرسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلدى، چولپاندىن ھامان ئايرىلىپ قالىمەن، دېگەن ئويدىن، ئاندىن چولپاندىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن كۆڭلىرىم نادامەتلىك بولىدۇ، دېگەن خىيالدىن ... سەردار ئۇزاقتىن بۇيان مۇشۇ ئويلىرىدىن، مۇشۇ ئويلىرىنىڭ يادىغا يېتىپ قېلىشىدىن قورقۇپ كەلدى. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ قورقىدىغاندەك قىلىدۇ، بەزى ھەقىقەتلەرگە يۈزلەنمەك بەك تەس، ھەقىقەت بەزىدە بەكلا ئاچچىق، بەكلا قىرتاق، بەكلا بەتتەم بولىدۇ.

سەردار ئۆيگە قايتقۇچە چولپاننى ئويلاپ ماڭدى.

## 115

2014 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى.

چولپان خاتىرە دەپتىرىگە شۇلارنى يازدى. ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىت ھەم ھامان كېلىدىغان ۋاقىت ئارىسىدىكى ئەسلىمە، ھەم تەسەۋۋۇرلار ھەققىدىكى تاتىراڭغۇ تۇيغۇلار كۆز ئۆڭىدىن سوزۇلۇپ، يىلاندەك تولغىنىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئەرەب رەقەملىرى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان ۋاقىت بىلەن كىشىنىڭ كۆڭلىدىكى تۇيغۇلار بىلەن ئىپادىلىنىدىغان ۋاقىت ئارىسىدا نۇرغۇن پەرقلەر

بارده‌ك قىلاتتى.

ئۇ خاتىره ده‌پتىرىنىڭ بىر نه‌چچه به‌تلىرىنى بىتىنى يىرتىۋېلىپ پۇرله‌پ تاشلىۋه‌تتى، خاتىره ده‌پتىرىنىڭ به‌تلىرىنىڭ يېرىمىنى يىرتىپ بولغانده‌ك قىلاتتى. قه‌لىمىدىن تۆكۈلگه‌ن نۇرغۇن گۈزه‌ل ھېسسىلارنى، قورقۇنچلۇق ئويلارنى، شېرىن ئه‌سلىمىله‌رنى قه‌غه‌ز بىله‌ن قوشۇپ يىرتىپ پارچىلاپ تاشلىۋه‌تتى.

تاشلىۋه‌تكىنى قه‌غه‌ز ئه‌مه‌س ئۇنىڭ ۋاقتى ئىدى. ئۇنىڭ تۇيغۇسى ھه‌م ئه‌قلى ئىدى، يه‌نه نۇرغۇن نه‌رسىله‌ر ئاشۇ قه‌غه‌زله‌رنىڭ ئىچىده ئىدى. ئاشۇ قه‌غه‌زله‌رنىڭ يۈزىده ئۇنىڭ دۇنياغا بولغان پۈتمه‌س سۆيگۈسى، قانماس ئارمانلىرى، يېلىنجاپ تۇرغان ئىسته‌كلىرى، سوغۇق قورقۇنچلىرى، نه‌پره‌تلىرى، ئۆچمه‌نلىكلىرى، غه‌زه‌پ ھه‌م يىرگىنچلىرى بار ئىدى.

ئاده‌م مۇره‌ككه‌پ بولغانلىقى ئۈچۈن دۇنيا مۇره‌ككه‌پلىشىپ كه‌تكه‌ن، دۇنيا مۇره‌ككه‌پ بولغىنى ئۈچۈن ئاده‌م تېخىمۇ مۇره‌ككه‌پلىشىپ كه‌تكه‌ن، به‌لكى مۇره‌ككه‌پ بولغىنى ئۈچۈن ئاده‌م به‌زىده ئاددىي ھه‌م قىممىتى يوق بىرنېمىگه ئايلىنىپمۇ قالىدۇ. ئاده‌م دۇنيانىڭ ئه‌ينىكى، ئاده‌مده دۇنيانىڭ ئه‌كسى بار، يه‌نه بىر ته‌ره‌پتىن ئويلىسا ئاده‌م قانداق بولسا دۇنيا شۇنداق بولىدۇ.

چولپان تۇنۇگۇن مۇرات بىله‌ن ئه‌خمه‌تنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ قالدى، ئه‌خمه‌تنىڭ سوغۇق سۆزلىرى، يىرىك ئاۋازى ئىچىده مۇراتتىن سۆيۈنۈش بار ئىدى.

— ره‌سىملىرىڭنى كۆرۈپ باقايمۇ؟

— كۆرمىسىڭىز بولاتتى ... مه‌ن تېخى چالا.

— چالا ئىكه‌نلىكىڭنى بىلىمه‌ن، بولىدىغان زىرائه‌ت كۆكىدىن مه‌لۇم ده‌يدۇ، ره‌سىملىرىڭنى كۆرگۈم بار، — دېدى ئه‌خمه‌ت.

— كۆزۈم ئاجىزلاپ كېتىپ بارىدۇ.

— ياخشى بولۇپ كېتىسه‌ن.

www.uyghurkitap.com

— سىزغان رەسىملىرىمنىڭ ئىچىدە سىزگە يارايدىغانلىرى ئاز.

— شۇنداقتىمۇ كۆرەي.

ئەخمەت مۇراتنىڭ رەسىملىرىگە بىرمۇبىر قاراپ چىقتى، رەسىملەرنىڭ ھەممىسى ئاددىيلا سىزىلغان،بوياقنىڭ رەڭلىرىمۇ ئاددىي ئىدى، ئەمما بۇ رەسىمدە ئاددىي بولمىغان بىر نەرسە، كىشى ئاسان ھېس قىلغىلى بولمايدىغان بىر پىكىر باردەك قىلاتتى.

— مۇنۇ رەسىمدىكى نېمە؟

— قۇياش.

— مۇنۇ قارا تۇرغانلىرى نېمە؟

— ئاسمان.

— قارا ئاسمان بىلەن قۇياش چىقىشالمايدۇ.

— شۇنداق.

— ئەمىسە نېمىشقا مۇشۇنداق سىزدىڭىز؟

— ئەمەلىيەتتە قۇياش بىلەن قاراڭغۇلۇق مەڭگۈلۈك زىددىيەت ئىچىدە، بىرى بولمىسا بىرى بولمايدۇ، بىرى بولمىسا بىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلغىلى بولمايدۇ.

— بۇ دېگەنلىرىڭ كونا قائىدىلەر، ھەممە ئادەم بىلىدۇ، بۇنداق نېمىلەرنى سىزىپ يۈرمىسەڭمۇ بولىدۇ.

— بۇلار ئەمەلىيەتتە مېنىڭ قەلبىمنىڭ رەسىمى.

— قەلبىمنىڭ رەسىمى؟ ماڭا چۈشەندۈرۈپ قوي.

— مېنىڭ قەلبىمدە نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياش بار.

— بارمۇ ياكى بولسىكەن دەپ ئارزۇ قىلامسەن؟

مۇرات بىردەم جىمجىت تۇرۇپ قالدى.

— بار ...

— بولسا ياخشى، بىراق سەن بارلىقىغا ھەقىقىي ئىشەنسەڭ بولىدۇ.

— ئەمما قۇياش قەلبىمنى يورۇتالمىدى.

— مانا بۇ گەپ مۇتلەق قاملاشمىدى.

— ئەمما ئەمەلىيەت شۇنداق.

— قاراڭغۇلۇقنى يورۇتالمىغان بولسا بۇ قۇياش ئەمەس ئىكەن. قۇياش بولغاندىمۇ ھەقىقىي قۇياش ئەمەسكەن.

— قۇياش بىلەن قاراڭغۇلۇق مەڭگۈ ئېلىشىپ تۇرىدۇ، كۈندۈزى قۇياش، كېچىسى قاراڭغۇلۇق غەلىبە قىلىدۇ، ئىنساننىڭ قەلبىمۇ شۇنداق ... مەن شۇنداق ئويلىدىم.

ئەخمەت مۇراتنىڭ ئەقىللىك كۆزلىرىگە قايىللىق بىلەن قاراپ كەتتى.

— مەيلى نېمە دېمەيلى، ئىشقىلىپ بىز يۈرىكىمىزگە ئىگە بولۇشنىڭ ئېپىنى تاپمىساق بولمايدۇ، بىراق بىرنەرسە بار، دىققەت قىل، ئۈمىدسىزلىك يامان ئىش دەپ ئۆزىمىزنى قەستەن ئۈمىدۋاردەك كۆرسىتىۋېلىشتىن ياكى قەلبىمىزدە قۇياش بولمىسا بولمايدۇ، دەپ يالغاندىن قۇياش باردەك ئويلىۋالساق بولمايدۇ.

مۇرات گەپ قىلمىدى، ئەخمەت مۇراتنىڭ بىر پارچە رەسىمىنى قولىغا ئالدى.

— مۇنۇ رەسىمدىكى قارا رەڭنى يوقات، شۇندىلا بۇ رەسىم ئوڭشىلىدۇ.

چوڭلارنىڭ ھەممىسى مۇتتەھەم، ئاچام شېئىر يازما، رەسىم سىزما، يازساڭ مۇنداق ياز، سىزساڭ مۇنداق سىز دەيدۇ، ئەمدى ئەخمەت ئۇستازمۇ خۇددى شۇنىڭدەك گەپلەرنى قىلىۋاتىدۇ.

— بۇ ... — مۇرات گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى.

— نېمىشقا يوقىتالمايسەن؟ مەن بىلىمەن، سېنىڭ قەلبىڭدىكى قۇياش يالغان قۇياش، ئۇ سەن قەلبىمدە قۇياش بولۇشى كېرەك، دېگەنلىكىڭ ئۈچۈنلا پەيدا بولغان قۇياش، ئەمما بۇ قۇياشتا قۇياشنىڭ خىسلىتى يوق، خۇددى ئاينىڭ رەسىمى سىزىلغان قەغەزنى تامغا چاپلاپ قويسا ئۆيگە يورۇق چاچالمىغاندەك، رەسىمدىكى گۈل پۇراق چاچالمىغاندەك بىر

ئىش. مۇنۇ ئاسماننى كۆك رەڭدە بويا.
— ئەمما مەن بايا دېدىم، ئۆز قەلبىمنى سىزىۋاتىمەن.
— شۇنداقتىمۇ ئەقىلگە سىغىدىغان بولسۇن ـ دە.
— مەن بۇنداق سىزىشنى سىزدىن ئۆگەندىم، — مۇرات سۇسقىنا كۈلۈپ شۇنداق دېدى.
— مەن دەل مۇشۇنداق سىزىشنىڭ قامالىدىن چىقالماي جاپادا قېلىۋاتىمەن.
چولپان ئەخمەت بىلەن مۇراتنىڭ تالاش ـ تارتىشلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇردى، ئاخىر ئەخمەتمۇ، مۇراتمۇ جىم بولۇپ قالدى. ھەر ئىككىلىسى بىر ـ بىرىدىن خاپا بولغىنىنى قارشى تەرەپكە بىلىندۇرمەسلىككە تىرىشىۋاتاتتى. مۇرات ئەخمەتنى ئۇستازى سۈپىتىدە ھۆرمەت قىلاتتى.
— ئۇ سىنىڭ خىيالىڭدىكى قۇياش ئىدى، شۇنداقمۇ؟
مۇرات ھېچنېمە دېمىدى.
— مەن سېنى قالتىس ئادەم بولىدۇ، دەپ ئىشىنىمەن، — دېدى ئەخمەت مۇراتنىڭ بېشىنى سىلاپ، — بىراق ...
— بىراق دەيسىزغۇ؟
— بەل قويۇۋەتكەندەك قىلىسەن.
— ئۇنداق ئەمەس.
— دەل شۇنداق، رەسىملىرىڭدىن بىلدىم.
— بۇ مۇنداقلا سىزىپ قويغان رەسىملەر.
— سەن مۇنداقلا سىزىپ قويمايسەن، مەن دەسلەپتە ساڭا ئىشەنمىگەن، ئەمدى ساڭا قايىل بولدۇم، سەن قالتىس ئادەم بولغۇدەكسەن.
مۇرات قوللىرىنى ئىشقىلاپ ئولتۇراتتى، ئەخمەتكە بىر گەپنى دەيمەن دەپ دېمىدى، قومغا ئايلانغان قىزنىڭ ئېچىنىشلىق تۈرقى سىزىلغان رەسىمنى ئەخمەتكە كۆرسەتمەستىن يالتايدى ... قومغا ئايلانغان گۈزەل قىزنىڭ يېرىم يالىڭاچ بەستىدىن ئۇيغۇرچە «ئەيدىز» دېگەن خەتنىڭ شەكلىنى تەستە ئىلغا

قىلغىلى بولاتتى. «HIV» دېگەن ئىنگلىزچە خەتلەر ئالۋاستىنىڭ بارمىقى بولۇپ جان تالىشىۋاتقان قىزنىڭ يۈرىكىگە سوزۇلۇپ تۇراتتى.

ئەخمەت قايتىپ كەتتى، چولپان ئۇنى ئۇزىتىپ چىقمىدى، چولپان ئەخمەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرەتتى، ئوغرى ئۆزىنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەمنى كۆرگەندەك بىئارام بولۇپ قالاتتى.

...

چولپان مۇراتقا دېمەكچى بولغان گېپىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى.

ئىسسىق تەرەپتىن قايتىپ كەلگەن قۇشلار تونۇش ھاۋا، تونۇش دەرەخ، تونۇش ئۆي، تونۇش كۆلنى كۆرۈپ ھاياجان بىلەن سايرىغاندا، بۇلتۇرقى ھەم ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىكى خاتىرىلىرىنى سۈزۈك ئاسماندەك يادىغا ئېلىشى مۇمكىن.

مۇراتتىكى قەيسەرلىك ئەخمەتنى سۆيۈندۈردى، ھاياتنى قانداق تەسەۋۋۇر قىلايلى، ھاياتتىن قانچىلىك زارلىنايلى، قانچىلىك بىزار بولايلى، ھاياتنىڭ سېھرىي كۈچى مەڭگۈلۈك. ئەخمەت مۇراتنىڭ يېنىدىن چىقىپ سەردارنى ئىزدەپ باردى، ئۇ سەردارنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ تۇرۇشىغا ئارقىدىنلا ئىشخانىغا رەنا كىردى.

سەردار بىلەن رەنا دۇنيانىڭ ئىككى تەرىپىگە مەنسۇپ ئادەملەر، رەنانىڭ نېمىلەرنى ئويلاپ يۈرگەنلىكىنى، نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى ھېس قىلماق تەس. ئەمما، ئۇ ئېغىر بىر زېدىنى يۇدۇپ يۈرىدۇ. ئەخمەت رەنانى كۆرۈپ شۇنداقلا سالام قىلىپ قويدى، ئاندىن ئەپسىز ھېس قىلىپ سەردار بىلەن خوشلىشىپلا چىقىپ كەتتى.



رەنا سەردارنىڭ كىتاب، ژۇرنال، كېسەل تارىخى دېگەندەك

www.uyghurkitap.com

نەرسىلەر بىلەن قالايمىقانلىشىپ تۇرغان ئۈستەلىگە نەزەر سالدى، سەردارنىڭ قاپقارا چاچلىرى كۆزئەينىكىنىڭ قىرىغا تېگىپ تۇراتتى، ئىشخانىدا ئىچكىرىدىن چىقىدىغان قانداقتۇر بىر چاينىڭ ھىدى بار ئىدى. سەردار ئادەتتە قايناق سۇ ئىچەتتى. خىزمەتدىشى لوڭجىڭ چېيى ئىچەتتى.

رەنا سەردارنىڭ قارشىسىدا ئولتۇردى.

— بۈگۈن يالغۇز ئىشلەيسىز ـ دە.

— ھەئە، يەنە بىرەيلەن بۈگۈن دەم ئالدى.

— ھېلىقى كىشى كىم بولىدۇ؟

— ئەخمەت، ئۆزى ياخشى رەسسام، مېنىڭ ئاغىنەم.

سەردار رەنانىڭ ئۆزىگە دەيدىغان گېپى بارلىقىنى سەزدى، ئالدىنقى قېتىم رەنا دېگەن قورقۇنچلۇق گەپلەر پات ـ پات سەردارنىڭ كۆڭلىنى ئەسكى قىلاتتى. سەردار قولىدىكى قەلەمنى قويۇپ ئورۇندۇقنىڭ كەينىگە يۆلەندى.

— سەردار دوختۇر، كۆڭلىڭىز جايىدا ئەمەس، شۇنداقمۇ؟

سەردار ھەيران بولۇپ رەنانىڭ كۆزىگە تىكىلدى، ناۋادا ئۇنىڭ ئوڭ مەڭزىدىكى مەڭ بولمىغان بولسا رەنا ئېيۋەنسىز ئاياللاردىن بولۇپ قالاتتى، سەردار رەنانىڭ مەڭزىدىكى مەڭنى كۆرگەندە ئەلىشىر نەۋايىنىڭ غەزىلىنى ئەسلەپ قالاتتى.

— مېنىڭ كۆڭلۈم جايىدا.

— مەنمۇ جايىدا بولسىكەن دەيمەن.

سەردار كۈلدى، كۈلكىسى يەڭگىل، سەل ئوڭايسىز ئىدى. ئۇ ھە دېسە رەنانىڭ چوڭ كۆكسىگە قاراپ سالاتتى.

— قىزىق گەپ قىلىسىزغۇ، — دېدى سەردار كۈلۈمسىرەپ، — مېنىڭ كۆڭلۈم نېمىشقا جايىدا بولمىغۇدەك؟

— سىز چولپان دېگەن ئايالنى تونۇمسىز؟

سەردار چۆچۈدى، ھەيران بولغاندەك رەناغا قارىدى، رەنانىڭ ئۆشتۈمتۇت چولپاننى سوراپ قېلىشى غەلىتە ئىش ئىدى،

رەنانىڭ قىزىل كوپتىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان بولۇق كۆكسى ئۇنىڭغا سېھىرلىك جەلپكارلىق ئاتا قىلغانىدى. سەردار قانداق جاۋاب بېرىشىنى بىلەلمەي بىردەمگىچە جىممىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

— تونۇيمەن، — دېدى سەردار، سەل تۇرۇۋېلىپ قوشۇمىسىنى تۈردى، — تونۇمايمەن.

— سىز يالغان گەپ قىلىسىڭىز پەقەت ياراشمايدىكەن.

— بىراق ...

— چولپاننى سىز تونۇمىسىڭىز مەن تونۇيمەن، چولپان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان، بۇ يىل 32 ياش، شېئىر يازىدۇ، ناھايىتى سۇلكەتلىك ئايال. بىر قېتىم توي قىلىپ ئاجراشقان، بىرئىنىسى بار، ئىنىسىنىڭ ئىسمى مۇرات، بۇ بالا نادىرە دېگەن قىزنى قۇتقۇزىمەن دەپ ماشىنىغا سوقۇلۇپ پالەچ بولۇپ قالغان، نادىرە ھازىر دىلمۇراتنىڭ شىركىتىدە ئىشلەيدۇ، ئەمەلىيەتتە دىلمۇراتنىڭ ئاشنىسى، دىلمۇرات ئۇ قىزنىڭ ياشلىقى ھەم گۈزەللىكىدىن پايدىلىنىدۇ.

سەردار ھەيران قالغىنىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، كۆزئەينەك ئاستىدىكى كۆزلىرى چەكچەيدى. رەنانىڭ ئوڭ مەڭزىدىكى قارا مەڭگە قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى.

— سىز بۇ ئىشلارنى قانداق بىلدىڭىز؟ دېمەكچى بولغىنىم ...

— مەن سىزنى كۆزىتىپ يۈرگىلى ئۇزاق بولدى، سىزگە ئالاقىدار ئىشلارنى تولۇق بىلىمەن دېسەممۇ بولىدۇ.

— نېمىشقا بۇنداق قىلىسىز؟

— سىزنى بالا - قازادىن نېرى تۇرسۇن دەۋاتىمەن.

— گېپىڭىزنى چۈشەنمىدىم.

— بايا سىزگە دېگەن نادىرە دېگەن قىزنىڭ ئەھۋالى ماڭا تونۇشلۇق.

— نادىرە؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئۇ قىز ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغان.

— نېمە كېسەل؟

— ئەيدىز.

— ئەيدىز؟

— شۇنداق.

— بۇ ئەمدى نېمە گەپ بولۇپ كەتتى؟

— مەن دىلمۇراتنىڭ پېيىگە چۈشكەن، نادىرە بىلەن دىلمۇرات ھالاكەت گىردابىدا ...

سەردار رەنانىڭ كۆزىگە تىكىلدى، ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان گەپنى ئادەتتىكى گەپ دېگىلى بولمايتتى.

— ھالاكەت گىردابىدا دېگىنىڭىز قانداق گەپ؟

— بايا دېدىمغۇ، ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئەيدىز بىمارلىرى، قالغان ئىشلارنى ئاستا ـ ئاستا چۈشىنىپ قالىسىز.

— دىلمۇرات سىزنىڭ بۇرۇنقى ئېرىڭىز ... شۇڭا ئۇنىڭ پېيىدە يۈرۈۋاتامسىز؟

— شۇنداق دېسەممۇ بولىدۇ، مەن دىلمۇراتتىن ئۆمىد ئۈزەلمەي مۇشۇ كۈنگە كەلگەن، بىراق ئەمدى ئۇ تۈگەشتى ... بۇنىڭدىنمۇ يامان ئىشلار بار، بولمىسا ئۇنىڭ بىلەن كارىم يوق ئىدى.

سەردارنىڭ كۆزئەينەك ئاستىدىكى كۆزلىرى غەلىتە پارقىراپ قالغانىدى.

— يەنە قانداق يامان ئىشلار بار؟

— ئۇ ئاكامنىڭ ئايالىغا يامان نىيەتتە بولۇۋاتىدۇ، مەن بۇنداق نومۇسسىزلىققا قاراپ تۇرالمايمەن، ناۋادا ... شۇنداق قارا كۆڭۈل بولۇپ قالسا ... بىچارە ئاكاممۇ ئاشۇ پاسكىنىچىلىقلارنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىدۇ ... شۇنداق بولۇپ قالسا مەنمۇ تۈگىشىمەن.

— توۋا ... نېمە گەپلەر بۇ ... مەن گاڭگىراپلا قالدىمغۇ.
— بۇنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرماي، سىزمۇ دىققەت قىلىڭ.
— مەن ... بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — سەردارنىڭ كۆزئەينەك ئاستىدىكى كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.
— چۈنكى ... سىز چولپان بىلەن ئارىلىشىپ يۈرسىز، دىلمۇرات چولپاندىن ئۈمىد ئۈزەلمەي مۇشۇ كۈنگە كەلدى، ئەمدى چۈشەندىڭىزمۇ؟ سىزگە مۇشۇنچىلىك دېيەلەيمەن، ئۆزىڭىزگە ھېزى بولۇڭ، بۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلەشكە مېنى قىستىماڭ، دىلمۇرات غەلىتە ئادەم، ئۇنىڭ ئالىيجانابلىقى بىلەن رەزىللىكىنى ئايرىغىلى بولمايدۇ، ئۇنى ئۆچ ئالمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ ... ئائىلىڭىزدىكىلەردىن تارتىپ ھەممەيلەن دىققەت قىلىڭلار.
— ئەمما ...
— بولدى، مەن سىزگە بۇ گەپنى مۇشۇنچىلىك دەي، سەردار دوختۇر، سىزدەك ئادەملەر كۆپ ئەمەس، سىزنىڭ ئىقتىدارىڭىزغا قول قويىمەن، ھەتتا سىزنى سېغىنىپ قالىدىغان چاغلىرىم بار، خۇدا ھەممىمىزنى ئامان قىلسۇن، شۇ نىجىس ئاپەتتىن يىراق بولايلى ...
سەردار ئىشخانىدا ئۇزاققىچە يالغۇز ئولتۇردى. نادىرە دېگەن قىز ئەيدىز بولسا، بۇ قىز مۇراتنىڭ سۆيگىنى بولسا ... دىلمۇرات دېگەن بىلەن ئارىلاشسا ... دىلمۇرات بۇرۇندىن چولپاننى قوغلىشىپ يۈرگەن بولسا ...
سەردارنىڭ بېشى قېيىپ كەتتى، ئۇ دېرىزىنىڭ سىرتىدىكى دۇنيانىڭ رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدى. سەردارنىڭ دېمى كېسىلگەندەك نەپىسى قىسىلدى. «ئائىلىڭىزدىلەرگە ھېزى بولۇڭ ... بۇ رەنانىڭ نېمە دېگىنى؟ ...» سەردار مويۇنچۇرنى، ئىلتەبىرنى، گۈلنىگارنى ئويلىدى، رەنا قانداقتۇر بىر ئىشتىن ئەنسىرەۋاتسا كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



«مەن بەك بىچارە بولۇپ كەتتىممۇ نىمە؟» گۈلنىگار ئەينەكتىكى ئۆزىگە تىكىلىپ ئۇزاق ئولتۇردى، تېلېۋىزوردا «بۇ ئائىلىگە قاراڭ» دېگەن تېلېۋىزىيە فىلىمى قويۇلۇۋاتاتتى، ئۇنىڭ داۋامىنى كۆرگۈسى بار ئىدى، ئەمما كۆڭلىنىڭ پاراكەندىچىلىكى بىلەن يالغۇز خىيال قىلىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

گۈلنىگار گۈل ياكى كېپىنەك دېگەندەك نېمىلەرنى خىيال قىلىپ باقمىغىلى ئۇزاق بولدى، ئاق بوجەنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتى، ئۇ ئەزەلدىن كىم بىرلىرىنىڭ ئۆزىگە گۈل ياكى كىتاب تەقدىم قىلىشىنى ئارزۇ قىلىپ باقمىغاندەك قىلاتتى، ئۇ قىرىنقۇلاق، كەرەپشە دېگەنلەرنىڭ قان بېسىمىنى چۈشۈرىدىغانلىقىنى بىلەتتى، كىتاب، گۈل دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن قىرىنقۇلاق، كەرەپشە دېگەنلەرنىڭ ئالاقىسى يوق، ئەمما گۈلنىگار ئالدىنقى ئىككىسىنى ئۇنچە كۆپ ئويلىمايدۇ، كېيىنكى ئىككى نەرسىنى مۇھىم بىلىپ كۆنلىرى ئۆتتى، ئۇ سەردارنىڭ مۇشۇ نەرسىلەرگە ئامراقلىقىنى بىلگەچكە بازارغا بارسا دائىم شۇلارنى سېتىۋېلىپ كېلەتتى، ھەر ۋاخلىق تاماقتا مۇشۇلارنى ئىشلىتەتتى، ئەمما ئۇ سەردارنىڭ كىتابقا ئامراقلىقىغا ئۆچ ئىدى، سەردارنى ئۆزىدىن تارتىۋالغان، يىراقلاشتۇرغان نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە كىتاب بىلەن چولپان بار ئىدى.

«مەن بەك بىچارە بولۇپ كەتتىممۇ نىمە؟»

بىر ئادەمنىڭ بىچارە ياكى ئەمەسلىكىنى قانداق بىلگىلى بولىدۇ؟ بەزىدە تومەن ــ تومەنلەپ ئالتۇن ــ كۆمۈشلىرى بار ئادەم شۇ ئالتۇن ــ كۆمۈشلەرنىڭ ئارىسىدا تورۇپ بىرەر قېتىم قىينىپ كۆلەلمەي جاھاندىن كېتىپ قالىدۇ. شادىمان تىلەمچىلەر بولىدۇ، ئەخمەت سىزغان رەسىملەردە مۇشۇنداقراق مەنىلەر

چېلىقىپ قالدۇ، ئۇنىڭ «يۈرەك» دېگەن رەسىمدە مۇشۇنىڭغا مايىل پىكىرلەر بار ئىدى، گۇلنىگار ئەخمەتنىڭ رەسىملىرىنى بەك بىلىپ كەتمىسىمۇ، ئەمما بەزى تەرەپلىرىنى ئانچە ـ مۇنچە ھېس قىلىدۇ.

ئەخمەت «يۈرەك» دېگەن رەسىمنى ئېلىپ سەردارنىڭكىگە كەلگەندە، بۇ رەسىمنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن گۇلنىگارنى سۈر باسقانىدى. شۇ كۈنى ئەخمەت تاپسىدا تۇرۇپلا سورىدى:

— سەردار بارمۇ؟

ئەخمەتنىڭ سارغۇچ كۆزلىرى چۈشىنىكسىز پارقىرايتتى. قولىدا تۈرمەكلەنگەن قەغەز تۇراتتى.

— تېخى قايتىپ كەلمىدى. قېنى كىرىڭ.

ئەخمەت ساپاغا كېلىپ ئولتۇردى، ئۇ سەل قورۇنۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

— سەردار بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەن، ئۇ كەلگۈچە ساقلاپ تۇراي.

— بولىدۇ، سەل ساقلاڭ، مەن ئۇنىڭغا تېلېفون بېرەي.

ئەخمەت كەڭ شىرەدىكى بىرنەچچە قاچىنى بىر تەرەپكە سۈرۈپ قويۇپ رەسىم قەغىزىنى يايدى.

— مۇنۇ رەسىمنى كۆرۈپ باقامسىز؟

— ماقۇل ... بىراق مەن رەسىم چۈشەنمەيمەن.

— سىز ئوقۇتقۇچى، چۈشىنەلەيسىز، قېنى قاراپ بېقىڭ.

گۇلنىگار رەسىمگە ئېڭىشتى، رەسىمدە يا كۈلگىنىنى، يا ئاچچىقلىغىنىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىر ئادەم غەلىتە نەزەردە قاراپ تۇراتتى، رەسىمدىكى ئادەمنىڭ كىندىكىنىڭ ئۈستى ئەينەكسىمان سىزىلغان بولۇپ كۆكرىكىدە قىزىل، ئاق، قارا، يېشىل رەڭدىكى يۈرەكلەر بار ئىدى، يۈرەكلەرنىڭ بەزىلىرى يېرىم سىزىلغان، بەزىلىرى پۈتۈن سىزىلغان، بەزىلىرىنىڭ يېرىمى قىزىل، يېرىمى ئاق ئىدى، بەزىلىرى كىچىك، بەزىلىرى

چوڭ ئىدى.

— چۈشەندىڭىزمۇ؟ — دېدى ئەخمەت سارغۇچ كۆزلىرىنى رەسىمدىن ئۈزمەي تۇرۇپ.

— مەن ... بۇ ... بىر ئادەمنىڭ نىمانداق جىق يۈرىكى بار؟ ... يەنە كېلىپ ...

گۈلنىگار دەماللىققا بىرنىمە دېيەلمىدى.

— ئوبدان قارىسىڭىز چۈشىنىسىز، بىزدە ھەربىرىمىزنىڭ بىرنەچچە يۈرىكىمىز بولۇپ قالىدۇ، بۇ ئادەتتە بىز چۈشىنىدىغان يۈرەكنى ئەمەس، ئىنسانىنىڭ مەنىۋى ئالەمنى كونترول قىلىپ تۇرىدىغان ئابستراكت يۈرەكنى بىلدۈرىدۇ ... گېپىمنى تازا چۈشىنىپ كەتمىدىڭىز - ھە.

— ھە ... ئازراق چۈشەنگەندەكمۇ قىلدىم، بىراق ...

گۈلنىگار نىمە دېيىشنى بىلەلمىدى، بۇنداق رەسىملەرنى مۇشۇ ئەخمەت بىلەن سەردار چۈشەنسە كېرەك، ئۇنىڭچە مۇشۇنداق رەسىملەرنى سىزىپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوقتەكمۇ قىلاتتى. گۈلنىگارنىڭ گەپ قىلمىغىنىنى كۆرگەن ئەخمەت مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— بۇ رەسىمنى دەماللىققا چۈشەنمىدىڭىز، ھېچقىسى يوق، ھازىرقى ئادەملەر ئاسان چۈشەنگىلى بولىدىغان مەنىسى تېيىز، ياخپاق نەرسىلەرگە ئامراق بولۇپ كەتتى.

گۈلنىگار ئوڭايسىز بىرھالدا كۈلۈپ قويدى.

— دېگىنىڭىز توغرىدۇر، مېنىڭچە خەق چۈشەنمەيدىغان نەرسىنىڭ قىممىتى بولمايدۇ، ئەمما، سىزنىڭ بۇ رەسىمىڭىزنى چۈشەنگىلى بولىدىكەن، دېمەكچى بولغانلىرىڭىزنى ھېس قىلىش مۇمكىن، سىز كۆرۈنۈشتە بىر ئادەمنىڭ بىر يۈرىكى بولغاندەك قىلغىنى بىلەن ئەمما ئۇ ئوخشىمىغان ئەھۋالدا ئوخشىمىغان ھالغا ئۆزگىرىدۇ دېمەكچى ياكى شۇنىڭغا يېقىنراق بىر مەزمۇننى ئىپادىلىمەكچى.

— ئاساسەن شۇنداق، مانا ئەمەسمۇ، سىز دېگەن مۇئەللىم ... سەۋيىەڭىز بار.

— ئاۋۋال چاي ئىچىڭ، سەردارمۇ كېلەي دەپ قالدى.

گۈلنىگار ئۈستەلدىكى رەسىمگە قارىدى، رەسىمنىڭ يېرىمى يۇمىلاق قاتلىنىشىپ تۇراتتى، يېرىمى ئۇچۇق ئىدى، رەڭگى، مەنىسى، چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشىمايدىغان يۇرەكلەر ئۇنىڭغا كۆلۈمسىرەتقاندەك قىلاتتى. بۇ كۆلۈمسىرەشنىڭ تېگىدە كىشى چۈشەنمەك تەس مەسخىرە ھەم ئاھ ـ زار مۆكۈنۈپ ياتاتتى.

گۈلنىگار ئەينەككە قاراپ ئولتۇرۇپ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدى، ئۆزىنىڭ كۆزىدىن ئۆزىنىڭ يۈرىكىنى كۆرۈپ باققۇسى باردەك، يەنە كۆرۈشكە جۈرئەت قىلالمايدىغاندەك ئىدى، بىئارام تۇيغۇلار ئىچىدە، ئەخمەتنىڭ «يۇرەك» دېگەن رەسىمى يادىغا يېتىپ قالدى. شۇ كۈنى سەردار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەخمەت، سەردار، گۈلنىگار ئۈچەيلەن رەسىمنى ئۇزاقتىن ئۇزاق تەھلىل قىلىشقانىدى، ھەتتا بۇ رەسىمنى ئىلتەبىر بىلەن مويۇنچۇرمۇ كۆرگەن، باللار رەسىم توغرىسىدا بىرنېمە دېمىگەن بولسىمۇ بىراق ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە بۇ رەسىم توغرىسىدا مەلۇم تەسىرنىڭ پەيدا بولغىنىنى بىلگىلى بولاتتى.

— بىر ئادەمدە شۇنچە كۆپ يۇرەك بارما؟

ئىلتەبىرنىڭ سوئالى ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى، ئارقىدىن ئويغا سېلىپ قويدى.

بىر ئادەمنىڭ بىچارە بولۇپ قېلىشى كىشىنى ھەقىقەتەن قورقۇنچقا سالىدۇ، بىچارە بولدى، دېگەنلىك ئۇنىڭ قىممىتى، ئار ـ نومۇسى، شان ـ شەرىپىنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ كەتتى ياكى ئەخلەتكە ئايلىنىپ قالدى، دېگەندىن دېرەك بېرىدۇ.

سەردار گۈلنىگارنى ئۇنتۇپ كەتتى ... گۈلنىگار شۇڭا بىچارە بولۇپ قالدى.

گۈلنىگار بىلىپ تۇرۇپ لەنەتلىك يولغا قەدەم باستى، شۇڭا بىچارە بولۇپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

گۈلنىگار ئاياللىق شەرىپىنى دەسسەپ – چەيلىدى، شۇڭا ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى يوقاپ كەتتى، ئاندىن بىچارە بولۇپ قالدى.

ئادەم سۆيگۈ – مۇھەببەتسىزمۇ ياشىغىلى بولىدۇ، ئەمما بىچارە بولۇپ قالىدۇ.

گۈلنىگار ئاخىر شۇلارنى ئويلىدى. گۈلنىگار ئۆزىدە قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ كەملىكىنى، ئۇنى ئىزدەپ تېپىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ بىلگىنىدە روھى تىترەپ كەتتى.

گۈلنىگار ئىزدىدى.

ئىزدەپ تاپتى.

گۈلنىگارنىڭ روھى شۈركۈنۈپ كەتتى.

ياق ...

گۈلنىگار تىترەڭگۈ ئاۋازدا شۇنداق شىۋىرلىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ نېمىنى يوقاتقانلىقىنى بىلدى، ئەمما ئېغىزىدىن چىقىرالمىدى، ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى، ئۇ ھېچنېمىنى يوقاتمىدى، ئەمما پۈتۈنلەي يوقاتمىدى، دېگىلىمۇ بولمايتتى.

بىچارىلىك چىۋىنىدەك نەرسە، ھە دېگەندە كىشىنىڭ ئەتراپىدا پىرقىراپ كۆڭۈلگە ئاچچىق چاڭ بولۇپ كىرىۋېلىشقا تەييار تۇرىدۇ. ئۆزىنى تېگىشلىك مېھرگە ئىگە بولالماي بىچارە بولۇپ قالدىم دەپ ئويلايدىغان گۈلنىگار رازىيەنىڭ، گۈلپىيەنىڭ يەنە نادىرەنىڭ ھالىنى بىلمەيدۇ، يەنە سەمەتجان، بارات قويچى دېگەن ئادەملەرنىڭ قىينىلىشلىرىنى بىلمەيدۇ، ناۋادا شۇلارنىڭ دەردىسەرلىرىنى چۈشەنگەن بولسا، بىچارىلىك دېگەننىڭ غەلىتە شەكىللىرى بارلىقىنى ھېس قىلىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

## 118

سەردار خىيالچان كۆرۈنەتتى، سوغۇق ئىچكى ھاياجان كۆڭلىنى بىئارام قىلاتتى، قانداقتۇر نامەلۇم بۇلۇڭدىن ئۆزىگە

يېقىنلىشىۋاتقان يات ھەم سوغۇق نەرسىنى ھېس قىلىۋاتاتتى. خىيالىغا يات ــ يات رەڭلەرنىڭ گەپلىرى كىرىۋالاتتى. سەردار ھاياتىدا قانداق يامان ئىشلارنى قىلغانلىقىنى ئويلاپ باقمىدى، سەردار ھەرقانداق ئادەم ئۆزىگە يامانلىق قىلمايدۇ، دەيدىغان خاتىرجەملىك ئىچىدە ياشاۋاتقان بولسا كېرەك، دېمىسىمۇ شۇ، ئۇنىڭغا كىممۇ يامان نىيەتتە بولار؟ ... ئەمما رەڭلەرنىڭ گېپى ...

بارات قويچىنىڭ ھاسىراشلىرى پەلەمپەيدىن ئاڭلىنىپ سەردارنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى، سەلدىن كېيىن ئىشىك چېكىلدى، سەردارنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى.

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم سەردار دوختۇر، ئوبدان تۇردىلىمۇ؟ باللارنىڭ مىجەزى ئوبدانمۇ؟

ــ ھەممەيلەن ياخشى، ئۆزلىرىمۇ ئوبدان تۇردىلىمۇ؟

ــ مەنمۇ ئوبدان، ــ دېدى بارات قويچى ساپاغا جايلىشىپ ئولتۇرۇپ، ــ سىلى بىلەن بىر ئىشنى مەسلىھەتلىشەي دەپ كىرگەن.

ــ قايسى ئىشنى؟

ــ قايسى ئىش بولاتتى، يەنە شۇ پۇلنىڭ ئىشى بولمامدۇ، سەردار دوختۇر، بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى.

سەردار بارات قويچىنىڭ كىرلەشكەن بويۇنلىرىغا، ھارغىن تۇرقىغا قاراپ يا كۈلۈشنى، يا يىغلاشنى بىلەلمىگەندەك بىر ھالغا چۈشۈپ قالدى، بارات قويچىنى ھەر كۆرسە، بارات قويچى ھەر قېتىم شۇ پۇلنىڭ گېپىنى قىلسا، سەردارنىڭ كۆڭلىدە بىر يەرلىرى بىئارام بولۇپ قالىدىغان بولۇپ قالدى. سەردار ئۇن ــ تىنسىز ئولتۇردى. بارات قويچىمۇ شۈكلەپ كەتتى.

ــ قانداق قىلاي دەيلا؟ ــ دېدى سەردار ئاخىر جىمجىتلىقنا بەرداشلىق بېرەلمەي.

ــ بېشىم قاتتى، ئۇكام، قانداق قىلسام بولار؟ يا كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ، يا گېلىمدىن غىزا ئۆتمەيدۇ، بۇ پۇلنى قانداق بىر تەرەپ قىلساق بولار؟

— خەجلىسىلە، — دېدى سەردار خۇشياقمىغاندەك.
— مېنىڭ بىلەلمىگىنىم شۇ، قانداق خەجلەيمەن؟
— سىلىگە دېدىمغۇ، خوتۇن ئالسىلا، يېتىم - يېسىرلارغا بەرسىلە، يول، كۆۋرۈك ياساپ، مەكتەپكە ياردەم قىلسىلا، كېرەك ئادەملەرگە ئۆتنە بېرىم قىلسىلا، يا بولمىسا بانكىغا سېلىپ قويۇپ ئۆسۈمىنى ئېلىپ خەجلىسىلە ... مۇشۇنىڭ ھەممىسى بولىدۇ، يا بولمىسا يەر تەۋرىگەن جايلارغا ئىئانە قىلسىلىمۇ بولىدۇ، — سەردارنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئاۋازى تەئەددىيلىك چىقىپ كەتتى.
— بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سىلى ئۆتكەندە دېگەن، باشقىچىرەك مەسلىھەتلىرى بولسا ...
— ئالدىنقى قېتىم سىلىگە دېدىم، مېنىڭ پۇل خەجلەشتە بىلىدىغانلىرىم مۇشۇ، بۇنىڭدىن باشقا مەسلىھەت كۆرسىتەلمەيمەن.
— ياخشىراق بىر ئامال چىقىپ قالامدىكىن دېگەن.
— مەن بىلىدىغان ئامالالارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ.
— خالىق دېگەن گۆيغا بەرسەم قانداق بولار؟
— مەن خالىقنى تونۇمايمەن.
— ئۇنى ئاق ساتىدۇ دەيدىغانلار بار ئىكەن شۇ.
— نېمە؟
— ئاق ساتىدۇ دەيدۇ قارىسىلا ئۇنى.
— كىم دېدى؟
— ئىشقىلىپ خەقنىڭ گېپى ... دېمىسىمۇ بۇ خالىق بىر يوقالسا نەچچە ئايدا پەيدا بولىدۇ، ھەتتا نەچچە يىل يوقاپ كەتكەن چاغلىرىمۇ بولغان ... ئۆتكەندە بەرسەم بېرەي دەپ بولۇپ يەنە كۆڭۈل توختىتالمىدىم، ئەمما يامان گۆي، بىرنى ئىككى قىلىدۇ، كىچىكىدىمۇ بىر قوغۇننى ئىلىپ سېتىپ پۇلىغا ئىككى قوغۇن ئېلىپ تىجارەت قىلىدىغان نېمىدى بۇ.
— ئاق ساتقان بولسا ... بۇ خەتەرلىككقۇ.

— شۇ، ئەمما لېكىن بىراق ... پۇل ... ئەمدى بىرى ئىككى بولىدۇ ـ دە.

— باراتكا، مەن سىرتقا چىقاتتىم، كېيىن پاراڭلىشايلى، — دېدى سەردار سائەتكە قاراپ قويۇپ.

— مەيلى ئۇكام، بولسا بىر ئۇبدانراق ئويلىنىپ باقارلا، پۇل پۇلنى تاپىدۇ، دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ ... مۇنۇ سەمەت دېگەن قىپقىزىل ساراڭ بىرنېمە ئىكەن، بۇنىڭ بىلەن جىق باردى ـ كەلدى قىلمىسىلا.

— قانداق دەيلا؟

— ئىشقىلىپ گەپ ـسۆزلىرى بىرقىسمىلا، كاللىسىدىن كېتىپ قالغان نەرسە ئىكەن ئۇ، گەپلىرىمۇ ئوڭ ـ تەتۈر، مېنى نېمە دەپتۇ دېمەملا؟

سەردار بارات قويچىنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، شۇنداقتىمۇ خەقنى، سېنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىڭنى بىلىمەن، گېپىڭنى دېمە، دېگىلى بولاتتىمۇ، سەردار ئامالسىز سورىدى:

— نېمە دەپتۇ؟

— پۇچۇق ناننى ئارتۇق يەۋەتسە، ئۆزى يېگەن نانغىمۇ قورسىقى ئاغرىيدىغان قاغدالما پىخسىق، دەپ تىللاپتۇ قارىسىلا ... مۇشۇمۇ گەپمۇ ...

— بۇنداق گەپلەرگە ئىشەنمىسىلە، سەمەتجان ئۇنداق گەپلەرنى دېمىگەندۇ؟

— ئىشقىلىپ ياخشى نېمە ئەمەس ئىكەن، سىلىمۇ يىراقراق يۈرسىلە، گەپ ـ سۆزلىرى بىرقىسمىراق تاز ئىكەن بۇ، يامانغا يولۇقساڭ يالىسى يۇقىدۇ، دېگەن گەپ بار، سىلىگە خاپىلىقى تېگىپ قالمىسۇن.

سەردار ھېچنېمە دېمىدى، ئۆزىنى سەمەتجان بىلەن بارات قويچى ئارىسىدىكى بىتايىن ئىشلارغا چېتىلىپ قالغاندەك بىئارام بولدى. ئادەم سەردار بەك جىق ئادەملەر ئارىسىدا يالغۇز

قالغاندەك ئويلاپ قالدى.

— يەنە ئويلاپ باقسىلا، بۇ پۇلنى مۇنداقلا تاشلاپ قويساقمۇ بولماس، بىرنى ئىككى قىلىدىغانىنىڭ كويىغا كىرەيلى.

شەيتاننى يامان نىمە، دىيىشەتتى، سەردار بارات قويچىنىڭ هالىغا قاراپ بۇ گەپكە ئىشەندى، شەيتاننىڭ يامان يېرى ئۆزىنى تونۇيالمايدىغان، ئۆزىنى بىلمەيدىغان قىلىپ قويۇش بولسا كېرەك، ئۆزىگە ياراشمايدىغان ئىشنى قىلىشنى چىرايلىق ئىش، مۇهىم ئىش قىلىپ كۆرسىتىش بولسىمۇ كېرەك.

هەر ئەقىلنىڭ شەرەپ - نومۇسى ئۆزىگە بولىدۇ، هەر يۈرەكنىڭ شادلىقى، قايغۇسى ئۆزىگە بولىدۇ، سەردار يۈرىكىنى تىڭشاپ قالىدۇ، بارات قويچى، سەمەتجانلار توغرۇلۇق ئويلاپ قالىدۇ. يەنە رازىيە، گۈلپىيەلەر توغرىسىدىمۇ خىيال قىلىپ قالىدۇ، ياشاشنىڭ چىرايلىق كوچىسىدا كېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ قىسمەتلىرى توغرۇلۇق ئويغا چۆمىدۇ. گۈلنىگارنىڭ دىيىشىچە، رازىيە بىردىنىلا باشقىچە بىر ئائىلىگە ئايلىنىپ قاپتۇ، كىيىنىشلىرى، يۈرۈش - تۇرۇشلىرى بىرقىسىملا، گۈلپىيەنىڭ ئەھۋالى ياخشى ئەمەس ئىكەن، ئۇنى موللامغا ئوقۇتقانىمىش، ئەمما گۈلنىگارنىڭ گۇمانىچە رازىيەلەر گۈلپىيەنى موللىغا ئوقۇتۇش بىلەنلا توختاپ قالمىغاندەك ...

**119**

بارات موللام كېتىپ گۈلپىيە بەكلا جىمغۇرلىشىپ كەتتى، سائەت - سائەتلەپ بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە ئولتۇراتتى، گۈلپىيەنىڭ هالىغا قاراپ رازىيەنىڭ يۈرىكى سۇ ئىدى، قاچان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، بىرنىمىلەرنى چېقىۋېتەر، قاچان ئۆزىنىڭ كېلىنى ئۆزى بوغۇپ، ئۆيىنى ئوتتەي - توڭتەي قىلىۋېتەر دىگەن ئەندىشە بىلەن كۆڭلى ۋەھىمە ئىچىدە ئۆتۈۋاتاتتى، گۈلپىيە خۇددى ئۇشتۇمتۇت پارتلايدىغان بومبىدەك



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

رازىيەنى دىققەتچىلىكتە ھاردۇرۇۋېتىپ باراتتى. رازىيەنىڭ بارات موللامنىڭ كارامەتلىرىگە تۇرۇپلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئىشەنمەيتتى ـ يۇ ئارقىدىن قورقۇپ كېتەتتى، بارات موللام ئېنىق دېگەن، كىمكى ئۇنىڭغا ئىشەنمىسە، شەكلەنسە دۇئانىڭ كۈچى بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن جىنلار كۈچلىنىپ، بىرسى ئىككى بولۇپ كېتىدۇ ... ئاپەتنى تېخىمۇ كۆپ سالىدۇ.

رازىيەنىڭ يۈرىكىدە شۇنداق بىر مەخپىي، ھېچكىمگە دېيەلمەيدىغان تەشۇىش بار: «مېنىڭ كۆڭلۈمدە شەك، گۇمان پەيدا بولغانلىقى ئۈچۈن، دۇئا كۈچىنى كۆرسەتمەي، گۈلپىيە سەللىمازا ساقىيالمايۋاتىدۇ ... »

مۇشۇنداق ئويلىغاندا، رازىيەنىڭ ئۆزىنى ئۇرغۇسى كېلىپ كېتەتتى.

بارات موللام كېتىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن بىر چۈشلۈكى شەرىپەنىڭ تېلېفونى سايرىدى.

— شەرىپە بولامسىز؟

— ھە، مەن.

— مېنى تونۇدىڭىزمۇ؟

— ياق.

شەرىپە تېلېفوندىكى ئاۋازنى تازا ئىلغا قىلالمىدى.

— مەن سىزنى تونۇيمەن، بىر بالا ـ قازا سىزنىڭ ئەتراپىڭىزدا چۆرگۈلەپ يۈرىدۇ، دەرھال يېنىمغا كېلىڭ، سىزنىڭ قاراپ تۇرۇپ نابۇت بولۇپ كېتىشىڭىزگە چىداپ تۇرالمايمەن.

— نېمە؟

— سىزنىڭ ئىچىڭىزدە جىن بار ... پات ئارىدا سىزگە ئاپەتنى سالىدۇ.

— نېمە؟

شەرىپەنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى.

— سىز تۇكۇر بولۇپ قالىسىز ... . شەرىپە قىز، تۇكۇر

بولۇپ قالسىمىز دەۋاتىمەن، ئىككى پۇتىمىز باسماس، ئىككى قولىمىز تۇتماس بولۇپ قالدۇ، قىزىل چاچلىق، ئوت كۆزلۈك، ئىككى پۇتى، ئىككى قولى يوق جىن سىزنىڭ يۈرىكىڭىزنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋاپتۇ.

شەرىپە چۆچۈپ كەتتى، بىردەمدىن كېيىن ئۆزىنى تۇتالماي ۋارقىرىدى.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس ...

ئۇن يەتتە ياشلىق شەرىپە قورقۇپ تىترەپ كېتىۋاتاتتى.

— سىزنى مەن قۇتقۇزالايمەن، ئىچىڭىزدىكى جىننى چىقىرىۋەتسەملا ئامان قالىسىز، بالا ـ قازا ئۆتۈپ كېتىدۇ، قاراپ تۇرۇپ تۈگىشىپ كەتمەڭ ... يېنىمغا كېلىڭ ... تېز بولۇڭ.

شەرىپە تىن تارتالماي قالدى.

— دەرھال يېنىمغا كېلىڭ ... مەن ھازىر ئۇرۇمچىدە، سىزنىڭ ھالىڭىز خەتەرلىك.

شەرىپە شۇ كۈنى كېچىسى ئۇخلىيالمىدى. بارات موللام بىلەن دېيىشكەن سۆزلەرنى ئانىسىغا دېمەكچى بولۇپ دېيەلمىدى، ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن رەيھان ئاپىسىنىڭ نومۇرىنى باستى.

رازىيە بىلەن گۈلپىيە بارات موللامنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى، گۈلپىيە بارات موللام بولمىسا ئۆزىنى ياردىن چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك قورقۇنچ ئىچىدە ھېس قىلاتتى، رازىيەمۇ بارات موللام بولمىسا گۈلپىيە تېگى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كېتىدىغاندەك ۋەھىمىگە چۈشۈپ قېلىۋاتاتتى، ئۇ گۈلپىيەنىڭ تۈگىشىپ كېتىشىدىن قورقاتتى، بۇنىڭدىنمۇ بەكرەك بارات موللامنىڭ كارامەتلىرىگە ئىشەنمەي قېلىشتىن، كۆڭلىگە گۇمان چۈشۈپ قېلىشتىن قورقاتتى، بارات موللامنىڭ تېزرەك قايتىپ كېلىشىگە ئىنتىزار بولاتتى، بارات موللام كەتسىلا رازىيەنىڭ كۆڭلىدە ئۇنى قىينايدىغان ئىشەنمەسلىك تۇيغۇسى پەيدا بولۇپ قالاتتى، رازىيە يەنە بارات موللامنىڭ مۇشۇ كەتكەنچە قايتىپ

كەمەسلىكىنىمۇ ئارزۇ قىلىپ قالاتتى، رازىيەنىڭ ئۆيلىرى، پىكىرلىرى بىر - بىرىگە قارشى قۇتۇپتىن چىقىپ ئۇنى ساراسىمىگە سالاتتى. شۇ كۈنلەردە رازىيە، گۈلپىيەمۇ بارات موللامنىڭ شەرىپەگە تېلېفون قىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى جىننى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن شەرىپەنى ئۈرۈمچىگە كېلىشىنى ئېيتقانلىقىنى بىلمەيتتى.

رازىيە بىلەن گۈلپىيە بۇ شەھەردە بولۇۋاتقان نۇرغۇن ئىشلارنى بىلمەيتتى، نادىرەنىڭ ئوت ئىچىدە كۆيۈۋاتقانلىقىنى، گۈلنىگارنىڭ ۋەھىمىلىك تەلپۈنۈشتىن قۇتۇلالماي ھالىدىن كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى، گۈلنىگارنىڭ ۋەھىمىلىك تەلپۈنۈشتىن قۇتۇلالماي ھالىدىن كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇلار يەنە شەھەر مەركىزىدىكى ئون بەش قەۋەتلىك بىنادىكى بىر ئايالنىڭ ئۆز تەقدىرىدىن قورقۇپ كەتكەنلىكىنى، بەك قورقۇپ كەتكەچكە يىغلىيالمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى.

## 120

شەھەر مەركىزىدىكى ئون بەش قەۋەتلىك بىنا كېچە قاراڭغۇلۇقىدا غايەت زور مۇناردەك كۆزگە تاشلىنىدۇ، بىنادا لىققىدە يۈرەك بار.

بالكوندىكى رەڭدار قۇش يېشىل ئورمانىنى، قويۇق نەمخۇش ھاۋانى، چىرايلىق ئۈچۈپ يۈرگەن شادىمان دەملىرىنى ئويلاۋاتسا كېرەك.

تېلېفون جىرىڭلىدى، دەسلەپ بىنانىڭ، ئاندىن شەھەرنىڭ يۈرىكى جىددىي سوقۇپ كەتتى.

— ۋەي.

— نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟

— ھېچ ئىش.

— جىق دەپ كەتتىم، سەن بىلەن كۆرۈشمىسەم بولمايدۇ.

— مەن سىز بىلەن كۆرۈشسەم بولمايدۇ.
— سىنى بەك كۆرگۈم كەلدى.
— مېنىڭ سىزنى كۆرگۈم يوق.
— نېمە دېگىنىڭ بۇ؟
— مەن يات ئاردا ئۆلىمەن.
— نېمە؟ ھە دېسە مۇشۇنداق گەپلەرنى دەيدىغان نېمە ئىكەنسەن، تولا ئاڭلاپ كۆنۈپمۇ قالدىم، قورقۇپ قالمايمەن، نېمە دېسەڭ دە، ئىشقىلىپ كۆرۈشمىسەم بولمايدۇ.
— سىزمۇ يات ئاردا ئۆلىسىز.
— نېمە؟!
قارشى تەرەپنىڭ يۈرەك سىلىنشلىرى ئاڭلانغاندەك بولدى، رەڭدار قۇش ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغاندەك قىلاتتى.
— مەن نېمىشقا ئۆلگۈدەكمەن؟ مېنى بىرسى ئۆلتۈرەمدىكەن ... ما گەپنى.
— ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز ئۆلتۈرىسىز.
— نېمە دەيدۇ ما ساراڭ.
— سىز ئۆلۈشكە باشلىدىڭىز.
قارشى تەرەپ جىم بولۇپ قالدى، سەلدىن كېيىن ئاچچىق ۋارقىرىدى:
— سەن بۇرۇنمۇ مۇشۇنداق ساراڭمىدىڭ يا ئەمدى ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ ...
— مېنىڭ قولتۇقۇمدا جاراھەت پەيدا بولدى ... ئۆلمەي تۇرۇپ چىرىپ كېتىۋاتىمەن.
ئايالنىڭ بەكلا يىغلىغۇسى باردەك، ئەمما يىغلىيالمايدىغاندەك، تولا يىغلاپ يىغىسى قۇرۇپ تۈگىگەندەك ئىدى.
— نېمە دېدىڭ؟ ... نېمە گەپ بۇ؟
— سىزمۇ شۇنداق بولىسىز ...
— نېمانداق تاغدىن گەپ قىلسا باغدىن سۆزلەيدۇ ماۋۇ ...
قارشى تەرەپنىڭ ئاغزىدىن گەپ چۈشۈپ قىلىۋاتاتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئايال تېلېفوننى قويۇۋەتتى، ئۇ ئاستا كېلىپ دېرىزىدىن پەسكە قارىدى، پەستىكى سېمونت يول يىراقتىكى كوچا چىرىغىنىڭ ئاجىز نۇرىدا ۋەھىمىلىك كۆرۈنەتتى.

شەھەر مەركىزىدىكى ئون بەش قەۋەتلىك بىنانىڭ بەشىنچى قەۋىتىدىكى بالكوندا رەڭدار قۇش بار، بۇ قۇشنىڭ چىرايلىقلىقى كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ. بۇ قۇش بەزىدە مۇشۇ ئۆيدە بولغان گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلاۋاتقاندەك، بۇ ئۆيدىكى ھەممە ئادەمنىڭ خىياللىرىنى بىرمۇبىر ئەستە ساقلاۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. رەڭدار قۇش يېرىم يۇمۇلۇپ تۇرىدىغان كۆزلىرى بىلەن بەك جىق نەرسىلەرنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى، يەنە بىر قارىسا ئۇنىڭ ھېچنېمىنى كۆرگۈسى يوقتەك، ئەمما يەنە كۆرگۈسى كېلىپ تۇرىدىغاندەك ئىدى. مۇشۇ ئىشلارنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە بىلىدىغان بىرەرى بولسا، رەڭدار قۇشنى مۇشۇ شەھەردىكى خۇددى مۇشۇنىڭدەك يەنە بىر ئۆيدە تۇرىدىغان بىر قىزغا ئوخشىتىپ قىلىشى مۇمكىن، ئۇ قىز ئۆزىنىڭ ئىچىگە ئۆزى پاتمايۋاتقاندەك، ئۆزىگە ئۆزى كەپلىشىپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ، جېنى زىركىرەيدۇ ... ئۇ ئۆزىنىڭ ھارامدىن بولغانلىقىغا، ئىچىدە جىن بارلىقىغا، ئاشۇ جىننىڭ ئەسكىلىكىدىن ھەممە ئادەمنىڭ كۆزىگە يىرگىنچلىك ھەم سەت كۆرۈنۈپ قالغانلىقىغا ئىشىنىپ قالىدۇ.

## 121

رازىيە گۈلپىيەنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ ئولتۇراتتى، ئۆتمۈش ھەققىدىكى خاتىرىلەر كۆز ئالدىدىن لىپىلداپ ئۆتەتتى، خۇددى ھاياتىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى خاتا بولغاندەك ئويلاپ قالاتتى، ئابدۇراخمان، ماخمۇتلار بىلەن ئايرىلىپ كېتىشى، شاكىر بىلەن توي قىلىشى، ئىككى بالىلىق بولۇشى، كونا ئۆينى سېتىپ يېڭى ئۆي سېتىۋېلىشى ... مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى خاتا بولغان ئىشلاردەك تۇيۇلۇپ قېلىۋاتاتتى. قىزىنىڭ غەلىتە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

پارقىراپ تۇرىدىغان كۆزىگە قاراشتىن قورقاتتى. «سېنىڭ مېنىڭ قىزىم بولۇپ قېلىشىڭ بەختىڭنىڭ قارا بولۇپ قېلىشىنىڭ ئۆزى بوپتىكەن، قىزىم» ... رازىيەنىڭ يۈركى ئېچىشىپ كەتتى، بارلىق ئاتا ـ ئانا بولغۇچىلار ئۆزى قانچىلىك بەختسىز بولۇپ كەتسىمۇ كۆتۈرەلەيدۇ، چىدايدۇ، باللىرىنىڭ بەختىنىڭ قارا بولۇپ قېلىشىغا چىدىمايدۇ.

ـــ گۈلپىيە.

ـــ ھە.

ـــ سەن زادى نېمە بولغانسەن، قىزىم؟

ـــ مەن ساراڭ ... مەن ئېلىشىپ قالدىم.

ـــ ئۇنداق ئەمەس.

ـــ مېنىڭ ئىچىمدە جىن بار ... ئەركەك جىن ... ئۇ جىننىڭ ئېتى ئەنۋەر ...

ـــ ئۇنداق ئەمەس.

ـــ موللام شۇنداق دېگەن.

ـــ ئۇ گەپلەرگە ئىشەنمە.

ـــ ئىشەنمىگەن بىلەن بولمايدۇ، ئىشەنمىگەنسېرى جىن تېخىمۇ ئەسكىلىشىدۇ، كىم ئىشەنمىسە جىن شۇنىڭغا بەكرەك چاپلىشىدۇ.

ـــ ئۇنداق ئەمەس، قىزىم.

ـــ شۇنداق ... مېنىڭ ئىچىمدە جىن بار ... جىننىڭ ئىسمى ئەنۋەر، بۇرنى پاناق، كۆزى كۆك، چېچى قىزىل، ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئوتقا ئوخشايدىغان جىن بار ... جىن مېنى نىكاھىغا ئېلىۋالغان.

رازىيە بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇرۇپ كەتتى، ئۈستەلدىكى چاي پىيالىسى، چەينەك، داستىخاندىكى نان ... ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا يالغاندەك، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ خىيالىي تۇيغۇدىكى نەرسىلەردەك تۇيۇلۇپ قېلىۋاتاتتى.

ـــ سەن دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى بارات موللام ساڭا دېگەن

گەپلەرغۇ، گۈلپىيە.

— مەن بارات موللام دېگەننى دېمىدىم، مېنىڭ ئىچىمدە جىن بار، جىن چىقىپ كەتكەن، موللامنىڭ كەتكىنىنى بىلىپ يەنە كىرىۋالدى ... ھارامدىن بولغان بالىنىڭ ئىچىگە جىن كىرىۋالىدۇ.

رازىيە بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى، كىچىككىنە گۈلپىيەنىڭ يۈرىكىنىڭ خورلۇقتىن ئېزىلىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇنى ھەيران قالدۇرغىنى گۈلپىيەنىڭ چۈشەنگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە مۇلايىملىشىپ كېتىشى ئىدى. گۈلپىيەنىڭ قورقۇنچلۇق ئەپتىگە كۆنۈپ قالغان رازىيەنى گۈلپىيەنىڭ مۇلايىملىشىپ قېلىشىمۇ ۋەھىمىگە سالاتتى، گۈلپىيەنى يەنە قايتىدىن چىنە ـ قاچىلارنى چاقىدىغان، چاچلىرىنى يۇلۇپ، ئۆينى بېشىغا كىيىدىغان ئىشلارنى قىلمايدۇ، دېگىلى بولمايتتى، بارات موللام تېزرەك كەلسە بولاتتى.

— مېنى جىن ئەپقاچارمۇ، ئانا؟

— ياق، ئۇنداق بولمايدۇ.

— بارات موللام قاچان كېلىدۇ؟

— ئاز قالدى، بىر ئايدا كېلىمەن دېگەن، پات ئارىدا كېلىدۇ، بالام.

— ئۇ كەلمىسە مېنى جىنلار يەپ كېتىدۇ، بارات موللام شۇنداق دېگەن.

— بالام، بۇنداق گەپ قىلما.

— سېنىڭ ئىچىڭدىكى جىن بىلەن دادامنىڭ ئىچىدىكى جىن بىر ـ بىرىگە قاتىل كېلىدىكەن ... بارات موللام شۇنداق دېگەن.

رازىيە گۈلپىيەنىڭ بۇ ھالىغا قاراپ ئۇ بۇرۇنلاردا چىرقىرىغان، ئۆزىنىڭ گېلىنى ئۆزى سىققان، چىنە ـ قاچىلارنى چاقفان چاغدىكىدىنمۇ بەكرەك قورقۇپ كەتتى.

رازىيە بىلەن گۈلپىيەنىڭ كۈنلىرى تۇمان ئىچىدە قالغانىدى، تۇمان ئىچىدە قالغان ئادەم يولنى كۆرەلمەيدۇ، تۇز

يول بىلەن كاتاڭ يولنى ئايرىيالمايدۇ. ئادەم ئۆز روھىنىڭ ئىچىدە ياشايدىغان تائىپە، روھ بۇزۇلسا، روھ تۇمانلاشسا، روھ قاراڭغۇلاشسا ھاياتلىقنى غەلەتلىك باسىدۇ. ئىنسان روھىنىڭ چەكسىزلىكى، تۈنۈگۈنكى روھ بىلەن بۈگۈنكى روھنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقى توغرىسىدا خىيال قىلىدىغان، ھەيران قالىدىغان ئادەملەر كۆپ، ئەخمەت يېقىندا سىزغان رەسىمنى مۇشۇنداقراق بىر خىياللار بىلەن سىزغاندەك قىلىدۇ.

## 122

سەردار بىلەن ئەخمەت مېھمانخانا ئۆيدە ئەخمەتنىڭ رەسىملىرىنى كۆرۈۋاتاتتى.

سەردار بىر پارچە رەسىمگە خىيالچانلىق بىلەن تىكىلىپ ئولتۇردى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەخمەتتىن سورىدى، بىر قېشى ئېگىزلەپ، بىر قېشى پەسلەپ كەتكەنىدى:

— بۇ ئەمدى قانداق رەسىم ؟

— ئۆزۈڭ كۆرۈۋاتىسەنغۇ.

— كۆردۈم، مۇنۇ نېمە ئەمدى، باش سۆرىتىنىڭ يېرىمى ئادەمنىڭ يۈزىگە ئوخشايدۇ، يېرىمى ئېشەكنىڭ ...

ئەخمەت بوياق بىلەن بۇلغانغان قوللىرىنى ئىشقىلاپ قويدى.

— مەنىسىنى ئۆزۈڭ بىلىۋال، — دېدى ئەخمەت سارغۇچ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ. بۇ كۆزلەردىن ئۈمىد ھەم قەتئىيەتنىڭ نۇرلىرىنى كۆرگىلى بولاتتى. نارازىلىق ھەم غەزەپمۇ بىلىنىپ تۇراتتى.

— مەن ئويلاپ تېپىپ بولغۇچە سەنلا دېگىنە بولدى.

— ئادەم دېگەندە ئىككى خىل ماھىيەت بولىدۇ، بىرى ئىنسانلىق ماھىيەت، يەنە بىرى ھايۋانىي ماھىيەت.

ئەخمەت چاي ئوتلاپ قويدى. سەردار رەسىمگە قايتىدىن نەزەر سالدى، سەردارنىڭ مۇنۇ رەسىمنى كۆرگەندىن كېيىن

ئويلىغىنىچە بولغاندا، بۇ رەسىمدە ئىنسانغا قىلىنغان ھاقارەتنىڭ شەپىسى كۆشۈلداپ تۇرغاندەك ئىدى.

— ئىنساندا ئۇلۇغلۇق بىلەن پەسكەشلىك تەڭ مەۋجۇت، ئىنساندا تۇغما ياخشىلىق ھەم گۈزەللىككە ئىنتىلىش خاھىشى بولىدۇ، ئىنساندا يەنە پەسكەشلىك ھەم ياۋۇزلۇققا مايىللىقمۇ بار ... بۇنى ھايۋانلىق ماھىيەتنىڭ يىلتىزى دەيمىز، ئىنسانلىق ماھىيەت بىلەن ھايۋانلىق ماھىيەت كىرىشىپ، گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ.

سەردارنىڭ قوشۇمىلىرى تۇرۇلدى.

— بىر باشنىڭ يېرىمىنى ئادەمنىڭ يۈزىگە، يېرىمىنى ئېشەكنىڭ بېشى قىلىپ سىزىشىڭىزنىڭ سەۋەبى ئىنسانلىق ماھىيەت بىلەن ھايۋانلىق ماھىيەتنىڭ ئارىلىشىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ؟

— دەل توغرا.

— ئەمما ئەخمەت، ساڭا راست گەپنى دېسەم بۇ بەك ئېشىپ كېتىپتۇ، ئىنساننىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن ئىبارەت بىر نۇقتىنى مەڭگۈ ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ.

— بۇنىڭغا مەنمۇ چىن پۈتىمەن، ئىنساننىڭ ئۇلۇغلۇقىدا گەپ يوق، بىراق ئۇلۇغ يارىتىلغان ئىنسان شۇ ئۇلۇغلۇقىغا لايىقلىشالىدىمۇ؟ بۇ بىر مەسىلە، پەسكەشلىك، رەزىللىك، ھايۋانىيلىق بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ روھىنى يالماۋاتىدۇ.

رەسىمدىكى باشنىڭ شەكلى قورقۇنچلۇق ئىدى، يېرىمى ئادەمنىڭ، يېرىمى ئېشەكنىڭ.

— شۇنداقتىمۇ بەك ئاشۇرىۋېتىپسەن، ھەر ئىش نورمال بولغىنى خوپ.

— بۇنى مۇشۇنداق سىزماي بولمايدۇ، بۇنىڭدىن باشقا ياخشىراق چارىمۇ يوق.

— مۇشۇنداق نېمىلەرنى قانداقمۇ ئويلاپ تاپىدىغانسەن؟

— دۇنيا ھەققىدىكى ئويلىرىمدىن كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— مۇنۇ رەسىمدىكى نىمە ئەمدى؟
— يىلاننىڭ ئۆۋىسى.
— يىلاننىڭ ئۆۋىسى ... بۇ ... ئادەمنىڭ مېڭىسىگە ئوخشاپ تۇرىدۇغۇ؟
— شۇنداق، قارىماققا ئادەمنىڭ مېڭىسىگە ئوخشايدۇ، ئەمما زەن سالساڭ ئادەم مېڭىسىنىڭ ئاراشلىرىغا لىققىدە يىلان توشۇپ كەتكەن.
سەردار ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ بېشىنى چايقىدى، ئەخمەت سەردارغا بۇ رەسىملەرنىڭ تازا يېقىپ كەتمىگەنلىكىنى سېزىپ تۇراتتى.
— ئېشىپ كېتىپتۇ، ئەخمەت، بۇ رەسىملىرىڭدە ئادەملەرنى ھاقارەتلىگەندەك مەزمۇن بار ئىكەن ... قاراپ كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالدى ... بولۇپمۇ ئادەم مېڭىسىنى يىلاننىڭ ئۆۋىسى قىلىپ سىزغىنىڭ بەك ئېشىپ كېتىپتۇ، ھەر ئىش ھەدلىسىدە بولغىنى ياخشى.
سەردارنىڭ باش چايقاشلىرىدىن ئىچى پۇشقان ئەخمەت رەسىمنى قولىغا ئېلىپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.
— سەن ئوبدان قارىمىدىڭ، تازا زەڭ سالساڭ مېڭىگە ئوخشايدىغان تارچۇقنىڭ ئاراشلىرىدىكى يىلانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ گېلى ئادەمنىڭ قولى بىلەن مەھكەم بوغۇقلۇق، يەنى يىلان ئىنسان تەرىپىدىن ئىسكەنجىگە ئېلىنغان ... ئەستايىدىل قارىمىغان ئادەم بۇ تەرەپلىرىنى ھېس قىلالمايدۇ، مەنىسى چۈشەندىڭمۇ؟
— چۈشەندىم.
ئەخمەت كۈلۈپ قويدى. ئۇ سەردارنىڭ غەش بولۇپ قالغانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى.
— سەن بەلكىم مېنى خەق چۈشەنگۈدەك رەسىملەرنى سىزسا بولاتتى، دەپ ئويلايسەن، شۇنداقمۇ؟
— شۇنداقراق، بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم ئىنساننىڭ نام ـ

شەرىپىگە داغ تەگكۈزىدىغان رەسىملەرنى سىزما، يەنە كېلىپ چۈشىنىشلىكرەك بولۇشىمۇ مۇھىم.

— بۇ گېپىڭىزنىمۇ خاتا دېمەيمەن، ئەمما مەن ئەقىل ئىشلىتىپ ئاندىن چۈشەنگىلى بولىدىغان رەسىملەرنى سىزىشىم كېرەك، چايناپ يۇمشىتىپ قويۇلغان تاماققا ئوخشاپ قالسا بەزى نەرسىلەرنىڭ مەززىسى قالمايدۇ، خەققىمۇ نەپ تەگمەيدۇ.

— ئەمما بىر نەرسىنى ئەستىن چىقارما، بايىمۇ دېدىم، ئادەمىيلىككە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان ھەرقانداق رەسىمنى سىزىشقا بولمايدۇ.

سەردار بىلەن ئەخمەتنىڭ پاراڭلىرى ئۇزاق داۋاملاشتى، ئۇلار سەردار تەتقىق قىلىۋاتقان كومپيۇتېر بىلەن تومۇر تۇتۇش مەسىلىسى ھەققىدىمۇ بەس - مۇنازىرە قىلىشتى .

كېيىنكى كۈنلەردە سەردار ئەخمەتنىڭ يىلان ئۇۋۇسى ھەققىدىكى رەسىمى توغرۇلۇق پاراڭلاشمىدى، ئەمما ئەخمەت سىزغان رەسىمدىكىگە ئوخشايدىغان روھىي بۇغنۇقۇشلار دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. ئىنساننىڭ ئۇلۇغلۇقىغا داغ تەگكۈزىدىغان ئىشلارنى كۆرمەيمەن، دەپمۇ يەنە كۆرۈپ قالىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، كىم بىرلىرى نادىرە ھەم نادىرەگە ئوخشايدىغان قىزلارنىڭ قىسمەتلىرى مېڭىسى يىلان ئۇۋۇسىغا ئايلانغان، يىلاننىڭ گېلىنى بوغۇپ تۇرغان قولى ئاجىزلاپ كەتكەن ئادەملەر تەرىپىدىن بولۇۋاتقان ئىشلار ئىكەنلىكىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزىدۇ.

## 123

ئىنساننىڭ ھەر دەقىقىدە بۇ دۇنيادىن ئېرىشىدىغىنى چەكسىز ھۇزۇر بولۇشى مۇمكىن، ھەر بىر نەپەس، ھەر بىر تىنىق، كۆرۈپ تۇرغان ھەر نەرسە، ئاڭلاپ تۇرغان ھەر بىر شەپە بىر بەخت بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇلارنى ھېس قىلىدىغانلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاز، بۇنداق ئويلايدىغانلار ئاز، ئادەمنىڭ ئېرىشكەنلىرى ئەمەس، ئېرىشەلمىگەنلىرى مېڭىسىنى چىرمىۋالىدۇ.

«مەن ھەممىنى يوقاتتىم.»

نادىرە شۇنداق دېدى، ئۇ بوران ئۇچۇپ تۇرغان قاراڭغۇ ئۆڭكۈردە يالغۇز ئىدى، بۇ ئۆڭكۈر ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئىدى، نادىرە قەلبىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا كىم بىرلىرى تەرىپىدىن ياسالغان سوغۇق ھەم مۇدھىش ئۆڭكۈردە تەنھا گاڭگىراپ يۈرەتتى.

— مەن ھەممىنى يوقاتتىم.

مۇز تاملاردىن ئەكس سادا ياڭرايتتى، ئەكس سادا بەك يىراقلاردىن كېلىپ يەنە بەك يىراقلارغا كېتەتتى.

— سەن ھېچنېمىنى يوقاتمىدىڭ.

يىراق بىر بۇلۇڭدىن شۇنداق ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز بازغاننىڭ ئاستىدىكى چوغلانغان تۆمۈردىن چاچرىغان ئۇچقۇندەك قىزىق ئىدى، نۇرلۇق ئىدى.

— ھەممىنى يوقاتتىم.

نادىرە گاچىلىشىپ قالدى، مۇرات ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ يېنىدا جىممىدە قاراپ تۇراتتى.

— سەن يوقاتمىدىڭ، يوقاتقىنىڭدىن ئېرىشكىنىڭ نەچچە ھەسسە كۆپ.

— مەندە ئۈمىد قالمىدى.

— ئۈمىد قالمايدىغان ئىش بولمايدۇ، تىرىكلىكىمىزنىڭ ئۆزىلا ئۈمىد. ناۋادا سەن تۇگىشىپ كەتسەڭ مەن پۈتۈنلەي بەرباد بولىمەن، مەن سەن ئۈچۈنلا ياشاۋاتىمەن ... مۇشۇ دۇنيادا نادىرە دېگەن بىر قىزنىڭ بارلىقى مېنى ياشاشقا ئۈندەيدۇ.

— بىزنىڭ تەقدىرىمىز نېمىشقا مۇشۇنداق قارا بولىدۇ؟

— بۇ تەقدىرنى قارا دەپ ئويلىۋالمايلى ... بىز بىر - بىرىمىزنى چىن دىلىمىزدىن سۆيىمىز ... بۇ بىزنىڭ بەختىمىز.

— مەن ئۆچ ئالىمەن.

نادىرە بۇ پىچىرلاشلىرىنى بىركىمنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن

قورققاندەك تىن تارتالماي قالدى، ئۆزىنىڭ ئۆچ ئالىمەن، دېگەن گەپلىرىدىن ئۆزى قورقاتتى، ئۆچ ئالىمەن، دەپ ئويلىغىنىنى بىرەرسىنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن قورقاتتى. ئەمما ئۇنسىز، ئاۋازسىز دېيىلگەن بۇ گەپلەرنى مۇرات ئاڭلاپ ئۇلگۇردى.

— ئۆچ ئېلىشقا بولمايدۇ، بۇ دېگەن جىنايەت.

— جىنايەت؟ ماڭا قانۇننىڭ گېپىنى قىلىۋاتامسەن؟

— شۇنداق.

— ئەمەلىيەتتە مەن جىنايەتنىڭ قۇربانى.

— سەن ئويلىغاندەك ئۇسۇل بىلەن ئۆچ ئېلىش شەرمەندىلىك.

— مەن ئۆزۈمدىن ئۆچ ئېلىشىم كېرەك.

— ئۆزۈڭدىن قانداق قىلىپ ئۆچ ئالماقچىسەن؟

— ئاسان ... جاننى يوق قىلىش.

— بۇنداق قىلىش يارىمايدۇ، ياشاش، پەقەت بىرلا يول بار، ياشاش ... ياشىغاندىمۇ مەڭگۈ ياشايدىغاندەك ۋەزمىن ھەم قىزغىنلىق بىلەن ياشاش.

— قولۇمدىن كەلمەيدۇ.

— كېلىدۇ، مەن سېنى يېتىلەپ ماڭىمەن.

نادىرە مۇرات بىلەن غايىبانە مۇڭدىشىپ نەچچە تۈنلەرنى تاڭغا ئۇلىدى، بۇ گەپلەرنىڭ نۇرغۇنلىرىنى مۇرات دېگەن، نۇرغۇنلىرىنى نادىرە مۇرات شۇنداق دېسە بولاتتى، دەپ ئارزۇ قىلغان، نۇرغۇنلىرىنى مۇرات چوقۇم شۇنداق دەيدۇ دەپ ئويلىغانلىرى ئىدى.

نادىرە ئۆز قەلبىگە سىغمىغاندەك سىقىلىپ كەتتى، ئاپئاق بۇلۇتلار، ئاپئاق بۇلۇتتەك تۇرنىلار، تۇرنىلاردەك ئاق بۇلۇتلار كۆكتە ئىدى، بىپايان كۆكتە.

بىركۈنلەردە ئۇنىڭ كۆڭلى ئاسماندەك بولىدۇ، ئاسماندا ئاق قۇ ھەم ئاق قۇدەك بۇلۇتلار بولىدۇ. پاكلىق مەڭگۈلۈك نۇر.

نادىرە مۇرات بىلەن غايىبانە مۇڭدىشىۋاتقان ئۇزاق كېچىلەردە

سەردار دوختۇرمۇ ۋەھىمىلىك چۈشلەرنى كۆرۈپ قالدى. چولپانغا يېقىنلىشىۋاتقان شۇملۇق ھەققىدىكى پاراكەندە پىكىرلەر ئۇنىڭ كۆڭلىگە قارا ئىس بولۇپ يېپىلاتتى.

## 124

سەردار رەنانىڭ ئۆلۈك مەخزىدىكى قارا خالغا قارىماسلىقتا تىرىشقانسېرى يەنە قاراپ سالاتتى.
— سىز ئاجرىشىشنى ئويلىشىپ باقتىڭىزمۇ؟ — دېدى رەنا سىرلىق كۈلۈپ.
— ئاجرىشىش؟
سەردار چۆچۈپ كەتتى.
— مۇنداقلا سوراپ قويدۇم ... باشقا مەقسىتىم يوق، — دېدى رەنا كۈلۈمسىرەپ.
— ياق، مەن ئاجرىشىپ نېمە قىلاتتىم؟ مەن ئەزەلدىن بۇنداق ئويلاپ باقمىدىم.
— ئەرلەر قىزىق بولىدىكەن.
— قانداق قىزىق بولىدىكەن؟
— ئۆيدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىدىكەنسىلەر.
سەردار رەنانىڭ يوغان كۆكسىگە قاراپ سىلىپ، كۆزىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قاچتى، كاللىسىدا غەلىتە خىياللارنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى.
— ئۆيدىن ئايرىلىپ قېلىش ياخشى ئىش ئەمەس.
— ئەمەلىيەتتە ئەر، ئاياللار ھەممىيلەن ئۆيدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىدۇ، مەنمۇ دىلمۇراتتىن ئاجرىشىدىغاندا ھەقىقەتەن قورققان، ئەمما ئامال يوق، كۆڭلۈم يەنىلا بىر ئائىلىگە تارتىپ تۇرىدۇ.
سەردار رەنانىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كۈلۈمسىرىدى:



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— شۇ، ئائىلە بىر ئىنساننىڭ نورمال ياشىشىدىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە.

— توغرا دېدىڭىز، بىراق ئائىلىنىڭ قەدرىنى ھەممە ئادەم بىلىپ كەتمەيدۇ. قېيىنئاچامنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنى سىزگە دەپ بەردىم، كۆڭلۈم بەك پاراكەندە ... ئاكام ھېچ ئىشنى ئۇقمايدۇ ... بۇ ئايال يۈزىنى داپىنەك قىلىپ يۈرىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۇستەلدە ئولتۇرۇپ تاماق يەيمىز، ئاكام ئۇنىڭغا بەكلا ئامراق ... شۇنداق ياۋاش ئېرى بولغاندىكىن شۈكرى قىلسا نېمە بولار دەيمەن.

— بەلكىم سىز ئارتۇقچە گۇمان قىلىۋاتقانسىز.

— ئارتۇقچە ئەمەس، ئىشقىلىپ كۆڭلۈم چىۋىن يەۋالغاندەك غەش. ناۋادا ئۇنىڭ شۇنداق قىلىپ يۈرگىنى راست بولۇپ چىقسا ... قورقىمەن، شۇ ئىشلارنىڭ راست بولۇپ قېلىشىدىن قورقىمەن ...

— ئەمدى قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسىز؟

— بىلمىدىم، بۇنداق گەپنى بىركىمگە دېيىشمۇ تەس ئىكەن ... پەقەت سىزگىلا دېيەلەيمەن، مۇشۇ گەپلەرنى نېمىشقا سىزگە دېگىنىمنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسىز؟

— بەلكىم كۆڭلىڭىزنى يېقىن تۇتۇپ دەيدىغانسىز.

— سىزگە ئۆتكەندىمۇ بەزى گەپلەرنى دېدىم، ئەمما قارىسام كۆڭۈلشىمەيۋاتقاندەك قىلىسىز، دىلمۇرات چولپاننى قوغلىشىپ يۈرىدۇ، بۇرۇنمۇ شۇنداق ئىدى، ھازىرمۇ شۇنداق.

سەردار كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ رەناغا تىكىلىپلا قالدى.

— ئېھتىيات قىلىڭ، دىلمۇرات بىر بالا قازا ... ئۇ قورقۇنچلۇق ئادەم ... يەنە دېسەم ... ئائىلىڭىزدىكىلەردىن ھېزى بولۇڭ.

— ئائىلەمدىكىلەردىن؟

سەردارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ بىر قېشى ئۆستۈن، بىر قېشى ئاستىن بولۇپ قالدى.

— باشقىچە ئويلىماڭ، دېمەكچى بولغىنىم ھەممىلەن سەزگۈر بولمىساق بولمايدۇ.

سەردار بىرنىمىدىن چۆچۈگەندەك رەناغا تىكىلىپ قاراپ قالدى، رەنانىڭ ئوڭ مەڭزىدىكى قارا مەڭ ئۇنىڭغا ناھايىتى نۇرغۇن ئىشلارنى دەپ بەرمەكچىدەك، ئەمما دېيىشكە پېتىنالمايدىغاندەك قىلاتتى.

— سىز بىرەر ئىشنى بىلەمسىز نېمە؟

— قانداق ئىشنى دەيسىز؟

— مەسىلەن، ماڭا ئالاقىدار ... سىز ئىلگىرىمۇ ماڭا مۇشۇنداقراق بىر گەپنى قىلغان، سىز بىلىدىغان، مەن بىلمەيدىغان، ئەمما ماڭا يامانلىق ئەكىلىدىغان بىر ئىش بارمۇ نېمە؟

رەنا لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ قالدى، كۆزلىرى غەلىتە چاقناپ كەتتى.

— سىزگە ئالاقىدار ئىشنى بايا دېدىم، ئەڭ قورقۇنچلۇق يېرىنى ئەمدى دەي، دىلمۇرات ھازىر ئەيدىز بىمارى، بىراق ئۇ بۇنى بىلمەسلىكى مۇمكىن، ئۇ چولپاننى قوغلىشىۋاتىدۇ، چولپاننىڭ ئىنىسى مۇراتنىڭ ساۋاقدىشى نادىرە دېگەن قىز دىلمۇراتنىڭ ئاشنىسى، دېمەك ئەيدىز ... بۇ بالا قازا ھازىر چولپاننىڭ يېنىدا ئەگىپ يۈرىدۇ، بۇ دېگەنلىك سىزگىمۇ يېقىن دېگەندىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ گەپلەرنى سىزگە دېمەي دېگەن ... بىراق دېمىسەم بولمايدىكەن، يەنە مېنىڭ ئاكاممۇ بار ...

رەنانىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى.

سەردارنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى. مۇز رەڭلىك بىر تۈيغۇ تاپىنىدىن چوققىسىغا تارالدى.

— توۋا ... ما ئىشنى.

— ئەلۋەتتە ... چولپان ئىشەنچلىك، مەن ئۇنى بىلىمەن، ئۇ مېنىڭچە دىلمۇراتقا كۆز قىرىنى سالمايدۇ، شۇنداقتىمۇ ئېھتىيات قىلىماڭ.

سەردارنىڭ بېشى قايدى، قارا نۇرلار باش ئۈستىدە ئايلىنىپ يۆرگەندەك ئىدى. ئۇ رەنانىڭ ئەقىللىق كۆزلىرىگە قارىغىنىچە جىمىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

ئاڭلىغانلىرىنى چولپانغا دېيىش ـ دېمەسلىكنى بىلەلمىدى، بۇنداق گەپنى چولپانغا قانداق دېگىلى بولىدۇ؟ دېسە چولپان قانداق ئويلاپ قالىدۇ؟ ...

سەردار چىگىش ئويلار ئىچىدە گاڭگىراپ قالغان دەمدە، گۇلنىگارمۇ ئۆزى ھەققىدە، ئۆزىنىڭ بوگۇنى، ئەتىسى ھەققىدە ئاچچىق خىياللارغا پاتقانىدى.

سەردار دېرىزىدىن شەھەرنىڭ ئېگىز بىنالىرىغا، تار يوللىرىغا، ئادەملەر توختىماي قىمىرلىشىپ يۈرگەن كوچىلىرىغا نەزەر سالدى، شەھەر ئۇنىڭ كۆزىگە بەكلا غەلىتە ھەم سىرلىق كۆرۈندى. سەردار كۆزىگە سىرلىق كۆرۈنگەن مۇشۇ شەھەردە شەرىپە ئىسىملىك ئاق قۇدەك بىر قىزنىڭ بارلىقىنى، بۇ قىزنىڭ كۆڭلىگە لىققىدە تولۇپ كەتكەن ۋايىملىق تۇيغۇلاردىن يۈرىكى سىقىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

## 125

شەرىپە رەيھانغا تېلېفون قىلدى، ئۇ ناھايىتى جىددىيلىشىپ كەتكەچكە، ھە دېگەندە تېلېفون نومۇرىنى خاتا بېسىپ قالاتتى.

دەرەخلەر جىمجىت ئىدى. دەرەختىكى قۇشلار، يەنە يوپۇرماقلار ئۇخلاپ قالغاندەك ئىدى. قۇشلارنىڭ يۈرەك سېلىشىنى ئاڭلىغان يوپۇرماقلار رىۋايەتكە ئايلىنىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى.

— رەيھان ئاپا.

— تىچلىقمۇ، شەرىپە؟

— مەن قورقۇۋاتىمەن.

— نېمە بولدى، قىزىم؟ نېمىدىن قورقتىڭىز؟
رەيھان شەرىپەگە ئامراقلىق قىلىپ قىزىم دەپ ئاتايتتى.
— مەن ... توكۇر بولۇپ قالغۇدەكمەن.
— نېمە دېدىڭىز؟
— مېنى توكۇر بولۇپ قالىسىز دېدى.
— كىم؟ كىم دېدى سىزگە بۇ گەپنى؟
— ھېلىقى ... ھېلىقى موللام شۇنداق دېدى.
— قايسى موللام؟ گۈلپىيەگە ئوقۇغان موللامنى دەمسىز؟ ...
ئۇ يوقالغىلى خېلى بولدىغۇ؟
— ئۇ ماڭا تېلېفون قىپتىكەن.
— تېلېفون قىپتىكەن؟!
تېلېفوندىن رەيھاننىڭ جىددىي تىنىقلىرى ئاڭلاندى.
— سىز نەدە، شەرىپە؟
— مەن ئۆيدە.
— قېشىمغا كېلىڭ، ئايرىم سۆزلىشەيلى.
— مەن تالاغا چىقىشتىن قورقىمەن، رەيھان ئاپا.
— ئۆيدىكىلەرچۇ؟
— ئۇلار سىرتقا چىقىپ كەتكەن.
— ئەمىسە مەن قېشىڭىزغا باراي.
يامغۇرلۇق ھاۋا رەيھاننىڭ يۈزلىرىگە ئۇرۇلاتتى، بىردە ئىسسىقتەك، بىردە سالقىندەك، بۇلۇتلۇق ئاسمان رەيھاننىڭ ئەلەملىك خىياللىرىنى تېخىمۇ ئاۋۇتىۋەتكەندەك قىلاتتى، ئۇ كېتىۋېتىپ رازىيەنى، گۈلپىيەنى يادىغا ئالدى، ھېلىقى موللامنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى، ئاچىسىنىڭ موللىنىڭ قولىنى تۇتۇۋېتىپ: «مەن يولۋاسنىڭ قولىنى تۇتۇۋاتىمەن ... » دېگەنلىرى ئېسىدىن كەچتى ... نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ؟ ھازىر قايسى زامان؟ مۇشۇ كۈنلەردىمۇ كېسەلنى داخانىغا ئوقۇتۇپ شىپالىق تىلەشنىڭ، بىر ئالدامچىنى ئەۋلىيا دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى قانداق ئەقىلغە

سىغىدۇ؟ ... رازىيەگە نېمە تەسىر قىلغان بولغىيدى؟ ... نېمىشقا مۇشۇنداق بولىدۇ؟ ... ئۆيدە تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ، كومپيۇتېر دېگەندەك زامانىۋى نەرسىلەر تولۇق بولغان ئائىلىلەرنىڭ كالىلىرىدا يەنە نېمىشقا مۇشۇنداق بەدەۋلىكلەر بولىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

ئۇ ھېچقانداق سوئالغا جاۋاب بېرەلمەيدىغاندەك قىلاتتى، ئۆزىنىڭ سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بېرەلمەيدىغان ئىشلار دائىم بولۇپ تۇرىدۇ.

— قېنى ئەمدى دەڭا، قىزىم، — دېدى رەيھان ئىشىكتىن كىرىپلا.

تېز ماڭغانلىقىدىنمۇ ياكى جىددىيلەشكىنىدىنمۇ ھاسىراپ تۇراتتى.

— ھېلىقى موللام ماڭا تېلېفون قىلدى، رەيھان ئاپا ... ئۇ ماڭا سىزنىڭ ئىچىڭىزدە جىن بار ئىكەن، جىن بەك كۈچىيىپ كېتىپتۇ، دەيدۇ.

— قورقماڭ قىزىم، ئۇ گۇلپىيەگىمۇ شۇنداق دېگەن، ئۇ دېگەن ئالدامچى، ھېچنېمە بولمايدۇ، ئەنسىرىمەڭ.

— مەن بەك قورقتۇم، ئۇنىڭ دېيىشىچە، مەن دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا بېرىشىم كېرەك ئىكەن، بولمىسا توكۇر بولۇپ قالغۇدەكمەن ... مېنىڭ ئىچىمدىكى جىن بىر پۇتى چىرىپ كەتكەن توكۇر جىن ئىكەن ... راستىلا توكۇر بولۇپ قالسام قانداق قىلارمەن؟

رەيھان شەرىپەنىڭ تاتىرىپ قان دىدارى قالمىغان يۈزىگە ئەنسىز تىكىلدى.

— توۋا قىلدىم ... بۇ ئىش نەدىن چىقتى ئەمدى؟ ... ھەممىيلەن سارالڭ بولۇپ قالدىمۇ نېمە ... شەرىپە، سىز ئوقۇغان ئادەم، ئوقۇغان ئادەمدەك گەپ قىلىڭ ... نەچچە يىل مەكتەپ تەربىيەسى كۆرگەن ئادەممۇ مۇشۇنداق پەلپەتىش گەپلەرگە ئىشەندىڭىزما؟ بىز قانداق ئادەم بولۇپ قالدۇق ئەمدى؟ نېمىشقا ھەممىيلەن جىندىن قورقىمىز؟ ... ماۋۇ قايسى زامان؟ قايسى

جاھان؟ مۇشۇمۇ گەپمۇ، سىز ئۇنىڭغا نېمە دېدىڭىز؟

— مەن ... مەن قورقۇپ ...

— قانداق ئويلىدىڭىز؟

— بىلمىدىم ... قورقۇپ تۇرىۋاتىمەن.

— قورقمەن دەڭ.

شەرىپە لېۋىنى چىشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن ئىدى.

— بىر تۇرۇپ بارايمىكى دەپ ئويلىدىم.

— بارايمىكى؟ نەگە ... نەگە بارايمىكى دېدىڭىز؟

— ھېلىقى موللامنىڭ قېشىغا، دادام بىلەن ئانامغا دەيمىكى دەپ دېيەلمىدىم، ئۇ موللام ئاتا ـ ئانىڭىزغا دېمەڭ، دەپلا قالسىڭىز ئىچىڭىزدىكى جىن ئاپىتىنى يا دادىڭىزغا، يا ئانىڭىزغا سالىدۇ، ئۇلار ساراڭ بولۇپ قالىدۇ دېدى ... شۇڭا ...

— توۋا ... توۋا دەڭ، شەرىپە ... ئۆزىڭىز شۇنداق ئەقىللىق تۇرۇپ يەنە شۇ گەپلەرنى دەۋاتىسىزغۇ، سىزنىڭ نەچچە يىللاپ مەكتەپتە ئالغان تەربىيەڭىز ئاشۇ بىر ئالدامچى موللىنىڭ ئىككى ئېغىز تەھدىتىدىگە دال بولمىسا بۇ قانداق بولغان ئىش ئەمدى؟ ... نېمە بولۇپ مۇشۇنداق ئويلاپ قالغانسىز؟ ... گۇلپىيەغۇ يا ئوقۇغۇچىنى يا سارالىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىر نېمىگە ئوخشاپ قالدى، ئەمدى سىز قوپۇپ بۇ گەپلەرنى دېسىڭىز ... بىزگە نېمە بالا تەگدى زادى؟

رەيھان چىرايلىق لەۋلىرىنى چىشلەپ ئولتۇرغان شەرىپەگە ئاچچىق بىلەن قاراپ تۇراتتى.

— قاچان تېلېفون قىپتۇ ئۇ جىنكەش؟

— ئۈلۈشكۈن ...

— بىچارە بالام ...— رەيھان شەرىپەنى يېنىك قۇچاقلىدى ...— نادانلىق قىلماڭ، بالام ... بالا ـ قازا دېگەن مۇشۇنداق تەتۈرلۈك بار يەردىن چىقىدۇ ... نادانلىق قىلماڭ.

— مەن شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇخلىيالمىدىم، رەيھان ئاپا،

قاچان توكۇر بولۇپ قالارمەن دەپ غەمدە قالدىم، بىر پۈتى يوق توكۇر جىن خىيالىمدىن چىقمايدىغان بولۇۋالدى.

— جىن؟

— ھەئە ... جىن.

— جىن دەڭ، جىن دېگەن قانداق بولىدىكەن؟ — دېدى رەيھان شەرىپەنىڭ تاتارغان چىرايىغا تىكىلىپ.

— سۈنئۆكۆكنىڭ كىنوسىدىكى جىنغا ئوخشامدىكى دەپ ئويلىدىم، يەنە ئىسكىلىتقىمۇ ئوخشايدۇ، بەك قورقۇنچلۇق.

شەرىپەنىڭ قىزارغان كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولدى.

— ئەمدى قانداق قىلاي دەيسىز، بالام؟

— سىز يول كۆرسىتىڭ، رەيھان ئاپا، سىز بىلەن كۆرۈشەي دېگەن، دادام بىلەن ئانامغا دېسەم ئۇلارنىڭ ساراڭ بولۇپ قېلىشىدىن قورقىمەن.

— قىزىم، سىز قورقىماڭ، ھەرگىز قورقماڭ، جاھاندىكى جىمى خاپىلىق قورقمايدىغان ئىشتىن قورقۇشتىن، قورقىدىغان ئىشتىن قورقماسلىقتىن كېلىدۇ، كۆڭلىڭىزدىكى قورقۇنچنى چىقىرىۋېتىڭ، تېلېفوننى ئەكىلىڭ، مەن ئۇ ئالدامچى ھايۋاننىڭ ئانا ـ مانىسىنى كۆزىگە كۆرسىتىمەن.

— رەيھان ئاپا، مەن قورقىمەن، موللام قارغىۋەتسە سىزگە يامان بولىدۇ؟

— تېلېفوننى ئەكىلىڭ، نومۇرى قايسى ئۇنىڭ؟ ... مەن ئەتىگەندىن بېرى ئويلاپ قالدىم سىزگە ... ئۇنداق ئالدامچىلارنىڭ قارغىشىنى پوقۇم ھېساب ... قېنى نومۇرىنى تاپتىڭىزمۇ؟ ... گۈلپىيەگە ئىچىم ئاغرىپ بولالماي قالسام ئەمدى سىزگە كەلدىمۇ بۇ شۇملۇق.

شەرىپە تىترىگەن قوللىرى بىلەن تېلېفوننى رەيھانغا ئۇزاتتى، تېلېفوندىن مۇڭلۇق ئېيتىلغان ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئەزان ئاۋازىنىمۇ مۇشۇ ھايۋانلار بۇزۇپ بولدى ... ھەممە ئۇلۇغ نەرسىلەر پەسلەرنىڭ قولىدا ۋەيران بولۇۋاتىدۇ زادى ...

رەيھاننىڭ ئاچچىقتىن تىنىقى ئۇلاشمايۋاتاتتى. ھايالشىماي قارشى تەرەپ تېلېفوننى ئالدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، شەرىپە ... قانداق تۇرىۋاتىسىز؟ پۇتىڭىز ئاغرىشقا باشلاپتۇ - دە ... دەرھال يېنىمغا كېلىڭ ... تېز كېلىڭ.

رەيھان يەرگە تېپىپ ئاچچىق بىلەن ۋارقىرىدى:

— ھەي ھايۋان، پەس چوشقا، ئەركەك بولغاندىكىن ھالال ئىشلەپ يېسەڭ بولمامدۇ، يا بولمىسا تىلەپ يېسەڭ بولمامدۇ قەلەندەرچىلىك قىلىپ ... ھۇ پەس چوشقا ... ئىپىست، خۇدانىڭ ساڭا بەرگەن ئىلمىگە، پۇت - قولۇڭغا ئىپىست، بۇنداق ئالدامچىلىق قىلغۇچە، خۇدانىڭ ئىلمىگە داغ چۈشۈرۈپ قويمىچىلىق قىلغۇچە ئۆزۈڭنى ساتساڭ بولمامدۇ ھايۋان ... بىرسىنى نابۇت قىلدىڭ، ئەمدى يەنە بىرىگە قول سوزماقچى بولۇۋاتامسەن، مۇشۇ كىچىككىنە قىزنى ئالداپ كىرەكتىن چىقىراي دەمسەن؟ خۇدا جاجاڭنى بەرسۇن سەن ھايۋاننىڭ، يەنە مۇشۇنداق قىلىدىغان بولساڭ ساقچىلارغا مەلۇم قىلىپ، ئىككى پۇتۇڭنى بىر ئۆتۈككە تىقىمەن، مېنى ئۇنداق قىلمايدۇ دەپ ئويلاپ قالما، مەن سېنىڭ ھەممە ئىشلىرىڭنى بىلىمەن، دەل ۋاقتىدا ساقچىغا تۇتۇپ بەرمىگەن گۇناھ مەندە ... يەنە دەي، مەن ھەممە ئىشلىرىڭنى بىلىمەن ... مۇشۇ مەھەللىدە كىملەرنى قانداق ئالدىغىنىڭنى، قانداق ئۇسۇل بىلەن خەقتىن پۇل ئۈندۈرىۋالغىنىڭنى بىلىمەن، قېچىپ كەتسەم مېنى تاپالمايدۇ دەپ ئويلاپ قالما.

رەيھان ھاسىراپ كېتىۋاتاتتى، غەزەپتىن، ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ، تېلېفوندا بارات موللامنى تىللىغىنىچە ئۆيدە ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭاتتى.

— بۇ ... بۇنداق دېيىشىپ كەتمەيلى ... — دېدى قارشى تەرەپ، — ساقچىغا دېيمەن دېيىشكىنىڭىز ھاجىتى يوق، مەن ئۇنداق قىلمىسام بولمىدىمۇ.

— كونا كۆرەي دېسەڭ ئىككىنچى ئۇنداق قىلغۇچى بولما،
گۈلپىيەگىمۇ يېقىن يولما، شەرىپەنى ئاغزىڭغا ئالغۇچى بولما،
يەنە شۇنداق قىلىدىغان بولساڭ، مېنىڭ قولۇمدىن ھەر بالا
كېلىدۇ، ياخشى كۆن كۆرمەيسەن.
شەرىپە تۇگۈلۈپ قالغانىدى، ئۇنىڭ چىرايى ئۆمسە تۇراتتى.
رەيھان شەرىپەنىڭ تۇرقىغا قاراپ ئادەم دېگەننىڭ روھىنىڭ
بەزىدە بەكلا ئاجىزلاپ كېتىدىغانلىقىنى، ھە دېگەندە
قاراڭغۇلۇقتا پېتىپ كېتىشكە ئاران تۇرىدىغانلىقىنى ھېس
قىلىپ قالدى.
— ھەرگىز قورقماڭ، شەرىپە، يۈرۈڭ، بازار ئايلىنىمىز،
چىرايلىق كىيىملەرنى ئېلىپ بېرىمەن، بايىقى ھايۋاندىن يەنە
تېلېفون كەلسە دەرھال ماڭا دەڭ ... توۋا قىلدىم، نېمە ئىشلار
بولۇۋاتىدۇ؟ نېمانداق ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش بۇ ... مۇشۇ
زاماندىمۇ مۇشۇنداق ئىشلار بولسا بۇنى نېمە دېگۈلۈك؟
رەيھان شەرىپەنى بىر ھەپتە يېنىدىن ئايرىمىدى، شەرىپەنىڭ
قورقۇنچلىرى ئاستا ـ ئاستا يوقالدى، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ
يۈرىكىدە قىل سۆرىگەندەك بىر كۆلرەڭ ئىز قالغانلىقىنى ھېس
قىلغىلى بولاتتى. ئۇماققىنە شەرىپە نۇرغۇن ئىشلارنى بىلمەيدۇ،
ئۇنىڭ نەزەرىدىكى دۇنيا يورۇق ھەم سېھىرلىك دۇنيا ئىدى، ئۇ
ئەتراپىدىكى نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ تەقدىر ـقىسمەتلىرىنى
بىلمەيتتى، شەرىپە ئۆزى بىلەن بىللە مۇشۇ شەھەردە ياشاۋاتقان
نادىرە ئىسىملىك بىر قىزنىڭ بارلىقىنى، نادىرەنىڭ «HIV»
دېگەن ھەرپلەردىن، ھالقىلاپ چىگىلگەن قىزىل لېنتىدىن بەكلا
قورقىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇ يەنە نادىرەنىڭ مېنىڭ مۇشۇ
يولغا كىرىپ قېلىشىمنىڭ سەۋەبى نېمە دەپ ئۆزىگە سوئال
قويىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. نادىرەنىڭ دىلمۇراتنىڭ رەزىللىكىدىن
بولدى، مۇرات ئۇچۇن شۇنداق قىلدىم، دادامنىڭ تۇرمىگە كىرىپ
قېلىشىدىن مۇشۇنداق بولدى، دېگەندەك بىرمۇنچە سەۋەبلەر
ھەققىدە ئويلانغانلىقىنى، ئاخىرىدا ھەممىسى بىخەستەلىكىمدىن،

دۆتلۇكۇمدىن، دۇنيانى بەكلا ئاددىي ھەم توغرا دەپ ئويلاپ قالغانلىقىمدىن بولدى، دېگەن يەكۇنگە كەلگەنلىكىنى بىلمەيدۇ. شەرىپەمۇ سەللا دىققەت قىلمىغان بولسا ئۇنىڭ روھىمۇ ئەيدىزدىنمۇ ئۆتە خەتەرلىك كېسەل بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەن بولاتتى ... ئەيدىز تەنگە چاپلىشىدىغان ئالۋاستى، ئەيدىز ھەققىدىكى تىرىشچانلىقلار ناھايىتى نۇرغۇن، ئەمدى روھقا چاپلىشىدىغان ئالۋاستى ھەققىدە، روھنىڭ ئەيدىزى توغرىسىدىمۇ كېچىكمەي ئويلىنىش زۆرۈر ئىدى.

## 126

نادىرە ئۆزىنى تارچۇقتا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ قالدى، بۇ تارچۇق ئۇنىڭ روھىنى مەھكەم قارماپ تۇرغان ۋۇجۇدى بولۇشى مۇمكىن ئىدى، بەلكىم يۈرىكىنى ئوراپ تۇرىدىغان سوغۇق ھەم كۆكۈم قاراڭغۇسى تولغان روھى بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئۇنداق دېگىلىمۇ بولماسلىقى مۇمكىن ... ئىشقىلىپ نېمە بولسا بىر نېمە ... يۈرىكىنى مەھكەم قىسىپ، ماتاپ چىقىپ كەتكىلى قويمايدۇ.

— دىلمۇرات، سىز نەدە؟

— ئىشخانىدا گۈلۈم، سىز نەدە؟

— يېنىڭىزغا بارای دېگەن.

— ناھايىتى ياخشى، نەدە ساقلايمەن؟

— ئالدىنقى قېتىم كۆرۈشكەن ياتاقتا بولسۇن.

— خوپ.

نادىرەنىڭ كۆزىگە ھەممە نەرسە غەلىتە كۆرۈندى، ھەممە نەرسە غەلىتە بىلىندى، دىلمۇراتقا تېلېفون بەرگەن، ئۇنىڭ يېنىغا ماڭغان ئادەم ئۆزى بولماي باشقا بىرسىدەك، باشقا بىر نادىرە قىلىۋاتقان مۇشۇ ئىشلار بىلەن ئۆزىنىڭ پەقەت ئالاقىسى يوقتەك تۇيغۇدا بولۇپ قالغانىدى. تاكسى رادىيوسىدىن سەنەۋەر

تۇرسۇننىڭ «خېتىنىڭ كەلدى ئۆزۈڭ كەلمىدىڭ» دېگەن ناخشىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، نادىرە سوزۇلۇپ تۇرغان ۋاقىت، ئىسسىق قۇياش نۇرى، دەرەخلەرنىڭ شادىمان يوپۇرماقلىرى، سىمتاناپ تۇۋرۇكلەردىكى تۇيغۇسىز مەغرۇرلۇق، ھاسىغا تايىنىپ كېتىۋاتقان بوۋاي، كۆزەينەك تاقاپ كېتىۋاتقان چوكان ... شۇ دەمدە كۆرۈۋاتقان مۇشۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يالغاندەك، راست بولغاندىمۇ مەنىسىزدەك تۇيۇلدى. قارا كۆزەينەك تاقاپ كېتىۋاتقان قىزغا قاراپ نادىرەنىڭ كۆزىگە ياش كەلدى، شۇ كۈنى ... مۇراتنى سوقۇۋەتكەن ماشىنا دۇنيادا نادىرەگە تەۋە بارلىق خۇشاللىقنى يانچىپ ۋەيران قىلىۋەتكەن كۈنى مۇرات ئۇنىڭغا كۆزەينەك ئېلىپ بەرگەنىدى. شۇ كۈنى نادىرە ئون سەككىز ياشقا كىرگەنىدى. شۇ كۈنى يامغۇر ياغقان، سىم - سىم يامغۇر، شۇ قەدەر يېقىملىق، لەزىز ... يامغۇر ياغقان، قار ياغقان كۈنلەردە بەزى ئادەملەرنىڭ تەقدىرى - قىسمىتىدە ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ.

— ھەممە ئىش ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، نادىرە ... قاراپ تۇر، مەن ساقىيىپ كېتىمەن، ساقايغان ھامان سېنى ئالىمىسام ھېساب ئەمەس.

مۇراتنىڭ كۈلكىسى شۇنداق يېقىملىق، مۇراتنىڭ يۈرىكىدىن چىققان كۈلكە نادىرەگە باھار شامىلىدەك يېقىملىق تەسىر بەردى. ئۇنىڭ خىيالىدىكى تاتلىق سېزىم، تاتلىق ئەسلىمە يىراقلارغا كەتتى. ناھايىتى يامان بىر نەرسە، بەلكىم رەڭگى قىزىل ياكى قارا بولسا كېرەك ... بىر نەرسە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا، روھىغا سىڭىشىپ ھاياتىغا ۋەھشىي تىرناقلىرىنى پاتۇرىۋاتاتتى.

«HIV» ئۈچ ھەرپتىن تۈزۈلگەن بۇ ئېنىگىلىزچە خەت ۋەھشىي بىر تۇيغۇ بىلەن نادىرەنىڭ يۈرىكىگە شۇۋۇلداپ كىرىپ تۇراتتى. بۇ نەرسە ئۇنىڭ كەلگۈسىنى، ئۆتمۈشىنى، كۈلكىسى ھەم يىغىسىنى قۇرۇغان غازاڭغا ئايلاندۇرۇپ قويغاندەك قىلاتتى. تۈكۈرۈككە، ئېلىنىۋەتكەن تىرناققا ئايلاندۇرۇپ قويغاندەك ئىدى.

— سىز مېنى تۇگەشتۈردىڭىز ... سىز ئادەم ئەمەس ئىكەنسىز.
دىلمۇراتنىڭ يىغىدىن قىزارغان كۆزلىرى قىتىپ قالغانىدى.
— تەكشۈرۈش نەتىجىسى راستمۇ، نادىرە؟
دىلمۇرات بۇ سوئالنى كەم دېگەندە مىڭ قېتىم سورىغاندۇ. ھەر قېتىم نادىرە بىلەن كۆرۈشكەندە شۇ سوئالنى تەكرارلايتتى. نادىرەنىڭ ئاغزىدىن ئوخشىمىغان جاۋاب چىقىپ قېلىشىنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلاتتى.
— راست ... مەن نەچچە قېتىم تەكشۈرتتۇم، بۇنى سىزگە بەك جىق دەپ كەتتىم.
— مۇمكىن ئەمەس.
— ھەممىنى كۆردىڭىز، نېمىشقا ئىشەنمەيسىز؟ كۆرگەنلىرىم يالغان دەپ ئويلامسىز؟
— يالغان چىقىپ قالغان بولسا بىز قايتا تۇغۇلغاندەك بولاتتۇق.
دىلمۇراتنىڭ كۆزىگە ياش كەلدى. ئۇ ئۆزىنى، مەن جاھاندىكى ئەڭ رەزىل ئىشلارنى كۆزۈمنى مىت قىلماي قىلالايمەن، ئەڭ ياخشى ئىشلارنى مىننەتسىز قىلالايمەن، دەپ مەغرۇرلىنىدىغان دىلمۇراتنىڭ قەلبىدىكى ھەم ۋۇجۇدىدىكى نۇرغۇن نەرسىلەر خارابىگە ئايلىنىپ كەتكەندەك قىلاتتى.
نادىرە بىلەن دىلمۇرات ئەيدىز ھەققىدە پاراڭلاشقاندا، تۈنۈگۈنكى دىلمۇرات بۈگۈن يوق ئىدى، دىلمۇرات بىر كۈنى ھېچ نەرسىنى پەرۋايىغا ئالمايدىغان تەرزدە ئۆزىنى بىمالال تۇتاتتى. بىر كۈنى ئۆلۈم قۇچىقىغا كىرگىنىگە تولۇق ئىشەنگەن ئادەمدەك بەكلا بىچارە بولۇپ كېتەتتى.
— سىز بۇ كېسەلنى ... — دىلمۇرات تەمە بىلەن نادىرەگە قارىدى، ئۇ نادىرەنىڭ بۇ كېسەلنى باشقا بىر يەردىن يۇقتۇرۇۋالغان بولۇشىنى، ئۆزىنىڭ نادىرەدىن يۇقتۇرۇۋالغان

بولۇپ چىقىشىنى تەمە قىلاتتى. نادىرە بىلەن ئۆزى ئارىسىدىكى بۇ قورقۇنچلۇق كىسەلنىڭ پەيدا بولۇشىدا ئۆزىنىڭ بىرىنچى بولۇپ كىسەل يۇقتۇرغۇچى بولماي قېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

— ھەممىنى بىلىسىز، سىزدىن باشقا ھېچكىم بىلەن ئۇنداق ئىش قىلىپ باقمىغانمەن ... يەنە تېخى مەندىن گۇمانلىنىۋاتامسىز؟ ... راست گەپنى دەڭ، سىز زادى نېمە بولۇپ مۇشۇ ئىپلاس كېسەلنى يۇقتۇرۇۋالغان؟

نادىرەنىڭ كۆز ياشلىرى قۇرۇغاندەك، يىغلاشنى ئەھمىيەتسىز دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالغاندەك ئىدى. ئۇ پەقەت مۇراتنى سېغىنغاندا، مۇراتنى كۆرگەندە، مۇراتنىڭ مۇلايىم، لىققىدە مېھىرگە تولغان كۆزلىرى ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تىكىلگەندە يىغلايتتى، شۇنداق چاغلاردا كۆز ياشلىرى تارام - تارام بولۇپ تۆكۈلەتتى.

— مېنىڭ ئەتراپىمدىكى ئاياللار ئاز ئەمەس، مەن تىجارەت بىلەن نۇرغۇن يەرلەردە يۈرگەن، نادىرە ... نۇرغۇن ئىشلار بولغان ... بىلىپ - بىلمەي قىلغان ئىشلار ئاز ئەمەس ... مەندە ئەسلى بۇنداق كېسەل يوق ئىدى ... ئەمما بۇ قېتىم ... شۇنداق چىقىپ قالدى، مەن تەكشۈرۈش قەغىزىدىكى دىلمۇرات دېگەن ئىسمىنىڭ باشقا ئىسىم بولۇپ قېلىشىنى، تەكشۈرۈش قەغىزىگە خاتا يېزىلغان بولۇپ چىقىشىنى شۇنداق ئارزۇ قىلدىم.

— پەسكەش ...

— بۇنداق دېمەڭ ... ناۋادا مەن ئۆزۈمنىڭ مۇشۇ ھالدا ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسام سىزگە ھەرگىز يېقىنلاشمايتتىم ... مەن گۇناھكار، مېنى كەچۈرۈڭ، نادىرە، مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن؟ ... مەن بىر چۈش كۆردۈم.

— نېمە چۈش؟

— مېنى ماشىنا سوقۇپ ئۆلتۈرىۋەتتى، يەنە بىر تۇرۇپ ئۇنى پويىز ياكى ئايروپىلان بولۇشىمۇ مۇمكىن، دەپ ئويلايمەن، ئىشقىلىپ مەن شۇنداق بىر نېمىگە سوقۇلۇپ ئۆلدۈم.

دىلمۇراتنىڭ ئېچىنىشلىق يىغىسى نادىرەگە يالغاندەك بىلىنمىدى، ئۇ بېشىنىڭ قېيىۋاتقانلىقىنى، كۆز ئالدىنىڭ قاراڭغۇلاشقانلىقىنى سەزدى، ئۇ پۇت ـ قولىدا جان يوق ھالدا ئاستا بېرىپ كارىۋاتتا ئولتۇردى.

— نۇرغۇن ئادەملەر ئايروپىلان ۋەقەسىدە ياكى ماشىنا ۋەقەسىدە ئۆلىدىكەن ... — دېدى دىلمۇرات زەئىپ ئاۋازدا.

دىلمۇراتنىڭ ئۆمۈچۈك تورىدەك غېرىبلىق لەيلەپ يۈرگەن كۆزىگە قارىغان نادىرە قىزلارغا خاس نازۇك تۇيغۇسى بىلەن ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتتى.

دىلمۇرات ئۇشتۇمتۇت ۋەقەدە ئۆلۈپ كېتىشنى ئىزدەيدىغان بولۇپ قالسا كېرەك.

نادىرەنىڭ پىكىرلىرى چېچىلىپ كەتتى.

ماشىنا رادىيوسىدىن ئاڭلىنىۋاتقان ناخشا تۈگىدى، تاكسى شوپۇرى كەم سۆز بالا ئىدى. ئەيدىز ... مۇشۇ نەرسىنىڭ ئالدىدا بىر ئىنسانغا نىسبەتەن ھاياتنىڭ جىمى گۈزەللىكى ھەم دۇنيانىڭ قىممىتى بىر تىيىن بولاتتى، نادىرەگە دۇنيا بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغاندەك بىلىندى. شۇنداقتىمۇ نادىرەنىڭ بۇ دۇنيادىن كەتكۈسى يوق، كەت دېسىمۇ كېچەلمەيدۇ، دۇنيانىڭ مېھرى ھەم سۆيگۈسى ئالدىدا ھەممە نەرسە باش ئېگىدۇ.

رادىيودىن ئارمان، ئىخلاس قۇۋۋەت تالقانلىرىنىڭ ئېلانلىرى بېرىلدى، ئارقىدىن يەلتاشما، قىچىشقاقنىڭ ئېلانلىرى ئاڭلىتىلدى، كۆنەلەرنىڭ بىرىدە ئەيدىزنىڭ داۋاسى چىققانلىقى، ئەيدىز بىمارلىرىغا ئۈمىد ئېلىپ كېلىدىغان، بۇ كېسەلنى تۈپ يىلتىزىدىن ساقايتىدىغان شىپالىق دورىنىڭ ئېلانى بېرىلىپ قالسا ھە ... كۆنەلەرنىڭ بىرىدە شۇنداق ئېلانلارمۇ بېرىلىدۇ، بىر نەرسىگە ئىشەنمەي بولمايدۇ، ھايات بارلىق پەسكەشلىك ھەم رەزىللىكلەردىن، ھاياتنى گۆرگە سۆرەيدىغان ۋەھىمىلەردىن غالىب كېلىدۇ.

نادىرە مۇراتنىڭ ھېلىقى گېپىنى ئەسلىدى، ئوغۇزسۇ دېگەن

شىركەت ئەيدىزنىڭ دورىسىنى ياسىغانلىقىنى ئېلان قىلغانىمىش، بۇ بەلكىم ئالدىنى ئالىدىغان ياكى تىزگىنلەيدىغان دورىدۇ، شۇنداق بولسىمۇ مەيلى، شۇنداق بولمىغاندىمۇ بۇنىڭدا چوغدەك بىر ئۈمىدنىڭ شەپىسى بار. مەن ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشىمەن ... مۇرات شۇنداق دېگەن.

رادىيودىن ھەيۋەتلىك ناخشا، رىياسەتچىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلىناتتى، ھەيۋەتلىك ئاۋاز، يېقىملىق ئاۋاز ... تاكسىچى بالا ئەيدىزنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىسە كېرەك، ئۇ ساقلىنى ئالمىغىلى نەچچە كۈن بولغاندەك ئىدى، مۇلايىم ھەم غېرىبانە كۆزلىرىدىن نەچچە كۈن سۆزلىسىمۇ تۈگىمەيدىغان دەردى باردەك كۆرۈنەتتى. دەردىمۇ يوقىلىدۇ، خۇشاللىقىمۇ يوقىلىدۇ، بۇ جاھاندا ھەممە نەرسە ئۆتۈپ كېتىدۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قالتىس بىر مۆجىزە يۈز بېرىپ نادىرەنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھېلىقى قورقۇنچلۇق نەرسىمۇ يوقىلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ گۈزەل ھەم نازۇك تېنىگە ئالۋاستى كەبى، بىرسى ئىككى بولۇپ، ئىككىسى تۆت بولۇپ كۆچۈپ كىرگەن بۇ نەرسە يوقىلىشى مۇمكىن. پەقەت يوقالمىسا نادىرە يوقىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ نەرسىمۇ تەڭ يوقىلىدۇ، نادىرە ئەڭ ئاخىرى شۇ نەرسە بىلەن بىللە يوقىلىش قارارىغا كېلىپ قالىدىغاندەكمۇ قىلىدۇ، ناۋادا شۇنداق قارارغا كېلىپ قالسا قورقۇپ كېتىشى مۇمكىن، ئاندىن ئۆزىنىڭ بۇ قارارىنى ئۆزىدىن يىراق قىلىشقا، بۇ قارارىنى كۆڭلىنىڭ ئۆزى كۆرەلمەيدىغان، ئاسان يادىغا يەتمەيدىغان، ئىزدەپمۇ تاپالمايدىغان بىر يېرىگە تىقىۋېلىشىنىڭ كويىغا چۈشۈشى مۇمكىن.

نادىرەنىڭ ئەسلىمىلىرى گىچىماچلىشىپ كەتتى.

— كەلدىڭىزمۇ، سىزنى سېغىنىپ تۇراتتىم.

دىلمۇراتنىڭ ھىجىيىپ تۇرغان چىرايى نادىرەگە غەلىتە كۆرۈندى.

— نېمە دېدىڭىز؟

— سىزنى سېغىندىم ... كۆرگۈم كەلدى ... سىز مۇشۇ

شەھەردىكى ئەڭ چىرايلىق قىز.
نادىرە دىلمۇراتنى بۇنداق خۇشال كۆرمىگىلى ئۇزاق بولدى.
— بۇنداق گەپنى دېمەڭ، ئىككىمىزدەك ئادەملەر بۇنداق دېيىشىپ يۈرسەك قاملاشمايدىكەن.
— قاملاشمايدىكەن؟ نەرى قاملاشمايدىكەن؟
— دېمىسەممۇ بىلىسىز، بىز دېگەن ئىپلاس كېسەلنى يۇدۇپ يۈرگەن ئادەملەر، ئەڭ شەرمەندە ئۆلۈمگە مېڭىۋاتقانلار، دۇنيا بىزدىن يىرگىنىدۇ، بىزمۇ ئۆزىمىزدىن يىرگىنىمىز، يەنە مۇشۇ ھالدا چىرايلىقنىڭ، سېغىنغاننىڭ، ياخشى كۆرۈشنىڭ گېپىنى قىلىشىپ يۈرسەك ...
— بىز شۇنداق دېيىشسەك نېمە بوپتۇ؟
— بۇ بىزگە ياراشمايدۇ.
دىلمۇرات پۈتىنى ئالماپ ئولتۇرغاندى.
— مەن جىق ئويلاندىم، بۇ بىزدىكى گۇناھ ئەمەس، نادىرە ... بىز بۇ دۇنيادىكى تۇنجى ئەيدىز ئەمەس، شۇنداق بولغاندىمۇ بىز بۇنى قەستەن پەيدا قىلمىدۇق، قەستەن ئۆزىمىزگە يۇقتۇرۇۋالمىدۇق، بىز زىيانكەشلىككە ئۇچرىدۇق، شۇڭا ھەممە ئەيىبنى ئۈستىمىزگە ئېلىۋالساق بولمايدۇ.
— ئۆزىڭىزنى ئالدىماڭ، دىلمۇرات.
— توختاپ تۇرۇڭ، بۇ نەرسىنىڭ نەدىن پەيدا بولغىنىنى بىلەمسىز؟ ئافرىقىدىن كەلگەن، مايمۇندىن ئادەمگە يۇققان كېسەل ئىكەن بۇ، شۇنداق تۇرسا بىزدە نېمە گۇناھ؟
نادىرە دىلمۇراتنىڭ كۆلكىسىنىڭ، كۆلۈمسىرەشلىرىنىڭ، ئاۋازىنىڭ يالغانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى، دىلمۇرات ئۆزىنىڭ گېپىگە ئۆزى ئىشەنمىسە كېرەك. ئادەم دېگەننىڭ بەزىدە ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ قالىدىغان چاغلىرى بولىدۇ.
— ئۆزىمىزنى ئالداپ يۈرمەيلى، ئەتراپىمىزدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ساق، شۇلارغا نېمىشقا يۇقمايدۇ؟ بۇ دېگەن خۇدانىڭ

ناپاكلارغا بەرگەن جازاسى.
دىلمۇراتنىڭ ئۈمۈچۈك تورىدەك غىرىبلىق سوزۇلۇپ يۈرگەن كۆزلىرىنىڭ نۇرى قاچتى.
— بىز ئاخىرقى دەقىقىلەرگىچە ياشايلى، نادىرە، بىر - بىرىمىزگە ھەمدەم بولۇپ ياشىمىساق بولمايدۇ، مېنىڭ ئەتراپىمدا نۇرغۇن ئادەملەر بار، شۇلارنىڭ ئىچىدە سىز ماڭا يېقىن تۇيۇلىسىز.
دىلمۇرات نادىرەنى قۇچاقلىدى، نادىرە ئىچ - ئىچىدىن چىقىۋاتقان سوغۇقنى ھېس قىلدى، دىلمۇرات بىلەن تونۇشۇپ قالغانلىرىنى ئەسلىدى، شۇ كۈنى زۆھرە بىللە بىلەن بىللە ئىدى، نادىرە زۆھرەنىڭ باشلىشى بىلەن دىلمۇراتنىڭ ئىشخانىسىغا كەلدى، نادىرەنى تۇنجى كۆرگەن دىلمۇراتنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپلا قالدى. نادىرە كەتكەندىن كېيىن زۆھرە دىلمۇراتنىڭ قارشىسىغا كېلىپ ئولتۇردى.
— نادىرە ياغ ئىچىدىكى بۆرەكتەك چوڭ بولغان قىز ئىدى، دادىسى تۈرمىگە كىرىپ قالدى، ئانىسى تۇگەپ كەتتى، ئۇنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ يېنىغا بارغۇسى كەلمىدى، جىقراق پۇل تاپقىلى بولىدىغان خىزمەت تاپقۇسى بار ئىكەن، يېنىڭىزغا باشلاپ كەلدىم، ئەمما نىيىتىڭىزنى بۇزسىڭىز بولمايدۇ جۇمۇ.
— خاتىرجەم بول، — دېدى دىلمۇرات كۈچلۈك ھاياجىنىنى بېسىۋېلىپ، — بۇ تېخى كىچىك قىز ئىكەن.
— سىزنىڭ ھايۋانلىقىڭىز تۇتقاندا كىچىكلىكى بىلەن ئىشىڭىز يوق، مەنمۇ كىچىك ئىدىم.
دىلمۇرات سىرلىق كۈلۈپ قويدى.
— ئۇنىڭغا نېمە ئىش بەرمەكچىسىز؟
— قىلغۇدەك ئىش چىقىدۇ ... ئاۋۋال كۆزى پىشسۇن.
ئەتىسى ئۇلار بىللە تاماق يېدى، دىلمۇراتنىڭ تەقەززالىقتىن كۆڭلىگە ئوت كەتكەندەك ئىدى.
نادىرە ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلىسە، تولىمۇ ئېسىل

رېستوراننىڭ ئايرىمخانىسىدىكى كەچلىك غىزانى يادىغا ئالدۇ، ئۈستەلدىكى بىر ـ بىرىدىن ئېسىل تائاملار، يېقىملىق مۇزىكا، قاملاشتۇرۇپ كىيىنىۋالغان دىلمۇراتنىڭ يېقىملىق، تەسىرلىك سۆزلىرى ... نادىرە ئۆزىنى شۇ كۈندىن باشلاپ دىلمۇراتنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ. ئاخىرى ھەر ئىككىلىسى ئۆلۈمنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالدى. ئىنسان ھاياتىدىكى تۆت تۈرلۈك غايىب ئىشنىڭ بىرى ئادەم ئۆزىنىڭ قاچان ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغانلىقى، دېيىلىدۇ، ئەمما بۇ ئىككىسى ئۆلۈم ۋاقتىنىڭ قاچانلىقىنى بىلىدىغاندەك ئويلاپ قالاتتى، ئۆلۈمدىن ئىلگىرى يۈز بېرىدىغان دەھشەتلىك ئازاب ھەم مەسخىرىنىمۇ بىلەتتى.

— بىز شۇ ئىشنى قىلمىغان بولساق ...

— مەنمۇ بەك پۇشايمان قىلىدىم ... سىزگە مەن زىيانكەشلىك قىلدىم ... ئۆزۈمنى مەڭگۈ كەچۈرمەيمەن، ئىشىنىڭ كېرەك، ئۆزۈمدە شۇ كېسەلنىڭ بارلىقىنى بىلگەن بولسام مەن ئۇنداق قىلمايتتىم ... بۇ گەپنى سىزگە جىق دەپ كەتتىم.

دىلمۇرات ئۆزىنى ئورۇندۇققا تاشلاپ كۆزلىرىنى يۇمدى، كۆڭلىدە ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ ھېچ ئىزناسى قالمىغاندەك ئىدى. كۈندىن كۈنگە يېقىنلىشىۋاتقان ۋەھىمە چېقىشقا تەييار تۇرغان چار يىلاندەك ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇراتتى.

دىلمۇرات گۈلنىگارنى ئەسلىدى، دىلمۇرات سەرداردىن ئۆچ ئېلىشى كېرەك، چولپانغا ئېرىشكەن بولسا، چولپان بىلەن مۇرادى ھاسىل ياشىغان بولسا بەختلىك بولاتتى، ئۇ چاغدا دىلمۇراتنىڭ دۇنياسى بۇگۈنكىگە ئوخشىمايتتى، بۇگۈنكىدەك ئۆلۈمنىڭ دەھشەتلىك پۇشۇلداشلىرى ئارىسىدا قىينىلىپ ياشىمايتتى، مۇدھىش ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالمايتتى، دىلمۇرات ھەرقانداق ئەھۋالدا چولپاننى تارتىۋالغان ئادەمدىن ئۆچ ئېلىش نىيىتىدىن يانالمايدۇ. گۈلنىگارغا ئېرىشىش ئۆچ ئېلىشنىڭ ئەڭ

www.uyghurkitap.com

ياخشى ئۇسۇلى.

دىلمۇرات بەزىدە ئۆزىنى تىڭشاپ قالىدۇ. گۈلنىگاردىكى سۈلكەتلىك گۈزەللىك، نازۇك ھەم مېھىرلىك ئايالاردا بولىدىغان لاتاپەت ئۇنى تۇيدۇرماي مەپتۇن قىلىۋالاتتى، گۈلنىگارغا بولغان قىزغىن ھەم سەمىمىي ئىنتىلىش دىلمۇراتنى گاڭگىرىتىپ قويۇۋاتاتتى. دىلمۇرات گۈلنىگارنى سۆيۈش ئۈچۈن ئەمەس، سەرداردىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يېقىنلاشقانىدى. ئەمما ھازىر دىلمۇراتنىڭ يۈرىكىدە گۈلنىگارنى چىن مەنىسى بىلەن سۆيىدىغان ئەقىدە باردەك ئىدى.

دىلمۇرات نادىرەنىڭ يۇمشاق قولىنى تۇتتى. ئۇ نادىرەگە نېمە دېسە بىرنېمە دېيىشى كېرەكتەك، ئەمما دەيدىغان گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى دەپ بولغاندەك ئويلاپ قېلىۋاتاتتى.

— شۇ كۈنى سىز مەست بولۇپ قاپتىكەنسىز، مەنمۇ مەست ئىدىم ... مەست بولمىغان بولساق ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمەسلىكى مۇمكىن ئىدى.

نادىرە ئۆزىنىڭ گېپىگە ئۆزى ھەيران قالدى، ئۇ دىلمۇراتقا تەسەللى بېرىۋاتسا كېرەك، ئۆزىگە تەسەللى بېرىۋاتسا كېرەك.

— بۇ ئىش ھامان بولاتتى نادىرە ... مەن سىزنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى قىلغان، مەن ئويلىغان ئىش ئاخىر يۈز بەردى، ھەم چوقۇم يۈز بېرەتتى، ئۇ كۈنى سىز مەست ئىدىڭىز، ھوشسىز ئىدىڭىز، ئەمما مەن ساق ئىدىم.

نادىرە ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ دېرىزىنىڭ سىرتىدىكى دۇنياغا نەزەر سالدى.

— بىز يىراق بىر يەرگە كېتىپ ئۆلۈۋالايلى، دىلمۇرات، بەك يىراققا كېتەيلى، ئادەم يوق يەرگە بېرىپ ئۆلۈۋالايلى.

دىلمۇرات كەينىدىن كېلىپ نادىرەنى قۇچاقلىدى، دىلمۇراتنىڭ قۇچاقلىشى بىلەن نادىرەنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋالغان سىما ئاستا ـ ئاستا غۇۋالىشىپ كەتتى.

— ياق، مەن ئۇنداق قىلمايمەن، ئۆلۈۋالمايمەن، سىزنىمۇ ئۆلۈۋالغىلى قويمايمەن، مەن نۇرغۇن رەزىل ئىشلارنى قىلدىم، نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنىمۇ قىلدىم. مەن بۇ شەھەردىكى ئەڭ رەزىل ئادەم مەن، يەنە ئەڭ ياخشى ئادەممۇ مەن، مېنىڭ قولۇمدا نۇرغۇن پۇل بار، ئەمما بۇ پۇل بەك كېچىكىپ قولۇمغا تەگدى، ئانام كۆز ئالدىمدا ئۆلۈپ كەتتى ... مەن پۇلنىڭ كۈچى بىلەن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالايمەن، ناۋادا بىرسى سىزگە پۇل دېگەن ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان نەرسە، دېگەندەك قۇرۇق گەپلەرنى قىلسا ھەرگىز ئىشەنمەڭ ... پۇلى بار ئادەم بىچارە بولۇپ قالمايدۇ ...

— قانداق ئىشلارنى قىلىسىز؟

— بۇنى بىلمەيمەن، مەن مۇشۇ توغرۇلۇق ئويلىنىۋاتىمەن.

نادىرەنىڭ كۆڭۈل پايانىدا قورقۇنچلۇق سوغۇق نۇر ۋىلىلداپ تۇراتتى، ئادەمنىڭ قىممىتى بەزىدە نەچچە تىيىنغا ئەرزىمەيدىغان ھاللار بولىدۇ، مۇراتنىڭ مېيىپ بولغانلىقىنى بىلگەن كۈنى نادىرە ھوشىدىن كەتكەنىدى، كېيىنكى كۈنلەردىمۇ خۇددى ھوشىنى يوقاتقان ئادەمدەك يۈردى، ئۇ مۇراتنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىنى ئويلىغانچە ئۆزىنى كەچۈرەلمەيدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالاتتى. دىلمۇرات تەڭلىگەن قان رەڭلىك ھاراقنى ئىچكەن شۇ كۈنى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن قان رەڭلىك ھاراققا ئوخشايدىغان بىر تامچە قان ئېقىپ چۈشتى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئېقىپ چىققان بىر تامچە قاننىڭ ئورنىغا بىر تامچە بالا - قازا ئېقىپ كىردى، قاننىڭ ئورنىغا قاننى بۇلغايدىغان، قاننى سېسىتىدىغان ئالۋاستى سۈپەت نەرسە ۋۇجۇدىغا چاپلاشتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن، روھىدىن چىقىپ كەتكەن قىممەتلىك نەرسىنىڭ ئورنىغا ھاياتنى كۆمپەيكۆم قىلىۋېتىدىغان دوزاخ ئوتىدەك شۇم نەرسىلەر كىرىۋالدى. ئەلمىساقتىن روھ ھەم ۋۇجۇدنى پاك تۇتۇش ئادەمىيلىكنىڭ بىرىنچى ئەھكامى بولۇپ كەلگەن. شۇنداق، شۇ كۈنى ئۆلۈم ئالۋاستىسى زەھەرلىك تىرناقلىرى

بىلەن نادىرەنىڭ يۈرىكىنى مەھكەم قاماللاپ مەڭگۈلۈك بولۇپ ئورۇنلاشتى، بۇ نەرسە ئالۋاستى بولۇپ ئۇنىڭ روھىنى چىرمىدى، ۋۇجۇدىنى چىرىتىپ، سىپسىتىپ ۋەيران قىلىشقا جان ـ جەھلى بىلەن كىرىشتى. ئىنسانىنىڭ دۈشمىنى ھەممە يەردىن تېپىلىدۇ.

— بۈگۈن ھەممىنى ئۇنتۇيلى، نادىرە.

— بولىدۇ.

— قانداق ئۇنتۇيمىز دەپ سورىمايسىزغۇ؟

— قانداق ئۇنتۇيمىز؟

— مانا بۇنىڭ بىلەن، ئىككىمىز تۇنجى كۆرۈشكەن كۈنى مۇشۇنى ئىچكەنىدۇق.

دىلمۇرات «XO» ماركىلىق ھاراقنى ئالدى، ھاراق قىزىل مەرۋايىتتەك جۇلالاپ تۇراتتى، نادىرە قىزىل مەرۋايىتتەك بىر تامچە غۇرۇرىنى يوقاتقان كۈنى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا يىرگىنىشلىك ئاۋاستى كىرىۋالغانىدى.

دىلمۇارت تونۇر كاۋىپى، نان، ئۆلكەرنىڭ تاتلىق تۇرۇملىرىدىن مول داستىخان ھازىرلىدى.

— قېنى، ئىبلىڭ، ئىچەيلى.

نادىرە گەپ قىلمىدى.

— كېلىڭ، ئىچەيلى، كۆڭلۈم مۇشۇنى تارتىپ تۇرىدۇ، — دېدى دىلمۇرات، — ئىككىمىز تىرىشىپ، يىغلاشنىڭ ئالدىنى ئالايلى.

ئۇلار ئارقا ـ ئارقىدىن نەچچە رومكا ئىچىشتى، نادىرەنىڭ كەيپى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى.

— سىزدىن ئاخىرقى ئۆتۈنۈشۈم ... دىلمۇرات، مېنى بىر ۋىجدان ئازابىدىن قۇتقۇزۇپ قالسىڭىز.

— نېمە گەپ بولسا دەڭ.

— مەن بىرسىنى داۋالاتماقچى ئىدىم ... بۇنىڭدىن سىزنىڭ خەۋىرىڭىز بار، ئۇنىڭغا بەك جىق پۇل كېتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

دىلمۇرات كۆزىنى يېرىم يۇمۇپ، ئورۇندۇقنىڭ كەينىگە يۆلىنىپ ئولتۇردى.

— ئۇ قالتىس بەختلىك يىگىت ئىكەن، سىزدەك بىر قىزنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىپتۇ، ئۇ ھايات قاپتۇ، بۇمۇ ئۇنىڭ تەلىيى، مەن سىزنىڭ سۆيۈشىڭىزگە ئېرىشىپ، ئۆلۈپ كەتسەممۇ رازى ئىدىم.

بىردەمدىن كېيىن نادىرە تەلەپ قىلىپ ئىچتى، چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى. پېشانىسى تەرلەپ تۇراتتى، گۈزەللىكى كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان بۇ نازۇك قىز ھەر قېتىم ئىچىپ بولغاندا مۇناقى ئۈزۈمگە ئوخشايدىغان لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ سىلكىنەتتى. ئۇ تېزرەك مەست بولۇپ كېتىشنى، تېزرەك تۈگىشىپ كېتىشنى، ھوشسىز پېتى ئۆلۈپ كېتىشنى تىلەيتتى. ناۋادا ئۆلۈپ كەتسە، ۋۇجۇدىنى قارماپ تۇرغان ئالۋاستىمۇ تەڭ ئۆلەتتى، رەڭگى قارا، بەدبەشىرە بۇ نەرسە پۈتۈنلەي يوقىلاتتى، نادىرە ھاياتىغا تەھلىكە سېلىۋاتقان نەرسىنى قارا رەڭدە، بەكمۇ سەت تەرزدە تەسەۋۋۇر قىلاتتى.

— مەن ئۆچ ئالىمەن ... . ئۆچ ئالىمەن ... سەردار، سەن ئىتنىڭ بالىسى، مېنى ۋەيران قىلغان سەن ...

دىلمۇرات شۇنداق دېگىنىچە ۋارقىراپ يىغلىغاندا نادىرە ئۇخلاپ قالغانىدى.

ئۆچمەنلىككە تولغان يۈرەكلەرنىڭ ئىگىلىرى بەختلىك بولالمايدۇ.

دىلمۇرات نادىرەنىڭ گۈزەل چىرايىغا ئۇزاق قاراپ ئولتۇردى، بىر كۈنلەردە مۇشۇ گۈزەل چىراي ھالاك بولاتتى، تۈگىشەتتى، قورقۇنچلۇق ھالەتتە ۋەيران بولاتتى.

دىلمۇرات ئۇخلاپ قالغان گۈزەل قىزنى ئاستاغىنا كارىۋاتقا ئالدى.

دىلمۇرات تىللاۋاتقان سەردار مېھمانخانا ئۆيدىكى كەڭ شىرەگە يېيىلغان كىتابلار ئارىسىدا كۈنلىرىنى ئۆتكۈزىۋاتاتتى،

ساپادا سوزۇلۇپ يېتىپ كىتاب ئوقۇۋاتقان ئادەتلىنىپ قالغان بۇ تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى چولپانغا چىن ئىخلاسى بىلەن بېرىلگەنىدى، ئۆزىنى مۇكەممەل ئەخلاقىي ئەقىدە بىلەن ياشايدىغان ئادەم ھېسابلايدىغان سەردار خۇپپىيانە كۈچىدىن قايتىشقا قادىر بولالمىدى، ئۆزىنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى جىمجىتلىقىنە باھاسى بويىچە تەپەككۇر، كىتاب ۋە گۈزەل ئايال ... سەردارنىڭ ئۈچ مۇھىم ھەمراھى ئىدى. ئۇ يۈرىكىدىكى بىر نەرسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ نۇرغۇن ۋاقىتنى ئۆتكۈزدى، بۇ نەرسە دەل ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ئۆزىنى ئۆزى ئەيىبلەيدىغان تۇيغۇ ئىدى.

«سەن بىر ئازغۇن ... ئاخىرى ئىككى ئايالنىڭ، ئىككى بالىنىڭ بەختىنى ۋەيران قىلىسەن!»

ئۇ يۈرىكىدىكى مۇشۇ سادانى يوشۇرۇپ، مۇشۇ سادادىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، بىمالال قىياپەتكە كىرىۋېلىپ كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى.

## 127

— ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا دېيىشكۈدەك گەپمۇ بارمۇ؟

گۈلنىگارنىڭ ئۇشتۇمتۇت سوئال سورىشى سەردارنى مەڭدىتىپ قويدى، ئۇ چۆچۈگەندەك بولۇپ ئايالىغا قارىدى.

— نېمە؟

— ئىككىمىز پاراڭلىشىپ باقمىغىلى بەك ئۇزاق بوپتۇ.

— قانداق دەيسىز؟

— گېپىمنى چۈشەنمىدىڭىزمۇ، ئىككىمىز گەپلەشمىگىلى ئۇزاق بولۇپ كەتتى، سۆزلەشكۈدەك گەپ قالمىدىمۇ؟

— مانا ھازىر گەپلىشىۋاتىمىزغۇ.

گۈلنىگار كۈلۈپ قويدى، تاغ باغرىدا ئۆسكەن گۈللەرنىڭ پۇرىقىنى، رەڭگىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان ئىشلار دائىم بولۇپ

تۇرىدۇ.

— مەن ھەيران، بىز نېمىشقا مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالىمىز؟

— بىز قايسى ھالغا چۈشۈپ قالدۇق؟

— سەردار، سىز تۈزۈك ئادەم، راۋۇرۇس ئەر، خۇپسەنلىك قىلىش، بەزى ئىشلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش سىزگە ياراشمايدۇ، بىز ھېچقانداق ھالغا چۈشۈپ قالمىدۇق، دېگەن گېپىڭىز پۈتۈنلەي يالغان، ئەمەلىيەتتە نېمە ئىش بولغىنىنى سىز ئوبدان بىلىسىز.

سەردار گۈلنىگارنىڭ ياش يۇگۇرۇشۇپ تۇرغان چىرايلىق كۆزلىرىگە تىكىلدى، گۈلنىگارنىڭ چىرايى ئۇنىڭغا ناتونۇش ھەم تۇيغۇسىز بولۇپ كۆرۈندى.

گۈلنىگار گۈزەل ئايال ... ئەمما بۇ گۈزەللىكنىڭ سەردارنى ئۆزىگە باغلاپ تۇرىدىغان سېھرى قالمىغاندەك ئىدى.

«مەن كۆيۈپ ـ پىشىپ ئالغان ئايال مۇشۇ ... ئارىمىزدىكى ئىلمان مۇناسىۋەتنى پۈتۈنلەي چۆلپاننىڭ سەۋەبىدىن دېگىلى بولمايدۇ، مەن چولپان بىلەن تونۇشۇشتىن ئىلگىرىمۇ ئارىمىزدا بىر ـ بىرىمىزگە دېگىلى بولمايدىغان، ئەمما ھەر ئىككىمىز چۈشىنىدىغان سوغۇقلۇق باشلانغان ... مېنىڭ چولپان بىلەن تېپىشىپ قېلىشىمنىڭ سەۋەبى دەل شۇ خىل سوغۇقلۇقتىن بولسا كېرەك ... مەن بىر ئايالنى قىيناۋاتىمەن، ئۆزۈمنىمۇ قىيناۋاتىمەن، ئەمما قانداق يامان ئاقىۋەتنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر گۈلنىگاردىن ئايرىلسام بولمايدۇ، ئىككى ئوغلۇمنىڭ بەختى ئۈچۈن مەن بەزى نەرسىلەردىن ۋاز كېچىشىم كېرەك، گۈلنىگارنىڭ گۇناھى نېمە؟ مەن بۇنى بىلمەيمەن ... ئەمما ئۇنىڭدا مېنىڭ يۈرىكىمگە شىپا بولىدىغان نۇرغۇن نەرسە كەم ... مەن مۇشۇنىڭغا جاۋاب تېپىشىم كېرەك.

— سىز مەندىن گۇمان قىلىسىز ... بۇ ماڭا ئايان.

— ھەرقانداق نورمال ئايال سىزدىن چوقۇم گۇمان قىلىدۇ.

— نېمىشقا؟



www.uyghurkitap.com

— بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز تۇرمۇشقا ئوخشىمىغىلى ئۇزاق بولدى، سەردار، سىز مېنى تاشلىۋەتتىڭىز، مەن مۇشۇ ئۆيدە سىز بىلەن بىللە تۇرۇپ يالغۇز قالىمەن، سىز بىلەن بىللە، سىزنىڭ سايىڭىزدەك يۈرىمەن، ئەمما سىزنىڭ خىيالىڭىزدا مەن يوق، سىز مېنى تاشلىۋەتتىڭىز، بۇ بىر ئايالغا نىسبەتەن بەك ئېغىر خورلۇق.

— بەك چوڭقۇر ئويلاپ كېتىپسىز ... مەن سەل بىپەرۋا بولسام كېرەك، مېنىڭ خۇيۇم شۇنداق ئوخشايدۇ.

— سىزنىڭ خۇيىڭىزنىڭ قانداقلىقىنى مەن بىلىمەن، سىز مەندىن باشقا ھەرقانداق ئادەم بىلەن شۇنداق قىزغىن پاراڭلىشىسىز، خەق بىلەن گېپىڭىز تۈگىمەيدۇ، ئەمما مەن بىلەن ئۇنداق ئەمەس، مۇمكىن بولسا پەقەت گەپ قىلغۇڭىز يوقتەكلا.

— ئۇنداق دېمەڭ، بەزى ئىشلارنى بەك ئاشۇرۇپ ئويلىۋېلىش توغرا ئەمەس.

— ئەمەلىيەتتە مەن سىزنىڭ نېمە ئىش قىلىپ يۈرگىنىڭىزنى بىلىمەن.

سەردارنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ، كۆزلىرى چەكچەيدى.

— نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىمەن دەڭ، مېنىڭچىمۇ سىز بىلىسىز، گەپ بۇ يەرگە يەتكەندە ئېنىقىنى دەي، ئىلگىرىمۇ نەچچە قېتىم دېدىم، مېنى پايلىماڭ، مەن خۇپىيانە ئىش قىلغان ئادەمگە بەك ئۆچ، — دېدى سەردار ئاچچىقلىماسلىققا تىرىشىپ، — مېنىڭ سىزدىن يوشۇرىدىغان ئىشىم يوق.

— يوشۇرغۇدەك ئىش بولمىسا مېنىڭ پايلىشىمدىن قورقۇشىڭىزنىڭ نېمە ھاجىتى؟

سەردار قولىدىكى قەلەمنى ئۈستەلگە قويۇپ، ساپاغا يۆلەندى ـ دە، گۈلىنگارغا يۈزلىنىپ ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلدى.

— سىز نېمىشقا ھاقارەتلىك ئۇچۇر يوللاپ خەقنى

www.uyghurkitap.com

تىللايسىز؟

سەردار گۆلنىگارغا مىختەك تىكىلدى، ئۇنىڭ ئەندىشىدە قالغانلىقى، غەزەپلىنىۋاتقانلىقى كۆزلىرىدىن چىقىپ تۇراتتى. گۆلنىگار سەردارنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ يۈرىكىنى، يۈرىكىدىكى غەلىيانلارنى بىلىۋالماقچى بولغاندەك سەردارغا كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ ئولتۇراتتى. سەردارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ دۇدۇقۇپ كەتتى.

— مەن كىمگە قانداق ئۇچۇر يوللاپتىمەن؟

— بۇ ئۆزىڭىزگە ئايان، — سەردار ئەلەم بىلەن بېشىنى چايقىدى.

گۆلنىگار ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ۋەزمىن ئاھاڭدا دېدى:

— بۇ گەپنى قويايلى، بۇنداق گەپلەرنى دېيىشىۋەرسەك ياخشى يەردىن چىقمايدۇ، ئەمما سىز ئۆزىڭىز ھەقىقەتتە ئويلاپ بېقىڭ، سەردار.

— مەن ھېچ ئىش قىلمىدىم دېگەندىكەن سىز شۇنىڭغا ئىشەنسىڭىزلا بولمىدىمۇ؟

— مېنىڭمۇ سىزگە بەكلا ئىشەنگۈم بار، ئەمما ئىشىنەلمىدىم.

— مەن سىز ئىشەنمىگۈدەك ھېچ ئىش قىلمىدىم.

— بىز مۇشۇنچىلىك سۆزلىشەيلى، ھەرھالدا ئۆزىڭىزنى سوراپ يۈرۈڭ، ئىناۋىتىڭىزنى ساقلىۋېلىڭ، سەردار دوختۇر دېسە پۈتۈن شەھەردىكى ئادەملەر سىزنى ئاغزىغا چىڭ ئالىدۇ... ئۆزىڭىزنى ئاياڭ، بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسكە سېلىۋالماڭ، مېنىڭ ئايالىڭىز ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

گۆلنىگارنىڭ ئاۋازى يىغا ئارىلاش ئىدى.

سەردار گۆلنىگارنىڭ گۈزەل چىرايىغا قاراپ پەرىشان بولۇپ كەتتى، بەزى ئىشلارغا راستىلا ئامال يوق، ئىسىت، مېنىڭ يۈرىكىم ئۇپراپ تۈگەيدىغان بولدى، چوقۇم سۆيۈشكە تېگىشلىك بىرسىنى سۆيەلمەسلىكىمۇ بىر بەختسىزلىك بولسا كېرەك، ئەمەلىيەتتە گۆلنىگارنىڭ چولپاندىن قالغۇچىلىكى يوق، بىراق

مەن ئۇنى سۆيەلمىدىم ... بۇنىڭ دەردىنى تارتىپ قىلىشىم مۇمكىن، ئەمما ...

سەردار دىمىقىش ئىچىدە خىيالغا كەتتى، ئويلىرىنىڭ باش ـ ئايىغى يوق ئىدى. ئادەم بەزىدە ئۆزى قىلغان ئىشنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەيدۇ، قانداق نەتىجە بېرىدىغانلىقىنى بىلەلمەيدۇ ... سەردار گىچماچ پىكىرلەر ئىچىدە خۇدۇكسىرەپ ئولتۇرغان دەمدە بۇ شەھەردىكى ھايات بۇرۇنقىدەك شاۋقۇنلۇق رەۋىشتە داۋام قىلاتتى.

خۇشال بولۇۋاتقانلار، ئۇتۇق، غەلىبىنىڭ ھوزۇرىغا چۆمگەنلەر، قانداقتۇر بىر يوشۇرۇن ئىشلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ئەندىشىگە چۇشۇپ ئۇيقۇسى قېچىۋاتقانلار، بىرنى ئىككى قىلىشنىڭ كويىدا ھەسرىتى ئاۋۇپ كېتىۋاتقانلار، ئۆزى بىلەن ئالاقىسىز ئىشلار ئۇچۇن دەرد تارتىپ، ئىچ پۇشۇق تېپىۋالغانلار، قەرزىنى تۆلىيەلمەي كىم بىرلىرىنىڭ ئالدىدا بويۇن قىسىپ قالغانلار ... ھەممىيلەن ياشاۋاتىدۇ، ئاشۇلارنىڭ ئىچىدە شاكىر، رازىيە، گۇلپىيە، نادىرە، سەردار، گۇلنىگار ھەم ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئادەملەر بار.

ئون سەككىز ياشقا كىرگەن سىم ـ سىم يامغۇرلۇق كۇندە، نادىرە بەك جىق نەرسىلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى، ئۇ قايسىبىر قاراڭغۇ بۇلۇڭدىن ئۇشتۇمتۇت يېنىپ قالىدىغان چىرايلىق نۇرغا تەلپۇنۇپ كۇنلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ. خاپىلىق ئىچىدە خۇشاللىق بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇمىد مەڭگۇ ئۇزۇلمەيدۇ ...

ماشىنىغا سوقۇلۇپ، پالەچ بولۇپ قالغان مۇراتنىڭ يۇرىكى خۇشاللىقتىن تېپچەكلەپ كەتتى. ئۇ دەسلەپتە ئەيدىزنىڭ دورىسى چىققانلىقىغا ناھايىتى تەستە، زورلاپ يۇرۇپ ئۆزىنى ئىشەندۇردى، ئاندىن بارا ـ بارا بۇنىڭغا ئىشەندى، ئىشەنگەندىمۇ چىن ئىخلاسى بىلەن ئىشەندى ... بۇ دېگەن مۆجىزىلىك ئالەم، ئەيدىزنىڭ دورىسى چىقسا نېمە بوپتۇ؟ چىققاندىمۇ مۇشۇ زېمىندىن، مۇشۇ زېمىندىكى ئادەملەرنىڭ قولىدىن پۇتۇپ چىقسا نېمە بوپتۇ؟ ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قۇياشنىڭ نۇرى ھەر كۈنكىگە قارىغاندا بەكرەك يورۇق ھەم ئاقتەك ئىدى، قۇياش بورۇنقى قۇياشقا، قۇياش نۇرى بورۇنقى قۇياش نۇرىغا ئوخشىمايدىغاندەك ئىدى.

مۇراتقا مۆجىزە يۈز بەرگەندەك تۇيۇلۇپ قالدى. دۇنيادا نۇرغۇن مۆجىزىلەر يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، بەزى مۆجىزىلەر ھاياتلىقنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ ... پېنىسلىن ھاياتلىقنى يېڭى بىر دۇنياغا باشلىغان، بۇمۇ خۇددى شۇنداق بىر بۈيۈك ئىش بولۇشى مۇمكىن.

— ساڭا دەيدىغان بىر خۇش خەۋەر بار.

— نېمە خۇش خەۋەر؟

— ئەيدىز كېسىلىگە دورا چىقىپتۇ.

— نېمە؟!

— ئەيدىزگە دورا چىقىپتۇ.

— نېمە دەيدىغانسەن؟

— مەن كۆردۈم، سەھەر ئۈنىدار سالونىغا مۇشۇ خەۋەر چىقىپتۇ.

— بۇ مۇمكىن ئەمەس.

— مەن مۇشۇنداق بىر خەۋەرنى كۆردۈم، ھەيران قالدىم، خۇدادىن راست بولۇپ چىقىشىنى تىلىدىم.

نادىرەنىڭ تاشتەك سىزىمسىز بولۇپ قالغان يۈرىكىگە بۇ خەۋەر سىم ـ سىم يامغۇردەك تەسىر قىلدى.

— سەن بۇ گەپنى ئالدىنقى قېتىممۇ دېگەنىدىڭ. مەن تازا ئىشىنەلمىگەن.

— خەۋەردە دېيىلىشىچە، ئوغۇزسۇ شىركىتى «شىپايى ۋىرۇس» دېگەن نامدا ئەيدىزگە تاقابىل تۇرىدىغان دورا ياساپتۇ ...

مۇراتنىڭ كۆزلىرى ھاياجاندىن پارقىراپ كەتتى، ئىشەنمەك

تەس بولغان بىر خەۋەر، راستلا شۇنداق بولسا بۇ قالتىس مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ، ئەمما ...
— سىنىڭچە ئۇنىداردىكى خەۋەرگە ئىشەنگىلى بولامدۇ؟
— مەن بىر نېمە دېيەلمەيمەن، ئەمما شۇنداق خەۋەرنىڭ چىققىنى راست.
— دېگىنىڭ كەلگەي، — نادىرەنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى. ھاياتلىقنىڭ قۇياشى بەزىدە ئويلىمىغان تەرەپتىن پارلاپ قالىدۇ.
مۇراتنىڭ كۆڭۈل پايانى يېقىملىق ھەم ئىسسىق بىر تۇيغۇدىن يايراپ كەتكەندى.
نادىرە جىمىپ كەتتى، ناھايىتى يىراقتىكى دەريالارنىڭ شارقىراشلىرىنى ئاڭلىغاندەك، دولقۇن مەۋجلىرىنى كۆرگەندەك، قىرغاقتىكى كۆپۈكچىلەرنىڭ قۇياش نۇرىدا رەڭدار جۇلالاپ كۆز چېقنىشلىرىنى ھېس قىلغاندەك بولدى، سۇنىڭ سۈدەك ھىدى بۇرنىغا ئۇرۇلغاندەك ئىدى. سۇنىڭ ھىدى بىلەن گۈلنىڭ ھىدىنىڭ بىر يەرلىرى بىر - بىرىگە يېقىن كېلىدىغاندەك، يەنە پەقەت يېقىن كەلمەيدىغاندەكمۇ قىلاتتى، باھار سەلكىنى، يېنىك ئەسكەن شامالالارنىڭ يېقىملىق سۆيۈشلىرى ئۇنىڭ چىرايلىق تەلپۈنۈشلىرىنى سىلاپ ئۆتكەندەك بولدى، سۆيۈش ... دۇنيا سۆيۈشنىڭ لەھزىدە تىترەيدۇ، دۇنيا سۆيۈشكە قانماي تىترەيدۇ.
— مەن ... ئىشىنەلمىدىم.
نادىرە غەمكىن پىچىرلىدى.
— مىسالەن شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟
مۇرات نادىرەنىڭ ئاۋازىدىكى سوغۇقلۇقنى سەزدى، ئۇنىڭ ناھايىتى مۇھىم بىر قارارى يىمىرىلىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇزاق يىللاردىن بېرىقى غەيرەت - شىجائىتى، مۇستەھكەم روھى، تاشتەك قاتقان ئىرادىسى بوشاپ، يۇمشاپ، پارچىلىنىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى ... بۇ مۇمكىن ئەمەس، مۇرات ئۆزىنى ئالداۋاتىدۇ، ناۋادا بۇ يالغان چىقىپ قالسا، مۇرات بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك تۈگىشىپ كېتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ــــ دورا چىققان بولسا مەيلى ... ــــ نادىرەنىڭ بېشى قايدى، كۆز ئالدىدا ۋاقىت پارچىلىرىنىڭ رەڭگارەڭ تۇمانلىرى لەيلەپ يۈرەتتى.

ــــ غەلىتە گەپ قىلىسەنغۇ؟ ــــ دېدى مۇرات ھەيران بولۇپ.

ــــ مېنىڭ يا سېنىڭ ئەيدىز دېگەن نەرسە بىلەن ئالاقىمىز يوقتۇ؟

نادىرە ھوشىدىن كېتىدىغاندەك قىلاتتى.

ــــ نېمە بولدۇڭ، نادىرە ... ئەستايىدىلراق بول.

نادىرەنىڭ ئاۋازى چوكىمۇزدەك خۇش يۇراق، سوغۇق ئىدى.

ــــ مەن ھېچنېمىنى بىلمەيمەن، بۇ دورىنىڭ ياسىلىشى قالتىس بىر ئىش بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئەيدىزنىڭ راست ياكى يالغان دورىسىنىڭ چىقىشى مەن ئۈچۈن مۇھىم ئەمەس.

ــــ سەن مەن ئۈچۈن ياشايدىغان بولغان ... بۇ گېپىڭ ئېسىڭدە بولسۇن ... سەن ساقىيىپ كېتىسەن، مەنمۇ بىر كۈنى بۇ چاقلىق ئورۇندۇقتىن تۇرۇپ كېتىمەن، بۇنىڭغا ئۇزاق ۋاقىت قالمىدى.

ــــ مېنىڭ ئارزۇيۇم شۇ، سەن چوقۇم مۇشۇ چاقلىق ئورۇندۇقتىن قۇتۇلۇپ كېتىسەن.

ــــ سەنمۇ ساقىيىسەن.

ــــ مەن ساق، ساق ئادەم يەنە قانداق ساقىياتتى؟ ــــ دېدى نادىرە كۈلۈمسىرەپ، ئۇنىڭ كۈلكىسى ئارىسىدىكى قويۇق ھەم ئاچچىق مانانى مۇرات كۆرۈپ تۇراتتى. نادىرە بۈگۈن بىلەن تۈنۈگۈننى، ئەتە بىلەن ئۆتمۈشنى تامام ئارىلاشتۇرۇۋەتكەندەك قىلاتتى. قورقۇنچ نادىرەنىڭ يۈرىكىنى ئۆمۈچۈك بولۇپ قامالىۋالسا كېرەك ... ئۇ غەلىتە بولۇپ قېلىۋاتاتتى.

ــــ مەن بىلىمەن، سەن ھەممە گەپنى ماڭا دېگەن، ئەمدى تۈرۈپلا باشقا بىر گەپلەرنى دەۋاتىسەن، بۇرۇنقى گېپىڭ بىلەن ھازىرقى گېپىڭ ئوخشىمايۋاتىدۇ، سېنىڭ شۇ چاغدا دېگەن

گېپىڭ راستمۇ ـ يالغانمۇ؟ ـــ دېدى مۇرات جىددىي رەۋىشتە.

ـــ مەن ساڭا نېمە دېگەن؟

ـــ سەن ... ماڭا ئەيدىزنىڭ گېپىنى دېگەن.

نادىرە كۆزلىرىنى يۇمدى، قويۇق كىرپىكلىرى ئارىسىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

ـــ مۇرات، مەن سەندىن ئايرىلىپ قالسام تۈگىشىمەن، مەن سېنى ئالدىسام بولمايدۇ، سېنى ئالدىسام ئۆزۈمنى كەچۈرەلمەيمەن، بىز بۇ توغرىسىدا گەپ قىلىشمايلى، مەن ئۈچۈن بەزى نەرسىلەرنىڭ ئەھمىيىتى يوق، سېنى ساقايتىش، سېنىڭ ساقايغىنىڭنى كۆرۈش، ھېچ بولمىسا سېنىڭ ساقىيىدىغىنىڭغا ئىشىنىش مېنىڭ بىردىنبىر ئارزۇيۇم، باشقا ئىشلار بىلەن مېنىڭ كارىم يوق.

مۇرات نادىرەنىڭ گۈزەل چىرايىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. نادىرەگە بولغان تەگسىز ھەم سەۋەبسىز ئاشىقلىقنى سەزگەندەك ئىدى. نادىرەنى كۆرمىگەن، نادىرەنى تونۇمىغان، نادىرەنى ئەزەلدىن ئۇچراتمىغان بولسىمۇ، ئۇ خۇددى نادىرەدەك بىر قىزنى ئۆمۈر بويى ئىزدەپ يۈرۈشى مۇمكىندەك ئىدى.

ـــ سەن ساقىيىسەن.

ـــ بەدىنىم ساقىيىشى مۇمكىن، يۈرىكىم ساقايمايدۇ.

ـــ نادىرە، ماڭا ئىشەنگىن.

ـــ ئۆزۈمنى كەچۈرەلمەيمەن، مېنى قىستىما.

ـــ سېنىڭ نېمىلەرنى ئويلاپ يۈرگىنىڭنى بىلىمەن، مەن سېنى كەچۈردۈم، سېنى كەچۈرمىسەم ئۆزۈمنىمۇ كەچۈرەلمەيمەن.

ـــ ھازىر مەنمۇ ئۆزۈمنى كەچۈرەلمەيمەن. ئۆزىگە يۈز كېلەلمەسلىك ئەڭ قورقۇنچلۇق بولىدىكەن.

ـــ ھەممىسى مېنىڭ سەۋەبىمدىن، سېنىڭ مۇشۇ كۈنگە قېلىشىڭ مېنىڭ سەۋەبىمدىن بولدى، شۇ چاغدا ئۆلۈپ كەتسەم

بوپتىكەن، سەن بەك قىينىلىپ كەتتىڭ. — دېدى مۇرات ئىچ - ئىچىدىن خورسىنىپ — ئىسىت، سېنى مۇشۇ يولغا قىستىغىچە ئۆلۈپ تۈگىسەم بوپتىكەن ... راست دەيمەن.

— بۇنداق دېمە، مېنىڭ ۋاقتىم ئاز قالدى، ھەدەڭنىڭ سېنى داۋالايدىغان دوختۇرخانا بىلەن ئالاقىلەشكىنىنى ئاڭلاپ بەك خۇش بولدۇم، بەش يۈز مىڭ سوم پۇلنى سېنىڭ نامىڭدىكى كارتىغا سېلىپ قويدۇم، يەنە بىر كارتىدا ئۈچ يۈز مىڭ سوم پۇل بار، مەن قالتىس ئىشتىن بىرنى قىلغان بولۇشۇم مۇمكىن، مەن بۇ دۇنياغا بىر ئېسىل گۆھەرنى قالدۇرۇپ كېتىمەن.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— مەن بۇ دۇنياغا بىر ئەقىللىق ئادەمنى قالدۇرۇپ كەتتىم.

— ناۋادا سەن كېتىپ قالساڭ مېنىڭمۇ بۇ جاھاندا ياشاپ يۈرگىنىمنىڭ ئەھمىيىتى بولمايدۇ، سېنىڭ نابۇت بولۇشۇڭ بەدىلىگە ساقايدىم، دېگەندىمۇ ۋىجدان ئازابىدا تۈگىشىپ كېتىمەن، ئۇنىڭدىن مېنىڭ مۇشۇ پېتى قالغىنىممۇ ياخشى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— چۈنكى مېنىڭ سەۋەبىمدىن بىر قىز بۇ دۇنيادىن كېتىدىغان بولدى.

— بۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ، ئەمەلىيەتتە ھەممە ئىش ئۆزۈمنىڭ بىخەستەلىكىمدىن، ئەخمەقلىقىمدىن بولدى، باشقىلار ماڭا زىيانكەشلىك قىلدى، پالانى سەۋەبتىن مۇنداق بولدى، دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى باھانە ئىزدەشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

— ئەمما ئەمەلىيەت شۇنداق، نادىرە، مېنى قىينىما، سەن ساقايمىساڭ بولمايدۇ.

— ئەمما بۇ كېسەلنى ساقايتقىلى بولمايدۇ.

— مەن ئۈچۈن بولسىمۇ ياشىمىساڭ بولمايدۇ، سەن بولماي تۇرۇپ مېنىڭ ساقايغىنىمنىڭ ھېچ ئەھمىيىتى يوق.

— ئەمما ...

— مەن مېيىپ بولساممۇ سەن ساق بولغان بولساڭ ھەممە ئىشلىرىمىز ئوڭ بولاتتى.

— بولدى، مۇرات، مەن سېنى مېنىڭ سەۋەبىمدىن مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدى دەپ ئەمەس، سېنى ساقايتىش ئۈچۈن كۆچ چىقىرىشنى ئۆزۈم قىلىشقا تېگىشلىك ئىش دەپ ئويلىغانلىقىم ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم.

— ئەمما پەقەت ئەقلىم يەتمەيدۇ، سېنى شۇنداق ئىش قىلىدۇ، دېسە مەن مەڭگۈ ئىشىنەلمەيمەن، بىراق ... ئەمەلىيەتتە ئىش شۇنداق ...

ئىككىيلەننىڭ يەنە نېمىلەرنى دېيىشكىنىنى ھېچكىم بىلمىدى، نادىرە مۇراتنىڭ لېۋىگە ئۇزاق سۆيدى، ھايات سۆيۈشلەر ئىچىدە يالقۇنغا ئايلىنىدۇ، سۆيۈشلەر بىلەن قۇۋۋەت ھەم ئۈمىد تاپىدۇ.

— بىزنى چوقۇم ياخشىلىقلار كۈتۈپ تۇرىدۇ، نادىرە.

نادىرە كۈلۈمسىرىدى، كۈلسە پەيدا بولىدىغان زىنىقىدا، خۇمار كۆزلىرىدە ئۈمىد ھەم ئىشەنچىنىڭ شادىمانلىقى بار ئىدى.

گۈزەل شەھەرنىڭ شادىمان شاۋقۇنلىرى ئىچىدە ئالىلىكمەلەرنىڭ يۈرەك سوقۇشلىرىنى، تاتلىق ئارمانلار ئۈچۈن بېسىلغان قەدەملىرىنىڭ تىۋىشلىرىنى ھېس قىلغىلى بولاتتى. ھەممەيلەن ئۆزلىرىنىڭ مەنزىلىگە ئالدىرايتتى، مەنزىلىگە يەتكەنلەرنىڭ خۇش ھاياجانلىرى بېسىلماي تۇرۇپ، ئۇلارنى يەنە يېڭى مەنزىللەر تاتلىق تەبەسسۇمى بىلەن چاقىراتتى. ئاشۇ ئالدىراش ئادەملەرنىڭ ئىچىدە سەردار تونۇيدىغانلارمۇ، تونۇمايدىغانلارمۇ بار ئىدى. ھەركىمنىڭ دەردى، ھەركىمنىڭ خۇشلۇقى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايتتى. سەردار سەمەتجان بىلەن دېيىشكەن سۆزلەرنى ئەسلەپ قالغانلىرىدا، دۇنيانىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلىرى توغرۇلۇق تولا باش قاتۇرۇپ كېتىدىغان سەمەتجاننىڭ نەزىرىدىكى دۇنيانىڭ ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



سەردار بىنانىڭ ئىشىكىگە كېلىشىگە سەمەتجان ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، سەرداركا، مۇشۇ كۈنلەردە بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتىڭىزمۇ نېمە؟

— شۇنداق، سەل ئالدىراش بولۇپ قالدىم ... ئۆزىڭىزچۇ، سىز نېمە ئىشلار بىلەن؟

— بىزمۇ شۇ چەككە ـ چۈككە ئىشلار بىلەن، بىر ئىش توغرۇلۇق سىز بىلەن پاراڭلاشماقچىدىم.

سەردار سەمەتجاننى باشلاپ ئۆيىگە كىردى، گۈلنىگارمۇ، ئېلتەبىر بىلەن مويۇنچۇرمۇ كەلمىگەنىدى. سەردار چاي دەملەپ سەمەتجاننى داستىخانغا تەكلىپ قىلدى.

— قاراڭ، سەرداركا، بىر خەق تۆگىشىپتۇق جۇمۇ، — دېدى سەمەتجان چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنى سەردارغا تىكىپ، — بىر ئالمىنى تالىشىپ ئىككى ئادەم تاسلا قالدى بىر ـ بىرىنى بوغۇپ ئۆلتۈرگىلى.

— نېمە گەپ ئىكەن بۇ؟

— بايا بازار ئارىلاپ كېتىۋاتسام دوقمۇشتىكى باققالنىڭ يېنىغا ئادەملەر ئولىشىۋاپتۇ، بارسام ئىككى ئادەم بىر ـ بىرىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىۋاپتۇ، بىرسىنىڭ قولىدا پىچاق ... ساقچىلار كەلمىگەن بولسا ئۆلۈم ۋەقەسى چىقاتتى دەڭە ... جېدەلنىڭ سەۋەبى نېمە ئىكەن دەڭ، ھېلىقى كىشى باققالدىن ئالما ئاپتۇ، شۇ ئارىدا بىر تال ئالما باققالنىڭ ھارۋىسىدىن چۈشۈپ كېتىپتۇ، باققال ئالمىنى سەن چۈشۈرۈۋەتتىڭ دەپتۇ، ھېلىقى كىشى مەن چۈشۈرۈۋەتمىدىم دەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن غەلۋە ئۇلغىيىپ، دەسلەپتە ئانىلىرىنى، ئارقىدىن سىڭىللىرىنى، ئاخىرىدا خوتۇنلىرىنى چىشلەپ تارتىشىپ تىللىشىپتۇ، ئاقىۋەت

ئۆلۈم پىششىقى چىققىلى تاسلا قاپتۇ ... قاراڭا، مۇشۇمۇ ئىشمۇ ئەمدى، ناھايىتى بىر تال ئالمىغۇ ... شۇنىڭغا قاراپ ئويلىسىمكى بىز خەقتەك بىتايىن ئادەملەر بولمىسا كېرەك.

سەردار كۈلۈپ قويدى، كۈلكىسى ئەپسىز ھەم سوغۇق ئىدى، سەمەتجانغا نېمە دېسە بولىدىغانلىقىنى تازا ئۇقۇپ بولالمىغاندەك ئىدى.

— ئۇكام، قاراڭ، سىز دېگەندەك بىر ئالمىنى تالىشىپ ئۇرۇش - جېدەل قىلىدىغان ئىش بىزدىلا ئەمەس، جاھاننىڭ نەرگە بارماڭ ھەممە يەردە تېپىلىدۇ، بۇلار دېگەن ئىنسانچىلىقتا بولۇپ تۇرىدىغان ئىشلار، بۇنچىلىك ئىشنى دەپلا بايىقىدەك ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەيدىغان گەپنى قىلساق توغرا بولمايدۇ.

— ئەمما سەرداركا، بىر ئالمىنى دەپ قان بولۇشقىلى تاسلا قالسا بەك سەت تۇرىدىكەن.

— بۇ ئەلۋەتتە سەت تۇرىدۇ، بىراق بۇ دېگەن قىسمەن ئىشلار دەڭە.

سەمەتجان چاي پىيالىسىنى قولىغا ئېلىپ بىردەم ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

— سەرداركا، مۇشۇ تازىلىق مەسىلىسىمۇ باش ئاغرىتىدىغان ئىش بولۇپ قاپتۇ جۇمۇ ...

سەردار سەمەتجاننىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇردى، سەمەتجان ناھايىتى نۇرغۇن ئىشلار توغرىسىدا سۆزلىدى، ئۇنىڭ دېيىشىچە، ھازىر ئەخلەت مەسىلىسى ناھايىتى خەتەرلىك، جىددىي ھەل قىلمىسا بولمايدىغان مەسىلە ئىكەن، شەھەرنىڭ نېرىسىدىكى جاڭگالغا توشۇلۇۋاتقان ئەخلەتلەر كەلگۈسىدىكى غايەت زور بالا - قازاغا ئايلىنىدىكەن، دوختۇرخانا ئەخلەتلىرى، كوچا ئەخلەتلىرى دېگەندەكلەرنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلمىسا، قورقۇنچلۇق ئاقىۋەت كەلتۈرىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، پارخانىلاردىن چىقىۋاتقان ئىس - تۈتەكلەر، سۇنىڭ بۇلغىنىشى، ئوتياشلاردىكى زەھەرلىك ماددىلار ...

سەردار سەمەتجانغا ھېچنېمە دېمىدى، سەمەتجاننىڭ دەردى

كۆپ ئىدى، جاھاننىڭ چوڭ ـ كىچىك ئىشلىرى توغرىسىدىكى باش قېتىنچىلىقلىرى ئۇنى تولا بىئارام قىلسا كېرەك.

— بىرلا نەرسە ئېنىق، ھەممە ئىشلار ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، — دېدى سەردار، — بەزى ئىشلارغا ۋاقىت كېتىدۇ.

— شۇ ... توغرا دېدىڭىز، — سەمەتجان قانداقتۇر بىر گەپنى دەيمەن دەپ ئۇنتۇپ قالغاندەك، ئەمما بەكلا دېگۈسى باردەك بىئارام بولۇپ قالدى.

— سەرداركا، ھېلىقى بارات دىۋانە بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرۇۋاتامسىز؟ — دېدى سەمەتجان كالپۇكىنى يالاپ قويۇپ.

— بارات دىۋانە؟

— بارات قويچىنى دەيمەن.

— ئۇنى دىۋانە دەيسىزغۇ؟

— دىۋانە بولماي نېمە ئۇ ... تاپىنىدىن چوققىسىغىچە پۇلغا كۆمۈلۈپ يۈرگەن دىۋانە دەڭە ئۇ، نەچچە مىليون پۇلى بار، ئەمما بىر تىيىن خەجلىمەيدۇ، يەيدىغىنى قورۇق نان، كىيىدىغىنى ئەسكى چاپان بىلەن يىرتىق ئىشتان، ئاچلىقتىن ئۆلۈشتىن، يالىڭاچ قېلىشتىن قورقمىسا شۇلارغىمۇ پۇل خەجلىگۈسى يوق ... بۇنداق ئادەمنى دىۋانە دېمەي نېمە دەيدۇ؟

سەمەتجاننىڭ بارات قويچىغا بولغان نەپرىتى بەكلا ئېشىپ كەتكەندەك قىلاتتى.

— ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ كەتتىڭىزمۇ نېمە؟

— ئىشقىلىپ بەكلا يىرگىنچلىك ئادەم ئىكەن ئۇ، سىزمۇ ئۇنىڭدىن نېرى يۈرۈڭ، سەرداركا.

— نېمىشقا؟

— يوقىدۇ، ئىللەت دېگەنمۇ يۇقۇملۇق كېسەلدەك نەرسە، بارات قويچىنىڭ بەتخۇيلىرى سىزگە يۇقمىسۇن دەيمەن.

سەردار كۈلۈپ قويدى، سەمەتجان ئالدىراش ئىشى بارلىقىنى ئېيتىپ چىقىپ كەتتى، ئۆينىڭ ئىچى جىمجىت بولۇپ قالدى، سەمەتجاننىڭ بايا دېگەنلىرى سەردارنىڭ كاللىسىدا تۇتۇندەك

ئايلىنىپ يۈرەتتى، سەمەتجاننىڭ دېگەنلىرى، ئويلىغانلىرى، غەملىرى، ئىچ پۇشۇقلىرى بىلەن ئەخمەتنىڭ كاللىسىدىكى پىكىرلىرى ئوخشاپ قالىدىغاندەك ئىدى. ئەخمەت يېقىندىن بۇيان رەسىم سىزمايۋاتقاندەك ئىدى، ئۇ پات - پات مۇراتنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن رەسىم توغرىسىدا ئۇزاقتىن ئۇزاق پاراڭلىشاتتى. مۇراتنىڭ سىزغانلىرى، سىزماقچى بولغانلىرى توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشەتتى، بەزى تېمىلاردا ھەر ئىككىيلەن سىزىپ بېقىشنى، شۇ ئارقىلىق رەسىمدىكى ماھارەتكە ياتىدىغان مەسىلىلەردىكى ئارتۇق، كەم يەرلەرنى بايقاش توغرۇلۇق سۆزلىشەتتى.

— سەن شېئىرنى قويۇپ رەسىم سىزساڭ بولاتتى، — دېدى ئەخمەت مۇراتنىڭ سىزىقسىز قەغەزلەرگە يېزىپ تاشلاپ قويغان شېئىرلىرىغا قاراۋېتىپ، — مېنىڭچە سەندىكى ئەقىل شېئىردىن كۆرە رەسىمگە مۇۋاپىق كېلىدىغاندەك قىلىدۇ.

مۇرات يېزىپ تاشلاپ قويغان شېئىرلىرىنى يوشۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمەي ئوڭايسىزلىنىپ قالدى.

— مەن شېئىرغا ئامراق، ئەلۋەتتە رەسىمدىنمۇ كېچەلمەيمەن.

ئەخمەت باشقا گەپ قىلمىدى، مۇراتنىڭ سىزغانلىرىغا قاراپ، ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ قالدى. تەقدىرنىڭ تەتۈرلۈكلىرىگە جان - جەھلى بىلەن قارشى قوپقان بۇ بالىنىڭ يۈرىكىدە تولىمۇ سالقىن، بەكلا قاتتىق، مۇستەھكەم بىر نەرسىنىڭ بارلىقىنى، بۇ نەرسىنىڭ كۈچى بىلەن ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلالايدىغان ئادەمگە ئايلىنىدىغانلىقىنى ئەخمەت ھېس قىلىپ تۇراتتى. بۇ نەرسە بەكمۇ قىممەتلىك ئىدى، يەر يۈزىدىكى ئەركەكلەرنىڭ يۈرىكىدە مۇشۇنداق قاتتىق ھەم سۇزۇك كاجلىقنىڭ كەملىكىدىن نۇرغۇن ئەرلەرنىڭ، نۇرغۇن ئاياللارنىڭ كۈنلىرى توزغاقتەك ئۆتۈپ كېتەتتى.

ئەخمەت مۇشۇنداق ئويلايدۇ، دۇنيا ۋە تەقدىرنىڭ، ئادەم ھەم

ھاياتنىڭ ئىنچىكە نەپەسلىرىگە دىققەت قىلمىدىغان ئادەملەر شۇنداق ئويلايدۇ.

چىرايلىق قەپەستىكى رەڭدار قۇش مۈگدەپ ئولتۇرغان ئۆيدىكى ئايالمۇ بەزىدە خۇددى شۇنداق ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن.

## 130

شەھەر مەركىزىدىكى ئون بەش قەۋەتلىك بىنانىڭ بەشىنچى قەۋىتىدىكى ئۆيدە بىر ئايال ئىككىنى يۆلەپ ئولتۇراتتى، بالكونىدىكى رەڭدار قۇشنىڭ چۇشلىرى تار ئۆيدە لەيلەپ يۈرگەندەك قىلاتتى.

تېلېفون جىرىڭلىدى.

ئايال تېلېفوننىڭ يېنىغا بېرىپ بولۇپ قورقۇپ كەتتى.

تېلېفون ناھايىتى ئۇزاق جىرىڭلىدى.

تېلېفوننىڭ جىرىڭلاشلىرى ئارىسىدا بىر يۈرەكنىڭ، ئىككى يۈرەكنىڭ مەستخۇشلۇقلىرى بىلەن چەكسىز پۇشايمانلىرى چىرقىراپ تۇراتتى.

تېلېفوننىڭ جىرىڭلاشلىرى ئۈزۈلدى.

قىسقا، زەھەردەك ئەسلىمە جىمجىت ئۆيدە ئايالنى ئالدىرىماي يېپىشكە باشلىدى. ئايالنىڭ زېدە بولۇپ كەتكەن يۈرىكى داشتەك قېتىپ كەتكەندەك قىلاتتى.

ئەگەر ئۇ تېلېفوننى ئالمىدىڭ، دەپ ئۆيگە كېلىپ قالسا بالا ـ قازا بولىدۇ ... چوقۇم سەكرەيمەن.

ئايال تامدىكى رەسىمگە قارىدى. ئېرى كۈلۈپ تۇراتتى.

ــ بارمىسىڭىز بولمامدۇ؟

ــ بارمىسام بولمايدۇ، خوتۇن، سىزنى جاپادا قويسام قانداق بولىدۇ؟ ئېيىغا ئون مىڭ سوم بېرىدۇ، بۇنداق ئىشنى تاپماق تەس.

ــ ئاز بولسىمۇ مۇشۇ يەردە ئىشلىسىڭىز، قېشىمدا

تۇرسىڭىز بولاتتى.

— نەچچە ئاي ئىشلىۋالسام قولىمىز پۇل كۆرىدۇ، ئاندىن باشقا ئىش قىلارمىز.

ئۇ ئەمدى كەلسە بارغۇزمايمەن ... خاتىرجەملىك كېرەك ... ئېيىغا ئون مىڭ سوم ھەق بېرىدىغان بولدى دەپ قۇملۇقتا يۈرگەننىڭ نېمە پايدىسى؟ ...

ئايال ئىلگىرى شۇنداق ئويلىغانىدى، ئەمدى ئۇنداق ئويلىمايدۇ، ئەمدى ئېرىنىڭ قايتىپ كەلمەسلىكىنى تىلەيدۇ، ئېرى قايتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى بولۇپ بولۇشى كېرەك ... ئايال دۈمبىسىگە، بېلىگە، بوينىغا تاراۋاتقان جاراھەتلەرگە قاراشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ.

بىر گۈزەل تەن چىرىشكە باشلىدى.

ئىنساننىڭ روھى بىر مۆجىزە.

ئىنساننىڭ ۋۇجۇدى بىر مۆجىزە.

مۆجىزە چىرىشكە باشلىدى.

ئايال جىمجىت ئولتۇرۇپ قالدى.

توساتتىن تېلېفون يەنە جىرىڭلاشقا باشلىدى.

شۇ كېچىسى تېلېفون بەك ئۇزاق جىرىڭلىدى.

ئايالنىڭ كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلدى.

دەھشەتلىك خەۋەرنى ئاڭلىغان كۈندىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىۋالغان نەرسە بىرلا:

سەكرەش.

بەشىنچى قەۋەتتىن سەكرەش.

ئۇ دېرىزىدىن پەسكە قارىدى. نۇرغۇن ئادەملەر بىر يەرگە جۇغلىشىۋالغانىدى. بىر ئايال ئۆزىنى پەسكە تاشلاپ ئۆلۈۋالغان، ئالىمانىنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى پات - پات ئۈستىگە قاراپ قوللىرى بىلەن بەشىنچى قەۋەتتىكى ئۆيىنى كۆرسىتىپ بىر - بىرىگە بىرنېمىلەرنى دېيىشەتتى.

ئايال تاشتەك قاتتىق سېمونت يولدا ئۆزىنىڭ جەسىتىنى كۆردى، تېنى مۇزلىدى، بېشى مىجىلىپ كەتكەن، مېڭىسىنىڭ

قېتىقى چىقىپ كەتكەن، قان تاشتەك قاتتىق سېمونت يولدا ئۆيۈپ قالغان.

شۇنداق تېزمۇ؟

ئۆلۈم دېگەن شۇنداق تېز بولامدۇ؟

ئىسىت ...

ئۇ يەتتە يىل سۆرشىپ يۈرگەن ئەرنى يادىغا ئالدى. كۆڭۈل ... لەنەت تەگكۈر كۆڭۈل ... ئەرگە تەگكەندىن كېيىنمۇ يەنە ئۇنىڭ بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىپ يۈرگىنىمنىڭ جازاسى بۇ.

ئەيدىز گۈزەل ھاياتنى ئاستا ـ ئاستا تىتىپ يەيدۇ.

ئەيدىز گۈلگۈن دۇنيانى بىر ـ بىرلەپ خاراب قىلىدۇ.

بەشىنچى قەۋەتتىكى ئۆيدىكى ئايال شۇنداق ئويلايدۇ.

نادىرە شۇنداق ئويلايدۇ.

بۇ نەرسە ھامان بىر كۈنى يوقىلىدۇ، خۇددى ئۇرۇش بالايىئاپەتتى، سارىس، قىزىل، چېچەك ... خۇددى مۇشۇلارغا ئوخشاش ھامان يوقىلىدۇ ... ئەمما ئۇ يوقىلىپ بولغۇچە نۇرغۇن جاننى يەپ كېتىدۇ ...

بەشىنچى قەۋەتتىكى ئايال پات ـ پات نادىرەنى ئويلاپ قالاتتى، قاباھەتلىك ئالۋاستى قاراڭغۇ كوچىلاردا ماراپ يۈرۈپ، تېنەپ قالغانلارنى يالماپ يەۋاتاتتى، ئالۋاستى گاھ ۋۇجۇدنى، گاھ روھنى خاراب قىلىش ئۈچۈن خىرىس قىلاتتى.

نادىرە ...

گۈلپىيە ...

## 131

گۈلنىگار ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كىرىپ تۇرۇشىغا تېلېفونى جىرىڭلىدى، سەردار ساپادا يېتىپ كىتاپ ئوقۇۋاتقانىدى، گۈلنىگارنىڭ يۈرىكى جىغىدە قىلىپ سومكىسىدىن تېلېفوننى ئالدى، تېلېفون نومۇرىنى كۆرۈپ كۆڭلى جايىغا چۈشتى.

— ۋەي، رازىيە، تىچلىقمۇ؟ — دېدى گۈلنىگار تېلېفوننى ئېلىپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گۈلنىگار تېلېفوندا بىردەم سۆزلەشكەندىن كېيىن قانداقتۇر بىر ئىشلارغا ماقۇل بولۇپ تېلېفوننى بېسىۋەتتى.

— رازىيە ئىكەن، — دېدى گۈلنىگار، — ئۆيگە بىر كېلىپ كەتسەڭ دەيدۇ.

— نېمە ئىشى بار ئىكەن؟

— گۈلپىيەنىڭ ئىشى بولسا كېرەك، شۇنداقراق بىر گەپلەرنى قىلدى.

— ھە، بوپتۇ، بېرىپ كېلىمەن.

— كەچلىك تاماقنى قانداق قىلارمىز؟

— سىز بېرىۋېرىڭ، مەن بالىلار بىلەن سىرتتا تاماق يەي، ئۇلار كاۋاپنىڭ غەلۋىسىنى قىلغىلى خېلى بولغان.

گۈلنىگار كەلگەندە رازىيە ئۆگسۇلى ئۆچكەن ھالدا ئولتۇراتتى، ئۇ گۈلنىگارنى ساپاغا باشلاپ چاي قۇيدى.

— بېشىم قېتىپ كەتتى، گۈلنىگار، نېمە قىلىشىمنى بىلمىدىم، گۈلپىيەنى قانداق قىلسام بولار؟ ... بولغان ئىشلاردىن خەۋىرىڭ بار ھەرقاچان، ھالىمدىن كېتەي دېدىم.

— موللامغا ئوقۇتىمەن دېگەنىدىڭ، قانداق بولدى؟

— ئوقۇتقان، شۇ موللامنىڭ يېنىدا تۇرسا جىم، بولمىسا يەنە ساراڭلىقى تۇتۇپ، ئالەمنى مالەم قىلىدۇ، قانداق قىلسام بولار؟

— گۈلپىيە ھازىر نەدە؟

— موللام بىلەن بىللە ...

— ئۇ موللام نەدە؟

— ئۇ سىدىق قاراباشنىڭ ئۆيىدە تۇرىۋاتقان، بايا بارسام ئۇ يەردىمۇ يوق، باشقا بىر يەرگە كەتكەن ئوخشايدۇ، ھازىر بىر يەردە تۇرمايدۇ، بىزنىڭ ئۆيدە تۇرىۋاتقان، رەيھان ساقچىغا تۇتۇپ بېرىمەن، دەپ قورقۇتۇپ، بۇ يەرگىمۇ كېلەلمەس بولدى، بۇنداقلارنى ھۆكۈمەت بەك چىڭ تۇتىدىكەن، شۇڭا بىر يەردە ئۇزاق تۇرمايدىكەن، يېقىندىن بېرى گۈلپىيە موللام نەگە بارسا

شۇ يەردە يۈرىدۇ.

گۈلنىگار چۆچۈگەندەك بولۇپ رازىيەنىڭ يېنىدىن تارتتى.

— نېمە دەۋاتىسەن؟ ئۆز بويلۇق بولۇپ قالغان قىزنى ياتباش بىر موللىنىڭ قېشىغا يالغۇز تۇرۇشقا يول قويىدۇڭما؟

رازىيەنىڭ ئاغزى ئۈمچەيدى، يۈز تېرىلىرى تارتىشىپ كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

— ئىچىمگە دەرد توشۇپ كەتتى، گۈلنىگار، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمىدىم، گۈلپىيە ساقىيىپ قالارمۇ دەپ قىلمىغانلىرىم قالمىدى، ئاخىر ئۇنى ... ئاشۇ موللامغا نىكاھلاپ بەردىم.

— نېمە دېدىڭ؟

گۈلنىگار ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالدى.

— توۋا دېگىن، رازىيە، سەن مۇشۇ ئىشلارنى قىلدىڭما؟

رازىيە ئۈمچەرەپ تۇرۇپ، بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى دەپ بەردى.

— ھېلىقى موللام ھازىر نەدە؟

— بايا دېدىمغۇ، بىلمەيمەن، بارار ـ تۇرار يېرى ئېنىق ئەمەس.

— سەن ھېلىقى سىدىق قارىباش دېگەننى تېپىپ گۈلپىيەنى تېپىۋال، رازىيە، قالغان گەپلەرنى ئاندىن دېيىشەيلى، گۈلپىيەنى دوختۇرغا كۆرسىتەيلى، بۇنداق بىتايىن ئىشلارنى قىلىپ يۈرمىگىن، توۋا قىلدىم، مەن سېنىڭ بۇ گەپلىرىڭگە ئىشىنەلمەي قېلىۋاتىمەن، موللىغا ئوقۇتىمەن دېسەڭ تېخى شۇنداقلا بىر ئوقۇتۇپ بولدى قىلىدىغان ئىش ئوخشايدۇ دەپتىمەن، بۇ قاتارلىق ئىشلارنىڭ بولۇپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان ... مەن رەيھان بىلەن كۆرۈشەي، ئۇ گۈلپىيەگە بەك ئامراق ئىدى، ئۇمۇ يول كۆرسەتسۇن.

— رەيھان ئۇقۇپ بولدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گۈلنىگار تاكسىدا قايتىپ كېلىۋېتىپ رازىيەنىڭ دېگەنلىرىنى يادىغا ئالدى، موللامىنىڭ سۆزلىرىدىن ھەيران قالدى، ئاجايىپ ـ غارايىپ جىنلار ھەققىدىكى گەپلەرنى ئاڭلاپ تېنى شۈركۈنگەندەك بولدى، قىزىل چاچلىق جىن، دۈمبىسى يوق جىن، ئاق كۆز جىن، ئوت كۆز جىن، ئاق باش جىن ... توكۇر جىن ... موللامىنىڭ رازىيەگە دېيىشىچە، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئىچىدە مۇشۇنداق جىنلار بار ئىكەن، ئەمما خەقلەر ئىچىدە جىن بارلىقىنى بىلمەي ئازاب تارتىپ، خەقلەرنىڭ ئۆچ كۆرۈشى ھەم نەپرىتىگە ئۇچراپ يا بولمىسا ئىشى ئوڭغا تارتماي، پېشانىسى تەتۈر بولۇپ قېلىپ پېشكەلچىلىك ئىچىدە ياشايدىكەن ... . گۈلنىگار رەڭدار چىراغلار بىلەن جۇلالاپ تۇرغان بۇ چىرايلىق شەھەردە يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشلارغا ئىشىنەلمەيلا قالدى.

گۈلنىگارنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ ياماشتى، رازىيەنىڭ جىن توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى كاللىسىدىن چىقىرىۋېتەلمىدى، ئۇنىڭغا شەھەرنىڭ كوچىلىرىدا كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان، ئەمما ئەمەلىيەتتە بار بولغان ناھايىتى نۇرغۇن جىنلار كىشىلەرنىڭ يۈرىكىگە كىرىۋېلىش ئۈچۈن پۇرسەت ئىزدەپ، ئوغرىدەك تىمىسقىلاپ يۈرگەندەك بىلىنىپ قالدى.

كوچا بويلىرىدىكى رەڭدار چىراغلارنىڭ تۇتەپ تۇرغان قىزىل، يېشىل نۇرلىرى ئارىسىدا قانداقتۇر بىرنېمىلەر ئۇچۇشۇپ يۈرگەندەك بىلىنىپ قالدى.

گۈلنىگار قايتىپ كېلىۋېتىپ سەردارنى، چولپاننى، رازىيە، گۈلپىيەلەرنى ئويلىدى، چولپاننى چاچلىرى ئاق، كۆزى يوق، چىشلىرىدىن قان تېمىپ تۇرغان ئالۋاستى سۈپىتىدە كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ باقتى. يۈرىكى مۇزلىدى، گۈلنىگار ئەسلى ناھايىتى بەختلىك ئايال ئىدى، ھەممىنى ئاشۇ ئالۋاستى ئاستا ـ ئاستا تارتىپ كەتتى، گۈلنىگار تەنھا قالدى، مۇشۇ تەنھالىق گۈلنىگارنى قورقۇنچلۇق ھاڭ تەرەپكە بىلىندۈرمەي سۆرەپ كىردى، گۈلنىگار نومۇسسىز ئايالغا ئايلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ،

ئۇ ناھايىتى كۈچەپ، جان ـ جەھلى بىلەن تىركىشىپ ئۆزى كىرىۋاتقان قارا يولغا كىرىپ قالماسلىققا تىرىشىۋاتىدۇ. ئەمما ھە دېگەندە بۇ يولدىن ئۆزىنى تارتىشقا كۈچى يەتمەيۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ، بەلكىم شۇ دەمدە چولپان دېگەن بۇ ئالۋاستى سەردار بىلەن تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتقان، ئۇچۇر يېزىشىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ... گۈلنىگارنىڭ يۈرىكى مۇزلىدى، ئەلەمدىن كۆزلىرى تۇمانلاشتى. گۈلنىگار تېلېفوننى قولىغا ئېلىپ: «نومۇسسىز شەرمەندە» دېگەن خەتلەرنى يېزىپ چولپانغا يوللىدى، يۈرىكىدىكى قورقۇنچ ھەم قورقۇنچقا ئايلىنىپ كەتكەن غەزەپ بېسىققاندەك بولدى.

گۈلنىگار ئۆز يۈرىكىنى ئۆزى يەۋاتقان شۇ دەمدە، سەردار ئەخمەتنىڭ مەنىسىگە يەتمەك تەس، شەكلى ھەم ئىسپادىلىنىشى كىشىنى ئويغا سالىدىغان رەسىملىرى توغرۇلۇق ئويلىنىۋاتاتتى. ئادەملەرنىڭ پىكىر قىلىشى كىشىلىكتىكى بىر بەخت بولۇشى مۇمكىن، ئىنساننىڭ جىمى خۇشلۇقى ھەم قايغۇسى پىكىر بىلەن بولىدۇ، دۇنيانىڭ خۇشلۇقى بەخت بولسا، قايغۇسىمۇ بىر بايلىق. قايغۇسىدىن، غەمدىن، يىرگىنچلىك نەرسىلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىنساننىڭ ئەقلى توختىماي يول ئىزدەيدۇ، توختىماي تېپىرلايدۇ ... شۇنىڭ بىلەن بۇ ھايات ئۆز مەنىسىنى تاپىدۇ.

ئەخمەتنىڭ رەسىملىرى يول ئىزدەۋاتقان بىر ئادەمنىڭ قەدەم ئىزىغا ئوخشاپ تۇرىدۇ.

## 132

— ئىشلىرىڭ ئوڭۇشلۇقمۇ؟ — دېدى سەردار ئەخمەتنىڭ بوياق ھىدى بىر ئالغان تار ئۆيىدە قالايمىقان تاشلاپ قويۇلغان رەسىملەرگە قاراۋېتىپ.

— مەن بىر پارچە رەسىم سىزماقچىدىم، سىزالمايۋاتىمەن ... پەقەت ئىلھامىم كەلمىدى، قوروپ كېتىۋاتسام كېرەك.

— قانداق رەسىم ئىدى؟

ئەخمەت ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ سەردارغا قارىدى، سەردار بەزى چاغلاردا ئۆزىنىڭ قىلمىۋاتقان ئىشلىرىدىن، خىياللىرىدىن، مېڭىۋاتقان يولىدىن، سۆزلىرىدىن، يۈرىكىدىكى ئېتىقادىدىن ... ھەممە نەرسىدىن گۇمانلىنىپ قالسا كېرەك.

— چۈشكۈنلۈك.

— چۈشكۈنلۈك؟

— شۇنداق، چۈشكۈنلۈك، ئادەمگە ئەڭ زىيان يەتكۈزىدىغان نەرسە شۇ، ھاياتنى خۇنۇكلەشتۈرىدىغان نەرسىمۇ شۇ، كىشىگە ئەڭ زور ئازاب ئېلىپ كېلىدىغان نەرسىمۇ يەنە شۇ چۈشكۈنلۈك ...

— قالتىس قائىدىلەرنى بىلىسەن، ئەمما ئۆزۈڭ رىئايە قىلمايسەن، — دېدى سەردار ئەخمەتنىڭ رەسىملىرىگە تەپسىلىي قاراۋېتىپ، — ئەمما ئەڭ چۈشكۈن ئادەم دەل ئۆزۈڭ بولۇشۇڭ مۇمكىن.

— توغرا دەيسەن ... شۇڭا مەن چۈشكۈنلۈكنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىمەن.

سەردار ئەخمەتنىڭ سارغۇچ كۆزلىرىگە قارىدى، بۇ كۆزلەر ئۇيقۇسى كېلىپ قالغان ياكى ئۇخلىيالماي ھارغىنلىق يەتكەن ئاتنىڭ كۆزىگە ئوخشايتتى.

— مەن دەل چۈشكۈنلۈكنىڭ ئەپت - بەشىرىسىنى ئېچىپ بېرىدىغان بىر رەسىم سىزماقچىدىم، — دېدى ئەخمەت بېشىنى چايقاپ، — ئەمما راستلا سىزالمايۋاتىمەن، ئەسلىي ئۇنى خۇددى پىكاسسونىڭ لىقىدە مەنە چىڭقىلىپ تۇرغان رەسىملىرىگە ئوخشاش سىزماقچىدىم، ئەمما زادىلا سىزالمىدىم.

— سەن پىكاسسونىڭكىدەك ئەمەس، ئەخمەتنىڭكىدەك سىزغان بولساڭ سىزالايتتىڭ، يەنە كېلىپ ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق بولىۋەرمەيدۇ ... بىر كۈنلەردە سىزىپ قالىسەن.

— بەك ئىچىم سىقىلىپ كېتىۋاتىدۇ.

سەردار ئەخمەتنىڭ تىت - تىت بولۇۋاتقان ئەپتىگە قاراپ

كۆلۈمسىرىدى:

ــ ئىچى سىقىلىش، ئۆزىنى تۇگەشكەندەك ھېس قىلىشىمۇ بىر تۈرلۈك چۈشكۈنلۈك بولۇشى مۇمكىن ...

ــ شۇنداق ... مەن ئۆزۈمدە چۈشكۈنلۈك بارلىقىنى بىلىمەن، بۇنىڭدا گەپ يوق، ئەمما مەن ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ كەتمىسەم بولمايدۇ.

كىچىك ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن كىرگەن قۇياش نۇرى كونا، يېغى رەسىملەر ئۈستىدە سىلىغىياتتى، كىشىلىكتىكى ئىزدەشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى پايانى يوق چۆلدىكى چىغىر يولدا ماڭغاندەك تەرزدە داۋام قىلىدۇ، نۇر ۋە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تەمتىرەيمىز، ئەمما ئىزدەشلىرىمىز ئۈزۈلمەيدۇ. مەڭگۈلۈك قانۇنىيەت ــ دەل توختىماي ئىزدەش، ئىزدەش ئىنساننىڭ روھى ھەم ۋۇجۇدىنىڭ ئەبەدىي ئۈزۈلمەيدىغان نىشانى.

ــ ساڭا بايا بىر گەپنى دەيمەن دەپ دېيەلمىدىم ... چۈشكۈنلۈك دېگەن رەسىمنى سىزالمايۋاتىمەن، دېدىڭغۇ، بۇنىڭغا ئۆزۈڭنى سىزساڭ بولىدۇ، ئېنىقراقىنى دېسەم، بايا ماڭا سىزالمايۋاتىمەن دېگەندىكى تۇرقۇڭنى سىزساڭ، بۇ رەسىم دەل چىقىدۇ ھەم ئۇتۇقلۇق رەسىم بولىدۇ.

ــ بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

ــ مېنىڭچە سەن ئەمەلىيەتتە بەك چۈشكۈن ئادەم ... بۇ دۇنيادىن ئالالمىغان ئاچچىقىڭ باردەك قاچان قارىسا قاپىقىڭ تۈرۈك، ئەلەم تارتىپلا يۈرىسەن.

ئەخمەت بىردەمگىچە شۈك بولۇپ قالدى، ئاندىن بېشىنى چايقاپ پىچىرلىدى:

ــ سەن تۇغۇلماستا داداڭ سېنى تاشلىۋەتسە، ئاخىر سەن بىلىپ تۇرۇپ بىر پاھىشىنى خوتۇنلۇققا ئالساڭ قانداق قىلاتتىڭ؟

سەردار ئۇنىڭ گېپىنى چالا ـ پۇچۇق ئاڭلىدى.

ــ نېمە دېدىڭ؟

— ھېچنېمە ... مۇنداقلا گەپ.

— پاھىششىنىڭ گېپىنى قىلامسەن نېمە؟

— بۇ گەپلەرنى قويايلى، چۈشكۈنلۈك كۆپىنچە ئادەملەردە بار، بۇ نەرسە ۋاباغا ئوخشاش ئاشۇ روھىغا كىرىۋالغان ... مەن مانا شۇلارنى سىزماقچىدىم.

سەردار ئەخمەتنىڭ يېقىندىن بۇيان سىزغان رەسىملىرىگە بىرمۇبىر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى.

— بەزىدە ئادەم ئۆزىنى پەقەت ئۆزىلا قۇتقۇزۇشقا توغرا كېلىدۇ، كۆچى يەتمەيدۇ، باشقىلار تېخىمۇ قۇتقۇزالمايدۇ، ئادەم ئۆزىنىڭ يۈرىكىدىكى پاتقاققا ئۆزى چۈشۈپ قالىدۇ، تېپىرلىغانسېرى شۇنچە پېتىپ كېتىدۇ، مەسىلەن ئەيدىز، خېروئىن، ئەخلاقىي بۇزۇلۇش دېگەندەك ئاپەتلەر، — دېدى ئەخمەت.

ئەخمەتنىڭ چەكسىز ھەم سۇزۇك ئەقلى بوراندىن كېيىنكى ئەينەكتەك بىر ھالغا چۈشۈپ قالغاندەك قىلاتتى.

— ئەمەلىيەتتە ھەممەيلەن ياخشى، بىر ئوبدان ياشاۋاتىمىز، سەن دېگەن ئەيدىز، خېروئىن دېگەنلەر ھامان يوقىلىدۇ، تۇرمۇشتا ئانچە ـ مۇنچە بىر ئىشلارنىڭ بولۇشى نورمال، مەسىلە سەن دېگەندەك ئېغىر ئەمەس.

سەردار ئەخمەتنىڭ بوياق يۇقۇشۇپ قالغان بارماقلىرىغا قارىدى. سەردار ئەخمەتنىڭ ئالىقان سىزىقلىرىغا قاراپ تەلەي ياكى ئاپەتكە سالىدىغان پالغا ئىشىنىدىغان ـ ئىشەنمەيدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

— سەن ئۇ رەسىمنى قانداق سىزماقچىدىڭ؟

— مەن ... تازا بىلەلمىدىم، دەسلەپكى لايىھەدە بىر ئادەم ئەينەك ئالدىغا بېرىپ ئۆزىنىڭ ئەكسىگە قاراپ ئەينەكتىكى ئەكسىدىن قورقۇپ كەتكەن ھالەتتە سىزماقچىدىم، ئەمما ئاخىر بۇمۇ بولمىغۇدەك دەپ ئويلاپ قالدىم، بۇمۇ چۈشكۈنلۈك دېگەن مەنىنى ئىپادىلىيەلەيدىغان رەسىمنىڭ ياخشى ماتېرىيالى

بولالمايدىغاندەك قىلىدۇ.

ئەخمەتنىڭ دەردى يالغۇز ئۆزىنىڭ دەردى بولۇشى ناتايىن، ئەخمەتنىڭ خىيالى ئۆزگىلا تەۋە ئويلىرىنىڭ كۆلەڭگىسى بولۇشى ناتايىن، ئۇ ئۆزىنىڭ، ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىڭ يۈرىكىنى تىڭشاپ يۈرگەندەك قىلاتتى. ئەخمەتكە نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ روھى قىيسىيىپ قالغاندەك بىلىنىدۇ. روھىي قىيسىيىپ قېلىش ... روھى قىيسىيىپ قېلىشنىڭ نېمىلىكىنى نۇرغۇن ئادەملەر بىلىدۇ، يەنە نۇرغۇن ئادەملەر بىلمەيدۇ، بىلىپ تۇرۇپ خاتا يولدا مېڭىۋاتقانلار، خاتا يولغا كىرىپ قالغانلار، كىرىۋاتقانلارنىڭ روھى قىيسىيىپ كەتكەنلەرگە تەۋە ... سەردارنىڭ يۈرىكىدىكى، كۆڭۈل پايانىدىكى نازۇك بىر يەرلەر سوغۇق تەرلىدى ... ئەيدىز ... ئەخمەت تولا تىلغا ئالىدىغان ئەيدىزمۇ ئۆزگە ياندىش مېڭىۋاتقاندەك، ئۇنىڭ مۇدھىش تىنىقلىرى سەردارغا يېقىنلا يەردىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك تۇيغۇدىن تېنى شۈركۈندى، سەردار ھېچكىمگە دېيەلمەيدىغان ئىشىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئويلاپ قېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئۇزۇن كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى. نۇرغۇن ئادەملەر مۇشۇ ھالدا بولۇشى مۇمكىن. سەردار، ئەخمەت، نادىرە، دىلمۇرات دېگەن ئادەملەر ئۆزلىرى قىلىۋاتقان ئىشلارنىڭ دۇرۇسلۇقىدىن گۇمانلىنىپ يۈرىدۇ، شۇلارنىڭ ئىچىدە گۈلنىگارمۇ بار.

## 133

دىلمۇراتنىڭ تېلېفون نومۇرى ئېغىر تاش بولۇپ گۈلنىگارنىڭ يۈرىكىگە ئۇرۇلدى، گۈلنىگارنىڭ قورقۇنچى قارا رەڭلىك دولقۇنغا ئايلىنىپ ئۇنىڭ باش ئۇستىدە ۋىڭىلداپ يۈرەتتى.

«سىزنى سۆيىمەن. »

گۈلنىگار تېلېفونغا قاراپ ئۇھ تارتىپ قويدى. ئۇ بارا ـ بارا

ئۆزىدىن يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى، ئۆزىگە ئوخشىماي قېلىۋاتاتتى. ۋەھىمىلىك تۇيغۇلار باش ئۈستىدە تۇماندەك ئايلىنىۋاتاتتى.

— خۇدا، مېنى سەردارغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى قىلىپ سېلىشتىن ساقلىغايسەن.

گۈلنىگار شۇنداق پىچىرلىدى، ئاۋازىدىن تەھلىكە بىلىنىپ تۇراتتى. سەردارغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى قىلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋەيران بولۇپ كېتىشتىن دېرەك بېرەتتى.

— گۈلنىگار، سىزنى سېغىندىم.

دىلمۇراتنىڭ يېقىملىق ئاۋازى گۈلنىگارنى مەست قىلاتتى، شېرىن ھېسقا چۆمدۈرەتتى، مۇشۇ مەست بولۇشلار، مۇشۇ تاتلىق تۇيغۇلار ... گۈلنىگارنى قورقۇتىدىغان، ۋەھىمىگە سالىدىغان نەرسە شۇ ئىدى. دىلمۇراتنىڭ ئاۋازىنىڭ يېقىملىق ئاڭلىنىشى، تۇرۇپلا ئۇنى ئەسلەپ قېلىشلىرى ئۇنى قورقۇتىدۇ، تېلېفونغا قاراپ دىلمۇراتنىڭ ئۈچۈرلىرىنى ئىزدەپ قېلىشى ئۇنى چۆچۈتىدۇ.

— بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا تېلېفون بەرمەڭ.

— سەۋەبى نېمە؟

— مەن قورقىمەن.

— نېمىدىن قورقىسىز؟

— بۇنى سورىماڭ، مېنى ئارامىمدا قويۇڭ.

— ئۆزىڭىزنىلا ئويلىماڭ.

— سىز ئۆيلىنىپ چىرايلىق ئائىلە قۇرۇۋېلىڭ.

دىلمۇرات گۈلنىگارنىڭ قاملاشقان تۇرقىغا قاراپ كۆڭلىدە زەھەرلىك كۈلدى: «مېنىڭ ئائىلە قۇرغۇم يوقمىدى؟ مېنىڭ خاتىرجەم ياشىغۇم يوقمىدى؟ ... ھەممىسى سەردار دېگەن ئىتنىڭ بالىسىنىڭ قولىدا ۋەيران بولۇپ كەتتى ... سەردار ... سەندىن ئۆچ ئېلىۋاتىمەن، بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى يۈرىكىڭ قانايدۇ، يەر بىلەن يەكسان بولىسەن، ئىچىڭدىن تۈگىشىسەن، ئىچىڭدىن ئۆلىسەن ... مۇشۇنداق چىرايلىق ئايالىڭ تۇرۇپ ساڭا يەنە

چولپاننى ئىگىلىۋېلىشنى كىم قويدى لەنەتتەگكۈر ... سەن مۇشۇ تويماسلىقىڭ بىلەن ھەممىمىزنى ۋەيرانلىققا سۆرەپ مېڭىۋاتىسەن، ئاخىر ھەممىگە سەن جاۋابكار ... مېنى مۇشۇنداق قىلىشقا قىستىغان ئادەم دەل سەن ... »

دىلمۇرات دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ تۇرغان گۈزەل ئايالنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرۇپ شۇلارنى ئويلىدى. ئۇ گۈلنىگارنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇرىسىنى تۇتتى.

— تەربىيە ـ نەسىھەتلىرىڭىزگە رەھمەت، يەنە تاپىلايدىغانلىرىڭىز بارمۇ؟

— يوق، ھەممىسى مۇشۇ، — دېدى گۈلنىگار ئاران ئاڭلانغۇدەك پەس ئاۋازدا.

— يەنە بولسا دەۋېلىڭ.

— مېنى ئازدۇرماڭ، دىلمۇرات، سىزدىن خۇش بولۇپ قالاي، ناۋادا مەن يولدىن چىقىپ كەتسەم ئۆزۈمنى كەچۈرمەيمەن، ھەتتا ئۆلۈۋېلىشىم مۇمكىن.

— چۈشەندىم.

— چۈشەنگەن بولسىڭىز بۈنىڭدىن كېيىن مېنى ئىزدىمەڭ، تېلېفون قىلماڭ ... دەسلەپتىلا سىز بىلەن كۆرۈشمىسەم بوپتىكەن ... سىزدىن خۇش بولاي، بىز ئەمدى كۆرۈشمەيلى.

— بۈنىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيمەن، شۇ نەرسە ئېسىڭىزدە بولسۇن، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن.

دىلمۇرات شۇ گەپنى دەۋېتىپ ئۆزىنىڭ بۇ سۆلكەتلىك ئايالنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ھەيرانلىق بىلەن خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

— مېنى ياخشى كۆرسىڭىز بولمايدۇ.

— كۆلكىلىك گەپ.

— نەرى كۆلكىلىك ئىكەن؟

— ياخشى كۆرۈش ـ كۆرمەسلىك بىر ياكى ئىككى ئادەمنىڭ ئىختىيارىدا بولمايدۇ، بۇ دېگەن تەبىئىي شۇنداق بولىدىغان

ئىش، بۇنى نېمە دەيمىز؟ تەقدىر دەيمىز، تەقدىر ...

دىلمۇرات گۈلنىگارنىڭ قىينىلىپ كېتىۋاتقان قەلبىنىڭ ئېزىلىشلىرىنى ھېس قىلغاندەك بولدى.

— ماڭا بۇنداق يوغان قائىدىلەرنى چۈشەندۈرمەن دېمەڭ، ئەمدى ماڭا تېلېفون بەرمەڭ.

— ناۋادا ھەقىقەتەن مېنىڭ تېلېفون قىلىشىمنى ياقتۇرمىسىڭىز، تېلېفون نومۇرۇمنى قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈۋېتىڭ، شۇ چاغدا ماڭىمۇ ئامال بولمايدۇ، — دېدى دىلمۇرات بوغۇق ئاۋازدا.

گۈلنىگار ھېچنېمە دېمىدى، دىلمۇرات بىلەن دېيىشىدىغان گەپلەرنىڭ تۈگىمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشسە كۆڭلىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ قالىدىغانلىقىنى ھەسرەت بىلەن يادىدىن ئۆتكۈزدى، ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا سۆيىدىغان بىردىنبىر ئادىمى سەردار، ئەمما ئۇ ھازىر دىلمۇراتنىڭ يېنىدا.

«تۈگىشىدىغان بولدۇڭ، گۈلنىگار.»

گۈلنىگار تەنھالىقىنىڭ سىرلىق بوغۇناقلىرى ئارىسىدا، خامۇش بىرھالدا ئۆيگە قايتىپ كەلدى.

تۆمۈر ئىشىكنىڭ شاراقلاپ ئېچىلىشى ئۇنىڭغا تۈنۈگۈن ھەم بۈگۈنگە تەۋە كونا ھاياتنىڭ كونا پېتى داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى يادىغا سالدى.

گۈلنىگار ئۇھ تارتىپ قويدى، ئۈستەلگە ئېگىشىپ باشچىلاپ بىرنېمىلەرنى يېزىۋاتقان سەردارغا قارىدى، ئۈستەلدە ئەخمەتنىڭ يېقىندا سىزغان رەسىمى تۇراتتى، رەسىمدە بىر ئادەمنىڭ يۈرىكى بېشىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇراتتى، يۈرەك ئىككىگە بۆلۈنگەن، ھېلىقى ئادەمنىڭ گۈزەل كۆزلىرى ئىككى تەرەپكە، ئوڭ كۆزى ئوڭ تەرەپكە، سول كۆزى سول تەرەپتىكى يۈرەككە چەكچىيىپ قاراپ تۇراتتى، ئىككى قولى ئىككى يانغا سوزۇلغانىدى. بىر يۈرەكنىڭ ئىككى پارچىسىنى ئىككى بۈركۈت بىردىن قاماللاپ تۇراتتى.

گۈلنىگارنىڭ تېنى شۈركۈندى، بېشى قايغاندەك بولدى، ئەخمەت بۇ رەسىمنى ئېلىپ كەلگەندە گۈلنىگارمۇ بار ئىدى.

— بۇ قانداق رەسىم، ئەخمەت؟ — سەردار كۆزىنى رەسىمدىن ئۈزمەي سورىغانىدى، — بۇنىڭدا نېمە مەنە بار؟

— بۇنىڭ مەنىسى ئۈز - ئۆزىدىن چىقىپ تۇرامدۇ ... مانا قارا ... بىر ئادەمنىڭ يۈرىكى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن، ئىككى كۆزى ئىككى يانغا تىكىلگەن، ئەسلىي ئادەمنىڭ يۈرىكى بىر پۈتۈن بولۇشى، ئىككى كۆزى بىر نىشانغا تىكىلىشى كېرەك ئىدى ... بۇ دېگەن ئادەملەردىكى كۆڭۈل پارچىلىنىشىنىڭ، شۇنىڭ بىلەن پەيدا بولىدىغان ھاياتنىڭ پارچىلىنىشى ... شۇنداق ئەمەسمۇ، گۈلنىگار.

گۈلنىگار چۆچۈپ كەتتى، ئۇ رەسىمگە قاراپ ھەيران بولۇپ قاراپ تۇراتتى، ئەخمەتنىڭ تۇيۇقسىز سورىغان سوئالى ئۇنى ئاسىقتۇرۇۋەتتى.

— مەن ... مەن بۇلارنى بىلمەيمەن.

— ئادەملەرنىڭ روھى، كۆڭلى بۆلۈنۈپ كەتتى، بىر يۈرىكنى ئىككى ئەمەس، تۆت ھەتتا بەش قىلىۋالغانلار، ئىككى كۆزنى ئىككى يەرگە ئەمەس، نەچچە يەرگە تىكىۋاتقانلار تولا، مانا بۇنىڭ ئۆزىمۇ ئادەملەر ئارىسىدا يۈز بېرىۋاتقان پاجىئەلەرنىڭ يىلتىزى.

ئەخمەت گۈلنىگارغا تىكىلىپ شۇ گەپلەرنى دەۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئاۋازى يىڭنىگە ئايلىنىپ گۈلنىگارنىڭ كۆڭلىگە سانجىلغانىدى.

پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بىرنېمىلەرنى شىتىرلىتىپ يېزىۋاتقان سەردارغا قاراپ تۇرغان گۈلنىگار ئەخمەتنىڭ شۇ چاغدىكى سۆزلىرىنى ئەسلەپ تېنى شۈركۈندى، شۇ ھالدا گۈلنىگارنىڭ سەردارنىڭ يازغانلىرىنى يىرتىۋەتكۈسى، كىتابلىرىنى پارە - پارە قىلىۋەتكۈسى، سەردارنى نەچچىنى ئۇرۇۋەتكۈسى كەلدى.

«مېنى مەھكەم تۇتۇپ تۇر ئەبلەخ!»

گۈلنىگارنىڭ جان - جەھلى بىلەن شۇنداق ۋارقىرىغۇسى

كەلدى، ئەمما ئاۋازى چىقمىدى.

«مېنى قولىڭىزدىن چىقىرىۋەتمەڭ، سەردار، مېنى چىلاڭ تۈتۈپ تۇرۇڭ، مەن تۈگىشىپ كېتىمەن ... مۇشۇنداق بولىۋەرسە ئاخىر ھەممىمىز تۈگىشىمىز ... بالىلىرىمىز تۈگىشىدۇ ... مېنى چىلاڭ تۈتۈڭ، قولىڭىزنى بوشىتىۋەتمەڭ.»

ئۇنىڭ مۇشۇ گەپلەرنى سەردارغا بىرمۇبىر دېگۈسى كەلدى.

ئەمما ئۇ ھېچنېمە دېيەلمىدى.

ـــ سەردار، مەن سىرتقا چىقىپ كىرەي.

پۈتۈن زېھنى بىلەن قىلىۋاتقان ئىشىغا بېرىلىپ كەتكەن سەردار بېشىنى كۆتۈرۈپمۇ قويمىدى.

ـــ بولىدۇ، چىقىپ كىرىڭ.

«ھۇ بولۇمسىز، ناۋادا مەن يولدىن چىقىپ كەتسەم، بۇنىڭ ھەممە گۇناھى سەندە بولىدۇ، تېخى ھازىر سىرتتىن كىرىپ يەنە نەگە بارىسەن، دەپ سورىشىڭ كېرەك ئىدى ... »

گۈلنىگار لېۋىنى چىشلەپ سەردارغا قاراپ تۇردى، ئاچچىق قارا ئىس كۆڭلىگە ئاستا ـ ئاستا يېيىلىۋاتاتتى. بىلىپ تۇرۇپ يامان يولغا كىرىپ قالماي ... مەن چوپچوڭ ئايال، ئىككى بالام بار ... ئائىلەم بار ... مەن بۇ ھالدا يامان يولغا كىرىپ قالسام بولمايدۇ، سەۋەبنى سەردارغا ئارتىپ قويۇشمۇ قاملاشمىغان گەپ بولىدۇ.

گۈلنىگارنىڭ كۆڭلىدىكى قانداقتۇر بىرنەرسە ئەقلىگە بويسۇنمايۋاتاتتى.

گۈلنىگار ئۆزۈن ياساندى، سەردارنىڭ ئۆزىنى سىرتقا چىقارغۇزماسلىقىنى شۇنچە تەقەززالىق بىلەن تەمە قىلدى.

گۈلنىگار شەھەر سىرتىدىكى كەڭ دالانى تەنھا ئايلىنىپ يۈرەتتى.

كۆك ئاسمان، يېشىل دالا، ھەيۋەتلىك تاغلار، غۇر ـ غۇر شامال ... مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلىك دۇنياسىنىڭ ئادەملەرگە تەئەللۇق بايلىقلىرى، بۇلار شۇ قەدەر گۈزەل، بىز ئىنسان

سۈپىتىدە خۇددى مۇشۇ نەرسىلەرنى گۈزەل دەپ ئويلايدىغان، مۇشۇنداق نەرسىلەردىن خۇشاللىق تاپىدىغان بولۇپ يارالغان، بۇنداق گۈزەللىكلەر، بۇنداق ماتانەت، بۇنداق سۆيۈنۈشلۈك نەرسىلەر بىزگە يېتىپ ئاشقۇچە بار.

شۇنداق، يېتىپ ئاشقۇچە بار.

بىلسەك ئەسلي بىزنىڭ ھېچنېمىمىز كەم ئەمەس.

ئەمما ...

ئەمما، بىزدە بىر نەرسە كەم، ھېچنېمىمىزنىڭ كەم ئەمەسلىكىنى بىلمىدىغان ئەقىل.

بىزدە گۈزەللىكتىن سۆيۈنەلەيدىغان قەلب كەمچىل، گۈزەللىكنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلالايدىغان تۇيغۇ ۋە مەۋجۇتلۇقىدىن بەھر ئالىدىغان كۆڭۈل كۆزى روشەن ئەمەس ... بىز قەدەمدە بىر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ تۇرىدىغان ئادەملەر ... گۈلنىگار دالادا ئايلىنىپ يۈرگەن دەمدە رازىيە تېلېۋىزور ئالدىدا ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ تېلېۋىزورغا قاراشلىرى كۆنۈك ئادەتتىن بولۇۋاتقاندەك ئىدى، ئەمەلىيەتتە تېلېۋىزوردا نېمىلەر چىقىۋاتىدۇ، نېمە گەپلەر بولۇۋاتىدۇ ... بۇلار ئۇنىڭ خىيالىغا كىرمەيتتى. بەزى ئادەملەرنىڭ دۇنيانىڭ شاۋقۇنلىرى قۇلىقىغا كىرمەيدىغان، ھەرنەرسىنى ئەسلي رەڭگى، ئەسلي ھالي بويىچە كۆرەلمەيدىغان، ھېس قىلالمايدىغان چاغلىرى بولىدۇ، ئەسلىمە بىلەن بۇگۈن، خىيال بىلەن ئارزۇلىرى كىرىشىپ، گىرەلىشىپ، قايسى نەرسىنىڭ قايسى ھالدا ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمايدىغان چاغلىرى بولىدۇ، گۈلنىگار كۆز ئالدىدىكى تەبىئەتنىڭ سېھىرلىك كۆرۈنۈشلىرىدىن ھېچنېمىنى ھېس قىلالمايۋاتقان دەمدە رازىيەمۇ خۇددى شۇ ھالدا ئېسەنگىرەپ ئولتۇراتتى.



رازىيە تېلېۋىزور ئالدىدا ئىدى.

تېلېۋىزوردا تەبىئەتنىڭ سېھىريي كارامىتىگە دەلىل بولىدىغان

گۈزەل يايلاقلار، چەكسىز ئورمانلار، بىپايان كۆك ... بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن ھالدا نامايان بولۇۋاتاتتى. يۈرەك تارىنى چېكىدىغان مۇزىكا شۇ گۈزەللىكلەر ئارىسىدىن چىقىۋاتقاندەك ياكى شۇ گۈزەللىكلەر مۇزىكىنىڭ يېقىملىق ئاسمانىدىكى ئەكسى بولۇپ كۆرۈنگەندەك قىلاتتى.

رازىيە تېلېۋىزورغا تىكىلگىنىچە بۇتتەك قېتىپ ئولتۇراتتى. كۆزى ھېچنېمىنى كۆرمەيتتى، شاكىرنىڭ ئاۋازىدىن باشقا ھېچقانداق ئاۋازنى ئاڭلىيالمايتتى.

— ماڭا راست گەپ قىلماي ئۆتۈپ كەتمەكچىمۇسەن؟

— راست گەپنى دېدىم، نەچچە مىڭ قېتىم دېدىم.

— نەچچە مىڭ قېتىم دېگىنىڭنىڭ ھەممىسى يالغان ... سەن ئەزەلدىن راست گەپ قىلىپ باقمىدىڭ، راست گەپ قىلماي قۇتۇلالمايسەن ... ئابدۇراخمان دېگەن ئىت بىلەن قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىڭنى مەن بىلىمەن.

— ئابدۇراخمان ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتتى، خەقنى گۆرىدە تىنچ ياتقىلى قوي.

— ئۇ ئۆلۈپ كەتكەن بىلەن ئۇ ھايات ۋاقتىدا ئىككىڭ قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇشقانسەن.

— مۇشۇ گەپنى مىڭ قېتىم دېدىڭ، مۇشۇ دېگەنلىرىڭ ئۇچۇن ئۇچۇن بولسىمۇ ئابدۇراخمان ھايات بولغان بولسا قىلغۇلۇقنى قىلاتتىم ... ئەمما ئۇ ئەمدى يوق.

— ئاغزىڭنى يىرتىمەن.

— نېمە قىلساڭ قىل.

— گۈلپىيە ئابدۇراخمان دېگەن ئىتتىن بولغان بالا ... شۇنداقمۇ پاسكىنا.

— ئۇنداق ئەمەس.

— سەن مەڭگۈ راست گەپ قىلمايدىغان ئوخشايسەن.

— پەقەت ئىشەنگىلى ئۇنىمىساڭ مەندە ئامال يوق ... قانداق ئويلىساڭ شۇنداق ئويلا.

— ئەمما مەن ئىنتىقلىماي قويمايمەن.
— سەن بۇنداق قىينىلىپ يۈرگۈچە مېنى قويۇۋەتسەڭلا بولمىدىمۇ؟
— ئالدىرىما، ئۇمۇ بولۇپ قالىدۇ. گۈلپىيە مېنىڭ بالام ئەمەس ... ئەمما خۇددى سارائىدەك نەچچە يىللاردىن بىرى ئۇنى بېقىپ كەلدىم.
— گۈلپىيە سىنىڭ بالاڭ ...
— يالغان، بۇنداق گەپنى يۈز مىڭ قېتىم دېسەڭمۇ ئىشەنمەيمەن.
— ئىشەنمىسەڭ ئىشەنمە.
شاكىر بىلەن رازىيەنىڭ بۇنىڭدىن ئىلگىرىكىگە ئوخشاش باشلىنىپ، يەنە بۇنىڭدىن ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ئاخىرلىشىدىغان شۇ قېتىملىق جېدىلىنى ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئاڭلاپ تۇرغان گۈلپىيەنىڭ كۆڭلىگە سوغۇق ھەم قۇمدەك قارائىغۇلۇق كەپلەشتى، كۆڭۈل ئالىمىدە قىپقىزىل بىر ئاۋاز زەھەرلىك ھەرىنىڭ غوڭۇلدىشىدەك پۈتۈن ئارزۇلىرىنى چېقىپ، پارە - پارە قىلىۋەتتى. ھەرىنىڭ مۇدھىش قىزىل كۆزلىرى شۇ قەدەر قورقۇنچلۇق ئىدى، ئۇ ئۇدۇل كەلگەنچە گۈلپىيەنىڭ روھىنى چېقىپ، قان تومۇرلىرىنى جاراھەتكە توشتۇرۇۋەتتى.
— مەن هارامدىن بولغان بالا ...
گۈلپىيە ئاچچىق چىرقىرىدى، ئاۋاز ئىچكەركى ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقىپ چالا مەست شاكىر بىلەن هالى بوشاپ كەتكەن رازىيەنى چۆچۈتۈۋەتتى.
— مەن هارامدىن بولغان بالا!
— ئۇنداق دېمە گۈلپىيە. يامان بولىدۇ.
— مەن هارامدىن بولغان ... — گۈلپىيە شۇنداق دېگەنچە بېرىپ ياندىكى قاچا - قۇچا ئىشكاپىنى بىرلا تارتىپ ئۆرۈۋەتتى، داستىخاندا تۇرغان جانان چەينەكنى ئېلىپ تامغا قارىتىپ ئاتتى.



www.uyghurkitap.com

ئۆينى چىنە ـ قاچىلارنىڭ پارچىلىرى بىر ئالدى. چېچىلىپ ياتقىنى چىنە ـ قاچىلارنىڭ پارچىلىرى ئەمەس، ھاياتنىڭ پارە ـ پارە بولغان پارچىلىرى ئىدى.

گۈلپىيە قاچا ـ قۇچا ئىشكاپىنى ئۆرۈپ دەھشەتلىك چىرقىرىغان شۇ كۈنى ئۇنىڭ ئارىدىن ئۇزاق كۈنلەر ئۆتۈپ بارات موللامغا نىكاھى ئوقۇلىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئويلاپ باقمىغانىدى.

...

رازىيە تەنھالىق ئىچىدە، شاكىر بىلەن تالاي قېتىملاپ يۈز بەرگەن ئۇرۇش ـ تالاشلارنى ئەسلەپ قالدى، گۈلپىيەنىڭ بالىلىق ۋاقىتلىرىنى، ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم چىنە ـ قاچىلارنى چاققان، ئۆزىنىڭ گېلىنى ئۆزى سىققان دەملەرنى ئەسلىدى، بارات موللام بىلەن تۇنجى كۆرۈشكەن دەملەرنى ئەسلىدى، ئارىدا نۇرغۇن ئىشلار بولۇپ ئۆتتى، ئىشلار بىر ـ بىرىدىن ئۆتە ۋەھىمىلىك ئىدى، بولۇپمۇ گۈلپىيەنى بارات موللامغا نىكاھلاپ بېرىش ... رازىيە گۈلپىيەنى بارات موللامغا نىكاھلاپ بەرگەن ئىشلارنى ئەسلەشتىن قورقاتتى، بۇ ئىشنى يامان بولدى، دەپ ئويلاشتىنمۇ قورقاتتى.

بارات موللام كەتتى، بىر ئايدىن كېيىن كېلىمەن، دەپ كېتىپ ئىككى ئايدا كەلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە كەتتى، يەنە كەلدى، ھازىر ئۇنىڭ كېلىش، كېتىشىنىڭ قارارى يوق ... ئۇ نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا، سىرتتا بىر ھەپتىلىك ئىشىم بار، دېگىنىچە يوقىلىپ كەتتى، بەلكىم كېلىپ قالار، گۈلپىيە جىمغۇرلىشىپ كەتتى. ھەممىنى قىلغان رەيھان، ئۇ بارات موللامنى ساقچىغا تۇتۇپ بېرىمەن، دېمىگەن بولسا بەلكىم گۈلپىيە بۇ چاغقا ساقىيىپ قالار بولغىيدى ... رەيھاننىڭ دېيىشىچە، گۈلپىيەنى ئۇرۇمچىدىكى 4 ـ دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالىتىش كېرەك ئىكەن، يەنە پىسخىكا دوختۇرلىرىغا كۆرسىتىش كېرەك ئىكەن ... رەيھاننىڭ گەپلىرى بەك جىق،

www.uyghurkitap.com

چۈشەنگىلى، ئۈقىلى بولىدىغانلىرى ئاز، ئەمما ئۇنىڭغا ئىشەنمەيمۇ بولمايدۇ، قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ دېگەن بىزنىڭ قېرىندىشىمىز، يەنە كېلىپ ئوقۇغان، بىلىملىك ... بەلكىم ئۇنىڭ دېگەنلىرىمۇ توغرىدۇر.

رازىيەنىڭ كاللىسىدا تۇنۇگۈن بىلەن بۈگۈن ئارىلىشىپ كەتكەندى، تېرىق بىلەن كەندىر ئارىلىشىپ كەتكەندەك.

چىرايلىق ھايات داۋاملىشىۋاتقان چىرايلىق شەھەرنىڭ كوچىلىرىدا بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئادەملەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان خىيال ـ ئارزۇسى، نىيەت ـ ئىقبالى ئادەملەرنى ئوخشىمىغان يوللارغا باشلاپ كېتىپ بارىدۇ. ماشىنىلارغا زەن سېلىپ كېتىۋاتقان نادىرە ئۆتمۈشكە تەئەللۇق نۇرغۇن غەملەرنىڭ ئاستىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقىۋاتقاندەك قىلاتتى.

**135**

نادىرە ئۆزگىچە يات ھەم سوغۇق تۇيۇلۇۋاتقان شەھەرنىڭ چىرايلىق كوچىسىدا كېتىپ بارىدۇ. باھاردىكى تالدەك نازۇك، ئەۋرىشىم مېڭىشلىرى شۇ قەدەر يېقىملىق بۇ گۈزەل قىزنىڭ يۈرىكىدىكى قارا، بەتبەشىرە، مۇدھىش تۇيغۇلار يۈرىكىنىڭ تېشىغا چىقالمايتتى، ئۇنى ھېچكىم بايقىيالمايتتى، مىڭلىغان كۆزلەر بۇ قىزدىكى گۈزەللىككە مەستانە بولغىنىچە ئۇنىڭغا تىكىلىپ قالاتتى، ئەمما ئۇنىڭ يۈرىكىنى كۆرەلمەيتتى، شەھەرنىڭ شەھەرگە خاس جىددىي ھەم بىپەرۋا، قىزغىن ھەم رەھىمسىز ھاياتى ئۆز يولىدا داۋام قىلاتتى.

نادىرە يوللاردا جىددىي كېتىۋاتقان قىزىل ماشىنىلارغا نەزەر سالاتتى، قىزىل ماشىنىلار چوغدەك يېلىنجايتتى، ئۇنىڭ ئۆتمۈشى قىزىل ماشىنىنىڭ تېگىدە ۋەيران بولغانىدى، ئۇنىڭ كەلگۈسى قىزىل ماشىنىنىڭ چاقلىرى ئاستىدا تۇمانغا ئايلىنىپ

كەتكەنىدى.

نادىرە قىزىل خىياللار ئىچىدە يول ياقىسىدا تۇراتتى، ئۇ بىردىنلا جىددىي كېتىۋاتقان قىزىل ماشىنىنىڭ ئالدىغا ئۆزىنى ئاتتى.

ماشىنا تورمۇزىنىڭ دوزاخ ئىشىكىنىڭ غىچىرلىشىدەك شىددەتلىك ئاۋازى نادىرەنىڭ قۇلاق - مېڭىسىنى يەپ كەتتى، شەھەر سىم - سىم يامغۇر ئىچىدە يىغلامسىرايتتى. ئۇ سىم - سىم يامغۇر ئىچىدە، ئاشۇ دەھشەتلىك ئاۋاز ئىچىدە جىمجىتقىنا ئۇ دۇنياغا كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

بىردەملىك جىملىق بولدى، ناھايىتى ئېغىر ھەم قويۇق جىملىق. ئېغىرلىقىدىن تىنغىلى بولمايدىغان، يورەككە چۆشكەن بېسىمى قورام تاشتەك ئېغىر جىملىق خېلى ئۇزاق داۋام قىلدى. نادىرە كۆزىنى ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىدى، كۆزىنى ئاچسىلا يېڭى بىر دۇنيانى كۆرىدىغاندەك ئويلاۋاتاتتى. ئۇ خىيالىدا كۆزىنى ئاچسىلا ئۇ دۇنيانى كۆرەتتى، ئۇ شۇ ھالدا ھەر ئىككى دۇنيانى كۆرۈشتىن قورقىدىغاندەك قىلاتتى.

تىترەڭگۈ بىر قول نادىرەنىڭ قولىدىن تارتقاندەك قىلدى.

— ھەي ... ساقمۇ سىز ... كۆزىڭىزنى ئېچىڭ.

نادىرە لەپپىدە كۆزىنى ئاچتى، چىرايىدا قان قالمىغان بىر يىگىت ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇراتتى، نادىرەنىڭ قولى ئازراق ئاغرىۋاتاتتى، سومكىسى چاقنىڭ تېگىدە مىجىلىپ تۇراتتى.

— مەن ساقمۇ؟

— دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتۈپ باقاي سىزنى ...

— نېمىشقا؟

— نېمىشقا؟ نېمىشقا دەيسىزغۇ؟ سىز ماڭا سوقۇلدىڭىز، ماشىنىنىڭ ئالدىغا ئۆزىڭىزنى ئاتتىڭىز ... سىز ساقمۇ يا ساراڭمۇ؟

نادىرە قورقۇنچتىن ئۆزگە كېلەلمەيۋاتقان شوپۇرغا سوغۇق نەزەر سالدى.

— سىزچە قانداق تۇرىمەن؟
كەڭ يولدا غەلىتە بىر پۇراق بار ئىدى، ماشىنىنىڭ ئىچىدىمۇ غەلىتە بىر پۇراق بار ئىدى.
— مەنچە ... ئۆزىنى ماشىنىنىڭ ئالدىغا ئاتقان ئادەمنى ئوك دېگىلى بولمايدۇ.
شوپۇر بالىنىڭ ئاپئاق چىشلىرى سوغۇق پارقىرايتتى، ئاپتاپ شەھەرنى قىزدۇرۇپ تۇراتتى. نادىرەنىڭ خىيالىدىكى سىم - سىم يامغۇر يوق ئىدى.
— توۋا ... — نادىرە سىرلىق ھەم سوغۇق كۈلدى، قىزنىڭ گۈزەل لەۋلىرى، بەكمۇ چىرايلىق كۆزلىرى سوغۇق چاقنىدى، — شۇنچە ئاددىي ئىشمۇ ئەمەلگە ئاشمىدى.
— نېمە؟
— مەن ئۆلۈۋالماقچىدىم.
— ئۆلۈۋالماقچى؟
— شۇنداق، مەن پات ئارىدا ئۆلىمەن، شەرمەندە بولۇپ ئۆلىمەن، ئۇنىڭدىن بالدۇرراق ئۆلەي دېگەن.
شوپۇرنىڭ ئاق چىشلىرى گىرىچلاپ كەتتى.
— نېمە دەيسىز ئەمدى؟ سىز مۇشۇنداق ئۆلسىڭىز بالايى - بەتتەرنىڭ ھەممىسى ماڭا بولمامدۇ، سىز ئۆلۈپ قۇتۇلغان بىلەن مەن ئۆلگەندىن بەتتەر كۈنگە قالمامدىمەن؟ قانداق ساراڭ قىز بالىسىز؟
— بولسا سىز دېگەندەك ساراڭ بولۇپ قالغان بولسام ھەممىدىن قۇتۇلاتتىم.
— مېنى خۇدا بىر ساقلىدى ... — شوپۇر ماغدۇرىدىن كەتكەندەك ئۇھ تارتتى.
— خاپا بولماڭ ... مەن قىزىل ماشىنا ئىزدەپ ئاۋارە بولۇپ كەتتىم.
— قىزىل ماشىنا؟
— ھەئە، قىزىل ماشىنا، قىزىل ماشىنىغا سوقۇلۇپ

ئۆلمەكچىدىم.

— مانا كۆرۈڭ ... ئەستەغپۇرۇللا ...

— مۇراتنىمۇ دەل مۇشۇ يەردە بىر قىزىل ماشىنا سوقۇپ نابۇت قىلىۋەتتى، ئاندىن مەن تۇگەشتىم .

— خېنىم، سىزنىڭ كاللىڭىزدا مەسىلە بار ئىكەن، مېنى ئاۋارە قىلماڭ، بىر چىرايلىق قىز بالىنىڭ سارالڭ بولۇپ قالغىنىنى دەيمەن، سىز مەيلى سارالڭ بولۇڭ، ئوڭ بولۇڭ، مېنىڭ ئىشىم يوق، تەلىيىم بار ئىكەن، ئۆلگەن بولسىڭىز ھۆكۈمەت سارالڭنى سوقتوڭ، دېمەي دەپ مېنى قولغا ئالاتتى ... مەن كېتەي ... كۆزۈمگە ئىككىنچى كۆرۈنمەڭ ... چىرايلىق بولغىنىڭىز بىلەن ئەقلىڭىز يوق ئىكەن ... مەن قەلەندەر تېپىپ بېشىمدىن ئۆرۈپ سەدىقە بېرىۋالاي ...

شوپۇر بىرنېمىلەرنى دەپ كوتۇلدىغاچ ماشىنىسىنى ھەيدەپ ئالدىراپ كېتىپ قالدى. نادىرە كېتىۋاتقان قىزىل ماشىنىنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى.

— يارىماس ئەبلەخ!

نادىرە ئالدىراپلا كۆزىدىن يىتكەن قىزىل ماشىنىنىڭ شوپۇرىنى تىللىدى، نادىرەنىڭ ئاۋازىدا يەڭگىللىك، سۆيۈنۈش بار ئىدى، يۈرىكىدىكى بىر خۇشاللىقنىڭ ئىزناسى بار ئىدى.

ھەركىمنىڭ يولى باشقا، خىيالى باشقا، نادىرە شەھەرنىڭ كەڭ يولىدا گاڭگىراپ قالدى، قاياققا مېڭىشنى بىلەلمىدى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىلەلمەيدىغاندەك ئىدى، نېمە قىلىشنى بىلەلمىگەنلەر جىق، نادىرە گاڭگىراپ قالغان مۇشۇ دەمدە، نادىرە تونۇمايدىغان، نادىرەنىمۇ تونۇمايدىغان بارات قويچى باش ـ ئاخىرى يوق گۇمان ھەم ئاچچىق ھەۋەسلەرنىڭ ئارىسىدا تېڭىرقاپ يۈرەتتى.

## 136

سەردار تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقاندا ئىشىك چېكىلدى، مويۇنچۇر يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى، ئىشىكتىن بارات قويچىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تونۇش ھاسىرىشى ئاڭلاندى.
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، سەردار دوختۇر، ياخشى تۇردىلىمۇ؟
— ئوبدان، ئۆزلىرىمۇ سالامەت تۇردىلىمۇ؟ قېنى يۇقىرى ئۆتسىلە.
بارات قويچى ئەنسىز بىر ھالدا ئايغىنىنى سېلىپ ساپاغا جايلاشتى، ئۆينىڭ ئىچىدە كۆڭۈلگە ياقمايدىغان ئوسال بىر ھىد پەيدا بولدى.
— بىر ئىش بىلەن سىلىنى ئىزدەپ كىرىشىم، سەردار دوختۇر، ئۆزلىرى ھەممىدە بار ئادەم، قولۇم ـ قوشنا بولۇپ قالدۇق، بار مەسلىھەت ئىش قىلايلى دېدىم، ھېلىقى پۇلنى ھېلىقىدەك بىر تەرەپ قىلدۇق.
— قانداق بىر تەرەپ قىلدىلا؟
— ھېلىقى خالىق دېگەن بالىغا بەردىم، ئۇ ناھايىتى چوڭ بىر ئىشقا مەبلەغ سالغۇدەك، بىرسى ئىككى بولىدۇ، دەيدۇ.
سەردار بارات قويچىنىڭ خۇنسىز كۆزىنىڭ تەشۋىشلىك پارقىراشلىرىدىن ھەممىنى كۆرگەندەك بولدى، بارات قويچى كۆڭلىدىكى قانداقتۇر بىر ۋەھىمىدىن ئۆزىنى قاچۇرالماي جاپادا قالغانىدى، ئۇ قىلىپ بولغان ئىشىغا قاتتىق پۇشايمان قىلغان، بىراق پۇشايمان قىلغانلىقىنى باشقىلارنىڭلا ئەمەس، ئۆزىنىڭمۇ بىلىپ قېلىشىدىن قورقۇۋاتقاندەك ئىدى. سەردار بارات قويچىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمرىنىڭ تۈگىمەس دەرد ـ ئەلەمگە مۇپتىلا بولىدىغانلىقىنى تۇيۇپ تۇراتتى. سەردارنىڭ بارات قويچىغا ئاچچىقى كەلدى، شۇنچە ۋاقىتتىن بۇيان ئۇنىڭغا دېگەنلىرى، بەرگەن مەسلىھەت، نەسىھەتلىرى بىر تىيىن بولغانىدى.
— بىرنى ئىككى قىلىش يامان ئىش ئەمەس، بارات ئاكا، ئەمما شۇ پۇللىرى بىرسى ئىككى بولۇپ ئەمەس، بىرسى يېرىم ياكى يېرىمىدىن ئاز بولۇپ قوللىرىغا يېنىپ كەلسە مەيلىدىغۇ.
— نېمە دەيدىغانلا ئۇنداق؟ — بارات قويچى شۇنداق دەپ

لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ بولۇپ يەنە جايىغا ئولتۇرۇپ قالدى، چىرايى ھەمساتتىنا تاتىرىپ كەتتى، — ئۇنداق بولسا قانداق بولىدۇ؟ شۇنچە پۇل يوقاپ كەتسە قانداق بولىدۇ؟ يېرىم ياكى يېرىمدىن ئازراقى دەيدىلىغۇ؟

— بارنى دېدىم، باراتكا، ھازىر بەزى ئادەملەردە ئۇسال ئىشنىڭ بىرى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماسلىق، قويمىچلىق دەيدىغان بىر ئىش بار، سىلى بۇنى ئاڭلىغانمۇ؟

— ئاڭلىغان، ئەمدى بۇ شەھەرلىك دېگەننىڭ ھىيلىسى تۈمەن تۈرلۈك بولىدۇ دەيدۇ.

— شۇ، بۇ جاھاندا گوللىغىلى ئادەم بولسا گول بولغىلى ئادەم چىقىدۇ، دېگەن گەپ بار.

— ئەمدى بۇ ئۇكام ...

— راستىنى دېسەم، بۇ ئىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى مەنمۇ بىلمەيمەن، بەلكىم سىلى پۇللىرىنى بەرگەن ئادەم ياخشى ئادەم بولۇپ ھەقىقەتەن بىرنى ئىككى قىلىپ سىلىگە قايتۇرۇپ بېرەمدۇ تېخى.

— ھە، مانداقراق گەپ قىلمامىلا، ئۇكام، يۈرىكىمنى بىر ئالدىلا جۇمۇ، ئويلاپ باقسىلا، ناۋادا شۇ پۇللىرىم راستىلا سىلى دېگەن ھېلىقى نېمىدى؟ ... قويمىچى دېگەننىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتسە بالا ـ قازاننىڭ ئۆزى بولمامدۇ.

— خۇدايىم ساقلار دەيلى ... يامان ئىش يۈز بەرمەس ... ئۆتكەندە بىر ئايالنىڭ گېپىنى قىلاتتىلە، قانداق بولدى؟ كېلىشەلىدىلىمۇ؟

— كېلىشكىلى بولمىدى، ئۇكام، ئىنساپسىز خوتۇن ئىكەن ئۇ.

— قانداق دەيلا؟

— نېمە دەيدۇ دېمەملا، ئۇ خوتۇن ماڭا تېگىدىكەن، بەش مىڭ سوملۇق تويلۇق ئاپىرىدىكەنمەن، ئاتمىشقا يېقىنلاپ قالغان خوتۇنغا بەش مىڭ سوم تويلۇق ئاپارغىلى ساراڭمۇ مەن؟! بۇنىغۇ

مەيلىمۇ دەيلى، يەنە بىر شەرتى بار ئىكەن تېخى ئۇنىڭ، ھەر ئايدا ئۇنىڭغا بەش يۈز سومدىن بانكىغا پۇل قويۇپ بېرىدىكەنمەن ... تېخى يەنە ئۆيدىكى جىمى چىقىملىرى مەندىن ... بۇنداق بولغاندا بۇ خوتۇن ماڭا بەك قىممەت توختاپ كەتكۇدەك ...

سەردار بارات قويچىنىڭ كىرلەشكەن ياقىسىغا، ئىشىك تۆۋىدىكى مايسىراپ قورۇلۇپ كەتكەن ئايىغىغا قاراپ قويدى.

— يەنە باشقا شەرتى بارمىكەن؟

— ياق، شەرت دېگەن ئەمدى بۇنىڭدىن جىق بولماس، ئۇكام.

— مەيلى دېسىلىمۇ بوپتىكەن، يالغۇزچىلىق يامان، ئاش - تاماقتا قىينىلىپ قالىلا، سىلىدە پۇل دېسە بار، ياخشى ياشاش ئۈچۈن خەجلىمەي نېمە قىلاتتىلە پۇلنى؟

بارات قويچى سوۋۇغان چاينى غورتۇلدىتىپ ئىچىۋېتىپ كەينى ئۇچقان ھالدا پىيالىنى قويۇپ قويدى.

— ئۇكام، سىلى ئۇنداق دېگەن بىلەن پۇلۇم بار دەپ بۇزۇپ - چاچساق بولمايدۇ، تويلۇقىغا بەش مىڭ سوم بېرىڭ بىر، ئايلىقىغا بەش يۈز سوم پۇل قويۇپ بېرىڭ ئىككى ... مەن قاراپ تۇرۇپ بۇنداق زىيان تارتىپ كەتسەم قانداق بولىدۇ؟

— سىلىنىڭ ئون مىليون پۇللىرى بار ئەمەسمۇ.

— ئۇ پۇلنىڭ ئىشى بار، ئۇكام، بىرنى ئىككى قىلمىساق بولمايدۇ ... شۇ پۇلنىڭ بېشىدا ئوت كۆيىدۇ ھازىر.

سەردار بەزى ئادەملەرگە پەقەت ئامال يوقلۇقىنى بىلەتتى، مۇنۇ بارات قويچىغا تېخىمۇ ئامال يوقتەك قىلىدۇ. ئادەم بەزىدە مۇشۇنداق ئاددىي ھەم پۇچەك ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ، قىلىغان ئىشىنىڭ، دېگەن گېپىنىڭ، خىيالىنىڭ، ئارزۇنىڭ ... تايىنى قالمايدىغان چاغلار بولىدۇ، ئۆزى قىلىدىغان ئىشنى تاپالماي، ئۆزى دەيدىغان گەپنى دەڭسىيەلمەي، ئۆزى ماڭىدىغان يولنى ئاڭقىرالماي ۋاقتىنى زايە قىلىۋېتىدىغان چاغلار بولىدۇ. بەزى قۇشلار ئۆزىنىڭ قانىتى بارلىقىنى بىلمەي مەڭگۈ ئۇچماسلىقى مۇمكىن. سەردار ئاشخانىدا كۈتكۈچى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ھېلىقى

قىز بىلەن گۈلپىيەنى ئويلاپ قالدى.
سەردار ئىككى كۈندىن بۇيان چولپان بىلەن كۆرۈشەلمىدى، دوختۇرخانىدىكى ئالدىراشلىق ئۇنىڭ ھالىنى قويمىغانىدى.

## 137

چولپاننىڭ نەمخۇش كۆزلىرى سۆزلەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئوماق چىرايىغا قاراپ مەستخۇش بولۇۋاتقان سەردارنىڭ كۆڭۈل پايانىدا ئاپئاق ئاق قۇلار يەڭگىل پەرۋاز قىلاتتى. ئەركىلەشنىڭ شېرىن تۇيغۇلىرى كۆڭۈلگە ئارامچىلىق بېرەتتى، جاھاندا بىر ئادەمنىڭ ئەركىلىگۈدەك، ئەركىلىسە كۆتۈرەلىگۈدەك، ئەركىلىكىنى ياقتۇرغۇدەك ئادىمىنىڭ بولۇشى بىر بەخت.
— نەچچە كۈن بولدى، سىزنى تاپالمىدىمغۇ؟
— ئالدىراش بولۇپ كەتتىم، دوختۇرخانىدا كېسەللەر بەك كۆپ.
— سىز ماڭا تېلېفون قىلمىغىلى بوگۈن ساق ئىككى كۈن بولدى.
چولپان سەردارنىڭ بوينىغا ئېسىلدى، شۇ چاغدا سەردار ئۆزىنىڭ چولپاندىن مەڭگۈ ئايرىلالمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسا كۈنلىرىنىڭ پۈتۈنلەي مەنىسىزلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى. بەزىدە ئۆمۈرلۈك پۇشايمان ئەينەكنىڭ ئىچىدىكى بىلىقتەك كۆزگە روشەن ھەم ئېنىق كۆرۈنۈپ قالىدۇ.
— مەن شېئىر يازمىغىلى ئۇزاق بولغان، تۈنۈگۈن يازدىم ... سىزنى ئەسلەپ ئولتۇرۇپ يازدىم.
سەردار چولپاننىڭ چاچلىرىدىن كېلىۋاتقان تونۇش پۇراقنىڭ روھىنى تامامەن ئەسىر قىلىپ بولغانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى. سەردار چولپاننىڭ مۇلايىم كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇردى.
— ئەكىلىڭ، مەن ئوقۇپ باقاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياپيېشىل يوپۇرماقلار تۇرار جۇلالاپ،
پاكلىقى ئوخشايدۇ شۇ قەدەر گۈزەل ـــ
يالقۇندەك سۆيگۈ ھەم شېرىن كۆيۈشكە.
ئىزدەيمەن ...
ئىزدەشتە ئۆتەر بۇ ئۆمۈر،
تېپىلىپ قالىدۇ دەيمەن ھەم چوقۇم،
مۇناسىپ كەلگۈدەك بىر يار سۆيۈشكە.
ئىزدەيمەن، شامالدەك كېزىدۇ كۆڭلۈم،
ئىزدەيمەن ئىزدەشتە ئۆتەر بۇ ئۆمرۈم.

ـــ بۇ سىزنىڭ شېئىرىڭىزغا ئوخشىماي قاپتۇ.
ـــ نەرى ئوخشىماپتۇ؟
ـــ بۇ شېئىردىن ياش تامچىلاپ تۇرۇپتۇ.
ـــ ئەمەلىيەتتە شېئىر دېگەن كۆز يېشى ھەم ھەسرەت بىلەن شېئىر بولىدۇ.
ـــ بۇ گەپ بولمىدى. شېئىر دېگەن مەردانىلىك ھەم ئۈمىد بىلەن شېئىر بولىدۇ، ئادەمدە ئۆلۈم ئالدىدىمۇ مەردانە تۇرالايدىغان روھنى ياراتسا ئاندىن شېئىر بولىدۇ.
چولپان كۈلدى.
ـــ راست، بۇ شېئىر يىغلاڭغۇ چىقىپ قالدى. مەن سەللا دىققەت قىلمىسام ئۆلۈك شېئىرلارنى يېزىشقا ئاران تۇرىدىغان بولۇپ قالدىم ... بەزىدە مېنىڭ يۈرىكىممۇ لەختە بولۇپ كېتىدۇ.
ـــ سەۋەبىنى مەن بىلىمەن ... مۇرات ئۈچۈن.
ـــ ئۇنىڭدىن باشقا سەۋەبىمۇ بار.
ـــ نېمە؟
ـــ گۈلنىگار ...
ـــ گۈلنىگار؟

— شۇنداق، ئۇ مېنى تىللىسىمۇ، ھاقارەتلىسىمۇ مەيلى، بۇنىڭغا خاپا بولمايمەن، مەن ھەقىقەتەن ئۇ تىللىغۇدەك ئىشلارنى قىلىۋاتىمەن، ئۆزۈمنىڭ مۇشۇ يولغا كىرىپ قالغىنىمدىن بەك ھەيران قالىمەن ... ئۆزۈمنىڭ مۇشۇ يولدىكى ئايال بولۇپ قالغىنىمدىن سەسكىنىمەن ... سىزدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىمنى بىلگەنسېرىم شۇنچە قورقىمەن.

— سىز قورقىمىدىڭىز، ئۈمىدسىزلەندىڭىز، چولپان ... خۇدادىن تىلىسەك، ئۈمىد تىلىسەك بولىدۇ، ئۈمىدسىزلىك چىقىپ تۇرغان رەسىملەرنى سىزغۇچىلار، شېئىرلارنى يازغۇچىلار، ئۈمىدسىز ناخشىلارنى ئېيتقۇچىلار ئۆزى سىزغان رەسىمنىڭ، ئۆزى يازغان شېئىرنىڭ، ئۆزى ئېيتقان ناخشىسىنىڭ تەسىرىدىن تېخىمۇ بەكرەك چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا پاتىدۇ. سىزدىمۇ ئۈمىدسىزلىك بار.

— مېنىڭ ئۈمىدىم سىز ... — دېدى ھاياجاندىن كۆزلىرى خۇمارلاشقان چولپان، ئۇ ئىسسىق بارماقلىرى بىلەن سەردارنىڭ ئېڭەكلىرىنى يېنىك سىيلاپ ئولتۇراتتى، — سىز ماڭا ئۈمىد بېرىسىز، ئۈمىد بېغىشلايسىز، سىز يوقاپ كەتسىڭىز مېنىڭ ئۈمىدىم تەڭ يوقايدۇ.

— مەن يوقاپ كەتمەيمەن.

— مەن ھامان بىر كۈنى خەقلەرنىڭ ئاغزىدا يامان ئاتلىق بولۇپ قالىمەن ... . بۇنىڭغا ئىشىنەمسىز؟

— ئۇنداق بولمايدۇ، بۇلار ئەمەلىيەتتە يۈز بەرمەيدىغان پالاكەتچىلىكلەر، بولدى، بۇنداق گەپلەرنى دېيىشمەيلى، مۇراتنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

— ياخشى، ئۇ ھازىر ئەخمەتنىڭ باشلىشى بىلەن رەسىم سىزىۋاتىدۇ، مۇرات بىر رەسىم سىزىپتۇ، قانداق رەسىمكەن دەڭ.

— قانداق رەسىمكەن؟

— بىر قۇش ئۇچۇپ كېتىۋېتىپتۇ، بۇلۇتلارنىڭ ئۈستىدە،

www.uyghurkitap.com

قارىسىڭىز بۇ قۇش ناھايىتى سۇرلۇك، ئىشەنچكە تولغان، ئەمما بۇ قۇشنىڭ ھېچقانداق قۇشقا ئوخشىمايدىغان بىر تەرىپى بار، تېپىپ بېقىڭا؟

— تاپالمايمەن.

— ئۇ قۇشنىڭ بىر قانىتى يوق ... تۇۋۇدىنلا يوق، ئەمما ئۇنىڭ بۇرۇن قانىتى بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

— ئەخمەتنىڭ شاگىرتى بولۇپ چىقىپتۇ ـ دە ئۇ.

— بۇ رەسىمنىڭ ئاستىغا: «مەن، مۇرات ئالاھىدىن» دېگەن خەتلەرنى يېزىپ قويۇپتۇ.

— ئۇستىسىدىن ئۆرنەك ئېلىپ شاگىرت چىقىدۇ، مۇراتمۇ ئەخمەتكە ئوخشاش رەسسام بولۇپ چىقسا كېرەك، رەسىم پۇتۇپتىمۇ؟

— ئاساسەن پۇتۇپ قاپتۇ، يەنە ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىگە ئىشلەۋاتىدۇ.

— بۇ رەسىمدە ئۇ نېمە دېمەكچىدۇ؟

— بىلمىدىم تۇرۇپتۇ، ئۇ مەن بىر قانىتىم يوق قۇش، شۇنداقتىمۇ ئۇچالايمەن دېمەكچى بولسا كېرەك.

— ئۇ قالتىس بالا، ھامان بىر كۈنى ئىككىلا قانىتى بولىدۇ ئۇنىڭ. ھامان بىر كۈنى ئىككىلا قانىتى تولۇق ھەم مۇستەھكەم بولغان بۈركۈتنى سىزىپ چىقىدۇ.

چولپاننىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى، بەزى ياشلار بەخت ھەم ئۈمىدتىن دېرەك بېرىدۇ.

## 138

سەردار قايتىپ كەلدى، ئۇ ئادىتى بويىچە ساپادا يېتىپ بىردەم كىتاب ئوقۇدى، ھە دېگەندە چولپان، چولپاننىڭ سۆزلىرى، مۇراتنىڭ رەسىملىرى خىيالىغا كىرىۋالاتتى. مۇرات سىزغان بىر قانىتى يوق قۇش بىلەن ئەخمەت سىزغان بىر

قانتى يوق قۇشنىڭ ئوخشاشلىقى توغرىسىدا ئويلاندى. مۇرات بىلەن ئەخمەتنىڭ سىزغانلىرى سەردارغا ياقمايتتى، بىر قانتى يوق قۇشنى سىزىش يارىمايدىغان ئىش، سەردارنىڭ ئويىچە قانتى يوق قۇش شۇ قۇشنى سىزغۇچىنىڭ يۈرىكىدىكى ئۈمىدسىزلىكنىڭ، چۈشكۈنلۈك، بىسەرەمجانلىقنىڭ رەڭ بىلەن بويىلىپ چىقىشى ئىدى.

ئەخمەتمۇ، مۇراتمۇ قانتى يوق قۇشنى سىزسا بولمايتتى.

سەردارنىڭ خىياللىرى قانتى يوق قۇشتىن رەنانىڭ سۆزلىرى، چولپاننىڭ غەملىرىگە يۆتكەلدى. سەردار شۇنچە ئويلاپمۇ رەنانىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنەلمىدى، خۇددى بۇ سۆزلەرنى رەنا ئاچچىق ئەلەمنىڭ تەسىرىدىن توقۇپ چىققاندەك، دىلمۇراتقا بولغان نەپرەت ھەم ئۆچمەنلىك سەۋەبىدىن دېيىلىۋاتقان گەپلەر بولۇپ تۇيۇلۇۋاتاتتى.

ئىشىك ئېچىلغاندەك بولدى، بايا سەردار ئىشىكنى تاقىمىغان بولسا كېرەك.

سەمەتجان سالام بېرىپ كىرگەندە سەردار ساپادا ياتقىنىچە خىيال سۈرىۋاتاتتى، رەنانىڭ گەپلىرى، چولپاننىڭ ھەسرەتلىرى ... ئېسىنى پاراكەندە قىلىۋاتاتتى.

سەردار دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ سەمەتجاننى ساپاغا باشلىدى.

سەمەتجان سەردارنىڭ قارشىسىدا ئولتۇرۇپ لېۋىنى يالاپ قويدى. سەمەتجان ئۆمۈربويى ھەسرەتلىك خىيال سۈرۈش بىلەن جاھاندىن كېتىدىغاندەك ئىدى. بەزى ئادەملەر قۇياشلىق ئاسماننى، ئايدىڭ كەچلەرنى، يۇلتۇزلۇق كېچىنى سۆيۈنۈش بىلەن يۈرىكىدە ھېس قىلالىغىلى ئۇنىمايدۇ. نەدە قاراڭغۇلۇق، سېسىقچىلىق، بىمەنىلىك ھەم ئوسال ئىشلار بولسا شۇنىڭغىلا قارىۋالىدۇ ... شۇنىڭغا قارىسا نېمە بوپتۇ؟ ھېچنېمە بولمايدۇ، ئەمما دائىم شۇنداق نەرسىلەرنىلا كۆرىدىغان، ھەتتا شۇ خىلدىكى نەرسىلەردىن سىرت گۈزەللىكلەرنى كۆرەلمەيدىغان، كۆرسىمۇ ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭ قارشىسىدىكى يورۇق،

ئازادىلىكلەرنى، خۇش پۇراقلارنى، چەن تەبەسسۇملارنى كۆرەلمەيدىغان، ھېس قىلالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.
— سەردارىكا، بىر ئىشقا ھەيران قالدىم.
— نېمە ئىشقا ھەيران قالدىڭىز؟
— ھەدەمنىڭ ئەمدى ئۈچ ياشقا كىرگەن قىزى بار ئىدى، تۈنۈگۈن ئۆيىگە بارسام تېلېۋىزوردا ناخشا چىقىۋىدى، ئەمدى ئايىغى چىققان بالا تەمتىلەپ يۈرۈپ شۇنداق كېلىشتۈرۈپ ئۇسسۇل ئويناۋاتىدۇ قاراڭ.
— بۇ ئومۇمىي ئەھۋالغۇ، بالىلارنىڭ ئۇسسۇل ئويناشلىرى دائىم بولۇپ تۇرىدۇ.
— ئۇنىغۇ شۇ، شۇ بالىغا قاراپ ئولتۇرۇپ ئۇيغۇرلار ناخشا ـ ئۇسسۇل مىللىتى دېگەن گەپمۇ ئاساسسىز ئەمەس ئىكەن، دەپ ئويلاپ قالدىم ... سىزنىڭچە بىزنى راستىلا ناخشا ـ ئۇسسۇل مىللىتى دېسە بولارمۇ، سەردارىكا؟
— بوپمۇ قالىدۇ.
— سىزنىڭچە ناخشا ـ ئۇسسۇل مىللىتى بولۇشنىڭ مۇشۇ دۇنيادا قانچىلىك ئەھمىيىتى بار؟ مۇشۇ گەپ بىلەن پەقەت خۇشۇم يوق مېنىڭ ... ناخشا ـ ئۇسسۇلدىن نېمە چىقىدۇ؟
— ناخشا ـ ئۇسسۇل ئوينىمىغاندىن نېمە چىقىدۇ؟
سەمەتجان سەردارغا قاراپ ئوڭايسىز كۈلۈپ قويدى.
— ئەمدى مەن دەيمەن ... بۇ ناخشا ـ ئۇسسۇل دېگەنمۇ ...
— قاراڭ سەمەتجان، مەن بۇ توغرۇلۇق كۆپ ئويلاپ كەتمىدىم، چەكتىن ئاشمىغانلا بولسا ناخشا ـ ئۇسسۇللارمۇ ئۆزىنىڭ يولىدا ماقسا بولۇۋېرىدۇ، ئەمما ھەممە ئادەم ناخشا ـ ئۇسسۇلنىڭ ھەۋەسكارى، ھەممە ئادەم ناخشا ـ ئۇسسۇلنىڭ پەيۋەندىسى بولۇپ كەتسە، بۇنىڭ ئۆزىمۇ قالاشمىغان ئىش بولىدۇ.
سەمەتجان لىۋىنى يالاپ قويدى، ئۇنىڭ پارقىراپ تۇرغان كۆزىدىن ئەقلىنى، تەلۋىلىكنى، يەنە قانداقتۇر چۈشەندۈرۈپ

بەرگىلى بولمايدىغان خۇنۇكلۇكنى سەزگىلى بولاتتى.

— ئىشقىلىپ مەن ناخشا ـ ئۇسسۇل دېگەندىن سەل بېزىپمۇ قالدىم ... بىز تەبىئىي پەنلەرگە، پۈتۈن خەلقنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق تەرەپلەرگە يۈزلەنسەك بولاتتى.

— نورمال شارائىتتا سەنئەتمۇ خەلقنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق.

— بۇ جەھەتتە كۆز قارىشىمىز ئوخشىمايدىكەن.

— قانداق دەيسىز؟

— مەنچە ناخشا ـ ئۇسسۇل دېگەن بۇ نەرسە خەقنى مەستخۇش قىلىپ، جاھاننىڭ كارى ـ بارىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان قىلىپ قويامدىكىن دەيمەن.

— ئۇنداقمۇ ئەمەس، ئەمەلىيەتتە ئويغىتىۋاتقىنىمۇ شۇ.

— تاڭ ئەمدى ... مەنغۇ تازا بىلىپ كەتمىدىم، ھەممە ئادەم ناخشا ـ ئۇسسۇلنىڭ مەستخۇشلۇقىدا گاڭگىراپ يۈرۈۋەرسە، بىز خەقنىڭ ھالىمىز قانداق بولىدىكىن؟

— ھەممە ئادەم ناخشا ـ ئۇسسۇلنىڭ كەينىدە يۈرۈۋاتقان ئىشمۇ يوق ... بىر ئىشلارنى بەك ئاشۇرۇپ ئويلىۋالماڭ.

— سەرداركا، ئارتۇق تالاشمايلى، نەق گەپنىلا دەڭا، زادى بىزنى ناخشا ـ ئۇسسۇل مىللىتى دېسە بولامدۇ ـ بولمامدۇ؟

— بولمايدۇ.

— نېمىشقا؟

— بىزدە سەنئەتنىڭ يولىغا خاتا كىرىپ قالغانلار بەك جىق بولۇپ كەتتى، شۇڭا ھەممە ئادەم ناخشىچى، ئۇسسۇلچىدەك ھالەت شەكىللىنىپ قالدى، شۇڭا ھەممە يەردە ناخشا، لېكىن تۇتامغا چىقىدىغىنى ئاز ... . ياخشى بىلەن يامان ئارىلىشىپ كەتتى، ئالتۇن بىلەن ئەخلەت ئارىلىشىپ كەتكەندەك.

سەمەتجان مۇشۇ مەسىلىدە ئېغىر قايغۇدا قالغاندەك قىلاتتى.

— ھېلىقى بارات قويچى بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرىۋاتامسىز، سەرداركا؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئانچە - مۇنچە.

— ئېھتىيات قىلىڭ، بۇ ئادەم بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى ساراڭ بولۇپ قالىدۇ.

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ قاراپ تۇرۇپ بۇنداق دېمەڭ.

— ئۇ ساراڭ بولسىمۇ ئۇنداق - مۇنداق ساراڭلاردىن بولمايدۇ جۇمۇ، پۇل سارىڭى بولىدۇ ... كىمنى كۆرسە ئازراق پۇل بار ئىدى، بىرنى ئىككى قىلساق بولاتتى، دەيدىغانلا بولۇپ قالدى ئۇ ... سىزمۇ دىققەت قىلىڭ، شالىسى چېچىلىپ قالمىسۇن.

— بارات قويچىنىڭ نېمە شالىسى چېچىلىپ قالار ماڭا؟

— ئەمدى قاراڭ ... ھازىر ھەممە ئىشقا دىققەت قىلمىساق بولمايدۇ ... ئوسال دىۋانە ئىكەن ئۇ، پۇل ئۆتنە بېرىمەن، دەپ مېنى گوللىدى، ساقالدىمان ئادەم تۇرۇپ يالغان ئېيتسا قانداق بولىدۇ دەيمەن؟

سەمەتجان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن سەردار قولىغا كىتاب ئالدى، ئەمما ئوقۇغۇسى كەلمىدى. ئەخمەتنىڭ رەسىملىرى خىيالىغا كىرىۋالدى، مۇرات بىلەن ئەخمەتنىڭ قانىتى يوق قۇشنى سىزىشى سەردارغا ياقمىغانىدى. سەردار مۇراتنىڭ «بىر جۈپ پەرىشتە» ناملىق رەسىم سىزماقچى بولغانلىقىنى، بۇ رەسىمدە بىرىنىڭ ۋۇجۇدىغا، بىرىنىڭ روھىغا مەرەز چاپلاشقان بىر جۈپ قىزنىڭ قىسمىتىنى بايان قىلىدىغانلىقىنى سەردار بىلمەيدۇ. مۇراتنىڭ رەسىملىرىدە ئەخمەتنىڭ رەسىملىرىدىن پەرقلىق ھالدىكى تۇرگۇنلۇك، قايتماسلىق ھەم زەردە بار ئىدى.

بىر جۈپ پەرىشتە ...

**139**

نادىرە.

گۈلپىيە.

مۇرات نادىرە بىلەن گۈلپىيەنىڭ رەسىمىنى سىزماقچى

ئىدى، قانداق سىزىشنى بىلەلمەي قالدى.

بۇ ئىككىسى هاياتىنىڭ بىر جۈپ گۈلى ئىدى. بۇلار بىلەن دۇنيا گۈلگە تولاتتى. ئۇلار گۈلگۈن دۇنيانىڭ پەرىشتىلىرى ئىدى.

پەرىشتىلەرنىڭ كۆزىدە ياش ...

پەرىشتىلەرنىڭ يۈرىكىدە ياش ...

مۇرات كۆز يېشى مارجانغا ئايلانغان پەرىشتىنى سىزىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. مارجان ئانارنىڭ دانىسىگە ئوخشايتتى.

— سەن مېنىڭ پەرىشتەم.

— ئۇنداق دېمە، مەن قورقىمەن.

— نېمىشقا قورقىسەن؟

— پەرىشتە مەندەك بولمايدۇ ... مېنى پەرىشتە دېسەڭ يامان بولىدۇ.

— سەن مەيلى قانداق بول ... قانداق هالغا چۈشۈپ قال، مېنىڭ نەزەرىمدە سەن پەرىشتە، بۇرۇن پەرىشتە ئىدىڭ، هازىرمۇ پەرىشتە، كەلگۈسىدىمۇ پەرىشتە.

— يىغلىغۇم كېلىۋاتىدۇ.

— يىغلىما، سېنىڭ كۈلۈپ تۇرغان هالىڭنى كۆرگۈم بار.

نادىرە مۇراتقا گۈلپىيەنىڭ بېشىغا كەلگەنلەرنى سۆزلەپ بەردى، نادىرەنىڭ دېيىشىچە، ئاتا - ئانىسى گۈلپىيەنى يات ئاردا ئۇرۇمچىگە ئاپىرىپ داۋالىتىدىكەن، گۈلپىيەنى نىكاهىغا ئالغان موللام ئۇن - تىنسىز يوقاپ كېتىپتۇ.

نادىرە بىلەن گۈلپىيە توغرۇلۇق تولا خىيال قىلىدىغان مۇراتنىڭ ئويلايدىغانلىرى چىگىش، ئۇ ئۈمىد، غەزەپ، سۆيۈنۈش ۋە يىرگىنىش تۇيغۇلىرى ئارىسىدا سىقىلىدۇ، يۈرىكىدىكى بارلىق غەلە - غەشلەردىن قۇتۇلۇپ كېتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بىز بىر كۈنلەردە بارلىق غەملىرىمىزدىن خالاس بولۇپ كېتىمىز، يەنە بىر كۈنلەردە بىزنىڭ بەختىمىزگە دەز كېتىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ، بىز گاھ ئېرىشىپ، گاھ يوقىتىپ، گاھ قۇتۇلۇپ،

گاھ مۆپتىلا بولۇپ كۆڭلىرىمىزنى ئۆتكۈزىمىز، بۇ دۇنيادا ھېچ نەرسە مەڭگۈلۈك ئەمەس دېيىشىدۇ، غەم ـ تەشۋىشمۇ شۇنىڭ ئىچىدە.

گۈلسۇم مۇشۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان ساناقسىز غەمسىز قىزلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئىدى، تۇرمۇشنىڭ تەتۈر دولقۇنلىرى ئۇنى گاھ قىرغاقتا، گاھ دولقۇنلۇق ئېقىنغا ئىتتىرىۋاتاتتى. مۇشۇ دولقۇنلار ئۇنى بەردەم روھقا ئىگە قىلىشى مۇمكىن ئىدى.

## 140

سەردار «ھەرقانداق ئادەمگە ئىشەنمەڭ» دېگەن كىتابنى ئوقۇۋاتاتتى. كىتابتىكى ۋەقەلەر ئۇنى جەلپ قىلىۋالغانىدى، خاتىرىسىنى يوقاتقان ئايالنىڭ گۇمان ھەم نەپرەتلىرى، ئۇمىد ھەم ئەسلىمىلىرى قىزىقارلىق بايان قىلىنغانىدى.

— قېنى كىرىڭ، قىزىم، — ئىشىكنىڭ ئېچىلىشى بىلەن گۈلنىگارنىڭ مېھرىگە تولغان يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلاندى، گۈلنىگار ئارقىسىغا قارىغاچ ئۆيگە كىردى، سەردار بويۇنداپ قارىدى، ئىشىكتە ئۇن بىر ـ ئۇن ئىككى ياشلاردىكى ئوماق بىر قىز تۇراتتى، ئۇ قورۇنغان، ھېيىققان ھالدا يەرگە قاراپ تۇراتتى، بېشىغا چېگىۋالغان ناۋاترەڭ ياغلىقى ياراشمىغانىدەك قىلاتتى. قىزنىڭ ئۆزىگە سەل چوڭ كېلىپ قالغان، كۆرۈمسىز ھەم كونا مەكتەپ فورمىسى سەردارنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

— بۇياق گۈلسۇم بولىدۇ، — دېدى گۈلنىگار سەردارغا قاراپ، — مەن سىزگە گېپىنى قىلغان قىز مۇشۇ، بۇ كىشى سەردار بولىدۇ، سەل تۇرۇپ مويۇنچۇر بىلەن ئەلتەبىر قايتىپ كېلىدۇ، قېنى قىزىم، بۇياققا كېلىپ ئولتۇرۇڭ، تاماق ھازىرلا پىشىدۇ.

گۈلسۇم ئاستى لېۋىنى چىشلەپ تەستە كۈلۈمسىرىدى. گۈلسۇمنىڭ تۇرقىدىن گۈلنىگارنىڭ ئۇنى خېلى تەستە بۇ ئۆيگە

باشلاپ كەلگەنلىكىنى پەرەز قىلغىلى بولاتتى.

— تاماقنى بىللە ئىچەيلى، مۇئەللىم.

— مېنى ئانا دەڭ، قىزىم.

— ئا ... — گۈلسۇم ئوڭايسىز كەيپىياتتا يەرگە قاراپ بىر دەم تۇرىۋالغاندىن كېيىن پەس ئاۋازدا دېدى — ئانا ...

— ياخشى قىزىم، بۇ ئۆيدە ھەرگىز ياتسىرىماڭ ... ئۆز ئۆيۈم دەپ بىلىڭ.

— گۈلسۇم قىزىم سىز ئىككەنسىز - دە، سىز قالتىس ئىكەنسىز جۇمۇ، سىزگە قايىل بولدۇم، بىزنىڭكىگە كەلگىنىڭىز بەك ياخشى بولدى، مېنىڭ قىزىم يوق ئىدى، سىزنى ئۆزۈمنىڭ قىزىدەك كۆرىمەن، بەك خۇش بولدۇم ... پەقەت تارتىنماڭ، قىزىم.

سەردار كۆلۈمسىرەپ شۇ گەپلەرنى دەۋاتقاندا گۈلنىگار ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى، سەردارنىڭ قاملاشقان تۇرقىدىن، گۈلسۇمگە مېھىر بىلەن ئىللىق قاراشلىرىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى، بۇ ئەر ئۇنىڭغا تەۋە ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەم ئىدى، بىراق ... گۈلنىگارنىڭ يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى پىژژىدە ئېچىشتى، پۈتۈنلەي ئۇنىڭغا تەۋە بولغان سەردارنى بىرەيلەن ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ ئېلىپ ئۆزى تەرەپكە تارتقۇشلاۋاتاتتى، ئۇ تەرەپتە كېتىۋاتقىنى سەردارنىڭ پۈتى ياكى كۆزى ئەمەس، يۈرىكى ... گۈلنىگار مۇشۇ ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇۋاتاتتى، بىلىپ تۇرۇپ يەنە سەردار بىلەن بىللە ياشاۋاتاتتى، سەردارغا تەنە قىلالاتتى، بەزىدە رەسمىي يوسۇندا تەنبىھ بېرەتتى، ئەمما سەردار بىرەر قېتىممۇ ئېتىراپ قىلمايتتى، گاھى گۈلنىگار سەردارنىڭ ئېتىراپ قىلمىغىنىغىمۇ شۈكرى قىلىپ قالاتتى.

سەردار گۈلسۈمنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ بېشىنى سىيلاپ تۇرۇپ خۇشال ھالدا:

— سىز كىچىك بولغان بىلەن قالتىس قىز ئىكەنسىز، گۈلسۇم ... مەن سىزگە راستلا قايىل، — دېدى بايىقى گېپىنى

www.uyghurkitap.com

تەكرارلاپ، سەردار بىر ئامالدار بىلەن گۈلسۈمدىكى ياتسىراشنى تۈگىتىشنىڭ كويىغا كىرگەندەك قىلاتتى.

سەردار كۆلۈمسىرىگىنىچە گۈلسۈمگە قاراپ تۇراتتى، كۆلۈشلىرىنىڭ، كۆلۈمسىرەشلىرىنىڭ ساختا، يالغان تەسىر بېرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. سەردارنىڭ خىيالىچە گۈلسۈمگە ئوخشاش قەيسەر قىزلار ئەقىللىق كېلەتتى، قەيسەرلىكنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغىنى ئەقىل ئىدى، ئەقىل يوق يەردە قەيسەرلىك بولمايتتى، كۆرۈنۈشىدىنمۇ گۈلسۈم ناھايىتى ئەقىللىق قىزدەك تەسىر بېرەتتى، گۈلسۈمدەك قىزلار ناھايىتى سەزگۈر كېلىدۇ، يالغاندىن باغىرى ئاچقان قىياپەتكە كىرىۋالساڭ دەرھال سېزىۋالىدۇ.

— مەيلى، تاماقنى بىللە ئېتەيلى، بىزنىڭ بۇ ئۆيدە ئەرلەر ھۆكۈمرانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك، مەن بۇ ئۆيدىكى ئۈچ ئەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ بولالماي جۇلىقىم چىقىپ كەتتى، ئەمدى سىز ماڭا ھەمدەم بولىسىز، قىزىم.

گۈلنىگارنىڭ ئاۋازىدىن پەخىرلىك تۇيغۇ، غۇرۇر شادىمانلىقى دەۋرەپ تۇراتتى.

— ئەمىسە مەن خېمىر يۇغۇراي، — دېدى گۈلسۈم ئىمكان بار ئۆزىنى ئازادە تۇتۇشقا تىرىشىپ، — مەن خېمىر يۇغۇرۇشقا ئۇستا.

— مەيلى قىزىم، بىراق، خېمىر يۇغۇرۇش تەس، كىچىك قىزلار خېمىر يۇغۇرسا بارماقلىرى ئەگرى بولۇپ قالىدۇ ... شۇڭا ...

— ھېچقىسى يوق، مەن كۆنۈك ...

— مەيلى ئەمىسە.

گۈلنىگار بىلەن گۈلسۈم ئاشخانىغا كىرىپ كېتىشتى، بىردەمدىن كېيىن گۈلنىگار ئاشخانىدىن چىقىپ سەردارنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

— سىزدىن سورىمايلا گۈلسۈمنى بالا قىلىۋالغۇم كېلىپ

ئۆيگە باشلاپ كەلدىم، ئۇنى ئۆيىگە يوقلاپ بارغان، يالغۇز قاپتۇ، خاپا بولدىڭىزمۇ؟
— ياق، نېمىشقا خاپا بولاتتىم؟ بەك خۇش بولدۇم، ياخشى ئىش دېگەننى بىركىمدىن سوراپ ئولتۇرماي قىلىۋەرگۈلۈك، ياخشى بوپتۇ، مەن راست خۇش بولدۇم، بەك مەرى ئىسسىق قىز ئىكەن بۇ، ئۆيىمىزدە بىر جان كۆپەيسە بىر خۇشاللىق كۆپىيىدۇ.
— سىزنى ئاۋارىچىلىق ھېس قىلىپ قالارمۇ دەپ ئەنسىرىگەنىدىم.
— ياق، بەك ياخشى ئىش قىپسىز، بۇ سىز قىلغان ئەڭ ياخشى ئىشلارنىڭ بىرى.
— قالغان ياخشى ئىشلىرىم قايسى؟ — دېدى گۈلنىگار سەردارنىڭ قولىنى تۇتۇپ.
— ماڭا مويۇنچۇر بىلەن ئىلتەبىرنى تۇغۇپ بەردىڭىز ... ئەمدى مانا گۈلسۈمنى ئەكەپسىز ...
— ما گەپنى، مېنىڭ مويۇنچۇر بىلەن ئىلتەبىرنى تۇغۇشتىن باشقا ياخشى ئىشلىرىم يوقمۇ؟
— بار، چوڭراقلىرى مۇشۇلار دېمەكچىمەن، — دېدى سەردار كۈلۈپ.
— ئىنساپسىز ... — دېدى گۈلنىگار كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ شۇ ھالدا سەردارغا يۆلىنىپ بىردەم ئولتۇرىۋالغۇسى كەلدى.
— گۈلسۈمنىڭ ئانىسى تۇگەپ كەتتى، دادىسىنىڭ نەدىلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئۇنى بىز بېقىۋالايلى، دەپ ئويلىدىم.
— ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىچۇ؟
— بۇنى سورىمىدىم، ئالدى بىلەن ئۇ بىزنىڭ ئۆيدە تۇرۇپ تۇرسۇن، كېيىن بىر گەپ بولار.
— سىزگە رەھمەت دېگۈم كەلدى، گۈلنىگار.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— كۆڭلۈم سۆيۈنۈپ قالدى، مەن مۇشۇنداق بىر ئاق كۆڭۈل ئايال بىلەن بىللە ياشاپتىمەن.

گۈلنىگارنىڭ يۈرىكىدە شادىمان تۇيغۇلار ئۆرىدىدى، سەردارنىڭ كۈلۈمسىرىشى ئىسسىق ھەم مېھىرلىك بىلىنىدى. گۈلنىگار ئىللىق تۇيغۇنىڭ پەيلىشىدىن ئۆزىنى خۇشال سېزىۋاتقان شۇ دەمدە رازىيە تۇماندەك گاڭگىراشلار ئىچىدە لەيلەپ يۈرەتتى.

## 141

رازىيە يا ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئۇنتۇيالماي، يا ئەسلىيەلمەي ئىچى سىقىلاتتى، كىم بىرسىنىڭ قولىدىن يېتىلەپ، ئارزۇ قىلغان بىر جايغا باشلاپ بېرىشىنى تەمە قىلاتتى. قانداقتۇر بىر سەۋەبلەر بىلەن ئۆزىگە تەئەللۇق ئۆتمۈشتىن قۇتۇلۇپ كېتىشنى ئارمان قىلاتتى.

— شاكىر.

رازىيە غەلىتە بىر ئىچكى تۇيغۇ بىلەن شاكىرنى چاقىردى، ئۇنىڭ ئاۋازىدىن قورقۇش بىلەن تەقەززالىق بىلىنىپ تۇراتتى.

شاكىر يۈزىنى يۇيۇپ لۆڭگە بىلەن يۈز - كۆزلىرىنى سۈرتۈۋاتاتتى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان رازىيەگە قارىدى. كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن، كېچىچە ئىچكەن ھاراقنىڭ تەسىرىدىن تېخى قۇتۇلۇپ بولالمىغاندەك قىلاتتى.

— خوش، نېمە گېپىڭىز بار؟

— مەن رادىيو ئىستانسىسىغا تېلېفون بېرەيمىكى دەيمەن.

— رادىيو ئىستانسىسىغا؟ نېمىشقا؟

— بىزنىڭ ئۆي توغرىسىدا مەسلىھەت سورايمىكى دېگەن.

شاكىر ھەيران بولغاندەك خوتۇنىغا تىكىلدى، گۆشلۈك لەۋلىرى قارىداپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

— بۇ نېمىگە كېرەك بولۇپ قالدى؟
— گۈلپىيە يىگىرمە ئىككى ياشقا كىرەي دەپ قالدى، گۈلپىيە كىچىككىنە تۇرۇپ نۇرغۇن خاپىلىق تارتتى، بىز ئۇرۇشقىلى يىگىرمە يىل بولۇپ قاپتۇ ... . مۇشۇ توغرۇلۇق، بىزنىڭ ئۆي توغرۇلۇق، بىزنىڭ ئۆيدىكى تۈگىمەس جېدەل ھەم بۇنىڭ سەۋەبى توغرۇلۇق رادىيودىن مەسلىھەت سوراي دەۋاتىمەن.
شاكىرنىڭ قاشلىرى تىكلەشتى، ئۇ ھەيران بولغان، گاڭگىرىغان، ئەندىككەن ھالدا بىردەمگىچە تۇرۇپ قالدى، ئاندىن بوينىنى سوزۇپ يۇتۇندى.
— ئېلىشىپ قاپسىز، — دېدى شاكىر ئاغزىنى غەلىتە قىيشايتىپ، — قىلغىلى ئىش تاپالمىغاندەك نەدىكى بىر ئىشنى ئويلاپ يۈرۈپسىز.
شاكىرنىڭ ئاخشامقى مەستلىكى يېشىلمىگەندەك ئىدى.
— شۇنداق ئويلاپ قالدىم.
— چاۋىمىزنى چىتقا ياياي دەپسەن - دە دۆت ... — شاكىرنىڭ بىردىن خۇيى تۇتتى.
— نېمە بولسا بولار ... ئىچىم بوشايدۇ، قانداق قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت ئالىمەن.
— تاينى يوق گەپلەرنى قىلما، رادىيودىكى ئادەملەرگە مېنىڭ ئۇستۇمدىن داداپ بەرمەكچىمۇ سەن؟ ...
— ئۇنداق ئەمەس، ئالدىنقى قېتىم خۇددى مەندەك كۆپ كۆرۈۋاتقان بىر ئايال مەسلىھەت سورىۋىدى، رادىيودىكىلەر شۇنداق ياخشى گەپلەرنى قىلىپ بەردى، مەن ئاڭلاپ يىغلىدىم.
— بولدى قىل، ناۋادا راستىلا شۇنداق قىلساڭ مەندىن كۆرىدىغىنىڭ بار ... بىركىمگە دادلىسام مەن دادلىسام بولىدۇ، ئاغىنىلەرنىڭ دېيىشىچە، چىرايلىقنىڭ دەردى تولا بولىدىكەن، قانداق دەردلىكىنى بىلەمسەن؟ ھاۋايى - ھەۋەسنىڭ دەردى، سېنىڭ ماڭا تېگىشتىن ئىلگىرى قىلىپ يۈرگەنلىرىڭنى نېمە

دەيمىز؟ ... مەن ھېلىمۇ كۆتۈرۈپ كېلىۋاتىمەن.

— مەن ھېچ ئىش قىلمىغان.

— ئابدۇراخمان دېگەن ئىت بىلەنچۇ؟

— خۇدانىڭ ھەققىدە ھېچ ئىش بولمىغان ...

— ماخمۇت بىلەنچۇ ئەمىسە ؟

— ئۇ دېگەن كىچىككىلىكتىكى ئىشلار.

— مېنى مۇشۇنداق دۆت كۆرسەن ئەمەسمۇ سەن بۇزۇق، كىچىك ۋاقتىمدا دەيسەنغۇ، كىچىك بولساڭ شۇنداق ئىشلارنى قىلىپ يۈرەمتىڭ سەن؟ ! ... ئەتىگەندە مېجەزىمنى قوزغىماي بېرىپ ئىشىڭنى قىل، ناۋادا بىرەرسىگە ئېرىم ئۇنداق، ئېرىم مۇنداق دېگىنىڭنى ئاڭلاپ قالسام ياخشىلىق كۆرمەيسەن.

بىر ئوبدان تۇرغان شاكىرنىڭ جۇۋىسىنى تەتۈر كىيىشى رازىيەنى مەڭدىتىپ قويدى.

— بىز مەڭگۈ ياخشى ئۆتەلمىگۈدەكمىز.

— مەنچىمۇ شۇنداق ... مېنىڭ دەردىمنى ئاڭلايدىغان ئادەم يوق.

— ئەمىسە ئاجرىشىپ كەتسەك بولمىدىمۇ؟

— بۇ گەپنى ئاغىنىلەردىن سورىغان، مېنىڭ سېنى ئابدۇراخمان دېگەن ھايۋانغا تاشلاپ بەرگۈم يوق ...

— توۋا قىلدىم ... ئابدۇراخمان ئۆلۈپ كەتكىلى نىكەم؟

رازىيە ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى.

— ئۇنىڭغا ھازا ئېچىۋاتامسەن؟

ئىككىيلەننىڭ جېدىلى ئۇزاق داۋام قىلدى.

رازىيەنىڭ مۇشۇنداق ئىشلارنى پەقەت ئەسلىگۈسى يوق، ئەمما ئۆتمۈشكە تەئەللۇق خاتىرىلەر توسقۇنسىز شامالدەك، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ھەريان تەۋرىتىپ ئۆتەتتى. كۆڭلىدىكى جىمى دەردلىرىنى گۈلنىگارغا دېگۈسى كېلەتتى، يەنە يالتىيىپ قالاتتى، ئۇنىڭ نەزەرىدە گۈلنىگار بەختلىك ئايال ئىدى، رازىيە گۈلنىگارنىڭ بەختىگە ھەۋەس قىلاتتى، بەزىدە ھەسەتمۇ قىلاتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىراق رازىيە ئۆزى بەختىگە ھەۋەس قىلغان گۈلنىگارنىڭ كۆڭلىنىڭ بىسەرەمجانلىقىدىن، گاڭگىراشلىرىدىن، ئاچچىق دەردىسەرلىرىدىن خەۋەرسىز ئىدى. بۇ دۇنيادا ھەممەيلەن ئۆزىمىزنى بىرمۇنچە دەردىمىز باردەك ئويلاپ يۈرىمىز.

## 142

«بۇ ئۆيدە ئىشلار نېمىشقا مۇشۇنداق بولۇپ قالدۇ؟ مەن نېمىشقا سەردارنىڭ نەزەرىدە ئېتىبارسىز ئادەم بولۇپ قالىمەن؟»

گۈلنىگار شۇنچە ئويلاپمۇ سەۋەبىنى بىلەلمىدى، بىلەلمىدى دېگىلى بولمايدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ قىممىتى توغرۇلۇق ئويلىنىۋاتاتتى، ئائىلىدە مويۇنچۇر بىلەن ئىلتەبىر ئانىسى بىلەن، دادىسى بىلەن بەختلىك، سەردار بىلەن گۈلنىگارمۇ باللار بىلەن ئۆزىنى بەختلىك سېزىدۇ، ئەمما گۈلنىگارنىڭ ئويىچە سەردار ئۇچۇن ئۆزىنىڭ بار يا يوق بولۇشىنىڭ پەرقى قالمىغاندەك. گۈلنىگار مېنىڭ قىممىتىم تۆۋەنلەپ كەتتى، دەپ ئويلىغاندا، گاڭگىراشتىن دېمى سىقىلىپ كېتىدۇ، سەردار ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمايدىغان بولۇپ قالغان، سەردارنىڭ پەرۋاسىزلىقى ئۇنىڭغا قىممىتىنىڭ تېك سىزىق بويىچە تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىۋاتقاندەك ئىدى.

«مەن سەردارغا پەرۋاسىز بولالايمەنمۇ؟»

ئۇزاق ئويلىنىشلاردىن كېيىن گۈلنىگار ئۆزىنىڭ بۇنداق غەيرەتكە كېلەلمەيدىغانلىقىغا ئىشەندى.

— سىز نېمە بولغانسىز؟ — دېدى گۈلنىگار سەردارنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ. شۇ چاغدا سەردار قېلىن بىر تېببىي كىتابقا قاراپ ئولتۇراتتى.

سەردار كۈلۈپ قويدى، كۈلكىسىدىن، لەۋلىرىدىكى لەنىتى تەبەسسۇمدىن ئۆزىگە بولغان كۈچلۈك ئىشەنچ ھەم مەغرۇرلۇق چىقىپ تۇراتتى.

— مەن ھېچنېمە بولمىدىم، ھېچنېمە بولمايمەن.
— ئەمما سىز بۆرۈنقىدەك ئەمەس.
— سىزگە شۇنداق تۇيۇلۇپ قالغان ئوخشايدۇ.
— ئەمەلىيەت شۇنداق.
— گۇمان ئىمانىنى قاچۇرىدۇ. گۈلنىگار، مەندىن ئارتۇق گۇمانلىنىپ يۈرمىسىڭىز بولاتتى، مەن سىزنىڭ تۈگىمەس گۇمانلىرىڭىزدىن تويۇپ كەتتىم، مۇشۇنداق بولۇۋەرسە ھەر ئىككىمىزگە ياخشى ئەمەس ... مېنىڭ سىرتتا ئىشىم بار، چىقىپ كىرەي، گۈلسۇم قېنى؟
سەردار بولۇۋاتقان گەپتىن ئۆزىنى قاچۇرىۋاتقاندەك قىلاتتى.
— گۈلسۇم سىرتقا چىقىپ كەتتى، بىر دوستىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بوپتىكەن، سوۋغاتلارنى ئېلىپ بەردىم، شۇ يەرگە كەتتى.
— ياخشى بوپتۇ، — سەردار شۇنداق دېگەچ تالاغا ماڭدى.
— بەك ئالدىراشقۇ سىز؟ مەن گەپ قىلمىۋاتساممۇ پەرۋا قىلماي مېڭىۋاتىسىز، نەگە بارىسىز؟
گۈلنىگار شۇلارنى دەۋېتىپ كۈلدى، كۈلكىسى سوغۇق ھەم بىچارە ئىدى، بىر نەرسە قانچىلىك سوغۇق، يىرىك بولۇپ كەتسە مەيلى، بىچارە بولۇپ قالسا قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ.
— ھەر قېتىم گەپ - سۆزىمىز ئۆيدىن چىقىپ كەتسەم، خوتۇنۇمنىڭ كۆڭلى قانچىلىك يېرىم بولىدىغاندۇ دەپ ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟
— مەن نەگە بېرىپ نەدە تۇرۇشۇمنى سىزدىن سوراپ يۈرسەم توغرا بولارمۇ؟
— ئەلۋەتتە مەندىن سورىشىڭىز كېرەك، چۈنكى مەن سىزنىڭ خوتۇنىڭىز!
— مەن نورمال ئادەم، مەن ساراڭ يا كىچىك بالا ئەمەس!
سەردارنىڭ جۇدۇنى تۇتقاندەك ئىدى، كۆزلىرى سوغۇق پارقىرايتتى.
— مەنمۇ سىزنىڭ نورمال بولۇشىڭىزنى، كىچىك بالىدەك

ئىشلارنى قىلىپ يۈرمەسلىكىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

گۈلنىگارنىڭ چىرايلىق لەۋلىرى تىترىدى، كۆزلىرى يىغا تارتىپ قىزاردى.

— سىز بارغانچە ئۆزىڭىزگە ئوخشىماي قېلىۋاتىسىز، سىزنىڭ نېمىڭىز كەم؟ توققۇزىڭىز تەل، مەن ھاردىم، چارچىدىم، دەم ئېلىشىم، ئاغرىنىلەر بىلەن ھال ـ مۇڭ بولۇپ تۇرۇشۇم نورمال ئىشقۇ، بۇ سىز ئاچچىقلىنىغۇدەك، گۇمانلانغۇدەك ئىش ئەمەس، يەنە كېلىپ ھازىر ئۆيىمىزدە گۈلسۈم بار، مەن بۇ قىزنى بېقىۋالغىنىمىزدىن بەك خۇش، مۇشۇنداق ئورۇنسىز جېدەللەر بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى چىگىپ قويمايلى.

— بۇ گەپنى ناھايىتى ئوبدان دېدىڭىز، شۇڭا دىققەت قىلىڭ.

— مەن ھەرقاچان دىققەت قىلىپ يۈرىۋاتىمەن، بالىلىرىم ياخشى ئادەم بولسىكەن، ئائىلەم خاتىرجەم بولسىكەن، دەپ ئويلايمەن، شۇنداق تۇرسا يەنە مەندىن گۇمانلانسىڭىز قاملاشمايدۇ.

— گېپىڭىز بەك چىرايلىق بولدى، ئەمما كۆڭلىڭىزدە نېمە بارلىقى ئۆزىڭىزگە ئايان.

سەردارنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى، چىشىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ ئەلەم بىلەن خىرىلدىدى:

— گۈلنىگار، بالىلار چوڭ بولۇپ قالدى، سىز دىققەت قىلىڭ، مېنى پايلىماڭ، ئاستىرتتىن نەگە بېرىپ نەدە يۈرگەنلىرىمگە ئارىلىشىۋالماڭ، كەينىمگە كىرمەڭ، تېلېفونۇمنى تەكشۈرمەڭ، خەققە ھاقارەتلىك ئۇچۇرلارنى يېزىپ يۈرمەڭ ... مەن بۇلارنى قوبۇل قىلالمايدىكەنمەن، سىز مېنىڭ خوتۇنۇم، مېنىڭ خوتۇنۇمدەك ئىش قىلىشىڭىز كېرەك، ساپاسىز خوتۇنلارنى دوراپ يۈرسىڭىز بولمايدۇ، سىز ماڭا ئىشىنىشىڭىز كېرەك، بىر ـ بىرىمىزگە ئىشەنمەي يەنە بىر ئۆيدە ئولتۇرۇشىمىزنىڭ نېمىگە ئەھمىيىتى قالىدۇ؟ ... سىز ھە دېسە

مېنىڭ تېلېفونلىرىمنى، ئۆچۈرلىرىمنى تەكشۈرىدىغان ئىشنى قىلماڭ.

— نېمە دەۋاتىسىز؟

گۈلنىگار ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغاندەك ئوڭايسىزلىقتىن تىترەپ كەتتى.

— ئالدىنقى قېتىممۇ ئازراق پۇرتىپ قويدۇم، ئەمما داۋاملىق شۇنداق قىلىۋەردىڭىز، ئەسلى بۇلارنى يۈزىڭىزگە سالماي دېگەن، ئەمما سىز مېنى قىستاپ دېگۈزدىڭىز، مېنىڭ تېلېفونۇمنى، ئۆچۈرلىرىمنى تەكشۈرۈپ يۈرۈپسىز ... مۇشۇنداق قىلىسىڭىز توغرا بولامدۇ؟ — سەردارنىڭ ۋارقىراشلىرى گۈلنىگارنى ئۈجۈقتۇرىۋەتتى.

گۈلنىگار بېشىنى چايقىدى، كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى.

— سىز ماڭا ئاچچىقلاۋاتامسىز؟ مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك دېگەندەك ماڭا تەنبىھ بېرىۋاتامسىز تېخى؟

— نېملا دېمەيلى، سىزنىڭ مېنى پايلاشلىرىڭىز خاتا ...

— ئەمما سىزنىڭ قىلغانلىرىڭىزچۇ؟

— مەن نېمە قىپتىمەن؟

— نېمە قىلغىنىڭىز ئۆزىڭىزگە ئايان.

— مەن ھېچنېمە قىلمىدىم ... بۇنىڭدىن كېيىن خەققە قالايمىقان ئۆچۈر يوللاپ يۈرمەڭ، خەقنى تىللىماڭ.

— مېنىڭ خەقنى تىللىغىنىمنى سىز قانداق بىلدىڭىز؟ خەق سىزگە، خوتۇنىڭىز مېنى تىللاپ ئۆچۈر يېزىپتۇ دېدىما؟

سەردار داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى، ئۇ گۈلنىگارنىڭ مىختەك قادالغان كۆزىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ قولىنى سىلكىدى.

— بىز بۈگۈن مۇشۇنچىلىك دېيىشەيلى، مەن سىزنىڭ بۇ ئىشلىرىڭىزدىن بەك قورقتۇم، بىزار بولدۇم، بىز باللار ئۈچۈن ھەر ئىشتا دىققەت قىلايلى.

— مەنمۇ سىزگە دەپ قوياي، ھەر ئىشنى ئېھتىيات بىلەن قىلىڭ، مەن دۆت ياكى ساراڭ ئەمەس ... ئىلتىماس بىلەن

مويۇنچۇر سىزنىڭ ئوغۇللىرىڭىز ... مۇشۇلارنى ئەستىن چىقارماڭ.

سەردار گۈلنىگارغا تىكىلىپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، كاستۇمىنى ئالدىرىماي كىيىپ ئىشكنى قاتتىق يېپىپ چىقىپ كەتتى. تۆمۈر ئىشىكنىڭ سەت ھەم قوپال يېپىلىشى بىلەن گۈلنىگار ئۆزىنى ئۆزىنىڭ تار ھەم گۇگۇم قاراڭغۇسى باسقان كۆڭلىگە كەپلىشىپ قالغاندەك ھېس قىلدى.

ئۇ قاراڭغۇلۇققا كىرىپ قالغاندەك تۇيغۇ ئىچىدە ساپادا جىمجىت ئولتۇردى.

گۈلنىگارنىڭ تېلېفونى چىرايلىق سايراپ توختاپ قالدى. گۈلنىگار ئۈچۈرنى ئاچتى، «سىزنى سېغىندىم، نىگارىم. » گۈلنىگارنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى، دىلمۇرات خۇددى بىلىپ تۇرغاندەك گۈلنىگارنىڭ كۆڭلى يېرىم چاغدا مۇشۇنداق ئۇچۇرلارنى يوللاپ قالاتتى.

گۈلنىگار ئۈچۈرنىڭ ئاستىغا: «مەنمۇ سېغىندىم» دېگەن خەتلەرنى يېزىپ بولۇپ دەرھال ئۆچۈرىۋەتتى، قوللىرى تىترەپ، يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ كەتتى.

«ئاھ خۇدا، ماڭا ئىنساپ بەرگەيسەن ... مېنى يامان يولدىن توسۇپ قالغايسەن، مەن يامان يولغا كىرىپ قالسام، ئائىلەم، ئىككى ئوغلۇم ... ھەممە نەرسە ۋەيران بولىدۇ، ئىككى ئوغلۇمغا يۈز كېلەلمەيمەن.»

شۇ چاغدا مويۇنچۇر ئىشكتىن بېشىنى چىقىرىپ كۈلدى:

— ئاپا، مەندە شاكىلات كەمپىت بار، ئۈلكەرنىڭ، سىزگە بىرنى بېرەيمۇ؟

— مېنى ئاپا دېمەي ئانا دېگىن، بۇ گەپنى ساڭا نەچچە رەت دېدىم ... — گۈلنىگار يىغىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن كونا گەپنى تەكرارلىدى.

— ئەمدى تۇزىتەي، ئاپا.

— يەنە شۇنداق دەيسەنغۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ھە ... بولىدۇ ... ئەمدى ئانا دەي، ئاپا.
گۈلنىگار قولىنى ئالدىغا سوزدى:
— كەل بالام ... ئوبدان بالام.
مويۇنچۇر كېلىپ ئاپىسىنىڭ قۇچىقىغا ئولتۇردى، بالىسىنىڭ بويىدىن كېلىۋاتقان يېقىملىق پۇراق گۈلنىگارنىڭ بىئارام كۆڭلىگە ئاراملىق بەرگەندەك بولدى. بالىلارنىڭ ئۆيىدىن «گاڭنام ستار» دېگەن ناخشا ئاڭلىنىپ تۇراتتى، گۈلنىگار بۇ بىر ئائىلىدە ياشاتقان توت ئادەمنىڭ توت خىل يولى، توت خىل ئارزۇسى باردەك، پەقەت قانداقتۇر بىر ئېھتىياج سەۋەبىدىن بىر ئۆيگە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ قالدى.
— شاكىلات كەمپۈتنى يەمسىز - يېمەمسىز ؟
— بولدى، ئۆزۈڭ يېگىن.
— ياق، چوقۇم يەيسىز، «ئالبېنى» ماركىلىق.
— بولدى، ئەكەل، يېسەم يەي.
مويۇنچۇر ئانىسىنىڭ مەڭزىگە سۆيدى.
گۈلنىگار ئۆزىدىن سوغۇرۇلۇپ چىققاندەك، كەڭرىلىككە چىقىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ قالدى. بالىلارنىڭ ئۆيىدىن نېگىرلارنىڭ كانىيىنىڭ تۆرىدىن چىقىرىپ ئېيتقان تولغىما ئۇسلۇب ناخشىسى كېلىپ تۇراتتى، بايىقى «گاڭنام ستار» دېگەن ناخشا تۈگىگەن بولسا كېرەك.
— مە، — مويۇنچۇر قەغىزى سويۇلغان شاكىلاتنى ئانىسىغا تەڭلىدى.
— ئەكەل، قەغىزىنى كۆرۈپ باقاي.
— بايا سىزگە دېدىمغۇ، ئۆلكەرنىڭ شاكىلاتى.
— شۇنداقتىمۇ ئەكەل ... كۆرۈپ باقىمەن.
مويۇنچۇر ئامالسىزلىقتىن قەغەزنى ئانىسىغا ئۇزاتتى.
گۈلنىگار ئۇرالمىغا قارىغاندىن كېيىن شاكىلاتنى تازىلىق ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى ئەخلەت چېلەككە تاشلىدى.
— سەن مويۇنچۇر، ساختا مال يەپ، ساختا كىنولارنى كۆرۈپ

ساختا بولۇپ قاپسەن ھە ... ئاناڭنىمۇ گۇللامسەن؟ بۇ نەدە ئۆلكەرنىڭ بولىدۇ؟ مېنى ئالداشقا پېتىندىڭمۇ تېخى؟

— ئۇيغۇرچە خېتى تۇرمامدۇ.

— بۇ گەپنى قوي، ئۇيغۇرچە خېتى بولغان بىلەن بۇنىڭ تازىلىق ئىجازەت نومۇرى يوق ئىكەن، ئىشلەپچىقارغان ئورۇنىمۇ يېزىلماپتۇ، مۇشۇنداق نېمىلەرنى يېمە، دەپ ساڭا نەچچە قېتىم دېدىمغۇ.

مويۇنچۇر بېشىنى سىلىپ ئولتۇرىۋالدى. گۈلنىگار ئۇنىڭغا بىرمۇنچە كايىدى.

— ھەي ... ئەجەب ئىش بولدى، — دېدى مويۇنچۇر ھەجىيىپ، — مەن ئەسلى سىزگە خۇشامەت قىلاي دېگەن، بۇ ئىشىمىمۇ سۇغا چىلاشتى.

گۈلنىگار ئوغلىنىڭ ئوماققىنە ئەپسۇسلىرىدىن سۆيۈنۈپ قالدى.

— نېمىشقا خۇشامەت قىلماقچىدىڭ؟

— ماتېماتىكىدا 90 دىن يۇقىرى ئالسام ئەللىك سوم بېرىدىغان بولغان، ئەمما 88 نومۇر ئېلىپ قاپتىمەن، شۇنداقتىمۇ كىچىككىنە ئىككى نومۇر بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي ھېلىقى ئەللىك سومنى بېرىۋېتەمدىكىن دېگەن.

— مۇشتتەك تۇرۇپ ھىيلىگەرلىكنى ئۆگىنىپسەن ـ دە.

— ماقۇل دەڭا، ئاپا.

— ئاپا دېمەي، ئانا دېگىن دېدىمغۇ ساڭا ... ئاپا دېمەي ئانا دېسەڭ چوقۇم ئەللىك سوم بېرىمەن.

— ئەمىسە ھازىر بېرىڭ.

— ھازىر بولمايدۇ، مائاشىم چىققاندا بېرىمەن.

— ۋاي ـ ۋۇي، نەچچە مىڭ سوم مائاش ئالىدىغان مۇئەللىم تۇرۇپ ئەللىك سوم پۇلىڭىز بولمىسا قانداق بولىدۇ؟ ... ئەمىسە ئۇنتۇپ قالماڭ ھە.

گۈلنىگار بېشىنى سىلىپ ئۆيىگە ماڭغان مويۇنچۇرنىڭ

www.uyghurkitap.com

كەيىندىن قاراپ تۇرۇپ قالدى، يۈرىكىنى چۇلغىغان سۆيۈنۈش قارا رەڭلىك ھەسرەتلەرنى بېسىپ تۇرغاندەك ھېس قىلىپ قالدى.

بالىلارنىڭ ئۆيىدىن يەنە «گاڭنام ستار» دېگەن مۇزىكا ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

گۈلنىگار قولىغا تېلېفوننى ئالدى.

— تىنچلىقمۇ؟

دىلمۇراتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈرىكى دۈپۈلداپ سوقۇپ كەتتى. لەنەتلىك تۈيغۇلارنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتسە بولاتتى. مەن مۇشۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ئاخىرى بېشىمغا بالا تاپىمەن ... گۈلنىگار ئالدىراپ تېنەپ تېلېفوننى بېسىۋەتتى. قانداقتۇر بىر نەرسە نەپسىنى بوغۇۋالدى، ھايالشىماي تېلېفونى سايرىدى.

— ۋەي ... — گۈلنىگار ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتۇشقا تىرىشىۋاتاتتى.

— ھېلى تېلېفون قىپتىكەنسىز، — دېدى دىلمۇرات.

— خاپا بولماڭ، تېلېفون خاتا بېسىلىپ كېتىپتۇ.

— خاتا بېسىلىپ كېتىپتۇ دەڭ ... بۇنى بىلمەمەن.

— رەنجىمەڭ ... ئاۋارە قىلدىم.

— ھېچقىسى يوق، بولسا كۈندە مۇشۇنداق ئاۋارە قىلىپ تۇرسىڭىز خۇش بولاتتىم.

— سىزگە بىر گەپنى دېمەكچىدىم ... توغرا چۈشەنسىڭىز.

— نېمە گەپ بولسا دەۋېرىڭ؟

گۈلنىگار بىردەمگىچە گەپ قىلالمىدى.

— بىز بۈگۈندىن كېيىن بۇنداق ئالاقىلىشىپ يۈرمەيلى.

— نېمىشقا؟

— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن ... بەلكىم ... بۇ گەپنى سىزگە جىق دېدىم، ئۆزۈممۇ چىڭ تۇرالمىدىم.

— مەن چۈشىنىمەن.

— چۈشىنىشىڭىز مۇمكىن، مېنىڭ مېنى ئانا دەپ

چاقىرىدىغان ئىككى ئوغلۇم بار.

تېلېفوندا ئىككى تەرەپنىڭ تىنىقلىرى بىر - بىرىگە ئاڭلىنىپ تۇرغاندەك ئىدى.

— يەنە خوتۇن دەپ چاقىرىدىغان ئېرىڭىز بار، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

— مېنى دادا دەپ چاقىرىدىغان بالام يوق، ئېرىم دەپ چاقىرىدىغان خوتۇنۇم يوق.

گۈلنىگار ھېچنېمە دېمىدى.

— بەزىدە ھەممەيلەن بىچارە بولۇپ قالىمىز، سىز ھامان بىر كۈنى مېنى ئىزدەپ كېلىسىز.

— مۇمكىن ئەمەس.

— كېسىپ ئېيتىمەن، مەن بۇ يىل قىرىق ئالتە ياشقا كىردىم.

— نېمە؟

— بۇ يىل قىرىق ئالتە ياشقا كىردىم، ئۆزۈمنى تۆت يۈز ئاتمىش يىل ياشىغاندەك سېزىپ قالىمەن، بىر كۈنلەردە سىزمۇ ئۆزىڭىزنى بەش يۈز يىل ياشىغاندەك ئويلاپ قالىسىز، ئەمما تۇغۇلغاندىن ھازىرغىچە تەنھا ياشىغانلىقىڭىزنى ھېس قىلىپ قالىسىز ... شۇ چاغدا مېنىڭ يېنىمغا كېلىسىز.

— مەن بۇنداق گەپلەرنى تازا چۈشىنىپ كەتمەيمەن.

— مەن رەزىل، ھەتتا پەسكەش ئادەم ... سودا دۇنياسىدا مەن تۈرلۈك ھىيلە - نەيرەڭلەرنى ئىشلىتىمەن، ئەمما ئىشىنىڭ، سىزگە ھەرگىز شۇملۇق ئىشلەتمەيمەن، مەن سىزدەك سالاپەتلىك، كىشىنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان ئايالنىڭ كۆيۈنۈشىگە، سۆيۈشىگە موھتاج ... بەلكىم سىز مېنى ھەر خىل جىنايەتلەردىن ساقلاپ قېلىشىڭىز مۇمكىن.

دىلمۇرات كۆڭلىدىكى گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى گۈلنىگارغا تۆكۈۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇلار تېلېفوندا ئۇزاق پاراڭلاشتى.

گۈلنىگار كۆڭلىنىڭ يېنىكلەپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى،

ئۆزىدىن نەپرەتلەنمىدى، تورۇپلا ئۆزىدىن، ئۆزىنىڭ يۈرىكىدىن قورقۇپ قالدى.

— مەن بەك ھېرىپ كەتتىم.

— ھەممەيلەن ھېرىپ كەتتۇق.

دىلمۇراتنىڭ ئاۋازىدىكى سالماقلىق ھەم سوغۇقلۇق گۈلنىگارنى گاڭگىرىتىپ قويىتتى، ئۇ گاڭگىراش ئىچىدە دىلمۇراتنىڭ يېنىغا دەممۇ دەم يېقىنلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— بىز كۆرۈشمىسەك بولمايدۇ، بولمىسا ئاخىر ھەر ئىككىمىز پۇشايمان قىلىمىز، — دېدى گۈلنىگار گاراڭ ھالدا.

— توغرا، ئەمما ئىككىمىز كۆرۈشمىسەكمۇ پۇشايمان قىلىمىز.

— ياق، ئۇنداق بولمايدۇ.

— مەن نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى ئۇزاقتىن بۇيان ئالداپ كەلگىنىمنى توساتتىن ھېس قىلىپ قالدىم، سىزمۇ بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز ئالداپ كەلگىنىڭىزنى ھېس قىلىپ قالىسىز.

گۈلنىگار تامدىكى رەسىمگە قارىدى، پېشانىسى مۇزدەك تەرلىدى، ئاندىن نىمە قىلارىنى بىلمەي بىردەم تورۇپ كەتكەندىن كېيىن تېلېفوننى بېسىۋەتتى.

— خۇداغا شۈكرى ... — دېدى گۈلنىگار ئۈستىدىن ئېغىر بىر تاشنى ئېلىۋەتكەندەك يېنىك تىنىپ.

گۈلنىگار يۈرىكىنى تىڭشاشتىن قورقىدىغان بولۇپ قېلىۋاتقىلى خېلى بولدى، يۈرىكىدە ئەگرى تۇيغۇلارنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى ئېنىق سەزگەندىن كېيىن، ئۆز ـ ئۆزىدىن قورقىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ دىلمۇراتنى سېغىنىپ قالىدىغانلىقىنى پەقەت ئېتىراپ قىلغۇسى يوق، دىلمۇرات بىلەن پاراڭلاشسا، كۆڭلىدىكى قارا تۇمانلارنىڭ سۈزۈلۈپ قالىدىغانلىقىنى بىلىپ قېلىشتىن قورقىدۇ، ئۆز ـ ئۆزىدىن، ئۆزىنىڭ يۈرىكىدىن، يۈرىكىدىكى غەلەتىلەردىن قورقىدۇ.

گۇلنىگار شۇ دەمدە ئۆزىنى يولدىن چىقىۋاتقان ئايال دەپ ئويلايدۇ، يولدىن چىقىۋاتقان ئايالنىڭ ھەسرىتى ئاچچىق ھەم مەڭگۈلۈك بولىدۇ، دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەندە، كۆڭلىگە بىر شۇملۇق سايە تاشلاۋاتقاندەك بىئارام بولىدۇ. گۇلنىگار ئۆزىنى يولدىن چىقىۋاتىمەن، دەپ ئويلاۋاتقان دەملەردە، شەھەر مەركىزىدىكى ئون بەش قەۋەتلىك بىنانىڭ بەشىنچى قەۋىتىدىكى بىر ئايالنىڭ، يولدىن چىققانلىقىم ئۈچۈن ھاياتىنىڭ ماڭا بەرگىنى ئۆلۈمنى بەدەل قىلغان جازا بولدى، دەپ ئويلاپ، بەشىنچى قەۋەتتىكى ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن پەستىكى تار سېمونت يولغا پات ـ پات قاراپ قويىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

## 143

شەھەر مەركىزىدىكى ئون بەش قەۋەتلىك بىنانىڭ بەشىنچى قەۋىتىدىكى ئۆيدە بىر ئايال تامغا قارىغىنىچە جىمجىت ئولتۇراتتى، جىمجىتلىق ئىچىدە خۇددى مۇشۇ جىمجىتلىققا ئوخشايدىغان ھاياتىنىڭ ئۇزاققىچە داۋاملىشىدىغانلىقىنى سەزگىلى بولاتتى.

بالكوندىكى قەپەس ئىپىسلىپ تۇراتتى، قەپەس نەپىس ياسالغانىدى. قەپەستىكى رەڭدار قۇش تونۇگۇن، ئۈلۈشكۈن، ئالدىنقى ئايلاردا كۆرگەن چۈشلىرىنى ئەسلەۋاتقاندەك ئىدى.

تېلېفون جىرىڭلىدى، كىچىككىنە شەھەرنىڭ يۈرىكى جىغىلدىغاندەك بولدى.

— ۋەي.

— مەن.

ئايالنىڭ ئۈمىدسىز كۆزلىرى چەكچىدە يۇمۇلدى، لەۋلىرىنى چىشلىدى.

— مېنى تونۇدۇڭمۇ؟

— تونۇدۇم.

— تونۇغان بولساڭ، ساڭا نېمىشقا تېلېفون بەرگىنىمنى بىلىدىغانسەن؟
— بىلمەيمەن.
— بىلمەس بولۇۋالما، مەن ھازىر ئۆيۈڭگە بارىمەن ... ئەپسىز دېسەڭ سەن چۈش، باشقا يەرگە بارىمىز.
— ياق.
— ياق دەيسەنغۇ ... زىيان تارتىپ قالىسەن؟
— ھېلىغۇ زىيان تارتىش ئىكەن، ئۆلسەممۇ چىقمايمەن.
— راست چىقمايسەن؟
— چىقمايمەن!
— ئىسىڭدە بولسۇن، ئىرىڭ مېنىڭ قولۇمدا ... ئۇنى ھەر نېمە قىلالايمەن.
— قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل.
— پۇشايمان قىلىپ قالارسەننىمكىن؟
— مەن پۇشايمان قىلىۋاتقىلى بەك ئۇزاق بولدى، يەنە قىلسام شۇنچىلىك قىلارمەن.
— نېمىگە پۇشايمان قىلدىڭ؟
— مەن بىر ھايۋاننى ياخشى كۆرۈپ يۈرۈپتىمەن.
— ھايۋاننى، قايسى ھايۋاننى؟
— سېنى.
— سەن مېنى ھايۋان دەۋاتامسەن؟
— شۇنداق.
— ئىرىڭنى ئىشتىن بوشىتىمەن، يەيدىغان ناندىن ئايرىلىپ قالىسەن ... ئاندىن ئۇ سېنى قويۇۋېتىدۇ، ئۆيدىن ئايرىلىپ قالىسەن.
— مەيلى، يات ئاردا جاندىنمۇ ئايرىلىپ قالىمەن ... قالغىنى نېمىتتى.
— ساراڭ ... دائىم مۇشۇنداق قورقاق سېلىپ كۆنۈپ قالدىڭ.

— قورقاق سالمىدىم، ھامان بىلىپ قالىسەن.
— نېمىنى بىلىپ قالغۇدەكمەن؟
— مېنىڭ دېگەنلىرىمنىڭ راستلىقىنى بىلىپ قالىسەن ... مەن سەن بىلەن ئادەم قىلمايدىغان ئىشنى قىلىپ يۈرۈپتىمەن، ئادەمگە ئوخشىيالماي قالدىم ... مەن چىرىپ كېتىۋاتىمەن، بەدىنىم سېسىشقا باشلىدى.
— نېمە دەۋاتىسەن؟ ساراڭ بولدۇڭمۇ نېمە؟
— سەنمۇ شۇنداق بولىسەن، دېدىمغۇ، دوزاختا بىللە بارىمىز دەپ.
— مېنى قورقۇتما، يۈرەك كېسىلىمنىڭ بارلىقىنى بىلىسەن.
— ئەمدى قورققاننىڭ پايدىسى يوق.
— سەن مەندىن ئۆزۈڭنى قاچۇرۇش ئۈچۈن ھېكايە توقۇپ يۈرىۋاتىسەن، مېنىڭ بۇنچىلىكنى بىلگۈچىلىكىم بار، سەندەك بىرنېمىلەرنىڭ ھىيلىسىنى بىلمىسەم قىرىق - ئەللىك ئادەمنى يىكتەك تۈزلەپ باشقۇرۇپ يۈرمەيمەن مەن، كۆڭلۈڭنى رەنجىتىپ قويدۇم، ساجىدە دېگەن پاسكىنىغا ئەمدى قارىمايمەن، پۇلدىن باشقىنى تونۇمايدىغان نېمىكەن ئۇ، ئۇ رەپرەپنى دىلمۇرات دېگەن گۆيغا تاشلاپ بەردىم، دىلمۇرات نادىرە دەيدىغان بىر قىزنى ئىگىلىۋاپتۇ، ئەمدى ساجىدە ئاق يەردە قالدۇ، ئاڭلاۋاتامسەن، ماڭا سەن بولمىساڭ بولمايدىكەن ... كۆڭلۈم سەن بىلەنلا ئېچىلىدىكەن ...
— نېمە دېسەڭمۇ بىكار، ھەممە ئىش تۈگىدى، سەنمۇ، مەنمۇ پات ئارىدا ئۆلىمىز.
— ساڭا ھەممە گەپنى دېدىم، ھەرقانچە ئاچچىقىڭ بولسىمۇ يانغاندۇ، ماقۇل دېگىن.
— مۇمكىن ئەمەس.
قارشى تەرەپ جىمىپ كەتتى، بىردەمدىن كېيىن ئاچچىق بىلەن ۋارقىرىدى:

www.uyghurkitap.com

— ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان پاسكىنا.

ئايال تېلېفوننى قويۇۋەتتى.

ئون بەش قەۋەتلىك بىنا سۈكۈت ئىچىدە ئىدى. بالكوندىكى رەڭدار قۇشنىڭ نېمە چۈشلەرنى كۆرۈۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئايال دېرىزىدىن پەسكە قارىدى، تار سېمونت يول ئۇنىڭغا يول ئەمەس، قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ ئىشىكى بولۇپ كۆرۈندى. ئايال دىلمۇرات دېگەن ئادەمنى، ساجىدە دېگەن ئايالنى، يەنە نادىرە دېگەن قىزنى ئويلىدى. ئايال قولىنى مىدىرلاتسىلا قولتۇقىدىكى جاراھەت چىدىغۇسىز ئاغرىيتتى.

ئايال پەستىكى تار يولدىن كۆزىنى ئېلىپ شەھەرنىڭ تۈرلۈك چىراقلار بىلەن شۇ قەدەر جۇلالىق بولۇپ كەتكەن بوشلۇقىغا قارىدى. «خۇدا، بۇ كۈننى مەندىن ئۆزگە ھېچكىمگە كۆرسەتمىگىن» دەپ پىچىرلىدى. ئۇ ئۆزى تۇرىۋاتقان بۇ شەھەردە سەردار دېگەن دوختۇرنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ گۈلنىگار ئىسىملىك ئايالى بارلىقىنى بىلمەيتتى، ئۆزگە قارا قولىنى سوزغان قىسمەتنىڭ ئاشۇ ئىككىيلەنگىمۇ بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. بۇ ئايال يەنە سەردار بىلەن گۈلنىگارنىڭ ئۆيىدە گۈلسۈم ئىسىملىك بىر يېتىم قىزنىڭ تۇرىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى.

## 144

گۈلنىگار گۈلسۈمنى باشلاپ كەلگەندىن كېيىن بۇ ئۆيدە شېرىن بىر كەيپىيات پەيدا بولدى. گۈلسۈمنىڭ ئۇماقلىقى، كېلىشەڭگۈلۈكى ھەممەيلەنگە يېقىپ قالغانىدى. گۈلنىگار ھەممىدىن خۇش ئىدى، گۈلسۈم بىلەن گۈلنىگار بەكلا ئىچەركىشىپ كەتكەنىدى، مويۇنچۇر ئۆزىنىڭ ئىشى بىلەن يۈرەتتى، ئىلتەبىر ھە دېگەندە گۈلسۈمگە چاقچاق قىلىپ، ئەركىلەپ سۆۋۈشۈپ يۈرەتتى، ئىلتەبىرگە نىسبەتەن گۈلسۈم خۇددى ئەزەلدىن مۇشۇ ئۆيدە باردەك، ھېچبىر ياتلىق تۇيغۇسى يوقتەك ئىدى.

بىر يەكشەنبە كۈنى كەچتە ئىشىك چېكىلدى.

گۈلنىگار قولىدىكى چىنە ـ قاچىلارنى قويۇپ بولغۇچە ئىشىك يەنە چېكىلدى، گۈلنىگار ئالدىراپ ـ تېنەپ ئىشىكنى ئاچتى، تاپىسىدا قارىلىق كىيىمى كىيىۋالغان، بويى ئېگىز، ئاغزى يېرىم ئېچىلىپ تۇرغان، ئۇدۇل چىشىدىن بىرى يوق ئايال قاراپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئاق ياغلىقى كىرلىشىپ قالغانىدى.

— گۈلنىگار مۇئەللىمنىڭ ئۆيى مۇشۇمۇ؟

— شۇنداق، مەن گۈلنىگار بولىمەن.

ئايالنىڭ قارا ھەم تىنىق كۆزلىرىدىن ھېچنېمىنى بىلگىلى بولمايتتى.

ئايال ئۆيگە كىرىپ ساپاغا جايلىشىپ ئولتۇردى.

گۈلنىگار داستىخان راسلاپ چاي تەييارلىدى، گۈلسۈم ئىلتەبىر بىلەن قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كەتكەنىدى، ئىلتەبىر نەگە بارسا ئۇنى ئەگەشتۇرىۋالاتتى.

— گۈلسۈم، يور، ئەلدەرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ تاپشۇرۇق ئىشلەيمىز.

— مەن چىقماي، ئۆزۈڭ چىقىپ كىر.

— يوره، بىللە چىقمىسىز، مەن بولمىسام مويۇنچۇر بوزەك قىلىدۇ سېنى.

— بوزەك قىلمايدۇ.

— شۇنداقتىمۇ بىللە چىقايلى.

ئىككى سەبىينىڭ بالىلارچە ئامراقلىقى گۈلنىگارنى سۆيۈندۈرەتتى.

— مەن بىر ئىش بىلەن كېلىۋىدىم.

ئايالنىڭ ئاۋازىدىنمۇ كۆزلىرىگە ئوخشاش يا خۇشاللىقنى، يا خاپىلىقنى سەزگىلى بولمايتتى.

— ياخشى بوپتۇ، ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟

— مەن گۈلسۈمنىڭ ھامىمىسى ... ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئاچىسى بولىمەن.

— ھە، گۇلسۇمنىڭ تۇغقىنى دەڭ.
گۇلنىگارنىڭ كۆڭلىگە سوغۇق بىر قاراڭغۇلۇق يېيىلغاندەك بولدى. ئايالنىڭ كۆزى، لەۋلىرىنىڭ يېقىمسىز قىيشىيىپ تۇرۇشلىرىدىنلا ياخشىلىق يوقلۇقىنى ھېس قىلغىلى بولاتتى.
— سىز بىلەن بىر ئىشنى سۆزلىشەي دەپ كەلگەن.
— خوش، قېنى دەڭ.
— مەن گۇلسۇمنى ئەكەتكىلى كەلدىم.
— گۇلسۇمنى ... ئەكىتەمسىز؟ ... نېمىشقا؟
گۇلنىگار ئايالنىڭ كۆزىگە قاراشتىن قورقۇپ قېلىۋاتاتتى.
— بايا دېدىم، مەن ئۇنىڭ ھاممىسى، ئانىسىنىڭ ئورنىدا، تۇغقانلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ گۇلسۇمنى ئۆزىمىز باقايلى، دېيىشتۇق.
— گۇلسۇم ئۆيىمىزدە بىر ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ ... ئۇ كۆنۈپمۇ قالدى.
— بىز ئۇنى ئۇرۇمچىگە ئەۋەتمىدىغان بولدۇق.
— ئۇرۇمچىگە ؟ نېمىشقا؟
— ئۇرۇمچىدە بىر تۇغقىنىمىز بار ئىدى، شۇلارنىڭكىدە تۇرۇپ بالا باققاچ ئۆي ئىشلىرىنى ئۆگەنسۇن دېيىشتۇق.
گۇلنىگار ھەيرانلىق بىلەن ئايالغا تىكىلىپ قاراپلا قالدى، ئايالنىڭ تۇرقىدىن بۇ جاھاننىڭ ھېچ بىر ئىشىدىن خاپا بولمايدىغان، ھېچ بىر ئىشىدىن خۇش بولمايدىغاندەك بىر ئالامەتنى كۆرگىلى بولاتتى. ئايالنىڭ قورقۇنچلۇق بىر يۈرىكى باردەك ئىدى.
— بۇ ... بۇنداقتا قانداق بولىدۇ؟ ئۇ ئوقۇۋاتقان تۇرسا ...
— ھازىر ئوقۇغاننىڭ نېمىگە پايدىسى؟ ... ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى يوق، ئوقۇغان تەقدىردىمۇ خىزمەتكە كىرەلمەيدۇ، ۋاقتى ئىسراپ بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە، بالدۇرراق جان بېقىشنىڭ كويىغا كىرگىنى ياخشى.
— ئۇنداق دېمەڭ، گۇلسۇم بەك ئەقىللىق، ئوقۇشتىن نان

تېپىپ يېيەلەيدۇ.

— كىمنىڭ بالىسى ئەقىللىق ئەمەس ئىكەن؟ بىزنىڭ مەھەللىدىمۇ ئۇرۇمچى، قەشقەرلەردە ئوقۇپ كەلگەن بالىلار بىكار لاغايلاپ يۈرمەمدۇ، شۇ بالىلارمۇ دۆت ئەمەس ئىدى.

— گۈلسۈم ئوقۇمىسا قەتئىي بولمايدۇ.

ئايالىنىڭ چىرايى بىر قارىسا شام ئاددىمگە ئوخشاپمۇ قالاتتى. گۈلنىگار بۇ ئايالنى كۆلمىگەن ياكى كۈلۈشنى بىلمەيدىغان بولسا كېرەك دېگەنلەرنى ئويلىدى.

— تۇغقىنىمىزنىڭ خوتۇنى تۇغقاندىن كېيىن ئۇلار قىينىلىپ قاپتۇ، شۇڭا گۈلسۈم ئۇلارنىڭ بالىسىنى بېقىپ بېرىدىغانغا كېلىشتۇق.

— گۈلسۈم بىلەمدۇ؟

— ياق.

— گۈلسۈم بۇنىڭغا ئۇنىمايدۇ.

— ئۇنىڭ ئۇنىمايدىغانغا نېمە ھەددى؟!

گۈلنىگارنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

— بۇنداق قىلساڭلار قانداق بولىدۇ؟ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنى ئىشقا سېلىش قانۇنغا خىلاپ.

ئايالىنىڭ مۇزدەك چىرايى گۈلنىگارنى قورقۇتۇپ تۇراتتى، گۈلنىگار ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراشقا پېتىنالمىدى.

— قانۇنغا خىلاپ ئىشنى سورۇشتە قىلار بولسىڭىز تاغاردا بىر چىقىدۇ، گۈلنىگار مۇئەللىم، بۇ توغرۇلۇق ئارتۇق بىرنېمە دېيىشمەيلى، بۇ بالا بىكاردىن بىكار ئوقۇيمەن، دەپ يۈرگۈچە ئۆزىنىڭ تۇغقىنى بولغاندىكىن بالا بېقىشىپ بەرسە ياخشى ئەمەسمۇ، بىزمۇ گۈلسۈمنىڭ كېيىنلىكىنى جىق ئويلاشتۇق، بالا چوڭ شەھەردە چوڭ بولسا كۆزى ئېچىلىپ جان بېقىشنىڭ يوللىرىنى ئوبدان بىلىۋالىدۇ، ئۇ تۇغقىمىز گۈلسۈمنى ئېلىپ كەتكىلى ئەتە يا ئۆگۈن كەلمەكچى.

— بۇنداق قىلماڭلار، ئۇ ئوقۇۋاتىدۇ، — گۈلنىگارنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئاۋازى تىترەپ كەتتى.

— هازىر تەتىل باشلاندى ئەمەسمۇ، تەتىلدە بېقىشىپ بەرسە تەتىلدىن كېيىن ئوقۇشنى ئۈرۈمچىدە ئوقۇماقچى.

— ھېلى بالا باقىدۇ دەۋاتاتتىڭىزغۇ؟

— قالدى ئىشلارنى ئۈرۈمچىدىكى تۇغقانلىرىمىز توغرىلايدۇ.

— تۇۋا ... گۈلسۇم كىچىككىنە بالا تۇرسا، بالا باقسا قانداق بولىدۇ؟

— ئەمدى گۈلنىگار مۇئەللىم، گۈلسۇمگە كۆيۈنگىنىڭىزنى بىلىپ تۇرىمىز، بىراق بالا بىزنىڭ، شۇڭا جىق تالاشمايلى، مەن ماڭاي، گۈلسۇم قېنى؟

— قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كەتكەن.

— مەن ساقلاپ تۇرامدىم؟

— مەيلى.

گۈلنىگار نېمە قىلىشنى، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا پەلەمپەيدە بالىلارنىڭ كۈلكىلىرى ئاڭلاندى، گۈلنىگارنىڭ يۈرىكى ئاسقىپ كەتتى. ئۇ سەردارغا تېلېفون بەرمەكچى بولۇپ يەنە توختاپ قالدى.

ئىشىك ئېچىلىپ ئۈچ بالا كىرىپ كەلدى، گۈلنىگارنىڭ ياساپ قويۇشى بىلەن باشقىچە ئىسكەتكە كىرىپ قالغان گۈلسۇم ئاق ياغلىق چىگىپ ئولتۇرغان ئايالنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ كەتتى. ئۇدۇل چىشىدىن بىرسى چۈشۈپ كەتكەن بۇ يېقىمسىز ئايال كىشىگە كالا تېپىرسىدەك قاتتىق ھەم بىزارلىق تۇيغۇسى بېرىدىغان ئاۋازى بىلەن گۈلسۇمگە قاراپ دېدى:

— گۈلسۇم، تەييار بول، قايتىمىز.

بىچارە بالا ... گۈلنىگارنىڭ كۆڭلىگە يىغا ياماشتى.

— مەن ... — گۈلسۇم يەرگە قارىغىنىچە تۇگۈلۈپ قالدى.

— تېز بول، — دېدى ئايال تەرىنى تۈرۈپ، — تېز بول، مەن ئالدىراش ...

ئايالنىڭ گۈلسۈمگە تىكىلگەن تىنىق قارا كۆزلىرىدىن سوغۇق ۋەھىمە تارقىلىپ تۇراتتى. گۈلسۈم پۈتىدىن سۆرىگەندەك مېڭىپ ئۆيگە كىرىپ سومكىسىنى ئېلىپ چىقتى.

— بىز ماڭايلى، گۈلنىگار مۇئەللىم، خوش ...

ئايال گۈلسۈمنىڭ قولىدىن تارتىپلا ئېلىپ ماڭدى، بىردەمدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارغا ئەقلىنى يەتكۈزۈپ بولالماي قېتىپ قالغان گۈلنىگار ھاڭۋاقتىنچە تۇرغان ئىككى ئوغلىغا قاراپ قويدى.

— گۈلسۈم نەگە باردۇ؟ — دېدى مويۇنچۇر ھەيران بولغاندەك.

— تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە، — دېدى گۈلنىگار ئىچى سىقىلغان ھالدا ئۇھ تارتىپ.

ئۇچەيلەن جىمدە تۇرۇپ قېلىشتى، گۈلسۈم چىقىپ كېتىپ ئۆيدىكى ناھايىتى مۇھىم بىر نەرسە كەم بولۇپ قالغاندەك تۇيغۇ پەيدا بولغانىدى.

— ئەمدى ئۇ كەلمەمدۇ؟ — دېدى ئىلتەبىر.

— بەلكىم ... بىر نېمە دېيەلمەيمەن.

ئۆينى سۈكۈت قاپلىدى.

— گۈلسۈم تۈگىشىپتۇ، — دېدى سەردار بولغان ئىشلارنى ئاڭلاپ ئاچچىق بىلەن، — دېمەك يەنە بىر قىز بالىنىڭ ئەتىسى قاراڭغۇلىشىپتۇ.

— مەن گۈلسۈمنى قايتۇرۇپ كېلىمەن ... قانۇن ئورۇنلىرىغا بارىمەن.

— مەكتەپ ئوتتۇرىغا چىقسا بولاتتى، — دېدى سەردار.

— ئۇلارنىڭ تۇغقىنى گۈلسۈمنى ئۇرۇمچىدە ئوقۇتىدىغانغا ئىسپات ئېلىپ كېلىدىكەن، ھاممىسى شۇنداق دېدى.

— ئەستەغپۇرۇللا ...

— مەن بايا دېگەندەك قانۇن ئورۇنلىرى بىلەن بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىمەن.

www.uyghurkitap.com

— ئاۋارە بولماڭ، گۈلسۈم ئۇلارنىڭ قانۇنلۇق تۇغقىنى ھېسابلىنىدۇ، ئۇلاردا ۋەسىيلىك ھوقۇقى بار.

— بىراق ...

— كېيىنچە بىر ئامالى بولۇپ قالار ... يەنە بىر ئويلىسام گۈلسۈم ھەرقانداق يامان ئەھۋالغا قارشى چىقالايدىغاندەك قىلىدۇ.

— ئۇ تېخى كىچىككىنە بالا تۇرسا ... مۇشتتەك تۇرۇپ بالا باققۇچى بولسا قانداق بولار؟ ... ئىسىت ... — گۈلنىگارنىڭ كۆزلىرى نەملەشتى.

گۈلنىگار شۇ كېچىسى تۈزۈك ئۇخلىيالمىدى، ناھايىتى چىرايلىق ئىشلار توساتتىن بۇزۇلۇپ كېتىدىكەن. سەردارنىڭمۇ ئۇيقۇسى قاچتى، كۆز ئالدىدا بولغان ئوسال ئىشلارغا قارشى چىققۇدەك ئامال قىلالمىغىنىغا ھەيران قالدى. گۈلسۈمنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرىگەن سەردار دەممۇ دەم ئۇھسىنىۋاتاتتى، ئۇ ئەتىلا گۈلنىگار ئارقىلىق گۈلسۈمنى تېپىپ ئۇرۇمچىگە بارغان ھامان تېلېفون بىلەن پات ـ پات ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ تۇرۇشنى تاپىلاشنى ئويلىدى. ئەخمەت بولغان ئىشلارنى ئاڭلىسا بەلكىم «گۈلسۈم» دېگەن بىر پارچە رەسىم سىزىپ چىقىشى مۇمكىن.

قالتىس بىر قىز جاھاننىڭ غەلىتە ھەم ئەگرى ـ بۈگرى يوللىرىدا بارا ـ بارا كۆزدىن يىتتى، ئۇنىڭ كېيىنكى كۈنلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس ئىدى.

— ھازىر ئوقۇش پۈتتۈرىدىكى باللارنى سۈرۈشتۈرىدىغان تۈزۈم بارغۇ، — دېدى سەردار ئەتىسى ناشتا ۋاقتىدا. ناشتا كۆڭۈلسىز داۋام قىلىنىۋاتاتتى.

— ئۇغۇ شۇ، بىراق خەقنىڭ چارىسى جىق، ئاخشام سىزگە دېدىمغۇ، ئۇرۇمچىدە ئوقۇۋاتىدۇ، دېگەن ئىسپاتنى كۆتۈرۈپ كەلسىلا، كىم گۈلسۈمنىڭ كەينىدىن بېرىپ ئوقۇدىمۇ، ئوقۇمىدىمۇ دەپ سۈرۈشتۈرۈپ يۈرىدۇ دەيسىز.

— بىز شۇنداق قىلساق بولاتتى، — دېدى سەردار ئۇھ تارتىپ.

سەردار چالا ـ بۇلا چاي ئىچىپلا چىقىپ كەتتى، ئىلتەبىر ئۇستەلدىكى قوۋۋەت تالقىنىنىڭ قېپىغا قارىغىنىچە خىيالغا پاتقانىدى.

شۇنداق قىلىپ گۈلسۇم خۇددى بىر چۈشتەك سەردارنىڭ ئۆيىدىن غايىب بولدى، گۈلسۇم نەلەردە، قانداق قىسمەتلەرگە يولۇقار؟

سەردارمۇ، گۈلنىگارمۇ گاڭگىراپ قالدى، ئۇلار كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن بۇ ئىشلاردىن مەڭدەپ قالغان، نېمە قىلارىنى بىلمەي قېلىشقانىدى.

سەردار بىلەن گۈلنىگار بۇ شەھەردە گۈلسۇمدىن باشقا نادىرە ھەم نادىرەدەك قىزلارنىڭ بارلىقىنى، شۇ قىزلار يولۇققان قىسمەتنىڭ ئۆزلىرىگىمۇ خىرىس قىلىشقا تەييار تۇرىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ.

## 145

«HIV»

نادىرە كۆزىگە بەكلا ۋەھىمىلىك كۆرۈنگەن بۇ ئېنگىلىزچە ھەرپلەرگە ئۇزاق قاراپ كەتتى، ئۇنىڭ يېنىدا ھالقا چىقىرىپ چېگىلگەن قىزىل لېنتا تۇراتتى. ئادەملەرنىڭ ئىدراكى ھەم ئەقلى، تۇيغۇسى ھەم ھېسسىياتىغا كۆرە رەڭلەرگە بېرىلگەن تۇرلۇك مەنىلەر ئىچىدە قىزىل رەڭمۇ ئاجايىپ مەنىلەرگە ئىگە قىلىنغان. ھالقىلاپ چېگىلگەن قىزىل لېنتا ۋە ئۈچ تال ھەرپ غەلىتە بىر تەرزدە لىغىرلاپ تۇراتتى. بۇ ھەرپلەر ئايرىم تۇرغاندا ھېچقانداق غەيرىي بىلىنمەيدۇ، ئەمما ئۈچى بىرلەشكەندىن كېيىن ئۆلۈم مەنىسىگە، ھەتتا ئۆلۈمدىنمۇ دەھشەتلىك ئازابنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن قورقۇنچلۇق بەلگىگە ئايلىنىپ كەتكەن. جۇشقۇنلۇق

ھەم قىزغىنلىقتا ۋەكىل قىلىنىدىغان قىزىل رەڭمۇ شۇ ھالدا بىر ۋەھىمىگە تىمسال بولۇپ قالغاندەك ئىدى.

— مەن ئۆچ ئالىمەن.

نادىرە ئۈنسىز پىچىرلىدى.

— گۈزەل چىرايىم ماڭا دەسمىي بولىدۇ.

نادىرە ۋۇجۇدىنىڭ، روھىنىڭ، كەلگۈسى ھەم ئەتىسىگە بولغان تەلپۈنۈشلىرىنىڭ تامامەن مۇز بولۇپ قاتقانلىقىنى سەزدى. مۇرات ... ئۇنى بۇ دۇنيادا ياشاشقا ئۈندەپ تۇرغان ئادەم مۇرات ... مۇراتقا بولغان سۆيگۈ، مەسئۇلىيەت، ئامراقلىق ...

مۇرات ساقايغان كۈنى ... مەن بۇ ئىپلاس تېنىمنى يەر يۈزىدىن يوق قىلىمەن ...

ئۇنىڭ خىياللىرى ئۈزۈن ئىدى، ئەمما بىر ـ بىرىدىن ئۆتە مەنىسىز ئىدى. «مەن ئاخىرى ھېچنېمە قىلالماي جاھاندىن كېتىمەن.» نادىرە پات ـ پات ئۆزىگە شۇنداق دەيتتى.

نادىرە دىلمۇراتنى ئويلىدى، دىلمۇرات دېگەن بىر ئادەمنىڭ مۇشۇ دۇنيادا مەۋجۇت بولۇشى نادىرەنىڭ ھاياتىنى بەربات قىلىۋەتتى. ناۋادا ... دىلمۇرات تۇغۇلمىغان بولسا، دىلمۇرات بۇ شەھەردە بولمىغان بولسا، دىلمۇرات نادىرە بىلەن تونۇشۇشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، دىلمۇرات نادىرەنى ياخشى كۆرمىگەن بولسا ... نادىرەنىڭ دادىسى قولغا ئېلىنمىغان بولسا، نادىرە يەككە ـ يېگانە قالمىغان بولسا ... مۇراتنى ماشىنا سوقۇۋەتمىگەن بولسا ... نادىرە زۆھرە بىلەن تونۇشمىغان بولسا ...

نادىرەنىڭ بېشى چىڭقىلىپ كەتتى. نادىرەنىڭ مۇشۇ تەقدىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەبلەر خۇددى زەنجىر ھالقىلىرىدەك بىرىگە بىرى ئۇلىنىپ كەتكەن، نادىرە تەقدىر ھەم تەقدىرنىڭ غارايىپ سەۋەبلىرى، دىلمۇراتنىڭ قانداق بولۇپ ئۆزىنىڭ تەقدىرىگە ئالاقىدار بولۇپ قالغانلىقى توغرۇلۇق خىيالغا پاتقان شۇ دەمدە دىلمۇرات كەڭ ئىشخانىسىدا تەنھا

ئولتۇرۇپ ئويغا چۆمگەندى، چېپىۋاتقان ئاتنىڭ مىس ھەيكىلىدىن ئىنساننىڭ ئۆز ئەقلى يەتمەيدىغان، ئەقلى يەتسىمۇ ئەقىل بىلەن كونترول قىلالمايدىغان نەپسى - ھەۋىسىنىڭ ھىدى كېلىۋاتقاندەك ئىدى.

دىلمۇرات ئېغىر ئۇھ تارتىپ تېلېفوننى قولىغا ئالدى. ئاندىن چولپاننىڭ نومۇرىنى باستى

## 146

چولپاننىڭ تېلېفونى جىرىڭلىدى، ئۇ تېلېفون نومۇرىغا قاراپ قوشۇمىسىنى تۈردى، ئىككىلىنىپرەك تېلېفوننى ئالدى.

— چولپان، مەن دىلمۇرات، سىز بىلەن كۆرۈشسەم بولاتتى.

چولپان تەڭقىسلىقتا بىردەمگىچە ھېچنېمە دېمىدى.

— بۇ بەلكىم ئاخىرقى كۆرۈشۈشىمىز بولۇپ قالىدۇ.

چولپانغا دىلمۇراتنىڭ ئاۋازى ناھايىتى جىددىي ھەم بىچارە بولۇپ تۇيۇلدى.

— نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟

— كۆرۈشكەندە دەي.

— تېلېفوندا دەڭ ... مەن ئالدىراش، كۆرۈشۈپ بولالمايمەن.

— چولپان، سىزگە يەنە بىر دەي، بۇ ئاخىرقى كۆرۈشۈشىمىز بولۇپ قالىدۇ، چۈشەندىڭىزمۇ؟

چولپان ھەيران بولغاندەك سورىدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— مەن قاشتېشى سودىسىنى ئاخىرلاشتۇردۇم، قولۇمدىكى ماللارنىڭ ھەممىسىنى سېتىپ، پۇلىغا ئۇن يۇرۇش دۇكان ئالدىم.

— بۇ گەپلەرنى ماڭا دەپ نېمە قىلىسىز؟

— مەن كېتىمەن، بۇ ئىگىلىكنى بىرسىگە تاپشۇرۇپ بېرىشىم كېرەك.

— بۇ ... سىزنىڭ ئىشىڭىز.

— مەن بىلەن قېيىشماڭ ... سىزنى «ئاقتېرەك» رېستورانىنىڭ ئايرىمخانىسىدا ساقلايمەن ... دېيىشىدىغان گەپ بار، چوقۇم كېلىڭ.

دىلمۇراتنىڭ ئاۋازى ناھايىتى كەسكىن ئىدى. چولپان بىردەم جىم تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن دۇكاننى تاقاپ تاكسىغا ئولتۇردى.

چولپان ماشىنا دېرىزىسىدىن شەھەرنىڭ قايناق كوچىلىرىغا، تونۇش ھەم ناتونۇش ھايات ئۆز تەرزىدە ئۆتۈۋاتقان يوللارغا نەزەر سالدى. ئادەم بولماق بەك تەس ئىكەن ... چولپاننىڭ شىۋىرلاشلىرىنى ھېچكىم، ھېچنەرسە ئاڭلىمىدى. ئۇنىڭ يۈرىكىنى سىقىپ كېلىۋاتقان ئىش بارغانسېرى ئېغىرلاپ كېتىۋاتاتتى، ھايات ئۇنىڭدىن ئىمتىھان ئېلىۋاتسا كېرەك، كېچەلمەيدىغان ئادەمدىن كەچمىسە بولمايدىغان ھالغا يەتتى ... ياندىغان ۋاقتىم كەلدى ... شۇنداق، ئەمدى توختاپ قالمىسام ھەممە نەرسە ۋەيران بولۇپ كېتىدۇ، مەن، مۇرات، گۈلنىگار، ئۇنىڭ ئىككى بالىسى، سەردار ... ھەممىيلەن ۋەيران بولۇپ كېتىمىز. ئەلنىڭ نەزەرىدىن چۈشىمىز، نەپرەتلىك، لەنەتلىك ئادەملەرگە ئايلىنىمىز، ئۇ كۈنلەر كەلگەندە سەردارمۇ، مەنمۇ خۇشال بولالمايمىز، بىر ئىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە شۇ ئىشتىن قول ئۈزەلمەسلىكنى نورمال ئادەمنىڭ ئىشى دېمەيمىز ... مەن ئەمدى ياناي، توختاپ قالاي، سەردار بىلەن ئۆتكەن كۈنلىرىمگە پۇشايمان قىلمايمەن، ئەمما ئەمدى توختاپ قالمىسام مەڭگۈلۈك پۇشايماندا قالىمەن، ئۇ ماڭا مۇھەببەت ئاتا قىلدى، سۆيۈشنىڭ، سۆيۈلۈشنىڭ نېمىلىكىنى بىلدۈردى ... بىراق مەن بۇ شېرىن سۆيگۈگە پاسكىنا يول بىلەن ئىگە بولدۇم، ئادەملىكىمگە قايتاي، مېنىڭ خۇشاللىقىم ئادەملىكىمنى نابۇت قىلىشنى شەرت قىلسا، مەن ئادەملىكنى تاللاي ...

تاكسى غۇيۇلداپ كېتىپ باراتتى، چولپاننىڭ خۇشاللىق

بىلەن ھەسرەت ئارىلىشىپ كەتكەن خىياللىرى، خىتابلىرى، پىكىرلىرى ئارىلىشىپ كەتكەندى.

دىلمۇراتنىڭ نېمە گېپى بولغىيدى؟ ئۇنىڭ ئون يۇرۇش دۇكان ئېلىشى بىلەن مېنىڭ نېمە ئالاقەم بولسۇن؟ ...

چولپاننىڭ يۈرىكىگە ئۇرۇلىدىغان نەرسىلەر كۆپىيىپ كەتسە كېرەك.

مەن قەتئىي نىيەتكە كېلىشىم كېرەك ... يەنە كونا يولدا مېڭىۋەرسەم تۇگىشىپ كېتىمەن.

يول بويىدىكى مەجنۇنتاللارنىڭ نازۇك شۇخلىرى شامالدا تەۋرىنەتتى.

گۇلنىگار بىلەن كۆرۈشەي، ئۇنىڭ ئالدىدا گۇناھىمنى تىلەي ... شۇنداق قىلسام مەن چولپانغا ئوخشايمەن، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، ئۆزىنى قەدىرلەيدىغان، ياخشى يولنى تاپالايدىغان، تاپقاندىن كېيىن ماڭالايدىغان چولپانغا ئايلىنىمەن.

چولپاننىڭ ئويلىرى گىچماچ ئىچىدى، سەردار ھە دېگەندە ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى، چولپان شۇنىڭغا ئىشىنىدۇ، سەردارمۇ بۇ يولنىڭ توغرا يول ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ، ئەمما ئۇمۇ خۇددى چولپانغا ئوخشاشلا كېچەلمەي، كېچىشكە جۈرئەت قىلالماي، كۆڭۈل خاھىشىغا ئەگىشىپ مۇشۇ كۇنگە كەلدى ... چولپان سەرداردىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى كۈنلىرىنى ئويلاپ دىمىقىپ كەتتى. ھاۋا ھاۋادەك تۇيۇلمايدىغاندەك ئىدى.

## 147

ئىشىك چېكىلدى، ئىشىكنىڭ سىرتىدىن بارات قويچىنىڭ ھاسىراشلىرى ئاڭلاندى.

سەردار ئىشىكنى ئاچقاندا تۇنجى بولۇپ بارات قويچىنىڭ قىزارغان كۆزىنى كۆردى، لەۋلىرىنىڭ قېنى قېچىپ بىر كېچىدىلا قېرىپ كەتكەندەك قىلاتتى.

www.uyghurkitap.com

— مېنى خۇدا ئۇردى، — دېدى بارات قويچى ئۆمچەرەپ، — خالىق دېگەن هايۋان مېنى بوزەك قىلدى.

بارات قويچى بوسۇغىدا تۇرۇپلا يىغلامسىراپ شۇنداق دېدى. ئۇ هازىرلا يىقىلىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى.

— نېمە ئىش بولدى، بارات ئاكا؟

— مېنى خۇدا ئۇردى، ئۇكام، خالىق پۇللىرىمنىڭ هەممىسىنى ئېلىپ ئىككى هەپتىدىن كېيىن بىر پۇلىڭىزنى ئىككى قىلىپ قايتۇرۇپ بېرىمەن، دەپ كەتكەن، بىر ئاي بولدى يوق، تېلېفون نومۇرى قۇرۇق نومۇر بولۇپ كېتىپتۇ، سۈرۈشتۈرسەم ئۇ پۇللارنىڭ هەممىسىنى قىماردا ئۇتتۇرۇۋېتىپ تۈرمىگە كىرىپ كېتىپتۇ ...

بارات قويچى تاپىنىدا تۇرۇپ مىشىلداپ يىغلىدى. خۇدادىن قېرىغاندا نەپسىنىڭ ئوتىدا كۆيۈشتىن ساقلا، دەپ تىلىمەكمۇ كېرەك ئىكەن.

— باراتكا، ئاۋۋال ئۆيگە كىرەيلى.

— سىزچە مەن قانداق قىلسام بولار؟ ...

بارات قويچىنىڭ يىغا قايناپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ سەردارنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى.

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، بارات ئاكا، بۇ ئىشلارمۇ ئوڭشىلىپ كېتەر.

— نېمىسى ئوڭشىلىدۇ؟ خالىق تۈرمىگە كىرىپ كەتتى، ئۇ پۇللارنىڭ هەممىسىنى ئۇتتۇرۇۋېتىپتۇ، يەنە نېمىسى ئوڭشىلىدۇ؟ — بارات قويچىنىڭ قىزارغان كۆزلىرىدىن ئاچچىق ئەلەمنىڭ سوغۇق نۇرى چېقىنىدى، — دېسىلە، قانداق ئوڭشىلىدۇ؟

بارات قويچىنىڭ ئاۋازىدىكى تەئەددى سەردارغا سوغۇق تەگدى.

— بۇنى بىلمەيمەن، ئەمما ئەمدى ...

— سىلى بىلىملىك ئادەم، ماڭا توغرا يول كۆرسەتسىلە دەپ مىلىڭ قېتىم دېگەندىمەن، بارات ئاكا، ئىشنىڭ يولى ماۋۇ، بۇ ئىشنى مۇنداق قىلسىلا دەپ بىر يولغا سېلىپ قويغان بولسىلا ماڭا مۇشۇ كۈن يوق، دەپ باقسىلا، ماۋۇ پۇلنى ئوبدانراق بىر تەرەپ قىلايلى، دەپ مەن سىلىگە دېگەنمۇ دېمىگەنمۇ؟ سىلى مۇشۇنداق پىسپاسلىق قىلىپ يۈرۈپ ئاخىرى بولغان ئىش مۇشۇ مانا.

سەردار ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى، ئارتۇق بىرنېمە دېسە بارات قويچى ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىدىغاندەك قىلاتتى.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ ... مەن سىلىگە نەچچە قېتىم شۇنداق ياخشى مەسلىھەتلەرنى بەردىم، ئەمدى كېلىپ بۇنداق دېسىلە قانداق بولىدۇ؟

— ياخشى مەسلىھەت بېرىپتىمىش، ياخشى مەسلىھەت بەرگەن بولسىلا ئىش مۇشۇنداق بولامتى؟ شۇمۇ گەپمۇ ...

بارات قويچى شۇنداق دەپلا كەينىگە ئۆرۈلۈپ ماڭدى، ئېگىلگەن پۇتلىرىنى قولايسىز ھالدا پەلەمپەينىڭ باسقۇچلىرىغا قىينىلىپ قويۇۋېتىپ غودۇڭشىدى.

— زىيالىي دېگەنغۇ مۇشۇنداق قولىدىن پوق كەلمەيدىغان خەق ... ئېسىت پۇللىرىم ... مۇشۇ بىرنېمىگە ئىشىنىپ بولغان ئىش مۇشۇ بولدى ...

پەلەمپەي تاملىرىدىن بارات قويچىنىڭ يىغلامسىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. سەردار بارات قويچىنىڭ ئاشۇ بىچارە ھالىنى بەك ئۇزاققىچە ئۇنتۇيالماسلىقى مۇمكىن.

ئىچكەركى ئۆيدىن چىققان گۈلنىگار سەردارنىڭ كەيپىنىڭ ناچارلىقىنى كۆرۈپ سورىدى.

— نېمە ئىش بولدى؟

— ھېچ ئىش يوق، مۇنداقلا گەپلەر.

سەردار ئېگىزكىنى يۆلەپ ئولتۇردى، يەتمىش نەچچە ياشتىن

ئاشقان بىر ئادەم بۇ دۇنيانىڭ دوزىخىغا چۈشۈپ كەتكەندەك قىلاتتى. بۇ دۇنيانىڭ دوزىخىمۇ، جەننىتىمۇ ھەركىمنىڭ يۈرىكىدە بولىدۇ.
— مەن رازىيەنىڭكىگە بېرىپ كېلەي، — دېدى گۈلنىگار.
سەردار بېرىۋېرىڭ، دېگەن مەنىدە قولىنى سىلكىپ قويدى.

## 148

گۈلنىگار رازىيەنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، رازىيە گۈلپىيەنىڭ بېشىنى سىيلىغىنىچە ئولتۇراتتى. رازىيە ئورۇقلاپ قالغان، كۆز چۆرىلىرىدە سۇس قارا داغلار پەيدا بولغانىدى. گۈلنىگارنى ھەيران قالدۇرغىنى رازىيە ئۆزۈن قارا كىيىمنى سېلىۋېتىپ ئورنىغا گۈللۈك كۆڭلەك كىيىۋالغان، يۈزنى يېرىم ئورىۋالىدىغان ئىشىمۇ قىپقالغان، كىيىنىشلىرى ئۆلگىرىكىدەك ئىدى.
— ئەھۋالىڭ قانداق، رازىيە؟ — گۈلنىگار ساپاغا جايلىشىپ ئولتۇرغاچ گۈلپىيەنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى، — مۇشۇ قىزىمنى كۆرمىگىلىمۇ ئۇزاق بولۇپ كەتتى، ئالدىراشلىقتىن باش كۆتۈرەلمەي قالدىم، گۈلپىيە قىزىم، قانداق ئەھۋالىڭىز؟
گۈلپىيە ئىششىغان قاپاقلىرىنى تەستە ئېچىپ گۈلنىگارغا قاراپ بېشىنى سۇس لىڭشىتتى.
— خېلى ياخشى بولۇپ قالدى، — دېدى رازىيە، — ئەھۋالى كۈندىن كۈنگە ئوبدان.
رازىيە ئېغىر - بېسىق بولۇپ قالغاندەك ئىدى، تۈرلۈك قىسمەتلەرگە يولۇققان بۇ ئايالنىڭ چىرايى سولاشقان، كۆزلىرىنىڭ نۇرى قاچقان، ئەمما ئۇنىڭغا تەمكىنلىك، ئېغىرلىق قوشۇلغاندەك ئىدى.
— چىرايىڭمۇ بۇرۇنقىدىن ياخشى تۇرىدۇ، — دېدى گۈلنىگار، ئاندىن بايا كۆتۈرۈپ كىرگەن تاۋاقنى يېشىپ ئىچىدىن ئورالغان تاتلىق - تۈرۈملەرنى ئېلىپ گۈلپىيەنىڭ قولىغا

تۇتقۇزدى، — قېنى ئېلىڭ قىزىم، چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىسىز.

— ئاۋارە بوپسەن، گۈلنىگار، بۇنچە نەرسىنى كۆتۈرۈپ كەلمىسەڭمۇ بولاتتى، — دېدى رازىيە، ئاندىن گۈلپىيەنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى، — قىزىم، مەن گۈلنىگار ئاپىڭىز بىلەن گېپىمنى قىلىشىۋالاي، چارچاپ كەتتىڭىز، بىردەم ئارام ئېلىۋېلىڭ، قېنى، بۇياققا.

رازىيە گۈلپىيەنى يېتىلەپ ياندىكى ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇپ چىقتى. ئۇھ تارتقىنىچە گۈلنىگارنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— گۈلپىيە هازىر خېلى ياخشى بولۇپ قالدى، ئۇنى يەنە داۋالىتىشنى ئويلىشىۋاتىمىز، — دېدى رازىيە، — ئۈرۈمچىدىكى بىر دوختۇرخانىنى ئۇقۇشۇپ قويدۇق، ئۆزۈم بېرىپ شارائىتىنى كۆرۈپ كەلدىم، بولىدىكەن، شۇ دوختۇرخانىدا داۋالىتايلى دەۋاتىمىز.

— قانداق داۋالايدىكەن؟

— مەن خېلى تەپسىلىي كۆرۈپ باقتىم، غەربچە دورىلار بىلەن ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ دورىسىنى ماسلاشتۇرىدىكەن، ئاندىن يەنە پسىخىكىلىق داۋالايدىكەن، ساقايغانلار بار ئىكەن، ئىلگىرى ساقىيىپ چىققانلاردىن بىرنەچچىسى بىلەنمۇ كۆرۈشتۇم، ئۈنۈملۈك ئىكەن.

— خۇدايىم دېگىنىڭ كېلەر، تىرىشايلى، چوقۇم ساقىيىدۇ، ئەمدى ئىككىنچىلەپ موللىغا ئوقۇتىدىغان ئىشنى قىلما.

— بەك پۇشايمان قىلدىم، قارا باسقاندەك ئىش قىپتىمەن، رەيهان تىللاپ، ۋارقىراپ يۈرۈپ هوشۇمنى تاپقۇزدى، يەنە سەنمۇ جىق سۆزلىدىڭ، بولمىسا مەن يەنە شۇ ئىشنىڭ كەينىدىن يۈرەتتىمكەن، — دېدى رازىيە ئېغىر تىنىپ، — يېشىم بىر يەرگە بارغىنى بىلەن مەن تېخى ئادەم بولالماپتىمەن.

— هېلىقىدەك كىيىملىرىڭنى سېلىۋېتىپسەن هەرنېمە بولسا، — دېدى گۈلنىگار، — ئۆزىمىزگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان

ئىشلارنى قىلمىغىنىمىز ياخشى، رازىيە.

— رەيھان ۋارقىراپ ـ جارقىراپ يۈرۈپ يوقاتتى ئۇ كىيىملەرنى، دەسلەپ ئۇنىڭدىن خاپا بولغانىدىم، ئەمدى ئويلىسام مەنمۇ بەكلا بىتايىن ئىشنى قىلىپ يۈرۈپتىمەن، نىمە ئىشلارنى قىلىپ قويغىنىمنى ئويلىسام ئىشەنمەي قالىمەن، مەن بەك دۆت ئىكەنمەن، گۈلنىگار.

— بولدى، ئۆزۈڭنى ئەيىبلىمىگىن، بۇ ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى.

— ھېلىقى پۇلۇڭنىمۇ بېرەلمىدۇق، سەردار دوختۇردىن بەكلا خىجىل بولۇۋاتىمەن.

— ۋاي ـ ۋۇي، نىمە دەيدىغانسەن ئەمدى، قويغىنا بۇ گەپنى، گۈلپىيە مېنىڭمۇ قىزىم، ئۇ پۇلنىڭ گىپىنى قىلما بولدى.

رازىيە گۈلنىگارنىڭ قولىنى تۇتتى.

— قورقۇۋاتىمەن، گۈلنىگار، كېچىلىرىمۇ ئۇيقۇ يوق، نەچچە كۈن بولدى، ئەندىشە ئىچىدە قالدىم.

— نىمە بولدى ئۇنچىۋالا قورققۇدەك؟

— ئۆيىمىزگە ساقچىلار كەلدى، ھېلىقى بارات موللامنى سوراشتۇرۇپ كەپتۇ، ئۇ قولغا ئېلىنىپتۇ، مەن قورقۇپ كەتتىم.

— ئۇلارغا نىمە دېدىڭ؟

— بولغان ئىشلارنى دېدىم، ساقچىلارنىڭ دېيىشىچە، بارات موللام ئالدامچى ئىكەن، كىشىلەرنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ بەك جىق پۇللىرىنى ئالداپ ئېلىۋاپتۇ. بىراق ... ئۇ شۇ كۈنلەردە مېنىڭ كۆزۈمگە ئەۋلىيادەكلا كۆرۈنگەنىدى، مەن نىمىگە ئىشىنىپ، نىمىگە ئىشەنمەسلىكىنىمۇ بىلەلمىدىم، گۈلنىگار.

— سەن ئۇنىڭغا بەك ئىشەنچ باغلاپ ئەقىدە قىلىپ كەتكەن ئوخشايسەن، رازىيە.

— مەن بىر قاراڭغۇلۇقتىن چىققاندەك بولۇۋاتىمەن، گۈلپىيەنىڭ ھالى كۈندىن كۈنگە ياخشى بولۇۋاتىدۇ، دوختۇرنىڭ دېيىشىچە، يەنە ئۈچ ئايدىن كېيىن سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدىكەن.

— دېگىنىڭ كېلەر، رازىيە، بەك جاپا تارتىپ كەتتىڭ.
— بىزنىڭ ئۆيدىكى يەنە بىر ياخشى ئىش، شاكىر هاراق تاشلىدى، مەن ئۇنىڭ هېلىقى ئاغىنىلىرىدىن بىر نەچچىسىنى ئىزدەپ تېپىپ چىرايلىق گەپ قىلىدىغانلىرىغا چىرايلىق گەپ قىلدىم، تىللايدىغانلىرىنى تىللىدىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شاكىرنى ئىزدىمەيدىغان بولدى، شاكىرغىمۇ قىلىدىغان چىرايلىق گەپنى قىلدىم، يامان گەپنىمۇ قىلدىم، شاكىرمۇ ئوڭشالدى، ئەمدى گۈلپىيە ساقىيىپلا كەتسە، مەن يېڭىدىن تۇغۇلغاندەك بولىمەن.
— هەممە ئىش ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، رازىيە، — دېدى گۈلنىگار، — هەممە ئىش ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، غەم قىلما، ئۆزۈڭنى ئەيىبلىمە، خاتا ئىش قىلمايدىغان كىم بار؟!
شۇ چاغدا گۈلپىيە ياندىكى ئۆيدىن چىقىپ گۈلنىگارنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى، قولىدا شاكىلاتنىڭ يوقى بار ئىدى. گۈلنىگار گۈلپىيەنى يېنىك قۇچاقلاپ باغرىغا باستى.
— گۈلنىگار ئانا.
گۈلنىگار هاياجان بىلەن گۈلپىيەنىڭ پېشانىسگە سۆيدى.
— سىز مېنىڭ ئانام بولۇپ قالسىڭىز بوپتىكەن هە، گۈلنىگار ئانا.
گۈلنىگار چۆچۈگەندەك بولۇپ گۈلپىيەنى تېخىمۇ مەهكەم قۇچاقلىدى، كۆزىگە ئىسسىق ياش كەلدى.
ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ رازىيەنىڭ ئىشىك كېشىكىگە پېشانىسىنى قويۇپ بۇقۇلداپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆردى.
— سىز مېنىڭ قىزىم گۈلپىيە، ئوبدان قىزىم، غەيرەت قىلىڭ، چوقۇم ساقىيىپ كېتىسىز، مەنمۇ رازىيەگە ئوخشاشلا سىزنىڭ ئانىڭىز.
گۈلپىيە نۇرغۇن گۈللەرنىڭ ئارىسىدا تۇرىۋاتقاندەك ئۆزىنى يېنىك هېس قىلدى.
— ئادەم بولماق بەك تەس ئىكەن، رازىيە ... — دېدى

گۈلنىگار رازىيەنىڭ قولىنى تۇتۇپ، — غەيرەت قىلايلى، غەيرەت قىلساقلا ھەممە ئىشلار ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

رازىيەنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كېلىۋاتقان گۈلنىگارنىڭ تېلېفونى يېقىملىق سايرىدى، گۈلنىگارنىڭ ۋۇجۇدى سىلكىندى، كۆڭلى ئۆرە ـ تۆپە بولۇپ كەتتى.

— سىزنى ساقلاۋاتىمەن، گۈلنىگار.

— مەن يېنىڭىزغا باراي.

گۈلنىگار قورقۇنچ ئىچىدە ئەينەكلىرى قارا تاكسىنى توستى. ۋەھىمە بىلەن تەلپۈنۈش، غېرىبلىقتىن قېچىش ئىستىكى ئارىلىشىپ كەتكەندى. مەن نېمە ئىش قىلىۋاتىمەن؟ ... مەن نەگە ماڭدىم؟ ...

گۈلنىگار تاكسىنى ئۆيى تەرەپكە ھەيدەشنى ئېيتماقچى بولۇپ يەنە ئۇنداق قىلالمىدى، ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى دىلمۇرات تەرەپكە تارتىپ كېتىپ باراتتى.

«مەن ئۇزۇل ـ كېسىل تۈگىشىشكە ئاز قالغاندەك قىلىمەن.»

**149**

«نۇرلۇق يۇلتۇز» مېھمانسارىيىنىڭ يەتتىنچى قەۋىتىدىكى ياسىداق ياتاقتا ئولتۇرغان دىلمۇرات ئۆزىنىڭ ئۈمۈچۈك تورىدەك غېرىبلىق لەيلەپ يۈرگەن كۆزلىرىدىن نەپرەتلىنىپ ئەينەكنىڭ ئالدىدىن كەتتى.

— ئۇزۇن قالمىدى ... ۋاقتىم ئۇزۇن قالمىدى.

تېلېۋىزوردا بىر توپ مايمۇنلارنىڭ شاختىن شاخقا سەكرەپ يۈرگەنلىرى كۆرسىتىلىۋاتاتتى، مايمۇنلارنىڭ ئاجايىپ دۇنياسى بار. مايمۇنلارنىڭ دۇنياسىنى بىز مەڭگۈ چۈشىنىپ بولالمايمىز، مايمۇنلار دۇنياسى ئىنسانىنىڭ ھاياتلىقىدا ئەبەدىي چۈشىنىپ بولالمايدىغان، ئۆلگەندىن كېيىن قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىپ بولالمايدىغان دۇنياسىغا ئوخشىمايدىغان دۇنيا. مايمۇنلار ئۈچۈن

جەننەتنىڭ تەلپۈنۈشى، دوزاخنىڭ ۋەھىمىسى يوق ... دىكتورنىڭ مايمۇنلارنىڭ ئاجايىپ خۇي ـ پېئىلى ھەم ئۇلارنىڭ ئەقىللىق ئىكەنلىكى ھەققىدىكى يېقىملىق چۈشەندۈرۈشلىرى ئاڭلىنىۋاتاتتى ...

مايمۇنلارنى مەڭگۈ چۈشەنمەيدىغان دىلمۇرات ئۆز ۋۇجۇدىدا 80 ـ يىللاردىن باشلاپ مايمۇننىڭ بەدىنىدىن ئادەملەرنىڭ بەدىنىگە كۆچكەن قورقۇنچلۇق بىر نەرسىنىڭ قۇتراپ يۈرگەنلىكىنى ئويلاپ ۋۇجۇدى يېقىمسىز غۇژۇلدىدى.

يېشىل شاخلار ئارىسىدا تاقلاپ يۈرگەن مايمۇنلار ئۇنىڭغا يەر يۈزىدىكى ئەڭ يىرگىنىشلىك مەخلۇق بولۇپ كۆرۈندى.

ئىشىك چېكىلدى.

گۈلنىگار ناھايىتى يېقىملىق ھەم ئۆتكۈر ئەترىنىڭ ھىدىنى ئېلىپ ياتاققا كىرىپ كەلدى، دىلمۇرات ئۇنى قۇچاقلىدى، گۈلنىگارنىڭ نازۇك قولى ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئېسىلدى.

ئۇلار كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇرۇشتى، ۋاقىت شېرىن لەۋلىرى بىلەن كۆڭۈللەرنى سۆيۈپ ئۆتمىدۇ، دىلمۇرات گۈلنىگارنىڭ قولىنى تۇتتۇۋالغانىدى.

ــــ سەن يەڭدىڭ، ــــ دېدى گۈلنىگار ئىچ ـ ئىچىدىن ئۇھ تارتىپ. ئۇ دىلمۇراتنى تۈنجى قېتىم سەنلەۋاتاتتى. گۈلنىگارنىڭ سەن دېيىشى بىلەن دىلمۇراتنىڭ كۆڭلىگە يېقىملىق قىزغۇچ تۇيغۇ چىرايلىق بولۇپ يېيىلدى.

ــــ بۇ قانداق گەپ ئەمدى؟

ــــ مەن ساڭا تەسلىم بولدۇم ... مېنى قوغدىغۇدەك ئادەم بولمىدى، مەن ئېرىمنىڭ قۇچىقىدا تۇرۇپ تەنھا قالدىم.

ــــ غەلىتە گەپ قىلىسەنغۇ ...

ــــ سەن چۈشەنمەيسەن، دىلمۇرات ... بۇ گەپلەرنى دېيىشمەيلى، مەن مۇھەببەتكە تەشنا ...

ياتاقتا ئىلمان بىر تۇيغۇ ئاستا ھەم شېرىن ھالدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. يۈرەك ئارزۇسى قانغاندا خۇددى مۇشۇنداق تۇيغۇ پەيدا

بولىدۇ.

دىلمۇراتنىڭ سوغۇق بارماقلىرى گۈلنىگارنىڭ يېشىل كۆڭلىكىنىڭ توگمىلىرىنى ئېزدەيتتى.

— مەن مۇشۇ ئىشنى قىلمىسام بولاتتى ... — گۈلنىگارنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى، — ئېسىت ...

— ئۇنداقتا ... — دىلمۇراتنىڭ قولى توختاپ قالدى. ئۇچ ئېلىش ئىستىكىدىن كۆرە گۈزەل سۇلكەتلىك ئايالغا بولغان تەلپۇنۇش زىدە يۈرىكىنى كۆيدۈرىۋاتقان ئەرنىڭ روھى چايقىلىپ تۇراتتى.

— ئەمما مەيلى.

— نېمە مەيلى؟

— سېنىڭ ئىختىيارىڭچە بولسۇن.

دىلمۇرات دېرىزىلەرگە تارتىلغان پەردىلەرگە قارىدى، ئېغىر، قېلىن پەردە كۈن نۇرىنى توسۇپ ئۆينىڭ ئىچىنى قويۇق قىزغۇچ قاراڭغۇلۇققا پاتۇرغانىدى.

دىلمۇرات گۈلنىگارنىڭ يالىڭاچ بەدىنىنى قۇچاقلىدى، يالىڭاچ گۈلنىگارنىڭ لەۋلىرىگە سۆيدى، دىلمۇرات گۈلنىگارنىڭ كۆزلىرىدىن قۇيۇلۇۋاتقان ياشلارغا دىققەت قىلمىدى، دىلمۇرات ئېغىر ھاياجان ئىچىدە تىترەيتتى. رۇباشكا، باغىرداق دېگەندەك نەرسىلەر راھەتبەخش يىپەك گىلەم ئۈستىدە تاشلىنىپ ياتاتتى. دىلمۇرات گۈلنىگارنىڭ گۈزەل چىرايىغا ئۇزاق تىكىلدى، ۋۇجۇدىدىن ئەركەك روھىنى لەرزىگە سالىدىغان گۈزەللىك پۇرقۇلۇپ تۇرغان بۇ ئايالنىڭ يالىڭاچ تۇرقى دىلمۇراتنى مەست قىلىپ باراتتى.

دىلمۇرات گۈلنىگارنى مەھكەم قۇچاقلىدى، كىشى روھىنى لەرزىگە سالىدىغان تۈيغۇدىن مەست بولۇپ سەزگۈسىنى يوقاتقان گۈلنىگار خاراموشلۇق ئىچىدە دىلمۇراتنىڭ ھاياجانلىق بارماقلىرىنىڭ تىترەشلىرىنى ھېس قىلاتتى، نەپسى ئىتتىكلەپ كەتكەن دىلمۇرات گۈلنىگارنى مەھكەم قۇچاقلاپ لەۋلىرىگە

شېرىن سۆيدى، بەك ئۇزاق يىللاردىن بېرىقى ئارزۇسىغا يەتكەندەك قىلاتتى، دىلمۇرات شىددەتلىك نەپسى ھەۋەسىنىڭ ئوتىدا كۆچلۈك شۇۋۇلداپ ئېقىۋاتقان قانلارنىڭ تومۇرلىرىنى كۆيدۈرۈشلىرىنى ھېس قىلاتتى.

«سەردار ... ئىتنىڭ بالىسى ... ۋەيران بولىسەن ... مەندىن تالاشقانلىرىڭ بىلەن قوشۇلۇپ ھالاك بولىسەن ...»

دىلمۇراتنىڭ كۆز ئۆڭىدە لەۋلىرىنى يېرىم ئېچىپ ئوتتەك بىر ھەۋەسنىڭ قورقۇنچلۇق ئىشتىياقىغا چۈشكەن گۈلنىگار نامايان بولدى. سۆيۈش بەزىدە شۇ قەدەر قورقۇنچلۇق بولىدۇ.

دىلمۇراتنىڭ يۈرىكى سىلكىندى.

گۈلنىگار ...

گۈلنىگار ...

گۈلنىگار قىپقىزىل ئوتلىرى گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان دوزاخنىڭ يېنىدا تۇراتتى، چۈشۈپ كەتكىلى ئازلا قالغانىدى، گۈلنىگار ئۆزىنىڭ دوزاخقا چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى.

دىلمۇراتنىڭ يۈرىكى پارە ـ پارە بولدى.

«گۈلنىگار ۋەيران بولسا بولمايدۇ ...»

ياتاق، سوزۇلۇپ ياتقان گۈزەل ئايالنىڭ يالىڭاچ تېنى ... دىلمۇراتنىڭ كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە گۈرۈلدەپ ئوت كۆيۈشكە باشلىدى.

ئاجايىپ سۈزۈك، بەكمۇ مۇستەھكەم بىر نەرسە شىددەت بىلەن پىرقىراپ دىلمۇراتنىڭ بارلىق تۇيغۇسىنى مۇز ئارىسىغا ئېلىپ كىردى.

— ياق ...

دىلمۇرات ئۇشتۇمتۇت ۋاقىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئۇنىڭ پېشانىسىدىن، چېكىلىرىدىن تەر قۇيۇلاتتى، ئۆمۈچۈك توردەك غېرىبلىقنى مىڭ تۈرلۈك كۈچ بىلەن بېسىپ تۇرغان كۆزلىرى ئالىيىپ كەتكەنىدى، ئۇ غالىلداپ تىترىگىنىچە

www.uyghurkitap.com

كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلىدى.

يالىڭاچ ياتقان گۈلنىگار ياندىكى ئەديىال بىلەن ئۇستىنى يۆگەپ خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى.

— نېمە بولدى؟

دىلمۇرات گەپ قىلمىدى.

— نېمە بولدى ساڭا؟ ... — دېدى گۈلنىگار ھەيران بولغىنىچە دىلمۇراتنىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ.

— ئۇنداق قىلسام بولمايدۇ.

گۈلنىگارنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، پېشانىسىدىن تەر قۇيۇلۇپ تۇرغان دىلمۇرات كۆزىنى مەھكەم يۇمۇۋالغانىدى.

— سەن ... بەك جىق دەپ كەتكەندىڭ ... ئەمدى نېمىشقا؟

— ئىشقىلىپ ... ئۇنداق قىلسام بولمايدۇ، — دىلمۇراتنىڭ ئاۋازى يىغلىغاندەك چىقىپ كەتتى.

— مەن چۈشەنمىدىم، — دېدى گۈلنىگار ئەلەم بىلەن پىچىرلاپ.

— ھەممە دەردى - بالا ئۆزۈم بىلەن كەتسۇن دېدىم، ساڭا ئاشىق ئىكەنمەن، سېنى يۈرىكىمدىن ياخشى كۆرىدىكەنمەن.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— چۈشىنىپ قالسەن، مەن مۇرادىمغا يەتتىم، ساڭا ئېرىشتىم، مۇشۇنىڭ ئۆزى كۇپايە.

— مەن ... ھېچ چۈشەنمىدىم، ئېرىشتىم دەيسەن، يەنە ... — گۈلنىگار گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدى.

— سەن كېيىن ھەممىنى چۈشىنىسەن، گۈلنىگار، مەن سېنى سۆيىمەن، شۇڭا ... شۇڭا بايا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالغىنىم قالتىس ئىش بولدى، مەن تۈگىمەس - پۈتمەس بالا - قازانىڭ ئالدىنى ئالدىم، ئۆزۈمنى قالتىس ئادەم ھېسابلىسام بولىدۇ ... بۇ شەھەردىكى ئەڭ رەزىل ئادەم، ئەڭ ئەقىللىق ئادەم مەن ئىدىم. ئەڭ قالتىس ئادەممۇ مەن ئىكەنمەن ... سەن مەندەك بىر ئادەمنىڭ سۆيۈشىگە ئېرىشكىنىڭدىن

پەخىرلىنىپ قالىسەن ... مەن سەردارغا بولغان ئۆچمەنلىكىمدىن غالىب كېلەلىدىم ... ئەركەك مەندەك بولىدۇ.

— سەردارغا بولغان ئۆچمەنلىك؟ — گۈلنىگارنىڭ كۆزى يوغان ئېچىلدى.

— شۇنداق، سەردار مېنى ۋەيران قىلدى، ئۇ ئادەم ئەمەس، مەن ئۇنى ۋەيران قىلىۋەتمەكچىدىم ... ئەمما سېنى دەپ بۇ نىيىتىمدىن ياندىم ... ئۇ چولپاننى مەندىن تارتىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن مەن ھالاك بولدۇم.

گۈلنىگارنىڭ كۆزلىرىدىن تارامىلاپ ياش تۆكۈلدى، قېلىن پەردە توسىۋالغان دېرىزىنىڭ سىرتىدىكى دۇنيا ئۇنى ئاچچىق بىلەن چاقىرىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— مەن شۇنداق خۇشال، — دېدى دىلمۇرات گۈلنىگارنى كۈچ بىلەن باغرىغا بېسىپ.

گۈلنىگار ياش يۇقى كۆزىنى تەستە ئېچىپ دىلمۇراتقا قارىدى.

— سېنى راستىلا ياخشى كۆرىدىكەنمەن، گۈلنىگار.

گۈلنىگار گاڭگىرىغىنىچە بېشىنى چايقىدى.

— سېنى دوزاخنىڭ ئىشىكىدىن ياندۇرۇپ كېلىش قولۇمدىن كەلدى، مەن ئۆزۈمدىن پەخىرلەنسەم بولىدۇ ... مەن قالتىس ئەركەك ئىكەنمەن.

گۈلنىگار دىلمۇراتنىڭ قولىنى تۇتتى، ئۇ چۈشىنىكسىز بىر ھالدا، ھازىرقى ۋاقىتنىڭ تاشتەك ئېغىر ھەم قاتتىق بېسىمى ئاستىدا يانچىلىۋاتاتتى، قانداقتۇر سىرلىق بىر پەردە ئۇنى مەھكەم ئوراۋاتقاندەك ئىدى.

گۈلنىگار كىيىملىرىنى كىيىپ يۇمىلاق ئورۇندۇققا ئولتۇردى، دىلمۇرات گۈلنىگارنىڭ پېشانىسىگە، لەۋلىرىگە، بويۇنلىرىغا ئۇزاق سۆيدى، ۋۇجۇدىدا قوتىرىغان ياۋايى ئىستەكنىڭ شېرىن ھەم ئازابلىق كۆيدۈرۈشىنى ھېس قىلاتتى.

دىلمۇرات گۈلنىگارنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇردى،

ئاندىن گۈلنىگارنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ كۆزىگە چۈشىنىكسىز بىر نەزەردە قاراپ تۇرۇپ سورىدى:

— ئەيدىزنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن، گۈلنىگار؟

گۈلنىگار بېشىنى چايقىدى. دىلمۇراتنىڭ ھاياجانلىق ئاۋازى كىشى روھىنى لەرزىلىككە باشلايدىغان يېقىملىق خۇش پۇراق ئاڭقىپ تۇرغان ياتاقتا ۋەزمىن ئاڭلىناتتى. دەرد ـ ھەسرەتنى تۆكۈۋالغان دىلمۇرات ئۆزىنى يەڭگىل سېزىۋاتاتتى.

شەھەرنىڭ سىم ـ سىم يامغۇردىن نەمدەلگەن ھاۋاسى، نەم يوللىرى، نەم دەل ـ دەرەخلىرى، نەم تۇيغۇلىرى گۈلنىگارغا غەمكىن كۈلۈمسىرەپ قارايتتى.

— دىلمۇرات ... گۈلنىگار پەس ئاۋازدا دىلمۇراتنى چاقىردى.

— سەن نۇرغۇن ئىشلارنىڭ سىرىنى مەن ئۆلگەندىن كېيىن بىلىپ قالىسەن.

— ئۇنداق دېمە، ئۆلۈمنىڭ گېپىنى قىلما ... — گۈلنىگار دىلمۇراتنى چىڭ قۇچاقلىدى.

— سەن سېنى سۆيىدىغان قالتىس بىر ئەرنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايسەن.

نەم ھاۋادا دىلمۇراتنىڭ ئاجايىپ ئاۋازى، ئاجايىپ گەپلىرى دولقۇن بولۇپ يېيىلىپ شەھەرنىڭ بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭلىرىغا تارقىلىپ كەتتى. سىرلىق ھەم كۈچلۈك ھاياجان گۈلنىگارنىڭ يۈرىكىگە سىڭدى.

گۈلنىگار ئۆيگە كەلگەندە ساپادا يېتىپ كىتاب ئوقۇۋاتقان سەردار ئۇنىڭغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ يەنە كىتابىنى ئوقۇۋەردى. گۈلنىگار تۇنجى قېتىم سەردارغا بولغان ئۆچمەنلىك ھەم نەپرەتنى ھېس قىلىپ ھەيران قالدى.

گۈلنىگار ھەممەيلەننى تاماققا چاقىردى، مويۇنچۇر بىلەن ئىلتەبىر پات ـ پات بىر ـ بىرىگە ھومىيىشىپ قويۇشاتتى. گۈلنىگار ئاشخانا ئۆيدىن ھورنان بىلەن قورۇما كۆتۈرۈپ چىقتى. كۆز ئالدىغا ھە دېگەندە دىلمۇراتنىڭ سىيماسى



www.uyghurkitap.com

كېلمىۋالاتتى، قۇلىقىغا دىلمۇراتنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى.

ئۇ روھسىز ئۆز ئۆيىگە ياندۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن تىركىشىۋاتاتتى.

— ئىككىڭلارنىڭ كەيپى جايىدا ئەمەسقۇ؟ — دېدى گۈلنىگار.

— مويۇنچۇر بەك ئەسكى نېمە ئىكەن، تېپىشماق تېپىشتا ئۆتۈشكەن، تېپىۋالسام دېيىشكەن نەرسىنى بەرمىدى.

— تېپىشماق ؟ نېمە تېپىشماق ئىكەن ئۇ؟

— مۇنۇ مويۇنچۇر نەدە بىر قاملاشمىغان تېپىشماقنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ، — دېدى ئىلتەبىر، — بىر ئادەمنىڭ يۈز سوم پۇلى بار ئىكەن، شۇ يۈز سومغا يۈز توخۇ ئېلىش كېرەك ئىكەن، چۈجە ئەللىك تىيىن، مېكىيان بەش سوم، خوراز ئون سوم دەيدۇ، پۇلنى ئاشۇرۇپ قويماي، خوراز، توخۇ، چۈجە بولۇپ جەمئىي يۈزنى ئېلىشى كېرەك ئىكەن، بىر كېچە ئۇخلىماي ھېسابلاپ تېپىۋالدىم، جاۋابىنى تاپسام ئۇ ماڭا بەش سوم بېرىدىغان بولغان، ئاخىر مەندە پۇل يوق دەپ بەرگىلى ئۇنىمىدى، نامەرد.

— نېمىشقا بەرمىدىڭ؟ — دېدى سەردار مويۇنچۇرغا قاراپ.

— مەندە پۇل بولمىسا.

— پۇل بولمىسا نېمىشقا قول باغلاشقان؟

— ئۇتۇۋالارمەن دەپ ئويلىغان، ئىلتەبىرنىڭ ئون سوم پۇلى بار، ماڭا يېرىمىنى بەر دېسەم ئۇنىمىدى، شۇڭا مۇشۇ تېپىشماقنى تاپالمىسا بەش سومنى ئېلىپ خەجلەرمەنمىكىن دېسەم ... شۇ ... تېپىۋالدى.

— بۇ ئىشىڭ بولماپتۇ ... ئوغۇل بالا دېگەن ئاغزىدىن چىققان گەپكە ئىگە بولۇشى كېرەك ... مە، مويۇنچۇر، مۇنۇ بەش سومنى ساڭا بەردىم، بۇ بىكارغا بېرىدىغان پۇل ئەمەس، ئارام ئالغان كۈنۈڭدە كىتابلىرىمنى بىرمۇبىر رەتلەپ بېرىسەن، ھازىر بەش سومنى ساڭا بېرىمەن، سەن ئىلتەبىرگە بېرىسەن.

www.uyghurkitap.com

سەردار پورتمالدىن بەش سومنى ئېلىپ مويۇنچۇرغا بەردى، مويۇنچۇر ئىلتەبىرگە قارىمايلا پۇلنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى.

— ئالە.

— ئەكەل، — دېدى ئىلتەبىر پۇلنى شارتتىدە تارتىپ ئېلىپ.

تاماق يېيىلىپ بولدى.

— بولدى، كىرىپ تاپشۇرۇۋېلىڭلارنى ئىشلەڭلار، بالىلىرىم، سوقۇشماڭلار، سەنمۇ گېپىڭدە تۇرمايدىغان ئىشنى قىلما، مويۇنچۇر.

ئىككى بالا ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىشتى. ئىككى ئوغلىنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرغان گۈلنىگار يۈرىكىگە چىڭقىدە كەپلەشكەن ۋەھىمە ھەم سۆيۈنۈشنى ھېس قىلدى.

— توۋا دەپ قالدىم، ئاجايىپ ئادەملەر بولىدىكەن، — دېدى سەردار.

— نېمە بوپتۇ؟ — دېدى گۈلنىگار.

— بىر ئاداش خوتۇنى بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن، شۇ خوتۇننىڭ ئاكىسىنىڭ ئايالى بىلەن ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ يۈرۈۋېتىپتۇ قاراڭ.

گۈلنىگار سەردارنىڭ چىرايىدىكى ھەيرانلىقتا زەن سالدى، سەردار ئادەتتە بۇنداق گەپلەرنى دېمەيتتى.

— توۋا، ما سەتچىلىكنى ... ئۇنى دېسىغۇ ھازىر بىر قىسىم ئادەملەر بۇزۇلۇپ كەتتى زادى، — دېدى گۈلنىگار. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاۋازىنىڭ ئۆزىنىڭ يۈرىكىگە يېقىندەك سانجىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇراتتى.

— ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇنداق قىلسا قانداق بولىدۇ؟ — دېدى سەردار، — بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم بەكلا غەش بولۇپ قالدى.

گۈلنىگارنىڭ يۈرىكى ئاغرىدى، ئۇ جىنايەت ئۆتكۈزدى ... ئادەم پاك ياشىيالىسا ھەقىقىي بەخت دېگەن شۇ بولسا كېرەك ... ھەممىسى سەردارنىڭ كاساپىتىدىن بولدى ... گۈلنىگار

دىلمۇراتنىڭ ياشلىق كۆزىنى يادىغا ئالدى، دىلمۇراتنىڭ مۇشۇ كۈنگە قىلىشقىنى سەردار سەۋەبچى ... گۈلنىگار بۇنداق ئويلىسا بولمايتتى، ئەمما ھە دېگەندە مۇشۇ ئوينىڭ ئىسكەنجىسىدىن چىقالمايتتى.

— غەش بولماڭ ... بەزى ئادەملەرگە زادى ئامال يوق، يەنە كېلىپ ئەڭ مۇھىمى ئۇنداق ئىشنى قىلغانلار بىز ئەمەس.

— بىز بولمىساقمۇ بىزنىڭ ئەتراپىمىزدىكىلەر شۇنداق قىلىپ يۈرسە بۇ ئازابلىق ئىش بولىدۇ.

— بىز ئۆزىمىزگە دىققەت قىلساق بولىدۇ، — دېدى گۈلنىگار، ئۆزى سۆزلەۋېتىپ ئۆزى ھەيران بولۇۋاتاتتى، — شۇ قاتارلىق پەس ئىشنى قىلىپ يۈرگەن كىمكەن ئۇ؟

— دىلمۇرات.

گۈلنىگارنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. ئۈستىدىن بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيغاندەك ئەندىكىپ ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدى. پۇت ـ قولىدا جان قالمىدى.

— كىم دېدىڭىز؟

— دىلمۇرات، تاش سودىگىرى دەيدۇ، بۇرۇن رەنا دېگەن ئايال بىلەن توي قىلىپ ئاجرىشىپ كەتكەنىكەن.

گۈلنىگار داڭ قېتىپ قالدى، سەردارغا قاراشقا پېتىنالمىدى، خۇددى سەردار ھەممە گەپنى قەستەن دەۋاتقاندەك، گۈلنىگارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بىلىپ بولغاندەك ... ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا، گۈلنىگارغا قالىدىغىنى شەرمەندىلەرچە كەچمىش ياكى ئۆلۈمگە ئوخشاپ كېتىدىغان قىسمەت بولۇشى مۇمكىن.

گۈلنىگار ئۆزىنى تۇيمىغان ھالدا بىرىپ ساپاغا ئولتۇرۇۋالدى، ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغاندەك، پەشتامىسىنى مىجىقلاپ، سەردارغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى. ئۇنىڭ تاشتەك قاتتىق ئالىقىنىدا مىجىلىۋاتقىنى پەشتاما ئەمەس، ئۆزىنىڭ يۈرىكى ئىدى.

— بولدى، مەن ئارام ئالاي، ئەتە يەنە ئوپېراتسىيە بار.

سەردار شۇنداق دەپ بېشىنى كەينىگە تاشلاپ كۆزىنى يۇمدى، هارغىن كۆرۈنەتتى، يۈرىكى بەكلا تېز سېلىپ كەتكەن گۈلنىگار سەردارنىڭ شۇ تۇرقىغا قاراپ قانچىلىك ئولتۇرۇپ كەتكىنىنى بىلەلمىدى.

— ناۋات چاي ئىچەمسىز؟ — دېدى گۈلنىگار.

— ياق، ئىچمەي.

— ئەمىسە ئىسسىق سۇ ئەكىرىپ بېرەي، پۇتىڭىزنى يۇيۇۋالامسىز؟

— بولدى، مۇنچىدا يۇيۇپ چىقاي.

— ئۇنداق بولسا ئالما ئاقلاپ بېرەي، يەۋېلىڭ، ئويقۇڭىز ياخشى بولىدۇ.

— مەيلى.

گۈلنىگار ئۆزىنىڭ ئىچىگە ئۆزى كەپلىشىپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى مۆكىدىغان يەر تاپالمىغان چاشقاندەك هەر يانغا قېچىپ يۈرەتتى.

ئاق بۆجەننى يادىغا ئالدى، چالا ئۆلۈك بۆجەننىڭ قىزغۇچ كۆزلىرى يېرىم يۇمۇق ئىدى.

گۈلنىگار ياتاق ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن سىرتقا قارىدى، رەڭگا ـ رەڭ چىراغلار بىلەن سىرلىق تۈسكە كىرگەن شەهەر ئۇنىڭ كۆزىگە تىلسىمات بولۇپ كۆرۈندى، گۈلنىگارنىڭ ئاياللىق قەلبى سۇس ئوتتا ئاستا كۆيۈۋاتاتتى. ئۇ قايتىپ كەلدى، ئەمما شەرەپسىز بىر كەچمىش ئۇنىڭغا مەڭگۈ هەمراھ بولىدۇ.

گۈلنىگار نەزەر سېلىۋاتقان شەهەرنىڭ كوچىلىرى ئۇزۇن هەم ئەگرى ـ بۈگرى، بىر ـ بىرىگە تۇتاش، چىگىچ، مالىمان ئىدى. يىراقتىكى ئون بەش قەۋەتلىك بىنا چوقچىيىپ كۆزگە تاشلىناتتى. شەهەردىكى ناهايىتى ئېگىز بىنالارنىڭ، دەرەخلەرنىڭ، ئادەملەرنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭلىرى ئارىسىدىن، بۇلۇتلارنىڭ بىز بىلمەيدىغان يوللىرى بويلىرىدىن نادىرەنىڭ

يۈرىكىنى ئالەمچە خۇشاللىقا ئېلىپ بارىدىغان بىر خەۋەر ئاۋاز دولقۇنى بولۇپ يېتىپ كەلدى.

## 150

ناھايىتى يىراقتىكى شەھەردىن نادىرەگە تېلېفون كەلدى.
— نادىرەمۇ سەن؟
مۇراتنىڭ ئاۋازى ھاياجانلىق ئىدى.
— ھە، مەن، مۇرات، ئەھۋالىڭ قانداق؟
نادىرە جىددىيلىشىپ كەتتى. ھاياجاندىن ئاغزىغا گەپ كەلمەي قالدى. مۇراتنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭغا شۇ قەدەر يېقىملىق، قۇۋۋەتلىك، كۈچلۈك بولۇپ ئاڭلاندى.
— ياخشى، نادىرە، ساڭا بىر خەۋەرنى دەي، مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم.
— نېمە؟
نادىرەنىڭ كۆزىگە ياش كەلدى، خۇشاللىقتىن كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلدى.
— راستمۇ؟
— راست.
— يەنە بىر قېتىم دېگىنە.
— راست، مەن چاقلىق ئورۇندۇقتىن تۇرۇپ كەتتىم.
— رەھمەت، مۇرات ... ساڭا مىڭلارچە رەھمەت ... ساڭا كۆپ رەھمەت ...
نادىرە ئۆزىنى قويۇۋېتىپ يىغلىدى، ئۇنىڭ كۆلكىسى بىلەن يىغىسى ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. بۇ نادىرە رەڭدار چىراغلار بىلەن سىرلىق تۇسكە كىرگەن شەھەردىن چىقىپ كېتىشتىن ئۈچ كۈن بۇرۇنقى بىر چۈش ۋاقتى ئىدى.
— بەك خۇش بولدۇم، مۇرات، مەن مۇرادىمغا يەتتىم، ئەمدى ھېچ ئارمىنىم يوق.

www.uyghurkitap.com

— ئارمىنىم يوق دەيسەنغۇ؟

— شۇنداق، سەن ساقايدىڭ ... سېنىڭ ساقىيىشىڭ جاھاندىكى ئەڭ چوڭ ئارمىنىم ئىدى.

— ئەمدىچۇ؟

— ئەمدى ...

نادىرەنىڭ خۇشاللىق ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلدى. بۇ ئەجەب سۆيۈملۈك دۇنيا، ئارماننى ئۆزى بېرىپ، ئۆزى بەجا كەلتۈرۈپ بېرىدىغان ...

— ئەمدى ... سەن ساقايدىڭ ... ھەممە ئىش ياخشى بولۇپ كەتتى.

— سەن بىلەن مېنىڭ قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلىرىمىز بار، مېنى ساقلا، نادىرە ...

— ماقۇل.

نادىرە شۇنداق دەپ تېلېفوننى قويۇۋەتتى. ئۇ مۇراتقا بەرگەن ئاخىرقى ۋەدىسىگە ئەمەل قىلالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. نادىرە سۆيۈملۈك شەھەرگە نەزەر سالدى، گۈزەل ئاسمان، گۈزەل شامال ۋە گۈزەل بۇلۇت ...

سىم ـ سىم يامغۇر ياغقان كۈنى ... شۇ كۈنى نادىرەنىڭ تەقدىرى ئۆزگىرىپ كەتتى، تەقدىرنى ئۆزگىرىپ كەتتى دېگىلى بولمايدۇ، نادىرەنىڭ تەقدىر ـ قىسمىتىدە، دەل شۇ كۈنى يۈز بېرىدىغان پاجىئە پۈتۈلگەن بولسا كېرەك.

مۇرات ساقايدى، ئەمما نادىرە ...

نادىرەنىڭ كۆڭۈل ئالىمىدە سىم ـ سىم يامغۇر ياغقاندىكى شەھەر، سىم ـ سىم يامغۇرنىڭ يېقىملىق سۆيۈپ ئۆتۈشلىرى، قىزىل ماشىنىغا سوقۇلۇپ كەتكەن مۇراتنىڭ ئېچىنىشلىق ھالى كەلدى ... سىم ـ سىم يامغۇر ياغقان شۇ كۈنى بىرمۇنچە ئادەملەرنىڭ تەقدىر ـ قىسمىتى ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، شۇ كۈنى بەختكە ئېرىشكەنلەر، مۇرادىغا يەتكەنلەر، قەرزى تۆلىگەنلەر، يېڭى يول تاپقانلارمۇ بولۇشى مۇمكىن.

شەھەر مەركىزىدىكى ئون بەش قەۋەتلىك بىنانىڭ بەشىنچى قەۋىتىدىكى تېلېفون ئۇزاق جىرىڭلىدى. بالكوندىكى رەڭدار قۇش تېلېفوننىڭ جىرىڭلاشلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك ياكى ئاڭلىسىمۇ پەرۋا قىلمىغاندەك، ئۇخلىغان بىلەن ئويغاقلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان تەرزدە جىمجىت ئولتۇراتتى.

— ۋەي.

— مېنى تونۇدۇڭمۇ؟

— تونۇدۇم.

— تونۇغان بولساڭ دېگىنە، مەن كىم؟

— سەن پات ئارىدا ئۆلىدىغان ئادەم.

— ئاغزىڭنى ئۇششۇتمە، پاسكىنا.

— مەنمۇ شەرمەندە بولۇپ ئۆلمەن، پات ئارىدا ئىككىمىز دوزاختا كۆرۈشىمىز.

— سەن زادى قوشۇلامسەن - يوق؟

— نېمىگە؟

— ئىككىمىز كۆرۈشىمىز، ماقۇل دېسەڭمۇ دەيسەن، دېمىسەڭمۇ دەيسەن، مەن ھازىر ئۆيۈڭگە بارىمەن ... بولمىسا ئېرىڭگە ھەممە گەپنى دەيمەن.

— ئۇ بەك مۇلايىم ئادەم، ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئاغرىتىدىغان ئىشنى قىلما.

— ئەمىسە دېگىنىمنى قىل ...

تېلېفوندا بىردەملىك جىملىق بولدى.

— ئۇنداق بولسا كەل، مەن سېنى ساقلايمەن.

— مانا ئەمەسمۇ، ئەمدى ئەقلىڭنى تاپتىڭ، دېگەنبىلەن سەنمۇ مەندىن كېچەلمەيسەن، تومۇچۇقۇم ... ئەمىسە ئۆيۈڭگىلا باراي.

www.uyghurkitap.com

— يەنە بىر سائەتتىن كېيىن كەل، مەن سېنى ئۆيۈمنىڭ ئۇدۇلىدىكى پەستە ساقلايمەن.

— ئۆيۈڭگىلا چىقمايمۇ تايىنلىق؟

— مەن پاسكىنا ئادەملەرنى ئېرىمنىڭ ئۆيىگە باشلىمايمەن، دەل مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ يولغا قارايدىغان دېرىزىسىنىڭ ئاستىدىكى يولدا سېنى ساقلايمەن.

— بولىدۇ، بىر سائەت قاچان توشار؟ ... تاقىتىم تاق بولىدىغان بولدى.

ئايال رەڭدار قۇشقا نەپرەت بىلەن قاراپ قويدى. ئاندىن بىر ۋاراق قەغەز ئېلىپ خەت يېزىشقا باشلىدى، خەتلەر مارجاندەك چىرايلىق ئىدى. ئۇ خەتنى يېزىپ بولۇپ ئېرىنىڭ تارتمىسىغا سالدى، ئاندىن ئىشىكنى قىيا ئېچىپ قويدى.

ئارىدىن يېرىم سائەت ئۆتكەندۇ يا ئۆتمىگەندۇ ... شەھەرنىڭ يۈرىكى چىممىدە قىلىپ قالدى.

شەھەر مەركىزىدىكى ئون بەش قەۋەتلىك بىنانىڭ ئاستىدىكى تار يولغا ئادەملەر دۈۋىلىشىۋالغانىدى، بىر ئايال قان ئىچىدە ياتاتتى. ئېسىل بىر ماشىنا ئالىمانىڭ يېنىدا توختىدى. ماشىنىدىن بالدۇر سەمرىپ كەتكەن، كىيىنىشلىرىدىن تارتىپ، مېڭىشلىرىغىچە ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان بىر ئادەم چۈشتى، ئۇ بىنانىڭ بەشىنچى قەۋەتىگە قارىدى، بەشىنچى قەۋەتنىڭ دېرىزىسى ئوچۇق تۇراتتى. ئۇ ئادەملەر توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ پەستە قان ئىچىدە ياتقان ئايالنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

ئەتراپ قان ھىدىغا تولغاندەك ئىدى.

ئايال تاشتەك قاتتىق يولدا سوزۇلۇپ ياتاتتى.

ئۇنىڭ بويۇنلىرىغا تارالغان يىرىكلىك ھۆررەكلەرنى تەستە ئىلغا قىلغىلى بولاتتى.

ھېلىقى ئادەمنىڭ يۈرىكى چىمىلدىغاندەك بولدى، پېشانىسى مۇزدەك تەرلىدى، كۆكسىدىن تارالغان ئاچچىق ئاغرىقتىن

تىنالماي، نەپىسى قىسىلىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى.

بىردەمدىن كېيىن ساقچى ماشىنىسى يېتىپ كەلدى، ئادەملەر ئۆرۈتۆپە بولۇشتى، ساقچىلار ئىككى كىشىنىڭ جەسىتىنى ماشىنىغا سېلىپ ئەكېتىشتى.

— توۋا خۇدايىم، نېمە ئىش بۇ؟ بىردەمدە ئىككى ئادەم جېنىدىن ئايرىلدى يا.

— رىزقى شۇنچىلىك چېغى ۋاكەن.

— ماۋۇ ئايالغۇ بەشىنچى قەۋەتتىن سەكرەپ ئۆلۈۋاپتۇ، مۇنۇ ئادەم ئاۋۇ ئايالنىڭ جەسىتىنى كۆرۈپلا بىرقىسما بولۇپ مەيدىسىنى تۇتۇپلا يىقىلدى.

— توۋا دەيلى، باردى ـ كەلدى رىزقى شۇنچىلىك بىچارىلەرنىڭ، بىز قانداق يوسۇندا ئۆلىمىز، خۇدا ئۆزى بىلىدۇ.

كېچە قاراڭغۇسىغا چۆمگەن شەھەرنىڭ يۈرىكى بىر خىل رىتىمدا سوقىدۇ. كىشىلىك ھاياتنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن سىرلىرى مۇشۇنداق قاراڭغۇ كېچىلەردە تۇرخۇندىن كۆتۈرۈلگەن قارا ئىستەك ئاستا ـ ئاستا توزۇپ تۈگەيدۇ.

شەھەردىكى قايناق ھايات بۇرۇنقىدەك داۋام قىلىدۇ، ياخشى ئىشلارمۇ، يامان ئىشلارمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، يېڭىدىن ياخشى ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، يامان ئىشلارمۇ قاراڭغۇ بۇلۇڭلاردا يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، شەھەردىكى يورۇقلۇق بارغانسېرى كۈچىيىپ بارىدۇ.

مۇشۇ ۋەقەلەر يۈز بېرىشتىن ئىككى كۈن ئىلگىرى بىر ھەشەمەتلىك ماشىنا تاڭ سەھەرگە يېقىن شەھەردىن چىقىپ كېتىدۇ، ماشىنىدا ئىككى ئادەم بار، ئۇلار ماشىنا چىرىغىنىڭ يورۇقىدا ئاپپاق بولۇپ كەتكەن يولدا كېتىپ بېرىپ، يىراقتىكى يۇلتۇزلارغا نەزەر سالىدۇ، تاڭ چېغىنىڭ سالقىن يورۇقى يېيىلىۋاتقان ئاسمان بىلەن ئۇلار مېڭىۋاتقان يول ئۇپۇقتا تۇتىشىپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سەردار ئىشتىن چۈشۈپ بىنانىڭ ئالدىغا كېلىشىگە، ئۇنى ساقلاپ ئولتۇرغان سەمەتجان ئالدىراپلا ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇلار قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، سەمەتجاننىڭ قانداقتۇر بىر گەپنى دېگۈسى كېلىپ كەتكەندەك ئىدى.

— سەرداركا، دىككىدە تاماق يەپ كېلەيلىمۇ؟

— رەھمەت، مەن ئۆيدە يەي، — دېدى سەردار دولىسىغا ئېسىۋالغان سومكىنىڭ بېغىنى ئوڭشىغاچ.

— جۇرۇڭا، پاراڭلاشقاچ بىللە تاماق يەپ كېلەيلى، سىزگە دەيدىغان گەپ بار ئىدى.

— رەھمەت، مەن بارماي، بولمىسا يۈرۈڭ، تاماقنى بىزنىڭ ئۆيدە يەيلى.

— ئەستەغپۇرۇللا، مەن سىزنى مېھمان قىلاي دېگەن.

— كۆڭلىڭىز تېگىل بولدى، مەن بازارنىڭ تاماقنى يېيىشنى خالاپ كەتمەيمەن.

— نېمىشقا؟

— ئادىتىم شۇنداق.

سەمەتجاننىڭ چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرى غىلىتە پارقىرايتتى.

— سىزگە بىر گەپنى دېمەكچىدىم، خالىسىڭىز يەردە دېسەم بولاتتى، — سەمەتجان ئىككى يانغا قاراپ قويۇپ سەردارغا ئېڭىشىپ پىچىرلىدى، — ھازىر خەقتىن پۇل ئالساڭ قايتۇرۇپ بەرگىلى بولمايدىغان، خەققە پۇل بېرىپ تۇرساڭ، قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان بولۇپ قاپتۇ قاراڭ، بىرسىگە ئازراق بېرىشىم بار ئىدى، ئىككى يىلدىن ئاشتى، شۇ پۇلنى قايتۇرالمىدىم، مېنىڭمۇ خەقتىن ئېلىشىم بار، ئالالمىدىم، بىزنىڭ شىركەتتە مائاش ئۆسمىگىلى بەك ئۇزاق بولۇپ كەتتى ...

بارات قويچى دېگەن دىۋانە مېنى گوللىدى.
سەردار سەمەتجاننىڭ كۆڭلىنىڭ بەكلا پاراكەندە ئىكەنلىكىنى سېزىپ تۇراتتى.
— مەن تايىنى يوق ئادەم بولۇپ قالىدىغاندەك قىلىمەن، — دېدى سەمەتجان، — سىزمۇ شۇنداق ئويلامسىز؟
— ياق ... ياقەي، بىر ئوبدان تۇرمامسىز، — دېدى سەردار سائىتىگە قاراپ قويۇپ، — مەن ئالدىرايتتىم، كېيىن كۆرۈشەيلى.
— سىزگە دەيدىغان گەپنى تېخى دېمىدىم، قالتىس چىرايلىق بىر قىز بار ئىدى، ئەيدىز بولۇپ قاپتىكەن، بىر كېچىدىلا يوقاپ كېتىپتۇ، يەنە بىرەيلەنمۇ يوق ئىمىش.
— مېنىڭ بۇ ئىشلاردىن خەۋىرىم يوق، بۇنى ...
— ئالدىراپ قالدىڭىز ھە، سىزگە بىر گەپنى دەي، ئايرىم دېسەم ئوبدان بولاتتى ئەسلىي، مەن ئىلگىرى سىزگە ئېيتقانىغۇ، چاتاق چىقىدۇ دەپ، راستىلا چاتاق چىقتى، بارات قويچى ... ئېلىشىپ قاپتۇ.
— نېمە؟
— مەن ئۇنىڭ ئېلىشىپ قالىدىغانلىقىنى بۇرۇنلا بىلەتتىم، مەن سەزگەن، زادى شۇنداق بولماقچىدى، ئەمدى كۆرسىڭىز ... ئەپتىدىن قورقىسىز، كوچىدا ئۇياندىن - بۇيانغا يۈگۈرۈپ يۈرىدۇ، سەللا دىققەت قىلمىسىڭىز، خالىق دېگەن سەنمۇ، دەپلا ياقىسىدىن ئېلىپ بوغۇپلا كېتىدىغان بولۇپ قاپتۇ، توۋا دېدىم، ئۇنىڭغا خالىق ئىسىملىك جىن چاپلاشقاندەك قىلىدۇ.
— توۋا دەيلى، ئۇكام، — دېدى سەردار گاڭگىرىغان ھالدا، — ئادەم بولماق تەس.
سەردار سەمەتجان بىلەن خوشلىشىپ ئۆيگە يېنىپ چىقتى، بارات قويچىنى يادىغا ئالدى، بارات قويچىغا ھېچكىم زىيانكەشلىك قىلمىدى، ئۆزىگە ئۆزى زىيانكەشلىك قىلدى، ئەسلىي ئادەمگە زىيان يەتكۈزىدىغان، ئادەمنى ۋەيران قىلىدىغان،

خار ياكى ئەزىز قىلىدىغان نەرسىنىڭ ھەممىسى كىشىنىڭ يۈرىكىدە بولىدىكەن ... خۇدادىن يورۇق، پاكىز روھ تىلىسەڭ بولىدىكەن ...

سەردار تۈنۈگۈن كەچ گۈلنىگار ناھايىتى ئۇزاق ئۆرە تۇرغان دېرىزە ئالدىغا كېلىپ، كوچىلىرى ئىرماش ـ چىرماش شەھەرگە ئۇزاق قاراپ كەتتى. شەھەر مەركىزىدىكى ئون بەش قەۋەتلىك بىنا ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. سەردار ئاشۇ بىناغا قارىدى، بىنا شەھەرنىڭ تۇمانلىق بوشلۇقىدا سىرلىق ھالدا كۆزگە تاشلىناتتى. سەردار كۆز ئالدىدىكى ئون بەش قەۋەتلىك بىنانىڭ بەشىنچى قەۋىتىدىكى ئۆيدە چىرايلىق قەپەسنىڭ بارلىقىنى، بۇ قەپەستە يۈرەككە ئوخشايدىغان رەڭدار قۇشنىڭ مۈگدەپ ئولتۇرىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. يەنە شۇ ئۆيدىكى ئايالنىڭ تاشتەك قاتتىق سېمونت يولدا قانغا مىلىنىپ ياتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنىمۇ كېچىكىپ ئاڭلايدۇ. شۇ ئايالغا ئوخشاپ كېتىدىغان تەقدىرنىڭ ئۆز يېنىغا كېلىپ بولۇپ ناھايىتى ئاستا سىلجىپ كەينىگە يېنىپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ.

## 153

— سەردار ... خۇش خەۋەر.

ھەيۋەتلىك دېڭىز شاۋقۇنلاپ تۇرغان يىراقتىكى كاتتا شەھەردە ھاياجان ئىچىدە تۇرۇۋاتقان چولپاننىڭ ئاۋازى ئاسماننىڭ قەرىدىن، بۇلۇتلار ئارىسىدىن، بورانلار ھەم ئاسمان پەلەك تاغلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ سەردارغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— تېز دەڭ.

— مۇرات ... ئورنىدىن تۇردى.

چولپاننىڭ يىغىسى ئاڭلاندى، يىغا ئارىلاش بەختلىك سۆيۈنۈش ئىچىدىكى ئاۋازى سەردارنى ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى.

— رەھمەت سىزگە، سەردار، سىز ماڭا، مۇراتقا كۈچ

بەردىڭىز ... سىزگە رەھمەت.

— ئۇنداق دېمەڭ، قاچان قايتىدىكەنسىلەر؟

— پات ئارىدا، مۇرات مېڭىۋىدى كۆزۈمگە ئىشەنمەي قالدىم.

— بۇ بىر مۆجىزە بوپتۇ.

— مۇراتنىڭ يۇلۇنىنىڭ زەخىملىنىشى بەك ئېغىر ئەمەس ئىكەن، دوختۇرنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىمۇ تەدرىجىي ئەسلىگە كېلىدىكەن.

خۇشاللىق، بەخت ھەم سۆيۈنۈش ھاياتىمىزغا گۈلگۈنلۈك ئاتا قىلىدۇ. شۇ ھالدا ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇمىدكە تولغان گۈلگۈن دۇنيا كۆلۈمسىرەپ تۇراتتى، ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ يۈرىكىدە بەختكە تولغان گۈلگۈن دۇنيا تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى.

— تېزرەك كېلىڭ، سىزنى بەك سېغىندىم.

چولپاندىن سادا كەلمىدى.

— گەپ قىلمايسىزغۇ؟

— سەردار ... سىزگە بىر گەپنى دېمەكچىدىم.

— نېمە گەپ ئىدى؟

— بۇ ئۇزۇن گەپ ...

— ئەمىسە قايتىپ كەلگەندە دەڭ.

— قايتىپ بارغاندا سىزگە دېيەلمەيمەن، مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تېلېفوندا دەي.

— ئەمىسە دەڭ، قۇلىقىم سىزدە.

— سەردار، ھاياتىمدا سىزگە يولۇققىنىمدىن مەن بەك خۇشال، بۇنى چوقۇم بىلىشىڭىز كېرەك.

— بۇنى بىلىمەن، گېپىڭىزنى دەۋېرىڭ.

— ئۆتكەن ئىشلارغا پۇشايمان قىلمايمەن.

— مەنمۇ شۇ.

— سىزگە دېمەكچى بولغان گېپىمنى بەك تەستە دەيدىغاندەك قىلىمەن، ئەمما دېمىسەم بولمايدۇ، ئارىمىزدا نېمە

ئىش ئۆتسە ئۆتتى، ئەمدى بۇ يولدىن يانايلى، سەردار، مەن شۇنداق قارارغا كەلدىم.

— نېمە؟!

— مېنى كەچۈرۈڭ، سىزگە چىدىمايمەن، ئەمما ئەمدى بۇ ئىشلارنى ئاخىرلاشتۇرايلى، ھەر ئىككىمىزگە ئايدىڭ، قىلىۋاتقانلىرىمىز نورمال ئىش ئەمەس، بۇ يولدا مېڭىۋەرسەك، بىز بىرمۇنچە ئادەمنىڭ بېشىغا چىقىمىز. مەن بۇ ھاياتىمدا شەرمەندە بولۇپ، ئۆزۈمنى نابۇت قىلسام بولمايدۇ، مۇراتنىڭ يۈرىكىنى زېدە قىلسام، ئۇنىڭ غۇرۇرىنى سۇندۇرسام بولمايدۇ … قىز قېرىندىشىنىڭ شەرمەندىلىكى ئەرلەرگە بەك ئېغىر كېلىدۇ … يەنە دېسەم گەپ جىق … ئەمما مەن سىزنى مەڭگۈ ھۆرمەتلەيمەن، ئۆتكەن كۈنلىرىمىزنى ئۇنتۇمايمەن … بۇ گەپنى سىزنى يامان كۆرگىنىمدىن ئەمەس، سىزنى ياخشى كۆرۈشۈمنىڭ بەكلا خەتەرلىك ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانلىرىم ئۈچۈن دەۋاتىمەن … ھېچنېمە دېمەڭ، ئىش شۇنداق بولسۇن.

— ئەمما …

سەردار گېپىنى دەپ بولغۇچە چولپان تېلېفوننى قويىۋەتتى.

سەردار چولپاننىڭ گەپلىرىنى نەچچە كۈنگىچە ئويلاپ يۈردى، چولپاننىڭ دېگىنىنىڭ ھەممىسى ھەق گەپلەر ئىدى، ئەمما سەردار بۇ گەپلەرنى ئاسانلىقچە قوبۇل قىلالمايدىغاندەك ئىدى، سەردار ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلگەن قورقۇنچلۇق ئوي ئاخىر رېئاللىقتا يۈز بەرگەنىدى. ئۇ مۇشۇنداق بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىدىن، مۇشۇنداق گەپلەرنىڭ بولۇشىدىن قورقاتتى، ئايرىلىشتىن، ئايرىلىشنىڭ ئازابىدىن، ئايرىلىشتىن كېلىدىغان يۈرەك زېدىلىرىدىن قورقاتتى. ئۇ ساپادا يېتىپ خىيالغا پاتتى.

سەردار شۇنداق بىر نەرسىنى چۈشەندى. ھەممە ئىش، ھەممە نەرسە ئاخىرلىشىدۇ. قوبۇل قىلىش تەس بولسىمۇ، كەچكىلى بولمىسىمۇ ھامان ئاخىرلىشىدۇ …

## 154

سەردار تۇرۇسقا قارىغىنىچە ساپادا ياتاتتى، بېشىنى گىرەلەشتۇرگەن ئالىقانلىرىنىڭ ئارىسىغا ئېلىۋالغانىدى. كۆڭلى خاتىرجەم ئەمەستەك قىلاتتى.

— سەردار، سىزگە بىر تەكلىپىم بار، — دېدى گۈلنىگار.

— نېمە تەكلىپ؟

— ساپادا ياتمىغان بولسىڭىز.

— بۇ گەپنى جىق دېدىڭىز، مەن تۇزىتەلمەيدىكەنمەن، كۆنۈپ قاپتىمەن، ماڭا راھەت بىلىنىدۇ.

گۈلنىگار بېشىنى چايقاپ قويۇپ باشقا گەپ قىلمىدى.

— مەن قورقۇنچلۇق بىر گەپنى ئاڭلىدىم، بەزى ئادەملەر قورقۇنچلۇق بولۇپ كېتىپتۇ، — دېدى سەردار ئۇھ تارتىپ. سەردار گۈلنىگارغا سوغۇق قاراپ قويدى.

گۈلنىگار سەردارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، بىرقىسما قاراشلىرىنى كۆرۈپ ئۇجۇقۇپلا كەتتى، كۆڭلى قاراڭغۇلىشىپ مەڭدەپ قالدى، قانداقتۇر قورقۇنچلۇق بىرنەرسە ئۇنى پايلاپ تۇرغاندەك، سەللا دىققەت قىلمىسا يۈرىكىنى غالجىر ئىتتەك چىشلەپ، تىتما ـ تالاڭ قىلىۋېتىدىغاندەك ئىدى. گۈلنىگار ئۆزىنى سالماق تۇتۇشقا تىرىشىپ ھالىدىن كېتىۋاتاتتى، شۇ ھالدا دىلمۇراتنى ئويلاپ يۈرىكى سېلىپ تۇراتتى، سەردارنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلگەن، كەيپى ئوسال ئىدى، گۈلنىگارنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى، سەردارنىڭ ئۆزىگە قارىماسلىقىنى تىلىدى.

— نې ... نېمە گەپنى ئاڭلىدىڭىز؟

— كىچىككىنە بىر قىز ئەيدىز بولۇپ قاپتۇ، بۇ ئەلۋەتتە مەخپىي گەپ ئىدى، ھەيران قالدىم، سەمەتجان ئۇقۇپ بوپتۇ.

گۈلنىگار نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالدى.

— كىم ئىكەن ئۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئىسمى نادىرە ئىكەن.
— نېمە ئىش قىلىدىغان قىز ئىكەن؟
— بۇنى بىلمىدىم.
— كىمدىن ئاڭلىدىڭىز؟
— بۇ مۇھىم ئەمەس.
— ئەيدىز دېگەن ئۆلۈم دېگەنلا گەپقۇ بۇ ... نېمىشقا مۇشۇنداق ئىشلار بولىدىغاندۇ؟
گۈلنىگارنىڭ تېنى مۇزلاپ كەتتى، ئۇ دىلمۇراتنىڭ ئۆزىگە چۈشىنىكسىز بىر نەزەردە قاراپ: «ئەيدىزنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەسمەن، گۈلنىگار ... » دېگەن بوغۇق ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدى. قاپقارا ھەم ۋەھشىي بىر تۇيغۇ يۈرىكىنى يالماپ ئۆتتى.
— ئەخلاقسىزلىقتىن بولۇۋاتىدۇ ... بەزى ئادەملەر ئەخلاقتىن چەتنەپ كەتتى، — دېدى سەردار ئۇھ تارتىپ، — بۇنداق ئادەملەر ئەتراپىمىزدا، ھەتتا بۇرنىمىزنىڭ ئۇچىدىلا بار.
گۈلنىگار سەردارغا قاراپ ھاڭ - تاڭ قالدى، سەردار بىردە خۇددى بۇ گەپنى گۈلنىگارغا قارىتىپ دەۋاتقاندەك، بىردە بۇ دۇنيادىكى ئەخلاقسىزلىققا تەۋە ئىشنىڭ ھەرقاندىقى بىلەن ئۆزىنىڭ ئالاقىسى يوقتەك بىرھالدا باشقىلارنى ئەيىبلەۋاتاتتى.
— توغرا دېدىڭىز، بولۇپمۇ يولدىن چىققان ئەرلەر دىققەت قىلسا بولىدۇ.
— ھەممەيلەن دىققەت قىلمىسا بولمايدۇ، ئاياللارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە ... نادىرە دېگەن قىز ئايالغا تەۋە.
گۈلنىگار سەردارنىڭ كۆزلىرىدىكى تېڭىرقاشنى كۆردى.
— ئۇ قىز كىم بولغىيدى؟
— بىلمىدىم، دېيىلىشىچە، دىلمۇرات دېگەن سودىگەر بىلەن ئارىلىشىپ يۈرىدىكەن دەيدۇ ئۇنى.
گۈلنىگارنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپ چىرايى مۇزدەك تاتىرىپ كەتتى. يىراق، بىر يەرگە قېچىپ كەتكۈسى كەلدى.

— بۇ دىلمۇرات دېگەن قانداق نېمە ئۇ؟ ھېلى قېيىنئاچىسى بىلەن ناشايان ئىشلارنى قىلىپ يۈرسە، ئەمدى يەنە ئەيدىز شۇنىڭ بىلەن ئالاقىدار چىقسا ...

گۈلنىگارنىڭ يۈرىكى يىڭنە سانجىغاندەك ئاغرىپ كەتتى، مېڭىۋاتقان يولدا سانسىز ئورەكلەر بار ئىدى، قاياققىلا دەسسىسە ئورەككە چۈشۈپ كېتىدىغان ۋايىملىق تۇيغۇ ئىچىدە قالدى، ئۇ بىرسىنىڭ يۆلىشىگە، بىرسىنىڭ يول باشلىشىغا، بىرسىنىڭ سۆيۈشىگە موھتاج ئىدى، قىزغىن، ۋەزمىن سۆيۈشلا ئۇنى قۇتقۇزالايتتى.

خۇدا ئۇنىڭغا رەھىم قىلغانىدى.

تەقدىر ئۇنىڭغا ئوڭ كۆزى بىلەن قارىغانىدى.

گۈلنىگارنىڭ سەردارنى قۇچاقلىۋالغۇسى كەلدى، يەنە جۈرئەت قىلالمىدى، سەردارنىڭ ئۆزىنى قۇچاقلىشىنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلىپ كەتتى ... مەن بىر بالا - قازادىن قۇتۇلۇپ قالدىم ... خۇدا كۆڭلۈمگە ئىنساب بەردى ... دىلمۇرات ... گۈلنىگار دىلمۇراتنىڭ ھېلىقى كۈنى دېگەن گەپلىرىنى بىرمۇبىر يادىغا ئالدى، تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى ... گۈلنىگار ئالۋاستىنىڭ چاڭگىلىدىن ئاستاغىنا سۇغۇرۇلۇپ چىققانىدى، ئۆزىمۇ تۇيماي دوزاخنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن يېنىپ كەلگەنىدى.

گۈلنىگار قاراڭغۇ ئۆڭكۈردىن چىققاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى.

گۈلنىگارنىڭ يۈرىكىدە ئازادە بىر تۇيغۇ دەۋرىدى.

سەردار مېنى مەھكەم قۇچاقلىۋالسا بولاتتى. بىر - بىرىمىزنى مەھكەم قۇچاقلىۋالساق بالا - قازادىن نېرى تۇراتتۇق.

— بۇ دىلمۇرات دېگەن كىم بولدى ئەمدى؟ سىز بۇ گەپلەرنى نەدىن ئاڭلىدىڭىز؟

گۈلنىگار شۇ گەپلەرنى دەۋېتىپ ئۆزىگە ھەيران قالدى،

www.uyghurkitap.com

ئۆزىنىڭ مۇشۇ گەپلەرنى بىمالال دېيىشلىرىگە ھەيران قالدى، ئۇ بەلكىم نەچچە كۈنگىچە ئۆزىگە قارىيالماسلىقى مۇمكىن.

— دىلمۇرات دېگەن بىزنىڭ ئىشخانىدىكى رەنا دېگەن ئايالنىڭ بۇرۇنقى ئېرى، بۇ گەپلەرنى شۇ خوتۇن دەپ بەردى.

گۈلنىگار نەچچە دەقىقىدىن كېيىن سوغۇق بىر تۈيغۇ ئىچىدە سورىدى.

— رەنا نېمىشقا سىزگە دەرد تۆككىلى ئامراق؟

سەردار ئېغىر تىنىپ قويۇپ گەپ قىلمىدى.

سەردار شۇ ھالدا دىلمۇراتنى ئويلاۋاتاتتى.

## 155

دىلمۇراتنىڭ ئۆمۈچۈك توردەك غېرىبلىق سىلغىيىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدە شادىمان غۇرۇر ۋە ئىشەنچ چېقنىدايتتى.

— مەن قالتىس بىر ئىش قىلدىم، نادىرە.

— نېمە ئىش قىلدىڭىز؟

— مەن ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان ئىككى ئايالنى بالا ـ قازادىن ساقلاپ قالدىم.

— قايسى ئىككى ئايال ئۇ؟

— بۇنى سىزگە كېيىن دەپ بېرەي، مەن تېخى پۈتۈنلەي تۈگىشىپ كەتمەپتىمەن، پۈتۈنلەي ھايۋانلىشىپمۇ كەتمەپتىمەن.

نادىرەنىڭ مۇناقى ئۆزۈمدەك چىرايلىق لەۋلىرىدە ناخۇش بىر تەبەسسۇم بار ئىدى، بۇ تەبەسسۇمدىن جىمى ئۈمىدى تامامەن نابۇت بولغان ئادەمنىڭ ئاخىرقى خاتىرجەملىكىنى ھېس قىلغىلى بولاتتى.

— گېپىڭىزنى چۈشەنمىدىم.

— يولدا ماڭغاچ دەپ بېرەي، نادىرە، مەن مۇنداق قارار قىلدىم، ئىككىمىز ئايرىلىپ كەتسەك بولمايدىكەن.

— نېمە؟

— ئىككىمىز ئايرىلمايلى ... بىر ـ بىرىمىزگە ھەمراھ بولۇپ ياشايلى، ئۆلسەك تەڭ ئۆلەيلى، ياشىساق تەڭ ياشايلى، بىر ـ بىرىمىزدىن ئايرىلساق تېزلا تۈگىشىپ كېتىمىز، بارنى تەڭ كۆرەيلى، بىز ساقىيىپ كېتىمىز، نادىرە.

نادىرە ھاڭ ـ تاڭ قالدى، دىلمۇراتنىڭ غېرىبانە كۆزلىرىگە تىكىلدى.

— بىزنىڭ يەتكۇدەك پۇلىمىز بار، بىز ساقىيىشنىڭ ئامالىنى قىلايلى.

— مۇمكىن ئەمەس.

— مۇمكىن ئەمەس دېسىڭىز مۇمكىن بولمايدۇ، مۇمكىن دېسىڭىز مۇمكىن بولىدۇ، بىز ئىزدەيلى، ماقۇل دەڭ، ئۆلسەكمۇ مۇشۇ نجىس كېسەل بىلەن ئېلىشىپ ئۆلەيلى. بۇ يەردىكى ئىگىلىكنى ئىشەنچىلىك بىرسىگە تاپشۇردۇم، ناۋادا ساقىيىپ كەلسەم ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن، ئۆلسەم ئۇ بارلىق مۈلكۈمنى تېببىي تەتقىقاتقا ئىئانە قىلىدىغان بولدى. مۇنۇ كارتىدا ئۈچ يۈز مىڭ سوم پۇل بار، مەخپىي نومۇرىنى يېنىدىكى قەغەزگە يېزىپ قويدۇم، سىز بۇ پۇلنى چولپاننىڭ ئىنىسىغا قالدۇرۇپ قويۇڭ، ئاندىن بىز ئىككى كۈن ئىچىدە بۇ شەھەردىن كېتەيلى، ساقايساق بەختىمىز، ساقايمىساق يات يەردە ئۆلەيلى.

— ئىككىمىزلا كېتەمدۇق؟

— شۇنداق.

— مېنىڭچە ... زۆھرە قانداق قىلىدۇ؟ ... ئۇنىڭدىمۇ مۇشۇ كېسەل بار ... يەنە ...

— يەنە نېمە؟

— يەنە ... ھېلىقى ساجىدە دېگەن ئايال ... ئاندىن ئۇنىڭ ئېرى.

دىلمۇرات نادىرەنىڭ چاچلىرىنى سىلىدى، ئېگىكىنى كۆتۈرۈپ ئۇنى ئۆزىگە قاراتتى.

— شۇڭا سىزگە چىدىمايمەن، نادىرە، مېنىمۇ

ئۆزگەرتمەتتىڭىز ... سىز يەنە شۇلارنىڭ غېمىدىمۇ؟ ... ئۇ ئىككىسى پۇلدىن باشقىنى تونۇمايدىغان ئاياللار ... ئۇلارنىڭ كۆرگەن كۈنى ئۆزىگە ھەق.

— ئۇنداق دېمەڭ.

— ئۇلارنىڭ ئىشىنى كېيىن ئويلىشايلى، ناۋادا داۋالاش ئىمكانى بولۇپ قالسا، مەن ئالدى بىلەن ساجىدەنىڭ ئېرىنى داۋالىتىمەن، مېنىڭ شۇ كىشىگە ۋىجدان قەرزىم بار ... ماڭا شۇ كۈنلەر يەتسۇن، ئىلاھىم.

بۇ شەھەر جىمجىت شەھەر ئەمەس، بۇ شەھەرنىڭ كېچىسىمۇ جىمجىت ئەمەس، بۇ شەھەرنىڭ خىياللىرى شاۋقۇنلۇق، بۇ شەھەرنىڭ چۈشلىرى ئاچچىق، تاتلىق ... ئېسىل بىر ماشىنا يېرىم كېچىدە كوچىلۇك چىراغ نۇرىنى يورۇتۇپ شەھەردىن چىقىپ كەتتى. قاراڭغۇ كېچىدىكى يول چىراغ نۇرىدا يورۇپ تۇراتتى. بۇ نۇر يىراقتىكى نۇرلارنى، يۇلتۇزلارنى نىشان قىلىپ مېڭىۋاتاتتى.

ھاياتلىق ئۈزۈلمەيدۇ. بۇ كونا گەپ، ئەمما بۇ گەپنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇشقا بولمايدۇ.

## 156

گۈلنىگار ئىشخانىسىدىن چىقىپ مەكتەپنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىشىگە تېلېفونى سايرىدى.

— تىنچلىقمۇ؟

تېلېفوندىن بىر ئايالنىڭ ئايانچلىق، ھاياجانلىق ئاۋازى ئاڭلاندى، ئايالنىڭ ئاۋازى يېقىملىق ئىدى.

— تىنچلىق، ئۆزىڭىز ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟

گۈلنىگار تېلېفون بەرگۈچىنىڭ كىملىكىنى بىلەلمىدى.

— مېنى تونۇدىڭىزمۇ؟ — دېدى قارشى تەرەپ.

— ياق، تونۇيالمىدىم، كىم بولىسىز؟

قارشى تەرەپ نەچچە سېكۇنت جىمىپ كەتتى، ئاندىن تىرەڭگۈ ئاۋازدا دېدى:
— مەن چولپان.
گۈلنىگار داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى، ئەتراپىدىن باللار يۈگۈرۈشۈپ ئۆتۈپ تۇراتتى، قايسى بىرلىرى ۋېلسىپىتلىرىنى ھەيدىشىپ ئويناپ يۈرۈشەتتى، مەكتەپنىڭ ئالدىدىكى تار يولدا تېرەكلەرنىڭ قويۇق سايىسى ئەلەڭگىيتتى.
— سىز بىلەن كۆرۈشەي دېگەن.
گۈلنىگارنىڭ كۆز ئالدىدىن نازۇك بەدەن، خۇمار كۆزلىرى كىشىگە سېھىرلىك باقىدىغان ئايالنىڭ سىيماسى لىپىلداپ ئۆتتى.
— بولىدۇ.
گۈلنىگار شۇنداقلا دېيەلىدى، يۈرىكى ئەنسىز تېپچەكلىدى، نەچچە يىلدىن بۇيان تىللاپ كەلگەن، نەپرەتلەنگەن، لەنەتلەر ئوقۇغان ئايال ئۇنى يېنىغا چاقىرىۋاتىدۇ، ئۇ نېمە قىلماقچى؟ نېمە دېمەكچى؟ ...
— مەن سىزنى «سۈزۈك بۇلاق» ئاشخانىسىنىڭ ئايرىمخانىسىدا ساقلايمەن، كېلەلەمسىز؟
— مەن ھازىرلا باراي.
گۈلنىگارنىڭ خىيالى مالىمانلىشىپ كەتتى، گۈلنىگار چولپاننى بەك تولا خىيال قىلاتتى، ئۇنى ناھايىتى سەت، بەتبەشىرە، يىرگىنچلىك تەقلىدتە كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى، ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈشنى، زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈشنى خىيال قىلاتتى. ئۇنىڭ تەسەددىپ ۋەقەدە ماشىنىغا سوقۇلۇپ ئۆلۈشىنى، ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولۇشىنى تىلەيتتى ... بۈگۈن ئاشۇ ئايال ... گۈلنىگارنىڭ رەقىبى، كۈشەندىسى بولغان چولپان ئۇنى يېنىغا چاقىردى، گۈلنىگار مالىمان ئىچكى ھاياجان بىلەن دېيىشكەن جايغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى بىلەلمەي قالدى.
چولپان ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ

گۈلنىگارنى قارشى ئالدى، گۈلنىگار ئۇنىڭغا نېمە دېيىشنى، قانداق سالام بېرىشنى بىلەلمەي ئەپسىز رەۋىشتە چولپاننىڭ قارشىسىغا كېلىپ ئولتۇردى، چولپان تاماقلارنى بۇيرۇتۇپ تەييار قىلغانىدى.

— مەن چولپان.

گۈلنىگار ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى كېرەكلىكىنى ئېسىگە ئالدى، رەقىبىنىڭ ئالدىدا سالماق، بەردەم بولۇشى كېرەك ئىدى.

— بىلىمەن، مەن سىزنى بەك ئوبدان تونۇيمەن، — دېدى گۈلنىگار يۈرىكىدە كۆتۈرۈلگەن سوغۇق غەلىيانىنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ.

— بەك چىرايلىق ئىكەنسىز، — دېدى چولپان يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ.

گۈلنىگار ھېچنېمە دېمىدى، چولپاندىكى لاتاپەت گۈلنىگارغا ئېغىر بېسىم بولۇپ تۇيۇلدى.

— تاماقلاردىن ئالغاچ ئولتۇرۇڭ، — دېدى چولپان گۈلنىگارنىڭ ئالدىدىكى پىيالىگە چاي قۇيغاچ. چولپاننىڭ ئېغىر - بېسىقلىقى، بىمالاللىقىنى كۆرۈپ، گۈلنىگارنىڭ كۆڭلى دۈدۈقۇپ قالدى.

— ئىككىمىز بۇرۇنلا پاراڭلاشساق بولاتتى، سىزدىن كەچۈرۈم سورايمەن، گۈلنىگار، سىز ھەقىقەتەن ئېسىل ئايال ئىكەنسىز، سىز راستلا باغرىڭىز كەڭ، بەكمۇ ئەقىللىك ئايال ئىكەنسىز، سىزگە قايىل بولدۇم، سىزگە قول قويدۇم، سىز ئادەتتىكى ئاياللار بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ئازابلارغا چىداپ ئائىلىڭىزنى ساقلاپ قالدىڭىز، بۇ ھەممە ئايالنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ.

گۈلنىگار چولپاننىڭ خۇمارلىشىپ تۇرغان سېھىرلىك كۆزلىرىگە تىكىلدى، مۇشۇ كۆزلەر، مۇشۇ كۆزلەردىكى ئاجايىپ سېھىر سەردارنى ئۇنىڭدىن تارتىۋالغان، گۈلنىگار چولپاننىڭ شۇ قەدەر چىرايلىق لەۋلىرىگە نەزەر سالدى، مۇشۇ لەۋلەر

سەردارنى مەست قىلىپ، ئۆزىگە مەھلىيا قىلىپ تارتىپ كەتكەن. گۈلنىگار چولپاننىڭ يېپىلىپ تۇرغان سۇمبۇل چاچلىرىغا قارىدى، مۇشۇ چاچلار سەردارنىڭ كۆڭلىنى لال قىلىپ، ئۇنى گۈلنىگارنىڭ يېنىدىن تارتىپ ئېلىپ كەتكەن ... يەنە ...

— چولپان، سىز راستلا گۈزەل ئايال ئىكەنسىز، — دېدى گۈلنىگار، — ئەمما مەن بۇنداق گۈزەللىكنى تىرنىقىمغا ئالمايمەن، سەردار سىزنى قانچىلىك ياخشى كۆرسۇن، بۇ ئۇنىڭدىكى ۋاقىتلىق قىزىقىش، ئۇ بەرىبىر مېنىڭ ئېرىم، ئىككى بالامنىڭ دادىسى.

— بۇنى بىلىمەن، مەن بۇلارنى بۇرۇندىن بىلىمەن، ئەمما مەن راستلا ئازدىم، سىزنى قىيىنىدىم، ئۆزۈمنىمۇ قىيىنىدىم، سەردار بەك ئېسىل ئادەم، قانداق ئايال ئۇنداق ئەرگە ئېرىشسە، بۇ دۇنيالىقتا بەختىنى تاپىدۇ، سىز بەختلىك ئىكەنسىز ...

— شۇنداق، مەن ناھايىتى بەختلىك، سىز سەردارنى مەندىن تارتىۋالالمايسىز.

— شۇنداق، — دېدى چولپان كۈلۈمسىرەپ، ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەشلىرى ئارىسىدا يىغا پارلايتتى.

— مېنى بۇ يەرگە چاقىرتىپسىز، نېمە قىلماقچى؟ — دېدى گۈلنىگار چولپانغا تىكىلىپ، چولپاننىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان گۈزەللىكى ئۇنىڭغا زەھەر تېمىپ تۇرغان گۈل بولۇپ تۇيۇلدى.

— سىزدىن كەچۈرۈم سورىماقچى، مەن ئەمدى سەردار بىلەن كۆرۈشمەيمەن، بۇ گېپىمگە ئىشىنىڭ.

گۈلنىگار چولپاننىڭ بەكمۇ چىرايلىق كۆزىگە تىكىلدى. ئۇ نۇرغۇن قېتىم مۇشۇ ئايالنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان، ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ ئۇرماقچى بولغان ... يەنە نۇرغۇن ... ئەمما شۇ دەمدە گۈلنىگار ئىلگىرى ئويلىغانلىرىنىڭ ھېچقايسىسىنى قىلالمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى.

— قانداق ئىشىنىمەن؟ ... مەن قانداق ئىشەنمەيمەن؟ سەردار مېنى ئۇنتۇپ كەتتى، تاشلىۋەتتى، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىگە سىز سەۋەبكار، مۇشۇنداق تۇرسا مەن سىزگە يەنە قانداق ئىشىنىمەن؟ !

— ئىشىنىڭ، مەن راست دەۋاتىمەن، بۈگۈندىن كېيىن سەردارنى ئىزدىمەيمەن، سەردار بىلەن ئىككىنچى كۆرۈشمەيمەن، مېنىڭ سەردار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈشۈمنىڭ ياخشى ئىش ئەمەسلىكىنى بىلدىم، بۇرۇنلا بىلەتتىم، ئەمما قول ئۈزەلمىگەن، ئەمدى خاتىرجەم بولۇڭ، مەن قەتئىي ئىرادىگە كەلدىم ...

گۈلنىگار چولپاننىڭ كۆزىدىكى سەمىمىيلىكنى ھەم ئازابنى كۆردى.

— سىز مېنى ناھايىتى جىق تىللاپ كەتتىڭىز، بىر - بىرىدىن سەت گەپلەر بىلەن تىللىدىڭىز، ئەۋەتكەن ئۈچۈرلىرىڭىزنى ساقلاپ قويدۇم، ئۇنى بۈگۈندىن كېيىنمۇ ساقلايمەن، ھاياتىمدىكى خاتالىرىمنىڭ خاتىرىسى بولىدۇ.

— تىللاپ يازغان ئۈچۈرلىرىم بەك جىق، بۇنى بىلىمەن، مېنى ساپاسىز ئايال ئىكەن دەپ ئويلىدىڭىزمۇ؟

— ياق، سىزنىڭ ئورنىڭىزدا بولغان بولسام ھەرگىز بەرداشلىق بېرەلمەيتتىم، سىزگە قايىل بولدۇم ... يەنە بىر قېتىم كەچۈرۈم سورايمەن، مېنى كەچۈرۈڭ، گۈلنىگار، يۈرىكىڭىزنى زېدە قىلدىم، ئىنىم قاتناش ۋەقەسىدە پالەچ بولۇپ كۆرمىگەن كۈننى كۆردى، مەنمۇ جىق جاپالارنى تارتتىم، بەزىدە ئىنىمنىڭ شۇ كۈنلەرگە قېلىشىنى سىزنىڭ ئاھىڭىز تۇتقانلىقىدىن بولدىمىكىن دەپمۇ ئويلاپ قالىمەن ... ھەممە ئىش ئۆتۈپ كەتتى، ئىنىممۇ ساقايدى، ئەمدى خاتىرجەم بولۇڭ، سىزگە قەسەم قىلىپ بېرەي، بۈگۈندىن كېيىن بۇ ئىش ئەمدى مەڭگۈ تەكرارلانمايدۇ ...

چولپاننىڭ خۇمارلىشىپ تۇرغان سېھىرلىك كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.



كىتاب تور بېكىتى ئۇيغۇر www.uyghurkitap.com

گۈلگۈن ھايات چىرايلىق داۋام قىلىۋاتقان شەھەردىكى ئىككى گۈزەل ئايالنىڭ سۆھبىتى ئۇزاق داۋاملاشتى.

گۈلنىگار ئۆيىگە قايرىلىدىغان يولدا نازاكەتلىك ھالدا كېتىپ باراتتى، ئۇنىڭغا كەچكى قۇياشنىڭ ئوتقاشتەك چىرايلىق، ئىللىق نۇرىغا چۆمۈلگەن شەھەر كۈلۈپ قاراۋاتقاندەك بىلىنەتتى، يۈرىكىگە مەھكەم ئورناشقان نەپرەت، ئۆچمەنلىك، ئىشەنچسىزلىك، رەشك ... ھەممە نەرسە ئاستا ـ ئاستا كۆڭلىدىن كۆتۈرۈلۈپ، ئازادىلىككە چىقىپ قالغاندەك ئىدى.

بۇلۇتلار تارقاپ قۇياش يورۇق يۈزىنى كۆرسىتىدۇ.

گۈلنىگار خاتىرجەم كېتىۋاتقان شەھەرنىڭ كوچىسى قۇياشنىڭ ئوتقاشتەك نۇرىغا كۆمۈلگەنىدى، بۇ كوچا بىلەن تۇتاش نۇرغۇن كوچىلارمۇ گۈلگۈن نۇرلارغا كۆمۈلگەنىدى، ھايات بۇ دەمدە گۈلگۈنلۈككە كۆمۈلگەنىدى.

شەھەرنىڭ سېھىرلىك كوچىلىرى بىر ـ بىرىگە تۇتاش، بۇ شەھەرنىڭ گۈلگۈن كوچىلىرى تەقدىرگە ئوخشايدۇ، بۇ شەھەرنىڭ نۇرلۇق كوچىلىرى ھاياتقا ئوخشايدۇ، بېشى بار، ئايىغى بار ... بۇ كوچىلاردىن بىر چاغلاردا دىلمۇرات، نادىرە دېگەنلەر ئۆتكەن، بۇ كوچىدىن بىر چاغلاردا مۇرات ئۆتكەن، بۇ كوچىدىن يەنە سەمەتجان، بارات قويچى دېگەن ئادەملەر ئۆتكەن، يەنە ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەر مۇشۇ كوچىلاردىن ئۆتكەن ... بۇ كوچىدىن يەنە نۇرغۇن ئادەملەر ئۆتىدۇ، بۈگۈنكى ئادەملەر، چوڭلار، بالىلار، ئەرلەر، ئاياللار ... كەلگۈسىدە تۇغۇلىدىغانلارمۇ مۇشۇ كوچىلاردىن ئۆتىدۇ.

...

دىلمۇرات بىلەن نادىرە بۇ شەھەرنىڭ سىرىغا ئايلىنىپ قالدى ... ئۇلار كۈنلەرنىڭ بىرىدە قايتىپ كېلەر يا كەلمەس، ئۇلار كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇشۇ كوچىلاردىن ماڭار يا ماڭماس ... ئەمما قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ شەھەردىكى ھايات ئىلگىرىكىدەك سېھىرلىك داۋام قىلىدۇ، بۇ كوچىلاردىكى ئىزدەش ھەم تەلپۈنۈشلەر ئەبەدىي توختىمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



رازىيە بىلەن شاكىر بىكەتكە چىقىپ ساقلاپ تۇرغىلى ئۇزاق بولدى، يۇك ـ تاقلارنى كۆتۈرۈشكەن يولۇچىلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى، تاكسى شوپۇرلىرىنىڭ سىگنال بېرىشلىرى، تازىلىق قەغىزى، بوتۇلكىلىق سۇ، نان دېگەندەك سەپەر لازىملىقلىرىنى ساتىدىغانلارنىڭ ماللىرىنى ماختاشلىرى بىلەن تولغان بېكەت كىشىگە مالىمان تەسىر بېرەتتى. ماشىنا سىگناللىرىنىڭ زەھەردەك شۈڭگۈلداشلىرى قۇلاق ـ مېڭىنى يەيتتى.

شاكىر يوغان ئەينەك دېرىزىدىن ئاپتوبۇس توختالغۇسىغا پات ـ پات بويۇنداپ قاراپ قوياتتى، شەرىپە رازىيەنىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ ئۇنىڭغا چاپلىشىپ دېگۈدەك يولغا تەلمۈرۈپ تۇراتتى. ئۇلار ھەيۋەتلىك ئاپتوبۇستىن چۈشۈۋاتقان ئادەملەر ئارىسىدىن گۈلپىيە بىلەن رەيھاننى ئىزدەيتتى.

چاچلىرىنى قويۇۋەتكەن، كۆك كوپتا بىلەن ئاق شىم كىيىۋالغان، بەكمۇ مودا ياسانغان قىزنىڭ گۈلپىيە ئىكەنلىكىگە رازىيەمۇ، شاكىرمۇ ئىشىنەلمىگىلى تاسلا قالدى، گۈلپىيە بىلەن تەڭ رەيھانمۇ ياندىشىپ بىللە كېلىۋاتاتتى، گۈلپىيەنىڭ تۇرقىدىن كىشى ئىشەنگىلى بولمايدىغان يەڭگىللىك، ئازادىلىك، خاتىرجەملىكنى ھېس قىلغىلى بولاتتى، رەيھاننىڭمۇ كەيپى ئۇستۇن، خۇشال ئىدى، گۈلپىيەنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان رەيھان ئۇنى قايتۇرۇپ كەلگىلى ئۆزى كەتكەنىدى.

گۈلپىيە ئانىسىنى مەھكەم قۇچاقلىدى، ئانا ـ بالا ئىككىسىنىڭ كۆز ياشلىرى ئارىلىشىپ كەتتى.

گۈلپىيە ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىن چىقىپ شەرىپەنى قۇچاقلىدى، ئاندىن شاكىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەمتىرەپ تۇرۇپ قالدى.

— دادا ...

گۇلپىيە ئۇمچەيدى، كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلدى، شاكىر يىغلاۋاتاتتى، شاكىرنىڭ كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلەتتى، شاكىر قۇچىقىنى كەڭ كەردى، ئاندىن ئاستا كېلىپ گۇلپىيەنى مەھكەم قۇچاقلىدى. بۇ ھالنى كۆرگەن رازىيە كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي قالدى.

— جېنىم قىزىم ...

شاكىر قېقىلىپ يىغلايتتى، گۇلپىيەنى قۇچاقلاپ ئۆكسۈيتتى، شاكىرنىڭ يىغىسىنى كۆرۈپ رازىيە، رەيھان، شەرىپە ... ھەممەيلەن ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاشتى. بۇ دۇنيانىڭ بەزىدە شۇنداق سۆيۈنۈشلۈك يەرلىرى بار، ئۆزى تارتىۋالغاننى ئۆزى قايتۇرۇپ بېرىدىغان.

ھەممەيلەننىڭ بەختكە چۆمىدىغان كۆنلىرى بولىدۇ.

2015 ـ يىلى 7 ـ ئايدا تاماملاندى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# گۈلگۈن دۇنيا (رومان)

ئاپتورى: تۇرسۇن مەھمۇت
مەسئۇل مۇھەررىرى: زىلەيخا ئەزىز
مەسئۇل كوررېكتورى: سەنەۋەر ئىبراھىم
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991-2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: بېيجىڭ شۈنچىڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 25
نەشرى: 2015 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2015 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1-3000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-228-18149-5
باھاسى: 67.00 يۈەن